سابىت ئۇيغۇرى

# ئۇيغۇرنامە

ئۇيغۇرنامە
سابىت ئۇيغۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سابىت ئۇيغۇرى

# ئۇيغۇرنامە

## (ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات)

ئالمۇتا 2005

**ببك (ئۇيغ5)63,3**
**ئا12**

**ئا12 ئابدۇراخمان س.**
**ئا «ئۇيغۇرنامە»** (ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇمۇمىي مەلۇمات). «ناش مىر»، ئالمۇتا 2005. - 540

**5-43-584-9965 ISBN**

شائىر ۋە تارىخچى سابىت ئابدۇراخماننىڭ (ئۇيغۇرىي) «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىدا بۈنىڭدىن بەش مىڭ ژىل ئىلگىرى ھۆكۈم سۈرگەن ئوغۇزخان خاقانلىغىدىن باشلاپ، ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان بۇ تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىدىن كېيىنكى سەلتەنەت قۇرغان تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى، سەئىدىيە خانلىغى، يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى، ئىلى سۇلتانلىغى بىلەن XX ئەسىرنىڭ 31-37ش ژىللىرىدىكى مىللىي ئازاتلىق كۈرەش ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»، 44-49-ژىللىرىدىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتىرىنىڭ» قۇرۇلۇشى ھەم يوقىتىلىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇرستىدىن خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەر تارىخىي دەلىل ئىسپاتلار ئارقىلىق كەڭ تۈرىدە يورۇتۇلغان. ئاۋتور «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋى ئارقىلىق كەڭ كىتاپخانلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجداتلىرى كىملەر بولغانلىغى، قانداق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىغى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قانداق ئۈلۈش قوشقانلىغى، بۈگۈنكى كۈندىكى تەغدىر-قىسمەتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىللە، كېلەچەك ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىشى سۆزسىز.

**ببك (ئۇيغ 5)63,3**

0503020000ئا
00(05) - 05

© سابىت ئابدراخمان

5-43-584-9965 ISBN



### سابىت ئۇيغۇرىي

#### خوشلىشىش

مەن ئىدىم ئۇيغۇر ئوغلى سابىت دېگەن،
بەختسىز مىللىتىمنىڭ غېمىن يېگەن.
ئىنتىلدىم، ئارمىنىمغا يېتەلمىدىم،
شۇنچىلىك قىسقا ئىكەن ئۆمۈر دېگەن.

ئوت ئىدىم يالقۇنلىغان ئۆچتۈم ئەندى،
ھاياتلىق دۇنياسىدىن كۆچتۈم ئەندى.
سامادا چاقنىغان بىر يۇلتۇز ئىدىم،
قۇيۇلۇپ قارا يەرگە چۈشتۈم ئەندى.

مەن كەتتىم تۈندە ئاققان يۇلتۇز بولۇپ،
ۋەتەن قالدى سۆيەلمىگەن بىر قىز بولۇپ.
ئارقامدا «ئۇيغۇرنامە» كىتاپ قالدى،
ياشىغان ھاياتىمدىن بىر ئىز بولۇپ.

كىتاۋىم ــ ئەلگە سۇنغان ھەدىيەم مېنىڭ،
ئۇنى ئوقار ئەۋلادىم، نەۋرەم مېنىڭ.
قەبرەمنى ئىزدىمەڭلار قارا يەردىن،
خەلقىمنىڭ ژۈرىگىدە قەبرەم مېنىڭ.

**ھۆرمەتلىك كىتاپخان!**

سابىت ئابدۇراخمان (ئۇيغۇرنامە) ھاياتلىقتىن مەڭگۈگە كېتىۋاتقانلىغىنى سەزگەندەك. بىلگەندەك بۇ شېرىنى ۋاپات بولۇشىدىن تۆرت-بەش كۈن ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىگىنى، بۇ ھاياتتا نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ياشىغانلىغىنى، شېرىن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلمەي «تۈندە ئاققان يۇلتۇزدەك» ئۆچكەنلىگىنى، ئامما ئارقىسىدىن خەلقىگە ياشىغان ھاياتىدىن بىر ئىز بولۇپ «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىگىنى بايان قىلغان ئىكەن.

بېۋاپا دۇنيا دېگىنى شۇ بولسا كېرەك؟! مانا «ئۇيغۇرنامە» كىتابىنىڭ نەشردىن چىققانلىغىنى سابىت ئابدۇراخمانغا كۆرۈشكە نەسىپ بولمىدى! سابىت ئابدۇراخمان «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى تاماملاپ، يەنى ئاخىرقى چېكىتىنى قويۇپ، ئۈستۈن كەيپىياتتا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا ماشىنا ھالاكىتىگە ئۇچراپ، ۋاپات بولدى.

«ئۇيغۇرنامە» دەپ ئاتالغان بۇ قامۇس نامىمى يېزىپ چىقىشقا سابىت ئابدۇراخماننىڭ بەش ژىلغا يېقىن ۋاقتى كەتكەن ئىكەن. كىتاپ كومپيۇتېرغا چۈشىرىلگىچە بولغان خېلە ئۇزاق ۋاقىتقىچە سابىت ئابدۇراخمان كېچە-كۈندۈز دېگىدەك نەشرىياتتا بولدى. كىتاۋىغا ئۆزى رېداكتور ھەم كوررېكتور بولدى. ئي كىتاپنى موشۇ پېتىچە، ھېچ بىر يېرىنى ئۆزگەرتمەي چىقىرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان ئىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ئاۋتورلۇق ھوقۇقى. بىز مەرھۇم سابىت ئابدۇراخماننىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى، ئۇنىڭ كىتاپنى شۇ پېتىچە چىقىرىش ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئورۇنلاشنى ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي قەرزى ھەم پەرزى دەپ چۈشەنگەن ھالدا، كىتاپنى ئاۋتورنىڭ رېداكتورلىغى ھەم كوررېكتورلىغى بىلەن نەشردىن چىقاردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈش تارىخىمىزغا، ئايرىم تارىخىي شەخسلەرگە نىسبەتەن ئاۋتورنىڭ كۆز قارىشى-مەۋقئەسى نەشرىياتنىڭ مەۋقئەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. كىتاپ ستىلىستىكا ۋە گراماتىكىلىق خاتالىقلاردىن خالى دەپ ئېيتالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاپخانلاردىن ئايرىم خاتالىق ۋە كامچىلىقلارنى دەستەك قىلماسلىغىنى، ھەممە نەرسىگە توغرا كۆز قاراشتا بولۇپ، توغرا پىكىر ژۈرگۈزۈشنى سورايمىز.

**«ناش مىر» نەشرىياتى**

**سابىت ئابدۇراخماننىڭ «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىنى بېسىش ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش ھوقۇقىغا مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى ئىلياس ۋە ئوغلان ئابدۇراخمانوۋلار ئىگە.**

## سابىت ئۇيغۇرىي ۋە ئۇنىڭ «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋى ھەققىدە

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب سابىت ئۇيغۇرىينىڭ كېيىنكى ژىللاردا يازغان ئىلمىي، سەياسىي، پۇبلىسىستىك ترىلوگىيا ئەسىرىدۇر.

مۇئەللىپىنىڭ مەزكۇر ئەسىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل ۋە باي ۋەتىنى، مىللىتىمىزنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى، بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى كېلەچەك تەغدىرى توغرىلىق يېڭى فاكتلار ئاساسىدا كەڭ مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان. كىتاپنىڭ ماۋزۇ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى باي، كۆتەرگەن مەسىلىلىرى ئاكتۇئال بولۇپ، ژۇقۇرى قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە تەربىيەۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

كىتاپتا مۇئەللىپ بەزى مەسىلىلەردە قېلىپلىشىپ قالغان كونا پىكىرلەرگە ئېسىلىۋالماي، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى، يەنى ئۆزىگە خاس يېڭى ئوي-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ بولسا، ھازىرقى زاماندىكى ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئىزھار قىلىدىغان دېموكراتىك جەريانلارغا ماس كېلىدۇ. كىتاپخانلىرىمىزنىڭ بۇ كىتاپتىن ئەقلىي بىلىم، روھىي ئوزۇق، مەنىۋىي كۈچ-قۇۋەت ئالىدىغانلىغىغا كامىل ئىشىنىمىز. ئەندى بىز سابىت ئۇيغۇرىينى يېقىندىن بىلىدىغان مەسلەكداش دوستلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

سابىت ئابدۇراخمان (ئۇيغۇرىي) ئۆز ئۆمرىدە ئېغىر، مەشەققەتلىك، مۇرەككەپ ھايات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تەرجىمەھالى ـ بەختىسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسمەتلەرگە تولغان تارىخىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ئۆزىگە «ئۇيغۇرىي» يەنى ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلغانلىغى تەسادىپى ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ تەغدىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

سابىت ئابدۇراخمان 1928-ژىلى نويابىردا قازاقستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق چېلەك ناھىيەسى قاراتوروق يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئابدۇراخماننىڭ ئائىلىسى ھاللىق دېخان ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كوللېكتىۋلاشتۇرۇش دەۋرىدىكى تەقىپلەشلەرگە ئۇچراپ، ئۆز ۋەتىنى تاشلاپ، كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1932-ژىلى 5 ـئايدا ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىگە بېرىپ، ئورۇنلىشىپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ دېخانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

سابىت ئابدۇراخمان 1941 ـ1936-ژىللىرى غۇلجا شەھرىدىكى «شەرق» مەكتىۋىدە، 1944-1942 ژىللىرى «ئىلى مىللەتلەر گىمنازىياسىدە» ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرا بىلىم ئالغان. ئۇ ئەمگەك پائالىيىتىنى گىمنازىيانى تۈگەتكەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشتىن باشلىغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە 1944-ژىلى يازدا گومىڭداڭچى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى مىللىي ئازاتلىقنى نىشان قىلغان قۇراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى. شۇ ژىلى 12-نويابىر كۈنى غۇلجا شەھرىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىغى ژاكالىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. سابىت ياش بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىنقىلاپقا ئاكتىۋ قاتناشتى. ئۇ نويابىر-دېكابىر ئايلىرىدا غېنى باتۇر قوماندانلىغىدىكى پارتىزانلار شتابىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. 1945 ـژىلى 1 ـئايدىن باشلاپ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈمى قارىمىغىدا تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. 1945-ژىلى مارتتىن باشلاپ «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى تەھرىراتىدا جاۋاپكەر خادىم بولۇپ ئىشلىدى.

1945-ژىلى ئىيۇن،ئىيۇل، ئاۋگۇست ئايلىرىدا مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي كۇرستا تەلىم ئېلىپ، پراپورشىك ئۇنۋانى بىلەن ئىستىپاغا چىقىرىلدى.

1945-ژىلى سېنتيابىردىن 1946-ژىلى نويابىرغا قەدەر غۇلجا شەھرىدىكى 7 ژىللىق «شەرق» ۋە «روشەن» مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىدى.

1946-ژىلى نويابىردا مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، مىللىي ئارمىيانىڭ شىخۇدا تۇرۇشلۇق 1-پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا ئەۋەتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەربىي ھاياتى باشلاندى. ئۇ 1946-ژىلى نويابىردىن باشلاپ مەزكۇر پولك شتابىدا ھەربىي تەيارلىق بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.

1947-ژىلىنىڭ كۈز ۋە قىش ئايلىرىدا گومىڭداڭچى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇراللاندۇرۇلغان باندىتلار تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساۋەن ناھىيەسىدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە قارشى قۇراللىق ئىسيان كۆتەردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇيرۇقىقا بىنائەن باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. سابىت ئابدۇراخمانمۇ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىللە موشۇ جەڭگە قاتناشتى.

ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن 1948-ژىلى 1-ئايدىن باشلاپ پولك سەياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى، قوشۇمچە «جەڭچىلەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى. موشۇ دەۋرىدە ئۇ گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، شېئىر يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇ يازغان

شىرلار «ئۈچقۇن» تەخەللۇسى ئاستىدا گېزىت ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى.

مىللىي ئازاتلىق كۈرەشكە قاتناشقان بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا 1948-يىلى يازدىن باشلاپ مىللىي مۇستەقىللىكتىن ۋاز كېچىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كېلىۋاتقان كوممۇنىستىك خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە ياشاشنى ئۈچۈق تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. مىللىي ئارمىيانىڭ يەنىسخەي-ئۈرمانباغدا تۇرۇشلۇق 1-پىيادە پولكىدىكى بىر تۈركۈم ياش ئوفىسېرلار ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەسلىمچىلىك يولىغا قارشى چىقىشتى. **ئۇلار پولك سەياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى سابىت ئابدۇراخماننىڭ باشچىلىقىدا «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەخسىتى: شارىقتىن كېلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلماسلىق، ئازات شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.** بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، 1449-يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئۇنىڭ ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. مىللىي ئارمىيانىڭ قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبېك: «بۇ ئوفىسېرلارغا سەياسىي تەربىيە بېرىلىپ، قايتا ئىشقا قويۇلسۇن»، دەپ تەستىق سالغان بولسىمۇ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن، 1949-يىلى 17-دېكابىردا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئوفىسېرلارنى 10 ئاي بويى تۈرمىدە تۇتۇپ، 1950-يىلى ئاپرېلدا تۈرمىدىن بوشاتتى.

بىراق، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇكىشىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن «خوۋۇپلۇق» دەپ قاراپ، كېيىنكى سەياسىي ھەرىكەتلەردە ھېمىشەم زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن، سابىت ئابدۇراخمان 1-قېتىم 1951 – 1952 - يىللاردا، 2-قېتىم – 1957 - 1955 - يىللاردا يەنە قاماققا ئېلىنىپ، جەمى 30 ئاي بويى خىتاي زىندانلىرىدا ئازاپ چەكتى. «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ سابىتقا ئوخشاشلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىبىگە ئۇچرىدى.

سابىت ئابدۇراخمان تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇش مەخسىتىدە 1952-يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1954-يىلى يازدا ئەلا باھا بىلەن تاماملاپ چىقتى. شۇ يىلى ئۇيۇلدا غۇلجا شەھىرىدىكى مۇئەللىملەرنى تەييارلايدىغان پېداگوگىكىلىق ئۈچىلىشىغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇ موشۇ خىزمەتتە تولۇق 4 يىل ئىشلەپ قالدى.

مەلۇمكى، 1958-1957-يىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرستان (شۇئاردا) «ستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» دېگەن نام ئاستىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. **مەزكۇر سەياسىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي مەخسىتى: ئاڭلىق ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر كادىرلىرى بىلەن زىيالىلىرىنى «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن جازاغا تارتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ژۈرىگىنى موجۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرستاندا مىللىي ئاسسىملىياسىيا ھەياستىنى ژۈرگۈزۈش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.**

بۇقېتىمقى كومپانىيادە سابىت ئابدۇراخماننى ياكلىۋاشتىن زەربە بېرىپ ئوبيېكتى قىلىپ تاللاۋالدى. مەدەنىيەت-مائارىپ سېپىدىكى 600 دىن ئوشۇق كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا، ئۇدا 6 كۈن ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ «كۈرەش» قىلىندى. سابىت ئابدۇراخمان بۇ «كۈرەش» مەيدانىدا باشتىن ئاياق چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ يالا ۋە تۆھمەتلىرىگە دادىل ھالدا رەددىيە بېرىپ ئۆزىنىڭ شەنىنى قوغدىدى. ئامما، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىپلەش ئورگانلىرى: «سابىتنىڭ ئۇيغۇرستان دۆلىتى قۇرۇش ئىدېياسى بار، بىراق، ئۇ جاھىللىق قىلىپ، سىرىنى ئېيتمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەياسىي قانۇن ئورگانلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن»، دەپ خۇلاسە چىقىرىپ، 1958-يىلى 19-ئوكتيابىر كۈنىدىكى چوڭ يىغىندا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قولىغا كويزا سېلىپ، تۈرمىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە تۈرمە ئازاۋىنى تارتىشقا توغرا كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئىنتايىن قىيىن-قىستاقلارنى باشتىن كەچۈردى. ھەتتا تۈرمىدىكى تاياق زەربىدىن ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆيىگى زەخمىلىنىپ، ئاخىرى ئېغىر ئوپېراسىيا قىلىنىشقا توغرا كەلدى. ئەسلىدە گۇناسىز قامالغان سابىت 7 يىل 4 ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، 1966-يىلى 1-ئايدا بوشىتىلدى. ئۇ سوۋېت دۆلىتىنىڭ پۇخراسى بولغانلىغىنى پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى رۇخسەت بەرمىدى.

1966-يىلى 5-ئايدا خىتاي مەملىكىتىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان سەياسىي كامپانىيا باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئەسلىدە پارتىيا رەئىسى ماوزېدۇڭ بىلەن دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېياۋىي زىدىيەتلەردىن كېلىپ چىققان ئىچكى كۈرەش ئىدى. بىراق، شىنجاڭدا ئاساسىي تىغ ئۇچى يەنىلا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كادىرلىرى بىلەن زىيالىلىرىغا زەربە بېرىلدى ۋە ناھەك ئۆلتۈرۈلدى.

موشۇ بوران-چاپقۇنلۇق ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۇيغۇرستاندا يوشۇرۇن ھالەتتىكى **«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىياسىنى»** قۇرۇپ چىقىشتى ۋە ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. (ئەسلىدە، بۇ پارتىيا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 1962-يىلى 29-ماي پاجىئەسىدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە، مەخپىي ھالدا قۇرۇلغان ئىدى). بۇ پارتىياگە 1944-يىلى مىللىي ئىنقىلاپنىڭ كادىرلىرىدىن: مەتىمىن ئىمىنوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، ئەسەت ئىسقاقوۋ، توختى قۇربان ۋە باشقىلار رەھبەرلىك قىلغان ئىدى.



www.uyghurkitap.com

**پارتىيانىڭ تۈپ مەخستى: شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، قۇراللىق كۆرەش يولى بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىش، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.** بۇ پارتىيانىڭ ھەر بىر ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك، شەھەرلەردە شەھەرلىك، ناھىيەلەردە ناھىيەلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان ئىدى.

سابىت ئابدۇراخمان خىتاينىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن، ھەتتا قۇرۇۋان بولۇپ كېتىشتىن قورقماي، موشۇ پارتىياگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇ يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. 1969-ژىلى مايدا ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ قارارى بىلەن ئۇنىڭ ئورگىنى «ئويغان» گېزىتىنى چىقىرىلىشقا باشلىدى. بۇ گېزىتنى سابىت ئابدۇراخمانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە: ئۈرۈمچىدىن يوشۇرۇن ھالدا غۇلجىغا كەلگەن ژۇرنالىست ئەخمەت ئېگەمبەردى بىلەن ژۇرنالىست غوپۇر ئاسمووۋلار يەر ئاستىدىكى مەخپىي گەمىدە چىقىرىشتى. گېزىتنىڭ تۇنجا سانى خەلقىمىزنى مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن قۇراللىق كۆرەشكە چاقىرغان مۇراجىئەت بىلەن بەشلانغان ئىدى. بىراق، قۇراللىق كۆرەشنىڭ تەييارلىقى پۈتۈپ، شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋاقىتىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەدە قىلغان ھەربىي يەردەمنى بېرىشتىن باش تارتتى. سەۋەۋى، شۇ چاغدا سوۋېت ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سەياسىي مۇراسىسەگە كېلىش يولىنى تۇتقان ئىدى.

يوشۇرۇن ھەرىكەتنى سېزىپ قالغان خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىق ئورگانلىرى پاش بولۇپ قالغان پارتىيا ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. 1969-ژىلى 16-ئېيۇلدىكى 1-دولقۇندا ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېت رەھبەرلىرىدىن: ئاۋاكرى ناسرووۋ، ئىمىنجان ئىكرام، ئەزىم ئابدۇساتتاروۋ، ئىسمايىل ئۆمەر، سابىر ھاشىم قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلاپچىلار بىلەن «ئويغان» گېزىتىنىڭ ژۇقارقى تەھرىرلىرى قولغا چۈشۈپ كەتتى...

يوشۇرۇن ھەرىكەتتىكى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئىشىغا سابىت ئابدۇراخمان مەسئۇل بولۇپ قالدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېگەلەش، ژۇقۇرىنىڭ يول-يورۇغىنى ئېلىش مەخسىتىدە يوشۇرۇن ئالاقىچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي كومىتېت بىلەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندىكى موشۇ ئىشقا مەسئۇل ئەرباپلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. نەتىجىدە، ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىگى تۇتقۇن قىلىنغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا، دەسلەپكى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. سابىت موشۇ يېڭى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق پارتىيا پائالىيىتىنى ئىنتايىن مەخپىي ھالەتكە يۆتكەپ، پارتىيا ئەزالىرىنى خەۋپ-خەتەردىن ساقلاپ قالدى. بىراق، پارتىيا سېپىدىكى بەزى بىر ئىرادىسىز كىشىلەر پەش قىلىپ قويغانلىقتىن، 1970-ژىلى 11-فېۋرالدىكى 2-دولقۇندا ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ، سابىت ئابدۇراخمان باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى (ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتەلىدى).

ئۇيغۇرىستاننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ موشۇنداق قولغا ئېلىشلار ژىل بويى داۋاملىشىپ تۇردى. **شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم ۋاپاسىزلىق قىلىشى ئارقىسىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى تەرىپىدىن تەييارلانغان قۇراللىق قوزغىلاڭ ئەمەلگە ئاشماي قالدى.** پارتىيا ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئېنىق ئېيتقاندا، 6 مىڭدىن ئوشۇق خىپ ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈزلىگەن ئىنقىلاپچىلار خەلق ئالدىدا ئاشكارە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ژۇقۇرىدا ئىسمىلىرى ئاتالغان پارتىيا لىدېرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك قولغا ئېلىنىپ، 1970-ژىلى 29-ماي كۈنى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. قۇراللىق توقۇنۇشلاردا يەنە يۈزلىگەن ۋەتەنپەرۋەرلەر قۇرۇۋان بولۇپ كەتتى!

ئىككىنچى دولقۇندا قولغا ئېلىنغان سابىت ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى 10ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت خىتاينىڭ قاراڭغۇ، زەي زىندانلىرىدا يېتىپ، ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاپلارنى باشتىن كەچۈردى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېزىلدى، سالامەتلىگىدىن ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىلدى!

موشۇ 10 ژىل ئىچىدە خىتاينىڭ سەياسىي ۋەزىيىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1976-ژىلى سېنتيابىردا ماوزېدۇڭ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «تۆرت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتايدا ئىختىسادىي ئىسلاھاتلار دەۋرى باشلاندى. سەياسىي قانۇن ساھاسىدىمۇ بىر ئاز يۇمشاش ئالامەتلىرى بايقالدى. 1979-ژىلى ئوكتيابىردا دېڭشياۋپىڭ ۋەكىللىگىدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشى ھەم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 ژىللىغىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە 10 ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت تۈرمىدە ياتقان سەياسىي مەھبۇسلارغا ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى. بۇ سەياسەت شىنجاڭغا 6 ئايدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. موشۇ دولقۇندا سابىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى 1980-ژىلى 10-ئاپرېلدا تۈرمە ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپ، يورۇق دۇنيىاغا قايتا چىقىشتى.

شۇنداق قىلىپ، سابىت ئابدۇراخماننىڭ جەمى 20 ژىلدىن ئوشۇق ئۆمرى خىتاي زىندانلىرىدا ئېيتقۇسىز ئازاپ-ئۇقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتتى! ئۇ خىتاي تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ،

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىپلىشىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇخراسى بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەر ئىككى مەملىكەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن،1981- ژىلىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلىسى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئۇ قازاقىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى بىلەن بىرىشىپ، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى، بىراق، ئۇ ژىللاردا ئۇنداق ھەرىكەت قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى قاراتورۇق يېزىسىغا بېرىپ، شۇيېزىدىكى 10 ژىللىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1988- ژىلى نويابىردا يېشى يېتىپ، ھۆرمەتلىك دەم ئېلىشقا چىقتى. 1989-ژىلى ئالمۇتا شەھىرى «دىرۇژبا» مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلدى.

1991-ژىلى س س س ر پارچىلىنىپ، بۇرۇنقى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشتى. موشۇ ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئارىسىدا، ئۇيغۇرستانىنىڭ مۇستەقىللىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەياسىي كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان جەمىيەتلىك تەشكىلات قۇرۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئۇ ھاشىر ۋاھىدىنىڭ رەھبەرلىگىدە باشلانغان بۇ قۇتلۇق ئىشقا دەسلەپكى كۈندىن باشلاپ ئاكتىۋ قاتناشتى.

1992-ژىلى 20-ئىيۇندا ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتى (ئۇئات) رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت دايىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىغى بولۇپ ئىشلىدى. شۇنىڭدەك، تەشكىلاتىنىڭ ئورگىنى «ئۇيغۇرستان» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

«ئۇئات» رەىسى ھاشىر ۋاھىدىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، 1997-ژىلى 11-ئاۋگۇست كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە «ئۇئات»نىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىر ئېغىزدىن سابىت ئابدۇراخماننى «ئۇئات»نىڭ رەىسى قىلىپ سايلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى 5 ژىل داۋامىدا تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى.

«ئۇئات»نىڭ 2002- ژىلى 1-سېنتيابىر كۈنى ئېچىلغان 3-قۇرۇلتىيىدا «ئۇئات» بىلەن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىتتىپاق» جەمىيىتى ھەم قىرغىزستاندىكى «ئۇئات» تەشكىلاتى قوشۇلۇپ، **«ئۇيغۇرستان خەلق پارتىياسى»** بولۇپ قايتا قۇرۇلدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى سابىت ئابدۇراخماننى موشۇ پارتىيا مەركىزىي كومىتېت رەىسىنىڭ 2- مۇئاۋىنى قىلىپ سايلاندى. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى تاپشۇرۇلغان ھەر قانداق ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنلاپ كەلمەكتە.

سابىت ئابدۇراخمان ئۇيغۇرستىدىن مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ باش شتابى خەلق ئارا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى» قۇرۇش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرى بولدى. بۇ مەركەزنىڭ تەسىس ژىغىنىنى تەييارلاش ۋە ئۆتكۈزۈشكە بىۋاستە قاتناشتى.

ئۇ 1999-ژىلى ئوكتيابىرنىڭ 15-11-كۈنلىرى گېرمانىيانىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ئېچىلغان 2- قېتىملىق شەرقىي تۈركستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، موشۇ خەلق ئارا ئورگانىنىڭ دايىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 2001-ژىلى 19- 18-ئوكتيابىر كۈنلىرى بېلگىيانىڭ پايتەختى بريۇسسېل شەھىرىدە ئېچىلغان 3-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ سايلانغان ئىدى، بىراق ئوبيېكتىۋ سەۋەپلەرگە باغلىق بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىدى. ئۇ ژىراق ئالمۇتىدا تۇرسىمۇ مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۆز پىكىر-تەكلىپلىرى بىلەن ئاكتىۋ ياردەم بېرىپ كەلمەكتە.

سابىت ئابدۇراخمان ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماستىن، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، پۇبلىسىست ۋە تارىخچىدۇر. ئۇنىڭ **«ھايات ناخشىلىرى»** ناملىق شېئىرلار توپلىمى، **«ۋەتەن مەكتۇپلىرى»** ناملىق ماقالىلار توپلىمى، ھەر خىل ماۋزۇلارغا بېغىشلانغان بىر قانچە كىتاپچىلىرى بار. ئۇنىڭ ئىجادىيەت پىلانىدا **«ھايات قىسسىلىرى»** ناملىق ئاۋتوبىوگرافىيالىك رومان يېزىش ئارزۇسىمۇ بار.

قىسقىسى، سابىت ئابدۇراخمان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ قايتماس ئىرادىلىك جەڭچىسى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتى ئۇيغۇرستانىنىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەش ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ مەسلەكداش دوستى ئەخمەت ئېگەمبەردى يازغىنىدەك:

**– «ئۇنىڭ ھاياتى – ئانا ۋەتەنگە ۋە خەلقىگە بېغىشلانغان ھايات. ئۇنىڭ ئاۋازى – ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە چاقىرغان جاراڭلىق سادا».**

بىز ئىشىنىمىزكى، مۇئەللىپىنىڭ بۇ ئەسەرى كىتاپخانلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇلاردا چوڭقۇر پىكىر-تەپەككۇرلەرنى قوزغىشى سۆزسىز. بۇ كىتاپ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە بىردىن ساقلىنىشى كېرەك دەپ ئويلايمىز.

**قەھرىمان غوجامبەردى (سەياسەتشۇناس):**
**2005-ژىل، ئالمۇتا.**

www.uyghurkitap.com

# مۇئەللىپتىن

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!**

بۈگۈن، خىتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى «شۇئار» دەپ ئاتىلىۋاتقان دىياردا، يەنى ئۇيغۇرستاندا ناھايىتى چوڭ پاجىئە يۈز بېرىۋاتىدۇ. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ زىمىنىنى بېسىۋېلىپ، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، يەرلىك خەلقلەرنى ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلاندۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، **ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلياسىيا قىلىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىتىۋېتىشنى مەخسەت قىلغان ھالدا، يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا دۆلەت تېررورىزمى ۋە گېنوسىتلىق سەياسەت ژۈرگۈزۈۋاتىدۇ.** ئۆز ۋاقتىدا، ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان ئېۋروپىلىقلار يەرلىك ئىندېيسلارنى، ئاۋستىرالىياگە كۆچۈپ بارغان ئېۋروپىلىقلار ئاۋستىرالىيانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنى قانداق قىرغان بولسا، بۈگۈن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بۇ زىمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئەينە شۇنداق قىرغىن قىلماقتا. ئۇيغۇرستاندىكى خىتاي تۈرمىلىرىدە، ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا ۋە ھەر قايسى يۇرتلىرىدا ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن تۈردە ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدىغان بىرمۇ كۈن يوق! بىزنىڭ ھېساۋىمىز بويىچە، ئىيغۇرستاندا كېيىنكى 55 ژىل ئىچىدە 10 مىللىوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلدى![1*]

بىراق، بۇ پاجىئە XV-XVI ئەسىرلەردە ئەمەس 2-مىڭ ژىللىقنىڭ ئاخىرى 3-مىڭ ژىللىقنىڭ بېشىدا شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ! **قىسقىسى، بىزنىڭ مىللىتىمىز خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن ھەم قىرىلىپ، ھەم ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپىغا دۇچ كەلمەكتە.** بۇ ھەممىمىز كۆرۈۋ تۇرغان رېئاللىق، ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقان پاجىئە، ئېتىراپ قىلماسقا بولمايدىغان ئاچچىق ھەقىقەت. بۇ پاجىئەنى ئويلىغاندا، ھەر قانداق **كىشىنىڭ ژۈرۈگى موجۇلىدۇ!**

بىزنىڭ خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن بۇ پاجىئەلىك تەغدىرگە گىرىپتار بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەۋى زادى نېمە؟ قانداق قىلغاندا بۇ پاجىئەلىك تەغدىردىن قۇتۇلالايمىز؟ – دېگەن سوئاللار ھەر قانداق ئۇيغۇر بالىسىنى ئويلاندۇرماسلىغى مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندىم. مېنىڭ قارىشىمچە، **مۇنداق بولۇپ قالغىنىمىزنىڭ تۈپ سەۋەۋى: مىللىي مۇستەقىللىگىمىزدىن ئايرىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياۋۇز دۈشمەن–خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغانلىغىمىزدا!**

خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بولسا باشتىنلا خەلقىمىزنى قاششاقلاشتۇرۇش، نادانلاشتۇرۇش، خىتايلاشتۇرۇش سەياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلدى. نەتىجىدە، خەلقىمىز ھەم قاششاق، ھەم نادان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ قاششاق بولغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ غېمىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك تەغدىرى توغرىسىدا ئويلالمايۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ كېلەچىگىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىدۇ! ئۇ نادان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ خىتايغا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن تامام يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىغىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرى خەلق ئارا تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتسا، بۇ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتنى ئاكتىۋ قوللالمايۋاتىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەپ: خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئەخباراتنى قامال قىلىش، دۇنيا جامائەتچىلىگىنى ئالداش سەياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيا جامائەتچىلىگى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ھازىرقە پاجىئەلىك تەغدىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ياردەم بېرەلمەيۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيا جامائىتىنىڭ ياردىمىدىن مەرھۇم قېلىپ، دۇنيادىن تامام يوقىلىپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. مېنىڭچە، ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقۇلۇپ كېتىش تەغدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە مىللىي گۈللىنىشكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ: **پۈتۈن مىللەتنى ئويغىتىپ، ئىتىپاقلاشتۇرۇپ، قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋەتىنىدە ئازات، مۇستەقىل، سۈۋېرېن، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت!**

**بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن روھىي تەيارلىق بولۇش لازىم، يەنى روھىمىزنى چىرماۋالغان، نادانلىقنى، بېغەملىكنى، ئۈمۈتسىزلىكنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پاسسىۋلىقنى تۈگىتىپ، ئالدى بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىدېياسىدە ئۇيغۇرستان دۆلىتىنى تىكلىشىمىز، ژۈرىگىدە ئۇنى سۆيىدىغان، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، خەلقىمىزنى، مىللىي مۇستەقىللىك غايىسى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قەتئىي ئىرادە بىلەن قۇراللاندۇرۇشىمىز**

---

1 مەلۇمكى، 1950-ژىلى جۇڭگونىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى 400 مىللىون دەپ ئېلان قىلىنىغان. يەنە شۇ ژىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ «تىبەتكە ژۈرۈش قىلغان ئارمىياگە يول-يورۇقىدا»: «شىنجاڭدا 9 مىللىون يەرلىك ئاھالى ياشايدۇ»، دەپ ئېيتقان ئېدى.بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ ئاھالىسى 1مىللىئارد 200 مىللىون دەپ ئېلان قىلىنماقتا، يەنى، ئاھالى سانى 2 ھەسسە كۆپەيدى. ئەگەر،ئۇيغۇرلارمۇ ئەشۇ نىسبەتتە كۆپەيگەن بولسا، بۈگۈن شىنجاڭدا 27 مىللىون ئۇيغۇرلار بولۇشى كېرەك ئېدى.ھالبۇكى، ئاۋتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1-كاتىۋى ۋاڭ لىچۈەن: – «شىنجاڭدا 8 مىللىون 600 مىڭ ئۇيغۇر بار»، دەپ ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولسا، قالغان 18 مىللىوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار نەگە كەتتى؟ دېمەك، ئۇلارنى خىتاي جاللاتلىرى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن بولۇپ چىقمىدۇ؟

**كېرەك.** بۇ ـ تارىخ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە.

«مىللەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىخىنى ئويغات»، دېگەن ئىكەن ئىلاھىي ئاۋگۇست. بىر مىللەتنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۆزىنى تونۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىنى قايسى دەرىجىدە بىلىشىگە باغلىق.

تارىخ ـ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەر، ھەم ئەشۇ سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تەجرىبە ساۋاقلار، ئىلمىي ھېكمەتلەر جۇغلانغان قامۇستۇر. زامانلار ئۆتكەنسىرى ئۇ سەرگۈزەشتىلەر ئۇنتىلىدۇ، بىراق، شۇ سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە-ساۋاقلار، ئىلمىي ھېكمەتلەر تارىخ ئىلمى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ روھىغا سىڭىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىدۇ، مەنىۋى قۇۋۋىتىنى ئۇلغايتىدۇ.

ھەر قانداق مىللەت مىللىي تارىخىنى، ۋەتەن تارىخىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى. ئۆز تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان مىللەت ئەجدادلىرىنىڭ ئىجابىي ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، خاتالىقىدىن ئىبارەت ئالىدۇ. ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىغا تايىنىپ، بۈگۈنكى مەسىلىلىرىنى دۇرۇس يېشەلەيدۇ. ھەر قانداق مۇراككەپ شارائىتتا چىقىش يولىنى تاپالايدۇ. قىسقىسى، تارىخ ئىلمى-ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ، كېلەچەكنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق مەشئۇل. دېمەك، خەلقىمىزنى ئويغىتىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى تارىخ ئىلمى بىلەن قۇراللاندۇرۇش ھاۋادەك زۆرۈر بولۇپ قالدى.

مۇستەملىكچىلەر ئۈستىمىزدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 245 يىلدىن بېرى ئىزچىل ھالدا خەلقىمىزنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىنى ژۇقۇرى كۆتىرىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى ئاشۇرىدىغان، ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان روھىي بايلىقىرىمىزنى ئوغرىلاش، كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغان، ئەجدادلىرىنىڭ شۆھرەتلىك ئىشلىرى بىلەن ماختىنالمايدىغان، مىللەتنىڭ قايغۇسىدا يىغلالمايدىغان، مىللىي ھىس-تۇيغۇسى ئاجىز، روھى ئۆلۈك، قەلبى ئەما بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. موشۇنداق بىر مىللەتنى ئويغىتىپ، ئاڭلىق، ئىرادىلىق، كۈرەشچان مىللەتكە ئايلاندۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك. بۇ-بۈگۈنكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بورچى.

**ئىككىنچىدىن:** بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار خەن مىللىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىۋاتقان، شانلىق تارىخى بۇرمىلىنىۋاتقان، مەدەنىي مىراسلىرى تالان-تاراج قىلىنىۋاتقان بىر مىللەت! خىتاي تارىخچىلىرى ۋە خىتايپەرەس مۇئەللىپلەر ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ مەنپىيىتىگە لايىقلاشتۇرۇپ يازدى. بەزى رۇس تارىخچىلىرى ۋە رۇسپەرەس مۇئەللىپلەر روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ پايدىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ يېزىپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە يېزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخى» دېگەنلەرنىڭ كۆپچىلىگى بۇرمىلانغان، ساختىلاشتۇرۇلغان يارامسىز تارىخلاردۇر. خىتاي مۇئەللىپلەر ياساپ چىققان ۋە كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر تارىخى» ئىچىدىن ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىش زادى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت مىللىتىمىزنىڭ ئاڭىنى زەھەرلەپ، مىللىي ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىش رولىنى ئورۇنلايدۇ، خالاس. تارىخىمىزنى موشۇ بۇرمىلاشلاردىن تازىلاپ، **ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى** يارىتىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بورچىمىز بولۇپ قالدى.

تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى- كۆمۈلگەن تارىخنى ئۆز ھەقىقىتى بىلەن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىشتۇر. ئۆتمۈشى ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان مىللەتنىڭ پارلاق كەلگۈسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

ئاندىن قالسا، «پىلنىڭ ھالاكىتى قاسقىرلارنىڭ ئوجىسى بوپتۇ»، دېگەندەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ھالاكەتلىك ئەھۋالى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى خەلقلەرنىڭ ئامىتى بولماقتا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي، باي مەدەنىي مىراسلىرى، بۈيۈك مەدەنىيەت ئەرباپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەشپىياتلىرى باشقىلار تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىنماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، تارىخ سەھنىسىگە چىققىنىغا 5 ئەسىرمۇ بولمىغىنىغا قارىماستىن، ئۆزى پەيدا بولۇشتىن 500 يىل بۇرۇنقى قاراخانىيلار دەۋرىگە، 1000 يىل بۇرۇنقى كۆكتۈرك دەۋرىگە، 1500 يىل بۇرۇنقى ھۇنلار دەۋرىگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ 2000 يىل بۇرۇنقى تۇرالار (ساقلار) دەۋرىگە قول ئۇزىتىپ، ئەشۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىگىسى بىز، دەپ داۋا قىلىشماقتا.

بۈگۈنكى ئىتالىيالىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى لاتىنلارنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بايلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۆزلىرى شۇ مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئەۋلادى بولغانلىق بىلەن پەخىرلىنىدۇ. قېدىمىي ئۇيغۇر (ئارىيان-تۇرانلاردىن) كېلىپ چىققان بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولسا، قېدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ تالىشىدىيۇ، ئۆزلىرى شۇ مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

موشۇنداق شارائىتتا، ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ چىقىش، باشقىلار تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىنىۋاتقان مەدەنىي مىراسلىرىنى

ئۆز ئېگىسگە قايتۇرۇپ بېرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بورچىمىز بولۇپ قالدى.

**ئۈچىنچىدىن:** تارىخ ئىلمى مىللەتنى دۇنياغا تونۇتۇپ، غەيرى مىللەتلەرنىڭ بىزنى توغرا چۈشىنىپ، ھېسداشلىق قىلىشىنى، ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزئۈچۈنمۇزۆرۈر بىرۋاستە. ئەسلىدە، ئۇيغۇرلار شانلىق تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇق بىر مىللەت ئىدى. بىراق، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياسىيا قىلىش مەخسىتىدە، ئۇنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، بۇزۇپ، ئۇنى خىتاي تارىخىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا قىتئەسى ئېچىلغاندىن كېيىن، XVI ئەسىردىن باشلاپ ئېۋروپىلىقلار بۇ يېڭى قىتئەگە كۆچۈپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ قىتئەدە قېدىمىي زامانلاردىن بۇ يان ياشاپ كەلگەن يەرلىك مايا قەبىلىلىرىنىڭ قېدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تاپقاندا «بۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز»، دېگىنى يوق. ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ «بۇ، موشۇ زېمىندا ياشىغان ماييالارنىڭ قېدىمىي مەدەنىيىتى»، دېيىشتى. خىتايلار بولسا، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئاياق باسقىلى ئاران 2 ئەسىر بولغان تۇرۇغلۇق ئىزا تارتماستىن ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي شانلىق مەدەنىيىتىنى «بۇ بىزنىڭ، يەنى خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى!»، دېيىشمەكتە.

خىتايلار بىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخىمىزنى بۇرمىلاش بىلىنلا قالماستىن، بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىمۇ بۇرمىلاپ، خاتا كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەرىك سۆيەر، كۈرەشچان خەلق. ئۇلار ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى، يەنى باشقا مىللەتلەردەك ئازات-ئەركىن، مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختالسىز كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بۇ خەلق ئارا قانۇنلارغا ئۇيغۇن ھالدا، تىنىچ سەياسىي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇنىي ھەرىكەت ئىدى. خىتايلار بولسا بۇ ھەرىكەتنى: **«ئېكسترېمىزم، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىلىك»**، دەپ تۆھمەت قىلىپ، خەلق ئارا جامائەتچىلىكنى ئالداپ كېلىۋاتىدۇ. «تېررورىزمغا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش»، دېگەن نىقاپ ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي . ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قارشى خەلق ئارا ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇرۇۋاتىدۇ. 2001-ژىلدىكى سېنتيابىر ۋاقەسىدىن كېيىن خەلق ئارا مىقياستا، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىۋىدى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال «تېررورىزمغا قارشى كۈرەشكۈچى قەرىمان» قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى «تېررورلۇق ھەرىكەت» قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرىۋاتقان گېنوسىتلىق ھەرىكىتىنى ئاقلاپ، ئۇنىڭغا قانۇنىي ئاساس تاپماقچى بولۇشتى!

**بىز كېسىپ ئېيتىمىزكى: ئۇيغۇرلار تېررورىستلار ئەمەس ھەم بولمايدۇ. ئەكسى ھالدا خىتاينىڭ ئۆزى دۆلەت تېررورىزمى سەياستىنى ژۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، قىرغىن قىلىۋاتقان گېنوسىتلار، خەلق ئارا جىنايەتچىلەردۇر! شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار «مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ ئەمەس. ئۇلار خىتاينىڭ بىر غېرىچ يېرىنى بۆلىۋالىمەن دەپ تەلەپ قىلىۋاتقىنى يوق. تەڭرىم ئۆزىگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ئانا ۋەتىنى- ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىگىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ».** بۇ تەلىۋىنى خەلق ئارا قانۇنلارغا مۇۋاپىق، تىنىچ سەياسىي ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. موشۇنداق ئەھۋالدا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ئىشەنگەن بەزى چەت ئەللىك دوستلىرىمىزغا ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرىش ھاۋادەك زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**تۆرتىنچىدىن:** 2000-ژىلى سېنتيابىردىن باشلاپ قازاقستان بىلەن قىرغىزستان تېلېرادىو خەۋەرلىرىدە، رۇس تىلىدىغان چىقىدىغان بەزى گېزىتلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنى تېررورىستلىقتا ئەيىپلەيدىغان ئىغۋاگەرلىك خاراكتېردىكى تەشۋىقات كومپانىياسى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئايرىم ژۇرنالىستلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى: بۇ ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ كەينىدە مىللىي دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ قارا قولى بار!

**خىتاينىڭ تۈپ مەخسىتى، ئۇيغۇر خەلقىنى يامان كۆرسىتىش ئارقىلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىغا زىتلىق سېلىپ مىللىي ماجرا پەيدا قىلىش. شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئازىياگە سىڭىپ كىرىۋېلىشتىن ئىبارەت.** دېمەك، قېرىنداش خەلىقلەر ئوتتۇرۇسىدىكى ئىناقلىق، دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ، خىتاينىڭ موشۇ سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، ئېچىپ تاشلاش ھاۋادەك زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**بەشىنچىدىن: خىتاي ئىمپېرياسىنىڭ ستراتېگىيالىق مەخسىتى: ئالدى بىلەن ئىمپېريا تەركىۋىدىكى: ئۇيغۇر، تىبەت، مونغۇل، مانجۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلياسىيا قىلىپ ژۇتۇۋېلىپ. ئىككىنچى قەدەمدە خوشنا ئەللەرگە قارىتا يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئاستا-ئاستا ئۇلارنىمۇ خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش. ئاخىرىدا، پۈتكۈل ئېۋرازىيانى بېسىۋېلىپ، خەن مىللىتىنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت.**

بۈگۈنكى دۇنيا تېچلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە، شۇڭا ھەر قايسى دۆلەتلەر ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتاي ئىمپېرياسى بولسا، ھەربىي تەييارلىقلارنى ژىلدىن-ژىلغا كۈچەيتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى خىتاي ئىمپېرياسى دۇنيانىڭ تېچلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ جوۋۇپ. خىتاي كوممۇنىستلىرى: «پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا

كەلتۈرۈمىز!» دېگەن شار ئاستىدا 55 ژىل تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىختىسادىي، ھەربىي قۇدرىتىنى كۈچەيتىۋالدى. ئۇنى سەل چاغلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر دۇنيا جامائەتچىلىكى، **خەلق ئارا تەشكىلاتلار ۋە دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر خىتاينىڭ دۇنيىغا كەلتۈرىدىغان خوۋپىنى توغرا تونۇپ، بۇ ئىمپېرىيانى پارچىلاپ تاشلاش ئارقىلىق بولغۇسى خوچۇپنىڭ ئالدىنى ئالمايدىغان بولسا، خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى كېلەچەكتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ناھايىتى چوڭ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ!**

بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنى خىتاينىڭ خوۋپىدىن ئاگاھلاندۇرۇشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**ئالتىنچىدىن:** م. ئى. بۇغرا ئەپەندى، تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى ۋە باشقا تارىخچىلىرىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يارىتىش يولىدا كۈچ چىقىرىپ، نادىت ئەسەرلەرنى يارىتقان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بەكمۇ قېدىمىي ۋە باي تارىخى تولۇق ۋە ئىزچىل يورۇتۇلمىغان، تارىخىي مۇرلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈلۈشلەر بار، شۇنىڭدەك چەت ئەل رىۋايەتلىرىنى «ھەقىقەت» دەپ قوبۇل قىلغان، بەزى تارىخىي ۋاقىئەلەرگە بىرتەرەپلىمە باھا بېرىلگەن كامچىلىق، خىتتالىقلاردىن خالى ئەمەس. تارىخىمىزدىكى موشۇ كام ئورۇنلارنى تولتىرىش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەم مۇكەممەل، ھەم ئىزچىل تارىخىنى يارىتىپ بېرىشىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. تېخىمۇ مۇھىم بىر سەۋەپ شۇكى، ھازىر خەلقىمىز ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەشنى ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خەلقىمىزنى ئىنقىلاۋىي ئىدېيا بىلەن قۇراللاندۇرىدىغان ئەمەلىي كۈرەشتە قوللانما بولىدىغان موشۇنداق بىر كىتاپ تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 1990-ژىللاردا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان ئامېرىكا سېناتورى دژوردژ ماكگۇۋېن ئەپەندى:

– «ئامېرىكا پارلامېنتى بىلەن ئاق سارايدىكى دىپلوماتلار ئىچىدە چەت ئەللەر توغرىلىق مېنىڭدەك كۆپ مەلۇماتقا ئېگە كىشىلەر ئاز بولسا كېرەك. مەن چىندا خىتاي نەسلىدىن بولمىغان تىبەت، موڭغۇل، مانجۇر ئوخشاش خەلقلەرنىڭ بارلىغىنى بىلىمەنۇ، سىلەر بۈگۈن ماڭا تونۇشتۇرغان شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇر تۈركلىرى ھەققىدە بىلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ بىلمىگىنىمگە قارىغاندا ۋاشىنگتوندا بۇنى بىلىدىغان كىشىلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولسا كېرەك. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرگە چوڭ ۋەزىپە ژۈكلىنىدۇ. سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ مەۋجۇت تەشكىلاتلىرىڭلار ئارقىلىق تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋەتىنىڭلار ھەم خەلقىڭلار، بۇ خەلقنىڭ تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىدىغان ماتېرىياللارنى تەييارلاپ، ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا يەنە ئاقسارايدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ، ئۆزەڭلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشىڭلار لازىم. ئەگەر سىلەر ئۆز ئەھۋالىڭلارنى تىبەتلىكلەردەك ياخشى تونۇشتۇرالىساڭلار، مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەرنىڭ بۇ داۋايىڭلار ئۈچۈن ئامېرىكىدا ياخشى ئىمكانىيەتلەر بار»-دېگەن ئىدى.

گېرمانىيالىك ئادۋوكات ئالبېرت گورېنگ ئەپەندى بولسا 1999-ژىلى 15-ئوكتيابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مەراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ:

– «مەن يۈرىست سۈپىتىدە ئېيتىمەنكى، سىلەرنىڭ كىرىشىڭلار ھەققانىي كۈرەش. سىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشاشقا تولۇق ھەققىڭلار بار. بىراق، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلەرنىڭ ئىككى چوڭ ئاجىزلىغىڭلار بار:

1- ئاجىزلىق: ئىچكى بىرلىك يوق. پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچلۈك بىر مەركەز قۇرۇپ، شۇ مەركەز ئارقىلىق ئۆز داۋايىڭلارنى ئېلىپ بېرىشىڭلار كېرەك.

2- ئاجىزلىق: تاشقى ياردەم يوق. سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ تارىخىڭلارنى، مەدەنىيىتىڭلارنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىڭلارنى دۇنيا جامائەتچىلىگىگە تونۇشتۇرۇپ، تاشقى دۇنيانىڭ ھېسىداشلىغىنى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلار كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭلار، مەن ئىشىنىمەنكى، مۇستەقىللىق نىشانىڭلارغا چوقۇم يېتەلەيسىلەر»- دېگەن ئىدى.

مانا موشۇ ئامىللار ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاكتۇئالمەسىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى ۋە بىزنى ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرىدىغان موشۇ كىتاپنى يېزىشقا دەۋەت قىلدى. موشۇ زۆرۈرىيەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزەمنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بىلىمىم يېتەرسىز بولۇشىغا قارىماي، قىسقا ھەجىمدە بولسىمۇ «ئۇيغۇرنامە» (ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى) يېزىپ چىقىشقا بەل باغلىدىم ۋە قولىڭىزدىكى موشۇ كىتاپنى يېزىپ چىقتىم. قىسقىسى، بۇ كىتاپ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى تەمىنلەش زۆرۈرىيىتىنىدىن يېزىلىپ دۇنياغا كەلدى.

***

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر 3 كىتاپتىن تەركىپ تاپقان ئىلمىي، سەياسىي، نەزەرىيەۋىي تىرىلوگىيا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

**بىرىنچى كىتاپ:** «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاپ 2 قىسىمدىن تۈزۈلدى، بىرىنچى قىسىم – «ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش». ئىككىنچى قىسىم – «ئۇيغۇرىستاننى تونۇشتۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى توغرىلىق خىتاي ئاۋتورلار توقۇپ چىققان «ئۇيغۇرلار خەنزۇلار بىلەن نەسلداش

ئۇرۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولىدۇ. شىنجاڭ بولسا، جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى»، دەيدىغان يالغان ئويدۇرمىلارنى رەت قىلدىم ۋە ئۇلارغا رەددىيە بەردىم. ئۇيغۇرلار قېدىمىي، مەدەنىيەتلىك، مۇستەقىل مىللەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى توغرىلىقمۇ ئېنىق مەلۇماتلارنى بەردىم. قىسقىسى، **ئۇيغۇرلار** ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى **ئۇيغۇرستان** توغرىلىق ھەقىقەتنى خەلقى ئالەمگە ئېيتىپ بەردىم.

**ئىككىنچى كىتاپ: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاپ تۆرت قىسمدىن تۈزۈلدى. بىرىنچى قىسىم **«ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىركى ھاياتى»**، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمدا مەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ تاش قۇراللار دەۋرىدىن تارتىپ تۇنجا ئۇيغۇر دۆلتى پەيدا بولغىچە داۋاملاشقان مىڭلىغان ژىللىق ھايات توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتۈم.

ئىككىنچى قىسىم «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمدا مەن تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى ئۆز رېتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ چىقتىم. شۇ ئارقىلىق: ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن مۇستەقىل مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتىم.

(كىتاپنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، تارىختا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىلا قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. تارىختا غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۆتكەن ياكى ھازىرقى ئۇيغۇرستاننىڭ سىرتىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم). كېيىنكى قىسىملارنى يازغاندىمۇ خۇددى شۇنداق. پەقەت 1944-1949-ژىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپىنى ۋە موشۇ ئىنقىلاپ نەتىجىسىدە دۇنىياغا كەلگەن ئاخىرقى ئۇيغۇر دۆلتى «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنى» يازغاندا، ئەشۇ تارىخىي ۋاقىئەلەرنى ئېنىق فاكتلار ئاساسىدا كەڭىرەك بايان قىلىشقا، ھادىسىلەرنىڭ مەنا ۋە ئەھمىيىتىنى چوڭقۇرراق ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتىم. بۇنىڭ سەۋەۋى:

بىرىنچىدىن: بۇ ئىنقىلاپنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى ئۇزاق، ۋاقىئەلەرگە باي، ۋەزىيىتى مۇرەككەپ بولغان ئىدى.

ئىككىنچىدىن:كېيىنكى ژىللاردا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى ئىنقىلاپنىڭ مەخسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلىماقتا. موشۇنداق يالغان ئويدۇرمىلارنى تارقىتىش ئارقىلىق، ھازىرقى ئەۋلاتلارنىڭ ئاڭىدا خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلماقتا. مەن شۇ ئىنقىلاپنىڭ قاتناشقۇچى بىر جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ بۇ بۇرمىلاشلىرىغا ئېنىق فاكتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، ھەقىقەتنى ھىمايە قىلىش ئۆزەمنىڭ ئىنقىلاۋىي بورچۇم دەپ ھېساپلىدىم.

ئۈچىنچى قىسمى: **«ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ پاجىئەلىك دەۋىر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىراق، ھازىرغىچە موشۇ دەۋىر توغرىلىق ئىلمىي ئەسەرلەر كام يېزىلدى. مەن موشۇ پاجەلەك تارىخنى بايان قىلىش ئارقىلىق، نەچچە مىڭ ژىللار داۋام قىلغان ئۇيغۇر دۆلتى نېمە سەۋەپتىن ۋە قانداق يوللار بىلەن يوقىتىلغانلىغىنى، بۇ جەرياندا تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھشىلىگىنى ھەم ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مىللىي خائىنلارنىڭ قانداق سەلبىي رول ئوينىغانلىغىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتىم. ھەم بۇ پاجىئەلىك تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى چىقىرىپ بەردىم.

تۆرتىنچى قىسمى: **«مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلىرى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمدا، مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر خەلقى، قولدىن كەتكەن مىللىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى ئۆز تەرتىۋى بىلەن تونۇشتۇرۇپ چىقتىم. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى قۇلۇققا باش ئەگمەيدىغان، ئەركسۆيەر، كۈرەشچان خەلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتىم.

بۇ قىسمنىڭ ئاخىرىدا مەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە: مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىمىزنىڭ غەلىبىگە ئېرىشەلمەسلىگىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى كۆرسىتىپ بەردىم.

**ئۈچۈنچى كىتاپ: «ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاپ 2 قىسمدىن تۈزۈلدى. بىرىنچى قىسمى: **«ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمدا مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتىنىڭ نەزەرىيەۋىي مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بەردىم.

ئىككىنچى قىسمى: **«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى»** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭكېلەچەك ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ - دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتىم، يەنى مىللىتىمىزنىڭ كېلەچەك تەغدىرى توغرىلىق ئىلمىي تەخمىنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ترىلوگىيامىز مەزمۇنى جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلانغان 3 كىتاپتىن تەركىپ تاپتى. ھەر بىر كىتاپ بىر نەچچە قىسىملاردىن، ھەر بىر قىسىم بىر نەچچە باپلاردىن تۈزۈلدى. (جەمى 3 كىتاپ، 8 قىسىم، 50 باپتىن تۈزۈلدى). شۇڭا بۇ 3 كىتاپنى بىر پۈتۈن ھالدا نەشر قىلىسمۇ بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئايرىم كىتاپنى ياكى ئايرىم قىسمىنى تاللاۋېلىپ، كىتاپچە شەكلىدە نەشر قىلىسمۇ بولىدۇ.

ئەگەر كىمدۇ بىرلىرى موشۇ ترىلوگىيامىزنى پۈتۈن بويىچە ياكى ئايرىم كىتاپلار بويىچە تاللاۋېلىپ، باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، چىقىرىشنى خالىسا، مەرھەمەت، قارشى ئالىمەن. بىراق چىقارغۇچىلار مۇەللىپنى خەۋەردار قىلىشى ۋە تەرجىمىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت!

مەن بۇ ئەسەرىمنى «ئۇيغۇرنامە» (ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇمۇمىي مەلۇمات) دەپ ئاتىدىم ھەم ئۇيغۇرلار توغرىلىق يېڭى ھەقىقەتلەرنى ئېچىشقا تىرىشتىم. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي پائالىيتى ھەقىقەتنى ئىزدەش پائالىيتىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى مېنىڭدىن بۇرۇن مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى، تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدىمىن ئەپەندىلەر ئىزدەپ باققان، تاپقان ھەقىقەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشقان ئىدى. مەنمۇ ئەشۇ پېشقەدەملەرنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئىزدەپ باقتىم، تاپقان ھەقىقەتلەرنى ئىزدەپ قالدۇردۇم. بىۇ ھەرگىزمۇ «مېنىڭ يازغانلىرىم يۈزدە-يۈز ھەقىقەت»، دېگەنلىك ئەمەس. مېنىڭمۇ خاتالاشقان يەرلىرى بولۇشى مۈمكىن، خۇددى شۇنىڭدەك «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى» ھەممىسى يېزىلىپ بولدى، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. تېخى ئېچىلمىغان ھەقىقەتلەر ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ يازغانلىرىم دەرىيادىن بىر تامچا، خالاس! خاتا كەتكەن جايلىرىم بولسا كېيىنكى تارىخچىلار تۈزىتەر، كام قالغان جايلىرى بولسا تولۇقلار. شۇنداق قىلىپ، بىر قانچە ئەۋلات تارىخچىلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە، ئاندىن «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» دۇنياغا كېلىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، موشۇ قۇتلۇق ئىشقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختلىك دەپ ھېس قىلىمەن.

**ھۆرمەتلىك كىتاپخان!**

بىز شۇنداق بىر دەۋىردە ياشاۋاتىمىزكى، بۇ دەۋىردە ھەقىقەتنى ئېيتقان كىشى ئەيىپلىنىدۇ، ھەتتا جازاغا ئۇچرايدۇ. «ئاقنى» «قارا» دەپ، «ھەقنى» «ناھەق» دەپ يالغان ئېيتىۋاتقان، خەلقنى ئالداۋاتقان كاززاپلار بولسا ئالقىشلىنىدۇ، ھەتتا مۇكاپاتلىنىدۇ! بۇ مۇستەملىكە ھالدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممە زىيالىلىرى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئورتاق قىسمەت!

مېنىڭ بۇ كىتاۋىم ئالدى بىلەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول مەدەنىيەت غەزنىسىدىن بىر قانچە جاۋاھىرلارنى تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى «مەدەنىيەتلىك خەلق ئېكەنمىز» دەپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ژۈرگەن بەزى كىشىلەرگىمۇ ياقمايدىغانلىقى تەبىي. ئاندىن قالسا ئۆزى قىلالمايدىغان، قىلغاننى كۆرەلمەيدىغان ئىچى تار، ھەسەتخور شەخسلەرنىڭ تۆھمەت تاشلىرىنى ئاتىدىغان قىلىغى يەنە بار!

خۇددى ۋەتەندىشىمىز نۇر مۇھەممەت ئۆچقۇن يازغىنىدەك: تارىخ يازغۇچى بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ياكى بىر ژىلنامىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نەچچە ژىللاپ ئىزدىنىدۇ. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەچچە ژىلدا بىر كىتاپنى ئاران يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ باشقىلار ئېيتمىغان بىر يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بۇ پىكىر مىللەتكە قانچىلىك پايدىلىق ئېكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايلا، ئۇنى تەنقىت قىلىشقا ئالدىرايدىغان «بىلەرمەنلەر» بىزدە ناھايىتى كۆپ. بۇ كىتاپ ھېچ بولمىغاندا مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يارىتىشتا بىر ئۇلۇش بولىدىغانلىقىنى باھالاپ، ئۇنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. شۇنى بىلىش كېرەككى، تارىخچىلارنىڭ قايغۇسۇ – ساكرات ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان مىللەتنىڭ قايغۇسى! ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى كامسىتىش، مىللەتنى كامسىتىش بىلەن باراۋەر! («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنالى، 2000-ژىل، 6-سان، 47-46-بەتلەر).

قىسقىسى، مېنىڭ يازغان ھەقىقەتلىرىم كىمدۇ بىرلىرىگە ياقماي قېلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىغا سەۋەپچى بولۇشى مۈمكىن! مەن بۇ كىتاپنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا موشۇ ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. شۇنداق بولسىمۇ بۇ كىتاپنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم. دانكو ئۆز قووۇمىنى پاتقاقلىق قاراڭغۇ جاڭگالدىن قۇتقۇزۇپ، يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىققان «گۇناھى» ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن! خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرمۇ ئەشۇ دانكوغا ئوخشاش بولغان ئەمەسمىدى؟ ئەگەر ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرى توغرىلىق ھەقىقەتنى ئېيتىپ بەرگەن «گۇناھىم» ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىسام، نايىتى ئەشۇ شېھىتلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالارمەن. كېلەچەك تەغدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزەم بىلگەن ھەقىقەتلەرنى خەلقىمگە، ئەۋلاتلىرىمغا يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۆزەمنىڭ شەرەپلىك بورچۇم دەپ ھېساپلىدىم. خۇددى پەرۋانە چىراق نۇرىغا ئۆزىنى ئۇرغانىدەك، مەنمۇ ئىلمىي ھەقىقەتكە ئۆزەمنى ئۇردۇم، ھەقىقەت شۇنداق بىر نۇركى، ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ يورۇتىدۇ.

چۈنكى، تارىخ دېگەن بىر ئەينەك، ئۇ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ئالىيجاناپلىق بىلەن پەسكەشلىكنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. تارىخچى بولسا، ھەممە نەرسىنى ھەقىقەت تارازىسىدا ئۆلچەپ، چىنلىق بىلەن جانلىقنى ئاجرىتىپ بېرىدىغان ئادىل قازىدۇر. بۈگۈن يالغان ئېيتىپ، خەلقنى ئالداۋاتقان جان باقار كاززاپلار بولسا، كېلەچەكتە تارىخنىڭ ئادىل جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!

مەن بۇ ترىلوگىيانى يازغان ۋاقتىمدا ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار بىلەن يازغۇچىلارنىڭ يۈزلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن پايدىلاندىم ۋە كىرەكلىك ستاتىلارنى ئالدىم. بىراق، كىتاپ ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايان قىلغانلىرى يۈزدە-يۈز ھەقىقەت بولۇشى ناتايىن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئەسەرلەرگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ، ئۆزەم توغرا دەپ تونىغان فاكتلار بىلەن خۇلاسىلەرنى تاللاۋالدىم. ئانچە ئىشەنچلىك بولمىغان فاكتلارنى قوبۇل قىلمىدىم.

كىتاۋىم ھەقىقەت بولسۇن، خاتالىقلاردىن خالى بولسۇن دەپ، قول يازما تەيار بولغاندىن كېيىن ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملارغا، زىيالىلىرىغا ۋە مىللىي ئىنقىلاپنىڭ قاتناشقۇچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئالدىم. ئېلىنغان پىكىر-تەكلىپلەر ئاساسىدا قول يازمىنى قايتا قاراپ، تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن نەشرىياتقا بەردىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاپتا ئۇنداق ياكى مۇنداق كامچىلىقلار ئۇچرىشىشى مۇمكىن، ئاما ئاساسىي مەزمۇنى توغرا ئىكەنلىگىگە ئىشەنچىم كامىل!

دېمەك، بۇ كىتاپ تۆرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات ئالالمىغان، بىراق ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلىشنى خالايدىغان خەلقىمىزگە، قېرىنداش خەلىقلەرگە ۋە چەت ئەللىك دوستلىرىمىغا بېغىشلانغان. كىمكى ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلىشنى خالىسا، موشۇ كىتاۋىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ھازىرقى زاماندىكى ياكى كېلەچەكتىكى سەياسىي ساۋاتلىق كىتاپخانلىرىم بۇ كىتانى ئوقۇغاندا: «مۇئەللىپنىڭ كۆتەرگەن مەسىلىلىرى ئاكتۇئال، فاكتلىرى چىن بولسىمۇ، فىلوسوفىيالىك پىكىرلەر، ئىلمىي خۇلاسىلەر ئاز، بايانلىرى ئاددىي بولۇپ قاپتۇ» دەپ تەنقىت قىلىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىغىنى سېزىمەن.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، مېنىڭ ۋەزىپەم ئالدى بىلەن ئۆزەم ياشاۋاتقان جەمىيەتتىكى غەپلەت ئۇيقىسىدا ئۇخلاۋاتقان سەياسىي ساۋادى تۆۋەن، ئىلىمدىن خەۋىرى يوق زامانداشلىرىمنى ئويغىتىش ۋە پارلاق كېلەچەككە ئىنتىلدۈرۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەشۇ سەياسىي ساۋادى تۆۋەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنىمۇ بىلمەيدىغان، كېلەچەك ئىستىقبالىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان زامانداشلىرىمنىڭ سەۋىيەسىگە ۋە قوبۇل قىلىش ئىختىدارىغا لايىقلاشتۇرۇپ يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مۆھتەرەم كىتاپخانلىرىمىز موشۇ ئەسەرىمنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلەلىسە ۋە باشقىلارغىمۇ بىلدۈرەلىسە، دېمەك، مەن مەخسىتىمگە يەتكەن بولىمەن.

كىتاپخانلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملار بىلەن: **سابىت ئۇيغۇرىي.**

2004-ژىل، ئالمۇتا.

## بىرىنچى كىتاب

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى

# 1- قىسىم

# ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش

**مىللەت سۈپىتىدە ئۆزىنى-ئۆزى تونۇغان،**
**مىللىي روھى ئويغانغان، ئاخىرىغىچە كۈرەش**
**قىلغان مىللەت قۇللۇقتا قالمايدۇ.**
**ئەكمەل ئىكراموۋ.**

www.uyghurkitap.com

## سۆز بېشى

تارىخ ئىلمىدا، دۇنيادىكى مىللەتلەر يېشىغا قاراپ: ئەڭ قېدىمىي مىللەت، قېدىمىي زامان مىللىتى، ئوتتۇرا ئەسىر مىللىتى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر مىللىتى ۋە يېڭى زامان مىللىتى دەپ 5 تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا، ئەڭ قېدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقىXX ئەسىردىن تارتىپ، مىلادىدىن كېيىنكى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋىردە: ئۇلۇق، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىي دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، پارلاق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ سەياسىي، مەدەنىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان خەلق. بۇلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار بارلىق تۈركىي تىللىق خەلىقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېتنىك مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلغان. دېيىمىس چېچۋارد قاتارلىق بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەنبە بولغان 5 چوڭ ئېتنىك توپنىڭ بىرسىدۇر.

ئارخېئولوگىيالىك ۋە پولېئونتولوگىيالىك ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز كونا تاش قۇراللار دەۋرىدىن تارتىپ، مەركىزىي ئازىيادە، يەنى ئامۇدەريا بىلەن سىردەريا ئارىلىغىدىكى ماۋرەۋۇننەھىردە، پەرغانە ۋادىسىدا، تەڭرىتاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىلىغىدىكى تارىم ۋادىسىدا، تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىغىدىكى يايىق (جۇڭغار) دالاسىدا، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدە، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن قۇمۇل بوستانلىقىدا، ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتىسۇ بويلىرىدا ھەم ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ياشاپ مەشەت ئەتكەن ۋە شۇ جايلارغا كۆپىيىپ ئاۋۇغان. ئېپتىدايى ئىنسانىقتىن ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارغا ئايلانغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلا نەسلىداش تۈركىي تىللىق خەلىقلەر بىلەن بىللە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېۋرازىيانىڭ سەياسىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان.

XII_XIV ئەسىرلەردىكى ئۇلۇق موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى زامانىدىمۇ بۇ ئىمپېرىينىڭ ھاكىمىيەت ژۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا، خارجى مەملىكەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىلىرىدا مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ رولى، يېزىغى يوق، ساۋاتسىز، كۆچمەن موڭغۇللارنىڭ رولىدىن ژۇقۇرى بولسا بولغانكى، تۆۋەن بولغان ئەمەس. ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ باش مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىر قانچە سانغۇن-سەردارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغانلىغىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئازىيانىڭ تارىخى بىلەن ئازىراق بولسىمۇ تونۇشلىغى بار كىشىلەرنىڭ بۇ تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق يېتەكچى رول ئوينىغانلىغىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت كېيىنكى ئەسىرلەرگە كەلگەندىلا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ، مانجۇ ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە بۇرۇنقى شۆھرىتىنى يوقىتىپ، ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەتنى خەلقى ئالەمدىن يوشۇرۇپ ۋە ئۇنى بۇرمىلاپ دۇنيا جامائەتچىلىگىنى ئالداپ كەلگەنلىكتىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار دۇنيا ئەھلى تونۇمايدىغان پىنھان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

پىنھان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدىلا ئەمەس. ئۆز خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرەپىدىن قىرغىن قىلىنىۋاتقان تۇرۇپ «تېررورىست» دەپ ئەيىپلىنىۋاتقان، خىتاينىڭ مىللىي ئاسسىمىلياسىيا سەياسىتىنىڭ قۇربىنى بولۇۋاتقان تۇرۇپ «سېپاراتىست»، «مىللىي بۆلگۈنچى» دەپ ئەيىپلىنىۋاتقان، ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقا تۇرۇپ «زوراۋان» دەپ ئاتىلىۋاتقان، ژىغىپ ئېيتقاندا دۈشمەننىڭ تۆھمەت-ھاقارەتلىرىگە ئۇچراۋاتقان بىر مىللەت بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن: ئۇيغۇرلار قۇلۇققا باش ئەگمەيدىغان ئەركىن سۆيەر، كۈرەشچان مىللەت. ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرستان بولسا، ھۇدۇدى كەڭرى، بايلىغى مول، تەبىتى خىلمۇ-خىل ۋە گۈزەل، ئەجايىپ بىر ۋەتەن. موشۇنداق ئۇلۇق خەلق بىلەن ئەجايىپ ۋەتەننى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئالىقاچان تۇغۇلغان ئىدى. مانا ئەندى موشۇنداق تونۇشتۇرۇشنىڭ پەيتى كەلگەندەك تۇرىدۇ. كىمكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلىشنى خالىسا، موشۇ كىتاۋىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى تۇپلۇك ئاھالىلارنىڭ بىرسى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەر قانداق يېرىنى قازسىڭىز، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ سۆيەكلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەتىنىڭ ئىزلىرى تېپىلىدۇ.**
**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.**

## 1- باپ

### ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جاي- ماكانلىرى ۋە ئانا ۋەتىنى

ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋال ئۇلارنىڭ ياشىغان جاي- ماكانلىرنى ئېنىقلاپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار –مەركىزىي ئاسىيادىكى تۇپلۇك ئاھالىلارنىڭ بىرسى. بۇ توغرىلىق تارىخچى م.ئى.بۇغرا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر (تۈركلەرنىڭ) ئانا يۇرتى ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە سوزۇلغان پايانسىز ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا قىسمىدا ھىمالاي تاغ تىزمىلىرى بىلەن ھىنگان تاغلىرى، شىمالدا كاسپىي دېڭىزى بىلەن بايكال كۆلى ئارىلىغىدىكى دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ مۇنبەت يايلاقلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بەل ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن باشلاپ، شىمالدا بايكال كۆلى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ۋولگا دەرياسى بىلەن كاسپىي دېڭىزغىچە، جەنۇپتا قاراقورۇم ۋە قۇنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق قايتىدىن ھىنگان تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان موشۇ بېپايان زىمىن ئۇيغۇر (تۈركلەرنىڭ) ئانا يۇرتىدۇر» («شەرقىي تۈركستان تارىخى»، 8-بەت). (كۆرۈپ تۇرۇپتىكىرىمىزكى، مۇئەللىپ «تۈرك» ئاتالغۇسىنى «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ سىنونىمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن).

خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ۋە پائالىيەت سەھنىسى بولغان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، كېيىنكى 100 ژىلدىن بېرى ئارخېئولوگ ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قانداق يېرىنى قېزىپ تەكشۇرگەندە، بۇ زېمىندا ياشىغان قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن ئۇلار ئىشلەتكەن قۇرال- سايمانلار ۋە بىزەكلەر تېپىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئۇلار 1981- ژىلى ئاتۇش شەھىرى ئەتراپىدىكى قېدىمىي غارنىڭ ئىچىدىن ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆيىگىنى تاپتى. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 30000 ژىللار ئىلگىرى موشۇ تەۋەدە ياشىغان ئەر كىشىنىڭ باش سۆيىگى دەپ ھۆكۈم قىلىشتى ھەم بۇ تېپىلمىغان «ئاتۇش ئادىمى باش سۆيىگى» دەپ نام بېرىشتى. ئالىملارنىڭ پىكرىچە، بۇ كونا تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ياشىغان ئانتروپولوگىيا جەھەتتە ئاق تەنلىكلەر جىنسىغا مەنسۇپ بولغان ئىپتىدائىي ئادەمدۇر.

1980- ژىلى تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ تىزناپ يېزىسى، جىرغال مەھەللىسى تەۋەسىدىمۇ موشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياشىغانلىغىنىڭ ئىزى تېپىلغان.

يېقىنقى ژىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيالىق قېزىپ- تەكشۇرۇشلەر جەريانىدا تۇرپان، مورى، نىيە، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردىن تاش قۇراللار، ساپالدىن ۋە ياغاچتىن ياسالغان قاچىلار، چۆشەك، چۆلۆك قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ بۇيۇملار بېجىندىكى كاربون 14 ئوكسىدلىق خىمىيىلىك ئانالىز ئارقىلىق تەكشۇرگەندە، بۇنىڭدىن 7-6 مىڭ ژىل بۇرۇنقى ئىشلىتىلگەن بۇيۇملار ئىكەنلىگى ئېنىقلاندى. موشۇ فاكتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ زاماندا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن باش قول ھۈنەر كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. يەنە ئۇلار ئاتنى قولغا ئۈگىتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولۇپ چىقىدۇ.

1985- ژىلى ئۇيغۇرستاندىكى زاغۇنلۇق قېدىمىي قەبرىستانلىغىدىن ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇنىڭدىن 300 ژىل ئىلگىركى دەۋرگە ئائىت بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە پۇتىغا ئۇزۇن قونچۇلۇق ئۆتۈك، ئۇچۇسىغا رەڭلىك ژۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن، ئۆزى قامەتلىك، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشالىق ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ جەسەتلىرى بار. ئەر كىشىنىڭ ساقال- بۇرتى، ھەتتا كىرپىكلىرىگىچە ياخشى ساقلانغان. جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ژۇڭ توقۇلمىدىن ئىشلەنگەن كىيىم- كېچەكلەر، ھەر خىل باش كىيىملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ بار. بۇ تېپىلمىلار شۇ زاماندا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ خېلە ژۇقۇرى مەدەنىيەتلىك بولغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر مىسال: سوۋېت دەۋرىدە ھازىرقى كراسنويارسك شەھىرىنىڭ 40 كىلومېتر غەربىدىكى ئارچىن ناھىيەسىگە قاراشلىق ئاندرونوۋ يېزىسى تەۋەسىدە قېزىپ- تەكشۇرۇشلەرنى ئېلىپ بارغان رۇس ئارخېئولوگلىرى يەر ئاستىدىن قېدىمىي زاماندا موشۇ زېمىندا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ باش سۆيەكلىرىنى تاپقان. ئۇلار ئىشلەتكەن قۇرال- سايمان ۋە كىيىم- كېچەكلەرنىمۇ تاپقان. خىمىياۋىي ئانالىز ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۇرگەندە بۇ ئىنسانلار دەۋرىمىزدىن 4000 ژىللار ئىلگىرى موشۇ زېمىندا ياشىغان ئارىيان- تۇرانلار –يەنى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگى ئېنىقلانغان.

بۇ خۇلاسىلەر ئارخېئولوگ ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆرەلمەسلىك، قىزغىنىش ھىسسىياتلىرىغىمۇ سەۋەپچى بولغان. بۇ مەدەنىيەتلىك

ئىنسانلار ئارىيان-تۇرانلار، يەنى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، رۇس ئالىملىرى بۇ تېپىلمىلارغا «ئاندرونوۋ مەدەنىيىتى» دەپ ئات قويۇشقان. شۇنداق قىلىپ، قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى – ھازىرقى زاماندا ياشىغان بىر رۇسسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان!

شۇنىڭدەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىم بوستانلىقىدا بۇنىڭدىن 5000-6000 يىللار بۇرۇنلا بۇغداي، شال، زىغىر، پوچاق قاتارلىق زىراەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرەتتى. ئۈزۈم نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر، ئۆرۈك، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرەتتى. ئۈزۈم (تەك) ئۆستۈرۈش خېلە ئومۇملاشقان بولۇپ، كام دېگەندە 4000-3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي .ەجدادىرىمىز تارىم قومۇلىغىنى «تەكلى ماكان» (يەنى ئۈزۈم ماكانى) دەپ ئاتاشقان.

ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن فاكتلار، تارىم ۋادىسىدا كوناتاش قۇراللار دەۋرىدىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ ئىنسانلار باشقا جىنىستىكىلەر ئەمەس، نەق ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلاردەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سوداسېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەرلەشكەن تۇرمۇشتا مەدەنىي ھايات كەچۈرىدىغان مىللەتلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇيغۇرلاردەك بۈيۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك باشقۇرۇۋاتقان مىللەتلەرمۇ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز ئىدى.


ئۇنداق بولسا، «ئارىيا-تۇران» دېگەنلەر كىملەر؟

ئارى-ئارىيان دېگەن بۇ نام ئەسلىدە يۇنان سەياھەتچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان. قەدىمىي زامانلاردا ھازىرقى ھىرات شەھىرى يېنىدا **«ھېرى»** دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. بۇ رايونغا دەسلەپ كەلگەن گرېك سەياھەتچىلىرى «ھېرى» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن **«ئارىيى»** دەپ ئاتىغان. بۇ دەديانىڭ ياقىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى **«ئارىيانلار»** دەپ ئاتاشقان. دېمەك، ئارىيلار ئەسلىدە غەربىي ئۇيغۇرلاردۇر. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

قازانلىق تارىخچى ھاسان ئاتا بولسا، «تارىخ قوۋمى تۈركى» ناملىق كىتاۋىدا: «ئارىيان قوۋملىرى قەدىمىي زامانلار يۇنانلار «باكتېرىيا» دەپ ئاتىغان زېمىندا يەنى بەلخ ۋە ھىرات تەرەپلىرىدە ياشىغان ئىدى... كېيىن ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كۆچتى. بىر بۆلۈگى شەرقىي-جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ھىندىستانغا باردى. يەنە بىر بۆلۈگى ھازىرقى ئىران تېررىتورىياسىگە تارقىلىپ كەتتى» دەيدۇ (كىتاپ، 20-بەت). ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمس چىرچۋارد بولسا: ئۇيغۇرلار تارىخى–بۇ ئارىيلار تارىخىدۇر. چۈنكى، ھەقىقىي ئارىيلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن كېلىپ چىققان» دەيدۇ («ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5-بەت).

1. قارا دېڭىز، 2. كاسپىي دېڭىزى، 3. ئارال دېڭىزى، 4. ئىسسىقكۆل، 5. بالقاش كۆلى، 6. زايسان كۆلى، 7. لوپنور كۆلى، 8.

مىلادىيىدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكىچە ئاندرونوپ — ئارىلار تارقالغان زېمىن



باغراش كۆلى، 9. بايقال كۆلى، 10. لېنا دەرياسى، 11. ئانكا دەرياسى، 12.سېلېنگا دەرياسى، 13. ئورخۇن دەرياسى، 14. تۇغلا دەرياسى، 15. ئۇرال دەرياسى، 16. سىردەريا (سەيخۇن)، ئامۇ دەرياسى (جەيخۇن)، 18. ئىلى دەرياسى، 19. تارىم دەرياسى، 20. خوتەن دەرياسى، 21. ھىندىقۇش تېغى، 22. چاڭەن شەھىرى، 23. داتۇڭ دەرياسى، 24. بېجىن شەھىرى ئورنى، 25. سېرىق دەريا (خۇاڭخې).

**مىلادىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكىچە ئاندرونوۋ-ئارىيلار تارقالغان زېمىننى كۆرسىتىدىغان خەرىتە**

(«قېدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» كىتاۋى، 297-بەت).

تارىخىي دېرەكلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، ئارىيلار قەدىمىي زاماندا، ئوتتۇرا ئازىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرگەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلە ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇزۇۋاق زامانلار بويى تارىم ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بىللە ياشاش جەريانىدا، ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

مىلادىدىن مىڭ ژىللار ئىلگىرى ئەشۇ ئارىيلارنىڭ بىر قىسمى غەرىپكە كۆچۈپ كېتىشكەن. غەرىپكە كۆچۈپ بارغان ئىشۇ ئارىيلارنىڭ بىر قىسمى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. يۇنان ۋە روما تارىخچىلىرى ئۇلارنى «سكىفلار» دەپ ئاتاشتى. بۇ ئايدىن ئېنىق ھەقىقەت تۇرسا، خىتاي تارىخچىلىرى بۇ فاكتنى بۇرمىلاپ، ئارىيلارنىمۇ ئۇيغۇرلارغا قارشى قويۇشقا تىرىشماقتا. مەسىلەن: خىتاي تارىخچىسى ۋاڭ جىلەي: «ئارىيانلار شىنجاڭنىڭ قېدىمىي ئاھالىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇنداق بولسا، ئارىيانلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ زېمىنغا ئەڭ ئاۋال كىملەر كۆچۈپ كەلگەن؟ مېنىڭچە، ئەڭ ئاۋال خەنزۇلار كۆچۈپ كەلگەن، تۇرپان ئويمانلىقىنى خەنسۇلار ئاچقان. كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار پايدىلانغان. ئۇيغۇرلار بولسا شىنجاڭغا ھازىرقى موڭغۇلىيادىن IX ئەسىردە كۆچۈپ كەلگەن»، دەپ داۋا قىلماقتا. («شەرقىي تۈركستان ھەققىدە» ماقالىسىدىن ئېلىندى).

ئەندى «تۇرالار ياكى تۇرانلار» كىملەر دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، قېدىمىي زاماندا ئۇيغۇرستاندىن شەرىققە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان ئەجدادلىرىمىز، تەخمىنەن مىلادىيەدىن مىڭ ژىل ئىلگىركى زامانغا كەلگەندە ئۆزلىرىنى **تۇرالار** دەپ ئاتاپ، مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇشقان. بۇ دۆلەت «تۇرانىيا-تۇران ئېلى» دەپ ئاتالغان ئىدى. دېمەك، تۇرالار-شەرقىي ئۇيغۇرلاردۇر. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇزاق زامانلار ئۆتكەنسىرى ئارىيانلارمۇ، تۇرانلارمۇ كۆپىيىپ، نۇرغۇن قوۋۇملارغا بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە مەركىزىي ئازىيانىڭ ھەممە قىسىملىرىغا تارقىلىپ ياشىغان.

گەرچە، بۇ قوۋۇملار تارىختا: سارماتىنلار، ساكلار (سكىفلار)، ماسساغىتلار، ھۇنلار، ياۋچىلار، تۇخارلار، تۈركلەر، موغۇللار دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ژىغىپ كەلگەندە موشۇلارنىڭ ھەممىسى قېدىمىي ئارىيان-تۇرانلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھە يوق. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرىگە مۇراجىئەت قىلايلى:

يۇنان تارىخچىسى ھېردوت «ەرېك-پېرسىيا ئۇرۇشى تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا: «سارماتلار بىلەن سكىفلار بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلىقلەر»، دەپ كۆرسەتكەن. زىنو بولسا «كىرنىڭ ساۋاقلىرى» دېگەن ئەسەرىدە «ماسساگېتلار بىلەن ساكلار تېگى بىر خەلىقلەردۇر»، دەپ ئېيتقان. سترابۇن بولسا «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسەرىدە «ماسساگېتلار ساكلارنىڭ بىر قىسمى»، دەپ كۆرسەتكەن.

جۇڭگونىڭ قېدىمىي ژىلنامىلىرىدا ساكلارنى «رۇڭ» دەپ، سكىفلارنى بولسا «غەربىي رۇڭ» دەپ ئاتىغان. يەنى ئۇلارنىڭ ياشىغان جاي-ماكانلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، ئەسلى بىر خەلىقلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئامېرىكا تارىخچىسى، پروفېسسور مىكگوۋېرن بولسا «مەركىزىي ئازىيادىكى قېدىمىي مەملىكەتلەر» ناملىق كىتاۋىدا: «قېدىمىي قەشقەرىيەدە ياشىغان خەلىقلەر بىلەن سارماتىنلار تىلى ۋە ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. ھۇنلارنىڭ زامانىسىدا غەرىپكە سۈرۈلگەن تۇخارلار، ئاۋارلار ۋە ئالانلارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى»-دەپ يازغان. (ژۇقۇرىدىكى ستاتىلار ئ. مۇھەممەتىمىنىنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى).

ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن فاكتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قېدىمىي زاماندىكى ئارىيا-تۇرانلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى مەركىزىي ئازىيانىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان.

مىلادىنىڭ 1220-ژىلى غەربىي شىمالدىكى خوشنا ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغان خىتاي سەياھەتچىسى سۇڭ چۈندىيەن ئۆزىنىڭ «ئەلچىلىك خاتىرلىرى» ناملىق كىتاۋىدا: - «بىز غەربىي شىيا تاغلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، 8000-7000 چاقىرىم يول ژۈردۇق. موشۇ يولدا يۈزلىگەن شەھەرلەر بار ئېكەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ ناملىرى بىرسىمۇ خەنزۇچە ئەمەس. بىز ئۇيغۇر ئېلىنىڭ **ئىلبالىق** دېگەن شەھىرىگە كەلدۇق. ئۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئېكەن. بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي تېررىتورىياسى كەڭرى بولۇپ، ئۇچ-چېكى مەلۇم ئەمەس. تەڭرىتاغ دەپ ئاتالغان چوڭ تاغدىن بىر قانچە دەريالار شىمالغا، بىر قانچە دەريالار جەنۇپقا قاراپ ئاقىدېكەن. مەملىكەتنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە يەنە ياركەنت ئۇيغۇرلىرى، ھىرات ئۇيغۇرلىرى دەيدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بار ئېكەن»-دەپ يازغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قېدىمىي زامانلاردىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىدىن ھىنگان تاغلىرىغىچە، سىبىر تايگىسىدىن خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلى ۋە تىبەت ئېگىزلىكىگىچە بولغان كەڭ دالالاردا كۆچۈپ قونۇپ ياشىغان. ھەتتا ئېۋروپىدىكى فىن قولتۇغىدىن تارتىپ بالقان يېرىم ئارىلىغىچە، رېين دەرياسىدىن دۇناي بويلىرىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان.

دېمەك، ئوتتۇرا ئازىيا رايونى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە بارلىق ئۇيغۇر (تۈركىي) تىللىق خەلىقلەرنىڭ ئانا يۇرتى. ئۇلار موشۇ زېمىندا ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەن، موشۇ زېمىندا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تارىخى ۋە تەغدىرى موشۇ ۋەتىنى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز: **ئوتتۇرا ئازىيا رايونى ئۇيغۇر (تۈركىي) تىللىق خەلىقلەرنىڭ ئانا يۇرتى**، دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز.

بىراق خىتاي ۋە رۇس تارىخچىلىرى بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلمەس سېلىپ، مىڭ ژىللار

بويى ئورتاق ۋەتەندە بىللە ياشىغان، ئورتاق مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، ئورتاق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قېرىنداش خەلقلەرنى پارچىلاپ، بىر-بىرىگە قارشى قويۇش سۈيىقەستى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى:

«مەركىزىي ئازىيا زېمىنى قەدىمىي زاماندا موشۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تاراتقان مەدەنىيەت تادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان بۈيۈك بىر غەزىنە. ئانتروپولوگىيا ۋە ئارخېئولوگىيا ئالىملىرى ھازىرغىچە بۇ زېمىندىن قەدىمىي زامانغا ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاپاتتى. بىراق، شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ تارىخچىلىرى مەركىزىي ئازىيادە ياشىغان بۇ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىگە ئۆزلىرىچە ئات قويۇپ يېزىپ كەلگەنلىكتىن، بىر پۈتۈن تۇران مىللىتىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى بىر-بىرىگە قارشى قويۇپ ئىزاھلاش ئارقىلىق تارىخىمىزدا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ بولسا، مەركىزىي ئازىيا خەلقلىرىنى ئىمكان قەدەر تارقاقلاشتۇرۇپ، پارچىلاپ بىر-بىرىگە زىت قويۇشتىن مەنپىيەتدار كىشىلەرگە دەستەك بولۇپ بەردى» دەيدۇ. («قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 63-بەت).

ئۇ يەنە:-» مەركىزىي ئازىيا مۆجىزدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايون. ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالىي يېرىم ھارىدىكى ئەڭ چوڭ مۆتىدىل بەلباغقا خاس جۇغراپىيەلەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۆجىزىدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايون بولۇپلا قالماستىن. ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تىپى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرخىل مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى بىلەن، ئۇمۇمىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەنمۇ مۆجىزىدار، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايوندۇر» دەيدۇ. («قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 62-بەت).

XVI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى ئابدۇلغازىنىڭ «تارىخ شەجرەی تۈرك» دېگەن ئەسەرىدە قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جاي-ماكانلىرى توغرىلىق مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«قەدىمىي زامانلاردا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋادىلاردا ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاتتى. ئون ئۇيغۇرلار: ياغلاقلار، قوتۇرغۇر، بوقاسقىر، ئاۋغاچ، ھازار-قاسار، خىغارسۇ، ياغما، ئاياۋىر، تورلامۇبۇر، ئادىز.

ئون ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى: خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، باي، كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، لوب ۋە باشقىلار. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ۋادىلاردا توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاتتى. توققۇز ئۇيغۇرلار: ئۇيغۇر، بايىرغۇ، ھۇن، بوقۇ، توڭرا، چىبنى، ئىزگىل، قارلۇق، باسمىللار.

توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرى: «ئىلىبالىق، تۇرپان، قاراقۇچۇ (ھازىرقى قاراخوجا)، بېشبالىق، ئۆتۈرغۇل (ھازىرقى قۇمۇل) ۋە باشقىلار ئىدى».

ژۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئون ئۇيغۇرلار» بىلەن «توققۇز ئۇيغۇرلار» ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەجداتلىرى ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھە يوق. بۇ پىكىرنى ئاكادېمىك ۋ. رادلوۋ، پروفېسسور ئا. ن. بېرنشتام ۋە باشقا تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىش تۇرغۇن ئالماس:

«شۇنى ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولۇدىكى، قەدىمىي زاماندا تارىم ۋادىسىدا، شۇنىڭدەك تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن يايىق دالاسىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالى، سىرىق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولماستىن، دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ئىدى» دەيدۇ.

بۇ مەلۇماتلاردىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار (يايىق) دالاسى، ئىلى ۋادىسى، يەتتىسۇ بىلەن ئىسسىقكۆل بويلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان ئەسلى ماكانى-ئانا ۋەتىنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى تارىخ. كېيىنكى زامانلاردا تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەر-زېمىنلىرى تارىيىپ كەتتى. يەنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ماكانىغىلا ئىگە بولۇپ قالدى. **ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى-خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي-شىمال قىسمىغا جايلاشقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقا دىيار، يەنى ئۇيغۇرستاندۇر!»** ئۇيغۇرلار قەدىمىي زاماندىن تا بۈگۈنگىچە موشۇ ماكاندا ياشاپ كەلگەن، ھېچ قاچان ئۇنىڭدىن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. بۇ قەدىمىي دەۋرىدە ئىپەك ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشتا مەشھۇر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي يۇنان ۋە رىم ئالىملىرىدىن كىتىسى (مىلادىدىن ئاۋالقى VI ئەسىردە ياشىغان)، سترابون (مىلادىنىڭ 19-ژىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، پىلورۇسلار (مىلادىدىن ئاۋالقى I ئەسىردە ياشىغان) تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنى «سېرىسلار» دۆلىتى («ئىپپەك دۆلىتى») دەپ ئاتاپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى قىياپىتى ۋە ئىگىلىك پائالىيىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرۇشقان.

ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىدە قەدىمىدىن ياشاپ كەلگەنلىكى توغرىلىق ئوتتۇرا ئەسىر



www.uyghurkitap.com

ئالىملىرى: ماھمۇت قەشقەرىي، راشىدىن، ئەبۇلغازى ۋە باشقىلا؛ ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن: ن.يا. بىچۇرىن، ۋ.ۋ.رادلوۋ، ۋ.ۋ. بارتولد، ئا.م.شىبرباك، ر.ل.كىزلاسوۋ، م.ن.كەبىروۋ ۋە باشقىلار يازغان.

ژۇقۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى توغرىلىق ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بىز ھۆرمەتلىك ئالىملارنىڭ ژۇقارقى پىكىرلىرىگە ھەم رېئال ئەمەلىياتقا ئاساسلانغان ھالدا تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىمىز:

**دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجداتلىرى قېدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا تارىم ۋادىسى بىلەن يايىق (جۇڭغار) دالاسىدا، تۇرپان ئويمانلىغىدا، شۇنىڭدەك ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتىسۇ ۋە ئىسسىقكۆل بويلىرىدا ياشاپ كەلگەنلىگى تالاشسىز ھەقىقەت.** موشۇ زىمىنلارنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان ئارخېئولوگىيالىك تېپىلمىلار، تاش پۈتۈكلەر ۋە يازما يادىكارلىقلار، تام سۈرەتلىرى ۋە قېدىمىي شەھەر خارابىلىرى، ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەل سەياھەتچىلىرى بىلەن ئالىملارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى بۇ ھەقىقەتنى تولۇق تەستىقلەيدۇ. ئاندىن قالسا، بۇ رايوننى خىتاي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دەپ ئاتاۋالغانلىغىنىڭ ئۆزى بۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغانلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز **ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئۇيغۇرستاندۇر، دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز.**

# 2- باپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى

**ئىنسانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز ئەجداتلىرىغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. شۇڭا ھەر بىر خەلق ئۆز ئەجداتلىرىنى تونۇۋېلىشلىرى كېرەك.**
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## §1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق رىۋايەتلەر ۋە ھەقىقەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ھەر خىل مەنبەلەردە، ھەر خىل رىۋايەتلەر ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى رىۋايەت «تارىخ تەبەرىدە» ئېيتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمىي زاماندا يەر يۈزىدە توپان بالاسى بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن ئىكەن. شۇ چاغدا نوھ پەيغەمبەر تەڭرىنىڭ بۇرىغى بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ھەم ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنى بىر يوغان كېمىگە سېلىپ، ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغانىكەن. توپان بالاسى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن نوھ پەيغەمبەر ئامان قالغان قوۋملارنى ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن ئىكەن. ھازىرقى ھەبەشلەر، زەنگىبار ۋە ھىندىلار چوڭ ئوغلى ھامنىڭ قوۋۇمى بولغان ئىكەن. ئەرەپ بىلەن ئەجەم ئىككىنچى ئوغلى سامنىڭ قوۋمى بولغان ئىكەن. تۈرۈك (ئۇيغۇرلار) ئۈچىنچى ئوغلى ياپەسنىڭ قوۋمى بولغان ئىكەن». بۇ رىۋايەت بويىچە ئۇيغۇرلار ۋە بارلىق تۈركىي خەلقلەر ياپەسنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى رىۋايەت، ئوغۇزنامىدە ئېيتىلىشىچە:

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان ئوۋغا چىقتى. ئۇ بىر جايدا تەڭرىگە سىغىنىۋاتاتتى، ئادەم قارىغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. ئوغۇزخان قېشىغا بېرىپ بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتارغانلىقىنى كۆردى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە كۆك تەڭرىمۇ كۈلەتتى. ئۇ ژىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ بىللە ژىغلايتتى. ئوغۇزخان ئۇ قىزنى كۆردىدە، ئاشىق بولدى. ئوغۇزخان ئۇ قىزغا ئۆيلەندى. ئايلار ئۆتۈپ، ژىللار ئۆتۈپ ئۇ قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا-كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا-ئاي، كەنجىسىگە-يۇلتۇز دەپ ئات قويۇشتى. بىر قانچ ژىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇزخان يەنە ئوۋغا چىقتى. ئالدىدا بىر كۆل كۆرۈندى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارال بولۇپ، شۇ ئارالدا بىر دەرەق كۆرۈندى. ئوغۇزخان بېرىپ قارىسا، ئۇ دەرەقنىڭ كاۋىكىدا تەنھا بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇ بەلمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكىرەك ئىدى. ئوغۇسخان ئۇ قىزنى سۆيۈپ قالدى ۋە ئەرىگە ئالدى. ئايلار ئۆتتى، ژىللار ئۆتتى. ئۇ قىزمۇ ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا-كۆك، ئوتتۇرانچىسىغا-تاغ، كەنجىسىگە-دېڭىز، دەپ ئات قويۇشتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولۇپ ئەر يەتتى. ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى، بەگ-سەردارلىرىنى باشلاپ ھەربىي ژۈرۈشلەرگە چىقتى. كۆپ ئەللەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆز ئېلىغا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان كاتتا توي ئۆتكۈزدى. تويدىن كېيىن قول ئاستىدىكى ئەللەرنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى. ھەربىي ژۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن سەردارلارغا كۆپ ئىنئاملارنى ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان تۆرت ئەتراپقا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللىدى. بۇ مەكتۇپتە:-»مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن، تەڭرىم مېنى يەر يۈزىگە خاقان بولۇشقا ئەۋەتتى!»، دېيىلگەن ئىدى.

بۇ رىۋايەت بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىسى ھەم خاقانى ئوغۇزخان، ئانىسى بولسا، كۆكتىن چۈشكەن ئىككى ھۆر قىزلار بولۇپ چىقىدۇ.

«ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ھەقىقەت شۇكى: خىتاي مەنبەلىرىگە، ئېۋروا تارىخچىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە، ئالىملار ئېلىپ بارغان ئارخېولوگىيالىك تېپىلمىلار بىلەن يازما يادىكارلىقلارغا ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي ئەجداتلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى مونۇ ئىككى رايوندا ياشىغان قوۋۇملاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بولۇپ، كاسپىي دېڭىزىدىن بايقال كۆلىگىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشىغان: دى، دىلى، دىڭلىڭ، گاۋجۈي، تىلى، ئوغۇز، قۇمان، داغار، قامىق، ھازار، ھۇن، ئاۋار، ئۇيغۇر، تۈرك، قاز، پېچىنەك، ۋە باشقا قوۋۇملار دۇر. يەنە بىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بولۇپ، ھازىرقى چىڭخەي (كۆكنۇردىن) تارتىپ تارىم ۋادىسى ئارقىلىق قاراقۇرۇم تېغىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان: ئېۋۇ، جۇشى، يۈجى، دى، چاڭ ۋە باشقا قوۋۇملاردۇر. موشۇ ئىككى جۇغراپىيالىك دائىرىدە ياشىغان تۈرلۈك-تۈرلۈك قوۋۇملارنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىپ چىققان. بىز موشۇ مەلۇماتنى ھەقىقەتكە يېقىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمىز. چۈنكى، قېدىمىي زاماندا موشۇ رايوندا موشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ياشىغانلىقى راست. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بېۋاستە، بەزىلىرى ۋەستىلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى بولغان بولۇشى تەبىي» (ئىمىن تۇرسۇن، ژۇقارقى كىتاپ 33-بەت).

مەلۇمكى، خىتاينىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە ئەڭ قېدىمىي زاماندىكى «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنى «دىڭلىڭ»



www.uyghurkitap.com

دەپ، «ئو ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنى بولسا «دىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ قەبىلىلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، «تۇرا» دېگەن ئورتاق نامغا ئېگە بولغاندىن كېيىن خىتاي تارىخچىلىرى ئۇلارنى «تىلى» دەپ ئاتىغان. «تىللارنى» جايلاشقان ماكانلىرىغا قاراپ «شەرقى تىللار»، «غەربىي تىللار» دەپ ئاتاشقان. VI ئەسىردە تىلى قەبىلىلىرىدىن: ئۇيغۇر، بۆكە، تۇڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىر ئىتتىپاق تۈزۈپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغاندىن كېيىن خىتاي تارىخچىلىرى ئۇلارنى: «خۇيخى» دەپ ئاتاشقا باشلىغان. دېمەك، «خۇيخىلار» ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزى.
قىسقىسى، بۇ قوۋملار قېدىمىي زامانلاردا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ V ئەسىرگە كەلگەندە «ئۇيغۇر « دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان ھەم چوڭ قاغانلىق بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان.

## 2§. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەڭ قېدىمىي زامانلاردا تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار دالاسىدا، ئىلى ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدا، پەرغانە ۋادىسى بىلەن ئىسسىقكۆل بويلىرىدا، يەتتىسۇ بىلەن ئالتاي تېغى ئارىسىدىكى ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىق كەسپى بىلە شۇغۇللىنىدىغان «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئو ئۇيغۇر» قەبىلىلىرى ياشاتتى. ئەينە شۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موشۇ زىمىنلارنىڭ تۇپلۇك ئاھالىسى ھەقىقىي ئىگىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. موشۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا مىلادىيەدىن 1000 ژىل ئاۋال (ھازىردىن 3000 ژىل ئاۋال) شىمال تەرەپتىن ساك قەبىلىلىرى كېلىپ قوشۇلغان. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا (ھازىردىن 2000 ژىل ئاۋال) شەرىق تەرەپتىن ھۇن قەبىلىلىرى كېلىپ قوشۇلغان. مىلادىيەنىڭ XI ئەسىردە يەنە شەرىق تەرەپتىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى كېلىپ قوشۇلغان. موشۇ ئۈچ دۆركۈندە كېلىپ قوشۇلغان قەبىلىلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە قان ئالمىشىش نەتىجىسىدە يېڭى مىللەتلەر كېلىپ چىققان. شۇنىڭدەك، تۈرلۈك دەۋرلەردە، تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن غەرىپ تەرەپتىن ئارىيلار، سوغدىلار، تۇخارلار ۋە باشقىلار كۆچۈپ كېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان ۋە ئاستا-ئاستا يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. يېڭىدىن كېلىپ قوشۇلغان بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئەسلى ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان بولغانلىقتىن، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئاسانلا ئۆزلىشىپ سىڭىپ كېتىشكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تارىخچىسى گۇباۋ:
-«شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، ماكانلاشقان قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە ھۇن، ساك، تۇخرى، سوغدى قاتارلىق قەبىلىلەر ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭدا قېدىمدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئاسانلا ئۆزلىشىپ سىڭىپ كەتكەن» دەيدۇ. دېمەك، ھازىرقى ئۇيغۇر قەبىلىلەرنىڭ، تارىختا «دىڭلىڭ»، «دىلى» دەپ ئاتالغان يەرلىك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئۆز ئارا قوشۇلۇپ سىڭىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئارىلاش قانلىق مىللەتتۇر!
رۇس ئالىملىرىدىن ۋ.ۋ.گرىگورېۋ:
«مىلادىيەنىڭ V ئەسىردە تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىڭلىڭ قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالى شۇ مەزگىلدىلا ئۇيغۇرلىشىپ بولغان ئىدى» - دېسە، يەنە بىر ئالىم ۋ.ۋ. رادلوۋ: «مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى قېدىمىي دەۋرلەردىنلا تارتىپلا ياشاپ كەلگەن... تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېخانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەرمۇ ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىلادىنىڭ V ئەسىرگە كەلگەندە تامامەن ئۇيغۇرلىشىپ بولغان» دەيدۇ.
ئەندى، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، VIII ئەسىردە ياشىغان تارىخچى راشىدىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ»، XVI ئەسىردە ياشىغان خىۋە خانى ئابۇلغازىنىڭ «تارىخ شەجرەى تۈرك» ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنىشىچە: «بۇنىڭدىن 5000. ژىل ئاۋال ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ باتۇر بە ئيۇشقاق بىر قىسمىغا ئۇلارنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئەرلىگى، ۋەتىنىگە ۋە خانىغا سادىقلىغى ئۈچۈن ئوغۇزخان تەرىپىدىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام بېرىلگەن ئىكەن» («تىل-ئەدەبىيات، تارىخ مەسىلىلىر» 65-بەت).
بىز بىلىمىزكى، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئېيتىلىشىچە: ئوغۇزخان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، شۇ قۇرۇلتايدا «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دەپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭغا قارىغاندا «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئوغۇزخاندىن ئىلگىرىمۇ ئىستىمالدا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.
بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدىغان مۇنداق دەلىلمۇ بار: ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمىس چېرچۋارد ئۆزىنىڭ ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى ناملىق كىتاۋىدا ئىشەشلىك ھالدا:
- ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 20000-30000 ژىللار ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇق ئىمپېرىياسىنى قۇرغان. ئۇلار كېيىنەرەك نۇرغۇنلىغان باشقا خەلىقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان. بۇنىڭدىن 12000 ژىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش خانۇ ۋەيرانچىلىغى «مۇ» قىتئەسىنى يوق قىلغان. بۇ

قىتئەدىكى 60 مىللىون ئاھالە ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى بىلەن بىللە تىنىچ ئوكيېئان سۈيىنىڭ ئاستىدا قالغان. بۈگۈن تىنىچ ئوكيېئاندا كۆرۈنۈپ تۇرغان غار تاشلىق ئاراللار ئەشۇ «مۇ» قىتئەسىنىڭ سۇ ئۈستىدە قالغان قىسىملىرىدۇر» دەپ يازىدۇ. (مەزكۇر كىتاپ ئۇيغۇرچە نەشرى 15-بەت).

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىر قانچە ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان ئىدۇق:

رۇس تارىخچىسى ئا.ن.بېرنشتام: «باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان ھۇن قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن ئىلگەركى 174-ژىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دېمەك، ئۇ ئېپوستىكى ئوغۇزخاندىن ناھايىتى كېيىن ياشىغان باشقا بىر تارىخىي شەخس بولۇپ چىقىدۇ... باتۇر تەڭرىقۇتنى ئىلگىرىمۇ ئەدەبىياتتا ئوغۇزخان ئوبرىزى بار ئىدى» دەيدۇ («قېدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 159-بەت).

تارىخچى ھادى ئاتلاس بولسا، «سىبىرىيا تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا: «ئېپوستىكى ئوغۇزخان، ھىجرىيە كالېنداردىن 3400 ژىل ئىلگىرى ياشىغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ مىلادىيە كالېندارى باشلىنىشتىن 28 ئەسىر ئىلگىرى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا مىلادىيەدىن كېيىنكى 20 ئەسىرنى قوشساق، ئېپوستىكى ئوغۇزخان بۇنىڭدىن 48 ئەسىر، يەنى 4800 ژىل ئىلگىرى ياشىغان بولۇپ چىقىدۇ. مۇنداق قاراش، ژۇقۇرىدا ئەبۇلغازى ئېيتقان ۋاقىتقا يېقىن كېلىدۇ.

تۈرۈك تارىخچىسى مۇرات رەمزىيە ئەپەندى بولسا: «ئۇيغۇر» دېگەن نام مىلادىدىن 2850 ژىل مۇقەددەم بار ئىدى» دەيدۇ. ئالىمنىڭ موشۇ مەلۇماتىنى دۇرۇس دەپ قوبۇل قىلغان تەغدىردىمۇ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەل كام 5000 ژىل بولغان بولىدۇ.

تارىخچى،ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىمىن بولسا: «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا تەسۋىرلەنگەن ئۇغۇزخان ئېتنىك جەھەتتىن منوگولوىدلىق تەسىرگە ئۇچرىمىغان، ساپ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىپى بولۇپ، مۇنداق تەسىرگە ئۇچرىغان باتۇر تەڭرىقۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ («قېدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 160-بەت).

مەزكۇر ئېپوستا يېزىلىشىچە، ئوغۇزخان: «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولىمەن» دەپ ئېيتقان. شۇ نەرسە انىققەتكە سازاۋەركى، بۇ كەلىمە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى ئايقاغاندىن قاغانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مەراسىمىدا يېڭى قۇرۇلتايدا جاكالانغان. بۇ فاكت بىرىنچىدىن: ئېپوستىكى ئوغۇزخان مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاتىسى تۈمەن خاننى ئۆلتۈرۈپ، قاغانلىق تەختىنى تارتىۋالغان باتۇر تەڭرىقۇت ئەمەس، دېگەن پىكىرنى تەستىقلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئاتامىسىنىڭ مەناسى بولسا، ئۇيغان، ئۇيۇشقان، بىرىككەن، ئىتتىپاق دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ. مۇنداق قاراشنى بارلىق ئالىملار، شۇ جۈملىدىن پروفېسسور كازىمىي بىلەن ئاكادېمىك رادلوۋلار قۇۋۋەتلىگەن.

يەنە بەزى ئالىملار، مەسىلەن تۈركىيە ئالىمى ئانىل چېچەن: «ئۇيغۇر سۆزى «ئۇيغار» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ،مەناسى «مەدەنىيەتلىك» دېگەن بولىدۇ» دەيدۇ. («قېدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 109-بەت). تۈركىيەدە تۈزۈلگەن لۇغەت كىتاۋىدىمۇ «ئۇيغار» سۆزى مەدەنىيەتلىك دېگەن مەنادا دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

دانىيالىك ئالىم ۋ.تومسېن بولسا: «ئۇيغۇر-ئوغۇز» ئاتالغۇلىرىنىڭ بىر سۆزنىڭ ئىككى ۋارىئانتى دەپ ھېساپلايدۇ «شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر قاغانلىرىغا بېغىشلانغان تاش پۈتۈك ئابىدىلەردە «مېنىڭ بۇدۇنۇم ئوغۇز ئىدى» دېگەن جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر بىلەن ئوغۇز بىر سۆز بولۇپ چىقتى.

توغرا، بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە «توققۇز ئۇيغۇرنىڭ» ئىچىدىكى بىرلا قەبىلىنىڭ نامى بولغان، بىراق، موشۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا سانى كۆپ، جەڭگىۋارلىغى ئۈستۈن، قۇدرەتلىك قەبىلە بولغانلىقتىن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان خانلار كۆپرەك موشۇ قەبىلىدىن سايلىناتتى. ئۆكۈمراي قەبىلە-ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغانلىقتىن، تەبىي ھالدا بۇ دۆلەت «ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ، ئۇنىڭ پۇخرالىرى بولسا «ئۇيغۇر ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ پۇخرالىرى قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن « ئۇيغۇر» بىرلا كەبىلىنىڭ نامى ئەمەس، ئۇيغۇر دۆلىتى تەركىۋىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ، يەنى مىللەتنىڭ ئورتاق نامى بولغان.

### §3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تىپى

مەلۇمكى، يەر شارىنىڭ ھەر خىل جۇغراپىيەلىك رايون ۋە ئىقلىم چەمبەرلىرى ھەر خىل ئېتنولوگىيالىك ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئانتروپولوگىيالىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرىقلىق ئىرقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئەندى، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئىرقىي تىپلارنىڭ قايسىغا كىرىدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك: شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار مەنسۇپ بولغان ئانتروپولوگىيالىك تۈركۈممۇ، ئوتتۇرا ئازىيانىڭ تەبىي شارائىتلىرىدىن كېلىپ چىققان. يېقىنقى زاماندىكى ئانتروپولوگىيا ئالىملىرى مەركىزىي ئازىيانىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان قېدىمىي زامانغا ئائىت ئىنسانلارنىڭ باش سۆيەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن قېدىمىي زاماندا بۇ تەۋەدە ياشىغان ئىنسانلارغا «ئارىيان-تۇران ئىرقىي تىپى» اەپ نام بېرىشتى. بىز ياخشى بىلىمىزكى، تۇرانلار–شەرقىي

ئۇيغۇرلار، ئارىيانلار–غەربىي ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن «ئارىيا–تۇران ئىرقىي تىپى» دېگەنلىك «ئۇيغۇر ئىرقىي تىپى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئارىيان-تۇران ئىرقىي تىپىدىكى بۇ ئىنسانلار شەرقىي ئازىيادىكى سېرىق تەنلىكلەر جىنسىغا ئەمەس، ئېۋروپىدىكى ئاق تەنلىكلەر جىنسىغا كىرىدۇ»، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

يەنە بىر فاكت، 1984-يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ ئىنسانشۇناس ئالىملىرىدىن خەن كاڭشىڭ، زۇ چۇڭشىن قاتارلىقلار خوتەننىڭ سانپۇل قېدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋاقتى ئېرامىزنىڭ ئاۋالقى III ئەسىرگە توغرا كېلىدىغان باش سۆيەكلەرنى تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلغاندىن كېيىن بۇ قېدىمىي ئىنسانلار ئانتروپولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە قازاقىستاندا تېپىلغان ئاندرونوۋ تىپىدىكى ئىنسانلار بىلەن تامامەن بىردەك ئىكەنلىكىنى، يەنى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىنسانلار ئېۋروپا ئىرقىنىڭ يەر ئوتتۇرا دېڭىز تارمىقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

بۇ بولدا بىزنىڭ «ئۇيغۇرلار ھىند-ئېۋروپا تىپىدىكى ئاق تەنلىك ئىنسانلار بولۇپ، شەرقىي ئازىيادىكى سېرىق تەنلىك ئىنسانلارغا قايناتسا قېنى قوشۇلمايدۇ» دېگەن پىكرىمىزنى تەستىقلەيدۇ.

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىز بىر نەچچە ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان ئىدۇق.

XIX ئەسىردە ياشىغان ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمس چېرچۋاردنىڭ يېزىشىچە، ئېرامىزدىن 500 يىل ئىلگىرى يېزىلغان خىتاي مەنبەلىرىدە: «ئۇيغۇرلار ئاق تۈزلۈك، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنى سۈتتەك ئاق. شىمال تەرەپتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئەينە شۇنداق. ئەندى جەنۇپتا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچرايدۇ» دەپ يېزىلغان (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك ئۇيغۇرلار دېگىنى جەنۇپتىكى سېرىق تەنلىكلەر بىلەن قان ئالمىشىش نەتىجىسىدە شالغۇتلاشقان ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتسا كېرەك). بۇ بولسا ئۇيغۇرلار ئانتروپولوگىيا جەھەتتە سېرىق تەنلىك خىتايلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ» («قېدىمىي كونتىنېنت مۇ»، ئۇيغۇرچە نەشرى 6-بەت).

ئامېرىكا تارىخچىسى ماكگوۋېرنىڭ كۆرستىشىچە: «ئارىيانلار بۇ ھىندى-ئېۋروپا تىپىدىكى دىڭلىڭلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلاردۇر».

يەنە بىر تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا «ئارىيان-تۇران بۇ ئانتروپولوگ ئالىملىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىرقىي كاتېگورىيانىڭ نامى. ئەسلى بولسا، ئارىيانلارنىڭ تىلى كېيىنكى تۇران-ساكلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تىلى ئىدى» دەيدۇ («قېدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 77-بەت). قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاتالغۇسى يالغۇز مىللەتنىڭلا نامى بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئازىيا تىپىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ، يەنى ئىرقىنىڭ نامى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن **ئۇيغۇرلا دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز.**

ئەندى، ئۇيغۇرلار قاچان مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن؟–دېگەن مەسىلىگە كەلسەك:

بۇ سوئالغا پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام ئۆز قولىدىكى ئىشەشلىك دەلىل ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى جاۋاپنى بېرىدۇ:

**«مەركىزىي ئازىيانىڭ كەڭ فازاسىغا تارقىلىپ ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سەياسىي، ئىختىسادىي، مەدەنىي، تىل پسىخىكا جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئېرىشىپ، بۇقاخان (ئەپراسياپ) سەۋرىدىلا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، ھۇنلارنىڭ دەۋرىدە بۇ جەريان تاماملاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى، كام دېگەندە، ھۇنلارنىڭ قەبىلەۋىي ئىتتىپاقى دەۋرىدىن باشلىنىشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستانمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇيغۇرستان بولۇپ قالغان. يازما مەنبەلەردە بولسا، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نامى بىلەن «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتىلىشى v ئەسىردىن باشلىنىدۇ» دەيدۇ.** (ئا.ن. بېرنشتام كىتاۋى 33-بەت).باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان تەشكىل قىلغان ھۇن ئىمپېرىياسى 500 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈردى. موشۇ 5 ئەسىرلىك بىرلىشىپ ياشاش جەريانىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر ئۆز ئارا ژۇغۇرلىپ، بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىنلىگى ئەينى ھەقىقەت.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئاساس بولغان ھۇنلار ئىتتىپاقىدىن ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان (ئوغۇزخاندىن) مىننەتدار بولۇشى كېرەك.

ئەندى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىلىق مەسىلىگە كېلەيلى: ھازىرقى دۇنيا ئالىملىرى ئارخېولوگىيالىك دەلىل ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ، تارىم ۋادىسىدا بۇنىڭدىن 7-6 مىڭ يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغان شەھەر، دۆلەتلىرى بار ئىدى، دەپ ھېساپلىماقتا. دەسلەپكى ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغىمۇ سەل كام 5000 يىل بولدى. ئەگەر بىز مىللەت-دۆلەتنىڭ مەھسۇلى دەيدىكەنمىز، ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگە، كام دېگەندە، 3000 يىل بولغان بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ بۇ ئىلمىي ھۆكۈمى خىتايلار كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار–خەنزۇلار بىلەن نەسلداش ئۇرۇق» دېگەن سەپ-ساتالىرىنى بىت-چىت قىلىپ تاشلىدى.

## §4. ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى

ئەندى، تۈرركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىگە كەلسەك، ئاتاقلىق تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس تۈركىي مىللەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن ئېتنىك تەركىپلەر توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«قان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپى-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان تۇرالار، هۇنلار، ياۋچىلار، ساقلار، قاڭلىلار، ئۇيسۇنلەر تۈركلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىدىن، شۇنىڭدەك شەرقتىكى موڭغول نەسىللىك تايىپلار بىلەن ئوتتۇرا ئازىيادىكى ئىران نەسىللىك خەلقلەرنىڭ قىسمەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىشىدىن، هازىرقى زاماندىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قان قېرىنداشلىشلىقى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېلىپ چىققان». (تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، ئالمۇتا نەشرى، 86-بەت).

يەنە بىر تارىخچىمىز قاسىم مەسىمي: «قېدىمكى ئۇيغۇر تىلى-بارلىق تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسى ئىدى. بىراق، نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر بارغانسىرى كۆپىيىپ، بىر-بىرىدىن ژىراق رايونلارغا تارقىلىپ ياشىغانلىقتىن ھەم قىسمەن يات قەبىلىلەر بىلەن قان ئالمىشىش نەتىجىسىدە يېڭى قەبىلىلەرگە ئۈيۈشۈپ، ئۆزلىرىگە يېڭى ناملارنى قويۇۋېلىشقان. شۇنداق قىلىپ، هازىرقى زاماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېلىپ چىققان» دەپ ھېساپلايدۇ.

ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن مەلۇم بولدىكى، هازىرقى زاماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇر نەسلىدىن كېلىپ چىققان: تۇرالار، هۇنلار، ياۋچىلار، ساقلار، تۈركلەر ۋە ئۇيسۇنلەر ئاساسىي ئامىل بولغان. ناھايىتى ئاز مىقداردا موڭغول نەسىللىك تايىپلار بىلەن ئىران نەسىللىك تايىپلار ئارىلاشقان ئىكەن. موشۇ فاكتىنىڭ ئۆزى: **ئۇيغۇرلار-بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى**، دېگەن ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرۈك قېرىنداشلار ئۇيغۇرلارنى-**ئاتا تۈرك** يەنى تۈركنىڭ ئاتىسى دېسە، قازاق ئالىمى ۋە ئاقىنى شاكەرىم قۇدايبېردى:

«بىز ئۇيغۇر نامىدىن كېلىپ چىققان ئەل بىز، بۇ «ئۇيغۇر» دېگەن-بىرىككەن، قوشۇلغان دېگەن مەنادا دەپ شەجەرە يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئېيتقان. شۇ ئۇيغۇردىن: قىرغىز، قاڭلى، قىپچاق، ئارغىن، نايمان، دۇلات، ئۇيسۇن دېگەن تايىپلار چىقىپ، شۇلارنىڭ نەسلىدىن كېلىپ چىققان بىز. ئۇ زاماندا بۇ نام بىلەن ئاتالغانلار يالغۇز بىزلا ئەمەس، كۆپ ئەللەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئولتىرىشلىق ھاياتقا كۆچۈپ بەزىلىرى: نوغاي، باشقۇرت ئاتىلىپ، يەنە بەزىلىرى ئۆزبەك، سارت دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن. ئاخىرىدا «قازاق» دېگەن نام بىزدە قالغان»- دەپ يازغان ئىدى («تۈرك، قىرغىز، قازاق ھەم خانلار شەجەرىسى» ئالمۇتا نەشرى، 21-بەت).

قازانلىق تارىخچى هاسان ئاتا بولسا «تارىخ قوۋمى تۈركى» ناملىق ئەسىرىدە: «شەرقىي ئېۋروپىدىكى ئۇگور-فىنلار، ماژارلار (ھۇنگارلار)، بۇلغارلار، تۈركلەر، تاتارلار، باشقۇرتلار، مىشەرلەر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بېۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا باغلىنىدۇ»، دەپ يازغان ئىدى («تارىخ قەۋمى تۈركى»، 26-بەت).

قېدىمىي «تۇران» زىمىنىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر هازىرقى زاماندا سەياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم دۆلەت بولۇپ ياشىماقتا. مۇنداق بۆلۈنۈش بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدا زىت بولۇپلا قالماستىن، كېلەچەك تەغدىرى ئۈچۈنمۇ خوۋۇپلۇقتۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئالدىن-ئالا چۈشەنگەن ئۇللۇق سەركەردە، ساھىپقىران ئەمىر تىمۇر «ئۆگۈتلەر» ناملىق كىتاۋىنىڭ 1-بېتىدىلا:

«بىز كىم؟ مۈلكى تۇران، ئەمىرى تۈركىستان بىز. بىز كىم؟ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قېدىمىي، ئەڭ ئۇلۇغى، تۈركنىڭ باش بوغۇنى بىز!»-دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى.

دېمەك، ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر تار مىللەتچىلىك ئىدېياسىنىڭ ئاسارىتىگە بېرىلمەستىن، ئەجداتلىرىمىز سېلىپ بەرگەن داغدام يول بىلەن مېڭىپ، كېلەچەكتە «**تۇران**» ياكى «**تۈركىستان**» دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا بىر بايراق ئاستىغا توپلانسا ياخشى بولاتتى. بۇ بىردىن-بىر توغرا يول. باشقا يوللارنىڭ ھەممىسى خاتا. ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداش دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە باشلىدى!

قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ 2005-ژىلى 18-فېۋرال كۈنى قازاقىستان خەلقىگە يوللىغان مەكتۇبىدە:

-«مەن ئوتتۇرا ئازىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن» دەپ ئېيتتى. بۇ ناھايىتى ياخشى دانا تەشەببۇس بولدى. ئوتتۇرا ئازىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلىمىز.

# 3ـ باپ
## ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىگى

**ـ ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇستەقىل مىللەت.**
**ئا.ن. بېرنشتام.**

ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مۇستەقىل مىللەت. بۇ ئالاھىدىلىك ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ مىللىي تىلى، مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي مەدەنىيتى، مىللىي ئۇرپى-ئادىتى ھەم ۋەتەن بىرلىگىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تىلى:** ژۇقارقى باپلاردا ئېيتقىنىمىزدەك،ئۇيغۇر تىلى: ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، يۇسۇپ بالاساغۇنىيدىن، ماھمۇت قەشقەرىيدىن باشلاپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆزىنىڭ لۇغەت فوندىنى ۋە فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان ھالدا داۋاملىق رىۋاجلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك بارلىق تۈركىي تىللارنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

پروفېسسور مۇھەممەت فۇئات كوپرۇلۇ تىل مەسىلىسىگە ئائىت تەتقىقات كىتاۋىدا: «قۇتادغۇ بىلىكنىڭ» تىلى ساپ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىگىدە شەك شۈبھە يوق. خۇددى شۇنداق «دىۋان ھېكمەتنىڭ» تىلى «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىدىن تامامەن دېگىدەك پەرقسىز. يەنى خاقەنىيە ئەدەبىي تىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ»ـ دەپ يازغان. ئۇ يەنە «قىسەسۇل ئەنبىيانى» تىل نۇقتىسىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «دىۋان ھېكمەت» مەنسۇپ بولغان تىل دائىرىسىگە كىرگۈزسەك، ھېچ بىر خاتا قىلغان بولمايمىز. خاقانىيە تىلىنى XV ئەسىرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلىغا باغلاشتا «قىسەسۇل ئەنبىيا» بەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە»ـ دېگەن ئىدى (ئا.ئۆتكۈر «غەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 161ـ160ـبەتلەر).

بۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ژۇقۇرى، ئېيتىلىشى راۋان، مەنا جەھەتتىن پاساھەتلىك تىل ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋۇش ئورگانلىرى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى، ئۇلار ھەر قانداق چەت ئەل تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، بىمالال سۆزلىشەلەيدۇ. خىتايلاردەك ئۆز تىلىدىن باشقا بىرمۇ تىلنى دۇرۇس تەلەپپۇز قىلالمايدىغان بىچارىلەر ئەمەس!

ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىمى قۇدۇس ھاپىز ستوكگولم شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تىل مەسىلىلىرى بويىچە خەلىق ئارا ژىغىنغا قاتنىشىپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا» ئىلمىي دوكلاد قىلغاندا بۇ يېقىنلىققا دۇنيا ئالىملىرى ھەيران قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شائىرىمىز:

**مېنىڭ تىلىم ـ ئۇيغۇر تىلى،**
**سايراپ تۇرغان بۇلبۇل تىلى.**
**گۈلى رەنا، سۇمبۇل تىلى،**
**ئۇنى جاندىن سۆيگۈم كېلۇر!**ـ دەپ مەدھىيلىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى: پسىخىكا كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى نۇلقى-مۇجەز ۋە خاراكتېر ۋە باشقا روھىي ھالەتلەرنىڭ ئۇمۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئادەمنىڭ پسىخىكىسى: شۇ ئادەمدىكى ئىرسىيەت، ئۇدۇم، قان تىپى، ئىدراك، تەپەككۇر قاتارلىق ئىچكى ئامىللارغا، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەبىي مۇھىتتىن ئىبارەت تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا شەكىللىنىدىغان ئالاھىدە روھىي ھالەتتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ياشاش ئادىتى، ئەمگەك ئۇسۇلى ۋە ئەمگەك ئادىتى، ئىجتىمائىي تەربىيلىنىشى ۋە جۇغراپىيالىك مۇھىت شۇ ئىنساننىڭ پسىخىك ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىكىسى بولغاندەك، ھەر بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي پسىخىكىسى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1. ئۇيغۇرلار ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئالىي جاناپ مىللەت.**
ئۇلار ھورۇنلۇقنى، بېغەملىكنى، تەييارتاپلىقنى يامان كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار قېدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا ئەمگەكـھايات كەچۈرۈشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، ئادەمنى بەركاماللىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسىي يول دەپ قاراپ، ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن. ئۇلار نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىنسان ھاياتىغا كېرەكلىك ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ياراتقان. بۇ بايلىقلاردىن ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن، باشقا خەلىقلەرنىمۇ بەھرىمان قىلغان. ئەمگەكنى، ئەمگەك ئادەملىرىنى ھۆرمەتلەش ئۇيغۇرلاردىكى قېدىمىي ئەنئەنە. مەسىلەن: دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار دېخانچىلىق ئىشلىرى باشلىنىدىغان نورۇز كۈنىنى، بىر ژىللىق ئەمگەكنىڭ يەكۈنىنى چىقىرىدىغان

مول هوسۇل تويىنى مۇقەددەس بىلىپ، چوڭ بايرام قىلاتتى. ئەمگەكنى، ئەمگەكچىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان، هورۇنلۇقنى، تەييارتاپلىقنى سۆكىدىغان ماقال-تەمسىللەر، چۆچەك-رىۋايەتلەر ئۇيغۇر فولكلورىدا يېتەرلىك. ئۇيغۇرستاننىڭ شەھەر-يېزىلىرىنى، قۇدۇق-كانالىرىنى، تاغ-تاشلارنى ئويۇپ ياسىغان مىڭ ئۆي-نەقىشلىرىنى، تۇرپاننىڭ كارىزلىرى بىلەن تارىم-جۇڭغار ۋادىسىدىكى ئۆستەڭ-كانالارنى كۆرگەن كىشى بۇ مۆجىزىلەرنى ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ شاھىدى بولالايدۇ.

**2. ئۇيغۇرلار ئىلىمگە ئامراق، سەنئەتخۇمار مىللەت.** بۇ خىسلەتلەر ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەنىۋي ئەنئەنە. ھەر قانداق ئۇيغۇر پەرزەندى ھېچ بولمىغاندا، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شەجەرىسىنى پىششىق بىلىدۇ. بىرەر ساز ئەسۋاۋىنى چالالايدۇ ياكى ناخشا ئېيتالايدۇ، سۈرەت سالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە بىر نەچچە كىتاپ بىلەن بىر-ئىككى مۇزىكا ئەسۋاۋى بار. بەزى ئائىلىلەردە ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان كىتاپلار بىلەن سەز ئەسۋاپلىرى مۇقەددەس مۈلۈك سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ.

ھازىرقى زاماندىمۇ ئىلىمنىڭ ھەممە ساھالىرى بويىچە ئۈنۈملۈك ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرى بار. بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكى باپلاردا ئالاھىدە توختىلىمىز.

**3. ئۇيغۇرلار ئويۇن-كۈلكىنى ياخشى كۆرىدىغان، خۇشخوي، خۇشچاقچاق مىللەت،** ئۇلار ھاياتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەن چاغلىرىدىمۇ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغلىرىدىمۇ خۇشچاقچاق كۈلكىسىبىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇشنى، باشقىلارغا روھىي مەدەت بېرىشنى بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتىرىش-مەشرەپلىرى، توي-تۆكۈن مەرىكىلىرى ئويۇن-كۈلكىسىز ئۆتمەيدۇ. ئويۇن-كۈلكە ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھالىرىغا سىڭىپ كەتكەن. « ئۇيغۇرلار ئەزرائىلنى كۆرسىمۇ چاقچاق قىلىدۇ، دوزاقتا كىرسىمۇ ناخشا ئېيتىدۇ»، دېگەن تەمسىللەر بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس.

**4. ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست مىللەت.** ئىچى قارىلىق، زەھەرخەندىلىك، يامان نىيەتلىك، مېھمان خالىماسلىق ئوخشاش ئىللەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىتىگە تامامەن يات. ئۇيغۇرلار ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ، ھەتتا دۈشمىنىگىمۇ پەقەت ياخشىلىقنى تىلەيدۇكى، ھەرگىز يامانلىقنى تىلىمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ موشۇ ئاق كۆڭۈللىگىدىن پايدىلانغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1949-ژىلى ئوكتيابىردە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۇيغۇرستانغا كىرىۋالغان ئىدى. مانا ئەندى ئۇششۇقلۇق قىلىپ، كەتمەي تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. موشۇ ئەمەلىيات خەلقىمىز ئېيتقان: «دوستلار كەلسە كېتىدۇ، دۈشمەن كەلسە كەتمەيدۇ»، دېگەن ھېكمەتنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە.

**5. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمايدىغان مەغرۇر مىللەت.** ئۇلار زورلۇق، ھاقارەتنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. كىمكى ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇقىغا تېگىپ، ئۇنى بوزەك قىلماقچى بولۇدىكەن، ئۇ تېپەشلىك جازاسىنى ئالماي قالمايدۇ. ئىنسانلىق غورۇرى ھاقارەتلەنگەن ئەھۋالدا بىر ئۇيغۇر يۈز دۈشمەنگە تېتىيدۇكى، ئۆلۈمدىن قورقۇپ باش ئېگىپ تۇرمايدۇ! ئۇلار يات مىللەتنىڭ تەجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ئەركىنلىگىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقىتتا، قۇللۇققا باش ئېگىپ قاراپ تۇرمايد، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى، مىللىي مۇستەقىللىگىنى ھىمايە قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. خۇددى ئەخمەتجان قاسىمىي ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ خەلقىمىز ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۆلۈپ كېتىشكە رازىكى، دۈشمەنگە قۇل بولۇپ ياشاشقا رازى بولمايدۇ!».

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاخىرقى 245 ژىلدىن بېرى مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى توختاۋسىز ھالدا كۈرەش ژۈرگۈزۈپ كەلگەنلىگى بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىغىنى تەستىقلەيدۇ.

**6. ئۇيغۇرلار يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئىلغارلىقنى ياخشى كۆرىدىغان، ئالغا باسار روھقا ئىگە مىللەت.** ئۇلار قالاقلىقنى، خۇراپاتلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بىرەر ئىجابىي يېڭىلىق بولىدىكەن، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ ۋە دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ھەممە دىنلارنى دېگىدەك قوبۇل قىلغان. ھەممە مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ھازىرقى زاماندىمۇ، زامانىۋي ئىلغار تېخنىكىنىڭ ھەممە ساھالىرىدا ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلار روسسىيانىڭ، ئېۋروپىنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىلىم دەرگاھلىرىدا ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىپ، شۇ ئەللەرنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا. ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ژۇقۇرىدا بىز مىللىتىمىزنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئىجابىي خىسلەتلىرىنى بىرمۇ-بىر ئاتاپ ئۆتتۇق. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى موشۇنداق ئالىيجاناپ كىشىلەر دېگەنلىك ئەمەس.

شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيۇ:

**«مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،**
**ئەي، ئاقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.**

**ئاشاتتى مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،**
**چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ!-**

دەپ يازغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدىكى ناچار-سەلبىي ئىللەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۆپلىگەن ناچار ئىللەتلەر پەيدا بولۇپ، ئاستا-ئاستا يامراپ، مىللىتىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھىنى چىرىتىشقا باشلىدى. ئاتاپ ئېيتقاندا:ھورۇنلۇق، بېغەملىك، نادانلىق، ئېتىپاقسىزلىق، قالالىق، ئاچ كۆزلۈك، تاماخورلۇق، خوشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەت ساقلاش، چېقىمچىلىق، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق ۋە باشقا ئىللەتلەر. بىنىڭچە بۇ خىل سەلبىي ئىللەتلەر مونۇ ئىككى خىل مەنبەدىن كېلىپ چىققان. **ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بەزى كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى مىللىي مەنپىيەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان نادانلىغى ۋە قارا نىيەتلىگى، ئىككىنچىسى بولسا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇزاق زامان ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان مىللىي زۇلۇمى ۋە دۈشمەنلىك سەياستى.**

XIX ئەسىرنىڭ 50-ژىللىرىدا ئۇيغۇرستانغا سەياھەت قىلغان قازاق ئالىمى ۋە سەياھەتچىسى چوقان ۋالىخانوۋ موشۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ يازغان ئېدى:

-»بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئېچىنارلىق ئەھۋالدا ياشايدۇ، ئۇلار ئاچ كۆز ئەمەلدارلارنى تويغۇزىمەن دەپ ئاچ-توق قېلىشىغا قارىماي قىش-ياز ئىشلەيدۇ، تىنىماي ئازاپ چېكىدۇ. ئەسلىدە، ئۇيغۇرلار ئەمەكچان، خۇشخوي، مېھماندوست، ئادىل خەلىق ئېدى. بىراق، دايىملىق ئېزىلىش، زورلۇق-زومبىلىق بۇ خەلىقنىڭ روھىدا بەزى بىر ناتوغرا، ناچار مۇجەزلەرنى پەيدا قىلىپ قويغان. مابادا، باشقىچە ياخشىراق شارائىت بولغان بولسا، بۇ خەلىق ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشلىرىدىن ئۆزۈپ كەتكەن بولار ئېدى!» («تىل-ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى»، 120-بەت).

**ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى.** ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيتى توغىلىق تۆۋەنكى باپلاردا ئالاھىدە توختىلىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ يەردە تەكرارلايمىز. ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس پارلاق مىللىي مەدەنىيەتكە ئېگە مىللەت ئېكەنلىگىنى تەكىتلەش بىلەن چەكلىنىمىز.

**ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتى.** ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك قوبۇل قىلغان ۋە ئېتىقات قىلىشقان. قېدىمىي زاماندا: شامانىزم، مانىخېزم، زارادۇشت دىنلىرىنى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە:بۇددا ۋە خرىستىيان دىنلىرىنى، X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. مىڭ ژىلدىن بۇ يان موشۇ دىنغا ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىك ھەق-ئادالەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇپ دۇرۇس ياشاشقا، ھەر خىل گۇنا بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا چاقىرىدىغان ئەدەپ-ئەخلاق كودېكسى، خالاس. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، **دىن ئىنساننى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان مەنىۋىي يېتەكچى!** ئۇ ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە ساھالىرىنى باشقۇرىدىغان، ھايات قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇتلاق ئۆكۈمران كۈچ ئەمەس! ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان كۆز قارىشى ئەينە شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار دىنغا ئاقىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئورۇنلۇق، دۇرۇس پايدىلىنىدۇ. بەزى خەلىقلەرگە ئوخشاش دىننى ھايات قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، **ھەددىدىن تاشقىرى چوقىنىدىغان ئاشىسىز فاناتىكلاردىن ئەمەس. مەسىلەن:** ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتىراقلاشقان يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە نەسچىتلەر بار. بىراق شۇ مەسچىتلەرگە بېرىپ، بەش ۋاقىلىق ناماز ئوقۇيدىغان ئۇيغۇرلار 5 پايىزغىمۇ يەتمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مۇتلاق كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانچىلىق تەلەپلىرىگە لايىق تۇتىدۇ. ھەر خىل جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، جازاغا تارتىلىدىغان ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى «دىنىڭ ئەسەبىيلىك؟» ياكى «ۋاھابىزىمدا» ئەيىپلەش پۈتۈنلەي خاتا. ئۇ مىللىي دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ رەزىل ئويۇنى.

**ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپى-ئادىتى.** ھاياتتا ھەر بىر ئىنسان ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مىللىي ئۆرپى-ئادەتلىرى دائىرىسىدە ياشايدۇ. يەنى، ھەر بىر ئىنساننىڭ پائالىيىتى مۇئەييەن ئۆرپى-ئادەت، رەسىم-يوسۇنلارنىڭ كونتروللىغىدا داۋام قىلىدۇ. ئەينە شۇ ئۆزىمىزگە ناھايىتى تەبىي بولۇپ تۇيۇلىدىغان ئۆرپى-ئادەتلىرىمىز-بىزنىڭ مىللىتىمىزنى باشقىلاردىن پەرىقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بەلەۋسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپى- ئادىتى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن. شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش-تەرزى، قۇرۇلۇش سەنئىتى، كىيىنىش ئالاھىدىلىگى، يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى، تۈرلۈك مەرىكە- مەراسىملىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ خىل دىنلارنىڭ، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپى-ئادەتلىرى خىلمۇ-خىل ۋە مۇرەككەپ. موشۇنداق مۇرەككەپ ۋە قېدىمىي مەدەنىيەتكە ئېگە مىللەتنىڭ ئۆرپى-ئادەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئۆرپى-ئادەتلەرنىڭ ئاساسىي ساھالىرىنى ئاتاپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز. ئۇلار مونۇلار: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش ئادەتلىرى،

كىيىنىش ئادەتلىرى، ۋىمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى، ئۆي تۇتۇش ئادەتلىرى، ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرى-بۇلار ئىختىسادىي ئادەتلەر. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى-توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يىتىم ئادەتلىرى، ھېيت-بايرام ۋە مەراسىم ئادەتلىرى-بۇلار ئىجتىمائىي ئادەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەنىۋىي ئادەتلىرىمۇ بار.

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن بىرلىكى.** ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى-ئۇيغۇرستاندۇر. بۇ ۋەتەندىن ھېچ قاچان ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئىشەنمىسىڭىز ئا.ن.بېرنشتامنىڭ مونۇ بايانلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ:

-»ئۇيغۇرلار قېدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا، ھازىر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكاندا، يەنى ئۇيغۇرستاندا ياشاپ كەلگەن. ئۇلار ھاشامەتلىك، گۈزەل شەھەرلەرنى بىنا قىلغان ئىمارەتلەرنى سېلىپ، ئۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن نەقىشلىگەن. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، كارىزلارنى ئېچىپ، بىپايان يېزىلىقلارنى كۆكەرتكەن، باغلارنى باراقسانلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تارىخى ئەينە شۇ ۋەتىنى بىلەن باغلىنىشلىق» (ئا.ن.بېرنشتام «ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى»، 33-بەت).

بۇ يەردە بىز پەقەت ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن ۋەتەندە ئورتاق ھايات كەچۈرگەن مۇستەھكەم مىللەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن چەكلىنىمىز.

بىز ژۇقۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇستەقىل مىللەت. ئۇ ھەچ بىر جەھەتتىن خەنزۇلارغا مۇتلاق ئوخشىمايدۇ. يالغۇز مىللىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىلا ئەمەس، ئىرقىي تىپى جەھەتتىنمۇ مۇتلاق ئوخشىمايدۇ. خۇددى ئاتاقلىق ستراتېگىيا ئالىمى سەيمىل خانتىڭتون ئېيتقاندەك:

«مەيلى قانداق تۈزۈم شارائىتىدا بولسۇن، ھەزارەت جەھەتتە بىر بىرىدىن تۈپتىن پەرىقلىنىدىغان بۇ ئىككى مىللەت ھەرگىز بىر قازاندا قاينىمايدۇ».

ھەقىقىي ئەھۋال موشۇنداق تۇرسا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلار -خەنزۇلار بىلەن نەسلىداش ئۇرۇق، يەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى!» دەپ جۆيلۈشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى ئاشكارە قىلىدۇ، خالاس!

## 4-باپ

## ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى

**– ژۇرنىگىدە ئەجداتلىرىنىڭ شانلىق ئەسلىملىرى قالمىغان ئادەم-مەنىسىي مېيىت ئادەمدۇر. بۇنداق مېيىتلىك ئاخىرى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ.**
نەبىجان تۇرسۇن.

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈگى، ئىنسانىيەت سىۋىلىزاسىياسىنىڭ كېلىپ چىققان مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رېگىونى ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمدىن ياشاپ كەلگەن ماكانىدۇر. قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىۋىي قىسمى ۋە بىۋاستە ئەۋلاتلىرى ھېساپلانغان: ئارىيلار، تۇرالار، ساقلار، ھۇنلار، تۇركلەر، ئاۋارلار ۋە باشقىلار نەچچە مىڭ ژىللىق تارىختا ئەينە شۇ كەڭ زېمىنلارغا تارقىلىپ ياشىغان. شۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان.

تارىخىي دېرەكلەرگە ئاساسلانغاندا: ئەجداتلىرىمىزنىڭ قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغان دەسلەپكى بەلگىلىكلىرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 8-7 مىڭ ژىللار بۇرۇن پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. ئۇلار شۇ زاماندىن باشلاپ بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگىچە ئۆزلىرى ياشىغان رايونلاردا كۆپلىگەن چوڭ-كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەنلىگى بولۇشى تەبىي. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئۇلۇق، قۇدرەتلىك، باي ۋە مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇنتۇلماس شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان تالانتلىق مىللەت ئىكەنلىگىنى تەكىتلىمەكچىمىز. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە ھۇن ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى بىلەن كۆكتۈرك ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى ئەڭ زور ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر بولغان ئىدى. ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ تېررىتورىياسى: شەرىقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن، غەرىپتە كاسپىي دېڭىز بىلەن ۋولگا دەرياسىغىچە، كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ تېررىتورىياسى شەرىقتە ساخالىن ئارىلىدىن، غەرىپتە قارا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا بايكال كۆلى ۋە ئېنىسېي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلى ۋە تىبەت ئېگىزلىگىگىچە ئىدى.

X-XI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادە بىرلا ۋاقىتتا تۈركىي (ئۇيغۇر) خەلقلىرىنىڭ 4 دۆلىتى: كەڭسۇ، ئىدىقۇت، قاراخانىيلار ھەم غەزنەۋىيلەر دۆلەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە سەلجۇقىيلار دۆلىتى مەيدانغا چىقىپ، ئۆز تېررىتورىياسىنى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى (ئاق دېڭىزغىچە) كەڭەيتى. شۇنداق قىلىپ، ئالتايدىن ئاق دېڭىزغىچە، بالقاش ۋە ئارال كۆللىرىدىن ئىرانغىچە سوزۇلغان بېپايان زېمىندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىي-ئۇيغۇر تىللىق خاقانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا ياشىغان ئىدى.

ئوغۇز سەلجۇقلىرى 1055-ژىلى ئەرەپ ئاببىاسىيلار خەلىپىلىگىنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇرۇشتا ئۇنى يېڭىپ، خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. خەلىپىنىڭ ئۆزىنى ئېقىندا ھالەتكە چۈشىرىپ قويدى. نەتىجىدە، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىللىق خاقانلار پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلاندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر تىلى پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدە ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئاتىتەك ھۆكۈمران تىلغا ئايلاندى. موشۇ ئەمەلىياتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، زاماننىڭ تەقازاسىنى چۈشەنگەن ماخمۇت قەشقەرىي «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسەرىنى يېزىشقا كىرىشتى. مۇئەللىپ موشۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتىپ ئېتىراپ قىلغان ھالدا:

«مەن خۇدانىڭ دۆلەت قۇياشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە چىققانلىغىنى، ئاسماننىڭ پۈتۈنچەرقى پادىشاھلىقلارنىڭ ئۈستىدە ئايلانغانلىغىنى كۆردۈم. خۇدا ئۇلارغا تۈرك (ئۇيغۇر) نامىنى بەردى. ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھاكىم قىلدى. زامانىمىزنىڭ خاقانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ قويدى. خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى شۇلارغا تاپشۇردى. بۇ خەلقلەر ھاكىملارغا ئۆز دەردىنى ئېيتىش ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدا سۆزلىشىشتىن باشقا چارە يوق» دەپ يازغان ئىدى. («دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، 3-بەت).

XIII-XIV ئەسىرلەردە تارىخ سەھنىسىگە چىققان موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى بولسا، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئېۋروپىنىڭ يېرىمىنى دېگىدەك ئۆز ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئالغان مىسلىسىز بۈيۈك ئىمپېرىيا بولغان ئىدى.

مانا بۇ فاكتلار، قېدىمىي زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق كۈچ-قۇدرەتلىك بولغانلىغىنى كۆرسىتىدىغان جانلىق فاكتلاردۇر. مىسال تېرىقىسىدە موشۇنداق فاكتلاردىن بىر نەچچىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى.

**1-فاكت:** تارىخىي مەنبەلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 49 ئەسىر ئىلگىرى ئوغۇزخان ناملىق بۈيۈك بوۋىمىز ياشىغان ئىكەن. يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئەينە شۇ بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە بېغىشلانغان ئېپىك داستاندۇر. مەزكۇر داستاندا يېزىلىشىچە، ھازىرقى

زاماندىكى خەلىقلەرنىڭ: ئۇيغۇر، قارلۇق، قىپچاق، قاڭلى، هازار، ياغلاقلار دېگەن ناملىرى ئەشۇ بوۋىمىز تەرىپىدىن قويۇلغان ئىكەن (ئەلۋەتتە، هازىرقىدەك مىللەت نامى سۈپىتىدە ئەمەس، شۇ زاماندىكى بىر قەبىلىنىڭ ياكى يالغۇز بىر شەخسنىڭ نامى سۈپىتىدە قويۇلغان). شۇڭا، ئوغۇزخان يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي خەلىقلەرنىڭ ئورتاق بوۋىسى بولۇۋېپ هېساپلىنىدۇ. بۇلا ئەمەس، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجا ئاتلىق قوشۇننى تەشكىل قىلىپ، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن شىمالىي هىندىستانغىچە، شەرقتىكى موڭغۇل دالاسىدىن غەرىپتىكى بەدەخشانغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، كۆپ خەلىقلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، دەسلەپكى ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلغان كىشىمۇ ئەشۇ ئوغۇزخان بولغان ئىكەن. قىسقىسى، قېدىمىي زامانىنىڭ سەياسىي سەهنىسىدە ئوغۇزخاندىن ئاشقان هېچ كىم بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئازىيا تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بۈيۈك سىما بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



**ئوغۇزخان(مىلادىدىن ئاۋالقى XXIX ئەسىر)**

**2ـ فاكت:** تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئاۋالقى VII ئەسىردە شەرقىي ئۇيغۇرىيەدە مەۋجۇت بولغان ئۇششاق خانلىقلار بىرىكىپ، مەركەزلەشكەن مىللىي دۆلەتنى بەرپا قىلغان ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى «تۇرا» ئاتاقلىق كىشى بولۇپ، تۇرادىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى پىشان، ئالىپ .ەرتۇڭاخان، ئەرجاسىپ قاتارلىق كىشىلەر ناشقۇرغان ئىكەن. تۇرانىيە دۆلىتى ئەرتۇڭاخاننىڭ زامانىسىدا كۈچەيگەن. ئۇنىڭ تېررىتورىياسى كېڭىيىپ، غەرىپتە ئىران چېگارىسىغا قادەر بېرىپ يەتكەن. هەتتا مىلادىدىن ئاۋالقى 640ـ ژىللىرى تۇرانىيە (ساقلار) ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى، بەگلەر بېگى ئالىپ ئەرتۇڭاخان (ئەپراسىياپ) شۇ زاماندا ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت هېساپلانغان ئىران دۆلىتىگە هۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئىران شاهى نوزەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان. ئۇ يەردە 12 ژىل هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مەملىكەتتە ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقتىن، بۇ ئەلنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن. ئىران-تۇران ئۇرۇشلىرى ئەرتۇڭاخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئۇزاق داۋاملاشقان. بۇ ئۇرۇشلاردا تۇران ئېلىدىن زارىنا، سىيارائرا ۋە تۇمرىس ئىسىملىك ئايال قەهرىمانلار يېتىشىپ چىققان بە تارىختا شۆهرەتلىك ناملارنى قالدۇرۇشقان.

## ئالپ ئەرتۇڭاخان (مىلادىدىن ئۇۋالقى VI ئەسىر)



**3-فاكت:** ھەممىگە مەلۇمكى، ئىبرامىزدىن ئاۋالقى VI ئەسىردە ھازىرقى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرۇلغان، كاپلاۋاستۇ دۆلىتى پادىشاسى سۇددودانانىڭ ئوغلى شاھزادە سۇددوخارتا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەپ تېپىش، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش مەخسىتىدە ئوردىدىكى راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ماگاتاخا مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان. ئۇ 6 ژىللىق جاپالىق ئىزدىنىشلەردىن كېيىن ئاخىرى 35 ياشقا كىرگەندە، ئاندىن «ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپقان»، يەنى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپەۋىيھەم دىنىي قاراشلىرىنى سىستېملاشتۇرۇپ، بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتىنى ياراتقان ۋە تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان. ختاي ئالىمى لۈي جىنىنىڭ يېزىشىچە، «سۇددوخاراتانىڭ ئىبتىنىك كېلىپ چىقىشى ئارىيان-ساك قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ ئىدى» (ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى»، 12-بەت، شانخاي نەشرىياتى). بۇددا دىنى شۇ زاماندىكى قۇللۇق جەمىيەت تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلغان. كۆپچىلىك قۇلار ئاممىسىنىڭ مەنپىيىتىگە ماس كەلگەنلىكتىن، جەمىيەتتە كەڭ قوللاشقا ئېرىشىپ، كۆپ ئەللەرگە تارقالغان. بەش ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەنۇپتىكى ھىندىستاندىن شىمالدىكى سىبىرىيەگىچە، غەرپتىكى كاسپىي دېڭىزدىن شەرقتىكى تىنىچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان. شۇنداق قىلىپ، دۇنياۋىي چوڭ دىنلارنىڭ بىرىسىگە ئايلانغان.

«ئۇيغۇرستان (شىنجاڭ) رايونى بولسا بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينىغان ئىدى» (ئا.مۇھەممەتىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 68-بەت).

كېيىنكى زاماندىكى دىن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ساكيامۇنى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ ساك قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساكيامۇنىنى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان بۈيۈك شەخسلەر قاتارىدا ئەسلەپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## ساكيا مۇنى (مىلادىدىن ئاۋالقى VI ئەسىر)



**4-فاكت:** «يۇنان تارىخچىسى ھىردوتنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىبرامىزدىن بۇرۇنقى 520-ژىلى ئىران شاھى كەيخسراۋ ماساغىت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئۆزىگە بېقىندۇرۇش مەخسىتىدە ئۇنىڭ ئايال پادىشاسى تۇمرىسقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە تېگىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشا تۇمرىس بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. بۇ ئۇسۇل بىلەن مەخسىتىگە يېتەلمىگەن كەيخسراۋ قوشۇن تارتىپ كېلىپ، ماساغىت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇمرىس پادىشا ئۆزىنىڭ ئوغلى سىيارشاسان چېگارا مۇداپىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئىران تەرەپ ھىيلە ئىشلىتىپ سىيارغاسنى زىياپەتكە چاقىرىپ، زىياپەت ئۈستىدە شاراپ بىلەن نەست قىلىپ ئەسىر ئېلىۋالغان. ئۇ بۇ ئەلەمگە چىدالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. دەل موشۇ پەيتتە ئىران ئەسكەرلىرى تۇرانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن ئايال پادىشا تۇمرىس مىلادىدىن ئىلگەركى 520-ژىلى، ئۆلۈپ كەتكەن ئىبرىنىڭ ھەربىي كىيىملىرىنى كىيىپ، جەڭ ئېتىنى مىنىپ، ماساغىت قوشۇن قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئىرانلىق باسقۇنچىلارغا قارشى جەڭگە چىققان. ئاخىر نەتىجىدە، كەيخسراۋنىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جەڭدە ئۆلگەن ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئىچىدىن كەيخسراۋنىڭ جەسىتىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، بېشىنى كەستۇرۇپ ئەپكېلىپ: «سەن تىرىك ۋاقتىڭدا قان ئىچىپ تويمىغان ئىدىڭ، ئەندى تويغىن»، دەپ بىر تۇلۇم قانغا چىلاپ، دەرەق بېشىغا ئاستۇرۇپ قويغان ئىكەن.

## تۇمرىس (مىلادىدىن ئاۋالقى VI ئەسىر)



**5ـ فاكت:** «تارىختىن مەلۇمكى، ماكېدونىيالىك ئىسكەندەر (ئالېكساندىر ماكېدونسكى) پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولۇپ 10 ژىللاپ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ئامىتى ئوڭ كېلىپ، پۈتۈن بالقان يېرىم ئارىلىنى، كىچىك ئازىيانى، ئافرىكىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىنى، يېقىن شەرق ئەللىرىنى، ئىرانىي ۋە ئوتتۇرا ئازىيانى ئۆزىگە بېقىندۇرغان، بۇ قەرىياندا ھېسابسىز كۆپ قانلارنى تۆككەن، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغان. ئەينە شۇنداق غالىبىيلىك ئىلگىرىلەۋاتقان ئىسكاندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 327ـ ژىلى ماساغىت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە يېتىپ كەلگەندە تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا چېكىنگەن. شۇ چېكىنگەن بويى ئاۋغانىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن غەرىپكە بۇرۇلۇپ، ئىراققا بېرىپ توختىغان ۋە 33 يېشىدا باغدات شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئىسكاندەرنىڭ ۋاقىئەنامە يازغۇچىلىرى موشۇ چېكىنىش ۋاقىەسىنى يازغانۇ، چېكىنىشىنىڭ سەۋەۋى توغرىلىق ھېچ نەرسە دېمىگەن.

XI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇق ئەللامە ماخمۇت قەشقەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرىدە بايان قىلىنىشچە، ئىسكەندەرنىڭ چېكىنىشىنىڭ سەۋەۋى مۇنداق بولغان:

«شۇ چاغدىكى ماساغىت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەقىللىك، ياش پادىشاسى شۇ ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ سىردەرىيادىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، تاكتىكا ئىشلىتىپ، خەلقىنىڭ قولىدا بار ئاشلىغىنى يەرگە كۆمۈپ تاشلاپ، چارۋا ماللىرىنى ھايدىتىپ، بارلىق ئەسكەرلىرىنى ۋە پۇخرالىرىنى ئېلىپ، شەرىققە قاراپ چېكىنگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر قوشۇنىنى نەچچە يۈز كىلومېتىر ئەـ ژۈتىسىز، سۇسىز چۆل-جەزىرىلەردە يول مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى سۇسىز، ئوزۇق-تۈلۈكسىز ئۇزاق يوللارنى مېڭىپ، ھېرىپ چارچاپ كېلىپ، تاغدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇيى بار جايغا كەلگەندە، خاتىرجەم دەم ئېلىپ ئۇخلاشقان. ئەشۇ بىر كېچىدە، پادىشا شۇ بۆكتۈرمىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان 4000 كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ ئالدىن ژۈرگەن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان. موشۇ ئېغىر زەربىدىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا قالغان ئەسكەرلىرىنىڭمۇ قىرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر پادىشاسى شۇ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئۇيغۇرستاندىن چېكىنىپ، چىقىپ كەتكەن ئېكەن. دېمەك، «يېڭىلمەس» دەپ نام ئالغان ئىسكەندەر قوشۇنى ئۇيغۇر پادىشاسى شۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن يېڭىلگەن (بۇ ۋاقىە ماخمۇت قەشقەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كىتاۋىدا ھەم مۇھەممەتىمىن بۇغرا ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ كىتاپلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان.



## شۇخان (مىلادىدىن ئاۋالقى IV ئەسىر)

**6ـ فاكت:** بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ خاقانى باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان مىلادىدىن ئاۋالقى 176ـ ژىلى خىتاي پادىشاسى خەنۋۇدىغا يازغان مەكتۇبىدە:

لولان، ئۇيسۇنلەر، ئوغۇزلارنى ۋە ۋىلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئوق-يا كۆتەرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى. شىمالدىكى ئۆلكىلەرمۇ ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئۆتتى» دەپ كۆرسەتكەن ئېدى. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن:ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قانچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئىمپېرىيا بولغانلىغىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خىتاينىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىگە بېقىندا بولۇپ، ھەر ژىلى ئۈلپان تۆلەپ تۇرغانلىغى، ئۇنىڭغا قوشۇمچە پادىشىنىڭ ياكى پادىشا جەمەتىنىڭ قىزلىرىنى «سوغات قىلىپ»، ئەۋەتىپ تۇرغانلىغى بۇ پىكىرنى تېخىمۇ تەستىقلەيدۇ. قىسقىسى، ھۇن ئىمپېرىياسى، ئوغۇزخان ۋە تۇرانىيا ئىمپېرىياسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچىنچى چوڭ دۆلىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى تۇمەنخان بولسىمۇ، بۇ دۆلەتنى كۈچەيتىپ ھەم كەڭەيتىپ قۇدرەتلىك ئىمپېرىياگە ئايلاندۇرغان كىشى باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان يەنى ئوغۇزخاندۇر.



## باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان (مىلادىدىن ئاۋالقى II ئەسىر)

**7ـ فاكت:** «تارىختىن مەلۇمكى، ھۇن ئۇيغۇرلىرى IV_V ئەسىرلەردە غەربكە ئۇرۇش قىلىپ، پۈتكۈل ئېۋروپىنى دېگۈدەك بويسۇندۇرغان ۋە ئېۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلغان.

شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى قۇتىئۇشنىڭ 9-ئەۋلات نەۋرىسى بالامىرخان غەربكە ھەربىي يۈرۈشنى باشلاپ، مىلادىدىنىڭ 355-يىللىرى كاسپىي دېڭىز بويلىرىنى. 374-يىلى قاردېڭىزنىڭ شىمالى بىلەن شەرقىي گوت (شەرقىي گېرمانىيانى)، 378-يىلى ھەربىي گوتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئېۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى سالدى. مىلادىنىڭ 400-يىلى بالامىر ئۆلگەندىن كېيىن يۇلدۇز، قاراتون، بونچۇك، رويا قاتارلىقلار تەختە ئولتارغاي. ئۇلار بالامىرنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 434-يىلى رويا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقىللىك، جۈرئەتلىك كىچىك ئوغلى ئاتىللا تەختە ئولتاردى. ئىمپېراتور ئاتىللاخان تەختتە ئولتارغان دەۋردە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى كاسپىي دېڭىزدىن ئاق دېڭىز (يەر ئوتتۇرا دېڭىزغىچە) سوزۇلدى. پۈتكۈل ئېۋروپا دېگىدەك ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. ئۇ رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەندە، كاتولىك چېركوسىنىڭ پاپىسى پاپالىو I ئاتىللاخاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، يالۋۇرۇپ ھەر يىلى ئولپان تۆلەپ تۇرۇش شەرتى بىلەن رىم ئاھالىسىنى ھالاك بولۇشتىن، رىم شەھىرىنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن ساقلاپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي فاكت، ئەينى ھەقىقەت.

بىز بۇ فاكتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھۇن تەڭرىقۇتلىرى-ئىمپېراتورلىرى يۇلدۇزخان، ئاتىلاخانلارنىڭ ئېۋروپىغا قىلغان باسقۇنچىلىق يۈرۈشلىرىنى ئاقلىماقچى ئەمەسمىز. ئەشۇ يىراق ئۆتمۈشتە بىزنىڭ باتۇر ئەجداتلىرىمىز قانداق ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە تالانتلىق خەلق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچىمىز. ئۇندىن قالسا، ئۇيغۇر ھۇنلىرىنىڭ ئېۋروپىنى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ بار. ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ھۇنلىرى ئېۋروپىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق بەش ئەسىر داۋام قىلغان غەربىي رىم ئىمپېرىيالىرىنى غۇلاتتى، شۇ ئارقىلىق ئېۋروپىدا قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، فېوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىشىغا يول ئېچىپ بەردى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنى قۇللۇقتىن قۇتقازدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ف.ئېنگېلس ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدا: «ھۇنلار شۇنداق ۋارۋارلاردىن بولغانكى، ئۇلار ئۆۋۈاتقان ئېۋروپىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ، ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئىدى» دەپ يازغان. قىسقىسى، ئۇيغۇر ھۇنلىرىنىڭ ئېۋروپىغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچى رول ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېۋروپىدىكى ھۇن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈش پايدىلىق بولسا كېرەك دەپ ھېساپلايمەن.

## V) ئېۋروپا هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى-ئاتىلاخان (ئەسىر)



**8-فاكت:** تارىختىن مەلۇمكى، مەركىزىي ئاسىيادە VI-VII ئەسىرلەردە كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى، VII-IX ئەسىرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بۈيۈك، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەر بولغان ئىدى. شۇ زاماندىكى خىتاي دۆلىتى ۋە باشقا دۆلەتلەر بۇ ئىمپېرىيەلەرگە بېقىنىپ، ئولپان تۆلەپ تۇرغان. تارىخچىلارنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى بۇ ھۆكۈمنى ئەستىقلەيدۇ.

كۆكتۈرك ئىمپېراتورى تاۋارخان ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا ماختىنىپ «جەنۇپتا ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىككى سادىق ئوغلۇم بار. ھەر قانداق ئاپەت يۈز بەرسىمۇ، غەزنەمىنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرمەيمەن»-دەپ ئېيتقان (ت.ئالماس «ئۇيغۇرلار» 1-توم، 10-بەت).

«شەرقىي تۈركلەرنىڭ چاڭەنگە كەلگەن ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسىنى ئۆزلىرىگە بېقىندا دۆلەت دەپ تونۇپ، كۆزگە ئىلمىدى. ئۆزلىرىنى مەغرۇر تۇتۇپ تۇردى. دېمىسىمۇ، پادىشا لى يەنە باشتىلا سۇۋار قاغانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى... خىتاينىڭ جو خانلىقى بولسا، 558-يىلىدىن باشلاپ كۆكتۈرك قاغاناتىغا ھەر يىلى 100000 توپ توگا-دۇردۇن، كىمخاپ ۋە باشقا ئېسىل ماللارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى» («ئۇيغۇرلار» 110-بەت). «تۈرك قاغانى قاراخان 622-يىلى بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن جۇڭگوغا بېسىپ كەلدى. تۈركلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خىتاي پادىشاسى لى يەن قاراخاننىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، تىنچلىق بىتىمنامە تۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېغىر شەرتلەر ئاساسىدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى. كېلىشىم بويىچە: جۇڭگو تۈركلەرگە ھەر يىلى كۆپ مىقداردا ماددىي نەرسىلەر (توگا-دۇردۇن، چاي قاتارلىقلارنى) بېرىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، ھەتتا شۇ چاغدا لى يەن تۈركلەردىن قورقۇپ كېتىپ، پايتەختىنى چاڭەندىن يۆتكەپ كەتمەكچىمۇ بولدى» (ت. ئالماس «ئۇيغۇرلار» 1-توم، 114-بەت).

«VIII-IX ئەسىرلەردىكى تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى كۈچلۈك خوشنىسى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىگە سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندا دۆلەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي پادىشالىرى مەجبۇرىي رەۋىشتە ئۆزلىرىنىڭ مەلىكە قىزلىرىنى ئۇيغۇر قاغانلىرى بىلەن شاھزادىلەرگە «سوغات قىلىپ» ئەۋەتىپ تۇراتتى. ھەر يىلى 20 مىڭ توپ ئېپەك، 100000 دادەن ئاشلىق ۋە باشقا تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا، خىتاي ئوردىسىدىكىلەر: پادىشاسىدىن تارتىپ ئەمەلدارلىرىغىچە ئۇيغۇر قاغانى ياكى ئەرباپى بىلەن ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر ھەربىي بايرىقىغا تازىم قىلىشى، ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانىغا تازىم قىلىشى، ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى ئىپادىلىشى لازىم ئىدى. كىمكى بۇ مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلىمىسا، ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ، جازاغا تارتىلاتتى (ت. ئالماس «ئۇيغۇرلار» ئالمۇتا نەشرى، 136-بەت).

پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتامنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق بايانلار بار:

«خىتاينىڭ تاڭ خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئەنلۇشەننىڭ ئىسيانىنى باستۇرغان بولسىمۇ، جۇڭگو دۆلىتى ئاجىزلىشىپ، كۆچمەن ئۇيغۇرلار دۆلىتىگە بېقىندا بولۇپ قالدى. ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن، پايتەخت ئاقساقاللىرى ئۇيغۇرلارغا 10000 توپ ئېپەك رەخت ھەدىيە قىلدى. خىتاي پادىشاسى ئۇلارغا ھەر يىلى 20000 توپ ئېپەك بېرىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. 758-يىلى جۇڭگو ئىمپېراتورى ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر خانغا كىچىك قىزى نىڭگونى ياتلىق قىلىپ ئەبەتىپ بەردى. بايانچۇر خان ژۇقارقى ھەدىيەلەرنى ئالغاندىن كېيىن، پادىشا قىزى نىڭگوغا «خانىشا» ئۇنۋانىنى بەردى. ،بلادىنىڭ 757-يىلى يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا بايانچۇرخان خىتاي پادىشاسىنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ، ئەسىرگە ئېلىۋالغان. شۇ چاغدا خىتاي پادىشاسى بايانچۇر خانغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، تۆۋەنكى مەزمۇندا تىلخەت يېزىپ بەردى: «ھۆرمەتلىك، قاغانىم، مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلايمەن، ئەمرىڭىزگە

ئىتائەت قىلىمەن، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھېچ قاچان گۇنا قىلمايمەن» (ئا.ن.بېرنشتام كىتاۋى، 130-بەت).

يۇقارقى فاكتلار شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىكى، خىتاي تارىخچىلىرى ئۆز پادىشالىرىنى ھەر قانچە ماختاپ، ئۇلۇق ئىمپېراتور قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىياتتا كۈچلۈك خوشنىسى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغاناتىغا بېقىندا بولۇپ ياشىغان ۋاسساللىقتىكى بىر دۆلەت ئىدى.



**كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ قۇرغۇچىسى بۇمىن قاغان (VI ئەسىر)**

**9-فاكت:** VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر (تۈركىي) تىللىق خەلقلەر غەرىپ تەرەپتىن ئەرەپ ئىستىلاچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. موشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە غەربىي تۈركىستاننىڭ خۇراسان ئۆلكىسىدىكى ئابا مۇسلىم دېگەن كىشى ئەرەپ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، خۇراساندا مۇستەقىل خانلىق تىكلىدى. مىلادىنىڭ 739-يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن غەربىي تۈركىستان ئابا مۇسلىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايوندا تىنچلىق ئورناشقان ئىدى. بىراق شۇ مەزگىلدە شەرىق تەرەپتىن گاۋ شەنجى قوماندانلىقىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى بېسىپ كەلدى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننى زورلۇق كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن يەرلىك خەلقلەرنى قىرىپ قانغا پاتۇردى. موشۇ غەلىبىدىن كۆرەڭلىگەن گاۋ شەنجى 748-يىلى تاشكەنت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشكەنت شەھىرىنى بېسىۋالدى. تاشكەنت خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، بېجىنغا ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگۈزدى، يەرلىك پۇخرالارنى قىردى، بايلىقلىرىنى بۇلاپ تالىدى. تاشكەنت خانىنىڭ ئوغلى خىتاي باسقۇنچىلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش مەخسىتىدە خۇراسان پادىشاسى ئابا مۇسلىمدىن ھەربىي ياردەم سورىدى. ئابا مۇسلىم خىتاي باسقۇنچىلىرىنى تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن زىياد بىن سالىھنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتتى. 751-يىلى تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا گاۋ شەنجى قوماندانلىقىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ، ئاساسىي قىسمى قىرىپ تاشلاندى. گاۋ شەنجىنىڭ ئۆزى ئازغىنا ئادىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. بىراق خىتايغا بارغاندىن كېيىن خىتاي خانى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ئابا مۇسلىمنىڭ غەيرىتى بىلەن قولغا كەلگەن بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى، بۇرنى قانىغان خىتاي خەلقىمۇ خىتاينىڭ تەجاۋۇزىدىن خالى بولۇپ خاتىرجەم ياشىدى.




**ئابا مۇسلىم (VIII ئەسىر)**

**10-فاكت:** ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىدىن مەلۇمكى، X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېۋروپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى «كرېست تاققۇچىلار» دېگەن نام بىلەن يېقىن شەرىقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. كرېست تاققۇچىلارنىڭ ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلۈشلەر بىلەن 8 قېتىم بولۇپ، قەمى ئىككى ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان. ئاخىرىدا سالاھىددىن ئەيۇبىي قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولۇپ، قوغلاپ چىقىرىلغان. موشۇ غالىپ قوماندان سالاھىددىن ئەيۇبىينى كۆپ كىشىلەر مىسىرلىق ئەرەپ بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئەمەلىياتتا بولسا، سالاھىددىننىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئوغۇز سەلجۇقلىرىغا مەنسۇپ ئۇيغۇردۇر. بۇنىڭ قىسقا تارىخى مۇنداق:

«XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېۋروپىلىق «كرېست تاققۇچىلارنىڭ» ھۇجۇمى نەتىجىسىدە پەلەستىن ۋە مىسىر مەملىكىتى قولدىن كېتىش نوچۇپى كۆچەيدى. شۇ چاغدا مىسىر ئەلپىسى ئازىددىن نىللا

سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى سۇلتان نۇرىددىنغا مۇراجىئەت قىلىپ، ھەربىي ياردەم سورايدۇ. سۇلتان نۇرىددىن ئۆزىنىڭ ھەربىي سەركەردىلىرىدىن ئەسسەددىن ئەيۇبىي بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى سالاھىددىن ئەيۇبىينى ياردەمگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. مىسىر خەلىپىسى بولسا، ئەسەددىننى باش ۋەزىرلىككە، ھالاھىددىن ئەيۇبىنى ناپىلىققا تايىنلايدۇ. ئەسەددىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا سالاھىددىن باش ۋەزىر ھەم مىسىر ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ئەينە شۇ مەزگىلدە ئېۋروپىلىق كرېست تاققۇچىلار يېقىن شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىگە نۆۋەتتىكى ھۇجۇمنى يەنە باشلايدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ئاخىرىدا سالاھىددىن ئەيۇبىي مىسىر ۋە يېقىن شەرق دۆلەتلىرى بىرلەشمە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ «كرېست تاققۇچىلارنىڭ» تەجاۋۇزلۇق ئۇرۇشلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى مىللىي مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. دېمەك، «كرېست تاققۇچىلارغا» قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، يېقىن شەرق ئەللىرىنى قۇللۇقتىن ساقلاپ قالغان، ئەينە شۇ غالىپ قەھرىمان سالاھىددىن ئەيۇبىي ئەسلى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن مىسىرلىق ئەمەس بولماستىن، ئوغۇز سەلجۇقلىرىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر قەھرىمانىدۇر.




سالاھىددىن ئەيۇبى (XI ئەسر)

**11ـ فاكت:** XIV ئەسىردە تۈركىستان (ئوتتۇرا ئازىيانىڭ) سەياسىي سەھنىسىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئاتاقلىق دۆلەت ئەبابى، بۈيۈك سەردار ئەمىر تىمۇرنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەر بەلكىم يوقتۇر. رۇس تارىخچىسى كراكوۋ «ئالتۇن ئوردا خانلىقى تارىخى» ناملىق ئەسەرىنىڭ 302ـ بېتىدە ئەمىر تىمۇر توغرىلىق پىكىر ئېيتىپ:

ئەمىرتىمۇرـئۇيغۇر(تۈرك)تىللىق قولباشچىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياش، ئەڭ تالانتلىق، دۇنيادا كام ئۇچرايدىغان جاھانگىرلاردىن ئىدى» دەپ يازغان.

ئەمىر تىمۇرنى ئاتاقلىق جاھانگىر دېيدىكەنمىز، ئۇنىڭ جاھانەيرلىگىنى، پەقەت ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە تەڭلەشتۈرۈش مۈمكىن. ئۇ 20 ياش ۋاقتىداباشلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 52 يىللىق ھاياتىنى ئۇرۇش تەيارلىقلىرى، ھەربىي يۈرۈشلەر ۋە قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزى ئۆمۈر بويى ئاتتىن چۈشمىدى. قول قىلىچىنىڭ دەستىسىدىن ئايرىلمىدى. موشۇ ئۇزاق يۈرۈشلەردە، ئۇ پۈتكۈل تۈركىستانىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بىر بايراق ئاستىغا توپلىدى. ئاندىن كېيىن سىرتقى ئەللەرگە ھەربىي يۈرۈشنى باشلاپ، ئالتۇن ئوردا خانلىغىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ھەتتا ئۇنىڭ غالىپ قوشۇنىنىڭ قەدىمى موسكۋاغىچە بېرىپ يەتكەن. ئۇ ھازىرقى ئاۋغانىستانىنى، شىمالىي ھىندىستانىنى، ئىرانىڭ بىر قىسمىنى، ئىراقنى، سۈرىيانى، ئاناتولىيانى (تۈركىيانى) بويسۇندۇردى (ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى جەنۇپتا قاشقەرىيا ۋادىسىغا، ئۇيغۇرستاندىكى ئىلى ۋادىسى يۇلتۇز يايلىغىغا قەدەر بېرىپ يەتكەن). بۇ مەملىكەتلەرنىڭ مەغرۇر پادىشالىرىنى ئۆزىگە تازىم قىلدۇردى، ياكى ئۇلارنىڭ بېشىنى كەستى. بىراق، ئەمىر تىمۇرنىڭ ھەربىي مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى نوقۇل ھالدا «باسقۇنچىلىق يۈرۈشلەر» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ كۈچلۈك ئىمپېرىيالەرنى يېڭىش ئارقىلىق، بۇ ئىمپېرىيالەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى مەزلۇم خەلقلەرنىڭ ئازاتلىقىقا چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. مەسىلەن: شۇ دەۋرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشالىرىدىن ھېساپلانغان بايازىد ئىلدىرىمنى يېڭىش ئارقىلىق ئوسمانلىق تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بالقان يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرگە مىللىي ئازاتلىق ئېلىپ بەردى. ئالتۇن ئوردا خانى توختامىشنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق روسسىيانىڭ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلۇشىنى 300 يىلغا ئىلگىرى سۈردى. رۇس خەلقى موڭغۇللارغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يەردەم بەرگەن ئەمىر تىمۇردىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك!

مانا موشۇ بۈيۈك شەخسىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى كىم ئىدى؟ـ دېگەن سوئالغا ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل جاۋاپلار بېرىلىپ كەلمەكتە. بىز كېسىپ ئېيتىمىزكى: ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر. ئۇ

www.uyghurkitap.com

مىلادىنىڭ 1336-ژىلى 9- ئاپرېل كۈنى ماۋرەۇننەھردىكى كىش شەھرى (ھازىرقى شەھرىسەبزگە) قاراشلىق غوجا ئىلغار يېزىسىدا ئۇيغۇر تاراغاينىڭ ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھېرمان ۋامبېرىنىڭ يېزىشچە، «تارغاي» ئەمەس، تورغاي ئىكەن. تورغاي-غەربىي تۈركىستاندىكى ئاقسۆيەك بارلاس ئۇرۇغىدىن ئىدى. بارلاس بالسا، توكگۇز ئۇيغۇرنىڭ بىرى بولغان قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۈپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمىر (بەگ) دېگەن ئۇنۋانى بار ئىدى. بىراق، كىش شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ژۇتلارنىڭ بەگلىگى تورغاينىڭ ئاكىسى غوجا بارلاسنىڭ قولىدا ئىدى. غوجا بارلاسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەمىرلىك مەسنۋى ياش، تالانتلىق تىمۇرنىڭى قولىغا ئۆتكەن.

1362-ژىلى چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈر خانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەختىگە شاھزادە ئىلياس غوجا خان بولدى. ئىلياس غوجىنىڭ ئاجىزلىغىدىن پايدىلانغان ئەمىر تىمۇر ماۋراۇننەھرىدە ئىستىقلال ئېلان قىلدى. بەلكى پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئېلىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايوندا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا خاتىمە بەردى. ئۇنىڭ ھەربىي سەياسىي پائالىيىتى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۇ كېيىنكى ئەمەلىي پائالىيىتىدە ئەجايىپ تالانتىنى جارىي قىلىپ، شەرقتىكى بالخاش كۆلىدىن غەربتىكى ئاق دېڭىزغىچە، جەنۇپتىكى ئىراندىن شىمالدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىغىغىچە بولغان بىپايان زىمىنلارنى ئېگەلەپ بۈيۈك ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلدى. ئۇلۇق دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر سەركەردە، خەلقپەرۋەر ئادىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئاللدى.



### ئەمىر تىمۇر (XIV ئەسىر)

**12-فاكت:** ئەمىر تىمۇرنىڭ 5-ئەۋلات نەۋرىسى زەھىرىددىنن مۇھەممەد بابۇرنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەر بولمىسا كېرەك. («بابۇر» شىر دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ). ئۇ XV ئەسىرنىڭ ڭ I-يېرىمىدا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۈيۈك شائىر، تارىخچى، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ پادىشالىق تەختىدە ئولتارغان زاماندا جەنۇپتىن ئىرانلىقلارنىڭ، شىمالدىن ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ يەنى مۇھەممەد شايبانى خاننىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇردى. شۇنداق ئەھۋالدا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئوتتۇرا ئازىيانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشقان باشقا قېرىنداشلىرىغا يول قويۇپ، ئۆزى خۇراساندا پادىشالىق قىلدى.

بىر مەزگىل قابۇل شەھرىدە تۇرۇپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن 1525-ژىلى جەنۇپتىكى خوشنىسى ھىندىستانغا ژۈرۈش قىلىپ، لاھۇر ۋىلايىتىنى بېسىۋالدى. بىر ژىلدىن كېيىن 1526-ژىلى سىند دەرياسىدىن ئۆتۈپ دېھلى ۋە ئەگرە شەھەرلىرىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئاخىرىدا ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى تولۇق ئېگەللىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىن تاكى بېنگالىياگىچە بولغان كەڭ زىمىننى ئېگەلەپ، «ھىندىستانموغۇل ئىمپېرىياسى» دەپ ئاتالغان يېڭى ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلدى. دېھلى شەھرىنى پايتەخت قىلىپ ئۆز سەلتەنەتىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بابۇرنىڭ ئەۋلاتلىرى: ئاۋغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان 3 ئەسىرگە يېقىن 1761-ژىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ رايوندا ئۇيغۇر (تۈرك) مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا سەۋەپچى بولدى. ھىندىستاندىكى مەشھۇر «تاجىمەھەل» مەقبەرىسىنى ز.م. بابۇرنىڭ 5-ئەۋلات نەۋرىسى جاھان شاھ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك مەھبۇبەسى ئاررۇمەند بانۇنىڭ مەقبەرىسى سۈپىتىدە XVII ئەسىرنىڭ 50-ژىللىرىدا ياساتقان ئىدى. بۇ مەقبەرە ھازىرمۇ ھىندىستاندىكى تىمۇرىيەلەر ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئۆلمەس شاھىدى بولۇپ قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ.

خۇدى شۇنىڭدە مۇھەممەت بابۇرنىڭ وەي نەۋرىسى ھىندىستاندىكى تىمۇرىيەلەر ئىمپېرىياسىنىڭ پادىشاسى ساجىخان تەرىپىدىن ياسىتىلغان ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھرىدىكى «يەھما» مەسچىدى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىسلام جامەسى بولۇپ، 350 ژىلدىن بۇ يان ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرماقتا.

زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇرنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر پەرزەندى دەيمىزكى: ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ، ئۆمەر شەيخنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىران شاھ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمى تىمۇر. ئانىسى بولسا قەشقەر خانى يۇنۇسخاننىڭ چوڭ قىزى قۇتلۇق نىگار ئايىمدۇر (قۇتلۇق نىگار ئايىمنىڭ ئاتىسى يۇنۇسخان چاغاتاينىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، ئانىسى تۈركىستانلىق ئۇيغۇر نۇرىددىن بەگنىڭ قىزى ئىدى). شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەت بابۇر ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇيغۇر پادىشالىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## مۇھەممەت بابۇر (1483-1530)



### تارىخىي خاتالىقتا ئىككى ئىزاھ:

1. بەزى كىتاپخانلىرىمىز، بۇ سەتىرلەرنى ئوقۇغاندا ھەيران بولۇشۇپ: «بىز ئەمىر تىمۇرنى ئۆزبەك خەلقىگە مەنسۇپ، دەپ كەلگەن ئىدۇق؟» دېيىشلىرى مۇمكىن. ئەمىر تىمۇرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، پائالىيەت سەھنىسى ۋە مەقبەرىسى ھازىرقى ئۆزبەكىستان تەۋەسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزبەك قېرىنداشلىرىمىز ئۆز ئەجدادى بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىپ: «ئەمىر تىمۇر-بىزنىڭ بۈيۈك ساھىپقىرانىمىز» دەپ ئۈۋىتىشقا، ئەلۋەتتە، ھەقلىرى بار. بىراق، ئەمىر تىمۇرنىڭ زامانىسىدا «ئۆزبەك» دېگەن مىللەتمۇ، ئۆزبەكىستان دېگەن دۆلەتمۇ بولمىغان. بۇ رايون موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇن قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمى ھېساپلىناتتى، ئۇنىڭ ئاھالىسى بولسا غەربىي ئۇيغۇرلار ئىدى. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدارىسى ئاستىغا ئۆتكەن. ئەندى، ئۆزبەك دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، مىلادىنىڭ 1340-1312-ژىللىرى «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىدا جوشخان ئەۋلادىدىن كېلىپ چىققان ئۆزبەكخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. ئۇ بىر مەزگىلدە ماۋەرەئۇننەھرنىمۇ بېسىۋالغان ئەشۇ ئۆزبەكخان ئۆزىنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ئالاھىدە پەرمان چىقىرىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى پۇخرالىرىنى (ئۇ قانداق نەسىلدىن بولۇشىغا قارىماي) ئۆزلىرىنى **«ئۆزبەك»** دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلغان. ئۆزبەكخان ئۆلگەندىن كېيىن يەرلىك خەلقلەرگە مەجبۇرىي تېڭىلغان بۇ نام ئىستىمالدىن قالغان ئىدى. ئاردىن 160 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىنىڭ 1500-ژىلى غەربىي تۈركستاننى قايتىدىن بېسىۋالغان مۇھەممەد شەيبانى خان ئۆز بوۋىسىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1505-ژىلى قايتا پەرمان چىقىرىپ، بۇ رايوندىكى پۇخرالارنىڭ ئۆزلىرىنى **«ئۆزبەك»** دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئەسلى غەربىي ئۇيغۇرلار بولغان قېرىنداشلىرىمىز «ئۆزبەك» دېگەن غەيرى نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. بۇ بولسا ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان بىر ئىش ھەم تارىخىي خاتالىق. مەن ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئۆزبەك دەپ ئاتاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بۇ خاتالىقنى ئاخىر بىر كۈنى تۈزىتىدۇ.

2. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ھۆكۈم سۈرگەن زاماندا تارىخچىلار تۈركستان رايونىنى «موغۇلستان» دەپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى بولسا «موغۇلستان ھاكىملىرى» دەپ ئاتاشقان. بۇ ھەرگىزمۇ مۇھەممەت بابۇر موڭغۇلنىڭ نەسلى ئىدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىياتتا بولسا، XIV ئەسىردە ئەمىر تىمۇرنىڭ سەياسىي سەھنىگە چىقىشى بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقى موڭغۇل نەسىللىك خانلارنىڭ قولىدىن ئۇيغۇر نەسىللىك مىرزىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەمىر تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بارلاس ئۇرۇغىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن تىمۇرىيلەر دۆلىتىنى «موغۇلستان» دەپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى «موغۇللار» دەپ ئاتاش ئەمەلىياتقا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ خۇددى XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا پۈتۈن تۈركستاندا ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىغاندەك بىر ئىش. بۇ بىر تارىخىي خاتالىق، بىز بۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ ئېلىشىمىز كېرەك.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ژۇقۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى تونۇشتۇرغان ۋاقتىمىزدا بىر قانچە مەشھۇر شەخسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كەلدى (ئۇيغۇرنىڭ دۇنياۋىي شۆھرەتلىك ۋەكىللىرى پەقەت موشۇلا ئەمەس. مۇنداق ئاتاقلىق ئەرباپلىرىمىز يۈزلەپ سانىلىدۇ). «ئەلنى ئەل تونۇتىدۇ، باتۇرى يوق ئەلنىڭ ئاتىغى يوق» دېگەن ماقال بار. بىرەر خەلقنىڭ نوپۇس سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى دۇنياغا تونۇتىدىغان ئاتاقلىق ئادەملىرى بولمىسا، ئۇ خەلق دۇنياغا تونۇلماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. مىللەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغان ئاتاقلىق ئادەملىرى بولمىغانلىقتىن، دۇنياغا تونۇلماي، پىنھاندا ئۆتۈپ كەتكەن خەلقلەر ئاز ئەمەس. ئەكسى ھالدا، نوپۇس سانى ئاز بولسىمۇ، ئاتاقلىق ئادەملىرى ۋە باتۇرلىرى بولغانلىقى تۈپەيلى دۇنياغا تونۇلۇپ كەتكەن خەلقلەرمۇ بار. خۇداغا شۈكرى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ شۆھرەتلىك تارىخىمىزمۇ بار. نوپۇس سانىمىزمۇ ئاز ئەمەس. (20 مىللىوندىن ئوشۇق) ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئاتاقلىق ئادەملىرىمىزمۇ يېتىپ تۇرۇپتۇ. **ئەندىكى**



www.uyghurkitap.com

**ۋەزىپە: ئەشۇ ئاتاقلىق نامايەندىلىرىمىزنى ئۆزىمىز ياخشى تونۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيادىكى هۆر مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇشتىن ئىبارەت.**

سىز ژۇقۇرىدا ئاز بولسىمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۇلۇق ئەجداتلىرى بىلەن تونۇشتىڭىز. ئۆزىڭىز ئەشۇ ئۇلۇق زاتلارنىڭ ئەۋلادى بولغانلىغىڭىز بىلەن پەخىرلىنىڭ. ئاخىرىدا «مەن ئۆزەم خەلقىمگە نىمە قىلىپ بەردىم؟» دەپ ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ ۋىژدانەن بىر ئويلىنىپ بېقىڭ. ئەگەر سىز بەختىسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۈرۈشىگە قاتنىشىپ، بىرەر هەسسە قوشۇۋاتقان بولسىڭىز، تېخىمۇ كۆپىرەك هەسسە قوشۇشقا تىرىشىڭ. ئەگەر خەلقىڭىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىگە هېچ بىر هەسسە قوشمىغان بولسىڭىز، دېمەك، ئۆزىڭىزنى «ئۇيغۇر پەرزەندىمەن» دەپ ئېيتىشقا مەنىۋي هوقۇقىڭىز يوق.

## 5-باپ
## ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇق كەشپىياتلىرى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆهپىلىرى

ئوتتۇرا ئازىيا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ
بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز، شۇ مەدەنىيەتنى
ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى
ئۇنتۇماسلىغىمىز كېرەك.
**كۇزنىسوۋ**

بىر مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئاتاق-ئابرويى ۋە شان شۆھرىتى ئۇنىڭ نوپۇس سانىنىڭ ئاز-كۆپلىگى ياكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قىسقا ئۇزاق بولۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆهپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۆتمۈش تارىختا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان سالماقلىق تۆهپىلىرى ئارقىلىق ژۇقۇرى ئاتاق-ئابرويغا ئىگە بولغان ئىدى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكلىرى قايەرلەردە بولغان دېگەن سوئالغا ئېۋروپا تارىخچىلىرى:

– «قېدىمىي مىسىر؟ ۋاۋىلون؟ گرېسيا ۋە رىم ئىمپېرىياسى؟ ئاندىن قالسا خىتاي بىلەن هىندىستان» دە جاۋاپ بېرىپ كەلگەن. XIX ئەسىردە ياشىغان ئىنگلىز تارىخى تەتقىقاتچىسى ژېمىس چېرچۋارد ئۆزىنىڭ 50 ژىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مېۋىسى بولغان «ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى» ناملىق كىتاۋى ئارقىلىق ئالىملارنىڭ ژۇقارقى جاۋاپلىرى دۇرۇس ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

– «ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 20000 ژىللار بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ ژۇقىرى پەلىسىگە يەتكەن. ئۇلار ئوسترولوگىيا، كانچىلىق، توقۇمچىلىق، ئارخىتېكتۇرا، ماتېماتىكا، يېزا ئېگىلىگى، يېزىق، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى. ئۇلار ئىپپەك، مېتال ۋە ياغاچتىن هەشەمەتلىك بۇيۇملار تەييارلاشقا تەييار ئىدى. ئالتۇن، كۈمۈچ، برونزا ۋە لايدىن هەيكەللەرنى ياساتتى. بۇلارنىڭ هەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن. قېدىمىي گرېك، خالدېي، ۋاۋىلونلار، پارسلار، مىسىرلىقلار ۋە هىندىلار مەدەنىيىتى قېدىمىي مۇ دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان» (ئۇيغۇر نەشرى، 14-بەت).

ئوتتۇرا ئازىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇرستان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا غايەت مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ ژىللىق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئجايىپ ئەقىل-پاراستىنى، ئىجاتكارلىق قابىلىيىتىنى جارىي قىلدۇرۇپ، مول مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشقان.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتىمىن ئۆز كىتاۋىدا:

«بىلىش كېرەككى، مەركىزىي ئازىيا خەلقى تارىخىنىڭ هەقىقىي تەجەللىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شادىيانىسىدۇر» دېگەن ئىدى. («قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 11-بەت).

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەهەتتىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋاپپەقىيەتلىرى هەققىدە سۆز قىلغاندا، نوقۇل هالدا ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئىجاتچانلىق روهى، شۇنىڭدەك جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېهتىياجىدىن كېلىپ چىققان دەپ ئېيتىش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئوبيېكتىۋ شارائىتىنىمۇ هېساپقا ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرستان زېمىنى ئازىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «ئازىيانىڭ كىندىگى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. موشۇنداق جۇغراپىيالىك ئورۇنلىششى شەرىق بىلەن غەرىپ ئوتتۇرىسىدا، شىمال بىلە جەنۇپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. موشۇ ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلانغان ئۇيغۇرلار غۇلاچىنى كەڭ يېيىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، تۆرت ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ هەممىسى بىلەن بېمالال سەياسىي، ئىختىسادىي، دىپلوماتىك ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچىلىق روللارنى ئوينىغان.

ھايات مۇساپىسىدە پەقەت ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانماق ھەر بىر ئادەم ئۆمۈرىنىڭ ئالىي ئەخلاقى مەشخىستى بولغاندەك، كىشىلىك تارىخىغا نۇرانە تۆھپە قوشماق ھەر بىر خەلقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى-ئالىي ئىپتىخارىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاھىشىدىن يىراقمىز. تارىخ-ئۇ ئىلىم. ئىلىم ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ھەقىقەت بولسا، دەلىل-ئىسپاتنى تەلەپ قىلىدۇ. دەلىلسىز شۇكى، ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردىلا «ئىپەك يولى» دەپ ئاتالغان كارۋان يولىنى ئېچىپ، شەرق بىلەن غەربنى ئوتتۇرىسىدا، شۇنىڭدەك شىمال بىلەن جەنۇپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىساسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. موسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا غەيرى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار لىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ تەرەققىي قىلدۇرغان. **شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زېمىنى دۇنيادىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچراشقان تۈگۈنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولسا، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ژۇغۇرلىغان جەۋھىرى بولغان ئىدى.** مىسال ئۈچۈن دىنىنى ئالايلى: قەدىمىي زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ ھەممىسى بولغان. ھەتتا بىر دەۋىردە مەملىكەتنىڭ ھەر خىل رايونلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقات قىلىشقان ۋاقىتلارمۇ بولغان. مۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەقىل-پاراسەتلىك، تالانتلىق، ئىلىمغا ئامراق، سەنئەتخۇمار خەلق بولغاچقا كۆپلىگەن ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى ياراتقا ئىدى. بىراق خىتاي مۇستەملىكچىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىگە تەجەۋۇز قىلىش بىلەنلا قالماستىن، مەدەنىيىتىگىمۇ تەجەۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن كەشپىياتلىرىنى نومۇسسىزلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

ئىككىنچىدىن، خىتاي مەنبەلىرىدە خىتاي كەشپىياتچىلىرىنىڭ ئىسىملىرى خەنزۇچە تەلەپپۇزدا خاتىرىلىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ياكى ئەتتەي خىتايچە ئات قويۇش ئارقىلىق، ئۇنى «خىتاينىڭ كەشپىياتى» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەجاۋۇزچىلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەمەلىياتتا بولسا، ئۇيغۇرلار-خەنزۇلارنىڭ ئۇستازى. ئۇلارغا دىن، ئىلىم، سەنئەت ۋە تېخنىكا ئۆگەتكەنلىكىگە تارىخ گۇۋا.

ئىشەنمىسىڭىز، تارىخ تەتقىقاتچىسى ژىمىس چېچۋاردىنىڭ مونۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭ:

– «خىتاي ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ياراتقان» دېيىشىدۇ. ئاما، بۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ مەدەنىيەت ئۇلارغا قېدىمكى ئەجداتلىرى ئۇيغۇرلاردىن مىراس قالغان. ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى ئاق تەنلىك ئارىيلار بولغان. ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى زامانىدا ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار جەۋپتىكى سېرىق تەنلىك مونغۇل ئىرقىدىكىلەر بىلەن نېكالىشىش كەڭ تارالغان ئىدى. مانا شۇ نېكالىشىشتىن تۇغۇلغانلار تۇنجا خىتاي ئىمپېرىياسىنى بەرپا قىلىشقان. شەك-شۈبھىسىز، سېرىق تەنلىك مونغۇل ئىرقىدىكىلەر، ئاق تەنلىك ئۇيغۇر ئىرقىدىكىلەرگە نىسبەتەن تۆۋەن تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى. مۇنداق شالغۇت ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىۋىي قائىدە-دەستۇرلىرى بىلەن تەربىيەلەتتى. شۇ سەۋەپتىن، خىتاي ئىمپېرىياسىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئۇيغۇر قانلىق كىشىلەر قۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئاتالمىش خىتاي مەدەنىيىتى خىتايلارغا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تاپشۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدۇر (ئۇيغۇرچە نەشرى، 11-بەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇلار ماختىنىپ: «بىزنىڭ كەشپىياتىمىز» دەپ ژۇرگەنلەرنىڭ تولىسى ئۇيغۇرنىڭ كەشپىياتى. ئۇلار خىتاچە ئاتاۋالغان ئالىملارنىڭ تولىسى-ئۇيغۇر ئالىملىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىتاۋىمىزدا، خىتاينىڭ يالغان، ساختا داۋالىرىنى رەت قىلدۇق. ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئۆز ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بەردۇق.

ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار بۇ ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىدۇ، بۇنىڭغا ھەيرانلىق ھىس قىلمايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇرلار قېدىمىي دەۋىرلەردىلا شەھەرەشكەن ئولتىراق تۇرمۇشتا ھايات كەچۈرگەن، ئۇلار ئەنئەنەۋىي ئوچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپلىرى بىلەن بىر قاتاردا دېخانچىلىك، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر، ئىلىم ۋە سەنئەت، سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زېبۇ-زىنەت بۇيۇملىرى، مىستىن ۋە تۆمۈردىن ياسالغان قۇرال-جابدۇقلار ۋە دورا-دەرمەكلەرنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان. ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، «ئىپەك يولى» دەپ ئاتالغان كارۋان يولى ئارقىلىق خوشنا ئەللەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىمۇ بەھرىمان قىلغان. شۇ زاماندا ئۇيغۇرلار «ئىپەك يولىنىڭ» غوقايىنلىرى، ئۇيغۇرستان بولسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «ئالتۇن بۆشۈگى» بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ تەتقىقاتچىسى مورگان: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈكلۈكتۇر. بۇ ئاچقۇچ قاچان تېپىلىدىكەن، شۇ چاغدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دېگەن.

تارىخى دېرەكلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلار قېدىمىي زامانلاردا پەقەت تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىلىرىدىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقتىكى سېرىق دەريا (خۇانخىنىڭ) شىمالىي ۋە جەنۇبىي

قىرغاقلىرىنى بويلاپ، تاكى بۇ دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا، شىمالدا بايكۆل (بايكال) ئەتراپىدىن ئاناساي (ئېنىسېي) دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغىچە بولغان رايونلارغا، غەرپتە پەرغانە ۋادىسى، مۇرەۋۋەننەھىر ۋە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان رايونلاردىمۇ ياشىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى موشۇ كەڭ پەزادىنمۇ ئىزدىشىمىز كېرەك.

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي، باي مەدەنىيەت غەزنىسىدىن مىسال تەرىقىسىدە ئازغىنا بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

**تۇرمۇش مەدەنىيىتى.** يېقىنقى ژىللاردا ئېلىپ بېرىلگەن ئارخېولوگىيالىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئۆدەكلىك، چەرچەندىكى زاغۇنلۇق، قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردىن يەر ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان بىر مۇنچە قۇرۇق جەسەتلەر بىلەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە: ژۇڭ پالاس، ژۇڭ توقۇلما كىيىم، كۆك ئۆتۈك، ياغاچتىن ئىشلەنگەن چۆچەك، تاۋاق ۋە ھەر خىل بۇيۇملار: تاش مونچاق، سۆيەك بېگىز، ساپالدىن ئىشلەنگەن چىنە-قاچىلار، چېلەك، ئېگەر-جابدۇق قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن چەككۈچ چېكىلگەن توقاچ، مەزكۇر جەسەتلەر بىلەن بۇيۇملار بۇنىڭدىن 4750 ژىل بۇرۇن كۆمۈلگەنلىگىنى جەزملەشتۈرگەن. بۇ فاكتلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بۇنىڭدىن 5 مىڭ ژىللار بۇرۇنلا دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەر كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ژۇقۇرى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشتا ياشىغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەندى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە كېلىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە مېمارچىلىق مەدەنىيىتى ئازىيا خەلىقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاتاقلىق ئۇيغۇر تائاملىرى ئۈستىنى رەخىم ھوشۇرۇۋنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇيغۇر تائاملىرى: ئىسسىق تاماق، سوغ تاماق، قويۇق تاماق، سۇيۇق تاماق دەپ تۆرت چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تۈركۈدىكى تائاملار يەنە ئۆز ئىچىدە بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تۈرنىڭ ئىچىدە 10-20 خىللىرى بار. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تائاملىرى جەمى 700-800 خىلغا يېتىدۇ. بۇ تائاملار قۇۋۋەتلىك، مېيىزلىك تەملىك بولۇپلا قالماستىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا، شۇ كىشىنىڭ مۇجەزى ۋە شۇ چاغدىكى ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ بولسا، ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا چوڭ رول ئوينايدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر تائاملىرى يالغۇز ئوزۇقلۇق قىممىتىگىلا ئەمەس، داۋالاش قىممىتىگىمۇ ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بولسا، ژىلنىڭ تۆرت پەسلىگە لايىقلاشتۇرۇپ تىكىلىدۇ. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ يۆتكىلىپ كىيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە خىللىرى كۆپ. يالغۇز ئەر-ئاياللارنىڭ باش كىيىمىنىڭ ئۆزىلا 150 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇر كىيىملىرى ھەم يارىشاملىق، ھەم كۆركەم سۈپەتلەرگە ئىگە.

ژىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئازىيا خەلىقلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**مېمارچىلىق.** ئۇيغۇرلارنىڭ مېمارچىلىق ھۈنىرى بولسا قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ دۇنياغا داڭلىق. ئوتتۇرا ئازىيانىڭ قەدىمىي شەھەرلىرى ھېساپلانغان بۇخارا، سەمەرقەنت، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياكى يېقىنقى زامانلاردا ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا ياسالغان ھەيۋەتلىك جامىلار، سارايلار، مەقبەرىلەر، مۇنارىلەر ۋە ئوردا قەسىرىرى ئۆزىنىڭ ھەم كۆركەم، ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بىلەن ھازىرمۇ سەياھەتچىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپتۇ.

X ئەسىردە تۇرپاننى زىيارەت قىلغان خىتاي سەياھەتچىسى ۋاڭ يەندى بىلەن XIII ئەسىردە پۈتۈن ئۇيغۇرستاننى بېسىپ ئۆتۈپ، قۇبلاي خاننىڭ پايتەختى خانبالىق (بېيجىنغىچە) بارغان ئىتالىيالىك سەياھەتچى ماركو پولولار ئۆزلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خەتىرىلىرىدە شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىمارەتلەرنىڭ كۆپلىگىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشقانلىغىنى يازغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە، يەنى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مېمارلىرى شەرىق بىلەن غەرىپنىڭ ئىمارەت قۇرۇشتىكى نادىر ئۇسلۇپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مېمارچىلىق ھۈنەر سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر مېمارچىلىغى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆركەملىگى، چىداملىغى ۋە كومپلېكسلىق ماسلىششچانلىغى جەھەتلەردە ئالاھىدە ژۇقۇرى سەۋىيەدە ئېدى. ئۇيغۇرلار تارقىلىپ ياشىغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئازىيا رايونىنى- ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتىنى نامايىش قىلىدىغان ئۈستى ئوچۇق مىراسگاھ دېيىش مۇمكىن.

ئەمىر تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن تەمىر قىلدۇرۇلغان تۈركىستان شەھىرىدىكى «غوجا ئەخمەد يەسسەۋىي مەقبەرىسى»، سەمەرقەنتتىكى «گۆر ئەمىر مازارى» ھەيۋەتلىك جامىلار بىلەن مەدرىسلەر، سېپىللار بىلەن مۇنارىلەر، ھىندىستاندا تەمىر قىلدۇرۇلغان «يەھما» جامەسى بىلەن «تاجىمەھەل» مەقبەرىسى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر مېمارچىلىغىنىڭ ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرستان زېمىنىدا XIV-XVII ئەسىرلەردە شۇ زاماننىڭ ھۆكۈمران كىشىلىرى تەرىپىدىن تەمىر قىلدۇرۇلغان ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيەسىدىكى «تۇغلۇق تىمۇرخان مازىرى»، قەشقەردىكى «ھېيتگاھ جامەسى» بىلەن «ئاپاق غوجا مازىرى»، تۇرپاندىكى «سۇلايمان

ۋاڭ» مەقبەرىسى بىلەن مۇنارىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر مىمارچىلىق ھۈنەر سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ تۇرماقتا.

**تۆمۈر قۇراللا.** ئۇيغۇرلار قەدىمقى زامانلاردىلا ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلەتتى. ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتىن پايدىلىنىپ، تۇچ ئېرىتىشنى ئاندىن كېيىن تۆمۈر ئېرىتىشنى بىلگەن. تۇچ ۋە تۆمۈردىن سايمان-جابدۇقلارنى، ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللىرىنى ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگەن.

تارىخچى مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى:

«ئالتۇن ۋە مىسنى ھەممىدىن ئاۋال ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) كەشىپ قىلغان. بۇ كەشپىيات بۇنىڭدىن تەخمىنەن 11000 ژىل ئىلگىرى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى» دەيدۇ («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 6-بەت).

**ئات ۋە ھارۋۇ.** بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ياۋا ئاتلارنى تۇتۇپ قولغا ئۈگۈتىش، ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىسى، قاتناش قۇرالى ۋە ھەربىي ئىشلاردا پايدىلىنىش كەشپىياتى ئوتتۇرا ئازىيا خەلقلىرىگە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولۇپ 6000 ژىللىق تارىخقا ئىگە.

«ھايۋانلارنى قولغا ئۈگىتىپ، تېرىلغۇ ئىشلىرىدا ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك بۇغداي، ئارپام تېرىق ۋە زىغىرغا ئوخشاش ئاشلىقلارنى ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىپ، دان قىلىپ تېرىش ئىشلىرىمۇ ھەممىدىن ئاۋال شەرقىي تۈركىستاندا كەشىپ قىلىنغانلىقى ئېنىقلاندى». («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 12-بەت).

ئاكادېمىك بىرنشتامنىڭ يېزىشىچە، «تۆمۈرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە تۆمۈر قۇراللىرىنىڭ ياسىلىشى، شۇنىڭدەك ئاتنى قولغا ئۈگىتىپ، ئۇنى جەڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك كەشپىياتى. دەل موشۇ كەشپىياتلار ئۇيغۇر ئاتلىق جەڭچىلىرىنى يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلغان» (ئا.ن. بېرنشتام، 37-36-بەتلەر).

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا بايان قىلىنىشىچە، دەسلەپكى ھارۋۇنى ئوغۇزخان زامانىسىدا (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 4850 ژىل بۇرۇن) ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان ئېكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوغۇزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرىي چوڭ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئولجا ئېلىنغان ماللارنى ئۆز ئېلىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ترانسپورت ۋاستىسى كېرەك بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا قەڭچىلەر ئېچىدىن يۇسۇن بىلىك دېگەن بىر ئۇستا چىقىپ، ئىككى چاقلىق ھارۋۇنى ياسايدۇ. ئولجا ئېلىنغان ماللارنى ھارۋۇغا سېلىپ، ئاتنى قوشۇپ سۆرىتىدۇ. بۇ يېڭى ھارۋۇ ماڭغاندا «قاڭق-قاڭق» قىلغان ئاۋاز زىققاتتىپكەن. بۇنى كۆرگەن ئوغۇزخان بۇ كەشپىياتقا **قانقا** دەپ ئات قويغان ئېكەن. مانا شۇنىڭدى بۇ يان ھارۋۇ مۇھىم قاتناش قۇرالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى قاتناش قۇراللىرىنىڭ ھەممىسى ئەينە شۇ ھارۋۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئېكەنلىكى شەك-شۈبھىسىز.

**ئۇيغۇر زەمبىرىكى.** ئارخېئولوگ ۋە تارىخ تەتقىقاتچىسى ئالىم قۇربان ۋەلى ئۆزىنىڭ تەتقىقات كىتاۋىدا «تارىختىكى ئۇيغۇر زەمبىرىكى» ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ.

خەنزۇچە «سۇڭ تارىخى» دېگەن كىتاپنىڭ «ئەسكەر، قۇرال تەپسىراتى» بابىدا «جەنۇبى سۇڭ دۆلىتى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ1182-ژىلى) چېگارا رايونلىرىدىكى ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇر زەمبىرىكىگە تەقلىت قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەپچىللىك، ئۇزاققا تەككۈزۈش جەھەتتىن ئۇيغۇر زەمبىرىكىگە يەتمەتتى، دېگەن بىر ۋۇجۇر خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە «قۇڭگو پەن تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتاپنىڭII توم 6-بېتىدىمۇ «كۆيدۈرگۈچى ماددىنىڭ پارتلاش كۈچىنى نو شەكىللىك ئەسۋاپ ئارقىلىق جارىي قىلدۇرىدىغان زەربە بېرىش قۇرالى زەمبىرەك دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.


ئەينى زاماندا مۇنداق بىر يېڭى قۇرۇلىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى ۋە بۇ قۇرالنىڭ «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دەپ ئاتاغانلىقى، ئۇنىڭ ئەسى ئىگىسى ئۇيغۇرلار ئېكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مىلادىنىڭ 1274-1265-ژىللىرى «ئۇيغۇر زەمبىرىكىگە» تەقلىت قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر قۇبىلايخان تەشكىل قىلغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئارمىياسىدە كەڭ ئىشلىتىلگەن ئىدى.

**يېزىق مەدەنىيىتى.** ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خۇاشا يېزىقى، شەرقىي ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى ئورخۇن يېزىقى ياكى تۈرك-رۇنىك يېزىقى، غەربىي ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، براخما يېزىقى، ئاخىردا ئەرەپ گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قولىنىپ، موشۇ يېزىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان، تارىخىي كەچمىشلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. تارىخچى مۇھەممەتىمىن ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئۈلۈق كۆچۈش دەۋرىدىن بۇرۇنمۇ يېزىق بار ئىدى. ئۇيغۇرلار يېزىقنى «پۈتۈك» دەپ ئاتاتتى. ئۇ يېزىق ئېيروگلىق شەكلىدە بولۇپ قەدىمكى مىسىر يېزىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. فرات ۋە دىجلە دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار (سارماتىنلار) موشۇ يېزىقنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ياشايدىغان سۇمىرلارغا ئۈگەتكەن. شۇنداق قىلى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى غەربىي ئازىياغىمۇ تارقالغان» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 17-بەت).

تارىخىي دېرەكلەرگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4 مىڭ ژىل بۇرۇنلا «خۇئاشيا» دۆلىتىنى

www.uyghurkitap.com

قۇرۇپ، ھەر خىل قەبىلىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلار «خۇئاشيا يېزىغى» دەپ ئاتالغان يېزىقنى كەشىپ قىلىپ، ئەمەلدە قوللانغان. بۇ نەرسىلەرنىڭ شەكلىگە تەقلىت قىلىپ يېزىلىدىغان تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ «چىغاناق-تاغاق» يېزىغى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يېزىق ئاستا-ئاستا غەربىي ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تارقالغان بولسا كېرەك. توخسۇن ناھىيەسى كۆجە يېزىسىدىكى تاغ قىيا تاشلىرىغا ئويۇپ يېزىلغان تەسۋىرىي يېزىقلار تېپىلدى (تۆۋەنكى بەتتىكى 1-2 تۈركۈم يېزىقلار). كېيىنىرەك بۇ يېزىقنى خەنزۇلار قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسىدا ئۆز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ھازىرقى خەنزۇ يېزىغىنى ئىشلەپ چىققان ۋە ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. خەنزۇلاردىن بولسا، مانجۇلار، كورېيلار ۋە ياپونلار ئۆگىنىپ، ئۆز تىللىرىغا ماسلاشتۇرۇپ، ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.




خىتاي تارىخچىلىرى ئۇيغۇرستان زېمىنىدىن تېپىلغان موشۇ «چىغاناق-تاغاق» يېزىقلىرىنى سۇيىستېمال قىلىپ: «قېدىمىي زاماندا بۇ زېمىندا خەنزۇلارمۇ ياشىغان ئىكەن!» دەپ داۋا قىلىشماقتا. بىز كېسىپ ئېيتىمىزكى، بۇ قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىغى. ئۇ زامانلاردا بۇ زېمىندا خەنزۇلارنىڭ ئۆزىمۇ، ئىزىمۇ بولمىغان.


يەنە، تارىخىي دېرەكلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، خۇددى شۇ دەۋىردە تارىم تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىدا ياشىغان غەربىي ئۇيغۇرلار تارىختا «كونا ئۇيغۇر يېزىغى» دەپ ئاتالغان باشقا بىر يېزىقنى كەشىپ قىلىپ، ئەمەلدە قوللانغان. (XIII ئەسىردە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىگە تايىنىپ، پۈتۈل ئوتتۇرا ئازىيانى، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرستاننى بېسىۋالغان ساۋاتسىز موڭغۇللا بۇ ئۇيغۇر يېزىغىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىشلىتىشكە باشلىغان ۋە ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ).


قېدىمىي ئۇيغۇر يېزىغى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ تارقالغان بە كەڭ ئىشلىتىلگەن. بىراق، شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا بۇ يېزىق كۆكتۈركلەر دەۋرىگە كەلگەندە «تۈرك-رۇنىك يېزىغى» دەپمۇ ئاتالغان. شۇ دەۋىردىكى مەڭگۈ تاشلار موشۇ يېزىقتا يېزىلغان (تۆۋەنكى بەتلەر 2-تۈركۈمدىكى يېزىق).

www.uyghurkitap.com


**1. ئورخۇن ـ يېنسېي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى مۇنۇلار:**

| № | һəриплəр | | | Оқулиши | № | һəриплəр | | | Оқулиши |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | Бaшта келиши | Оттура келиши | Ахирида келиши | | | Бaшта келиши | Оттура келиши | Ахирида келиши | |
| 1. | | | | А | 13. | | | | Д |
| 2. | | | | Е | 14. | | | | Ж |
| 3. | | | | Ə, И | 15. | | | | З |
| 4. | | | | О, У | 16. | | | | Й |
| 5. | | | | Ө, Ү | 17. | | | | Л |
| 6. | | | | Б, П | 18. | | | | М |
| 7. | | | | В | 19. | | | | Н |
| 8. | | | | Ғ | 20. | | | | Р |
| 9. | | | | Қ | 21. | | | | С |
| 10. | | | | Х | 22. | | | | Ш |
| 11. | | | | К, Г | 23. | | | | Ч |
| 12. | | | | Т, Д | 24. | | | | |





ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاخىرىدا X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنى بىلەن بىللە كىرگەن ئەرەپ گرافىكىسى ئاساسىدىكى هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىن يېڭى يېزىققا كۆچۈش، ئەلۋەتتە، ئوڭاي بولغان ئەمەس. مەلۇم ۋاقىتقىچە يېڭى يېزىق كونا يېزىق بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن. بۇنى بىز «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ شۇ زاماندا كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرىدىن ۋە باشقا هۆججەتلەردىن ئوچۇق كۆرەلەيمىز (تۆۋەندىكى بەتتىكى 3-تور كۆم يېزىق).



**X ئەسىردە ئىشلىتىلگەن «قوش يېزىقنىڭ» ئۈلگىسى:**

ئۇيغۇرلار ژۇقارقى يېزىقلاردىن باشقا «قارۇشتى يېزىغى»، «سانسكرىت يېزىغى»، «تۇخار يېزىغى» قاتارلىق يېزىقلارنىمۇ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

«شىنجاڭ تەزكىرچىلىگى» ژۇرنالىنىڭ 1997-ژىلقى 3-سانىدا مۇنداق بىر مەلۇمات ئېلان قىلىندى:

...قۇچالىق بىر قىسىم كىشىلەر قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىزدەپ تېپىش مەخسىتىدە، 1889-ژىلى كۇچا ئەتراپىدىكى قىدىمىي شەھەر خارابىلىغىنىڭ ئورنىدا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقان. ئۇلار قېزىش جەريانىدا كىيىن قوزاقلىرىغا يېزىلغان بىر قىدىمىي كىتاپنى تېپىۋالغان. بۇ كىشىلەر كىتاپتىكى يېزىقلارنى ئوقۇالمىسىمۇ، ئۇنى «قىممەتلىك ئولجا» سۈپىتىدە ئۆز ئارا بۆلۈپ ئېلىشقان. شۇ كىشىلەرنىڭ بىرى 1890-ژىلى خىزمەت بابى بىلەن كۇچاغا كېلىپ قالغان ئانگلىيالىك لېيتېنانت بوۋ بىلەن تەسادىپى ئۇچرىشىپ قېلىپ، هېلىقى كىتاپ پارچىسىنى سېتىۋېلىشنى تەكلىپ قىلغان. **بوۋ** بولسا، كىتاپنى ئەرزىمىگەن پۇلغىلا سېتىۋالغان. بۇ قىدىمىي زامانغا تەئەللۇق قىممەتلىك كىتاپ ئېكەنلىكىنى پەملىگەن لېيتېنانت بوۋ شۇ چاغدا هىندىستاننىڭ كالكوتتا شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ئازىيا ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ باش ئىنسپېكتورى خېرنلېيغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. خېرنلېي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەسەر مىلادىنىڭ IV-V ئەسىرگە تەئەللۇق قارۇشتى يېزىغى بىلەن يېزىلغان قول يازما ئېكەنلىگىنى ئېنىقلىغان. كىتاپتا تىبابەتچىلىك ۋە پېرىخۇنلۇققا دائىر مەلۇماتلار بار ئېكەن. قول يازمىنىڭ يەنە بىر قىسمى قانداقتۇ يوللار بىلەن چار روسسىيانىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى پېترووۋسكىينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. هازىر بۇ كىتاپنىڭ خېرنلېيغا سېتىلغان قىسمى لوندون شەھىرىدىكى دۆلەت مۇزېيىدا، پېترووۋسكىينىڭ قولىغا چۈشكەن قىسمى سانكت-پېتېربۇرگدىكى شەرىق ئەللىرى مۇزېيىدا قىدىمىي زامانغا ئائىت قىممەتلىك ئېكسپونات سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**قەغەز.** قەغەز ئىشلەشنى كەشىپ قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىدىكى چوڭ سەكرەش بولغان ئېدى. ئېۋروپىلىقلار قەغەزنى XIV ئەسىردە كەشىپ قىلغان. خىتاي كەشپىياتچىسى سەيلۇن بولسا، مىلادىنىڭ 105-ژىلى كەشىپ قىلغان. بۇ كەشپىياتقا مەز بولغان خىتايلار تا هازىرغىچە: «قەغەز ياساشنى بىز كەشىپ قىلغان» دەپ ماختىنىپ ژۈرۈشىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا، مىلادىيە باشلىنىشتىن بۇرۇنلا قەغەزنى ئىشلەپ چىقارغان ۋە ئەمەلدە پايدىلانغان ئېدى. مىلادىدىن ئاۋۋالقى III ئەسىردە ياشىغان هۇن تەڭرىقۇتى مودەخاننىڭ ىتاي خانى ۋىندىنگە يازغان مەكتۇبىنى ۋە خوشنا ئەللەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى ئەسلەپ كۆرۈڭ. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت تارىخچىسى ئاۋرېل ستېين 1901-ژىلى لوبنوردىن تاپقان قەغەز پارچىسىنى خىمىياۋىي ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرگەندە، مىلادىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ چىققان. تۇرپان رايونىدىكى قىدىمىي

www.uyghurkitap.com

قەبرىلەردىن تېپىلغان قەغەزلەرنى خىمىياۋىي ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرگەندە، مىلادىدىن ئاۋالقى I ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ چىققان. بۇ قەغەزلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، تاشقى تەسىرلەرگە چىداملىقىمۇ خېلە دەرىجىدە ژۇقۇرى بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك رەسىم قەغەزلىرىمۇ بار. خەنزۇ ئالىمى لىۋ گوجۇننىڭ يېزىشىچە، «قەغەز ھەممىدىن ئاۋال ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى لولاندا لەشىپ قىلىنغان» ئىكەن (بۇ ئېھتىمال ھازىرقى دولان بولسا كېرەك). دېمەك، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، خېلە سۈپەتلىك ئاق قەغەز ۋە رەڭلىك قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقارغان. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتىن خىتايلاردىن 3 ئەسىر، ئېۋروپىلىقلاردىن 17 ئەسىر ئالدىدا تۇرىدۇ.

**مەتبەە.** ئۇيغۇرلار ئاۋال يېزىقنى ئاندىن كېيىن قەغەزنى كەشىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كەشمىلىرىنى ئەشۇ قەغەزلەرگە يېزىش بىلەنلا قالماستىن، يازغان تېكىستلىرىنى كۆپ نۇسخىدا بېسىپ چىقىرىدىغان باسمىخانا (كسىلوگرافىيا) ئۇسۇلۇنىمۇ كەشىپ قىلغان. ئۇلار تېكىستلارنى ئۇيغۇر ھەرىپلىرى بىلەن قاتتىق ياغاچقا ئويۇپ، ئويۇلغان ياغاچ تاختىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ بەت ياساپ، بەتلەرنىڭ ئۈستىگە بوياق سۈركەپ، قەغەز يۈزىگە چۈشىرىش ئارقىلىق كىتاپ قىلىپ چىقىرىشقا باشلىغان. بىرنەرەك ئۇيغۇرلار ياغاچتىن ھەرىپلەرنى تەييارلاپ، شۇ ھەرىپلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق سۆز ياساپ، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈپ، كىتاپ بېسىش تېخنىكىسىنى، يەنى تىپوگرافىيا ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، ئەمەلدە پايدىلانغان. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتىمۇ ئېۋروپىلىقلاردىن 4 ئەسىر ئىلگىرى تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئالىمە گابايىن خانىمنىڭ تەكىتلىشىچە، «مەتبەەچىلىكنى خەنزۇلار ئەمەس، ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان. بۇ كەشپىيات مىلادىنىڭ VIII ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، نېمىس كەشپىياتچىسى ئىوگان گۇتېنبېرگتىن 7 ئەسىر بۇرۇن ھېساپلىنىدۇ».

1914-1915-ژىللىرى تۇرپان تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان رۇس ئارخېئولوگىيە ئوترىيادىنىڭ باشلىقى ئاكادېمىك س.ئولدېنبۇرگ، غارلارنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان 100000-غا يېقىن مەتبەە ھەرىپلىرىنى تاپقان ھەم ئېلىپ كەتكەن. ئىنگلىز مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئا.ستېين بولسا، دۇڭخۇاڭ ۋە باشقا جايلاردىن ئۇيغۇر قەغىزىگە بېسىلغان 9 پارچە تېكىستنى تاپقان. ئالىمنىڭ پىكرىچە، بۇ تېكىستلار ئېرامىزنىڭ I ئەسىردە ئىشلەنگەن كسىلوگرافىيە مەھسۇلاتلىرى ئىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز ئالىمى كارتېر: «دۇنيادىكى تۇنجا مەتبەە ھەرىپلىرى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ئويۇلغان ئىدى» دەپ يازغان. پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر بولسا: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتاۋىدا؛

« ئۇيغۇرلاردا كىتاپ بېسىش تېخنىكىسى XII ئەسىرلەردىلا خېلە ژۇقۇرى دەرىجىدە ئىدى. بۇ دەۋردە تۇرپاننىڭ كىتاپ بېسىش سېخلىرىدا ھەر خىل تىللاردا تېكىستلىق ۋە تەسۋىرىي باسما مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. بۇ ساھادا ئۇيغۇرلار ئېۋروپىدىن 500 ژىل ئالدىدا تۇرىدۇ» دەپ يازغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان شىرىفتلار ئېلىپبە ھەرىپلىرى بويىچە ئىشلەنگەن، بۇنىڭ ۋاقتىمۇ X ئەسىردىن ئىلگىركى دەۋرگە تەئەللۇق. ئۇيغۇر مەتبەە تېخنىكلىرى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھەرىپلەرنى تىزىپ، شىرىفتلار ئارقىلىق بەت ياساپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، كىتاپلارنى باسقان. ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلەتكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىچىدە شىرىفتلىق مەتبەەنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بېجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىلمىي ژىغىنىدا تۇنجا مەتبەە ھەرىپلىرى دەپ دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان ياغاچ مەتبەە ھەرىپلىرى مېھمانلارغا كۆرسىتىلىپ، نامايىش قىلىندى. بۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان مەتبەە ھەرىپلىرى بولۇپ، ئېۋروپىدىن 400 ژىل بۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكى ئايان بولدى.

**پىلە قۇرۇتى.** پىلە قۇرۇتىنى بېقىپ ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭدىن ئىپەك ئېلىش، ئېلىنغان ئىپەكتىن توگا-دۇردۇن، شايە-ئەتلەس توقۇشنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار بىلگەن ئىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپەك ئىشلەش تارىخى كام دېگەندە 2500 ژىلغا يېتىدۇ. خىتايلار بولسا، ئۇزاماندا پىلە بېقىپ ئۆستۈرۈشنى، ئىپەك رەخت توقۇشنى تېخى بىلمەيتتى.

پىلە قۇرۇتى ئېرامىزنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرستاندىن ئىچكى خىتايغا ئېلىپ كىرىلگەن. يەنى پىلىدىن ئىپەك ئېلىشنى خەنزۇلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن. بۇ كەشپىياتمۇ خاتا ھالدا «خەنزۇلارنىڭ ئىجادىيىتى» دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ توغرىلىق يېتەرلىك تارىخىي دېرەكلەر بار.

قېدىمىي زاماندىكى يۇنانلىقلار بىلەن رىملىقلار ئۇيغۇرستاننى «سېرىسلار مەملىكىتى» (ئىپەك مەملىكىتى) دەپ ئاتىغانلىقىدىن ژۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. بۇنى دەلىللەيدىغان دېرەكلەرمۇ يېتەرلىك. توخسۇن ناھىيەسى ئالغۇيدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدە توز گۈللۈك، كەشتىلىك توغا بار بولۇپ، تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئۇنىڭ توقۇلغان ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگەركى VII-VIII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىكەن.

ئۈرۈمچىدىكى نەنسەن (جەنۇبىي تاغدىكى) قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە ئىپەك رەختلەرمۇ بار بولۇپ چىقتى. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ رەختلەرنىڭ توقۇلغان ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگەركى V-III ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىكەن. بۇلاردىن باشقا: كىروران. ئۇدۇن، بارچۇق، باي، كۇچا، قۇچۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئىپەك ماللار، توگالار شۇ زاماندا تارىم ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز پىلەچىلىك ۋە ئىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى خېلە ژۇقۇرى دەرىجىدە بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇلار بولسا، بۇ تووار ئۆزلىرىدە يوق ۋاقىتتا، ئۇيغۇرستاندىن توشۇغان. مىلادىنىڭ I ئەسىردە تارىم ۋادىسىغا كەلگەن خىتاي «ئەلچىسى» بەنچاۋ ئىچكىرىدىكى ئاكىسى بەنگۇغا 300 توپ ئاق شايى، خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر ۋە داڭلىق قوشان ئېتىنى سوغات قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى توغرىلىق يېزىلغان ھۆججەت بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ساقلانغان.

خىتاي تارىخچىسى سۇڭ مۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىم» ناملىق كىتاۋىدا ئېنىق قىلىپ-»ئۇيغۇرلار ئىپەك چىقىرىدۇ. مەشۇت ژىپ تارتىدۇ. رەڭدار ئىپەكتىن كىيىم كىيىدۇ. ئۇلار يەنە كالاۋتون بىشلەشكىمۇ ماھىر. ئەينە شۇ كالاۋتون بىلەن كىمخاپ توقۇش سەنئىتىنى خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىجاد قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىپەك توقۇمىچىلىق تارىخىنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئەتراپتىكى خەلقلەرگە ئۆگەتكەن» دەپ يازغان.

**پاختا.** ئەجدادلىرىمىز تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم بويلىرىدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق، شال قاتارلىق دانلىق زىراەتلەرنى: سەۋزە، پىياز، سامساق، چامغۇر، تۇرۇپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆكتاتلارنى؛ ئالما، ئانار، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئۈجمە، قوغۇن-تاۋۇز ۋە باشقا مېۋە چېۋىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىپ ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە پاختا، چېگە-كەندىر قاتارلىق تېخنىكىلىق زىراەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. تەڭرىتاغ ئورمانلىقلىرىدا ياۋا كېۋەزنىڭ ئۆسىدىغانلىقى خېلە بۇرۇنلا مەلۇم بولغان ئىدى. ىتاي مەنبەسىدىكى «غەربىي شىمالىي رۇڭلار تەزكىرىسىدە» مۇنداق يېزىلغان:

«قۇچۇ مەملىكىتىدە دەل-دەرەق، ئوت-چۆپلەر تولا، مېۋىسى پىللە غوزۇسىدەك بىر خىل ئۆسۈملۈك بار، ئۇنىڭ غوزىسىدىن ئىپەككە ئوخشاش ئىنچىكە تالە چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ، رەختى ئاپاق بولىدۇ ۋە بازاردا سېتىلىدۇ». موشۇ مەزمۇندىكى بايانلار «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «گۇانيۇجى» دېگەن كىتاپلاردىمۇ تەكرارلانغان. پاختىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە مەلۇم ۋە تارقالغان ۋاقتى VI ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرستاندا بولسا پاختا ۋە پاختا رەختلىرى مىلادىدىن ئىلگەركى چاغلاردىلا ئومۇملاشقان ئىدى. بولۇپمۇ، تۇرپان، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەردە پاختا رەختلىرى كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن.

**كارىزلار.** تۇرپاندىكى «كارىز» دەپ ئاتالغان يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە كەشپىياتىدۇر.


تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى ئىدىر، تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇۋۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گىيا ئۈنمەيدىغان، دەل-دەرەق ئۆسمەيدىغان قاقاس تاغلاردىن ئىبارەت. تۇرپان ئويانلىقىنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولۇپ ژىل بويى بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايدۇ-دېيىسمۇ بولىدۇ. تاغلاردىن تۇرپان ئويمانلىقىغا بىلەكتەك سۇ ئېقىپ چۈشمەيدۇ. موشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تاغنىڭ ئاستىنى ئىچكىرىلەپ كولاپ كىرىپ، يەر ئاستى سۇلىرىنى باشلاپ ئەپچىقىپ، ئۆزلىرى ئىچىدىغان، مال سۇغىرىدىغان، يەر سۇغىرىپ دېخانچىلىق، باغۋانچىلىك، كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغان. ئەينە شۇ يەر ئاستى سۇيولىنى ئۇيغۇرلار «كارىز» دەپ ئاتايدۇ. يەر ئۈستىدىكى ئىچۇق سۇ يولىنى بولسا، «ئېرىق» ياكى «ئۆستەڭ» دەپ ئاتايدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەينە شۇنداق يەر ئاستى سۇيوللىرىنىڭ، يەنى كارىزلارنىڭ سانى 1160 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18000 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئالىملارنىڭ تەخمىن قىلىشىچە تۇرپان ئويمانلىقىدا دەسلەپكى كارىزلار بۇنىڭدىن 3000 ژىل مۇقەددەم پەيدا بولغان. ئەينە شۇ چاغلاردا كارىز يەنى سۇ بولمىغان بولسا، بۇ يەردە ئادەملەر ياشالمىغان بولار ئىدى. تۇرپان شەھىرىمۇ قۇللىنو ئۇيغۇرلارنىڭ سەياسىي، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولالمىغان بولار ئىدى.

**مىڭ ئۆيلەر.** «مىڭ ئۆي» دەپ ئاتالغان تارىخىي يادىكارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالاھىدە كەشپىياتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ «مىڭ ئۆيلەر» كۆپىنچە ئۇيۇل تاشتىن تۈزۈلگەن تاغلارنى ياكى قاتتىق قىسىملىق تۆپىلىكلەرنى تاللاۋېلىپ، ئۇنى ئويۇپ ياسالغان ھوجرىلار بولۇپ، ھوجرىلارنىڭ تام تورۇسلىرى خىلمۇ-خىل مەزمۇندىكى سىرزا رەسىملەر ھەم ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ رەسىملەردە قېدىمىي بۇددا دىنىنىڭ فىلوسوفىيالىك كۆز قاراشلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ئاساسىدا قېدىمىي زامان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپى-ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇنداق «مىڭ ئۆيلەر» ئۇيغۇرستان تەۋەسىدە 17 ئورۇندا بارلىقى ئېنىقلاندى. ھوجىرا (ئۆڭكۈر) لەرنىڭ ئومۇمىي سانى 550كە يېتىدۇ. چوڭراق «مىڭ ئۆيلەرنىڭ» ئەتراپىدا بۇددا مۇنارلىرىنىڭ خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، «مىڭ ئۆيلەر» مىلادىنىڭ II ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرىدە ياساپ چىقىلغان. يەنە بەزى «مىڭ ئۆيلەرنىڭ» ياسىلىشىغا باغلىق رىۋايەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: قىزىلدىكى «مىڭ ئۆيلەرنىڭ» ياسىلىشىنى «ەرھات-

شېرىندىكى» ەرھات قازغان دېيىلسە، باش ئەگىمدىكى تاغ ئۈستىدىكى تاش قەبرىلەر «تاھىر-زوھرانىڭ» قەبرىلىرى دەپ رىۋايەت قىلىندۇ. ئۇمۇمەن، «مىڭ ئۆيلەر» قېدىمكى زامانىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆمەس شاھىدى بولۇش سۈپىتى بەلەن تولىمۇ قىممەتلىك يادىكارلىق ئېدى. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل مىللىي دۆلىتى بولمىغانلىقتىن، بىر قىسمىنى ئۆتكەن .ەسىرلەردە چەت ئەل سەياھەتچىلىرى بۇزۇپ ئېلىپ كەتكەن ئېدى. قالغان قىسمىنى بولسا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى قەستەن بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ تاشلىماقتا!

**ئىلىم.** IX ئەسىردە مۇھەممەد ئەل خارەزمىي ئالگېبرا پەنىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەرگەن. X ئەسىردە ئەبۇ نەسىر فارابىي ئارىستوتېلىنىڭ «مېتوفىزىكا» ئەسىرىگە شەرھىي يېزىپ، «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان. XI ئەسىردە ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي يەر بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىئۆلچەپ چىققان. ئىبن سىنا بولسا «تىبابەت قانۇنلىرى» ئەسەرىنى يېزىپ چىققان.

XI ئەسىردە ياشاپ ئىجات قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى ماخمۇت قەشقەرىي تۈرك خەلىقلىرىنىڭ تىل مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بۈيۈك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ چىققان. بۇ دىۋاننى ئۆگىنىپ چىققان ئالىملار ئۇنى «قامۇسىي ئەسەر» دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭ سەۋەۋى، بۇ كىتاپتا يالغۇز تىل مەسىلىلىرىلا ئەمەس، تۈركىي خەلىقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىياسى، ياشىغان جاي-ماكانلىرى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قايسى خەلىقلەر ياشايدىغانلىغىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئالىم يەر سەييارىسىنىڭ دۈگىلەك شار شەكلىدە ئېكەنلىگىنى، قايسى خەلىقلەر قايسى تەرەپتە ياشايدىغانلىغىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەزكۇر كىتاۋىغا قوشۇمچە قىلىپ بەرگەن. بىز تۆۋەندە ماخمۇت قەشقەرىي تۈزۈپ چىققان ئەشۇ خەرىتىنى ئەينەن كەلتۈرىمىز.



بىز بۇ خەرىتىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» كىتاۋىنىڭ I توم، 40-بېتىدىن ئالدۇق. بۇ فاكت، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئىلىم ساھاسىدا، ئازىيە خەلىقلىرى بويىچىلا ئەمەس، مەدەنىيەتلىك ئېۋروپا خەلىقلىرىگىمۇ ئۇستاز بولغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاسترونومىيا.** 973-1048-ژىللاردا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاسترونوم، ماتېماتىك، فىلوسوف ۋە تەبىب ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىلمىي يېڭىلىقلارنى ئاچقان ۋە كىتاپلارنى يازغان. ئۇ «ئەلقانۇن مەسئۇدى» ناملىق قامۇسىن ئەسەرىدە ترىگونومېتتىيا بىلەن ئاسترونومىيا ئاساسلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. ئۇ موشۇ كىتاۋىدا «قۇياش مەركەزلىك» نەزەرىيەسىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. يەر شارى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بىرۇنىينىڭ بۇ ئىلمىي يېڭىلىغى پولشا ئاسترونومى كوپېرنىكتىن 5 ئەسىر بۇرۇن بولغان ئېدى. فىزىكىدىكى «جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىنى» بولسا، ئىتالىيا ئالىمى گالىلېيدىن 6 ئەسىر بۇرۇن كەشىپ قىلغان. ئۇ ھەتتا، يەر شارىنىڭ مېرىدىان، پاراللېل مەسىلىلىرىنى ئووتتۇرىغا قويغان. يەرە شارىنىڭ رادىئۇسى 1081،61 پەرسەن كېلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان (1 پەرسەنىڭ=5914 مېتر) ھەم يەر بىلەن ئاينىڭ ئارىلىغىنى ئۆلچەپ ھىققان. بىرۇنىيدىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىماتىنى بۈيۈك ئاسترونوم ئۇلۇغبېك داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئالەم بوشلۇغىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان 1019 يۇلتۇزنىڭ جەدۋىلىنى تۈزۈپ ھىققان (ئۇلۇغبېكنىڭ پائالىيىتىنى ئۆز نوۋىتى كەلگەندە تونۇشتۇرىمىز).

**كالېندار.** مەلۇمكى، يەر شارى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. موشۇ ئايلىنىش جەريانىدا قۇياش

بىلەن بولغان ئارىلىقنى ھەم قۇياشقا نىسبەتەن قىيپاشلىق دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ بولسا، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمىي زامانلاردىلا موشۇ قانۇنىيەتنى توغرا ئىگەللەپ، ئىلمىي ئاساستىكى كالېندارنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كالېندار بويىچە 22-مارت كۈنى (كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتى) يىل بېشى ھېساپلىنىپ، ئومۇمىي خەلق بايرىمى قىلىنغان نورۇز بايرىمىدۇر.

تارىخىي دېرەكلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 27 ئەسىر بۇرۇن ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ زامانىسىدا نورۇز كۈنىنى مىللىي بايرام سۈپىتىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپتىكەن. ئۇيغۇرلاردا 12 يىلنى بىر مۆچەل ھېساپلاپ، مۆچەلنىڭ ھەر بىر يىلىنى بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان «مۆچەل كالېندارى» ھازىرمۇ بار. بۇنى خاتا ھالدا «شەرىق كالېندارى» ھەتتا «خىتاي كالېندارى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. ئەمەلىياتتا بۇ قەدىمىي ئۇيغۇر كالېندارىدۇر (بۇ توغرىلىق ئۇلۇغ ئەللامە ماخمۇت قەشقىرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرى I توم 452-449-بەتلىرىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن).

**كومپاس.** كومپاس ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادى ئىدى. تېخى دېڭىز يوللىرى ئېچىلمىغان ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئىپەك يولىنى ئېچىپ غەرىپ بىلەن شەرىق ئوتتۇرىسىدا توختىماي قاتنىغان ئۇيغۇر كارۋانلىرى سەپەرگە چىققاندا يولدىن ئاداشماسلىق ئۈچۈن كومپاسنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. XVII ئەسىردە ئۇيغۇرلار ياساپ پايدىلانغان كومپاس ھازىر ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئازات ھېكىمبەگ ئۇيۇشتۇرغان **«ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئەت بۇيۇملىرى»** مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىر قىزىق يېرى، بۇ كومپاسنىڭ قىزىل ستىرېلكىسى شىمال تەرەپنى ئەمەس، ھېچ خاتاسىز ھالدا، شەرىق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. 1970-يىللاردا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىدە» بۇ كومپاسنى كۆرگەن رۇس ئالىملىرى ھەيران قېلىشقان. بۇنىڭ ھېكمىتى تېخىچە سىر پېتىچە قالماقتا.

**تىبابەتچىلىك.** تىبابەتچىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى. قەدىمىي زامانىدىكى ئۇيغۇر تەبىبلىرى تۈرلۈك كېسەللىك ۋە جاراھەتەرنى داۋالاشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلىشقان ۋە ئەمەلدە قوللانغان. ھازىرقى زامانىدىكى ژىنە بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى خاتا ھالدا «خىتاينىڭ كەشپىياتى» دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئەسلىدە بولسا بۇمۇ ئۇيغۇرنىڭ كەشپىياتى. بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدىغان يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيالىك ئېكسپوناتلار، ماددىي دەلىللەر ۋە ھۆججەتلەر يېتەرلىك.

X ئەسىردە ياشىغان تەبىب جامالدىن قەشقەرىي بىلەن XIII ئەسىردە ياشىغان ئەلائىددىن خوتەنىيلەر كەبى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرى ئۆز زامانىسىدا ماددىي ئەشيالار ئارقىلىق داۋالاش، ژىڭنە بىلەن داۋالاش ھەم خىرۇرگىيا ئۇسۇلى بىلەن داۋالاشنىڭ ماھىرلىرى ھېساپلىناتتى. ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمى ھازىر موشۇ كۈندىمۇ دۇنيادىكى «سقايماس كېسەل» دەپ قارالغان راك، ئاق كېسەللەرنى داۋالاپ، ساقايتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

كېيىنكى يىللاردا «تىبەت تىبابەتچىلىگى» ياكى «تىبابەت دورا ياساش رېسېپتلىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىلمىي مۇۋاپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى VIII ئەسىردە ياشىغان ئەسلى چەرچەنلىك ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى جانباشلىق تىبابەت ئۇستازلىق قىلغان ۋاقىتتا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان تىبەت تىلىدىكى ئىلمىي ۋەسىقىلەردۇر. بۇ ۋەسىقىلەر تىبەت ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار بۈگۈنكى دۇنيا ۋۇجۇن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. تېگى-تەھتىنى تەكشۈرگەندە، بۈگۈنكى كۈندە «تىبەت تىبابەتچىلىگى» ياكى «تىبەت دورا ياساش رېسېپتلىرى» ئەسلىدە ئۇيغۇر تىبەبەتچىلىگىنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ۋەسىقىلىرىدۇر.

**ئەدەبىيات.** ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات خېلە بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىغا كەلگەندە گۈللەنگەن. «ئورخۇن يېزىغى» ياكى «ئورخۇن-ئېنىسېي يېزىغى» بىلەن يېزىلغان ۋە «ئورىئۇن يادىكارلىقلىرى» دەپ ئاتاغان داڭلىق «بىلگە خاقان يادىكارلىقلىغى»، «بايانچۇر يادىكارلىقلىغى»، «گۈلتەكىن تونيۇقۇق يادىكارلىغى»، «كۆل بىلگە خاقان يادىكارلىغى»، «ئالىپ بىلگە خاقان يادىكارلىغى»، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن «چىستانى ئىلىگبەگ»، «بوقۇخان توغرىلىق رىۋايەت» قاتارلىق تارىخىي ئەھمىيەتلىك يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

غەربىي ئۇيغۇرلار بولسا، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان ئېپىك داستان «ئوغۇزنامە»، «دەدەقورقۇت»، «ئىدىقۇت سۆزىگى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يارىيىش بىلەن بىللە دىنىي مەزمۇندىكى «مانىخېيلارنىڭ تووۋا دۇگاسى» بىلەن شامان دىنىغا ئائىت نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەرنى قالدۇردى. مىسال تېرىقىسىدە شۇلاردىن بىر-ئىككىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

«ئوغۇزنامە» ياكى (ئوغۇز ھەققىدە قىسسە) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستان. بۇ داستان قەدىمىي زامانلاردا خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلگەن. كېيىن قەلەمگە ئېلىنىپ، يازما ئەدەبىياتىغا كىرگەن. بۇ داستاننىڭ XIII ئەسىردە تۇرپاندا كۆچىرىلگەن قول يازمىسى ھازىر پارىژدىكى مىللىي كىتاپخانىدا ساقلانماقتا. «ئوغۇزنامە» جاھان مەدەنىيىتىنىڭ دۇردانىلىرى ھېساپلانغان يۇناننىڭ



www.uyghurkitap.com

«ئودىسسيا ۋە ئىلىاداسى»، ئىراننىڭ «شاھنامەسى»، ھىندىستاننىڭ «ماخابراتا»، «راياناسى»، قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» داستانى ئوخشاش قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

قېدىمىي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا يارىتىلغان، تارىختا نامى بار رىيال قەھرىمان «قورقۇت ئاتانىڭ» ھەياتى ۋە پائالىيىتىنى ئەكىس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر ئېپىك داستان «دەدە قورقۇت» داستانىدۇر. بۇ داستانمۇ پەقەتXV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا قەلەمگە ئېلىنىپ يازما ئەدەبىيات تۈسىگە كىرگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تۈرك، ئەزەربەيجان ۋە رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئارخېئولوگلار تۇرپان شەھىرىنى «ئوتتۇرا ئازىيانىڭ يەر ئاستى كۆتۈپخانىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇلار تۇرپاننىڭ يەر ئاستىدىن «بەخىت ساداسى»، «سانت گېورگىيىنىڭ شېيىت بولۇشى»، «ئېرىك پۈتۈك»، «ئالتۇن يارۇغ»، «نايتىرى سىمىت»، «سەككىز يۈكمەك»، «ئەۋلىيە قەسىدىلىرى» نالىق تارىخىي، ئەدەبىي ۋە دىنىي مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى تېپىپ ئېلىشقان. تېخى مەلۇم بولماي يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قانچىلىك ئەدەبىياتنىڭ بارلىقىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ.

**سەنئەت.** مەلۇمكى سەنئەت ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي ئوزۇغى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ ژىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا تۈرلۈك-تۈمەن ماددىي بايلىقلارنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، تۈرلۈك-تۈرلۈك سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجىنىمۇ تەمىنلەپ كەلگەن. بۇ ئەسەرلەر كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىش بىلەنلا قالماستىن، شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تەبەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، پەلسەپە قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرستاندىكى «مىڭ ئۆيلەرنىڭ» تام-تورۇسلىرىغا ئويۇلغان نەقىشلەر بىلەن سىزىلغان تام سۈرەتلىرى بولسا، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس غەزنىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار سەنئەتنىڭ ھەممە ساھالىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خەلقلەرنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئەسىرەرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار باشقا ئازىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئۇسۇل-مۇزىكا ئۇستازلىرى، ئۇيغۇرستان بولسا، ئۇسسۇل-مۇزىكا ۋەتىنى دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى زاماندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتالغان كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى بار. «ئو ئىككى مۇقامنىڭ» ھەر بىرى ئىككى سائاتقا مولجالانغان بولۇپ، «ئو ئىككى مۇقام» بىر سۇتكىدا ئىجرا قىلىنىپ تۈگەيدۇ. بۇ ئازىيا تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئۇچرىمايدىغان تەڭداشسىز بۈيۈك مۇزىكا قامۇسى. ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ھازىرقى دۇنيادىمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى سەنئەت ھېساپلىنىدۇ.

**مۇزىكا.** ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مۇزىكىغا ئامراق. ئۇلار ئۆز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان يېقىملىق مۇزىكىلارنى ھەم مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنى ئىجات قىلغان.

مىلادىنىڭ 568-ژىلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى كۇچالىق ماىىدا ئاتارى بىلەن باربىت ئېلىش ماھىرى سۇجۇپ ئىككىسى خىتاي پادىشاسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىۋى بىلەن چاڭئەن شەھىرىگە بېرىپ، ئوردىدا خەنزۇ چالغۇلىرىغا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۆگەتكەن. ئۇلار «باھار بۇبۇلى ناۋاسى»ناملىق مۇزىكىنى ئىجات قىلىپ، چېلىپ بەرگەندە خىتاي پادىشاسى ھەيران قېلىپ، ئۇلارغا ئالىي مۇكاپاتلارنى بەرگەن ھەم ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى خەنزۇ مۇزىكانتلىرىغا ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلات پادىشانىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى تارقاتقان. ئاخىر نەتىجىدە خىتاي سەھنىسىدە ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ئۇسسۇلى ھۆكۈمران بولۇپ، خىتاي سەنئىتى ئاستا-ئاستا سەھنىدىن چۈشۈپ قالغان. ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ئۇسسۇل نەمۇنىلىرى، شۇنىڭدەك ساز ئەسۋاپلىرى كېيىنكى دەۋردە خىتاي ئارقىلىق كورېيا بىلە ياپونىياگىچە تارقالغان.

مىلادىيەنىڭ X ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى قاراقۇچۇ شەھىرىگە كەلگەن خىتاي سەياھەتچىسى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ سەياھەت خاتىرىلىرىدە:

«ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قاراقۇچۇ بەكمۇ ھەيۋەتلىك شەھەر ئىكەن. ئۇ ەردە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار، بېشى ئاسمانغا تاقاشقان مۇنارىلەر كۆپ. شەھەردە ئىستىراھەت باغلىرى، زارلىقلار ۋە شىپاڭلار بار. كۆللەردە ئۈزۈپ ئويناپ ژۈرگەن خەلىق، كۆلنىڭ ئەتراپىدا ساز نەغمىلەر ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇزىكىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەممىسى دېگىدەك ساز چالالايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئىچىدە پىپا، كۈنخۇ (25 تارلىق گىتارا) وخشاش مۈرەككەپ ساز ئەسۋاپلىرىمۇ بار» دەپ يازغان ئېدى. بۇ فاكت ئەشۇ قېدىمىي زامانلاردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ژۇقۇرى سەۋىيەدە بولغانلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

**ھەيكەلتاراشلىق.** بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەيكەلتاراشلىق ھۈنىرى تەرەققىي ئەتكەن ئېدى. شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ھەيكەلتاراشلىغىنىڭ ئىزلىرى ئۇيغۇرستاننىڭ ھەممە يېرىدىن دېگىدەك تېپىلدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇل كۈرە، تېكەس يايلاقلىرىدا، نىلقا، قورغاس، توققۇز تارا ناھىيەلىرىدە ۋە باشقىمۇ جايلاردا

زور بىر تۇركۇم تاش ھەيكەللەر تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي، تارباغاتاي، بۆرتالا، ئاراتۇرك، باركۆل، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىنمۇ ھەر خىل چوڭلۇقتىكى، ھەر خىل قىياپەتتىكى تاش ھەيكەللەر كۆپلەپ تېپىلدى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ ھەيكەللەر مىلادىنىڭ II ئەسىرىدىن X ئەسىرگىچە بولغان بۇددا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەللۇق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ ھەيكەللەر ماھىرلىق بىلەن تولىمۇ نەپىس ياسالغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ ژۇقۇرى سەۋىيەسىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. چەت ئەللىك سەياھەتچى پىرژېۋالسكىينىڭ شاگىرتى پ.ك.كوزلوۋ قاراخوتو شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن 50 تىن ئوشۇق ھەر خىل قىياپەتتىكى ھەيكەللەرنى تاپقان ھەم ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن. چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيخانىلىرىدا مۇنداق ئېكسپوناتلار نۇرغۇن.

**تاش خەرىتە.** ئۇيغۇرستاننىڭ توقسۇن ناھىيەسىدىكى كوژا يېزىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان پەنجىرتاغنىڭ قاپتىلىدا، قەدىمىي زاماندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر «تاش خەرىتە» بار. بۇ بەرىتە ئىككى ئېگىز ئۆينىڭ ئورنىچىلىك يوغانلىقتىكى تاشنىڭ ياپىلاق يۈزىگە ئويۇپ] سىزىلغان بولۇپ، خەرىتىگە سىنچىلاپ قارىسىڭىز، مەلۇم كەڭلىكتىكى تېررىتورىيانىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز. يەنى تاغلار، دەريا-ئېرىقلار، ھەتتا بۇلاقلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. قەيەردە قانداق ھايۋانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىمۇ (ئارقار، نارال ۋ.ب) كۆرسىتىلگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بويىچە، بۇ خەرىتە ئېھتىمال قەدىمىي زاماندا موشۇ تەۋەدە مەۋجۇت بولغان بىرەر بەگلىكنىڭ تېررىتورىيا تەۋەسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

تاش خەرىتىنىڭ قاچان ياسىتىلغانلىقى توغرىلىق ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل. بەزى ئالىملار تەخمىنەن بۇنىڭدىن 8000-6000 ژىللار بۇرۇن ياسالغان دېيىشسە، يەنى بەزى ئالىملار تەخمىنەن بۇنىڭدىن 6000-4000 ژىللار بۇرۇن ياسالغان دېيىشمەكتە. بۇ تەخمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ژىل دەۋرىنى قوبۇل قىلغان تەغدىردىمۇ، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بۇنىڭدىن 6000 ژىللار ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان جاي-ماكانلىرىنى خەرىتىدە ئىپادىلەشنى بىلگەن، يەنى كارتوگرافىيا ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ چىقىدۇ.

**تىياتر.** ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتر سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى بۇددە دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ «مايترى سىمىت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك سەھناە ئەسەرى بولغان ئىكەن. بۇ 27 پەردىلىك ئېپىك ۋاقىئەلەرنى بەدىي شەكىل، جانلىق ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇرەككەپ سيۇژېتلىق سەھنە ئەسەرى. ئەسەردە ئاساسىي قەھرىمان بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى نامايىش قىلىنىدۇ. ھازىرغىچە «مايترى سىمىتنىڭ» 2 قوليازمىسى تېپىلدى. ئۇنىڭ بىرى مىلادىنىڭ V ئەسىردە كۆچىرىلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر گېرمانىيا پايتەختى بېرلىندىكى دۆلەت مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 2-نۇسخىسى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق كۆچىرىلگەن بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇرستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ فاكت ئۇيغۇرلاردا تىياتر سەنئىتى قەدىمىي زامانلاردىلا بار بولغانلىقىنى، بولغاندىمۇ ژۇقۇرى سەۋىيەدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتر سەنئىتى ئانچە رىۋاجلىنالمىدى. بۇنىڭ سەۋەۋى: بىرىنچى، ئىسلام دىنىنىڭ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى بولسا، ئىككىنچى، مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى بولدى. پەقەت XX ئەسىرنىڭ 30-ژىللىرىغا كالگەندىلا ئۇيغۇر تىياترى سەھنىسىدە «رەبىيە-سەئىدىن»، «غېرىپ-سەنەم»، «ئانارخان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى پەيدا بولدى.

**سپورت.** ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە سپورتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى مەسىلەن: چەۋەندازلىق، چاۋتا ئويۇنى، ئوق-يا ئېتىش، چېلىش ۋە باشقا تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ھازىرقى زاماندىمۇ سپورتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بويىچە خەلق ئارا تۇرنىرلارغا قاتنىشىپ، دۇنيا چېمپىيونى ئاتىغىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سپورتچىلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن: سوۋېت ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان سپورت ماھىرى ماخمۇت ئۆمەروۋ 1950-ژىللاردا تاپانچىدىن قارىغا ئېتىش بويىچە ئۇدا 5 قېتىم ئېۋروپا چېمپىيونى، 3 قېتىم دۇنيا چېمپىيونى بولۇپ، 8 قېتىم ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ قايتقان. غۇلجىلىق ئۇيغۇر ژىگىتى ئابدۇشۈكۈر مېجىت 1997-ژىلى بېجىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلەك تەن ھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بوكس تۈرى بويىچە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ ئالتۇن مېدال بىلەن قايتتى. يەنە غۇلقىلىق ئۇيغۇر ژىگىتى كېرىم رەخمىتۇللا 1990-1995-ژىللاردىكى مەملىكەتلىك تەن-ھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، سپورتنىڭ ئەركىن مۇشلىشىش بويىچە 6 ژىل ئۇدا چېمپىيون بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. يېقىنقى ژىللاردىن بۇ يان قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇخراسى بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمانوۋ، زاكىر توختىيېۋ، ھېمىت توختاخۇنوۋ، رىنات گۈلمەتوۋ، غوپۇر توختىيېۋ، گۈلزارە ئەزىزوۋا قاتارلىق سپورتچىلار خەلق ئارا سپورت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، دۇنيا چېمپىيونى ئاتىلىپ، مېداللارنى ئېلىپ كېلىشتى.

**سىرك.** XX ئەسىرنىڭ 90-ژىللىرى ئۇيغۇرستاندىكى خالاستان دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ئاددىي ئۇيغۇر دېخاننىڭ پەرزەندى قۇرۋانجاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارى توغرىلىق خەۋەرلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ مەتبۇئات، رادىو ۋە تېلېۋىزىيا كۆرسىتىشلىرىنىڭ سەھنىسىدىن چۈشمىدى. پەۋقۇلادە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان

بۇئۇيغۇر ژىگىتى ئۆزىنىڭ كارامەت كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە، شۇنىڭدەك شياڭغان، ياپونىيە، ئامېرىكا، كاندا قاتارلىق مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولدى. موشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەرباپلىرى، سېناتورلىرى، مىلليونېر بايلىرى ۋە ئۆزىگە ئوخشاش پەۋقۇلئادە ئىقتىدار ئىگىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى كۆرسىتىش جەھەتتىكى ئۆزىنىڭ ئەجايىپ تالانتى بىلە تاماشىبىنلىرىنى ۋە دۇناي ئەھلىنى قايىل قىلدى. بۇ ئاددىي ئۇيغۇر پەرزەندىنىڭ پەۋقۇلئادە ئىقتىدارىنى دۇنيا، ئەھلىگە تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن مەخسۇس ۋىدېئوفىلىملار، فوتوسۈرەت ئالبوملىرى ئىشلەنگەنىنىڭ سىرتىدا 1997-ژىلى سەيپىدىن سەيدىنىڭ مۇئەللىپلىكىدە **«رىياللىقتىكى «ئەۋلىيا»»** ناملىق كىتاپ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەزكۇر كىتاپتا قۇرۋانجاننىڭ كارامەت كۆرسىتىش ئىقتىدارى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ چەت ئەللىكلەر ۋە دۆلەت ئەرباپلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن 32 پارچە فوتورەسىم قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن. بۇ رەسىملەردە قۇرۋانجاننىڭ ئىچكى كېسەللەرنى داۋالاش، بولغۇسى يەر تەۋرەش توغرىلىق ئالدىن بېشارەت بېرىش، بۇدۇلكىنىڭ ئىچىدىكى هاراقنى سۇغا ئايلاندۇرۇۋېتىش، كىشلەرنىڭ يانچۇغىدىكى پۇلنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، تاشنى تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش، باشقا ئۆيىنىڭ تېمىدىكى يېزىقنى ئۆزى باشقا ئۆيدە تۇرۇپ، كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق ھۈنەرلىرى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر كىتاپتا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر پەرزەندى قۇرۋانجان ھەر خىل ئىقتىدارلىرى جەھەتتىن باشقا ئەۋلىيالەردىكى كەسىپداشلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلاردا دار ئويۇنى ۋە دارۋازلىق-ئوچۇق تىياترىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى ھېساپلىنىدۇ. دار ئويۇنى قېدىمدىن تارتىپ ئۆزمەيى ئوينىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر داۋازى ئادىل ھوشۇر بۈگۈنمۇ دۇنيا چېمپىيونى ھېساپلىنىدۇ.

1997-ژىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۇيغۇر پەرزەندى ئادىل ھوشۇر چاڭجىيان دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزى ئۈستىگە تارتىلغان 646 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 375-مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات سىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ پولات سىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قولىدىكى ئۇزۇنلىغى 8 مېتىر 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى 12 كىلوگرامم كېلىدىغان مېتال تەڭپەڭنى بېشىدىن ھەم پۇتىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن كېيىن، بىر پۇتىدا تىك تۇرۇپ، ماھارەت كۆرسەتكەندىن كېيىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 13 مىنۇت 45 سېكۇنداتا پەللىگە بېرىپ يەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر پەرزەندى ئادىل ھوشۇر دۇنياۋىي رېكورد ياراتتىلا ئەمەس دار ئويۇنى بويىچە مۆجىزە يارىتىپ، «ئاسمان شاھى» دەپ ئاتاق ئالدى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتىللا ئەمەس، بۈگۈنمۇ ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان تالانتلىق مىللەت ئىكەنلىگىنى دۇنياغا جاكالىدى.

20 ياشلىق ئۇيغۇر داۋازى ئابدۇسەمەت ھەسەن بولسا، ئىچكى خىتايدىكى شىنياڭدىكى «نەنفۇ» كۆلى ئۈستىگە تارتىلغان پولاي ئاغامچا ئۈستىدە 2003-ژىلى 17-ئىيۇلدىن 20-ئاۋغۇسقىچە 34 كۈن ياشىدى. ئۇ كۆل يۈزىدىن 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۇزۇنلىغى 240 مېتىر كېلىدىغان پولات ئاغامچا ئۈستىدە 93840 مېتىر مۇساپىنى مېڭىپ ئۆتتى. بۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە 55 سائات 34 مىنۇت كەينىچىلەپ مېڭىپ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىمۇ دۇنيا گىنىس رېكوردلار كىتاۋىغا يېزىلدى. ئۇيغۇر پەرزەندى ئابدۇسەمەت ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا: «ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەن گىماليا تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرى ئارىسىغا پولات ئاغامچا تارتقۇزۇپ، شۇنىڭ ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشكە تەييار ئىدىم. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق بىر كىشى دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش جەھەتتىن مېنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان بولسا، ئۇنى مەن خوشال قارشى ئالاتتىم!» دەپ ئېلان قىلدى.

**مائارىپ.** مەلۇمكى، مىللىي مائارىپ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم. ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىغان زامانلاردا مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىدە مائارىپ ئىشلىرىغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنكى، پۈتۈن مەملىكەتتە باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشقان بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساۋاتلىق ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە بىلىم بېرىدىغان ھۈنەر مەكتەپلىرى (تېخنىكۇملار)، تالىپلار ئەمەلىي مەشغۇلات ئۆتكۈزىدىغان ئۇستىخانىلار ھەممە ژۇتلاردا دېگۈدەك بار ئىدى.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھىرى، ھەربىي قىسمىدىكى سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھەرلىرى ئوتتۇرا ئازىيانىڭ ئىلىم مەركەزلىرى ھېساپلىناتتى. موشۇ شەھەرلەردىكى ئالىي بىلىم دەرگاھلىرىدا شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى: فىلوسوفلار، ئاسترونوملار، تېۋىپلار، تەبىئەتشۇناسلار ۋە ئىلاھىيەت ئىلمىنىڭ يېتۈك بىلىمدانلىرى دەرىس بېرەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئىلىمنىڭ ھەر خىل ساھالىرى بويىچە نەچچە مىڭلىغان ئالىملار، ئۇستىلار، ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزى تۇرپان، بېشبالىق قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ مائارىپ ئىشلىرى بەكمۇ تەرەققىي تاپقان ئىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساۋاتلىق ئىدى. ۋۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئىلىم، ھۈنەر، سەنئەت ۋە تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماھىرلار ھېساپلىناتتى. ئەينى زاماندا تۇرپانى زىيارەت قىلغان چەت ئەل سەياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ ئەلنىڭ ئىلىم، سەنئەت جەھەتتىكى ژۇقۇرى سەۋىيەسىگە ھەيران قېلىشقان.

ئۇيغۇرستاندا سەبدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىمۇ مائارىپ ئىشلىرىغا زۇقۇرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. پايتەخت ياركەنت شەھىرىدە كونا مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلانغان قەشقەر شەھىرىدە ئورۇنلاشقان مەدرىسە ۋە دارىلفۇنلار ئىشلەپ تۇراتتى. شۇ زاماندا پۈتۈن ئەلدە 2236 ئوقۇش ئورۇنلىرى بولغان ئىكەن. مەركەزدە «سىپاھىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي مەكتەپ، «شىپاھىيە» دەپ ئاتىلىدىغان تىببىي مەكتەپ، «ساپارات» دەپ ئاتىلىدىغان دىپلوماتلارنى تەييارلايدىغان مەخسۇس ئوقۇش ئورۇنلىرى بولغان ئىكەن.

**دىن.** دۇنياۋىي چوڭ دىنلار ھېساپلانغان بۇددىزم، خرىستىئان، ئىسلام دىنلىرى ئىنسان ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك ئۇتۇغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. موشۇ دىنلارنىڭ ئىچىدە بۇددىزم ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تولۇقلىنىپ كامال تېپىشىدا، ئۇيغۇر پېشۋالىرى ھەل قىلغۇچى روللارنى ئوينىغان. بۇ پىكرىمىزنى دەللەش ئۈچۈن تارىختىن فاكت كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى.

بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى سۇددۇخاراتا (ساكيا مۇنى) ئۇيغۇرنىڭ ساك قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇددا دىنىنىڭ 4 چوڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئىككىسى-يەكەنلىك سۇلئى سۇما بىلەن كۇچالىق كۇمارا قىۋالا رەۇ ساپ ئۇيغۇرلار ئىدى. موشۇ ئۇستازلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بۇددا دىنى پۈتۈن ئۇيغۇرستانغا تارقىلىپ، تارىم ۋادىسىدا 600 ژىل، تۇرپان، قۇمۇللاردا 1000 ژىل بويى دۆلەت دىنى دەرىجىسىدە ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇلا ئەمەس، مىلادىنىڭ 4-ئەسىردە ياشىغان بۇددا ئۇستاشى كۇماراجىۋا بۇ دىننى خىتايئېلىغا كەڭ تارقاتقان ئىدى. كېيىن بۇ دىن خىتايدىن ئۆتۈپ، شەرىقتىكى كورېيا بىلەن ياپونىياگە، شىمالدىكى مانجۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئىچىگە تارقالغان. تاكى بۈگۈنگىچە بۇ مەملىكەتلەردىكى ئاساسلىق دىن بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولىشىمۇ، ئازىيا قىتئەسىگە كەڭ تارقىلىشىمۇ بېۋاستە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىمۇ-دۇنياۋىي چوڭ دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دۇنياغا تارقىلىشىدا ئەرەپلەر ئاساسىي رول ئوينىغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقتىدا «قۇران كەرىممۇ»، «ھەدىس شەرىفمۇ» يېزىلىپ چىقمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئىشنى چارىيالار بىلەن ساھابىلەر قولغا ئېلىشقان. ئۇلار ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا «قۇران كەرىمنى» يېزىپ ئېلان قىلىپ ئۈلگەرگەن. بىراق «ھەدىس شەرىفنى» يېزىپ ئۈلگىرەلمىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئېسىدا ساقلىغان چارىيالار بىلەن ساھابىلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ژىغىش، رەتلەش ۋە بېكىتىش ئىشلىرى ناھايىتى قىيىن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زاماندا ئانچە ئىشەشلىك بولمىغان «ھەدىسلەر» پەيدا بولۇشقا باشلىغان. موشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا IX ئەسىردە ياشىغان بۇخارىلىق ئۇيغۇر ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بۇ قىيىن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەرەپ بىلەن ئورۇنلاپ چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلادە ئۆتكۈر زېھنى، سوغۇلماس تالانتى ۋە قايتماس ئىرادىسى بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشىپ، ئالدى بىلەن ھىجاز. يەمەن، ئىران، ئىراق، خۇراسان، شام ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەرنى ئارىلاپ، شۇ زامانىدىكى ئاتاقلىق ئىسلام ئالىملىرى ۋە مۇھەددىسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ماتېرىئال توپلىغان. ئۇ جەمى 60000مىڭغا يېقىن ھەدىسلەرنى ژىققان. ئاندىن كېيىن بۇ ھەدىسلەرنى بىر-بىرىدىن تەكشۈرۈپ، ئەڭ ئىشەنچىلىك، دۇرۇس (سەھىھ) ھەدىسلەردىن 9000نى تاللاۋېلىپ، رەتلەپ، كىتاپ قىلىپ تۈزۈپ چىققان ۋە دۇنياغا ئېلان قىلغان. بۇ زات موشۇ قۇتلۇق ئىشقا 16 ژىل ئۆمرىنى سەرىپ قىلغان. ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەدنىڭ بۇ ھەدىس كىتاۋى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىشەنچىلىك (سەھىھ) ھەدىسلەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. مۇئەللىپىنىڭ ئۆزىگە بولسا شۇ زاماندىكى ئەڭ زۇقۇرى ئۇنۋان «ئىمام بۇخارىي» دېگەن نام بېرىلگەن (ئىمام-مۇھەممەد پەيغەمبەردىن، چارىيالاردىن قالسىلا 3-دەرىجىلىك دىنىي ئۇنۋان).

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر پەرزەندى ئىمام بۇخارى «قۇران كەرىمدىن» قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدىغان «ھەدىس شەرىف» («سەھىھۇل بۇخارىينى») يارىتىپ، پۈتۈن ئىسلام ئەھلىنىڭ ئۇستازىغا ئايلاندى. ئىمام بۇخارى 80 يېشىدا سەمەرقەنت شەھىرىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان خەرتەڭ يېزىسىدا ۋاپات بولغان، ھازىر بۇ ئورۇندا «ئىمام بۇخارىي» مازارى بار.

ئاندىن قالسا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان جەمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى بايان قىلىدىغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق مۆتىبەر كىتاپنىڭ مۇئەللىپى، خارەزمدىكى «رابات ئوغۇز» دېگەن يۇرتنىڭ قازىسى بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى نەسرىددىن رابغۇزىيمۇ ئۇيغۇر پەرزەندىدۇر. ئىسلام تارىخىنىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەر ئىسلام ئالەمىدە «قۇران كەرىم»، «ھەدىس شەرىفلەردىن» قالسىلا 3-ئورۇندا تۇرىدىغان مۆتىبەر كىتاپ ھېساپلىنىدۇ. مۇئەللىپ بۇ كىتاۋىنى مىلادىنىڭ 1310-ژىلى 41 يېشىدا يېزىپ تاماملىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زاماندا يارىتىۋاتقان مۆجىزىلەرگە كەلسەك، بۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. مىسال تېرىقىسىدە شۇلارنىڭ بىر-ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

تۇرپان شەھرىدىكى پېدىنستىتۇتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا قادىر ئون ژىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىككى دانا كىچىك تىپتىكى ئايروپىلاننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان. 1999-ژىلى يازدا ئۆزى رۇلغا ئولتىرىپ مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچارغان، 15 مىنۇت ھاۋادا پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن كۆزلەنگەن ئورۇنغا بېخەتەر قوندۇرالغان. ئابدۇللا قادىر ياساپ چىققان بۇ ئايروپىلانلارنىڭ قاناتىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 14،5 مېتر، گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 7،5 مېتر، ئېغىرلىغى 300 كىلوگرام كېلىدۇ. ئۇ ئۆزى ياسىغنا ئايروپىلانلارغا «تۇرپان-1»، «تۇرپان-2» دەپ نام بەرگەن.
بۇ ئايروپىلانلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېجىندا ئۆتكۈزۈلگەن ھاۋا قاتناش قۇراللىرى كۆرگەزمىسگە قويۇلغان. كۆرگەزمىگە كەلگەن خىتايلار ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلار ئۇيغۇر پەرزەندى ئابدۇللا قادىرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە تىرىشچانلىقىغا قايىل بولۇشۇپ، ئاپىرىن ئېيتىشقان.
ئۇيغۇرلارنىڭ ياراتقان كەشپىياتلىرى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى يەنىمۇ بار ئىدى. كىتاۋىمىزنىڭ ھەجىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، مىسال تېرىقىسىدە شۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندۇق.
مانا بۇ مىساللار مىللىي زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىپ، بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كارامەتلىرى. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ۋەتىنىدە ئازات، مۇستەقىل ھالدا ياشىغان بولسا، قانچىلىك مۆجۈزىلەرنى تارىتار ئىدىكىن؟ – دەيدۇ كىشى.

## 6-باپ

## زامانىمىزدا ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان پەن-مەدەنىيەت ئەربابلىرى

**– ئەلنى ئەر تونىتىدۇ، بىرەر خەلقنىڭ نوپۇس سانى كۆپ بولسىمۇ،**
**ئۇنى دۇنياغا تونىتىدىغان ئاتاقلىق ئادەملەر بولمىغانلىقتىن،**
**دۇنياغا تونۇلماي پىنھاندا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەلقلەر ئازمۇ؟**
زوردۇن سابىر

كېيىنكى ئەسىرلەردە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مىللىي زۇلۇمى ئاستىدا خەلقىمىزنىڭ ئىجات قىلىش ئەركىنلىگى بوغۇلدى، تالانتى كۆمۈلۈپ تاشلاندى. ئىلىم سەنئەت ئەھلى ھەر قاچان تەقىپكە ئۇچراپ، ئىجات قىلىش ئەرىنلىگىدىن ئايرىلدى. مۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇرلاردىن ئاتاقلىق پەن-مەدەنەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىقىشىنى كۈتۈش مۈمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشچان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن خۇددى تاشنى يېرىپ ئۈنۈپ چىققان گۈللەرگە ئوخشاش بىر قىسىم ئالىملار، ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلار، پەن-مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يەنە يېتىشىپ چىقتى. مىسال تېرىقىسىدە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرىراقلىرىنى ئاتايدىغان بولساق، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچىدە: مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي، مۇسا سايرامىي، موللا بىلال نازىمىي، ئابدۇقادىر داموللا ئەزىزىي، ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە باشقىلارنى ئاتاپ كۆرسىتىشىمىز مۈمكىن...
ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى XX ئەسىرنىڭ 80-ژىللىرىدىن كېيىنلا چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولۇشتى. بىلىم ئېلىشقا تەشنا بولۇپ كەتكەن ياشلىرىمىز موشۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ئوقۇپ، كەمتەرلىك بىلەن قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، پەن-مەدەنىيەتنىڭ ژۇقۇرى چوققىسىغا كۆتىرىلدى. قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن پەن-مەدەنىيەت ئەرباپلىرى بولۇپ يېتىشتى. مىسال تېرىقىسىدە شۇلادىن بىر نەچچىسىنى ئاتاپ ئۆتىمىز:
ئامېرىكىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ئالتايشۇناس ئالىم لېتىپ توختى، ئارخېئولوگ ئالىم دوكتور دولقۇن قەمبىرى، مەدەنىيەتشۇناس ئالىم دوكتور قاھار بارات ۋە باشقىلار. ئەنگلىيادە ئوقۇپ مائارىپ باشقۇرۇش ساھاسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەكىمە ئەرشىدىن خانىم. فرانسىيادە ئوقۇپ تىببىي ئىلىم بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان پەرھات كېرىم، گوللاندىيانىڭ ئامستېردام ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان مۇھەممەترېھىم سايىت، روسسىيادە ئوقۇپ پەلسەپە پەنىرىنىڭ دوكتورى ئۇنۋانىنى ئالغان ياش ئالىم ياسىن ھوشۇر، تىببىي پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئادالەت قاسىم، تىببىي پەنلىرىنىڭ دوكتورى خالمۇرات غوپۇر، تارىخ-پەلسەپا پەنلىرىنىڭ دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن ۋە باشقىلار.
تىببىي پەن دوكتورى غاپپار پەتتاھ، تىببىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ئۇيغۇر ياشلىرىدىن ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى، غالىپ قۇتلۇق، بارات ئابدۇرېھىم، زەپەر ئابلىز ۋە باشقىلار بار.
قىسقىسى، كېيىنكى 20 ژىلدىن بۇ يان خىتاي ھۆكۈمىتى «ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» سەياسىتىنى

ژۇرگۇزۇپ، چەت ئەللەرگە بېرىپ كېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. موشۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلانغان كۆپلىگەن تالانتلىق ئۇيغۇر ياشلىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، پەن-تېخنىكىنىڭ ھەر خىل ساھالىرى بويىچە ئالىم، مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشمەكتە. كېيىنكى 20 ژىل ئىچىدە، ئامېرىكىدا، ياپونىيادە، تۈركىيادە ۋە ئېۋروپىدىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئىلمىي دىسسېرتاسىيالەرنى ياقلاپ، ھەر خىل ئىلمىي ئۇنۋانلارنى ئالغان ئالىملىرىمىزنىڭ سانى 100دىن ئاشىدۇ. ھەي خىل ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرى بولسا مىڭدىن ئوشۇق. چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ياشلىرىمىز ئىچىدە ئىككى-ئۈچ چەت تىللارنى بىلىدىغانلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىگى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە، ھازىرقى روسسىيا، قازاقستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكستان ۋە تۈركمەنىستاندا ياشايدۇ. بىزنىڭ ھېساۋىمىز بويىچە ئوتتۇرا ئازىيادە، يەنى غەربىي تۈركستاندا 1 مىلليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەزەلدىن موشۇ دىياردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرى. يەنە بىر قىسمى تۈرلۈك دەۋرلەردە، تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ قەشقەرىيە ۋە ئىلى ۋادىلىرىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر. بۇ ئۇيغۇرلار چەت ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقىنىغا قارىماي، بار مۇمكىنچىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ياشلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىلىمنىڭ ھەممە ساھالىرى بويىچە ئۆز ئالىملىرى بىلەن مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈۋالدى. روسسىيانىڭ پايتەختى موسكۋا بىلەن سانكت-پېتېربۇگ شەھەرلىرىدىلا يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر ئالىملىرى ھەر ساھالار بويىچە خىزمەت قىلماقتا. مىسال تېرىقىسىدە شۇلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

پروفېسسور، دوكتور ئالېكساندر رەخىموۋ روسسىيادە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاتوم-يادرو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھازىر موسكۋا ئۇنۋېرسىتېتى ئاتوم-يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىغى. ئۇ موشۇ ساھادىكى بىر نەچچە يۈزلىگەن ئالىملارغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

پروفېسسور، دوكتورتېلمان كەرىمباېۋ روسسىيانىڭ ئالەم بوشلۇغى تەتقىقات مەركىزىدە بۆلۈم باشلىغى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ 200دەك ئالىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالەم كېمىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

دوكتور دەمىر ساتتاروۋ سانكت-پېتېربۇرگتىكى ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىغى. ئۇ ئۆز ساھاسى بويىچە روسسىيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان ژۇقۇرى ھۆرمەتكە سازاۋەر.

دوكتور، دوسېنت قەھرىمان نامىشېۋ موسكۋاسكى روسسىيا ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بۆلۈم باشلىغى بولۇپ ئىشلەيدۇ. موشۇ ساھا بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىم.

بۇلاردىن باشقا يەنە موسكۋا قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتورى م. روزىن؛ روسسىيا پەنلەر ئاكادېمىياسى ماتېماتىكا تەتقىقات ئىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىملى، پروفېسسور، دوكتور ناتالىيا تۇرسۇن قىزى؛ كومپيۇتېر ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىغى پروفېسسور پولات ئەخمەتوۋ؛ تېمىريازوۋ نامىدىكى يېزا ئېگىلىگى پەنلەر ئاكادېمىياسىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى دوسېنت ۋە دوكتور ئاكا-سىڭىل شۆھرەت مۇتەلىپوۋ بىلەن مەرىيەم مۇتەلىپوۋا؛ مېدېسىنا پەنلىرىنىڭ دوكتورى پروفېسسور بۇرھان... ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىستىداتلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

ئاتاقلىق دىرىژېر، پروابسسور ئەزىز دۇگاشېۋ دۇنياغا داڭلىق «بولشوي تېاتردا» ئىشلىگەن. ئۇ موشۇ تېاتر سەھنىسىدە ئېۋروپىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىغا، سىمفونىيالىرىگە دىرىژېرلىق قىلىپ، پۈتكۈل ئىتتىپاققا تونۇلغان. ئۇ 5 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ «خەلىق ئارتىسى» دېگەن نامغا سازاۋەر.

ئەندى ئوتتۇرا ئازىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كېلىدىغان بولساق، جەمىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە ساھالىرىدا ئۇيغۇر ئالىملىرى ئۈنۈملۈك پائالىيەت قىلىپ، شۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئىختىسادىي، مەدەنىي ۋە مەنىۋىي تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقانلىغىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىسرايىل ئىسمايىلوۋ بىلەن ئابدۇللا بەرابېۋلار 1992-ژىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان جەمىيەت ھاياتىنىڭ ھەر قايسى ساھالىرىدا ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ تىزىملىگىنى ھازىرلاپ قىسقىچە تونۇشتۇرىدىغان كىتاۋىنى نەشر قىلدۇردى. «ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كىتاپتا 236 ئۇيغۇر ئالىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاكادېمىك ئۇنۋانىنى ئالغانلاردىن 6 كىشى بار: ئۆزبەكستاندىن يارمۇھەممەت مۇبارەكوۋ، قىرغىزستاندىن ئەزىز نارىنباېۋ، قازاقستاندىن مۇرات ھەمراېۋ، غوجەخمەت سەدۋاقاسوۋ، تۇرغان سوپېېۋ ۋە ماخمۇت ئابدۇراخمانوۋلار. بۇ تىزىملىكتە پەن دوكتورى ئۇنۋانىنى ئالغانلاردىن 30 كىشى بار. قالغانلىرى ھەر قايسى ساھالار بويىچە پەن نامزاتلىرى ۋە ئاسپىرانتۇرىدا ئوقۇۋاتقانلار. كېيىنكى 12 ژىل ئىچىدە ئۇيغۇر ئازىيادە 250 نەپەر ئۇيغۇر ئالىملىرى بار دەپ ئېيتساق ھەقىقەتتىن ژىراق بولماس.

رەسمىي ستاتىستىكا مەلۇماتلىرى بويىچە ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەردە يېرىم مىلليونغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئالىملارنىڭ سانىنى موشۇ نوپۇسقا چېقىپ ھېساپلايدىغان بولساق، ھەر 2000

كىشىگە بىر ئالىم توغرا كېلىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ كىچىك نەتىجە ئەمەس. مۇنداق نەتىجىنىڭ قولغا كېلىشى: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەقىل-پاراستىنىڭ يېتۈكلىكىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمۇمىي سانى 600 نەپەر ئەتراپىدا. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 22 پەن دوكتورى، 28 نەپەر تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، 84 نەپەر ئالىي بىلىملىك كىشىلەر بار. دېمەك، 600 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ 234ى ئالىي مەلۇماتلىق دېگەن سۆز. شۇلاردىن بىرىنى مىسالغا ئالساق، بىزنىڭ يۇرتدىشىمىز ئالمۇتىلىق ئابدۇرېھىم ئەيتباېۋ ئامېرىكىنىڭ نيۇ-مېكسىكو شتاتىدىكى سوكورو شەھىرىدە تاغ-كان تېخنولوگىياسى ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا دېپارتامېنتىدا ئاسسىستېنت-پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىر 22 مىللىوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئۇيغۇرستاندا (شۇئاردا) بولسا، ئىجتىمائىي پەن ساھاسىدىكى ئالىملارنىڭ سانى يۈزگىمۇ يەتمەيدۇ. پەن-تېخنىكا ساھاسىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز. مانا بۇ روشەن سېلىشتۇرما.

موشۇ فاكتلارغا ئاساسلىنىپ، شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولۇدۇكى: ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ۋەتىنىدە مۇستەقىل، ئازات، ئەركىن ياشىغان زامانلاردا، ئىلىم-سەنئەت ۋە پەن تېخنىكا ساھاسىدا كۆپلىگەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئېدى. ھازىرقى زاماندىمۇ ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئىلىم-پەننىڭ ژۇقۇرى چوققىلىرىنى ئېگەللەپ، شۇ مەملىكەتلەرنىڭ، شۇ قاتاردا ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى قابىلىيەتلىك، تالانتلىق خەلق. **ئەگەر ياخشى شارائىت بولىدىغان بولسا، ئۇلار ھېچ بىر خەلقتىن كام قالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇر خەلقىنى قىرىپ، ئۆلتۈرۈپ، تالانتىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان، پەقەت خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ەپنوست سەياستىدۇر.** چەت ئەللىك بىر ئەرباپ شۇنداق دېگەن ئېكەن: «قارا تەغدىرنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆلۈمگە قارشى كۈرەش قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، مىللەت سۈپىتىدە ئۆزىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ خەلق بار: بىرى پەلەستىن، بىرى چېچەن، بىرى ئۇيغۇرلار». ھە، بۇ خەلقلەر يوقالمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ دۇنيادا ئەركىن ياشاش ھوقۇقى بار!

## 7-باپ

**ئۇيغۇرلار توغرىلىق دۇنيا ئالىملىرى نېمە دەيدۇ؟**

**- بىز ئەندى ئېۋرازىيادە ئىككى مەدەنىي مەركىزنىڭ بارلىغىنى بىلدۇق.**
**ئۇنىڭ بىرى ساكسونىيادە، يەنە بىرى ئۇيغۇرىيەدە.**
**بۇ مەركەزلەر تاكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلىغان.**
ۋ.ۋ.بارتولد

XIX ئەسىردە ياشىغان ئىنگلىز-تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمس چېرچۋارد: «قېدىمىي كونتىنېنت مۇ»ناملىق كىتاۋىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 3-بېتىدە ئۇيغۇرلار توغرىلىق مۇنداق دەپ يازغان ئېدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئەڭ قېدىمىي زامانلاردىن ئىزدەش كېرەك. ئۇيغۇرلار ئارىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېتىنىك مەنبە بولغان، ھەتتا پۈتۈن ئازىيا قۇرۇقلۇغىغا ئىنسانلارنىڭ تارقىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇق كۆچۈشلىرىدىن كېيىن بولغان... ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 17 مىڭ ژىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ ژۇقۇرى پەللىسگە يەتكەن ئېدى. ئۇلار: يېزا ئېگىلىگى، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، مەتبەەچىلىك، مېدىيسنا ئىلمى، ئاسترونومىيا ۋە باشقا ساھالاردا ژۇقۇرى تەرەققىياتىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردىلا تېرە، ژۇڭ، ئىپەك، ياغاچ ماتېرىئاللىرى، تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، ئالتۇن ۋە كۈمۈچتىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلەشنى بىلەتتى. بۇ ئىشلار مىسىر مەدەنىيىتىدىن خېلە بۇرۇن يۈز بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىند ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان تېكستلاردا يېزىلىپ قالدۇرۇلغان. قېدىمىي خىتاي مەنبەلىرى ۋە ئارخېولوگىيالىك تېپىلمىلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلەيدۇ».

ئالىم پوزدنېېۋ بولسا، ئۇيغۇرلار توغرىلىق پىكىر بايان قىلىپ:

- «شەرىق خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ھېچ بىر مىللەت ئۇيغۇرلاردەك ئېۋروپا ۋە غەرىپ ئالىملىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالمىغان. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەقىقىي سىرى تېخى ئېچىلمىدى. بەزى بىر نەرسىلەر تېخى سىر پېتىچە تۇرماقتا. ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېلەچەكنىڭ ئىشى» دەپ يازغان.

ئۇلۇق رۇس تارىخچىسى... كوزنېسوۋ ئۇيغۇرلار توغرىلىق مۇنداق دەپ يازغان؛

«ئوتتۇرا ئازىيا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز، موشۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار

بولغانلىغىنى بولغانلىغىنى تەكىتلىشىمىز كېرەك».

يەنە باشقا ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئېيتقان مونۇ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىڭ:

«ئۇيغۇرلار قېدىمىي تۈركىي خەلقلەر جۇملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن بەلكى قېدىمىي ۋاقىتتىن باشلاپلا، تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق رولىنى ئېگىلىگەن ھەم كۆپ سانلىق خەلق بولغان ئىدى» (ۋ.رادلوۋ).

« ئۇيغۇرلار قېدىمىي ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئازىيادىكى ژۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» (س.مالوۋ).

«ئۇيغۇرلار نىسك ئوتتۇرا ئازىيا تارىخىدىكى رولى سەياسىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇلار خىتاينىڭ كونا چېگارىسىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ، خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن ھىند، ئېۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان» گ.ۋېرسادىسكىي.

«قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ ژىللار ئۇزۇن. بىز رۇسلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئورمان ھاياتىمىزنى ئەندىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقتىمىزدا، سىز ئۇيغۇرلار ئالللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق ژۇقۇرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدىڭلار. بۇ تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن. قىسقىسى، سىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇلۇق خەلق» (رۇس تيۇركولوگ ئالىمى د.ۋاسلىېۋنىڭ شاگىرتى نەبىجان تۇرسۇن بىلەن بولغان سۆھبىتىدىن ئېلىندى).

«ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك، مىللىي دۆلەتىرىگە ئېگە بولغان ئىدى» (ن.يا.بىچۇرىن).

مىلادىدىنى بۇرۇنقى XV ئەسىردە ھۇنلارنىڭ دۆلىتى بار ئىدى. (ھۇنلار ـ شەرقىي ئۇيغۇرلار)، ئاما سەياسىي سەھنىگە چىقىپ ھەرىكەت قىلىشى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە باشلانغان» (پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر).

«شۇنداق قىلىپ، بىز ئەندى ئېۋرازىيادە ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بارىغىنى تاتۇق ئۇلارنىڭ بىرى: ترانساكسونىيادە، يەنە بىرى: ئۇيغۇرىيەدە. بۇ نەركەزلەر تاكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلىغان» (ۋ.ۋ.بارتولد).

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى كېيىنرەك چىققان «چى دى» (قىزىل دى)، «بەي دى» (ئاق دى) قەبىلىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ ھېساپلىغاندىمۇ 4ـ3 مىڭ ژىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىگەركى ئەجداتلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسا، يازما مەنبەلەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش كېرەك... ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى نەچچە مىڭ ژىللار داۋامىدا مەركىزىي ئازىيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر بىلەن، شۇنىڭدەك خەنزۇلار بىلەن بىر قاتاردا تەرەققىي ئەتكەن ئىدى». (ۋ.مورژانوۋ).

«مىلادىدىن 2000 ژىل ئاۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان مۇكەممەل يېزىغى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بار ئىدى». (يۇسۇپ زىيا شېرۋانىي).

«ئۇيغۇرلار يېزىغىنىڭ ئۇزاق تارىخقا مەنسۇپ ئېكەنلىگىنى قېدىمىي جۇڭگو، ۋىزانتىيا ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان فاكتلار تەستىقلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا، مۇكەممەل يېزىغى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلىق بەدىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇلار مىلادىدىن مىڭ ژىل بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس ژىلنامىلارنى ياراتقان» (ژوزېف تورى).

«شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز 2000 ژىل ئىلگىرىلا تارىخ دەۋرىگە كىرگەن دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز» (تۇرغۇن ئالماس).

«ئۇيغۇرلارـئۇلۇق قېدىمىي مىللەتەرنىڭ بىرى. سەرنىڭ ئەجداتلىرىڭلار ئازىيانىڭ يولۋاسلىرى دېگەن نام ئالغان باتۇر خەلق ئىدى. سىلەر ئۇ شۆھرەتنى ساقلالمىدىڭلار. ھازىر سىلەرنى ئېۋروپىلىقلار بىلمەيدۇ. سەر ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار دۇنياغا تونۇتىشىڭلار لازىم. سىلەر ئۆزەڭلار نۇرلانمىساڭلار، باشقىلار سىلەرنى ئوكيانلىقچە كۆرەلمەيدۇ» (مەرىيەم ئانا گابايىن خانىم، يازغۇچى زوردۇن سابىر بىلەن بولغان سۆھبەتتىن).

«مەركىزىي ئازىيانىڭ سەياسىي تارىخىدا ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلار چوڭ رول ئويناپ كەلگەن. بۇ مىللەت ئۆز تارىخىدا ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈردى. شۇنداقتىمۇ سىناقلاردىن سۈرۈنمەي ئۆتۈپ، مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. ھەر قانداق خەلقنىڭ تارىخىدا ئۇنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ساقلىنىپ قالغانلىغى مۇھىم» (د.ئى.تىخونوۋ).

«ئۇيغۇر مىللىتى تۇران ئىرقىي تىپىدىكى، ساك قانلىق، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئېگە بولغان، ھەر خىل ئىختىسادىي تۇرمۇش تىپى، ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەت تىپى، ھەر خىل يېزىق شەكلىنى ياراتقان ۋە قوللىنىپ كېلىۋاتقان، ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرسىمۇ، داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە رىۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئەۋ تىپىك مەركىزىي ئازىيا مىللىتىدۇر. روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئازىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مىڭ



www.uyghurkitap.com

ژىللار داۋامىدا مۇھىم، ئىزچىل ھالدا سىۋىلىزاسىيا مەشئىلى رولىنى ئويناپ كەلگەن. گەرچە كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىپەك يولىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىنى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بىكىنمىچىلىك ئاسارىتى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى شۆھرىتىدىن ئايرىلىق قالغان بولسىمۇ، ئامما ئۇلارنىڭ قەدىمىي زاماندىن تارتىپلا شىمال بىلەن جەنۇپ، غەرىپ بىلەن شەرىق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى جەھەتتىن ئوينىغان پەۋقۇلادە رولىنى جاھان ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە. مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ساھالىرى بويىچە كەشپىيات ۋە يېڭىلىقلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئاندىن ئوتتۇرا ئازىيا ۋە مەركىزىي ئازىيادىكى قېرىنداش خەلىقلەرگە تەدرىجى ھالدا تارقالغان ۋە ئۆزلەشكەن. ئەشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە بۇ مەنئۇىي مۇۋاپپەقىيەتلەر بۇ قېرىنداش خەلىقلەرگە بەخت-سائادەت ۋە تەرەققىيات ئاملى بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى» (پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 2-بەت).

«گەرچە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئازىيا خەلىقلىرى ئارىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە سەياسىي ھاكىمىيەت تالىشىش ماجرالىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئامما ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەتكە قاقىدىغان ھادىسىلەر ھېچ قاچان كۆرۈلگەن ئەمەس. بۇ ماھىيەتلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇۋاپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئازىيا خەلىقلىرىنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» (ژۇقارقى كىتاپ، 3-بەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاقلىق رۇس ئالىمى ئا.ن.بېرنشتام ئالىملارنىڭ ژۇقارقى پىكىرلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىشەشلىك تەلەپپۇزدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«ئۇيغۇرلار—مەركىزىي ئازىيادىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلىقلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدە ياشاپ، ئەجايىپ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىش بىلەنلا قالماستىن، شەرىقنىڭ ئالامەت چوڭ تارىخىي ۋاقىەلىرىگە قاتنىشىپ ئامۇ، لىنا دەرياىلىرىنىڭ باشلىرىدىن دۇنيانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغىچە بولغان ئېۋرئازىيانىڭ كەڭ پەزاسىغا ئۆز نامىنى تارقاتقان خەلىق... شەرق تارىخى بىلەن ئازىراق بولسىمۇ تونۇش بولغان ھەر قانداق كىشى، بۇ تارىختا قەدىمىي زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ نامى ئۇيغۇرستاندا (ھازىرقى شۇئاردا) ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە يوقالماي كەلدى. ئۇيغۇرنىڭ نامى بىر چاغلاردا خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلىدا ۋە موڭغۇلىيانىڭ پايانسىز داللىرىدا ياڭرىغان ئىدى. ئالتاينىڭ ئېتەكلىرىدە ۋە يەتتىسۇنىڭ بويلىرىدا قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان. بۇلا ئەمەس، بالقان يېرىم ئارىلى خەلىقلىرى، بولۇپمۇ بۇلغرلارنىڭ تارىخىدا قەدىمىي ئۇيغۇرلار ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغانلىقىنى تارىخچىلار ياخشى بىلىشىدۇ. ئەگەر كىمدۇ-كىم دۆلەت ئېرمىتاژىنىڭ «شەرىق خەلىقلىرى بۆلۈمى» دەپ ئاتالغان زاللىرىدا بولغان بولسا ياكى ئېۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇزېيلىرىدىكى ئېكسپوناتلار تىزىملىگىنى كۆرگەن بولسا ياكى ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ۋاراقلىسا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت دۇردانىلىرى ئەشۇ مۇزېيلارنى زىنەتلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەسلىگى مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، شەرىقنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئالاھىدە ئورۇندا».

مۇەللىپ ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى نەچچە مىڭ ژىللارنى قامراۋالىدۇ. بۇ خەلىق مەركىزىي ئازىيادە سىنىپىي جەمىيەت ئورنىغاندىن بېرى، شەرىق خەلىقلىرى تارتقان جەۋرى-جاپالارنى باشتىن كەچۈردى ۋە ھازىرمۇ كەچۈرۈۋاتىدۇ... ئۆتمۈشتە شۇنچە شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرستاندا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا قۇلۇق ئازاۋىنى تارتماقتا. ئاھالىنىڭ كۆپچىلىگىنى، يەنى 86 پايىزىنىڭ تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىغا ئېگە بولالمايلا قالماستىن، بارلىق ھوقۇقلىرىدىن مەرھۇم قىلىنىپ، ئۆز ۋەتىنىدە قەدىر-قىممەتسىز بىر خەلىققە ئايلاندۇرۇلغان. مەن چىن كۆڭلۈمدىن شۇنى خالايمەنكى، مېنىڭ بۇ قىسسەمنى ئوقۇغان ئۇيغۇر كىتاپخان، مەيلى ئۇ غۇلجىلىق بولسۇن ياكى تۇرپانلىق، چونجىلىق بولسۇنىكى ئالمۇتىلىق، بۇ قىسسىدە ئۆز خەلقىنگى شانلىق ئۆتمۈشى توغرىلىق ھەقىقەتنى ئوقۇپ، چۈشىنىپ ۋە ھۆرمەتلەپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز خەلقىنىڭ ئىجادىي كۈچىگە تېىسمۇ ئىشەنسۇن ۋە ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ ئىنتىلسۇن» (ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى» 1951-ژىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى 5-4-بەتلەر).

ھۆرمەتلىك ئالىمنىڭ بۇنىڭدىن 53 ژىل بۇرۇن ئېيتقان بۇ سەممىي سۆزلىرى بۈگۈنمۇ كىشى قەلبىنى ھاياقانغا سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى ئەينە شۇنداق. موشۇ خىلدىكى تەرىپ-تەۋسىپلەرنى باشقا ئالىملاردىنمۇ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئەقىللىق كىتاپخانلىرىمىزغا ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىكىرلەر، بېرىلگەن باھالار كۇپايە قىلسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

## ئۇيغۇرۇم

### (ئاچچىق ھەقىقەت ئىنداسى)

بۇ ئالەمدە بار سەن، ئۇيغۇرۇم،
دەردىن ئېغىر، خار سەن؟ ئۇيغۇرۇم.
تەغدىر سالغان ئېغىر قىسمەتنى،
كۆتەرگەن بىر نار سەن، ئۇيغۇرۇم.
ئۆز دۆلىتىڭ، ئەركىن بولمىغاچ،
نەگە بارساڭ خار سەن، ئۇيغۇرۇم.
ئۆزەڭ چەكسىز ئىكەن تۇرۇپ،
تامچا سۇغا زار سەن، ئۇيغۇرۇم!
كۈرەشلەردە مەردان ئىدىڭ سەن،
ياۋنى يېڭىپ ماڭغان ئىدىڭ سەن.
دۈشمىنىنى دوست دەپ ئىشىنىپ،
يەنە ئالدىنىپ قالغان، ئۇيغۇرۇم!
شۇندىن بېرى ھالىڭ پەرىشان،
ھەممە يەردە ۋۇرىسەن سەرسان.
تېشىڭ پۈتۈن كۆرۈنگەن بىلەن،
ۋۇرەك-باغرىڭ ۋەيران، ئۇيغۇرۇم!
بالقىپ چىققان ئاي ئىدىڭغۇ سەن،
تالانتلارغا باي ئىدىڭغۇ سەن.
تالانتلىرىڭ تاراجغا كەتتى،
ئالالمىدىڭ ھەي سەن، ئۇيغۇرۇم!
بارچە مىللەت تۇرۇپ قاتارغا،
ئۆزىنى جاكى قىلدى جاھانغا.
پەقەتلا بىر سېنىڭ نامىڭ يوق،
ۋىتىم بولۇپ قالغان، ئۇيغۇرۇم.
ئەركىنلىكنى خويما كىنىدىڭ،
ناخشا-قوشاق قىلىپ كۈيلىدىڭ.
ئىنتىلدىڭۇ، ئېرىشەلمىدىڭ،
قەلبى تولا ئارمان، ئۇيغۇرۇم.
ئىنتىلسەڭمۇ، ئارمان قىلساڭمۇ،
ئېچىلمىدى ئىقبالىڭ سېنىڭ.
يە كاجمىدى تەغدىر-تەلىيىڭ،
بىلەلمەي مەن ھەيران، ئۇيغۇرۇم!
تەغدىرىڭنى ئويلاپ تۈن-كېچە،
كۆڭلۈم مىسكىن، ۋۇرىگىم زېدە.
سەنمۇ بىر كۈن بەخت ئىچىدە،
كۈلەرسەنمۇ شادمان، ئۇيغۇرۇم.

---

ئىلاۋە:

(ۋۇقۇرىدىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئېيتقان پىكىرلىرى بىۋاستە ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىدىن، يەنە بىر قىسمى گېزىت ۋە ۋۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردىن تاللاپ ئېلىندى).



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2ـ قسىم

# ئۇيغۇرستاننى تونۇشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

## سۆز بېشى

**ـ ئۆز ۋەتىنىنى ياخشى تونۇمايدىغان ئادەم ئۆز ئانىسىنى تونىمىغان بالىغا ئوخشايدۇ.**

ئابدۇقادىر داموللا

ئۇيغۇرستاننى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋال بۇ ئەلنىڭ گۈزەللىكى، ئەۋزەللىكىنى دەلىللەيدىغان بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا:

«ئاللاھ تائالا سۇبھەنى كەرىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن يەر-زېمىننى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ـ موشۇ زېمىننىڭ گۈزەللىكى ۋە نېمەتلەردىن بەھرىمان بولسۇن، ئۆز ئەمگىكى بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈپ تېخىمۇ ئاۋات قىلسۇن ـ دەپ ئىنسانلارنى ياراتقان ئىكەن. بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنى ھەر خىل مىللەت شەكلىدە خەلق ئەتكەن ئىكەن. ئاندىن كېيىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئاقساقال ۋەكىللىرىنى چاقىرتىپ ئەپكېلىپ، ئۇلارغا يەر-زېمىننى تەخسىم قىلىپ بەرگەن ئىكەن. شۇ چاغدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاقساقال ۋەكىللىرى چاقىرىلغان جايغا كېلىپ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك يەر-زېمىنلىرىنى ئېلىشىپتۇ. يالغۇز ئۇيغۇرلار كەلمەي قاپتۇ. يەر-زىمىن تەخسىم قىلىنىپ تۈگەپ قالغاندا، ئاندىن ئۇيغۇر ۋەكىلى يېتىپ كەپتۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن:

«سەن نېمىشكە چاقىرغان ۋاقتىدا كەلمىدىڭ، يەر-زېمىننى تەخسىم قىلىپ بولدۇم؟ دەپ سوراپتېكەن، ھېلىقى ئۇيغۇر ۋەكىلى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتىرىپ:

ـ يا رەببىم، مېنى كەچۈرسىڭىز. سىز چاقىرغان ۋاقىتدا كېلىۋاتاتتىم، بىر قېرى ئانا ئاغرىپ، ئۆيىگە يېتەلمەي، يولدا يېتىپ قالغانلىغىن كۆردۈم. ھېلىقى ئانىنى ھاپاش قىلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ، تېۋىپ چاقىرىپ كېلىپ، كېسىلىنى كۆرستىپ، ئانىنىڭ ئەھۋلى ياخشى بولغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، بۇ ياققا كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىم: ئۇيغۇرنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىگە قايىل بولۇپ:

«سەن ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل مىللەت ئىكەنسەن، مەن يەر-زېمىننى تەخسىم قىلغان ۋاقتتا ئۆزەمگە ئاتاپ ئېلىپ قالغان بىر پارچە زېمىن بار ئېدى. بۇ زېمىنغا 8 جەننەتنىڭ گۈزەللىگىنى بېرىپ، نازۇ نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغان ئېدىم. باشقا يات مىللەتلەرنىڭ ئايىغى تۇگمىسۇن دەپ، 4 ئەتراپىنى تاغلار بىلەن قورشىغان ئېدىم. ئوتتۇرىسىغا ئېگىز تەخت ياساپ، شۇ تەختتە ئولتىرىپ، ئەتراپىنى تاماشە قىلماقچىدىم. شۇ زېمىننى ئەندى ساڭا بېرەي»ـ دەپ ھازىرقى ئۇيغۇرستان زېمىننى بەرگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغنى «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئېگىز چوققىسىنى «خانتەڭرى» دەپ ئاتايدىغان بولغان ئىكەن. دېمەك، ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىتىنىڭ گۈزەل بولۇشى 8 جەننەتتىن ئېلىنغان، تاغلىرىنىڭ تەڭرىنىڭ بۈيۈكلىگى بۈيۈكلىگىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغانلىغى بۇ مۇقەددەس زېمىنغا ياتلارنىڭ ئايىغى تەگمىسۇن دېگەنلىكتىن بولغان ئىكەن».

مەن «ئۇيغۇرستان ـ جەننەت ماكان» دەپ ئاتىدىم. بۇ تەسەددىپى ئېيتىلغان پىكىر ئەمەس. قېدىمىي زاماندىكى 4 مۇقەددەس كىتاپنىڭ بىرى «ئىنجىلدا» جەننەت توغرىلىق چۈشەنچە بەرگەندە، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى تەرىپلىگەن بۇ جەننەتنىڭ ئورنى بولسا «ئېدەن» دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن. ھازىرقى زاماندىكى ئىنجىل تەتقىقاتچىلىرى ئىنجىلدا ئېيتىلغان «ئېدەن»، بۇ ئۇيغۇرستاندىكى خوتەن شەھرىنى كۆرستىدۇ، دەپ قاراشماقتا. ۋەتىنىمىزدە چىقىدىغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنالىدا بۇ توغرىلىق چوڭ ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالە مۇئەللىپى ئىنجىلدا ئېيتىلغان «ئېدەن» بۇ باشقا يەر ئەمەس، نەق ئۇيغۇرستانىڭ خوتەن شەھىرى ئىكەنلىگىنى 5 تۈرلۈك فاكتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئىنجىلدا» بايان قىلىنغان توپان سۈيى ۋاقەسى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ ئۇيغۇرستانغا باغلىق ئىكەنلىگىنى دەلىللەپ چىققان. موشۇ فاكتقا ئاساسلانغاندىمۇ، مېنىڭ «ئۇيغۇرستان ـ جەننەت ماكان» دەپ ئېيتقىنىم خاتا بولمىسا كېرەك!

### ئۇيغۇرستان ـ جەننەت ماكان

**بەخت دېسەڭ ـ بوستانغا بار، تەخت دېسەڭ ـ ئاستاناغا بار،**
**دىلغا ئارام ئىزدىسەڭ، سەھەر تۇرۇپ سۇبھانغا بار!**
**روزى مەخشەرگە بېرىپ، ئىزدىمە جەننەتنى سەن،**
**ھەقىقي جەننەت ئىزدىسەڭـئۇيغۇرستانغا بار!**
**ئۇيغۇرستان ئەللىرىنىڭ ھەر بىرى بىر مۆجىزات،**
**ئەندانىنى كۆرگىلى، باغراش بىلەن سايرامغا بار!**
**بەشكىرەمنىڭ باغلىرى، بېھىش ئىرۇر قۇچاقلىرى،**

**نېمتنى تېتاي دېسەڭ-قەرارغىماس قەشقەرگە بار!**
**قايسى هۇردىن كام قالۇر ئەتلەس ئەتلەس خوتەن قىزى،**
**هۇرى-غىلمان ئىزدىسەڭ، خۇلدىگىمەس خوتەنگە بار!**
**باغ قۇچانىڭ قىزلىرى، ئالما-ئانار دۇر يۈزلىرى،**
**ۋەسلى جانان ئىزدىسەڭ، مەۋاغىمەس كۇچاغا بار!**
**قايسى جەننەت نېمىتىدىن كام ئۇ تۇرپان كىشمىشى،**
**لەززىتىن تېتاي دېسەڭ، نەدىگىمەس تۇرپانغا بار!**
**ۋەتىنىم — ئالتۇن ئۈزۈك، ئۈرۈمچى ئۇنىڭ كۆزىدۇر،**
**جانغا راهەت ئىزدىسەڭ، ئۈرۈمچىدەك ئەدنانغا بار!**
**ئىلىخۇنىڭ ئالمىسى-دەرتلىك ژۈرەكنىڭ دارىسى،**
**دارىسىن تاپماق ئۈچۈن، دارۇسسالام غۇلجامغا بار!**
**بۈيۈك ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن-كۈمۈچتۈر كانلىرى،**
**دۇررى گۆهەر ئىزدىسەڭ، ۋەسلەتى ئالتايغا بار!**
**يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق بۈيۈك تەڭرى تېغىمىز،**
**جەننىتىل پىردۇسنى كۆرەي دېسەڭ، بوغدامغا بار!**
**بۇ جاهاندا بارمېكىن، ئۇيغۇر ئېلىدەك قۇت ماكان.**
**تۇپرىغىن تاۋاپ قىلىپ ئۆتمەك ئۈچۈن مېھمانغا بار!**
**ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ، كۆرگەن كۈنىڭ ئۆمۈر ئەمەس،**
**ئەل قەدرىنى بىلەي دېسەڭ، مەن كەبى هىجرانغا بار.**
**ئەي، ئۇيغۇرىي، يۇرت قەدرىنى سەن كەبى كىملەر بىلۇر،**
**شۇ ئەزىز ۋەتەننى سۆي، كېرەك دېسە قۇربانغا بار!**

## 8-باپ

### ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى-ئۇيغۇرستاندۇر

**- ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى كېيىنكى زامانلاردا هەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.**
**بىراق بۇ ناملارنىڭ هېچ قايسىسى بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۈچۈن يارىمايدۇ.**
**مەن بولسام، بۇ ئەلنى هەممە يەردە «ئۇيغۇرىيە» دەپ يازىمەن.**
ل.گۇمىلېۋ.

تۇركستان رېگىونى-موشۇ رېگىوندا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن تۇركىي تىللىق قېرىنداش خەلىقلەرنىڭ ئورتاق ۋەتىنى. بۇ خەلىقلەر نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر پۈتۈن ئەل بولۇپ، بىللە ياشىغان زامانلارمۇ بولغان، بۆلۈنۈپ كېتىپ، هەر قايسىسى ئايرىم خانلىق بولۇپ ياشىغان زامانلارمۇ بولغان. هازىرقى زاماندا بولسا، بۇ رېگىوندا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ هەر قايسىسى ئۆز ۋەتەنلىرىدە مۇستەقىل مىللىي دۆلەت بولۇپ ياشىماقتا. قازاقلارنىڭ-قازاقستانى، قىرغىزلارنىڭ-قىرغىزستانى، ئۆزبەكلەرنىڭ-ئۆزبەكستانى، تۇركلەرنىڭ-تۇركمەنستانى، تاجىكلارنىڭ-تاجىكستانى بار. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۇيغۇرستان بار. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەردەك مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە ئېگە ئەمەس. ئۇلار خىتاي ئىمپېرياسىنىڭ مىللىي زۇلۇمى ئاستىدا مۇستەملىكە بولۇپ ياشىماقتا.

ۋەتىنىمىزنىڭ نامى بۈگۈنكى كۈنگىچە «ئۇيغۇرستان»، «شەرقىي تۇركستان»، چىنىي تۇركستان»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دېگەندەك هەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ناملارنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دېگەن نام خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان. توغرىسى، زورلاپ تېڭىلغان نام. «چىنى تۇركستان» بولسا، خىتايپەرەسلەرنىڭ قويۇۋالغان نامى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ناملارنى ئېتىراپ قىلمايمىز. ئەندى هازىر ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇرستان»، «شەرقىي تۇكستان» دېگەن ناملارغا كەلسەك، بۇ ناملار ئۈستىدە

* مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە: قەرار، خۇلدى، مەۋا، ئەدنان، دارۇسسالام، ۋەسلەت، پىردۇسى (فىرداۋس)، نەيىم- بۇ 8 جەننەتنىڭ ناملىرىدۇر.

ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، دۇرۇس، پايدىلىق نامنى تاللاۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ۋەتىنىمىزنىڭ نامنى «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىمىز. «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا قوشۇلمايمىز. بۇنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇرستان» دېگەن بۇ قەدىمىي ناملار. «تۈرك»، «تۈركىستان»، دېمەن ناملار بالىسا كېيىن قويۇلغان.** بۇز تارىخىمىزغا مۇراجىئەت قىلساق، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ بەكمۇ قەدىمىي ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئابۇلغازى باھادىرخان «تارىخ شەجرەي تۈرك» دېگەن ئەسەرىدە «ئۇيغۇر دېگەن نام بۇنىڭدىن 5000 يىللار بۇرۇن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ باتۇر ۋە ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا، ئۇلارنىڭ چەكتە كۆرسەتكەن جاسارىتى، ۋەتىنىگە ۋە خانىغا سادىقلىغى ئۈچۈن ئوغۇزخان تەرىپىدىن قويۇلغان» دەيدۇ. تۈرك تارىخچىسى مۇرات رەمزىي ئەپەندى بولسا: «ئۇيغۇر دېگەن نام مىلادىدىن 2850 يىل مەقەددەم بار ئىدى» دەيدۇ.

ئەندى «تۈرك»، «تۈركىستان» دېگەن ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك: «تۈرك» دېگەن نام تارىخىي مەنبەلەردە،V ئەسىردىن باشلاپ خاتىرلەنگەن. ئەندى «تۈركنىڭ» كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، تارىخچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، تۈركلەر ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغان بىر قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. بۇ قەبىلە ـ توققۇز ئۇيغۇرنىڭ بىرى ھېساپلانغان قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئاشىنا ئۇرۇغىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ قاغانلىرى ئۆزلىرىنى «ئاشىنا ـ تۇمەن»، «ئاشىنا ـ مۇقان»، «ئاشىنا ـ قۇتلۇق» دەپ ئاتاشقان. ئۇنداق بولسا، «تۈرك» نامى قانداق قىلىپ مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالغان؟

تارىخچى مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» كىتاۋىدا: «بۇمىنخان 552 ـ يىلى جورجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، قورجان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۆتۈكەن شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. بۇ دۆلەتكە «كۆكتۈرك خانلىغى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بويسۇنغان دۆلەت تەۋەسىدىكى ھەممە قەبىلىلەرنى (ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قەتئىي نەزەر) «تۈرك» دەپ ئاتايدىغانلىغىنى ئېلان قىلدى» دەيدۇ. (مەزكۇر كىتاپ، 77 ـ بەت). يەنە بىر تارىخچىمىز تۇرغان ئالماس: «كۆكتۈرك قاغانلىغى تەشكىل تاپقان VI ئەسىردە «تۈرك» ئىبارىسى ئالتايدىكى تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئېتنىك نامى بولۇشتىن قالدى. ئىمپېرىيا تەركىۋىدىكى ھەر خىل قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بىراق، كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مەجبۇرىي رەۋىشتە «تۈرك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى»، VIII ئەسىرگە كەلگەندە كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ بارلىرى ئۈستىدە ئورخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلىتى قەد كۆتەردى. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى موشۇ دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدا قايتىدىن بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى. شۇنداق قىلىپ، تۈركچىلىكنىڭ قالدۇق تەسىللىرى تامامەن تۈگىتىلدى. «تۈرك» دېگەن نام پەقەت كىچىك ئازىياگە كۆچۈپ بارغان ئوغۇس تىللىق قەبىلىلەردىلا ساقلىنىپ قالدى» دەيدۇ. («ئۇيغۇرلار» كىتاۋى ئالمۇتا نەشرى، 100 ـ 99 ـ بەتلەر).

ژۇقۇرىدىكى نەقىللەردىن مەلۇم بولدىكى «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىدىغان كام دېگەندە 5000 يىل، «تۈرك» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىققىنىغا بولسا ئاران 1500 يىل بولدى. ئۇندىن قالسا، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئونلىغان دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. تۈركلەر بولسا موسۇنداق ئۆزۈن دەۋردە بىرلا قېتىم دۆلەت تۇتۇپ ئاران 194 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

ئەندى، XX ئەسىرنىڭ I يېرىمىدا قۇرۇلغان مىللىي دۆلەتلىرىمىزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» نامى بىلەن ئاتىلىپ قېلىش سەۋەۋىگە كەلسەك، ئەسلىدە «شەرقىي تۈركىستان» (ۋوستوچني تۈركىستان) دېگەن ئاتالغۇنى XIX ئەسىردە رۇس ئالىملىرى قويغان ئىدى. كېيىن بۇ نام پانتيۇركىزم ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرگە يېقىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارمۇ ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1933 ـ يىلى مىللىي دۆلەتنى تەسىس قىلغان سابىت داموللام تۈركىيگە ۋە تۈركپەرەست ئەپەندىلەرگە يېقىنىراق بولۇش ئۈچۈنبۇ نامنى پايدىلاندى. 1944 ـ يىلى مىللىي دۆلەتنى تەشكىل قىلغان ئېلىخانتۆرەم بولسا، سابىت داموللامنىڭ خاتالىغىنى تەكرارلىدى. ھازىر موشۇ كۈندىمۇ ۋەتىنىمىزدە 20 مىللىوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. 2 مىللىون قېرىنداش مىللەت ۋەكىللىرى بار، ئاما بىرمۇ تۈرك يوق! موشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ «مىللىتىمىز ـ تۈرك، ۋەتىنىمىز ـ شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىشىمىز ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ۋەتەندىكى خەلقىمىزمۇ بىزگە ئۇنداق ھوقۇقنى بەرمىگەن.

**2. «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇرستان» دېگەن ناملار ئىلىم دۇنياسىدا ئاللىقاچان تونۇلۇپ بولغان. «تۈرك»، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ناملار بولسا، تېخى دۇنياغا تونۇلمىغان.**

مىلادىنىڭ 746 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغىچە مەركىزىي ئازىيادە «ئورخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلىتى» ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆتكەنلىگى مەلۇم. «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇرستان» دېگەن ناملار شۇ چاغلاردىلا دۇنياغا تونۇلۇپ بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر دۆلەتلىرى مەۋقۇت بولۇپ،

تارىخ سەھنىسىدە دايىم ئورۇن ئېلىپ كەلدى. بۇ توغرىلىق سۆزنى چەت ئەل ئالىملىرىدىن ئاڭلايلى:
خەنزۇچە تارىخ ماتېرىئاللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئايتەڭرىدە تۇغۇلمىش قامۇغ بىلگە قاغان مىلادىيەنىڭ 809-يىلى مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ «بۇنىڭدىن كېيىن مىللەتنىڭ نامى ئۇيغۇر دەپ ئاتالسۇن» دېگەن ئىكەن.
رۇس ئالىمى نىكولاي پانتۇسوۋ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا: «ئۇيغۇر ئاقساقلى پوگۇچۇن 861-يىلى تىبەتلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەدىمىي ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى دۆلەت «ئۇيغۇرىيا» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى» دېسە:
يەنە بىر رۇس ئالىمى ل.گۇمىلېۋ-»قەدىمىي تۈركلەر» ناملىق كىتاۋىدا:
- «مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي چېگارىسى بىلەن خىتاي ئېلىنىڭ ئارىلىقىدا شۇنداق بىر ئەل باركى، ئۇنىڭ ساپ ھاۋاسى شۇنچىلىك يېقىملىق، ھېچ يەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ خەلقى بولسا، قەدىمىي دەۋرلەردىلا ژۇقۇرى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ ئەلنى خىتاينىڭ، ئەرەپنىڭ، گرېكنىڭ ئالىملىرى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ئەلنى روسسىيانىڭ ۋە غەرىپنىڭ كۆپلىگەن سەياھەتچىلىرى زىيارەت قىلغان. بۇ ئۇيغۇرىيە ئېلىدۇر. دۇنياغا مەشھۇر بولغان بۇ ئەلنى موشۇ كۈنەىچە ھەر يەردە ھەي خىل ناملار بىلەن ئاتاپ كېلىشمەكتە. قەدىمىي زاماندىن تارتىپ ئۆزلىرىنى « ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ ۋەتىنىنى قەدىمىي خىتايلار «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىغان. گرېكلار بولسا «ئىپەك ئېلى» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا قەشقەرىيە»، «شەرقىي تۈركستان»، «چىنىي تۈرستان»، «شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق بۇ ناملارنىڭ ھېچ قايسىسى بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۈچۈن يارىمايدۇ. مەن بولسام بۇ ئەلنى ھەممە يەردە «ئۇيغۇرىيە» دەپ يازىمەن» دەيدۇ. ھۆرمەتلىك ئالىمنىڭ بۇ يەردە ھەق سۆزنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ تۇرىدۇ.
ئەندى «شەرقىي تۈركستان» دېگەن نامنى دۇنيا ئەھلى تونۇمايدۇ- دېگەن پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر فاكت كەلتۈرەيلى:
1. ئۆمۈر بويى غەرقىي تۈركستان داۋاسىنى قىلىپ كەلگەن مۇجاھىدىمىز ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يولدىكى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەپ، مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:
«ئۇ زامانلاردا پۈتكۈل دۇنيا شەرقىي تۈركستاندىكى دەھشەتنى تاماشە كۆردى. شەرقىي تۈركستانلىقلارنىڭ دات-پەرياتلىرىنى ھېچ كىم ئۇقمىدى. مەن ئەھۋالنى دۇنيا جامائىتىگە، دىنداشلىرىمىزغا بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە ئوتتۇرا شەرىق ۋە شەرىق دۆلەتلىرىنى سەياسەت قىلدىم. كۆپ دۆلەتلەرنىڭ سەياسىي، دىنىي ۋە مىللىي ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارغا شەرقىي تۈركستاننىڭ دەردى-داۋالارنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ ئەجىرلىرىمگە، رىيازەتلىرىمگە جاۋاۋەن ئۇلاردىن ھېچ قانداق ياردەم كۆرەلمىدىم. سەۋەۋى، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى دۇنيادا «شەرقىي تۈركستان» دېگەن يەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدېكەن!» («شەرقىي تۈركستان ئۈچۈن» ستامبۇل، 1985-يىل نەشرى، 10-9-بەتلەر).
مانا موشۇ فاكتلار كۆرسىتىدۇكى، چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقىنىغا قارىماستىن، تېخىچىلا «شەرقىي تۈركستان» دېگەن نام دۇنياغا تونۇلمىغان.
2. «ئۇيغۇرستان»، «شەرقىي تۈركستان» دېگەن ناملارنىڭ جۇغراپىيالىك مەناسى ئوخشىمايدۇ. ئېنىق ئېيتقاندا «ئۇيغۇرستان»-بۈگۈنكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ» تېررىتورىياسىنى كۆرسىتىدۇ. «شەرقىي تۈركستان» بولسا، تارىم ۋادىسىنى يەنى قەشقەرىيەنى كۆرسىتىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى «شەرقىي تۈركستان» دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇ توغرىىق سۆزنى يەنە ئالىملاردىن ئاڭلايى:
3. تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى، مەشھۇر شەرىقشۇناس ئالىم ب.پ.گورېۋىچ:-»XVII ئەسىر ۋە XIX ئەسىرنىڭ I يېرىمىدا مەركىزىي ئازىيادىكى خەلىق ئارا مۇناسىۋەتلەر» ناملىق كىتاۋىدا: «شەرقىي تۈركستان»-بۇ ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى. ئۇ ئىنقىلاپتىن ئىلگەركى رۇس ۋە غەربىي ئېۋروپا مەنبەلىرىدە: «قەشقەرىيە»، «كىچىك بۇخارا»، «چىنىي تۈكستان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەركىزىي ئازىيادىكى سەياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن خېلە تەرەققىي ئەتكەن رىيون ئىدى. جۇغرافىيا-ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ تەۋەسى بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. چىن خانلىقى بۇ ئۆلكىلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئېھىلىك تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىۋى جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدىغان بۇ ئۆلكىلەر سۈنئىي رەۋىشتە بىر ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇلۇپ غەربىي-شىمالدىكى چىن ۋالىسىغا بويسۇندۇرۇلدى» دەپ يازغان.
ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىمى د.ئى.تىخونوۋ بولسا ئۆزىگە قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن:
«كونا ئەدەبىياتتا «شەرقىي تۈركستان»، «چىنىي تۈكستان» ۋە «قەشقەرىيە» دېگەن ناملار باراۋەر

ئەھمىيەتلىك جۇغراپىياۋى چۈشەنچىلەردۇر. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» بولسا، بۇ «قەشقەرىيە»، «قۇغارىيە» ۋە «ئىلى ۋادىسىنى» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلكىنىڭ نامى. ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تارىختا «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارلىق جايلاردا بۇ ئەلنى «ئۇيغۇرستان» دەپ يازىمەن.

ئالىملارنىڭ ژۇقۇرىدىكى بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، «ئۇيغۇرستان»، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ جۇغراپىيالىك مەناسى تامامەن ئوخشمايدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇرستان» بۈگۈنكى شۇئار تېررىتورىياسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەرقىي تۈركىستان بولسا، تەكرتىبىغىنىڭ جەنۇبدىكى تارىم ئويمانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى: «شەرقىي تۈركىستانچىلار داۋا قىلسا، يالغۇز قەشقەرىيانىلا ئالىدۇ. «ئۇيغۇرستانچىلار» داۋا قىلسا، پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ!»، دەپ نالە قىلىشۋاتقانلىقى بىكار ئەمەس! ناھەتكى، شەرقىي تۈركىستان دېگەن نامغا چىڭ ئېسىلىشۋالغان كىشىلەر موشۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشەنمىسە!

4. بىز بەتەنىنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىشىمىز ئۈچۈن «غەربىي تۈركىستان» مەۋجۇت بولۇشى كېرەكقۇ؟ ئۇقىنى؟ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ غەربىپ تەرىپىمىزدە «غەربىي تۈركىستان ئەمەس، ئۆز دۆلىتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان: قازاقىستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرى مەۋجۇت. دۇنيانىڭ بۆلۈنكى رىياللىغى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ھەر قانداق شۇ زىمىندا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن تۈپلۈك مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ ھەم شۇنداق ئاتىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا مەملىكەتكە ئۆز نامىنى بەرگەن خەلقنىڭ، ۋەتىنىگە ئىبەدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ زىمىندا ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپىيەتلىرى قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئۆزىمىز ياشاۋاتقان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ كونستىتۇسىياسىدە:

«قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى»-بىر تۈتاش، سۇۋېرېن، دېموكراتىك دۆلەت. ئۇ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەۋاتقان قازاق مىللىتى دۆلەتچىلىگىنىڭ شەكلى بولۇش بىلەن بىللە بارلىق پۇخرالارنىڭ تەڭ ھوقۇقلىغىنى تەمىنلەيدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە ھېچ قانداق شۇ مەملىكەتتە ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ۋەتىنى دېيىلگەن ئەمەس. ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز ھەممىسى ئۆز دۆلىتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىسا بولىدىكەنۇ، بىز ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نامى بىلەن «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتىساق نېمىشكە بولمايدىكەن؟ ئەندى ھازىر ئۇيغۇرستاندا ياشاۋاتقان خەنزۇ، تۇڭگان، مانجۇ، شىۋە، سولان قاتارلىق مىللەتلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە مۇھاجىر بولۇپ كەلگەن. مانجۇ-خىتاي ئىستىلاچىلىرى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغاندا، شۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ۋەتەنلىرى بار. ئۇيغۇرستان ئازات بولغاندىن كېيىن، بىز زامانىۋى دېموكراتىك دۆلەت قۇرىمىز. بۇ دۆلەت ياشىغان پۇخرالارنىڭ (قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) كىشىلىك ھوقۇقى كونستىتۇسىيا بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئۇلاردا ئەركىن ياشاش ھوقۇقى بولىدۇ، بىراق دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ.

**5. «شەرقىي تۈركىستان»، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئاتالغۇلار مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىمىز ئۈچۈن زىيانلىق. بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.** پانتىيۇركىزىمنىڭ پۇرۇغى كېلىپ تۇرىدىغان . «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام. پانتىيۇركىزىمنىڭ پۇرۇغى كېلىپ تۇرىدىغان «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام ھەر قاچان رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرى بىرلىشىپ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا سەۋەپ بولۇپ كەلدى ۋە يەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن تارىخىمىزدىن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىپ باقساق ئارتۇق بولماس.

1933-ژىلى 12-نويابر كۈنى قەشقەرىيەدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. پانتىيۇركىزىم، پانىسلامىزم پۇرىغى چىقىپ تۇرغان بۇ نام مىللىي دۈشمىنىمىز شىڭ شىسەي بىلەن ستالىنىنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ ياش جۇمھۇرىيەتنى يوقىتىۋېتىشىگە سەۋەپ بولدى. 1934-ژىلى 13-ئاپرېل كۈنى سابىت داموللام باشلىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. 1937-ژىلى 12-ئوكتيابر كۈنى غوقا نىياز ھاجىم قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بارى-يوقى بەش ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. ئاترى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولدى، مىللىي ئازاتلىق يولىدا تۆكۈلگەن قانلار، بېرىلگەن قۇرۇۋانلار بىكارغا كەتتى. ئەپسۇسكى، بىز ئاما قىلغان تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرىدىن ھېچ قانداق ياردەم بولمىدى. يەنىلا ئۇيۇۋۇر خەلقى زىيان تارتتى. ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قايتىدىن ئىنقىلاپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى ئېندرىيۇ فوربىس «شىنجاڭ ھەربىي ئەرباپلىرى» ناملىق كىتاۋىدا موشۇ ۋاقىئەلەرنى ئەسكە ئېلىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«باشلىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى ۋە ياردىمىنى ئۈمۈت قىلىشقان ئىدى. بىراق، ئانكارا ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ھېچ قانداق ماددىي ياردەم بەرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئاۋغانىستان پادىشاسى مۇھەممەد زاھىر شاھقا مۇراجىئەت قىلدى. مۇھەممەد زاھىر شاھ بۇ مۇراجىئەتنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئېتىراپ قىلىشقا ھەم قۇرال-ياراق سېتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئىدى. بىراق، بۇنى سېزىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى كابۇل ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىپ، بۇ كېلىشىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز ئاياقلاشتى. مۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بۇ جۇمھۇرىيەت تۈركچىلىكنى ۋە ئىسلام ئىدىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان پەيتتىلا خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ موشۇ خاتالىقى ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى».

1944-يىلى مىللىي ئازاتلىق كۈرەش ئىلىدىن باشلاندى. ئېنىقكى، مىللىي ئازاتلىققا تەشنا خەلقىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، پارتىزان جەڭچى-كوماندىرلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ئىنقىلاپ غەلىبە قازاندى. 12-نويابىر كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، مۇستەقىل يېڭى دۆلەت- شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى.

بىراق، تارىختىن ساۋاق ئالمىغان پېشقەدەملىرىمىز، سابىت داموللامنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاپ، يېڭى دۆلەتنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىدى. دىنىي مەزمۇندىكى شىئارلار يەنە ياڭراشقا باشلىدى. ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇنداق يۆنىلىشتە مېڭىشىنى خالىمىغان رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرى يەنە تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ جۇمھۇرىيەتنىمۇ نابۇت قىلىپ تاشلىدى..

مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز قايتىدىن ئوۋج ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل ئىدىيا، ھەر خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەر سېپىمىزگە كېلىپ قوشۇلماقتا. بەزى كىشىلەر:

«قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ نامى چوقۇم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بولۇشى كېرەك، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېيىشمەكتە. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا: «ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ئەزەلدىنلا «شەرقىي تۈركىستان» ئاتىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بولىدۇ، دېيىشمەكتە. بىزچە، بۇ خىلدىكى كىشىلەر يە تارىختىن ساۋاق ئالمىغان، يە بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەلىۋىنى چۈشەنمەيدىغان، يە ۋەتەندىكى 20 مىللىون ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمايدىغان شەخسىي قەھرىمانلاردۇر. بىز بۇ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، شۇنى ئېيتىمىزكى: ئۇيغۇر خەلقى پانتيۇركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ دەردىنى ھارغىچە تارتتى. يەنە تارتىشنى خالىمايدۇ! ئاندىن قالسا بۈگۈنكى دۇنيا، بۈگۈنكى زامان پانتيۇركىزمنىمۇ، پانئىسلامىزمنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، قەتئىي رەت قىلىدۇ. سىزنىڭ ئۇنداق تۈركىي ياكى ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇشىڭىزغا بۈگۈنكى دۇنيا يول قويمايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى پەقەت «ئۇيغۇرستان» دەپ ئاتىشىمىز كېرەك، باشقا يول يوق. مۇنداق نام بىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخىمىزغىمۇ، بۈگۈنكى زامان تەلىۋىگىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ۋەتەندىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقىمىز بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. بىراق، تۈركىيەدىكى ۋە گېرمانىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز تېخىچىلا چۈشەنمەيۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز «سوۋېت ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان رۇس ئىمپېرىياسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، سەياسىي جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا مۇستەقىل تەرەققىيا يولىغا چۈشتى. ئۇيغۇرستان بولسا تېخىچە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرماقتا. خەلقىمىز سەياسىي، ئىختىسادىي، مەدەنىيەت، دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىن قىلچە ھوقۇققا ئىگە ئەمەس. ھەتتا مىللەت بولۇپ ياشاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەمگەك قىلىش، تەبىئىي كۆپىيىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەس. خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقسىز قۇللار، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلاردۇر! موشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق ۋەزىپە يوق. بىز، ئالدى بىلەن خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلايلى. مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز- ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتىمىزگە ئىگە بولايلى. ئازات مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە باشقا مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇلايلى، ئاندىن كېيىن تۈركىي خەلقلەر ئائىلىسىنىڭ ۋە دۇنياۋىي بىرلەشمىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسى بولالايمىز. قىسقىسى، دۆلىتى يوق مىللەت-ئۇ مىللەت ئەمەس. مىللەت نامى بىلەن ئاتالمىغان دۆلەت، ئۇ ھەقىقىي دۆلەت ئەمەس. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ نامى ئۇيغۇر بولغان ئىكەن ۋەتىنىمىزنىڭمۇ نامى جەزمەن ئۇيغۇرستان بولۇشى كېرەك! بۇ مۇتلاق ھەقىقەت.

ژۇقۇرىدىكى پىكىرلەرنى خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مىللەت بىلەن دۆلەت بىر پۈتۈن چۈشەنچە. ئۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. يەنى مىللەت بولمىسا، دۆلەت بولمايدۇ، دۆلىتى يوق مىللەتمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ. 1991-يىلى سوۋېت ئىمپېرىياسى پارچىلىنىپ، روسسىيانىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەن مىللەتلەر مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇۋېلىشتى. ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىنى

ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشماقتا. ئەندىكى نۆۋەت خىتاي ئىمپېرىيالىسىگە كەلدى. بىز ئىشىنىمىزكى، ئۇزاققا قالماي خىتاي ئىمپېرىيالىسىمۇ پارچىلىنىدۇ. بۇ ئىمپېرىيە تەركىۋىدە مۇستەملىكە بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل، مانجۇر بە تەيۋەن مىللەتلىرى خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلىرىگە ئىگە بولىشىدۇ ۋە ھەر قايسى مىللەت ئۆز دۆلىتىنى ئۆز مىللىتىنى نامى بىلەن ئاتايدىغان بولىدۇ. بۇ بىر تارىخىي ئېقىم، بۇ ئېقىمنى ھېچ قانداق كۈچ توختىتىپ ئالالمايدۇ!

## 9- باب

## ئۇيغۇرستانىڭ جۇغراپىياسى

**- ۋەتەنىنىڭ ھەر قانچە گۆزەل، باي بولسىمۇ، ئۇ ھاياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ساڭا قىلچە پايدىسى تەگمەيلا قالماستىن، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا سەۋەپچى بولىدۇ. رەقىپلىرىڭ سېنى يوقىتىپ، ئەشۇ بايلىقلارنى ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.**

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتىمىن

### §1.ئۇيغۇرستانىنىڭ جۇغراپىيالىك ئورنى

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستان-ئازىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى خەرىتىدە: شەرقىي مېرىدىان 960-75 شىمالىي پارالېل 500-35 ئارلىغىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەر مەيدانى 182418 كم$^{2}$ (خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي مەلۇماتىدا ئاۋال 1710000 كم$^{2}$ دەپ، كېيىن بولسا، 1646000 كم$^{2}$ دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ خىتايلار 178018 كم$^{2}$ يېرىمىزنى يوشۇرۇۋاتىدۇ.) ئۇيغۇرستان يەر مەيدانىنىڭ چوڭلىغى جەھەتتىن دۇنيادىكى 200 مەملىكەتنىڭ ئىچىدە 15-ئورۇندا تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەردىن: ئانگلىيا، فرانسىيا، گېرمانىيا، ئىتالىيا، ياپونىيا قاتارلىق 5 مەملىكەتنىڭ تېررىتورىياسىگە تەڭ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئەينە شۇنداق، كەڭ-تاشا، گۆزەل ۋە باي ۋەتەن.

ئۇيغۇرستان شەرىق تەرەپتىن خىتاينىڭ گەنسۇ، چىنخەي ئۆلكىلىرى بىلەن-1430 كم؛ شەرقىي شىمالدىن موڭغۇلىيا جۇمھۇرىيىتى بىلەن-1416 كم، شىمال تەرەپتىن روسسىيا بىلەن 54 كم، قازاقستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن- 1700 كم، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن 1100 كم، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن 450 كم، غەربىي تەرەپتىن ئاۋغانىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن 92 كم، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن 500 كم، غەربىي-قەنۇپتىن ھىندىستان بىلەن 200 كم، جەنۇپ تەرەپتىن تىبەت بىلەن 1200 كم ئۇزۇنلۇقتا چېگارىلىنىدۇ. چېگارا سىزىغىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇغى: 8142 كم كېلىدۇ.

ئۇيغۇرستاننى شىمال تەرەپتىن: ئالتاي، زايسان، تارباغاتاي ۋە جۇڭغار تاغلىرى، غەربىي تەرەپتىن پامىر تاغلىرى، غەربىي-جەنۇپ تەرەپتىن كونلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى، جەنۇپ تەرەپتىن ئالتۇنتاغ تىزىملىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۈيۈك تەڭرىتېغى بولسا، تىبىي بەلباغ بولۇپ، غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە تارىم ئويمانلىغى، شىمال تەرىپىدە بولسا، يايىق (جۇڭغارىيا) ئويمانلىغى بىلەن ئىلى ۋادىسى بىپايان ئالەم بولۇپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ ۋادىلارنىڭ ئومۇمىي سەتھى (مەيدانى) 1 مىللىون كم$^{2}$غا يېقىن. قالغان قىسمىنى بولسا، تاغ ۋە ئېدىرلار ئىگەللەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرستان ئېۋرائازىيا قۇرۇقلۇغىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز-ئوكيانلاردىن ژىراقلىغى 2000 كم-دىن 7000 كم غىچە كېلىدۇ. ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان ۋادىلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىك دەرىجىسىمۇ ھەر خىل. بۇ ئەھۋال ھاۋا كلىماتىنىڭ ھەر خىللىغىنى، ئىسسىق-سوغ پەرقىنىڭ ژۇقۇرىلىغىنى بەلگۈلىگەن.

ئۇلۇق تەڭرىم ئۇيغۇرستانغا يەر يۈزىدە بولىدىغان گۆزەللىك، ئەۋزەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتا قىلغان ھەم باشقا ئەللەردە يوق مۆجىزىلەرنى بەرگەن. سەپ-سېلىپ قارايدىغان بولساق، بۇ ئەلدە ژىل بويى قار، مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغ تىزمىلىرى، خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ يەر تۈزۈلۈشى، يېشىللىققا پۈركەنگەن ياپ-يېشىل يايلاقلار، ئۇچ-چېكى يوق قويۇق ئورمانلىقلار، مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان دەريالار، سان-ساناقسىز سۈپ-سۈزۈك زۇمرەت كۆللەر، مەڭگۈ ئېرىمايدىغان كۆپ-كۆك مۇزلۇقلار، توتىماي ئېقىپ تۇرىدىغان يەر ئاستى سۇلىرى، تاغ-دالالارنى قاپلاپ يايرىشىپ ژۈرگەن جانلىق مەخلۇقاتلار، ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ياتقان مول مىنېرال بايلىقلار، ئۇچ-چېكىگە كۆز يەتمەيدىغان قۇملۇقلار، ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە نۇر-ئىسسىقلىق مەنبەلىرى. بىر يېرىدە تونۇردەك ئىسسىق، بىر يېرىدە مۇزخانىدەك سوغ كلىمات. كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭگا-رەڭ گۈل-گىيالار. ئەتىۋالىق قۇشلار بىلەن دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ناياب ھايۋاناتلار. ھەممىسى-ھەممىسى موشۇ ئەلگە جەم بولغانلىغىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇرستاندا 570 چوڭ-كىچىك دەريالار بار. بۇ دەريالار ئادەم بەدىنىدىكى قان-تومۇرلارغا ئوخشاش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زىمىنلىرىنى سۇغىرىپ، ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كەلمەكتە. بۇ دەريالارنىڭ

چوڭقاراقلىرىنى ئاتاپ ئېيتساق، شىمالدا: ئىلى دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۈرۈمچى دەريالىرى، جەنۇبتا: تارىم دەرياسى، خوتەن دەرياسى، زەرەپشا دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، قايدۇ دەرياسى ۋە كۆنچى دەريالىرىدۇر. ۋەتىنىمىزدە 100دىن ئوشۇق ھەر خىل چوڭلۇقتىكى كۆللەر بار. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلەمى: 6081 كم$^2$ كېلىدۇ. موشۇ دەريا ۋە كۆللەرنىڭ بىر قىسىم سۈيىدىن پايدىلىنىپ، 800 مىللىيون مو يەردە ئاشلىق، 976000 مو يەردە مېۋىلىك دەرەقلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا 33 مىللىيون مو يەردە تەبىي ئورمانلىقلار بار. ئۇيغۇرستاننىڭ جايلاشقان ئورنى يەر شارى شەرقىي يېرىم شارىنىڭ مۆتىدىل مىنتەقە دائىرىسىگە كىرىدۇ. بىراق، بۇ ئەلدە ئورۇن ئالغان ئېگىز تاغلار بىلەن پەس تۈزلەڭلىكلەر، قۇملۇق چۆللەر بىلەن بوستانلىقلار شىمالنىڭ نەم ھاۋاسى بىلەن جەنۇبنىڭ قۇرۇق-ئىسسىق ھاۋاسى قاتارلىق ئامىللار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشى تەبىي شارائىتنىڭ خىلمۇ-خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىققان. بۇ بولسا، يەر يۈزىنىڭ ھەر خىل ئەللىرىدە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك، مېۋىلەرنىڭ بىمالال ئۆسۈشىگە، ھەر خىل تەبىي شارائىتتا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈپ كۆپىيىشىگە قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرستان يەر-يۈزىدىكى ھايۋانات ۋە ناباتاتلارنىڭ تەبىي مۇزېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ بىر مۆجىزە دېگەن سۆز.

## §2. ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىي بايلىقلىرى

ئۇيغۇرستان-گۆھەر زېمىن دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەۋى ئۇنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولغانلىقىدا. تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيادا بايقالغان قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى 200 خىلغىمۇ يەتمەيدىكەن. ئۇيغۇرستاندا بولسا، شۇلارنىڭ 124 خىلى تېپىلغان. بۇ قېزىلما بايلىقلارنىڭ مەنبەسى مول، سۈپىتى ئەلا، مېتال تەركىۋى ژۇقۇرى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان رەسمىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: ئۇيغۇرستاندا 307000 كم2 مەيدانى ئېلىپ ياتقان كۆمۈر قاتلىمى بار. ئۇنىڭ زاپاسى 1 ترىللىيون 600 مىللىئارد تونىنا ھېسابلىنىدىكەن. تارىم، قۇڭغار، ئىلى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر ئاستىدا 850000 كم2 مەيدانىنى ئېگەللىگەن نېفت دېڭىزى ياتماقتا. ئۇنىڭ زاپاس مىقدارى 50 مىللارد توننىدىن ئوشۇق. قارا مېتال يەنى تۆمۈر رۇدىسى ئۇيغۇرستاننىڭ ھەممە يېرىدە دېگىدەك تېپىلدى. يەنى كېلىپ % 60تىن كۆپ مەھسۇلات بېرىدىغان تۆمۈر رۇدىسى ناھايىتى كۆپ. بۇلاردىن ئېلىنىدىغان تۆمۈرنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 728 مىللىيون تونىنا ھېسابلىنىدۇ. رەڭلىك ۋە قىممەتلىك مېتاللارنىڭ زاپاسى ئىنتايىن مول. ھازىر 920 ئورۇندىن 19 خىل قىممەتلىك رەڭلىك مېتال ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ كانلارنىڭ ئىچىدە مىس ۋە ئالتۇن كانلىرى ئەڭ كۆپ. ھازىر 270 ئورۇندا ئالتۇن كانلىرى ئېچىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 76 كاندىن كېپەك ئالتۇن، 74 كاندىن تۆمۈرلۈك ئالتۇن، 50 نەچچە كاندىن ئارىلاشما ئالتۇن ئېلىنماقتا. مىسنىڭ زاپاس مىقدارى 246000 تونىنا بولۇپ 544 ئورۇندا مىس كانلىرى ئىشلەۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2001-ژىلى 12-فېۋرال كۈنى ئېلان قىلغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا: ئۇيغۇرستاندا زور مىقداردا ئالتۇن، كۈمۈچ، مىس، قوغۇشۇن ۋە كالىيۇن قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى جايلاشقان 41 بەلباغنىڭ بارلىغى ئېنىقلاندى. دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلىنىشىچە، بۇ كانلاردا ساقلىنىۋاتقان ئالتۇننىڭ مىقدارى 8950000 تونىنا. مىسنىڭ مىقدارى 6970000 تونىنا، قوغۇشۇننىڭ مىقدارى 10800000 تونىنا، كالىيۇننىڭ مىقدارى 500 مىللىيون تونىنغا يېتىدىغانلىغى ئېنىقلانغان. (خىتايلار ھەر ژىلى ئېلىنىۋاتقان ئالتۇن، ئۇران ۋە باشقا قىممەتلىك ماددىلارنىڭ مىقدارىنى يوشۇرۇپ، ئېلان قىلماي كېلىۋاتىدۇ). بۇلاردىن باشقا: نىكېل، تانتال، سېزىي، سىماپ، قولەي قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى نۇقتىلىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلغان. خىتاينىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ژۇقارقى كانلاردىن ھەر ژىلى 166000 تونىنا مىس، 114000 تونىنا نىكېل، 1290000 تونىنا گۇڭگۇت ئېلىنىۋاتىدۇ. رەڭلىك مېتاللاردىن: لىتىيى، نىوبى، تانتال قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. ئېسىل تاشلاردىن: ياقۇت، زۇمرەت، قاش تېشى ھەتتا گۆھەرمۇ چىقىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرستان دۇنيانىڭ ئېچىلمىغان بايلىق غەزىنىسى. خىتاينىڭ كامايتىپ كۆرسەتكەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 1998-ژىلى ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىدىكى كانلاردىن قېزىۋېلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 22 مىللىئارد يۈۋەندىن ئاشقان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى چاپسانراق ۋە كۆپرەك ئېلىۋېلىش مەخسىتىدە چەت دۆلەتلەرنىڭ 20دىن ئوشۇق كومپانىيالىر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىي بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پاش قىلىپ قويىشىچە، ئاۋستىرىيانىڭ بىر شىركىتى ئىلى رايونىدىكى بىر كاندىنلا بىر ژىلدا 29 مىللىيون ئامېرىكا دوللىرى پايدا ئالغان.

ئۇيغۇرستاننىڭ موشۇنچىلىك كۆپ بايلىقلىرىنى بىر تىيىن ھەق تۆلىمەي بېكارغا ئېلىپ كېتىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى، قەشقەرىيەدە تەبىي ئاپەت يۈز بەرگەندە، خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى بىر تىيىن ياردەم بەرمىگەن. «قىزىل كرېست» جەمىيىتىدىن بېرىلگەن ياردەم پۇللارنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلققە تارقىتىپ بەرمەي، خىيانەت قىلىپ يەۋالغان. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇتەھەملىك، ئاچ كۆزلۈك بولامدۇ؟

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستان يېزا ئېگىلىگى مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن باي ئەل. ئۇنىڭ دېخانچىلىق

1 مو ـ $666^2$ مېتراغا تەڭ

قىلىشقا بولىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى 100 مىللىون موغا يېتىدۇ. ھازىرغىچە بۇ يەرنىڭ پەقەت يېرىمىغىلا دېخانچىلىق قىلىنىپ، ھەر خىل زىرائەتلەر تېرىلىۋاتىدۇ. دېخانچىلىقتىن ھەر ژىلى 8 مىللىون توننىدىن ئوشۇق ئاشلىق، 670000 توننا پاختا، 360000 توننا ياغلىق دان، 3 يېرىم مىللىون توننا قىزىلچا ئېلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرستاندا چارۋا-مال ئۆستۈرۈشكە قولايلىق 860 مىللىون مو يايلاق ئوتلاقلار بار. بۇ يايلاقلاردا 40 مىللىون باش چارۋا-ماللار ئۆستۈرىلىۋاتىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى بازارلاردا ھەر ژىلى 8 مىللىون باشتىن 10 مىللىون باشقىچە مال سېتىلىۋاتىدۇ. موشۇ ئېكسپورتتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر ژىلى 7 مىللىئارد 540 مىللىون يۇۋەن، يەنى 1 مىللىئارد ئاقش دوللار كىرىم قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرستان بېلىقچىلىك ئېگىلىگى جەھەتتىمۇ ئەۋزەل تەبىي شارائىتلارغا ئېگە. بېلىق ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدىغان دەريا-كۆللەرنىڭ كۆلەمى 5 مىللىون موغا يېتىدۇ. موشۇ كۆللەردىن ھەر ژىلى 300 مىڭ توننا بېلىق ئولاپ ئېلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرستاندا 5 مىللىون گېكتار مەيداندا تەبىي ئورمانلىقلار بار. بۇ ئورمانلىقلاردا ئۆسىۋاتقان ھەر خىل تۈردىكى مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل-دەرەقلەرنىڭ سان ھېساۋى يوق. بۇ ئورمانلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان. بۇ ئورمانلىقلارنى ماكان قىلغان ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قۇشلارنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلىگى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالىي دەرىجىلىك ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىلى 4000 خىلغا، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەر 700 خىلغا، دورا ئۆسۈملۈكلىرى 719 خىلغا يېتىدۇ. سانائەتكە خام ئەشيا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، ياغاچ ماتېرىئاللىرى بايلىغى، تاللىق ئۆسۈملۈكلەر بايلىغى ۋە خۇش-پۇراق چاچىدىغان مايلىق ئۆسۈملۈكلەر بايلىغى ھەددى-ھېساپسىز كۆپ.

ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى 250 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «قىزىل كىتاپقا» كىرگۈزۈلگەن ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنىڭ تۈرى 87گە يېتىدۇ. ياۋايى قۇشلارنىڭ تۈرى 179غا، ژىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تۈرى 49غا يېتىدۇ. موشۇ ياۋايى قۇشلار بىلە ياۋا ھايۋانلارنى ئولاش ئارقىلىق ھەر ژىلى 200 مىللىون دوللار، سانائەت ئۇچۈن كېرەكلىك ئۆسۈملۈكلەر بىلەن، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى سېتىش ئارقىلىق ھەر ژىلى 120 مىللىون دوللار كىرىم قىلىنىۋاتىدۇ.

سانائەت جەھەتتىن ئۇيغۇرستان ئۆزىدىن چىقىدىغان خام ئەشيالارغا تايىنىپ، خەلىق تۇرمىشىغا، جەمىيەت ۋە دۆلەت ئېھتىياجىغا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ چىقىرالايدۇ. مەسىلەن: پاختا ۋە ژۇڭدىن توقۇلغان رەختلەر، ئىلما توقۇلما ماللار، قەغەز، شېكەر، رەڭلىك تېلېۋىزور، گاز، كۆمۈر، نېفت، ئېلېكتر ئېنېرگىياسى، سېمېنت، خىمىياۋىي ئوغۇت، يېزا ئېگىلىگى ناشىنىلىرى قاتارلىق 3000 خىلدىن ئوشۇق مەھسۇلاتلار بار. بۇ مەھسۇلاتلار ئىچكى بازارلاردىن ئېشىپ چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق ھەر ژىلى 500 مىللىون دوللار كىرىم قىلىنىۋاتىدۇ.

ژۇقۇرىدىكى سان-سىفىرلىق مەلۇماتلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق رەيسى تۆمۈر دەۋامەتنىڭ 1993-ژىلى ئېلان قىلىنغان «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» ناملىق كىتاۋىدىن ئالدۇق. بۇ پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئىشلەپ چىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرستاندا «ئىشلەپ چىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىياسى» دەپ ئاتالغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بويسۇنمايدىغان، بىۋاستە مەركەزگە قارايدىغان غايەت چوڭ ئىشلەپ چىقىرىش مۇئەسسەسى بار. ئۇلارنىڭ ئىلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرى ژۇقارقى مەلۇماتقا كىرگۈزۈلمىگەن. ئىككىنچىدىن، بىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچ قاچان راست گەپ قىلمايدىغان، ھەمىشە ساختا مەلۇمات بېرىدىغانلىغىنى ياخشى بىلىمىز. 1/3گە قىسقارتىپ بېرىلگەن ژۇقارقى سان-سىفىرلارنى ئاساس قىلغاندىمۇ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز نەقەدەر باي مەملىكەت ئېكەنلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەندى، تۈركىيانىڭ ئىستامبۇل شەھرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان تەتقىق مەركىزى» تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1999-ژىلى بېسىپ تارقىتىلغان «شەرقىي تۈركستان قوللانمىسى» ناملىق كىتاپتا تۆۋەندىكى مەلۇماتلار ئېلان قىلىندى:

« ئۇيغۇرستاننىڭ تارىم-جۇڭغار ۋە تۇرپان ئويمانلىقلىرىدىكى 912 كىلومېترلىق زىمىندا قېلىنلىغى 10000 مېتردىن ئاشىدىغان نېفت چۆكمە قاتلىمى بارلىغى ئېنىقلانغان. شۋېسارىيانىڭ سيۇرىخ ئاگ بىرلەشمە شىركىتىنىڭ 7 ژىللىق نەق مەيداندا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش خۇلاسىسىدە، پەقەت تارىم ئويمانلىغىنىڭ تەكلىماكان چۆلى ئاستىدىكى نېفت زاپاسى 50 مىللىئارد توننا، تەبىي گاز زاپاسى 8 ترىللىون كۇبومېتر كېلىدېكەن. بۇ ئاقشنىڭ زاپاسىتىكى گاز مىقداردىن 2 ھەسسە كۆپ بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى نېفت زاپاسىنىڭ 1/3 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتكۈل خىتاينىڭ 300 ژىل ئىشلىتىشىگە يېمالال يېتىدېكەن. ئۇيغۇرستاننىڭ 500دىن ئارتۇق جايىدا نېفت، 20 نەچچە جايىدا نېفت گازى بولۇپ، نېفتلىكنىڭ ئۇمۇمىي مەيدانى ئانگلىيا، فرانسىيالەرنىڭ يەر مەيدانىدىن ئارتۇق، ھازىر قارىماي، ئاقبۇلاق، قىزىل تاغ، كۆك يار ئۆلكىلىك قاتارلىق 5 نېفتلىكتىن ژىلىغا 15 مىللىون توننا نېفت ئېلىنىپ، ھەممىسى ئىچكى خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرستاننىڭ باشقا بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلغانىنى ئاز دەپ، نېفت-گاز بايلىغىنى ئۆزىنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا كۆپ مىقداردا ھەم چاپسانىراق يەتكۈزۈپ ئېلىشقا تىرىشماقتا. موشۇ مەخسەتتە 2001-ژىلىدىن باشلاپ، دىئامېترى 5،2 مېتر كېلىدىغان قوش لىنىيالىك نېفت ئاققۇزۇش ترۇبىسىنى ياتقۇزۇپ، ئۇيغۇرستاننىڭ نېفتىنى شانخاي شەھرىگە يەتكۈزدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان»بوگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنالىنىڭ 4-سانىدا-»غەرىپنىڭ گازىنى شەرىققە يەتكۈزۈش-شىنجاڭ خەلقىگە بەخىت ئاتا قىلىدۇ!»-ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدا:

«2003-ژىلى غەرىپنىڭ گازىنى شەرىققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى 1000 كىلومېتىرلىق قىسمى تاماملاندى. 2004-ژىلى 10-ئايدا شىنجاڭنىڭ تەبىي گازى «شەرىقتىكى نۇرۇق مەرۋايىت» شانخايغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىنىۋاتقان بۇ قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ لىنىيا غەرىپتە تارىمدىن باشلىنىپ، گەڭسۇ، شىڭشىيا، شەنشى، سەنشى، خىنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ ۋە جىجاڭدىن ئۆتۈپ شەرىقتىكى شانخايگە يەتكۈزۈلىدۇ. تروبا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىغى 4000 كىلومېتىر. پىلان بىگىيچە 2004-ژىلدىن باشلاپ گاز يەتكۈزىلىدۇ. 2007-ژىلغا بارغاندا گازنىڭ مىقدارى 12 مىللىئارد كۇب مېتىر بولىدۇ. موشۇنداق سۈرئەتتە 30 ژىل گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

يەنەبىر مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ پىلان ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشقان. خىتايلار موشۇ پرووود ئارقىلىق ھەر ژىلى 12 مىللىئارد كۇبومېتىر گاز ئېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر گازىنىڭ بىر باللونى خىتاينىڭ شانخاي شەھىرىدە 3،5 يۇۋەندىن سېتىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرستاننىڭ ئۆزىدە بولسا، 35 يۇۋەندىن سېتىلىۋاتىدۇ. بۇ بولسا، ىىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تەبىي بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىۋاتقانلىغىنىڭ ياققال بىر كۆرۈنۈشى.

بۇنىڭ سىرتىدا، ھازىر تارىم، تۇرپان، قۇمۇل، مەكىت رايونلىرىدىكى نېفتلىكنى ئېچىش ئىشى تېز سۈرئەت بىلەن بېرىلماقتا. بۇ ئىشقا ئىچكى خىتاينىڭ بارلىق ئۆلكىلىرى جەلىپ قىلىنماقتا. بەزى بىر مەتبۇئات خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا: «ھازىر خىتاي ئىشلىتىۋاتقان ۋەسېتىۋاتقان بارلىق نېفتىنىڭ 99 پايىزىنى ئۇيغۇرستاندىن ئېلىۋاتىدۇ»، تارىمنىڭ شىمالىدىكى 8000 كم2 دائىرىدىنلا بىر ترىللىون كۇب مېتىر گاز ئېلىش مۈمكىنلىگىنى بايقاپ قالغان يالماۋۇز خىتايلار تارىمدىن شانخايغىچە بولغان 4212 كىلومېتىر مۇساپىغا دىئامېتىرى 2،5 مېتىر كېلىدىغان تروبىدىن 2 لىنيا ياتقۇزۇپ، تارىمدىن ھەر ژىلى 20 مىللىئارد كۇب مېتىر گاز ئېلىشنى پىلانلىدى (بۇ قۇرۇلۇش 2002-ژىلى باشلىنىپ، 2007-ژىلى ئاياقلاشماقچى). بۇ-خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىي بايلىقلىرىنى بۇلاپ-تالاش جەھەتتىكى يېڭى قەدىمى بولغۇسى» («شەرقىي تۈركستان ياشلىرى» ژۇرنالىنىڭ 2-سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇرستاننىڭ 133 جايىدا كۆمۈرلۈك بار بولۇپ، ئومۇمىي مەيدانى 90000 كم2دىن ئاشىدۇ. بۇ ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىگىنىڭ يەر مەيدانىدىن چوڭ دېگەن سۆز. ھازىر مەلۇم بولغان كۆمۈر زاپەسى بىر ترىللىون 200 مىللىئارد تونىنا بولۇپ، موشۇ كۈندە 500دىن ئارتۇق كاندىن كۆمۈر ئېلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ كېتىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرستاننىڭ 600دىن ئارتۇق جايىدا تۆمۈر رۇدىسى كانلىرى بار. 12 جايىدىكى تۆمۈر كانىنىڭ زاپاسى بىر مىللىئارد تونىنا كېلىدۇ. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرى بويىچە، 1994-ژىلى 663900 تونىنا پولات، 577100 تونىنا پولات ماتېرىئاللىرى، 462500 تونىنا چويۇن ئىشلەپ چىقىرىلغان.

ئۇيغۇرستاننىڭ 56 ناھىيەسىدىكى 270 جايدىن ئالتۇن چىقىدۇ. ئالتۇن كانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ھەربىيلىرى ئېگەلەۋالغان. 1992-ژىلقى ستاتىستىكا مەلۇماتلاردا 1992-ژىللىق ئالتۇن ئىشلەپ چىقىرىش پىلانىنى 140 پايىزغا ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىغى ئېلان قىلىندى. بىراق، خىتايمۇستەملىكىچىلىرى زادى قانچىلىك ئالتۇنىمىزنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىغىنى يوشۇرۇپ ئېلان قىلماي كىلىۋاتىدۇ. پەقەت ساربۇلاقتىكى بىر ئالتۇن كاندىن ژىلىغا 10000 سەر ساپ ئالتۇن ئېلىنغانلىغى توغرىلىق مەلۇمات بار. شۇنداقلا قىممەت باھالىق مېتاللاردىن: پلاتىنا، كۈمۈچ، مىس، نىكېل ۋە باشقا مەھسۇلاتلار ئېلىنىۋاتىدۇ. 1992-ژىلى جەمى 74000 تونىنا مىس، 660 تونىنا نىكېل ئېلىنغان. 140 جايدا مولىبدېن، ۋولفرام، كوبالت كانلىرى بار. 130 جايدا بېرىللىي، لىتىي، تانتال، نىۋى، سىزىي قاتارلىق كام ئۇچرايدىغان مېتاللار چىقىدۇ. 30 تونىنا ئېغىرلىقتىكى بېرىلىي كرىستالى ۋە 12 تونىنا ئېغىرلىقتىكى پوللوسىست كرىستالى تېپىلغان... (خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى يوشۇرۇپ، ئېلان قىلماي كەلگەن).

تۈركىيادە چىقىدىغان «ئوتتۇرا شەرىق» گېزىتىنىڭ 1994-ژىلى 17-سېنتيابر سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە: «گېرمانىيادىكى ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئې.ن.دىككىنس تەبىي بايلىقلارنىڭ تارقىلىشى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، چىقارغان خۇلاسە دوكلادىدا ئۇران زاپاسىنىڭ كۆپلىگى جەھەتتىن ئۇيغۇرستان دۇنىيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ يەردە 12 ترىللىون تونىنا ئۇران زاپاسى بار» دەپ ئېلان قىلىنغان. خىتاي تەرەپ ئېلان قىلغان بەزى ماتېرىئاللاردا كۆرسىتىلىشىچە: ئىلى رايونىدىكى تالدىتاغ جىلغىسىدىن ۋە ياركەنتتىكى ئۇران كانلىرىدىن ئۇران ماددىسى ئېلىنىۋاتىدۇ. خىتاي ئىمپېرىياسى ئۇيغۇرستاندىن ئېلىنغان ئۇراندىن پايدىلىنىپ، ئاتوم يادرو قۇرالىغا ئېگە بولۇۋالدى. ئەينە شۇ قۇرالىغا تايىنىپ، دۇنىياغا غوجا بولۇشقا ئىنتىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ.

بىز ژۇقۇرىدا ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىي بايلىقلىرى توغرىلىق ھازىرغىچە ئېنىقلانغان بايلىقلارنىڭ سان-سىفىرلىق مەلۇماتلىرىنى كەلتۈردۇق. تېخى ئېنىقلانمىغان قانچىلىك بايلىقلىرىمىز بارلىغىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان، بىز ئېلان قىلغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان تەغدىردىمۇ بۇ ئاز بايلىق ئەمەس. ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆز يېرىدىن چىقىۋاتقان موشۇ بايلىقلارنىڭ يۈزدىن بىر پايىزىغا ئېگە بولغان بولسا، دۇنىيادىكى ئەڭ

بدي مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا پاراۋەن ياشىغان بولار ئىدى. ئاچ كۆز تويماس مۇستەملىكىچىلەر بىزنىڭ شۇنچە كۆپ بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ-تالاپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرستان خەلقىنى بولسا، گادايلىق، مۇھتاجلىقتا ياشاشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھەقسىزلىك بولامدۇ؟!

بۇ ئەمەلىيەت شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، مىللىي مۇستەقىللىك-مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى، شان-شەرىپى ۋە ھاياتىنىڭ كاپالىتى. پەقەت مۇستەقىل مىللىي دۆلىتى بولغاندىلا، ئۇ مىللەت بەختلىك بولالايدۇ. مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلغان مىللەت ھەر قانچە تالانتلىق بولسىمۇ، تالانتىنى جارىي قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەتىنى ھەر قانچە باي، گۈزەل بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ باي، گۈزەل ۋەتەن دۈشمەننىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئەھۋالى موشۇ ھەقىقەتنى مۇنازىرە تەلەپ قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى!

## 10-باپ

## ئۇيغۇرستاننىڭ ئاھالىسى، مىللىي تەركىۋى ۋە مەمۇرىي بۆلۈنۈشى

**- چىنلىقلار «بىز پۈتۈن جۇڭگونىڭ بىرلىگىنى ساقلايمىز» دەيدۇ-يۇ،**
**بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاپ، سۇنئىي بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ.**
**بۇ جاھانگىرلارنىڭ «بۆلۈپ تاللاش، ھۆكۈمرانلىق قىل!» دېگەن سەياستى ئەمەسمۇ؟!**

مۇھەممەتىمىن بۇغرا

ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەيمىزكى: خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھېچ قاچان ھەقىقەتنى ئېيتمىغان ۋە ئېيتمايدۇ. ئۇيغۇرستاننىڭ نوپۇس سانى توغرىلىقمۇ خۇددى شۇنداق. ھەر قاچان يالغان ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» V تومىدىكى «تىبەتكە ژۇرۇش قىلغان ئارمىيەگە يول-يورۇقتا» 1950-ژىلى «شىنجاڭدا 9 مىللىون يەرلىك خەلىق ياشايدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتىلغان. خىتاي تەرەپنىڭ رەسمىي مەلۇماتلىرىدا بولسا، بۇ سان قىسقارتىلىپ، 4300000 دەپ ئېلان قىلىندى. 1982-ژىلى «گۇيجۇ كەچلىك گېزىتىدا»؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 10-مىللىونغا يېقىن» دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ خەۋەر «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتىدا» تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. كېيىن بۇ «مەخپىيەتنى» ئاشكارى قىلغىنى ئۈچۈن ھەر ئىككى گېزىتنىڭ مەسئۇللىرى جازالىنىپ، ئىشتىن ئېلىندى (گەرچە بۇ مەلۇمات بېجىڭدىكى مەركىزىي ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ) خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ ژىلى بۇ رەقەمنى ئۆزگەرتىپ «جۇڭگودا 5 مىللىون 986000 ئۇيغۇر بار» دەپ ئېلان قىلغان. يەنى 4 مىللىون نوپۇسنى كەمەيتىپ ئېلان قىلدى. ئەينە شۇ خىتاي ھۆكۈمىتى 1992-ژىلى ئېلان قىلىنغان رەسمىي مەلۇماتىدا: « ئۇيغۇرلارنىڭ سانى-7 مىللىون 302178، قازاقلارنىڭ سانى-154864، تۇڭگانلارنىڭ سانى-705200، قىرغىزلارنىڭ سانى-144209، تاجىكلار-35171، شىۋەلەر-35047، ئۆزبەكلەر-11849 ، مانجۇلار-17986، رۇسلار، داغۇرلار، تاتارلار قوشۇلۇپ 17985 سانىنى ئىگەللەيدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق بولغاندا، يەرلىك ئاھالىنىڭ ھەممە نوپۇسى 9 مىللىون 571838 جان بولۇپ چىقىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇئار پارتىيا كومىتېتىنىڭ I كاتىۋى ۋاڭ لىچۈەن 2002-ژىلى ئوكتيابىردا قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەكىللەر دېلېگاسىياسىنىڭ قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا:

- «شىنجاڭدا 8600000 ئۇيغۇر بار»-دەپ ئېيتتى.

تۈركىيانىڭ ستامبۇل شەھرىدە ئورۇنلاشقان «شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى» ئۇزۇن ژىللىق تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 1999-ژىلى ئېلان قىلىنغان رەسمىي مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا: «**ئۇيغۇرستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ھەقىقىي نوپۇسى 22 مىللىوندىن ئارتۇق.** قېرىنداش قازاقىستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكستان ۋە تۈركمەنىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي سانى 1 مىللىوندىن ئارتۇق. سەئۇدىيە ئەرەپستان، تۈركىيا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيا، گېرمانىيا، بېلگىيا، شۋېتسىيا، شۋېيتسارىيا، ئانگلىيا، روسسىيا، ئاۋغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، بولغارىيا، مونغولىيا، ياپونىيا، مىسىر، سۈرىيا، كانادا، خىتاي، شاڭگان ۋە تەيۋەن قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1 مىللىونغا يېقىن. ئومۇمەن دۇنيادا 24 مىللىوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ» («شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى»، 19-بەت).

ژۇقۇرىدىكى سان-سىفىرلىق مەلۇماتلار بۇنىڭدىن 11 ژىل ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىئالدىن ئېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ژىللاردا تەبىي كۆپىيىش ئارقىلىق قوشۇلغان سان بىلەن ھېساپلىنغاندا، بۈگۈنكى دۇنيادا 26 مىللىون ئۇيغۇر بار دەپ ئېيتساق، ھەقىقەتتىن ژىراق بولماس.

ئۇيغۇرستاندا ياشاۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سانى توغرىلىقمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان مەلۇماتلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ سانلارنى 3ـ2 ھەسسە كۆپەيتكەندە، ئاندىن ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش مۇمكىن. ئۇيغۇرستاندا ياشاۋاتقان خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇس سانى توغرىلىقمۇ ئىككى خىل مەلۇمات مەۋجۇت. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي مەلۇماتىدا: «شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ سانى 5 مىلليون 902000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان». (خىتاينىڭ ئۇيغۇرستاندىكى ھېساپسىز كۆپ ئەسكەرلىرى، ئىشلەپ چىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىياسى، ئىچكىرىدىن كۆچىرىلىپ كېلىنگەن جىنايەتچىلىرى، قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز كۆچۈپ چىققان خىتاي ئاققۇڭلىرى ۋە يەرلەشكەن پۇخرالىرى بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىگەن) ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى كۈندە **ئۇيغۇرستاندىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمىي سانى 50 مىلليوندىن ئاشىدۇ. بۇ سان بارغانسېرى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بارماقتا.**

ئەندى، ئۇيغۇرستاننىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى ئەھۋالىغا كەلسەك: ئۇيغۇرستاندا 1949ـ ژىلىنىڭ ئوكتيابرغا قەدەر: 10 ۋىلايەت، 12 شەھەر، 88، ناھىيە، 3000 دىن ئوشۇق يېزا-قىشلاقلار بار ئىدى. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان رەسمىي مەلۇماتلار بويىچە: 5 ئاۋتونوم ئوبلاست، 8 ۋىلايەت، 16 شەھەر، 101 ناھىيە بار. 5 ئاۋتونوم ئوبلاست تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. **ئىلى قازاق ئاۋتونوم ئوبلاستى.** يەر مەيدانى 270 كم$^2$ . ئاھالىسى 3400000، مەركىزى غۇلجا شەھىرى.
2. **سانجى-تۇڭگان ئاۋتونوم ئوبلاستى.** يەرمەيدانى 94000 كم$^2$. ئاھالىسى 1300000،مەركىزى سانجى شەھىرى.
3. **بۆرتالا-موڭغۇل ئاۋتونوم ئوبلاستى.** يەر مەيدانى 24000 كم$^2$. ئاھالىسى 320000، مەركىزى بۆرتالا شەھىرى.
4. **باينغۇلىن-موڭغۇل ئاۋتونوم ئوبلاستى.** يەرمەيدانى 480000 كم$^2$. ئاھالىسى 84000،مەركىزى كورلا شەھىرى.
5. **قىزىلسۇ-قىرغىز ئاۋتونوم ئوبلاستى.** يەر مەيدانى 67000 كم$^2$. ئاھالىسى 376000، مەركىزى ئاتۇش شەھىرى.

سەككىز ۋىلايەت مونۇلار: تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، كورلا ۋىلايىتى.

ئۇيغۇرستاندا جەمى 16 شەھەر بار. **ئاۋتونوم رايونغا بېۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر: ئۈرۈمچى،شىخەنە، قارىماي. ئادەتتىكى شەھەرلەر:** غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، كۈيتۇڭ، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل،كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، بۆرتالا.

ژۇقارقى مەلۇماتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى جاھانگىر بوۋىلىرىنىڭ»بۆلۈپ تاشلا، ئىدارە قىل» دېگەن سەياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇرستان زىمىنىنى سۈنئىي ھالدا بىر قانچە بۆلۈكلەرگە بۆلۈۋەتتى. يەنى تۆرلۈك دەۋىرلەردە، تۆرلۈك سەۋەپلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەن مۇھاجىر مىللەتلەرگە ئۇيغۇرستاننىڭ كەڭ-تاشا زىمىنلىرىنى «مەرتلىك بىلەن» بۆلۈپ بېرىۋەتتى.ھازىر بۇئەلدە 2 ئاۋتونوم ئوبلاست،6 ئاۋتونوم ناھىيە بار. بۇ ئاۋتونوم بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن تېررىتورىيا ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىنىڭ 75 پايىزىنى تەشكىل قىلىدۇ. 5 ئاۋتونوم ئوبلاستىكى مۇختارىيەت ھوقۇقى ئالغان قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگانلارنىڭ سانى 2 مىلليون 57000،بۇ ۋىلايەتلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 6 مىلليون 185000. يەنى مۇختارىيەت ئالغان مىللەتلەرنىڭ سانىدىن 3 ھەسسە كۆپ». (ژۇقۇرىدىكى سىفىرلىق مەلۇماتلار تۈركىيانىڭ ستامبۇل شەھىرىگە ئورۇنلاشقان «شەرقىي تۈركستان تەتقىقات مەركىزى» ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركستان قوللانمىسىدىن» ئېلىندى).

خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر زىمىنلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىشتىكى غەرىزى، بۇ مىللەتلەرنى ھۆرمەت قىلغانلىقتىن ئەمەس، ئۇيغۇرلارنى بۇ زىمىنلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەرھۇم قىلىش. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرستاندا ژۇقارقىلاردىن باشقا، پەقەت خەنزۇلاردىنلا تەركىپ تاپقان ھەر بىرى ۋىلايەتكە تەڭ كېلىدىغان 13 دېۋىزىيا «ئىشلەپ چىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىياسى» بار. ئۇنىڭ تەركىۋىدە ھەر بىرى ناھىيەگە تەڭ كېلىدىغان 182 پولك مەيدانلىرى بار. بۇ پولكلار ئۇيغۇرلار زىچ ئولتىراقلاشقان ژۇتلارنى قورشىغان ھالدا، يەنە بىر تەرەپتىن ستراتېگىيالىك ئەھمىيىتى مۇھىم بولغان چېگارا بويلىرىغا ئورۇنلاشقان. بۇمۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرستاننى مۇستەملىكە قىلىپ باشقۇرۇشتىكى ئالاھىدە «كەشپىياتى».

ئۇيغۇرستاننىڭ باينغۇلىن رايونىدىكى ئۈششاقتال، كۈمۈچلەرنىڭ غەربىي-شىمالىدا بالغۇنتاينىڭ شەرقىدە ھازىرغىچە ھېچ قانداق خەرىتىلەرگە چۈشىرىلمىگەن، خىتايلار ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ كېلىۋاتقان **مالەن** ئىسىملىق بىر شەھەر بار. ھەربىي قىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بولۇپ بىر مىلليونغا يېقىن ئاھالىسى بار شەھەر پەۋقۇلادە ئامانلىق تەدبىرلىرى بىلەن ساقلىنىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئىنسائاتلىرى، ئېلېكترلىشىش ۋە تەمىنات سىستېمىلىرى ئالاھىدە بولۇپ، بۇ شەھەردە خىتارىنىڭ ئاتوم يادرو بومبىسى مۇتەخەسسىسلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار، ھەربىي خىزمەتچىلەر ۋە مۇداپىە قىسىملىرى تۇرىدۇ. ئۇلار سىرتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ياشايدۇ. بۇ مەخپىي شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى 1960-ژىللاردا باشلانغان بولۇپ 1964-ژىلدىن باشلاپ پايدىلىنىشقا بېرىلگەن. بۇ ئەمەلىياتتا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىدىغان خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قارا ئۇڭگىسىدۇر. بۇ يەردە خىتاينىڭ ئاتوم

تەتقىقات مەركىزى، ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىش قوماندانلىق شتابى، ھەربىي ئايروپىلان ستانسىياسى، ھەربىي تاش يول، لوبنور سىناق مەيدانىغا بارىدىغان يەر ئاستى زامانىۋىي ئاسۋالت يولى بار. ئۇنىڭ سىرتى بولسا، 34ـ33 ۋە 730ـھەربىي قىسىملار تەرىپىدىن قورشالغان. خىتايلار بۇ سىناق مەيدانىدا 46 قېتىم ئاتوم يادرو سىناقلىرىنى ئۆتكۈزدى. موشۇ سىناقلار نەتىجىسىدە ئۇيغۇرستاننىڭ ئېكولوگىياسى بۇزۇلۇپ، ئادەم ياشىغۇسىز ھالەتكە كەلدى. ئۇيغۇرستاننىڭ ئەسلى ئىبەلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر بۇ ئەھۋاللاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. بۇ چەكلەنگەن رايونلارغا ھېچ قانداق يەرلىك خەلقنىڭ قەدىمى يەتمىگەن، ھەتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسلىرىمۇ بۇ چەكلەنگەن رايونغا يېقىن كېلەلمەيدۇ، ھەتتا بۇ يەردە نېمە بار دەپ سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىمۇ يوق!» («شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى»، 121ـ120ـبەتلەر).

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ژىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرستان ئادەتتىكى مۇستەملىكىلا ئەمەس، خەلقى قىرغىن قىلىنىۋاتقان، بايلىقلىرى بۇلاپ تالىنىۋاتقان، مىللىتى ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىۋاتقان ئەل. موشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى، ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىپ، كۈرەش مەيدانىغا چىقماقتا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈرىشى ھەققانىي كۈرەش. ئۇنى **قوللاپ-قۇۋۋەتلەش، بۇ مۇقەددەس كۈرەشكە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇق بورچى، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلىق بورچى، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىنسانلىق بورچى!**

ئۇيغۇرستاننى تونۇشتۇرۇشىمىزنى ۋەتەن ھەققىدىكى ئىككى غەزەل بىلەن ئاياقلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

ۋەتەن

**ئۇيغۇرستان، ئۆز ئانامسەن، مېھرىڭ دەرىيا ماڭا،**
**ساڭا دېگەن ساپ مۇھەببەت ئوتلىرى ئاشنا ماڭا.**
**سەندە تۇغۇلۇپ، سەندە ئۆستۈم، سەندىدۇر بەختىم مېنىڭ،**
**بىر سېنىڭ ئەركىڭ جاھاندا، ھەممىدىن ئەلا ماڭا!**
**كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ تاغلىرىڭ، گۈلباغلىرىڭ،**
**تۇپرىغىڭ توتىيادۇر، تاشلىرىڭ تىللا ماڭا.**
**سەن تۇرغاندا نە قىلۇرمەن، جەننەتىل مەۋانى مەن،**
**سېنىڭ گۈزەل يۇرتلىرىڭنىڭ ھەر بىرى مەۋا ماڭا.**
**قۇچۇغىڭدا ئۆمۈر ئۆتەر جانىجان خەلقىم مېنىڭ،**
**ئوغلانلىرى-ئارسلاندۇر، قىزلىرى-بەرنا ماڭا.**
**راستىمېدى، يالغانمېدى، قوينۇڭدا ئويناپ ئۆسكىنىم،**
**ئويلىسام ئۇ كۈنلىرىمنى، خۇددى بىر رۇيا ماڭا!**
**ئانا يۇرتۇم، سەن تۇرغاندا خار ئەمەسمەن ھېچ قاچان،**
**كار قىلالماس بارچە مۈشكۈل، زۇلۇملار ئەسلا ماڭا.**
**بار جاھانغا تەڭ قىلالماسمەن ۋەتىنىمنىڭ ئەركىنى،**
**ئاھ، قاچان بولغاي نېسىپ ئۇ يورۇق تاڭلار ماڭا؟**
**ئۇيغۇرىي ئەيتۇر: سېنىڭ ئازاتلىغىڭ كۆرسەم ئىدىم،**
**شۇ بۈيۈك ئارمان ژۈرەكتە ئەلەيچە ھەمرا ماڭا!**

***

**گەر ۋەتەننى ئانا دېسەك، بىز ئۇنىڭ ئوغلانى بىز،**
**گەر ۋەتەننى باغ دېسەك، بىز ئۇنىڭ باغۋەنى بىز.**
**خەلقىمىزگە بەخت كەلسە، ۋۇنىڭ شاتلىق كۈلكىسى،**
**قايغۇ كەلسە، كۆكرىگىدىن ئۆرلىگەن ئەپغانى بىز!**
**خوشاللىقتا، قايغۇدىمۇ ئەل بىلەن بىللە بولۇپ،**
**ئەل دەردىنى كۈيلەيدىغان شائىر-غەزەلخانى بىز.**
**ئانا يۇرتنىڭ قەدرىنى بىزدەك يەنە كىملەر بىلۇر؟**
**تىرىك ژۈرەك ئاشىغى، ئۆلسەك ئۇنىڭ قۇربانى بىز.**
**ئەي ۋۇيغۇرىي، شۇ ئەمەسمۇ سۆيگىگە سادىقلىغىڭ،**
**ئىشق-مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلەر پەرۋانى بىز!**

## ئىككىنچى كىتاپ

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى

## سۆز بېشى

مەلۇمكى، تارىخ ئىلمى-ئەجداتلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنى، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىختىسادىي-مەنىشى، مەدەنىي-روھانىي، ھەربىي-سەياسىي ھاياتىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان، تارىخىي ۋاقەلەرنى ئاددىي سۆرەتتا بايان قىلىپلا قالماستىن، ئەشۇ تارىختىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، كېلەچەككە يول ئاچىدىغان ئىلىم. شۇنىڭدەك، تارىخ ئىلمى-مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭگۈشتەرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ-ئۈمۈتىنى نەزەردە تۇتۇپ قولىڭىزدىكى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى» ناملىق كىتاپنى يېزىشقا كىرىشتىم.

بىراق، ئۇيغۇر تارىخى-ناھايىتى چوڭ ماۋزۇ. ئۇيغۇردەك قەدىمىي تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىپ، تولۇق بايان قىلىپ بېرىش-ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن بىر ئۆمۈر ئىشلەش كېرەك. مېنىڭ بولسا ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بىلىمىم يېتەرسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ كىتاۋىمغا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دەپ چوڭ ماۋزۇ قويىۋېلىپ، ئۆزەم ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىمگە ئېلىۋېلىشتىن ساقلاندىم. كۈچۈم يېتىدىغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى» ماۋزۇسىنى تاللاۋالدىم. يەنى قىسقىراق ھەجىمدە بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى مەخسەت قىلدىم. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ چىقىشمۇ ئوڭاي ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، دوستلىرىمنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە تايىنىپ، بۇ قىيىن ئىشقا بەل باغلىدىم.

ئەسلىدە، ئىنسانىيەت تارىخى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە سەلتەنەت سۈرگۈچىلەرنىڭ تارىخى بولماستىن، ھەممىدىن ئاۋال خەلقنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، بىزنىڭ تاللاۋاغان ماۋزۇرىمىز «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى» بولغانلىقتىن، مەن پەقەت ئۇيغۇر تارىخىنىڭ سەياسىي مەنزىرىسىنى بېرىش بىلەنلا چەكلەندىم.

تارىختىن مەلۇمكى، ئەگرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى بىپايان ۋادىلاردا، غەرىپتىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن شەرىقتىكى چىلانتاغ (چىلەنشەن) تاغلىرىغىچە، شىمالدىكى ئالتاي، تارباغاتاي تاغلىرىدىن جەنۇپتىكى ئالتۇن تاققىچە بولغان ۋادىلاردا، شۇنىڭدەك، ئىلى دەرياسى بىلەن يەتتىسۇنىڭ بويلىرىدا ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن بۇ يان ھازىرقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجداتلىرى: ئۇيغۇرلار، ئارىيلار، تۇرالار، ساقلار، ھۇنلار، ئاۋارلار، ماساغىتلار، ئوغۇزلار، تۇركلەر، قارلۇقلار، ياغمالار، ئۇيسۇنلەر ۋە باشقىلار ياشاپ كېلىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىيار تارىخلاردا: تۇرانىيە، ساق ئېلى، ھۇن ئېلى، ئۇيغۇرستان، تۇركىستان دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچى مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا: «بۈگۈنكى ئىلىم ۋە پەن تەتقىقات دەۋرىدە، ئېۋروپا ۋە ئامېرىكا شەرىقشۇناسلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتى: گېئولوگىيا، ئېتنولوگىيا، ئېتنوگرافىيا، ئېپىگرافىيا ۋە ئارخېئولوگىيا قاتارلىق ئىلىم-پەنلەردىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنگىچە ھېچ بىر تارىخچى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تارىخىي يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە تۈرك (ئۇيغۇر) مىللىتىنىڭ دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئېۋروپىلىق سەياھەتچىلەر ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) ئېلىدا ياشىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 10000 ژىلدىنمۇ ئۇزاغىراق داۋام قىلىپ كەلگەن، بەكمۇ قەدىمىي ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ۋە شەرەپلىك تارىخقا ئىگە بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى دۇنياغا مەلۇم بولدى»-دەيدۇ («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 8-بەت).

موشۇ فاكتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ دىياردا قەدىمىي زامانلاردىن بۇ يان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ھەقىقەت. بۇ دىياردا ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىمۇ كام دېگەندە 7-6 مىڭ ژىل بولدى.

«ئىنسانلارنىڭ تارىخى ئۇلار پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا باشلانغان» دەيدۇ ف.ئېنگېلس. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىمۇ ژىراق ئۆتمۈشتىن باشلىنىپ تاكى بۈگۈنگىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوبيېكتىپ جەريان، بىر پۈتۈن مۇساپە. تارىخ ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى-موشۇ ئۇزاق جەرياندىكى تارىخىي كەچمىشلەرنى ئۈزۈپ قويماي، پارچىلىماي پۈتۈن بويىچە بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

مەن «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخىنى» يازغان ۋاقتىمدا موشۇ ئىزچىللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشتىم. يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي زاماندىن بۈگۈنگىچىلىك بولغان تارىخىنى ئىزچىل بايان قىلىپ بەردىم.

ئادەتتە تارىخچىلار بۇ ئۇزاق مۇساپىنى «ئىنسانلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىركى ھاياتى»، «ئىنسانلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى ھاياتى» دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈپ بايان قىلىدۇ. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى»نى يازغان ۋاقتىمدا مەنمۇ موشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىپ «ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ

دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى» توغرىسىدىكى باپلارنى كىتاۋىمىنىڭ I قىسمىغا كىرگۈزدۈم. ئەندى، مىللىتىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى ھاياتىغا كېلىدىغان بولساق، بىز ژۇقۇرىدا ئۇيغۇر خەلقى كام دېگەندە 7-6 مىڭ ژىللىق دۆلەت تۇتۇش تارىخىغا ئېگە دەپ ئېيتتۇق. موشۇ نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىمىزنىڭ سەياسىي قەھەتتىن تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، مۇنداق 3 ئاساسىي دەۋرگە بۆلۈنىدىغانلىغىنى كۆرىمىز.

**1. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلىرىگە ئېگە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بەگ ۋە پادىشالىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئازات، ئەركىن، مۇستەقىل، خاتىرجەم ياشىغان دەۋرلەر.** بۇئەڭ قېدىمقى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىدىن باشلاپ تاكى سەيدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلغىچە بولغان تەخمىنەن 6000 مىڭ ژىللىق ئۇزاق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئەلۋەتتە، بۇ ئارىلىقتا ۋاقىتلىق ئۇزۇلۇپشلەرمۇ بولۇپ تۇرغان). مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يازغان ۋاقتىمدا، ئۇيغۇرلار مۇستەقىل ياشىغان موشۇ دەۋرنى «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزدۈم (تارىختا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندىم. تارىختا «غىل-پاللا» كۆرۈنۈپ ئۆتكەن ياكى ئانچە مۇھىم رول ئوينىمىغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم).

**2. ئۇيغۇر خەلقى XVII ئەسىرنىڭ 60-ژىللىرىغا كەلگەندە مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.** بۇ ئاسانلا يۈز بەرگەن ۋاقىە ئەمەس، تارىخىمىزدىكى چوڭ بۇرۇلۇش دەۋرى بولغان ئېدى. يەنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز مىللىونلىغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ، خەلقىمىزنى قۇللارغا ئايلاندۇرغان ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ دەۋرنى «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇللۇققا چۈشۈپ قېلىشى»-دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمىنىڭ ئۈچۈنچى قىسمىغا كىرەۈزدۈم.

**3. سەياسىي جەھەتتە يات مىللەتلەرگە بېقىنىپ، مۇستەملىكە بولۇپ ياشىغان دەۋرلەر.** بۇ جوڭغارلار ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى 75 ژىلنى، مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاستىدىكى 154 ژىلنى، خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا ياشىغان 94 ژىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەممىسى بولۇپ323 ژىل (ئەلۋەتتە، بۇ ئارىلىقتا ۋاقىتلىق مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ، مۇستەقىل ياشىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان). ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، جوڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇيغۇرلار مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ يات مىللەتكە بېقىندا بولۇپ قالغان، ئۇلارغا ئۇلپان تۆلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىدىن چىققان غوجىلار بىلەن بەگلەر ئارقىلىق باشقۇراتتى. ئۇلار ئۇيغۇرستاننى بىر مۇستەملىكە دەپ قاراپ، خەلقىمىزنى ئەزگەن، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ-تالىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا خوۋۇپ كەلتۈرمىگەن. ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆز تىلىدا باشقۇرۇشىغا، دىنىي پائالىيەت ئىشلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىشقا يول قويغان. ئەڭ مۇھىمى، مىللىتىمىزنىڭ ياشاش ھوقۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋرنى ئادەتتىكى مۇستەملىكىچىلىك دەۋر دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن. مانجۇرلار بىلەن خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، خۇسۇسەن خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇيغۇرلار مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ، يات مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپلا قالماستىن، خىتايلار تەرىپىدىن ھەم قىرىلىپ، ھەم ئاسسىملىياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپىغا دۇچ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى موشۇ مەخسەتتە ئۇيغۇرستاندا يەرلىك خەلىقلەرگە قارىتا دۆلەت تېرروررىزمى ۋە گېنوسىتلىق سەياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتقان دەۋرى دەپ ئېيتىشىمىز مۇمكىن. ژىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يەقىنىڭ كېيىنكى 245 ژىللىق تارىخى: مانجۇ ۋە خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ئېزىش، خورلاش، بۇلاپ-تالاش ۋە ئۆلتۈرۈش تارىخى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارشى مىللىي ئازاتلىق يولىدىكى قەھرىمانلارچە كۈرەش تارىخىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ دەۋرنى «مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلىرى»-دەپ ئاتاپ، كىتاۋىمىنىڭ تۆرتىنچى قىسمىغا كىرگۈزدىم.

تارىخ-ئىنسانىيەت پائالىيىتى ۋە بىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇق ھېكايىتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ھادىسلىرى ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ماھىيەتلىرى بولسا، ئۆلمەس روھەتەك تارىخ ئىلمى ئارقىلىق ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ، روھىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. تارىخنى ئۆگىنىشتىن مەخسەت، ئەشۇ تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئالدىمىزدىكى كۈرەشلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ژۇقۇرىدىكى 4 قىسمدا بايان قىلىنغان تارىمىزغا « ئۇيغۇر تارىخىنىڭ خۇلاسسى» دېگەن يەنە بىر قىسمنى قوشتۇم. بۇ قىسمدا ئۇيغۇر تارىخىنىڭ خۇلاسسى سۈپىتىدە: مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبە قازىنالمىغانلىغىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەردىم ۋە تارىخىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى چىقىرىپ بەردىم.

شۇ ئارقىلىق ھازىرقى ئىنقىلاپچىلارنى تارىختىن ساۋاق ئېلىشقا، ئەجداتلىرىمىزنىڭ خاتالىغىنى تەكرارلىماسلىققا دەۋەت قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاۋىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي زاماندىن بۈگۈنگىچە بولغان سەياسىي ھاياتىنى ئىزچىل ھالدا يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

كىتاپخانلىرىمىزنىڭ تارىخىي ۋاقىئەلەرنى تېنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشىگە، روشەن تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ياردىمى بولسۇن، دېگەن مەخسەتتە ئايرىم قىسىملارنىڭ ياكى باپلارنىڭ ئارىغا باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ شۇ ماۋزۇغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىئاللارنى قوشۇمچە قىلىپ بەردىم.

ئۇيغۇر خەلقى ئەسكە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان شانلىق تارىخقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان پارلاق مەدەنىيەتكە ئېگە مۇنەۋۋەر مىللەت. مەيلى ھاكىمىيەت تىكلەپ جاھان سورىشىدا بولسۇن، مەيلى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشتا بولسۇن، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھېچ بىر قوۋم، ھېچ بىر مىللەتتىن قېلىشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزنى خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى پىششىق ئۆگىنىشكە، تارىخنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پايدىلىنىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىمەن.

بىز شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنىمۇ بىلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنىمۇ چۈشۈنمەيدىغان مىللەت يوقىلىشقا مەھكۇم مىللەتتۇر. بىر مىللەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى جىسمانىي يوقىتىش شەرت ئەمەس. شۇ خەلقنى ئۆز تارىخىدىن، ئانا تىلىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئۇيغۇر خەلقى كېيىنكى 94 ژىلدىن بېرى ئۆز يېرىدە خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپىغا دۇچ كەلدى. موشۇنداق شارائىتتا كىتاۋىمىز سەھىپىسىدە مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە تەغدىرى توغرىلىق ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرىش زۆرۈر دەپ ھېساپلىدىم.

خەلقىمىزنىڭ تارىخدا سىزگە ئۆلگە بولغىدەك پارلاق سىمالار، ئۆلمەس قەھرىمانلار نۇرغۇن. شۇنىڭدەك، سىز ئىبرەت ئالغىدەك نەبىر رەزىللىكلەر، نەبىر خائىنلىقلارمۇ بارچ!

قىسقىسى، تارىخ ئۇ خاسىيەتلىك ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇ ئەينەك ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئىشلارنى خالىس، ئەينەن ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر بىر ئادەم بۇ ئەينەككە قاراپ، ئەجداتلىرىنىڭ ئىجابىي ئىشلىرىدىن ئۆلگە، سەلبىي ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشلىرى لازىم. شۇ چاغدىلا بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ مەناسىنى دۇرۇس چۈشىنەلەيدۇ، ئەتىكى قەدەمنى توغرا باسالايدۇ.

ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇش مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىۋاتقان خەلقلەر ئۈچۈن ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش ھاياتىي زۆرۈرىيەتتۇر.

بۇنىڭدىن چىقتىكى: ئۆزىنىڭ يارملىق ئەجداتلىرىنى ئەسلىمەيدىغان، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالمايدىغان ئادەم-چىرژدانىسىز ئادەم. تارىختىكى ئېسىل پەرزەنتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، تارىختىكى ناكەس شەخسلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىمايدىغان مىللەت، نائەھلى مىللەتتۇر. مەن، ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان، تارىخىي خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئالىدىغان، ئۇنى ئۆلگە قىلىپ، ئالدىدىكى قەدىمنى توغرا باسىدىغان بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، جاسارەتلىك مىللەت بولۇشىنى تىلەيمەن، پەقەت موشۇنداق مىللەتلا پارلاق ئىستىقبالغا ئېگە بولالايدۇ.

## 1 ـ قىسىم

# ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى

## سۆز بېشى

**ــ ھامانبىر كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەجداتلىرىغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ.**

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ھازىرقى زاماننىڭ ئارخېئولوگىيا، پالېئونتولوگىيا ئالىملىرى چوڭقۇر يەر قاتلاملىرىنى قېزىپ، ئۇيەردىن تېپىلغان ماتېرىيالللارنى، قېدىمىي غارلارنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆيەكلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققىنىغا تەخمىنەن 1 مىللىون يىل، بىرىسى 600 مىڭ يىل بولدى دەپ ھېساپلىماقتا. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى ئادەم قىياپىتىگە يېتىپ كەلگىچە ئۇزاق ۋە خىلمۇ-خىل تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇشى تەبىي. ئالىملار بۇ جەرياننى «ئىپتىدائىي ئىنسان باسقۇچى»، «يېڭىلغان ئىنسان باسقۇچى»، «يەم-پاراسەتلىك ئىنسان باسقۇچى» دەپ ئۈچ تارىخىي دەۋرگە بۆلىدۇ. ئەشۇ بىرىنچى باسقۇچتىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىشى بەكمۇ گىجىك، ئاستا يۈز بەرگەن. شۇڭا ئىنسانلار بىرىنچى باسقۇچتا تەخمىنەن 500000 يىللار بويى ياشىغان. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەييار مېۋىلەرنى تېرىپ يېيىشنى، بېلىق ۋە قۇشلارنىڭ گۆشىنى خام يېيىشنى بىلەتتى، خالاس. ئۇلار ھازىردىن 100000 يىللار ئىلگىركى زامانغا كەلگەندىن كېيىن يېڭىلانغان ئىنسان باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقان. بۇ ئىككىنچى باسقۇچتا ئىنسانلار تەبىئەتتىكى ئوتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى سوغدىن ساقلاشنى، تاپقان ئولجىسىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەرەققىياتى ئاۋۋالقىدىن سەللا تېزىراق بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسانلار موشۇ باسقۇچتا تەخمىنەن 70000 يىللار بويى ھايات كەچۈرگەن. ئۇلار ئوتتىن پايدىلىنىپ، ئىسسىنىشنى تاپقان ئولجىسىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بىلىپلا قالماستىن. ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ، ئىسسىق-سوغدىن ساقلىنىشنىمۇ بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار ھازىردىن 30000 يىللار ئىلگىركى زامانغا كەلگەندە، ئاندىن جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، يەم-پاراسەتلىك ئادەم دەۋرىگە قەدەم قويۇشقان.

ئىنسانلار بۇ باسقۇچتا تەييار تاش قۇراللاردىن پايدىلىنىپ ياكى تاشلارنى سىلىقداپ دەسلەپكى ساددە تاش قۇراللارنى ياساپ پايدىلانغان. تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياغاچتىن ۋە سۆيەكتىن بۇيۇملارنى ياسىغان. ئوتتىن پايدىلىنىپ، مېتاللارنى ئېرىتىپ، ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللىرىنى ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى موشۇ تاش قۇراللار دەۋرىدىن باشلاپ يېزىلىشى كېرەك. ئۇمۇمىي ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ھېساپلانغان ئوتتۇرا ئازىيادىكى خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمۇ خۇددى شۇنداق. بىراق، تارىخچىلار ئادەتتە بۇ جەرياننى: ئىنسانلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىركى ھاياتى، تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى ھاياتى دەپ ئىككى باسقۇچقا بولۇپ بايان قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرگەن ۋاقتىمىز قاچاندىن باشلىنىدۇ؟

مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا **«ئوغۇزنامە»** دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تارىخىي ئېپوسىمىز بار. بۇ ئېپوستا قېدىمىي زاماندا قۇرۇلۇپ، سەلتەنەت سۈرگەن ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ خاقانى ئوغۇزخاننىڭ پائالىيەتلىرى توغرىلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئېپوسنىڭ قەھرىمانى ئوغۇزخان قانداقتۇ ئەپسانىۋىي قەھرىمان بولماستىن، فاكتلار بىلەن ئىسپاتلانغان، تارىختا ئېنىق ئورنى بار رېئال شەخستۇر. تۈرك تارىخچىسى مۇرات رەمزى ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مىلادىدىن 3000 يىل ئاۋۋالمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەتلىك مىللىي دۆلىتى بولغان ئىكەن. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2850-يىلغا كەلگەندە بۇ دۆلەتنى **ئوغۇزخان** ئىسىملىق ئەقىللىك، جۈرئەتلىك پادىشا باشقۇرغان. ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۇلغايتىپ، يوشنا ئەللەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئازىيا قىتئەدىسىدە تۇنجا ئىمپېرىيانى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن 5000 يىل ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دۆلىتى بولغانلىقى ھەققىدە يازما يادىكارلىقلار بار. موشۇ فاكتقا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 5000 يىل ئىلگىرىلا تارىخ دەۋرىگە كىرگەن ئىدى-دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ ئالدىدىكى 25000 يىللىق دەۋر بولسا، ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىركى قاراڭغۇ دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز **«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخىنى»** يازغان ۋاقتىمىزدا ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىدىن كىرىشتىن ئىلەىركى ھاياتى توغرىلىق قىسقىچە ئوبزور بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئەسلىدە بۇ قىسمىنى يازمىساممۇ بولاتتى، بىراق، خىتاي تارىخچىلىرى ئۇياتسىزلىق بىلەن: «شىنجاڭدا قېدىمىي زاماندىن، ھەتتا تاش قۇراللار دەۋرىدىن باشلاپ خەنزۇلارنىڭ ئەجداتلىرى ياشاپ كەلگەن؛ ئۇيغۇرلار بولسا IX ئەسىردە ھازىرقى موڭغۇلىيادىن كۆچۈپ كەلگەن» دەپ تۆھمەت قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يالغان ئىدىيەلىرىنى پاش قىلىش ۋە ھەقسىز داۋاسىنى رەت قىلىش ئۈچۈن بۇ قىسمىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

## 1ـ باپ

### ئوتتۇرا ئازىيادە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئېۋولىيۇسىيالىك تەرەققىياتى

**بىر تۈپ دەرەق ئۆچۈن ئۇنىڭ توپا ئاستىدىكى كۆمۈلۈپ تۇرغان يىلتىزى قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئىنسان ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئەسلى، نەسلى، ئېتىقاتى ۋە ئارزۇ-ئۈمۈتلىرى كۆمۈلگەن ژىراق ئۆتمۈش شۇنچىلىك مۇھىمدۇر!**

مېككوفېرن

بىز ئوتتۇرا ئازىيادە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىلىق سۆز قىلىشتىن ئاۋال، ئۇمۇمەن يەر شارىدا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشى توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتەيلى. ئىنسانشۇناس ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلار بۇنىڭدىن مىللىون ژىللار بۇرۇن يەر شارىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشقا قوللايلىق بولغان ئىسسىق-مۆتىدىل زونىلىرىدا، ئاتاپ ئېيتقاندا: شەرقىي ئازىيا بىلەن جەنۇبىي ئازىيادە، ئوتتۇرا ئازىيا بىلەن شەرقىي ئافرىكىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاب ئېكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن موشۇ رايونلار يەر يۈزىدە ئىنساننى ئاپىرىدە قىلىپ بەرگەن مۇقەددەس ئانا تۇپراق، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجا بۆشۈكلىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئەشۇ دەسلەپكى ئىنسانلار موشۇ زىمىنلاردا مىللىون ژىللار بويى ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ «بوۋاقلىق»، «بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك» دەۋىرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئاندىن كېيىن پەم-پاراسەتلىك ئىنسان باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ھەرىكەتلىنىپ، ياشاشقا قولايلىق تەبىي شارائىتى بار رايونلارغا كۆچۈپ بېرىپ، ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇلار تەخمىنەن بۇنىڭدىن 40000 ژىلار بۇرۇن ئازىيا، ئافرىكا ۋە ئېۋروپىنىڭ كەڭ زونىلىرىغا، بۇنىڭدىن 35000 ژىللار بۇرۇن ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقىلىشقا باشلىغان ۋە موشۇ كۆنگىچە داۋاملىق تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مەنادا ئېيتقاندا، پۈتۈن يەر يۈزى-ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ماكانى.

ئاتاقلىق ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژۋىمس چېرچۋارد يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاۋۇپ كۆپىيىشى ۋە تارقىلىشى جەرىيانىنى تۆۋەندىكى 4 ئاساسىي دەۋىرگە (ئېراغا) بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ:

1ـ ئېرا: ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە دەسلەپكى قېتىم ئاۋۇپ كۆپەيگەن دەۋرى. بۇ دەۋىر تەخمىنەن بۇنىڭدىن 100000 ژىللار بۇرۇن ئېۋرائازىيانىڭ شىمالىي قىسمىنى مۇز قاپلاپ كېتىشى نەتىجىسىدە شۇ زونىدىكى بارلىق جانلىقلار، شۇ قاتاردا ئادەملەرمۇ ھالاك بولۇپ تۈگۈپ كەتكەن. پەقەت مۇز قاپلىمىغان ئوتتۇرا زونىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى سالىنىپ قالغان.

2ـ ئېرا: ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىم ئاۋۇپ كۆپەيگەن ۋە تارقالغان دەۋرى. مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھاۋا كلىماتى بىردىن ئىسسىپ، قېلىن مۇزلار ئېرىپ، يەر يۈزىنى توپان سۇيى بېسىپ كەتكەن. نەتىجىدە شۇ زونىدىكى بارلىق جانلىقلار، شۇ قاتاردا ئادەملەرمۇ سۇ ئاستىدا ھالەك بولۇپ تۈگەپ كەتكەن.

3ـ ئېرا: ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ئۈچىنچى قېتىم ئاۋۇپ كۆپەيگەن ۋە تارقالغان دەۋرى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 30000 ژىللار بۇرۇن زور ماگنىتلىق كاتاكلىزم بولۇپ، كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، تاغلارنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى نەتىجىسىدە بۇ زونىدىكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمى ھالاك بولۇپ تۈگۈپ كەتكەن. ئازلا قىسمى تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئامان قالغان. زامانلار ئۆتكەن سىرى يەنە ئاۋۇپ كۆپەيگەن.

4ـ كاتاكلىزم دەۋرىدە ئامان قالغان ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ئاخىرقى قېتىم ئاۋۇپ كۆپەيگەن ۋە يەر يۈزىگە تارقالغان دەۋرى. بۇ دەۋرىنىڭ تارىخى 30000 ژىلغا يېتىدۇ. دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات تارىخى ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تەغدىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. موشۇ فاكتقا تايىنىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر كېلەچەكتە ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ھايات تەغدىرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرى يوقىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئىنسانلارمۇ يەر يۈزىدىن يوق بولىدۇ. يەر شارى خۇددى ئايغا ئوخشاش ئۆلۈك شارغا ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەن سۆز.

5ـ شۈبھىسىزكى، ھەممە يەرنى ئىنسانلار ئاچقان ۋە ئاۋات قىلغان. ئىنسانلار يېڭى رايونلارغا ماكانلىشىپ، بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىللە تەبىي شارائىتلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىر قىلىشى ئاستىدا ئۆزلىرىمۇ ئۆزگىرىپ ئانتروپولوگىيالىك خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرىقلىنىدىغان ئالاھىدە ئىنسان تۈركۈملىرىنى شەكىللەندۈرۈلگەن. مەسىلەن: شەرقىي ئازىيادە ياشىغان ئىنسانلار سېرىق تەنلىك، قىسىق كۆزلۈك، قارا چاچلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئېگە بولۇشقان. كېيىنكى ئىرقشۇناسلار ئۇلارنى «مونگولىد ئىرقىي

www.uyghurkitap.com

تىپى» دەپ ئاتاشتى. جەنۇبىي ئازىيادە ياشىغان ئىنسانلار قوڭۇر تەنلىك، كۆزلىرى چوڭىراق، قارا چاچلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشقان. كېيىنكى ئىرقشۇناس ئالىملار ئۇلارنى «سەيلوندىن ئىرقى تىپى» دەپ ئاتاشتى. ئوتتۇرا ئازىيادە ياشىغان ئىنسانلار ئاق-سېرىق تەنلىك، قىزغۇچ چاچلىق، قوي كۆزلۈك، يۇمىلاق باشلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشقان. كېيىنكى ئىرقشۇناس ئالىملار ئۇلارنى «تۇرانىد ئىرقى تىپى» دەپ ئاتاشتى. (ئىرقشۇناس ئالىملارنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئىنچىكىلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلىرى نەتىجىسىدە «تۇرانىد ئىرقى تىپى» شەرقتىكى سېرىق تەنلىكلەر جىنىسىغا ئەمەس، غەربتىكى ئاق تەنلىكلەر جىنىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى). ئېۋروپىدا ياشىغان ئىنسانلار ئاق تەنلىك، كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشتى. ئىرقشۇناس ئالىملار ئۇلارنى «ئېۋروپىيىد ئىرقى تىپى» دەپ ئاتاشتى. ئافرىقىدا ياشىغان ئىنسانلار قارا تەنلىك، بۇرنى ياپىلاق، دورداي كالپۇك، بۈدرە چاچلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشتى. ئىرقشۇناس ئالىملار ئۇلارنى «نېگروىد ئىرق تىپى» دەپ ئاتاشتى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيادىكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيالىك خۇسۇسىيەتلىرىنى قاراپ تۆرت ئاساسىي ئىرقىي تىپقا بۆلۈندى.

ئەندى ئىنسانلارنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئازىيادىكى ئىندونېزىيا ۋە ئوكيئانىيا ئاراللىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىششى بولسا، كېيىنكى 15000-20000 يىلغىمۇ يەتمەيدىغان كېيىنكى ھادىسىلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىشلار بىزنىڭ ماۋزۇرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىغى ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختالمايمىز. ئەندى ئوتتۇرا ئازىيادە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى دېگەن ئەسلى ماۋزۇرىمىزغا قايتىپ كېلەيلى.

شۇنداق قىلىپ، دۇنيادىكى پولېانتولوگىيا ئالىملىرى، شۇ جۈملىدىن، خىلۋژنى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئازىيا يەر يۈزىدە ئەڭ دەسلەپ ئىنسانلار پەيدا بولغان رايونلارنىڭ بىرى دەپ ھېساپلايدۇ. ئوتتۇرا ئازىيا دېگىنىمىز: شىمالدا كاسپىي دېڭىزىدىن بايكال كۆلىگىچە، جەنۇپتە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھىنگان تاغلىرىغىچە سوزۇلغان جۇغراپىيەلىك دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېنىغىراق ئېيتقاندا، غەربىي سىبىرىيا، دەشتىقىپچاق، خارەزم ئۆلكىسى، ماۋرائۇننەھىر ۋە پەرغانە ۋادىسى، يەتتىسۇ بىلەن موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق ئوردۇس ۋە قاشقوۋۇقچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرىستان بولسا، ئوتتۇرا ئازىيانىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تارىخچىمىز م.ئىبۇغرا ئەپەندى:

«1938-يىلى غەربىي تۈركىستاندا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قېدىمىي غارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قېدىمىي ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆيەكلىرىنى تاپقان. ئالىملار بۇ سۆيەكلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كام دېگەندە بۇنىڭدىن 5000000 يىللار بۇرۇن ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ باش سۆيەكلىرى» دەپ ھېساپلاشقان. بۇ ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ قېدىمىي ئەجداتلىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزمۇ باشقا قىتئەلەردىكى ئىنسانلارغا ئوخشاش ئالدىنقى تاش قۇراللار دەۋرى، كېيىنكى تاش قۇراللار دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاندىن كېيىن مەدەن دەۋرىگە قەدەم قويۇشقان بولۇشى تەبىي» دەيدۇ. («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 5-4-بەتلەر).

يەنە بىر تارىخچىمىز پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا:

«1938-يىلى ئۆزبەكىستاندىكى بوزۇتالاشساي ناملىق رايوننىڭ تېسكتاش نالىق غارنىڭ ئىچىدىن مەركىزىي ئازىيا نياندېرتال ئادىمىنىڭ ئوچىلار كوللېكتىۋى ياشىغان ماكان تېپىلدى. بۇ ماكاندىن ئوچىلىق قۇراللىرى، ھايۋانلارنىڭ سۆيەكلىرى يەنە 9-8 ياشلىق نياندېرتال بالىنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆيىگى تېپىلدى. ئالىملار بۇ تېپىلمىلار بۇنىڭدىن 1000000 يىللار ئىلگىركى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ ھېساپلاشتى. بۇ فاكت «ئوتتۇرا ئازىيا رايونى يەر يۈزىدە ئىنسانلارنى ئاپىرىدە قىلىپ بەرگەن مۇقەددەس تۇپراقلارنىڭ بىرى»، دېگەن ھۆكۈمنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىللە بۇ رايوندا كونا تاش قۇراللار دەۋرىدىن ئىلگىرىمۇ ئىنسانلار ياشىغانلىغىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە دەلىللەپ بەردى» دەيدۇ.

ئۇ يەنە: «ئېۋرازىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش مەركىزىي ئازىيادىمۇ نياندېرتال ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆيەكلىرى تېپىلدى. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ ئەڭ دەسلەپكى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار غارلاردا ياشىغان. تاش پالتا بىلەن ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلەن. ئۇستىگە تېرىلەرنى يېپىنغان ئىكەن. بۇ كام دېگەندە بۇنىڭدىن 100000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان دەسلەپكى ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار مۇز دەۋرىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ، ئاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى باشلىغان ئىدى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 40000 يىللار ئىلگىرى گروماگنون ئادىمى دەۋرىگە يەتكەندىلا، ئاندىن پاراسەت باسقۇچىغا قەدەم قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئازىيانىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ۋە ئەينى زاماندىكى جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدا بىزنىڭ ژىراق ئەجداتلىرىمىز-ئىپتىدائىي ئىنسانلار پەيدا بولغان. دېمەك، بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى مانا شۇ ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلاتلىرىدۇر» دەيدۇ. (قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 18-بەت).

بۇقېدىمىي ئىنسانلار تەييارمېۋىنى تېرىپ يەتتى. بېلىقچىلىق ۋە ئوچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاپقان ئولجىلىرىنى

خام بويىچە ئىستىمال قىلاتتى. ئەشۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەخمىنەن بۇنىڭدىن 100000 ژىللار بۇرۇن تەبىئەتتىكى ئوتنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگەن. يەنى، ئوتتىن پايدىلىنىپ سوغدىن ساقلىنىشنى ۋە تاپقان ئولجىلىرىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بىلگەن. شۇنداق قىلىپ، يېڭىلانغان ئىنسان باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقان. ئەگەر ئۇلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەن بولسا، مۇز دەۋرىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتەلمىگەن بولار ئىدى.

دەرۋەقە، مۇز دەۋرىدە سوغۇق ئازاۋىنى تارتقان ئىنسانلار ئۈچۈن «ئوت» مۇقەددەس قۇتقازغۇچى، ھايات سىمۋولى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى تەبىئىي ھادىسە.

ھەقىقەتەنمۇ، ئەشۇ قېدىمقى ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەبىئەتتىكى ئوتنى بايقاپ، ئۇنى ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۇلۇغ كەشپىيات بولغان ئىدى. بۇ كەشپىيات ئۇلارنىڭ ھاياتىغا غايەت چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى گۇرۇھ-گۇرۇھ بولۇپ ياشاشقا ئۆگەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كارل ماركس: «ئوتنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئىنسانلارنى ياۋايىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە ئېلىپ كىردى»، دەپ يازغان ئىدى.

ئىنسانلار موشۇ باسقۇچتا تەخمىنەن 70-60 مىڭ ژىللار ياشىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقى زامان پاراسەتلىك ئادىمى قىياپىتىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ پەم-پاراسەتلىك ئىنسانلار تاش قۇراللاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگەندى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئاستا-ئاستا ئائىلىنى ئاساس قىلغان ئۇرۇقداشلىق جامائەسى بولۇپ ياشاشقا باشلىدى.

ئىنسانلار جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى بىر-بىرىگە ماس ھالدا رىۋاجلانغان. قېدىمكى زاماندىكى تاش-قۇراللار دەۋرى .ئانىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمگە ماس كەلگەن بولسا، برونزاۋە مىس قۇراللار دەۋرى ئاتىلىق تۈزۈمگە ماس كېلەتتى. تۇرمۇشتا تۆمۈر قۇراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغان بەگلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېلىپ كەلدى. ماددىي تۇرمۇش شارائىتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ھاياتتىمۇ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. قېدىمقى ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ئۇرۇقلاردىن قەبىلىلەرگە بىرلىشىشكە باشلىدى. ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مال باقىدىغان ئوتلاقلىرى، دېخانچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى، ئوۋچىلىق قىلىدىغان ئورمانلىرى، بېلىق تۇتىدىغان دەريا-كۆللىرى بولاتتى. ھەر بىر قەبىلە ئۆز نامىغا، تىل ۋە دىنىي ئېتىقات ئۇمۇملىقىغا ئىگە ئىدى. تۆمۈر قۇراللارنى ئىشلەپ چىقىرىش، ساپال قاچىلارنى ياساش، كىيىم-كېچەك، ئۆي-جاي ياساش كەسىپلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ دېخانچىلىقتىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى ئايرىلىپ چىقتى. ئىستىمال بۇيۇملىرى بىلەن قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن سودىگەرچىلىك كەسپى ئايرىلىپ چىقتى.

ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىكى موشۇ يۈكسىلىشلەر ئۇلارنىڭ ئاڭىغا تەسىر قىلىپ، مۇقەررەر رەۋىشتە ئاڭ سەۋىيە، بىلىم-مەپكۇرە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇپ، يۈكسىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىنسانىيەت جەمىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئېۋولىيۇسىيالىك جەريانلىرى ئەينە شۇ.

ئەندى مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانلىرىغا كەلسەك، يېڭى بىرلەشمە قەبىلىلەرنى ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى باشقۇرىدىغان بولدى. موشۇ تەرىزدە ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ياشىغاندىن كېيىن، بىر تەۋەدە بىللە ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق مەنپىيتىنى يات قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن بىرلىشىپ قوغداش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقتى. موشۇ زۆرۈرىيەت ئارقىسىدا شەھەر-دۆلەتلىرى كېلىپ چىقتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەھەر-دۆلەتلىرى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، خانلىقلار كېلىپ چىقتى. بىر دۆلەت تەۋەسىدىكى ھەر خىل قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، بىر-بىرىگە سىڭىشى نەتىجىسىدە مىللەتلەر شەكىللىنىپ چىقتى. دېمەك، مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋەتەن بىرلىگى ۋە ھاكىمىيەت ئاساسىي ئامىل بولغانلىقىنى كۆرۈمىز. دۇنيادىكى مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئېۋولىيۇسىيالىك جەريان ئەينە شۇنداق. ئۇيغۇر مىللىتىمۇ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا موشۇنداق ئۆزگىرىش ھادىسلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى تەبىئىي.

www.uyghurkitap.com

## 2ـ باب

# ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە قاراپ كۆچۈشلىرى

**مەلۇم مەنادىن ئالغاندا ئىنسانلارنىڭ تارىخى ـ ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆچۈپ ـ يۆتكىلىش، يېڭى ـ يېڭى رايونلارنى ئېگەلەش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش تارىخىدۇر.**

ميكگوۋېرن

دۇنيادىكى ئاتاقلىق تارىخچىلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىچە، قىدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئازىيادە ياشىغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، بۇنىڭدىن 9ـ8 مىڭ يىللار بۇرۇن، تەبىئەتنە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە قۇرغاقچىرىق ئاپىتىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، ئاھالىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكى، ئوتلاق، يەر ـ سۇ يېتىشمەسلىگى قاتارلىق سەۋەپلەرگە باغلىق، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. شۇ كۆچۈش نەتىجىسىدە ئۇلار ئېۋرائازىيانىڭ ھەممە قىسىملىرىغا دېگىدەك تاراپ كېتىشكەن. بۇمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى چوڭ ۋاقىئەلەردۇر. بىز ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزنى موشۇ چوڭ ۋەقىئەلەردىن خەۋەردار قىلىش مەخسىتىدە تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاۋىدىكى موشۇ كۆچۈشنى بايان قىلغان بابىنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

«بىز ژۇقۇرىدا تۈرك (ئۇيغۇر)ئانا يۇرتى (ئوتتۇرا ئازىيانىڭ) تۇپرىغى مۇنبەت، سۈيى مول ۋە ھاۋاسى يېقىملىق بولغانلىغىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. موشۇ ئامىللار شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ ئاھالى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە، مەدەنىيەت جەھەتتىن تېز يۈكسىلىشىگە مۇھىم ئاساس بولغانلىغى ھەممىگە ئايان. موشۇ سەۋەپلەر بىلەن بۇ دىياردا تۈرك (ئۇيغۇرلارنىڭ) نوپۇس سانى ناھايىتى كۆپەيگەن، يۇرت ـ شەھەرلىرى گۈللەپ ياشىغان ئېدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنىڭغا قارشى ھالدا زامانلار ئۆتكەنسىرى يامغۇر ـ يېشىن ئاز يېغىپ، سۇ مەنبەلىرى سوغىلىشقا باشلىغان. تەڭرىتاغلىرى بىلەن قاراڭغۇ تاغلارنىڭ قار ـ مۇزلىرى ئېرىپ تۈگەپ، نۇرغۇنلىغان تارماق ـ ئېقىنلار قۇرۇپ كەتكەن. ئىچكى دەريالار بىلەن كۆللەرمۇ قۇرۇشقا باشلىغان، نەتىجىدە يۈزلەرچە دەريالارنىڭ ئېقىنلىرى قۇرۇپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىشكا باشلىغان. بۇ بولسا خەلقنىڭ تىرىكچىلىگىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشىرىپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەۋەدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئاجىز بولغان خوشنا قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ بولغانلارنى ئۆز يېرىدىن ھايداپ چىقىرىپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزلىرىنى قۇل قىلىشتەك ئادالەتسىز ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. موشۇنداق ئەھۋالدا، يەر ـ زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قەبىلىلەر ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ، باشقا تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشقان.

ئۆزىنىڭ يەر ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتكەن كۆچمەنلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تارقىلىپ، بارغان جايلىرىدا يېڭى چەرلەرنى ئېگەللەپ، ئاستا ـ ئاستا شۇ جايلارغا يەرلىشىپ، ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. بۇ چوڭ كۆچۈش دەۋرىنىڭ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 9ـ8 مىڭ ژىل بۇرۇن يۈز بەرگەنلىگىنى بارلىق تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيالىك تېپىلمىلارمۇ، بۇ ھۆكۈمنىڭ دۇرۇسلىغىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرا ئازىيادىن كۆچۈپ ماڭغان قابىلىلەر بەزەن، خۇددى ئالدىنى توسىغلى بولمايدىغان كەلكۈندەك، ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بارغان يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنى ئۆز ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ياكى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، شۇ يەرلەرنى ئېگەللەپ ئېلىشقان. بەزىلىرى بولسا، بارغان جايدىكى خەلقلەرگە ئارىلىشىپ ياشاپ، ئۇلار بىلەن ئۆزلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىشكەن. يېڭى جايلارغا كۆچۈپ بارغان تۈرك (ئۇيغۇرلار) بارغان يەردىكى خەلقلەرگە ئىنسانىي ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتتىپ. ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ھايات كەچۈرگەن. بۇ كۆچۈشلەر بىر ئەسىردىلا يۈز بەرگەن ئەمەس، بەلكى ملادىدىن 7000 ژىل ئىلگىركى زاماندىن باشلىنىپ، ملانىڭ IV ئەسىردىكى سىيانپى كۆچۈشىگە قەدەر 7000 ژىلدىن ئوشۇغىراق ۋاقىت داۋام قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ھۇنلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار، ئوغۇز ـ سەلجۇقلار، قىتانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ ئامموۋي كۆچۈشلىرى بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ئۇمۇمي كۆچۈشنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىن باشلىنىپ دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە كەتكەن يوللىرى (كۆچۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە بېرىپ توختىغان قايىغا قەدەر 1ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى). تۆۋەندە ئوتتۇرا ئازىيانىڭ مەركىزى ھېساپلانغان ئۇيغۇرستاندىن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە كۆچۈپ ماڭغان كۆچمەنلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئۇيغۇرستانىنىڭ تۇرپان ئۆلكىسىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر كاراۋاننىڭ بىر تارمىغى توغرا شەرىققە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا چىنغا، يەنى سېرىق دەريا (خۇانخې) بىلەن كۆك دەريا (ياڭزىجاڭ) ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇنبەت

ۋە يېشىللىق ئۆلكىلەرنى ئىگەللەپ يەرلەشتى. لوب ئۆلكىسىدىن چىققان كۆچمەنلەرنىڭ بىر تارمىغى شەرقىي-جەنۇپ تەرەپكە مېڭىپ، ياڭزىجاڭنىڭ باش تەرىپىگە ھازىرقى سىچۈەن ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىگە بېرىپ يەرلەشتى. ئۇ زامانلاردا بۇ جايلاردا ياشايدىغان ئىنسانلار تېخى ۋەھشى بىر ھالەتتە ئىدى. تۈرك (ئۇيغۇر) كۆچمەنلىرى بۇلارنى ئۆز جايلىرىدىن ھايداپ چىقاردى. ئۇلار تاغلارنىڭ ئارىسىغا ياكى چۆل باياۋانلارغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەرلەرگە ماكانلاشتى. بۇ كارۋاننىڭ ئىككىنچى تارمىغى جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، ھازىرقى چىڭخەي ئەتراپىغا بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىغاندىن كېيىن، بىر تارمىغى سىچۈەنگە، يەنە بىر تارمىغى ھىندىستان تەرەپكە بېرىپ يەرلەشتى. تارىم ۋادىسىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر غەربىي-جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ لاداخ ۋە پامىر يوللىرى ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۆچمەنلەر ھىندىستاننىڭ ئەڭ مۇنبەت يېرى بولغان ھىند، گانگ، براخماپۇترا دەريالىرى ۋادىسىغا يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ياكى ئۇ جايلاردىن قوغلاپ، يېڭى يەرلەرنى ئىگەللىدى، ئۇ زېمىندا ئاۋات شەھەرلەرنى ۋە يۇرتلارنى بىنا قىلدى. زامانىمىزدا يۇقارقى دەريا ۋادىلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يۇقۇرىدىكى پىكرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.


مىلادىدىن ئاۋالقى 2500-يىللىرى ئىلى ۋە تارباغاتاي رايونلىرىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر ئۇدۇل غەرىپكە قاراپ مېڭىپ، ئۇرال تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاندىن تۆرت قىسىمغا بۆلۈنۈپ، پۈتۈن شىمالىي ئېۋروپىنى ئىگەللەپ، ھازىرقى فرانسىيا، ئانگلىيا ۋە ئىرلاندىياگىچە بولغان زېمىنلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇ زاماندا بۇ جايدا ياشىغان خەلقلەر تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، ئورمانلىقلاردا، دەرەقلەرنىڭ كاماللىرىدا ياشاپ، تېخىچە ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. شەرقتىن كۆچۈپ بارغان تۈرك (ئۇيغۇرلار) بۇ خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى. ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قارا ئىرتىش ۋادىسىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىققان كۆچمەنلەر سىبىرىيا يەرلىرىنى ئىگەللەپ، شىمالىي دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە تارالدى. بۇ كۆچمەنلەر ئاساسەن مىلادىنىڭ IV ئەسىرىدە ئۇيغۇر خانلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان سىيانپى-تاتار تۈركلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى قارا ئىرتىش ۋە تانۇۇلا تاغلىرى ئىدى.

موشۇ كۆچۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەردىن، ئۇيغۇرستاندىن كۆچكەنلەر ھەممىدىن كۆپ ئىكەنلىگىنى، ئۇلار ئىگەللىگەن جايلارمۇ مۇھىم جايلار ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەر تېخى مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز، قاراڭغۇلۇق دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئەشۇ قەدىمىي زاماندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىپ، خۇداۋەندە كېرىم ئۇلارغا ئاتا قىلغان: ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە باشقا جايلاردىكى بەندىلىرىنى ئىگە قىلىش ۋە يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىشتەك ئۇلۇق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. چۈنكى تۈرك (ئۇيغۇرلار) بارغان جايلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە يەرلىك خەلقلەرگە ئۆگەتتى. ئۇ جايلاردا ئاۋات يۇرتلارنى، بۈيۈك شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، ئۆز ئانا يۇرتىدەك گۈللەندۈردى. شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 13-15-بەتلەر).

م.ئى.بۇغرائەپەندى «ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە قاراپ كۆچۈشلىرى بۇنىڭدىن 8-9 مىڭ يىللار بۇرۇن بولغان ئىدى» دەيدۇ. ئۆزبەكىستان پەنلەر ئاكادېمىياسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزىتى ئابدۇخالىق ئەيتاباۋ بولسا «تۈركىستانلىقلارنىڭ شىمال ۋە شەرققە كۆچۈش» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا: «تەخمىنەن بۇنىڭدىن 15-20 مىڭ يىللار ئىلگىرى تەبىي ئىقلىمنىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشى سەۋەۋىدىن مەركىزىي ئازىيانىڭ ئەڭ ئېغىر تەبىي زونىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىم ۋادىسىدا ھەممىدىن ئاۋال يۈز بەرگەنلىگى مەلۇم شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ كۆچۈش ھەممىدىن ئاۋال تارىم ۋادىسىدىن باشلانغان. دېمەك، شىمالغا ۋە شەرققە كۆچۈپ بارغان قەبىلىلەرنىڭ ئەسلى يۇرتى شەرقىي تۈركىستان ئىدى» دەيدۇ.

سوۋېت ئارخېئولوگ ئالىملىرى بولسا، شەرقتىكى قەدىمكى شەھەر قاراقۇتانىڭ ئورنىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىش-تەكشۈرەشلەر ۋاقتىدا بىر قەدىمىي قەبرىستانلىق تېپىلغانلىقى، بۇ قەبرىستانلىقتىن بۇنىڭدىن 15000 يىل بۇرۇن ياشىغان ئۇيغۇر ئايال پادىشاسىنىڭ جەسىدىنى تاپقانلىغىنى ئېيتىدۇ. موشۇ فاكتتىن قارىغاندا، تارىخچى ئابدۇخالىق ئەيتاباۋنىڭ چوڭ كۆچۈش توغرىلىق ئېيتقان يۇقارقى پىكرى دۇرۇس بولسا كېرەك.



**ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇمۇمىي كۆچۈش دەۋرىدىكى كۆچۈپ ماڭغان يوللىرى ۋە بارغان ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە. (ئۆمەر ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 17-بەت).**

تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ بايان قىلىشىچە:

«توققۇز ئۇيغۇرنىڭ بەزى قەبىلىلىرى شەرىققە قاراپ كۆچتى. ئۇلار خىشى كارىدورىغا كىرىپ، سىرىق دەرياسىنىڭ (خۇاڭخې) شىمالىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق شەرىققە قاراپ كۆچۈپ، سىرىق دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىز-پېچىلى بوغۇزىغا قەدەر تارقىلىپ ماكانلاشتى. يەنە بىر قىسمى شىمالغا قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىستاندىكى توغلا، سېلىنغا ۋە ئورخۇن دەريالىرىنىڭ ياقىلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ھەتتا بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغىچە بېرىپ يەتتى.

ئارخېئولوگ ئالىملار موشۇ كۆچۈش ۋاقەسىنى ئېنىق دەلىللەش ئۈچۈن ئىككى تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئازىيا رايونىنى تەكشۈرگەندە ھازىرقى زاماندا ھېچ قانداق مەخلۇقات ياشىمايدىغان ھەم ياشاشقا مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ گوبى چۆلى، تەكلىماكان، قىزىلقۇم قاراقۇم چۆللىرىنىڭ قۇم ئاستىنى قولىلاپ تەكشۈرگەندە ئاۋات شەھەرلەر، يېزا-قىشلاقلار ھەم ئۆستەڭ-كاناللارنىڭ ئىزلىرى تېپىلدى. شۇنىڭدەك ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار ئىشلەتكەن: تاش، مىس، تۈچ، تۆمۈر ۋە چويۇندىن ئىشلەنگەن قازانلار، كوزىلار ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. ئالىملار، شۇ جۈملىدىن ئارخېئولوگ رافايل پومپېللى:

«بۇ تېپىلمىلار موشى ماكاندا قەدىمىي زامانلاردا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى» دەپ ئاتاندى. دېمەك، بۇ تېپىلمىلار كام دېگەندە 10000 ژىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئېگە بولۇپ، موشۇ زىمىندا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز باشقا ياقىلارغا كۆچۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا ئىشلەتكەن سايمان-جابدۇقلىرى ئېكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ئۇيغۇرستاندا كېلىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ھازىردىن 5000 ژىللار بۇرۇن يەنە شەرىققە قاراپ كۆچتى. ئۇلار ژۇڭگوردا ئاتالغان رايونلارغا بېرىپ، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بارغان قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ ھايات كەچۈردى. بۇ ئىككى دوركۇن بارغان ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى تارىخچىلار «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشتى.

تارىخچى ئىمىن تۇرسۇننىڭ بايان قىلىشىچە، شەرىققە كۆچۈپ بارغان بۇ ئەجداتلىرىمىز دەسلەپتە قەبىلە-قەبىلە بولۇپ ياشىغان. مىلادىدىن ئاۋۋالقى XVI ئەسىرگە كەلگەندە خانلىق قۇرۇپ، **«تۇرا»** ئاتلىق سەردەرنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلىغان ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ خانلىقنى **«تۇرانىيە ئېلى»** دەپ، ئۇنىڭ پۇخرالىرىنى بولسا، **«تۇرالار»** دەپ ئاتاشقان. دېمەك، تۇرالار دېگىنىمىز شەرقىي ئۇيغۇرلاردۇر.

شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆچۈپ بارغان زىمىندا بۇرۇن كىملەر ياشىغان ئىدى؟، دېگەن سوئالغا ئالىملار مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

«ئۇ زامانلاردا يەر يۈزىدە ئادەملەر بەكمۇ ئاز ۋە شالاڭ ئىدى. يەر بولسا كەڭرى ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەجداتلىرىمىز كۆچۈشنى باشلىغان ئەشۇ زاماندا يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىللىون ئەتراپىدا بولغان ئىكەن. مىلادىيە كالېندارى باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي سانى

40 مىللىونغا يەتكەن ئېكەن. دېمەك، ئۇ زاماندا ئادەمسىز بوش يەرلەر كۆپ بولغان. بىرىنچى دەۋركۈندە شەرىققە قاراپ كۆچكەن ئەجداتلىرىمىز ئەينە شۇنداق ئادەمسىز بوش ئوتلاقلارغا بېرىپ ماكانلاشقان. پەقەت، سىبىرىق دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ۋە ھىنگان تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە يېرىم چارۋۇچىلىق، يېرىم ئوچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تونگۇس نەسلىدىن كېلىپ چىققان تايىپىلەر بار ئىدى. ئۇلار قەبىلە-قەبىلە بولۇپ ياشاتتى، مىللەت بولۇشتىن تېخى يىراق ئىدى» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 15-14-بەتلەر).

شەرىققە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئاستا-ئاستا كۆپىيىپ، «توققۇز ئۇيغۇرلار» 81 قەبىلىگە، «ئون ئۇيغۇرلار» 200دىن ئوشۇق قەبىلىگە كۆپەيگەن. ئۇلار يېڭى يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، ئاستا-ئاستا بوز يەرلەرنى ئېچىپ، دېخانچىلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ رايونلارغا خەنزۇ، مونغۇل ۋە باشقا تونگۇس نەسىللىك تايىپىلەرنىڭ كۆچۈپ كېلىشلىرى قېيىنكى زامانىدىكى ئىشلار. ئېنىق ئېيتقاندا، IX ئەسىرد ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولۇپ، ئۇيغۇرلار غەرىپكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئادەمسىز بوش قالغان رايونلارغا ئامدەرياىنىڭ ژۇقارقى ئېقىمىدا ياشايدىغان مونغۇل-تاتارلار كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان. خەنزۇلار بولسا، XIII ئەسىردە مونغۇللار تەرىپىدىن بېسۋېلىنغاندىن كېينلا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت چېارىسى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، قېدىمىي تۇران، ھۇن ۋە ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى ئېگەللەپ، ئاستا-ئاستا ئۆز تېررىتوتىياسىنى كەۋەيتىۋالدى. دېمەك، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلار بۇ يەرگە كېيىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلارغا ئەمەس، شۇ زېمىننى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەن ئەسلى ئېگىلىرى بولغان ھۇنلارغا، يەنى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.

ئەشۇ چوڭ كۆچۈش دەۋرىدە «ئون ئۇيغۇرنىڭ» بەزى قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدىن چىقىپ، تەڭرى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بايكۆل (بايكال) بىلەن ئىرتىش دەرياسى بويىدىكى يەرلەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقان ۋە شۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى **«تۇرالار»** دەپ ئاتىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شىمالغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇلارغا قوشۇلغان. چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرگەن بۇ ئارىلاشما ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «ساكلار» دەپ ئاتاشقان. ساكلار غەربىي سىبىرغىچە تارقالغان. كېيىنكى تارىخچىلار ئۇلارنى «شىمالىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشقان. دېمەك، ساكلار تارىم ۋادىسىدىن كۆچۈپ بارغان «ئون ئۇيغۇر» بىلەن شەرىقتىن كۆچۈپ كېلىشكەن «توققۇز ئۇيغۇرنىڭ» ئەۋلاتلىرىدۇر. ساكلار مىلادىدىن 1000 ژىل ئاۋالقى زامانغا كەلگەندە تىرىكچىلىك قىلىشقا قولايلىق ئوتلاقلارنى ئىزدەپ، يەنە كۆچۈشكە باشلىغان. بىر قىسمى غەرىپكە قاراپ ژۈرۈپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ياقلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. يۇنان ۋە روما تارىخچىلىرى ئۇلارنى **«سكىفلار»** دەپ ئاتىغان. يەنە بىر قىسمى جەنۇپقا قاراپ ژۈرۈپ، ئوتتۇرا ئازىيانى كېسىپ ئۆتۈپ، كەشمىر بىلەن شىمالىي ھىندىستانغىچە بېرىپ يەتكەن. كېيىنكى تارىخچىلار ئۇلارنى «جەنۇبىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشقان. ئەينە شۇ جەنۇبىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئېرامىزدىن ئاۋالقى VI ئەسىردە بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى سۇددۇھاراتا، يەنى ساكيامۇنى كېلىپ چىققان.

تارىم ۋادىسىدىكى «ئون ئۇيغۇرلارنىڭ» يەنە بىر قىسمى پامىر تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، پەرغانە ۋادىسى، ئامۇدەريا بىلەن سىردەرياىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا، خارەزم ئۆلكىسى بىلەن خۇراسانغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار شۇ ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك خەلقلىرى بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئۇيغۇر تىللىق يېڭى مىللەتلەرنى شەكىللەندۈردى. كېيىنى تارىخچىلار ئۇلارنى «غەربىي ئۇيغۇرلار» دە ئاتاشتى. قېدىمىي زامانىدىكى ئارىيانلار بىلەن ماساگېتلار، ھازىرقى زامانىدىكى تۈركمەنلەر ۋە ئۆزبەكلەر ئەينە شۇ غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

ئېۋروپىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار شۇ جايلاردا ياشىغان يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ سىڭىپ كېتىشكەن. مانا شۇ خەلقلەر قاتارىدا ۋولگا دەرياسى بويىدىكى تاتار، باشقۇرت، چۇۋاش، نوغايلارنى، شىمالىي كاۋكازدىكى ئاۋارلار بىلەن ئەزەربەيجانلارنى، شىمالىي ئېۋروپىدىكى ئۇگۇر-فىنلار بىلەن جەنۇپتىكى ۋېنگر (ھۇنگارلارنى) ئاتاش مۇمكىن. دېمەك، بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ژىراق تۇققانلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى قېدىمىي زاماندا مەركىزىي ئازىيانىڭ ھەممە يېرىدە تارقىلىپ ياشىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجداتلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى موشۇ كەڭ بوشلۇقتىنمۇ ئىزدىشىمىز كېرەك.

بىز بىلىمىزكى، تارىخ باشتىنلا قىيا تاشلارغا، خەلق فولكلورلىرىغا ئۆزىنىڭ يېزىقسىز ئىزىنى قالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە يالغۇز يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپلا قالماستىن، قىياتاش رەسىملىرى بىلەن خەلق فولكلورىغىمۇ مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئارخېولوگىيا ئىلىمىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى تەرىپىدىن مەركىزىي ئازىيادە ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىلىرى بىزنىڭ ژۇقۇرىدىكى ھۆكۈمىمىزنى ئارخېولوگىيالىك ماددىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى. مەسىلەن، مەشھۇر رۇس ئارخېولوگى ئا.پ. ئوكلادنىكوۋنىڭ مەركىزىي ئازىيادە ئېلىپ بارغان قېدىمىي زامانغا ئائىت تاش رەسىملەر توغرىسىدىكى تەتقىقات خۇلاسىلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئالىم ئۆزىنىڭ «سېنترالنوئازىياتسكىي

ئوچاگ پېرۋوبىتنوگو ئىسكوۇسستۋا» ناملىق كىتاۋنىڭ 54-بېتىدە مۇنداق دەپ مەلۇمات بەرگەن:

«بىز ئېكسپېدىسىيالىك ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق پامىر تېغىنىڭ تاجىكىستانغا تەۋە قىسمىدا مەرغاپ يېزىسىنىڭ غەربىي-جەنۇبىغا جايلاشقان بىر غارنىڭ ئىچىدە تاشقا ئويۇپ ياسالغان قەدىمىي زامانغا ئائىت سۈرەتلەرنى تاپتۇق. تەكرىتېغىنىڭ ئىچىدىكى غارلاردىنمۇ شۇنداق سۈرەتلەر تېپىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مونغۇلىستاندىكى «نويىت چىنكىر» دەپ ئاتالغان غارنىڭ ئىچىدىن، يەنە لېنا دەرياسىنىڭ ژۇقارقى ئېقىمى بويىدىكى تاش تاغلاردىنمۇ شۇنداق سۈرەتلەرنى تاپتۇق. موشۇ ئۈچيما سۈرەتلەرنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا بىر-بىرىدىن شۇنچە ژىراقلىقتا تېپىلغان بۇ سۈرەتلەردىكى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ھايران قالدۇق. بۇ تېپىلمىلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى شۇكى: مونغۇلىستاندا تېپىلغان سۈرەتلەر پامىردا تېپىلغان سۈرەتلەرگە قارىغاندا، سان جەھەتتىن كۆپ، مەزمۇنى باي، رەسساملىق ماھارىتىمۇ بىر قەدەر ژۇقۇرى. موشۇ پەرقلەرگە قاراپ، مونغۇلىستاندا تېپىلغان سۈرەتلەر، پامىردا تېپىلغان سۈرەتلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك ياسالغان بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئويۇپ ياسالغان ۋاقتى كام دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ ژىللار بۇرۇن. دەسلەپتىكىلىرى بولسا، 20 مىڭ ژىللار بۇرۇن ياسالغان دەپ تەخمىن قىلدۇق.

بۇ فاكتتىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدىكى، شەرقتىكى ھىنگان تېغىدىن غەرپتىكى پامىر تېغىغىچە سوزۇلغان بۇ كەڭ تېررىتورىيادە ياشىغان قەدىمىي ئىنسانلار ئېتنىك بىلىپ چىقىشى، تىل ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان، ھەتتا تېگى بىر خەلىقلەر دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ».

مەشھۇر رۇس ئارخېولوگى ئا.پ.ئوكلادنىكوۋنىڭ بۇ ئىلمىي خۇلاسىسى بىز ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن «بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بۇنىڭدىن 8-9 مىڭ ژىللار بۇرۇن (ئابدۇخالىق ئەيتىباۋنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن 15000-20000 ژىللار بۇرۇن) ئۆز ماكانلىرىدىن چىقىپ. ئازىيا قىتئەسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تاراپ كەتكەن»، دېگەن ھۆكۈممىزنى تەستىقلەپلا كالماستىن، ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمس چېرچۋاردنىڭ:

«بۇنىڭدىن 20000 ژىللار بۇرۇن ئازىيادە ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى بولغان ئىدى»، ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىنىڭ ھۇدۇدى تىنىچ ئوكيانىدىن باشلىنىپ، پوتكۇل مەركىزىي ئازىيا ئارقىلىق غەربىي ئېۋروپىغىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ۋاقىت ئۆتكەن سىرى ئۇلار مەركىزىي ئېۋروپىغىچە ھەتتا ئىرلاندىياگىچە يېتىپ بارغان. ئىنسانلار ئازىيادە پەيدا بولۇپ ئېۋروپىغا تارالغان نەزەرىيا ئەمەلىياتتە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئېۋروپىغا سىلجىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ». (ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى 5-باپ 3-بەت) دېگەن پىكرىنىمۇ ئەسلىتىدۇ.

يەنە بىر فاكت: ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئارخېولوگ ئالىمى ئابدۇقېيىم غوجىنىڭ ئېلان قىلغان تەتقىقات ماتېرىئالىدا كۆرسىتىشىچە، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق كەلگەن كەنچى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا ئارخېولوگىيالىك قېزىپ تەكشۈرەشلەر جەريانىدا تېپىلغان، كۆمۈلگىنىگە 7000 ژىللار بولغان 18 دانە باش سۆيەكنى ئېلىپ، تەكشۈرۈپ چىققان ۋاقتىدا بۇ باش سۆيەكلەرنىڭ تۈزۈلۈشى قەنۇبىي سىبىر، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيادىن تېپىلغان باش سۆيەكلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىگى ئېنىقلانغان (ئابدۇقېيىم غوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت»، ئۇرۇمچى نەشرى، 1995-ژىل 75-بەت).

مانا بۇ فاكتمۇ ئوتتۇرا ئازىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ياشاپ، ئولتىراق ھايات كەچۈرگەن خەلىقلەر بىلەن شىمالىي قىسمىدا ياشاپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن خەلىقلەر ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، ئانتروپولوەيالىك خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتى ئۇمۇمىي بىر نەسىللىك خەلىقلەر ئىكەنلىگىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاتاقلىق تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس ئارخولوگلارنىڭ ژۇقۇرىدىكى ئىلمىي خۇلاسىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ: «مىلادىدىن 2000 نەچچە يۈز ژىللار بۇرۇن شەرقتىكى بايكال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىن غەرپتىكى ئارال دېڭىزىغىچە، شەرقتىكى ئالتاي تاغلىرىدىن غەرپتىكى ئۇرال تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان تېررىتورىيادە قەدىمىي زاماندا تۇرالار ياشىغانلىغى ئېنىقلاندى».

«مىلادىنىڭ 551-ژىلى قۇرۇلغان ئۇلۇق كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ قاغانى تۇمەنخان ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىستىمىخانلار شەرقتە قىدىرخان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەرپتە قارا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندا ياشىغان موشۇ تۇرا قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر بايراق ئاستىغا توپلىدى»، دەپ يازغان ئىدى (ت.ئالماس «ئۇيغۇرلار»، ئالمۇتا نەشرى، 16-17-بەتلەر).

ژىغىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمىي زامانلاردا مەركىزىي ئازىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زېمىننىڭ ھەر قانداق يېرىنى قازسىڭىز، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ سۆيەكلىرى ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن قۇرال سايمانلار، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى تېپىلىدۇ، يەنى مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلىدۇ.

دېمەك، بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى: كېيىنكى زامانلاردا شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن

مونگولوىد ئىرقىي تىپىدىكى خەلىقلەرمۇ ئەمەس، غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن ئىۋروپوىد ئىرقىي تىپىدىكى خەلىقلەرمۇ ئەمەس، ئارىيان-تۇران ئىرقىي تىپىدىكى ئوتتۇرا ئازىيالىق خەلىقلەر، يەنى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئازىيا خەلىقلىرىنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى مۇتلاق ھەقىقەت!

# 3-باپ

## ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرگە كىرىشتىن ئىلگىركى ھاياتى

### يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى-ئەڭ ئۇلۇق مۆجىزىدۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

كونا تاش قۇراللار دەۋرى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇ دەۋردە ئىنسانلار تېخى ئۇرۇقداشلىق جاماە تۈزۈمىگە ئۆتمىگەن. توپ-توپ بولۇپ ياشاۋاتقان ئىدى.ئۇلار تەيار مېۋىلەرنى تېرىپ يەتتى. قولغا كەلتۈرگەن بېلىق بىلەن قۇش گۆشلىرىنى ئوتقا قاخلاپ ياكى قوقاسقا كۆمۈپ، كاۋاپ قىلىپ يەتتى. قاچانكى ئىنسانلار تەييار تاش قۇراللارنى تاشلاپ، تاشلارنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئۇچلۇق ۋە قىرلىق تاش قۇراللارنى ياساپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىنسان سۈپىتىدە مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويىدى. مۇنداق كەشپىيات مەركىزىي ئازىيادە تەخمىنەن بۇنىڭدىن 30000 ژىللار بۇرۇن باشلانغان.

خىتاينىڭ شەنشى ئۆلكىسىدە «شىيۈيخى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك دەريا بار. بۇ قېدىمىي زاماندا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز شەرقىي ئۇيغۇرلار ياشىغان ماكان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىيلار ئۇنى «شىيۈيخى» (غەربىي يۇرتلۇقلار دەرياسى) دەپ ئاتىغان. ئارخېولوگلار موشۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بويىدىكى بىر دۆڭلىكنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، يەر قاتلىمى ئاستىدىن قېدىمىي زامانغا ئائىت بىر تۈركۈم ئەسەر-ئەتىقىلەر تېپىلغان. شۇ تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدە كېرىچى چىڭ تارتىلغان ئوق-يا ھەم يا-نىڭ ئوقى تېپىلغان، يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىپتا قىلىپ ئىشلەنگەن كۆتكۈر ئۇچلۇق تاش بەكىتىلگەن ئىكەن. خىتاي ئارخېولوگلىرى بۇ تېپىلمىلارنى خىمىيالىك ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ، كۆمۈلگىنىگە 28000 ژىل بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. بۇ توغرىلىق ئېلان قىلىنغان ئەخباراتتا: «...موشۇ تېپىلغان ماددىي فاكتقا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 28000 ژىل ئىلگىرى ياشىغان غەربىي دىيارلىقلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) ئەينى زاماندا ژۇقۇرى ماھارەتلىك ئوچىلار بولغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ» دېيىلگەن.

تاشنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلان سېغىز لايدىن قاچا-قومۇچ ياسايدىغان كۇلالچىلىق ھۈنىرى يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئىككى بۈيۈك ئىختىراسى بولغان ئىدى. مانا موشۇ دەۋرگە كەلگەندە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئاستا-ئاستا ئانىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇرۇقداشلىق جاماە تۈزۈمىگە ئۆتكەن، يەنى بىر ئانىدىن تارالغان ئۇرۇقداشلار بىر جاماە بولۇپ ياشاشقا باشلىغان. ئارىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئۆتۈپ، تۇرمۇشتا ئاتىلارنىڭ رولى كۈچەيگەندى كېيىن، ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ئاتىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا جاماە بولۇپ ياشاشقا باشلىغان، يەنى بىر ئاتىدىن تارالغانلار ئۆز ئارا قېرىنداش ھېساپلىنىپ، جاماە بولۇپ بىللە ياشايدىغان بولۇشقان. بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئاستا-ئاستا ئەر ئاياللار نىكاللىنىپ، بىللە تۇرىدىغان تۈزۈم ۋۇجۇتقا كەلگەن، يەنى ئائىلىنىڭ دەسلەپكى ھۇلى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلە قۇرۇشنى خالىغان ئەرلەر ئۆز ئۇرۇغىدىن قېرىنداش قىزغا ئەمەس، باشقا ئۇرۇقتىكى قىزغا ئۆيلىنىدىغان ئادەت قېلىپلاشقان. بۇ بولسا، بىر-بىرىگە يېقىن ياشايدىغان ئۇرۇقلار ئۆز ئارا بىرلىشىپ قەبىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى. ئىنسانلار قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغان جەمىيەت تۈزۈمىدە ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ياشىغان. بۇ جەرياندا ماددىي تۇرمۇشتا مىس بىلەن تۈچنى پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سايمان-جابدۇقلارنى، نەيزە، ئوق-يا قاتارلىق ئوچىلىق قۇراللىرىنى ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي دۇنياسى تەزكىل قىلىدىغان تىل، پىسخىكا، دۇنيا قاراش، ئاڭ-سېزىم، ھىسسىيات ۋە ئۇرپى-ئادەتلەرگە مىللىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان، يەنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى مىللىيەتلەك دەپ ئاتالغان يېڭى رېلسغا چۈشۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى موشۇ رېلسنىڭ يۆنىلىشى بويىچە رىۋاجلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قەبىلەۋىي ھاياتى ئۇلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئىجتىمائىي ئاساس بولغان دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز.

بىز ژۇقۇرىدا «ئىنسانلار تەييار تاش قۇراللار نى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك قۇراللارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىلا، ئاندىن ئۇلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويىدى» دەپ ئېيتۇق.

بۇنىڭ سەۋەۋى شىكى، ئىنسانلارنى باشقا ھايۋانلاردىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان توپ-ئاساسىي خىسلەتلەر:

1. ئۇلارنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللىرىنى ياسالايدىغان ھەم ئىشلىتەلەيدىغان بولغانلىقى.

2. ئىنسانلار تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەم ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادە قىلالايدىغان بولغانلىقى.

مانا موش خىسلەتلەر ئىنساننى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھاكىم قىلىپلا قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندە كائىناتقىمۇ پەرۋاز قىلدۇرۇۋاتقان قوش قاناتتۇر، يەنى تەپەككۇر ۋە ئىجاتچىلىق ئىنسانلىقنىڭ ئالىي ئۆلچىمىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ھاياتنىڭ توپ ماھىيىتى تەپەككۇر قىلىشتا ۋە ئىجتا قىلىشتا. ھەر بىر ئىنسان جەمىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنىڭدەك، ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلارنى يارىتىش، يەنى ئىجات قىلىش بورچىمۇ بار. كىمكى موشۇ بورچىنى توغرا چۈشەنگەن ۋە ئورۇنلىغان بولسا، ئۇ ھەقىقىي ئىنسان. ئەگەر نەپىر بايلىقلاردىن بەھرىمان بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزى ھېچ قانداق كەشپىيات ياراتمىغان بولسا، ئۇ جەمىيەتنىڭ پارازىتلىرىدۇر.

## 4-باب

### ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگەركى مەدەنىيىتى

**ئەگەر بىز ئۆز تارىخىمىزنى بىمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ دۇنياغا نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىمىزنى، نېمىگە ئىنتىلىشىمىز كېرەكلىگىنى بىلمەيدىغان ئاڭقاۋ بىر توپقا ئايلىنىپ قالىمىز.**

ۋ.ئى.كلىۇچكوۋسكىي

بىز ۋۇقۇرىدا «ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخي ئۇلارنىڭ يەم-پاراسەتىك ئىنسان بولغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ» دېگەن ئىدۇق. ئىنسان ھەرىكەتچان، پائالىيەتچان كىلىدۇ. شۇنىچە ئۇزاق زامانلار ياشىغان ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا لايىق كۆپلىگەن كەشپىياتلارنى ياراتقان بولۇشى تەبىي. بىراق، بىزنىڭ قولىمىزدا موش دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆرستىدىغان فاكتلار ناھايىتى ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارخېولوگلار بىلەن تارىخچىلارنىڭ موشۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت توغرىلىق ئېلان قىلىنغان ماتېرىئاللىرىنى تەينەن كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

«شىنجاڭ ئارخېولوگىيا ئىدارىسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، قېدىمكى تۇرپان يارغۇل شەھرىنىڭ غەربىي-شىمالىي تەرىپىدىكى تۆپىلىكنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، ياپىلاق تاشلارنى، قېزىش ئەسۋاپلىرىنى ۋە باشقا تاشتىن ئىشلەنگەن سايمان-جابدۇقلارنى تاپقان. ئالىملار، شۇ جۈملىدىن ختاي ئارخېولوگى جياڭ سىڭشۈي ئەپەندى: «بۇ تاش قۇراللار كونا تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا مەنسۇپ»، دەپ خۇلاسە چىقارغان. شۇنداق قىلىپ، تۇرپان ئويمانلىقى تەۋسىدە بۇنىڭدىن 30000-20000 ژىللار بۇرۇنمۇ ئىنسانلار ياشىغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن» (ھاجى نۇرھاجى «قېدىمكى ئۇيغۇرلار»، 3-بەت).

تارىخچىمىز ئىمىن تۇرسۇن «شىنجاڭ رايونىدا تاش قۇراللار دەۋرىگە ئائىت سىپتا تاش قۇراللار، ساپال قاچىلار كۆپلەپ تېپىلدى. شۇنىڭدەك برونزا، مىس قۇراللارمۇ تېپىلدى. بۇ ئارخېولوگىيالىك تېپىلمىلار بۇ تەۋەدە ئەڭ قېدىمىي زامانلاردىلا ئىنسانلار ياشىغانلىغىنى، بۇ ئىنسانلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى بولغانلىغىنى، ئۇلارنىڭ خېلە ژۇقۇرى تەرەققىيات باسقۇچىدا بولغانلىغىنى كۆرستىدۇ» دەيدۇ («قېدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 19-بەت).

رۇس تارىخچىسى ئاكادېمىك ئا.ن.بېرنشتام:

«تۆمۈر قۇراللارنى ئىشتىش، ئاتنى مىنىشكە كۆندۈرۈش – بۇ ئىككى كەشپىيات مەركىزىي ئازىيا خەلقلىرىگە مەنسۇپ...

بۇنىڭدىن 20000 ژىللار بۇرۇن ئوتتۇرا ئازىيادە ئوق-يانىڭ كەشپ قىلىنىشى، شۇنىڭدەك ئاتنى قولغا ئۆگىتىپ، تۇرمۇشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان بولۇشى، جەمىيەتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كۈچى بىلەن ھەربىي كۈچىنى خېلە دەرىجىدە ئاشۇردى. ئوتتۇرا ئازىيا كۆچمەن خەلقلىرىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلارنى مىنىپ، قولىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان جەڭچىلىرى باشقا جايلاردىكى، مەسىلەن: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ پىيادە جەڭچىلىرىنى ئوڭايلا مەغلۇپ قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، خىزمەتكار-قۇللارغا ئايلاندۇراتتى. بۇ بولسا، يېڭى قۇللۇق جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا زەمىن يارىتىپ بەردى» دەيدۇ (بېرنشتام كىتاۋى، 37-36-بەتلەر).

ئۇيغۇرستان قېدىمكى زامانىنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەممىدىن كۆپ تېپىلغان رايون. مەسىلەن: يېقىنقى ژىللاردا ئۇيغۇرستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن سىلىقداپ ئىشلەنگەن تاش پىچاق، تاش پالتا، تاش كەتمەن، تاش ئوغاق، تاش تاختا، تاش قاچا قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلىپ كەلمەكتە. بۇ فاكتلار ئوتتۇرا ئازىيا-يەر يۈزىدە ئىنسانلارنى ئاپىرىدە قىلىپ بەرگەن مۇقەددەس زىمىن بولۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تېپىنى يارىتىپ بەرگەن مۇقەددەس زىمىن ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز م.ئى.بۇغرا ئەپەندى: «مەدەنىي ئېرىتىپ ئۇنىڭدىن تۇرمۇشقا

كېرەكلىك سايمان-جابدۇقلارنى ياساش، ئالتۇن ۋە مىسنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن زىنەت بۇيۇملىرىنى ياساش تېخنىكىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان. بۇ كەشپىيات بۇنىڭدىن 10000 ژىللار بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى ئىپىنقلاندى» دەيدۇ («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 6-4-بەتلەر).

«مەركىزىي ئازىيادىكى ئىنسان تۈركۈملىرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20000-15000 ژىللار ئىلگىرى تاش قۇراللارنى ئىسلاھ قىلىپ سىلىقداپ ئىشلەيدىغان ھالغا كەلگەن. ئۇلار: تاش، سۆيەك ۋە ياغاچتىن تاشپىچاق، تاشپالتا، تاشقىرغۇچ، تاشنەيزە ۋە باشقىلارنى، سۆيەكتىن سۆيەكنەيزە، سۆيەكىبىگىز، ژىڭنە ۋە باشقا سايمان-جابدۇقلارنى ياساپ ئىشلىتىشنى بىلگەن. موشۇ فاكتقا ئاساسلىنىپ، بەزى ئالىملار ئوتتۇرا ئازىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى مىسىر ۋە مېسوپوتامىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىلگىرى باشلانغان بولسا كېرەك» دەپ قاراشماقتا.

«يېقىنقى ژىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارېپولوگىيالىك قېزىپ-تەكشۈرەشلەر جەريانىدا تۇرپان، مورى، نىيە، قاشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن تاش قۇراللار، ساپالدىن ۋە ياغاچتىن ياسالغان قاچىلار، چۆشەك، چۆلۈك قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ بۇيۇملارنى بېجىندىكى كاربون 14 ئوكسىدلىق خىمىيالىك ئانالىز ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇنىڭدىن 7000-6000 ژىل بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئېكەنلىكى ئىپىنقلاندى.موشۇ فاكتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ زاماندا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن باشقا قول ھۈنەر كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقى ئىسپاتلاندى» (ئىمىن تۇرسۇن، ژۇقارقى كىتاپ).

«شىنجاڭ رايونىدا (ئۇيغۇرستاندا-س.ئا.) مىلادىدىن 5000 ژىللار ئىلگىرىلا دېخانچىلىق مەدەنىيىتى پەيدا بولغان. ئېۋروپىدا بولسا، مۇنداق مەدەنىيەت مىلادىدىن 3000 ژىللار ئىلگىرى (ئۇيغۇرلاردىن 2000 ژىل كېيىن) پەيدا بولغان. قۇمۇلدىكى بالىلىقتىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 6000 ژىل ئىلگەركى دەۋىرگە مەنسۇپ كومزەك ئىچىدىكى بۇغداي، شۇنىڭدەك چەرچەن، نىيالەردىن تېپىلغان تېرىق، بۇ تەۋەدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ شۇ زامانلاردىلا دېخانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئېگە ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ دەۋىردە جەمىيەتمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئاستا-ئاستا قەبىلىلەر كېلىپ چىقىشقا باشلىغان ئېدى» (ئىمىن تۇرسۇن كىتاۋى، 20-بەت).

«1971-ژىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدا بىر قېدىمىي قەبرىستانلىق تېپىلدى. بۇ قەبرىستانلىقنى ئېچىپ تەكشۈرگەندە، بىر ئايال كىشىنىڭ يەنە بىر كىچىك بالىنىڭ جەسىدى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار مۇ چىقتى. بۇ تېپىلمىلارنى نەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى تەجرىبىخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرگەندە شۇ زاماندىن 4612-ژىل بۇرۇن كۆمۈلگەنلىكى ئىپىنقلاندى. بۇ جەسەت ژۇڭدىن توقۇلغان تەختىكە ئورالغان بولۇپ، تاختاينىڭ ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزۇلغان. ئۈستىگە قوي تېرىسى ۋە چىغ توقۇلما يېپىلغان. بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. ئايالنىڭ كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، بۇرنى قاڭشالىق بولۇپ، ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. بىللە كۆمۈلگەن سېۋەتنىڭ ئىچىدىن بۇغداي دانلىرىمۇ چىقتى. بۇ فاكت بۇ زىمىندا قېدىمىي زاماندا ئارىيان-تۇران ئىرقىي تىپىدىكى ئاق تەنلىك ئىنسانلار، يەنى بىزنىڭ ئەجدانلىرىمىز ياشىغانلىقىنى، ئۇلار شۇ چاغلاردىلا خېلە ژۇقۇرى مەدەنىيەتلىك بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» (ت.ئالماس «ئۇيغۇرلار»، 11-بەت).

قىسقىسى، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا باشلىغان. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز مىللىتىمىزنىڭ تۆرەلگەن جايى بولۇپلا قالماستىن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ تۆرەلگەن مۇقەددەس بۆشىگىدۇر.

## 2 ـ قىسىم

# تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى

**ـ تارىخ ئۆز مۇساپىسىدە ياخشى-يامان**
**ھەممە نەرسىنى يارىتىدۇ ۋە يوقىتىدۇ.**
**پۈتۈنسۈرۈك دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر پەيدا بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ.**
**ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىلىر پەيدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ،**
**دۇنيا-ئالەم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.**
ئابدۇقادىر داموللا

## سۆز بېشى

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز قېدىمىي زامانلاردا شەرىقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەرىپتە كاسپىي دېڭىزغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ۋە ئۇرال تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇپتا ئالتۇن تاققىچە بولغان بىپاياب زىمىنلارغا تارقىلىپ ياشىغان. ئۇلار خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك ھەر يەردە توپ-توپ بولۇپ ياشىغان، شۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان. موشۇ كەڭ زىمىنلارغا تارقىلىپ ياشىغان ئەجداتلىرىمىز نەچچە مىڭ ژىللىق ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن چوڭ-كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ىدارىسى ئاستىدا ياشاپ ئۆتكەن بولۇشى تەبىي. بىراق، كىتاۋىمىزنىڭ ھەجمى تار بولغانلىقتىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز، پەقەت تارىختا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

بۇ يەردە ئىزاھ بېرىپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار: بۇ مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئوتتۇرا ئازىيا رېگىونى قېدىمدىن تارتىپ تۈركىي تىللىق خەلىقلەر ئارىلىشىپ ياشىغان ماكان. نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخ جەريانىدا بۇ خەلىقلەر بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ بىللە ياشىغان زامانلارمۇ بولغان. ئايرىلىپ كېتىپ، ھەر قايسىسى ئايرىم ئەل بولۇپ ياشىغان زامانلارمۇ بولغان. شۇڭا ئۇيغىر خەلقىنىڭ تارىخىنى موشۇ قېرىنداش خەلىقلەرنىڭ تارىخىدىن ئاجرىتىپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى» يازغان ۋاقتىمدا تۈركستان رېگىونىنىڭ ئۇمۇمىي تارىخىنى ئاساس قىلىپ، موشۇ تارىختا ئۇيغۇرلار قانداق يېتەكچى رول ئوينىغانلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتىم. شۇنىڭدەك بەزى بىر مۇھىم ۋاقىەلەرنىڭ تارىخى بايان قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن كىتاپخانلارنىڭ تېخىمۇ جانلىق تەسەۋۋۇر قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن دەپ، باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەشۇ ۋاقىەلەرنى تەسۋىرلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئايرىم پارچىلارنى قوشۇمچى قىلىپ بەردىم.

تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، شۇ دۆلەتنىڭ ئىگەللىگەن تېررىتورىياسىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ بەردىم. بۇ ھەرگىزمۇ، موشۇ زىمىنلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ (خوشنا ئەللەرگە قارىتا بىزنىڭ ھېچ قانداق زىمىن داۋايىمىزمۇ يوق!). پەقەت تارىخىي ھەقىقەتنى ئەينەن يەتكۈزۈش زۆرۈرىيىتىدىن شۇنداق كۆرسىتىلدى. ئەقىللىق كىتاپخانلىرىمىز، بۇ نۇقتىنى دۇرۇس چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

مەن كىتاۋىمنىڭ بۇ قىسمىدا باشقا مۇەللىپلەر تونۇشتۇرغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى تەكرار تومۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگىنىم يوق. ئەشۇ دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تارقىلىپ كېتىش شارائىتلىرىنى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تارىخىمىزدا ئورۇن ئالغان خاتا چۈشەنچىلەرگە تۈزىتىش بەردىم، زىيانلىق كۆز قاراشلارنى رەت قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ تولۇقلانغان ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ يېزىپ چىقتىم. ئۇنداق بولسا، بۇ كىتاپتا باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان قانداق يېڭىلىقلار بار؟

1) كۆپلىگەن مۇئەللىپلەر ئۆز ئەمگەكلىرىدە تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى دەپ مىلادىيەدىن ئاۋالقى VII ئەسىردە قۇرۇلغان تۇرانىيە ئىمپېرىياسىنى كۆرسىتىدۇ. مەن بولسام، قولۇمدا بار دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ، مىلادىيە باشلىنىشتىن 2900 ژىل ئىلگىرى بۈيۈك بوۋىمىز ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر قاغاناتىنى تونۇشتۇردۇم.

2) كۆپلىگەن مۇئەللىپلەرنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى ئۈزۈك-ئۈزۈك ھالدا بايان قىلىنغان. مەن بولسام، «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى» يازغان ۋاقتىمدا تارىخىي ئىزچىللىقنى ئەمەل قىلىپ، بىر ئىمپېرىيا بىلەن يەنە بىر ئىمپېرىيانىڭ ئارىلىغىدىكى بوشلۇقنى تولتىرىش ئۈچۈن شۇ زاماندا مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى توبۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مەسىلەن : بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىياسى دەۋرىدىن كۆك تۈرك ئىمپېرىياسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتى، جەنۇبىي قىسمىدا بولسا ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېدى. مەن موشۇلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار تارىختا ئىزچىل ھالدا دۆلەت تۇتۇپ كەلگەن مىللەت ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بەردىم.

3) VIII ئەسىردە ئورخۇن، سېلېنگا دەريالىرىنىڭ ۋادىسىدا قۇرۇلغان دۆلەتنى پادىشالار چىقىدىغان

ياغلاقلار قەبىلىسىنىڭ ياكى ۋەزىرلەر چىقىدىغان ئادىز قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىماي، «ئۇيغۇر خاقانلىغى» دەپ ئاتىغانلىغىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە سەياسىي سەھنىگە چىققانلىغىنى كۆرسىتىدۇ. ۇنىڭدىن ئاۋالقى ھۇن دۆلىتى بىلەن كۆكتۈرك دۆلەتلىرى گەرچە ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىر بايراق ئاستىغا توپلىغان بولسىمۇ، مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، شۇ دۆلەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىدى. ئەسلىدە، تۈركلەرمۇ ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ قەبىلىلىرى بولغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى مىللەتنىڭ نامى بىلەن «ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتىدىم.

4) ئۆتمۈشتىكى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك XIII ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھەربىي ژۇرۇشلەرنى نوقۇل ھالدا «موڭغۇل-تاتارلارنىڭ ھەربىي ژۇرۇشلىرى» دەپ ئاتاشقان ئىدى. ئۇلار بۇ ئىمپېرىيانىڭ ھەربىي قىسىملىرىدا بولسۇن، دۆلەت ئاپپاراتىدا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەل قىلغۇچى رول ئوينىغانلىق فاكتىنى ھېسابقا ئالمىغان. مەن بولسام، تارىخىي چىنلىققا ۋە دەلىل ئىسپاتلارغا تايانغان ھالدا «XII ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەربىي ژۇرۇشلەردە ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە قۇرۇلغان ئىمپېرىيادە ئۇيغۇرلار ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىمپېرىيا ئەمەلىيەتتە، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى ئىدى»، دەپ خۇلاسە چىقاردىم ۋە شۇ تېرىقىدە بايان قىلدىم.

5) XIV ئەسىردە تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەجايىپ تالانتى بىلەن بالقاش كۆلىدىن ئاق دېڭىزغىچە بولغان بىپايان زېمىندىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بۈيۈك ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلغان **ئەمىر تىمۇرنى** بىلمەيدىغان ئالەم بولمىسا كېرەك. كۆپلىگەن تارىخچىلار ئەمىر تىمۇرنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر ئەسىر كېيىن پەيدا بولغان ئۆزبەك ئەلىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسەتمەكتە. مەن بولسام، بۇ كىتاۋىمدا تارىخىي ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھالدا، ئەمىر تىمۇر ــ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆيەك بارلاس ئۇرۇغىدىن كېلىپ چىققان. قارلۇق بولسا، قەدىمىي زاماندىكى توققۇز ئۇيغۇر قابىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر تىمۇر ئۇيغۇر پەرزەندى، ئۇ تەشكىل قىلغان ئىمپېرىيا بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى ئىمپېرىياسى بولغان ئىدى، دەپ چۈشەندۈردۈم.

6) ھازىرقى زاماندىكى كۆپلىگەن مۇئەللىپلەر ئوتتۇرا ئازىيادە قەدىمىي زاماندا ياشىغان تۇران-ساق ئېلىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى پارچىلاپ، بۆلۈپ ھازىرقى زاماندىكى ھەر قايسى خەلقلەرگە ئۆز ئۇلۇشىنى بېرىشكە تىرىشماقتا. مەسىلەن، تۈرك تارىخچىلىرى: «بۇ مەدەنىيەتنى تۈركلەر ياراتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى بىز» دېسە، ئۆزبەك تارىخچىلىرى: «بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزبەكلەر ياراتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى بىز» دېيىشمەكتە. قازاق، قىرغىز مۇئەللىپلىرىمۇ خۇددى شۇنداق داۋالارنى قىلىشماقتا. مەن بولسام:

«ئەزىز قېرىنداشلار، قەدىمىي زاماندا ئوتتۇرا ئازىيادە ھازىرقى تۈركلەرمۇ، ئۆزبەكلەرمۇ، قازاقلارمۇ بولمىغان. ئۇ زاماندا بىز ھەممىمىز **«تۇران ئېلى»** ياكى **«ساك ئېلى»** دەپ ئاتالغان چوڭ ئەلنىڭ پۇخرالىرى ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قەدىمىي مەدەنىيەت ھەممىمىزگە ئورتاق بايلىق. سىلەر ئۇنى پارچىلاپ خامتالاش قىلماڭلار!» دېمەكچىمەن. شۇنىڭدەك نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىزنىڭ مىللىتىمىزگە «موغۇل»، «ئۆزبەك»، «چەنتۇ»، «ۋىزۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ناملار قويۇلۇپ قالغان، توغرىسى زورلاپ تېڭىلغان ئىدى. مەن بۇ كىتاۋىمدا، ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھالدا، باشقىلار تەرىپىدىن زورلاپ تېڭىلغان مۇنداق ناملارنى رەت قىلدىم. مىللىتىمىزنىڭ ئەسلى ۋە توغرا نامىنى قايتىدىن تىكلىدىم.

دېمەك، مېنىڭ بۇ كىتاۋىمدا موشۇنداق بىر قانچە يېڭىلىقلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاپخانلىرىمىزنى قولىڭىزدىكى موشۇ كىتاپنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىشلىرىنى ۋە ئويلىنىپ بېقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، ھەتتا ئىمپېرىيا بولۇپ ياشىغان زامانلارمۇ بولغان، ئۆز مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ، باشقىلارغا بېقىندا بولۇپ ياشىغان زامانلارمۇ بولغان. سەياسىي جەھەتتىكى موشۇ ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق ئىختىسات، مەدەنىيەت جەھەتلەردە گۈللىنىش ۋەزىيىتىمۇ بولغان، چۈشكۈنلىشىش ۋەزىيىتىمۇ بولغان. بىز موشۇ تارىخنى بىلمىسەك، ئۆتمۈشنى ئۇنتىغان، ئەجداتلىرىمىزنى تونۇمىغان بولىمىز. ئۆتمۈشنى ۇنتىغان مىللەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

# 5-باپ

## ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى

**- ئەگەر قېدىمىي زاماندىكى بەگلىكلەر بولمىغان بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى گىگانت ئىمپېرىيالەر بولماسىدى.**
تۇرغان ئالماس

### 1§. ئەڭ قېدىمكى بەگلىكلەر ۋە خانلىقلار

دۆلەت هۆكۈمرانلىق ئاپپارات. ئۇ جەمنىيەت تەرەققىياتىنىڭ هەممە باسقۇچلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەس. ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي جاماە تۈزۈمى دەۋرىدە، جامىيەتنىڭ هەممە ئەزالىرى ئىشلەپ چىقىرىش جەريانلىرىغا تەڭ قاتنىشىپ، تاپقان ئۇلجىسىنى تەڭ تالىشىپ يەپ ژۈرگەن شارائىتتا، دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا زۆرۈرىيەتمۇ، ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. جەمىيەت تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە، ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جەمىيەتتە مۈلۈكدارلار ۋە مۈلۈكسىزلەر تەبەقىلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، جەمىيەت روشەن ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندى. مۈلۈكدارلارنىڭ مۈلكىنى هەم شۇ مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقىنى هىمايە قىلىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ سىرتىدا هەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىدىغان يەر-سۈيى، ئوتلاق ۋە ئورمانلىرى، دەريا ۋە كۆللىرى بىر ئىدى. شۇ يەرلەردە ئۆستۈرۈلۈۋاتقان چارۋا-مېلى، دېخانچىلىق زىرائەتلىرى، باغ-ۋارانلىرى بار ئىدى. ئۇلارنى سىرتتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزلۇق هۇجۇملاردىن هىمايە قىلىش زۆرۈر ئىدى. مانا موشۇ زۆرۈرىيەتلەر ئارقىسىدا مەركەزلەشكەن هەربىي مەمۇرىي ئاپپارات، يەنى دۆلەت كېلىپ چىقتى. دېمەك، دۆلەت دېگىنىمىز كىشىلىك جەمىيىتى تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي-سەياسىي قۇرۇلما. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ خەلقنىڭ ئىختىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي هادىسە هېساپلىنىدۇ.

قىسقىسى، دۆلەت-مىللەتنىڭ مەنپىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەياسىي مۇەسسە. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ نامى ئۇ يەردە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشانىڭ نامى بىلەن ئەمەس، هەتتا هۆكۈمران قەبىلىنىڭ نامى بىلەنمۇ ئەمەس، شۇ زىمىنىنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشى كېرەك.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلاردا ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەر قاچان پەيدا بولغان؟

بىز قولىمىزدا بار مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى (قەبىلە ئاقساقاللىرى) دەۋرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 7-6 مىڭ ژىللار بۇرۇن پەيدا بولغان دەپ ئېيتالايمىز.بىراق، رۇس ئارخېولوگ ئالىملىرى كېيىنكى ژىللاردا ئېلان قىلغان ماتېرىئاللاردا، هازىرقىموڭغۇلىيا خەلىق جۇمهۇرىيىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلگەن قېزىش-تەكشۈرۈشلەر ۋاقتىدا، بۇنىڭدىن 15000 ژىل ئىلگىرى ياشىغان ئۇيغۇر ئايال پادىشاسىنىڭ سۆيىگىنى تاپقانلىغى خەۋەر قىلىنىدى. موشۇ فاكتقا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى بىز مۆلچەرلىگەندىنمۇ قېدىمىيراق بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى دژېيمس چېرچۋارد بولسا، ئۆزىنىڭ كىتاۋىدا-» XIX ئەسەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رۇس سەياهەتچىسى پروفېسسور كوزلوۋ قېدىمىي ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىنىڭ پايتەختى خاراخوتىنىڭ ئورنىدا ئارخېولوەيىلىك قېزىپ-تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ 50 فۇت (تەخمىنەن 17 مېتر) چوڭقۇرلۇقتىكى قېدىمىي مەقبەرىنى تاپقان. هەم بۇ يەردىن قىممەتلىك بايلىقلارنى ئالغان. ئالىم شۇ تېپىلغان ماتېرىئاللاردىن ئىككى دانە رەسىمنى تونۇشتۇرىدۇ هەم ئۇنىڭغا ئىزا بېرىپ، -مەن شۇنداق دەپپ ئىشىنىمەنكى، مەزكۇر سۈرەتلەردە تەسۋىرلەنگەن نەرسىلەرنى بۇنىڭدىن 18000-16000 ژىل ئاۋالقى دەۋرگە مەنسۇپ» دەيدۇ. («ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-بەت). بۇ فاكت قېدىمكى ئۇيغۇر دۆلتى بۇنىڭدىن 20000 ژىللار ئىلگىرى مەۋجۇت بولغانلىغىنى، هەم ئەشۇ ئۇيغۇرلار موشۇنداق ئەجايىپ مەدەنىيەتنى ياراتقانلىغىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

(بۇ بولسا، ئارېولوگ ئالىملىرىمىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرىراق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ).

شۇنى مۇەييەنلەشتۈرۈشكە بولۇدىكى، هەممە خەلىقلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەر قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان مەهەللى هاكىمىيەتلەر بولۇپ، ئۇنى قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى بەگلەر باشقۇراتتى.

مۇهەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ «شەرقىي تۈركستان تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىلىق مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«هازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قېدىمىي نامى-»ئۈچ». رىۋايەت قىلىنىشچە، قېدىمىي زاماندا ن بۇ ئۆلكىدە ئۈچ ئۇيغۇر قەبىلىسى ياشىغان ئىكەن. هەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم خانلىرى بولغان ئىكەن. ئۇلار

پادىشالىرىنى «خان» دەپ، خانغا بويسۇنىدىغان ھاكىملارنى «بەگ» دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئۇلار ئەللىرنى ۋمۇمي قانۇنلار ئاساسىدا ئىدارە قىلاتتىككەن... بىر زامانلاردا ۋيغۇر ئېلىنىڭ تارىم ۋادىسى، ئىسسىق كۆل بويلىرى ۋە چۇ دەريا بويىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي قىسمىدا ئۇن مۇستەقىل خانلىق بولغان. تۇرپان، ئىلى، ئىمىل، بېشبالىق ۋە ئالتايدىن ئىبارەت شەرقىي قىسمىدا توققۇز خانلىق بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى بولۇپ، كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە بۈيۈك تۇران ئىمپېرىياسىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ، ھەممە ئۇيغۇرلار بىر گەۋدە بولۇپ بىرلەشكەن» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 24-بەت).

خىتاينىڭ قەدىمىي زاماندىكى ئاتاقلىق تارىخچىسى بەن گۇ «خەننامە ھەربىي يۇرت تەزكىرىسىنىڭ» بېشىدىلا: «غەربىي يۇرتتا 36 بەگلىك بار ئىدى، كېيىن ئۇلار كۆپىيىپ، ئەللىك نەچچە بەگلىككە يەتتى» دەپ يازغان.

تەتقىقاتچىلار ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىپ بۇ بەگلىكلەرنىڭ نامى، پايتەختى (مەركىزى)، جايلاشقان ئورنى، ئاھالىسى (تۈتۈن ھېساۋىدا)، ئەسكىرى ۋە ئېگىللىگەن دائىرە ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ چىقتى. تۆۋەندە بۇ بەگلىكلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. نويچان بەگلىگى. ئاستانىسى-نويچان، قايلاشقان ئورنى ھازىرقى چارقىلىق ناھىيەسىنىڭ غەربىي-جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئاھالى سانى 1750 بولۇپ، 450 تۈتۈن (ئائىلىدىن) ئىبرەت، 500 ئەسكىرى بار. بۇ قەبىلە ئاھالىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدۇ.

2. كىرۇران بەگلىگى. ئاستانىسى-مىرەن قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى چارقىلىق بازىرىنىڭ ئەتراپىدا. ئاھالى سانى 14100، يەنى 1570 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 3000 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن بۇلارنىڭ نامى پىشامشان دەپ ئاتالغان.

3. چورشان بەگلىگى. ئاستانىسى-چالمادان قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى چەرچەننىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 1610، يەنى 330 تۈتۈن. بۇ قەبىلىنىڭ 350 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

4. ئەندىرە بەگلىگى. ئاستانىسى-يۈيلىن قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى چەرچەن دەرياسىنىڭ ژۇقۇرى ئېقىنىدا. ئاھالىسى سانى 1100، يەنى 150 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 200 ئەسكىرى بار.

5. نىيە بەگلىگى. ئاستانىسى-نىيە قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى نىيە ناھىيەسىگە توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 3360، يەنى 480 تۈتۈن. 500 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

6. رۇندۇ بەگلىگى. ئاستانىسى-بېپىن قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى كونلۇن تېغى ئارىسىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 1610، يەنى 240 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 300 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

7. ئۇزۇنتات بەگلىگى. ئاستانىسى-ئۇزۇنتات قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى كېرىيا ناھىيەسىدە. ئاھالى سانى 20 مىڭدىن ئوشۇق، يەنى 3340 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 3500 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

8. كىرىيە بەگلىگى. ئاستانىسى-كامتو قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى كېرىيا دەرياسىنىڭ ژۇقارقى ئېقىنىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 2200، يەنى 310 تۈتۈن. 300 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

9. ئۇدۇن بەگلىگى. ئاستانىسى-يوتقان قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى خوتەن شەھرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئاھالىسى بار، يەنى 3300 تۈتۈن. 2400 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ بەگلىكنىي يېرىدىن ئېسىل قاش تېشى كۆپ چىقىدۇ.

10. پوسكام بەگلىگى. ئاستانىسى-پوسكام (پاسىيان قەلئەسى). جايلاشقان ئورنى ھازىرقى گۇما ناھىيەسىگە توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 3500، يەنى 500 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 500 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

11. ساكاراۋل بەگلىگى. ئاستانىسى-ساكاراۋل قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى قارغىلىق ئەتراپىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 16400، يەنى 2400 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 3000 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

12. قۇرۇقتاغ بەگلىگى. ئاستانىسى-ئېنىق ئەمەس. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇقتاغدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 5000، يەنى 450 تۈتۈن. 1000 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

13. كىنگىت بەگلىگى. ئاستانىسى-شورچۇت. جايلاشقان ئورنى بۈگۈنكى قاراشەھەر ناھىيەسىنىڭ شەرقىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 32000، يەنى 4000 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ

6000 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
14. ئۇشتاق بەگلىكى. ئاستانىسى-ئۇشتاق قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى بۇگۈنكى خوشۇت ناھىيەسىگە توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 5000، يەنى 700 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 2000 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
15. ۋاپىرىيا بەگلىكى. ئاستانىسى-ۋايىر قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى بۇگۈنكى كورلىنىڭ شەرقىي-شىمالىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 10 مىڭغا يېقىن، يەنى 1200 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 2000 ئەسكىرى بار.
16. چېدىر بەگلىكى. ئاستانىسى-چېدىر قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى كورلىنىڭ غەربىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 1500، يەنى 130 تۈتۈن. 150 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
17. ئۇرلى بەگلىكى. ئاستانىسى-ئۇرلى قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى بۇگۇر ناھىيەسىنىڭ شەرقىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 1200، يەنى 110 تۈتۈن. 300 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
18. كۇسەن بەگلىكى. ئاستانىسى-يام قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى كۇچاغا توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 81 مىڭ، يەنى 7 مىڭ تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 21 مىڭ ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
19. ئونسۇ بەگلىكى. ئاستانىسى-ئونسۇ قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى ئۇچتۇرپانغا توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 8400، يەنى 2200 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 1500 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
20. قۇم بەگلىكى. ئاستانىسى-جەنۇبى قەلئە. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى ئاقسۇ تەۋەسىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 25 مىڭ، يەنى 3500 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 5400 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
21. سەپەرباي بەگلىكى. ئاستانىسى-سەپەرباي غولى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى ئاقچى ناھىيەسىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 2300، يەنى 300 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 800 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
22. سۇلى بەگلىكى. ئاستانىسى-سۇلى قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى قەشقەر تەۋەسىدە. ئۇلارنىڭ 12 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالىسى، يەنى 1500 تۈتۈن. 2 مىڭ ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
23. بارىكۆل بەگلىكى. ئاستانىسى-سىياۋغول. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى بارىكۆلدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 2 مىڭدىن ئوشۇق، يەنى 325 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 800 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
24. ئارقابارىكۆل بەگلىكى. ئاستانىسى-نامەلۇم. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى مورىغا توغرا كېلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 1100، يەنى 154 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 334 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
25. ئالدىقوش (قاڭقىل) بەگلىكى. ئاستانىسى-يارغۇل قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى تۇرپاننىڭ غەربىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 6 مىڭدىن ئاشىدۇ، يەنى 700 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 1865 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
26. قوشقاھ بەگلىكى. ئاستانىسى-قۇچۇ قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى تۇرپانىنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇت خارابىسىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 330، يەنى 40 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 85 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە دېخانچىسق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
27. خۇزخور بەگلىكى. ئاستانىسى-لۆكچۈن قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى تۇرپاننىڭ غەربىي-شىمالىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 300، يەنى 55 تۈتۈن 60 نەپەر ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
28. ئارقاقوش بەگلىكى. ئاستانىسى-قاغانبۇت. جايلاشقان ئورنى جىمسارنىڭ جەنۇبىدا. ئاھالى سانى 4775، يەنى 595 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 1800 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
29. ئارقاقوش قەلئە بەگلىكى. ئاستانىسى-چالمادان قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ شىمالىدا. ئاھالى سانى 460، يەنى 150 تۈتۈن. 260 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
30. يىرۇمچى بەگلىكى. ئاستانىسى-ندۇغول قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى ھازىرقى جىمسارنىڭ شەرقىي-شىمالىدا (بۇ ھازىرقى ئۇرۇمچى بولسا كېرەك). ئاھالىسىنىڭ سانى 1500، يەنى 190 تۈتۈن. 330 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

31. بىراكى بەگلىكى. ئاستانىسى–كاندارغول. جايلاشقان ئورنى هازىرقى فۇكاڭ تەۋەسىدە. ئاھالىسىنىڭ سانى 1400، يەنى 230 تۈتۈن. 422 ئەسكىرى بار. بۇ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

32. ئارقابىراقى بەگلىكى. ئاستانىسى–بەنجىلغول. جايلاشقان ئورنى هازىرقى فۇكاڭنىڭ شەرقى-شىمالىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 1137، يەنى 460 تۈتۈن. 500 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

33. جانبالىق بەگلىكى. ئاستانىسى–تەڭرىغول. جايلاشقان ئورنى هازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 500، يەنى 100 تۈتۈن. 150 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

34. شەرقى چۇمۇل بەگلىكى. ئاستانىسى–داپخۇغول قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى هازىرقى قۇتۇبىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 2 مىڭ، يەنى 180 تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 400 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

35. تۇرپامى بەگلىكى. ئاستانىسى–تۇرپامى قەلئەسى. جايلاشقان ئورنى هازىرقى سانجىدا. ئاھالىسىنىڭ سانى 200، يەنى 30 تۈتۈن. 50 ئەسكىرى بار.

36. ئۆيسۈن بەگلىكى. ئاستانىسى–قىزىلقورغان. بۇ بەگلىكنىڭ دائىرىسى ماناسنىڭ شەرقىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھالىسىنىڭ سانى 630، 120 مىڭ تۈتۈن. ئۇلارنىڭ 180 مىڭ ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ...»–دېيىلگەن.

ژۇقۇرىدا ئاتاپ ئۆتۈلگەن بەگلىكلەر ھەر بىر يۇرتنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت شەكلى بولۇپ، مىللىي دۆلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشلىرى ئىدى. ئۇيغۇرستاندا مۇنداق بەگلىكلەر مىلادىدىن ئاۋالقى II مىڭ ژىللىق بىلەن IV مىڭ ژىللىق ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولغان ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بەگلىكلەر ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، ژىرىكلەشكەن شەھەر دۆلەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ دۆلەتلەر ئەندى بۇرۇنقىدەك «بەگلىكلەر» دەپ ئاتالماستىن «خانلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن، مىلادىيەدىن ئاۋالقى XXV ئەسىرگە كەلگەندە، كىروران بەگلىكى ئەتراپىدىكى 5 بەگلىكنى بىرىكتۈرۈپ، چوڭ خانلىققا ئايلانغان.

تارىخچى مۇھەممەتىمىن بۇغرانىڭ بايان قىلىشىچە، مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرىگىچە، يەنى ھۇن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغىچە ئۇيغۇرستاندا تۆۋەندىكى خانلىقلار مەۋجۇت بولغان ئىكەن.

1. قۇمۇل خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى قۇمۇل ۋىلايىتىدە، ئۇنىڭ تەۋەسىدە جەمى يەتتە شەھەر بار ئىدى.

2. لولان (دولان) خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى لوبنور كۆلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، يەتتە شەھىرى بار ئىدى.

3. ئۇدۇن خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى خوتەن تەۋەسىدە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئون شەھەر، تاغ تەرەپتە يەنە بەش بەگلىكى بار ئىدى.

4. يەركەنت خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى يەركەنت تەۋەسىدە، ئۇنىڭ تەركىۋىدە تاشقورغان بەگلىكى، تاغدا يەنە ئىككى بەگلىكى بار ئىدى.

5. كاشغەر خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار. تەۋەلىكىدە ئون چوڭ شەھەر ۋە ئون كىچىك شەھەر بار ئىدى. خانلىقنىڭ مەركىزى ئوردۇكەنت دەپ ئاتىلاتتى.

6. كۇچا خانلىغى–ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىم خانلىقلاردىن بىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە كۇچا، باي، ئۇرۇقسۇ ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرى بار ئىدى.

7. كىنگىت (چالىش) خانلىغى–بۇ خانلىقنىڭ يەنە بىر ئىسمى يۈنچۈ، سالاق بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا قاراشەھەر دەپ ئاتالغان. خانلىقنىڭ پايتەختى باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى كىنگىت شەھىرى ئىدى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە سىنگىر خانلىغى (قۇرۇق تاغدا)، ئۆيسۇ بەگلىكى (بۈگۈنكى ئۇششاقتال ئەتراپىدا)، بۈگۈر، كورلا ۋە چەرچەن بەگلىكلىرى بار ئىدى.

8. قۇچۇ خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى تۇرپان ۋىلايىتىدە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە قۇچۇ، لاچىن ۋە بۈگۈنكى قاراقۇچۇ بەگلىكلىرى بار ئىدى.

9. بىشبالىق خانلىغى–ئورنى بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە چوڭبالىق (بۈگۈنكى گۈچىڭ ئەتراپىدا)، ئويۇڭ كۆل (ماناس ئەتراپىدا)، چۇ ۋە بەيلۇ بەگلىكلىرى بار ئىدى.

10. ئۆيسۈن خانلىغى–شەرقتە ئىرتىش دەرياسى، غەربتە تالاس دەرياسى، جەنۇبتا تەڭرىتاغلىرى، شىمالدا بالقاش كۆلى ئەتراپىغىچە سوزۇلغان چوڭ بىر خانلىق ئىدى. خانلىقنىڭ پايتەختى چەقۇ شەھىرى بولۇپ، ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان.

شەرقىي ئۇيغۇرلاردا دۆلەتنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ قاچان كېلىپ چىققانلىغى توغرىلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى يازىدۇ:

«قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ئورخۇن دەرياسى شەرقىي ئۇيغۇلارنىڭ ئاۋۇپ كۆپەيگەن

جايدۇر. ئۇلار كۆپىيىپ 30 قەبىلىگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كېڭەشمىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆز ئىچىدىن خان سايلاشتى. ئەشۇ خانلىق 1500 ژىل داۋام قىلىنغاندىن كېيىن، بۇقاخان (ئەپرىسياپ) دەۋرى باشلاندى» (بېرنشتام كىتاۋى، 25-بەت). بىز بىلىمىزكى، ئەپراسياپ بىزنىڭ ئېرامىزدىن ئاۋالقى VII ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس. بۇ 27 ئەسىرگە ئۇنىڭ ئالدىدىكى 15 ئەسىرنى قوشساق، ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 4200 ژىل بولغان بولىدۇ. ئالىم ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئون ئۇيغۇر» «دى» قەبىلىلىرى شۇنداق بىر ئېتنىك گرۇپپىنى تەشكىل قىلىدىكى، بۇلاردىن مىلادىدىن ئاۋالقى XII ئەسىردە جاۋ خانلىقى كېلىپ چىققان» دەيدۇ (مەزكۇر كىتاپ، 19-بەت).

تارىخچى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەڭ دەسلەپكى قۇلدارلىق دۆلىتىنى قۇرغان شيا قەبىلىسى ئەسلىدە ئۇيغۇر تىللىق قەبىلە ئىدى. كېيىنچە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىللىق «شاڭ»، «جۇ» قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلەشكەن «خۇاشيا» دۆلىتىنى قۇرغان. خۇاشيا دۆلىتى ئېرامىزدىن ئاۋالقى XX ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇپ، 1400 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن» دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 ژىل بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتلىرىگە ئېگە بولغان. دېمەك، شەرقتە تۇنجا قۇلدارلىق دۆلىتىنى قۇرغۇچىلار—خەنزۇلار ئەمەس ئۇيغۇرلار بولغان ئىدى.

ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن فاكتلارغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلاردا بولغانلىقى ئېنىق. ئىككىنچىدىن، بۇ مەلۇماتلار بىزگە، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزمۇ باشقا خەلىقلەرگە ئوخشاش دەسلەپتە قەبىلىلەرنى ئاساس قىلغان ئۇششاق بەگلىكلەر بولۇپ، پەيدىن-پەي ئۇمۇملىشىپ مەركەزلەشكەن مىللىي دۆلەت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك چوڭ كۆچۈش دەۋرىدە ئۇيغۇرستان زېمىنىدىن چىقىپ، ئازىيانىڭ شىمالىي قىسمىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان، كېيىنكى زامانلاردا «ساكلار» دەپ ئاتالغان ئەجداتلىرىمىز، ئېرامىزدىن مىڭ ژىللار بۇرۇن يەنە كۆچۈپ ئازىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىغا تارقالغان. تارىختا «ئارىيانلار» دەپ ئاتالغان بۇ ئەجداتلىرىمىزمۇ بارغان جايلىرىدا چوڭ-كىچىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان بولۇشى تەبىي.

## 2§ ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

مەلۇمكى، جەمىيەتنىڭ ئىختىسادىي ھاياتى قايسى دەرىجىدە بولسا، مەدەنىيەتمۇ شۇ دەرىجىدە بولىدۇ. موشۇ نۇقتەيى نەزەر بىلەن قارىغاندا، ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە بولغانلىقىنى شۇ دەۋىردىكى ئىختىسادىي تۇرمۇش دەرىجىسىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ.

خىتاي تارىخىنىڭ ئاتىسى سىما چيەنىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرىدە **«دىڭلىڭلار مىلادىدىن ئىلگەركى 7-8 ئەسىرلەردە چارۋىچى ھۇنلارغا دېخانچىلىق قىلىشنى ئۆگەتكەن»** دېگەن بىر ھەملە بار. دېمەك، دىڭلىڭلار، يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 3000 ژىللار ئىلگىرى دېخانچىلىق قىلىشنى بىلەتتى، دېگەن سۆز.

تارىخچى ئىمىن تۇرسۇننىڭ «قېدىمىي زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق كىتاۋىدا يېزىشىچە، ئۇرال تېغىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە ياشىغان ئۇيغۇر تىللىق قەبىلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدىن 6000 ژىل بۇرۇن ئاتنى قولغا ئۆگەتكەن ئېكەن. ئۇيغۇرستاننىڭ تاغلىرىدىكى بەزى ئۆڭكۈرلەردىن ئاتنى قولغا ئۆگىتىشكە ئائىت قىياتاش رەسىملىرى تېپىلغان. تەكشۈرگەندە بۇ رەسىملەر بۇنىڭدىن 6000-5000 ژىل بۇرۇن ياسالغانلىقى مەلۇم بولغان. ئىراندا بولسا مۇنداق مەدەنىيەت بۇنىڭدىن 4000 ژىل بۇرۇن پەيدا بولغان...

يەنە ئالىمنىڭ يېزىشىچە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى مۇزېيى تەرىپىدىن بېجىندا ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمىگە قېدىمىي دەۋرگە ئائىت توققۇلما ماللار قويۇلغان. بۇ تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىن 4000-3000 ژىللار ئىلگىرى ئىشلەنگەن ياغاچ، سۆيەك، مىستىن ياسالغان كۈرەك، ئوغرىق، ژىڭنە، تۆمۈنە، ئۇرچۇق قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن ژۇڭدىن توقۇلغان كىيىم-كېچەك ۋە پالاسلار قويۇلغان. («قېدىمىي زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، 234-233 بەتلەر).


ئارخېولوگ ئابدۇقېيىم غوجا بولسا «نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلگەن ئارخېولوگىيىلىك خىزمىتىشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار» ماقالىسىدا: «1959-ژىلى ئوكتيابىردا شۇئار مۇزېيى ئارخېولوگىيا ئوترىيادى نىيا خارابىسىغا يېتىپ بېرىپ، قېزىپ-تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى باشلىدۇق. نەتىجىدە بۇ ئورۇندىن دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، توقۇمچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە بىناكارلىققا ئائىت قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى كارۇشتى يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر، بۇددا دىنىغا ئائىت يازمىلار تېپىلدى. يەنە ھەر خىل قۇرال-سايمانلار بىلەن مېتال پۇللار چىقتى» دەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئالمۇتا شەھىرىگە يېقىن ئىسسىكتە قورغىنىغا دەپىن قىلىنغان ساك شاھزادىسىنىڭ قەبرىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر پۈتۈك تېپىلغان. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ زامانىمىزدىن 2500 ژىل بۇرۇن يېزىلغان پۈتۈك بولۇپ چىققان.

يەنە بىر تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىمىننىڭ يېزىشىچە: «ساكلار مەركىزىي ئازىيادە دەسلەپكى شەھەر-

قەلەلىرىنى بىنا قىلىشقان. سۇرخانەريا ۋە مۇرغاپ بويلىرىدىن تاكى گەنسۇ كارىدورىغىچە سوزۇلغان شەھەر- قەلئەلەر سىستېمىسى نەق ئەشۇ ساقلار زامانىسىدا قەد كۆتەرگەن ئىدى. مەسىلەن: تىللاتېپەدىكى قەدىمىي شەھەر مىلادىدىن 2300 ژىل ئىلگىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھىندىستاندىكى خاراپپا شەھىرى بىلەن زامانداش ئىدى.

ساكلار ئاۋالقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن ئاستا-ئاستا ئولتۇراقلىق دېخان ھاياتىغا كۆچكەن. ئۇلار دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قۇلالچىلىق، توقۇمىچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدەك كۆچۈپ ژۈرۈش ئېھتىياجىدىن دەسلەپكى ھارۋا (قاڭقاڭنى) ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان. ھارۋىنى دەسلەپ «تۇران قاڭقىسى» دەپ، ئاندىن كېيىن «ئوغۇزخان قاڭقىسى» دەپ ئاتاشقان. مەركىزىي ئاسىيادىكى قىياتاش رەسىملىرىدە مىلادىدىن ئىلگەركى 1500-1000 ژىللارغا ئائىت قىياتاش رەسىملىرىدە قاڭقا (ھارۋىنىڭ) رەسىملىرى چېكىلگەن. مۇنداق رەسىملەر مەركىزىي ئازىيانىڭ ھەر خىل رايونلىرىدا تېپىلدى. بۇ بولسا، شۇ زاماندىكى ئىنسانلار «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىدىن ئاستا-ئاستا «ھارۋۇلۇقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دېيىدۇ.


ژۇقۇرىدىكى فاكتلارغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ قەدىمىي ئەجداتلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە خېلە ژۇقۇرى مەدەنىيەتكە ئېگە بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.




**ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ خەرىتىسى («تۈرك تارىخى» ئېنسىكلوپېدىياسى، 103-بەت).**

## 6 ـ باپ

# «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ۋە ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى



تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ بايرىقى



ئوغۇزخان
(تەخمىنەن مىلادىدىن ئاۋالقى XXIX ئەسىردە ياشىغان)

**— «ئوغۇزنامە» يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، ئۇيغۇر تىللىق بارلىق خەلقلەرنىڭ ژىراق ئۆتمۈشنى يورىتىپ بېرىدىغان مەشئەل.**

ئەخمەت زەكى ۋەلىدى

## سۆز بېشى

«ئوغۇزنامە» ياكى (ئوغۇز ھەققىدە قىسسە) ئېپوسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئېپوس قېدىمكى زامانلاردىن تارتىپ رىۋايەت سۈپىتىدە ئېيتىلىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ساقلىنىپ كەلگەن. پەقەت VIII ئەسىردىكى كۆكتۈرك قاغانلىقى زامانىدا ھەم XIII ئەسىردىكى تۇرپان ئىدىقۇتلىقىدا قەلەمگە ئېلىنىپ، قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن (ئېپوسنىڭ ئەينە شۇ تۇرپان قول يازما نۇسخىسى ھازىر پارىژدىكى «مىللىي كۈتۈپخانىنىڭ» فوندىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى- قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقاتى، ئېتنوگرافىياسى ۋە ياشىغان جاي ماكانلىرى توغرىلىق قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن بىللە ئەشۇ قېدىمىي زاماندا بۈيۈك بوۋىمىز ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى توغرىلىقمۇ كەڭ مەلۇمات بېرىدىغان قىممەتلىك ئەسەر. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا بايان قىلىنىشچە، قېدىمىي زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان ئىسىملىق خانى بولغان، ئۇ ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، تۇنجا ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپلا قالماستىن، خوشنا ئەللەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجا ئىمپېرىيانى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىكەن.

قىسقىسى، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قېدىمىي، ئەڭ قىزىقارلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلمىي قىممىتى ژۇقۇرى بولغان قەھرىمانلىق ئېپوسىدۇر. بۇرۇن ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بۇ مەنبەدىن پايدىلانغان. ئۆز ئەمگەكلىرىدە ئۇنى شەرھىلەپ ئۆتكەن ئىدى. ئاتاپ ئېيتقاندا، XIV ئەسىردە ياشىغان ئىران تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» ناملىق ئەسەرىدە، XV ئەسىردە ياشىغان مىرخەندنىڭ «رەۋزەتۇس ساپا» ناملىق ئەسەرىدە، XVI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر دۇغلاتىينىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەرىدە، XVII ئەسىردە ياشىغان خىۋە خانى ئوبۇلغازىنىڭ «تارىخ شەجرەسى تۈرك» ناملىق ئەسەرىدە «ئوغۇزنامە» ئېپوسى تىلغا ئېلىنىپ، كەڭ تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ياش ۋاقتىمدا شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى،يېتۈك تارىخچى ئەلىخان تۆرەمنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش شەرىپىگە بىر قانچە قېتىم مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئۇ كىشى ئۆز نۇتقىدا:

«بىز تۈرك نالىلىرى-ئۇيغۇردىن تارالغان بىز. «ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى بۇنىڭدىن 5000 ژىللار ئىلگىرى بۈيۈك بوۋىمىز ئوغۇزخان قويغان، قارلۇق، قىپچاق، قاڭلى ۋە قالاچ دېگەن ئىسىملارنىمۇ ئەشۇ بۈيۈك بوۋىمىز قويغان. ئوغۇزخان بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ بىر مەركەزدىن ئىدارە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇزخان يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ» دېگەن ئىدى. 1946-ژىلى بىزگە «ۋەتەن تارىخىدىن» دەرىس بەرگەن ئۇستازىمىز خەمىت سەيدىيمۇ ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى توغرىلىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ لېكسىيا ئوقۇغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قېدىمىي زامانىدىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىلىق سۆز قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇ فاكتىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەميمىز. تۆۋەند ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى توغرىلىق توختالماقچىمىز.

### 1§. ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى توغرىلىق ئالىملارنىڭ كۆز-قاراشلىرى

ئوغۇزنامە ئېپوسىدا بايان قىلىنىشچە، قېدىمىي زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان ئىسىملىقخاقانى بولغان ئىكەن. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئالاھىدە خىسلەتلىك بالا بولۇپ ئۆسۈپ، چوڭ بولغىچە ئەجايىپ-غەرايىپ ۋاقىئەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئوغۇزخان ئەقىللىك، جۈرئەتلىك، باتۇر ۋە تەدبىرچان خاقان بولغان ئىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ، ئوتتۇرا ئازىيادىكى ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، تۇنجا مىللىي دۆلەتنى قۇرغان. ئاندىن كېيىن خوشنا قەبىلىلەرنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ژۈرۈشلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزلىرىگە بېقىندۇرغان. شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك ئىمپېرىيانى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىكەن. ئەگەر، ئېپوستا ئېيتىلغان موشۇ ۋاقىئەلەرنى تارىخىي چىڭلىق دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ئازىيا تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ چوڭ ۋاقىئە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە بارلىق تارىخچىلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭدەك ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەندىنىمۇ قىزىقتۇرىشى تەبىي.

بىراق، ئوغۇزنامە ئېپوسىنى شەرھىلەش جەھەتتىن ئالىملارنىڭ كۆز-قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. مەسىلەن:

1) ئوغۇزخانىنىڭ ئۆزى زادى كىم؟ ئوغۇزخان دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى قايسى دائىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؟-دېگەن مەسىلىدە بەزى ئالىملار، مەسىلەن ن.يا.بىچۇرىن ۋە باشقىلار:

«ئوغۇزخان بۇئېرامىزدىن III ئەسىر بۇرۇن ياشىغان ھۇن تەڭرىقۇتى مودەخاننىڭ نەق ئۆزى» دېسە، يەنە باشقا ئالىملار، مەسىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن- «ئوغۇزخان» ئۇ ھۇن تەڭرىقۇتى بولۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىككى تارىخىي شەخسنىڭ ياشىغان دەۋرى بىر-بىرىدىن 2700 يىل يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، «ئوغۇزنامىدە» تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلارنىڭ ئىرقىي تىپى «ئارىيان-تۇران» ئىرقىي تىپىدا بولۇپ، ئۇ تىپى مونگولوىد تىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ دىڭلىك، يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار ئىدى. دېمەك، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزخان ئۇ باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ («قەدىمىي مەركىزىي ئازىيا»، 160-بەت).

ئۇ يەنە «ھۇن تەڭرىقۇتى مودەخان ئوتتۇرا ئازىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ ژۈرۈش قىلىپ، ئۇرال دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىتىل (ھازىرقى ۋولگا) دەرياسىغىچە بارغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. دېمەك، بۇ ئىككى شەخسنىڭ بويسۇندۇرغان يەر زېمىنلىرى بىر-بىرىسىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېپوستىكى ئوغۇزخان ھۇن تەڭرىقۇتى مودەخان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر تارىخچى پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام بولسا: «باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان ئۇيغۇر نەسلىنىڭ ھۇن قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ھەم مىلادىدىن ئاۋالقى 174-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دېمەك، ئېپوستىكى ئوغۇزخاندىن ناھايىتى كېيىن ياشىغان باشقا بىر تارىخىي شەخس. ئىككىنچىدىن: باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىدىنمۇ «ئوغۇزنامە» ئېپوسى بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىككىسى تامامەن باشقا دەۋردە ياشىغان ئىككى تارىخىي شەخستۇر» دەيدۇ.

تۈرك تارىخچىسى مۇرات رەمزىي ئەپەندى: «ئۇيغۇر» دېگەن نام مىلادىدىن ئاۋالقى 2850-يىلىمۇ بار ئىدى» دەيدۇ. ئالىمنىڭ موشۇ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مەركەزلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىققىنىغا سەل كام 5000 يىل بولغان بولىدۇ.

تارىخچى ھادى ئاتلاس بولسا «سىبىرىيەت تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا: «ئېپوستىكى ئوغۇزخان ھىجرىيە كالېنداى باشلىنىشتىن 3500 يىل ئىلگىرى ياشىغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ مىلادىيە كالېندارى باشلىنىشتىن 2920 يىل ئىلگىرى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا مىلادىيەدىن كېيىنكى XX ئەسىرنى قوشساق، ېپوستىكى ئوغۇزخان بۇنىڭدىن 49 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان بولۇپ چىقىدۇ. مۇنداق قاراش، ژۇقۇرىدا مۇرات رەمزىي، ئابۇلغازى ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتقان ۋاقتىغا يېقىن كېلىدۇ.

ئەندى، ئوغۇزخان دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى قايسى دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؟ دېگەن مەسىلىدە بەزى ئالىملار، مەسىلەن: «تارىخىي شەجەرەيي تۈركىنىڭ» مۇئەللىپى ئابۇلغازى ئېپوسنىڭ ئۆزىدىكى بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ:


« ئوغۇزخان غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئاۋال تاتارلار بىلەن جورجىتلارنى يەڭدى. ئاندىن كېيىن جەنۇپتىكى خوشنىسى چىنلارنى بويسۇندۇردى. ئۇ زاماندا، چىن بىلەن ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەل بار ئىدى. بۇ ئەلنى تەڭغۇتلار دەپ ئاتاتتى. ئوغۇزخان موشۇ ئەلنى بويسۇندۇرماقچى بولۇپ، ھۇجۇم قىلغان ئىدى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، يېڭىلىپ قالدى. ئارىدىن 17 يىل ئۆتكەندىن كېيىن پىششىق تەييارلىق قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئەلنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇردى. ئۇنىڭ پادىشاسى ئىتبارقاننى ئۆلتۈردى. ئوغۇزخان ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىپ، جەڭچىلىرىنى بىر يىل دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ھەربىي ژۈرۈشنى غەربكە قارىتىپ، تالاس شەھىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. كېيىن ئامۇدەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئۇراسانغا باردى. ئوغۇزخان ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئەجەم بىلەن ئىراقنى، ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمەننى بېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن شامنى پەتھىي قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇزخان ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى ژىراقتىكى مىسىر تېررىتورىياسىگە بېرىپ يەتتى» دەپ ھېكايە قىلىدۇ («تارىخ شەقرەى تۈرك»، قازاقچە نەشرى، 21-بەت).

تارىخچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا: « ئوغۇزخان ئېپوسىدىكى ۋاقىئەلەرنىڭ يۈنىلىشى مىلادىدىن ئىلگەركى 2000-1500 يىللىرى ئارىيانلارنىڭ سىبىرىيەدىن چىقىپ، ئالتاي تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، جەنۇپقا قاراپ ژۈرۈش قىلغان ۋاقىئەلەر بىلەن باغلىق بولۇشۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي ژۈرۈشىنىڭ مارشرۇتى سىبىرىيەدىن باشلىنىپ، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ھىندىستانغىچە بولغان مۇساپىنىڭ مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ» دەيدۇ.

ئوغۇزنامە ئېپوسى ئوتتۇرا ئازىيادە ياشىغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىئاللاردۇر. ئېپوستا ئېيتىلىشىچە، ئوغۇزخان: «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانى بولىمەن» دەپ ئېيتقان يەنە كېلىپ، بۇ كەلىمە ئۆزىنىڭ ئانىسى ئايخاندىن قاغانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مەراسىمىدا، يەنى قۇرۇلتايدا ئېيتىلغان. ئالىملارنىڭ ژۇقۇرىدىكى دەلىل-ئىسپاتلىرىغا ئاساسلىنىپ، بىز «ئوغۇزنامىدە» تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزخان ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت بولماستىن، ئۇنىڭدىن 2700 يىل بۇرۇن ياشىغان باشقا بىر تارىخىي شەخس دەپ خۇلاسە چىقىرىمىز.

ئەندى، ئوغۇزخاننىڭ ئەسلى ۋەتىنى قەيەردە ئىدى؟، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك تارىخچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېپوستا ئېيتىلغان:

«تاغنىڭ چوققىلىرى ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن، تاغنىڭ باغرىدا ئوت-چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى»، دېگەن بايانغا ئاساسلىنىپ، « ئوغۇزخاننىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھازىرقى ئالتاي تېغى ئەتراپى بولسا كېرەك» دەپ تەخمىن قىلىدۇ. ئەگەر موشۇ پىكىرنى ئىلمىي ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق، ئوغۇزخاننىڭ ۋەتىنى نەق ئۇيغۇرستاننىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. ھۇن تەڭرىقۇتى مودەخان بولسا ختاينىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالدىكى رايونلارغا ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئايدىن ئېنىق.
ئەندى ئوغۇزخاننىڭ ئېگەللىگەن يەر-زېمىنلىرى قايسى تېررىتورىيانى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؟ دېگەن مەسىلىدە بىز تارىخچى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆز قاراشلىرى دۇرۇس بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز.




**ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى (مىلادىدىن ئىلگەركى XXIX ئەسىر)**

## قوشۇمچە ماتېرىئال

ھازىرقى زاماندا « ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بىر قانچە خىل ۋارىئانتلىرى بار. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگ پ.پېللىوت (P.Pelliot) ياۋروپانىڭ يەر ئاستى مۇزېيلىرىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى تاپتى. بۇ نۇسخا كام دېگەندە X ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئارسلانخانلىرى زامانىسىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە تېپىلغان نۇسخىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قېدىمكىسى، شۇنىڭدەك ئىسلام نەمەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىردىن-بىر تازا نۇسخىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىلارنىڭ نەزەرىدە بۇ نۇسخىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ژۇقۇرى ھېساپلىنىدۇ. پ.پېللىوت ئېپوسنىڭ موشۇ نۇسخىسىنى ترانسكرىپسىياسى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئالىملار تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، تۈركچە، ئاخىرىدا رۇسچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. بىز ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزنى تولۇق خەۋەردار قىلىش مەخسىتىدە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ موشۇ نۇسخىسىنى قوشۇمچە ماتېرىئال قىلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. مەرھەمەت تونۇشۇپ چىقىڭ.

## ئوغۇزنامە

...كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ، ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇل ئانا كۆكسىدىكى ئوغۇز سۈتىنى بىر قېتىملا ئېمىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەممىدى. ئۇ زۇۋانغا كېلىپ سۆزلىدى. چاپسانلا مېڭىپ، ئۆسۈپ چوڭ ژىگىت بولدى. يېقىن بىر يەردە چوڭ ئورمان بار ئېدى، نۇرغۇن دەريا (مۆرەن) ئېقىنلار (ئۆگۈز) بار ئېدى. بۇ ئورماندا ھەر

خىل ھايۋانلار ۋە قۇشلار ياشاتتى. بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئاسماندىن چۈشكەن نۇرنى كۆردى. نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز تۇراتتى. قىزنىڭ يۈزىدە ياقۇن چىقىرىپ تۇرىدىغان ئاتاشلىك مېڭى بار ئىدى. ئۇ قۇتۇپ يۇلتۇزغا ئوخشاتتى. قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆك تەڭرىسى كۈلەر ئىدى. ئوغۇز خاقان قىزنى ياخشى كۆردى ۋە ئالدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئۇ قىز ھامىلدار بولدى. ئارقا-ئارقىدىن 3 ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇللارغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ ئات قويۇشتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئوغۇز خاقان يەنە ئوغا چىقىپ، بىر كۆلنىڭ ئىچىدە ئۆسكەن دەرەقنى كۆردى. دەرەقنىڭ كاماسىدا بىر قىز ئولتىراتتى. ئوغۇزخان ئۇ قىزنى ياخشى كۆردى ۋە ئالدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئۇ قىزمۇ 3 ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇللارغا كۆك (ئاسمان)، تاغ، دېڭىز دەپ ئات قويۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان چوڭ توي قىلدى. ئەلگە يارلىق چىقاردى. قىرىق شىرە، ئورۇندۇن ياساتقۇزۇپ، تۈرلۈك ئاشلار، سۇرمىلەر، چوباتلار، قىمىزلار تەييارلاتتى. تويدىن كېيىن ئوغۇزخان بەگلەرگە، جاماەتكە مۇنداق يارلىق چىقاردى:

**مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،**
**ئېلىڭلار يا بلەن قالقان.**
**تامغا بولسۇن بىزگە بۇ يان،**
**كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران.**

**تۆمۈر-نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،**
**ئوۋ يېرىدە يۈرسۇن قۇلان**
**تاكى دېڭىز، تاكى مەرەن**
**كۈن تۇغ بولسۇن، كۆك-قورغان!**

ئۇنىڭدى كېيىن ئوغۇزخان تۆرت تەرەپكە يارلىق بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇ يارلىقتا: «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانى بولىمەن. مەن يەرنىڭ تۆرت تەرىپىنىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك»-دېيىلگەن.

ئوغۇزخانغا ئوڭ تەرەپ (جەنۇپ تەرەپتىن) ئالتۇن خاقان ئالتۇن-كۈمۈچ ۋە قىزىل ياقۇتلارنى سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. سول تەرەپتە (شىمال تەرەپ) ئۇرۇم خاقان بار بولۇپ، شەھەرلىرى ۋە چېرىكلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ بويسۇنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان جەڭگە ئاتلاندى. 40 كۈن يول ژۈرۈپ، مۇزتاغ ئېتىكىگە كەلدى. بىر كۈنى سەھەردە ئوغۇزخان تۇرغان چېدىرغا بىر نۇر چۈشتى. نۇرنىڭ ئىچىدىن كۆ تۈكلۈك، كۆك يايلىق بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۆرىگە زاۋان كىرىپ، ئوغۇزخانغا سۆز قىلدى «سەپىرىڭدە مەن يول باشلايمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە ئاتلىق قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭدى. يولدا ئىتىل (ئېدىل) دېگەن بىر چوڭ بىر دەريا بار ئېدى. شۇ دەريانىڭ بويىدا، قاراتاغ ئېتىكىدە ئۇرۇش باشلاندى. ئوق-يا، نەيزە ۋە قىلىچۋازلىق بولدى. ئىتىل سۈيى قانغا بويالدى. ئوغۇزخان يەڭدى ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئۇرۇم خاقاننىڭ ئورسبەك ئاتلىق ئىنىسى بار ئېدى. ئورسبەك ئوغلىنى تاغ بېشىدىكى بىر قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغان ئېدى. ئوغۇزخان قەلئەگە ھۇجۇم قىلغاندا بۇ ئوغۇل نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈچلەرنى سوغا قىلىپ: «سەن مېنىڭ خاقانىم، بۇ شەھەرنى ئاتام ماڭا ياخشى ساقلاشقا تاپشۇرغان. بۇ بىزنىڭ بەختىمىز-سېنىڭمۇ بەختىڭ. مەن دوستلۇقتىن مەڭگۈ چىقمايمەن» دېدى ئوغۇزخان روھلاندى. ئۇ ژىگىتنىڭ شەھەرنى ياخشى ساقلىغانلىغى ۋە قىممەتلىگى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ساقلاپ» دەپ ئات قويدى. ئىتىل چوڭ دەريا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشتە قولۋاق كېرەك بولدى. قوشۇننىڭ ئىچىدە ئۇلۇغوردۇ ئاتلىق بىر بەگ بار ئېدى. قابىلىيەتلىك ئادەم ئېدى. ئۇ ياغاچلارنى كېسىپ، سال ياساپ، قوشۇننى دەريادىن ئۆتكۈزدى. ئوغۇزخان روھلاندى. ئۇنى موشۇ يەرگە قىپچاق بېگى قىلىپ تەيىنلەپ كەتتى. يەنە كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى. بۆرىنى ئەگىشىپ ژۈرۈش قىلدى. بىر كۈنى ئوغۇزخان ياخشى كۆرىدىغان چىپار ئايغىرى قېچىپ كەتتى. شۇ ئەتراپتا چوڭ بىر تاغ بار ئېدى. ئۈستىدە دايىم مۇز قاپلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «مۇزتاغ» دېيىشەتتى. چىپار ئايغىر موشۇ تاققا قاچقان ئېدى. ئوغۇزخاننىڭ جاپا-مەشەقەتتىن قورقمايدىغان بىر قەھرىمان چېرىگى بار ئېدى. ئۇ 9 كۈن دېگەندە ئاتنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. ئوغۇزخان روھلاندى. ئۇنىڭغا «قارلۇق» دەپ ئات قويدى. ئۇنى بۇ يەردىكى بەگلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئىشىگى ئالتۇندىن، تۈڭلۈگى كۈمۈچتىن، تاملىرى تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئۆي كۆرۈندى. بۇ ئۆي قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئېدى. ئوغۇزخان تىمۇر دۇقاغۇل ناملىق چېرىگىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن بۇ يەردە قېلىپ، بۇ ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا خەۋەر قىل»، دەپ يەنە سەپەرگە ماڭدى. كېيىن بۇ چېرىككە «قال-ئاچ» دەپ نام بەردى. ئوغۇز خاقان جورجىت دېگەن ئەلگە كەلدى. جورجىت خاقان ئوغۇز خاقانغا قارشى چىقتى. ئوغۇز خاقان ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى، نۇرغۇن غەنىمەتلەرگە ئېگە بولدى. بۇ ماللارنى بىلىپ كېتىش ئۈچۈن ئاتلار ئازلىق قىلاتتى. چېرىكلەرنىڭ ئىچىدى چوڭقۇر بىلىملىك، قولى ئەپلىك يۇسۇن بىلىك دېگەن كىشى بار ئېدى. ئۇ ياغاچلارنى كېسىپ،

ئېگىپ بىر ھارۋا ياسىدى. ئۇنى كۆرۈپ، ھەممە ئادەم ھەجەپلەندى. شۇنداق ھارۋۇلارنى يەنە ياساشتى. بۇ ھارۋۇلار ماڭغاندا «قاڭق-قاڭق» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. بۇنى كۆرگەن ئوغۇزخان ئۇنىڭغا «قاڭقا» دەپ نام بەردى. ھارۋۇ ياسىغانلارغا «قاڭقىلى» دەپ نام بەردى. يەنە يۈرۈشنىڭ يول باشلىشى بىلەن سىندۇ، تاڭغۇت، شاغام تەرەپلەرگە ئاتلىنىپ بۇ ئەللەرنىمۇ بويسۇندۇردى. ئۇ تەرەپتە باراكا دېگەن بىر جاي بار ئىدى. ئۇ ھەم باي، ھەم ئىسسىق ئەل ئىدى. ئوغۇزخان ئۇلارنىمۇ بويسۇندۇردى. كېيىنچە، ئوغۇزخاننىڭ ئالدىدا ساقاللىرى ئاقارغان، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، يۈزلىرى ئۇزۇنچاق بىر قېرى كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغتۈرك ئىدى.

بىر كۈنى ئوغۇزخان چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈچ ئوقنى كۆردى. ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا سوزۇلغان ئىدى. ئوغۇزخان كۆرگەن چۈشىنى ئۇلۇغتۈرككە سۆزلەپ بەردى ئۇ:

**سېنىڭ ئۆمرۈڭ بولسۇن ئۇزۇن،**
**سەلتەنىتىڭ بولسۇن تۈزۈك.**
**تەڭرى كۆرگەن چۈشۈڭنى كەلتۈرسۇن،**
**كۆپ يەرلەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەردۈرسۇن-دېدى.**

ئوغۇزخان باللىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ:

«كۆڭلۈم ئوۋ ئولاشنى خالاپ تۇرسىمۇ، ئۆزەم قېرىدىم، جاسۇرلۇغۇم يوقالدى. مېنىڭ ئورنۇمغا سىلەر بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىڭلار»، دەپ 3 ئوغلىنى شەرىق تەرەپكە بۇيرىدى. ئۈچ ئوغلى يولدا ياتقان ئالتۇن يانى تېپىپ كەلدى، ئۈچ ئوغلى يولدا ياتقان كۈمۈچ ئوقنى تېپىپ كەلدى. ئوغۇزخان روھلاندى. ئوردا ئالدىغا 40 غۇلاچ موما قاداتتى. ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئالتۇن توخۇ، ئايىغىغا بىر ئاق توشقان قويدۇردى. سول تەرەپكە يەنە 40 غۇلاچ بىر موما قادىتىپ، ئۇنىڭ ياچىغا بىر كۈمۈچ توخۇ، ئايىغىغا قارا توشقان قويدۇردى. ئوڭ تەرەپتە بوز ئوقلار، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتىرىشتى. 40 كېچە-كۈندۈز يېيىشتى، ئىچىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئېگەللىگەن يۇرتلارنى ئوغۇللىرىغا تەخسىم قىلىپ بەردى... (ئېپوسنىڭ تېكستى موشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغان).

**« ئوغۇزنامە» پېپوسدا ئوغۇزخان:**

**«مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،**
**ئېلىڭلار يار بىلەن قالقان.**
**تامغا بولسۇن بىزگە بۇ يان**
**كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران!»** دەپ خىتا قىلغان. دېمەك، ئوغۇزخان موشۇ يارلىغى ئارقىلىق قول ئاستىدىكى بارلىق ئۇرۇق قوۋۇملارنىڭ بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقانلىغىنى، بۇ ئىتتىپاقنىڭ توتېمى قىلىپ كۆك بۆرىنى قوبۇل قىلغانلىغىنى جاكالىغان.

www.uyghurkitap.com

## 7-باپ

## ئوغۇزخان ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دۆلەتلىرى

**-دۆلەت-مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان سەياسىي قالقان. ئۇيغۇرلار موشۇنداق قالغانغا ئېگە بولۇشى كېرەك.**

ئەخمەتجان قاسىمىي

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ئوغۇزخان ئىمپېرىيەسى ئېرامىزدىن ئاۋالقى XXIX ئەسىردە قۇرۇلغان. تۇرانىيە دۆلىتى بولسا، ئېرامىزدىن ئاۋالقى XII ئەسىردە قۇرۇلغان. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئارىلىقىدا 17 ئەسىرلىك ئۇزاق جەريان بار. موشۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مىللىي دۆلىتى بولغانمۇ يوقمۇ؟، دېگەن سوئال ئۆز ئۆزىدىن تۇغۇلىدۇ. مەن موشۇ سوئالغا جاۋاپ تېپىش مەخسىتىدە تارىخىي ماتېرىئاللارغا مۇراجىەت قىلىپ، ئىزدىنىپ كۆردۈم. بۇ ماتېرىئاللاردا ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى قانچە ۋاقىت سەلتەنەت سۈرۈپ، قانداق شارائىتتا پارچىلىنىپ كەتكەنلىگى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە: ئوغۇزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە بۇ ئىمپېرىيەمۇ قېرىغان. ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ھەر قايىسى قەبىلىلەر ئىستىقلال ئېلان قىلىشىپ، ئىمپېرىيە تەركىۋىدىن چىقىپ كېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ بىر پۈتۈن ئىمپېرىيە پارچىلىنىپ، ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇشى مۈمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىلىق تارىخچى ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ «تارىخ شەجەرەي تۈرك» ناملىق كىتاۋىدا:

ئەندى شەرىقتىكى (ھازىرقى موڭغۇلىيا سېرىق دەرىيا بويىدىكى) كۆچۈپ-قونۇپ ياشىغان «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرىگە كەلسەك:

تارىخچى ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەي تۈرك» ناملىق ئەسەرىدە: «ئۇيغۇرلار ئېلىدە بىرىسى «بۇغراتۇ بۇزلۇ»، ئىككىنچىسى «ئۇچقۇنلۇق تەگرىم» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۈيۈك تاغ بار ئېدى. ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاراقۇرۇم ئاتلىق شەھەر بار ئېدى. بۇ شەھەرنى ئۇيغۇر خاقانى سالدۇرغان. بۇ خاقاننىڭ ئىسمى قۇتلۇق خان ئېدى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى 100 ژىلغىچە ئەلنى باشقۇردى. ئۇيغۇرلار ئەينە شۇ يۇرتتا 3000 ژىلە ئەل بولۇپ ياشىغاندىن كېيىن پارچىلىنىپ، ھەر كىمگە ئولجا بولۇپ ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى» دەيدۇ. («تىل، ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى»، 68-بەت). موشۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار بۈنىڭدىن 5100 ژىل بۇرۇن مىللىي دۆلەتنى قۇرغان بولۇپ چىقىدۇ.

بۇمەلۇماتنى مۇەررىخ ئەلائىددىن جۇۋەينى تولۇقلايدۇ. ئۇ «تارىخى جاھان گۇشەي» دېگەن ئەسەرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي شەجەرىسىگە ئاساسلانغاندا، دەسلەپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى باشقۇرغان قۇتلۇقخان دېگەن كىشى بولغان ئېكەن. ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن خەلىق باتۇرلىرى شۇڭقار تېكىن، ئۇلار تېكىن دېگەن كىشىلەر بولغان ئېكەن».


تارىخچى ئىبراھىم نىيازنىڭ «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» ناملىق كىتاۋىدا: «ئون توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان خان ئۆزىنى قاراخان (ئۇلۇق خان) دەپ ئاتىغان» دېگەن بىر جۈملە بار. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتى خانىنىڭ ئىسمى **قۇتلۇقخان** بولۇپ، قاراخان ئۇنىڭ ئۇنۋانى بولسا كېرەك.

تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى ژۇقۇرىدىكى فاكتلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيا تەۋەلىگىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىنى ئىشلەپ چىققان. خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ دۆلەتنىڭ ھۇدۇدى ھازىرقى ئۇيغۇرستان چېگارىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئېكەن. دېمەك، بۇ دۆلەت ئەينى زاماندىكى غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ زىمىنىدا قۇرۇلغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئەندى، موشۇ دەۋىردە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دۆلىتى بولغانمۇ، يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەكم ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئا.ن.بېرنشتامنىڭ يېزىشىچە، «شەرىقتىكى دى (ئون ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى شۇنداق بىر ئېتنىك يادرونى تەشكىل قىلىدىكى، بۇلاردىن مىلادىيەدىن ئاۋالقىXII ئەسىردە جاۋ خانلىغى كېلىپ چىققان» (ئا.ن.بېرنشتام كىتاۋى، 19-بەت). ژۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان جاۋ خانلىغىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى شەرقىي ئۇيغۇرلاردا تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسى سېلىنىڭا دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، جاۋ خانلىغىنى تەشكىل قىلغان ئون ئۇيغۇرلار تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرىسى بولسا كېرەك.

ئەندى غەربىي ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، يەنە شۇ ئوبۇلغازىنىڭ كىتاۋىدا: «قەدىمقى زاماندا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سايلاردا توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى ياشىغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بوستانلىقلاردا ئون ئۇيغۇر قەبىلىسى ياشىغان. بۇ قەبىلىلەر دەسلەپ ئايرىم-ئايرىم بەگلىكلەر بولۇپ ياشىغان. مەلۇم ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى باش قوشۇپ، ئىتتىپاقەن بىر دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە **گۆلئەركىن** دېگەن كىشىنى خان قىلىپ سايلىغان. ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى باش قوشۇپ، ئۇلارمۇ بىر دۆلەتكە بىرلەشكەن. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن **مەنخۇتاي** دېگەن كىشىنى خان قىلىپ كۆتەرگەن. بۇ ئىككى پادىشانىڭ ئەۋلاتلىرى 100 ژىلغىچە ئەلنى باشقۇرغان» دېگەن مەلۇماتلار بار.


موشۇ ژۇقۇرىدىكى فاكتلار ئوغۇزخان ئىمپېرىياسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر دۆلەتلىر توغرىلىق قىسمەن بولسىمۇ، مەلۇمات بېرىدۇ. بىز تۆۋەندە م.ئى.بۇغرا ئەپەندى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى بىرلەشكەندىن كېيىنكى دۆلەت ھۇدۇدىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىسىنى» ئەينەن بېرىۋاتىمىز.




**ئوغۇزخان ئىمپېرىياسىدىن كېيىن قۇرۇلغان بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (مىلادىدىن ئاۋالقى X ئەسىر).**

www.uyghurkitap.com

## 8- باپ
## تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى



تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



**تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭاخان**

قېدىمىي زاماندا قۇرۇلۇپ، ئۇزاق دەۋرلەر ھۆكۈم سۈرگەن، ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان قەدىمىي دۆلەتلىرىمىزنىڭ بىرى تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىدۇر. بۇ باپتا بىز ژىراقتىن قارىغاندا تەگىرىتېغىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى، ئۇنى قۇرغۇچىلار بىلەن باشقۇرغۇچىلار توغرىلىق بايان قىلماقچىمىز.

**ـ تۇرالار مىلادىيەدىن مىڭ ژىللار بۇرۇن شەرىقتىكى بايكال كۆلىدىن غەرىپتىكى ئۇرال تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىنلارغا تارقىلىپ ياشىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان.**

تۇرغۇن ئالماس

## 1§. تۇرالار كىملەر، ئۇلاردا قەيەردە ياشىغان؟

بىز ژۇقارقى باپلاردا ئىپىتقىنىمىزدەك: تەخمىنەن بۇنىڭدىن 9000-8000 ژىللار بۇرۇن تەبىئەتنە يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى ۋە يەر-سۇ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلى، تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار دالاسىدا، شۇنىڭدەك تۇرپان ئويمانلىغى بىلەن ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، تىرىكچىلىك قىلىشقا ۋە چارۋا-مال ئۆستۈرۈشكە قولايلىق ئوتلاقلارنى ئىزدەپ، كۆچۈپ ژۈرۈپ ئىۋرازىيا قىتئەسىنىڭ ھەر تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئىدى.

ئەينە شۇ كۆچ-كۆچ دەۋرىدە تارىم ۋادىسىدىن كۆچۈپ ماڭغان ئەجداتلىرىمىز «ئۇيغۇر» ئاتلىق تۆرىنىڭ باشچىلىغىدا بېشبالىق يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئالغىپ چۈشۈپ، بايكۆل (بايقال) ئەتراپىغا، لىنا دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. كېيىنكى تارىخچىلار ئۇلارنى «شىمالىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشتى.

تۇرپان ۋە بېشبالىق ئەتراپىدىن شەرىققە قاراپ كۆچكەن چەنە بىر قىسىم ئەجداتلىرىمىز بولسا، سېرىق دەرياىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان. يەنە بىر قىسمى ھازىرقى موڭغۇلىيانىڭ شىمالدىكى ئورخۇن، قورلۇق، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەريالىرى بويلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. كېيىنكى تارىخچىلار ئۇلارنى «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشتى.

ئىككىنچى كېتىم، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 5000 ژىللار بۇرۇن تۇرپان ۋە بېشبالىق ئەتراپىدىن شەرىققە قاراپ كۆچكەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىر تارمىغى سېرىق دەرياىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىنى ياقىلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ ئورۇنلاشقان قېرىنداشلىرىغا قوشۇلغان. يەنى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان. يەنە بىر قىسمى كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ)، كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەيلەرگە) بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار تارىختا «جەنۇبىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان.

ئۈچۈنچۈ دولقۇن بۇنىڭدىن 3000 ژىللار بۇرۇن جۇڭغار (يايىق) دالاسىدىن ھەم ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن غەربىي-شىمالغا قاراپ كۆچكەن ئەجداتلىرىمىز ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ مېڭىپ، بىر تارمىغى ئارال كۆلى ئەتراپىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. يەنە بىر تارمىغى غەربىي سىبىرىياگە بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ غەربىي سىبىرىياگە بارغانلىرى شىمالىي ئۇيغۇرلارغا، غەرىپكە بارغانلىرى شىمالىي ئۇيغۇرلارغا، غەرىپكە بارغانلىرى غەربىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلاپ كەتتى.

موشۇ 3 تولقۇم كۆچكەن ئۇيغۇرلار بارغان جايلىرىدا يېرىم مۇنبەت، سۇچى ئەلۋەك كەڭ-تاشا ۋادىلارغا ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەرلەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاۋات ژۇتلارغا ئايلاندۇرۇشتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ژايلارنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ قېلىشتى. تارىخىي دېرەكلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇنىڭدىن 3000 ژىل ئاۋالقى دەۋرگە كەلگەندە ئادەم شالاڭ بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇمۇمىي سانى 30 مىللىون ئەتراپىدا بولغان ئىكەن.

بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار خېلە ئۇزاق زامانلارغىچە قەبىلە-قەبىلە بولۇپ، قەبىلە باشلىقلىرى ياكى ئۆزلىرى سايلىغان ئاقساقاللىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا كىچىك-كىچىك بەگلىكلەر بولۇپ ياشىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا چارۋا-مېلى ئاۋۇدى، ئاھالىدى كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يات-ياتلا خوشنا قەبىلىلەر بىلەن يات تەيىپىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇ سەۋەپتىن بىر-بىرىگە يېقىن قەبىلىلەرنىڭ چارۋا-ماللىرى بىلەن ئوتلاقلىرىنى بىرلىشىپ ھىمايە قىلىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقتى. موشۇ زۆرۈرىيەت ئارقىسىدا، مىلادىيەدىن XII ئەسىر ئاۋال شەرقىي ئۇيغۇرلار ۋە ئەجداتلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى دېموكراتىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاراقورۇم تېغىنىڭ ئېتىگىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئاچتى.

قۇرۇلتايدا قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن ئۇرۇق باشلىقلىرى ئىتتىپاقەن «تۇرا» ئاتلىق سەردارنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلاپ ئېلىشتى.

تارىخچى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا: «قېدىمىي زاماندا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى قۇرۇلتاي ئېچىپ، بىرلەشكە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشقان ھەم دۆلەتنى باشقۇرۇدىغان خاننى سايلاپ ئېلىشقان. موشۇ خانلىق 500 ژىل ياشىغاندىن كېيىن ئەپراسياپ دەۋرى باشلانغان» دەيدۇ. بۇ

مەلۇماتقا قارىغاندا، تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسى ئىبرامىزدىن ئاۋالقى XII ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇپ چىقىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3200 ژىللار بۇرۇن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلىتىنى تەسىس قىلىپ ئىلىشتى. بۇ دۆلەت تارىختا «تۇرانىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ پۇخرالىرى بولسا ئۆزلىرىنى **«تۇرالار»** دەپ ئاتاشتى.
تۇرالار قاراقۇرۇم تىغىنىڭ ئىتىگىدە (چوڭ قۇرۇلتاي ئىچىلغان يەردە) يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنى «قاراقۇچۇ» دەپ ئاتىدى (بۇنىڭ مەناسى «ئۇلۇق شەھەر» دىگەن بولىدۇ) ۋە ئۆزلىرىگە پايتەخت قىلدى. زامانلار ئۆتكەنسىرى بۇ دۆلەت كۆچىيىپ، تېررىتورىياسى كەڭىيىپ شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەرىپتە كاسپىي دىڭىزىغىچە بېرىپ يەتتى.
مىلادىيەدىن ئاۋالقى VII ئەسىردە ئالىپ ئەرتۇڭخاننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوردۇبالىق (ھازىرقى قەشقەر) شەھىرى مەركەز بولدى.
خىتاينىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە تۇرالارنى **«تىلىلەر»** دەپ ئاتىغان. تىلىللارنىڭ يەنى تۇرالارنىڭ تارقالغان جاي ماكانلىرى توغرىلىق «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» «تۇرالار ھەققىدە قىسسەدە» ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:
«تۇرالارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارى غەربىي دېڭىز (كاسپىيدىن) تارتىپ بىپايان دالالار، تاغ ۋە ژىلغىلارغا تارقىلىپ ئولتىراقلاشقان. ئورخون دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۆكە، تۇڭرا، ئوپۇغور، بايىرقۇ، بۆركلى، ئىزگىل، خوغۇرسۇ، ۋە باشقا قەبىلىلەر ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ 20 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىرى بار.
ئىۋىرغۇلنىڭ غەربى كىنگىتىنىڭ شىمالى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا چابىش، بۇرچ، ئىكە، ئوغۇز، كەنكۆن، ئىرتۇش، ئۇتقۇ ۋە باشقا قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ 20 مىڭچە ئەسكىرى بار. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ھەر خىل ئاتالسىمۇ، ژىغىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلىللار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ»ـ دېيىلگەن.
بۇ باياندا تىلىللارنىڭ كاسپىي دېڭىزدىن ھىنگان تىغىغىچە بولغان كەڭ دالالارغا تارقىلىپ ياشىغانلىغى ئېيتىلىش بىلەن بىللە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا قېدىمىي زاماندىن بېرى تۇرالار، يەنى ئۇيغۇرلار ياشىغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.
ئۈرۈمچىدە بېسىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاپتاـ»جۇڭگونىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە دىڭلىڭ، تىلى، دىلى دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان تۇرالار ئەسلىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىدى»ـسەپ تۇرالار ئەسلى ئۇيغۇرلار ئېكەنلىگىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.
تۇرالارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر م.: «قېدىمىي زاماندىكى ئۇيغۇر-ئارىيانلار تىپىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمى مونگولوىد تىپىدىكى ئىنسانلار بىلەن ئۆز ئارا ئىكالىشىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا مىلادىدىن ئىلگەركى 1000-1500 ژىللار ئارىلىغىدا مەركىزىي ئازىيانىڭ ئالتاي-ئىنىسىي زونىلىرىدا يېڭى ئېتنىك گەۋدە، ئىككىلەمچى ئاق جىنىسلىق ئىنسان تۈركۈمى-تۇرانىيلار شەكىللىنىپ چىقتى» دەيدۇ («قېدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، 79-بەت). دېمەك، «تۇرالار» بۇ -شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەشكەندىن كېيىنكى مىللەت نامىدۇر.
تۇرالار قۇلۇق جەمىيەت تۈزۈمىدە ياشاتتى. بىراق ئۇلار يات قەبىلىلەر بىلەن، خوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا، ئەسىرگە ئېلىنغان ئاز سانلىق قۇللارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ بەلگۈلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلار قۇللارنىڭ ئەمگىگىنى ئاساسەن چارۋا بېقىپ ئۆستۈرۈش ئىشلىرىدىلا پايدىلىناتتى. قېدىمىي زاماندىكى رىمغا ئوخشاش پۈتۈن دۆلەت قۇللارنىڭ ئەرىكسىز ئەمگىگى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەس ئىدى.
تۇرانىيە دۆلىتى ئاستا-ئاستا كۈچەيدى. شەرقتىكى ۋە غەرىپتىكى، شىمالدىكى ۋە جەنۇپتىكى ئۇيغۇرلارنى، قىسمەن يات قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، دۆلەت چېگارىسىنى كەڭەيتتى، پۇخرالىرىنى ئاپۇتتى. شۇنداق قىلىپ، تۇرالارنىڭ يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېگانە كۈچلۈك دۆلىتىگە ئايلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، تۇرانىيە-مىللەي دۆلەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇر تىللىق تۇرا قەبىلىلىرى ئىدى. دۆلەت تېررىتورىياسى كېڭەيگەندىن كېيىن بۇ دۆلەتنى بىر مەركەزدىن ئىدارە قىلىش قىيىن بولۇپ قالدى. قاغاننىڭ يارلىغىنى چېگارا رايونلاردىكى ئاقساقال-بەگلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن 20-15 كۈن ۋاقىت كەتكەن. موشۇنداق زۆرۈرىيەتلەت تۈپەيلى بۇ دۆلەت «شەرقىي تۇرانىي»، «غەربىي تۇرانىيە» دەپ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي تۇرانىيەنىڭ دۆلەت چېگارىسى شەرقتىكى ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەرىپتىكى ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. غەربىي تۇرانىيەنىڭ تېررىتورىياسى شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەرىپتە كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان ئىدى. مىلادىدىن 1000 ژىللار مۇقەددەم شەرقىي تۇرالارنىڭ بىر قىسمى چارۋا-مال ئۆستۈرۈشكە ھەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قولايلىق يېڭى يەرلەرنى ئىزدەپ، ئاستا-ئاستا غەرىپكە سۈرۈلۈپ، ئالتاي تىغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇلار ئىرتىش دەرياسىنىڭ بېشىدىن بالقاش كۆلىنىڭ غەربىگىچە ھەتتا سىردەريا بويلىرىغىچە بولغان كەڭ زىمىنلارغا تارقىلىپ ياشىدى.

بۇلار خىتاي مەنبەلىرىدە «غەربىي تۇرالار» دەپ خاتىرلەنگەن. ئەلۋەتتە، تۇرالار كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك خەلىقلەر بار ئىدى. بىراق بۇ تەۋەدە ئاھالى بەك شالاڭ، ئوتلاق، يەر-سۇلار كەڭرى بولغانلىقتىن، كۆچمەن تۇرالار بىلەن يەرلىك خەلىقلەر ئوتتۇرىسىدا يەر-سۇ تالىشىش ماجىرالىرى كېلىپ چىقمىغان دېيىشمۇ بولىدۇ. يەنە بىر سەۋەپ، تۇرالار مەدەنىيەتلىك، ھۈنەرۋەن خەلق بولغاچقا، يەرلىك خەلىقلەرگە مەدەنىيەت ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ تەۋەگە شەرىقتىن كۆچۈپ كەلگەن تۇرالار ئالدى بىلەن كىچىك-كىچىك خانلىقلارنى قۇرۇپ، شۇلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان. كېيىنىرەك ئۆز ئەجداتلىرىنى دوراپ، بۇ خانلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكەن. بۇ دۆلەتتارىختا «ماساغىتلار دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە «غەربىي تۇرانىيە دۆلىتى» ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرغۇن تارىخچى ئالماس «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاۋىدا:

«جۇڭگونىڭ قەدىمىي تارىخچىلىرى «تۇرالار» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنى: دىڭلىڭ، تىلى، دىلى دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «تۇرا» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. بۇ تۇرالار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. شەرقىي تۇرالار ھىنگان تېغى ئەتراپىدىن غەرىپتە ئالتاي تاغلىرىغىچە؛ غەربىي تۇرالار بولسا، ئالتاي تاغلىرىنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان ئىدى»-دەيدۇ.

ماخمۇت قەشقەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە، غەربىي تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ ھۇدۇدى: شەرىقتە تۇرپان ئويمانلىقىدىن تارتىپ، غەرىپتە ئىران چېگارىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتىكەن.

## 2§. تۇرالار ۋە ساقلار

بايقال كۆلى ئەتراپىدا ۋە غەربىي سىبىرىيەدە ياشىغان شىمالىي ئۇيغۇرلار تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ پۇخرالىرى بولغانلىقى ئۈچۈن «تۇرالار» دەپ ئاتالسىمۇ، يەنە ئۆزلىرىنى «ساقلار» دەپمۇ ئاتاشتى. ئەينە شۇ ساقلار تەخمىنەن مىلادىدىن 1000 ژىللار بۇرۇن غەرىپكە ۋە جەنۇپقا قاراپ كۆچكەن، ئۇلار ئاۋال تالاس بويلىرىغا كېلىپ يەرلەشكەن. ئاستا-ئاستا غەرىپكە سۈرۈلۈپ سىردەريا بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان. بىراق ئۇلار پارس تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ جايلاردا خاتىرجەم تۇرالماي، كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. چوڭ ئالامان ئىككى يەنىلىش بويىچە كۆچۈپ ماڭغان. بىرىنچى يۆنىلىشتىكىلەر غەرىپكە قاراپ مېڭىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىنىڭ ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلارنى گرېك ۋە روما تارىخچىلىرى «**سكىفلار**» دەپ ئاتىغان. بۇ سكىفلار شۇ يەردىكى سلاۋيان نەسىللىك خەلىقلەرگە ئارىلىشىپ، ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ سىڭىپ كەتكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن روسسىيانىڭ كۆرنەكلىك ئالىمى، كىنياز ن. ترۇبېسكوي: «بىز رۇسلارغا ئۆزىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە توغرا چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىزدە تۇران ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىغىنى ئىناۋەتكە ئېلىشىمىز، تۇرانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. بىز بولساق ئۆزىمىزدە تۇران ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىغىنى يوشۇرىمىز. مۇنداق يوشۇرۇش ئۆزىمىزنى توغرا تونۇشىمىزغا كاشىلا بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئازىيادىن كۆچكەن ساقلارنىڭ يەنە بىر تارمىغى ھازىرقى ئاۋغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن كەشمىر بىلەن شىمالىي ھىندىستانغىچە كەڭيىگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇ كۆچكەنىچە كۆچۈپ، كۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ۋەتىنى ئۇيغۇرىستانغا قايتىپ كېلىشكەن، ئۇلار ئۇدۇن (خوتەن)، ئوردۇكەنت (قەشقەرلەرگە) كېلىپ ماكانلاشقان. ئەينە شۇ ساقلار بۇ تەۋەدە قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن قايتا قوشۇلغاندىن كېيىن بۇ رايوندا غەربىي تۇرانىيە دۆلىتىنى تەسىس قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشتى ۋە بۇ دۆلەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاپتا بۇ توغرىلىق مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ساقلار مىلادىدىن X ئەسىر ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار يەرلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۇرانىيە دۆلىتىنى قۇردى ۋە ساقلار مەدەنىيەتىنى ياراتتى. خوتەن، مارالبېشى ۋە تۇمشۇق ئاھالىسىنىڭ ئارىسىدا ساقلار تىل شېۋىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى تاھازىرغىچە ساقلانماقتا».

ساقلار – بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئىكەنلىگىدە شۈبھە يوق. ئۇلار ئوتتۇرا ئازىيا بىلەن مەركىزىي ئازىيا رايونىغا تارقىلىپ ياشىغانلىغىمۇ ئېنىق ھەقىقەت. بىراق، ئۇلار قەدىمىي زامان تارىخ مەنبەلىرىدە ھەر خىل ناملار بىلەن خاتىرلەنگەن. مەسىلەن، يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىدىن ئىلگەرىكى425-484 ژىللار) ئۇلارنى «**سكىفلار**» دەپ، ئىران تارىخچىلىرى «**ساقلار**» دەپ ئاتاشقان. خىتاي تارىخچىسى سىما چەن بولسا، ئۇلارنى «**سەيجۇڭ**»، «**سەيۋاڭ**» دەپ ئاتىغان. ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئالىم ۋ.ۋ.بارتولد ژۇقارقى ھەر خىل ناملارنىڭ ھەممىسىنى ژىغىشتۇرۇپ: «بۇ ساقلار «شاھنامىدە» تىلغا ئېلىنغان تۇرالارنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلىقلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دەيدۇ («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 2-كىتاپ، 96-بەت).

«كوشان سەنئىتى» ناملىق كىتاپتا بولسا «ئوتتۇرا ئازىيا ساقلىرى-قەھرىمان تۇرالار ئىدى» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، شەرقىي تۇرانىيە دۆلىتى مىلادىدىن ئاۋالقى 300-1200-يىللار ئارىلىقىدا تەخمىنەن 900 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. غەربىي تۇرانىيە دۆلىتى بولسا، مىلادىدىن ئاۋالقى 1000-يىلدىن 200-يىلغىچە تەخمىنەن 800 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ ئىككى دۆلەت تاكى ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغىچە سۈرۈپ ئۆتكەن.

شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار يۈزلىگەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداشلىق، تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن ئاساسەن بىر خەلق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى «تۇرالار» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان. شۇنى تەكىتلەيمىزكى، تۇرالارنىڭ ئىچىدە **«ئۇيغۇر»** نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر قەبىلە بار ئىدى. بۇ قەبىلە باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرگە قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، داڭلىق قەبىلە ئىدى. دۆلەتنى باشقۇرۇدىغان خانلار كۆپىنچە موشۇ **«ئۇيغۇر»** قەبىلىسىدىن سايلىناتتى. يەنى بۇ دۆلەتكە ئۇيغۇرلار يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئاخىرقى قېتىم شەرقىي تۇرانىيە ئاھالىسى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى **«شۇقانى»** ئۆزلىرىگە خاقان (ئىمپېراتور) قىلىپ سەيلىغان. شۇنداق قىلىپ، تۇرانىيە دۆلىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قارار تاپتى «ئۇيغۇر» بىرلا قەبىلىنىڭ نامى بولماستىن، شۇ دۆلەت تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ، يەنى مىللەتنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى. «تۇرا» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» دېگەن نام قىللىنىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاينىڭ تارىخ مەنبەلىرىدىمۇ V ئەسىردىن باشلاپ «تۇرانىڭ» ئورنىغا «ئۇيغۇر» دەپ يېزىلىدىغان بولغان.

## §3. تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىدارە ئۇسۇلى

تۇرانىيە دۆلىتى بىزدىن يىراق ئۆتمۈشتە قۇرۇلغان بولسىمۇ-دېموكراتىك ئۇسۇلدا تەشكىل قىلىنغان، ئەلنى قانۇنلار ئاساسىدا ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت ئىدى.

بىرىنچىدىن: خاقانلار، خانلار ۋە بەگلەر خەلق (پۇخرالار) تەرىپىدىن سايلاپ قويۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى سايلىغان بۇدۇن (خەلق) ئالدىدا جاۋابكەر دەپ ھىس قىلاتتى. (بۇ ئەڭ كەڭ دېموكراتىيا بولۇپ ھازىرقى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ سايلام تۈزۈمىگە ئوخشايدۇ). ئۇ يەنە: «مەركىزىي ئازىيالىكلەر ئالتۇندەك ساپ دېموكراتلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇت قاغانلىرى تەختكە چىقىش ئالدىدا ئەل-يۇرتنىڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى ئالدىدا بويىنغا ئىپەك ئارقان سېلىپ، ئۇلۇق تەڭرى بىلەن خەلقنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس قۇتنامە بىلەن قەسەم ئىلەتتى. يەنى ئۆزىنى تەڭرى بىلەن خەلقنىڭ ئالدىدا جاۋابكەر سېزەتتى. موشۇ ئارقىلىق شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ ھاكىم مۇتلاق پادىشالىرىدىن زور دەرىجىدە پەرىق قىلاتتى. ھەتتا ئۇلار ھەربىي زۇرۇشلەردە غالىبىيەت قازىنىپ چوڭ-چوڭ ئەللەرنى ئىستىلا قىلغان ۋاقىتلاردىمۇ گېدەرەپ ئۆزىنى-ئۆزى ئۇلۇقلىمىغان. بىزنىڭ تارىخىمىزدا بۇنى دەلىللەيدىغان مىساللار ناھايىتى كۆپ» دەيدۇ (ئابدۇشۈكۈر م، 312-بەت).

ئىككىنچىدىن: دۆلەت ھۆكۈمدارى ھېساپلانغان خاقانلار بىلەن يەرلىك خان ۋە بەگلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگۈلۈك بىر نىزام ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. (بۇ ھازىرقى زاماندىكى فېدېراتىۋ دۆلەت تۈزۈمىگە ئوخشايدۇ).

«تۇرانىيە خاقانلىرى يەرلىك خانلار بىلەن بەگلەرنى شۇنداق بىر يۇكسەك ئىدارە ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرغان ئىدىكى، يەرلىك خانلار بىلەن بەگلەر ئۇلۇق خاقانغا تېگىشلىك باج سېلىغىنى تاپشۇرغان ۋە كېرەك چاغدا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، ئۆز مەملىكىتى ئىچىدىكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئىستىقلال ھالىتىدە ياشاتتى. شۇڭا ئەجداتلىرىمىزنىڭ بۇ خاقانىتىنى ھازىرقى زامان تىلى بىلەن «كومفېدېراسىن دۆلەت» دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن» («ش.ت تارىخى، 47-بەت»).

ئۈچىنچىدىن: بۇ دۆلەت ئەھمىيەتلەرنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ھوقۇق مەنپىيەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلۈك قانۇنلىرى بار ئىدى. جىنايەت قىلغۇچىلار شۇ قانۇنلار بويىچە جاۋابكەرلىككە تارتىلاتتى. بۇ توغرىلىق م.ئى بۇغرا ئەپەندى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بۇ دۆلەتتە جىنايەتچىلەر قىلمىشىغا لايىق جازاغا بۇيرۇلاتتى. مەسىلەن: ئەل-يۇرتىغا خىيانەت قىلماق، ئۇرۇشتا قورقانچاقلىق قىلماق، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە خاتا قىلماق، ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلماق، سالاھىيەتسىز تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىپ زىيانغا ئۇچراتماق، ئادەم ئۆلتۈرمەك، جەڭچىنىڭ باغلاقلىق ئېتىنى ئوغرىلىماق بۇلار ئېغىر گۇنا ھېساپلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇلاتتى.

يېنىك گۇنا قىلغانلارغا يېنىك جازا بېرىلەتتى. قىسقىسى، ھېچ بىر گۇناكار جازاسىز قاماتتى. موشۇنداق قانۇنلارنى قولانغانلىقىغا قارىغاندا، قېدىمىي ئەجداتلىرىمىز دۆلەت ئىچىدىكى پۇخرالارنىڭ تىنىچ ۋە خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» («ش.ت تارىخى»، 21-بەت).

بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى «دېموكراتىك دۆلەت» دەپ ئاتاۋالغان، ئەمەلىياتتا، پۇخرالىرىنىڭ

ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايۋاتقان دۆلەت ئەربابلىرىغا سىلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ!

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، غەربىي تۇرانىيە دۆلىتى تەخمىنەن 800 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. موشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋىردە نەچچە سۇلالىلەر ئالماشقانلىغى، ئۇلارنىڭ بۆزلىگەن ئەۋلاتلىرى ئەل سوراپ ئۆتكەن بولۇشى تەبىي، بىراق خاقانلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغىنى: ئىرامىزدىن ئىلگەركى VI ئەسىردە ياشىغان ئالىپ ئەرتۇڭاخان (ئەپراسىياپتۇر). ئۇنىڭدىن باشقا: پىران، تىران، ئامۇرغ، شۇ كەبى خاقانلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇپ، ئەل سوراپ ئۆتكەنلىگى تارىختىن مەلۇم. شۇنىڭدەك تۇمرىس خاتۇن (ھازىرقى تىلىمىزدا خانىم)، سىياراتار خاتۇن كەبى قەھرىمان ئايال ھۆكۈمدارلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇپ، ئەل سوراپ ئۆتكەنلىگىمۇ مەلۇم.

مانا بۇ فاكتلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز قىدىمىي زامانلاردىلا دۆلەت تۇتۇپ، ئەل سوراپ ئۆتكەنلىگىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىن باشقا ھېچ بىر خەلقتە بولمىغان ئارتۇقچىلارغا ئىگە ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەتتا ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى»فېدېراسون دۆلەت» دەپ ئاتاۋالغان، ئەمەلىياتتا، فېدېراسيا تەركىۋىدىكى مىللەتلەرنى ئېزىۋاتقان، قىرىۋاتقان «مەدەنىيەت مىللەتلىرىگە» سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئىش قىلغانلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**بىز بۇ ئەجداتلىرىمىز بىلەن قانچە پەخىرلەنسەك ھەقلىقمىز، چۈنكى دۇنيادىكى تۇنجا بۈيۈك خاقاناتنى قۇرغانلار، ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك باشقۇرغانلار دەل بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز. دۇنياغا مەدەنىيەت تارقاتقانلارمۇ بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بولغان ئىدى!**



**شۇ خان (مىلادىدىن ئىلگەركى ئەسىر)**

قىسقىسى، تۇرانىيە دۆلىتى تۇنجا قېتىم ئوتتۇرا ئازىيادىكى ئۇيغۇر (تۇران) تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق ئاستىغا بىرىكتۈرگەن مىللىتىمىزنىڭ تۇنجا مىللىي دۆلىتى ئىدى. بىراق، بۇ دۆلەتنىڭ تەركىۋىگە قىسمەن بولسىمۇ غەيرى تەيىپىلەر ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، ئىمپېرىيا دەپمۇ ئاتالغان. بۈيۈك خاقان (ئىمپېراتور) ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ زامانىسىدا راسا كۈچەيگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئالىپ ئەرتۇڭاخاننى بەگلەرنىڭ بېگى دەپ ئاتىغان (بۇ ھازىرقى زاماندىكى گېنېرالىسسىمۇس ئۇنۋانىغا تەڭ). ئۇنى ئاۋغانلار-»بۇقاخان» دېسسە، ئىرانلىقلار -»ئەپراسىياپ» دەپ ئاتىغان. بەزى تارىخچىلار ئالىپ ئەرتۇڭاخاننى: «خاقان «تۇرنىڭ» نەۋرىسى، بېشەكنىڭ ئوغلى ئىدى» دېيىشىدۇ. بىز بىلىمىزكى، **تۇر** مىلادىدىن ئىلگەركى ئەسىردە XII ياشىغان. ئەپراسىياپ بولسا، مىلادىدىن ئىلگەركى VI ئەسىردە (529-584 يىللاردا) ياشىغان. بۇ ئىككى شەخسنىڭ ياشىغان دەۋرى 600 يىل پەرىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەپراسىياپ-تۇرنىڭ نەۋرىسى» دېگەن كۆز قاراش توغرا ئەمەس.

ئۇلۇق ئالىم ماخمۇت قەشقەرىينىڭ خەۋەر قىلىشىچە: ئالىپ ئەرتۇڭخان، يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى تازا، مېۋىسى شەربەت بولغان قەشقەر شەھرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ، ئۇنى «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئۇ

مەملىكەتنى ئاۋات قىلىش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەشقەر تەۋەسىدىكى بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) شەھىرىنى، مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى «مەرۋە» شەھىرىنى، بۇخاراغا يېقىن جايدىكى «يېڭىكەنت» (ھازىرقى سەمەرقەند) شەھىرىنى ئەپراسىياپ سالدۇرغان ئىكەن. يېڭىكەنتنىڭ سېپىل-قورغانلىرى بەكمۇ مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىرانلىقلار ئۇنى روبىندەج (تۇچقورغان) دەپ ئاتىغان ئىكەن.

ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بارمان بىلەن بارسىغانلار ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپىغا ئىككى شەھەر سالدۇرۇپ، بىرسىنىڭ ئېتىنى «بارمان»، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتىنى «بارسىغان» دەپ ئاتىغان (بارسىغان شەھىرى كېيىن بالاساغۇن دەپ ئاتالغان). ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ قىزى قاز خاتۇن (قاز خانىم) مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدا بىر شەھەر سالدۇرۇپ، ئۇنى «قازۋىن» دەپ ئاتىغانلىقى توغرىلىقمۇ مەلۇمات بار.

تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز دەۋرىدە ئازىيادىلا ئەمەس، ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ ئەڭ بۈيۈك ئىمپېرىيە بولغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئاتقا مىنىش ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور ئىپتىخار ۋە قەھرىمانلىقنىڭ مەنبەسى بولدى. ئۇ ھەر بىر جەڭچىنى شەخسىي قەھرىمانلىققا چاقىرىپلا قالماستىن، ئاتلىق قوشۇنى بار مىللەتنى دۇنياۋىي ھۆكۈمرانلىققا چاقىرىدىغان مەنىۋىي كۈچنىڭ مەنبەسىمۇ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن-پۈتۈن خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، بۈيۈك ئىمپېرىيالەرنى تەشكىل قىلغۇچىلار ئەينە شۇ ئاتلىق چەۋەنداز مىللەتلەر بولغان ئىدى» دەيدۇ (كىتاپ، 93-بەت).

### §4. شەرقىي تۇرانىيەنىڭ خىتايلار، غەربىي تۇرانىيەنىڭ ئىرانىيلار بىلەن مۇناسىۋىتى

تارىخىي دېرەكلەرگە ئاساسلانغاندا، موشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋىردە شەرقىي تۇرانىيە دۆلىتى خىتايلار بىلەن، غەربىي تۇرانىيە دۆلىتى بولسا ئىرانلىقلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇرۇشلارنى ژۈرگۈزۈپ تۇرغان.

«شەرىقتىكى خىتايلار بىلەن غەرىپتىكى ئىرانلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تەقەبۇل تۇرۇش ئۈچ ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ باقسىمۇ، پايدىسىز بولۇپ چىقتى. ئۇلار مۇداپىيە ئۈچۈن تاش ۋە كېسەلەردىن بەكمۇ زور توسمىلارنى، مۇستەھكەم سېپىللارنى ياساتتى. لېكىن ئۇيغۇرلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە: «ئۇرە-ئۇر!» دەپ چوقان بىلەن ئۇلارنى بۇزۇپ-تاشلاپ بېسىپ كىرەتتى» دەپ يازغان.

تۇرانىيە دۆلىتى ھەم ئۇنىڭ خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭاخان توغرىلىق ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار توغرىلىق تەپسىلىي مەلۇمات بار. م.ئى. بۇغرا ئەپەندى بۇ مەسىلىگە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ زامانلاردا تۇرانمۇ، ئىرانمۇ ئازىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىدى. شۇڭا بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان. ئىران شاھى نوزەرنىڭ زامانىسىدا، ئەپراسىياپ 40000 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئىران مەملىكىتىگە بېسىپ كىرىپ، ئىراننى پەتھى قىلغان. ئۇ نوزەر شاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى 12 ژىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن ئىراندا ئاچارچىلىق بىلەن ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقتىن، بۇ ئەلنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئىران شاھلىرى زال بىلەن كەيكاۋۇس زامانىسىدىمۇ، ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا كۆپ ۋۇرۇشلار بولغان ئىدى. كەيكاۋۇس ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بىر مەزگىل ئەپراسىياپقا سېلىق تۆلەپمۇ تۇرغان. كېيىن مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، يەنە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى باشلانغان ۋە كۆپ قانلار تۆكۈلگەن. كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىئاۋۇش ئەپراسىياپنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ ئىران تەختىگە شاھ بولۇپ ئولتاردى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 530-ژىلى ئەپراسىياپقا قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ. بىراق، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن كەيخىسراۋ بىر ژىل تەيارلىق قىلىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 529-ژىلى يەنە ئۇرۇش ئاچىدۇ. بۇ ئۇرۇش مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خارەزم ۋىلايىتى تەۋەسىدە بولغان ئىدى. ئىران قوشۇنلىرى تاكتىكا ئىشلىتىپ، ئۇرۇش مەيدانىدا مەغلۇپ بولۇپ، قاچقان بولىدۇ. تۇران قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭاخان ئۆزىمۇ جەڭگە قاتنىشىپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە، قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ مەڭىدۇ. شۇ چاغدا مۆكتۈرمىدە ياتقان ئىران ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن ئوق-يا ئېتىپ، ئالىپ ئەرتۇڭاخانغا تەككۈزىدۇ. خاقان موشۇ جاراھىتىدىن ياخشى بولالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەپراسىياپنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان كەيخىسراۋ تۇرانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۆرەتۆپىگىچە بولغان زىمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋاتىدۇ» («ش.ت. تارىخى»، 30-بەت).

ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ، ئۇنىڭ زامانداشلىرى كۆپلىگەن مەرسىيەلەرنى چىقارغان، بۇ مەرسىيەلەرنىڭ تېكىستلىرى ماخمۇت قەشقەرىنىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتى تۈرك» كىتابى ئارقىلىق بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. مىسال تېرىقىسىدە مەرسىيە قوشاقلىرىدىن بىر نەچچىسىنى كەلتۈرىمىز:

**ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟ بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،**
**يامان دۇنيا قالدىمۇ؟ غەم قايغۇدىن ئاھ ئۇردى.**

پەلەك ئۆچنى ئالدىمۇ؟
ئەندى يۈرەك يېرىلۇر!
يۈزلەر سارغىيىپ سولدى،
غەمدىن باغرى ئۆرتەنۇر.

بۆرىلەردەك هۇۋلاشتى،
ياقا يىرتىپ يىغلاشتى.
ئۆنى پۈتۈپ خىخراشتى،
يىغلاپ كۆزى خىرەلىنۇر.
تەغدىر پۈرسەت كەلتۈردى،
مەخپىي تۇزاق قۇردۇردى،
بەگلەر بىگىنى ئازدۇردى،
قېچىپ قانداق قۇتۇلار؟

موشۇ خىلدىكى مەرسىيە قوشاقلارنىڭ توغۇلۇشى ۋە موشۇ كۆڭگىچە ساقلىنىپ كېلىشىنىڭ ئۆزى ئالىپ ئارتۇڭاخان ھەققەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك خاقانى ھەم سەردارى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتى پۈتۈن مىللەتنىڭ قايغۇسى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ!

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەرجاسىپ خاقان بولغان ئىكەن. شۇ زاماندىمۇ تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئەرجاسىپتىن كېيىن تۇرانىيە دۆلىتىدە ئامۇرغ خاقانلىق قىلغان. ئىرانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا خاقان ئامۇرغ دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئايالى سىياراترا خاتۇن تۇران ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، 300000 ئەرجەڭچى ۋە 200000 ئايال جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان زور قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئىران مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. ئۇرۇشتا كەيخىسراۋ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى سۈلھىي تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئامۇرغ خاقانى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزۇۋالغان.

## سىياراترا خاتۇن (مىلادىدىن ئاۋالقى VI ئەسىر)



بىر ژۇقۇرىدا ماساغىت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاسى تۇمارىس خاتۇن كەيخىسراۋنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانداق جازالىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. موشۇ فاكتلار قېدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاياللارمۇ خاقان بولۇپ، ئەل سوراپ، دۆلەت باشقۇرۇپ ئۆتكەنلىكىنى، ئۇلار ئەقىل-پاراسەتتە، قەھرىمانلىقتا ئەرلەردىن ھېچ قېلىشمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ سىرتىدا شەرقىي تۇرانىيە دۆلىتى خىتاي دۆلىتىنىڭ، غەربىي تۇرانىيە دۆلىتى ئىران دۆلىتىنىڭ تەجاۋۇزلۇق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرغان. موشۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىككى دۆلەت ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاش بولۇپ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغان ۋە بىر مەركەزدىن باشقۇرۇلغان دەۋىرلەرمۇ بولغان ئىدى. دېمەك، تۇرانىيە دۆلىتى ئەمەلىياتتا موشۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر تىللىق (تۇران) خەلقلەرنىڭ ئورتاق دۆلىتى ئىدى. شۇڭا بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بۈيۈك تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ شان-شۆھرىتى بىلەن پەخىرلىنىشكە، ئەلۋەتتە، ھەقلىرى بار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شەرقىي تۇرانىيە بىلەن غەربىي تۇرانىيە دۆلەتلىرى ئەينى زاماندا بىر-بىرىگە يانمۇ-يان خوشنا بولۇپ ياشىغان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۇدۇدى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. موشۇ كەڭ زېمىندا ياشىغان خەلقلەر ھەممىسى دېگىدەك قېدىمىي زاماندىكى ئوغۇزخاننىڭ پۇخرالىرى بولۇپ، ھەممىسى بىر تىلدا، يەنى ئۇيغۇر (تۇران) تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشەتتى. گەرچە ئۇلار «تۇرالار-ساقلار-ماساغىتلار» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، قېرىنداش خەلقلەر ئىدى. بۇ خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىسادىي، سودا سېتىق ۋە مەدەنىي ئالاقىلار ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاستا-ئاستا جۇغىرىلىپ، بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈرم: «ئەگەر مەركىزىي ئازىيادىكى ئەڭ دەسلەپكى مىللەتنى ئاتاش توغرا كەلسە، ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرانلارنى مۆيىيەنلەشتۈرۈ كېرەك. ئۇلار ھۇن خانلىقىدىنمۇ ئىلگىرى كۈچلۈك مىللىي دۆلەت قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ **تۇران** دېگەن نامىنى دۇنياغا تونۇتقان ئىدى» دەيدۇ (كىتاپ، 115-بەت).

دۇنيادىكى ھەممە ئىمپېرىيالەر ئاخىر كېلىپ پارچىلانغىنىغا ئوخشاش تۇرانىيە ئىمپېرىياسىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى.

بۇ يەردە تۇرانىيە دۆلىتى قانداقلارچە پارچىلىنىپ كەتتى؟ بۇ سوئالغا بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، شەرقتە

خىتاي دۆلىتى بىلەن، غەربتە ئىرانىيلار بىلەن بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بۇ دۆلەتنى ئاخىرى ئاجىزلاشتۇردى. ئاندىن قالسا، ئىمپېرىيا تەركىۋىدىكى خان-بەگلەرنىڭ باش-باشتاقلىقى، مەركىزىي هاكىمىيەتنى تولۇق قوللىمىغانلىقى، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى دۆلەتنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ كەلدى. ئاخىرقى بىر سەۋەپ، دۆلەتنى باشقۇرغان خانلارنىڭ ژىراقنى كۆرەلمەسلىكى، سەياسىي قەبىلىيەتسىزلىگىدىن بولدى. بۇ توغرىلىق تارىخچىمىز م.ئى. بۇغرا ئەپەندى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«خاقاناتلارنىڭ تەشكىل تېپىش ۋە تاقىلىپ كېتىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى: ھەر قانداق خاقانات (ئىمپېرىيا) تارىخىي زۆرۈرىيەت ۋە تارىخىي ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. يەنى ئورتاق مەنپىيەتلەرنىڭ تەقازاسى بىلەن ئىچكى شەرت-شارائىتلارنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مۇنداق ئۆزگىرىشكەر دەۋرىدە ھەر قاچان كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق، سەياسەتتە ژىراقنى كۆرەلەيدىغان، شەخسىي مەنپىيەتكە بېرىلمەيدىغان، ئەقىل-پاراسەتلىك، قابىل كىشلەر سەياسىي سەھنىگە چىقىپ، خاقاناتنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەخت ۋارىسلىرىنىڭ كۆپ ئالمىششلىرى نەتىجىسىدە خاقانلىق تەختىگە ئىرادىسىز، ئىقتىدارسىز، تەجرىبىسىز، شەخسىي راھەت-پاراغەتكە بېرىلىدىغان ياش شاھزادىلەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يامان غەرەزلىك، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار ئېگىلەيدۇ. شۇنداق شارائىتتا خان ئەۋلاتلىرى بولغان شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىشى ماجىرالىرى كېلىپ چىقىدۇ. ئىچكى نىزالار تۈپەيلى دۆلەت ئاجىزلىشىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان يەرلىك ئېلىك خانلار بىلەن بەگلەر ئىسيان كۆتىرىدۇ. ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىستىقلال ئېلان قىلىشىدۇ. مانا شۇنداق سەۋەپلەر نەتىجىسىدە، دۆلەت پارچىلىنىپ، ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۈيۈك تۈرانىيە دۆلىتىمۇ ئەينە شۇنداق سەۋەپلەر بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن» («شەرقىي تۈركستان تارىخى»، 47-بەت).

## §5. شەرقىي ۋە غەربىي تۈرالارنىڭ مەدەنىيىتى

ئالىملارنىڭ تەكىتلىشىچە، شەرقىي تۈرالار چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، قىسمەن دېھقانچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار شۇ زامانلاردىلا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرىغا ئېگە بولغان مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى. كېيىنكى ژىللاردا ئارخېئولوگىيا ئالىملىرى تەرىپىدىن ژۈرگۈزۈلگەن قېزىپ تەكشۈرەشلەر نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەجداتلىرىمىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن ماتېرىئاللار تېپىلدى. مەسىلەن، ئالتاينىڭ ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان تۆمۈر-قۇراللار، ساپال قاچىلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا ئارخېئولوگىيالىك تېپىلمىلار.

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلەھەت نۇردۇننىڭ بايان قىلىشىچە:

«ئۈستىگە تېرىدىن تىكىلگەن كىيىم، ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيىش ساقلارنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى ئىدى. مۇنداق ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ئادەمنىڭ قىياپىتى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى ئىسسىك ناھىيەسىدىكى قېدىمىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلدى. خۇددى شۇنداق مىس ھەيكەل 1938-ژىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيەسىدىنمۇ تېپىلدى. بۇ مىس ھەيكەل قۇراللىق ئەسكەرنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، قەددى-قامەتلىك، بېشىغا ئۇچلۇق كەڭگىز قالپاق كىيگەن، ئىككى قولىدا ئىككى شەمشەرنى تۇتۇپ تۇرغان كۆرۈنۈشتە ئىشلەنگەن. ئۇيغۇرستاندىن يەنە ساقلار دەۋرىگە ئائت مىس قۇراللار، مىس ھەيكەللەر، مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ تېپىلمىلارنىڭ ھۈنەر تېخنىكا سەۋىيەسىمۇ خېلە ژۇقۇرى. غەربتە كۆچكەن ساقلار ھازىرقى قىرغىزستان، جەنۇبىي قازاقىستان، ئالتاي، پامىر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە، بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ياقلىرى، چۇ، تالاس دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغىچە تارقىلىپ ياشىغان ئىدى». يەنە بىر تارىخچى، پروفېسسور ئا.ن بېرنشتام بولسا، ئۆز كىتاۋىدا: «تۈرالار-بۇ ئازىيانىڭ سكىفلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە جەڭچىلىك مەدەنىيىتى ژۇقۇرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلىدە بولۇپ، جاراڭسىز تاۋۇشلارنى كۆپىرەك ئىشلەتەتتى» دەپ يازغان.

قېدىمىي زاماندا غەربىي تۈرالار ژۇقۇرى مەدەنىيەتلىك خەلق بولغان. ئۇلار: دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-سېتىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەركىزىي ئازىيانىڭ قېدىمىي ئوچاقلىرىنى تەكشۈرگەن ئارخېئولوگ ۋە مەدەنىيەت تارىخچىسى ئا.ستېين تۈرپان ۋادىسىكى غارلاردا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىي مىراسلارنى تەكشۈرۈپ، موشۇ مەدەنىيەتنى يارىتىشتا ئۇيغۇرلار ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان:

«ئەزەلدىن كۆچمەن بولغان ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئازىيادىكى باشقا ھەر قانداق تۈركىي قەبىلىلەرگە قارىغاندا سىۋىلىزاسىيالىك ھاياتقا خېلە قابىلىيەتلىك بولۇپ چىقتى».

تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا: «تۈران (ساقلار) قېدىمىي زاماندا

گىلگامىش، ماخابخاراتا، ناراد، زارىنا، سپارتىرا، تۇمرىس، شىراق ئوخشاش قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان ئىدى» دەيدۇ («قېدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، 88-بەت).

غەربىي تۇرالارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىلىق تارىخچى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئەپەندى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«غەربىي تۇرانىەدە ياشىغان ئەجداتلىرىمىز مىلادىدىن 1000 ژىل بۇرۇنلا تاش ۋە تۆمۈردىن پايدىلانغانلىقى، ھەتتا خوشنا ئەللەرگە تۆمۈردىن، پولاتتىن ياسالغان سايمان-جابدۇقلارنى سېتىپ، سودا قىلغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭغا قاراپ: «بىزنىڭ خەلقىمىز مىلادىدىن 1000 ژىل بۇرۇنلا تارىخ دەۋرىگە كىرگەن ئىدى» دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز. بىزنىڭ ئەڭ قېدىمىي يېزىغىمىز ئۇمۇمىي كۆچۈش دەۋرىدىن بۇرۇنلا بار ئىدى. كۆچۈپ بارغان ئەجداتلىرىمىز ئارقىلىق چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردە ياشىغان ھومىر بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى IX ئەسىردە ياشىغان ھىسىيود ۋە باشقا يۇنانلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە: «سكىفلار ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت» دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھېرودوتتىن باشلاپ ئۆتكەن يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى «ئىسكىتلار باتۇرلۇقتا پۈتۈن مىللەتلەردىن ئۈستۈن بولغاندەك، ئىلىم ۋە ساناقتىمۇ يۈكسەك سەۋىيەدە بولغان ئىدى» دەپ قەيت قىلىشىدۇ. يەنە موشۇ تارىخچىلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، قېدىمىي زامانلاردىكى ئىران پادىشالىرى ئۆز باللىرىنى (شاھزادىلىرىنى) ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، پايدىلانغانلىقى مەلۇم» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 50-بەت).

تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۇنىڭ تەۋەلىگىدىكى بىپايان دالىلار بىلەن ۋادىلاردا، دەريا بويلىرى بىلەن غوللاردا ئىپتىدايي شەھەرلەر پەيدا بولۇپ، ئاستا-ئاستا گۈللىنىشكە باشلىغان.بۇ شەھەرلەر ئۇمۇمىي جەھەتتىن تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ تەۋەلىرى ھېساپلانسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن بۇرۇنقى شەھەر-دۆلەتلىرىنىڭ ستاتۇسىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. مىسال تىرىقسىدە، شۇ دەۋىردە تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ھازىرقى ئۇيغۇرستاندا مەۋجۇتبولغان شەھەر-دۆلەتلىرىنى ئاتاپ ئۆتەيلى:

لوب-خوتەن يۆنىلىشىدە: لوب-چان، چەرچەن، نىران (نىيە)، ئۇزۇن تات، چىرا، ئۇدۇن (خوتەن) شەھەرلىرى.

يەكەن ۋەتارىمۋادىسىدا: يەكەن، كۆك قۇجۇ، ئودىيانە، تاشقورغان، بالاۋر، سۇلى (كاشغەر)، بارچۇق شەھەرلىرى.

ئاقسۇ-قۇچا يۆنىلىشىدە: ئاقسۇ، ئونسۇ، قوم، كۈسەن (كۇچا) شەھەرلىرى.

يۇلتۇز-باغراش يۆنىلىشىدە: يۇلتۇز، قاراقارمان، ئۈنچى، كىنگىت (چىلاش)، ئۇششاقتال شەھەرلىرى.

تەڭرىتاغىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي يۆنىلىشىدە: قاراقۇچۇ (تۇرپان)، ئىۋىرغۇل (قۇمۇل)، بارىكۆل شەھەرلىرى.

جىمسار-ماناس-ئىلى يۆنىلىشىدە: جىمسار، يۇلچى، ئۇۋسۇن (ئىلىبالىق) شەھەرلىرى بولغان.

دېمەك ئۇيغۇرستاندىكى موشۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مىلادىدىن ئاۋالقى 1000-ژىللاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. تۇرانىيە ئىمپېرىياسىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمىدىمۇ موشۇنىڭغا ئوخشىغان كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى تەبىي. كىتاۋىمىزنىڭ ھەجىمى تار بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئاتاپ ئۆتۈش ھاجەتسىز دەپ ھېساپلىدىم.

## §6. تۇرانىيە (ساقلار) دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەربابلىرى



سۇددۇخارت ساكىيا مۇنى (مىلادىدىن ئاۋالقىVI ئەسىر)

ئۇ مىلادىدىن ئاۋالقى 643-يىلى شىمالىي ھىندىستاندىكى تروراكىت ۋىلايىتىدە كاپىلاۋاستۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاسى سۇددۇ دانخانىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ زېرەك ئەقىللىك بالا بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئوردىدا مەخسۇس ئۇستازلاردىن تەلىم-تەربىيە ئالغان. ئۇ ھەممە باختسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسى-جەمىيەتتىكى تەڭسىزلىك دەپ تونۇلغان. ئادەملەرنى بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان توغرا يولنى ئىزدەپ تېپىشقا بەل باغلىغان. موشۇ مەخسەتتە 29 ياش ۋاقتىدا شاھانە تۇرمۇشىنى ھەم ئائىلىسىنى تاشلاپ «ھەقىقەت ئىزدەشكە» چىقىپ كەتكەن.

موشۇ سەپىرىدە شۇ زامانىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرى، ئەۋلىيالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەن، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىغان. شۇ يوسۇندا 10 يىلدىن ئوشۇق ئىزدەنگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ بۇد (فىكۇس) دەرىجىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالىدۇ. سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزىنى قايناپ ژۇرگەن ھەممە مەسىلىلەرنىڭ جاۋاۋى تېپىلغاندەك ھىسسىياتتا بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزىدىغان يولنى تاپقاندەك كۆڭلى يورۇپ، ئۆزىنى يېڭىلىك ھىس قىلىدۇ. يەنى «بۇددىھالىقا» ئېرىشىدۇ. (بۇدىھا-ئويغانغان، توغرا يولنى تاپقان دېگەن بولىدۇ). ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇددا دىنىمۇ باشقا دىنلارغا ئوخشاش ئۆز ئېتىقاتچىلىرىنى مۆمىن، يۇۋاش بولۇشقا، بىر-بىرىنى بوزەك قىلماسلىققا، ئەزمەسلىككە، ئۆز ئارا مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. كىمكى بۇ تەلەپلەرگە قارشى ئىش قىلسا، ئاخىرەتتە بۇرھان (خۇدا) ئۇنى جازالايدۇ! دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ تەلىمات قۇللۇق جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ يېمىرىلىش دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرى خۇسۇسەن قۇللار بۇ تەلىماتنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. بۇ ئەھۋال بۇددا دىنىنىڭ تېز تارقىلىشىغا سەۋەپچى بولغان. موشۇ دەۋردە ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن ماۋرىيە سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئاشوكا بۇ دىنىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭ تارقىلىشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇددا دىنى ئۇيغۇرستانغا مىلادىدىن ئاۋالقى II-III ئەسىرلەردە تارقالغان. كېيىن ئۇيغۇرستان ئارقىلىق خىتايغا، خىتاي ئارقىلىق كورېيا ۋە ياپونىياگە، شىمالدىكى ماڭغۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئىچىگە تارقالغان. بۇددا دىنى ئۇيغۇرستانغا كەڭ تارقالغان ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇددا تەلىماتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت سىتىلىنى ياراتقان. ئۇيغۇرستاندىكى «مىڭ ئۆيلەر» غەنىئەت گالېرېياسى ۋە سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

## تەجرىبە-ساۋاقلار

موشۇ باپتا بايان قىلىنغان ۋاقىئەلەردىن تۆۋەندىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئېلىشقا بولىدۇ:


1. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىق روھىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. يەنى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە ئىستىقلال بەرمەي، مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىكى تىرىشچانلىق روھىنى ۋە ئەمەلىياتىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

2. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۆلەتنى تەشكىل قىلىش ۋە باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. تۆۋەن-ژۇقۇرىدا بويسۇنىدىغان، ژۇقۇرى تۆۋەننىڭ ھوقۇقلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادىل تۈزۈمنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ-مۇستەبىتلىككە، دىكتاتۇرلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى چارە.

3. دۆلەت باشلىقىنى، خەلق رەھبىرىنى، ئىنقىلاۋىي ئەرباپلىرىنى ئاسرىشىمىز، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ساقلىشىمىز كېرەك. ئەپراسىياپنىڭ ئۆلۈمىدەك ئورۇنسىز قۇرۋانلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەرباپلىرىنى ئاسراپ قالالمىغان خەلق كۆرەشتە مەغلۇپ بولىدۇ. مەغلۇبىيەت بولسا مۇنقەرىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.


4. ئۇلۇغ ئانىمىز سىئاترا خاتۇن، تۇمرىس خاتۇنغا ئوخشاش ۋەتەننى مۇداپىيە قىلىشتەك چوڭ ئىشلاردا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆرەشچانلىق رولىنى جارىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇمۇ دۈشمەننىڭ يېڭىشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى.

5. دۈشمەنگە نىسبەتەن ھەر قاچان ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. دۈشمەننى كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى دۈشمەن ئاجىز بولسىمۇ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ. ئىلان ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ بەرى بىر چېقىۋالىدۇ!




ئىزاھەت: بۇ خەرىتە خىتايدا ئېلان قىلىنغان «قېدىمىي دۇنيا» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى. غەربىي تەرەپتىكى قارا رەڭلىك دائىرە ئىسكەندەر ئىمپېرىياسى زېمىنىنى، شەرىقتىكى قارا رەڭلىك دائىرە خىتاي دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى كۆرستىدۇ. بۇ ئىككى زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شىمالدىكى بىپايان زېمىن تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## 9ـ باپ
## هۇن ئۇيغۇر دۆلىتى



هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى



هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان (ئوغۇزخان)

## §1. هۇنلار زادى كىملەر؟

كىتاۋىمىزنىڭ ژۇقارقى بابىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئەينى زاماندا «تۇرالار» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئەينە شۇ تۇرالارنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا ياشايدىغان بىر قىسمى ئۆزلىرىنى «هۇنلار» دەپ ئاتىشاتتى. هۇنلار ئەسلىدە «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى.

«هۇن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق تارىخچى تۇرغۇن ئالماس:\

«هازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «هۇن» سۆزى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم. چۈنكى قېدىمىي هۇنلار قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. قامان دىنى بويىچە «كۈن تەڭرى» هەممىدىن ئۇلۇق هېساپلىناتتى. شۇڭا قېدىمىي هۇنلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇقلاپ «كۈنلەر» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. كېيىنكى زامانلاردا «كۈن»سۆزى «هۇن» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن دېيىشىدۇ. باشقا تارىخىي مەنبەلەردە بولسا «هۇن» سۆزى ئورخۇن دەرياسىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قېدىمىي زاماندا ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ئەقداتلىرىمىز ئۆزلىرىنى شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن «خۇن ئېلى» دەپ ئاتاشقا ئىكەن. بۇ خىل تەبىرنىڭ قايسىسى توغرا ئىكەنلىگىنى كېسىپ ئېيتىش قىيىن» دەيدۇ.

نېمە بولسا بولسۇن، هۇنلار بۇ ئەينى زاماندا تۇرالار دەپ ئاتالغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئاتاقلىق شەرىق مۇەررىخى جۇۋەينىنىڭ «تارىخ جاهان گۇشەي» دېگەن ئەسەرىدە: «ئورخۇندىن بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان ئوتتۇز دىريانىڭ بويىدا ئوتتۇز قەبىلە ياشاتتى، بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىدى»، دېگەن ئىدى.

خىتاي تارىخچىسى سىما چيان «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرىنىڭ «هۇنلار هەققىدى قىسسە» دېگەن بابىدا: «هۇنلارنىڭ قېدىمىي ئەجدادى–تۇرالار تۇرالارنىڭ ئومۇمىي نامى «خۇجى»، «ۋۇيجى» دەپ ئاتىلىدۇ» دەيدۇ. بىز بىلىمىزكى، بۇ يەردە ئېيتىلغان «خۇجى»، «ۋۇيجى» دېگەن ئاتالمىلار ئۇيغۇر دېگەن ئاتالمىنىڭ ئاهاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. دېمەك، هۇنلارنىڭ ئەجدادى تۇرالار، تۇرالارنىڭ ئەجدادى–ئۇيغۇرلار.

ئۇ يەنە «باتۇر تەڭرىقۇت هۇن تەڭرىقۇتى تۈمەنخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسەبى چۈنۋىدى باشلىنىدۇ. چۈنۋىدىن تۈۋەنگىچە مىڭ ژىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. موشۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا هۇنلار كام دېگەندە 3500 ژىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، هۇنلار بىزنىڭ دەۋرىمىزدىن 8000 ژىل بۇرۇن ۋە 5000 ژىل بۇرۇن شەرىققە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىگى ئايدىن ئېنىق هەقىقەت.

خىتاي تارىخچىسى سىما چەننىڭ «تارىخىي خاتىرلەر» كىتاۋىدا بەرگەن مەلۇمەتلىرىگا ئاساسلانغاندا: قېدىمىي زامانلاردا هۇنلار سېرىق دەريانىڭ ۋادىسىدا خەنزۇلارغا خوشنا بولۇپ ياشىغان ئىكەن. خىتايلارنىڭ ئەپسانەۋىي پادىشاسى «خۇاندى» هۇنلارنىڭ ئەجداتلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى سېرىق دەريانىڭ شىمالىغا قوغلاۋەتكەن ئىكەن. ئەندى خۇاندى بولسا، بۇنىڭدىن 5000 ژىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەنلىگى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ مەلۇمەتتىن

شۇنداق \ئۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ھۇنلار، يەنى شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن سېرىق دەريانىڭ بويلىرىدا ياشىغان. ئۇلار شۇ چاغلاردىمۇ خىتايلار بىلەن ئۇرۇشلارنى قىلىپ ئۆتكەن.

«غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدە» «ھۇنلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ئېگىز ھارۋىلىقلارغا ئوخشاش» ئېكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خۇددى شۇنىڭدەك ھۇنلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپلىكى ھەققىدىمۇ تارىخچىلار ئارىسىدا تالاش-تارتىش يوق.

ھۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا باغلىنىشى توغرىلىق پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«شۇنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى ياكى ھۇنلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك بولغان، ياكى ھۆكۈمران ھۇن ئۇرۇغىنىڭ ھۆزى ئۇيغۇردىن كېلىپ چىققان. بىزچە، موشۇ كېيىنكى تەخمىن ھەقىقەت بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ، ھۇنلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى ئويمۇ-ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا بۇلارنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقاتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى تامامەن ئوخشايدۇ» «ئارخېئولوگىيالىك قېزىلمىلار بىلەن قىيا تاشقا ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر تارىختا تۇرالار، ساقلار، ھۇنلار، تۈركلەر دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر خەلق ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇلا ئەمەس، موشۇ خەلقلەر ياراتقان مەدەنىيەتمۇ تۈپ-ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل مەدەنىيەت ئېكەنلىكىنى ھازىرقى زامان ئىلىم دۇنياسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ» (ئا.ن.بېرنشتام كىتاۋى، 51-بەت).

شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ ھۇن دۆلىتىنى ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دەپ ئاتىشىمىز ۋتۈنلەي توغرا.

تارىخچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىشىچە، چۈنۋىنىڭ زامانىسىدىن مىلادىدىن ئىلگەركى 209-يىلى باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان تەختكە چىقىپ، تۇنجا قۇلدارلىق دۆلەتنى قۇرغۇچى بولغان 1000 يىللىق ئارىلىق ھۇنلار تارىخىنىڭ I دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ھۇنلار ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن قەبىلىلەر دەۋرىگە كۆچۈپ بارغان. ئوغۇزخانىنىڭ تەختكە چىققىنىدىن تارتىپ تاكى بۇ ئىمپېرىيانىڭ يىمىرىلىشىگە قەدەر بولغان ئارىلىق ھۇنلار تارىخىنىڭ II دەۋرىدىن تەشكىل قىلىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئورۇنلاشقان قىسمى مىلادىدىن كېيىنكى II ئەسىردىن باشلاپ، تاكى سۇي، تاڭ سۇلالىرى زامانىسىغىچە سېرىق دەريانىڭ ۋادىسىدا بىر نەچچە فېئودال دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. غەرىپكە كۆچكەن ھۇنلار بولسا، ھازىرقى ۋېنگرىيادە ئولتىراقلىشىپ، رىم ئىمپېرىياسىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇنى ئۇلپان تۆلەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئاخىرىدا رىم ئىمپېرىياسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەنلەر ئاكادېمىياسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخىنىڭ» II تومىدا: «ھۇن قاغانلىقى 24 قەبىلىنىڭ ئىتتىپاقىدىن تەركىپ تاپقان ئوق-ياچى، چەۋەنداز قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتى ئېدى. شۇڭا ئۇنىڭ قاغانلىرى ئىپتىخارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتاشقان» دەپ يازغان.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ھۇنلار باتۇر تەڭرىقۇت مودەخاننىڭ زامانىسىدا بىپايان زېمىنلاردا تارقىلىپ ياشىغان تۇران قەبىلىلىرىنى تۈگەل بىرلەشتۈرگەن مىسلىسىز ئۇلۇق مىللىي دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوشنا ئەللەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بۈيۈك ئىمپېرىيانىمۇ تەشكىل قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تېررىتورىياسى ياپون دېڭىزىدىن ھازار دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، شەرىقتە چىڭشىخۇاڭ تەشكىل قىلغان چىن سۇلالىسىدىن ئىككى ھەسسە كاتتا ئېدى، شۇ زاماندا تەڭدىشى يوق مىسلىسىز بۈيۈك ئىمپېرىيا بولغان ئېدى» («قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 381-380 بەتلەر).

مۇئەللىپ يەنە ھۇن سەلتەنەتىنى «ئىمپېرىيا» دەپ ئاتىماي، «مىللىي دۆلەت» دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىرىنچىدىن، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى ھۇنلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان-تۇرالارنىڭ تېررىتورىياسىدىن ھالقىمىغان. ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىر قىسمىنى ئېگىللىگىنىنى دېيىلسە، بىز بۇ زېمىنلار باشقا خەلقنىڭ يېرىم ئەمەس، قېدىمىي زاماندا خەنزۇلار «كۆي»، «دى»، «زەي» دەپ ئاتىغان قېدىمىي تۇرانلارنىڭ يېرى ئېدى. ھۇنلار ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ئەشۇ يېرىنى قايتۇرۇۋالغان دەپ جاۋاپ بېرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھۇن سەلتەنەتىنى قېدىمىي تۇران قەبىلىلىرىنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىشى ئېدى دەپ قارايمىز» (مەزكۇر كىتاپ، 382-بەت).

«قىسقىسى، 1). بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى ئۆز ئارا بىر-بىرىگە قېرىنداش تۇران تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تېررىتورىياسىدىن ھالقىمىغان.

2). بۇ دۆلەتنىڭ پۇخرالىرى مەدەنىيەت تىپى ھەم ئانتروپولوگىيالىك تىپى جەھەتلەردە تۇرانلىق چەمبىرىدىن ھالقىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۆلەتنىڭ خاقانلىرى ئۆزلىرىنى قاغان (ئىمپېراتور) دەپ ئاتىماي تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇن دۆلىتى تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ».

ئالىملارنىڭ قېدىمقى قەبرە-جەسەتلىرى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى

كۆرسەتتىكى، ھۇن سەتەنەتى دائىرىسىگە كىرگەن ئوق-ياچى، چەۋەنداز قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ۋە ئېتنىك مەنبەسى مەركىزىي ئازىيانىڭ تۇران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلتېكىن .ئابىدىسىدە ھۇن قاغانلىقىنى «ئۇيغۇر قاغانلىقى» دەپ ئاتىغان. ئابىدىنىڭ 2-بېتىدە «دەسلەپكى ئۇيغۇر دۆلىتى 300 يىل مەۋجۇت بولغان. ئۇنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەنت تاغلىرىدا ئىدى. ئىككىنچى ئۇيغۇر دۆلىتى 80 يىل مەۋجۇت بولدى. ئۇنىڭ مەركىزىمۇ ئۆتۈكەنتتە ئىدى. بۇ دۆلەت ناچار قاغانلارنىڭ كاساپىتىدىن چاپسان ھالاك بولدى» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مونغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدا «ھۇنلار-تۇران مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ تۈركىي تىل ئىدى...» دەپ يېزىلغان.

باتۇرا تەڭرىقۇت ئوغۇزخاننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، بۇ دۆلەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەن توققۇز ئۇيغۇرلار «توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. دېمەك، ئۇيغۇر، ئوغۇز دېگەنلەر سىنونىم سۆزلەر بولۇپ، بىر كەلىمىنىڭ ئىككى ۋارىيانتى، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلتېكىن ئابىدەسىدە: «مىنىڭ بۇدۇنۇم (پۇخرالىرىم) ئوغۇزلار ئىدى» دەپ يېزىلغان.

## §2. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىمپېرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى

خىتاي تارىخچىسى سىما چيەن ئۆزىنىڭ كىتاۋىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1786-يىلى ھۇنلارنىڭ دۆلىتى بولغانلىقىنى، بۇ دۆلەتنىڭ تەركىبىگە «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئۇيغۇردىن» تارالغان 200گە يېقىن قەبىلىلەر كىرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ دۆلەت ئون بەش ئەسىر داۋام قىلغاندىن كېيىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرگە كەلگەندە) ئاندىن بۇ دۆلەتكە قاراخان يەنى «ئۇلۇق» خان ئۇنۇۋانلىق تۇمەنخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. دېمەك، موشۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھۇن دۆلىتى مىلادىيىدىن 1800 يىل ئاۋال قۇرۇلغان بولىدۇ.

پروفېسسور مۇھەممەت فۇئات: «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XV ئەسىردىمۇ ھۇنلارنىڭ دۆلىتى بار ئىدى. ئاما ھۇنلارنىڭ سەياسىي سەھنىگە چىقىپ، ھەرىكەت قىلىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە باشلاندى دەيدۇ. ھەقىقەتەن، شۇ زاماندا قۇدرەت تېپىپ، چوڭ-كىچىك 26 خانلىقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، تىنىچ ئوكيانىدىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندا بۈيۈك بىر ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلىنغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ.

مىلادىيىدىن ئاۋالقى 209-يىلىغا كەلگەندە تۇمەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى **مودە** دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ «باتۇر تەڭرىقۇت» ئۇنۇۋانىنى ئالغان ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان، ئۇنى ئۇيغۇرلار **ئوغۇزخان** دەپ ئاتاشقان (مېنىڭچە، ئۇيغۇرلار مودەخاننى ئۆزلىرىنىڭ تۇنجا خاقانى ئوغۇزخانغا تەقلىت قىلىپ، شۇنداق ئاتىغان بولسا كېرەك-**س.ئۇ**). مودەخاننىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيدى، يەنى ئۇ مىلادىيىدىن ئاۋالقى 209-يىلدىن مىلادىيىدىن كېيىنكى 216-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك ھۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ، خۇددى تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئوخشاش، ئۆز دەۋرىدە تەڭدىشى يوق بۈيۈك ئىمپېرىيە بولغان ئىدى. بۇ ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىيىسى: شەرىقتە ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىدىن، غەرىپتە كاسپىي دېڭىزى ۋە ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىغىچە، شىمالدا لېنا، ئېنىسېي دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىدىن، جەنۇپتا خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان ئىدى. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى «تۇمەن بالىق» شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيادىكى ئۇيەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.

ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان ھەربىي ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتىن ئۆز زامانىسىدا تەڭدىشى يوق ھەربىي ئالىم، سەياسىي، دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئەجايىپ تۇيغۇن، دۆلەت تەشكىللىنى مۇستەھكەملەشتە مىسلىسىز تالانت ئىگىسى، جەڭگىۋارلىقتا كارامەت قەھرىمان بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتاتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن 205 يىل بۇرۇن خىتاينىڭ خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلۇق ياۋچىلار (توخارلارنىڭ) ئۈستىگە ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى ۋە ئۇلارنىمۇ بويسۇندۇردى ۋە «خىشى كارىدورىغا» ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

باتۇر تەڭرىقۇت مودەخان-ئۇلۇق ياۋچىلار بىلەن ئۇيسۇنلەرنى بويسۇندۇرۇپ، مىللىي دۆلەتنى تەشكىل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت كۈچ توپلاپ جەنۇپتىكى خوشنىسى خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. ئۇ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان 400000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەييارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى بولغان خىتاي دۆلىتىگە قارشى ھەربىي يۈرۈشلەرنى باشلىدى. دەسلەپكى جەڭدە غالىبە قازىنىپ، خىتاي تەجاۋۇزچىلىرى تۇمەنخاندىن تارتىۋالغان، ئەسلى ھۇن زېمىنى بولغان ئوردۇس يايلىقىنى قايتۇرۇۋالدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 201-يىلى

خەن سۇلالىسى تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىرىپ، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى: شاۋشەن، تەيۈەن، جىڭنەن قاتارلىق ناھىيەلەرنى بېسىۋالدى. مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ليۇباڭ ھۇنلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ، 325000 كىشىلىك خىتاي قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، ھۇنلارغا قارشى ھەربىي ۋۇرۇشنى باشلىدى. بۇنىڭدى خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخان خىللانغان 400000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ھازىرقى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىتىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ جىرالىرىغا بۆكتۈرمىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ليۇباڭنىڭ كېلىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بۇ تۇزىغىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ليۇباڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. سىما چيەننىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، خەن قوشۇنلىرىنى قورشاۋالغان ھۇن قوشۇنلىرى شىمال تەرەپتە قارا ئاتلىقلار، شەرق تەرەپتە كۆك ئاتلىقلار، جەنۇب تەرىپىدە قىزىل-تورۇق ئاتلىقلار، غەرب تەرىپىدە بولسا، ئاق-بوز ئاتلىقلار سەپ تارتىپ تۇرغان ئىكەن. تۆرت تەرەپتىن پۈتۈنلەي قورشاۋغا ئېلىنىپ، تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خىتاي قوشۇنلىرى 7 كېچە-كۈندۈز ئاچ قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان، ئىلاجىسىز قالغان ليۇباڭ ئۆزىنىڭ ۋەزىرى چېڭ پىڭنى ئوغۇزخاننىڭ چوڭ بېكەسى (ئالىچەسىنىڭ) ئالدىغا ئەۋەتىپ، نۇرغۇن ئاتۇنلارنى تەغدىم قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، باش قويۇپ يالۋۇرغان.چوڭ بېكەنىڭ كۈچ چۈقىرىشى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇت بىلەن خىتاي ۋەزىرى چېڭ پىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت ناھايىتى ئېغىر شەرتلەرنى قويغان ئاساستا خىتاي قوشۇنلىرىنى قورشاۋدىن بوشىتىپ بېرىشكە رازى بولغان.

ئىككى ئوتتۇرىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە، خىتاينىڭ خەن سۇلالىسى ھۇن ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىگە بېقىنىدىغان، ئۇنىڭ سىرتىدا، ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا-توگا دۇردۇن، كىمخاپ، ئاشلىق، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئالىي دەرىجىلىك شاراپلارنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان خەن پادىشاسىنىڭ مەلىكە قىزلىرىنى ھۇن تەڭرىقۇتلىرى بىلەن شاھزادىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان. موشۇ شەرتنامىگە بىنائەن خەن پادىشاسى ليۇبان ئۆزىنىڭ ماۋچەن ئاتلىق قىزىنى باتۇر تەڭرىقۇت مودەخانغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن ھەم ئۇنىڭغا مىڭ سەر ئالتۇننى قوشۇپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى تەڭرىقۇتقا، كۈنچىن تەڭرىقۇتقا ۋە باشقىلارغىمۇ خەن ئوردىسىنىڭ مەلىكىلىرىنى سوغا قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرغان. شۇنداق قىلىپ، خان سۇلالىسى ئەمەلىيەتتە ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىگە سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندا دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەڭرىقۇتلىرى خىتاي خۇاڭدىلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتكەندە، ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى–تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، خىتاي خانلىرىنى بولسا، بويسۇنغۇچى خان دېگەن مەنادىكى «تاۋاغاچخان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.

باتۇر تەڭرىقۇت–ئوغۇزخان، خىتايىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن غەرپكە ۋۇرۇش قىلىپ، يەتتىسۇ، ئوتتۇرا ئازىيا ۋە غەربىي ئازىيادىكى كىچىك خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، كاسپىي دېڭىزىنى ياقىلاپ بېرىپ، ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىنلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىنگان تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقتىكى تۇنگۇس تىللىق مانجۇ ۋە موڭغۇل قەبىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، دۆلەت چېگارىسىنى ياپون دېڭىزى ۋە ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىغا يەتكۈزگەن. **شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىياسىنى تەشكىل قىلغان.** بۇ ئىمپېرىيانىڭ ھۇدۇدى ۋۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك: شەرقتە ياۋن دېڭىزى ۋە ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىدىن، غەرپتە كاسپىي دېڭىزى ۋە ئىدىل دەرياسىغىچە، شىمالدا سىبىر تايگىسىدىن، جەنۇپتا خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلى ۋە ئالتۇن تاققىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. موشۇ بىپايان تېررىتورىيادە ياشايدىغان بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن غەيرى تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دۆلەتنىڭ پۇخرالىرى ھېساپلىناتتى. بۇ تەۋەدىكى ئۇششاق خانلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئوغۇزخان تەرىپىدىن زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇلغان، بەزىلىرى ئۆز بىلىغا بولغان ھاكىملىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش مەخسىتىدە ھۇن ئىمپېرىياسىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلغان ئىدى. مەسىلەن، ئوغۇزخان مىلادىدىن ئاۋالقى 198-يىلى ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيسۇن خانلىقىنى مەجبۇرىي بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدىكى باشقا خانلىقلار: ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، لولان، كۇچا، كىنگىت، قۇچۇ، ئوخشاش خانلىقلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوغۇزخانغا ئىتائەت قىلغان.

باتۇر تەڭرىقۇت – ئوغۇزخان مىلادىدىن ئاۋالقى 176-يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن ۋىندىغا يازغان مەكتۇبىدە: «مەن كۈن پېتىش تەرەپتىكى 26 خانلىقنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. شىمالدىكى ئۆلكىلەرمۇ مېنىڭ دۆلىتىم تەركىۋىگە كىردى. ئوق-يا كۆتەرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى»–دەپ يازغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى مىللىي دۆلەت چېگارىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىپېرىيا دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى.

## §3. هۇن ئىمپېرىياسى دەۋرىدىكى سىياسىي-ئىجتىمائىي تۈزۈملەر

### 1). هۇنلارنىڭ جەمىيەت تۈزۈمى:

هۇنلارنىڭ قەبىلەۋىي ئىتتىپاقى دەۋرىدە، ئۇنىڭ پۇخرالىرى قۇللۇق جەمىيەت تۈزۈمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پاترىئارخاللىق تۈزۈمگە قەدەمقويغان ئىدى. ئىمپېرىيانىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، فېئودالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. شۇ زاماندا ئاتنى ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش، شۇنىڭدەك تۆمۈرنى كەشىپ قىلىپ، ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىش هۇن ئىمپېرىياسى تەركىبىدىكى خەلقلەرنى فېئوداللىق جەمىيەت تۈزۈمىگە ئېلىپ كىرگەن ئىدى. (ماددىي مەنبەلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئاتنى قولغا ئۆگىتىشنىڭ ۋەتىنى-مەركىزىي ئازىيا. تۆمۈر ئېرىتىشنىڭ ۋەتىنى-ئالتاي تاغلىرى بولغان ئىدى). جەمىيەتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرى هېساپلانغان بۇ ئىككى ئېلېمېنت هۇن قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا سەكرەپ ئىلگىرلەش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئالتايدىكى پازىرىق قورغىنىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە تېپىلغان ماددىي بۇيۇملار بۇ تەۋەدە ياشىغان كىشىلەر مىلادىدىن ئاۋالقى V ئەسىرلەردىلا ئات مىنىپ، تۆمۈردىن ياسالغان ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللىرى بىلەن ئۇرۇش قۇراللىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. هۇن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە تەڭداشسىز كۈچلۈك ئارمىيا بولغانلىقىنىڭ مۇهىم سەۋەۋى: ئۇلار ئات مىنىشتە چەۋەنداز، تۆمۈر قوراللار بىلەن قوراللانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتىزامچان بولغانلىقىدۇر.

خىتاينىڭ يازما مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تەڭرىقۇتقا بويسۇنىدىغان فېئوداللىق خانلىقلار ۋە بەگلەرگە قارىتا سۈيۈرغاقلىقق تۈزۈمى ژۈرگۈزۈلگەن ئېكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى قۇللىق تۈزۈمدىكى جەمىيەت ئەمەس، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى جەمىيەت ئىدى» دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز. هۇنلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە قارىغاندىمۇ هۇن جەمىيىتى بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك، قۇللۇق تۈزۈمدىكى جەمىيەت بولماستىن، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى جەمىيەت بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

### 2). هۇنلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمى:

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، هۇن ئىمپېرىياسىمۇ تۇرانىيە ئىمپېرىياسىگە ئوخشاش ئەمەلىياتتا، غايەت چوڭ كونفېدېراسون دۆلەت ئىدى. ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن خانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇراتتى. ئىچكى ئىشلاردا پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىدى. پەقەت ئۇلار بويسۇنغۇچى دېگەن مەنادىكى «تاۋغاچخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ خانلار ھەر ژىلى تەڭرىقۇتقا مەلۇم مىقداردا ئۇلپان (سېلىق) تۆلەپ تۇراتتى. ئۇرۇش بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ، تەڭرىقۇت ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. پەقەت تاۋغاچخانلارنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا تەرىقۇت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، نازارەتچى ۋالىلار تۇراتتى، خالاس.

تارىخچى تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاۋىنىڭ 51-بېتىدە: «قان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولغان: تۇرالار، هۇنلار، ئۇلۇق ياۋچىلار، ئۇيسۇنلەر، قاڭلىلار، ساقلار ۋە تۈركلەنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئاز ساندا شەرقتىكى موڭغۇل نەسىللىك خەلقلەر بىلەن غەربتىكى ئىران نەسىللىك خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىپ كېتىشىدىن ھازىرقى زاماندىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، قان قېرىنداشلىقى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان نۇرغۇنلىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېلىپ چىقتى. گەرچە بۇ خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ناملىرىغا ئىگە بولسىمۇ، جېدىمىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى «هۇنلار» دېگەن ئورراق نام بىلەن ئاتىلاتتى» دەيدۇ. دېمەك، بۇ دەۋردە «هۇنلار» بىرلا قەبىلىنىڭ نامى ئەمەس، هۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى تەركىۋىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى بولغان ئىدى. بۇ خۇددى تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پۇخرالىرى ئۆزلىرىنى «تۇرالار» دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش. قىسقىسى، بۇرۇنقى تۇرالار ئەندى هۇنلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

غەربىي ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ تۇرانىيە دۆلىتىنى يوقاتقانلىق ئەمەس، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ پارچىلىنىۋاتقان بۈيۈك تۇرانىيە دۆلىتىنى «هۇن دۆلىتى» دېگەن نام ئاستىدا قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەنىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دېمەك، هۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بېۋاستە داۋامىدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك هۇنلار-تۇرالارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

### 3). هۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي تۈزۈمى:

هۇنلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدە: تەڭرىقۇت دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ژۈرەۋزىشىدە بىر ژۈرۈش قائىدە تۈزۈملىرى بار ئىدى. مەسىلەن، دۆلەت تەختىگە تەرىقۇتنىڭ قېرىندىشى ياكى تۇققانلىرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇنداق تۈزۈم باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخاندىن باشلاپ مۇقۇملاشقان. تۇمەن تەڭرىقۇتتىن كېيىن قانۇنىي جەھەتتىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مودە (ئوغۇزخان) تەڭرىقۇت بولۇشقا ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، ئۇ سۇئىيى توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلغان ئاتىسى تۇمەنخانىنى، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى، ئۆگەي ئانىلىرىنى

ۋە ئۆلاردىن تۇغۇلغان قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، دۆلەت تەختىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالدى. يەنى بۇ قېتىمقى تەخت ئالمىشىش پەۋقۇلاددە شارائىتتا ئۆتتى. بۇ ئەمەلىيات ھۇن دۆلىتىدىكى دېموكراتىك تۈزۈم ئاخىرلىشىپ، يەككە ھۆكۈمرانلىققا ئاساسلانغان مۇستەبىتلىك سەياسىي تۈزۈم ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭمۇ ئىنكاسى بولاتتى.
موشۇ تۈزۈم بويىچە باتۇر تەڭرىقۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى: كىيوك تەڭرىقۇت، ئىلچى تەڭرىقۇت، ئۇۋى تەڭرىقۇت، ئويشلۇر تەڭرىقۇت، قۇلغۇ تەڭرىقۇت قاتارلىق كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن تەختتە ئولتۇرىشتى.

ئوغۇزخان تەڭرىقۇت بولغاندا دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ھامىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى مۇكەممەلەشتۈردى. ئۇ ئەمەلدارلارنى 24 دەرىجىگە بۆلدى، ئۆزىگە قاراشلىق ئەللەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن خانلار بىلەن بەگلەرنى تەيىنلىدى. بۇ تۈزۈم بويىچە تەڭرىقۇت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، غەربىي مەمۇرىي ۋە دىپلوماتىيا جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇقلارنى ئۆز قولىدا تۇتاتتى. (ئەلۋەتتە، ھەر بىر ساھا بويىچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يابغۇ (باش ۋەزىرلەر) بولاتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا ئوڭ قول ۋەزىر سولقول ۋەزىر ۋە باشقا ئەمەلدەرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەلنى باشقۇراتتى).

ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى: دەسلەپتە: (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيادىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىدىكى **تەڭرىبالىق** شەھىرى ئىدى. كېيىن ڭىرخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خوشۇ سايرام كۆلىنىڭ بويىدىكى **ئەجدىھابالىققا** كۆچرىلگەن).

**ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىغى: تۆرت بۇجەكلىك سېرىق رەخت بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا تىمساقىنىڭ سۈرىتى چۈشرىلگەن ئىدى. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىغى بولسا، كۆك ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان كۈننىڭ تەسۋىرى ئىپادىلەنگەن ئىدى.**

باتۇر تەڭرىقۇت ئۆز تېررىتورىيىسىنى تۆرت چوڭ قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇراتتى. دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى بىۋاستە ئۆزى باشقۇراتتى، شەرقىي قىسمىنى سول قول بىلگە خان، غەربىي قىسمىنى ئوڭ قول بىلگە خان باشقۇراتتى. كۈن پېتىشتىكى تەڭرى تاغلىرىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزى بويلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى باتىس خان دەپ ئاتىلىدىغان خانلار باشقۇراتتى. ئادەتتە سول قول بىلگە خان، ئوڭ قول بىلگە خانلار تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇرۇش يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا تەڭرىقۇتتىن تارتىپ ئوردا ئەمەلدارلىرىغىچە ھەممىسى قوشۇنلار بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

**4). ھۇنلارنىڭ قانۇن تۈزۈمى:**

ھۇنلاردا ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ بىر ژۈرۈش قائىدە-تۈزۈملىرى بار ئىدى. شۇ قائىدە-تۈزۈملەر ئارقىلىق ھۆكۈمرانلار تەبەقەسىنىڭ ھوقۇق مەنپىيەتلىرى قوغدىلاتتى. شۇنىڭ بەن بىللە جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش، پۇخرالارنىڭ ھاياتى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىغىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلاتتى. ھۇنلارنىڭ قانۇنى بويىچە:

1. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە، ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزغۇچىلارغا، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزگۈچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.
2. ئېغىر گۇنا قىلغانلارنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، سىزىقچە بەلگۇ قىلىپ قوياتتى.
3. ئوغرىلىق قىلغۇچىلارنىڭ مال-مۈلكىنى تارتۇېلىپ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلاتتى ياكى مۇسادىرە قىلىناتتى.
4. باشقا جىنايەتچىلەرگىمۇ قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، قىلمىشىغا لايىق جازا بېرىلەتتى.

مەسىلەن: يېنىگەرەك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى يالىڭاچلا باغلاپ، تاش پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە دۇمۇلىتاتتى.

5. ھۇنلارنىڭ قاماقخانىسىدا كىشىلەر ئون كۈندىن ئارتۇق ياتماتتى. شۇنىڭدەك تۈرمىدە ياتقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ ناھايىتى ئاز بولاتتى.
6. ژۇقارقىلاردىن باشقا يەنە مۇنداق ئەنئەنىلەرمۇ بار ئىدى. ھەر ژىلى نورۇز بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، تەرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا دىنىڭ مەراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى ژىل داغدۇغىلىق كۈتىۋېلىناتتى. 5-ئايدا ئەجدىھابالىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، دۆلەت ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىناتتى.

**5). ھۇنلارنىڭ دۆلەت كېڭىشى:**

ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تەڭرىقۇتنىڭ ھاكىممۇتلاق ھۆكۈمرانلىقىغا ئاساسلانغان فېئودال مونارخىيالىك دۆلەت بولسىمۇ، قەدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ دېموكراتىك ئەنئەنىلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان ئىدى. ئەينا شۇنداق ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى تەڭرىقۇت تەرىپىدىن چاقىرىلىدىغان دۆلەت كېڭىشى ئىدى. مۇنداق كېڭەش دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان شارائىتتىلا چاقىرىلاتتى. مەسىلەن:

1. تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى تەڭرىقۇت قىلىپ بەلگۈلەش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش بولغاندا.

2. دۆلەتنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە (بىرەر دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى مۇھىم كېلىشىم تۈزۈشكە توغرا كەلگەندە) موشۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن دۆلەت كېڭىشى چاقىرىلاتتى.
بۇلاردىن باشقا ھەر ژىلى 1-ئايدا، 5-ئايدا ھەم 10-ئايدا چاقىرىلىدىغان ئەنئەنىۋىي كېڭەشمىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ كېڭەشمىلەردە ئېھتىلىك مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىناتتى، ئاھالىنىڭ نوپۇس سانى ېنىقلىناتتى ھەم دىنىي مەراسىملار ئۆتكۈزۈلەتتى. موشۇ كېڭەشلەرگە تەڭرىقۇت ئۇردۇسىنىڭ ژۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىلگە خان، باتۇر خانلار بىلەن بەگلەت قاتنىشاتتى. بۇمۇ دۆلەتنىڭ فېئوداللىق خاراكتېردا ئېكەنلىگىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرسى.

**6). ھۇنلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى:**

ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەربىي قوشۇنلىرى ئاساسەن ئاتلىق قوشۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىدا ئەسكەرلەرنىڭ سانى يېرىم ملليونغا يەتكەن ئىدى. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مەملىكەتنىڭ ئىچكى تەرتىۋىنى ساقلاشقا 100000 ئەسكەرنى قادۇرۇپ، قالغان 400000 ئەسكەرنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ چىقاتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ 100000 ساپ قارا ئاتلىقلار، 100000 ئاق-بوز ئاتلىقلار، 100000 كۆك ئاتلىقلار يەنە 100000 قىزىل-توروق ئاتلىقلار ئىدى. بۇ ئەسكەرىي قىسىملار: تۈمەن بېشى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى ۋە ئون بېشىلار ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. تۈمەن بېشىنىڭ ئۈستىدە بولسا خانلار تۇراتتى.
ھۇنلارنىڭ ھەربىي بايرىغى كۆك ئاسماندا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن بايراق ئىدى.
ھۇن ئەسكەرلىرى جەڭلەردە باتۇر، جاپاغا چىدامىلىق ھەم ئىنتىزامچان قوشۇن ئىدى. ئۇلار ئۈستىلىرىگە تۆمۈر ساۋۇت (زەنجىر چاپان)، بېشىغا دوبۇلغا (تۆمۈر قالپاق) كىيىشەتتى، ئۇلار نەيزە، ئەگرى قىلىچ قالقان ۋە ئوق-يالار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ھۇن ئوغۇللىرى ئات مىنىشنى، ھەربىي مەشىقنى، ھەربىي خىزمەتكە بارماستىن بۇرۇن، بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆگىنەتتى. ئۇلار ھەربىي مەشىقنى ياخشى كۆرەتتى، باتۇرلۇقنى قەدىرلەتتى. تارىخچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، «ھۇنلار ئات مىنىشكە، ئوق-يا ئېتىشكە ماھىر كېلەتتى. ھۇن باللىرى 6-5 يېشىدىلا قويلارغا مىنىۋېلىپ، ئوق-يا ئېتىشنى مەشىق قىلاتتى. ھۇنلار ھايۋانلار ئىچىدە يولۋاسنى، قۇشلارنىڭ ئىچىدە بۈركۈتنى قەدىرلەتتى ۋە توتېم قىلاتتى. بۇ ھۇنلارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىي كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك».
ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي سۈپىتى توغرىلىق خەن دەۋرىدە ياشىغان سەياسىي ئەنشارچى جاۋسۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:
«ھۇن ئاتلىقلىرى بوراندەك بېسىپ كېلىدۇ، قۇيۇندەك تېز غايىپ بولىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئۇلارغا يېتىشمەيدۇ، ھەتتا قارىسىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ»، دەپ يازغان ئىدى.

**7). ھۇن ئىمپېرىياسى دەۋرىدىكى ئىختىسات:**

ھۇنلارنىڭ ئىختىسادى تۈرمىشىدا: چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-تىجارەت ۋە ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت 5 ساھا بار ئىدى. چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي بايلىغى بولۇپ ئاھالىنىڭ كۆپچىلىگى چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاساسەن: ئات، كالا، قوي، ئۆشكە ۋە تۆگە قاتارلىق ماللارنى ئۆستۈرەتتى. شەرىقتىكى قىدىرخان تاغلىرىدىن تارتىپ غەرىپتىكى ئۇرال تاغلىرىغىچە بولغان بېپايان زېمىندا يۈزلىگەن ياپ-يېشىل يايلاقلار، ئۈچ-چېكى يوق ئوتلاقلار بار بولۇپ، بۇ كەڭلىكلەردە مىللىونلىغان ئاتلار، نەچچە ئون مىللىونلىغان كاللار، تۆگىلەر ھېساپسىز جىق قوي-ئۆشكىلەر كەڭ دالانى قاپلىغان بۇلۇتلاردەك يامراپ ژۈرۈشەتتى. ھۇنلارنىڭ مەىشتى ئاساسەن چارۋا-مالدىن كېلەتتى. يەنە ئۇلار مالنىڭ گۆشىنى يەتتى، سۈت-قىمىزىنى ئىچەتتى، ژۇڭگۇنى ژىپ ئېگىرىپ، رەخت توقۇپ كىيىم قىلىپ كىيەتتى. پالاس، گىلەملەرنى توقاتتى، قوينىڭ ژۇڭگۇدىن كىگىزلەرنى بېسىپ چىرايلىق شىرداقلارنى ياساپ، تۇرمۇشتا پايدىلىناتتى. كىگىزدىن چېدىرلارنى تىكەتتى. تېرىدىن كۆن، بۇلغارلارنى ئىشلەپ، ئۆتۈك تىكىپ كىيىشەتتى. ئات-ھارۋۇ جابدۇقلىرىنى تەييارلاتتى.
ھۇنلار ئىختىسادىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ساھاسى-دېخانچىلىق ئىدى. دېخانچىلىق مەخسۇلاتلىرى ئاھالى ئوزۇق-تۈلۈگىنىڭ تەڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭا ھۇنلار زىراەت تېرىپ، ئاشلىق ئېلىشقا چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلار ئۆزلىرى ئازدۇ-تولا ئاشلىق تەرگەندىن تاشقىرى دېخانچىلىق رايونى ھېساپلانغان يەتتىسۇ، تارىم ۋە پەرغانە ۋادىلىرىدىن ئاشلىق ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىم ۋادىسى «ھۇنلارنىڭ ئاشلىق سېڭى»-دەپ ئاتالغان ئىدى. تارىم، پەرغانە ۋادىلىرىدا ئاشلىق تېرىپ، دېخانچىلىق قىلىش كەسپى قېدىمىي زامانلاردىن باشلانغان. كام دېگەندە 7000 ژىللىق تارىخقا ئېگە ئىدى.
ئوۋچىلىق ھۇنلارنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئاتا كەسپى ئىدى. ھۇنلار: تەڭرىقۇتتىن ئاددىي جەڭچىگىچە، قېرىلاردىن كىچىك باللارغىچە بوش ۋاقىتلاردا تاغلارغا، جاڭگاللىقلارغا بېرىپ، تۈرلۈك ھايۋانلارنى، قۇشلارنى، بېلىقلارنى ئولاشنى ياخشى كۆرەتتى. ھۇنلارنىڭ قارىشىچە، ئوۋچىلىق قىلىش پەقەت كېرەكلىك نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەس، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ھەربىي مەشىق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى.

ھۇنلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بەك تەرەققىي تاپقان ئىدى. ئۇلار مىلادىدىن ئاۋالقى VII ئەسىردىن تارتىپلا مېتاللى ئېرىتىپ، تۆمۈردىن ۋە مىستىن تۇرمۇشقا ۋە ھەربىي ئىشلارغا كېرەكلىك سايمان-جابدۇقلارنى ئىشلەشنى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. ئالتۇن ۋە كۈمۈچتىن نەپىس زىنەت بۇيۇملىرىنى ياساپ، ئۆزلىرى كەڭ پايدىلانغان. ھۇنلار مېتاللىدىن ياسالغان قۇرال-سايمان، جابدۇقلارنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈچتىن ئىشلەنگەن زىنەت بۇيۇملىرىنى خوشنا ئەللەرگە ئاپىرىپ، سودا-سېتىقمۇ قىلىشقان. ھۇنلار شەرىق بىلەن غەربىي ئوتتۇرىسىدىكى سودا يوللىرىنى ئىگەللەپ ئۆز قوللىرىدا تۇتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرىقتە خىتاي دۆلىتى بىلەن غەربتە ئىران، ئەرەب ۋە يۇنانىستان بىلەن جەنۇپتا ھىندىستان بىلەن كەڭ دائىرىدە سودا ئالاقىسىنى يولغا قويغان. مۇنداق سودا ئالاقىلىرى دەسلەپتە «ئالتۇن يولى» دەپ ئاتالغان يول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. كېيىنكى زامانلاردىكى «ئىپەك يولىنىڭ» ھۇلى مانا شۇ زاماندا سېلىنغان ئىدى. مۇنداق سودا ئالاقىسى يالغۇز ئىختىسادىي جەھەتتىن تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

**8). ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت:**

ھۇنلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار توپىغا كىرىدۇ. مىلادىنىڭ VI ئەسىردە ياشىغان خىتاي تارىخچىسى ۋېي شۇ: «ئېگىز ھارۋۇلۇقلارنىڭ تىلى بىلەن ھۇنلارنىڭ تىلى بىر-بىرىگە ئوخشاشلا، بەزىدە ئازىراق پەرىقمۇ قىلىدۇ» ـدەپ يازغان. بۇ يەردە «ئازىراق پەرىق قىلىدۇ»ـدېگىنى مەھەللىي شىۋە پەرقىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئېۋروپا ئالىملىرىمۇ ھۇنلارنىڭ تىلى: ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقىنى تەستىقلەيدۇ. (بۇ ئەسلى ئۇيغۇر تىلى، كېيىنىرەك تۇران تىلى بولۇپ، خاتا ھالدا «تۈركىي تىل» دەپ ئاتىلىشۋاتىدۇ). ھۇنلار مىلادىدىن V ئەسىر بۇرۇنلا ئېنىسېي-ئۇيغىر يېزىقىنى قوللانغان ئىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 192-ژىلى خەن قىرالىچەسى (ئايال پادىشاسى) لىيۇخا مىلادىدىن بۇرۇنقى 176-ژىلى يەن چىندىغا يازغان مەكتۇپلىرى، كىيەك تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 162-ژىلىشاۋ ۋىندىغان يازغان مەكتۇپلىرى ھۇنلارنىڭ ئۆز يېزىغادا يېزىلغان ئىدى.

ھۇنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىققان ۋە .ەمەلدە قوللانغان. ژۇقارقىلاردىن باشقا ئەدەبىيات، مۇزىكا، رەسساملىق، نەققاشلىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىمۇ ئۆز زامانىسىغا يارىشا خېلە دەرىجە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان فاكتلار يېتەرلىك. ھۇنلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن تىبابەتچىلىك ماھارىتى خوشنا ئەللەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان يازما ھۆججەتلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ھۇنلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى (شامان دىنى قامان دىنى دەپمۇ ئاتىلاتتى) بۇ كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ھۇنلار كۆك ئاسمانغا، كۈنگە، ئايغا ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ تېۋىناتتى. مىنداق ئېتىقات ھۇنلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگىمۇ سىڭگەن ئىدى. مەسىلەن، ھۇنلار كۈننى ھەممىدىن ئۇلۇغ دەپ ھېساپلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئاچاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىقىۋاتقان كۈنگە قاراپ، تازىم قىلىپ تېۋىناتتى. ژىغىپ ئېيتقاندا، ھۇنلار ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەنىۋىي مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن شۇ دەۋىردىكى ھەر قانداق خەلقلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى-دەپ ئېيتىشقا تولۇق ئاساسىمىز بار. ھۇنلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار تېپىلدى:

«ئىچكى موڭغۇلىيادىكى يىخجو ئايمىغىنىڭ خانفىڭ خوشۇنىدىكىئارۇساي دېگەن يەردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىچىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈچتىن ئىشلەنگەن 233 دانە زىنەت بۇيۇملىرى بار. بۇلار مىلادىدىن بۇرۇقى V ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، پەرەز قىلىنىشچە، ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن ھۇن ئاقسۆيەكلىرىنىڭ زىنەت بۇيۇملىرى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدە بۆركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاج بىلەن ،ئالتۇن كەمەرلەر بار. بۇلار ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ تاجى بىلەن كەمەرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن، كۈمۈچتىن ئىشلەنگەن يولۋاس بىلەن كالىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن زىنەت بۇيۇملىرىمۇ بار. ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئىشت، كالا، قوي، ئاتلىرىنىڭ رەسىملىرى، چۈشىرىلگەن زىنەت بۇيۇملىرىمۇ بار. بۇ بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس، ماھىرلىق بىلەن ئىشلەنگەن. مانا شۇتېپىلمىلار ھۇنلار دەۋرىنىڭ تۇرمۇش-مەىشىتىنى ھەم مەدەنىيىتىنى ئېپادىلەيدىغان ماددىي دەلىللەردۇر.

## §4. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بىز ژۇقۇرىدا «بەيدىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن كېيىن خىتاينىڭ خەن دۆلىتى ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئۇلپان تۆلەيدىغان بېقىندا دۆلەت ھالىغا چۈشۈپ قالدى» دېگەن ئىدۇق.

ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن خىتاي خۇاڭدىلىرە ھۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش، كۈچى يەتسە، ئۇلارنىڭ تېررىتورىياسىنى بېسىۋېلىش مەخسىتىدە، ھەربىي، سەياسىي، ئىختىسادىي جەھەتلەردىن ئۇزاق ژىلار پۇختا

تەييارلىق كۆردى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن ۋۇدى مىلادىدىن بۇرۇنقى 138-ژىلى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەجرىبىلىك سەياسەتچىلىرى، دىپلوماتلىرى، ھەربىي ستراتېگلىرىنى ئوردىغا ژىغىپ، ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ستراتېگىيالىك پلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. خىتاي پادىشالىرىنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر ژۈرۈش ئەنئەنىۋي ستراتېگىياسى بار ئىدى. بۇ ستراتېگىيانىڭ قائىدىسى:

«ژىراقتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يېقىندىكى دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىش. كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش. ئاندىن كېيىن ئاجىزلىرىنى كۈچلىكلىرىگە قارشى قويۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش، كېيىن بولسا، قالغانلىرىنىمۇ بىر-بىرلەپ يوقىتىش»-دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

خەن ۋۇدىنىڭ مەسلىھەتچىسى **چاۋ سۇ:** «مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن بەدەۋىيلەرنىڭ قولى بىلەن بەدەۋىيلەرنى يوقىتىش جۇڭگو ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەدبىر» دېگەن. خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن موشۇ ستراتېگىيانى قوللىنىشنى قارار قىلدى. ئاندىن كېيىن موشۇ پىلان بويىچە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تەدبىرلەر تۈزۈلدى. خەن سۇلالىسى ئالدى بىلەن ھۇن ئىمپېرىياسى تەركىۋىگە كىرگەن غەربتىكى خانلىقلارنى ھۇنلاردىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدۇرۇش مەخسىتىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138-ژىلى جاڭ چيەن ئاتلىق بىر جاسۇسنى نۇرغۇنلىغان سوغا-سالاملار بىلەن يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ھەمرا قىلىپ، ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بەگلىكلەرگە «ئەلچى» قىلىپ ئەۋەتتى. غەربكە قاراپ يول ئالغان جاڭ چيەن ھۇنلار تېررىتورىياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ھۇن چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. ئۇ 10 ژىلدىن كېيىن ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەزەربەنتلىكتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئۆزى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۇلۇق ياۋچىلار (تۇخارلار) ئېلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ زاماندا تۇخارلار سىردەريا بويلىرىغا ماكانلاشقان ئىدى. جاڭ چيەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، پامىر تاغلىرىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ، دىپلوماتىك پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلۇق ياۋچىلارنىڭ يېرىغا كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇلۇق ياۋچىلارنىڭ خانلىق مەركىزى ئامۇدەرياسىنىڭ تارماق ئېقىمى بويىدىكى خىۋە شەھىرى ئىدى (ئۇلۇق ياۋچىلار ئەسلىدە، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ «خىشى كارىدورىدا» ياشايدىغان قەبىلە ئىدى. ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن غەربكە قوغلىۋېتىلگەن ئىدى). جاڭ چيەن ئەينە شۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇق ياۋچىلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشقا كۆندۈرمەكچى بولدى. بىراق ھۇلۇق ياۋچىلارنىڭ خانى ھۇنلار بىلەن قايتا دۈشمەنلەشمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ، جاڭ چيەننىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدى. جاي چيەن ھۇن دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇلۇق ياۋچىلار ئېلىدا ۋە باشقا بەگلىكلەردە بىر ژىلدەك تۇرۇپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھۇنلارغا قارشى ئاتلاندۇرۇش مەخسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 126-ژىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. جاي چيەن موشۇ سەپىرىدە ئۆزىگە ژۈكلەنگەن سەياسىي ۋەزىپىنى ئورۇنلالمىغان بولسىمۇ، غەربتىكى بەگلىكلەرنىڭ تەبىي شارائىتى، ئىختىسادىي ئەھۋالى، شەھەر-يېزىلىرى، ئاھالىسى، ھەربىي كۈچى، ئۆرپى-ئادەت، مۇجەز-خۇلقى توغرىلىق قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بىلىپ قايتقان ئىدى. ئۇ ئۆز پادىشاسىغا ژۇقارقى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى، خۇسۇسەن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ خانى راغۇمى (مەرگەن چاپىمىر) مال-دۇنياغا ئامراق، خوتۇنپەرەس بىر نېمە بىكەنلىگىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

جاي چيەندىن بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلىغان خەنۋۇدىنىڭ كۆڭلىدە ئۇيسۇننىڭ خانىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ھۇن تەڭرىقۇتىغا قارشى ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە پايدىلىنىش خاھىشى پەيدا بولدى. موشۇ مەخسەتتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 119-ژىلى خەنۋۇدا جاي چيەن باشلىق 300 كىشىلىك «ئەلچىلەر ئۆمۈگىنى» قىممىتى يۈز مىلليون كېلىدىغان ئېسىل كىمخاپ، توگە-دۇردۇن ۋە باشقا «سوغا-سالاملار> بىلەن تەمىنلەپ، غەربتىكى ئەللەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئەۋەتتى. **بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەخسىتى، موشۇ سوشا-سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ بېرىش (توغرىسى سېتىۋېلىش) شۇنىڭدەك خەن مەلىكىلىرىنى سوغات قىلىپ بېرىش (توغرىسى ئالداش) ئارقىلىق ئۇيسۇن ئېلىنى ھۇن ئىتتىپاقىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.** بەزى ماتېرىئاللاردا كۆرسىتىشىچە، ئۇيسۇن خانى راغۇمى جاي چيەن ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالاملارنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىۋالغان. جاي چيەن ئۆزىنىڭ ئۆمىگىدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنى «سودىگەر، ئەلچى» دېگەن نىقاپ بىلەن ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى «پەرغانە، قاڭلى، ئۇلۇق ياۋچى، باكترىيا، ئىران ۋە ئالان قاتارلىق ئەللەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سەياسىي، ئىختىسادىي ۋە ھەربىي ئەھۋالى توغرىلىق مەخپىيەتلەرنى ئوغرىلىغان، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئېلىپ، مىلادىدىن بۇرۇقنى 114-ژىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن. جاي چيەننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چاغدا ئۇيسۇن ئېلىنىڭ خانى 60 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى تەيىنلەش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ئىكەن.

شۇ سەۋەپتىن ئاساسىي مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش خاھىشى بارلىقىنى يوشۇرمىغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جەن ۋۇدى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالماقچى بولۇپ، بىر مەلىكىنىڭ قالىندىغى ئۈچۈن خەن سۇلالىسىغا 4000 باش ئات ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. 4000 باش ئاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاڭدۇ ۋاڭىنىڭ قىزى شىجۈنگە «مەلىكە» دېگەن نامنى بېرىپ، مىلادىدىن ئىلگەركى 105-ژىلى 100 كىشىدىن ئارتۇق «يەڭگە»، «مەسلىھەتچى»، خىزمەتكارلىرى بىلەن ئۇيسۇن ئېلىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. راغۇمى شىجۈننى ئۆز ئەمرىگە ئالغان. بىراق، ئۆزى قېرىپ كەتكەن بولغانلىقتىن، مەلۇم ۋەقتتىن كېيىن نەۋرىسى قۇنشۇمىغا چېتىپ قويغان. مەلىكە شىجۈن ئۆز پادىشاسىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئورۇنلاپ، ئاۋال راغۇمىغا، كېيىن راغۇمىنىڭ نەۋرىسى قۇنشۇمىغا تېگىپ، ئۇلارنى خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماقۇل قىلغان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي شىجۈن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەنۋۇدى بۇ ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مىلادىدىن 100 ژىل بۇرۇن ئۆز تۇققىنىنىڭ جيەيۇي ئاتلىق قىزىنى ئۇيسۇ پادىشاسىغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن. جيەيۇينىڭ يەڭگىسى دېگەن نىقاپ بىلەن پىڭ لياۋ ئىسىملىق ئايال جاسۇسىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن. جيەيۇيمۇ ئۆز پادىشادىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇيسۇن خانى قۇنشۇمىغا، قۇنشۇمى ئۆلەنگەندىن كېيىن يېڭى خان ئۇنغۇمىغا ياتلىق بولغان. ئۇنغۇمىدىن 3 ئوغۇل، 2 قىز پەرزەنت كۆرگەن. خەنۋۇدىنىڭ موشۇ تىرىشچانلىقلىرى بېكارغا كەتمىدى، ئۇ ئۇيسۇن ئېلىنى ھۇنلار ئىتتىپاقىدىن ئاجرىتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغاھۇجۇم قىلىشقا ماقۇل كەلتۈردى. موشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن خەن پادىشاسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 71-ژىلى 160000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، ھۇنلارغا ئالدىدىن ھۇجۇم قىلدۇردى. ئۇيسۇن خانىغا بۇيرۇق چۈشىرىپ، 50000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدۇردى! يەنى «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش» مەخسىتىگە يەتتى.

ئۇنغۇمى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇن بېكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت ئۇيسۇن ئېلىنىڭخان بولدى. جيەيۇي دەرھال ئۇيغۇتقا تېگىۋالدى. ئارقىدىنلا مەلىكە جيەيۇي ئوردا ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئېرى، قانۇنلۇق خان ئۇيغۇتقا قارشى پىتنە ئۇيۇشتۇردى. خىتايپەرەس ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى تەختتىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئۇنغۇمىدىن بولغان ئوغلى يانغۇمىنى خانلىققا ئولتارغۇزدى. يانغۇمى بولسا ئانىسىنىڭ تاپشۇررۇغىنى ئورۇنلاپ، ئۇيسۇن ئېلىنى خەن دۆلىتىگە سېتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، راغۇمىنىڭ ساتقۇنلىغى، مەلىكە جيەيۇي بىلەن جاسۇس پىڭ لياۋنىڭ ئۇنۇملۇك پائالىيىتى نەتىجىسىدە ئۇيسۇن ئېلى مۇستەقىللىگىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، خەن ژۆلتىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەڭ يامىنى، ئۆز قېرىندىشى ھۇنلارغا دۈشمەن بولۇپ قالدى.

موشۇ ئورۇندا بىر ئىشنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگەركى 175-ژىلى ھۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ «خىشى كارىدورىدىن» غەرىپكە كۆچكەن ئۇلۇق ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيسۇنلەرنى بوزەك قىلىپ، قوغلاۋېتىشكە باشلىغان ئېدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھۇن تەڭرىقۇتى كۈنخان كۆپ سانلىق ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇرۇشۇپ ئۇلۇق ياۋچىلارنىڭ ئۆزىنى غەرىپكە قوغلاۋېتىپ، ئۇيسۇن ئېلىنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قالغان ئېدى! مانا ئەندى، ھۇنلارنىڭ موشۇ ياخشىلىغىنى ئۇنتىغان ئۇيسۇن بايلىرى خەن سۇلالىسىگە سېتىلىپ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارغا ھۇقۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خاتا ھەرىكىتى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەققىلىگىنى يوقىتىپلا قالماستىن، تارىم ۋادىسىدىكى ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭمۇ خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

خەن سۇلالىسى ئۇيسۇن ئېلىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ھۇنلارنى تارىم ۋادىسىدىن كېلىدىغان ئاشلىق ۋە باشقا ئوزۇق-تۈلۈك مەنبەسىدىن مەھرۇم قىلدى. مىلادىدىن ئاۋالقى 138-ژىلى يالغاندىن ھۇنلارغا تەسلىم بولغان بولۇپ، ھۇن تەڭرىقۇتى كۈنچىننى ئالداپ، مايى شەھىرىگە كەلتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاش، ئۆزىنى ئەسىر ئېلىش پىلانىنى قۇرغان ئېدى. بىراق، كۈنچىن تەڭرىقۇت خىتاينىڭ بۇ سۇيىقەستىنى سېزىپ قالغانلىقتىن، بۇ قاپقانغا دەسسىمىدى. مايى سۇيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خەنۋۇدى ھۇنلارغا قارشى ئاشكارە ھەربىي ھۇجۇمنى باشلىدى.

1. مىلادىدىن ئاۋالقى 127-ژىلى ۋېي چىن ئاتلىق چوڭ سانغۇن (قوماندانىنىڭ) باشچىلىقىدا ھۇنلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. ئوردۇس يايلىقىدا بولغان چوڭ ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە قېدىمىي ھۇن زىمىنى بولغان ئوردۇس يايلىقى خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىدىن ئاۋالقى 123-ژىلى كۈنچىن تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتارغان ئىلچى تەڭرىقۇتنىڭ ياشلىغىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ خەن سۇلالىسى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى «خىشى كارىدورىنى» ھۇنلاردىن تارتىۋالدى. خەن سۇلالىسى ئوردۇس يايلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇيەرگە 100000 كىشىلىك خىتاي ئاھالىسىنى كۆچىرىپ ئاپاردى. «خىشى كارىدورىنى» تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيەرگە 200000

كىشىلىك خىتاي ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ ئاپاردى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە ھۇن زېمىنى بولغان بۇ يەرلەر ئاستا-ئاستا خىتاينىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ كەتتى. دېمەك، ھازىرقى خىتايلارنىڭ ئۆزى بېسىۋالغان يەرلەرگە خىتاي ئاھالىسىنى كۆچۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ زېمىنلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش سەياسىتى-ئەشۇ جاھانگىر بوۋىلىرىدىن قالغان كونا ئۇسۇل! شۇڭا «مۇستەملىكە دېگەن سۆز خىتاي تىلىدا «جى مىن» يەنى (ئاھالىنى كۆچۈرۈش) دەپ ئاتىلىدۇ.

2. خىتاينىڭ خەن سۇلالىسى، ئارىدىن ئىككى ژىل ئۆتكەندىن كېيىن ھۇنلار قارشى يەنە 100000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە يەنە تەجاۋۇز قىلىپ، بېسىپ كىردى. ۋېي چىڭ قوماندانلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى ھۇن تېررىتورىياسىگە مىڭ يول ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھۇنلارنىڭ شەرقىي تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىرگەن خۇچۇبىن قوماندانلىقىدىكى يەنە بىر خىتاي قوشۇنى، سول قول بىلىگە خان باشچىلىقىدىكى 100000 كىشىلىك ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان، شۇنداق قىلىپ، ئىككى مەيداندا ئۇرۇش باشلاندى، بۇ قېتىمقى قانلىق ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرىدىن 100000 ئادەم 120000 ئات چىقىم بولغان. ھۇنلاردىن 90000 دىن ئاتۇق ئادەم، بىر نەچچە تۈمەن ئات چىقىم بولغان. ئۇرۇشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەت كۆرگەنلىكتىن، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان. بىراق موشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن خەن سۇلالىسى بۇرۇنقىدەك پاسسىۋ مۇداپىئەلەشنى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاكتىۋ ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىغا كۆچكەن. خەن سۇلالىسى مىلادىدىن ئاۋالقى 108-ژىلى ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، دولان بەگلىگىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن پەرغانە ۋادىسىغا ژۈرۈش قىلىشقا يول ئېچىلدى دەپ ھېساپلاپ، مىلادىدىن ئاۋالقى 104-ژىلى لى ۋەئاگلى باشچىلىقىدا 60000 كىشىلىك .اتلىق قوشۇن ئەۋەتكەن. بىراق بۇ خەن قوشۇنى گوبى چۆلى ۋە جان ئەلىسۇن چۆللىرىدە ئېغىر يول ئازاۋىنى تارتىپ، ئۇسسىزلىق ۋە ئاچلىق تۈپەيلى ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ، ئادەم سانى كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، پەرغانىغا بارمايلا كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئىككىنچى قېتىم مىلادىدىن ئاۋالقى 102-ژىلى يەنە شۇ لى گۇۋانلىنىڭ باشچىلىقىدا 60000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، 70000 كىشىلىك پىيادە قوشۇن بىلەن پەرغانە ۋادىسىغا يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. خىتاي قوشۇنى ئۇرۇشتا يەڭگەن بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يەردە تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئاخىرىدا پەرغانىلىقلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، بىر نەچچە ئون ساماۋىي ئاتلارنى، 3000 دانە ئادەتتىكى ئاتلارنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشكەن. دېمەك، خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالغان پايدىسىدىن تارتقان زىيىنى چوڭ بولغان. ژۇقارقىلاردىن باشقا خەن سۇلالىسى ئارقا-ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بەن تارىم ۋادىسىدىكى قېدىمىي ئۇيغۇر ژۇتلىرىغىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىش مەخسىتىدە يۈز ژىللار بويى ئېرچىل ھالدا ژۈرگۈزگەن سەياسىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىك ھۇجۇملىرى ئاخىر ئۆز نەتىجىسىنى بەردى، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاجىزلاشتۇردى ۋە بۆلۈنۈشكە ئېلىپ كەلدى.

## §5. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى

مىلادىنىڭ دەسلەپكى ژىللىرىدا ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ئاستا-ئاستا كۆچىيىشكە باشلىدى، خەن سۇلالىسى بولسا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. موشۇنداق شارائىتتا، خەن پادىشاسى گۇاڭ ۋۇدى (27-25 ژىللار) ھۇنلارغا قارىتا ھەربىي جەھەتتىن مۇداپىئەلىنىش، دىپلوماتىيا جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش، يەنى ھۇن شاھزادىلىرىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇن دۆلىتىنى پارچىلاش سەياسىتىنى قوللاندى. موشۇ مەخسەتتە ھۇنلارنىڭ ئىچىگە كۆپلىگەن جاسۇسلارنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇلار يەرلىك بەگلەرنى پۇل-مالغا قىزىقتۇرۇپ سېتىۋالدى. شۇنداق بىر ۋاقىتتا مىلادىنىڭ 46-ژىلى ھۇن دۆلىتىنىڭ تەختىگە ئولتارغان پانۇتەگرىقۇت خىتايلارنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى سەزمەستىن، خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىش مەخسىتىدە، بۇرۇنقى قۇدۇلىشىش سەياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدى. خەن پادىشاسى گۇۋان ۋۇدى موشۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ قېلىشنى ئويلاپ، بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆردى. ئۇ ھۇن دۆلىتىگە ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، سوۋغاتنى باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن باتىس خانىنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈپ، ھۇن خاقانىغا قارشى قويۇش مەخسىتىدە ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتكەن ئىدى. خىتاينىڭ موشۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ باتىس خانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان شاھزادە بەي خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، مىلادىنىڭ 48-ژىلى ئۆزىنى «خۇخەنيې» تەگرىقۇت دەپ ئاتاپ، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدىن بۆلۈنگەنلىگىنى جاكالىدى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولۇش مەخسىتىدە خەن پادىشاسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئەگەر خەن سۇلالىسى ئۇنى قوللىسا، كېلەچەكتە خەن سۇلالىسىگە بېقىنىدىغانلىغىنىمۇ بىلدۈردى. ساداقەتلىگىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي خەرىتىسىنى ئەۋەتىپ بەردى. خەن پادىشاسى ئۆزۈندىن بۇ يان كۆڭلىگە پۈكۈپ

كېلىۋاتقان شىرىن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خوشال بولدى. خاتىن بەيىنىڭ ژۇقارقى مەكتۇبىنى ئالغاندىن كېيىن پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بولۇۋاتقان سۆھبەتنى توختىتىپ قويدى. خاتىن بەي (خۇ خەنيى) بولسا پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئۈچ ئىلىشىدىن قورقۇپ، خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە خىتاي قىزىغا ئۆيلەندى. خۇخەنيەگە ئەگىشىپ يەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى (300000 ئادەم ئەتراپىدا). خەن پادىشاسى: «مەن سىلەرگە ھامىي بولۇپ ھاياتىڭلارنى ساقلاپ قالىمەن، بولمىسا پانۇ تەڭرىقۇت سىلەرنى ئامان قويمايدۇ!» دەپ ئالداپ، تەسلىم بولغان ھۇنلارنى كۆچۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالدى. خۇ خەنيى بولسا ئۆزىنى جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى دەپ ئاتاۋالدى. شۇنداق قىلىپ، خاتىن بەيىنىڭ كاسىپىتىدىن بىر پۈتۈن ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى: شىمالىي ھۇن ۋە جەنۇبىي ھۇن دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. خىتاي پادىشالىرى ئۆزىگە تەسلىم بولغان ھۇنلارنى جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى دەپ ئاتاپ، ئۇ يەرگە قورچاق خانلارنى تەيىنلىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خەن پادىشاسى مىلادىدىنىڭ 72-ژىلى پانۇ تەڭرىقۇت باشقۇرغان ھۇن دۆلىتىگە يەنە ھەربىي ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا ئۆزىگە تەسلىم بولغان خاتىن بەيىنىڭ قول ئاستىدىكى 50000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىللىق ئۇۋغان، سيانپىلارنىڭ بىر نەچچە تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىمۇ خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدۇردى. يەنى ھۇنلارنى ھۇنلارنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشقا مۇۋاپپەق بولدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خاتىن بەيىنىڭ قوشۇنلىرىنى خىتاي قوشۇنلىرىغا قوشۇۋەتتى. بەيىنى ئەگىشىپ بارغان ھۇن پۇخرالىرىنى بولسا، خىتاينىڭ يەر ئىگىلىرىگە قۇل ھېساۋىدا سېتىپ، غەزنىگە كىرىم قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۇن بەگلىرىنى مەنسەپ بېرىپ سېتىۋېلىش ئارقىلىق، ئۆز مىللىتىدىن ئاجرىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، تەسلىم بولغان ھۇنلارنىڭ ھەممىسى خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن تامامەن يوقىتىۋېتىلدى! ھازىرقى خىتايلارنىڭ ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆز خەلقىدىن ئاجرىتىپ قويۇش سەياسىتى ئەينە شۇ جاھانگىر بوۋىلىرىدىن قالغان كونا ئۇسۇل. بىر مىللىي خائىننىڭ كاساپىتى بىلەن پۈتۈن بىر مىللەت خاراپ بولدى. بىز بۇ ئاچچىق تارىخىي ساۋاقنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

**خىتايدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى:**

مىلادىدىن ئاۋالقى V ئەسىردىن باشلاپ خىتاينىڭ: يەن، جاۋ، چىڭ قاتارلىق ئۈچ بەگلىكى شىمالدىكى خوشنىسى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىش مەخسىتىدە، ئۆز تېررىتورىياسىنىڭ شىمالىي چېگىرىسىنى بويلاپ سېپىل سوقۇشقا باشلىغان ئىدى. چىن شىخۇاڭ خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىلادىدىن ئاۋالقى 127-ژىلى دەسلەپكى قېتىم ھۇنلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئوردوس يايلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ئادەم كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، يېڭى خىتاي ژۇتلىرىنى بىنا قىلدى. موشۇ بېسىۋالغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئۆزىنىڭ يېڭى چېگارىسىنى بەلگۈلەپ چىقتى. موشۇ يېڭى چېگارىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش مەخسىتىدە: يەن، جاۋ، چىڭ بەگلىرىنىڭ سالدۇرغان سېپىللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، ئۇنى غەرىپكە قاراپ، تېخىمۇ ئۇزارتىشقا بەل باغلىدى. پادىشا چىڭ شىخۇاڭنىڭ بۇيرۇغى بىلەن خىتاي چېگارا ئەسۋەرلىرىنىڭ قوماندانى مىن تيان دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھاشارغا كەلگەن بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى ئىشلىتىپ، بۇرۇنقى سېپىللارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، شەرىقتە شەنخەيگۇەندىن تارتىپ، غەرىپتە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى مىنشيەن ناھاسىدىكى لىنتاۋ دېگەن يەرگىچە يەتكۈزدى. بۇ ئالامەت چوڭ قۇرۇلۇش قىسقا ئۈزۈۋۈشلەر بىلەن يۈز ژىلدا ئاران پۈتتى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 5000 كم بولۇپ، ئېگىزلىگى 8 مېتر، توغرىسى 7 مېتر كېلىدۇ.

دېمەك، سەددىچىن سېپىلى يالغۇز ھۇنلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، مىلادىدىن ئىلگەركى 215-ژىلى مىن تيان قوماندانلىغىدىكى خىتاي قوشۇنلىرى تەجەۋۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان ھۇن زىمىنلىرىنى سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئېلىش ئارقىلىق مەڭگۈ خىتاينىڭ زىمىنى قىلىپ، قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ياسىتىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى خىتاي سۇلالىلىرى سەددىچىن سېپىلىنى ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئىسلاھ قىلىپ ياساپ تۇرۇشقان ئىدى. ھازىر موشۇ كۈندىمۇ خىتايلار بۇ سېپىلىنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە.

قىسقىسى، سەددىچىن سېپىلى خىتايلار ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان دۆلەت چېگارا لىنىياسىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە: سېپىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى خىتاينىڭ تېررىتورىياسى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىلادىدىن ئىلگەركى II ئەسىردە ياشىغان خەن پادىشاسى شاۋ ۋىندى، مىلادىدىن ئىلگەركى 162-ژىلى ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتقا يازغان بىر مەكتۇبىدە: «ئۆتكەنكى پادىشاھلىرىمىز ئۇزۇن سېپىلىنىڭ شىمالدىكى ژۇتلار ئوق-ياچىلار دۆلىتىگە تەن بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئۆمرىگە ئىتاەت قىلىدۇ. بۇ سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى زىمىنلار خەن ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار تەرىپىدىن باشقۇرىلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن ئىدى» دەپ يازغان («قېدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، 412-بەت).

كېيىنكى ژىللاردا چەت ئەللىك سەياھەتچىلەر خىتاي ئېلىغا كۆپلەپ كېلىشكە باشلىغان. خىتايلار ئۇلارغا سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسىتىپ: «بۇ بىزنىڭ باتۇرلىقىمىزنىڭ

سىمۋولى، مىللىي غۇرۇرىمىز» دەپ ماختانغان. شۇ چاغدا سەياھەتچىلەر خىتايلاردىن:

«سىزلەرنى موشۇنداق ئۇزۇن سېپىلنى ياساشقا نېمە مەجبۇر قىلغان ئىدى؟» دېگەن سوئالنى سورىغاندا، خىتاي تارىخچىلىرى ئىزا تارتماستىن:

«شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ چارۋا ماللىرى بىزنىڭ ئېتىزلىرىمىزغا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، ئەجداتلىرىمىز موشۇ سېپىلنى ياسىغان ئىكەن» دەپ جاۋاپ بېرىشكەن. سۆز ئۇختىمىسىغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىمىزكى، سەددىچىن سېپىلى-خىتايلارنىڭ باتۇرلىقىنىڭ سىمۋولى ئەمەس، قورقانچاقلىقىنىڭ سىمۋولى. ئۇلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ھۇنلاردىن قورقۇپ، ئەشۇ سېپىلنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان. ئىككىنچىدىن: خىتاي پادىشالىرى «بىز سېپىل سوقۇپ چېگارىمىزنى توراۋەتسەك، شىمالدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر سېپىلدىن ئۆتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغان. ئەمەلىياتتا بولسا، مىلادىيەنىڭ III ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە شىمالدىكى سىيانپىلار، قىتانلار، جورجانلار، موڭغۇللار سەددىچىن سېپىلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خىتاي ئېلىنى بېسىۋالغان. خىتاي مەملىكىتى ھەممى 884 ژىل بويى يات مىللەتلەرگە مۇستەملىكە بولۇپ ياشىغان!

**شىمالىي ۋە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ تەغدىرى.** خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى جەنۇبىي ھۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلارنىمۇ پارچىلاش، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، ئاخىرى ئۇلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. ئالدى بىلەن ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ تەركىۋىدىكى يەرلىك بەگلىكلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئارقىلىق ھۇن تەڭرىقۇتى بىلەن بولغان سەياسىي-ئىختىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تىرىشتى. موشۇ مەخسەتتە مىلادىنىڭ 73-ژىلى جاسۇس بەن چاۋنى 36 ئادەم بىلەن تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتتى. بەن چاۋ «سودىگەر»، «ئەلچى» دېگەن نىقاپ بىلەن تارىم ۋادىسىغا كىلىۋېلىپ، 31 ژىل بويى جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ جەرياندا قۇۋلۇق-شۇملۇق ئىشلىتىپ، ئوت-قۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن بەزى چىرىدانىسىز خانلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق لولان (ھازىرقى دولان) خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان ھۇن نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرگۈزدى. ئاندىن كېيىن خوتەن خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان ھۇن نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ كۆزدىن يوق قىلدى. ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن قانلارنىڭ تۆكۈلىشىگە سەۋەپچى بولدى.

ئۇ پادىشا خان جاڭدىغا يازغان مەكتۇبىدە: «ياۋايى ياتلارنى ياۋايى ياتلارغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۆزلىرىنى يوقىتىش، بۇ جۇڭگو ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇل!» دەپ يازغان ئىدى. خەن جاڭدى بولسا، بەن چاۋغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئۆگىتىلگەن، ياخشى قۇراللاندۇرۇلغان 1000 كىشىلىك قوشۇننى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپ بەردى.

خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 118-ژىلى سىيانپىلارنى قۇترىتىپ شىمالىي ھۇن دۆلىتىنىڭ خانى پانۇ تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدۇردى. شۇ چاغدا، شىمالىي ھۇن دۆلىتى ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خەن سۇلالىسى «بىز سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېگەن بانە بىلەن ھۇ دۆلىتىگە ئەسكەر كىرگۈزدى. خىتاي بۇ ئەسكەرلىرى ھۇن زىمىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاستا-ئاستا شىمالىي ھۇن دۆلىتىنىمۇ مۇنقەرىز قىلدى. «مەن سىلەرنى ھىمايە قىلىشىم كېرەك» دېگەن بانە بىلەن يابغۇ تەڭرىقۇت باشلىق ھۇن پۇخرالىرىدى 1 مىللىونغا يېقىن كىشىنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى خىنەن ئۆلكىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياسىيا قىلىپ مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىۋەتتى.

شىمالىي ھۇنلارنىڭ خىتايغا تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان بىر قىسمى غويەن خانىنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆز مىللىي دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ باقتى، بىراق خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمىدى. بۇ ئاخىرقى ھۇن دۆلىتىگە قارشى 60 ژىل ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ئاخىرى نەتىجىدە بۇ دۆلەتمۇ مۇنقەرىزلىككە قاراپ ماڭدى. خىتاي خانى ساۋ ساۋنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ھۇن ئاقسۆيەكلىرىنى سوغات بېرىپ سېتىۋېلىش، مەنسەپ بېرىپ ئالداش ۋۇسۇللىرى بىلەن بەگلەرنى ئۆز پۇخرالىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلىدى. ھۇنلارنىڭ ياش ژىگىتلىرىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەۋەتتى. ياش قىزلىرىنى خىتاينىڭ يەر ئىگىلىرى بىلەن بايلىرىغا دېدەك قىلىپ سېتىپ بەردى. ھۇنلارنىڭ بوشاپ قالغان زىمىنلىرىغا خىتاي ئىللىق ئاھالىلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەرلەرنى ئاستا-ئاستا خىتاي زىمىنىغا ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى، ئۆز ئىچىدىن چىققان خانلارنىڭ ساتقۇنلۇقى ئارقىسىدا، ھۇن دۆلىتى مىلادىنىڭ 220-ژىلى 500 ژىللىقمۇ يەتمەي تارىخ سەھنىسىدىن قايىپ بولدى!

بۇ توغرىلىق تارىخچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن:

«قىسقىسى، ھۇن دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھالەك بولغانغا قەدەر 436 ژىل بويى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي خوشنىسى خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىك ھالىتىدە ياشىدى. بۇ دۈشمەنلىك گاھىدا قانلىق جەڭلەر تۈسىنى



www.uyghurkitap.com

ئالسا، گاھىدا دىپلوماتىيا ھىيلىسىگە ئالمىشاتتى. گاھىدا كىلىشىم ئاساسىدىكى «دوستلۇق» ئىزھار قىلىنسا، گاھىدا جاسۇسلار ئارقىلىق شاھزادىلەرنى بىر-بىرىگە قارشى كۈشكۈتۈش، خانلىقلار بىلەن بەگلىكلەرنى تەڭرىقۇتقا قارشى قويۇش تراگېدىيالىرى ئوينىلاتتى. ئاخىرى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىپ، يىمىرلىشىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، ئىختىسادىي ۋە سەياسىي جەھەتلەردىكى دۈشمەنلىك سەياسىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يۈز بەردى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىك تاكتىكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئالدانغان ھۇن شاھزادىلىرى بىلەن ئاقسۆيەكلەرنىڭ ئىچكى يېغا-ماجرالىرى بولسا بۇ ھالاكەتنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ھۇنلارنىڭ تۈمەنخاندىن باشلانغان سەلتەنەت تارىخى قۇتنۇش تەڭرىقۇتنىڭ بېشىنى كېسىپ، چاڭئەندە ئېسىپ قويۇش بىلەن ئاياقلاشتى. مۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تالاي قېتىم تەكرارلاندى. ئەپسۇسكى بۇ تارىخىي ئاچچىق ساۋاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى سەھىياسىي ئەرباپلىرىنى تەربىيىلىگىنى يوق» دەپ يازغان ئىدى («قېدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، 396-395 بەتلەر).

## §6. ئۇيغۇرستاندا ھۇن ئىمپېرىيىسىدىن كېيىنكى شەھەر-دۆلەتلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

تارىخچىلار ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، شۇ چاغدىكى سەياسىي-ئىختىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىمۇ خېلە ژۇقۇرى بولغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. مەنتىق بويىچە ئەھۋال تارىخچىلار ئېيتقاندەك بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ھۇنلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى توغرىلىق قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت ھۇنلار ئىتتىپاقى تارقالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرستاندا قۇرۇلغان شەھەر دۆلەتلىرى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان بەزى مەدەنىيەت ئەرباپلىرى توغرىلىق مەلۇماتلار بار.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھۇن ئىمپېرىياسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي رەۋىشتە ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگۈزۈلگەن ئەلقلەر ۋە رايونلار يېقىندىن يېقىندىن پەيدا بولغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىستىقلال ئېلان قىلىشىپ، بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان كىچىك-كىچىك خانلىقلارنى قۇرۇۋېلىشتى. بۇ ئەمەلىياتتا، شەھەرلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان شەھەر دۆلەتلىرى ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ زاماندا ھازىرقى ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىدە 36 بەگلىك، يەنى شەھەر دۆلەتلىرى مەۋجۇت بولغان ئىكەن. تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، شۇ زاماندا: قۇمۇل (ئىۋىرغۇل) خانلىقى، قۇچۇ (ھازىرقى تۇرپان) خانلىقى، بېشبالىق (ھازىرقى ئۈرۈمچى) خانلىقى، كىنگىت (ھازىرقى قاراشەھەر) خانلىقى، ئۈيسۈن (ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتى) خانلىقى، كۇچار (ھازىرقى كۇچا) خانلىقى، ئۈچ (ھازىرقى ئاقسۇ) خانلىقى، لولان (ھازىرقى دولان) خانلىقى، قاشغەر (ھازىرقى قەشقەر) خانلىقى، ياركەند (ھازىرقى يەكەن) خانلىقى، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) خانلىقى ۋە باشقا خانلىقلار بولغان ئىكەن.

تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردە خىتاي دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقلىرى بىلەن بەنت بولۇپ، ئۇيغۇرستانغا تەجاۋۇز قىلىشقا قولى تەگمىگەن. ئۇيغۇرلار شۇ زاماندىكى بىر قەدەر تېچ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى خېلە دەرىجىدە رىۋاجلاندۇرغان. بىز بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ باشقا ساھالىرىغا توختالماي، پەقەت مەدەنىيەت ساھاسى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

بىزگە مەلۇمكى، تارىختا «شەھەر دۆلەتلىرى دەۋرى» دەپ ئاتالغان بۇ دەۋر دەل ئۇيغۇرستاندا بۇددا دىنى كەڭ تارقىلىپ، ئاممىۋىيلىققا ئىگە بولۇۋاتقان دەۋر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى بۇددا مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان بولۇشى تەبىيدۇر.

بۇ دىنى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 528-ژىلى شىمالىي ھىندىستانلىق **ساكيا مۇنى** تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان ساماۋىي دىنلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بىر قەدەر سىستېمىلاشقان دىنغا ئايلانغان. بۇددا دىنى: بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئارا مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشقا، ھېچ بىر جانلىققا زۇلۇم قىلماسلىققا، توغرا ئىش قىلىپ، ئادىل ياشاشقا چاقىرىدىغان بىر دىن. بۇ، ئەينى زاماندىكى قۇللۇق تۈزۈمگە قارىغاندا ئىلغار ئىدىيە بولۇپ ھېساپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇددا مىلادىدىن ئاۋۋالقى I-II ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاندىن خوتەن ئارقىلىق ئۇيغۇرستانغا كىرىپ تارقىلىشقا باشلىغان. بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەي يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، بۇددا تەلىماتىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇنى شەرھىلەيدىغان بۇددا ئالىملىرىمۇ كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. بىز تۆۋەندە ئەينە شۇ دەۋرنىڭ روھانىي مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ زاتنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**پۇرتىدىن**-مىلادىنىڭ 308-233-ژىللىرى ئارىلىغىدا ياشىغان ئەسلى تۇرپانلىق بۇددا ئالىمى ۋە ئاتاقلىق مائارىپچى. ئۇ كىشى ياش ۋاقتىدىن باشلاپ بۇددا تەلىماتىنىڭ ئاساسىي تىلى بولغان سانسكرىت تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، موشۇ تىلدا يېزىلغان دىنىي كىتاپلارنى مۇتالىق قىلغان. ئاخىرىدا بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى مەشھۇر ئۇستازلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشكەن. تۇرپاندىكى ئالىي بىلىم دەرگاھىدا ئۇستازلىق قىلىپ، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. پۇرتىدىنىنىڭ داڭقى خوشنا ئەللەرگىمۇ تارقالغان.

شۇ كەمگىچە ئېتىقات قىلىدىغان بىرەر دىن تاپالماي، تاغ-دەريالارغا، ھايۋانلارغا چوقۇنۇپ ژۈرگەن خىتاي ئېلىنىڭ پادىشاسى يۈەن جيا پورتىدىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى خىتاينىڭ پايتەختىگە ئېرىپ ئۇستازلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. پورتىدىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، شۇ زاماندىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ پايتەختى لوياڭ شەھىرىگە بېرىپ، بۇددا دىنى تەلىماتىنى ئۆگىتىپ، خىتاي راھىپلىرىغا ئۇستازلىق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا يۈەن جيانىڭ پەرمانى بىلەن خىتاي شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ئىبادەت قىلىدىغان بۇتخانىلار، بۇددا تەلىماتىنى ئوقۇتىدىغان بىلىم دەرگاھلىرى (شوتاڭلار) ئېچىلغان ئىكەن. خىتاينىڭ تارىخي ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، موشۇ دەۋىردە پۈتۈن مەملىكەتتە 893 ئىبادەتخانا ۋە كۆپلىگەن شوتاڭلار ئېچىلغان. لوياڭدىكى ئالىي شوتاڭدا مىڭلاپ شاگىرتلار ئوقۇپ بىلىم ئالغان. پورتىدىنىڭ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى خىتاي دۆلىتىدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئۆلىمالار، شوتاڭلاردا دەرىس ئۆتىدىغان ئۇستازلار بولۇپ يېتىشكەن.

**كۇماراجىۋا:** مىلادىنىڭ 413-344-ژىللىرى ئارىلىغىدا ياشىغان ئۇلۇق، مۇتەپەككۇر، بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىبىنىڭ ئاتاقلىق ئۇستازلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاتىسى كۇمارا شۇ زامانىنىڭ ئاتاقلىق بۇددا ئالىمى، ئانىسى جىۋا بولسا، كۇچا خانلىغى پادىشاسىنىڭ قىزى ئىدى. كۇماراجىۋا دەسلەپ ئۆز ئائىلىسىدە ئانىسىدىن بۇددا تەلىماتىنى ئۆگەنگەن، 12 ياشقا كىرگەندە ئانىسى بىلەن بىللە بۇددا دىنىنىڭ بۆشۈگى ھېساپلانغان شىمالىي ھىندىستانغا بېرىپ، بۇددا تەلىماتىنى، ھىند پەلسەپەسىنى ۋە سانسكرىت تىلىنى ئۆگەنگەن. وقۇشنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتى كۇچاغا قايتىپ كېلىش يولى ئۈستىدە مىلادىنىڭ 357-ژىلى ياركەنتتىكى ئاتاقلىق ئۇستاز سۈلىي سۇما بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن ماھايانا تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالىي بىلىم دەرگاھىدا ئۇستازلىق قىلىپ، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇددا نۇملىرىنى ۋە باشقا دىنىي كىتاپلارنى سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر تەرجىمە قىلغان. خىتاي پادىشاسىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بەزى بىر دىنىي كىتاپلارنى خىتاي تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن، بىراق ئۆزى خىتاينىڭ پايتەختىگە بېرىشنى رەت قىلغان. كۇماراجىۋانى تەكلىپ قىلىپ ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن خىتاي پادىشاسى ئۇنى مەجبۇرلاپ كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇ زاماندا ئۇيغۇرستانىنىڭ كىچىك-كىچىك خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىك ۋەزىيىتىدىن پايدىلانغان خىتايلار مىلادىنىڭ 390-ژىلى تەجەۋۇز قىلىپ ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىردى. خىتاي ئەسكەرلىرى قۇمۇلنى، تۇرپاننى، قاراشەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى كۇچا بەگلىگىنىمۇ بېسىۋالدى. خىتاي پادىشاسىنىڭ ئەمرى بىلەن كۇماراجىۋانى ئەسىرگە ئېلىپ، خىتاينىڭ پايتەختىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ لويانغا بارغاندىن كېيىن پادىشانىڭ ئەمرى بىلەن بۇددا كىتاپلىرىنى خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. جەمى 100 گە يېقىن كىتاپنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلالماي 413-ژىلى 69 يېشىدا خىتاينىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

**سۈلىي سۇما:** مىلادىنىڭ IV ئەسىردە، 401-320 ژىللار ئارىلىغىدا ئۇيغۇرستانىنىڭ ياركەنت شەھىرىدە ياشىغان ئايال مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئۇستا ناتىق-ۋائىزخان سۈلىي سۇما ياركەنت پادىشاسىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەقىللىك، زېرەك بولغان بۇ قىز بۇددا تەلىماتىنى پىششىق ئۆگىنىپ، بۇ دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىبىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھىلەش جەھەتتىن داڭلىق ناتىق ئىدى. سۈلىي سۇما موشۇ مەزھەپنى شەرھىلەش جەھەتتىن ناگاجۇنا، ئارىيادىۋالاردىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پىر ئۇستاز ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا ئۇيغۇرستانغا كەڭ تارقالغان.

ژۇقارقى فاكتلاردىن مەلۇم بولىدىكى، بۇددا دىنىنى ئىجات قىلغۇچىمۇ ۋە دۇنياغا تارقاتقۇچى ئالىملارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئىدى. نېمىگە چوقۇنۇشنى بىلمەي، دىنسىز ژۈرگەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېگە بولغان. يالغۇز دىنلا ئەمەس، دۇنياۋىي ئىلىملارنىمۇ ئۆگەنگەنلىككە تارىخ گۇۋاھ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىم مەدەنىيەتكە ۋە دىنغا ئېگە بولغان خىتايلار بوگۈن ئۇستازلىرىدىن ئۆز ئۆرۈپ، ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاپاسىزلىق بولامدۇ؟!

**تەجرىبە-ساۋاقلار**

تارىخىمىزنىڭ موشۇ بابىدىن بىز ئالدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار مونۇلار:

1. ھۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ھەرخىل نەسلىدىكى خەلقلەرنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىغان بۈيۈك ئىمپېرىيا بولسىمۇ، بۇ ئىمپېرىيانىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر (تۇران) تىللىق خەلقلەر بولغان ئىدى. مۇنداق شارائىتتا، دۆلەتنىڭ ھۇلى بولغان قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ تەرەققىيلىرى موشۇ ئاساسنى چىڭ تۇتالمىدى. نەتىجىدە ئىچكى ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى، ھەر يەردە ئىسيانلار بولۇپ تۇردى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى دۆلەتنى پارچىلىنىشقا، مۇنقەرىزلىككە ئېلىپ كەلدى.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي دۈشمىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ ھىيلە-مىكىر سۇيىقەستلىرىگە نىسبەتەن ھوشيارلىق بېتەرلىك بولمىدى. خىتاينىڭ: بەزى قەبىلە باشلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھۇن تەختىنى تالىشىپ قارشى قويۇشىغا، شاھزادىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئوردا ئىچىدە ماجرا چىقىرىشىغا، شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنى

ئىچىدىن بۇزۇشقا ئىمكانىيەت بېرىلدى. يەنە شۇنىڭدەك ھۇن تەڭرىقۇتلىرى تارىخىي دۈشمىنى خىتايغا قارىتا خاتا سەياسەت ژۈرگۈزدى. ئەسلىدە جاسۇس بولغان خىتاي مەلىكىلىرىنى ئۆز قويىنىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت مەخپىيىتىنى ئوغرىلىشىغا، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ قويۇلدى.

3. ئۆزىنىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن ئۆز ئۆرۈش، دۈشمەن تەرىپىگە سېتىلىپ كېتىش جەھەتتىن ھۇن دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلەر تىپىك ئۈلگە ياراتتى. ھەتتا ئۇلار توخارلارنى قۇرۋان قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالغان ھۇن تەڭرىقۇتىغا قارشى قوشۇن تارتىپ ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئۇيالمىدى! مۇنداق ساتقۇنلۇق ئەمەلىياتى كېيىنكى كۆك تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدىمۇ يەنە تەكرارلاندى. «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەندەك خانلىقلارنىڭ بۇ خىل خانلىقلىرى ئاقىۋەتتە پۈتۈن مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن يەكۈنلەندى.


خەن سۇلالىسىنىڭ: «ياۋايى ياتلارنى ياۋايى ياتلارنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش ئەڭ ياخشى چارە» دېگەن بۇ زەھەرلىك ئۇسۇلى بۈگۈنمۇ رول ئويناۋاتىدۇ. خىتايلار موشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرنى ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قارشى قويۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىك مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

4. خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ ژۇقارقى قاتلام كىشىلىرىنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىش، مەنسەپ بېرىپ ئالداش شۇ ئارقىلىق ئۆز خەقىدىن ئاجرىتىپ قويۇش ئۇسۇلى بۈگۈنمۇ رول ئويناۋاتىدۇ. بېسىۋېلىنغان رايونلارغا خىتاي تىللىق ئاھالىلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈش ئارقىلىق، يەرلىك خەلقلەرنى ئازسانلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلياسىيا قىلىپ، مىللەت سۈپىتىدە يوقۇتۇۋېتىش سەياسىتى بۈگۈنمۇ ژۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ.

بىز ئەجدادلار تارىخىدىن ساۋاق ئالغان ھالدا تارىخىي دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ بۇ زەھەرلىك تەدبىرلىرىگە تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلالمايدىغان بولساق، بىزمۇ ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش خىتاي ئەجدىھاسىغا يەم بولۇپ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

## ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى

| ئىسمى | ئۇنۋانى | قايسى ژىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان |
|---|---|---|
| 1. تۈمەنخان | تەڭرىقۇت | م.ئى ؟-209ژ. |
| 2. مودەخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 174-209ژ. |
| 3. ئاغا قايۇقخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 160-174ژ. |
| 4. كۈن چىنخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 126-160ژ. |
| 5. ئىجىشخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 114-126ژ. |
| 6. ئۇۋاخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 105-114ژ. |
| 7. بالاخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 103-105ژ. |
| 8. جولىقۇخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 101-103ژ. |
| 9. تانتابەگخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 97-101ژ. |
| 10. خۇلىگۇ | تەڭرىقۇت | م.ئى 85-97ژ. |
| 11. خۇيانتاخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 69-95ژ. |
| 12. چۇرانكويخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 60-69ژ. |
| 13. قۇياتخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 58-60ژ. |
| 14. قوغىشارخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 31-58ژ. |
| 15. بوجىنلىخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 20-29ژ. |
| 16. سۇسەخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 11-19ژ. |
| 17. چىرىخان | تەڭرىقۇت | م.ئى 13 8-م.ك ژ. |
| 18. ئۇجروخان | تەڭرىقۇت | م.ك 18-14ژ. |
| 19. قۇتيارخان | تەڭرىقۇت | 46-18ژ. |
| 20. ئۇراتبەگخان | تەڭرىقۇت | ؟-46ژ. |
| 21. پانۇخان | تەڭرىقۇت | م.ئى ؟-؟. |




هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (ئۆمەر ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 48-بەت).

# 10-باپ
## قاڭقىلار (ئېگىز هارۋۇلۇقلار) ئۇيغۇر دۆلىتى



ئېگىز هارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتى بايرىقى



ئېگىز هارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى-ئاي ئۇجرۇخان

## §1.ھۇن ئۇيغۇر دۆلتى غۇلغاندىن كېيىنكى سەياسىي ۋەزىيەت

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ھۇن ئۇيغۇر دۆلتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلتى دەپ ئاتالغان يەنە بىر قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەنلىگى تارىختىن مەلۇم. ھۇن ئۇيغۇر دۆلتى مىلادىنىڭ 216-ژىلى ھالاك بولدى. كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلتى بولسا مىلادىنىڭ 551-ژىلى قۇرۇلدى. موشۇ ئارىلىقتا 235 ژىل ۋاقىت ئۆتتى. موشۇ دەۋىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلتى بولغانمۇ، يوقمۇ؟ بۇ سوئالغا چەت ئەل تارىخچىلىرى ئېنىق جاۋاپ ەرمىگەن. خىتاي تارىخچىلىرى بولسا ياكى سۈكۈت قىلىدۇ، ياكى ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان ھالدا جاۋاپ بېرىدۇ. مەسەن: خىتاي تارىخچىسى ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتاۋىنىڭ I قىسىم 17-بېتىدە: «تېلىلەرنىڭ خانى ئېلىبېك، شىمالىي ۋېي پادىشالىغىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئالاقە ئورناتتى. ، شىمالىي ۋېي پادىشالىغى ئۇنى غەربىي باساۋۇل شىخەيجۇن ۋىلايىتىنىڭ تۇنجا بېگى «گاۇچى ۋاڭ» قىلىپ تەيىنلىدى» دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ جاۋاپتىن: «ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت بولغان ئەمەس، ، شىمالىي ۋېي پادىشالىغىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر بەگلىك بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋېي پادىشالىغى ئېلىبەگنى شىخەيجۇن ۋىلايىتىنىڭ تۇنجا بېگى-گاۇچى ۋان قىلىپ تەيىنلىگەن» دېگەن مەنا كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخچىسى تۇرغۇن ئالماس بولسا، «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاۋىنىڭ «ئاۋارلار ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن بابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ 487-ژىلدىن 546-ژىلغىچە 60 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن «ئېگىز ھارۋۇلۇقلار دۆلتى» دەپ ئاتالغان مۇستەقىل دۆلتى بولغان ئېدى. بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 546-ژىلى ئۆز قېرىنداشلىرى كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى» دەپ ئېنىق جاۋاپ بەردى. مۇئەللىپ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاۋىنى ئاساسەن خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ يازغانلىغىنى ياخشى بىلىمىز. دېمەك، خىتاي تارىخچىسى ليۇ زىشاۋ بۇ فاكىتنى بىلمىگەن ئەمەس، ئۇنى قەستەن يوشۇرغان، تارىخنى بۇرمىلىغانلىغى ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك. ئەندى ئاساسىي ماۋزۇمىزغا كەلسەك، ھۇن-ئۇيغۇر دۆلتى ھالاك بولۇپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىن، كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتنى قۇرۇپ، بۇرۇنقى شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇرستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا قاڭقىللار ئۇيغۇرستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا ئاق ھۇنلار (ئېفتالىتلار) دۆلەتلىرىنى قۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى. بىز ژۇقۇرىدىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، موشۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلتىنى قىسقىچە بولسىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

## §2. ئاۋار ئىمپىرىياسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىككە ئىنتىلىشى

ھۇن ئۇيغۇر دۆلتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىككى تارماقتىن ئىبارەت 18 چوڭ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشاتتى. بىرىنچى تارماقتا: تۇرالار، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار، خوغۇرسۇ، جىبىنلار ۋە ئىلتىكىنلەر كىرەتتى. ئىككىنچى تارماقتا: تۇرالار، چىپۇلى، ئىجان، تارلان، تارىبۇقان، قوغا، ئارون، بايان، بۆركلى، ئەركىن، قىوي ۋە يۇشۇپلار كىرەتتى. ئۇلاردا دۆلەت موشۇ قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلاتتى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينە شۇ تارقاقلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاۋارلار، يەنە بىر قىسمىنى توبا سيانپىلار بېسىۋالغان ئېدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتنى قۇرالمىدى.

شۇنداق بولسىمۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى قىسمى قەھرىمان ئوغلى **بەگقۇلنىڭ** يېتەكچىلىگىدە، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەشتى. پەقەت V ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەركىزىي ئازىيادە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان ئاۋارلار قاغاناتىنىڭ شەرقتىكى توبا سيانپىلار قاغانلىغى بىلەن، غەربتىكى ئاق ھۇنلار ئىمپىرىياسى بىلەن دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلانغان ئۇيغۇرلار ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، ئىستىقلال جاكالىدى. مۇستەقىل مىللىي دۆلەتنى قۇرۇپ ئۇنى مەلۇم ۋاقىت ساقلاپ قالالىدى. بۇ دۆلەتنى ئۇيغۇرلار «قاڭقىللار دۆلتى» دەپ، خىتاي تارىخچىلىرى بولسا «گاۇچى گو يەنى «ئېگىز ھارۋۇلۇقلار» دەپ ئاتىدى. ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلتى ياشىغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىغى، تېررىتورىياسىنىڭ كەڭلىگى جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىلگەركى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىگە يېتەلمىسىمۇ، تارىختا ئۆزىگە خاس مۇھىم ئورۇننى ئېگەللەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا ھۇن ئۇيغۇر دۆلتىنى كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلتىگە باغلاشتۇرىدىغان كۆرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ دۆلەتنى ئالاھىدە باپ قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

تارىخىي مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، قەدىمىي زاماندا قىرخان (ھىنگان) تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاۋارلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر تايىپە ياشاتتى، ئۇلۇق ھۇن ئىمپىرىياسى دەۋرىدە ئاۋارلارمۇ باشقا خەلىقلەرگە

ئوخشاش هۇن ئىمپېرىياسىنىڭ تەركىۋىدە ياشىغان ئىدى. هۇن ئىمپېرىياسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاۋارلار ئۆز خانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە موڭغۇلىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئورخۇن ۋە تۇغلا دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار ئىتنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن تۈركلەشكەن (ئۇيغۇرلاشقان) موڭغۇللار بولۇپ تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا يېقىن خەلق ئىدى. «ئاۋارلار» دېگەن ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا: «قەتئىي ئىرادىلىك، قەيسەر» دېگەن مەنانى ئاڭلىتىدۇ (خىتاي تارىخچىلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ يازغان خاتىرلىرىدە باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ئادىتى بويىچە ئاۋارلارنى ھاقارەتلەپ «سېسىغان گۆشتىكى قۇرتلار»، دېگەن مەنانى بېرىدىغان يېروگلىفلار بىلەن يازغان). ئەينە شۇ ئاۋارلار مىلادىنىڭ 394-يىلى ئىسيان كۆتىرىپ، توبا سىيانپىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاۋارلار قاغانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇرلارنى دوراپ، ئۇلارمۇ ئۆز پادىشالىرىنى «قاغان» دەپ ئاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، مىلادىنىڭ 394-يىلىدىن 552-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئاۋارلار قاغانلىقى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇ زاماندا شەرقىتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موشۇ ئىمپېرىيانىڭ تەركىۋىدە ياشاتتى. ئاۋار قاغانى تولۇنخان شىمالىي خىتايدىكى توبا سىيانپىلار دۆلىتىگە قارشى ھەربىي ژۈرۈش قىلماقچى بولغاندا ئۇيغۇر خانىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلدى. تولۇنخانىنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغا ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇرلار خوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ خانى بەگقۇلۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋار قاغانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. تولۇنخان ئۇيغۇر ئىسيانچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاۋالار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. دەسلەپكى جەڭلەردە بەگقۇلىنىڭ چېۋەر قولباشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار غەلەبە قازىنىپ تۇردى. مىلادىنىڭ 430-يىلىغا كەلگەندە ئاۋار قوشۇنلىرى كەڭ كۆلەمدە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى باشلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئېغىر چىقىم تارتىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئازغىنا ئادىمى بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىققان بەگقۇلى باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، ئاۋارلارنىڭ دۈشمىنى توبا سىيانپىلار خانلىقىغا بېرىپ، سىياسىي پانا ئالدى. بىراق، ئۆز يلىنى ئاۋارلار باسقۇنچىلىقىدىن ئازات قىلىش مەخسىتىگە يېتەلمىگەن بەگقۇلى ئۆز ئىچىدىن ئازابلىنىپ، كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. موشۇ كېسەلدىن ساقىيالماي توبا سىيانپىلارنىڭ پايتەختى داتۇڭ شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. توبا خانى تۇبايغا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئۇيغۇر قەھرىمانى بەگقۇلىنىڭ ئۆلۈمىگە دۆلەت بويىچە ماتەم ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ دەپنە مەراسىمى دەب-دەبەلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ قەھرىمان ئوغلىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيە قوشاقلىرىنى توقۇپ، ئۇزاق زامانلارغىچە ئۇنى ئەسلەشتى. شۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قوشاقتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«بەگقۇلى كېلىۋاتىدۇ» دېگەندە ئانا،**
**بوۋاقنىڭ ژىغىسى توختايدۇ شۇ ئان.**
**يازقىزلار چاچ تاراپ، ناخشا ئېيتىدۇ:**
**«ژىگىتىم بولسىدى، بەگقۇلى سىمان!»**

بۇ خىل قوشاقلارنىڭ توقۇلۇپ، موشۇ كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ باتۇر ئوغۇللىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ، ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەگقۇلى باشچىلىقىدىكى ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاۋارلار ئىسيانچى ئۇيغۇرلاردىن قاتتىق ئۆچ ئالدى. ئىسياندا ئاساسىي رولنى ئوينىغان بەگقۇلىنىڭ خوغۇرسۇ قەبىلىسى ئاھالىسىنىڭ 80 پايىزى قىرىپ تاشلاندى!

ئاۋار قاغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، ئالتاي ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن،موشۇخەلقلەرنىڭ ئىختىسادىي ۋەھەربىي كۈچىگە تايىنىپ،ئۆزىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. V ئەسىرنىڭ I يېرىمىدا، تالان قاغانىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاۋار دۆلىتى تېخىمۇ كەڭىيىپ، ئىمپېرىيا باسقۇچىغا كىردى. شۇچاغدائۇنىڭ تېررىتورىياسى: شەرقتە كورېيادىن تارتىپ،غەربتە ئىلى ۋادىسىغىچە،شىمالدابايقال كۆلى ئەتراپىدىن،جەنۇپتا دۇنخۇاڭغىچە سوزۇلغان ئىدى. دېمەك،شەرقىي ئۇيغۇر زېمىنلىرى پۈتۈنلەي ئاۋار قاغانلىقىغا تەۋە بولدى. بىراق V ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاۋارلار بىر ۋاقىتتا ئىككى كۈچلۈك رىقابەتچىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بىرسى شەرقتىكى خوشنىسى تۇباسىيانپىلار دۆلىتى،يەنە بىرسى غەربتىكى ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى ئىدى.

ئاۋار قاغانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربتە ئىككى چوڭ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا تۇرغان قىيىن ئەھۋالىدىن پايدىلانغان شەرقىي ئۇيغۇرلار مىللىي مۇستەقىللىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، يەنە كۈرەش مەيدانىغا چىقتى. ئۇلار بۆركلى قەبىلىسىنىڭ خانلىرى ئاكا-ئۇكا ئايۇجرۇ بىلەن چونچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسيان كۆتىرىپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قازاندى. شۇنداق قىلىپ، ئاۋارلارنىڭ 85 ژىل داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

بۇلار ئەسلىدە، قەدىمىي زاماندا تۇرالار دەپ ئاتالغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيا دالالىرىدا كۆچۈپ-قونۇپ ياشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياش دۆلىتىنى دۈشمەنلىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار يايىق دالاسىغا، ئالدى ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ كۆچمەنلە 12 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان 120000 ئائىلە، تەخمىنەن 600000 مىڭ ۋاندىن ئوشۇق ئاھالى ئىدى. ئۇلار قەدىمىي ئۇيغۇر ماكانى-ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن زورايدى. ئاۋارلارنىڭ جازا ژۇرەۋزۇشىگە تاقابىل تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغىدەك كۈچ قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ئۆزلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىنى خالىمىغان ئاۋار قاغانى تولۇنخان II ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغايخانلار ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشتى. يايىق دالاسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قېرىنداشلىرىدىن مەدەت ئالغان كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئايۇجرۇ ۋە چونچىخانلارنىڭ قوماندانلىقىدا قوغلاپ كەلگەن ئاۋار ئەسكەرلىرى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ئۇچرىشىپ، ھەل قىلغۇچى جەڭگە كىرىشتى. ئۇيغۇرلار ئاۋارلارنىڭ جازالىغۇچى ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ شانلىق غەلىبە قازاندى. جەڭدە مەغلۇپ بولغان تولۇنخان II قېچىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خانزادىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئايۇجرۇخان موشۇ ئۇلۇق غەلىبىدىن كېيىن ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا (ھازىرقى ماناس شەھىرى ئەتراپىدا) يېڭى قەلئە سالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تارىختا ئالتىنچى قېتىم ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلدى. يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتى ئايۇجرۇ «ئۇلۇق تەڭرىقۇت» دەپ، چونچى بولسا «ئۇلۇق بەگ» دەپ ئاتالدى. بۇ دۆلەتنى خىتاي تارىخچىلىرى گاۋچى گو «ئېگىز ھارۋۇلۇقلار دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. بۇ دۆلەت ياش بولۇشىغا قارىماي، خېلە كۈچلۈك سەياسىي فىگۇرا بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ ئاز دېگەندە 600000 ئاھالىغا، 120000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىغا ئىگە ئىدى.

ئۇمۇمەن، قاڭقىللار 12 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەبىلە ئىدى. يەنە بىرى ئوغۇز دەپ ئاتالغان قەبىلە ئىدى.

ئۇنىڭ تېررىتورىياسى ھازىرقى ئۇيغۇرستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن، جەنۇبتا چەرچەن دەرياسىغىچە، شەرقتە قۇمۇلدىن، غەربتە قاراشەھەرگىچە، شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ مۇز داۋانىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالدا تۇراتتى. ئۇ شەرقتەب ئاۋارلار قاغانلىقىنىڭ، غەربتە ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسىنىڭ، جەنۇبتا بولسا تىبەتلىكلەرنىڭ ھەربىي تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ سىرتىدا خىتاي پادىشالىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ روناق تېپىپ، كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىماتتى. موشۇنداق شارائىتتا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىگەن ئۇلۇق تەڭرىقۇت ئايۇجرۇ ياش ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىختىسادىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا، مۇداپىە كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى ئاق ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. موشۇ ئاق ھۇنلاردىن كېلىدىغان خوۋۇپقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئايۇجرۇخان ئۆز ئىنىسى چونچىغا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى بېرىپ، قاراشەھەردە مۇداپىەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا، زور تۈركۈم ئەسكەرلىرىگە باش بولۇپ، ئاۋارلار قاغانلىقىدىن كېلىدىغان خوۋۇپقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي-شىمالدىكى ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا مۇداپىەدە تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن دىپلوماتىك چارە-تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ شەرقتىكى خوشنىسى توبا سىيانپىلار خانلىقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ ئەمەلىياتتا ئاۋارلارنىڭ تەجاۋۇزىغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن ھەربىي ئىتتىپاق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايۇجرۇخان دۆلەتنىڭ ئىختىسادىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، خەلق ئىگىلىكىنى رىۋاجلاندۇرۇش چارىلىرىنى قوللاندى.

ئۇ چاغدا دۆلەت تەۋەسىدىكى غەربىي ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن قىسمەن چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بولسا، ئاساسەن چارۋىچىلىق، قىسمەن دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. دېمەك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كانچىلىق ۋە سودا-سېتىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي تارماقلىرى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ژىللاردا موشۇ ئىگىلىكنى رىۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارىلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىگىلىكنىڭ رىۋاجلىنىشى، تېچلىق ئاسايىشلىق تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئورنىشى نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىمۇ تېز كۆتىرىلدى. قىسقىسى، مىللىي مۇستەقىللىك-ئۇيغۇر خەلقىگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇلۇق تەڭرىقۇت ئايۇجرۇ موشۇنداق ئىختىسادىي ھەربىي قۇدرەتكە تايانغان ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا ياتلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئۇيغۇر ژۇتلىرىنى ئازات قىلىش كۈرىشىنى باشلاۋەتتى. ئۇ دەسلەپ، تۇرپان

ۋىلايىتىنى ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن ئازات قىلدى. ئاۋارلارغا سېتىلغان تۇرپان خانى گەنشۇگۇينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆڭخۇاڭلىق بىر ئۇيغۇرنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لولان خانلىقىنىمۇ ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلدى. ئاندىن كېيىن تىبەتلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، لوبنور كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چەچەن خانلىقىنى ئازات قىلدى. ئۇيغۇر دۆلىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچ-قۇۋۋەت تېپىپ گۈللىنىۋاتقان موشۇنداق شارائىتتا ئاۋارلار قاغانلىقى بۇ دۆلەتكە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق، مىلادىنىڭ 508-يىلى ئاق ھۇنلار ئىمپېرىيىسى كۆپ سانلىق ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى (ئەسلىدە ئاق ھۇنلارمۇ ئۇيغۇر تىللىق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى). مەملىكەتنىڭ جەنۇبىي چېگارىسىنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان چونچىخان جەڭ مەيدانىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، مەرتلەرچە قۇرۇۋان بولدى. بىراق، قوماندانىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، مەغلۇپ بولدى. قاراشەھەر ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان ئاق ھۇنلار چونچىخاننىڭ: باتۇر، ئېلىبەگ دېگەن ئىككى ئوغلىنى ئەسىر قىلىپ، قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار قاراشەھەر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسلىدە ئايۇجىرۇ تەگرىقۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ يۈرگەن بەزى بەگلەر موشۇ مەغلۇبىيەتنى بانە قىلىپ، ئۇلۇق تەگرىقۇت ئايۇجىرۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بارىيان ئىسىملىق بىر بەگنى خان قىلىپ كۆتەردى. بىراق، ئايۇجىرۇ بىلەن چوچىنىڭ تەرەپدارلىرى بارىياننىڭ قانۇنسىز خانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى.

ئاق ھۇنلارنىڭ قولىدا تۇتقۇن بولۇپ تۇرغان چونچىخاننىڭ چوڭ ئوغلى **باتۇرخان** ئۇيغۇر دۆلىتىدە يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت كىرىزىسىنى تۈگىتىش مەخسىتىدە، ئاق ھۇن ئىمپېراتورىنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 509-يىلى ئۆز ئېلىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنى ھىمايە قىلغان ئوردا ئەمەلدارلىرى بارىياننى ئۆلتۈرۈپ، باتۇرنى خان قىلىپ تەختكە ئولتارغۇزدى. باتۇر خان بولۇپ تەختكە ئولتارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاق ھۇن بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. شۇ ئاتقىلىق ئاق ھۇنلاردىن كېلىدىغان خوۋۇپنى يوقاتتى. شەرقىي خوشنىسى توبا سىيانپىي دۆلىتى بىلەنمۇ ئىلگىرىدىن بار بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي سەياسىي جەھەتتىن قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. موشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن ئاۋارلار ئىمپېرىيىسگە تولۇق قارشى چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئاۋارلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار يەنە باشلىنىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 511-يىلى ئاۋار قاغانى توقخان ھەربىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، باتۇرخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. بارىكۆلنىڭ شىمالىدا بولغان ئۇرۇشتا باتۇرخان ئەسكەرىرى مەغلۇپ بولدى. بىراق ئۇ تاكتىكىلىق چېكىنىش قىلىپ ئۆز قوشۇنلىرىنى تالاپەتتىن ساقلاپ قالدى. توقخان بولسا، ئەپلىك پۇرسەت كەلگەندە جايىتا ھۇجۇم قىلىش مەخسىتىدە ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇلنىڭ شىمالدىكى تاققا بېرىپ جايلاشتى. شۇ ئارىدا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقدىشى توبا سىيانپىلار خانلىقىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان توقخان ۋەزىيەت ئۆزىگە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن كېچىپ، ئۆز ئېلىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ، تاغدىن چۈشۈپ، تۈزلەڭلىك ئارقىلىق چېكىندى. ئەھۋالنى سەگەكلىك بىلەن كۈزىتىپ تۇرغان باتۇرخان ناھايىتى تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئاۋار قوشۇنلىرىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. باتۇرخان باسقۇنچى توقخاننى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، غالىبىيەت نىشانى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقچىسى توبا سىيانپىلار دۆلىتىنىڭ خانىغا «سوغات قىلىپ» ئەۋەتىپ بەردى.

توقخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، تەختكە ئولتارغان شاھزادە چۇنۇخان ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن 5 يىل ھەربىي تەييارلىق كۆردى. مىلادىنىڭ 516-يىلى ناھايىتى كۆپ سانلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا چۇنخاننىڭ ئەسكەرلىرى غەلىبە قازاندى، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. دۈشمەنلەر باتۇرخاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ تارتقۇزۇپ، تېنىنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىدى. چۇنخان شۇنداق قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئالدى. باتۇرخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىبەگ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى بولۇپ تەختكە ئولتاردى. ئېلىبەگ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ خوشنىلىرى ئاق ھۇنلار بىلەن، توبا سىيانپىلار دۆلىتى بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى ساقلاپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي ۋە ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇردى. موشۇنداق تەييارلىقلاردىن كېيىن ئاۋارلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا ئاۋار قاغانى براھماننىڭ ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ، ئۇلۇق غەلىبە قازاندى. بىراق 9 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاۋار قاغانى ئايناغاي ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشى ئېلىبەگنىڭ سەھۋەنلىكىدىن ئەمەس،

ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان توبا سىيانپىلارنىڭ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن بولغان ئىدى.
مىلادىنىڭ 537-يىلى ئاۋار قاغانى ئايناغاي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى يوقۇمۇ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. جەڭدىن شەرەپسىز قايتىپ كەلگەن يوقۇنى ئىلبەگىنىڭ ئوغلى بەگچى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتاردى. بىراق بەگچىمۇ مەملىكەتنى ئېغىر ئەھۋالدىن چىقىرالمىدى، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇيغۇر دۆلىتى بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى.
تۈركلەر ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشاتتى. ئۇلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئاۋارلارنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئوغۇز تىللىق ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىدى. ئەينە شۇ تۈركلەر ئۆز خانلىرى ئاكا-ئۇكا بۇمىنخان (تۈمەنخان) بىلەن ئىستەمىخانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە باش كۆتىرىپ چىقتى. ئۇلار مىلادىنىڭ 546-يىلى كۈچ توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە ئىنتىلدى. ئەينە شۇ تۈركلەر ئاۋار قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېتىپ بارغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تار-مار قىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن ئەمەس، ئۆز قېرىنداشلىرى-كۆكتۈركلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، تارىختا «ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتالغان بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 487-يىلىدىن 546-يىلىغىچە 60 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.


## تەجرىبە-ساۋاقلار

ژۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ دۆلەت ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا قۇرۇلۇپ، قىيىن شارائىتتا ياشىدى. دۆلەتنىڭ 60 يىللىق دەۋرى پۈتۈنلەي دېگىدەك تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش، جەڭلەر ئىچىدە ئۆتتى. ئۇيغۇرلار ئەشۇ 60 يىل جەريانىدا شەرقتە ئەڭ كۈچلۈك ھېساپلانغان ئاۋارلار ئىمپېرىياسىنىڭ ئالدىنى توساپ، بۇ ئىمپېرىيانىڭ باشقا خوشنا ئەللەرگە تەجاۋۇز قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. موشۇنداق خەتەرجەم، تىنىچ شارائىتتا شەرقتىكى توبا سىيانپىلار دۆلىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكى بىلەن مەدەنىيىتىنى ئەركىن رىۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى. موشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە رەخمەت ئېيتىشى كېرەك!
ئىككىنچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا ئالتايدىكى تۈرك قەبىلىسى ئاۋارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىي ھەربىي كۈچىنى ئۇلغايتىپ، ئۆزىنى ئوڭشاۋېلىشقا مۇۋاپىق بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كۈچ توپلىغان ئەشۇ تۈركلەر ئۆز قېرىنداشلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆز قېرىندىشى بولغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئۆز قولى بىلە يوقىتىپ، چوڭ تارىخىي خاتالىق ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن پەقەت بىزنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرىمىز پايدا ئالدى.
ئېيىزھارۋۇلۇقلار دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن كۆكتۈركلەر دۆلىتى قۇرۇلدى. تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇز تىللىق گۇرۇپپىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىغا قارىماي، يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتنى مىللەتنىڭ نامى بىلەن «ئوغۇز دۆلىتى» دەپ ئاتىماي، قەبىلىنىڭ نامى بىلەن «كۆكتۈرك دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. بۇمۇ بىر تارىخىي خاتالىق بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىك بارتولد: **«تۈرك» بۇ بىرلىككە كەلگەن مىللەتنىڭ نامى بولماستىن، سەياسىي نام يەنى دۆلەتنىڭ نامىدۇر. كۆك تۈرك دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ئەسلى نامى ئوغۇزلار ئىدى»** دەيدۇ.
يەنە بىر تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ پىكرى بويىچە: **«ئەگەر مىللەت نەمىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، ئەڭ قەدىمقى تۇران نامىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى ئۇلار ھۇنلاردىنمۇ ئاۋال دۆلەت تەسىس قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇران نامىنى دۇنياغا تونۇتقان ئىدى». دېمەك، «تۇران» بۇ مىللەتنىڭ نامى ۋە ئىرقىنىڭ نامى. «تۈرك» بولسا، ئەسلىدە بىر قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. كېيىن دۆلەتنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن** («قەدىمكى مەركىزىي ئازىيا»، 115-بەت).
ئىككىنچىدىن، كۆك تۈرك دېگەن نام ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان تارىخىنى ئۈزۈپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا دۆلەتنى كىمنىڭ نامى بىلەن ئاتاش مەسىلىسىدە تالاش كېلىپ چىقتى. مىللەت نامىنىڭ ئورنىغا قەبىلە نامىنى دەسسەتكەن بۇ خاتالىقنىڭ دەردىنى تا بۈگۈنگىچە تارتىۋاتىمىز.
بىز تارىختا قىسقا ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆتكەن قاڭقىللار-ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، موشۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. بۈگۈنكى ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزدە ئەجدادلارنىڭ موشۇ خاتالىقىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم!

## ئېگىز ھارۋۇلۇقلار دۆلىتىدىكى خانلارنىڭ شەجەرىسى

| № | ئىسمى | پادىشالىق قىلغان دەۋرى |
|---|---|---|
| 1 | ئايۇجرۇ | 487-508 ژىللار |
| 2 | باريان | 508-510 ژىللار |
| 3 | باتۇرخان | 510-516 ژىللار |
| 4 | ئېلبەگ | 516-520 ژىللار |
| 5 | يۇقۇ | 520-537 ژىللار |
| 6 | بەگچى | 537-546 ژىللار |

## ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى



## 11ـ باپ

# ئاق هۇنلار (ئېفتالىتلار) ئۇيغۇر دۆلىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاق هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



ئاق هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قورغۇچىسى ـ ئاقشۇڭقارخان

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

بىز ژۇقارقى باپتا ئىگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىراق، ئىگىز ھارۋۇلۇقلار دۆلىتى شۇ دەۋىردىكى بىردىن-بىر ئۇيغۇر دۆلىتى ئەمەس.

ئەسلىدە ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاڭقىللار دۆلىتىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە ئىككى دۆلىتى مەۋجۇت بولغان ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى قېدىمقى تۇران تېررىتورىياسىدى ھالقىپ چىقىپ، خوشنا ئەللەرنىمۇ ئىستىلا قىلىپ، بۈيۈك ئىمپېرىيا دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن شۆھرەتلىك دۆلەتلەر بولغان ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىرسى-كۇشان ىمپېرىياسى، يەنە بىرسى ئاق ھۇن ئىمپېرىياسى. تارىخىي دېرەكلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كۇشان ئىمپېرىياسىنىڭ تېررىتورىياسى: شىمالدىكى سوغدىيانە ئۆلكىسىدىن جەنۇپتىكى ھىندى دەرياسىغىچە، شەرىقتىكى پامىر تېغىدىن غەرىپتىكى پارفىياگىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ پايتەختىمۇ ھازىرقى ئاۋغانىستاندىكى بەلخ شەھىرى بولغان ئىدى. كۆرۈپ تۇرۇمىزكى، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى ھازىرقى ئۇيغۇرستان زىمىنىنىڭ سىرتىدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن گەرچە بۇ دۆلەتنى قۇرغۇچىلار ھەم مۇۋاپىقىيەتلىك باشقۇرغان خانلار ئۇيغۇر تىللىق تۇخار قەبىللىرى بولسىمۇ، بۇ دۆلەتنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىز دەپ ھېساپلىدىم.

ئەندى ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسىگە كەلسەك، بۇ ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىياسى شەرىقتە ئۇيغۇرستاننىڭ قاراشەھەر رايونىدىن غەرىپتە ئىراننىڭ ساسانىيلار دۆلىتى چېگارىسىغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلدىن جەنۇپتا ھىندىستاننىڭ گاڭگ دەرياسى ۋادىسىغىچە سوزۇلغان ئىدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇيغۇرستان تېررىتورىياسىنىڭ مۇتلاق كۆپ قىسمى، كېيىنرەك ھەممىسى موشۇ ئىمپېرىيانىڭ تەۋەلىگى بولغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي پۇخرالىرىمۇ ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر بولغان ئىدى. دېمەك، خەلقىمىزنىڭ 140 ژىللىق تارىخى ۋە تەغدىرى موشۇ ئىمپېرىياگە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىز ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى ھەققىدە سۆز ئاچماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ 140 ژىللىق تارىخى يېپىق بويىچە قالىدۇ. يەنە بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى باپتا ئاق ھۇنلار دۆلىتى توغرىلىق قىسقىچە بولسىمۇ مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## §1. ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر ھۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىمپېريا دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشى

ئاق ھۇنلار دېگىنىمىز زادى كىملەر؟

شۇ زاماندا كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي-شىمالىدا ياشايدىغان تۇران (تۈركىي) تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر تايىپە بار ئىدى. بۇ تايىپە ئۇلۇق ياۋچىلار (تۇخارلار) بىلەن ھۇنلارنىڭ ئېتنىك قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان تايىپە ئىدى. ئۇلارنى ئېۋروپىلىقلار «ئېفتالىتلار» دەپ ئاتىسا، ۋىزانتىيا تارىخچىسى پ.كىسارسكىي « ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەزەلدىن جەڭگىۋار بولغان بۇ چەۋەنداز قەبىلىلەر ھۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەياسىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇۋېلىشقا ئىنتىلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن شەرىققە ژۈرۈش قىلىپ، ئارالدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان كەڭ زىمىنلارنى ئىگەللىدى. ئاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاپ جەنۇپقا قاراپ ژۈرۈشنى باشلاپ، باكتىريا (ھازىرقى ئاۋغانىستان) تېررىتورىياسىنى ئىگەللەپ ياتقان كۇشانلار ئىمپېرىياسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇۋېلىشتى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى: بۇ دەۋىردە كۇشان ئىمپېرىياسى ئۆزىنىڭ غەرىپتىكى خوشنىسى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار ھاسىراپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. دەل موشۇ دەۋىردە ئاق ھۇنلارنىڭ تۇنجا خانى باراخ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئاقشۇڭقار پادىشالىق تەختىگە ئولتاردى. ئاق ھۇنلار كۇشان خانى كىتارادىن باكتىريانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، غەرىپتىكى خوشنىسى ئىرانىيلار بىلەن، جەنۇپتىكى خوشنىسى ھىندىستان بىلەن يۈزمۇ-يۈز دۈچ كەلدى. بۇ ئەھۋالدا ئاق ھۇنلارنى كۈچلۈك دۈشمەنلەرگە قارشى قاتتىق جەڭلەر كۈتمەكتە ئىدى. ۋەزىيەتنى دۇرۇس مۆرچەرلىگەن ئاقشۇڭقارخان جىددىي ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدى بىلەن ساسانىيلار بېسىۋالغان تۇران زىمىنى خۇراسانغا بېسىپ كىردى. ئۇ زاماندا ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى بەھرام گور بولۇپ، ئۇرۇشقا تەجرىبىلىك قوماندان ئىدى. بەھرام گور كۆرۈنۈشتە بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىۋار قىلمىغاندەك بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىمالدىكى ئەزەربەيجان دالاسىغا ئوۋ ئوۋلاشقا ماڭدى. ئاندىن كېيىن، ئاق ھۇن ئەسكەرلىرى قوماندانىنىڭ بىخوتلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئاق ھۇن قوشۇنىنى ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. مەرۋە شەھىرىنىڭ يېنىدىكى كۇسمىھان دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئاق ھۇنلارنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، سەركەردىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئامالسىز قالغان ئاق ھۇنلار ئامۇدەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىندى. شۇنداق بولسىمۇ، موشۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىر كېلىشىم تۈزۈلدى. كېلىشىم بويىچە، بەلخ شەھىرىدىن 400 چاقىرىم ژىراقلىقتىكى تالخان دېگەن يەرنى چېگارا قىلىپ بەكىتىپ، شۇ جايغا چېگارا تېشى ئورنىتىلدى. بەھرام ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

ئوغلى پىرۇز شاھ بولغاندىن كېيىن جۇقارقى كېلىشىم شەرتىنى بۇزۇپ، مىلادىنىڭ 480-ژىلى ئاق ھۇنلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى باكتىرىياگە ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا ئاقشۇڭقارخان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تۇرمانخان خان بولغان ئىدى. بىرىنچى ئۇرۇشتا پىرۇز مەغلۇپ بولۇپ، تۇرمانخانىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، بىراق تۇرمانخان ئۇنىڭ ئۆلتۈرمىدى. پىرۇش ئۆزىنىڭ سەھۋەنلىكى ئۈچۈن كۆپ مىقداردىكى قىممەتلىك ماللارنىڭ سوغا قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تالخان شەھىرىنى ئاق ھۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن تۇتقۇنلۇقتىن ئازات بولۇپ ئۆز ئېلىغا كەتتى. بىراق، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن پىرۇز ئۆزىنىڭ غەربىي خوشنىسى ۋىزانتىيا ئىمپېرىيەسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈچ ۋە ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئاق ھۇنلار تېررىتورىياسىگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كەلدى. بىراق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ يەنە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قېتىم پىرۇز تۇرمانخانغا 30 خېچىرغا ئارتىلغان كۈمۈچنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى كاۋادنى بارىمتايلىققا قويۇپ، ئاندىن كېيىن تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئېلىغا كەتكەن ئىكەن. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، پىرۇز مىلادىنىڭ 484-ژىلى ئاق ھۇنلار تېررىتورىياسىگە 3-قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىرگەن. بۇ قېتىم ئاق ھۇن ئەسكەرلىرى تاكتىكا ئىشلىتىپ، بىر مەيدان ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپ قاچقان، ئىران ئەسكەرلىرى بولسا كۆرەڭلەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىن قوغلاپ ماڭغان. شۇنداق قىلىپ، ئاق ھۇنلار ئىران ئەسكەرلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان قاپقانغا چۈشىرىپ، پۈتۈنلەي قىرىۋەتكەن ئىكەن. موشۇ جەڭدە پىرۇز شاھنىڭ ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىرانىڭ ساسانىيلار سۇلالىسى ھەر ژىلى ئاق ھۇنلارغا سېلىق تۆلەپ تۇرۇدىغان بېقىندا دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان.

ئاندىن كېيىن ئاق ھۇنلار تۇرمانخانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي خوشنىسى ھىندىستان زىمىنىغا بېسىپ كىرىپ، جامنا، گانگ دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، سىند، كاتىخى، ئاۋار، مالۋا، گۇجرات قاتارلىق ئوتتۇرا ھىندىستان زىمىنلىرىنى ئىگەللىۋالغان.

تۇرمانخانىنىڭ ئوغلى مىھرا قۇلا خانلىق قىلغان دەۋرىدە بولسا، ئاق ھۇن ئىمپېرىياسىنىڭ تېررىتورىياسى كېمىيىپ، ئوتتۇرا ئازىيا، ئوتتۇرا ھىندىستان، تارىم ۋادىسى، جۇڭغار دالاسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق زىمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۇرالارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھەر قايسى ۋىلايەت-ئايماقلارغا ئۇنى باشقۇرىدىغان خانلار بىلەن تېكىنلەرنى قويغان. شۇنداق قىلىپ، ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى يالغۇز تۇران زىمىنىلا ئەمەس، خوشنا ئەللەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆز دەۋرىدە مىسلىسىز بۈيۈك ئىمپېرىيا بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ھىندىستانىنىڭ گانگ ۋادىسىغىچە بولغان زىمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇش جەھەتتىن ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسىدىن ئىلگەركى ۋە كېيىنكى ئىمپېرىيالەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمىدى.

مىلادىنىڭ 542-ژىلى مىھرا قۇلانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ياغۇلاق خان بولدى. بىراق بۇ دەۋردە ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى قايتا گۈللىنىشكە ئېرىشەلمىدى. ئارىدىن 18 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 560-ژىلى ئۆزۈل-كېسىل ھالاك بولدى. بۇ ھالاكەتنىڭ سەۋەپلىرى:

1). ئىچكىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە خانلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بۇ دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدى. قاغانلىققا قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلار بولسا، ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى.

2). غەرىپتە ئىران شاھى نوشىراۋىنىڭ ھۇجۇملىرى، شەرىقتە يېڭىدىن باش كۆتەرگەن كۆك تۈرك خانلىرى مۇقانخان بىلەن ئىستىمىخانلارنىڭ ھۇجۇملىرى ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسىنى ئۆزۈل-كېسىل ھالاك قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئازىيا قىتئەسىدە شىردەك ھۆكۈرەپ ژۈرگەن ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى بارىيوقى 140 ژىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى. بۇ ئەمەلىيات، باشقا خەلقلەرنىڭ زىمىنلىرىنى بېسىۋېلىش، ئۇلارنى قۇل قىلىش ھېساۋىغا قۇرۇلغان ئىمپېرىيالەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇ زاماندا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغان ئىدى؟ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىي. تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بايان قىلىنىشىچە:

«ھۇن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، شەرىقتە سىيانپىلار دەپ ئاتالغان يېڭى سەياسىي ھاكىمىيەت قەد كۆتىرىپ چىقتى. سىيانپىلار شەرىقتىكى سېرىق دېڭىزدىن غەرىپتىكى بالقاش كۆلىگىچە، شىمالدىكى بايقال كۆلدىن جەنۇپتىكى خۇڭخې دەرياسىغىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيالەرنى ئىگەللەپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ژۈرگۈزدى. بىز بىلىمىزكى، ھىنگان تېغىنىڭ غەرىپ تەرەپتىكى قىسمى قېدىمىي زاماندا تۇران دۆلىتىنىڭ زىمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ھۇن دۆلىتىنىڭ زىمىن بولغان ئىدى. بۇ زىمىندا ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر (تۇران) تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئىدى. مانا موشۇ غەرقىي ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 141-ژىلدىن 235-ژىلغىچە 94 ژىل بويى سىيانپى دۆلىتىنىڭ ئىدارىسى

ئاستىدا ياشىدى. سىيانپى دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان ھۆكۈمران مىللەت، ھازىرقى مانجۇرىيادىكى سىيانپى تېغى بىلەن ئۇخۇئەن تېغىنى ماكان قىلغان تۇڭگۇس نەسىللىك تايىپە ئىدى. دېمەك، شەرقىي ئۇيغۇرلار موشۇ 100 ژىلغا يېقىن شەرقتىكى تۇڭگۇس نەسىللىك سىيانپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان.

كېيىن بولسا، سىيانپى دۆلىتى 2گە بۆلۈنۈپ كەتتى. سىيانپىلارنىڭ مۇرۇن قەبىلىسى يەن دۆلىتىنى، توقبات قەبىلىسى شىمالىي ۋېي خانلىقىنى قۇردى. شىمالىي ۋېي خانلىقى جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ II ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ جۇڭگودا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىتانلار، موڭغۇللار ۋە مانجۇرلاردىن ئاۋال خىتايدا بىرىنچى قېتىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇڭگۇس نەسىللىك خەنزۇ ئەمەس خەلىق ئىدى. VI ئەسىرگە كەلگەن ۋېي خانلىقى يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى كۆكتۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي ئابىدىلەر بىلەن مەنبەلەردە ۋېي خانلىقىمۇ خىتايلار بىلەن ئوخشاش «تاۋغاچ خان» دەپ ئاتالغان. موشۇ ۋېي خانلىقى خەنزۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىمۇ باشقۇرغان ئىدى. دېمەك، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ 2 ئەسىرلىك تارىخى ۋە تەغدىرى موشۇ ۋېي خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى.

### §2. ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سەياسەت

ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسى ئۆزىدىن ئاۋالقى كۇشان ئىمپېرىياسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ سەياسىي ھۆكۈمرانلىق تەختىگە يەر=ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، كۇشان ئىمپېرىياسى دەۋرىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەتكىمۇ ۋارىسلىق قىلدى. يەنى شۇ دەۋردە ئېرىشكەن مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئاق ھۇنلار ئۆز رەقىپلىرىگە قارشى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار شارائىتىدا ياشىغان بولسىمۇ، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئوترار بىلەن ھىراتنى ۋەيران قىلغاندەك شەھەر مەدەنىيىتىنى خاراپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئەسىچە ئۆزلىرى ئىدارە قىلغان خارەزم، سوغدى، پەرغانە ۋە تارىم ۋادىلىرىدا يېڭى سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلدى. يېڭى شەھەرلەر، يېڭى ئاھالىلىق يۇرتلارنى، يول ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان راباتلارنى ياساتتى. ئاق ھۇنلارنىڭ دەۋرىدە خەلىق ئارا سودا كارۋانلىرى ھېچ بىر توسقۇنلۇقسىز راۋان ھالدا مېڭىپ تۇردى. شەرقتىكى چىن ئېلىدىن غەرپتىكى ساسانىيلار سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سودا يولىنى كونترول قىلغان ئاق ھۇنلار بۇ سودىدىن ئۆزلىرىمۇ كۆپ پايدا ئالدى. سودا-سېتىق ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئالتۇن بىلەن كۈمۈچتىن ئاقچىلار قويۇلۇپ، ئىستىمالغا چىقىرىلدى. ئارخېئولوگىيالىك تەكشۈرەشلەردە شۇ زاماندا ئىشلىتىلگەن قارۇشتى يېزىغىدىن خەت-چەكلەر، بۇ خەت-چەكلەرگە ئۇرۇلغان مۆھۈر-تامغىلار كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ بولسا، شۇ زاماندا دۆلەت ئىچىدە خەت-چەك توشۇيدىغان پوچتاخانىلارنىڭ ئىشلىگەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق پوچتىلار ئېۋروپىدا XVII ئەسىردە (ئاق ھۇنلاردىن 1100 ژىل كېيىن) ئىشلەشكە باشلىغانلىغىنى بىلىمىز.

ئاق ھۇنلار ئۆز ئىدارىسى ئاستىدىكى خەلىقلەرنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگىنىمۇ ھۆرمەت قىلغان. مەسىلەن: تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشىنىمۇ، خارەزم ۋە سوغدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقات قىلىشى بىلەنمۇ، دۆلەتنىڭ غەربىي تېررىتورىياسىدىكى پۇخرالارنىڭ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىشىنى ئوخشاشلا قولىغان.

ئوتتۇرا ئازىيانىڭ شەھىرى سەبز، ساگانىئان، پەنجىكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، بەرەھشاھ، قەرشى، ۋەخش قاتارلىق قېدىمىي شەھەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيالىك قېزىپ-تەكشۈرۈشلەر ۋاقتىدا IV-V ئەسىرلەردىكى ئاق ھۇنلار دەۋرىگە ئائىت ناھايىتى كۆپ ماتېرىئاللار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىشىرىلگەن ساپالنىڭ سىرتىغا چۈشىرىلگە تېياتر، مۇزىكا، ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى، مېتالل ۋە تاشتىن ئىشلەنگەن چىرايلىق ھەيكەللەر، سارايلارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق قىزلار، ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەر بىلەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئوبرىزى تەسۋىرلەنگەن ياغاچ ئويما سۈرەتلەر، ئېلىشىۋاتقان شىر بىلەن يولۋاس، ئاتلىق چەۋاندازلار، قاتار تىزىلىپ تۇرۇشقان چەت ئەل ئەلچىلىرى، مەشرەپتە مەي پىيالىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان قىلىچ ئاسقان مويلاۋلىق كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بار. بۇ سۈرەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ قىياپەتلىرى، كىيىنىشلىرى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋىي ساپاسىمۇ خېلە ژۇقۇرى بولغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېكسپوناتلارنى تەكشۈرگەن ئالىملار: بۇلارنىڭ ھەممىسى IV-V ئەسىرلەردىكى كۇشانلار ئىمپېرىياسى بىلەن ئاق ھۇنلار ئىمپېرىياسىگە تەئەللۇق دەپ بېكىتىشتى.

خۇددى XVIII ئەسىردە ياشىغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مۇھەممەد ئىبن ئەلى ئېيتقىنىدەك، قېدىمىي زاماندا بۈيۈك بوۋىمىز ئەپراسىياپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سالدۇرغان بۇ شەھەرلەردە مۇنداق مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىشى ھەجەپنەرلىك ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، موشۇ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ھۆكۈمدار خاقانلىرىغا «ئاپىرىن!» ئېيتماسلىق مۇمكىن ئەمەس.


ئەندى، ئاق ھۇنلار ىمپېرىياسى خاقانلىرىنىڭ سەياسىي پەزىلىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

پادىشا-خاقانلارنىڭ ئۇلۇقلىغى ئۇلارنىڭ قانچىلىك كەڭرى يەرلەرنى بېسىۋالغانلىقى، قانچىلىك كۆپ خەلىقلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئەكسى ھالدا شۇ كىشىلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە جەمىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى قانچىلىك ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، ئۆز پۇخرالىرىنىڭ بەختىلىك ياشىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. موشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاق ھۇن دۆلىتىنىڭ خاقانلىرى باشقىلارغا قارىغاندا ئۈلگىلىك خاقانلار بولغان ئېدى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقى بىلەن ئەمەس، ياخشىلىقى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇشقان. بۇ توغرىلىق تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەيدۇ:

«ئاق ھۇنلار شۇنداق بىر ئىمپېرىيانى قۇرۇپ چىقتىكى، ئۇلار تۇران زىمىنىدا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان مۇنداق سەلتەنەتنى ھۇنلارمۇ، كۆكتۈركلەرمۇ، ئۇيغۇر قاغاناتىغىمۇ، قاراخانىيلارمۇ، غەزنەۋىيلەر بىلەن بابۇرىيلارمۇ قۇرالىغان ئەمەس. ئىككىنچىدىن: ئاق ھۇنلار ھەم پاراسەتلىك، ھەم جاسارەتلىك خاقانلارنى ئارقى-ئارقىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقالىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى خانلارغا ئوخشاش چەت ئەل مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش ماجرالىرىغا پېتىپ قالمىدى. ھۇن تەڭرىقۇتى قۇتىبۇشقا ئوخشاش ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆز سەلتەنەتىگە داغ چۈشۈرىدىغان چاكىنىلىقنى قىلمىدى. ئاتىللادەك چەت ئەل مەلىكىسىنى ئالىمەن دەپ توي كېچىسى ئۇنىڭ زەھىرى بەن زەھەرلىنىپ ئۆلمىدى. پىرۇزغا ئوخشاش نامەرتلەرگە ئالدىنىپ دۆلىتىنى زىيانغا ئۇچراتمىدى. قىسقىسى، ئۆز سەلتەنەتىگە داغ تەككۈزمىدى. شۇڭلاشقا باراخ خان، ئاقشۇڭقار خان، تۇرمانخان، مىھرا قۇلا خان، ياغۇلاق خانلارنىڭ ناملىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

**ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانلىرى شەجەرىسى**

| | |
|---|---|
| 1). باراخ خان | 420-430 ژژ. |
| 2). ئاقشۇڭقار | خان 430-480 ژژ. |
| 3). تۇرمانخان | 480-505 ژژ. |
| 4). مىھرا قۇلا خان | 505-542 ژژ. |
| 5). ياغۇلاق خان | 542-560 ژژ. |



**ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (ئۆ. ئىبراھىم «ئۇيغۇر تارىخى»، 65-بەت)**

## 12- باپ


## كۆك تۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى



كۆك تۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بۇمىن قاغان (VI ئەسىر).



www.uyghurkitap.com

كۆك تۈرك ئۇيغۇر دلۆلتىنىڭ يابغۇسى (باش ۋەزىرى) ئىستىمخان.

## 1§. تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار

شەرىق تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئازىيا قىتئەسىدە مىلادىنىڭ 551-ژىلىدىن 745-ژىلغىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن دەۋىردە «كۆكتۈرك قاغانلىغى» دەپ ئاتالغان بۈيۈك دۆلەت ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى.

«كۆكتۈرك قاغانلىغى تازا گۈللەپ ياشىنغان دەۋرىدە بۇ قاغانلىقنىڭ تېررىتورىياسى شەرىقتە ساخالىن ئارىلىدىن، غەرىپتە قارا دېڭىزغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ئەتراپى بىلەن ئاناساي (ئېنىسېي) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن، جەنۇپتىكى سەددىچىن سېپىلى، غەربىي-جەنۇپتىن ھىندىستانغىچە سوزۇلغان ئىدى» (تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، I كىتاپ، 99-بەت). موشۇ ئىككى ئەسىردە، موشۇ جۇغراپىيالىك كەڭلىكتە ياشىغان ئېتنىك كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ھەر خىل بولغان ھەم تۈرلۈك تىللاردا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنىڭ ھەممىسى (شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ) كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ پۇخرالىرى بولۇپ ياشىغان ئىدى. بىراق،بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلار يات بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئېكەن دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، تۈركلەر يات خەلىق ئەمەس. ئۇيغۇر نەسلىدىن كېلىپ چىققان قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، بۇ دۆلەتنى تەسىس قىلغان، ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتارغان قاغانلارنىڭ كۆپچىلىگى تۈرك قەبىلىسىگە مەنسۈپ بولسىمۇ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى دايىملا تۈركلەرنىڭ قولىدا بولغان ئەمەس. مەسىلەن: شەرقىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ پۇخرالىرى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن سارتادۇشلار ئىنەن قاغاننىڭ رەھبەرلىگىدە ئىسيان كۆتىرىپ، مۇستەقىلىق جاكالاپ، 646-628 ژىللاردا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇپ ياشىغان. غەربىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بولسا، 742-711 ژىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان قاغانلارنىڭ قولىدا بولغان. تۈركەشلەر 31 ژىل ئەلنى باشقۇرغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت ھوقۇقى قايتىدىن تۈرك قەبىلىسى ئاشىنا ئۇرۇغىنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

ئۈچۈنچىدىن، بۇ مەملىكەتنىڭ پۇخرالىرى ئاساسەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر، ئارمىيادىكى سەردار ۋە جەڭچىلەرنىڭمۇ مۇتلاق كۆپچىلىگى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىدى. خىتاي تارىخچىلىرى يازغان «شىمالىي خانلىقلار تارىخىنىڭ» «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا: «تۈركلەر ئۆز ئارمىياسىنى تۈزۈپ، تېررىتورىياسىنى كەڭەيتىشتە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىختىسادىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىنى قولغا كىرگۈزدى» دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن تۈرك قاغاناتىنىڭ ئاساسىي ھەربىي ۋە ئىختىسادىي كۈچى ئۇيغۇرلار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىدىغان بولساق، تۈركلەر قېدىمىي زاماندا يايىق (ئۇرال) ۋە ئېدىل (ۋولگا) دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا؛ ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە، يەنە بىر قىسمى سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا قەبىلە-قەبىلە بولۇپ ياشىغان. تارىخچىلارنىڭ، شۇ جۈملىدىن تۇرغۇن ئالماسنىڭ بايان قىلىشىچە: يايىق ۋە ئېدىل بويىدا ياشىغان تۈركلەر-ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇز نەسلىدىن كېلىپ چىققان ھازارلار بىلەن؛ ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغان تۈركلەر «ئون ئۇيغۇرنىڭ» ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن؛ سېلېنگا، ئورخۇن دەريالىرىنىڭ بويىدا ياشىغان تۈركلەر بولسا، «توققۇز ئۇيغۇرنىڭ» ھۇن قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەرنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقاتى، تۇتېمى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش دېگىدەك بولغان. موشۇ يېقىنچىلىققا قاراپ: تۈركلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تېگى بىر خەلق بولسا كېرەك دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ پەرەزنى تۈركشۇناس ئالىم، پروفېسسور ئا.ن بېرنشتام ئىلمىي دەلىللەر بىلەن تەستىقلىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرىدە:

«خىتاي مەنبەسىدىكى گېنولوگىيالىك مەلۇماتلار شەرقىي تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى **ئاشىنا** ئۇرۇغىدىن دەپ، ئاشىنا ئۇرۇغىنى بولسا ھۇنلارغا باغلاشتۇرىدۇ.

«جۇنامە تەزكىرىسى»نىڭ 50-ژىلدىدا: «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ بىر ئۇرۇغى بولۇپ، ئۇلارنىڭ فامىلىياسى ئاشىنا ئىدى» دەپ خاتىرلەنگەن.

ھۇنلار بولسا، توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى ھېساپلىنىدۇ. قېدىمىي زاماندا «ئون ئۇيغۇرلار» تارىم ۋادىسىدا ۋە ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغانلىقى مەلۇم. ئالتاي ئەتراپىدىكى كۆچمەنچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا ئەينە شۇ «ئون ئۇيغۇرلار»غا مۇناسىۋەتلىك.قېدىمىي زاماندىكى تۈركلەرنىڭمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بەرىنى توتېم قىلغانلىقى ئەينە شۇ يېقىنچىلىقنى كۆرسەتسە كېرەك» دەيدۇ. ئالىم ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ «جۇن» (توققۇز ئۇيغۇر) «دى» (ئون ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ چوڭ گۇرۇھلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان ئىدى. مەركىزىي ئازىيادىكى شۇنداق چوڭ بىرلەشمىلەرنىڭ بىرى-ئورخۇن تۈركلىرى، بىرسى-ئالتاي تۈركلىرىدۇر. دېمەك، شەرقىي تۈركلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇن قەبىلىلىرىدىن؛ ئالتاي تۈركلىرى بولسا، ئون ئۇيغۇرنىڭ ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان. ژىغىپ ئېيتقاندا: تۈركلەر ئېتنىك كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر قىسمى ئون ئۇيغۇرلارغا، يەنە بىر قىسمى توققۇز ئۇيغۇرلارغا باغلىنىدۇ» دەيدۇ. («ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى»، 21-بەت).

بەزى ئالىملار، مەسىلەن ياپون تارىخچىسى سۇنتايان شۇنەن، مانسۇدا توشۇ قارتارلىقلار تۈركلەرنى دىڭلىن ۋى تىللاردىن كېلىپ چىققان دېسە، يەنە بەزى ئالىملار ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ.

خىتاي تارىخچىسى شىيە زۇڭجىڭ: «غەربىي تۈركلەر ساقلارنىڭ ماساغېت قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان»، دېسە «جۇنامەنىڭ» «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدا «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر نەسلى» دېيىلگەن. پارس تارىخچىلىرى بولسا «تۈركلەر-ئۇچلۇق قالپاقلىق ساقلار بىلەن بۆرىنى توتېم قىلغان تۇرالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران ئاشىنا ئۇرۇغى ئەينە شۇنداق دەپ ھېساپلىنىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ياپون تارىخچىلىرى ئېيتقان دىڭلىن، تىللار بولسۇن، «جۇنامەدە» ئېيتىلغان ھۇنلار بولسۇن ياكى پارس تارىخچىلىرى ئېيتقان ساقلار بىلەن تۇرالار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۈركلۈك قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت، خالاس. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بىز ئېيتقان «تۈركلەر ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن ھۆكۈم تالاشسىز ھەقىقەت. دېمەك، كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ژۈرگۈزگەنلىگى بۇ ھەرگىزمۇ يات بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ئەمەس. ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى «تۈرك» ناملىق قەبىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتۈرك دۆلىتىنى «كۆكتۈرك ئۇيغىر دۆلىتى» دەپ ئېيتىشقا تولۇق ئاساسىمىز بار.

ۋۇمۇمىيلىق ئىچىدە خاسلىق بولغىنىدەك، تۈرك قەبىلىسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى بار، ئەلۋەتتە. ئۇمۇمەن، تۈركلەر چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان خەلق ئىدى. ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشىغان تۈركلەر بولسا، چارۋىچىلىق كەسپىگە قوشۇمچە تۆمۈرچىلىك ۋە زەرگارلىق كەسپلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇلار تۆمۈر ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سايمان-جابدۇقلارنى، ئىشلەپ چىقىرىش قۇراللارنى، ھەربىي ئىشتا قوللىنىدىغان قۇرال-جابدۇقلارنى ياساتتى. ئالتۇندىن ۋە باشقا رەڭلىك مېتاللاردىن زىنەت بۇيۇملىرىنى، قىسمەن تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىراتتى. تۈرك ئۇستىلىرى تەييارلىغان بۇ خىل مەھسۇلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، خوشنا ئەللەرگىمۇ ئاپىرىپ سېتىلاتتى. بىراق، تۈركلەر مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە

ئېگە بولماي، قېدىمىي زامانلاردا تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، كېيىن هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، ئاخىرىدا ئاۋار قاغانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان بولغاچقا، ئۇلار ياشىغان زەرگارلىق بۇيۇملىرى هۆكۈمران مىللەت بەگزادىلىرىنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك، هاشامەتلىك تۇرمۇشىنى زىنەتلەش ئۈچۈن؛ ئۇلار ياسىغان ھەربىي قۇراللار بولسا، هۆكۈمران مىللەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئېهتىياجىنى قامداش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋار قاغانلىرى تۈركلەرنى كۆزگە ئىلماي «مېنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئەندى «تۈرك» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، تارىخچى تۇرغۇن ئالماس مۇنداق دەپ يازىدۇ: تۈرك-سۆزىنىڭ مەناسى «قۇدرەتلىك، كۈچلۈك» دېگەن بولىدۇ. «كۆكتۈرك» دېگەن ئاتالغۇ بولسا، نوقۇل هالدا رەڭنى بىلدۈرمەستىن «ئىلاهى تۈرك» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى تۈركلەر كۆك ئاسماننى: «تەڭرىم تۇرىدىغان مۇقەددەس قارارگاھ» دەپ چۈشىنەتتى. «تۈرك» دېگەن نام قېدىمىي زاماندا مۇئەييەن تېررىتورىيادە ياشايدىغان تۈرك قەبىلىرىنىڭ ئىتتىنىك نامى ئىدى» دەيدۇ.

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن بولسا:

«تۈرك كەڭ مەنادىكى ئاتالغۇ، ئۇ هېچ قاچان دىنىي رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلغىنىدەك، نوهنىڭ ئوغلى ياپەستىن تارالغان ئەمەس ياكى ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدە ئېيتىلغىنىدەك، پەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرى «تۇردىن» تارالغانمۇ ئەمەس» دەيدۇ.

ئاكادېمىك بارتولد بولسا: «تۈرك» نامى بىرلىككە كەلگەن مىللەتنىڭ نامى بولماستىن، دۆلەتنىڭ نامى. ئەسلىدە، كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئاهالىسى ئۇيغۇرلار يەنى ئوغۇزلار بولغان ئىدى. سارتاردۇش بىلەن تۆلەسلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ تارماقلىرى ئىدى»-دەپ يازغان.

ۋامبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرك «ئىدەم»، «كىشى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئاكادېمىك رادلوۋ ئېيتقاندەك «تۈرك» ئاتالغۇسى قېدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «كۈچلۈك»، «باتۇر» دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. ئەسلىدە تۈركلەر هۇن ئىمپېرىياسى تەركىۋىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى ئىدى. كۆكتۈرك قاغاناتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈرك قاغانلىرى مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىدە ياشايدىغان بارلىق خەلقلەرنى (ئۇلارنىڭ قانداق نەسلىگە مەنسۇپ بولغانلىقىغا قارىماي) ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ بىرلا قەبىلىنىڭ ئېتنىك نامى بولۇشتىن قالدى. ئۇ ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن تۈرلۈك تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ تۈرك قاغانلىرى «تۈرك» دېگەن نامنى ئىلگىركى «تۇران» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇشقان ئىدى. بىراق، زورلاپ تېڭىلغان بۇ نام ئىمپېرىيا تەركىۋىدىكى باشقا خەلقلەرگە سىڭمىدى. كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ غۇلاپ چۈشىشى بىلەنلا باشقىلارغا زورلاپ تېڭىلغان «تۈرك» دېگەن نام ئۆز-ئۆزىدىن چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن: شەرقتىكى مانغۇلار، موڭغۇللار، كورېيلار ۋە باشقىلار، غەربتىكى: فىنلار، چېرمىشلار، ئارىيلار، ئاسېتىنلار، مورداۋلار ۋە باشقا خەلقلەر زورلاپ تېڭىلغان «تۈرك» دېگەن نامنى تەرك ئېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋېلىشتى. ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى شۇنداق ئەسلى ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

هازىرقى كۈندە مەركىزىي ئازىيا بىلەن ئوتتۇرا ئازىيادە ياشايدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر: ئۆزبەكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە باشقىلار ئانتروپولوگىيا جەهەتتە ئوتراقلىققا ئېگە قېرىنداش خەلقلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن مىللەت دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئۇلار «تۈرك» نامىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ناملىرى بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ. بىزچە، بۇ پۈتۈنلەي توغرا ئەمەلىياتقا ئۇيغۇن، چۈنكى بۇ خەلقلەر ئاللىقاچان قەبىلە دائىرىسىدىن چىقىپ مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتلىرىگە ئېگە بولۇپ، دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن زامانىۋىي مىللەتلەردۇر. موشۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇرلارنىمۇ، بۇ خەلقلەرنىمۇ: «تۈرك مىللىتىنىڭ قەبىلىلىرى»-دەپ ئاتاش ئىلمىي مەۋقىيە ئەمەس، ئەمەلىياتقىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى يوقىلىپ، ئارىدىن 1259 ژىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بەزى زىيالىلىرىمىزنىڭ «مىللىتىمىز-تۈرك، ۋەتىنىمىز-شەرقىي تۈركىستان»-دېگەن شىئارنى كۆتۈرۈپ ژۈرۈشى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئېكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

## §2. كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

بىز ژۇقۇرىدا «تۈركلەر» ئاۋال تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، ئاخىرىدا ئاۋارلار قاغانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاپ ئۆتكەن ئىدى»، دەپ ئېيتتۇق. ئەينە شۇنداق مىللىي زۇلۇم ۋە هاقارەتكە تۆزمىگەن ئاتلاي تۈركلىرى، ئاۋارلارنىڭ خوشنا مەملىكەتلەر بىلەن ئۆز ئارا رىقابەتچىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاپ، تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋال ئۆزلىرىگە خوشنا بولغان «ئېگىز هارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتى» ئاندىن كېيىن

سارتادۇشلارنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇۋالدى. بېقىندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ ئىختىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، ئاۋارلارنىڭ مىللىي زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىدى. بۇ ئۇلۇق غايىنى ئالتاي تۈركلىرىنىڭ خانى تۇرۇم يابغۇنىڭ ئوغۇللىرى تۈمەنخان بىلەن ئىستېمىخانلار ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلار موشۇ مەخسەتتە ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ياشلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ھەربىي قوشۇننى تولۇقلىدى. شەرقتىكى خوشنىسى، خىتاينىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. موشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن مىلادىنىڭ 551-ژىلى تۈمەنخان ھەربىي قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، ئىنىسى ئىستېمىخاننى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ ئاۋار قاغانلىقىغا قارشى ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاۋار قاغانى ئاناغاي ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك ھەربىي قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. تۈمەنخان بىلەن ئىستېمىخانلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۈرك-ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا كېلىپ، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. ئىككۇ ئوتتۇرىدا ھەل قىلغۇچى جەڭ باشلاندى. ئىككى كۈنگە سوزۇلغان قانلىق جەڭ مەيدانىدا تۈرك-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئاۋارلارنىڭ قوشۇننى تار-مار قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئاۋار قاغانى ئاناغاي بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. موشۇ تارىخىي غەلىبىدىن كېيىن ئاۋارلارنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، بۇرۇن ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن خەلقلەر بىلەن يەر زېمىنلار يېقىدىن دۇنياغا كەلگەن كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، كۆكتۈركلەر ناھايىتى كەڭ يەر زېمىنغا ئېگە بولۇپ قالدى. ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاۋار شاھزادىلىرى تۈركلەرگە قارشى ئىسيانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرى تۈركلەر تەرىپىدىن باستۇرۇپ تاشلاندى. تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتىرىپ يېڭىلىپ قالغان بايانخان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئاۋارلار غەرىپكە قاراپ كۆچۈپ، 558-ژىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ئاۋارلار قاغانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۈمەنخان ئۆزىنى «ئېلىخان» دەپ ئاتىدى. ئىنىسى ئىستېمىخانغا «يابغۇ» ئۇنۋانىنى بېرىپ، مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇشقا قويدى. ھازىرقى موڭغۇلىيا تەۋەسىدىكى، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى **ئۆتۈكەن** شەھرىنى كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگۈلىدى. ئىستېمىخاننىڭ ئوردىسى بولسا، ھازىرقى تېكەس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئېدى. (بەزى تارىخلاردا يۇلتۇز يايلىقىدا ئېدى-دېيىلىدۇ).

شۇنداق قىلىپ، كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەربىي، سەياسىي، دىپلوماتىك ئالاقىلارنى ئورناتتى. ئاستا-ئاستا ئۆز تېررىتورىياسىنى كەڭەيتىپ ئىمپېرىيا باسقۇچىغا قەدەم باستى. رۇس تارىخچىسى لېۋ گۇمىلېۋ: «كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى شەرقتىكى چارۋىچى خەلقلەر قۇرغان ئىمپېرىيالەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيا بولغان ئېدى» دەيدۇ.

مىلادىنىڭ 553-ژىلى تۈمەنخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەختىگە ئىككىنچى ئوغلى مۇقانخان ۋارىسلىق قىلدى. مۇقانخان قاغان بولغان ژىللاردا ئۆزىنىڭ كەسكىن مۇجەزى، غەيرەتلىك خاراكتېرى، ئەقىللىك ۋە ھوشيارلىق خىسلەتلىرى، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيا جەھەتتىكى ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى بىلەن كۆكتۈرك قاغانلىقىنى شۇ شۇ زامانىسىدىكى مىسلىسىز كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. مۇقانخان قاغانلىق تەختىدە ئولتارغان دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 574-554-ژىللىرى) كۆكتۈرك قاغانلىقى قۇدرەتلىك بىر دەۋرگە كىردى. مودەخاندىن يەتتە ئەسىر، ئاتىللاخاندىن بىر ئەسىر كېيىن تارىخ سەھنىسىگە چىققان مۇقانخان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر دۆلەت ئەرباپلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاندىن كېيىن شەرققە ژۈرۈش قىلىپ، ھازىرقى موڭغۇل ۋە مانجۇر خەلقلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنى، شۇنىڭدەك كورېيلارنى بويسۇندۇرۇپ، قاغانلىقنىڭ چېگارىسىنى ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىغا يەتكۈزدى. كورېيانىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ساخالىن ئارىلىغىنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى كېڭىيىپ، ئىمپېرىيا دەرىجىسىگە يەتتى. مۇقانخان مىلادىنىڭ 554-ژىلى شىمالغا ژۈرۈش قىلىپ، ھازىرقى شىمالىي موڭغۇلىيادىكى ئورخۇن، تۇغلا ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ھەم بەيقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان شەرقىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلارنى، ئېنىسېي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى. نەق شۇ دەۋردە تۈمەنخاننىڭ ئىنىسى ئىستېمىي يابغۇ يايىق دالاسى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان غەربىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ، كۆكتۈرك قاغانلىقى بۇرۇن **«تۇرالار»** دەپ ئاتالغان، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، مىللىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

مىللىي بىرلىك دېگەن ئۇقۇم يالغۇز دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر بولۇشىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئېتنىك بىرلىگى، ئىختىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مەدەنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيا جەھەتلەردىكى بىرلىكنىمۇ شەرت قىلىدۇ. كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى دەۋرىدە موشۇ شەرتلەر ھازىرلانغان ئېدى. موشۇ ئاساستا بىرلىككە

كەلگەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى پەرپا قىلىندى، پۈتۈن مەملىكەتتە تىل-يېزىق ئىشلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. كۆچمەن مەدەنىيەت بىلەن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى جەريانىنى تېزلەتتى. ئىپەك يولى ئارقىلىق خەلقلەر ئارا ئالاقىلىشىش مېخانىزمى يارىتىلدى. ئىپەك يولى نويلاپ يېڭى يۇرتلار پەرپا قىلىندى. موشۇلارنىڭ ھەممىسى جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تارىخىي خىزمەتلەر ئىدى. شۇ زاماندا ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى سانى ئەڭ كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، جەڭلەردە باتۇر ھەم مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى. تۈركلەر ئۇيغۇرلارنىڭ موشۇ كۈچىگە تايىنىپ، شەرققە، شىمالغا، غەرىپكە قىلغان ۋۇرۇشلىرىدە دايىم دېگۈدەك غەلىبە قازىنىپ تۇردى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك قاغانلىقىنى تەشكىل قىلىشتا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىختىسادىي ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشتا بولسۇن، ھەربىي ۋۇرۇشلەردە بولسۇن ھەل قىلغۇچى روللارنى ئوينىغان ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا دايىم تالاش-تارتىشلار بولۇپ تۇردى. ئادالەت بولمىغان يەردە ئىناقلىق بولمايدىغانلىقى تەبىئىي، شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلىرى توختىماي داۋاملاشتى.

بىراق، مۇنداق بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە، شەرىقتىكى خىتايلارمۇ، غەرىپتىكى ئاق ھۇنلارمۇ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالغان تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ يول قويمىدى.

### §3. كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرەشلىرى

ۋۇقۇرىدا قەيت قىلىنغىنىمىزدەك، ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىغان بەزىدە ھەتتا باشقا خەلقلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئىمپېرىيالەرنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلقى كۆكتۈرك قاغانلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم سەياسىتىگە قارشى ھارماي-تالماي كۈرەشلەرنى ۋۇرگۇزۇپ كەلدى. مۇنداق كۈرەشلەر بىردە ئىمپېرىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا (ئورخۇن، توغلا، سېلىنگا، قورۇلۇن دەرياللىرىنىڭ ۋادىلىرىدا)، بىردە شىمالىي قىسمىدا (بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا)، بىردە غەربىي قىسمىدا (تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ۋادىلاردا) ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان باشقا خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەشلەر قىلىپ تۇرۇشتى. موشۇنداق ئىچكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان كۆكتۈرك قاغانلىقىنى ئاخىر ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىزچىل ھالدا ۋۇرگۇزۇپ كەلگەن دۈشمەنلىك سەياسىتى بولسا، ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى.

ۋۇقۇرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، دۆلەت تېررىتورىياسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى، مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ مۇتلاق كۆپچىلىگىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشنى خالىمىدى. قولىدىن كەتكەن مىللىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۆزلۈكسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەختتە ئولتارغان تۈرك قاغانلىرى دۆلەتتىكى بارلىق ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ تۈرك قەبىلىسى قولىغا توپلاپ، باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرنى چەتكە قاقتى. خاتا مىللىي سەياسەت ۋۇرگۇزدى. ئۇنى ئاز دېگەندە ئىمپېرىيا تەركىبىدىكى بارلىق خەلقلەرنى خورلاپ، ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلدى. موشۇ خاتا سەياسەتلەر نەتىجىسىدە ئۇلۇسنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، ئۆز ئارا زىددىيەتلەر بارغانسېرى كۈچەيدى، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسيانلار چىقىپ تۇردى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ تارىخىي دۈشمىنى خىتاي پادىشالىرى بولسا، موشۇ زىددىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى ئىسيانلار دەسلەپ شەرقىي ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلاردا باشلاندى. ئۇ زاماندا شەرىقتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار: ئۇيغۇرلار، سارتاردۇشلار، چىبىنلار، تۇبالار، قورىغانلار، تېلەنغۇتلار، بوقۇلار، بايىرقۇلار، ھۇنلار، تۇڭرالار، ئىزگىللەر، خوغۇرۇسلار، قۇمۇقلار، ئادىزلار، بايسارلار دېگەندەك 15 چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ ياشاتتى. بۇ قەبىلىلەر شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاساسىي پۇخرالىرى بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇلىيادە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدا ياشاتتى. ئۇلار قېدىمقى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئوغۇزخان زامانىسىدىن تارتىپ «توققۇز ئوغۇز» دەپمۇ ئاتالدى. شۇڭا شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئىلتىرىش قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۆزى يازدۇرۇپ قالدۇرغان تاش ئابىدەسىدە، مۇنداق دېيىلگەن:

«توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز بۇدۇنۇم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىزگە دۈشمەن بولدى». بۇ يەردە گەپ قاغانلىقتا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار توغرىلىق بولىۋاتىدۇ. مىسال تېرىقىسىدە ئەشۇ ئىسيانلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

VII ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار قەبىلە باشلىقى ئېركىن تېكىننىڭ باشچىلىقىدا تۈرك

هۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. داڭلىق سەردار پۇسا ئۆزىنىڭ ياخشى ئۆگىتىلگەن 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن تۈركلەرنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن 100000 كىشىلىك قوشۇننى يېڭىپ، شانلىق غەلىبە قازاندى. موشۇ غەلىبىدىن كېيىن پۇسا ئۆزىنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى دەپ جاكالاپ، دۇلۇ دەرياسىنىڭ بويىدا پايتەختىنى قۇرۇپ، ئۆز ئېلىغا هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 628-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى پۇسانىڭ ياردىمىگە ۋە هىمايىسىگە تايىنىپ، يەنە ئىسيان كۆتەردى. شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى قاراخان ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شاهزادە يوغۇقشادىنىڭ باشچىلىقىدا 100000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىمۇ ئىسيانچىلار چېۋەر قولباشچى پۇسانىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرك ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلدى.

VII ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نەچچە قەبىلىلىرى ئىنەنخاننىڭ باشچىلىقىدا تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كەلتۈردى. كېيىنەرەك قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى كەڭىيىپ، شىمالدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۈرك قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تار-مار كەلتۈرۈلدى.

موشۇنداق ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە تۈرك دۆلىتىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلگەن خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، بىر قىسىم تېررىتورىياسىنى بېسىۋالدى. ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭلەردە ئاجىزلاشقان تۈرك قوشۇنلىرى خىتايلارغا تاقابىل تۇرالماي جەڭ مەيدانىدا مەغلۇپ بولدى. تۈرك خاقانى دۈشمەنلەرگە ئەسىرگە چۈشتى.

موشۇنداق تارىخىي شارائىتتا 630-يىلى ئىنەنخان باشچىلىقىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى شەرىقتە مانجۇرىيادىن، غەرىپتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ئەتراپىدىن، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىش مەخسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغىمۇ قارشى هەرىكەتنى باشلىدى. بۇ دۆلەتكە قارشى ئارقا-ئارقىدىن هەربىي يۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇردى. بىراق، هەر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ تۇردى. هەربىي كۈچكە تايىنىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىشقا كۆزى يەتمىگەن خىتاي پادىشالىرى دىپلوماتىك ئالدامچىلىق هۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر پادىشاسى ئىنەنخاننى خىتاي مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشكە قىزىقتۇردى ۋە ئۆيلەندۈردى. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قوينىغا كىرىۋالغان بۇ زەھەرلىك ئىلان، ئۆزىنىڭ سەياسىي ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. يەنى ئۇ: بەگلەرنى قاغانغا قارشى قويۇپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزدى، شاهزادىلەرنى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ، ئوردا ئىچىدە قانلىق قىرغىنلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ هەربىي، سەياسىي مەخپىيەتلىرىنى ئوغرىلاپ، ئۆز ئاتىسى-خىتاي پادىشاسىغا يەتكۈزۈپ تۇردى. ئاخىرىدا ئوردىدىكى پۇل-مالغا ئامراق ئەرباپلارنىڭ قولى بىلەن ئىنەن قاغاننى دۆلەت ئىشىدىن چەتلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ، مىڭلىغان قۇرۋانلارنىڭ بەدىلىگە قولغا كەلگەن ئۇيغۇر دۆلىتى خىتاينىڭ يۇمشاق دىپلوماتىيا سەياسىتىنىڭ قۇرۋىنىغا ئايلاندى. يەنى خىتاينىڭ هەربىي كۈچى يوقىتالمىغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى خىتاينىڭ بىر جاسۇس قىزى يوقىتالىدى. بۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئاران 15 يىل ئۆمۈر سۈرۈپ، 645-يىلى خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسگە بېقىنىدىغان، بېقىندا خانلىققا ئايلىنىپ قالدى.

ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئىچكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئاۋال ئۇيغۇرلانى تۈركلەرگە قارشى قويغان خىتاي پادىشاسى، ئەندى ئۆزىگە تەسلىم بولغان تۈركلەرنى ئۇيغۇرلارغا قارشى قويۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا تۈركلەردىن هاكىملارنى قويدى. تۈرك ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، دۆلەت سېلىقلىرىنى يىغىش ئىشلىرىدا ئەينە شۇ ياللانما تۈركلەردىن پايدىلاندى. موشۇنداق قوش زۇلۇم ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئىچكى قوزغىلاڭلارنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 663-661-يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇڭرا ۋە بوقۇ قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ داهىسى پۇجۇننىڭ باشچىلىقىدا خىتاي ۋە تۈرك ئەزگۈچىلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتەردى. پۇجۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇيغۇرنىڭ قەهرىمان قىزى **بىسىدۇ** قوزغىلاڭغا قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئەرلەرچە كېيىنى ئاكىسىنىڭ جەڭدە كىيىدىغان دوبۇلغا-ساۋۇتلىرى بىلەن كىيىنىپ، هەربىي قۇراللىرىنى ئېلىپ، جەڭ ئېتىغا مىنگەن هالدا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، جەڭ مەيدانىغا چىقتى. ئۇ هەممىشە قوشۇنلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولۇپ، ئۇرۇش هەرىكەتلىرىگە چېۋەرلىك بىلەن قوماندانلىق قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچى، پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام: «**بىسىدۇ-ئۇيغۇرلارنىڭ ژاننا د»ئاركى**» دەپ ئاتىغان ئىدى.



### ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قەھرىمانىنى-بىسىدۇ (VII ئەسىر).

بىسىدۇ باشچىلىقىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، ئورخۇن بويلىرىدىن تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە يېيىلغان ئىدى. بىراق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى خالىمىغان خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلىپ، ئۆزلىرى يېتەكلىمىگەن ۋاقىتتا ياللانما تۈرك قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرلەشكەن كۈچ بىلەن ئىسياننى قاتتىق باستۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ژانىنا د>ئاركى بىسىدۇ جەڭدە قۇرۇۋان بولدى. ئىسيانغا قاتناشقىنى ئۈچۈن پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى قىرىپ تاشلاندى. **مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ قانلىق تۈردە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى مىللىي-ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.** ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ يول باشچىسى بازىر خاقان تۆرلۈك قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئىسيان كۆتەردى، بىراق، ئۇمۇ ھەل قىلغۇچى غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. 703-704 ژىللىرى تۈرك قاغانى مەچيۇ خانغا قارشى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسيانلىرى داۋاملاشتى. مەچيۇ خاندىن كېيىن تەختكە ئولتارغان قۇتلۇق بىلگە خان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى گۈلتەكىن خانلارمۇ ئۆمۈر بويى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئۆتكەن ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئارىدىن 1259 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەشۇ نومۇسلۇق تارىخ يەنە تەكرارلىنىۋاتىدۇ. تۈركىيا ھۆكۈمىتى بىلەن ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ. بۇ چوڭ خاتالىق. مۇنداق خاتالىقنى تارىخ كەچۈرمەيدۇ، ئەۋلاتلار كەچۈرمەيدۇ!

ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە ياشايدىغان باسمىل قەبىلىسى بىلەن ئالتاي ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان قارلۇق قەبىلىسى ئىتتىپاق تۈزۈپ مىلادىنىڭ 704-ژىلى قۇتلۇق بىلگە خان (پەيلوخاننىڭ) يېتەكچىلىكىدە ئىسيان كۆتىرىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇشقا ئىنتىلدى. ئۇلار 745-ژىلى تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانى بەيمەي خولۇنغۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكالىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەر ئۈستىدىن ژۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان خاتا سەياسىتى نەتىجىسىدە ئىككى ئەسىرگە سوزۇلغان ئىچكى كۈرەشلەر ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى كۆكتۈرك قاغانلىقىنى ئاخىر ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى.

### 4§. كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە ھالاك بولۇشى

تارىختا ئۆتكەن باشقا ئىمپېرىيالەرگە ئوخشاش كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىمۇ: ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەتلىرى، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمغا ئاساسلانغان جەمىيەت تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ ھەربىي دىكتاتۇرىلىق خاراكتېرى، ئىقتىسادىي ھۇلىنىڭ ئاجىزلىقى، ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى خىتاي دۆلىتىگە قارىتا ھوشيار بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك پادىشا جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ۋە باشقا ئامىللارنىڭ رول ئوينىشى نەتىجىسىدە ئاخىرى ھالاك بولدى. ئېنىغراق ئېيتقاندا، ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ توختالسىز داۋام قىلغان ئىسيانلىرى، قاغانلىقنىڭ جەنۇبىي خوشنىسى، خىتاينىڭ دىپلوماتىياسىدىكى «ئىچكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، پارچىلاپ يوق قىلىش» سەياسىتىدىكى موشۇ ئىككى ئامىل ھەل قىلغۇچى رول ئوينىغانلىقى شۈبھىسىز.

خىتاينىڭ قېدىمىي زاماندىن ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان دىپلوماتىيا سەياسىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خىتاي دۆلىتى ئۆزىگە خوشنا بولغان ئەللەرگە (مەيلى ئۇ چوڭ دۆلەت بولسۇن مەيلى كىچىك دۆلەت

بولسۇن) جەزمەن دۈشمەنلىك قىلىدۇ. خىتاي ھېچ بىر زاماندا ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا كۈچلۈك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر شۇنداق دۆلەت بولغان تەغدىردە جەزمەن ئۇ دۆلەتكە بۇزغۇنچىلىق، زىيانكەشلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىدۇ. خىتايدا قېدىمىدىن كېلىۋاتقان بىر ژۇرۇش دىپلوماتىيا دەستۇرى بار. بۇ دەستۇر: «ژىراقتىكى ئەللەر بىلەن دوست بولساق، ئابرويۇڭ ئاشىدۇ، يېقىندىكى خوشنا ئەللەر بىلەن شوقۇشساڭ، يېرىڭ كەڭىيىدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت. خىتاي پادىشالىرى كۆكتۈرك قاغانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندىمۇ موشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان ئىدى. تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«خىتاي خانى سۈي ۋىندى تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چاچتى. ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بىراقلا يوقىتىش تەدبىرىنى قوللاندى. مۇنداق تەدبىرنى سۈي ۋىندىغا ئۇنىڭ ناھايىتى ھېلىگەر قوماندانى جاڭ سۇڭشىڭ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھازىر بىز ئاجىز ئورۇندا تۇرۇمىز. تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ پايدا ئالغىنى بولمايدۇ. شۇڭا سەياسىي ئۇسۇللار بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. تۈركلەرنىڭ ژىراقتىكى خانلىرى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلساق، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلەشسەك، ئون نەچچە ژىلدىن كېيىن ئەپلىك پۇرسەت كەلگەندە ئاندىن كېيىن ھەربىي ژۇرۇش قىلساق، تۈرك قاغاناتىنى بىراقلا يوقىتالايمىز!»»

خىتاي خانى سۈي ۋىندى كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن جان سۇڭشىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرنى قوللاندى. يەنى ھېيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئوتتۇرىغا پىتنا-ئىغۋا سېلىپ، تۈرك ئىمپېرىياسى تەركىۋىدىكى خانلىقلىرىنى بىر-بىرىدىن بۆلۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇرۇشتۇردى، بەزىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۇلارغا تۈرلۈك ئېسىل مال، قىممەت بۇيۇملارنى سوغات قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ مەلىكە قىزلىرىنى ياتلىق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، سېتىۋېلىپ، لازىم تېپىلغاندا ئۇنى بۈيۈك قاغانغا قارشى سېلىش. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مەسلەن: خىتايلار ساۋارلۇ قاغاننىڭ ئوغلى كىمىن تۆرە خاننى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭغا ئەينى، يىنچىڭ ئاتلىق ئىككى مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدى. ئارقىدىنلا كىمىن تۆرىخاننى چوڭ قاغان تۇڭگا تۇران قاغانغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇردى. كىمىن تۆرىخاننىڭ ھەربىي ژۇرۇشىگە ماسلىشىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، كۆكتۈرك قاغانلىغى تېررىتورىياسىگە ھۇجۇم قىلدۇردى. ساۋارلۇ قاغان بىلەن تۇڭگا تۇران قاغانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 20 ژىل ئىچىدە كۆكتۈرك قاغانلىغى ئىچكى ئۇرۇشلاردىن ۋە خىتاينىڭ تەجاۋۇزلۇق ئۇرۇشلىرىدىن خالى بولالمىدى. خىتاينىڭ موشۇ سەياسىتى نەتىجىسىدە تۈرك ئىمپېرىياسى تەركىۋىدىكى خانلار ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرۇپ بولالمايدىغان ئارازلىقلار پەيدا بولدى. مەملىكەت سەياسىي جەھەتتىن بۆلۈندى، ئىختىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتى. مىلادىنىڭ 604-ژىلىغا كەلگەندە كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى «شەرقىي كۆكتۈرك» ۋە «غەربىي كۆكتۈرك» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ھازىرقى موڭغۇلىيانىڭ قۇبدۇ رايونىدىن تارتىپ، شەرىقتىكى ئۇلۇق ئوكيانغىچە بولغان تېررىتورىيا شەرقىي تۈرك قاغانلىغىغا؛ ھازىرقى ئۇيغۇرستان، قازاقستان، ئاۋغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيا رايونى بولسا، غەربىي تۈرك قاغانلىغىغا قارايدىغان بولدى. غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ زىمىنى: يۈيمىنگۈەن قاشقوۋۇقتىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، ئالتايدىن تىبەت زىمىنىغىچە، بالقاشتىن ھىندقۇشقىچە سوزۇلغان ئىدى.شەرقىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ پايتەختى ھازىرقى موڭغۇلىيادىكى **ئۆتۈكەن** شەھىرى، غەربىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ پايتەختى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى **مىڭبۇلاق** دېگەن يەردە بولغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 619-ژىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ قاغانى سىۋارخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چۇلۇكخان قاغان بولدى. بىراق، ئۇزاققا بارماي ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خىتاي خوتۇنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. بۇ مەلىكە يەرلىك خانلارنى چوڭ قاغانغا قارشى قويۇش، شاھزادىلەرنى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئاخىر دۆلەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى. مىلادىنىڭ 627-ژىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشكە باشلىدى: ئۇدا بىر نەچچە ژىل داۋام قىلغان تەبىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە نۇرغۇن چارۋا-ماللار قىرىلىپ كەتتى، ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە باشلاپ ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شەرقىي تۈرك قاغانلىغىنىڭ موشۇنداق ئاجىزلاشقان پەيتىدىن پايدىلانغان خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى 100000 كىشىلىك ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، قاغانلىق تېررىتورىياسىگە ھۇجۇم قىلدۇردى. مىلادىنىڭ 629-ژىلى 11-ئايدا چۇغاي تېغىنىڭ باغرىدا بولغان قاراخان قاغا يېڭىلىپ، غەرىپ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. 630-ژىلىنىڭ بېشىدا ئۆز ئىچىدىن چىققان ئاسان سۇنۇش ئاتلىق بىر خائىن ئۆز قاغانى قاراخاننى خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى لى چىنغا تۇتۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىغى مۇنقەرىز بولۇپ يوقالدى. ئۇنىڭ كەڭ-تاشا، باي زىمىنى خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىلكىگە ئۆتۈپ قالدى. خىتاي پادىشالىرى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە بويسۇنغان 100000 دىن ئارتۇق تۈركلەرنى ئەسىر ئېلىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچىرىپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلارنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ، خىتاينىڭ باي فېودالىرىغا سېتىپ،

غەزىنىگە كىرىم قىلىنىۋالدى. قاراخان باشلىق ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، نەزەربەنت قىلىنىۋالدى.

خىتاي تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقۇتۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز «ئەلچىلىرىنى» ئەۋەتىپ، قاغانلىق ئوردىسىدىكى پۇلغا، مەنسەپكە ئامراق مىللىي خانىلارنى تېپىپ، ئۇلارغا «قىممەتلىك سوغا-سالاملارنى» بېرىپ سېتىۋالدى. يەنە خان مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىش يولى بىلەن بەزى يەرلىك خانلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئۇلۇق قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزدى، ئۇلارغا ماسلىشىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ، مىلادىيىنىڭ 745-ژىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىمۇ يوقاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى لىشىمىن بىلەن لىجىلار بارى-يوقى 13 ژىل ئىچىدىلا غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى چۇۋادىسىدا سەپراس قىلىپ تىكلەلىدى.

دېمەك، شۇنچىلىك قۇدرەتلىك كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى تاشقى جەھەتتىن: خىتاي پادىشالىرىنىڭ دۈشمەنلىك سۇيىقەستلىرى، ئىچكى جەھەتتىن: ئاشىنا سۇنىش، كېمىن تۆرە، ئاشىنا شىر ئوخشاش مىللىي خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى، يەرلىك خانلارنىڭ خىتايغا سېتىلىپ، قاغانغا قارشى ئىسيانلىرى نەتىجىسىدە ئاخىر يوقىتىلدى. ئىككى ئەسىرگىمۇ يەتمەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.

## §5. كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئالىم لىۋ گۇمىلىۋ «قەدىمىي تۈركلەر» ناملىق كىتاۋىدا كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولى ۋە تارىخىي تەغدىرىگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى-پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا مەلۇم دەرىجىدە بۇرۇلۇش پەيتى بولدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتقىچە كەلگىچە ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى بىلەن ژىراق شەرىق مەدەنىيىتى بىر-بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىشمىسمۇ، ئۆز ئارا ئۇچراشمىغان ئىدى. VI ئەسىردىن باشلاپ تۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ تېررىتورىياسى ئارقىلىق سودا كارۋانلىرى بىلەن غەرىپ ئوتتۇرىسىدا توختىماي قاتناپ، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنى ئىلگىرى سۈردى. ئەندى، خىتايلارغا كونستانتىنوپولنىڭ نەرقى بىلەن ھېساپلىشىشقا، ۋىزانتىيالىكلەر بولسا، خىتاي نەيزىۋازلىرىنىڭ سانىنى بىلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. يەنى تۈركلەر غەرىپ بىلەن شەرىق ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچى رولنى ئاتقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ رىۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى خىتاي، ئىران، ھىندىستان، ۋىزانتىيا مەدەنىيىتىگە قارشى قويۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشتا ياشىغان تۈركلەر ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزىگە خاس يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولدى.

بىراق، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ، ئۆزىدىن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنى ئەزگەنلىكتىن، يەنە مىللىي دۈشمىنى خىتايغا نىسبەتەن ھوشيار بولمىغانلىقتىن، تېز خاراپ بولۇش يولىغا چۈشكەن ئىدى. موشۇ ئامىللار بۇ دۆلەتنى ئاخىرى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە، 604-ژىلى خاقانلىق غەرىپ ۋە شەرىق بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. 650-ژىللارغا كەلگەندە دۆلەت مۇستەقىللىگىنى يوقىتىپ قويىدى» دەيدۇ (ژۇقارقى كىتاپ، قازاقچە نەشرى، 5-بەت).

دەرۋەقە، ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كۆكتۈرك قاغانلىقى شەرىقتە ياپون دېڭىزىدىن غەرىپتە قارا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئىمپېرىيا ئىدى. ئۇنىڭ ئاھالىسى ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان. شىرىقتە قىسمەن توڭگۇس تىللىق قەبىلىلەر، غەرىپتە قىسمەن ئىرانىيلار ئارىلاشقان تەركىۋى مۇرەككەپ ئاھالى ئىدى. بىراق، تۈرك قاغانلىرى موشۇ خىلمۇ-خىل قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان توغرا مىللىي سەياسەت ژۈرگۈزمىدى. ئەكسىچە ھەر قايسىنىڭ ئېتىنىك كېلىپ چىقىشى، تىلى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئاھالىلارنىڭ ھەممىسىنى «تۈرك» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى تۈركلىشىشكە مەجبۇر قىلدى. مۇنداق خاتا سەياسەت باشقا قەبىلىلەرنىڭ نارازىلىقىنى تۇغدۇرۇپ، ئىسيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولدى. ئىختىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە سەلبىي تەسىرىنى يەتكۈزدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا گۈللەنگەن ۋە ئىپەك يولى ئارقىلىق شەرىق بىلەن غەرىپنىڭ مەدەنىيەت قەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا دىن، ئىلىم ۋە سەنئەت ساھاسىدا بەزەن يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، شۇ دەۋردە ئىجات قىلىنغان «ئوغۇزنامە» داستانى بىلەن «چىستانى ئىلىكبەگ» قاتارلىق يازما ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى. ئۇلاردىن باشقا «تۇرا قوشىغى»، «ئۇيغۇر ناخشىسى»، «بەگقۇلىنىڭ باتۇرلىقى ھەققىدە ھېكايىلەر» بىلەن بىر قاتاردا ئالتايلىقلارنىڭ «سايىسولۇن» داستانى ھەم قىرغىزلارنىڭ «ئالىپ ماناس» كەبى قەھرىمانلىق داستانلىرى تۇران ئۇلۇسىنىڭ قەھرىمانلىق روھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان يازما يادىكارلىقلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كۆكتۈرك دەۋرىدىن باشلاپ يېزىلغان «مەڭگۈتاشلار» دەپ ئاتالغىنا تاش پۈتۈكلەردىن ھازىرغىچە 100

پارچىدىن ئارتۇغى تېپىلدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە «چۆرىن مەڭگۈتېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى»، كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»، «بايانچۇرخان 2-1-مەڭگۈتاشلىرى»، «ئۆنگەن مەڭگۈتېشى»، «كۈلچۇر مەڭگۈتېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈتېشى»، «سېۋرېي مەڭگۈتېشى»، «سۇچى مەڭگۈتېشى»، «ئولانغۇم مەڭگۈتېشى»، قاتارلىق ئابىدىلەردە كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ پاجىئەلىك تارىخى دۇقۇرى سەياسىي سەۋىيەدە تۇرۇپ يەكۈنلەنگەن. قاغانلارنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتىكى خىزمەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، خاتالىقلىرى پاش قىلىنغان. مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇسقا خىتاپ قىلىنىپ: «ئەي مىللەت، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرىق ئېتەلمىگەن نادانلىقى ئۈچۈن «ئۆكۈن، ئۆكۈن!» دەپ خىتاپ قىلىنغان. بولۇپمۇ تۇنيۇقۇق بىلەن يولۇغتېكىننىڭ مەڭگۈتاشلىرىدا تۈرك قاغانلىقىنىڭ پاجىئەلىك تارىخىدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىلغان. يەنى خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى تۈرك خەلقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مۇستەقىل ياشىشىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق فاكتلار بىلەن پاش قىلىنغان.

مەن تۆۋەندە كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ئەرباپلىرىدىن بىر نەچچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

**خوغۇرسۇ ئالتۇن**—بۇ كىشى مىلادىنىڭ 567-485-ژىللىرى ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى. ھەربىي، سەياسىي، دىپلوماتىيا جەھەتلەردە داڭقى چىققان ئۇلۇق ئەرباپ ئىدى. ئۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن بولۇپ ئىسمى ئالتۇن ئىدى. كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇرسۇ خانلىقىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىن ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. خىتاينىڭ شىمالىي چى سۇلالىسى مىلادىنىڭ 567-ژىلى ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، خوغۇرسۇ ئالتۇننى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ شائىر سۈپىتىدە يازغان شېئىرلىرىدىن «تۇرا قوشىغى» ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان:

**چوغاينىڭ تاغلىرى، باغرىدا ئاقار،**
**تۇرالار دەرياسى ئويناپ-دولقۇنلاپ.**
**ئاسماننىڭ گۈمبىزى-بارگاھ سىمان،**
**تۇرىدۇ پايانسىز دالانى قاپلاپ.**

**شۇنچە كەڭ گۈبارىز، ساماۋىي ئاسمان،**
**دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.**
**كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا-مال،**
**شاماللار يەلپۈسە، ئوتلار ئەگسە باش.**

ھەيران قالارلىق ئەھۋال شۇكى، ھازىرقى خىتايلار ئۇيغۇر شائىرى خوغۇرسۇ ئالتۇننى خىتاي كلاسسىكلىرى قاتارىدا ھېساپلاپ، خىتاي مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك كىتاپلىرىغا كىرگۈزۈۋالدى.

**سۇجاۋا**مىلادىنىڭVIئەسىردەياشىغان ئۇيغۇر مۇزىكانتى ۋە مۇزىكا نەزەرىيەچىسى. ئۇ«بەش تەرانەيەتتە ئاۋازلىق» مۇزىكا قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭ بەلگۈلىشى بويىچە مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئارقىلىق ئاۋازنى 35 دەرىجىگە بۆلۈپ ئىجرا قىلىش مۇمكىن. بۇ كەشپىيات ئىلمىي قىممىتى جەھەتتىن شۇ دەۋرىدىكى ئەرەپ، ھىند مۇزىكىسىدىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى زاماندىكى بەزى خەلقلەرنىڭ مۇزىكا سەۋىيەسىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

**مۇزىكا پىرى—سۇجۇپ** VI ئەسىردە كۇچادا ياشىغان ئاتاقلىق مۇزىكانت سۇجۇپ شۇ زاماندا ئىشلىتىلگەن 18 خىل مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ ھەممىسىنى چېلالايتتىكەن. بولۇپمۇ: غۇڭقا، بەشتار، باربىت، نەي، بالامان قاتارلىق ئەسۋاپلارنى چېلىشقا ماھىر ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، دۆلەت زىياپەتلىرىدە نەغمە-ناۋا قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۆزىمۇ پادىشالار ھوزۇرىدا باربىت چېلىپ، نەغمە قىلىوپ بېرەتتى. مىلادىينىڭ 567-ژىلى غەربىي تۈرك قاغانى خىتاي پادىشاسى بىلەن قۇدىلاشقاندا، خىتاي پادىشاسى ئىلتىماس قىلىپ، سۇجۇپنى ئۆز پايتەختىگە ئاپارغان. پادىشانىڭ ئىلتىماسى بىلەن سۇجۇپ بىر مەزگىل پايتەختتە تۇرۇپ، خىتاي چالغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۆگەتكەن. شۇنداق قىلىپ، خىتاي مەملىكىتىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسۇلى ئومۇمىيلاشقان. سۇجۇپ بولسا، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئازىيا ۋە شەرىق مەملىكەتلىرىدە «مۇزىكا پىرى» دېگەن پەخرىي نامغا ئېگە بولغان.

**ۋىسا باجىنا**—مىلادىنىڭ VI-VII ئەسىرلىرىدە خوتەندە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى، بۇددىزىم دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق نامايەندىلىرىنىڭ بىرى. ۋىسا باجىنا رەسىمنى ئوچۇق ۋە ئەجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈشتە جاڭلىق قىياپەتتە گەۋدىلەندۈرۈپ، سىزىش ماھارىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ چاغلاردا رەسساملارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى كىشىلەر كۆپ ژىغىلىدىغان ئاممىۋىي زىيارەتگاھ—

ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا سىزىشى ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىدى. ۋىسا باجىنا ئۆز دەۋرىدە كەڭ تارقالغان بۇتلارنىڭ رەسىملىرى، بۇددا تەلىماتىدىكى ھېكايە سيۇژېتلىرى ئاساسىدا، شۇنىڭدەك جەننەت ۋە دوزاق كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقىمۇ ماھىر ئىدى.

ئۆز دەۋرىدىكى بۇددا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋىسا باجىنانىڭ داڭقى-شۆھرىتى خوشنا ئەللەرگىمۇ تارقالغان. شۇڭا شەرقتىكى ختاي ئېلىنىڭ سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرى ۋىسا باجىنانى تەكلىپ قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە ئېلىپ بارغان. پايتەخت لوياڭ شەھىرىنىڭ ئىبادەتخانا تاملىرىنى رەسىم بىلەن بېزەندۈرۈش ئۈچۈن ۋىسا باجىنا «براخماننىڭ سۈرىتى»، «چەت ئەلنىڭ خاسىيەتلىك دەرەقلىرى»، «ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش قاتارلىق سۈرەتلەرنى سىزغان. بولۇپمۇ ئۇ سىزغان «بۈركۈت ۋە ئايغانلار بىلەن ئوغا چىقىش» ناملىق سۈرىتى چوڭ شۆھرەت قازانغان. ختاينىڭ قەدىمىي تارىخ مەنبەلىرىدە: «ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسا باجىنا سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

**سىكسا ناندا**-ئۇ كىشى مىلادىنىڭ 652-يىلى خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. زېرەك ۋە تىرىشچان بۇ ژىگىت، تىرىشىپ ئوقۇپ ۋە ئۆگىنىپ، ئاخىرىدا بۇددا دىنىنىڭ ماھايانى-ھىنايانا مەزھىبىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇستازلىرىنىڭ بىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تىلشۇناس، تەرجىمان ۋە ئۇستا رەسسام بولغان ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى خوشنا ئەللەرگىمۇ بېرىپ يەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال پادىشاسى ۋۇ زېتيان سىكسا ناندىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەھىرىگە ئاپارغان بۇددا دىنىنىڭ نوم-سۇترالىرىنى سانسكرىت تىلىدىن ختاي تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. ئۇ مىلادىنىڭ 695-يىلىدىن 699-يىلىغىچە 81 يىللىق دىنىي كىتاپنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. ئاندىن كېيىن پادىشادىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئىككىنچى قېتىم يەنە ختاي پادىشاسىنىڭ تەكلىۋى بىلەن چاڭئەن شەھىرىگە بېرىپ چاڭئەن ۋە لويان شەھەرلىرىدە ختاي راھىپلىرىغا ئۇستازلىق قىلىپ، بۇددا تەلىماتىنى ئۆگەتكەن. ختاينىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ھەيۋەتلىك بۇتخانىلارنى سېلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ئەڭ چوڭ بۇتخانىلارنىڭ تاملىرىغا بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەرنى ماھىرلىق بىلەن سىزغان. دېمەك، ختايلار ئۆزلىرىگە دىن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۆگەتكەن ئۇستازى ئۇيغۇرلارغا مىننەتدار بولۇشى كېرەك.




### بىلگە تۇنيۇقۇق (VII-VIII ئەسىرلەر)

بۇ كىشى 664-730 يىللار ئارىلىغىدا ياشىغان. بۇ كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بىلگە تۇنيۇقۇق قاغانىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ھەت ئاتاقلىق ئالىم ۋە تارىخچى. ئۇ 712-يىلى ۋە 716-يىلى ئىككى پارچە تاشقا 62 قۇرلۇق تېكىستنى ئويدۇرۇپ يازدۇرغان. بۇ ئابىدىلەر مەشھۇر «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تارىخ كىتاپلىرىدا بولسا: « تۇنيۇقۇق-بىلىملىك، تەمكىن، ئەقىللىك ۋە تەدبىرچان كىشى ئىدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» چوڭ پۈتۈكتە تەگرى ئۇماي ھەققىدىكى مەدھىيىلەردىن كېيىن تۆۋەندىكى ۋەسىيەت سۆزلەر يېزىلغان:

«ئەي، مېنىڭ چوڭ-كىچىك تۇققانلىرىم، كەينىمدىكى ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم، ئۇرۇغۇم ۋە خەلقىم،ئوگۇمدىكى شاد، ئابىد بەگلەر، سولۇمدىكى تارخانلار،

بۇيرۇقبەگلەر... توقۇز ئوغۇزنىڭ بەگلىرى ۋە خەلقى بۇ سۆزلىرىمنى ياخشىلاپ ئاڭلا!

...بىزنىڭ مەشەقەتلەر بىلەن قۇرۇپ چىققان دۆلىتىمىز، بۇ دۆلەتنىڭ تەرتىپ-قانۇنلىرى بار ئىدى. ئەندى نېمۇ بولدۇق؟ ئۈستىمىزدىن ئاسمان باسمىسا، ئاستىمىزدا يەر يېرىلمىسا، بۇ دۆلىتىڭنى، ھۆكۈمىتىڭنى كىم يوق قىلالاتتى؟ ئەي، تۈرك خەلقى، ئويلان. سېنى تەربىيە قىلغان دانا خاقانىڭغا، ھەقىقىي دۆلىتىڭگە قارشى چىقىپ، چوڭ خاتالاشتىڭ. دۈشمەننى ئېلىڭغا كىرگۈزدۈڭ! ئەگەر سەن يول قويمىغان بولساڭ قۇراللىق دۈشمەن قەيەردىن كېلىپ يېرىڭنى بېسىۋېلىپ، ئۆزەڭنى تارقىتىۋېتەتتى؟ نەيزىلىكلەر كېلىپ سېنى قوغلاپ چىقاردى. بارغان يېرىڭدە ياخشىلىق كۆرمىدىڭ. قېنىڭ سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭ تاغدەك ياتتى. بەگ-ئوغۇللۇرىڭ قۇل بولدى، چىرايلىق قىزلىرىڭ چۆرە-دېدەك بولدى! نادانلىقىڭ، ئاخماقلىقىڭ تۈپەيلى موشۇ كۈنلەرگە قالدىڭ؟!...» دېيىلگەن.




**كۈل تېكىن (VIII ئەسر).**

مىلادىيەنىڭ 732-ژىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خۇشۇ-سايرام دېگەن يەرگە ئورنىتىلغان كۈلتېكىن مەڭگۈتېشىدا بولسا مۇنداق جۈمللەر بار:

«مېنىڭ ئاتا بوۋام بۇمىن خاقان بىلەن ئىستەمى خاقانلار تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇپ، تەختتە ئولتارغان. ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ بەرگەن. تۆرت ئەتراپتىكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا دۈشمەن ئىدى. قوشۇن چىقىرىپ، دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇردى. بېشى بارلارنى باش ئەگدۈردى، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ، شەرىقتىكى ھىنگان تاغلىرىدىن، غەربتىكى تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان جايلارنى ئېگەللەپ، ئېگىسىز قالغان تۈركلەرنى شۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار دانا خاقان ئىدى. كېيىنكى خاقانلار ئۇلارنى دورىمىدى، بىلىمسىزلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىگىدىن پايدىلانغان تابغاچ خانلىرى ئادەم ئەۋەتىپ، ئاتىسى بىلەن بالىسىنى ئۆچلەشتۈرۈپ قويغانلىغى ئۈچۈن، بەگلىرى بىلەن خەلقى ئارىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ قويغانلىغى ئۈچۈن تۈرك ئۇلۇسى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالدى، خاقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاخىرى نېمە بولدى؟ تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچقا تەسلىم بولۇپ، بېقىندى. ئۆزىنىڭ تۈركىي نامىدىن ۋاز كېچىپ، شەرمەندىلەرچە تابغاچ ناملىرىنى قوللاندى ھەم ئۇلار ئۈچۈن 50 ژىل ئىشلەپ كۈچ چىقىرىپ بەردى. ئۇلار قوشۇن تارتىپ، شەرىقتىكى بۆركلى خان يۇرتىدىن غاربتىكى تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان تۈرك يۇرتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تابغاچ خانىغا ئېلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ شۇنچە خىزمەت قىلغانلىرىغا قارىماي تابغاچ خانى ئۇلارنى ئۆلتۈردى! تابغاچ خەلقىنىڭ تىلى تاتلىق، سوغىسى يۇمشاق. تاتلىق تىلى ۋە يۇمشاق سوغىسى بىلەن ئالداپ، ژىراقتىكى ئەللەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. يېقىنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يامان ھېيلىلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئەقىللىك باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى باستۇرمايدۇ. بىر كىشى خاتالىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق تۇخۇمىنى، ھەتتا بۆشۈكتىكى بالىسىغىچە قويماي ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تاتلىق تىلىغا، يۇمشاق سوغىسىغا ئالدىنىپ، تالاي تۈركلەر ئۆلدى. ئەي تۈركلەر، نادانىسلەر، قانائەتچانىسلەر،

قوساق تويغاندا ئاچ-توق قىلىشقىلارنى ئويلىمايسىلەر. بۈگۈننىلا ئويلاپ، ئەتىنى ئويلىمايسىلەر. شۇنداق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن دانا خاقانىڭلار سۆزىنى ئاڭلىماي ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتىڭلار. ئۇزاق يوللارنى ژۈرۈپ، ھالسىراپ ئۆلدۈڭلار. ئامان قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىدا تۇرۇۋاتىسىزلەر...».

مانا بۇ دانا ئەجداتلىرىمىز بۈگۈنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق تارىخىي ساۋاق. بىز بۇ ساۋاقلارنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك.

**قورقۇت ئاتا** VII ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر، ناخشىچى، نامى رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ماھىر سازەندە. ئۇنىڭ قايسى ئۆلكىدە ھايات كەچۈرگەنلىگى مەلۇم ئەمەس. بىراق، ئۇ ئۇيغۇرنىڭ توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىنى كېلىپ چىققانلىغى، غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ تەۋەسىدە ياشىغانلىغى مەلۇم.

قورقۇت ئاتىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىلىق ھېكايىلەر خەلق ئېغىزىدا ئەسىرلەپ بويى ساقلىنىپ كەلگەن. پەقەت XV ئەسىرگە كەلگەندىلا «قورقۇت ئاتىنىڭ كىتاۋى» دېگەن نام بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان. كېيىن بۇ كىتاپ تۈرك، ئەزەربەيجان، ئىتالىيان ۋە رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى دىزىردىن، ۋاتىكانلاردا ساقلانماقتا. ئەزەربەيجان، تۈركىيا قاتارلىق ئوغۇز تىللىق مەملىكەتلەردە قورقۇت ئاتا توغرىلىق كۆپ يېزىلىدۇ ۋە كۆپ سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى، ب ۇ خەلىقلەر قورقۇت ئاتىنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ قارىغانلىغىدىن بولسا كېرەك.

## تەجرىبە-ساۋاقلار

تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىمىن كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىنى يەكۈنلەپ:

«مەركىزىي ئازىيادە 1،5 ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن كۆكتۈرك قاغانلىغى بىزگە ئەجايىپ ھېكايەتلەر بىلەن بىللە تارىخىي ھېكمەت ئۈچۈرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ھېكايەتلەرنىڭ تىزمىسى-تۇران زىمىنىنىڭ مىسلىسىز بىرلىككە كېلىشى، تۈرك قاغانلىغىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ماجرالىرى، دۆلەتنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار بىلەن توسقۇنلۇقلار، كۆكتۈرك قاغانلىغى پارچىلانغانغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان قورچاق خانلارنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىغى، قۇتلۇق ئىلتەرىش نەسەبىدىكى ئىككىنچى كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۇنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش يولىدىكى تىرىشچانلىغى بىلەن ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ قارشىلىقلىرى، خىتاي خۇاڭدىلىرىنىڭ كۆكتۈرك قاغانلىغىنى پارچىلاش ۋە يوقىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى... كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ھېكايەتلىرى مانا شۇ.

تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مەخسىتى-موشۇ ھېكايەت ۋە جەڭنامىلەردىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتۇر»، دېگەن ئىدى («ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىمىن «قېدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، 505-504-بەتلەر).

ئالىم ئېيتقاندەك، تارىخنى ئۈگىنىشتىن مەخسەت ئۆز تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى ئەسلەپ قويۇشلا ئەمەس، ئەشۇ تارىختىن ساۋاق ئېلىپ، بۈگۈنكى ئىشىمىزدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، موشۇ باپتا بايان قىلىنغان ۋاقىئەلەردىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار قايسىلار؟

1. ئۇيغۇرلار تۈركلەر بىلەن ئېتنىك كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن خەلىقلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

شۇنداق بولغاندىن كېيىن، شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلار مۇ، تۈركلەر مۇ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمىنى ئاۋار باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قېلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئاندىن كېيىن خىتاينىڭ تەجاۋۇزچىلىق خووۋپىدىن ئۆزلىرىنى بىرلىشىپ مۇداپىە قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئالتايدىكى تۈركلەر ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئورنىغا «ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنى» ھالاك قىلدى. ئارقىدىن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قەبىلەۋىي ھۆكۈمرانلىغىنى ژۈرگۈزدى. بۇ خەلىقلەرنى خورلاپ ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ خورلۇققا چىدىماي ئىسيان كەتۈرگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيانلىرىنى: «قاغانغا ئاسىيلىق قىلدى»، دېگەن بەدنام بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە باشقىلار. مۇنداق مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ھۇلى مۇستەھكەم بولمايدىغىنى تەبىي. ئەمەلىياتتىمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى، مىللىي زۇلۇم ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۆرەشلىرى كۆكتۈرك قاغانلىغىنى ئاخىر ئاجىزلاشتۇردى. بۇ توغرىلىق تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ ئاساسىي پۇخرالىرى ئىدى. ئەينە شۇ ئۇيغۇرلار بۇ قاغانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىپ گۈللەپ ياشنىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچى ئىجابىي رول ئوينىدى، شۇنىڭدەك ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يوقىلىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچى سەلبىي رول ئوينىدى»-(ت.ئالماس «ئۇيغۇرلا» ئالمۇتا نەشرى، I توم 129-بەت).

يەنە بىر تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا:

«كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر، باسمىل، سىرتاردۇش، تۈركەش، قارلۇق ۋە قىرغىز كەبى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بەزى مۇھىم پەيتلەردە تۇراننىڭ ئومۇمىي مەنپىيەتىنى ئەمەس، ئۆز قەبىلىسىنىڭ تار مەنپىيەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئىش قىلدى. ئۇلار سەياسەتتە جىراقنى كۆرەلمىدى. ئومۇمىي مىللەت كۆز قارىشى ئاجىز بولدى. شۇڭا خىتاينىڭ ھىيلە-مىكىر ئالدامچىلىقلىرىغا نادانلارچە ئەگەشتى. ھەتتا شەخسىي مەنپىيەتنى دەپ دۈشمەنگە سېتىلىپ، خىتاينىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىنى قىرىپ بەرگەن **«ئاشنا شىردەك»** قارايۈز سەركەردىلىرىمۇ چىقتى. مۇنداق نومۇسسىزلىق فاكتلىرى تۇران تارىخىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جەريانىدا ھەممە باسقۇچلاردا دېگىدەك ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇردى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى زاماندىكى ئەرباپلار ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ بۇ خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئالمىدى» دەيدۇ.

2. تۈركلەر سان جەھەتتىن ئاز، چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان دالا خەلقى ئىدى. ئۇنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەر بولسا، سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ تۈركلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان. (ئولتىراق ھايات كەچۈرىدىغان شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتلىك) خەلقلەر ئىدى. مۇنداق شارائىتتا مەدەنىيەت جەھەتتىن تۆۋەن بولغان تۈركلەر ئۆزىدىن ئۈستۈن خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۈركلەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرنى چەتكە قاقىدىغان خاتا مىللىي سەياسەت تۇتقانلىقىمۇ دەل ئۇلارنىڭ ياۋايىلىقىنى، نادانلىقىنى كۆرسەتتى. تارىخ كۆپ قېتىم كۆرسەتكىنىدەك، كۆكتۈرك دۆلىتىدىمۇ 3-ئەۋلات قاغانلارنىڭ شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ماجرالىرى كېلىپ چىقتى. 583-يىلىغا كەلگەندە ئىشپارا قاغان تەرەپدارلىرى «شەرقىي تۈرك خانلىقى» بولۇپ، ئاباق قاغان بىلەن دارتۇ قاغان تەرەپدارلىرى «غەربىي تۈرك خانلىقى» بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خىتاينىڭ ھىيلە-مېكرىگە ئالدانغان بۇ خانلىقلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشۇپ، ھەتتا بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتەك رەسۋاچىلىق رولىنى ئويناپ چىقىشتى! بۇ ئەقىلسىز خانلار ئويناپ چىققان تراگېدىيالەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆز دۆلىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، پۇخرالىرىغا ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاب-كۈلپەتلەرنىڭ كەلتۈرۈش، تارىخىي دۈشمىنى خىتاينىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولۇش رولىنى ئوينىدى. بۇ پاجىئەلەرمۇ ئاز بولغاندەك، مىلادىنىڭ 619-603 يىللىرى ئارىلىقىدا غەربىي تۈرك خانلىقى ئۆز ئىچىدىن: ئۇيغۇر، قارلۇق، سىرتاردۇش، تۈلەس، بارغۇت، توڭرا دېگەندەك ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي دۈشمىنىنى خىتاي ئىمپېرىياسىدۇر. خىتاينىڭ تاڭ پادىشاسى لى شىمىنىنىڭ ۋەزىرى ۋېي جىڭ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئارامخۇدا، خاتىرجەم ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرمۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ تۆرت ئەتراپىدىكى يات خەلقنىڭ دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندا-قارام قىلىۋېلىشى لازىم» («ئۇيغۇرلار» I توم، 124-بەت).

خىتايدا 581-يىلى شىمالىي جو خانلىقى يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى **سۈي ۋىندى** كۆكتۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىش ستراتېگىياسىنى مۇھاكىمە قىلدى. شۇ چاغدا جاڭ سۇشۈەن دېگەن خىتاي ئەمەلدارى مۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان:

«يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش. ياۋايى ياتلارنىڭ كۈچلىكلىرىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، ئاجىزلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش. ياۋايى ياتلارنىڭ باشلىقلىرىنى پۇخرالىرىدىن ئاجرىتىۋېتىپ، بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويۇش. شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش!» مۇھاكىمىدىن كېيىن جاڭ سۇشۈەننىڭ موشۇ لايىھىسى قوبۇل قىلىنغان. پادىشا سەي ۋىندى موشۇ پىلان بويىچە ئىش قىلغانلىقتىن ئاخىرى ئۆز مەخسىتىگە يەتتى. يەنى كۆكتۈرك قاغانلىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىدى. 630-يىلىغا كەلگەندە شەرقىي كۆكتۈرك خانلىقى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ئۇنىڭ تېررىتورىياسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى سىرتاردۇش خانلىقى ئىگەللىدى. جەنۇبىي قىسمىنى بولسا خىتايلار ئىبەللەپ بۇ زىمىنغا دەرھال خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئەپكېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ زىمىننى 7 ئايماققا بۆلۈپ، ئۇنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن خىتاي ۋالىيلارنى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، خىتاينىڭ بىۋاستە باشقۇرىدىغان رايونلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

ۋېي جىڭ بىلەن جاڭ سۈنشۈەنلەر ئېيتقاندەك، خىتاي دۆلىتى، دىپلوماتىيا جەھەتتىن ئالداش، ئىختىسادىي جەھەتتىن قىزىقتۇرۇش يەنى سېتىۋېلىش، سەياسىي جەھەتتىن ھىيلى-مىكرى ئىشلىتىپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، ھەربىي جەھەتتىن ئەسكەر كىرگۈزۈپ توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كۆكتۈرك ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئاخىرى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. كۆكتۈركلەرنىڭ خان-بەگلىرىدىكى ياتلارغا خوشامەت قىلىدىغان روھىي كەيپىياتى، چاكىنا مەنسەپەرەسلىكى، مەنسەپكە، مال-دۇنياغا، خىتاينىڭ مەلىكە قىزلىرىغا ئارماقلىقى ئۇلارنىڭ ئەقلىنى بۇغلاپ، مىللىي مۇستەقىللىك يولىدىكى كۈرەشتە پىداكارلىقتىن روھتىن، سىياسىي جەھەتتىن يىراقنى كۆرەلىكتىن مەرھۇم قىلىپ، ئۇلارنى مىللىي خائىن، ساتقۇنلارغا


ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىغا يارىشا ئاخىرى دۈشمەنىنىڭ خەنجىرىگە قىن بولۇشتى!
شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس: «تۈركلەر بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئىككى خوشنا دۆلەتتە تىنچ ئۆتكەن مەزگىللەردىمۇ، ئۆز ئارا كېلىشىم قىلىپ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان مەزگىللەردىمۇ ئۆز ئارا سەمىمىيەت بولمىغان!» دەيدۇ. ئەگەر قاغانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە ھوشيار بولۇپ، ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستىكى بىرلىك-ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، ئاۋار ۋە خىتايدىن ئىبارەت مىللىي دۈشمەنىگە تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرالىغان بولسا، بۇ دۆلەت مۇنچىلىك تېز ھالاك بولمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ساۋاق شۇكى، دۆلەت ئەرباپلىرى دوستقا-دوستلارچە، دۈشمەنگە-دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشنى كېرەك. بۇ مەسىلىدە خاتالىشىش-چوقۇم ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ!

## كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ شەجەرىسى

| كىم قاغان بولغان | قايسى ژىللاردا |
|---|---|
| تۈرۈم ئۇلۇغ يابغۇ | 535-552 |
| تۈرۈم ئۇلۇغ ئوغلى بومىن (تۈمەن) | 552-553 |
| تۈرۈم ئۇلۇغ ئوغلى ئىستىمى | 552-576 |
| بۇمىن ئوغلى قاراخان | 553-554 |
| بۇمىن ئوغلى مۇقاخان | 554-574 |
| بۇمىن ئوغلى تاۋارخان | 574-589 |
| تاۋارخان ئوغلى ساۋارلو | 581-587 |
| مۇقانخان ئوغلى ئاپا | 576-593 |
| ئاپا ئوغلى ئىنال | 593-600 |
| ئىنال ئوغلى چورتۇمان | 600-611 |
| چورتۇماننىڭ تاغىسى شىگۈي | 611-619 |
| شىگۈي ئوغلى تون يابغۇ | 619-630 |
| قاراخان ئوغلى باغا ئىشبارا | 581-587 |
| قاراخان ئوغلى چوباغا | 587-588 |
| باغا ئىشباغا ئوغلى تۇڭگا تۇران | 588-600 |
| ئىستىمى ئوغلى بىلگە تاردۇ | 600-603 |
| باغا ئىشبارا ئوغلى كېمىنتۇرى | 603-609 |
| كېمىنتۇرى ئوغلى سىۋارخان | 609-619 |
| كېمىنتۇرى ئوغلى چۇلۇكقاغان | 619-621 |
| كېمىنتۇرى ئوغلى قاراخان | 621-630 |
| تۇن يابغۇ ئوغلى ئاسىنا سىربا | 630-646 |
| شىبايتىكىن ئوغلى چىبىقاغان | 646-647 |
| بىلگە تاردۇ ئوغلى باغاتۇر سىبىي | 630-631 |
| تون يابغۇ ئوغلى سىر يابغۇ | 630-633 |
| تون يابغۇ ئوغلى تاردۇش شاد | 633-؟ |
| تاردۇش شاد نەۋرىسى مانگالا | 700-710 |
| تاردۇش شاد نەۋرىستوغ شاد | 710-739 |
| تاردۇش شاد نەۋرىسى ئىنال | 739-750 |
| ئۇلۇغ شاد ئوغلى باشاغا كۇلۇ | 633-634 |
| ئىشبار تىبرىشتۇڭگا | 634-639 |
| تۇڭگا ئوغلى باغاتۇر ئىبىي | 639-640 |
| ئۇلۇغ شاد ئوغلى ئىبىي تۇلۇ | 640-653 |
| كورشاد ئوغلى ئىشبارا | 640-642 |
| باغاتۇر ئىبىي ئوغلى شاد كۈي | 645-649 |
| ئۇلۇغ شاد ئوغلى بۆرۈ شاد | 651-658 |
| ئىبىي تۇلۇ ئوغلى چەنگۇ | 653-659 |
| چەنگۇ ئوغلى ئەچىنە تۇرجە | 659-679 |
| ئەچىنە ئوغلى پۇرچۇر | 679-682 |
| ئەچىنى ئوغلى تۇبجە | 682-700 |

## شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىغىنىڭ 19 ژىللىق ئۆزلىشتىن كېيىنكى قاغانلىرى

| | |
|---|---|
| ئەچىنە ئوغلى ئۆچەلە | 700-706 |
| ئۆچەلە ئوغلى سوگە | 706-711 |
| سۇلۇ قاغان | 711-737 |
| توقسىن قاغان | 737-739 |
| ئەچىنەكىن قاغان | 739-740 |
| باغا تارقان | 740-740 |
| ئىلتەمىش قۇتلۇق | 740-742 |
| تەڭرى ئىلتەمىش | 742-766 |
| ئىلتىرىش قۇتلۇق | 782-793 |
| ئىلتىرىش قۇتلۇق ئىنىسى قاپاغان | 693-716 |
| قاپاغان غولى بۆگۈ | 716-716 |
| قاپاغان ئوغلى ئىنى | 716-716 |
| كۆلتېكىن ئاكىسى مويۇنچۇر | 716-734 |
| مويۇنچۇر ئوغلى ئىچەن | 734-739 |
| مويۇنچۇر ئوغلى بىلگە قۇتلۇق | 739-741 |
| كۆلتىكىن ئىنىسى پەنگى | 741-742 |
| بىلگە قاغان ئوغلى سۇيەن | 742-742 |
| پەنگى قاغان ئوغلى ئۆزمىش قاغان | 742-744 |
| ئۆزمىشنىڭ ئىنىسى بايمەيخان | 744-745 |
| قۇتلۇق ئىلتەرىش قاغان | 679-691 |
| موچۇر قاباغان قاغان | 691-716 |
| بىلگە قاغان | 716-734 |
| ئىجان قاغان (يوللۇق تېكىن) | 734-739 |
| بىلگە قۇتلۇق قاغان | 739-743 |
| ئۆزمىش قاغان | 743-743 |
| بايمەي خان | 744-745 |




كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى («ئۆزبەكىستان تارىخى» كىتاۋى، 32-بەت).

# 13-باپ
## ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى

www.uyghurkitap.com



ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىقى



ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى-بايانچۇرخان

## كىرىش سۆز

ژۇقۇرىدىكى باپتا بىتقىنىمىزدەك، «ئەركىسۆيەر ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ قاراپ تۇرغىنى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىگى ئۈچۈن توختالىسىز ھالدا كۈرەش ئېلىپ باردى. مىلادىنىڭ 605-ژىلى توغلا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئېركىن تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتىرىپ، كۆكتۈرك قاغانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلىشتى. تۈركىنىڭ ئىلىك قاغانى ئىسيانچى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن شاھزادە يوقۇقشادىنىڭ باشچىلىقىدا 100000 كىشىلىك قوشۇنىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئېركىن تېكىنىنىڭ ئوغلى پۇسانىڭ قوماندانلىقىدىكى 5000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تۈرك ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ تاشلىدى ۋە ئىستىقلالىنى ساقلاپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقتە يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتى پەيدا بولدى. بۇ دۆلەت تارىختا «توغلا ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

توغلا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى خانى ئېركىن تېكىن 605-616 ژىللاردا خانلىقنى باشقۇردى. ئېركىن تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى پۇسا خان بولدى. پۇسا 616-636 ژىللاردا ھاكىمىيەت ژۈرگۈزدى. پۇسا خان پاراسەتلىكتە ھەم باتۇرلۇقتا يېتىلگەن، قابىلىيەتلىك سىياسون ئېدى. «كونا ياڭنامە» كىتاۋىنىڭ « ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دېگەن بابىدا:

«پۇسا-كۈچلۈك، باتۇر، ژىراقنى كۆرەر، جاسارەتلىك كىشى ئېدى. ئۇ ناھايىتى تەدبىرچان بولۇپ، ھەر دايىم دۈشمەن سېپىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزى لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. بۇ-جەڭچىلەرگە غەيرەت بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەڭلەردە يەڭمەي قالماتتى. قول ئاستىدىكىلەر ئۆز قولباشچىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇناتتى» دەپ يېزىلغان.

پۇسانىڭ ئانىسى ۇرقۇن خاتۇن (خانىم) توغرىلىقمۇ تارىخ كىتاپلىرىدا ياخشى تەرىپلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. «يېڭى تاڭنامە»، «ئۇيغۇر تەزكىرىسىدە»: «پۇسانىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇن ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرچان، دانىشمەن، قەتئىي ئايال ئېدى. قوۋملار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تالاشلارنى ئادىل ۋە قەتئىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. خەلق ئىچىدىكى ئەرز-داۋا ئىشلىرىنىمۇ ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قۇدرەت تاپقان ئېدى» دېگەن بايانلار بار.

قىسقىسى، ئېركىن تېكىن قۇرغان، كېيىن پۇسانىڭ دەۋرىدە كۈچەيگەن توغلا ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئىنتىلىشلىرىغا ئىلھام بەردى. زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەر قانداق ئىمپېرىيانىڭ ئاخىر پارچىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر بولغىنىدەك، كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىمۇ ئاخىر پارچىلاندى. شۇ ۋاقىتتىن قارىغاندا، توغلا ئۇيغۇر دۆلىتى تارىختا ئىلغار رول ئوينىدى. شۇ چاغدىكى تارىخي شارائىتلار تۈپەيلى بۇ دۆلەت ئۇزاق ياشالمىغان (605-636 ژژ.) بولسىمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا

ئاساس سېلىپ بېرەدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خانلىقنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ ئويلايمەن.
تۇغلا ئۇيغۇر خانلىقىدىن بىر ئەسىر كېيىن، ئۇيغۇر خانى پەيلۇ مىلادىيىنىڭ 745-ژىلى ئىسيان كۆتىرىپ، كۆكتۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ ئاخىرقى قاغانى بايمەي خۇلۇنغۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستىقلال ئېلان قىلدى. ئەشۇ تارىخىي ۋاقىە ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن كۆكتۈرك قاغانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى سەياسىي تارىخىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرستىدىغان بۇرۇلۇش پەيتى بولۇپ قالدى.
ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىنى خېلە تولۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىككى مەنبە بار. ئۇنىڭ بىرسى: ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۆمرى بىلەن ياپىلاق تاشنىڭ سەتھىگە (يۈزىگە) قېدىمىي ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن ئويۇپ يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەر، يەنى «تاش پۈتۈكلەر» بولۇپ ھازىرغىچە مۇنداق تاش پۈتۈكلەردىن يۈزگە يېقىنى تېپىلدى (بۇ توغرىلىق تۆۋەندە ئالاھىدە توختىلىمىز). ئىككىنچى مەنبە: خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان يازما ھۆججەتلىرىدۇر. پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام ئېيتقانىدەك: «خىتاي مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىلىق يازغان خاتىرىلىرى ئوبئېكتىۋ ئەمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، بۇ خاتىرىلەردىن كۆپلىگەن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئالغىلى بولىدۇ». بۇلاردىن باشقا چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن ھەياھەتچىلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەمگەكلىرىمۇ بار. موشۇ مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى توغرىلىق خېلە مۇكەممەل مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. بىراق كىتاۋىمىزنىڭ ھەجىمى تار بولغانلىقتىن،بۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

## §1. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

تارىخىي مەنبەلەرنىڭ كۆرستىشىچە، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ياغلاقلار قەبىلىسى بولغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ زاماندا ئەل باشقۇرىدىغان خانلار كۆپىنچە موشۇ قەبىلىدىن سايلىناتتىكەن. موشۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقالى پەيلۇ ئىسيان كۆتىرىپ، ئاخىرقى تۈرك قاغانىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئالتە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالدى. بۇ بولسا مەملىكەتكە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققانلىقىنى كۆرستىدىغان بۇرۇلۇش پەيتى ئىدى. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىر مىللەتنىڭ قولىدىن ئىككىنچى مىللەتنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىك ئەمەس. ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىكى تۈرك قەبىلىسىنىڭ قولىدىن ياغلاقلار قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىگىنى كۆرستىدىغان سەياسىي ئۆزگىرىش ئىدى، خالاس. موشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر دۆلىتى» «كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ» داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.
بۇ يېڭى دۆلەت ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا **قارابالغاسۇن** شەھرىنى بىنا قىلىپ، زىنگە پايتەخت قىلدى. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، قارابالغاسۇن شەرىقتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك شەھەر بولغان ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ بايرىغى خاقان بىلەن خانىشنىڭ باش سۈرىتى چۈشىرىلگەن سېرىق بايراق ئىدى. بۆرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشىرىلگەن كۆك بايراق-ئۇنىڭ ھەربىي بايرىغى ئىدى.
پەيلۇخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مىلادىنىڭ 747-ژىلى ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇر ـتەگىرىدە بولمىش، ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان ئۇنۋانى بىلەن خان بولدى.
بايانچۇر ئەقىللىك، تالانتلىق، جۈرئەتلىك، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر خان بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت ژۈرگۈزگەن 747-759 ژىللاردا ھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاشتى، تېررىتورىياسى كەڭەيدى. مىللىي دۆلەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئىمپېرىيا دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى. بايانچۇر ئۆزىمۇ قاغان (ئىمپېراتور) ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇيغۇر دۆلىتى تازا كۈچەيگەن دەۋرىدە ئۇنىڭ تېررىتورىياسى كېڭىيىپ، بۇرۇنقى كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى ئىگەللىگەن زىمىنلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي قوشۇنى ئاساسەن ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، 22 تۈمەن، يەنى 220000 كىشىلىك ئارمىياسى بار ئىدى. بۇ ئارمىيا 17 ئاتلىق دېۋىزىيادىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي بايرىغى: تۆرت بۇجەكلىك لاتا ئۈستىگە ئالتۇن ھەل بىلەن بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشىرىلگەن ئاق بايراق ئىدى. دۆلەت بايرىغى بولسا، تۆرت بۇجەكلىك لاتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر جۈپ ژىگىت بىلەن قىزنىڭ باش سۈرەتلىرى چۈشىرىلگەن قوڭۇر بايراق ئىدى.
ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى ئاھالىسىنىڭ سانى توغرىلىق تارىخ كىتاپلىرىدا ئېنىق كۆرستىلمىگەن. ئەگەر ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن بىر ژىگىت ئەسكەرگە ئېلىنغان دەپ ھېساپلىساق، جەمى 220000 تۈتۈن ئۇيغۇر بولغان بولىدۇ. ھەر بىر تۈتۈندە 6-5 جان بار دەپ ھېساپلىساق، جەمى 13-12 مىللىون ئۇيغۇرنىڭ بارلىغى ئىسپاتلىنىدۇ. ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن باشقا تەيىپىلەرنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى 15 مىللىوندىن كام ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ يېزىشىچە، شۇ زاماندا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى تۇرلۇك سەۋەپلەر بىلەن ئازىيىپ، 17 مىللىون ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن! دېمەك،

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى سانى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك بولغان. بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ نوپۇس سانى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ نوپۇس سانىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، قانچىلىك پەرق قىلىۋاتىدۇ؟

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى قېدىمى «ئون ئۇيغۇرلار» بىلەن «توققۇز ئۇيغۇرلاردىن» كېلىپ چىققان 300دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىغان ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا شەرقتىكى تۇڭگۇس تىللىق قىتانلار بىلەن قۇمۇقلارنى، غەربتىكى تاجىك تىللىق بەزى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلغان ئىدى. ھەتتا جەنۇبتىكى خوشنىسى خىتاي دۆلىتىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندا دۆلەت ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرشۇناس تارىخچى ئا.ن.بېرنشتامنىڭ يېزىشىچە، مىلادىنىڭ 757-ژىلى خىتاي پادىشاسى سۇجۇڭ ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر خاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندا، بايانچۇر خان قوشۇن ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويغان. يەنى خىتاينى مەغلۇپ قىلىپ، خىتاي پادىشاسىنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئەسىر ئېلىپ، نەزەربەنت قىلىپ قويغان. شۇ چاغدا خىتاي ئىمپېراتورى سۇجۇڭ بايانچۇر قاغانغا يالۋۇرۇپ، مۇنداق تىل خەت يېزىپ بەرگەن:

«ھۆرمەتلىك، قاغانىم! مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئۆمرىڭىزگە ئىتائەت قىلىمەن، بۇيرۇغىڭىزنى ئورۇنلايمەن. سىزگە ئۆلگىچە سادىق بولىمەن، ھېچ قاچان گۇنا قىلمايمەن!» شۇنىڭدىن كېيىن بايانچۇر قاغان سۇجۇڭنى ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىپ، قويۇپ بەرگەن. بىراق، سۇجۇڭنىڭ ئوغۇللىرىنى بارىمتاي سۈپىتىدە گۆرۈگە ئېلىپ، ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بايانچۇرخان خىتاي دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ ئىتائەتدىكى بىر خانلىق دەپ بىلەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىلادىنىڭ 760-ژىللىرى تىبەتلىكلەر گەنسۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن بايانچۇرخان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىپ ساقلاپ قالغان.»ژىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندە خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن تاياق يەپ تۇرسىمۇ، غەربتىكى پەرغانە ۋىلايىتىنى بېسىۋالماقچى بولۇپ، ئەسكەر ماڭغۇزغان ئىدى. بۇ ئەسكەرلەر مىلادىنىڭ 751-ژىلى تالاس ئۇرۇشىدا يەرلىك قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن غەربتىن كەلگەن ئەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئازىيادە خىتاينىڭ تەسىرى تامامەن تۈگىتىلدى. موشۇ ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئۇيغۇر دۆلىتى ئوتتۇرا ئازىيا رايونىنى تەسىر دائىرىسىگە ئېلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ تولۇق غوجايىنلىرى بولۇۋالدى.ئۇ دەۋىردە خىتايلار غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى پەقەت «ئۇيغۇر يولى» دەپ ئاتالغان خەلقئارا يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، موشۇ ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خارجى ئەللەر بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلارنى كەڭەيتتى. مەملىكەتنىڭ تىپچلىقى ۋە ئىقتىسادىي پاراۋەنلىكى ئاساسىدا، مىللىي مەدەنىيەت گۈللەندى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئازىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرستان بولسا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى بولۇپ قالدى!

قىسقىسى، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى: ئۇ چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەندى «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى بۇرۇنقىدەك بىرلا قەبىلىنىڭ نامى بولماستىن، ئىمپېرىيا تەركىۋىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سەياسىي ئىتتىپاقىنى ئىپادىلەيدىغان نام، يەنى مىللەتنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى. يەنى ئۇيغۇرلار مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.

شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىتى كام دېگەندە بۇنىڭدىن 1200 ژىل بۇرۇنلا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلۇپ بولغان! ئارىدىن 1200 ژىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر دېگەن نامنى دۇنيا تونۇمايدۇ!» دېيىشى ئۇ كىشىلەرنىڭ تارىختىن تامامەن ساۋاتسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى ئەھمىيىتى شۇكى، بۇ دۆلەت ئۇيغۇر خەلقىنى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەنلىك تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-سېتىقنى ئاساس قىلغان، شەھەرلەشكەن تۇرمۇشقا ئۆتۈش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇر ئاھالىسى شەھەرلەشكەن مەدەنىي ھاياتقا كۆچتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر مۇقۇملاشتى.بۇ مىللىتىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ جەمئىيەتكە ئىگە پروگرېسسىۋ جەريان بولدى.

ئۈچۈنچى ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى، قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەركىن، پاراۋەن تۇرمۇش شارائىتىدا مىللىي مەدەنىيەت گۈللەندى، ئىلىم-پەن، سەنئەت، مېمارچىلىق كەسىپلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. روھانىي

مەدەنىيەت ھېساپلانغان دىن ساھاسىدىمۇ ئىسلاھاتلەر ئېلىپ بېرىلدى. يەنى، ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋىي شامان دىنىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئىلغارراق مانىي دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتەردى.

## §2. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمى

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمىيەت تۈزۈمى توغرىسىدا تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بېرىدۇ:

«ئۇ زاماندا شەرقىي ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش ئالقاچان فېئوداللىق باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. ھەتتا بەزى ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلار ھۇنلار ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا پاترىئارخاللىقنى ساقلىغان يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمدە ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 744-يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن، بۇ جەمىيەتتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى.

VIII ئەسىردىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلاردا قاغانلىقنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى، قاغانلىق تەختى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئادەتنىڭ مۇقۇملاشقانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىدا ۋە سىياسىي تەرەققىياتىدا يېڭى فېئوداللىق دەۋرىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇ دەۋردە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن بىر باسقۇچنىڭ ئىپادىسى-**ئۇيغۇر** دېگەن ئورتاق نامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. يېڭى بىرلىشىش بىر قەدەر مۇستەھكەم بولغان ئىتتىنىڭ تەشكىللىنىش جەريانى بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەممىگە ئورتاق ئۇيغۇر دېگەن نام قوبۇل قىلىندى. موشۇ نام ئاساسىدا يېڭى مىللىي دۆلەت، يەنى قاغانلىق پەيدا بولدى. مانا بۇ جەريانىنى بۇرۇنقى قەبىلە ناملىرى ئورنىغا مىللەت نامى ئالماشقانلىق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتى نۇقتەيى نەزەرىدىن قارىغاندا بۇ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ قارار تاپقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

V ئەسىردىن باشلاپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئاساسىي رول ئويناشقا باشلىغان ئۇيغۇرلار VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مىللەتنىڭ سەياسىي ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە شۇ نام ئاساسىدا VIII ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا يېڭى **ئۇيغۇر دۆلىتى** مەيدانغا كەلدى. بۇ دۆلەتنىڭ تەركىۋىدىكى مۇتلاق كۆپچىلىك قەبىلىلەر تىل ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر-بىرىدىن ژىراق قەبىلەر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ناھايىتى چاپساندا **ئۇيغۇر** دېگەن ئورتاق نام ئاساسىدا بىرلەشتى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تەرەققىياتىنىڭ فېئوداللىق جەمىيەت تۈزۈمدە بولۇپ، ژۇقۇرى قاتلام: بەگلەر ۋە بايلار، تۆۋەنكى قاتلام: قارا بۇدۇن (ئاددىي ئاۋام خەلق) بولۇپ ئىككى تەبەقىگە بۆلۈنەتتى. ئەلۋەتتە، ئاۋام خەلق جەمىيەتنىڭ ئاساسىي ئىشلەپ چىقارغۇچى كۈچى ئىدى. تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق مەھسۇلاتلار ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كېلەتتى. ئەينە شۇ ئاۋام خەلق يەنە دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىدىغان جەڭچىلەر بولۇپمۇ ھېساپلىناتتى. ئۇلار ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مىنىدىغان ئېتىنى، قورال-ياراقلىرىنى (قىلىچ، ئوق-يا، نەيزە، قالقان ۋە باشقىلىرىنى) ئۆزلىرىنى تەييارلاتتى... قالغان ژۇقۇرى تەبەقىلەر بولسا مەملىكەتتىكى ھۆكۈمران تەبەقە ھېساپلىناتتى. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە، قاغاننى ئومۇمىي قۇرۇلتايدا كۆپچىلىك سايلاپ چىقاتتى. ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدىلا، ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بىرىسىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلەتتى. بۇنىڭ پايدىسى شۇكى، قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەگلەر تالاش-تارتىش قىلالمايلا، كىم ۋارىس بولۇپ تەيىنلەنسە، شۇنى قاغان قىلىپ كۆتىرەتتى.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ئەمەلىياتتا چوڭ ئىمپېرىيا بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىياسى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەرپتە پەرغانە ۋادىسىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ئەتراپى بىلەن ئېنىسېي دەرياسىنىڭ ژۇقارقى ئېقىمىدىن، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلى بىلەن تىبەت چېگارىسىغىچە سوزۇلغان ئىدى (تارىخچىلارنىڭ ھېساپلىنىشىچە، 4 مىللىون كم2تىن ئاز ئەمەس ئىدى). موشۇنچىلىك كەڭ زېمىنلارنى بىر مەركەزدىن باشقۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خاقانلار مەملىكەتنى مەمۇرىي جەھەتتىن 3 قىسىمغا بۆلۈپ، ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان:

مەركىزىي قىسىمنى خاقانلىق بېۋاسىتە باشقۇراتتى.

مەملىكەتنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنى بولسا، خاقان تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن «يابغۇلار» ۋاكالەتەن باشقۇراتتى.

ئۇيغۇر دۆلىتىدە قاغاندىن ئەڭ تۆۋەنكى ئەمەلدارغىچە، ئون بەش دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بار ئىدى. بۇلار مونۇلار:

1. خاقان (ئىمپېراتور)-مەملىكەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولۇپ، چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئىدى.
2. خاتۇن-خاقاننىڭ چوڭ خانىشى بولۇپ، خاقاننىڭ مەسلىھەتچى، ئەقىلدارى ئىدى.
3. ئېل ئۆگەسى (باش ۋەزىر)-پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ژۈرگۈزەتتى.
4. توققۇز تارخان (توققۇز ۋەزىرلەر)-بۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرى ئىچكى ئىشلارنى، ئالتە نەپىرى تاشقى ئىشلارنى باشقۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

5. يانغۇنتار-خەلقنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنى ھەم رايىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار.
6. سانغۇن-ھەربىي ئىشلاردا باش قوماندان، دىپلوماتىيا ئىشلىرىدا باش ئەلچى.
7. يابغۇ-خاقانغا ۋاكالەتەن مەملىكەتنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنى باشقۇرغۇچىلار (ئادەتتە بۇ خىزمەتكە خاقاننىڭ ئوغۇللىرى تەيىنلىنەتتى).
8. تېكىنلەر-خاقاننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى شاھزادىلەر.
9. قۇنچۇي-خاقاننىڭ قىزلىرى، يەنى مەلىكىلەر.
10. تارخان-چوڭ يۇرتلارنى باشقۇرىدىغان بەگلەر ياكى بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنى باشقۇرىدىغان خانلار.
11. تۇتۇق-قەبىلە ياكى ئايماقلارنى باشقۇرىدىغان يەرلىك بەگلەر.
12. تۇدۇن-قەبىلە ياكى ئايماق باشلىقىنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار.
13. ئىلتەبىر-بېقىندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا بېرىلىدىغان ئەمەل نامى.
14. بۇيرۇق-سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.
15. تامغاچى-خاقاننىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا تامغا باسىدىغان ئەمەلدار (تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، I توم، 162-163 بەتلەر).

قاغاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى-خاتۇن، يەنى ئۇنىڭ چوڭ بىكەسى. ئاندىن قالسا، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشى ئىل ئۆگەسى ئىدى. موشۇ تىرىقىدە ھەر قايسى دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار ئۆز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى.

### §3. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋىتى

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى تېررىتورىياسى سەددىچىن سېپىلى ۋە سېرىق دەرياىنىڭ باش ئېقىنى ئارقىلىق چېگارىلىناتتى. بۇ تارىخىي قېلىپلاشقان چېگارا ئىدى. خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى شىمالدىكى خوشنىسى كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ سىرتىدا تىبەت دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان تەھدىتىمۇ مەۋجۇت ئىدى. موشۇنداق شارائىتتا تۇرغان خىتاي خۇئاڭدىلىرى (پادىشالىرىنىڭ) ئالدىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن، شىمالدىكى خوشنىسى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي خۇئاڭدىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا يالۋۇرۇپ، خىتايدا توقۇلغان توغا-دۇردۇنلارنى، پادىشا غەزنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈچلەرنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى سوغات قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىپ تۇراتتى. موشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 757-يىلى تاڭ سۇلالىسى چېگارا مۇداپىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئەن لوشەن (بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۆگلۈك بولۇپ، كېلىپ چىقىشى تۈرك ئىدى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشالىق تەختىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، تاڭ خۇئاڭدىسىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. يەنە بىر ئەسكەر باشلىقى سۈيگۈم بولسا، ئىسيانچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى (سۈيگۈمنىڭمۇ كېلىپ چىقىشى تۈرك ئىدى). قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان خىتاي خۇئاڭدىسى تاڭ شۈەنزۇڭ قورقۇپ كېتىپ، پايتەختى چاڭئەننى تاشلاپ سىچۈەن ئۆلكىسىگە قاراپ قاچتى. يېرىم يولغا بارغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى لى خىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربابى گو زىيىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ خان دەپ ئېلان قىلدى. ھەممە تاڭ سۇزۇڭ دېگەن نامنى ئالدى. بۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوش پايتەختلىرى چاڭئەن بىلەن لوياڭنى ئۆگلۈك-سۈيگۈمنىڭ ئىسيانچى ئەسكەرلىرى بېسىۋالغان ئىدى. موشۇنداق ئەھۋالدا قالغان ياش خان تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى بايانچۇر قاغانغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ھەربىي ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ ئەلچىلىرىگە:

«ئەگەر بايانچۇر خان تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالىدىغانلا بولسا، بىديانچۇر خاننىڭ ھەر قانداق شەرتلىرىگە رازى بولاتتىم» دېدى. نەتىجىدە خىتاي ئەلچىلىرى بايانچۇر خان بىلەن ناھايىتى ئېغىر شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان ھالدا، كېلىشىم تۈزدى. موشۇ كېلىشىمگە مۇۋاپىق بايانچۇر قاغان 757-يىلى ئۆز ئوغلى يابغۇ تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا 50000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتتى. خىتاينىڭ قولدىن كەتكەن پايتەختى چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ مىسلىششى بىلەن چاڭئەن شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ كۈنلۈك قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن ئىسيانچى ئەن لوشەننىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، پايتەخت چاڭئەن شەھىرىنى ئازات قىلدى. پادىشا تاڭ سۇزۇڭ ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئارقىدىن ئىككىنچى پايتەخت لوياڭ شەھىرىنى ئازات قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسىنى مۇقەررەر ھالاكەتتىن

قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش مەراسىمىغا بايانچۇر خان ئۆزى كېلىپ قاتناشتى. بۇ توغرىلىق ژۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان خاتىرە تاشقا يېزىلغاندىن تاشقىرى رۇس تارىخچىسى ئا.ن.بېرنشتام مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«سېرىق دەريانىڭ ياقىسىدىكى كەڭ مەيداندا، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سەھنىدە، بايانچۇر قاغان مەغرۇر قاراپ تۇردى. سەھنە ئالدىدا بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر ھەربىي بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. خىتاي خانى تاڭ سۇزۇڭ «جۇ» (تەختى راۋاندىن) يەرگە چۈشۈپ، ئۇيغۇر ھەبىي بايرىقىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، تازىم قىلدى. ئاندىن كېيىن سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ بايانچۇ قاغانغا تازىم قىلدى. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا بايانچۇر قاغان خىتاي خانى تاڭ سۇزۇڭ بىلەن كۆرۈشتى» (ئا.ن.بېرنشتام «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى»، 132-بەت).

«كېيىنكى ژىلى خىتاي خانى سۇزۇڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى **نىنگونى** ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر خانغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىپ بەردى. ناھايىتى كۆپ قىممەت باھالىق سوغا-سالاملارنى قوشۇپ ئەۋەتتى» (مەزكۇر كىتاپ، 134-بەت).

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسيانچىلار لوياڭ شەھىرىنى قايتىدىن بېسىۋالدى. لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۈچى يەتمىگەن خىتاينىڭ يېڭى پادىشاسى لى شى يەنە ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن ھەربىي ياردەم سورىدى. مىلادىنىڭ 759-ژىلى بايانچۇر خان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى بوگۇ قاغان بولغان ئىدى. بوگۇ قاغان 762-ژىلى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىككىنچى قېتىم لويان شەھىرىنى ئازات قىلىپ خىتاي خانىغا ئېلىپ بەردى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كېلىشىم بويىچە، ئۆز بورچىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئېلىغا قايتىپ كەتتى. خىتاينىڭ زىمىنى ئايىغى ئاستىدا، ھاكىمىيەت ھوقۇقى ئالقىنىدا تۇرسىمۇ، ئۇنى ئىگەللىۋېلىش نىيىتىدە بولمىدى. سەككىز ژىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. خىتاي دۆلىتىنىڭ موشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىماقچى بولغان تىبەت خانلىقى مىلادىنىڭ 763-ژىلى 200000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بىلەن خىتاي تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خىشى كارىدورىنى بېسىۋېلىپ، شەنشى ئۆلكىسىگە بېسىپ كىردى. ھەتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭەن شەھىرىنى بېسىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن خىتاي پادىشاسى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى تاشلاپ، شەنجۇ دېگەن جايغا قېچىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەر ئاستىدا قالدى. موشۇنداق ئەھۋالدا، تاڭ سۇلالىسى ئارمىياسىنىڭ قوماندانى گوزىيى ئۇيغۇر ئاتلىق ئارمىياسىنىڭ قوماندانىنى ئالىپ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىنىنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، يالۋۇرۇپ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنئەنىۋىي دوستلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. كۆڭلى يۇمشاق ياغلاقار تېكىن گوزىيىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا ئىشىنىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، تىبەتنىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋەدە بەردى.

موشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن مىلادىنىڭ 765-ژىلى 1-ئايدا ئۇيغۇر قوشۇنى مەيدانغا يېتىپ كەلدى. قار-شۇۋۇرغان بولۇۋاتقان قاراڭغۇ كېچىدە تىبەت ئەسكەرلىرى ھەربىي چادىرلاردا ۋە ئۆيلەردە خاتىرجەم ئارام ئېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ئىدى. دۈشمەنىنىڭ بىخوتلىقىدىن پايدىلانغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدە تىبەت ئارمىياسىنىڭ 50000 ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 10000 ئەسكىرىنى ئەسىرگە چۈشەردى. ئۇنىڭ سىرتىدا ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا-مال، ئوزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ئۈچىنچى قېتىم تاڭ سۇلالىسىنى ئەجەللىك ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى!

بۇ ئىشقا ناھايىتى خوشال بولغان خىتاي پادىشاسى تاڭ دېزۇڭ ئۇيغۇرلار قوماندانىغا خوشامەت قىلىپ، 100000 توپ توگا-دۇردۇن ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلدى. ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىرى كېلىشىم بويىچە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، خىتاي تېررىتورىياسىدىن بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى بېسىۋېلىش نىيىتىدە بولمىدى. بۇ توغرىلىق تارىخ كىتاپلىرىدا مۇنداق بىر ئېپىزود خاتىرىلەنگەن:

«تىبەتنىڭ ھەربىي قوماندانى شاڭ شياجىن جۇڭگونىڭ ئەلچىسى ليۇەندىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن:

شاڭ شياجىن: مېنىڭچە، ئۇيغۇرستان ئانچىمۇ بۈيۈك دۆلەت ئەمەس، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ بىزنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرغۇلۇق خىتاي دۆلىتى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ؟

ليۇەڭدىڭ: بىز بۇ دۆلەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمىزكى، بۇ دۆلەتنىڭ قاغانلىرى ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. شەرتنامىلارنى مۇقەددەس بىلىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلايدۇ. ھېچ قاچان باشقىلارنىڭ يېرىگە كۆز ئالايتمايدۇ» (ئا.ن.بېرنشتام «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى»، 147-بەت).

ئەندى ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىسادىي سودا ئالاقىسىغا كېلىدىغان بولساق، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇردى. ئۇيغۇر دۆلىتى ئاھالىسى ئېگىلىك جەھەتتىن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، خىتايغا كۆپرەك ھەربىي ئاتلار،چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قۇرال-سايمان، جابدۇقلارنى سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە خىتايدىن ئىپەك رەختلەر فارفور قاچىلار، دېخانچىلىق ئۈچۈن كېرەكلىك ئۇرۇق ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىپەك يولىغا غوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خىتايدىن سېتىۋالغان ئىپەك ماللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز مەملىكىتىدە ساتسا، يەنە بىر قىسمىنى غەربىي مەملىكەتلىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالاتتى.

ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆزىنىڭ يۈز ژىللىق تارىخى داۋامىدا، خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ھەر ژىلى ئاز دېگەندە بىر نەچچە مىڭ ياكى بىر نەچچە تۈمەن ئاتنى خىتايغا ئەپكېلىپ ساتاتتى. مەسىلەن: 773-ژىلى 10000 تۇياق ئات، 782-ژىلى بولسا، 100000 تۇياق ئات ئەپكېلىپ ساتقان. بىر ئاتنى 40 توپ توگاغا تېگىشكەندە، 100000 تۇياق ئات ئۈچۈن 4 مىللىون توپ توگا-دۇردۇن ئېلىش كېرەك بولاتتى. لېكىن ئىچكى ئىسيانلار سەۋەۋىدىن، ئىشلەپ چىقىرىشى ۋەيران بولغان خىتاي دۆلىتى بۇ تۆلەملەرنى ۋاقتىدا بېرەلمەي، ئۇيغۇرلارغا قەرزدار بولۇپ قالغان. شۇ ژىلى پەقەت 100000 توپ ئىپەك مال بىلەن، 100000 سەر ئالتۇن كۈمۈچ تۆلىگەن، قالغان قەرزلەرنى تاكى 845-ژىلغىچە، يەنى ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلغىچە تۆلەپ بولالمىغان.

مىلادىنىڭ 780-ژىلى ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئوردىسىدا كۈتۈلمىگەن ۋاقە يۈز بەردى. باش ۋەزىر تونباغا قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشنى ئويلاپ: «دۆلەتكە پايدىلىق مەسلىھەتنى قوبۇل قىلمىدى» دېگەن بانە بىلەن قانۇنلۇق قالغان **ئېدىگەننى** ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىدىن 2000غا يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردا ئۆزگىرىشى قىلىپ، قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر دۆلىتىدە موشۇنداق بىر كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان خىتاي دۆلىتى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دوستلۇق توغرىسىدىكى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. نەق شۇ مەزگىلدە خىتايدىن مال ئېلىپ قايتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كارۋىنى چېگارىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. چېگارا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى جاڭ گۇئاڭشىڭ جۇڭگودىن نۇرغۇن مال ئېلىپ قايتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ناھايىتى نۇرغۇن مال-دۇنيانى تارتىۋالدى. بىر نەچچە مىڭ ئات ۋە تۆگىگە ئارتىلغان ماللارنىڭ ئىچىدە 100000 توپ توگا دۇردۇن ۋە باشقا قىممەتلىك ماللار بار ئىدى. بۇ ۋاقىئە چۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر دۆلىتى بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۆز ئەمەلدارىنى ئەۋەتكەندە، جاڭ گۇاڭشىڭ ھىيلى-مىكىر ئىشلىتىپ: «ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىزنىڭ چېگارا پۇنكىتىمىزغا قۇراللىق چۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆگىلەرگە ئارتىلغان ساندۇقلارنىڭ ئىچىدىن خەنزۇ قىزلىرى چىقتى» دەپ يالغان ئېيتىپ، گۇنانى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ قاراقچىلىق قىلمىشىنى يوشۇردى! بۇ فاكت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسىدە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھېچقانداق سەممىي دوستلۇق بولغان ئەمەس! ئەكسىچە، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جاسۇسلارنى كىرگۈزۈپ، بايانچۇرخانغا قارشى ئىسيانلارنى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن بايانچۇرخان تاڭ سۇلالىسى تېررىتورىياسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تاڭ پادىشاسىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بايانچۇر ئۆزى تېكىستىنى يېزىپ، تاش ئابىدىگە ئويدۇرغان يادىكارلىقتا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «تاباغاچ خانى ماڭا سادىق بولۇشقا ۋەدە بەرگەن تۇرۇپ، يوشۇرۇن دۈشمەنلىك قىلدى. مەن قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇنى يەڭدىم. شۇ چاغدا تاباغاچ خان ماڭا تەسلىم بولسام دەپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىراق مەن تاباغاچ خانىنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئالدىم».

ھازىرقى خىتاي تارىخچىلىرى ئەشۇ زاماندىكى تارىخنى بۇرمىلاپ:

«ئۇ زاماندىكى ئۇيغۇر خانلىرى جۇڭگوغا بېقىنىپ ياشاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خانلىرىنى ھۆرمەتلەپ «تاۋغاچخان» دەپ ئاتىغان» دېيىشمەكتە. سۆز نوۋىتى كەلگەندە، بۇ تۆھمەتە جاۋاپ بېرىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ: «تاۋاغاچخان»- بۇ بېقىنغۇچى، بويسۇنغۇچى خان دېگەن سۆز. قېدىمىي زاماندا خىتاي دۆلىتى ئاۋال ھۇن دۆلىتىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ، ئاخىرىدا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ ياشىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر قاغانلىرى خىتاي خانلىرىنى كۆزگە ئىلماي، «تاۋغاچخان» دەپ ئاتىغان، بۇ توغرىلىق پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام مۇنداق دەيدۇ:

«خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆكتۈلۈك-سۈيگۈم ئىسيانىنى باستۇرالىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاۋالقى قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. بۇسۇلالىنىڭ ئۆزى ئىختىسادىي، ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىگە قارام-بېقىندا ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى» (ئا.نبېرنشتام ژۇقارقى كىتاۋى، 135-بەت).

## §4. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت توغرىلىق تارىخچىمىز تۇرغۇن ئاماسىنىڭ بايانلىرىنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

«ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىرسى شۇ دەۋرىدە يېزىلىپ، كەڭ تارقالغان «كۆچ-كۆچ» داستانىدۇر. بۇ داستان XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى ئالائىيدىن جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانگۇيشەي» دېگەن ئەسەرىدە خەتىرلەنگەن «كۆچ-كۆچ» داستانىنىڭ سيۇژېتى فانتازىيا خاراكتېرلىق بولۇپ، داستانىنىڭ قەھرىمانى بوگۇ قاغان بىلاھىيلاشتۇرۇلغان. داستاندا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار تارىخى بەدىي شەكىلدە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«تاڭ يىلنامىسى»، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «كۆچ-كۆچ» داستانى ھەقىقىي رېئال تارىخىي ۋاقىئەلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. داستاندىكى قەھرىمان بوگۇ قاغان ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۆتكەن، ۋيغۇر قاغانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بايانچۇر قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. بوگۇ قاغاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئېلتېكىن بولۇپ، ئۇ قاغانلىق سەلتەنەتىنى سۈرگەن ۋاقتىدا (759-779) «ئايتاڭرىدە قۇت بولمىش ئىلتۇتمىش ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتالغان...

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر يادىكارلىقلار ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىدۇر.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ، XX ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان 70 يىل ئىچىدە چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىدىن بىر مۇنچىسى تېپىلدى ۋە ئېلان قىلىندى. بۇ مەڭگۈتاشلاردىن ھازىرغىچە تېپىلغانلىرى خېلە كۆپ بولسىمۇ، مەن ئۇلاردىن پەقەت بىر نەچچىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن:

1. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» 1890-يىلى موشۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلدى.

2. «بايانچۇر مەڭگۈتېشى» بۇ تاشنى 1909-يىلى فىن ئالىمى رامستېدت ھازىرقى موڭغۇلىيانىڭ سېلېنگا دەرياسى بويىدىكى شىنى ئۇسۇ كۆلىنىڭ بويىدىن تاپتى.

3. «تەس مەڭگۈتېشى» بۇ تاشنى رۇس ئارخېئولوگى ب.يا.ۋلادىمىرسېۋ موڭغۇلىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەس دەرياسى ۋادىسىدىن (خانگەي تېغىنىڭ ئورمانلىق تارماقلىرى بىلەن گرانىت تاشلىق تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا) تاپتى.

4. «تېرخىن مەڭگۈتېشى» بۇ تاشنى 1957-يىلى موڭغۇلىيا ئارخېئولوگى س.دورژى سورۇن چاغانور كۆلىگە يېقىن جايدىكى تېرخىن دەرياسى ۋادىسىدىن تاپتى.

ژۇقۇرىدىكى «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» مىلادىنىڭ 821-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر قاغانى-بويى قاغاننىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. بۇ مەڭگۈتاشتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قاغانلىرىدىن بىرى بولغان ئالپ بىلگە قاغاننىڭ بېشبالىق، كۇچا، قاراسەھەر ئەتراپلىرىدا تىبەتلىكلەرنى تار-مار قىلىپ، ئۇيغۇرستاندىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، يەنە قاغاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئازىيا (يەتتىسۇ ۋە پەرغانە) بارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«بايانچۇر مەڭگۈتېشى» جەمى 49 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلغان بۇ مەڭگۈتاش مىلادىنىڭ 749-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان.

«تېرخىن مەڭگۈ تېشىغا» 30 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلغان. بۇ مەڭگۈتاش مىلادىنىڭ 754-يىلى بايانچۇرنىڭ ۋارىسى بوگۇ قاغان تەرىپىدىن ئاتىسى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. مەڭگۈتاشتا بايانچۇرنىڭ قاغانلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەراسىم، قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى، دۆلەت چېرالىرىنىڭ بەلگىلىنىشى، بايانچۇر قاغان بولغاندىن كېيىن ئىسيانكار قەبىلىلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقى قاتارلىق ۋاقىئەلەر بايان قىلىنغان.

«تەس مەڭگۈتېشىمۇ» مىلادىنىڭ 761-يىلى بايانچۇرنىڭ ئوغلى بوگۇ قاغان تەرىپىدىن ئاتىسىنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. «تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ» تۆرت يۈزىگە 22 قۇردىن خەت ئويۇپ يېزىلغان.

«تەس مەڭگۈتېشىمۇ» بىلەن «تېرخىن مەڭگۈتېشىدىكى» خاتىرىلەرنى بوگۇ قاغان ئۆزى يازغاي. بۇنىڭغا قارىغاندا، بوگۇ قاغان مەشھۇر، باتۇر قاغان بولۇپلا قالماستىن، خۇددى يۇللىغ تېكىنگە ئوخشاش تالانتلىق يازغۇچىمۇ بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئورخۇن-ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىگە ئائىت بولغان بۇ مەڭگۈتاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىدىمقى چاشدا ياراتقان، كۆمۈچ بەتلىك، ئالتۇن ھەرپلىك يازما يادىكارلىقى بولۇپ، ناھايىتى ژۇقۇرى ئىلمىي

قىممەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ مەڭگۈتاشلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تارىخىنى، ئەدەبىياتىنى، دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىباھا مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تاشلارنىڭ ھەممىسى ئورخۇن-ئېنىسېي يېزىقى سەپ ئاتالغان قېدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان (ت.ئالماس، 174-171 بەتلەر).

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا ئۇيغۇرلار ئورخۇن-ئېنىسېي رۇنىك يېزىقى بىلەن كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى موشۇ يېزىقلاردا يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا ماشھۇر تۈركشۇناس ۋېنگر ئالىمى ژوزېف تىورى: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بەدىئىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ھەقىقەتنى قېدىمىي خىتاي، ۋىزانتىيا ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان فاكتلار تەستىقلەيدۇ» دەيدۇ (ژ.تىورى «XIV ئەسىرگىچە تۈرك يېزىقىدىكى تارىخىي ئابىدىلەر» («شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنالى، 1949-ژىلى 11-سان).

تارىخ پەنلەرىنىڭ دوكتورى ل.ر.كىزلاسوۋ ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىنى قېزىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىئاللارنى تاپقان. بۇ ماتېرىئاللار ئۇيغۇرلار قېدىمىي زامانلاردا نېپىز ياغاچ تاختىلارغا مەتىن (تېكىستلارنى) ئويۇپ، كىتاپلارنى بېسىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق كىتاپ بېسىش ئۇسۇلىنى «كسىلوگرافىيا» دەپ ئاتايدۇ. قېدىمىي زاماندا مۇنداق ئۇسۇلنىڭ كەشىپ قىلىنىشى مەنبەچىلىك ساھاسىدىكى بىر ئىنقىلاپ بولدى. بۇ ئۇسۇل كۆپ ئەمگەكنى ھەم نۇرغۇن ۋاقىتنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قاتتىق ياغاچتىن ئايرىم-ئايرىم ھەرىپلەرنى ياساپ، شۇ ھەرىپلەرنى تىزىپ بەت ياساش ئارقىلىق كىتاپ قۇرۇش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز ئالىمى كارتېرنىڭ «دۇنيادىكى تۇنجا مەتبەە ھەرىپلىرى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ئويۇلغان تۈركىي تىللىق ئىدى» دېگەنلىكى مۇتلەق ھەقىقەتتۇر. شۇ زاماندا ئۇيغۇرلار ياشىغان يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئەرەپ سەياھەتچىسى تېيمەي بەھرەل ئەتۇۋۋىي «قەشقەر بىلەن بارسغاندىن تاكى ئورخۇن دۆلىتىگىچە بولغان 3 ئايلىق يولدا بىرلا ئۇيغۇر قاغانلىغىنىڭ پوچتىسى مېڭىپ تۇرىدۇ» دەپ يازغان (ئەخمەت زەكى ۋەلىدى «قېدىمقى كۆچلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» 48-بەت).

«ژۇقارقىلارنىڭ سىرتىدا بۇ دەۋىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسۇل سەنئىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي ئەتكەن ئىدى. غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ قاشقەر، كۇچا، تۇرپان تەۋەسىدىكى مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلىرى قاغانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغىمۇ كەڭ تارقىلىپ، قاغان ئوردىسىنىڭ ھەر مەراسىملىرىدا چېلىنىپ تۇراتتى. ئاددىي پۇخرالارمۇ ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ دەۋىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى خەنزۇلارنىڭكىدىن ناھايىتى ژۇقۇرى تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىنى قوبۇل قىلىشقا بەكمۇ قىزىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ ساز چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى خەنزۇلارغا شۇنچىلىك تەسىر قىلغان ئىدىكى، خىتايلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا چېلىنىدىغان مۇزىكىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇر مۇزىكىسى بولغان ئىدى. ئاستا-ئاستا بۇ مۇزىكىلار ۋە ئەۋرىشىم ئۇيغۇر ئۇسسۇلى خەنزۇلار رايونىدىن ئۆتۈپ، كورېيا ۋە ياپونىياغىچە تارقالغان» (ت.ئالماس، «ئۇيغۇرلار»، 174-بەت).

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۇيغۇرستان زىمىنى شەرىق بىلەن غەرىپ ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچاشقان تۈگۈنى، يەنى ئازىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. بىراق بۇ دۆلەتنىڭ تەۋەسىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى، يەنى دىنى بىردەك ئەمەس ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار تېخى مانى، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقات قىلماقتا ئىدى. مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا، غەرىپتىن كىرگەن نېستىئان ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىلىق ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان تاشپۈتۈكلەر ۋە باشقا ئارخېولوگىيالىك تېپىلمىلار گۇۋالىق قىلىدۇ. شۇ دەۋىردە غەربىي ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى توغرىلىقمۇ يازما ھۆججەتلەر يېتەرلىك. تۆۋەندە شۇلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

جانباشلاق. مىلادىنىڭ VIII ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى. ئۇ ئۇيغۇرستاننىڭ چەرچەن شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياش چېغىدىنلا تېبابەتچىلىك ئىلمىغا قىزىقىپ، شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق تېۋىپ ھۆكۈمالىرىدىن، ئەمچىلىرىدىن، قام باخشىلىرىدىن، بۇددا راھىپلىرىدىن تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. كېسەل داۋالاشنىڭ ھەرخىل رېسېپتلىرىنى توپلاپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەقرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا كۆپ خىل دورىلارنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمالىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان، ئۇنىڭ نامى-شەرىپى ئۆز يۇرتىدىن ھالقىپ، خوشنا ئەللەرگىمۇ تارقالغان. جانباشلاقنىڭ تېبابەتچىلىك ساھاسىدىكى پەۋقۇلاددە داڭقىنى ئاڭلىغان تىبەت لاماسى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ تىبەتنىڭ پايتەختى لىخاساغا ئاپىرىپ، ئەتىۋالاپ پايدىلانغان، بىر قانچە ژىل ئۆز يېنىدا تۇرغۇزغان.

**جانباشلىق.** پايتەخت لىخاسادىكى چوڭ ئىبادەتخانىدا راھىپ تېۋىپلىرىغا ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدىن تەلىم بەرگەن. ئۇنىڭ سىرتىدا «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» قاتارلىق

ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. قىسقىسى، جانباشلىق تىبەت تىبابەتچىلىكىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىدىن تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزى يازغان تىببىي ئىلمىغا دائىر ئەسەرلىرى ۋە دورا تەييارلاش رېسېپتلىرى تىبەتنىڭ مەشھۇر 4 توملۇق تىببىي قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇرستاننىڭ ئۆزىدە بولسا، مۇنداق ۋەسىقىلەر تېپىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەۋى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شۇم قەدىمى يەتكەن 245 يىلدىن بېرى بىزنىڭ روھىي بايلىقلىرىمىز خىتايلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى ۋە ئوغرىلاپ كېتىلدى.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە غەربىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىزنىڭ بىرسى مۇھەممەت مۇسا خارەزمىدۇر. تۆۋەندە بۇ كىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**مۇھەممەت مۇسا خارەزمى.** بۇ كىشى 850-780 يىللاردا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم. ئۇ تۈركىي تىلدىن باشقا پارس، ئەرەپ، سانسكرىت تىل يېزىقلىرىنى پىششىق بىلەتتى. كېيىنرەك گرېك تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇ باغدات شەھىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ، «بەيتۇل ھېكمە» دەپ ئاتالغان ئىلىم ئاكادېمىياسىدە خىزمەت قىلغان بۇرغۇنلىغان ياش ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇز تىللىق قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان تۇنجا ئىسلام ئالىمى بولۇپ، ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت ئىلىمىنىڭ كۆپ ساھالىرى بويىچە تونۇلغان ئەللامە ئىدى.

ئۇ كۆپلىگەن ياش ئالىملارغا ئۇستازلىق قىلىپ، يۈزلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. خارەزمى 20 ياش ۋاقتىدا شۇ زاماننىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلانغان باغدات شەھىرىگە بېرىپ، گرېك ۋە ئەرەپ تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. قەدىمقى زاماندىكى گرېك ئالىملىرى بىلەن فىلوسوفلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ماتېماتىكا، ئاسترونومىيا، تارىخ ۋە جۇغراپىيا ئالىمى دەپ تونۇلغان ئىدى.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىققان بولۇشى تەبىي. بىراق، كىتاۋىمىزنىڭ ھەجمى تار بولغانلىقتىن، شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرىراق بولغان تىببىي ئالىم جانباشلىق بىلەن فىلوسوف ۋە تىلشۇناس ئالىم مۇھەممەت مۇسا خارەزمىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندۇق.

### 5§. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر تەرەپكە كۆچۈشلىرى

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانلىق تەختىدە باشتىن تارتىپلا ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئولتىرىپ كەلگەن ئىدى. 795-يىلى ئايچۇر قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى تەيىنلەنمىگەنلىكتىن، باش ۋەزىر قۇتلۇق قاغانلىق ئورنىغا چىقتى. قۇتلۇق بولسا، «ئون ئۇيغۇرنىڭ» بىرسى ئادىز قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتلۇقنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىقىشى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ياغلاقارلارنىڭ قولىدىن ئادىزلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ئەسلىدە مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىجابىي ۋاقىە ئىدى. بىراق، ئۆزلىرى ياغلاقار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئەمەلدارلار قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە ئىچىدە غۇم ساقلاپ ژۈرۈشكەن ئىدى. ئۇلار قۇتلۇق قاغان ھايات ۋاقتىدا ئوچۇق ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق ھازار تېكىن بىلەن غۇز تېكىنلەرنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، بەزى بىر بەگ تارخانلار قەبىلە بايرىغىنى كۆتىرىپ چىقىپ، ئىچكى زىددىيەت پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ياغلاقار قەبىلىسى بىلەن ئادىز قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ماجرالىرى باشلاندى. موشۇنداق بىر پەيتتە كۈتۈپ ماراپ تۇرغان تاڭ سۇلالىسى ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، يېنۇۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە ماي قۇيدى. يەنى ئىچكى تالاشنى قانلىق ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە غۇز تېكىن-ئالىپ بىلگە قاغان ئۆزىگە قارشى چىققان ۋەزىر ئارچۇن ئالىپ بىلەن شۇڭقار تېكىننى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشقا نارازى بولغان قاراقۇلۇق ئىسىملىق تارخان قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئۇ ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تۈركلەردىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، قاغانغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى. ماجرالار ئاقىۋىتىدە قاغان ئۆلتۈرۈلدى، مەملىكەتنىڭ ئىچى قالايمىقانلاشتى. بىراق قاغانلىق تەختىگە يەنىلا ئادىز قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان كىچىك تېگىن ئولتاردى. ئىچكى ئۇرۇشلار بېسىلمىدى. مانا شۇنداق ئىچكى قىرغىنچىلىق ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر پەيتتە، 839-يىلى قىشتا ناھايىتى قېلىن قار يېغىپ، جۇتچىلىق ئاپىتى باشلاندى. جۇتچىلىق ئاپىتى باشلاندى. جۇت ئاپىتىدىن خەلقنىڭ قولىدىكى ۋاراۋا-ماللار قىرىلىپ كەتتى. تىرىكچىلىك مەنبەسىدىن ئايرىلغان خەلق ئاچارچىلىققا ئۇچراپ، ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسان-سەرگەردان بولۇشۇپ، ھەر تەرەپلەرگە پىتراپ كېتىشتى. بۇ بالا-قازاغا ئۇلىشىپلا چوما (ۋابا) كېسىلى پەيدا بولۇپ ئادەملەر قىرىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن موشۇنداق پەيتتە، ئۇنى قاتمۇ-قات ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، نىجاتلىققا ئېلىپ چىقالايدىغان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، دانا رەھبەرلەر كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىياتتا ئۇنداق بولمىدى. قاغانلىقنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ھەربىي ۋەزىرى قۇلۇق باغا ئۆز قاغانىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئىمپېرىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى دۈشمەنلەرگە

مەلۇم قىلىپ قويدى، ئۆزى قاغانلىق تەختىگەچىقماقچى بولۇپ، قىرغىزلاردىن ھەربىي ياردەم سورىدى.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى كۆچىيىپ ئىمپېرىيە باسقۇچىغا كىرگەن دەۋىردە ئىنىسىي دەرىياسىنىڭ ژۇقارقى ئېقىمى بويىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئىمپېرىياگە سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندا خانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەينە شۇ قىرغىزلارنىڭ خانى ئاجۇ 820-ژىللىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىگە سېلىق تۆلەشتىن ئۆزۈل-كېسىل باش تارتتى. ئارقىدىن ئىسيان كۆتىرىپ، ئىستىقلال ئېلان قىلدى. بويى قاغان قىرغىزلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، قايتىدىن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋەزىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ قىرغىزلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى كۈرەشلەر مەلۇم ئۈزۈلۈشلەر بىلەن 20 ژىل داۋاملاشتى. موشۇ زىددىيەت تۈپەيلى، ئۇيغۇر قاغانلىغىنى ئاغدۇرۇپ، ۋىنىڭ ھېساپسىز مول دۆلەت غەزنىسىنى قولغا چۈشىرىشنى ئارمان قىلىپ ژۈرگەن قىرغىز خانى ئاجۇ قۇلۇق باغانىڭ ئىلتىماسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاپا دېگەن سەردارنىڭ قوماندانلىغىدا 100000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، ئېچكى يېغىلىقلار ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاجىزلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئېلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلار ئاخىرىغىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، باسقۇنچى قىرغىز ئەسكەرلىرى ئاخىر پايتەخت قارابالغاسۇننى بېسىۋالدى. ئىنساپ-نومۇسنى بىلمەيدىغان بۇ ياۋايىلار شەھەر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلاپ، دۆلەت غەزنىسىنى ۋە خەلىقنىڭ مال-مۈلۈكىنى بۇلاۋالغاننى ئاز دەپ، ھاشامەتلىكتە شەرىقتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەر قارابالغاسۇننى ئوت قويۇپ، كۈلگە ئايلاندۇردى. موشۇ ئوت يالقۇنلىرىدا گۈزەل شەھەرلا ئەمەس، نەچچە مىڭ ژىللىق مەدەنىي مىراسلارمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئاتاقلىق رۇس تارىخچىسى لېۋ گۇمىلېۋ بۇ ۋاقىەنى ئەسكە ئېلىپ:

«مىلادىنىڭ 840-ژىلى قارابالغاسۇننىڭ تار-مار قىلىنىشى، 1453-ژىلى كونستانتىنوپولنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن بىر ماسشتابتا قارىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلار بولسا تالانت جەھەتتىمۇ، قەھرىمانلىق جەھەتتىمۇ ۋىزانتىيالىكلەردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار قەھرىمان ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىمۇ مەشھۇر خەلىق ئىدى» دەيدۇ (ل.گۇمىلېۋ، «كاسپىي بويىدىكى 1000 ژىللىق» كىتاۋى، 184-بەت).

قۇلۇق باغانىڭ ئارزۇسى ئەكسىچە بولدى، يەنى قىرغىزلار ئۇيغۇر ئېلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كەتمىدى. نەتىجىدە خاىن قۇلۇق باغامۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. **شۇنداق قىلىپ، تارىخىي دۈشمەن ختاي دۆلىتى بىلەن قىرغىز خانلىرىنىڭ دۈشمەنلىگى، قەبىلىۋاز قۇلۇق باغانىڭ خائىنلىغى نەتىجىسىدە يۈز ژىل ياشىغان ئۇيغۇر دۆلىتى ئاخىر تامام بولدى.**

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي پۇخراسى بولغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ئۆز خانلىرى بىلەن شاھزادىلەرنىڭ يېتەكچىلىگىدە مەملىكەتنىڭ جەنۇبىي، غەربىي-جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسىملىرىغا قاراپ، ئاممىۋىي يوسۇندا كۆچۈشكە باشلىدى.

ھورمۇزد تېكىن باشلىغان 2 قەبىلە 840-ژىلى 8-ئايدا كۆچۈشنى باشلاپ، جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، ھازىرقى ئېچكى موڭغۇلىيادىكى داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ئۆگە تېكىن باشلىغان 13 قەبىلە 300000غا يېقىن ئۇيغۇرلار 841-ژىلى ئەتىيازدا جەنۇپقا قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى ختاينىڭ خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ چېگارىسىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىدى. چۈنكى قارابالغاسۇن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆگە تېكىننى ئۆزلىرىگە قاغان قىلىپ كۆتەرگەن ئىدى. **ئۆگە قاغاننىڭ مەخسىتى: ئۆز پۇخرالىرى بىلەن مەملىكەتنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا چېكىنىپ تۇرۇپ، ياخشىلىۋېلىشتىن كۈچ توپلاپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىتتىپاقچىسى تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.** ئۆگە تېكىن موشۇ مەخسەتتە جەنۇبىي رايونغا كەلگەندىن كېيىن خەلىقنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەملەشتۈرۈپ، يېڭىدىن ئارمىيا تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئېل ئۆگەسى ئۈنۋانلىق باش ۋەزىرىنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئەلچىلەر ئۈمگىنى تەيىنلەپ، چاڭئەن شەھىرىگە ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىگە دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ ۋۇزۇڭ ئۆگە تېكىننىڭ بۇ تەلىۋىنى رەت قىلدى. ئۇيغۇرلارغا ھېچ قانداق ياردەم بەرمەيدىغانلىغىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئەلچىلەرنىڭ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىلگەركى ژىللاردا ئېلىپ بېرىلگەن سودىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بويىندا قالغان قەرىزى ھېساۋىغا ئارانلا 20000 خو ئاشلىق بېرىشكە ماقۇل بولدى (1خو=64 كگ). (شۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بېرەچەك قەرىزى ئاز ئەمەس ئىدى. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، 782-ژىلى ئالغان 100000 ئات ئۈچۈن بېرىشكە تېگىشلىك 4 مىللىون توپ ئېپەكتىن ئارانلا 100000 توپىنىلا بەرگەن. قالغان 3900000 توپ ئېپەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ بويىندا قالغان ئىدى).

ئەلچىلەر ئۆمگى چاڭئەندىن ئۇمۇتسىز ھالدا قايتىپ كېلىشتى. سادىدە، ئاق كۆڭۈل ئۆگە تېكىننىڭ خىتايدىن كۈتكەن ئۈمۈتلىرى ئاقلانمىدى. كىتاپخانلارنىڭ يادىدا باركى، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى بايانچۇر قاغان ھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دەۋرىدە ئۈچ قېتىم خىتايغا ھەربىي ياردەم بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. ئاق كۆڭۈل، سادىدە ئۆگە تېكىن موشۇ يار دەملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، تاڭ سۇلالىسى ھەربىي ياردەم بېرىدۇ»، دەپ ئۇمۇت قىلغىنا ئىدى. بىراق، خىتاي پادىشاسى تاڭ ۋۇزۇڭ ئۆز ئىنتىپاقچىسى ئۇيغۇرلارغا ئەينە شۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلدى! ئۇلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاستىرتىن ئۇلارغا قارشى سۇيىقەست ئۇيۇشتۇردى. ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن شاھزەدىلىرىنىڭ پۇل-مەنسەپكە قىزىقتۇرۇپ، سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆگە قاغاندىن، ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. خىتاينىڭ موشۇ ھېيلىسىگە ئالدانغان ھورمۇزد تېكىن ئۆگە قاغاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۈچ قەبىلىنى باشلاپ، خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. تاڭ ۋۇزۇڭ بۇ خانلارنى قۇچاق ئېچىپ، قارشى ئالدى. ئۇلارنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچىرىپ ئەپكىرىپ، بۇ خانلار توپىنىڭ باشلىقلىرىغا خىتايچە لى فامىلىياسىنى بېرىپ، ھەر قايسىغا خىتايچە ئىسىم قويۇپ چىقتى. ھومۇزد تېكىن-لى سىجۇڭ، ئارۇچى-لى سىجىڭ، سارۇچۇر-لى سىخۇي، ئاياۋىر-لى خۇنشۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئۆگە قاغان 842-ژىلى بۇ خانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تاڭ ۋۇزۇڭ قايتۇرۇپ بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، خانلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، جازادىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

قەنۇيقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نانلۇچۇر تېكىنمۇ ئۆگە قاغانغا ئاسىيلىق قىلىپ، بۆلۈنمەكچى بولدى. ئۆگە قاغان ئۇلارغا قارشى جازا ژۈرۈشى قىلىپ، نانلۇچۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسيانىنى باستۇردى. جەنۇيقا كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا دۈشمەنلىكىنى توختاتمىدى. ئاستىرتىن قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، شىمال تەرەپتىن قىرغىزلارنى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدۇردى. جەنۇپ تەرەپتىن ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، ھۇجۇم قىلدۇردى. ئىككى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئۆگە تېكىن جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلدى. قالغان ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن قىرغىزلار ئەسىر ئېلىپ، ئۆز ئەللىرىگە ھايداپ كېتىشتى. **شۇنداق قىلىپ، 300000 نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلار غوجايىن مىللەتلەرگە ئاسسىملياتسىيا بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە تامامەن يوقىلىپ كەتتى.**

تاغ ژىرالىرىدا، ئورمانلىقلاردا قېچىپ مۆكۈپ ژۈرۈپ موشۇ بالا-قازادىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمۈت بولمىغانلىقتىن، غەرىپكە قاراپ كۆچۈپ كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تەۋەسىگە كېلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

تارىخچى ئابدۇلغازى باھادۇرخان ئۆزىنىڭ «تارىخ شەجەرەي تۈرك» دېگەن كىتاۋىدا موشۇ كۆچۈشلەر توغرىلىق بايان قىلىپ: «ئۇيغۇرلار موغۇلىستان يېرىدە 3000 ژىل ياشىغاندىن كېيىن پارچىلىنىپ، ھەر كىمگە ئۇلجا بولۇپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بىر قىسمى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ قالدى، بىر قىسمى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇلارنىڭ ئۆزى يەنە 3 بۆلەككە بۆلۈندى.

بىر بۆلۈگى: بېشبالىق شەھىرىگە بېرىپ، دېخانچىلىق قىلىپ، دۆلەتلىك ئەل بولدى.

بىر بۆلۈگى: بېشبالىق ئەتراپىدا مال-چارۋا بېقىپ كۆچمەن ھايات كەچۈردى.

ئۈچۈنچى بۆلۈگى: ئېرتىشنىڭ ياقىسىدا بېلىق، قۇندۇز، تىيىن، سۇسەر ئوۋلاپ، گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىپ ھايات كەچۈردى» دەيدۇ. («تارىخ شەجەرەي تۈرك»، 30-بەت).

ئۆگە تېكىننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300000 ئەتراپىدا بولۇپ، غەرىپكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن كام ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆگە قاغان باشلىق دۆلەت ئېگىلىرى ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەغدىرى ناھايىتى پاجىەلىك بولدى. ئازىراق قىسمى ھورمۇزد تېكىننى ئەگىشىپ، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشتى. تەسلىم بولماي، ئۆزلىرىنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالغان ئۇيغۇرلارنى بولسا، كېيىنى ئۇرۇشتا خىتاي قوشۇنلىرى بىلەن قىرغىز قوشۇنلىرى ئەسىر قىلىپ، ئۆز ئەللىرىگە ھايداپ كېتىشتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتاي قوشۇنلىرى ھايداپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100000دىن ئوشۇق. قىرغىز قوشۇنلىرى ھايداپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 60-50 مىڭدىن كام ئەمەس ئېكەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق پاجىەگە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلىرى مونۇلار:

1. ئۆگە تېكىن ۋە باشقا ئەرباپلار ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەن. ئۇلار: «جەنۇپقا بارساق بۇرۇنقى ئىنتىپاقچىمىز تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز»، دەپ ئويلىغان. ئەمەلىياتتا

بولسا، خىتايىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ۋاپاغا جاپا قىلىپلا قالماستىن، باشقا-پاناسىز قالغان ئۇيغۇرلارغا ھەربىي ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئۆز مەملىكىتىگە ئاپىرىپ، قۇل ئورنىدا سېتىپ، غەزنىگە كىرىم قىلىنۋالدى.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدە مىللىي ئىتتىپاقلىق يېتەرلىك بولمىدى. ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان تەغدىردىمۇ، ئۆگە تېكىننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆزلىرىنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەكسىچە، ھورمۇزد تېكىن خىتايلارغا تەسلىم بولدى، نانلۇچۇر تېكىن قاغانىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى.

3. شۇ چاغدىكى شارائىتلار يار بەرمىگەنلىكتىن، بۇ ئۇيغۇرلار غەربتىكى قېرىنداشلىرىدىن ئىختىسادىي ھەربىي ياردەم ئالالمىدى. نەتىجىدە ژىتىم ئەھۋالغا چۈشۈپ، دۈشمەنگە يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتتى.

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ غەربىي-جەنۇبىغا ۋە غەربىي قىسمىغا قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىلىق تۆۋەندىكى باپلاردا بايان قىلىمىز.

## تەجرىبە-ساۋاقلار

موشۇ باپتا بايان قىلىنغان ۋاقىئەلەردىن تۆۋەندىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئېلىشىمىز مۇمكىن:

1. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا بۇرۇنقى ئايرىم خانلىقلار بىرلىككە كېلىپ، بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ قۇرۇلدى. موشۇ دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر بىرىكىپ، بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۇيۇشتى. موشۇ فاكت، مىللىي دۆلەت، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى دېگەن ھەقىقەتنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

2. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنداق چاپسان ھالاك بولغىنىنىڭ بىر سەۋەۋى: بۇ دۆلەتنىڭ خاقانلىرى دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ ياغلاقلار قەبىلىسىگىلا تۇرقۇزۇپ، باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرنى چەتكە قاقتى. مەسىلەن: تۈركلەرنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ئاساسىي رول ئوينىغان توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈردى. نەتىجىدە، توققۇز ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلە بولغان قارلۇقلار بايانچۇر خاقانغا نارازى بولۇپ، مىلادىيەنىڭ 758-757 ژىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ياشاۋاتقان ماكانى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنى تاشلاپ، غەربتىكى چۇ ۋە تالاس دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەتتى. ئارىدىن 8 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 766-ژىلى موشۇ زىمىندا ئۆز ئالدىغا قارلۇق-ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇۋېلىشتى. كۆچمەي قالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولسا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ياغلاقلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، جىددىي پەيتلەردە ھاكىمىيەتنى قوللىماي تۇرۇۋالدى. مىلادىنىڭ 795-ژىلى ئادىز قەبىلىسىنىڭ باشلىغى قۇتلۇق تارخان خاقانلىق تەختىنى ئېگەللەپ، ياغلاقلارنىڭ ھاكىمىيەتنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا خاتىمە بەردى.

دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ژۇقارقى قاتلىمى بىلەن ھەر خىل قەبىلىلەر ئىناق-ئىتتىپاق بولغاندا، دۆلەت كۈچەيدى، جەمىيەت گۈللەندى، مىللەت خاتىرجەم، بەختلىك ياشىدى. ئىچكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلغان چاغدا دۆلەت زەيىپلىشىپ، ھالاك بولدى. مىللەت چېچىلىپ، خانۇ-ۋەيران بولدى. بۇ فاكت، ئىچكى ئىتتىپاقلىق دۆلەتنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى- دېگەن ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانلىرى خىتايىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بېرىپ، ئۈچ قېتىم ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغرۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن پەيتتە، خىتايلار ياردەمبېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، سۇيقەست قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈردى، پۇخرالىرىنى ئەسىر قىلىپ، قۇل قىلىۋالدى. كەڭ-تاشا باي زىمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەرگە خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدە، سەددىچىن سېپىلى خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چېگارىسى ئىدى. خىتاي خۋاندىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر زىمىنلىرىنى ئەينە شۇنداق قانۇنسىز بېسىۋالغان!

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ پۇخرالىرى ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ، پىتراپ كەتكەندىن كېيىن شۇ چاغدىكى ئەجداتلىرىمىز بۇ پاجەلىك تارىخنى ئەۋلاتلىرىمىز ئوقۇپ بىلسۇن، موشۇ ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالسۇن دەپ تاش پۈتۈكلەرگە ۋەسىيەتنامىلەرنى ئويۇپ يازدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ھەي ئۇيغۇر، ئويلان! سەن كىم ئېدىڭ، ئەندى كىم بولۇپ قالدىڭ؟ سېنىڭ سەلتەنەتلىك خاقانلىغىڭ، ھەيۋەتلىك پايتەختىڭ، مەغرۇرلانغان ئەسكىرىڭ قېنى؟ شىمالدىكى بايقال كۆلىدىن جەنۇپتىكى سەددىچىن سېپىلىغىچە، شەرقتىكى ھىنگان تېغىدىن غەربتىكى ھازار دېڭىزىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيادە 100 ژىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن دۆلىتىڭ نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولدى، خەلقىڭ نېمە ئۈچۈن چېچىلىپ تۈگىشىپ كەتتى؟ بىلمەمسەن، بۇنىڭ سەۋەۋى:

1. بۇ سېنىڭ نادانلىغىڭ، ئەرباپلىرىڭنىڭ خائىنلىغى.

2. ئوڭ ۋە سولدىكى خوشنا ئەللەرنىڭ ساڭا دۈشمەنلىگى! ئەگەر ئۆزەڭ نادان، ئەرباپلىرىڭ خائىن بولمىسا، تاشقى دۈشمەنلەر سېنى نېمىمۇ قىلالاتتى؟!».


## ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى باشقۇرغان قاغانلارنىڭ شەجەرىسى

| قەبىلە | ئىسمى شەرىپى | ئۇنۋانى | ھۆكۈمرانلىق ژىللىرى |
|---|---|---|---|
| ياغلاقار | پەيلۇ | قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان | 742-747 |
| | بايانچۇر | تەڭرىدە بولمىش ئىل ئىتمىش بىلگە قاغان | 747-759 |
| | بۆگۈ قاغان | ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش بىلگە قاغان | 759-779 |
| | ئىدىگەن | ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش بىلگە قاغان | 779-780 |
| | تون باغا | ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان | 780-789 |
| | تاراس | تەڭرىدە بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان | 789-790 |
| | ئايچۇر | قۇتلۇق بىلگە قاغان | 790-795 |
| | قۇتلۇق | ئاي تەڭرىدە ئۇلۇق بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان | 795-805 |
| | گۇيلۇ بەگ | | 805-808 |
| | بويى خان | ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان | 808-821 |
| | بويى چۇگدى | | 821-824 |
| | ھازار تىكىن | ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچ بىلگە قاغان | 824-832 |
| | غۇز تىكىن | كۈن تەڭرىدەئۇلۇق بولمىش كۈچلۈكبىلگەقاغان | 832-839 |
| | كىچىك تىكىن | ئالىپ بىلگە تەڭرى-ئۇيغۇر قاغان | 839-840 |
| | ئۇنتىكىن | ئاي تەڭرىدەقۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان | 841-845 |
| | ئىنەن تىكىن | | 845-846 |

**ئىلاۋە:** ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىدە جەمى 16 خاقان ئۆتكەن. شۇلارنىڭ تۆرتىگە ختاي پادىشاسى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرى بىلەن سىڭىللىرىنى «سوغات» قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن:

1. سوزۇڭ خانىنىڭ قىزى نىنگو مەلىكە.
2. سوزۇڭ خانىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى كىچىن نىنگو مەلىكە.
3. دىزۇڭ خانىنىڭ قىزى شيەن ئەن مەلىكە.
4. موزۇڭ خانىنىڭ سىڭلىسى تەي خې مەلىكە.


بۇ جاسۇس مەلىكىلەرنىڭ ئىككىسى ئۆزىگە ژۈكلەنگەن سەياسىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ قايتىپ كېتىشكەن.



ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (ئۆمەر .ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 92-بەت).

www.uyghurkitap.com

## 14ـ باپ
## كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى



كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قورغۇچىسى-پان تېكىن (IX ئەسىر)

## 1§. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن غەربىي-جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار ياغلاقلار قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىشى كارىدورىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشقان (بۇ جايلارنى ئۇيغۇرلار «كەڭسۇ»، خىتاي تارىخچىلىرى بولسا «گەنسۇ» دەپ ئاتاشقان ئىدى). بۇ كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ زېمىندا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ ئاھالىنىڭ مۇتلاق كۆپچىلىك قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

كەڭسۇ-بۇ جۇغراپىيالىك ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خىشى كارىدورىنى، شۇنىڭدەك لەنجۇ، جيۇۋەن، جاڭيە، ئەنشى، ئۇۋۋى، دۇڭخۇاڭ ۋىلايەتلىرىنى، ھازىرقى نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ ئىرسىن ۋادىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ زېمىندا ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن. كېيىنكى زامانلاردا، تىبەت تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان باشقا نەسىللىك تايپلارمۇ ئارىلىشىپ ياشىغان. بۇ رايون VIII-IX ئەسىرلەردى ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى تېررىتورىياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇ دۆلەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تىبەتلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.

مىلادىنىڭ 865-ژىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى تىبەتلىك باسقۇنچىلارنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، كەڭسۇ رايونىدىن قوغلاپ چىقارغان. بىراق، ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ خانلىرى، نېمە ئۈچۈندۇ بۇ رايوننى ئۆز تېررىتورىياسىگە قوشۇۋېلىشقا ئىنتىلمىغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئۆز ئالدىغا ئىستىقلال جاكا قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. موشۇ ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلانغان كەڭسۇ ئۇيغۇرلىرى ياغلاقلار قەبىلىسىنىڭ باشچىلىغىدا ئىستىقلال جاكالاپ، مىلادىنىڭ 870-ژىلى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتى. بۇ ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېررىتورىياسىدە قايتا تەشكىل قىلىنغان ئۈچىنچى ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدى. بۇ دۆلەت دەسلەپتە جاڭيە شەھىرىنى، كېيىن بولسا، گەنجۇ شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تارىخچىلىرى ئۇنى «گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتاشقان ئۇيغۇرلار بولسا، ئۆز تىلىدا دۆلىتىنى «كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ، بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختىنى ساندىبىل دەپ ئاتاشقان.

«سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتاپتا بايان قىلىنىشىچە، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى: شەرقتە خۇانخى دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەرپتە قارلىق تاققىچە، يەنى قۇمۇلنىڭ شەرقىي تەرىپىگىچە، شىمالدا گوبى چۆلىدىن باشلىنىپ، جەنۇپتا نەنسەن (جەنۇبىي تاققىچە) سوزۇلغان ئىدى. تېررىتورىياسىنىڭ شەرقتىن غەرپكىچە بولغان كەڭلىگى 1200كم، شىمالدىن جەنۇپقىچە بولغان ئۇزۇنلىغى 4500كم بولۇپ، يەر مەيدانى 540000كم2 كېلەتتى. چوڭ شەھەرلىرى: ساندىبىل (گەنجۇ)، جاڭيە، دۇڭخۇاڭ ۋە باشقىلار ئىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خىتاينىڭ تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، مەملىكەت بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى ھەم «بەش سۇلالە، ئون دۆلەت» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي رەقىبى بولغان خىتاي دۆلىتىنىڭ پارچىلىپ، ئاجىزلىشىشى، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە كۈچىيىشىگە ياخشى پۇرسەت بولدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تۈتۈش، دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئىقتىدارىغا تايىنىپ، X ئەسىرنىڭ I يېرىمىدا كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى خېلە دەرىجىدە كۈچەيتىۋالدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ خوشۇنلىرى خىتاي دۆلىتى بولسۇن، تىبەت دۆلىتى بولسۇن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ھەتتا ئۇيغۇرلار كۈچىيىپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقىدەك دەرىجىگە يەتكەن ئىدى.

## 2§. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

X ئەسىرنىڭ II يېرىمى XI ئەسىرنىڭ I يېرىمىغا كەلگەندە، مەركىزىي ئازىيادە يېڭى سەياسىي كۈچلەر پەيدا بولۇپ مەيدانغا چىقتى. بۇلار: شەرقتە ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارغا دۈشمەن بولۇپ كەلگەن خىتاينىڭ سۇڭ سۇلالىسى، شىمالدا يېڭىدىن قۇرۇلغان قىتانلار (كىدانلار) دۆلىتى، جەنۇپتا تىبەت دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنى تەسىس قىلغۇچىلارغا ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا يات خەلقلەر بولۇپلا قالماستىن، دۈشمەن خەلقلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە قارىتا دۈشمەنلىك سەياسەت ژۈرگۈزۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا، تەبىي ھالدا مەنپىيەت توقۇنۇشلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، X-XI ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئازىيا رايونى موشۇ قارمۇ-قارشى كۈچلەرنىڭ ھەربىي-سەياسىي كۈرەشلىرىنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. موشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا ياشىغان كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىرى مۇمكىن قەدەر خوشنا دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشتى. شەرقتىكى



www.uyghurkitap.com

خوشنىسى خىتاي دۆلىتى بىلەن غەربىتىكى خوشنىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن ئەينە شۇنداق تەك ھوقۇقلۇق ئاساستىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ۋاقلاپ قالدى. بىراق، يېڭىدىن كۆچىيىپ كېلىۋاتقان قىتانلار دۆلىتى ۋە تىبەت دۆلەتلىرى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە قارىتا باشتىن-ئاياق دۈشمەنلىك مەۋقەدە تۇرۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسىگە باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ تۇردى. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىرى ئۆتمۈشتە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى خىتايىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى خېيىم-خەتەردىن ساقلاپ قالغانلىق فاكتىنى ئەسكە ئېلىپ، سۇڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم سورىغان ئىدى، بىراق، سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا ھەربىي ياردەم بېرىشتىن باش تارتتى. خىتايىنىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە خەتىرلىنىشىچە، شۇ چاغدىكى خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى خەنۈۋ ئىمپېراتورغا مەسلىھەت بېرىپ، شۇنداق دېگەن:

«مەدەنىيەتسىز ئۇيغۇرلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. جۇڭگو ئاجىزلاشقاندا، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ روھى چۈشكەندە، ئۇلاردا خىتاي دۆلىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇرلۇق تۇيغۇلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇيچەن ھۆكۈمرانلىق ژۈرگۈزگەن زامانلاردا خىتاي دۆلىتى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشكە بولمايدۇ»-دېگەن. ئىمپېراتور بولسا خەنۈۋنىڭ موشۇ مەسلىھىتىگە قوشۇلغان.

سۇڭ سۇلالىسى كۆرۈنۈشتە كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئىچىدە بۇ دۆلەتنى يامان كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن خوشنا بولغان غەربىي خەن بەگلىگىنىڭ ھاكىمى جاڭ چىنفىن ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يامانلىشىپ، ئاخىرى ئۇرۇشقا ئايلاندى. بۇ ئۇرۇش 911-906 ژىللاردا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشتى. ئۇيغۇر خانى جاڭ چىنفىننى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەسلى كېلىپ چىقىشى سوغدىلاردىن بولغان ساۋ يەجىننى ھاكىم قىلىپ تىكلىدى.

X ئەسىرنىڭ 20 ژىللىرىغا كەلگەندە، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ياغلاقلار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان خانلارنىڭ يېتەكچىلىگىدە مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىمۇ بۇرۇنقىدىن كەڭەيدى. شۇ مەزگىلدىكى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى: غەربىتە قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى قارلىق تاغدىن، شەرقتە لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغىچە، شىمالدا ھازىرقى نىڭشيانىڭ تەگرى قۇمۇلغىدىن، جەنۇپتا چىلەنشەن تاغلىرىغىچە سوزۇلغان ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئېگىلىگىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا بەكمۇ قولايلىق ئىدى.

ئىككىنچىدىن، بۇ دۆلەت جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەپلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي دۆلىتى بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، كارۋانلارنى ماڭدۇرۇش ئارقىلىق ھەر ژىلى مەملىكەتكە كۆپ مىقداردا كىرىم قىلاتتى. بۇ بولسا، مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ژۇقۇرى كۆتىرىشتە ئىجابىي رول ئوينىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خىتايىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى كۈچەيگەن دەۋرىدىمۇ كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قالالىدى.

## 3§. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىختىسادى ۋە مەدەنىيىتى

ژۇقۇرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك، كەڭسۇ رايونى قېدىمىي زاماندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن ماكان ئىدى. تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق بۇ رايون بىردە ئۇ دۆلەتنىڭ، بىردە بۇ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ قاچان ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ھازىر موشۇ كۈندىمۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن رايونىدا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆزلىرىنى «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار مىلادىنىڭ 1036-ژىلى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلغان ۋاقىتتا غەربكىمۇ، جەنۇپقىمۇ كۆچمەي، ئۆز ماكانلىرىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر.

كەڭسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىختىسادىي مەنبەسى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپ چىقىرىشىدىن كېلەتتى. خۇسۇسەن، چارۋىچىلىقتا ئات ئۆستۈرۈش مۇھىم ساھا ھېساپلىناتتى. كەڭسۇ رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن ژۈگرۈك ئاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەپلا قالماستىن، خوشنا خىتاي ئېلىگىمۇ ئېكسپورت قىلىناتتى. كەڭسۇلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق ئاتلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت بايرىقىغا ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشىرىلگەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي مەنبەسى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودا-سېتىقتىنمۇ كېلەتتى. ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىمۇ ئۆز زامانىسىغا لايىق دەرىجىدە ئىدى. بىراق، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆزىنىڭ پۈتۈن تارىخىدا ئەتراپىدىكى دۈشمەن ئەللەرنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرىنىدىن خالى بولالمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىختىسادىي جەھەتتىن گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىدى. ئەندى كەڭسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە كەلسەك، بۇ توغرىلىق تارىخچىمىز م.ئى.بۇغرا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇمۇمەن شەرقىي ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى. ئىلگەركى ھۇن دۆلىتىدە بولسۇن، كۆكتۈرك دۆلىتىدە بولسۇن، دۆلەت مەھكىمىلىرىدە مەسئۇل خىزمەتلەرگە ھەمىشەم دېگىدەك ئۇيغۇرلار تاللاپ قويۇلاتتى. ھەتتا باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخاننىڭ باش مەسلىھەتچىلىرى ھەممىسى دېگىدەك

ئۇيغۇرلاردىن بولغان. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى تېخىمۇ تېز يۈكسەلدى. موڭغۇلىستان ۋە كەڭسۇ تۇزلەڭلىكلىرىدە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ تېپىلدى» (ش.ت. تارىخى، 117-بەت).

يەنە بىر تارىخچىمىز ئۆمەر ئىبراھىموۋ بولسا «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تاشقى سودا مۇناسىۋىتى توغرىلىق مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ، خوشنا ئەللەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىدا بولغان ئىدى. مىلادىنىڭ 965-ژىلى كەڭسۇ دۆلىتىنىڭ كارۋانلىرى خىتاينىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا 1000 تۇياق ئات، 500 تۇياق تۆگە، 500دىن ئارتۇق قىممەت باھالىق ئىسىل تاشلار بىلەن 1000 توپ ژۇڭ رەختلەرنى، قىممەت باھالىق كەمەرلەر بىلەن ئېگەر جابدۇقلارنى ئاپىرىپ ساتقان ئىدى. ئادەتتە ئۇيغۇر كارۋانلىرى خىتاي ئېلىغا ئۆزىبىرىدىن چىققان قەھرىۋا، ئالماز، مىس، سىماپ، قاش تېشى، ئەينەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى، پىشقلاپ ئىشلەنگەن تېرە مەھسۇلاتلىرىنى، ئىسىل پولاتتىن ياسالغان ھەربىي قۇرال-ياراقلارنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈچتىن ئىشلەنگەن زىنەت بۇيۇملىرىنى، ژۈڭدىن ۋە پاختىدىن توقۇلغان گۈللۈك رەختلەرنى ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئاپىرىپ ساتاتتى» دەيدۇ («ئۇيغۇر تارىخى» 149-بەت).

مانا بۇ بايانلاردىن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىختىسادىني ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز زامانىسىغا لايىق ژۇقۇرى دەرىجىدە بولغانلىغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 4§. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تاڭغۇت ۋە قىتانلار تەرىپىدىن يوقىتىلىشى

X ئەسىرگە كەلگەندە چوغاي تېغىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تاڭغۇت قەبىلىلىرى بىرلىشىپ، تاڭغۇت دۆلىتىنى قۇرغان ئىدى. بۇ دۆلەت شۇ زاماندىكى ئەپلىك شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئاشۇرۇۋالدى، ھەتتا بوشنا ئەللەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. XI ئەسىرگە كەلگەندە يەن جاۋ خان باشقۇرغان دەۋرىدە تاڭغۇت دۆلىتى خېلە كۈچەيدى. دۆلەت پايتەختىنى ھازىرقى نىڭشادىكى يىنچۇەن شەھىرىدە قۇردى. تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ ئاھالى تەركىۋى مۇرەككەپ ئىدى. موشۇ تاڭغۇت خانلىغى بىلەن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. بۇ زىددىيەت، دەسلەپ ئىختىسادىي مەنپىيەتلەر توقۇنۇشىدىن باشلىنىپ، ئاستا-ئاستا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىككە ئايلاندى.

دەسلەپكى مەزگىلدە كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خىتاي ئېلىغا ئەۋەتكەن سودا كارۋانلىرىنى تاڭغۇتلار بۇلاپ-تالاپ كەتتى. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى جازالىغۇچى ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، تاڭغۇتلارغا زەربە بەردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت كېلىپ چىقتى. مىلادىنىڭ 982-1032 ژىللىرى ئارىلىغىدا ئۇزۇلۇشلەر بىلەن ئۆز ئارا ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش ئاخىرى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەپچى بولدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى.

تاڭغۇتلار خىتاينىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىدىن خاتىرجەم بولۇۋالدى. ئاندىن كېيىن تاڭغۇتلار قىتان دۆلىتى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلەشكەن كۈچ بىلەن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. تارىخىي مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە قارىغاندا، تاڭغۇت، قىتانلارنىڭ 1008-1010 ژىللىرى بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇملىرىنى كەڭسۇ ئۇيغۇرلىرى باتۇرلارچە قايتۇرۇپ تۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ژىللاردا تا 1026-ژىلىغا قەدەر ئۇرۇشلار توختىماي داۋام قىلغان. موشۇنداق شارائىتتا كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىرى ھەربىي ياردەم سوراپ خىتاينىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئىككى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتكەن. بىراق، سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا ھەربىي ياردەم بېرىشتىن ئۆزۈل-كېسىل باش تارتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە: «ياۋايى يات مىللەتلەرنى، ياۋايى يات مىللەتلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش ئەڭ ياخشى چارە!» دېگەن سەياسەتنى ئىجرا قىلدى.

ئەندى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز قېرىندىشى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە نېمە ئۈچۈن ھەربىي ياردەم بەرمىگەنلىگىنىڭ سەۋەۋى چۈشىنىكسىز. ئېھتىمال، شۇ چاغدا ۋلارنىڭمۇ ئۆز پروبلېملىرى بولغان بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، شەرقتىكى خوشنىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن، غەرپتىكى خوشنىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ھېچ قانداق ئەمەلىي ياردەم ئالالمىغان كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ئىختىسادىي، ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تاڭغۇتلار بىلەن قىتانلارنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى 1028-ژىلى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، پايتەخت ساندىبىل شەھىرىنى بېسىۋالدى. پادىشا ياغلاقلار يەلۇگە قانلىق جەڭ مەيدانىدا قۇرۋان بولدى. ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشتى. دۈشمەنلەر شۇ ژىلى جيۇ چۈەن، يۈيمىن، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەرنىمۇ بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، كەڭسۇ

ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلار ھەر تەرەپكە چېچىلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ژۈرۈپ، ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تىبەت رايونلىرىغا كەتتى. بىر قىسمى غەرىپكە قاراپ ژۈرۈپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى تەۋەسىدىكى قۇمۇلغا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەينە شۇ چاغدا كۆچمەي ئۆز ئورۇنلىرىدا قالغان ئۇيغۇرلاردىن ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقتى. دېمەك، سېرىق ئۇيغۇرلار كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشىنى بىلگەندەكلا، مىلادىنىڭ 1001-ژىلى شەرقتىكى خوشنىسى خىتاي دۆلىتى بىلەن، جەنۇپتىكى خوشنىسى تىبەت دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزگەن ئىدى. ئارىدىن 25-ژىل ئۆتكەندىن كېيىن تاڭغۇتلار بىلەن قىتانلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىياسى كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كەلگەندە، خىتايلاردىنمۇ، تىبەتلىكلەردىنمۇ ھېچ قانداق ياردەم قىلىنمىدى. بۇ تارىخىي پاجىە ئەجداتلىرىمىزنىڭ: «ياتلاردىن ياردەم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس!» دېگەن ۋەسىيىتىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلىدى. مىلادىنىڭ 1036-ژىلى تاڭغۇت ئىمپېراتورى يەن خاۋنىڭ دەۋرىدە تاڭغۇت ۋە قىتانلارنىڭ بىرلەشكەن ئارمىياسىنىڭ ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. قورشاۋ ئىچىدە قالغان ئۇيغۇر پادىشاسى يەلۇگە دۈشمەنگە تەسلىم بولماستىن، جەڭ مەيدانىدا شەرەپ بىلەن قۇرۇۋان بولدى. شۇنداق قىلىپ، 166 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.

## كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلارنىڭ شەجەرىسى

## تەجرىبە-ساۋاقلار

| № | كىمنىڭ ئوغلى كىم | قايسى ژىللاردا |
|---|---|---|
| 1 | خەسە قاغاننىڭ جىيەنى پان تېكىن | 866-870 |
| 2 | ياغلاقلار قەبىلىسىدىن.....تېكىن | 870-912 |
| 3 | ياغلاقلار قەبىلىسىدىن ئۇمۇجو (جىنمەي) | 912-924 |
| 4 | ئۇمۇجونىڭ ئىنىلىرى: دىن ئىن | 926-927 |
| 5 | ئۇمۇجونىڭ ئىنىلىرى: ئادۇ يۈي | 927-928 |
| 6 | جىنمەينىڭ ئىنىسى جىنيۈي | 928-939 |
| 7 | جىنيۈينىڭ ئوغلى جىنچۇڭ | 939-966 |
| 8 | لۇشەن | 966-1003 |
| 9 | يەلۇخە | 1004-1016 |
| 10 | يەلۇگە | 1016-1026 |


بۇ تارىختىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار مۇنۇلار:

1. ئۆز ئەتراپىدا كۈچلۈك دۈشمەنلىرى مەۋجۇت بولغان مەملىكەت پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىختىسادىي، ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ مۇداپىئە قىلالىغىدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇۋېلىشى كېرەك.

2. مەملىكەتلەر ئىچىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئىلەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا تايىنىش كېرەك. دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پۇخرالىرى بىلەن تىبەت تىللىق تەيىپىلەر دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئاكتىۋ قاتناشمىدى. كۆرۈنۈشتە بېتەرەپ بولغان بولۇپ، تاڭغۇت-قىتانلارنىڭ تەجاۋۇزلۇق ھۇجۇملىرىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى.


3. ھەقىقىي ياردەمنى يات مىللەتلەردىن ئەمەس، ئۆزىگە قېرىنداش مىللەتلەردىن كۈتۈش كېرەك. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى خىتاينىڭ سۇڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئالالمىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئۇ يات مىللەت بولغانلىقتىن، شۇنداق قىلىشى تەبىي. ئەپسۇسكى، زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئۆز قېرىندىشى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولالمىغانلىقى بەكمۇ ئېچىنىشلىق، ئاچچىق ساۋاق.

4. بىر دەۋردە قاتار ياشىغان ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى: كەڭسۇ، ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار ئۆز ئارا ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تەجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا ئۆزلىرىنى بىرلىشىپ ھىمايە قىلىشلىرى كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلغان بولسا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاغىراق بولار ئىدى. ئېھتىمال، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرىمۇ باشقىچە بولغان بولار ئىدى. بىر مىللەتنى ئۈچ دۆلەتكە بۆلۈپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى، شۇ چاغدىكى دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ كەچۈرۈلمەس تارىخىي خاتالىقى. بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك!





كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلىگۈچى–مۇئەللىپ)

# 15-باپ
# ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى




ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قورغۇچىسى-پانتېكىن (IX ئەسىر)

## 28_باپ


## 1931_1937 ژىللاردىكى مىللىي_ئازاتلىق كۈرەش ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»



www.uyghurkitap.com

## 29_باپ

## 1944_1949_ژىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»



# 25-باپ

## 1863-يىلى ئىلى ۋادىسىدا بولغان مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلىڭى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى





ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بايرىقى




سۇلتان ئەلاخان ئوبۇل ئوغلى (XIX ئەسىر)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





سۇلتان ئابدۇرېشتخان

## §6. يەتتشەھەر ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى



يەتتشەھەر ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ بايرىغى



تمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ ھەربىي بايرىغى

## 14ـ باپ
## سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلتى





سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ بايرىغى

www.uyghurkitap.com




موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ ھەربىي بايرىقى

## 18-باپ
## تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى




تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 11-باپ
## قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى



قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 12-باپ
## موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيەسى



موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 14- باپ
## كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى



كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 15- باپ
## ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى



ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

www.uyghurkitap.com

# 13 ـ باپ
# ئورخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلىتى



ئورخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



ئورخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىقى

www.uyghurkitap.com



ئاق ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى-ئاقشۇڭقارخان

# 12-باپ

# كۆكتۈر ئۇيغۇر دۆلىتى



كۆكتۈر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 10ـ باپ
## قاڭقىلار (ئېگىز ھارۋۇلۇقلار) ئۇيغۇر دۆلىتى



ئېگىز ھارۋۇلۇقلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 11ـ باپ
## ئاق ھۇنلار (ئېفتالىتلار) ئۇيغۇر دۆلىتى



ئاق ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 9-باپ

## هۇن ئۇيغۇر دۆلىتى



هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى



هۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىقى

## 6 ـ باپ
## «ئوغۇزنامە»ئېپوسى ۋە ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى



تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسىنىڭ بايرىقى

## 8 ـ باپ
## تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى



تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى

## 1§. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

www.uyghurkitap.com

ژۇقۇرىدىكى باپلاردا ئېيتقىنىمىزدەك، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى شاھزادىلار ئايەتتىن ئامان قالغان ئاھالىنى قىرىلىپ كېتىشتىن، خەلقىنىڭ قولىدا قالغان چارۋا-ماللىرىنى قىرغىزلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىغا چېكىنىپ تۇرۇپ، كۆچ توپلاپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسىتىدە، پايتەخت قارابالغاسۇنىنى تاشلاپ، مەملىكەتنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسىملىرىغا قاراپ كۆچكەن ئېدى. شۇ كۆچ-كۆچتە شاھزادە ئۆگە تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇپ تەرەپكە قاراپ كۆچكەن 300000 ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرى ۋە غەربىي-جەنۇپتىكى كەڭسۇ رايونىغا كۆچكەن تەخمىنەن 100000 ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرى توغرىلىق ژۇقارقى باپلاردا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

شاھزادە پان تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا غەرىپكە قاراپ كۆچكەن 200000غا يېقىن ئاھالى مىللىيونغا يېقىن تۇياق چارۋا-مېلىنى ھايداپ، سۇسىز، قۇملۇق چۆللەر، بېپايان دالالار، ئېگىز-پەس تاغ ئىدىرلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىڭ بىر مەشەقەتلەر بىلەن 841-ژىلى كۈزدە، ھازىرقى قۇمۇل، بارىكۆل، جىمىسار قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يۇرتلاردا قېدىمىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى. قىش يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، چارۋا-مالنى قىشتىن ئامان ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئوت-چۆپ ۋە ئىسسىق قورا تەييارلاشقا تىرىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئاما-ئېسەن قىشتىن چىقىپ ئېلىشتى.

مىلادىنىڭ 842-ژىلى باھاردا ئۇيغۇرلارنى بۇلاپ-تالاپ دەندەپ قالغان قىرغىزلار يېڭى ئولجىلارغا ئېگە بولۇش مەخسىتىدە، ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن پان تېكىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پان تېكىن ئۆز كۈچلىرىنى ئامان ساقلاپ قېلىش مەخسىتىدە، تەڭرىتېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاساسىي كۈچىنى قاراشەھەر ۋە كۇچا تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەشۇ ژۇتلاردىكى يەرلىك قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، قىرغىزلارنىڭ ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇملىرىغا قارشى مۇداپىيە-تەدبىرلىرىنى كۆردى. قىرغىز ئەسكەرلىرى بولسا، 842-ژىلى يازدا يايىق دالاسىغا كېلىپ، مۇداپىيەسىز تۇرغان ئۇيغۇر ژۇتلىرىنى بېسىۋالدى ۋە خەلقىنىڭ مال-مۈلۈكىنى بۇلاپ-تالىدى. بىراق، قىرغىزلار قاراشەھەر، كۇچا تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان پان تېكىن ئۆز كۈچلىرىنى ژىغىپ، ئاتلىق ئارمىيا تەشكىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن تەييارلىق كۆتۈشكە باشلىدى.

ئەسلىدە، پان تېكىن، ئورخۇن بويىدىن جەنۇپقا كەتكەن ئۆگە تېكىن خىتايدىن ھەربىي يادەم ئېلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى قايتىدىن تىكلەيدۇ دەپ ئۈمۈت قىلغان ئېدى. بىراق، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇياتسىزلارچە ۋاپاسىزلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ ئۈمۈت ئاقلانمىدى. شەرىق تەرەپتە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئۈمۈت ئۈزگەن پان تېكىن ئۇيغۇر دۆلىتىنى قايتا تىكلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تەييارلىق ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ دەسلەپ تەڭرىتېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى كۇچا شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر خانلىق تەسىس قىلىپ، ئۆزىنى «يابغۇ» دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇيغۇر قاغاناتىنىڭ تەخت ۋارىسى ئۆگە تېكىن تېخى ھايات ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پان تېكىن ئۆزىنى «يابغۇ» دەپ ئاتىغان. كېيىن شەرىقتىكى ئۆگە قاغانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى توغرىلىق خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پان تېكىن مىلادىنىڭ 848-ژىلى يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ دۆلەتنىڭ نامىنى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. ئۆزىنى بولسا موشۇ دۆلەتنىڭ ئېگىسى «خاقان» دەپ ئاتىدى (ئىدىقۇت-ئۇلۇق، بەخىت-سائادەتلىك دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەم دۆلەتنىڭ نامى، ھەم قاغانىنىڭ ئۇنۋانى ئېدى) ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بېۋاستە داۋامى ھەم ۋارىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

پان تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىرىنچى نۆۋەتتە، تۇرپانغا تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېسىۋالغان تىبەت قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تۇرپاننى ئازات قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، قىرغىز ئەسكەرلىنى قوغلاپ چىقىرىپ، چوڭبالىق، بېشبالىق، ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق قېدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئازات قىلدى. پان تېكىن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىختىسادىي، ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىپ ئالغاندىن كېيىن، بۆكۈ تېكىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، 866-ژىلى چېڭخەي ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بېسىۋالغان تىبەت ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ سەردارى شان كۈنشۇنى ئۆلتۈردى. كەڭسۇ رايونىنى تولۇق ئازات قىلىپ، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى بىرىنچىدىن، پان تېكىن خاقانىنىڭ توغرا سەياسەت ژۈرگۈزگەنلىگىدىن. ئىككىنچىدىن، موشۇ رايونلاردا قېدىمىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ ياردەم بەرگەنلىگىدىن. ئۈچىنچىدىن، شۇ دەۋىردە تىبەت دۆلىتى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈز تۇرقانلىقىدىن بولغان ئېدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ غەلىبىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر شارائىتنى يارىتىپ بەردى.

IX ئەسىرنىڭ 60-ژىللىرى بۆكۆتېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى بولۇپ تەختتە ئولتاردى. بۇ تۇرپان ئىدىقۇتلىغىنىڭ ئىككىنچى خاقانى ئىدى (بۆكۆتېكىن ختاي مەنبەلىرىدە بوغۇچىن دەپ ئاتىلىدۇ). بۆكۆتېكىن دۆلەتنى باشقۇرغان دەۋىردە ئۇنىڭ تېررىتورىياسى خېلە كەڭەيدى.

تۇرپان ئاستانىدىكى قاراقۇچۇ شەھىرى بىلەن ھازىرقى جىمسارىدىكى بېشبالىق شەھىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق پايتەختلىرى بولغان ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى شەرىقتە ھازىرقى جيۇۋەندىن، غەرىپتە بۇگۇرگىچە، شىمالدا ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىدىن، يايىق دالاسى ئارقىلىق ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتىسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جەنۇپتا تەكلىماكان چۆلىگە سوزۇلغان ئىدى.

## 2§. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمىيىتى فېودallىق خاراكتېردا بولۇپ، مەملىكەت ئاھالىسىنى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، تېررىتورىيانى ئاساس قىلىپ باشقۇراتتى. پەقەت چەت ياقا يۇرتلاردىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان ئىدى. دېمەك، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى شۇ جەمىيەتنىڭ خاراكتېرىغا ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى مۇنداق بولغان:

دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بېشىدا قاغان تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقى مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ ھەربىي، مەمۇرىي، دىپلوماتىيا ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىدى. ئۇ پەرمان چۈشىرەتتى ۋە ئىجراسىنى سۈرۈشتە قىلاتتى. چەت ئەللەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلاتتى ياكى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزەتتى... تارىخ كىتاپلىرىدا خاتىرلىنىشىچە، قاغان بايرام كۈنلىرى بېشىغا قاغانلىق تاجىنى، ئۇستىگە قىزىل رەڭلىك شاھانە تونىنى كىيىپ، ئۆز خەلقى بىلەن بىللە بايرام تەنتەنىسىنى قىلاتتىكەن. خەلق توپىنىڭ بېشىدىن تىللا چاچقۇزاتتىكەن... شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ قاغانلار ئادىل سەياسەت ژۈرگۈزگەنلىگىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خەلقتىن قاچۇرمايدىغانلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خاقاندىن قالسىلا، پادىشانىڭ ئايالى-خاتۇن ھۆكۈمدار ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆلچىمى (بەش ۋەزىر) ھۆكۈمدار ئىدى. ئۈچىنچى دەرىجىدە ئالتۇن جولالىق ئىناۋەتتار تۆرە، غەزىنچى خەلپەت بېگى، مۇپەتىش ۋە ساراي مۇپەتتىشى، ھەكەم (ئەدلىيە ئەمەلدارى) ۋە سانغۇنلار تۇراتتى. تۆرتىنچى دەرىجىدە، قاراقۇچۇ، بېشبالىق، كۆسەن (كۇچا) قاتارلىق پايتەخت-شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى، بەشىنچى دەرىجىدە، ئادەتتىكى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى بىلەن شۇلارغا تەڭ دەرىجىلىك ھەربىي-مۈلكىي ئەمەلدارلار تۇراتتى. ئالتىنچى دەرىجىدە، ئادەتتىكى ژۇت ئاقساقاللىرى بولۇپ، ئۇلار «ئۆگە» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى ھاكىملارغا بويسۇناتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانلىرى بەزىدە «ئىدىقۇت»، بەزىدە بولسا، «ئارسلانخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلاتتى. مىلادىنىڭ 866-ژىلى پان تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بۆكۆتېكىن قاغان بولدى. ئۇ 871-866 ژىللاردا ئەلنى باشقۇردى. بۆگۈتېكىندىن كېيىن بۇگۇچىن قاغان بولۇپ ئەلنى باشقۇردى (جەمى 14 ئەۋلات قاغانلار ئەلنى باشقۇرۇپ ئۆتكەن). بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 930-ژىلدىن كېيىنكى قاغانلار «ئىدىقۇت» ياكى «ئارسلانخان» ئۇنۋانلىرى بىلەن ئاتالغانلىغى توغرىلىق مەلۇماتلار بار.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى توغرىلىق سۆز بولغاندا شۇنى ئۇنتۇماسلىغىمىز كېرەككى، بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى مەمۇرىي جەھەتتىن چوڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ باشقۇرۇلاتتى. بىرىنچىسى، قاراقۇچۇنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ قاغانى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاتتى. ئىككىنچىسى، كۇچانى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ قاغانى ئۆزىنى «شىرخان» دەپ ئاتاتتى.

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ھازىرقى زامان تېرمىنى بىلەن ئېيتقاندا، فېدېراتىۋ تۈزۈمدىكى ژۆلەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تارىخچىلار بۇ دۆلەتنى «قوش خانلار دۆلىتى» دەپ ئاتىغان. بۇ بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىككى قىسمىنى كۆرىتىدۇ، خالاس.

## 3§. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى سەياسىي جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ قېدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتتى، يۇكسەك دەرىجىگە كۆتەردى. شۇ ئارقىلىق يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئازىيا مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ھەر قانداق مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مونۇ ئىككى شەرت ھازىر بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت ۋە تىنىچ خاتىرجەم شارائىت، ئىككىنچىسى، گۈللەنگەن ئىقتىسادىي ئاساس. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زامانىسىدا موشۇ شەرتلەر ھازىرلانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەمىيەتتە مەدەنىيەت ئىشلىرى جوش ئۇرۇپ رىۋاجلانغان.

مەلۇمكى، قەدىمىي زامانىنىڭ مەدەنىيىتى شۇ زاماندىكى دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ زاماندا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭلاشقا تۇرپان ئىدىقۇتلىقىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك ئىزلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەملىكەتتە نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق ئالىملار، تەرجىمانلار ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، ئارغۇن سالى، بويان بۇغا تېكىن، ئاپرىنچۇر تېكىن، سالىغ تېكىن ۋە باشقىلارنى ئاتاپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى يۇكسەكلىكى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن جاھانغا مەشھۇردۇر.

بۇ توغرىلىق ئالىملار ۋە ساياھەتچىلەر كۆپ يېزىشقان ۋە كۆپ دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكەن. مىسال تەرىقىسىدە شۇ خاتىرىلەردىن ئىككىسىنى كەلتۈرىمىز.

بىرىنچى، X ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى زىيارەت قىلغان خىتاي ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«ئۇيغۇرلار دۆلىتى چوڭ ئەل، ئۇنىڭ تېررىتورىياسى شەرقتە جيۇچۈەندى، غەربتە مۇزتاغقىچە، شىمالدا ئالتاي تېغىدىن، جەنۇبتا تەكلىماكانغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ زېمىندا قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ياشاپ كەلەگەن. كېيىن IX ئەسىردە ھازىرقى موڭغۇلىيادىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار موشۇ زېمىندا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز ئارا سىڭىپ كېتىشكەن. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئارسلانخان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوردىسى بەكمۇ ھەيۋەتلىك، ئازادە ۋە كۆركەم ياسالغان. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە كىشى ھەيران قالىدۇ. قاغانلىقنىڭ پايتەختى **قاراقوچو** شەھىرى بولۇپ، بۇ بەكمۇ ھەيۋەتلىك شەھەر ئىكەن. شەھەردە بېشى ئاسمانغا تاقاشقان مۇنارىلەر نۇرغۇن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 637-يىلى ياسالغان ئەجايىپ گۈزەل چوڭ ئىبادەتخانىسى بار. شەھەردە يەنە مەدەنىي ئىستىراھەت باغلىرى، گۈلزارلىقلار، شىپاگاھلار بار. سۈنئىي كۆللەردە چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈرگەن ئادەملەر كۆپ، كۆلنىڭ ئەتراپىدا ساز، نەغمە-ناۋا ئويناپ تۇرغان. ئەر-ئاياللار ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئويناپ تۇرغان. خۇددى بايرام تەنتەنىسىگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇرلا مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئىچىدە: پىپا، كۇڭخۇ ئوخشاش مۇرەككەپ تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىمۇ بار. ئۇيغۇرلار ئوچۇق كۆڭۈل، خۇشچاقلىق، ئادىل خەلق. ئۇلار چېۋەر ئۇستىلار بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈچ، مىس ۋە تۆمۈردىن تۈرلۈك ئەسۋاپلارنى، ئاسىل تاش ۋە نارجاندىن زىنەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بەكمۇ ئۇستا. ئۇيغۇرلار دېخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار تېتىيدىغان زىرائەتنىڭ، ئۆستۈرىدىغان مېۋە-چېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ».

ئۇ يەنە: «ئۇيغۇرلار سودا-تىجارەت ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار چەت ئەللەرگە ئالتۇن، كۈمۈچ ۋە ئاسىل تاشلاردىن ياسالغان نەفىس زىنەت بۇيۇملىرىنى، پاختىدىن ۋە ئەكتىن توقۇلغان گۈللۈك رەختلەرنى، قۇندۇز، قاما، سۆسەر، سۆلەيسۇن ۋە باشقا قىممەتلىك تېرىلەرنى ئاپىرىپ ساتىدۇ»- دەپ يازغان. ئۇ يەنە: «ئەرلەر ئات مىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ژۈرۈشكە چىققاندا ياكى ساياھەتكە ماڭغاندا ساز-ئەسۋاپلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ دۆلەتتە ئەمەلىياتتا گادايلار يوق. كىمنىڭ ئاشلىغى تۈگەپ قالغان بولسا، دۆلەت ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىن قىلىدۇ. ئادەملىرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ياش ئۆلۈملەر يوق دېيەرلىك. ئاغرىقلارنى داۋالاش ئىشلىرى ياخشى يولغا قويۇلغان...» دەپ يازغان («تىل ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى» كىتاۋى 73-بەت، ئۆ. ئىبراگىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 281-بەت).

«ھۆكۈمرانىنىڭ سارىيىدا سازەندىلەر ناھايىتى كۆپ. قوبۇل ۋاقتىدا، كېلىشىملەر ئىمزالانغان ۋاقتىدا مۇزىكا ئويناپ تۇرىدۇ. شەھەردە باغلار، چوڭ ئىمارەتلەر، دەم ئالىدىغان جايلار كۆپ. ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەملەر. ئۇلار ناھايىتى ئىشچان. ئىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئاتلارنى ياخشى تونۇيدۇ. ياخشى ئاتلارنى كۆرسە، قىممەت بولسىمۇ سېتىۋالىدۇ... ئىدىقۇت دۆلىتىدە ھەر قانداق ئىش تەرەپلىك يولغا قويۇلغان. ئىدىقۇتلۇقنىڭ ھۆكۈمرانى ئارسلانخاننىڭ ئېيتقىنى، ئەلۋەتتە، ئورۇنلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ھۆكۈمران ئۆزى ھەل قىلىدۇ. قالغان ئىشلارنى مەسلىھەتچىلەر (تارخانلا)، بەگلەر ئادا قىلىدۇ. ئىدىقۇتلۇقنىڭ بەگلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساراي ئالدىغا كېلىپ، مەسلىھەت ژىغىنىغا قاتنىشىدۇ، يول-يورۇقلىرىنى ئېلىپ قايتىدۇ» (ئۆ.ئىبراھىموۋ، «ئۇيغۇر تارىخى»، 281-بەت).

سەياھنىڭ ژۇقارقى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز دۆلەت ئىشلىرىنى ناھايىتى تەرتىپلىك باشقۇرغان ئىكەن.

ئىككىنچى خىتاينىڭ تارىخ تەتقىقاتچىسى گو زىچى بولسا، ئۆزىنىڭ تەتقىقات ماقالىسىدا:

– «بۇ يەردە (تۇرپاننى دېمەكچى) قار ياغمايدۇ. كلىمات ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ. كۈن ئىسسىپ كەتكەندە، ئادەملەر كارىزلارغا كىرىۋالىدۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا، ھەتتا قۇشلارمۇ ئۇچمايدۇ. تۇرپاندا ئۆيلەر ئاق ھاك بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئاقارتىلىدۇ... بوياقلارنىڭ ئاھالىسى سازنى ۋە ناخشىنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆپ كىشىلەر سازئەسۋاپلىرىنى بارىبىت بىلەن كۇنخۇنى چالالايدۇ. ئۇيغۇرلار ئالتۇن، كۈمۈچ، تۆمۈرلەردىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئەسۋاپلارنى ياسايدۇ، قىممەت باھا تاشلاردىن زىبنەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىدۇ، تېرە ئەيلەيدۇ. ئاق كىگىزگە گۈل بېسىپ، تېكىمەت قىلىدۇ. گۈللۈك رەختلەرنى توقۇيدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئات مىنىشنى ۋە ئوق-يا ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللار بىلەن قىزلار بولسا، چىرايلىق كىيىنىپ، ئۆزلىرىنى پەدەزلەپ ژۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن بولىدۇ» دەپ يازغان.

ژۇقۇرىدا يېزىلغان ماقالىدىن ئەينى زاماندىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ كىلىماتىنى، ئۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپى-ئادەتلىرى، ئەنئەنلىرى ۋە تۇرمۇش-تىرىكچىلىگى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئالالايمىز.

مىلادىنىڭ 1271-ژىلى ئۇيغۇرستاننى ئارىلاپ ئۆتۈپ، خىتايغىچە بارغان ئىتالىيا سەياھەتچىسى ماركو پولو ئۆزىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرلىرىدە:

«ئۇيغۇرستان-چوڭ ئەل، ئاساسىي شەھىرى قاراقوچۇ دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا كۆپلىگەن شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئەينە شۇ مەركەزگە بېقىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ناھايىتى بىلىملىك. ئۇلار تۇراقلىق ھالدا سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز قانۇن تۈزۈملىرى ۋە ئۆرپى-ئادەتلىرى بار» دەپ يازغان. سەياھەتچى بۇ يەردە تۇرپان ئىدىقۇتلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى ئېنىق. ئۇ زامانلاردا تۇرپان تېررىتورىياسى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزىي قىسمى ھېساپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەياھەتچى ئۇنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغانلىقى تەبىي ئەھۋال.

ئېۋروپا تارىخچىسى فېنىكس بىلەن ياپون تارىخچىسى موريياسۇ ۋە باشقا مۇئەللىپلەر خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ، «تۇرپاندا ئولتىراقلاشقان ۋە ئۆز دۆلىتىگە ئېگە بولغان خەلق-ئۇيغۇرلار ئىدى» دەپ ئېيتىشقان. ئاكادېمىك رادلوۋ بولسا «تيان-شان (تەڭرىتاغ) چوققىلىرىغا تۇتىشىپ ياتقان يەرلەر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئوبلۇسلاردا ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئىدى»، دەپ خۇلاسە چىقارغان.

تۈركشۇناس ئالىم بىچۇرىن: «تارىم ۋادىسىدا IX ئەسىردىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇرلار ياشىغان ئىدى» دېسە، ئا.ئى. تىخونوۋ ژۇقۇرىدىكى ئالىملارنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ:

«تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتى بىلەن كۆپلىگەن رۇس ۋە چەت ئەل شەرقشۇناسلىرى شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سەنئەتتىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى، ئۇيغۇر ستىلىنى، ئۇيغۇرنىڭ تام سۈرەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكەن ئىدى» دەپ يازغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتى توغرىلىق پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپانغا كەلگەن رۇس شەرقشۇناسى س.ف.ئولدېنبۇرگ يەر ئاستىدىن تېپىلغان قاتتىق ياغاچتىن ئىشلەنگەن مەتبەە ھەرىپلىرىدىن 100000غا يېقىنىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ھەرىپلەر ھازىر سانكت-پېتېربۇرگتىكى «مۇزېي ناسىي سېنترالنوي ئازىي» دە ساقلانماقتا. موشۇ ۋە باشقا فاكتلاردىن قارىغاندا ۋيغۇرلاردا VII-VIII ئەسىرلەردىلا كىتاپ بېسىش ھۈنىرى خېلە تەرەققىي ئەتكەن ئىكەن. سەياھەتچىلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، «تۇرپاندا ناھايىتى كۆپ مىقداردا ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتاپلار بىلەن تەسۋىرىي سۈرەت مەھسۇلاتلىرى بېسىلىپ چىقاتتى» («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوچېركلىرى»).

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

خىتاي سەياھەتچىسى بىلەن تارىخ تەتقىقاتچىسىنىڭ ژۇقۇرىدىكى بايانلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شۇ دەۋىردىكى تەرەققىيات دەرىجىسىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە خەلقىنىڭ ئۆرپى-ئادىتى بىلەن روھىي كەيپىياتىنى جانلىق تۈردە سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەل ئارخېولوگلارنىڭ تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭ تەۋەسىدىن، كۇچا ئەتراپىدىكى قەدىمىي خارابىلىقلاردىن تاپقان قول يازمىلىرى، تاش تاختىلارغا ئويۇپ يېزىلغان تېكىستلىرى، كىتاپ بېسىش تېخنىكىسىغا ئائىت ماتېرىئاللار، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەيكەللەر ۋە تام سۈرەتلىرى ۋە باشقىمۇ ھۆججەتلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ نەقەدەر مەدەنىيەتلىك ئەل بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

## §4. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بېقىندا ھالغا چۈشۈپ قېلىشى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن شۇنچە ەۈللەنگەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى خاقانلار ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان گېوسەياسىي جەريانلارغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەن. يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان ۋاقىئەلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تەييار ھالەتتە تۇرمىغان. دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچ قۇدرىتىنى ژۇقۇرى دەرىجىدە تۇتۇپ تۇرمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشا ئەۋلادى-شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى بولۇپ تۇراتتى، موشۇ ئىككى قالايمىقانچىلىقلار ئارقىسىدا دۆلەت بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ بارماقتا ئىدى.

مانا موشۇنداق تەييالىقسىز تۇرغان بىر شارائىتتا 1125-ژىلى شەرقتىكى موڭغۇللارنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ كەلگەن قىتانلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئورۇشتا يېڭىپ،

ئۆزلىرىگە سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغان بېقىندا دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. پايتەخت قاراقۇچۇدا ئۆزىنىڭ نازارەتچى ئەمەلدارىنى تۇرغۇزدى. ئەلۋەتتە، بۇ ھال ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇققا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. بارچۇق بۇ بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

دەل موشۇ دەۋردە مەركىزىي ئازىيانىڭ سەھنىسىدە باشقا بىر جەرىيان كېتىپ باراتتى. يەنى بايقال كۆلى بىلەن ھىنگان تاغلىرى ئەتراپىدىكى دالالاردا كۆچۈپ-قونۇپ ياشايدىغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى، ئەقىللىق ۋە تالانتلىق سەردار تىمۇرچىنىڭ باشچىلىقىدا ئاستا-ئاستا بىرلىشىپ، كۈچلۈك بىر موڭغۇل دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكتە ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە سەياسىي سەھنىدە رول ئوينىشى، مەركىزىي ئازىيا خەلقلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئازىيا خەلقلىرىنىڭ تەغدىرىگە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. تىمۇرچىنىڭ باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق ۋە ئىنتىزامچان موڭغۇل ئاتلىقق قوشۇنلىرى 1212-ژىلى قىتان دۆلىتىنى، 1213-ژىلى تاڭغۇت دۆلىتىنى يوقاتتى. 1214-ژىلى بولسا، پۈتكۈل ختايىنى دېگىدەك ئۆزىگە بويسۇندۇرغان جورجانلارنىڭ جىك دۆلىتىنى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ، شەرىقتە بىردىن-بىر كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى بارچۇق مەركىزىي ئازىيادە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۈزىتىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشالىق تەختىنى، دۆلىتىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قېلىش مەخسىتىدە، يېڭىدىن سەياسىي سەھنىگە چىقىۋاتقان موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈش يولىنى ئىزدىدى. موشۇ مەخسەتتە ئۆزىنىڭ رەقىبى قىتان دۆلىتىنىڭ قاراقۇچۇدا تۇرىۋاتقان نازارەتچى-ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، قىتانلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. موڭغۇل خانى تىمۇرچىنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزى چىڭگىزخانغا بويسۇندىغانلىغىنى مەلۇم قىلدى. ئارقىدىنلا تىنۇرچىنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى بېرىپ، زىيارەت قىلدى. بۇ چاغلاردا بارچۇق ئارتتېكىن 40 ياشلاردا بولۇپ، چىڭگىزخاندىن ياش ئىدى. بۇ ئۇچرىشىشقا بەكمۇ خۇش بولغان چىڭگىزخان ياش قاغان بارچۇقنى «بەشىنچى ئوغلۇم»-دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ قىزى ئالتۇنبېكەنى بېرىپ، ئۇنى كۈيوغۇل قىلماقچى بولدى (بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، مەلىكە ئالتۇنبېكە تۇيۇقسىز ئاغرىپ ۋاپات بولغانلىقتىن، توي مەراسىمى ئەمەلگە ئاشماي قالغان ئىكەن).

بارچۇق قاغانىنىڭ چىنگىزخان ئىتاتىگە ئۆتۈشى، ئۇنىڭ دۆلىتىنى قىتانلارغا بېقىندىلىقتىن قۇتۇلدۇردى، شۇنىڭدەك ئۇرۇش ۋەيرانچىلىغىدىن ساقلاپ قالدى. پۇخرالىرىنىڭ تىنىچ ھاياتىنى تەمىنلىدى. بىراق، ئۇنىڭ دۆلىتى قىتانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىنى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرياسىنىڭ تەركىۋىدىكى يېرىم بېقىندا دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز ئىختىيارى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرياسىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىمپېراتور چىڭگىزخانىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ موڭغۇللارنىڭ باسقۇنچىلىق ژۈرۈشلىرىگە قاتنىششقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئوقمۇشلۇق ئادەملىرى بولسا، موڭغۇللارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇلار بېسىۋالغان ئەللەرنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا، ئۇلارنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئاتاقتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھەربىي سەياسىي ھوقۇقى ئاستا-ئاستا چىڭگىزخانىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى.

باۋرچۇق تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى: قۇسمايىن تېكىن، سالۇن تېكىن، ئۇغرۇنجى تېكىن، مامۇراق تېكىنلەر نوۋەت بىلەن ئەلنى باشقۇردى. ئاخىرىدا 1266-ژىلى قوجۇغار تېكىن ئىدىقۇت ئېلىنىڭ خانى بولدى.

چىنگىزخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرياسىنىڭ ئوردىسىدىمۇ تەخت ئالمىشىش ئىشلىرى كۆپ بولدى. چىڭگىزخانىنىڭ ۋارىسى ئۆگدەي خانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تولۇي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى قۇبلاي خانلار ئىمپېراتور بولۇپ، ئىمپېريانى باشقۇردى. بۇ چاغدا ئىدىقۇت دۆلىتى ئىچكى جەھەتتىن ئۆز ئىستىقلالىنى ساقلىغان ھالدا قۇبلاي خانغا بېقىندى. بىراق، ئۆگدەينىڭ نەۋرىسى قايدۇ بىلەن چاغاتاينىڭ نەۋرىسى داۋا خانلار قۇبلاي خانىنىڭ ئىمپېراتورلۇغىنى تەن ئالمىدى. ئۇلار داۋاملىق ھالدا قۇبلاي خان تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەربىي سەياسىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىپ تۇردى. موشۇنداق شارائىتتا 1266-ژىلى ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ پادىشاسى قوچۇغا تېكىن قاراقۇرۇمغا بېرىپ ئىمپېراتور قۇبلاي خانىنى زىيارەت قىلدى. قۇبلاي خان قوچۇغار تېكىننى ياخشى قارشى ئېلىپ، مېھمان قىلدى. قوچۇغار تېكىن قايتىدىغان ۋاقتىدا ئىمپېراتور ئۆز قېرىندىشى گۈيۈكنىڭ قىزى مەلىكە باباغارنى ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرياسى ئوتتۇرىسىدا چىنگىزخان ھايات ۋاقتىدا باشلانغان ئەنئەنىۋى دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر يەنىمۇ داۋاملاشتى. بىراق، نەق موشۇ سەۋەپلىك ئىمپېراتور قۇبلاي خانىنىڭ رەقىپلىرى قايدۇ بىلەن داۋا خانلار ئىدىقۇت دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، چەت ياقىدىكى شەھەرلىرىنى بۇلاپ-تالاپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

دايىم دىگىدەك پاراكەندىچىلىك سىلىپ تۇردى. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان قوچۇغار تېكىن، ئۆزىنىڭ پايتەختىنى قاراقوچىدىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كۆچۈپمۇ كەتتى. براق، دۈشمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىگى بەربىر توختىمىدى. موشۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە قوچۇغار تېكىن جەڭدە قۇرۇۋان بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغلى نولىن تېكىن ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بولدى. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، نولىن تېكىن ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بولسىمۇ، بەربىر قۇبلاي خان ئىمپېرىياسىنىڭ تەركىۋىدىكى بىر خانلىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئاستا-ئاستا مۇنقەرىز بولۇپ يوقۇلىشقا قاراپ يۈزلەندى. نولىن تېكىنىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆمۈربۇقا ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ھۆۋمدارى بولدى. براق ئۇ قۇبلاي خانىنىڭ ئالدىدا ئەيىپكار بولۇپ، 1327-ژىلى بېجىندا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا سەنگى تېكىن بىلەن تەيپەن تېكىنلەر ئىدىقۇت بولۇشتى. براق، بۇ ئەمەلى بار، ھوقۇقى يوق قورچاق ھۆكۈمرانلار ئىدى، خالاس.

شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى مىلادىنىڭ 850-ژىلىدىن 1335-ژىلىغىچە، جەمى 485 ژىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ جەريانىدا 374 ھەقىقىي مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، 84 ژىل قىتانلارغا بېقىندا بولۇپ، قالغان 26 ژىلىدا موڭغۇل ئىمپېرىياسىگە بېقىندا دۆلەت بولۇپ ياشىدى. 1235-ژىلى تەيپەن تېكىن ئەلنى باشقۇرغان زامانغا كەلگەندە، چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى تۇغلۇق تىمۇرخانىنىڭ ئەۋلادى تارماشىر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش بانىسى بىلەن ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ زىمىنىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ تېررىتورىياسىنى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەجەرىسى

| № | ھۆكۈمران | ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 | پانتېكىن | 850-866 |
| 2 | بۇكۇ تېكىن | 866-871 |
| 3 | ئىردىمىن | 940-948 |
| 4 | ئارسلانخان | 948-985 |
| 5 | بىلگە تېكىن | ؟-1126 |
| 6 | ئىسەن تۆمۈر (بارچۇق ئارتتېكىنىنىڭ دادىسى) | ؟-؟ |
| 7 | بارچۇق ئارتېكىن | 1208-1235 |
| 8 | قۇسايىن | 1235-1245 |
| 9 | سالۇن تېكىن | 1246-1255 |
| 10 | ئوغرۇنج تېكىن | 1255-1262 |
| 11 | مامۇراق تېكىن | 1265-1266 |
| 12 | قوچۇغار تېكىن | 1266-1275 |
| 13 | نولىن تېكىن | 1275-1318 |
| 14 | تۆمۈر بۇقا | 1318-1327 |
| 15 | سەنگى تېكىن | 1327-1331 |
| 16 | تەيپەن | 1331-1335 |

## تەجرىبە-ساۋاقلار

ژۇقۇرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىسقىچە سەياسىي تارىخىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ تارىختىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار موبۇلار:


1. بىر دۆلەتنى تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەقىقىي سەياسىي رەھبەر، چېۋەر قولباشچى كېرەك. ئەگەر شۇ چاغدا پان تېكىنىدەك سەتاسىي جەھەتتىن ژىراقنى كۆرەلەيدىغان، ھەربىي ئىشلاردا جاسۇر، تەدبىرچان رەھبەر بولمىغان بولسا، مۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى: ياخشە رەھبەر–مىللەتنىڭ بەختى، يامان رەھبەر –مىللەتنىڭ دەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى رەھبەرلەرنى قەدىرلەشنى بىلىشىمىز كېرەك.

2. يېڭى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى دۇرۇس باشقۇرىدىغان، دۆلەت باشقۇرۇش تەجرىبىسى بولۇشى شەرت. ئەگەر شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنقى تۇرا، ھۇن، كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى مول تەجرىبىلىرى بولمىغان بولسا، بۇ دۆلەتنى مۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق رىۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن بوماتتى.

3. دۆلەت مۇستەقىللىگىنىڭ كاپالىتى ئارمىيا ۋە خەلىق. ھەر قانداق شارائىتتا دۆلەتى تاشقى


دۈشمەنلەرنىڭ تەجاۋۇزىدىن ھىمايە قىلالىغىدەك ئارمىيانى تۈتۈش، دۆلەت پۇخرالىرىنى بولسا، ئۆز ئارمىياسى بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ، ۋەتەننى قوغدايدىغان جەڭگىۋار ھالەتتە تۇتۇش كېرەك ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىدە موشۇنداق تەييارلىق بولمىغانلىقتىن، قىتانلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلالماي، ياتلارغا بېقىندا بولۇپ قالدى. بىراق، بارچۇق ئارتتېكىن تىمۇرچىن باشچىلىغىدىكى موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قالدى.

4. دۆلەت بىلەن مىللەت بىر پۈتۈن چۈشەنچە. ئۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. مىللىي بىرلىك بولمىغىچە، مۇستەھكەم دۆلەت بولمايدۇ. مىللىي دۆلەت بولمىغىچە، مىللەتنىڭ بەختى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇ دەۋىردىكى ئۇيغۇر پادىشالىرىنىڭ ئاساسىي خاتالىغى شۇكى، بىر مەزگىلدە قۇرۇلۇپ، قاتار ئۆمۈر سۈرگەن ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى (كەڭسۇ، ئىدىقۇت، قاراخانىيلار) بىر پۈتۈن دۆلەت بولالمىغان تەغدىردىمۇ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقداش بولۇپ ياشىغان بولسا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ تەغدىرى باشقىچە بولاتتى. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەغدىرىمۇ باشقىچە بولغان بولاتتى. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ: «بىلالۇنگەننى بۆرە يەيدۇ، ئايرىلغاننى ئېيىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىكارغا ئېيتىلمىغان. بىز بۇ ھېكمەتنى دايىم ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك.




ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى

# 11ـ باپ
# قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى



قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

## 1§. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلانىڭ چوڭ بىر تارمىقى (تەخمىنەن 200000 ئادەم) ياغما قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل، تالاس ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى ھازىرقى ئوش، ئەنجان ۋىلايەتلىرىگىچە بېرىپ يەتتى. بۇ زېمىندا، قەدىمقى زامانلاردىن بېرى، غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما، چىگىل، قارلۇق، ئوغۇز ۋە باشقا قەبىلىلىرى ياشاپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئاھالىلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىنىڭ 620-يىللىرى غەربىي تۈرك قاغانى تون يابغۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، شەرققە قاراپ كۆچۈپ بېرىپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئەينە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ تەقدىر-قازاسى بىلەن ئارىدىن 220 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 840-يىللىرى كەلگەندە، يەنە غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئاتا بوۋىلىرىنىڭ زېمىنلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار موشۇ زېمىندا قالغان قېرىنداشلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشىغان قارلۇقلارمۇ غەربكە سۈرۈلۈپ، موشۇ تەۋەدە ياشاۋاتقان تۈركىي قەبىلىداشلىرىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئازىيا رايونىدا ئۇيغۇرنىڭ ياغما ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان، باشقا قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى زور ئىجتىمائىي كۈچ توپلانغان ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ ئىقتىدارلىق، جەڭگىۋار قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئازىيانىڭ سەياسىي سەھنىسىدە رول ئويناشقا باشلىدى ۋە قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالدى.

تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ياغما قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان كۆل بىلگە قىدىرخان بولۇپ، ئۇ «**قاراخان**» ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلاتتى (قاراخان–ئۇلۇق، بۈيۈك دېگەن مەنالاردا بولۇپ، قەدىمقى زامانىدىكى ئۇيغۇر پادىشالىرىمۇ موشۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان ئىدى). يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ نامىمۇ «قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. بۇ دۆلەت قەدىمقى ئۇيغۇر شەھىرى قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ، «**ئوردۇكەنت**» دەپ ئاتىدى. چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى ھاۋاسى تازا، مەنزىرىسى چىرايلىق **بالاساغۇن** شەھىرىنى بۇ دۆلەت پادىشالىرىنىڭ يازلىق قارارگاھى قىلىپ بېكىتتى (بۇ شەھەرنى ئالىپ ئەرتۇڭاخاننىڭ ئوغلى بارسغان سالدۇرغان. كېيىن ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى بوگۇ قاغان قايتىدىن تەمىر قىلدۇرغان ئىدى).

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى: دەسلەپكى مەزگىللەردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى، غەربتىكى پەرغانە ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە شىمالدىكى يەتتىسۇ ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. IX ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، جەنۇپتا كەشمىرنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئالتۇن تاققىچە، شىمالدا ئارال كۆلىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جەمى 3 مىللىون كم$^2$ تېررىتورىياگە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى بۇرۇن غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئىگەللىگەن زېمىنلارغا ئىگە بولدى. موشۇ زېمىندا ياشايدىغان تۈركىي تىللىق خەلىقلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك، ئۇنىڭ پۇخرالىرى ئىدى. بۇ دۆلەت مىللىي چېگارىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىمپېرىيا دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن. بىراق، ئۇنىڭ پادىشالىرى نېمە ئۈچۈندۇ، ئۆزلىرىنى قاغان (ئىمپېراتور) دەپ ئاتىمىغان (ماخمۇت قەشقەرىي بولسا، ئۇنىڭ ئاھالىسىنى «**تۈرك**» دەپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى بولسا «**تۈركستان**» دېگەن جۇغراپىيالىك نام بىلەن ئاتىغان).

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بايرىغى تۆرت بۇجەكلىك قىزىل لاتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا: ئۈچ جۈپ شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تۈپ قارىغاينىڭ سۈرىتى چۈشىرىلگەن ئىدى. قارىغاينىڭ بىر تەرىپىدە ئالتە ئالتۇن شېخى، يەنە بىر تەرىپىدە ئۈچ ئالتۇن شېخى بار ئىدى (بۇ ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ئىشلەتكەن بايراقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىدا ئادەم سۈرىتىگە تېۋىنىش رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن، خاقان بىلەن خانىشىنىڭ باش سۈرىتى ئورنىغا، ھاياتلىق سىمۋولى بولغان قارىغاينىڭ سۈرىتى چۈشىرىلگەن).

قاراخانىيلار دۆلىتى قوچۇنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن ۋە ساندىبىلنى مەركەز قىلغان كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن بىر دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ قاتار ئۆمۈر سۈردى. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى كۆل بىلگە قاغان 850-يىلدىن 880-يىلغىچە ئەلنى باشقۇردى. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن دۆلەتنىڭ ھەربىي، سەياسىي، دىپلوماتىيا ۋە ئىختىسادىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللاندى. كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى–بازىرخان، كىچىگى–ئوغۇلچاق ئىدى. 880-يىلى قاراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى–بازىرخان قاغانلىق تەختىگە چىقتى. بازىرخان قاغانلىق قىلغان دەۋردە، مەملىكەتنىڭ تېررىتورىياسىنى كەڭەيتىش ۋە تېررىتورىيا پۈتۈنلىگىنى قوغداش جەھەتتىن كۆپ ئىشلار قىلىندى. ئۇ زاماندا ئوتتۇرا ئازىيا رايونىدا پارس تىللىق خەلىقلەرنىڭ سامانىيلار دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى. (كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىمپېرىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلار بىر مەزگىل ئىگىسىز بولۇپ قالدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىران تىللىق قەبىلىلەر كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايونلارنى ئىگەللەپ سامانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان ئىدى). مانا ئەندى موشۇ دۆلەت قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن رىقابەتلىشىپ،



www.uyghurkitap.com

893-ژىلى تاراز شەھىرىنى بېسىۋالدى. بازىرخان ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئوغۇلچاقنى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، 100000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھەربىي ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئوغۇلچاق ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. قاراخانىيلار دۆلىتى ئۇبدان تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 907-ژىلى قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ، سامانىيلار دۆلىتىنى جەڭدە مەغلۇپ قىلىپ، تاراز شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

910-ژىلى قاغان بازىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇتۇق تېكىن تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋاقىتلىق بازىرخاننىڭ ئىنىسى ئوغۇلچاققا تاپشۇرۇلدى. ئوغۇلچاق پادىشالىق تەختىنى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋېلىش مەخسىتىدە، ئاكىسى بازىرخاننىڭ ئايالىنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ پادىشالىغىنى قانۇنىيلاشتۇرماقچى بولدى. تەخت ۋارىسى سۇتۇق تېكىن 23 ياشقا كىرىپ، قۇرامىغا يەتكەن بولسىمۇ، تاغىسى ئۇنى تەختكە يېقىن يولاتمىدى. بۇ ئىشنى تېچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن سۇتۇق تېكىن باشقىچە يول ئىزدىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن جەڭگىۋار ئوترياد تۈزدى. بۇ ئوترياد ئاتۇشنىڭ تېغىغا چىقىپ، ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى چىنىقتۇردى، كەسپىي ماھارىتىنى ئاشۇردى.

920-ژىلى سۇتۇق تېكىن ئۆزىنىڭ ئوترىيادىغا ھەم ئوردا ئىچىدىكى ئۆز تەرەپدارى بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بىر كېچىدە ئوغۇلچاقنى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سەياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، قاغانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. سۇتۇق تېكىن ياش بولۇشىغا قارىماي، پۇخرالارغا كۆيۈنىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر، ئادىل پادىشا بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەۋرىدە قاراخانىيلار دۆلىتى گۈللىنىپ، كۈچ-قۇۋەت تاپتى. سۇتۇق تېكىن دۆلەتنى باشقۇرۇش، دىپلوماتىيا ۋە ھەربىي ئىشلاردا تالانتلىق ئەرباپ بولۇپ يېتىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشالىغى بۇ دۆلەتنىڭ ۋە پۇخرالىرىنىڭ تەغدىرىگە غايەت چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

## §2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى

سۇتۇق تېكىن ئاتۇشتا تۇرغان ۋاقتىدا لېلىپ چىقىشى ئىرانلىق بولغان ئەبۇ ناسىر سامانىي بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام تەلىماتىنى ئۆگەنگەن ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ھەر قانداق تەلىمات يېڭى ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتىدا ئىلغارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. خۇددى شۇنداق، ئىسلام دىنىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىلغارلىق رول ئوينىغان ئىدى. سۇلتان سۇتۇق پادىشا بولغان ژىلىلا ئۆز پۇخرالىرىنى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىردى. ئۆز پۇخرالىرىنى بۇرۇنقى دىنلاردىن كېچىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرغان مەخسۇس پەرمانلارنى چىقاردى. مۇسۇلمان بولغان ئاھالىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. مۇسۇلمان بولۇشقا ئۇنىمىغان بۇددىپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتىپ، ھەربىي ژۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭ مەملىكەتتە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خۇراساندىن ۋە ئىراندىن كۆپلىگەن ئىسلام ئالىملىرى قەشقەرگە كېلىپ، خىزمەت قىلىشتى. ئەينە شۇ ئالىملارنىڭ تەكلىۋى بىلەن سۇلتان سۇتۇق ئۆزىگە «ئابدۇكېرىمخان» دېگەن ئىسمنى قوبۇل قىلدى. ئوغۇللىرىغا مۇسا، سۇلايمان دەپ مۇسۇلمانچە ئىسملارنى قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەت دائىرىسىدە ئۈستىگە «سۇتۇق ئابدۇكېرىم قاراجان» دېگەن خەت ئويۇلغىنا ئالتۇن پۇللارنى قۇيدۇرۇپ، ئىستىمالغا چىقىرىلدى (مۇنداق تەنگىلەر ھازىر سانكت-پېتېربۇرگتىكى دۆلەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كونا دىنلاردىن كېچىپ، يېڭى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، تارىخىي جەھەتتىن ئىلغار تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەرىكەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئېتىقات قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنى: ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئادالەت ۋە زۇلۇمنىڭ مەۋجۇت ئېكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئاكتىۋ كۈرەشنى تەشەببۇس قىلماي، رەھىمدىل ۋە كەچۈرۈمچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. يەنى بۇ پاسسىۋ تەلىمات ئىدى. ئىسلام دىنى بولسا، «ھەق بىلەن ناھەق، زۇلۇم بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ھەر قاچان ھەقىقەت، ئادالەت تەرىپىدە تۇرۇپ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش لازىم» دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. بۇ تەلىمات ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار مىللىي خاراكتېرىغا تازا ماس كېلەتتى. **ئىككىنچىدىن:** X ئەسىردە ئىسلام دىنى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ، يېقىن شەرىق، ئىران، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئازىيالەرگە، غەرىپتە ئافرىكا ۋە شىمالىي ئېۋروپىغا تارقىلىپ، دۇنياۋىي چوڭ دىنغا ئايلىنىۋاتاتتى. سۇتۇق بۇغراخان موشۇ دىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز مەملىكىتىنى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى مەخسەت قىلغان ئىدى. بىراق، مەملىكەت ئاھالىسى دىنىي ئېتىقات جاھەتتىن بىرلىككە كەلمىگىچە، ھەقىقىي روھانىي بىرلىك مەۋجۇت بولالماتتى. شۇ سەۋەپتىن سۇتۇق بۇغراخان تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بۇتپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، مەجبۇرلاپ بولسىمۇ، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىشقا تىرىشتى.

ئەسلىدە، ئىسلام دىنىنى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربىي تۈركىستانغا كىرىپ تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستانغا بولسا، X ئەسىردە سۇرۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن كىرىپ ئۆزلەشتى. بىر مىللەتنىڭ روھانىي جەھەتتىن مۇنداق يېڭىلىنىشى ئاسان

يۈز بېرىدىغان ئىش ئەمەس. يۈز ژىلغا سوزۇلغان كۈرەشلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ زاماندا بۇددا دىنىنىڭ ژىرىك مەركەزلىرى ھېساپلانغان خوتەن ۋە كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەينە شۇنداق ھەربىي ژۈرۈشلەر قىلىنغان ئىدى. بەزى تارىخچىلار سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن باشلانغان موشۇ ئۇرۇشلارنى: «بۇلار بېھۇدە قان تۆكۈش بولدى، ئۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەستى»ـ دېيىشىدۇ. بىرىچە، سۇتۇقۇ بۇغراخانىنىڭ شۇنداق قىلغىنى توغرا بولغان. بۇنىڭ سەۋەۋى: بىر مەملىكەتتە بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەر خىل دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەملىكەت ئەھالىسىنى روھانىي جەھەتتىن بۆلۈپ مۇقەررەر رەۋىشتە ئىچكى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي بىرىكنى قولغا كەلتۈرۈش مەخسىتىدە، مەجبۇرلاش چارىلىرىنى قوللانغانلىقى دۇرۇس بولغان. ئىككىنچىدىن، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى جارىي قىلىش ئارقىلىق، غەرىپتىكى مۇسۇلمان خوشنىلىرى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاۋالدى. مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنىچ شارائىت يارىتىلدى. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بۈيۈك دۆلەت ئەربابى، دانا سەياسەتچى، تالانتلىق سەركەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىمخان) 956-ژىلى 59 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ دىنىي ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ قەۋرىسى بار ئىدى (ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭ قەۋرىسىنى **«ھەزرىتى سۇلتۇنۇم مازارى»** دەپ ئاتاپ، ھازىرغىچە زىيارەت قىلىشىپ كەلمەكتە).

سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان سۇلتان بولۇپ تەختكە ئولتاردى. بىراق، ئۇنىڭغا تەختتە ئۇزاق ئولتىرىش نېسىپ بولمىدى. ئىككى ژىلدىن كېيىن 958-ژىلى تۇيۇقسىز ئاغرىپ ۋاپات بولدى. مۇسا بۇغراخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان سۇلتان بولدى. ئۇ ئارسلانخان ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلاتتى. سۇلايمان ئاتىسىنىڭ باشلىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنى بىر دىنغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەخسىتىدە تېخى بۇددا دىنى ئېتىقاتىدا تۇرۇۋاتقان خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈستىگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. موشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردىن كېيىن خوتەن ئاھالىسى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇددىزىمنىڭ ئىككىنچى مەركىزى بولغان كۇچا ئاھالىسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىت قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، پەيدىن-پەي ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى سەياسىي جەھەتتىن مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقاتىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار «كاپىر ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالدى. پەقەت XIV ئەسىرگە كەلگەندىلا چاغاتاي ئەۋلادىدىن كېلىپ چىققان شەرقىي چاغاتاي خانلىغىنىڭ ھۆكۈمدارى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا كىرەۈزۈلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى تۈگەللەندى.

### §3. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى تېررىتورىياسىنىڭ كەڭىيىشى

970-ژىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ سۇلايمان ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسا بۇغراخانىنىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان (ئەبۇ ھەسەن) قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. سۇلايماننىڭ ئوغلى ھارۇن بۇغراخان بولسا، ئەلى ئارسلانخانىنىڭ ئورۇنباسارى بولدى. ھارۇن بۇغراخان سەياسەتتە دانا، ھەربىي ئىشلاردا ماھىر ئەرباپ ئىدى. ئۇ بوۋىسى سۇتۇق بۇغراخاندىن قېلىشماتتى.

شۇ زاماندا قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خۇراسان بىلەن ماۋرەۇننەھىردە تاجىك تىللىق خەلقلەرنىڭ سامانىيلار دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى. يېڭى سۇلتان ئەلى ئارسلان موشۇ قېدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، مەملىكەتنىڭ تېررىتورىياسىنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويدى. بۇ ۋەزىپىنى باش قوماندان ھارۇن بۇغراخان تاپشۇردى. ھارۇن بۇغراخان بۇ ئىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتتى. قورال-ياراغلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدى. ئات-كۆلۈكنى يېتەرلىك ھازىرلىدى. مەملىكەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يەتتىسۇنى بازا قىلىپ، كۈچ توپلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خوراسان ئۆلكىسىنىڭ ۋالىسى ئەبۇ ئەلى سىمجۇرى بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىم بويىچە، سامانىيلار دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئامۇدەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار سىمجۇرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلىدىغان، مايرەۇننەھىر رايونى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلىدىغان بولدى. باش قوماندان ھارۇن بۇغراخان موشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن 992-ژىلى يازدا ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سامانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى نوھ ئىبنى مەنسۇر مۇداپىئە چارىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بىراق بۇ دەۋرىدە سامانىيلار دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋالىلىرى بىلەن ئەسكەر باشلىقلىرى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئورۇنلىماتتى. مۇنداق شارائىتتا، غەلىبىدىن ئۈمۈت

كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەرغانە ۋادىسىدىكى دەسلەپكى جەڭدىلا ئۇيغۇر قوشۇنى غەلىبە قازاندى. تاجىك ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئايانچ تېكىن ئەسىر ئېلىندى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۇيغۇر قوشۇنى ھەربىي ژۇرۇشنى توختاتماي، قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن، سەمەرقەنت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. سامانىيلار دۆلىتىنىڭ پادىشاسى نوھ ئىبنى مەنسۇر ئۆزىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تەجرىبىلىك قوماندان پايىق تېكىننىڭ ئىختىيارىغا بارلىق ئەسكەرلىرىنى بەردى. بىراق، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ، خۇددى دېڭىزنىڭ دولقۇنىدەك، شىددەتلىك ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە بۇخارا شەھىرى ئاخىر ئىشغال قىلىندى. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمى جەڭدە ئۆلدى، يېرىمى تەسلىم بولدى. غالىپ قوماندان ھارۇن بۇغراخان غەربىي تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇپ، تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، زەپەر بىلەن ۋەتەنگە قايتتى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى: جەنۇپتا تارىم ۋادىسىنى، شەرىقتە كۇچا شەھىرى بىلەن تەڭرىتېغى ۋە بالخاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلارنى، شىمالدا ئىسسىقكۆل ئەتراپى بىلەن چۇ دەريا ۋادىسىنى، شۇنىڭدەك، ماۋرەۇننەھىر زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ھارۇن بۇغراخان قەشقەرگە قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ، 993-ژىلى يول ئۈستىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مېيىتى قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەت دەرىجىسىدە ماتەم تۇتۇلۇپ، دەب-دەبە بىلەن قەبرىگە قويۇلدى. قەشقەر شەھىرىدىكى «قىلىچ بۇغراخان مازىرى» ئەشۇ ھارۇن بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھىدۇر. غەربىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى كەڭىيىپ ئىمپېرىيا دەۋرىگە قەدەم قويىدى. چۈنكى ئۇلار تاجىك تىللىق خەلىقلەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنى قاغان (ئىمپېراتور) دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئەلى ئارسلانخان باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن دەپ، ئىمپېرىيا تېررىتورىياسىنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەر بىر بۆلەككە مەركەزگە بويسۇنىدىغان ئىلىك خانلارنى تەيىنلىدى.

1. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى بىلەن سىردەرىيانىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى قوشۇپ، شىمالىي ئۆلكە دەپ ئاتاپ، ئەخمەت توغان خاننى ئىلىك خان قىلىپ ئەۋەتتى. ئۆلكە مەركىزى– بالاساغۇن شەھىرى بولدى.

2. ئامۇدەرىياسى بىلەن سىردەرىيا ئارىلىغىدىكى ماۋرەۇننەھىرنى غەربىي ئۆلكە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەل تېكىننى ئىلىك خان قىلىپ ئەۋەتتى. ئۆلكە مەركىزى–ئۆزكەنت شەھىرى ئىدى.

تارىم ۋادىسىدىكى ژۇتلارنى بىۋاستە ئۆزى باشقۇرىدىغان بولدى.

ئەلى ئارسلانخان غەربىي تۈركىستاننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئاساسىي دىققىتىنى خوتەنگە قاراتتى. چۈنكى خوتەن خانلىغى مەمۇرىي جەھەتتىن قاراخانىيلار دۆلىتىگە بېقىنىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاھالىسى تېخىچىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. شۇ سەۋەپلىك، مەركەزگە قارشى پات-پات ئىسيان چىقىرىپ تۇراتتى. ئەلى ئارسلانخان خوتەن ئەھلىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، مەملىكەتنى ئۇزۇل-كېسىل بىرلىككە كەلتۈرۈش مەخسىتىدە 996-ژىلى ئۆزى باش بولۇپ، قوشۇن تارتىپ خوتەنگە ژۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. ياركەنت شەھىرى ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەلى ئارسلانخان ياردار بولۇپ، جاراھىتىدىن ساقىيالماي، ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھارۇن بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان خانلىق تەختىگە ئولتاردى. يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى خاقانلىق قىلغان دەۋردە، خوتەن ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇنلىدى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. مەملىكەت ئاھالىسى روھانىي جەھەتتىن تولۇق بىرلىككە كەلدى. ئەلى ئارسلانخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخانلارنىڭ مازارلىرىمۇ ھازىرمۇ قەشقەر تۇپرىغىدا يېتىپتۇ.

ھارۇن بۇغراخان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئىسيان كۆتىرىپ، بۇخارا شەھىرىنى قايتىدىن بېسىۋالغان ئىدى. 998-ژىلىغا كەلگەندە، غەربىي ئىلىك خان ئەلى تېكىن قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئىسيانچىلارنى چېكىندۈرۈپ بۇ شەھەرنى يەنە تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، 128 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار سۇلالىسى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.

1032-ژىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخا خاقانلىق تەختىگە ئولتاردى. بىراق ئۇنىڭ دەۋرىدە قاراخانىيلار قاغانلىغىنىڭ پارچىلىنىش جەريانى باشلاندى:

1035-ژىلى غەربىي ئىلىك خان ئەلى تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى يۈسۈپ ئەلى ئىلىك خان بولدى. ئۇ قاغانلىقنىڭ پۈتۈنلىگىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ باقتى. قەشقەردىكى چوڭ قاغان بىلەن خۇراساندىكى ماھمۇت غەزنەۋىي بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. بىراق 1012-992 ژىللاردا ئىلىك خان بولغان ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت بىلەن ئىبراھىملار ئاستىرتىن كۈچ توپلاپ، يۈسۈپ ئەلىگە قارشى چىقتى. 1037-ژىلى مۇھەممەت ئۆزكەنت شەھىرىنى بېسىۋالدى. 1040-ژىلى ئىبراھىم بۇخارا شەھىرىنى بېسىۋالدى. شۇ ژىلى مۇھەممەت خان ئىستىقلال ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتىدى. چوڭ خاقان سۇلايمان ئارسلانخانمۇ بۇ بۆلۈنۈشكە قارشىلىق قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەۋى، شۇ ژىللاردا قاغانلىقنىڭ شىمالىي ئۆلكىسى بالاقاش

كۆلى ئەتراپىدىكى ياباقۇلار، باسمىللار، چۆمۇللار ۋە ياماكلار ئىسيان كۆتىرىپ، قاغانلىققا قارشى چىقماقتا ئىدى. سۇلايمان ئارسلانخان قوشۇن تارتىپ بىرىپ موشۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردە خان جەمەتىنىڭ كىچىكشىمىسىنى چاقىرىپ، غەربىي ئىلىك خانىنىڭ تاۋغاچ خان، يەنى بويسۇنغۇچى خان نامى بىلەن ئىستىقلال ئېلىشىغا رازىلىقىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىر پۈتۈن مەملىكەت شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرىقتىكى قىسمى ــ «شەرقىي تۈركىستان»، غەربىيتىكى قىسمى ــ «غەربىي تۈركىستان» دەپ ئاتالدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ــ قەشقەر، غەربىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ــ بۇخارا شەھىرى بولدى. دېمەك، بۇ ناملارنىڭ ھەر بىرى **بىر دۆلەتنىڭ نامى ئەمەس، بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ جۇغراپىيالىك ناملىرىدۇر. شۇڭا، بۇ جۇغراپىيالىك نامنى دۆلەت نامى سۈپىتىدە** قوللىنىش دۇرۇس ئەمەس.

## §4. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىششى ۋە دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىشى

شەرقىي تۈركىستانغا ئىگە بولۇپ قالغان سۇلايمان ئارسلانخان 1056-ژىلى تەخت تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا ئۆز قېرىندىشى مۇھەممەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قاغانلىق ھوقۇقى مۇھەممەتە ئىبن يۈسۈپنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۇھەممەت ئىبن يۈسۈپنىڭ ئىككى ئايالى بار ئىدى. چوڭ ئايالى ياغما قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ ئايالدىن ھۈسەيىن دېگەن ئوغلى بار ئىدى. ئىككىنچى ئايالى قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىبراھىم دېگەن ئوغلى بار ئىدى. مۇھەممەت خان خانلىق تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كىچىك ئايالى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى خاقانلىق تەختىگە ئولتارغۇزماقچى بولىدۇ. ئوردا ئىچىدە تەخت تالىشىش كۈرىشى ئۇۋج ئالىدۇ. مۇھەممەتنىڭ كىچىك ئايالى ئۆز مەخسىتىگە يىتىش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلايدۇ. ئۇ زىيابەت ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ زىيابەت ئۈستىدە ئېرى مۇھەممەت خاننى، تەخت ۋارىسى بولغان ھۈسەيىننى زەھەر بىرىپ ئۆلتۈرىۋىتىدۇ. ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوغلى ئىبراھىمنى قاغانلىق تەختىگە ئولتارغۇزىدۇ (سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مۇھەممەت ــ ماخمۇت قەشقەرىينىڭ بوۋىسى، ھۈسەيىن بولسا، ئۇنىڭ دادىسى ئىدى). بۇ پاجىە يۈز بەرگەن مەزگىلدە ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ماخمۇت ئىلمىي تەتقىقات ئىشى بىلەن ئىدىقۇت ئېلىغا كەتكەن ئىدى. ئىبراق، يېڭى خاقان ئىبراھىم 1057-ژىلى بارسغان شەھىرىنىڭ يىنىدا، مۇھەممەت خاننىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىنى ئۆلتۈرۈلدى. 1058-ژىلى شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ كىچىك ئىنىسى توغرۇل خاقان بولدى. ئۇ توغرۇل قاراخان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كىيىن يەنە باشقا كىشىلەر خاقانلىق قىلدى. بىراق، ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، مەملىكەتنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىگى، شاھزادىلەر وتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ماجرالىرى بۇ دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھالدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. موشۇنداق پالاكەتلەر ئارقىسىدا قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى ئاجىزلىشۋاتقان پەيتتە، مەركىزىي ئازىيادە باشقا بىر جەريان سادىر بولماقتا ئىدى:

ھىنگان تىغىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان، چارۋىچىلىق كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مانجۇلار بىلەن نەسىلداش قاراقىتانلار (قاراستايلار) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەيىپە بار ئىدى. ئۇلار كۆكتۈرك قاغانلىغى دەۋرىدە ۋە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە موشى دۆلەتلەرگە بېقىناتتى. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى غەرىپكە كۆچۈپ كەتكەندىن كىيىن قاراقىتانلار بوش قالغان زىمىنلارنى ئىگەللەپ، ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاپ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ، سەياسىي كۈچ بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى تەرەپتىن، موڭغۇل دالاسىدا چارۋىچىلىق كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچۈپ-قونۇپ ياشايدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى تالانتىلىق، ياش سەركەردە تېمۇرچىننىڭ باشچىلىقىدا بىر بايراق ئاستىغا توپلىنىپ، كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتكە ئايلانماقتا ئىدى. بىر ۋاقىتتا تارىخ سەھنىسىگە چىقىۋاتقان بۇ ئىككى كۈچ ئاخىر ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ قالدى. چىنگىزخاننىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرى قاراقىتانلارنى بىرىنچى جەڭدىلا مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز يېرىدىن قوغلاۋەتتى. ئۇرۇشتا يىڭىلگەن قىتانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1202-ژىلى غەرىپكە قاراپ چېكىنىپ، ئالتاي تىغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شىمالىي ئىلىك خانلىغىدىن پانا تىلىدى (قىتانلارنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 40000 تۈتۈن، 200000 جان ئىدى). شىمالىي ئىلىك خان (تاۋغاچ ئىبراھىمخان) ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى چۆچەك، دۆربىلجىن تەۋەسىگە ورۇنلاشتۇردى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىنمىدى. نەتىجىدە، بۇ يەردە قىتانلار ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تۇتۇپ، ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، قىتانلارنىڭ باشلىغى يېلۇداشى 10000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلىۋالدى. مەركىزى بالاساغۇندا بولغان شىمالىي ئىلىك خان قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرماقچى بولۇپ، يېلۇداشىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى مەركەزگە چاقىردى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەركەزگە كېلىۋالغان قىتان ئەسكەرلىرى، كىيىن قايتىپ كەتمىدى. ئۇلار ئاستىرتىن كۈچ توپلاپ، ئەپلىك پەيتنى كەلتۈرۈپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋال ئىلىك خاننىڭ مەركىزى بالاساغۇن

شەھىرىنى، ئاندىن كېيىن قاغانلىقنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھىرىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى 1136-ژىلى شەرقتىن كەلگەن قاراقىتانلار تەرىپىدىن تولۇق يوقىتىلدى. ئىچكى ئۇرۇش جىدەللەردە ئاجىزلىشىپ كەتكەن قاراخانىيلار ئۆز مۇستەقىللىكىدىن ئايرىلىپ، قاراقىتانلارغا سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندا خانلىققا ئايلىنىپ قالدى. مىلادىنىڭ 1212-ژىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرستاننى قىتانلارنىڭ قولىدىن يەنە بىر كەلگۈندى نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى كۈچلۈكخان تارتىۋالدى. (نايمانلارمۇ ئەسلىدە شەرقتە ياشايدىغان قەبىلە بولۇپ، 1204-ژىلى چىنگىزخاننىڭ زەربىسىدىن قېچىپ، شىمالىي ئۇيغۇرستانغا كېلىپ، پانالىق ئالغان ئىدى. كېيىن ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، ئۆزىگە سەياسىي پانالىق ۋە يەر-زېمىن بەرگەن غەربىي ئىلىك خانلىقنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى. ئاخىرىدا قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى ھېساپلانغان قەشقەرىيەنىمۇ بېسىۋالدى). شۇنداق قىلىپ، 362-ژىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

## 5§. قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت

قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتنىڭ ئۇزاقلىقى، تېررىتورىياسىنىڭ كەڭلىكى، ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋىيەسىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتلەردە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ دەۋردە يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە قانچىلىك تارماقلىرى تەرەققىي قىلغان ئىدى. موشۇ ئاساستا مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئولتىراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ھالىتى ئۇمۇملاشقان، ژىرىك ئىختىسادىي، سودا مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. موشۇ مەركەزلەردە مۇكەممەل شىپاخانىلار، ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، كاتتا جامىلار، كارۋان سارايلىرى مەيدانغا كەلگەن. قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەر ژىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھېساپلىناتتى. شۇ زاماندا يېتىشىپ چىققان پەن-مەدەنىيەت ئەرباپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي يېڭىلىقلىرى بىلەن زامان ھۆسنىنى رەڭگا-رەڭ گۈللەر بىلەن بېزىگەن ئىدى. **شۇنىڭ ئۈچۈن بىز XI ئەسىر-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى،** دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز. موشۇ دەۋردە قەد كۆتەرگەن ھاشامەتلىك بىنالارنىڭ قالدۇق ئىزلىرى، موشۇ دەۋردە يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر، ئىجات قىلىنغان مۇزىكىلا تاكى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى بىر مىللىون ئىككى يۈز مىڭ بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەر ئىدى. بۇ دۆلەتتە ئۇيغۇر تىل-يېزىغى دۆلەت تىل-يېزىغى ھېساپلىناتتى. ئىلىم ساھاسىدە بولسا، ئېھتىياجىغا قاراپ پارس، ئەرەپ تىللىرىمۇ قوشۇمچە ئىشلىتىلەتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىكى ئۇيغۇر جەمىيىتى فېودالىلىق جەمىيەت ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىختىسادى بىلەن مەدەنىيىتىمۇ فېودالىلىق خاركتېردا بولۇشى تەبىي. بۇ جەمىيەتتە تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك، ئۆي-جاي ۋە باشقا تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئاساسىي كۈچ دېخانلار، چارۋىچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا دىنىي خاراكتېردا بولسىمۇ، ئازدۇ-تولا بىلىمگە ئىگە زىيالىلار قاتلىمى بار ئىدى.

مەملىكەتتە تېچ شارائىتنىڭ تەمىن ئېتىلىشى، يەرگە ۋە كان بايلىقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، ئىچكى-تاشقى بازارلاردا سودا قىلىش ئەركىنلىكى، دۆلەت باج سەياسىتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى قاتارلىق ئامىللار، ئىختىساتنىڭ گۈللىنىشىگە بېۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قاراخانىيلار دۆلىتىدە بايلىق مەنبەسى بولغان يەر ۋە كانلار دۆلەتنىڭ مۈلكى بولۇپ ھېساپلىنىغاتتى. بۇ مۈلۈك تۆۋەندىكىچە تەخسىم قىلىناتتى:

1. پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى، شۇنىڭدەك ئوردا خىراجىتى دۆلەت غەزنىسىدىن بېرىلەتتى.

2. ژۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئوردا خادىملىرى دۆلەتتىن بەلگۈلەنگەن مىقداردا ئايلىق-مائاش ئالاتتى.

3. دۆلەتنىڭ ئايرىم رايونلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان مۈلكى ئەمەلدارلارغا دۆلەت تەرىپىدىن بەلگۈلۈك مىقداردا يەر تەخسىم قىلىپ بېرىلەتتى. بۇ ئەمەلدارلار ئۆزلىرىگە سيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەرگە ئاشلىق تېرىپ ياكى ئىجارىگە بېرىپ پايدىلىناتتى.

4. مەھكىمە شەرىيەلەر، مېچىتلار، مەدرىسىلەر، كۇتۇپخانىلار ۋە خەيرى-ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ دۆلەت تەرىپىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلەتتى. ئۇنداق يەرلەر «ۋەخپە» دەپ ئاتىلاتتى. «ۋەخپە» يەرلەرنىمۇ يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېخانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، شۇنىڭ كىرىمىدىن پايدىلىناتتى.

5. ئەكىن دېخانلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېرىگە ئىگە بولۇپ، ئىگىلىك ئىشلىرىدا ھېچ كىمگە بېقىنماتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى خۇسۇسىي مۈلۈك ھېساپلىناتتى. ئۇيەرلەر ياكى ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان، ياكى پۇل تۆلەپ دۆلەتتىن سېتىۋالغان يەرلەر ئىدى. ئۇلار دۆلەتنىڭ بېجىنى تۆلىگەندىن كېيىن، قالغان مەھسۇلاتقا تامامەن ئۆزلىرى ئىگە ئىدى.

قان بايلىقلىرىدىن پايدىلانغۇچىلارمۇ دۆلەتكە بەلگۈلۈك مىقداردا باج تۆلەتتى. ژۇقارقى ئىجتىمائىي تەخسىمات ۋە يەردىن، كاندىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ ھوقۇقلىرى قانۇن تەرىپىدىن

[illegible]

www.uyghurkitap.com



**ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت (ئىمام بۇخارىي) (872-810)**

ئۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ يېتەكچىسى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ شانلىق ئۆلگىسىدۇر.

ئىمام بۇخارىي مىلادىنىڭ 810-ژىلى بۇخارىدا تۇغۇلۇپ 872-ژىلى سەمەرقەنتكە يېقىن بەرتەڭ يېزىسىدا ۋاپات بولغان. ئۇ پەۋقۇلادە زېرەك، تالانتلىق ھەم تىرىشچان ئادەم بولغان. ئۇ 16 ياشقا كىرگەندە «قۇرئان كەرىمنى» يادقا ئوقالايدىغان، ئەرەپ تىلىدا بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان ھەم 10000 ھەدىسنى يادقا ئېيتىپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. شۇ ژىلى ئانىسى ھەم ئاكىسى بىلەن بىللە مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. شۇ چاغدىلا ئىلمي ھەدىسنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇنى رەتلەپ چىقىشنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويغان. موشۇ مەخسەتتە ئەرەبستاندا قېلىپ، ھىجاز، يەمەن، ئىران، ئىراق، شام ۋە مىسىر مەملىكەتلىرىگە بېرىپ، شۇ مەملىكەتلەردىكى ئالىملار ۋە مۇھەددىسلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن كەمتارلىق بىلەن ئۆگەندى ۋە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى ئالدى.

ئىمام بۇخارىي شۇ زاماندا تارقىلىپ ژۈرگەن «ھەدىسلەرنىڭ» بارلىغىنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك، توغرا (سەھىھ) ھەدىسلەردىن 9000نى تاللاپ چىقىپ، رەتلەپ، كىتاپ قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتاۋىغا «سەھىھۇل بۇخارىي» دەپ نام قويدى. بۇ كىتاپ دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىندى. موشۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئىمام بۇخارى» دېگەن ئالىي ئۇنۋان بېرىلدى.

قىسقىسى، ئىسلام دىنى ئەرەپستان يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان ۋە چارىيالار تەرىپىدىن قۇۋۋەتلەنگەن بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرىدىغان «ھەدىس شەرىفنى» تۈزۈپ چىققۇچى ئالىم ئۇيغۇر پەرزەندى ئىمام بۇخارىيدۇر.

**ئىلاۋە:**

ئىمام بۇخارىي مىلادىنىڭ 810-ژىلى غەربىي تۈركستاندىكى بۇخارا شەھرىدە ئۇيغۇر تىللىق ئابدۇللىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دىنىي كىتاپلاردا ئۇنىڭ قايسى خەلىق، قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئېكەنلىگى ئېنىق ئېيتىلمىغان. چۈنكى ئىسلام دىنىدا مىللىي چېگارا بولمايدۇ. بىراق تۆۋەندىكى فاكتىلارغا ئاساسەن بىز ئۇنى ئۇيغۇر پەرزەندى دەپ مۇەييەنلەشتۈرەلەيمىز:

1. مەخمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسەرىدە: «غەربىي تۈركستانىنىڭ بۇخارا شەھرىدە ۋە ئۇنىڭ كۆپىرەك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلەر ياشايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتقان.

2. ئۇ زاماندا بۇخارا شەھرى قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەۋەسى ھېساپلىناتتى.

3. ئىمام بۇخارىينىڭ ئۆزى پارىسىيلارنىڭ شىە مەزھىبىدە ئەمەس، تۈركىيلەرنىڭ سۈننىي مەزھىبىدە ئىبادەت قىلاتتى. مانا موشۇ فاكتىلار ئۇنىڭ باشقا مىللەتكە ئەمەس، ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ ئېكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



**ئەبۇ نەسر فارابىي (870ـ950)**

بۇزات مىلادىنىڭ 870ـ950 ژىللىرى ئارىلىغىدا ياشىغان. مەشھۇر ئالىم، فىلوسوف، مۇزىكا ئۇستازى ۋە تەرجىمان، ئۇ فاراب شەھىرىنىڭ ۋاسىج قە؛ئەسىدە «توققۇز ئۇيغۇرنىڭ» قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان، ھەربىي ئوفىسېر ئۇزلۇقنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ئىلىم ئۆگىنىشكە ئامراق، تىرىشچان ۋە ئىستېداتلىق تەلەبە بولغان ئېدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى پىششىق ئۆگەندى. كېيىن پارس تىلىنىمۇ پىششىق ئېگەللىدى. 30 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا ئىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىدا شۇ زامانىنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلانغان باغدات شەھىرىگە كەلدى. ئۇ باغداتقا كەلگەندىن كېيىن ئەرەپ، گرېك تىللىرىنى ۋە لوگىكا ئىلىمىنى ئۆگەندى. كېيىن ھەرران شەھىرىگە بېرىپ، پەلسەپە، لوگىكا، تىبابەتچىلىك ئىلىمىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىن شەرىق ئەللىرىنى سەياھەت قىلدى. سۇرىيەدىكى ھەمەدان خانلىقىنىڭ سۇلتان سارىيىدا ئۆتىدىغان ئىلمىي كېڭەشمىلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ يېتۈك ئىلمى ۋە مۇزىكا ساھاسىدىكى تالانتى بىلەن زۇقۇرى ئابرويغا ئېگە بولدى. ئاخىرىدا دۆلەت سارىيىدا ئېتىراپ قىلىنىپ «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن ئاتاققا ئېگە بولدى.

ئالىم ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئىلمىي ئەمەكلەرنى يازدى. ئۇ: «ئېھساسۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى)، «ئۇيۇنۇل مەسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «ئەقىل ھەققىدە»، چوڭ لوگىكا كىتاۋى، «خىميا ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈگى توغرىسىدا»، «ئادەمنىڭ ئورگانىزمى توغرىسىدا» قاتارلىق ئوربەنال ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇنىڭ سىرتىدا قېدىمىي گرېك فىلوسوفلىرى ۋە ئالىملىرىدىن ئارىستوتېل، پتولومېي، ئېۋكلىد، پادفېر، ئافرودىتسكىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يازغان. ئىلمىي كاتالوگدا فارابىي ئەسەرلىرىدىن 160 خىلى كۆرسىتىلگەن.

ھازىرقى كۈندە فارابىي تەلىماتىنى ئۆگىنىش ئىشى: فرانسىيا، ئامېرىكا، تۈركىيا، سۈرىيا، مىسىر، ئىراق، پاكىستان قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئېلىپ بېرىلماقتا ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلماقتا. ئەندى، ئالىمنىڭ مىللىي تەۋەلۇقلۇغى مەسىلىسىگە كەلسەك، ۋەتەندىشىمىز پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1997 ـ ژىلى ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا ئەبۇ ناسىر فارابىي ئۇيغۇر ئالىمى ئېكەنلىگىنى تولۇق مۇەييەنلەشتۈردى.

## ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980ـ1037)



ئوتتۇرا ئازىيادە ئىبن سىنانىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەر، بەلكىم، بولمىسا كېرەك. ئۇ پەيلاسوپ، ئالىم، تەرجىمان ۋە ئاتاقلىق تەبىب بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىبن سىنا 980ـيىلى بۇخارىغا يېقىن ئەفشان يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1037ـيىلى 57 يېشىدا ئىسپەھاندا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاـ تاجىك، ئانىسى ساتاربانۇ بولسا سوغدى قىزى ئېدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئائىلەۋىي كېلىپ چىقىشى تاجىك. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز ئىبن سىنانى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەرباپلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھېساپلايمىز. بۇنىڭ سەۋەۋى، ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى بۇخارا شەھرىدە ئۆتكەن. ئۇ: مۇھەممەت مۇسا خارەزمىي، ئەبۇ ناسىر فارابىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ،ئۇلارنىڭ تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. ئۆزى بىلەن زاماندا بولۇپ ياشىغان ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي، ئەبۇ سۇھەيىل ئەلمەسىھ كەبى چوڭ ئالىملار بىلەن يېقىن ئىلمىي ئالاقىدە بولغان.

ئىبن سىنانىڭ پەلسەپە، لوگىكا، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، تەبەتشۇناسلىق، مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە ئائىت 240 پارچە ئىلمىي ئەمگىگى بار. ئىب سىنا موشۇ ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇس ئالىمى م.ئىسكاكوۋ ئىبن سىنا توغرىلىق پىكىر بايان قىلىپ:

«بىرۇنىيدىن كېيىن ئۆتكەن ئۆمەر ھەييام، نەسىردىن تۇسى، تاراغاۋ ۋۇلۇقبېك ۋە باشقا مەشھۇر ئالىملار ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە قىزغىن مەدھىيلىگەن»ـدېسە، ئۆزبەك مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ:

«ئىبن سىنا ئوتتۇرا ئازىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇق پەرزەندى ئېدى. ئۇ ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن ھەممىدىن ئاۋال ئۆز خەلقىنى ئۇلۇقلىدى، ئابرويىغا ئابروي قوشتى» دېگەن ئېدى.

## ئىمادىدىن قەشقەرىي

قاراخانىيلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان بۈيۈك ئالىملارنىڭ بىرى، مەشھۇر تېۋىپ ئىمادىدىن قەشقەرىيدۇر. بۇ زات X ئەسىردە خاقانلىقنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھرىدە ياشاپ، ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا قەشقەردىكى «مەدرىسەى ساچىيەدە» ئوقۇپ، ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى ساھالىرى بويىچە چوڭقۇر بىلىم ئالغان، بولۇپمۇ تىبابەت ئىلمىي ساھاسىدا ئاتاقلىق ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ كېسەللەرنى داۋاللاپ، ساقايتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ژۇقۇرى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشا سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى ياكى يېقىنلىرى ساقىسىز بولۇپ قالغاندا، موشۇ زاتقا مۇراجەت قىلاتتېكەن. ئۇ كىشى كېسەل داۋالاشتىن سىرتىدا تىببىي ئىلىم بويىچە مۇددەرىس «شەرھى ئەلقانۇن» دېگەن كىتاپىنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ بۇ كىتاۋىدا ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» ناملىق كىتاۋىنى شەرھىيلىگەن. ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمەگىنى سۇتۇق بۇغراخانغا تەغدىم قىلغان.

شۇدەۋرىدە،يەنى XI ئەسىردە مۇھەممەتىمىن ياركەندىي دېگەن يەنە بىر ئاتاقلىق تىبابەت ئالىمنىڭ ئۆتكەنلىگى مەلۇم. ئۇزات چوڭ مەدرىسىلەردە مۇددەرىسلىك قىلىشىنىڭ سىرتىدا «زىياۇل قۇلۇپ» (قەلب نۇرلىرى) ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇزات مۇھەررىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىككىنچى ئىبن سىنا دېگەن ئاتاققا ئېگە بولغان.



www.uyghurkitap.com

## ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىي (1160ـ1218)

بۇ زات 1160-يىلى خوتەن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈر ۋاقتىدا ئۆز يۇرتىدىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدە بىلىم ئالغان. كېيىن قەشقەر شەھرىگە كېلىپ، «مەدرىسەي ساچىيەدە» ئوقۇغان. ئۇ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلگەننىڭ سىرتىدا، تىببىي ئىلىمنى چوڭقۇر ئۈزلەشتۈرگەن يېتۈك ئالىم ئىدى. ئەلائىددىن خوتەن شەھرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز كەسىي بويىچە شىپاخان ئېچىپ، كېسەللەرنى داۋالىغان. مەدرىسلەردە مۇددەررىس بولۇپ، دەرىس ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ «زۇدەتۇل قەۋەنىل ئىلاج» (داۋالاش دەستۇرلىرى)، «ئەلفىقھۇت تىببىيە» ناملىق كىتاپلارنى يازغان.

بۇ كىشى يەنە يېتىلگەن ئىسلام ئالىمى ئىدى. تارىختىن مەلۇمكى، چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىدىن زەربە يەپ غەرپكە چېكىنگەن نايمان خانى كۈچلۈك 1212-يىلى قىتانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، تارىم ۋادىسىنى بېسىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، 1000 يىل بۇرۇنقى شامان دىنىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولدى. موشۇ مەخسەتتە 1214-يىلى خوتەن شەھرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا 3000دەك ئىسلام ئالىملىرىنى يىغدۇرۇپ، دىنىي بەھس مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرىدۇ. موشۇ مۇنازىرىدە ئەلائىددىندىن يېڭىلىپ قالغان كۈچلۈك خان چىدىماسلىق قىلىپ، ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ئەللائىددىن باشلىق 300دەك ئىسلام ئالىملىرىنى نەق مەيداندا شېھىت قىلىدۇ. ئەينە شۇ مەيداندا ھازىر ئۇلۇق ئالىم ئەلائىددىننىڭ مازارى بار.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019ـ1085)



بۇ زات قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. 1019ـ1085 يىللار ئارىلىقىدا ئاۋال بالاساغۇندا، كېيىن بولسا قەشقەردە ياشىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشىغان دەۋرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە: «تارىخىي كاشغەر»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «ئەسرارۇل رىياسەت» ۋە باشقا داڭلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. شۇ قاتاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت-سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم) ناملىق مەشھۇر دىداكتىك داستانى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ داستان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، پەلسەپە، ئىدىيا، تارىخ ۋە سەياسەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك ئېپىك داستاندۇر. ئۇ تەبىي ۋە ئىجتىمائىي ئىلىمنىڭ كۆپلىگەن ساھالىرىغا چېتىلىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز بۈيۈك ئەسەرى بولۇپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭمۇ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ھازىرقى زاماندا دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەردە ۋەگىنىلمەكتە ۋە تەتقىق قىلىنماقتا.

## ماخمۇت قەشقەرىي (1008_1105)



X ئەسىردە ياشاپ، ئىلمىي-تەتقىقات پائالىيەت ئېلىپ بارغان تىلشۇناس ئالىم ماخمۇت ھۈسەيىن ئوغلى قەشقەرىيدۇر. ئۇ ئۆز تەخەللۇسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، قېدىمىي ئۇيغۇر يۇرتى ئوپالدا تۇغۇلغان ھەم شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

ماخمۇتنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق قامۇسىي ئەسەرى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇق نامايەندىسىدۇر. ئالىم شۇ زاماندىكى تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «خاقانىيە تىلى، يەنى قەشقەر تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىي دىئالېكتىدۇر» سەپ خۇلاسە چىقارغان. بۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نۇرغۇن ساھالىرىغا چېتىلىدىغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئاساس سالغان ئەسەردۇر. ئالىم بۇ كىتاۋنى 1072_1074 ژىللىرى يېزىپ چىقىپ، شۇ چاغدىكى باغدات خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاھ مۇقتەدىي بىن ئەمرۇللاھقا تەغدىم قىلغان. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئۇ چاغدىكى باغدات خەلىپىلىگى سەلجۇق ئىمپېرىياسىنىڭ كونتروللىغى ئاستىدىكى دىنىي ئورگان بولۇپ، يېقىندا ئورۇندا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل ئەرەپ دۇنياسى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

ماخمۇت قەشقەرىي ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزۈپ، 97 يېشىدا قەشقەردىكى ئوپالدا ۋاپات بولغان. ئوپال شەھىرىدە ئۆز ۋاقتىدا ماخمۇت قەشقەرىي ئاچقان ھەم مۇددەرىسلىك قىلغان «ھەزرىتى موللام مەدرىسىسىنىڭ» خارابىسى ۋە ماخمۇت قەشقەرىينىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بار.

## شەرەپ ئەلزامان تاھىر (مەرۋەزىي)


مىلادىنىڭ 1046_1120 ژىللىرى يەنى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇ جۇغراپىيە، تارىخ، تىبابەتچىلىك ۋە زوولوگىيا ئىلىملىرىنىڭ يېتۈك بىلىمدانى ئىدى. مەرۋەزىينىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىن-بىر ئەسەرى «تەبىئەت ئۇل ھەيۋاندۇر». مۇئەللىپ بۇ ئەسەرىدە ئازىيا قىتئەسىدە ياشايدىغان خەلقلەر، بۇ ئەللەرنىڭ جۇغراپىيەسى، ئېرىقشۇناسلىق زوولوگىيا ۋە تىبابەتچىلىككە ئائىت كۆپلىگەن مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مۇئەللىپ ئۆز كىتاۋىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپلىگەن نەقىللەرنى كەلتۈرگەن بۇ كىتاپ 1936-ژىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى دۆلەت كىتاپخانىسىدىن تېپىلغان، كېيىن ئۇنىڭ ئايرىم باپلىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئالىم ئەسلى ئوتتۇرا ئازىيادىكى مەرۋە شەھىرىدىن بولۇپ، شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئازىيادە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەلجۇق سۇلتانلىرى «مەھمۇت I، بۇرقارۇق، ماخمۇت II، سۇلتان سەنجەرلەرنىڭ دەۋرىدە ئوردا تېۋىپى بولغان ۋە ئىلمىي-تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشچە، «تەبىئەت ئۇل ھەيۋان» 4 قىسىمدىكى تەركىپ تاپقان ئىكەن.

بىرىنچى قىسىمدا، ئازىيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە ياشايدىغان خەلقلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا، موشۇ ئەللەردە ياشايدىغان ھايۋاناتلار دۇنياسى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى قىسىمدا ئۇچار قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. تۆرتىنچى قىسىمدا قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە ھاشارەتلەر قاتارلىق ئۇششاق جانلىقلار دۇنياسى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

دېمەك، بۇ جانلىق دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قامۇسىي ئەسەر، ئۇنىڭ مۇئەللىپى بولسا كۆپ ئىلىملارنى بىلىدىغان يېتۈك بىلىمدان ئەللامەدۇر.

## ئۆمەر ئىبن ئىبراھىم ئەل ھەييام (1048-1131)



ئۆمەر ھەييام ئىران تىللىق ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەرباپلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان زىرىك شەخستۇر.

بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەم پائالىيەت سەھنىسى بولغان نىشاپۇر شەھىرى تارىختا ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ تەۋەسى بولۇپ كەلگەن. 1040-يىلىغىچە سۇلتان مەسئۇت ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ تەۋەسى ئىدى. بۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىللىق خەلقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن مەدرىسىلەردىكى ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ژۈرگۈزۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆمەرنىڭ ئۇستازلىرى شۇ زاماندىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئىسقاقوۋ: «ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالىم بولۇپ يېتىلىشىگە ئۇنىڭ پېشۋالىرى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئىدى»-دەيدۇ.

ئۆمەر ھەييام ئاسترونوم، فىلوسوف ۋە شائىردۇر. ئۇ مەلىكشاھ ئوردىسىدا ئاسترانومىيا، رەسەتخانە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ 17 يىل ئىشلىگەن. موشۇ جەريانىدا «زىجى مەلىكشاھ»، «تەقۋىمى جالالى» ناملىق كالېندار تۈزۈپ چىققان. ئۇ ئۆمرىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى»، «مەۋجۇدىيەت ھەققىدە رىسالە»، «ئېۋكلىد كىتاۋىنىڭ مەقەددىمىسىگە شەرھى»، «نورۇزنامە»، «رۇبائىيات ئۆمەر ھاييام» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى بار.

## ئەخمەت يۈگنەكىي



ئەخمەت ماخمۇت ئوغلى يۈگنەكىي XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىپىدۇر.

ئەدىپنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىن-بىر ئەسەرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر ئىشىگى) ناملىق داستانىدۇر. بۇ داستان جەمى 14 باپ، 256 بېيىتتىن تۈزۈلگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە: دەسلەپكى باپلاردا ياراتقۇچى تەڭرىگە ھەمد، پايغەمبىرىمىزگە نەت، چارىيالارغا مەدھىي بىلەن باشلانغان. داستاننىڭ ئۈچۈنچى بابىدا خەلىقپەرۋەر، ئادىل ۋە سېخى پادىشانى مەدھىيلەيدۇ. ئاساسىي قىسمىدا بولسا، بىلىمنىڭ ئۇلۇقلۇغى، نادانلىقنىڭ زىيانلىقى توغرىلىق پەندى-نېسھەتلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باپلاردا مەرتلىك، سېخىلىقنىڭ بۈيۈكلىگى، بېخىللىقنىڭ پەسكەشلىگى بايان قىلىنىپ، كىتاپخانلارنى ئالىيجاناپ، گۆزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

قىسقىسى بۇ داستان كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن بەركامالىلىققا يېتەكلەيدىغان دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى جەمىيەتنىڭ مەنىۋى يۈكسەكلىگىنى، ئەخلاقىي نورمىلىرىنى كۆرسىتىدىغان باھالىق ھۆجەت.

ھازىر «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىنىڭ ئۈچ نۇسخا كۆچۈرمىسى بار. بىرىنچى نۇسخا 1444-يىلى سەمەرقەنتە كۆچىرىلگەن، ئىككىنچى نۇسخىسى 1480-يىلى كۆچىرىلگەن، ئۈچىنچى نۇسخىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچىرىلگەن. بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىستامبۇل شەھىرىدىكى «ئايا سفىيا» كىتاپخانىسىدا ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com



## ئەخمەت يەسسەۋي (1166-1086)

ئەخمەت يەسسەۋي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە تەسەۋۋۇپ-سوپىزم ئىلمىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. ئۇ 1086-ژىلى ھازىرقى تۈركىستاندىكى يەسسە شەھرىدە ئىبراھىم شەيخنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا يۈسۈپ ھەمدانىي قاتارلىق چوڭ سوپىلاردىن تەلىم ئالغان. ئۆزىمۇ سوپى بولۇپ يېتىشكەن. شائىرلىق ئۇنىڭ تۇغما تالانتى ئىدى. موشۇ ئىككى خىسلەت ئۇنى سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى قىلىپ يېتىشتۈرگەن. «دىۋانى ھېكمەت» كىتاۋىنىڭ يېزىلىشىغا ئاساس بولغان. ئۇ زاماندا تۈركىستان شەھرى قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەۋەسى بولۇپ، غەربىي تۈركىستان ئىلىك خانلىقىغا بېقىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى قاراخانىيلار دەۋرى يېتىشتۈرگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېساپلايمىز.

شائىرنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» كىتاۋى ئەڭ ئاممىۋىلىققا ئېرىشكەن، بۇنىڭ سەۋەۋى بىرىنچىدىن، شائىر ئۆز كىتاۋىدا ئادەملەرنى دىيانەتلىك، ئادىل، پاك ياشاشقا، ئۆز ئارا بىر-بىرىگە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشقا چاقىرغان. ئاچ كۆزلۈك، خەسىسلىك ئوخشاش يامان ئادەتلەرگە نەپرەت ئوقۇغان. ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ يازغان. ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ھەر قانداق ئۇيغۇر بالىسى ئوقۇپلا چۈشىنەلەيدۇ. ھازىر موشۇ كۈندىمۇ، «دىۋانى ھېكمەت» بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ تەۋەررۈك مۈلكى بولۇپ ساقلانماقتا.

ئەخمەت يەسسەۋي ئالەمدىن ئۆتۈپ، 230 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈل تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن ساھىپقىران ئەمىر تىمۇر شائىرغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن پۈتۈن چىقىمىنى غەزىنىدىن بېرىپ، ھازىرقى ئەخمەت يەسسەۋي مەقبەرىسى (ماۋزولېيىنى) ياساتقان. ماۋزولېيىنىڭ تۇنجا لايىھەسىنى ئەمىر تىمۇر ئۆزى سىزىپ بەرگەن. مەقبەرىنى ياساشقا پۈتۈن تۈركىستاننىڭ ئاتاقلىق ئۇستىلىرى بىلەن ناققاشلارنى جەلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن تۈركىي خەلىقلەرگە ئۇلۇغ بىر زىيارەتگاھنى تەغدىم قىلغان.

ئوتتۇرا ئازىيانى روسسىيا ئىمپېرىياسى بېسىۋالغان ئىككى ئەسىردىن بېرى بۇ ماۋزولېي رېمونت قىلىنماستىن، مەقبەرە كومپلېكسى بۇزۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. كېيىنى ژىللاردا تۈركىيا ھۆكۈمىتى 15 مىللىون دوللار چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەققاش ئۇستىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ مەقبەرىنى رېستاۋراسىيا قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، يۇنېسكونىڭ ھامىيلىغىدا تۈركىستان شەھرى قۇرۇلغانلىغىنىڭ 1500 ژىللىق تويىنى ئۆتكۈزۈش مۈمكىن بولدى. ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

قاراخانىيلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان پەن-مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يۈزلەپ سانىلىدۇ. بىز مىسال تېرىقىسىدە شۇلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندۇق.

## قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەجەرىسى

| № | ئىسمى | ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 | كۆل بىلگە قىدىرخان | 850-880 |
| 2 | بازىرخان | 880-890 |
| 3 | ئوغۇلچاق | 890-933 |
| 4 | سۇتۇق بۇغراخان | 933-956 |
| 5 | مۇسا بۇغراخان | 956-958 |
| 6 | سۇلايمان ئارسلانخان | 958-970 |
| 7 | ئەلى ئارسلانخان | 970-998 |
| 8 | ئەخمەت توغانخان I | 998-1018 |
| 9 | مەنسۇر ئارسلانخان | 1018-1024 |
| 10 | ئەخمەت توغانخان II | 1024-1025 |
| 11 | يۈسۈپ قادىرخان | 1026-1032 |
| 12 | سۇلايمانخان ئارسلانخان | 1032-1043 |

## شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى

| № | ئىسمى | ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 | سۇلايمان ئارسلانخان | 1043-1056 |
| 2 | مۇھەممەت بۇغراخان | 1056-1057 |
| 3 | ئىبراھىمخان | 1057-1057 (ئىككى ئاي) |
| 4 | مۇھەممەتخان (توغرۇل قاراخان) | 1057-1074 |
| 5 | ئۆمەرخان (توغرۇل تېكىن) | 1074-1074 |
| 6 | ھارۇن بۇغراخان II (ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان) | 1074-1103 |
| 7 | ئەخمەتخان | 1103-1129 |
| 8 | ئىبراھىمخان II | 1129-1159 |
| 9 | مۇھەممەتخان II | 1159-1205 |
| 10 | يۈسۈپخان | 1205-1205 |
| 11 | مۇھەممەتخان III | 1205-1210 |

## غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى:

| № | ئىسمى | ۋاقتى |
|---|---|---|
| 1 | مۇھەممەت ئىبنى ناسىر | 1043-1052 |
| 2 | ئىبراھىم ئىبنى ناسىر (بۇغرا تېكىن) | 1052-1068 |
| 3 | شەمسۇلمۇلۇك | 1068-1080 |
| 4 | خىزىرخان | 1080-1081 |
| 5 | ئەخمەتخان I | 1081-1089 |
| 6 | ياقۇپخان | 1089-1095 |
| 7 | مەسئۇتخان I | 1095-1097 |
| 8 | سۇلايمانخان | 1097-1097 |
| 9 | ماخمۇتخان I | 1097-1099 |
| 10 | جەبرەئىلخان | 1099-1102 |
| 11 | مۇھەممەت ئارسلانخان (مۇھەممەتخان II) | 1102-1132 |
| 12 | ئىبراھىمخان II | 1132-1132 |
| 13 | ماخمۇتخان II | 1132-1141 |
| 14 | ئىبراھىمخان III | 1141-1156 |
| 15 | ئەلىخان | 1156-1160 |
| 16 | مەسئۇتخان II | 1160-1178 |
| 17 | ئىبراھىمخان IV | 1178-1204 |
| 18 | ئوسمان بۇغراخان | 1204-1212 |

www.uyghurkitap.com

## تەجرىبە-ساۋاقلار

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

ژۇقۇرىدا قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى كۆرۈپ چىقتۇق. بۇ تارىختىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار مونۇلار:


1. دۆلەتنىڭ ھۇلى-مىللەت، يەنى ئاۋام خەلىق. دۆلەتنى تەشكىل قىلغان مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىغى ۋە مەنىۋىي ساپاسى (ئاڭلىقلىغى، ۋەتەنپەرۋەرلىگى ۋ.ب.) شۇ دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياغمالار بىلەن قارلۇقلار ئىتتىپاق بولىۋېدى دۆلەت گۈللەندى، روناق تاپتى، مىللەت ئەركىن ۋە بەختىيار ياشىدى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ۋەكىللىرى (سۇلتان مۇھەممەتخانىنىڭ ئىككى قەبىلىدىن بولغان ئىككى ئايالى) ئۆز ئارا دۈشمەن بولىۋېدى، قانلىق پاجە كېلىپ چىقتى، سۆلەت ۋەيران بولدى، مىللەت سەرسان بولدى. دېمەك، دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىغى ۋە ئاڭلىقلىغى بولۇشى كېرەك.

2. دۆلەتنىڭ بىر مەركەزدىن باشقۇرۇلۇشى ۋە تېررىتورىياسىنىڭ پۈتۈنلۈگى شۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قاراخانىيلار دۆلىتى بىر مەركەزدىن باشقۇرۇلۇپ، تېررىتورىياسى پۈتۈن بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، بۇ دۆلەت گۈللەندى ۋە قۇدرەت تاپتى. مەملىكەت شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ كېتىۋېدى، دۆلەت ئاخىرى ۋەيران بولدى. دېمەك، دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سەياسىي جەھەتتىن بۆلۈنۈپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.

3. تېگى يات خەلىقلەرنىڭ دۆلەت تەۋەسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋېلىشىغا، ئاستىرتىن كۈچ توپلاپ، ئۆزىگە قارشى چىقىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. شىمالىي ئىلىك خان تېگى يات بولغان قاراقىتانلارنىڭ ئۆز تېررىتورىياسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىشىغا، ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىغا، ئاخىرىدا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلىك خانلىقىنىڭ مەركىزى بالاساغۇن شەھىرىنى تارتىۋېلىشىغا يول قويۇپ، چوڭ خاتا قىلغان. بۇنىڭ ئاقىۋىتى پۈتۈن قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى.

4. دۆلەتنىڭ تۈرۈكى-پادىشا. دانا، ئادىل، خەلىقپەرۋەر پادىشا-مىللەتنىڭ بەختى. ئەقىلسىز، زالىم، شەخسىيەتچى پادىشا-ئۇ مىللەتنىڭ شورى! ئادىل، دانا سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى باشقۇرغان زاماندا، دۆلەت گۈللىدى ۋە قۇدرەت تاپتى. ئەقىلسىز، شەخسىيەتچى ماخمۇتخان II شەرقىي تۈركىستاننى، ئوسمان بۇغراخان غەربىي تۈركىستاننى باشقۇرغان زاماندا، دۆلەت مۇنقەرىز بولۇپ، مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلدى. مىللەتنىڭ بەختسىز كۈنلىرى باشلاندى.

5. باي ئىختىسات، گۈللەنگەن مەدەنىيەت، قۇدرەتلىك دۆلەت مۇداپىيەسى ۋە توغرا تاشقى سەياسەت شۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ كاپالىتى. دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلار موشۇ 4 ئاساسنى چىڭ تۇتالىسا، ئۇنىڭ دۆلىتى گۈللىنىدۇ، روناق تاپىدۇ. ئەگەر موشۇ ئاساسنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭ دۆلىتى ھالاك بولىدۇ. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخى بىزگە موشۇ ساۋاقلارنى بېرىدۇ. كېلەچەكتىكى ئەۋلاتلار بۇ ساۋاقلارنى ئۇنتىماسلىغى، ھەر قاچان ئەستە تۇتۇپ، ئۆز ئىشىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى لازىم.





**قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى (ئۆمەر ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 180-بەت).**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 12- باپ

## موڭغۇل- ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى



موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بايرىقى



موڭغۇل- ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ ھەربىي بايرىقى




**بارچۇق ئارتتېكىن**



**چىنگىزخان**

XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزىي ئازىيادا يېڭى دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ موڭغۇللارنىڭ تۇنجا مىللىي دۆلىتى بولۇپ، ئۇنى يەسۇگەي باتۇرنىڭ ئوغلى تېمۇرچىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. تېمۇرچىن 1206-ژىلى ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكالىدى. قۇرۇلتاي تېمۇرچىننى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تۇنجا خانى قىلىپ سايلىدى ھەم ئۇنىڭغا **چىڭگىزخان** (دېڭىزلارنىڭ پادىشاسى) دەپ نام بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ كىتاپلىرىدا بۇ دۆلەت «موڭغۇل دۆلىتى» دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ئارىدىن 5 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 1211-ژىلى يازدا قورلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېڭى ئوردىدا موڭغۇل دۆلىتىنىڭ خانى چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىننىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. موشۇ ئۇچرىشىشتا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھەربىي-سەياسىي ئىتتىپاق تۈزۈلدى. يەنە بۇ ئىككى دۆلەت قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن دۆلەتكە ئايلاندى. كېلىشىم بويىچە، ھەر بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، پەقەت ئومۇمىي ئىشلاردا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتى. بۇ ھازىرقى زاماندىكى فېدېراسىيا تۈزۈمىگە ئوخشاتتى. بۇ فېدېراسىيادە چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇق خانلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى. بارچۇق ئارتتېكىن بولسا، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ بىرىسى دەپ تونۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىرلەشمە ئاستا-ئاستا كېڭىيىپ، ئىمپېرىياگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمەلىياتتا بولسا، بۇ بۇ بىرلەشمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈلۈش سالمىغى موڭغۇللارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. مەسىلەن: چىڭگىزخان 1220-ژىلى ئوتتۇرا ئازىياگە ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىغاندا 210000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەلگەن. موشۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە موڭغۇل تىللىق ئەسكەرلەر 60000 ئۆپ-چۆرىسىدە بولۇپ، قالغان 150000 ئاساسەن ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەردىن ئىدى. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان سەردار-سەركەردىلەرنىڭ كۆپلىگى، ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر چىڭگىزخان شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىختىسادىي كۈچى، ھەربىي كۈچى ۋە ئادەم كۈچىگە تايانمىغىنى بولسا، ئۆزىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللىرىغا ۋە 60000 ئەسكىرىگە تايىنىپ، قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مۇنچىلىك كۆپ ئەللەرنى بېسىۋېلىپ، بۈيۈك ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئىمپېرىيانىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ مۇتلاق كۆپچىلىگى، چەت ئەللەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان دىپلوماتىيا كورپۇسى پۈتۈنلەي دېگىدەك ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئىمپېرىيادە ھەربىي-سەياسىي ھوقۇق ئاساسەن موڭغۇللارنىڭ قولىدا، دىپلوماتىيا ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلار ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازمۇ ئەمەس، ئۈچ ئەسىرلىك تارىخى ۋە تەغدىرى موشۇ ئىمپېرىياگە باغلىق بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخىنى يازغان ۋاقتىمىزدا بۇ بىرلەشمە ئىمپېرىيا توغرىلىق سۆز قىلماي ئۆتۈپ كېتەلەيمىز.

(ژۇقۇرىدىكى موشۇ فاكتلارغا ئاساسلىنىپ، مەن بۇ ئىمپېرىيانى **«موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى»** دەپ ئاتىدىم. بىراق، مەن بۇ كۆز قاراشلىرىمنى تارىخ ئىلمىغا زورلاپ تېڭىۋاتقىنىم يوق. ئۆزەممىڭ كۆز قارىشىمنى بايان قىلدىم ھەم كېلەچەكتىكى تارىخچىلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن بىر يېڭى ماۋزۇ ئېچىپ بەردىم، خالاس. ئەگەر مېنىڭ بۇ قارىشىم دۇرۇس بولغان بولسا، كېلەچەكتىكى تارىخچىلىرىمىز قوبۇل قىلار، خاتا ئېيتىلغان بولسا، ئۇنى تۈزىتەر!).

## §1. موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار

مىلادىنىڭ XII ئەسىرگىچە ھازىرقى موڭغۇلىيادىكى قورۇن، ئونون دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر ياشاتتى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلىتى يوق ئىدى. دېمەك، بۇ دەۋردە موڭغۇللار پاترىئارخاللىق مۇناسىۋەتنى ساقلىغان ھالدا قۇللۇق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى، فېئودالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۆمۈر سۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ زاماندا كۈچلۈك قەبىلىلەر ئاجىز قەبىلىلەرنى بوزەك قىلىپ، چارۋا-ماللىرىنى ھايداپ كېتەتتى، ئادەملىرىنى تۇتۇۋېلىپ قول ئورنىدا ئىشلىتەتتى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭ سىرتىدا، بايقال كۆلى بويىدا ياشايدىغان تاتارلار، توغلا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان نايمانلار مەركىتلەرنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇ زاماندا ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بولسا، ئاللىقاچان بىرلەشكەن مىللىي دۆلەتنى قۇرۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خاتىرجەم شەھەرلەشكەن مەدەنىي ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى. موشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە چېچىلىپ كەتكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ مىللىي دۆلەت قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھىس قىلدۇردى. دېمەك، شۇ زاماندا موڭغۇللارنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنىيەسۇگەي باتۇرنىڭ ئوغلى تىمۇرچىن ئورۇنلاپ چىقتى.

1153-يىلى ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان موڭغۇللارنىڭ تەيجىغۇت قەبىلىسىنىڭ قىيات بۆرە ئۇرۇغىنىڭ باشلىقى يەسۇگەي باتۇرنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا **تىمۇرچىن** (تۆمۈرچى) دەپ ئات قويدى. تىمۇرچىن كىچىك چېغىدىلا ناھايىتى ئەقىللىك، جۈرئەتلىك قابىل بالا بولۇپ ئۆستى. ئۇ 9 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى يەسۇگەي باتۇر دۈشمەن قەبىلىلەر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، تىمۇرچىن يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇ ياش تۇرۇپلا ئاتىسىغا دۈشمەن بولغان قەبىلىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ۋە خورلىشىغا ئۇچراپ، ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ چوڭ بولدى. بۇ سەرگۈزەشتىلەر ياش تىمۇرچىندا قەتئىي نىيەتلىك، قەيسەر ئىرادىلىك، كۈرەشچان روھنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. تىمۇرچىن چوڭ بولغانسىرى تېرىقتەك چېچىلىپ يۈرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزلەشكەن موڭغۇل دۆلىتىنى تەشكىل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندى ۋە بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا بەل باغلىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ناھايىتى ئېغىر كۈرەشلەر ئارقىلىق، چېچىلىپ كەتكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئاستا-ئاستا بىرىكتۈرۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ بەش يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، بارلىق قەبىلىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىدى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالدى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن 1206-يىلىنىڭ يازىدا، ئۇنىڭ دەرياسىنىڭ بويىدا 500 كىشى سىغىدىغان ناھايىتى چوڭ چېدىر تىكتۈرۈپ، موڭغۇل دۆلىتى تەركىۋىگە كىرگەن بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ، چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى (ئۇ دۆلەتنى تەسىس قىلىشتەك مۇھىم ئىشنى قۇرۇلتاي ئېچىش ئارقىلىق دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىدىغان ئەنئەنىنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن ئىدى). ئەشۇ قۇرۇلتايدا موڭغۇل دۆلىتى رەسمىي قۇرۇلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچى ئاقساقاللار تىمۇرچىننى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ خانى قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا «چىڭگىزخان» يەنى «دېڭىزلارنىڭ پادىشاسى» دەپ ئۇنۋان بەردى. شۇ قۇرۇلتايدا يەنە «ياساق» دەپ ئاتالغان قانۇنلار كومپلېكسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ قانۇن بويىچە: بارلىق موڭغۇللار، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ پۇخرالىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئات مىنەلەيدىغان، ئوق-يا ئاتالايدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەسكەر بولغۇچىلار ئۆزىنىڭ مىنىدىغان ئېتىنى، جەڭدە ئىشلىتىدىغان ئوق-يا، قىلىچ، نەيزە، قالقان ۋە باشقا جابدۇقلىرىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ، خان چاقىرغان ۋاقىتتا يېتىپ كېلىشلىرى لازىم ئىدى. چىنگىزخان موشۇ قانۇنغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتداشلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە 50000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلالىدى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ مىللىي دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تىمۇرچىن ئەقىللىق ۋە جۈرئەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ بارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى باشقا خەلقلەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئىمپېرىيا تەشكىل قىلىشنى، ئۆزى ئىمپېراتور-خاقان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. موشۇ ئارزۇسىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1206-يىلى ئېچىلغان قۇرۇلتايدا موڭغۇللارنىڭ چوڭ راھىبى: باش شامان كۆكچى سوتۇ:

«ئاسمان خۇداسى چىنگگىزخاننى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھاكىم بولۇشقا ئەۋەتتى!» دەپ بىلان قىلغان ئىدى. بىراق، چىنگگىزخاننىڭ ئارمىنى چوڭ بولغان بىلەن دەرمانى كىچىك ئىدى، يەنى بۇ زاماندا موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالى ئانچە مەز ئەمەس ئىدى.

بىرىنچىدىن، موڭغۇل قەبىلىلىرى تېخى ئەندىلا بىر دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشقان. ئۇلاردا دۆلەتنى تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تەجرىبىسىمۇ، ئىقتىدارىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقا خوشنىلىرىغا تەقلىت قىلىپ ئىش باشلاشقا توغرا كەلدى.

ئىككىنچىدىن، موڭغۇللارنىڭ نوپۇس سانى ئاز بولۇپ، تەخمىنەن يېرىم مىللىونغىمۇ يەتمەتتى. چىڭگىزخان دەسلەپ ئارمىيا تەشكىل قىلغاندا، ئاران 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ژىغالىدى. ھەر بىر موڭغۇل ئائىلىسىدىن ئات مىنەلەيدىغان، ئوق-يا ئاتالايدىغان ئەرلەرنى ژىققاندىمۇ ئاران 70-60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلغىلى بولاتتى. مۇنچىلىك ئاز كۈچ بىلەن خوشنا ئەللەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ چوڭ ئىمپېرىيا قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچىدىن، موڭغۇللار ساۋاتسىز مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەل باشقۇرغىدەك ئىقتىدارلىق، ئوقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرى يوق ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئەسكەرىي كۈچى بىلەن نوشنا ئەللەرنى بېسىۋالغان تەغدىردىمۇ، ئۇلارنى باشقۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موشۇنداق ئەھۋالدا، چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىنىڭ موڭغۇلىرىغا تايىنىپ، خوشنا ئەللەرنى بېسىۋېلىش، بۈيۈك ئىمپېرىيا قۇرۇش ئارزۇسى خام-خىيال بولۇپ قالاتتى. بۇنى ياخشى چۈشەنگەن چىنگگىزخان ژۇقارقى ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ھەم كۈچلۈك، ھەم سادىق بىر ئىتتىپاقچى تېپىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ دەۋىردە موڭغۇللارغا خوشنا خەلقلەرنىڭ ئىچىدە: شىمالدىكى قىتانلار بىلەن قىرغىزلار موڭغۇللارغا دۈشمەن ئەللەر ھېساپلىناتتى. جەنۇپتىكى خىتاينى ئىدارە قىلىۋاتقان جورجانلار بولسا، ئۆزى كۈچلۈك دۆلەت بولغاچقا، چىنگگىزخاننى كۆزگە ئىلماتتى. موشۇنداق ئەھۋالدا غەرىپتىكى خوشنىسى ئۇيغۇرلارغا چىنگگىزخاننىڭ كۆزى چۈشتى:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلانىڭ ئاھالى سانى نوپۇسى كۆپ (10 مىللىوندىن ئوشۇق بولۇپ، موڭغۇللاردىن 20 ھەسسە كۆپ ئىدى)، ئىگەللىگەن تېررىتورىياسى كەڭ ئىدى (شىمال تەرەپتە بايقال كۆلىدىن ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبىي تەرەپتە چىلەنشەن تېغىدىن ئالتۇن تاغ تىزىملىرى ئارقىلىق كونلۇن تېغىغىچە سوزۇلاتتى).

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ ئولتىراق ھايات كەچۈرۈۋاتقان مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى كۆپ بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق ئۇرۇش-جېدەل بولمىغان، ئۆز ئارا ئاداۋىتى يوق خەلقلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەمىمىي ئىتتىپاقداش بولاتتى.

ئەقىللىك چىنگگىزخان موشۇلارنى ئويلاپ، ئۇيغۇرلانىڭ موشۇ ئارتۇقچىلىغى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تولتارغىلى بولىدۇ دەپ ھېساپلىدى. قىسقىسى، چىنگگىزخان ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيا قۇرۇش مەخسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشتىن باشقا يولنىڭ يوقلىغىنى ئوبدان چۈشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

شۇ زاماندا شەرقىي ازىيادە يېڭىدىن باش كۆتىرىۋاتقان موڭغۇل خانى چىنگگىزخاننىڭ داڭقى-شۆھرىتى، خۇددى قاناتلىق قۇشتەك ئۇچۇپ، خوشنا ئەللەرگە، شۇ قاتاردا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ، قىتانلارغا بېقىندا بولۇپ قالغىنىغا 84 ژىل بولغان ئىدى. ئىدىقۇت خانى بارچۇق بۇ بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەۋاتاتتى. بارچۇق ئارتېكىن ۋەزىيەتتىكى موشۇ ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ، يېڭىدىن باش كۆتىرىپ كۈچىيىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغاندىلا، قىتانلارغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇش مۇكىن دەپ ئويلىدى. موشۇ مەخسەتتە مىلادىنىڭ 1210-ژىلى ئۆزىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولات قايانىڭ باشچىلىغىدا ئۈچ كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىگىنى تەشكىللەپ، قورلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى- چىنگگىزخاننىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەر بارچۇق ئارتېكىننىڭ چىنگگىزخانغا يازغان مەكتۇبىنى ھەم قىممەتلىك سوغىلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا يېتىپ باردى ۋە چىنگگىزخانغا تاپشۇردى. بارچۇق ئارتېكىن ئۆز مەكتۇبىدە چىنگگىزخان باشچىلىغىدىكى موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دوستانە مۇناسىۋەت تۈزۈشنى خالايدىغانلىغىنى، قىتانلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنىڭ بەلگۈسى سۈپىتىدە قىتان نازارەتچىسى شاۋكىمنى ئۆلتۈرگەنلىگىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئىش نەق چىنگگىزخاننىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىنگگىزخان باۋرچۇق ئارتېكىننىڭ ئەلچىلىرىنى ژۇقۇرى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. چىنگگىزخان سۆھبەت ئۈستىدە ئۆزىنىڭمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئارزۇسى بارلىغىنى يوشۇرمىدى. ئەندىكى نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلار پادىشاسى باۋرچۇق ئارتېكىننى ئوردىغا كېلىپ ئۆزى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. موشۇ تەكلىپكە بىنائەن مىلادىنىڭ 1211-ژىلى باۋرچۇق ئارتېكىن ئىلىقايا قاتارلىق سانغۇن-بەگلەرنىڭ ھەمرالىغىدا نۇرغۇن

سوغا-سالاملارنى ئېلىپ، قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى خان ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلدى.

چىڭگىزخان كۆردىكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى باۋرچۇق ئارتتېكىن 40 ياشلاردىكى ياش كىشى ئىكەن. چىڭگىزخان ئۇيغۇر خانى بىلەن بولغان سەياسىي ئىتتىپاقداشلىقنى تېخىمۇ چىڭىتىش مەخسىتىدە، ئۇنى «بەشىنچى ئوغلۇم» دەپ ئاتاپ، سۆيۈملۈك قىزى ئالتۇنبېكەنى ياتلىق قىلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى (بىراق شاھانە تويغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ئالتۇنبېكە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىكتىن، بۇ مەخسەت ئەمەلگە ئاشماي قالغان). **باۋرچۇق ئارتېكىن بىلەن چىڭگىزخان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يېقىنچىلىق ئەمەلىياتتا يېڭىدىن كۆچىيىۋاتقان موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمدىن ئىبارەت ئىدى** (ئىككى ئوتتۇرىدا رەسمىي شەرتنامە تۈزۈلگەن ياكى تۈزۈلمىگەنلىكى توغرىلىق قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق). بىراق، ئەمەلىياتتا بۇ كېلىشىم تولۇق ئورۇنلاندى. ناۋرچۇق ئارتېكىن ئۆزىنىڭ دۆلەت تېررىتورىيىسى بىلەن بۇ يېڭى ئىتتىپاق تەركىبىگە كىردى ھەم كېيىنكى ژىللاردا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە كۆپلىگەن ھەربىي ژۈرۈشلەرگە قاتناشتى. مەسىلەن، مىلادىنىڭ 1218-ژىلى كۈچلۈك بىدشچىلىغىدىكى نايمان خانلىقىغا قارشى ھەربىي ژۈرۈشكە، 1219-1225 ژىللاردىكى ئوتتۇرا ئازىياگە بولغان ھەربىي ژۈرۈشكە، 1227-ژىلى تاڭغۇت خانلىقىغا قارشى ھەربىي ژۈرۈشكە قاتناشتى. موشۇ ژۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە بارچۇق ئارتېكىن چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىياسىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق قولباشچىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل دۆلىتى بىلەن بارچۇق ئارتېكىن باشچىلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقى بارلىق ژۈرۈشلەرنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تەمىنلىدى، يېڭى ئىمپېرىيانىڭ ئاساسىنى سالدى. بۇنى كۆرگەن چىڭگىزخان، ئەگەر بۇ ئىمپېرىياگە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلىدىغان بولسا، ئىمپېرىيانىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ، بولغۇسى ھەربىي ژۈرۈشلەر تېخىمۇ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

مەلۇمكى، تارىم ۋادىسىدا 1136-ژىلى قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شەرقتىن كەلگەن قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىغان ئىدى. 1211-ژىلىغا كەلگەندە نايمان خانى كۈچلۈك تارىم ۋادىسىنى قىتانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. كۈچلۈك خان ناھايىتى زالىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ئىشلىرىدا پاراسەتسىز خان ئىدى. ئۇ تارىمۋادىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىگە ھەددى-ھېسابسىز سېلىقلارنى سېلىپ، زۇلۇمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1215-ژىلى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، بۇرۇنقى شامان دىنىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار كۈچلۈكخاننىڭ بۇ يولسىز تەلىۋىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەمرىنى ئۆتكۈزەلمىگەن كۈچلۈك خان بارلىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنى خوتەن شەھىرىگە ژىغىلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، 1216-ژىلى يازدا 3 مىڭدەك ئۆلىمالار خوتەن شەھىرىگە جەم بولۇشتى. كۈچلۈك خان ئۆزى نەق مەيدانغا كېلىپ، ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچۈرمەكچى بولدى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئۆلىماسى ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنىي مەيدانغا چىقىپ، ئىسلام تەلىماتىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، مۇنازىرە مەيدانىدا كۈچلۈك خاننى مات قىلىپ قويدى ھەم ئۇنىڭ داپشاق ئۆزىگە تۈكۈرۈۋەتتى! بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان كۈچلۈك خان مەيداننى قورشاپ تۇرغان ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 3 ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنى نەق مەيداندا شېھىت قىلدۇردى. بۇ ۋەھشىيانە پاجە پۈتۈن ئۇيغۇرستان ئاھالىسىنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ، ئاياققا تىك تۇرغۇزدى. ھەممە ژۇتلاردا كۈچلۈككە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى باشلاندى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىزخان، كۈچلۈك خاننى يوقىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە ياردەم بېرىش، شۇ ئارقىلىق قەشقەرىيە ئۆلكىسىنىمۇ ئىمپېرىيا تەركىبىگە قوشۇۋېلىش مەخسىتىدە 1218-ژىلى جەبە نويۇننىڭ قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل ئاتلىق قوشۇننى تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتتى. باۋرچۇق ئارتېكىننىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ قەشقەرىيەنى ئازات قىلىدىغان موشۇ ھەربىي ژۈرۈشكە قاتناشتى. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، ئامالسىز قالغان كۈچلۈك خان ئىسسىقكۆل بويىغا قاراپ قاچتى. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، يەنە قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. قەيەرگىلا بارسا ئارقىسىدىن موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن، ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇر-كالتەك قىلىشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ غەربىي-جەنۇبىدىكى سېرىققول دېگەن يەرگە قېچىپ باردى. شۇ يەردە قوغلاپ كەلگەن موڭغۇل ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، كاللىسى ئېلىنىدى. شۇنداق قىلىپ، 1218-ژىلى نايمانلارنىڭ ئۇيغۇرستاندا 7 ژىل داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى، ئۇيغۇر خەلقى زۇلۇمدىن ئازات قىلىندى. تارىم ۋادىسىمۇ موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىياسى تېخىمۇ كەڭەيدى، ھەربىي-ئىختىسادىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئۆلغايدى. ئىمپېرىياگە يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان ئۇيغۇر



www.uyghurkitap.com

يۇرتلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بابداغان دوغلاتنى گېنېرال-گۇبېرناتور (باش ۋالى) قىلىپ ئەۋەتتى. بابداغان ئۆزىنىڭ قەبىلداشلىرىنى باشلاپ تارىم ۋادىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ھەر قايسى يۇرتلارغا يېڭى ھاكىملارنى قويدى (ئەمەلىياتتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئۆز بەگلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلاتتى. موڭغۇل نازارەتچىلىرى بولسا، ئەيشى-ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، خالاس).
تارىخچىلارنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، چىڭگىزخان بابداغان دوغلاتنى تارىم ۋادىسىغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇلغان خەلق دەپ قارىماستىن، ئىتتىپاقداش خەلق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلىشنى قاتتىق جېكىلىگەن ئىكەن. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى تەجرىبىسىدىن، ئىلىمدىن، ئىختىسادىي بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تاپشۇرغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دوغلاتىيلار گەرچە بۇ ئەلگە ھاكىم سۈپىتىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن چىقىشىپ ئىناق ياشىغان. زامانلار ئۆتكەنسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئاستا-ئاستا ئۇيغۇرلىشىپ، ئۇلارغا سىڭىپ كەتتى. دېمەك، چىڭگىزخان موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي-سەياسىي ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەخسىتىگە يەتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى. چىڭگىزخاننىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە قۇدرەت تېپىپ ئېۋرازىيا قۇرۇقلىقىدا مىسلىسىز زور ئىمپېرىيانى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلىگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سىرى مانا موشۇ. بۇ نۇقتىنى مېنىڭ تارىخ ۇستازىم خەمىت سەيدىي كۆپ تەكىتلىگەن ئىدى.

## §2. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

چىڭگىزخان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىيىسى تېخىمۇ كەڭەيدى، ئىختىسادى بېيىدى، ھەربىي كۈچى ئۇلغايدى. يەنى موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىيىسى تەشكىل قىلىندى.
موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ھۇنلارنىڭ ئارمىيىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. يەنى 10 ئەسكەرگە بىر ئونبېشى، 100 ئەسكەرگە بىر يۈزبېشى، 1000 ئەسكەرگە بىر مىڭبېشى، 10000 ئەسكەرگە بىر تۈمەن بېشى مەسئۇل قىلىپ قويۇلاتتى. تۈمەن بېشىلارنىڭ ئۈستىدە ئادەتتە، چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ياكى نەۋرىلىرى، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان-بەگلىرى تۇراتتى (ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ يېنىدا تەجرىبىلىك سەردارلار بىلەن ئەقىللىك مەسلىھەتچىلەر بىللە بولاتتى). پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئۈستىدە باش قوماندان بولۇپ چىڭگىزخان ئۆزى تۇراتتى (ئۇنىڭ يېنىدا قىتانلاردىن يولىغ چۇسەي، ئۇيغۇرلاردىن تاتاتۇڭا، تۇراقايا، بولاتقايا ۋە زەپەرغوجا دېگەن ئەقىللىك مەسلىھەتچىلىرى بار ئىدى).
موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئىنتىزامى كۈچلۈك بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ژۇقۇرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بۇلجۇتماي ئورۇنلاتتى. ئەسكەرلەر بوش ۋاقىتلىرىدا، ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈپ، ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ھەر بىر ئونلۇقتىكى جەڭچىلەر ئۆز سەپداشلىرى دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا مەسئۇل بولاتتى. ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن قىممەت باھالىق ئولجىلار، غەزنىگە تاشۇرۇلاتتى ۋ.ب.
قىسقىسى، موڭغۇل-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئات مىنىشتە چەۋەنداز، ئوق-يا ئېتىشتا مەرگەن، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، جاپا-مەشەقەتلەرگە چىداملىق جەڭگىۋار قوشۇن ئىدى. چىڭگىزخان ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى 100000 ئاتلىق جەڭچىگە يەتكۈزدى، ئاندىن كېيىن ئىشەشلىك ھالدا خوشنا ئەللەرگە قارىتا ھەربىي ژۈرۈشلەرنى باشلىدى. ئۆز ئەتراپىدىكى پارچە خانلىقلارنى بىرلەپ-بىرلەپ بېسىۋېلىپ، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياگە ئۆلپان (سېلىق) تۆلەپ تۇرىدىغان بېقىندا خانلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.
چىڭگىزخان شەرقتىكى رەقىپلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شىمالدىكى ھەر خىل تەيىپىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش مەخسىتىدە، چوڭ ئوغلى جۇجىنىڭ قوماندانلىقىدا شىمالغا قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ ئاساسەن موڭغۇل تىللىق ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى بۇراياتلارنى، يېنىسېي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلارنى، ئالتاي تېغى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى يېڭىپ، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىگە بېقىندا خانلىقلارغا ئايلاندۇردى. ئاندىن كېيىن خىتاينىڭ غەربىي-شىمالىدا باش كۆتەرگەن تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىمپېرىيا تەركىۋىگە قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، XIII ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە چىڭگىزخان جەنۇپتىكى خوشنىسى خىتاي ئېلىدىن باشقا خوشنا ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، كۈچلۈك موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلدى. موشۇ غەلىبىلەردىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ

ھەممىسنى ئۆزىگە قارىتىپ، تېخىمۇ بۈيۈك ئىمپېرىيانى تەشكىل قىلىشتەك سەياسىي مەخسەتنى ئالدىغا قويىدى. چىڭگىزخان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ جەنۇبىي خوشنىسى خىتاي ئېلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولدى.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوماندانلىغىدىكى بىرلەشمە قوشۇن 1213-ژىلى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، جورجان ۋە خىتايلاردىن تەركىب تاپقان 300000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلدى. جورجان پادىشاسى سۈەن يۇنچى ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى يوق قىلىندى. ئۆلگەن دادىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن تەختكە چىققان سۈەن جۇڭ، چىڭگىزخانغا تەسلىم بولۇپ، ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئالتۇن-كۈمۈچ، 300 ياراغلىق ئات ۋە باشقا سوغاتلارنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېقىندا خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنى 1215-ژىلى جورجانلار باشقۇرۋاتقان خىتاي تېررىتورىيىسىگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، جورجانلارنىڭ جىن دۆلىتىنى ئۆرۈل-كېسىل يوقاتتى، خىتاي مەملىكىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. چىڭگىزخان شۇندىن كېيىن كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر بولغان، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى زەپەرغوجىنى يۈنكول خىتاينى ئىدارە قىلىدىغان باش ۋالى (گېنېرال گۇبېرناتور) قىلىپ تەيىنلەپ، 30000 ئەسكەر بىلەن بېجىندا قالدۇردى.



زەپەرغوجا

يەنە بىر يېقىن ئادىمى مۇخالىغا يېتەرلىك ئەسكەر بېرىپ، خىتاي ئېلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تولۇق بويسۇندۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئازىيا قۇرۇقلۇغىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدىن قاراقۇرۇم تېغىغا قەدەر بولغان قىسمى بىرلەشمە ئىمپېرىيانىڭ تەركىۋىگە كىرىپ بولدى.

ئىمپېراتور چىڭگىزخان ئازىيانىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئازىيانىڭ غەربىي قىسمىغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئۇ زاماندا ئوتتۇرا ئازىيانىڭ غەربىي قىسمىدا خەرەزم شاھلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان ھەم چوڭ، ھەم كۈچلۈك مۇسۇلمان دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى غەربىي تۈركىستان، خۇراسان ۋە ئاۋغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلغان باي دۆلەت ئىكەنلىگىنى ئاڭلىغان چىڭگىزخان ئۇنى بېسىۋېلىپ، ھەددى-ھېساپسىز بايلىقلارغا ئىگە بولۇشنى ئارمان قىلاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ژۈرۈشكە تەييار ئەمەس ئىدى. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بىر ۋاقە بۇ جەرىياننى تېزلەشتۈرۈۋەتتى. ۋاقە مۇنداق بولغان ئىدى. چىڭگىزخان 1218-ژىلى ئوتتۇرا ئازىياگە ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن خىتايدىن ئولجا قىلىپ ئالغان قىممەتلىك ماللارنى 500 تۆگىگە ئارتىپ، چوڭ سودا كارۋىنىنى يولغا سالدۇ. كارۋان بۇ ماللارنى خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچ شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىشلىرى كېرەك ئىدى. كارۋاندا 450 نەپەر سودىگەر ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان چىڭگىزخاننىڭ دىپلوماتىك ئەلچىلىرى بار ئىدى. مەزكۇر كارۋان ئوترار شەھىرىگە كېلىپ، كارۋان سارايلىرىغا چۈشىدۇ. ئۆز شەھىرىگە مۇنچىلىك كۆپ بايلىقلارنىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئوترار شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىنالچىق قاھارخاننىڭ كۆزى قىزىرىپ، نىيىتى بۇزۇلىدۇ. بۇ ئەقىلسىز ھاكىم بايلىققا قىزىقىپ، يوقلا باننى تېپىپ، كارۋاندىكى سودىگەر ۋە ئەلچىلەر بولۇپ 500دەك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەممە بايلىقلارنى ئۆزىگە ئېلىۋالىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چىڭگىزخاننىڭ شۇنداق ئاچچىغى كېلىدۇكى، موشۇ ئاسىيلىغى ئۈچۈن خارەزم شاھلار دۆلىتىنى ۋەيران قىلىپ، ھاكىملىرىنى ئۆلتۈرۈۋۈشكە قەسەم قىلىدۇ! ئۇ ھەربىي ژۈرۈش تەييارلىغىنى تېزلىتىپ، 1219-ژىلى 210000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەييارلاپ، ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، مەسلىھەتچىلىرىنى، ئاتاقلىق قوماندانلىرىنى ۋە تۆرت ئوغلىنى ئېلىپ، خارەزم شاھلار دۆلىتىگە قارشى جازا ژۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. موشۇ قوشۇنىنىڭ تەركىۋىدە باۋرچۇق ئارتېكىننىڭ 30000 كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى، ئالمالىق ھۆكۈمدارى سىغناق تېكىننىڭ 20000 كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. موشۇ قوشۇنىنىڭ تەركىۋىدە چىڭگىزخاننىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ژۇقۇرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلاردىن: تات توڭا، تورا قايا، بولات قايالار، قىتان شاھزادىسى يېلۈي چيۇتسەيلەر بار ئىدى. ئاتاقلىق سەركەردىلىرى سۇبۇتاي باتۇر بىلەن جەبە نويونلار بار ئىدى. شەرىق تەرەپتىن قارا بوراندەك بېسىپ كەلگەن موڭغۇل-ئۇيغۇر ئاتاقلىق ئەسكەرلىرى 1219-ژىلى سېنتيابىرنىڭ بېشىدا خارەزم شاھلار دۆلىتىگە ھەربىي

ھۇجۇمنى باشلىدى. ئالدى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ كارۋانچى ۋە ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى تارتىۋالغان ئوترار شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ھاكىمى ئىنالچىق قاھارخان مۇداپىە تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. بىر ئايلىق تىرىشىشتىن كېيىن ئوترار شەھىرى ئاخىر ئېلىندى. چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇغى بىلەن شەھەر ھاكىمى ئىنالچىق قاھارخان (بەزى ماتېرىيالاردا قايىرخان) ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تامامەن ئۆلتۈرۈلدى. ئىنالچىق قاھارخان ئۆز ئەيۋىنى بويىنىغا ئېلىپ، چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولۇپ، سېپىلنىڭ سىرتىغا چىققان ئىدى. بىراق، چىڭگىزخان ئۇنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلماي:

«سەن ئۆزەڭنىڭ خانىغا، خەلقىڭگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ماڭا تەسلىم بولۇۋاتىسەن. سېنىڭدىن ماڭا نىمە ۋاپا كېلىدۇ؟» دەپ، خادىملىرىغا: «بۇ پۇل دۇنياغا ئامراق ئىدى، پۇلغا تويدۇرۇپ قويۇڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. خادىملىرى قاھارخاننى باغلاپ ياتقۇزۇپ، كۈمۈچ پۇلنى ئېرىتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ ئۆلتۈردى!

شەھەردىكى بايلىقلار بۇلاۋېلىنىپ، موڭغۇلىياگە ئەۋەتىلدى. شەھەر ئاھالىسىدىن بىلىملىك زىيالىلار بىلەن ھۈنەرۋەنلەر ئەسىر ئېلىنىپ، قۇل ھېساۋىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن موڭغۇلىياگە ئەۋەتىلدى. قالغان ئاھالىنىڭ ھەممىسى ياش-قېرى دېمەي قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا ئادەمسىز قالغان شەھەرگە ئوت قويۇلدى. گۈللەپ تۇرغان شەھەرنىڭ ئورنىدا ئەسكى تاملار بىلەن كۈللا قالدى. خارەزم شاھلار دۆلىتى تەۋەسىدىكى باشقا شەھەرلەرمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوترار شەھىرىنىڭ تەغدىرىگە ئوخشاش تەغدىرگە دۇچار بولدى.

1220-ژىلى 16-فېۋرالدا ئوتتۇرا ئازىيانىڭ دىنىي مەركىزى ھېساپلانغان **بۇخاراى شەرىف** موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇخارالىقلار دۈشمەنگە ناھايىتى قارشىلىق كۆرسەتتى. شەھەرنى قوغدۇغۇچىلار قىرىلىپ تۈگىگەندىن كېيىنلا، ئاندىن موڭغۇل ئەسكەرلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرەلىدى، ئالىپخان قوماندانلىقىدىكى 1000دىن ئوشۇق جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ، قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ، ھەممىسى ھالاك بولۇشتى. ئىشغال قىلىنغان شەھەر رايونلىرى بۇلاڭماقتا ۋە كۆيدۈرۈلمەكتە ئىدى. ئىسلام رايونلىرى:

«بۇخارا مۇقەددەس جاي، بۇ جايغا كاپىرلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ!» دەپ ئويلاپ باسقۇنچىلارغا قارشى جەڭ قىلىشنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر جاماەگە كىرىۋېلىپ، ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋكەرلىرى ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، جاماەنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ قىردى ۋە مېھراپنىڭ ئالدىغىچە ئاتلىق باردى. موڭغۇل ئاتلىقلىرى چىڭگىزخاننىڭ بۇيرىغى بىلەن سەجدىدىن باش كۆتەرمىگەن موللىلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ جايدىلا قىلىچتىن ئۆتكۈزدى!

ئاندىن كېيىن 18-فېۋرال كۈنى چىڭگىزخان بۇخارانىڭ ئۆلمەي قالغان ئاھالىسىنى بىر مەيدانغا ژىغدۇرۇپ، ئۆزى ئېگىز سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ شۇنداق دېدى:

«ھەي، ئادەملەر! سىلەر ۋە سىلەرنىڭ پادىشالىرىڭلار تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇنا قىلىشتى. ئەگەر سىلەر گۇناكار بولمىغان بولساڭلار، تەڭرىم سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتمىگەن بولاتتى! بىزگە مۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىغان ئۆزەڭ كىمسەن؟ دەپ سورىساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن تەڭرىنىڭ ئوغلى-چىڭگىزخان بولىمەن»، دەپ ئېيتقان.

1220-ژىلى مايدا مەملىكەتنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى غەمەرقەنت موڭغۇل-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. بۇ شەھەردە خارەزمشاھ دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئالالىددىن مۇھەممەت شاھنىڭ ئانىسى تۇراتتى. موڭغۇللارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئالالىددىن مۇھەممەت شاھ مەملىكەتنى، تەختىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانىسىنى دۈشمەننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قۇرۇق جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. موڭغۇللار سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ شەھەرنىڭ ھەممە بايلىغىنى بۇلاۋېلىپ، موڭغۇلىياگە ئەۋەتتى. پادىشانىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇننى ئەسىرگە ئالدى، پادىشانىڭ ئاياللىرى بىلەن قىزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ژۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىگە «كېنىزەك» قىلىشىۋېلىشتى. چىڭگىزخاننىڭ بۇيرىغى بىلەن پادىشانىڭ ئوغۇللىرى ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئاھالى ئىچىدىكى ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئالىملار تاللاۋېلىنىپ، قۇل ھېساۋىدا موڭغۇلىياگە ئەۋەتىلدى. قالغان ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى (شۇچاغدا سەمەرقەنتتە 600 مىڭ ئاھالى ياشاتتى).

دۆلەتنىڭ سەياسىي مەركىزى ئۆرگەنچ شەھىرىدە جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولدى. شەھەرنى مۇداپىە قىلغۇچىلار 6 ئاي بويىي قارشىلىق كۆرسەتتى. 1221-ژىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىغا كەلگەندە، ئۇلار تامام ھالىدىن كەتكەندىن كېيىنلا موڭغۇللار شەھەرگە بېسىپ كىرەلىدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە شەھەر بۇلانغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈلۈپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئازىيادە 140 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن كۈچلۈك دۆلەت ھېساپلانغان خارەزم شاھلار دۆلىتى تامامەن يوقىتىلدى. قورقانچاق، نامەرت ئالالىددىن مۇھەممەت شاھ سېسىق جېنىنى قاچۇرۇپ، ئارال كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «بارسا كەلمەس» دېگەن بىر ئارالغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە موخۇ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يېرىم ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىرىدا 1220-ژىلى زۇلھەجە ئېيىنىڭ 22-كۈنى ئىشتىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۆلدى! ئۇ ئۆلگەندە كېپەنلەيدىغان رەختمۇ بولمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ لىباسى بىلەن كۆمۈلدى!

هۆرمەتلىك كىتاپخان!

خارەزم شاھلار دۆلىتى نېمە ئۈچۈن مۇنداق پاجىئەلىك تەغدىرگە گىرىپتار بولدى؟ بۇنىڭ سەۋەۋى:

«بىرىنچىدىن، خارەزم شاھى ئالالىددىن مۇھەممەت شاھ ئەقىلسىز پادىشا ئىدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمى باشلىنىش ھارپىسىدا يارلىق چىقىرىپ، ئۆز پۇخرالىرىنى 3 ژىللىق باج-سېلىقنى ئالدىن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. پۇخرالارنى زار قاخشىتىپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە نارازلىقىنى قوزغاپ قويىدى.



ئالالىددىن مۇھەممەت شاھ

ئىككىنچىدىن، شۇ زاماندا شاھنىڭ قول ئاستىدا 400 مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان، ياخشى قوراللانغان قوشۇنى بار ئىدى. موشۇ قوشۇن بىلەن ئەپلىك بىر ئورۇننى تاللاپ، كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بېرىشكە بولاتتى. دۈشمەن كۈچىنى بۆلۈپ تاشلاپ، قورشاۋېلىپ، بىر-بىرلەپ يوقىتىشقىمۇ بولاتتى. ھەربىي ئىلىمدىن خەۋىرى يوق شاھ ئۆز ئەسكەرلىرىنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە بۆلۈپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، مۇداپىئە كۆرۈشنى بۇيرىدى. بۇ خاتا تاكتىكىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بۆلۈنۈپ كەتتىدى، دۈشمەن تەرەپ بار كۈچىنى توپلاپ، بۇشەھەرلەرنى بىرلەپ-بىرلەپ ئېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىپ قويىدى.

ئۈچىنچىدىن، چىڭگىزخاندەك كۈچلۈك دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە دۈچ كېلىۋاتقان شارائىتتا، دىپلوماتىك پائالىيەتنى كۈچەيتىپ، ئۆزىگە ئىشەشلىك ئىتتىپاقچى تېپىشى كېرەك ئىدى. مۇھەممەت شۇڭا مۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئابباسلار خەلىپىلىگىنىڭ خەلىپىسى ناسىر بىلەن زىتلىشىپ، ئۇنى ئۆزىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى. شۇ سەۋەپتىن، خارەزم شاھلار دۆلىتىگە خوۋۇپ-خەتەر كەلگەن ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئۇنى ھىمايە قىلىشتىن باش تارتتى. مانا موشۇ ئەجەللىك خاتالىقلار تۈپەيلى، موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ بىرلا زەربىسى بىلەن خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ ھەيۋەتلىك بىناسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ شاھلىق سەلتەنىتى ئۆرۈلگەن بىنانىڭ ئاستىدا يەنچىلىپ، يوق قىلىندى. مانا بۇ ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئېگىلىرى ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك تارىخي ساۋاق!



تىمۇر مالىك



جالالىددىن

موڭغۇل باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەننى قورغاش جەڭلىرىدە ئاددىي جەڭچىلەر بىلەن پۇخرالار ئەجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى، تۈركىستان خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانلىرى، گۋاردىيا

www.uyghurkitap.com

قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تىمۇر مالىك بىلەن پادىشا مۇھەممەت شاھنىڭ چوڭ ئوغلى جالالىددىن مەڭگۈ بېردىلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى ئەرلىك شىجائەتلىرى تارىخ سەھىپىلىرىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ!

تىمۇر مالىك ۋەتەننى قوغداش كۈچلەرىنى ئېلىشتۇرمىسىدا مۇتلەق ئاجىز ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، باسقۇنچى موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرگەن. ئۆزىنىڭ پادىشاسىغا سادىق بولۇپ، ئۇنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن. مىسلىسىز ئۇلۇق مىللىي قەھرىمان شاھزادە جالالىددىن بولسا، ئۆزىگە سادىق جەڭگىۋار ئوترىتادى بىلەن ھەممىلا يەردە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. ئۇ مەملىكەتنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغىچە بولغان ھەممە يۇرتلىرىنى جەڭلەر بىلەن بېسىپ ئۆتكەن. چىنگىزخان بۇ ئەجايىپ قەھرىماننى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ، بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئاقسىدىن قوغلاپ ماڭغان. جالالىددىن ئۆزىنىڭ ئازغىنا كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن جەنۇبىغا قاراپ چېكىنگەن. ئاخىرىدا باشقا ئامال قالمىغانلىقتىن، ھىندىستانغا قاراپ چېكىنىپ، سىند دەرياسىنىڭ بويىغا بارغاندا موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان. دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ خور بولماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى سىند دەرياسىغا تاشلىغان. ئاندىن كېيىن 20 گەز ئېگىزلىكتىكى ياردىن داڭلىق تۈركمەن ئېتىنى سەكرىتىپ، سىند دەرياسىغا چۈشۈپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريادىن ئات ئۈزدۈرۈپ، ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتكەن. جالالىددىننىڭ تۈركمەن ئېتى ئۇلۇق دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەلىگەن بىلەن موڭغۇللارنىڭ قويۇق يايلىلىق پاكا ئاتلىرى ئۈزۈپ ئۆتەلمەتتى. ئۇ قىرغاقتا چىقىۋالغاندىن كېيىن دەريانىڭ نېرقى تەرىپىدە تىك يارنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرغان چىنگىزخانغا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قارىتىپ، قىلىچىنى سىلكىپ تۇرۇپ: «كۈچۈڭ يەتسە بۇ ياققا ئۆتمەمسەن»-دەپ ۋاقىرىغان. جالالىددىن خاننىڭ بۇ قەھرىمانلىقىغا قايىل بولغان چىنگىزخان يېنىدىكى ئوغۇللىرىغا قاراپ:

«ھەقىقىي قەھرىمان ئېكەن. ئوغۇل بالا مانا موشۇنداق بولۇشى كېرەك»، دەپ خىتاب قىلغان ۋە جالالىددىننى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ، ئەسكەرلىرىگە ئارقىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرگەن.

### §3. موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئېۋروپىغا بىرىنچى ھەربىي يۈرۈشلىرى

1220-يىلى چىنگىزخاننىڭ 210000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى ماۋەرەئۇننەھرنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا خارەزم دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئالالىددىن مۇھەممەت شاھ ئۆز مەملىكىتىنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىپ، قېچىپ كەتكەن ئېدى. چىنگىزخان بۇ قاچقۇن پادىشانى نەدە بولسا، شۇ يەردىن تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن سۇبۇتاي باتۇر بىلەن جەبە نويۇن قوماندانلىقىدىكى ئىككى تۈمەن ئەسكەرنى ئەۋەتكەن ئېدى. بۇ قوغلىغۇچى قوشۇن ئاساسەن موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئېدى. ئۇلار مۇھەممەتخاننى ئىزدەپ، ئاۋال خۇراسانغا باردى. ئۇ يەردىن شىمالىي ئىرانغا ئۆتتى. ئاندىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، كاۋكاز رايونىغا كىردى. ئۇ يەردىكى ئەرمەنلەر بىلەن گرۇزىنلارنى بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل ئىمپېرىياسىگە سىلىق تۆلەيدىغان بېقىندا ئەللەرگە ئايلاندۇردى. ئۇلار ئۇرۇشتا چىقىم بولغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىنى تولتۇرۇش ئۈچۈن ئەرمەنلەر بىلەن گرۇزىنلارنىڭ ياشلىرىدىن ئەسكەر ئالدى. قىسقا بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن روسسىيا چېگارىسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىردى. ئۇ زاماندا روسسىيا ئۇششاق كنيازلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن رۇس دۆلىتى مەۋجۇت ئەمەس ئېدى. شەرىقتىن كەلگەن موڭغۇللارنىڭ تەجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەن رۇس كنيازلىرى كىيېۋ شەھرىدە باش قوشۇپ، موڭغۇللارنىڭ تەجاۋۇزىغا تەقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشكەن ئارمىيا تەشكىل قىلىشتى. بۇ ئارمىياگە مستىسلاۋ گولىتسكىي باش قوماندان بولۇپ تەيىنلەندى. دنېپر بويىدا ياشايدىغان قىپچاقلارنىڭ خانى قوتانخانمۇ بۇ ھەربىي ئىتتىپاققا قاتناشتى. رۇس-قىپچاق بىرلەشمە قوشۇنى 1223-يىلى مايدا دنېپرغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئىتتىپاقچىلار قوشۇنىدا 80000 جەڭچى بولۇپ، موڭغۇل قوشۇنىدا بولسا، ئاران 20000 ئۆپ-چۆرىسىدە ئېدى. دەسلەپكى جەڭ باشلانغاندىن كېيىن موڭغۇللار تاكتىكا ئىشلىتىپ، يېڭىلگەن قىياپەتتە ئارقىغا چېكىندى. بۇ راست دەپ چېكىنىش دەپ ئويلاپ قالغان رۇس ئەسكەرلىرى، ئۆز پوزىتسىيالىرىدىن چىقىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. 31-ماي كۈنى كالكا دەرياسى ئازوۋ دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان تۈزلەڭگە يېتىپ كەلگەندە، موڭغۇل ئاتلىقلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، شۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدىكى، رۇس ئەسكەرلىرى قېچىپ كېتىشكىمۇ ئۈلگىرەلمەي، پۈتۈنلەي تار-مار قىلىندى. مستىسلاۋتىن باشقا رۇس كنيازلىرى ئەسىر ئېلىندى. ئۇلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى ئولجا ئېلىنغان قىممەتلىك بايلىقلارغا قوشۇپ، ئوتتۇرا ئازىيادە تۇرۇۋاتقان ئىمپېراتور چىنگىزخانغا ئەۋەتىلىپ بېرىلدى. چىنگىزخاننىڭ نەزەرىدە بۇ تېخى ئېۋروپىغا يۈرۈش قىلىش ئەمەس ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىنگىزخاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە سۇبۇتاي

بىلەن جەبە نويۇنلار ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ تالاس دەرياسى بويىدا ئوردا قۇرۇپ ئولتارغان چىنگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، XIII ئەسىرنىڭ I چارىكىدە موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ تېررىتورىياسى ئازىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي چېتىدىن، غەربىي چېتىگىچە بولغان ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى بارلىق جايلارنى، شەرقىي ئېۋروپىنىڭ دنېپر دەرياسىغىچە بولغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

چىنگىزخان 1220-يىلدىن 1225-يىلغىچە ئوتتۇرا ئازىيادە جەمئىي بەش يىل تۇردى. موشۇ بەش يىل ئىچىدە، ئۆزى ئىشغال قىلغان ۋىلايەتلەر بىلەن شەھەرلەرگە ئۇيغۇرلاردىن ھاكىملارنى قويىدى.

تارىخچى تۇراغان ئالماسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتاقاندا، «چىنگىزخان ئىشغال قىلغان خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە (ئاساسەن ماۋەرەۇننەھرىگە) ئۆز خەلقىگە خانلىق قىلىپ، موڭغۇللارغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان، سەمەرقەنتلىك سودىگەر ماھمۇت يالۋاچنى باش ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن».

بۇ ئەللەرنى توغرا باشقۇرۇش ئۈچۈن قانۇن-تۈزۈملەرنى بەكىتتى. باج-سېلىق ئېلىش ۋە مەركەزگە ئەۋەتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇل ئادەملەرنى قويىدى. ئاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1225-يىلى يازدا ئۆزى موڭغۇلىياگە قايتىش ئالدىدا، ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىدىن باشقا بارلىق تېررىتورىيانى چوڭ ئايالى بورتادىن تۇغۇلغان تۆرت ئوغلىغا تۆۋەندىكىچە تەخسىم قىلىپ بەردى:

شەرقىي ئېۋروپىدىكى دنېپر دەرياسىدىن ئازىيادىكى ئىرتىش دەرياسىغىچە بولغان يەرلەرنى (شەرقىي ئېۋروپا بىلەن دەشتى قىپچاق ئېلىنى) چوڭ ئوغلى جوجىخانغا بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن جوجىخانغا قاراشلىق ئەللەر «جوجى ئۇلۇسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ماۋەرەۇننەھىر، خۇراسان ۋە تارىم ۋادىسىنى (تۈركىستان دەپ ئاتالغان زېمىنلارنى) ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بەردى. چاغاتاي خانغا قاراشلىق ئەللەر بولسا «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ھازىرقى جۇڭغار دالاسى موڭغۇل يايلاقلىرى، شىمالدىكى بايكال كۆلى ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى ئۈچىنچى ئوغلى ئۈگدەيخانغا بەردى. مانجۇرىيا بىلەن خىتاي ئېلىنى قوشۇپ تۆرتىنچى ئوغلى تولۇيغا بەردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاسى باۋرچۇق ئارتتېكىننى «بەشىنچى ئوغلۇم» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئۆزىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇردى. ئىمپېراتور چىنگىزخان ئىمپېرىيا تېررىتورىياسىنى 5 ئوغلىغا ژۇقارقىدەك تەخسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئولتارغۇزۇپ قويۇپ:

«موشۇ 5 قېرىنداش بۇنىڭدىن ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولۇپ، قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە بىرلىشىپ ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى، ھېچ قاچان ئۆز ئارا ئۇرۇش-جېدەل قىلماسلىقىنى جېكىلەپ، ۋەسىيەت قىلدى.

تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇ يەنە ئوغۇللىرىغا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ قېلىشنى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن داۋاملىق پايدىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئېكەن (شۇنىڭ ئۈچۈن چىنگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇيغارلار بىلەن ئىجىل-ئىخناق ياشاشقا تىرىشقان. ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن).

شۇنىڭدىن كېيىن چىنگىزخان ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئانا ۋەتىنى موڭغۇلستانغا قايتىپ كەتتى. شۇ يىلنىڭ كۈز ۋە قىش ئايلىرىنى قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى پايتەختى قاراقورۇمدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن تىبەت ئېلى ئۈستىگە ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى، بىراق، سەپەر ئۈستىدە ئاتتىن ژىقىلىپ چۈشۈپ ئاغرىپ قالدى، سالامەتلىگى ياخشى بولماي، بىر مەزگىل ئاغرىغاندىن كېيىن، 1227-يىلى 18-ئاۋگۇست كۈنى 72 يېشىدا تىبەت زېمىنىدا ئالەمدىن ئۆتتى. چىنگىزخاننىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى مەخپىي تۇتتى، جاجانكى، ئۆز ئېلىغا ئەپكېلىپ يوشۇرۇن دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئاشكارە قىلدى.

چىنگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى پايتەختىدە قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈچىنچى ئوغلى ئۈگدەيخانى قاغان (ئىمپېراتور) قىلىپ كۆتەردى. چۈنكى، ئىمپېرىيانىڭ ئاساسىي ھۇلى بولغان موڭغۇلستان زېمىنى ئۈگدەيخاننىڭ ئىلكىدە ئېدى. ئۈگدەي ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن دادىسى باشلىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقتە كورېيانى، جەنۇپتا جورجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، خىتاي بىلەن كورېيانى بويسۇندۇردى ۋە ئىمپېرىيا تېررىتورىياسىغا قوشۇۋالدى. شىمالدىكى تاغقۇتلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇردى. ئۈگدەي قاغان شەرقتىكى ئەللەرنى تولۇق بېقىندۇرۇپ، ئۆز ئارا سېپىدىن خاتىرجام بولغاندىن كېيىن، ئېۋروپىغا قايتىدىن ژۈرۈش قىلىش مەخسىتىدە، 1235-يىلى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئېۋروپىغا ھەربىي ژۈرۈش قىلىش پىلانىنى تەستىقلەتتى. ئۇ تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلاپ، 150000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى. بۇ قوشۇنغا ئاكىسى جوزىخاننىڭ چوڭ ئوغلى باتىنى باش قوماندان قىلىپ، ئېۋروپىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. باتىنىڭ ياشلىقىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ (ئۇ ئەيندىلا 26 ياشقا كىرگەن ئېدى)، تەجرىبىلىك سەردار سۇبۇتاي باتۇرنى باش

مەسلىھەتچى قىلىپ قوشۇپ بەردى. باتى بىلەن سۈبۇتايلار قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى قارا بوراندەك، شىددەتلىك ھەربىي ھۇجۇم قىلىپ، 1236-يىلى ئىدىل بۇلغار دۆلىتىنى يوقاتتى. 1237-يىلى رۇس ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، روسسىيانى بېسىۋالدى. 1240-يىلى «رۇس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان كىيېۋ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇللار روسسىيانى تولۇق بويسۇندۇرۇپ، ئىمپېرىياگە سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغان بېقىندا كىنيازلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىر مەزگىل دەم ئېلىپ، ئۆز سەپلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، غەرپكە قاراپ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھەربىي ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار پولشىنى، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار چېخوسلاۋاكىيا بىلەن گېرمانىيانى، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار ۋېنگرىيانى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئېۋروپىنىڭ دۇناي دەرياسىغىچە بولغان قىسمى موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىگە بويسۇندۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىياسى شەرقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن، غەرپتە دۇناي دەرياسىغىچە يېتىپ باردى. موڭغۇل ئۇيغۇر بىرلەشمە ئەسكەرلىرى ھەربىي ھۇجۇمنى يەر ئوتتۇرا دېڭىزىغىچە داۋام قىلماقچى بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپ بارغاندا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋاقە بۇ ھۇجۇمنى توختىتىپ قويدى: 1241-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىمپېراتور ئۆگدەينىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باتى بىلەن سۈبۇتاي باتۇر ھەربىي ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ موڭغۇلىياگە قايتىپ كەتتى. ئەگەر ئىمپېراتور ئۆگدەينىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلمىگەن بولسا، باتى بىلەن سۈبۇتاي باتۇر قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلار پۈتۈن ئېۋروپىنى ئىگەللەپ، يەر ئوتتۇرا دېڭىزىغا بېرىپ توختار ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي ھۇجۇم ئازىيا خەلقلىرى بولغان ھۇنلارنىڭ V ئەسىردىكى ھۇجۇملىرىدىن كېيىن ئېۋروپىغا 2-قېتىملىق ھۇجۇملىرى بولۇپ قالدى!

ئۆگدەي قاغاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېڭى ئىمپېراتور بەلگىلەنگىچە ئىمپېرىيا تەختى بوش بولۇپ قالدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1251-يىلى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا، چىنگىزخاننىڭ نەۋرىسى-تولۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكە موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ ئىمپېراتورى بولۇپ سايلاندى. ئۇ ياش بولۇشىغا قارىماي، جۈرئەتلىك، قەتئىي ئادەم ئىدى. ئۇ بۇۋىسىنىڭ باشلىغان ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، 1253-يىلى ئونون دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي ئىمپېراتور مۆڭكەنىڭ ئىران بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ھۇجۇم پىلانىنى تەستىقلىدى. موشۇ قارارغا ئاساسەن مۆڭكە قاغان 120000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى. بۇ قوشۇنغا ئۆزىنىڭ ئىنىسى ھۇلاكۇنى باش قوماندان قىلىپ غەرپكە ئاتلاندۇردى. ھۇلاقۇ 1254-يىلى ھەربىي ھۇجۇمنى باشلاپ، ئاۋال ئوتتۇرا ئازىياگە كەلدى. بىر مەزگىل سەمەرقەنت شەھىرىدە تۇرۇپ، تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن 1255-يىلى 19-نويابىردا ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران چېگارىسىغا بېسىپ كىردى. ئۇرۇشتا ئىران ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاسى نۇرىتدىن ھۆر شاھنى ئەسىر ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىران دۆلىتىنى ئىمپېرىياگە سېلىق تۆلەپ تۇرۇدىغان بېقىندا دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھۇلاكۇ ئىران دۆلىتىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن 1257-يىلى ئەرەپ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىردى، خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنى 30 كۈن قامال قىلغاندىن كېيىن، 20-فېۋرال كۈنى شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىردى. ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەسىم ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئەسىر ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىران بىلەن ئىراقنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سۈرىيا ۋە كىچىك ئازىيالەرگە قارىتا ھەربىي ھۇجۇمنى باشلاپ شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن بۇ ئەللەرنىمۇ بېسىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، چىنگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىتتىپاققا تايىنىپ شەرقتە تىنچ ئوكيانىدىن، غەرپتە يەر ئوتتۇرا دېڭىزىغىچە سوزۇلغان بىپايان زىمىننى ئىگەللەپ، مىسلىسىز ئۇلۇغ دېرژاۋىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە بۇ ئەللەردە بىر ئەسىردىن ئۈچ ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى! ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن موشۇنچىلىك كەڭ زىمىندىكى ئەللەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان ۋالىلار بىلەن ھاكىملارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى ياكى ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپېرىيانىڭ دۆلەت تىلى-ئۇيغۇر تىلى، دۆلەت يېزىقى-ئۇيغۇر يېزىقى بولغان ئىدى.

### 4§. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سەياسىي رولى

بىرلەشمە ئىمپېرىياسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سەياسىي رولى توغرىلىق تارىخچى ھېرمان ۋامبېرى «بۇخارا ياكى ماۋرەۇننەھىر تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازغان ئىدى:

«موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرىگە كەلسەك، بۇ ھەممىدىن ئاۋال چىنگىزخاننىڭ شەخسىي خىسلەتلىرىگە باغلىق. ئاندىن قالسا، ئازىيا مۇسۇلمانلىرى ھېساپلانغان ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۆز ئارا

مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق بولدى. چىڭگىزخان ھەقىقىي مەنادىكى ئىستىلاچى بولۇش بىلەن بىللە يەنە قانۇنچى ئىدى (ئۇ ئەلنى قانۇنلار ئاساسىدا باشقۇرۇش ئۇسۇلۇنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن ئىدى). ئۇ يەنە ھەربىي كېڭەش ئۇسۇلىنى جارىي قىلغان ئىدى. موشۇ ئارقىلىق خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا دىنىي تەبەقىلەرنى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەردى. ئۇ ماۋەرەئۈننەھىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن نايىپلار بىلەن راھىپلارنى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلىگەن ئىدى.

ئىككىنچى ئامىل شۇكى، ئۇيغۇرلار ماۋەرەئۈننەھىرگە موڭغۇللارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى سۈپىتىدە كېلىشتى. ئۇلار بۇ يەرلەرگە ئۆزلىرىدىن بۇرۇن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن تېپىشىپ، بۇ جەمىيەتكە ئاسانلا سىڭىپ كەتتى.

ئۈچىنچى ئامىل، سۇلتان مۇھەممەت شاھ لەشكەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار شەرقتىن كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۇلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشتى. نەتىجىدە، ماۋەرەئۈننەھىرنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇيغۇرلار كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ ئاقىۋىتىدە ئوتتۇرا ئازىيادىكى قوۋملارنىڭ ئېتنىك تەركىۋى ئۆزگەردى.

ئۇيغۇرلار جەڭ مەيدانىدىمۇ، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشىدىمۇ چاغاتاينىڭ يېقىن ياردەمچىلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمىرلىرى، ھاكىملىرى سۈپىتىدە تونۇلدى. ھەتتا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى غوجايىن نوپۇزىغا ئىگە بولدى. شۇڭا ئۇلار ساراي تەنتەنىلىرىگە بىمالال قاتنىشالاتتى» (مەزكۇر كىتاپ، ئۆزبەكچە نەشرى، 30-29 بەتلەر).

تارىخچى ئابۇلغازى بولسا ئۆز ئەسەرىدە:

«ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئوقالايدىغان، يازالايدىغان، بىلىملىك كىشىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا كاتىباتلىقنى ۋە ھېساب-كىتاب ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخاننىڭ ھايات ۋاقتىدا، كېيىن ئۇنىڭ باللىرى بىلەن نەۋرىلىرىنىڭ زامانىسىدا مەھكىمە كاتىپلىرى بىلەن شەجەرەيازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىدى. ماۋەرەئۈننەھىردە، خۇراسان بىلەن ئىراقتا خىتاي ئېلىدىكى يۈەن سۇلالىسىدە كاتىپلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن ئىدى. ھەتتا ئىمپېراتور ئۆگەدەيخان خۇراسان، مازىندارا، گىلانلارنى باشقۇرۇشنى **كۆرگۈز** ئاتلىق ئۇيغۇرغا تاپشۇرغان ئىدى» دەيدۇ («تارىخ شەجرەى تۈرك»، 33-بەت).

خىتاي تارىخچىسى چيەن بوچۈەن بولسا:

«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. ھەتتا تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ شەكىللەنگەن ئىدى» دەيدۇ («شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 193-بەت).

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، موڭغۇل ئىمپېرىياسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى ئەقىللىك، قەتئىي ئىرادىلىك ۋە مەغرۇر يولباشچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى» دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ جۈرئەتلىك ھالدا پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بۈيۈك بىر ئىمپېرىيانى قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆز موڭغۇللىرىنىڭمۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئارتۇقچىلىق ۋە كامچىلىقلىرىنى توغرا باھالاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، موڭغۇللار ئات مىنىشتە چەبەندازى، ئوق-يا ئېتىشتا ماھىر، جەڭ مەيدانىدا باتۇر بولغىنى بىلەن ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز مىللەت ئىدى. بۇ مىللەتكە تايىنىپ، ئۆزىدىن مەدەنىيەتلىك ئەللەرنى بېسىۋېلىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش زۆرۈرلۈگىنى ھىس قىلدى. شۇ زاماندا مەركىزىي ئازىيادە ئۇيغۇرلار ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ھېساپلىناتتى. چۈنكى ئۇلار مىڭ ژىللار بويى شەھەرلەشكەن مەدەنىي تۇرمۇشتا ياشىغان، دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىقتىدارلىق مىللەت ئىدى. موڭغۇللارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن تولتۇرغاندىلا، ئاندىن كۈچلۈك ئىمپېرىيا تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن بولاتتى. موشۇ زۆرۈرىيەتنى توغرا چۈشەنگەن چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىدى ۋە ژۇقۇرى ئىمتىياز بەردى. يېڭى-يېڭى ئەللەرنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتا موڭغۇل-ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى ھەل قىلغۇچى رول ئوينىسىمۇ، ئۇ ئەللەرنى باشقۇرۇپ ئىدارە قىلىشتا ساۋاتلىق، بىلىملىك، تەجرىبىلىك ئۇيغۇرلار ھەل قىلغۇچى رول ئوينىدى. بىرلەشمە ئىمپېرىيا دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ھەربىي سەردارلارنىڭ بىر قىسمى ئىمپېرىيانى ۋە بېسىۋېلىنغان ئەللەرنى ئىدارە قىلىدىغان ۋەزىرلەر، ۋالىلار، ھاكىملار ۋە دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىدى. ئوردىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلاتتى. دىپلوماتىيا ساھاسىدىكى خەت-چەكلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلاتتى. قىسقىسى، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىدىكى ھەربىي ئىشلار ھوقۇقى ئاساسەن



www.uyghurkitap.com

موڭغۇللارنىڭ قولىدا بولسا، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئىشلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى. مەسىلەن، چىنگىزخاننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى: تۇراقايا، بولاتقايا دېگەن ئۇيغۇر ستراتېگلىرى ئىمپېرىيا ئوردىسىنىڭ باش كاتىۋى ھەم دۆلەت تامغىچىسى تاتاتۇڭا دېگەن ئۇيغۇر ئىدى (ئۇ چىنگىزخاننىڭ بۇيرىغى بىلەن شاھزادىلەر ۋە ئالىي ئەمەلدارلارغا ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگەتكەن). بولاتقايا بولسا چىنگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆگدەينىڭ باش مەسلىھەتچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېراتور تولۇينىڭ ئوروۇنباسارى بولغان.

1279-يىلى موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن خىتاينى بويسۇندۇردى. شۇ چاغدا تولۇينىڭ ئوغلى قۇبلايخان تەختكە چىقىپ، ھازىرقى موڭغۇلىيا، مانجۇرىيا، كورېيا ۋە خىتاينى بىرلەشتۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن بېجىن شەھىرىنى قايتىدىن تەمىر قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. بۇ پايتەختنى ئۇيغۇر تىلىدا «خانبالىق» دەپ ئاتىدى (خىتايلار بولسا، بۇرۇنقى نامى بىلەن بېجىن دەپ ئاتاۋەردى). يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى قۇبلاي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولغان بولسۇ، ئىمپېرىيانى باشقۇرغان ئەرباپلارنىڭ تولىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئىدى.

قىسقىسى، بىرلەشمە ئىمپېرىيادە موڭغۇللاردىن قالسىلا ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران مىللەت ھېساپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر تۇنگان تارىخچىسى ما گورۇڭ ئۆزىنىڭ بىر تەتقىقات ماقالىسىدا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مىللەتلەر سەياسىي ھوقۇقى جەھەتتىن مۇنداق تۆرت دەرىجىگە بۆلۈنەتتى: موڭغۇللار I دەرىجىلىك مىللەت. ئۇيغۇرلار — II دەرىجىلىك مىللەت، خەنزۇلار — III دەرىجىلىك مىللەت، باشقىلىرى IV دەرىجىلىك مىللەت ھېساپلىناتتى» — دەپ يازغان («شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، 3-جىلت، 218-بەت).

خىتاي تارىخچىسى تيەن ۋېيجياڭ: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مەملىكەتتە ھەر خىل دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش، ئۇيغۇرلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇش قاتارلىق سەياسەتلەرنى ژۈرگۈزگەنلىكتىن، ئىقتىدارلىق ئۇيغۇرلا بۇ دۆلەتتە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرالىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىدە ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئەمەلدارلار ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك روللارنى ئوينىغان. بولۇپمۇ تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار ئوردا ئىچىدە مۇھىم خىزمەتلەردە ئىشلەتتى. سىرتتا بولسا ھەربىي قوشۇنلارنى باشقۇراتتى» دەپ يازغان («شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، 2-جىلت، 201-200بەتلەر).

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن ئۈچ ئەسىرلىك ئۇزاق دەۋىردە مۇنداق ئەرباپلار يۈزلەپ، ھاكىملار مىڭلاپ سانىلىدۇ. مىسال تېرىقىسىدە شۇلاردىن بىر نەچچىسىنى ئاتاپ ئۆتۈمىز:

1. لەن شىسەن (1280-1231)، بۇ كىشى ئەسلى ئۇيغۇر بولۇپ، ناھايىتى بىلىملىك، ئەقىللىك زات ئىدى، يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، بېجىننى پايتەخت قىلغاندىن باشلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇبلاي خاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئالىي مەنسەپلەردە بولغان، ئۆچمەس تۆھپىلەر يارىتىپ، ژۇقۇرى ئابروي ئالغان كىشىلەردىن: ساڭگا، راببان ساۋما، ئەلىغمىش، ئەلىيغمىش، ماڭگۇ تېكىن، شىبان، مۇنسۇز، زەپەر خوجا، ئەختەردىن قاتارلىق ئىشلارنى ئاتاپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۈەن سۇلالىسىدە ئالىي مەنسەپلەردە بولغان. بۇ زاتلارنىڭ ئىچىدىكى زەپەرغوجىنى مىسال قىلساق، موڭغۇل-ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى خىتاي زىمىنىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرغاندىن كېيىن، چىنگىزخان ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى زەپەرغوجىنى خىتاي مەملىكىتىنى ئىدارە قىلىدىغان باش ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن: ئەسلى قۇمۇللۇق ئۇيغۇر تابىل دېگەن كىشىنىمۇ خىتاي ئېلىغا باش ۋالى قىلىپ قويغان. خىتاي تارىخىدا يېزىلىشىچە، تابىل مەشھۇر ھەربىي قوماندان، سەياسەتچى ۋە داڭلىق رەسسام بولغان ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا، موڭغۇل ۋە خىتاي تىللىرىنى پىششىق بىلەتتىكەن. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن، «ساداقەتمەن سانغۇن» ئۇنۋانىنى ئالغان. تابىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ يۈەن سۇلالىسىدە ئالىي مەنسەپلەردە بولغان. ئالىچ تۆمۈر دېگەن نەۋرىسى كورېيانى بويسۇندۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ، «تۆھپىكار گېنېرال» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېگە بولغان.

2. ئوتتۇرا ئازىيانى ئىدارە قىلغان چاغاتاي دۆلىتىدىمۇ ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇقلار ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولغان. چەت ئەل تارىخچىلىرى بىلەن سەياھەتچىلىرىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا:— «چاغاتاي خاننىڭ ئوردىسىدا ئۆتىدىغان ئالىي مەراسىملار بىلەن تەنتەنىلىك زىياپەتلەردە ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئولتىراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتۇشاتتى».

چاغاتاي دۆلىتىدىكى ئەمەلدارلار ئوردا ئىچىدە موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، مەملىكەت دائىرىسىگە تارقىتىلىدىغان يارلىقلار، دۆلەتلەر ئارا ئالمىشىدىغان خەت-چەكلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلىپ ئەۋەتىلەتتى. دېمەك، موڭغۇل ئىمپېرىياسىدە ئۇيغۇر تىلى دۆلەت تىلى ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى.

## §5. بىرلەشمە ئىمپېرىيانىڭ پارچىلىنىشى

تارىخ ئىلمى كۆرسەتكىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچى ئۈستۈن بولۇشى، قارشى تەرەپنىڭ ئاجىز بولۇشى ئوخشىغان شارائىتلار تۈپەيلى، جاھانگىرلار مەلۇم زامان، مەلۇم ماكاندا غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن، بىراق بۇ نىسبىي غەلىبە بولىدۇكى، ھېچ قاچان مۇتلاق غەلىبە بولمايدۇ. چىنگىزخان باش بولغان موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنىمۇ، ئەينە شۇنداق ۋاقىتلىق غەلىبىلەرنى قازانغان ئىدى. دۇنيادىكى ھەممە جەريانلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى بولغانغا ئوخشاش موڭغۇل-ئۇيغۇر ئىستىلاسىنىڭمۇ ئاخىرقى تەغدىرى زاۋاللىق بولدى.

چىنگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە بىر پۈتۈن ئىمپېرىيا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، سەياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىپ كەتتى. **ئىمپېرىيانىڭ شەرقىي قىسمى:** موڭغۇلىيا، مانجۇرىيا، كورېيا، خىتاي، ۋېتناملار قوشۇلۇپ بىر دۆلەت بولدى. يۈەن سۇلالىسى دەپ ئاتالغان بۇ دۆلەتنىڭ پايەختى-خانبالىق شەھىرى ئىدى. خىتايلار بولسا ئۇنى ئۆز تىلىدا «بېجىن» دەپ ئاتاۋەرگەن.

**ئىمپېرىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى:** ئوتتۇرا ئازىيا، ئاۋغانىستانلار قوشۇلۇپ، بىر دۆلەت بولۇپ «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى. خانلىقنىڭ پايتەختى ئاۋال-سەمەرقەنت، كېيىن ئالمالىق شەھىرى بولدى.

ئوتتۇرا ئازىيانىڭ شەرقىي قىسمى: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىياسى يانىلا ئاۋرۇپاچۇق ئارتتىپكىن ئەۋلاتلىرىنىڭ باشقۇرىشىدا بولۇپ، نىسبىي مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالدى.

**ئىمپېرىيانىڭ غەربىي-جەنۇبىي قىسمى:** ئىران، ئىراق، سۇرىيا، كىچىك ئازىيا ئەللىرى قوشۇلۇپ بىر دۆلەت بولدى. بۇ «ئىلخانلار دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ پايتەختى-تەبرىز شەھىرى بولدى.

**ئىمپېرىيانىڭ غەربىي قىسمى:** ئېۋروپىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان ئەللىرى بىلەن قىپچاق دالاسى قوشۇلۇپ بىر دۆلەت بولدى. بۇ «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ پايتەختى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئاستراخان شەھىرى بولدى.

مانا موشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا، ھەربىي گارنىزونلاردا، دىپلوماتىيا ساھاسىدا ئاساسەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى خىزمەت قىلغان. موشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ئاساسىدا ئەقىلانە، ئادىل باشقۇرۇشى نەتىجىسىدە موڭغۇل ھاكىمىيىتى بەزى ئەللەردە بىر ئەسىر، بەزى ئەللەردە ئۈچ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى مول تەجرىبىسى، قانۇنلۇق-ئادىل سەياسىتى، مول بىلىمى بولمىغان بولسا، موڭغۇللار مۇنچىلىك ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بولاتتى. قىسقىسى، بۇ دۆلەت ئىمپېرىيا دەۋرىدە بولسۇن، پارچىلاپ ئىدارە قىلىنغان دەۋرىدە بولسۇن، ئەمەلىياتتا موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر مىللەتلىرى بىرلىشىپ باشقۇرغان دۆلەت بولغان ئىدى.

## §6. بىرلەشمە ئىمپېرىيا دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان دۆلەت ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرى

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، موڭغۇل ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى دەۋرىدە، قېدىمىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرلىدى. بۇنىڭ سەۋەۋى، ئۇيغۇرلار موشۇ ئىمپېرىيادىكى ئىمتىياز ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قېدىمىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بىرلەشمە ئىمپېرىيا دەۋرى-ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن دەۋرى بولدى» دېيىشمەكتە. ئۇلاردىن يېگى ئەۋلات دۆلەت ئەرباپلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئەرباپلىرى كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى. تۆۋەندە بىز شۇ ئەرباپلاردىن بىر قانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز:

XIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ھەم دۆلەت ئەربابى. ئۇ ئەسلى نايمان خانى تايان خاننىڭ ئەقىلدارى ھەم مۆھۈردارى بولغان. چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا تايان خانىنى يەڭگەن ۋاقىتتا، تات تۇڭا دۆلەت تامغىسىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇنى تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەر چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكەن. چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن : «سەن كىم؟»-دەپ سورىغاندا، «مەن تايان خاننىڭ مۆھۈردارى»-دەپ جاۋاپ بەرگەن.



تاتا تۇڭا

- سەن قېچىپ نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟-دەپ سورىغاندا:

- مەن ئۆزەمگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى ئۆز ئىگىسى تايان خانغا تاپشۇرماقچى ئىدىم-دەپ يېنىدىكى دۆلەت تامغىسىنى كۆرسەتكەن. چىڭگىزخان تاتا تۇڭانىڭ بىلىملىك، ئەقىللىك، ئۆز پادىشاسىغا سادىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئوردىسىدا ئېلىپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چىڭگىزخاننىڭ دۆلەت مۆھۈردارى ھەم مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۇيغۇر يېزىغىنى موڭغۇل تىلىغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۇنجا ئېلىپبەنى ئىجات قىلىپ، موڭغۇللارغا ئۆگەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ساۋاتسىز موڭغۇللارنى ساۋاتلىق مىللەتكە ئايلاندۇرۇشقا يول ئېچىپ بەرگەن.

XIV ئەسىرگە كەلگەندە يەنە بىر ئۇيغۇر ئالىمى **چۇسگى خودزېر** مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر يېزىغى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىغىنى تېخىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەل موڭغۇل يېزىغىنى ۋە تىلىنىڭ تۇنجا گراماتىكىسىنى ئىشلەپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەرگەن. كېيىن بۇ يېزىقتىن ئۆلگە ئېلىپ، مانجۇلار ئۆز يېزىغىنى ياراتقان.



زەپەرخوجا

بۇ كىشى ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، ژۇقۇرى بىلىملىك، ئەقىللىك كىشى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان. ئۇ 1203-ژىلى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن شەرىق ئەللىرىگە بارغاندا چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. زەپەرخوجا ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا: موڭغۇل، مانجۇ ۋە خىتاي تىللىرىنى بىلەتتىكەن. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئوردىسىدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. زەپەرخوجا باشقا دىندا بولۇشغا قارىماي، ئامىتى كېلىۋاتقان بۇ پادىشاغا سادىق خىزمەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، زەپەرخوجا چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي جۆرۈشلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان.

چىڭگىزخان خىتاي دۆلىتىگە ھەربىي ژۆرۈش قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتقاندا، موڭغۇل ۋە خىتاي تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان زەپەرخوجىنى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە، خىتاي ئېلىغا 9 قېتىم ئەۋەتكەن. ئۇ ھەر قېتىم بارغاندا بۇ ئەلنىڭ سەياسىي، ئىختىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي ئىشلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئېلىپ كەلگەن. چىڭگىزخان موشۇنداق ئىشەشلىك ماتېرىئاللارغا تايىنىپ، چىن دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ، چىن دۆلىتىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل خىتاينى بويسۇندۇرغان.

زەپەرخوجا چىڭگىزخاننىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان. چىڭگىزخان ئۇنىڭ قولىغا 30000 ئەسكەرنى بېرىپ، خىتايىنى ئىدارە قىلىدىغان باش ۋالى (گېنېرال گۇبېرناتور) قىلىپ تەيىنلىگەن، چىڭگىزخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۆگدەيخان ئىمپېراتور بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئۆگدەيخان مەمۇرىي تۈزۈمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، چىن ئېلىنى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە بۆلۈپ، ھەر بىرىگە

ھاكىملارنى قويغان. شۇ چاغدا پۈتۈن چىن ئېلىنىڭ تەغدىرىنى زەپەرخوجا بىلەن تولىسار دېگەن ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا ئىشلار بىلەن بەنت بولغان. 1236-ژىلى زەپەرخوجا «تۆھپىكار ۋەزىر» دېگەن ئاتاققا ئېگە بولۇپ، «دىۋان ۋازارەت مۇەككىلى» ھەم خانىڭ خاس مەسلىھەتچىسى بولغان.
بۇلاردىن باشقا «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەردە» چىڭگىزخانىڭ قېشىدا تۇرا قايا، بولات قايا ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇر مەسلىھەتچىلىرى بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئىمپېراتورلارنىڭمۇ ئىشەشلىك ئەقىلدارلىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

## رابان ساۋما

XIII ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر خەلىق ئارا دىپلومات. ئۇ دەسلەپكى پائالىيىتىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىقتا باشلىغان. كېيىنكى تەكلىپ بويىچە، ئىلخانلار ئېلىغا بېرىپ، ئوردىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ خرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىبىدە ئېدى.ئېۋروپپا تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. موشۇ ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ، 1275-ژىلدىن باشلاپ، ئىلخانلار دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئېۋروپىغا بېرىپ، كۆپ دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقان. ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىياسىنىڭ ئىمپېراتورى ئاندرېي I، فرانسىيا كورولى فىلىپ IV، ئانگلىيا كورولى ئېدۇئارد I ۋە رىم ئىمپېراتورى نىكولاي I قاتارلىقلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن دۆلەت دەرىجىسىدە ھەر خىل توختاملارنى تۈزگەن، ئۆز خانى نامىدىن كېلىشىملەرگە ئىمزا قويغان. ئۇ 1290-ژىلى يەنە بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى باشلاپ، فرانسىياگە بارغان. ئۇيغۇر يېزىغىدا بىر دىپلوماتىيا خېتىنى تەييارلاپ، ئىلخانلار نامىدىن كورولغا تاپشۇرغان (بۇ خەت تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە فرانسىيا دۆلەت ئارخىۋىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).

## شىشەن قايا

بۇ كىشى بولات قايانىڭ ئوغلى بولۇپ، قوبلاي خانىنىڭ تەختكە چىقىشىدا ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشىدا كۆپ ياردەم قىلغان ئۇيغۇر سەياسىي ئەربابى. ئۇ جەمىيەتنى قانۇن ئاساسىدا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تارغان. جەمىيەتتىكى ھەر خىل زوراۋانلىق، ئادالەتسىزلىكلەرنى چەكلىگەن. پۇخرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلغان. شۇنداق قىلىپ، جەمىيەتنىڭ بېخەتەرلىگىنى تەمىنلىگەن، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى ژۇقۇرى كۆتەرگەن.

## ئارغۇن سالى

بۇ كىشى كۆپ خىل تىل-يېزىقلارنى بىلىدىغان تەرجىمىشۇناس ئالىم ئېدى. ئىمپېراتور قوبلاي ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئەڭ ژۇقۇرى خىزمەتلەرنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئاسترانومىيا ۋە جۇغراپىيا ئىلمى ساھاسىدا ژۇقۇرى بىلىم ئېگىسى ئېكەنلىگىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرى قاتارىدا كۆرۈپ، ئوردا ياساۋۇل بېگى خىزمىتىنى بەرگەن. ئۇ مەملىكەتنىڭ ئېگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىجەمىيەتنىڭ ئەمىنلىگىنى تەمىنلەش، خەلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بىلەن ئىمپېراتور قوبلايخانىنىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. قوبلايخانىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يېڭى ئىمپېراتور تولۇيخانىنىڭ ھوزۇرىدىكى دانىشمەنلەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى، خانلىق رەستخانىنىڭ باشلىغى، دىۋان ۋازارىتىنىڭ مۇئەككىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان. ئارغۇن سالى 1307-ژىلى 63 يېشىدا خانبالىقتا ۋاپات بولغان.

## دالىم

بۇ كىشى تۇرپانلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەقىللىك، زېرەك ھەم ئادىل كىشى ئېدى. ئۇ 20 ياش ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ بىلىملىكلىگى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن كۆزگە چۈشۈپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تامغاچ (پادىشانى قوغدىغۇچى ناۋكەر) خىزمىتىدە بولغان. كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى ئۆرلەپ، ئوردا تىببەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى، تەپتىش بېگى، ئوردىنىڭ باش مۇپەتتىشى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.
ئۇ زاماندا بۇ خىل مەنسەپتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئەرزە ئېيتىپ كەلگۈچىلەردىن پارا ئېلىش ئادەتكە ئايلانغان ئېدى. بىراق، دالىم ئۇنداق ئىشلەتلەردىن پۈتۈنلەي خالى، پاك بولغانلىقى ئۈچۈن **«ئادىل مۇپەتتىش»** دېگەن ئاتاققا ئېگە بولغان. خىتاي تارىخچىلىرى دالىمنى ئىلگىرى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇپەتتىش باۋ ۋېنجېڭ بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ مەدھىيىلىگەن.



## يۈسۈپ سەككاكي

1160-1228 ژىللاردا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، مائارىپچى ۋە شائىرى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۇيغۇرستانغا قىتانلار ۋە نايمانلارنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرى دەۋرىگە، ياشانغان داۋرى بولسا، موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە توغرا كەلگەن. ئۇيغۇرستان چاغاتاينىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئالالىددىن دېگەن ئۇيغۇر چاغاتاي خانىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان، يۈسۈپ سەككاكي بولسا، چاغاتاي خانىنىڭ ئىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى. تەبىب مەجىت بولسا، چاغاتاي خانىنىڭ باش دوختۇرى بولغان. چاغاتاي خان ئۇيغۇر دوستى مەئۇت بەگنى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى باشقۇرىدىغان ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئەينە شۇ مەسئۇت بەگ بىلەن يۈسۈپ سەككاكىينىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرستاندا مائارىپ ۋە ئەدەبىيات گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. خانلىقنىڭ پايتەختى ئالمالىق شەھىرى شۇ زاماندىكى ژىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى. بۇ مەركەزدىكى بىلىم يۇرتلىرىدىن يۈزلىگەن ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئەينە شۇ ئالىملارنىڭ بىرسى جامال قارشيدۇر.

## جامال قارشي

بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇل فەزلى مۇھەممەت بولۇپ، 1230-ژىلى ئالمالىق شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق ھاپىز ئىدى. جامال قارشي دەسلەپ ئالمالىق مەدرىسلەردە مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن دەرس ئالغان. ئۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، قېتىقىنىڭ ئۆگىنىپ، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيا ئىلىملىرىنى، شۇنىڭدەك ئارستوتېل، سوكرات، فارابىي، ئىبىن سىنا پەلسەپەلىرىنى ئۆگەنگەن. ئاخىرىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئەرەپ، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل بىلەتتى. چوڭ ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ دەسلەپ ئالمالىقتا خان سارىيىدا خىزمەت قىلغان. 1264-ژىلى تەكلىپ بويىچە قەشقەرگە كېلىپ «مەسئۇدىيا» مەدرىسىسىدە مۇدەررىس بولغان. ئۇ ماخمۇت قەشقەرىينىڭ تىلشۇناسلىق ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تۈركىي، فارىسيا ئەرەبىي تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. X ئەسىردە ياشىغان ئەلجەۋھەرىينىڭ «ئەسساھ فىل لۇغەت» ناملىق 4 جىلتلىق كىتاۋىنى ئەرەپچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. «مۇلھاقاتۇس سۇرا» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدىكى مۇھىم ۋاقىئەلەر، مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان ئىلمىي ئەسەر.

## جانىبېك ئۆگگۈلمىش

بۇ كىشى چىڭگىزخان ئوردىسىدا مەمۇرىيەت، ئەخبارات ۋە دىپلوماتىيا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ «جانىبېك ئۆگگۈلمىشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق رومانى بار (بۇ رومانىنىڭ قول يازمىسى ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى ھازىر گېرمانىيانىڭ پايتەختى بېرلىن شەھىرىدە، پادىشالىق كىتاپخانىسىنىڭ شەرىق بۆلۈمىدە ساقلانماقتا).

## ساڭغا

شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، XIII ئەسىردە ياشىغان بۇددا دىنىنىڭ ئۇلۇق پېشۋاسى ئىدى. ئۇ بۇددىستلارنىڭ داھىسى پاگپا لامادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھۆرمەتكە سازەۋەر شەخس ھېساپلىناتتى. ئۇ پاگپا لامانىڭ تەۋسىيەسى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (بېجىنغا) كېلىپ، قۇبىلايخانىنىڭ ئوردىسىدا ئالىي مەنسەپلەرگە بولغان. 1228-ژىلى قۇبىلايخانىنىڭ پەرمانى بىلەن دۆلەت ئالىي باشقارمىسىنىڭ ۋىسى-پرېزىدېنتى بولۇپ تەيىنلەنگەن (بۇ باش مىنىستىرغا تەڭ لاۋازىم

ئىدى). ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى خەلىقلەرنى بۇددا دىنىغا كىرگۈزۈپ، بۇ دىنىنى ئاممىۋىيلاشتۇرۇش جەھەتتىن كۆپ كۈچ چىقارغان. خەنزۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن روھانىيلىرى ساڭگانى تىرىك خۇدا دەپ تونۇپ، دىنىي بايرام كۈنلىرى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدىن مەركەزگە كېلىپ، ساڭگانى تاۋاپ قىلاتتى. دېمەك، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇددا دىنىغا ئىگە بولغان.

## بيەنزۇ

XIII ئەسىردە (موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە) ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى. ئۇ تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، ئۇلار قۇشلار ۋە گۈل-گىيالارنى سىزىشتا بۈيۈك تالانت ئىگىسى بولغان ئىدى. بيەنزۇنىڭ سۈرەت سىزىشتىكى داڭقىنى ئاڭلىغان قۇبلايخان ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، خانبالىق (ھازىرقى بېيجىن) شەھىرىگە ئېلىپ بارغان. ئۇنى ئوردىدا گۈزەل سۈرەتلەرنى سىزىشقا قويغان ھەم خىتاي رەسساملىرىغا ئۆگىتىشنى بېرىغان. بيەنزۇ ھەم رەسىم سىزغان، ھەم كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. خىتاينىڭ دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيىدا «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل» ناملىق بىر سۈرەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلمەكتە. سۈرەتنىڭ ئاستىغا بۇ سۈرەتنى بيەنزۇ سىزغان دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەر شۇنچىلىك مۇۋاپىقىيەتلىك چىققانكى، كۆل ياقىسىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە چۆچۈپ ئەتراپقا قاراۋاتقان ئەركەك قىرغاۋۇل، خۇددى جانلىق قىرغاۋۇلغا ئوخشايدۇ. ئۆزىنىڭ تەبىيلىكى، پەيلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن قاتۇرۇپ قويغان تىرىك قىرغاۋۇلنى ئەسلىتىدۇ. خىتاينىڭ قەدىمىي زاماندىكى داڭلىق ئادەملەر قامۇسىدا «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رەسسام بيەنزۇ» دەپ يېزىلغان (رەسسامنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسلى ئىسمى نېمە ئىكەنلىكىنى ھازىرچە ئېنىقلانمىدى).

## ئەختەرىددىن

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى پايتەختى بېيجىن شەھىرىنى كۆرگەن كىشىلەر، ئۇنىڭ مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئەجايىپ دىت بىلەن بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان بىنالار كومپلېكسىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشى ۋە ئۇنى بىنا قىلغۇچى مېمارلارغا ئاپىرىن ئوقۇشى مۇمكىن. ئەينە شۇ ئىنسان ئەقلىنى لال قىلغان بىنالار كومپلېكسىنى لايىھىلىگۈچى ۋە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىپ ياساتقۇچى باش ئىنژېنېر مېمار ئۇيغۇر ئۇستىسى ئەختەرىددىندۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

مىلادىنىڭ 1215-يىلى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنلىرى خىتاي مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا شۇ چاغدىكى جىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىن شەھىرىگە ئوت قويۇپ، ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. شەھەر بۇزۇلۇپ خارابىلىققا ئايلانغان ئىدى. ئارىدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1267-يىلى خىتايدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قۇبلاياخان بۇ شەھەرنى ياڭلىۋاشتىن ياسىتىپ، ئۆزىگە پايتەخت قىلماقچى بولىدۇ. شۇ زاماندىكى ئەڭ ئاتاقلىق مېمار ئەختەرىددىننى تەكلىپ قىلىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەرنىڭ ئورنىدا شۇ زامانىسىغا لايىق يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ چىقىشنى ئۇيغۇر ئەختەرىددىنگە تاپشۇرىدۇ. ئەختەرىددىن شەھەرنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، قۇبلايخانغا كۆرسىتىپ، ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن شۇ زامانىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەر ئورنىغا ھازىرقى بېيجىن شەھىرىنى ياساپ چىققان. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا خانبالىق (خان شەھىرى) دەپ ئاتاپ، قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان. دېمەك، خەنزۇلار ھازىرقى پايتەختىنىڭ ئەجايىپ مېمارچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۇنى بىنا قىلغان باش مېمار ئۇيغۇر ئەختەرىددىنگە مىننەتدار بولۇشى كېرەك! (ئەلۋەتتە، بۇ شەھەرنى بىنا قىلىشتا ئون مىڭلىغان ئۇستىلا ئەمگەك قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئەختەرىددىن ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرستاندىن ئاپارغانلىقى ئېنىق). شۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىن شەھىرىنى خىتاي تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر شەھىرى دەپ ئاتاش توغرا بولىدۇ.

## جامالىددىن

بۇ زات XIII ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئاسترونومى. ئۇ قۇبلايخان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاسترونومىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە رەسەتخانا ياسىتىپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتكەن. يېڭى كالېندار (تەقۋىم) تۈزۈپ چىقىپ، قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان. بۇ كالېندار 1276-يىلدىن باشلاپ، يۈەن سۇلالىسى تەركىبىدىكى بارلىق ئەللەردە قوللىنىلغان.

## ئەلۇقمش

بۇ زات XIII-XIV ئەسرلەردە ياشغان ئاتاقلىق دىپلومات. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق دىپلوماتى بولغان. ئۇ قۇبىلايخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1272-يىلى بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەياھىتىنى باشلاپ، جەنۇبىي دېڭىزدا ئىككى يىلغان يېقىن ئۈزۈپ، ھازىرقى فىلىپپىن، سۇماترا ئاراللىرىغا بارغان. ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە تېخىمۇ ئۇزاققا ئۈزۈپ، ھازىرقى شىرىلانكا (سەيلون) ئارىلىغا، ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىدە جەنۇبىي ھىندىستان قىرغاقلىرىغا چىقىپ، مابار دۆلىتى بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقان. دېمەك، ئۇ ئېۋروپىلىق سەياھەتچى ۋاسكادا گامادىن 220 يىلى بۇرۇن دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان يولىنى ئاچقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بېجىنغا قايتىشىدا ھىندىستاندىن بۇددانىڭ مۇقەددەس سۆڭىكى بىلەن تاۋىقىنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئەلۇقمش ئاخىرىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

## تۆمۈر تۆۋرۈك

بۇ زات XIII-XIV ئەسرلەردە ياشغان ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىكى ئالىمى. ئۇ يېزا ئىگىلىكى ساھاسىدا ئۇزۇن يىللار تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا ئۆز تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، «دېخانچىلىق، پىللىچىلىك ھەققىدە»، «يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندىكى پاختىچىلىق، ئىپەكچىلىك ۋە باغۋەنچىلىك ساھاسىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، خەنزۇلار رايونلىرىغا تارقاتقان. ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرستاندا ئۆسىدىغان: ئانار، ئاڭاق، پوچاق، پىياز، سەۋزە، زاراڭزا، زىغىر، بېدە قاتارلىق مېۋە، كۆكتات ۋە دانلىق زىرائەت ئۇيغۇرستاندىكى خىتايغا ئاپىرىپ، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن.

تۆمۈر تۆۋرۈك يەنە ئۇيغۇر زىيالىلىرى قاتارىدا قۇبلايخان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغۇمۇ قاتناشقان. ئۇ بىر نەچچە ۋىلايەتلەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن، ئاخىرىدا خان ھوزۇرىدىكى ئەدلىيە ۋازارىتى مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ شۆھرىتى يالغۇز خىتايدىلا ئەمەس، موڭغۇل ئىمپېرىياسىدىكى بارلىق ئەللەرگە كەڭ تارقالغان ئېدى.

ئۇنداق بولسا، بىرلەشمە ئىمپېرىيادە ئۇيغۇرلار قانداق پايدىغا ئېرىشتى؟

چىنگىزخان باشچىلىغىدىكى موڭغۇل دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلەشمە ئىمپېرىيا قۇرۇش ئارقىسىدا ئۇيغۇرلار تۆۋەندىكى پايدىلارغا ئېرىشتى:

1. ئىدىقۇت-ئۇيغۇر دۆلىتى قىتانلارغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلدى. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا نايمانلارغا بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار مىللىي مۇستەقىللىقىنى قىسمەن بولسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشتى (گەرچە ئۇ مۇختار ھالەتتىكى دۆلەت بولسىمۇ).
2. ئۇيغۇر خانلىرى ئۆز مەملىكىتىنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىغىدىن، خەلقىنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ئامان ساقلاپ قالدى.
3. ئۇيغۇرلار ئۆز مەملىكىتى ئىچىدىكى ئىشلىرىنى تامامەن ئۆزلىرى باشقۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي، دىنىي ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە رىۋاجلاندۇردى. ئىمپېرىيا دائىرىسىدە بولسا ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىپلوماتىيا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا موڭغۇللار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇردى. ھەتتا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى ئىمپېرىيانىڭ دۆلەت تىلى ۋە دۆلەت يېزىغى دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى.
4. ئۇيغۇرلار ئىمپېرىيا تەركىۋىگە كىرگەن باشقا خەلقلەر بىلەن بېۋاستە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىختىسادى بىلەن مەدەنىيىتىنىمۇ تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتەردى. خۇددى مۇستەقىل ياشغان دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ئىختىسات ۋە مەدەنىيىتى گۈللەندى. ئونلىغان ئالىي بىلىم دەرگاھلىرى ئىشلەپ تۇردى، يۈزلىگەن ئالىي بىلىملىك ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىقىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ژۇقۇرى كۆتىرىپلا قالماستىن، ئۇمۇمىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگىمۇ چوڭ تۆھپىلەرنى قوشتى.
5. ئۇيغۇرستاندا ياشغان موڭغۇللار گەرچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، نوپۇس سانى ئاز، ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تۆۋەن مىللەت بولغانلىقتىن، ھەر جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارغا دۇچ كەلگەندە ئۆزلىرىنى ساقلالماي، ئۇيغۇرلارغا ئاسسىملىياسىيا بولۇپ سىڭىپ كەتتى. مەسىلەن، تارىم ۋادىسىغا كەلگەن دۇغلات قەبىلىسى يۈز يىلغا يەتمەيلا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن دىنىنى قوبۇل قىلىپ، قان ئالمىشىپ، مىللەت سۈپىتىدە تامامام يوقىلىپ كەتتى. XIV-XV ئەسرلەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ جىسمى يوقىلىپ، «دۇغلاتىي» دېگەن لەقىملا قالدى، «مىرزا ھەيدار دۇغلاتىي» دېگەندەك.

چاغاتايىنىڭنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇش بىلەنلا قالماستىن، قول ئاستىدا ياشىغان 200 مىڭ ئەتراپىدىكى موڭغۇللارنىمۇ مۇسۇلمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇيغۇرلار بولسا، موشۇنچىلىك موڭغۇل ئاهالىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق نوپۇس سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى.

ژىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىرلەشمە ئىمپېرىياگە قوشۇلۇشتىن پەقەت پايدا ئالدى، زىيان تارتمىدى.


دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تۇتۇش تەجرىبىسىنىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى جارىي قىلدۇرۇپ،موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنى تەشكىل قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن،ئىمپېرىيا پارچىلانغاندىن كېيىن ھەر قايسى خانلىقلارنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا بولسۇن،ھەل قىلغۇچى روللارنى ئوينىغان. بىز ژۇقۇرىدا كەلتۈرگەن فاكتلار شۇ چاغدىكى ئەمەلىياتنىڭ ئاددىي مىساللىرى، خالاس.

بىراق، بىز ئۇيغۇرلار تارىختىكى بۇ «خىزمەتلىرىمىز» بىلەن پەخىرلەنمەيمىز. چۈنكى، چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ باشقا ئەللەرگە قىلغان ژۇرۇشلىرى تەجاۋۇزلۇق، باسقۇنچىلىق ژۇرۇشلەر ئىدى. موشۇ ژۇرۇشلەر ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئازىيادىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەت ۋە ئاۋات شەھەرلەر ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. ئوترار، سەمەرقەند ۋە بۇخارا شەھەرلىرى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىنغان ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئىمپېرىيا مىللىونلىغان بىگۇنا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سۆيەكلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىمپېرىيا ئىدى. موڭغۇل-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بېسىپ ئۆتكەن يولدا ھەددى-ھېساپسىز قانلىق ئىزلار قالغان ئىدى. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران-چاپقۇنلار، قار-يامغۇرلار بۇ ئىزلارنى ژۇيۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن تارىخ بېتىدىكى قانلىق ئىزلارنى، تەجاۋۇزچىلارغا دېگەن لەنەت تامغىسىنى ھېچ كىم ۋە ھېچ نەرسە ئۆچىرىۋېتەلمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇقۇرىدا بىز كەلتۈرگەن فاكتلار ئۇيغۇرلارغا شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ! پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، تالانتلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل بولالايدۇ، خالاس.


ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

تارىختىكى ھەر قانداق ئىمپېرىيا شۇ زامان، شۇ ماكاندا پەيدا بولغان زەرۇرىيەت، ئىمكانىيەت ۋە جۇرئەتلىك ھەرىكەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا ماس كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشى بولسا، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل، توغرا، ئاقىلانە سەياسەت ژۈرگۈزىشىگە باغلىق. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە چىڭگىزخان باشچىلىغىدىكى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇشقا ئىنتىلىشى بىلەن باۋۇرچۇق ئارتتېكىن باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجداتلىرىنى دوراپ، دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشقا ئىنتىلىشى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ھەربىي-سەياسىي ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەلدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، موڭغۇل ئاتلىقلىرىنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلىغى، قاراملىغى، چىداملىقلىغى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەمىنلەشتە ئاساسىي ئامىل بولسا، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى كۆپ ئەسىرلىك مول تەجرىبىسى، ئەتراپلىق بىلىمى، بويسۇندۇرۇلغان خەلىقلەرگە قارىتا قوللانغان ئادىل، توغرا سەياستى قولغا كەلگەن غەلىبىلەرنى مۇستەھكەملىدى، بۇ ئىمپېرىيانىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. مۇۋاپپەقىيەتلىك باشقۇرۇشنى تەمىن ئەتتى. مانا بۇ، ئەگەر خەلىقلەر تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا ھەقىقىي يوسۇندا بىرلىشىدىغان، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى جارىي قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ كامچىلىغىنى تولدۇرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۈچ ۋە ئىختىدارى ناھايىتى زور بولىدىغانلىغىنى، ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلالايدىغانلىغىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي فاكت.

ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى موشۇ تارىختىن ساۋاق ئالسا ياخشى بولاتتى.





چاغاتاي خانلىغىنىڭ تېررىتورىيا خەرىتىسى
(«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 811-بەت «موڭغۇل تارىخى»، 1-توم 210 بەتلەردىن ئېلىندى).





موڭغۇللار ئىستىلا قىلغان زېمىننى كۆرسىتىدىغان خەرىتە
(«ئۆزبەكىستان تارىخى» كىتابى، 161-بەت).

# 18-باپ
## تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى



تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھەربىي بايرىقى

## §1.ئەمىر تۆمۈرنىڭ غەربىي تۈركىستاندا ئىستىقلال جاكالاپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇشى



**بۈيۈك ساھىپقىران ئەمىر تۆمۈر**

ژۇقۇرىدىكى باپتا ئېيتقىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسى بىرلەشمە ئىمپېرىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلغان. غەربىي تۈركىستان بولسا چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇلغان. ئېنىق ېيتقاندا، خارەزم شاھ دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئالىملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بايلىقلىرىنى بۇلاپ-تالاپ، شەھەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۈرۈپ بېسىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئىككى رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان سەياسەت قوللاندى. شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا ئىتتىپاقداشلىق مۇئامىلىدە بولدى. غەربىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتا رەھىمسىز قاتتىق قول سەياسەت قوللاندى. شۇڭا ئۇ يەردە مىللىي زۇلۇم ناھايىتى ېغىر بولدى. شۇ سەۋەپتىن مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئىسيانلار ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. موشۇ ئىسيانلارنىڭ ئاخىرقىسى مىلادىنىڭ 1363-ژىلى ئەمىر تۆمۈرنىڭ باشچىلىقىدا كۆتىرىلگەن ئىسياندۇر.

چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان دەۋرىدە سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا سولدۇز قەبىلىلىرى، جەنۇبىي تەرىپىدە بولسا بارلاس قەبىلىلىرى ئازاتلىق كۈرەش بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىشتى. XIV ئەسىرگە كەلگەندە ماۋەرەئۈننەھرىدە بارلاس ئۇرىقىدىن بولغان تۆمۈر بەگنىڭ مەيدانغا چىقىشى بۈيۈك بىر تارىخىي ۋاقىە بولدى. ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىكى مۇستەملىكچىلىگى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، بۇئىمپېرىيىنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە مۇستەقىل مىللىي دۆلەتنى قايتىدىن تىكلىدى.

ئەمىر تۆمۈر كىم؟ ئەمىر تۆمۈر توققۇز ئۇيغۇرنىڭ بىرىسى بولغان قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆيەك بارلاس ئۇرۇغىدىن كېلىپ چىققان. تارىخچى مۇھەممەتىمىن بۇغرانىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «بارلاس-چىڭگىزخان نەسلىدىن بولمىغان ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئۇرۇق ئىدى» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 193-بەت).

ئەمىر تۆمۈرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ئۆزبەكىستان تارىخچىلىرىنىڭ دوكتورى ئەشرەف ئەخمەد مۇنداق دەپ يازغان:

«تۆمۈر-بارلاس قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلە قەشقەدەريا ۋىلايىتىنىڭ تۈپلۈك ئاھالىسى ئىدى. بۇ قەبىلە كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆزبەك مىللىتىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ سىڭىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمىر تۆمۈرنى ھازىرقى ئۆزبەكلەرنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ ھېساپلايمىز. ئەمىر تۆمۈرنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن «تەرجىمە ھالىنىڭ» تېپىلىشى رۇس ۋە سوۋېت مۇەررىخلىرىنىڭ ئۇ كىشى ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرى كۆپ جەھەتتىن خاتا بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەندىلىكتە تۆمۈرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ۋە تارىخىي خىزمىتىنى توغرا ۋە ئادىلانە يورۇتۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى» («ئەمىر تۆمۈر كۈراگان»، 4-بەت).

«تۆمۈرنىڭ تەرجىمە ھالى» ئەسلىدە تۈركىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى كىمدۇ بىرىسى پارىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان» دەيدۇ. («زەفەر يولى» كىتاۋى، 1992-ژىل نەشرى، 4-بەت).

دېمەك، ئەمىر تۆمۈر ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تەرجىمە ھالىنى ئۆز ئانا تىلىدا يازغانلىقى مەلۇم.

موشۇ كۈندە سانكپېتېربۇرگ دۆلەت ئېرمىتاژىنىڭ «ئوتتۇرا ئازىيا خەلىقلىرىنىڭ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقا بىر پۈتۈك تاش بار. بۇ پۈتۈك تاشنىڭ سەتھىگە كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئويۇپ يۇېزىلغان مۇنداق جۈملىلەر بار: «بىسمىللەھىر رەھمەنىر رەھىم. تارىخ 793 تە قوي ژىلى (مىلادىيەنىڭ 1391-ژىلى) كۆكلەن ئېيىدا تۇرانى سۇلتانى تۆمۈربەگ 200000 مىڭ ئەسكەر بىلەن توختامىشخان مەملىكىتىگە ژۈرۈش قىلدى. موشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇلۇق ژۈرۈشىمىزنىڭ بەلگۈسى بولسۇن دەپ، ئۇشبۇ پۈتۈك تاشنى يېزىپ قالدۇردى. تەڭرى بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي، پەخىرلارغا رەھىم قىلغاي. بۇ پۈتۈكنى ئوقۇغانلار بىزنى دۇئا بىلەن ياد ئەيلىگەي» (مەزكۇر پۈتۈك تاش 1937-ژىلى قازاقىستاندىكى قارساقباي كانىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان).

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، ئەمىر تۆمۈر بۇ پۈتۈك تاشنى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يازدۇرغان ھەم ئۆزىنى **تۇران سۇلتانى** دەپ ئاتىغان.

ئاتالىق ۋېنگبر تارىخچىسى ھېرمان ۋامبېرى»بۇخارا ياكى ماۋەرەۇننەھىر تارىخى» ناملىق ئەسەرىدە ئەمىر تىمۇر توغرىلىق بىرقانچە ئېنىقىملارنى بەرگەن. ئاتاپ ئېيتقاندا: ئەمىر تىمۇر بەزى چەت ئەللىك تارىخچىلار يازغىنىدەك، موڭغۇل نەسلىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ قەبىلىسى، بارلاس ئۇرۇغىنىڭ تورغاي جەمەتىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭدەك، «كۇراگان» سۆزى باشقا تارىخچىلار يازغىنىدەك كۈيوغۇل مەناسىنى بىلدۈرمەستىن، «كۆركەم»، «سۇمباتلىق» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان سۈپەت سۆزى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر كىتاپنى نەشرگە تەييارلىغان ئۆزبەك ئالىمى تاھىر قاھار ۋامبېرىنىڭ زۇقارقى پىكىرىنى قۇۋۋەتلىگەن ھالدا ئۇنى ھەقىقەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

تارىخچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئەمىر تىمۇر مىلادىيەنىڭ 1333-ژىلى شەبانىنىڭ بېشىدا كېش شەھىرىگە يېقىن شەھرى سەبىزدە بارلاس ئۇرۇغىنىڭ ئاقساقىلى تاراغاينىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن» (بىراق، تارىخچى ھ. ۋامبېرى: ـ»تىمۇرنىڭ ئاتىسى تاراغاي ئەمەس، تورغاي ئېدى» دەيدۇ).

تىمۇر باللىق ئۆسمۈرلۈك يېشىدىن تارتىپلا ئات ئۈستىدە چوڭ بولدى. ھەم ئوتتۇرا ئازىيادە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ تۈرك (ئۇيغۇر) دۆلىتىنى قايتا تىكلەش ئىدېياسى روھىدا تەربىيىلەندى. بولغۇسى سەركەردا، ياشلىق دەۋرىدىلا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ھەم ئۆزىنىڭ ئىززەت نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىدىغان مەغرۇر ژىگىت بولغان ئېدى. بۇ ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى بۈيۈكلىگىنى بىشارىتى بولسا كېرەك.

ئەمىر تىمۇر ياش ۋاقتىدا ناھايىتى تەدبىرچان ھەم جۈرئەتلىك بىر ژىگىت بولغان. تۇغلۇق تىمۇرخان غەربىي تۈركىستانغا كەلگەندە (مىلادىنىڭ 1359-ژىلى) 26 ياشلىق ئەمىر تىمۇر سەمەرقەنتكە بېرىپ، تۇغلۇق تىمۇرنىڭ خىزمىتىدە بولغان (چاغاتاينىڭ ئالتىنچى ئەۋلات نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىسى ئىلى بويىدىكى ئالمالىق شەھرىدە ئېدى). شۇ چاغدا تۇغلۇق تىمۇرخان ئەمىر تىمۇرغا ئىشىنىپ، بارلاس قەبىلىسىنىڭ بېگى مەنسۇۋىنىڭ سىرتىدا كېش (تاشكەنت) شەھرىنىڭ ھاكىملىغىنى، يەنە تۈمەنبېشى ھەربىي ئۇنۋانىنى بەرگەن. موشۇ ھۆكۈمنى تەستىقلەپ ئالتۇن تامغا بېسىلغان يارلىقنىمۇ تاپشۇرغان. شۇ سەۋەپتىن ئەمىر تىمۇر ياش بولۇشىغا قارىماي، غەربىي تۈركىستاندىكى ئىناۋەتلىك بەگلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. ئوتتۇرا ئازىيادىكى ھاجى بارلاس ۋە بەييازىت بەگلەر تۇغلۇق تىمۇرخانغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەندە، ئەمىر تىمۇر ئۆز خانغا سادىق بولۇپ، بۇ ئىسيانچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئۇلارنى باستۇرغان ئېدى. بىراق، ئوتتۇرا ئازىيادە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى ئىسيانلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى.

مىلادىنىڭ 1363-ژىلى تۇغلۇق تىمۇرخان غەربىي تۈركىستانغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئىسيانلارنى باستۇرغاندىن كېيىن ئەمىر تىمۇرنىڭ سادىقلىغىغا ئىشىنىپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن ئېدى. كېيىنكى ژىللاردا تۇغلۇق تىمۇرخان ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش مەخسىتىدە غەربىي تۈركىستانغا ئۆز ئوغلى ئىلياس غوجىنى باش ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمىر تىمۇرنى ئىلياس خوجىغا مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ قايتىپ كەتكەن لېكىن ياش، مەغرۇر تىمۇر يات باسقۇنچى ئىلياس خوجىغا خىزمەت قىلىشنى خالىماي، ئۇنىڭ ۋەزىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ قالغانلىغىنى باھانە قىلىپ، ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇخارا بىلەن خىۋە ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈك رايونغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن قۇراللىق ئوترياد لارنى تۈزۈپ كېلەچەكتە بولىدىغان بۈيۈك ئۇرۇشلارغا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى ئۇنىڭ ئىسيانكار ھاياتى مانا شۇنىڭدىن باشلانغان ئېدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە غەبىي تۈركىستاننىڭ باش ۋالىسى ئىلياس خوجا ياش ۋە مەغرۇر شاھزادە بولۇپ، ئويۇن تاماشىنى ۋە ئوچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى. ئەسكەر باشلىغى كىچىك بەگ رەھىمسىز ۋە زالىم بىر ئەمەلدار ئېدى. بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكىلار بىرلىشىپ، يەرلىك ئىسيانلارنى باستۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن مۇسۇلمانلارنى مالغا ئوخشاش قوشاغداپ بازارغا ئەپچىقىپ قۇل ئورنىدا ساتقىلى باشلىدى بۇ ئىز ئىسلام قانۇنلىرىغا زىت بولغانلىقتىن، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ ئۇلارنىڭ نارازلىغىنى قوزغىدى. بۇ ئىش ئەمىر تىمۇرنىڭمۇ نارازلىغىغا سەۋەپ بولدى. مەلۇم بىر كۈنى ئەمىر تىمۇر ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېش شەھرى ئەتراپىدىكى خان ئەسكەرلىرى تۇرغان قورغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەردىكى قۇلۇققا چۈشرىلگەن ۋەتەنداشلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئازات قىلىۋەتتى. ئەمىر تىمۇرنىڭ بۇ ھەرىكىتى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ياقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۇنى قوللىدى. ئىلياس خوجا بولسا: «ئەمىر تىمۇر خەلقنى ئىسيان كۆتىرىشكە قوترىتىۋاتىدۇ» دەپ خەت يېزىپ، ئاتىسى تۇغلۇق تىمۇرخانغا چېقىشتۇرۇدى خان بولسا ئەمىر تىمۇرنى يوقىتىشقا ئىجازەت بەردى. موشۇنداق ئەھۋالدا ئىلاجىسىز قالغان ئەمىر تىمۇر ئۆزىگە سادىق ئادەملىرىنىڭ ھەمرالىغىدا، ئائىلىسىنى ئېلىپ كېشتىن قېچىپ كەتتى. ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خوراساندا تۇرۇۋاتقان قېيىن ئاكىسى ھۆيىن بەگنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئىككىسى مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ، ئىسيان كۆتىرىپ غەربىي تۈركىستاننى موڭغۇل باسقۇنچىلىغىدىن

ئازات قىلىپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇشقا بەل باغلىدى. موشۇ مەخسەتتە ئەمىر تىمۇر بىلەن ھۈسەيىن بەگ ئىككىسى تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئاۋغانىستان ۋە بەلخ ئەتراپىدىكى تۈركىي ۋە پارسىي قەبىلىلەردىن 5-6 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. خان ئوردىسىنىڭ ژىراقلىغىدىن پايدىلىنىپ چېگارا-ياقا يۇرتلىرىنى ئازات قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى ئورناتتى ۋە ئىستىقلال جاكالاپ چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تىمۇرخان ۋە ئىلياس خوجىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تونۇمايدىغانلىغىنى جاكالىدى ۋە مۇستەقىل سەياسەت ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. يەرلىك خەلقىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتتى.

ئىلياسخوجا بولسا، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، قولدىن كەتكەن رايونلارنى قايتىدىن ئىگەللەش ئۈچۈن ئىنىسى كىچىك بەگنىڭ قوماندانلىغىدا جازالىغۇچى قوشۇنلارنى ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر تىمۇر ئامۇدەريانىڭ بويىدا سەپ تۈزۈپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ ئىككى قوشۇن ئامۇدەريا بويىدىكى تاشكۆرۈك دېگەن جايدا ئۇچراشتى، ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن جەڭ بولدى. ئاخىر نەتىجىدە ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئاۋغان ئەسكەرلىرى موغۇل ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئىككىنچى قېتىم مىلادىنىڭ 1365-ژىلى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى كېش شەھرىگە يېقىن بىر جايدا ئۇچرىشىپ، يەنە بىر قېتىم جەڭ قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئەمىر تىمۇر بىلەن ھۈسەيىن بەگنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ، خۇراسانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار قايتىدىن كۈچ توپلاپ غەربىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش مەخسىتىدە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئۇ موشۇ ژىللاردا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى، جاپا ماشەققەتلەردە چېنىقىپ تاۋلاندى. شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتتى. ئامۇدەريانىڭ ساھىلىدىكى بېلوجلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. كېيىن يەنە تارتقۇزۇپمۇ قويدى. موشۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە ئايىغىدىن يارىدار بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئاقساق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارسلار ئۇنى «تىمۇرلەڭ» يەنى ئاقساق تىمۇر دەپ ئاتاشقان ئىدى. ئۇ دەم ئېلىپ داۋالىنىۋاتقان ۋاقىتتا دوستى ھۈسەيىن خۇراساندىكى بەلخ شەھرىنى ئىگىللىگەن خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تىمۇر جاراھىتى ساقىيىپ بولا-بولمايلا بەلخ شەھرىگە يېتىپ باردى. تىمۇر بىلەن ھۈسەيىنبەگلەر خۇراساننىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىنى ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئېلىشتى. ئىلياسغوجا بولسا، قولدىن كەتكەن يۇرتلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنىسى كىچىكبەگنىڭ قوماندانلىغىدا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، كىچىكبەگنىڭ موغۇل ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ سوقۇشلاردا تىمۇرنىڭ ھەربىي تاكتىكا جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە جاسارىتى ھەل قىلغۇچى رول ئوينىدى. ئۇ ئۆزىدىن 5 ھەسسە كۆپ موغۇل ئەسكەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. تىمۇر بىلەن ھۈسەيىنبەگلەر خۇراساننى تۈگەل ئىگەللىگەندىن كېيىن ماۋرەئۇننەھىر رايونىغا كېلىپ، غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى خارەزم شاھلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىنى تۈگەل قولغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى موغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادە 150 ژىلغا سوزۇلغان ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى مىللىي دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېلىپ كەلدى. بىراق، ئارىغا دۈشمەن چۈشكەنلىكتىن، موشۇ مەزگىلدە ئەمىر تىمۇر بىلەن ھۈسەيىننىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، بىر-بىرىگە مۇخالىپ رەقىپلەرگە ئايلىنىپ قېلىشتى.

مىلادىيەنىڭ 1369-ژىلى 8-ئاپرېل كۈنى بەلخ شەھرىدە چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا پۈتۈن تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى يۇرتلىرىدىن ئەمىرلەر بىلەن قەبىلە ئاقساقاللىرى كېلىپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئوتتۇرا ئازىيادە موغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاغدۇرۇلۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇلغانلىغىنى رەسمىي جاكالىدى.

نەتىجىدە مىلادىنىڭ 1369-ژىلى غەربىي تۈركىستاندىكى موغۇل ئەسكەرلىرى قوغلاپ چىقىرىلدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ باشچىلىغىدىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى ئەندى قارار تاپتى. بۇ رايوندىكى خەلقلەرمۇ موغۇللارنىڭ 150 ژىل داۋام قىلغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلدى. ئەمىر تىمۇر قېدىمىي زاماندا ئەپراسىياپ بىنا قىلدۇرغان سەمەرقەنت شەھرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. دۆلەت ئاپپاراتىنى تۈزۈپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا مۇنداق ئۆزگىرىش 152 ژىلدىن كېيىن، يەنى سەيدخان ئىسيان كۆتىرىپ موغۇللارنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابابەكرى مىرزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى.

موشۇ قۇرۇلتايدا ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالاشقا ئۇبدان بولاتتى. بىراق، ئەقىللىق تىمۇر ئۆزىنى موشۇ دۆلەتنىڭ ئەمىرى، يەنى قوماندانى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن قانائەتلەندى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە موشۇ نامدا ئاتالدى. قۇرۇلتاي ئەھلى قېدىمىي ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە تىمۇرنى ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئولتارغۇزۇپ ژۇقۇرى كۆتەردى. تىمۇر ئوتتۇرا ئازىيانىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى بولغاندىن كېيىن سەمەرقەنت شەھرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ تاللىدى. دۆلەت ئاپپاراتىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قايتىدىن تەشكىللىدى. بۇ ئاپپاراتتا ئەمىردىن كېيىن دىۋان بېگى (بەش مىنىستىر) بولاتتى. ئەمىر تىمۇر بۇ لاۋازىمغا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى قابۇلشاھ دېگەن كىشىنى تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 4 ساھا بويىچە 4 ۋەزىر قويۇلدى. ئوردا

مەراسىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەرىكبېگى قويۇلدى ۋە باشقىلار. ئەمىر تىمۇر ئۆز ئارمىياسىنى قېدىمىي ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە تەشكىل قىلغان ئىدى. يەنى ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق، تۈمەنلىك شتاتى بار ئىدى. ئەمىر تىمۇر ئۆز ئارمىياسىدە چوڭ قىزىل بايراقنى كۆتەرگەن ئىدى. ئۇچىغا ئاتنىڭ يايلى بەكىتىلگەن ئۇزۇن نەيزە ــ تۈمەن بېشىنىڭ تۇغى، ئىككى تەرىپىگە كوكلا ئېسىلغان ئاغرا ـ يۈز بېشىنىڭ تۇغى ھېساپلىناتتى. ئارمىيانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ئېنىق قائىدە ـ تۈزۈملەر بىلەن باشقۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئارمىيادە ئۆز بېشىمچىلىك، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە يول قويۇلماتتى. بۇ بولسا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ياۋايى ۋەھشىلىك ھەرىكەتلىرىگە روشەن سېلىشتۇرما بولادى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز زامانداشلىرى ئەمىر تىمۇرنى ھەر قانداق ۋەھشىلىكلەردىن خالى ئىنسانپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر ئېسىل بەگ ئىدى دەپ تەرىپلىشىدۇ. يەنە زامانداشلىرى ئۇنى «**سەردارى ئەزەم**» دەپ ئاتاشقان. بۇ بىزنىڭ زامانىمىزدىكى گېنېرالىسسىمۇس ئۇنۋانىغا تەڭ كېلىدۇ.

ئەمىر تىمۇر ئۆز بىلىدىلا ئەمەس، ھەتتا خوشنا ئەللەردىمۇ ئادالەتلىك قانۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

## 2§. ئەمىر تىمۇرنىڭ خوشنا ئەللەرگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى

ئەمىر تىمۇر غەربىي تۈركىستاننى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئازات قىلىپ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، پۈتۈن تۈركىستاننى بىر بايراق ئاستىغا توپلاشقا تىرىشتى. بۇنىڭدىن مەخسەت: **يېڭى تېررىتورىياگە ئىگە بولۇپ ئۆز دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشلا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، پۈتۈن تۈركىستاندا مۇستەقىل، بىرلەشكەن ئۇيغۇر (تۈرك) دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى.** موشۇ مەخسەتتە شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ياتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قارشى بىر قانچە قېتىم ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، بۇ يۈرۈشلەر غەلىبىلىك بولمىدى.

بۇ دەۋىردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كېلىپ چىقىشى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان، لېكىن ئۆزى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن قەمەرىددىنبەگ ھۆكۈمدار ئىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا بولسا تۇغلۇق تىمۇرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىرخوجا ھۆكۈمدار ئىدى. بۇ ئىككى كۈچ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىۋالغانلىقتىن، ئەمىر تىمۇرنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك قايتۇرۇپ تۇرالىدى. شۇنداق قىلىپ، پايدىسىز ئۇرۇشلار بىلەن 10 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەندى ئەمىر تىمۇر بۇ ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز كۈچلىرىنى ئۇلغايتىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قايتىپ كېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھەربىي كۈچىنى كىچىك ئوغلى شاھرۇھ مىرزىنىڭ قوماندانلىقىدا مەملىكەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۈچ ئوغلىنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، جەنۇپتىكى ئەللەرگە قاراپ ھەربىي يۈرۈشلەرنى باشلىدى. بۇ قوشۇن بورانىدەك شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن خۇراسان، ئاۋغانىستان، ئىران، ئىراق قاتارلىق ئەللەرنى بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ تېررىتورىياسىنى بېسىۋېلىپلا قالماستىن، ھېساپسىز كۆپ بايلىقلارغا ئىگە بولدى. ئۇ يەرلىك قەبىلىلەردىن ئەسكەر ئېلىش ئارقىلىق ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى بارغانسېرى كۆپەيتتى. ئاخىرىدا ئەمىر تىمۇر ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئىراندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستان خانى خىزىرغوجا بىلەن ئالتۇن ئوردا خانى توختامىشلار ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمىر تىمۇر ئىران بىلەن بولۇۋاتقان سوقۇشنى توختىتىپ، ئىرانى شاھى مۇزەپپەر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۆز مەملىكىتىگە قاراپ قايتتى. مىلادىنىڭ 1388 ـ 1387 يىللىرى غەرىپتىن كەلگەن توختامىش خانىنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈرگەندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، خىزىرغوجا خانلىقىنىڭ مەركىزى ئالمالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا خىزىرغوجىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پايتەختى ئالمالىق شەھىرىنى تاشلاپ، شەرقتىكى يۇلتۇز يايلاقلىرىغا قېچىپ كەتتى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چوڭ مەركىزى ئالمالىق شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر «كىچىك بالغاسۇننى» قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر ئۇنىمۇ ئىگەللىدى. بىراق، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا شەھەر تامامەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىدى! (بۇ شەھەر ھازىرقى غۇلجا ناھىيەسى تۇرپانيۈزى يېزىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار شەرقتىكى پايتەختى بالغاسۇن شەھىرىگە قىياس قىلىپ، شۇنداق دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك). ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى قاراسۇلارنىڭ بويىغا كۆچۈپ كېلىپ،

www.uyghurkitap.com

يېڭى يۇرتلارنى بىنا قىلىشقا كىرىشتى. بۇ يۇرتلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، ئاھالىسى كۆپىيىپ ئاۋات شەھەرگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار بۇ يېڭى شەھەرنى **«غۇلجا»** دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەسكەرلىرى خىزىرغوجىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، يۇلتۇز يايلاقلىرىغىچە باردى. ئاندىن كېيىن خىزىرغوجا تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۇچاغا بېرىپ توختىدى. ئەمىر تىمۇر خىزىرغوجا ئەسكەرلىرىنى داۋاملىق قوغلاپ شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئۆتمەكچى ئىدى، بىراق شۇ چاغدا ئارقىدىن «توختامىشخان غەربىي تۈركىستانغا يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ!» ــ دېگەن خەۋەر كەلگەنلىكتىن، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە توختامىشخاننىڭ ھۇجۇمى بولمىدى. موشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئەمىر تىمۇر ئىلياسغوجىغا قارشى ھەربىي ئۇرۇشنى قايتا باشلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ بولسا، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن تورغات يولى ئارقىلىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ھاكىمىنى قويۇپ، ئولجا ئالغان بايلىقلىرىنى ئېلىپ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. ئەمىر تىمۇر خىزىرغوجا بىلەن توختامىش خاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ تەرەپتىن كېلىدىغان خوۋۇپتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل تەييارلىق قىلىپ غەربكە ۋە جەنۇبقا بولغان ھەربىي ئۇرۇشنى قايتىدىن داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئاۋغانىستان ئارقىلىق ئۆتۈپ، ھازىرقى پاكىستان بىلەن ھىندىستان تېررىتورىيىلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن كېيىن غەربكە يۈرۈلۈپ ئىران بىلەن ئىراقنى بېسىپ ئۆتۈپ، سۇرىيە بىلەن شامنى ئىشغال قىلدى. مىلادىنىڭ 1404-يىلى ئاناتولىيا (ھازىرقى تۈركىيا) يېرىم ئارىلىدىكى سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ پادىشاسى بايازىت ئىلدىرىمنى يېڭىپ، ئاناتولىيانى بېسىۋېلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرسى. شۇنداق قىلىپ، شەرىقتىكى بالقاش كۆلىدىن، غەربتىكى ئاق دېڭىز (يەر ئوتتۇرا دېڭىزغىچە)، شىمالدىكى ئارال كۆلىدىن جەنۇبتىكى ھىندىستانغىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، بۈيۈك ئىمپېرىيانى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

بىراق، ئەمىر تىمۇرنىڭ باشقا ئەللەرگە ئۇرۇش قىلىشنى چىڭگىزخاننىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمىر تىمۇر ئۆزىنى «ئادەلەتنىڭ پاسىبانى» دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «دەستۇرىل ئەمەل» ناملىق كىتاۋىدا:

«قايسى بىر مەملىكەتتە زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك ھۆكۈم سۈرىدىكەن، مۇنداق قانۇنسىز زالىملارنى يوقىتىش ئۈچۈن، شۇ ئەلدىكى پۇخرالارنىڭ تىنچلىق ئاسايىشنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي ھۆكۈمدار ئۇ دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىشقا، پۇخرالارنى زۇلۇمدىن ئازات قىلىشقا تولۇق ھوقۇقى بار. موشۇ نۇقتەيى نەزەر بويىچە، مەن خۇراساننى ئېگىلىدىم، ئىران، ئىراق، شام مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇردۇم!» دەپ يازغان ئىدى. مانا بۇ فاكت ئەمىر تىمۇر ئۇرۇشلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ «ئازات قىلغۇچى سەردار» دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقىنى تەستىقلەيدۇ.

ئەمىر تىمۇر شۇ زاماندا غەربىي ئازىيادا ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھېساپلانغان بايازىت ئىلدىرىمنى يېڭىپ، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بېقىندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئازاتلىققا چىقاردى.

تىمۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمىنى شىمالدىكى روسسىيانىڭ پايتەختى موسكۋا شەھىرىدىن جەنۇبتىكى ئىران قولتۇغىغىچە، شەرىقتىكى خىتاي چېگارىسىدىن ھىندىستان ئارقىلىق غەربتىكى بىگەي دېڭىزىغىچە بېرىپ يەتكەن. موشۇ بىپايان زېمىننىڭ ھەممىسىدە ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۈچ شارلىق قىزىل بايرىقى يەلپۈلدىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېگەللىگەن تېررىتورىياسى قەدىمكى زاماندىكى ئىسكەندەرنىڭ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەرەپ خەلىپىسىنىڭ ئېگەللىگەن تېررىتورىياسىدىنمۇ كەڭ ئىدى.

تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇلۇق غالىبىيەتلىرىنى تەمىن ئەتكەن ئامىللار: ئۇنىڭ بۈيۈك غايە ئېگىسى بولغانلىقى، ئالىيجاناپلىقى، قابىللىقى، ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ماھىرلىقى ئوخشاش شەخسىي خىسلەتلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قول ئاستىدىكى ئەسكەر ۋە سەردارلارنىڭ ئۆز ئەمىرگە سادىقلىقى، باتۇرلىقىمۇ كۆپ ياردەم قىلغان. موشۇنداق شارائىتتا تىمۇرنىڭ ئامەتلىك قولى شىمالدىكى ئىرتىشتىن جەنۇبتىكى گانگ دەرياسىغىچە، شەرىقتىكى گوبى چۆلىدىن غەربتىكى مەرمەر دېڭىزىغىچە يەتكەنلىگى ھەجەپلىنەرلىك ئەمەس!

ئەمىر تىمۇر ئۆز ئۆمرىدە توققۇز قېتىم چەت ئەللەرگە ھەربىي ئۇرۇشلەرگە چىقىپ. موشۇ ئۇرۇشلەرنىڭ ھەممىسىدە غالىبىيەت قازىنىپ، ئۆز پايتەختىگە غالىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن. ئۇ 1404-يىلى يىقىن شەرىق ئەللىرىنى بويي سۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆز پايتەختى سەمەرقەنتكە توققۇزىنچى قېتىم غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ھەربىي ئۇرۇشلەرنى تەيارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭپىلانى بويىچە، نۆۋەتتىكى ھەربىي ئۇرۇشنىڭ نىشانى شەرقىي رۇم، يەنى ۋىزانتىيا ئىمپېرىياسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىە ئۇنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى!

ئەمىر تىمۇر ئۇزاق سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆز پايتەختىدە غەلىبە تەنتەنىسى قىلىۋاتقان كۈنلەردى ژىراق يېقىندىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پادىشالىرى، كورولىرى ۋە سۇلتانلىرى ئۇنىڭغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئەڭ

قىممەتلىك سوغا-سالاملار بىلەن ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئەمىر تىمۇر بۇ ئەلچىلەرنى تېگىشلىك ئىززەت-ھۆرمەتلەر بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ دوستلاق ھەققىدىكى تىلەكلىرىگە دوستلۇق بىلەن، ئېلىپ كەلگەن سوغىلىرىغىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل سوغاتلار بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. ئەينە شۇنداق كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە خىتاينىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى پايتەختسەمەرقەنتكە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەلچىلەرنى ئالدى بىلەن ئەمىرنىڭ دىپلوماتىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرى قوبۇل قىلدى. قوبۇل ۋاقتىدا كۆزى جىتاق، يۈزى ياغاق، ئۆزى ياچۇەكتەك ئاۋاق بىر خىتاي ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگىنىڭ باشلىقى دەپ تونۇشتۇردى ھەم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالاملار بىلەن خىتاي پادىشاسىنىڭ ئەمىر تىمۇرغا يازغان بىر پارچە مەكتۇبىنىمۇ تاپشۇردى. ۋەزىر بۇ مەكتۇپنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئوقۇپ كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. بۇ مەكتۇپتا خىتاي پادىشاسى ئەمىرگە سالامەتلىك تىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇق ئىمپېراتور ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭغا ھەر ژىلى بەلگۈلۈك مىقداردا ئولپان تۆلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ! ئەمىر تىمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنچىلىك قاتتىق غەزەپلەندىكى، خىتاي ئەلچىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوغاتلىرىنى بويىنغا ئېسىپ، مەملىكەت چېگارىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەربىي ژۈرۈش قىلىشنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قېتىمقى ژۈرۈش ۋىزانتىياگە ئەمەس، خىتايغا قارشى بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگۈلىدى. دەرھال تەييارلىقنى باشلاپ، قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى 300000غا يەتكۈزدى، قورال-ياراق، ئات-ئۇلاقلىرنى خىللىدى. ئەتىياز كېلىشىنىمۇ كۈتمەي، 1405-ژىلى يانۋاردىلا ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى.

بۇ قېتىمقى ژۈرۈشنىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى: «ئۇ ئۆزى 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن يەتتىسۇ ۋە ئالتاي تاغلىرىنى ئېشىپ ئۆتۈپ، موڭغۇلىيا چۆللىرىنى ئىگەللەپ، خىتاي دۆلىتىگە شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى، نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ مىرزا 50000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالدىكى ئىلى ۋادىسى، بېشبالىق، تۇرپان ۋە قۇمۇللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، خىتاي چېگارىسىغا يېتىپ بارماقچى، يەنە بىر نەۋرىسى ئىبراھىم مىرزا 50000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ ۋە قاراشەھەر ۋىلايەتلىرى ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ، ئاكىسى ئۇلۇغبەگ بىلەن قوشۇلماقچى. ئۇ ئىككىسى بىر بولۇپ خىتايغا غەرپتىن ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى.

شۇ چاغدا ئىمپېراتورا بىردىنلا تۆۋەنلەپ، قاتتىق سوغ بولۇشقا باشلىدى. 4-يانۋار كۈنى سەپەر ئۈستىدە 72-ياشلىق ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۆپكىسىگە سوغ تەگدى. ئەمىر تىمۇر ئۇنىڭغىمۇ پىسەڭ قىلماستىن سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. 14-فېۋرال كۈنى ئوترار شەھىرىگە كېلىپ، دەم ئېلىش ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ كېسىلى بىردىنلا ئېغىرلاشتى. ئەمىرنىڭ شەخسىي تېۋىپى مەۋلانە پەزلۇللاھ بار ئامالار بىلەن داۋالاپ باققان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. ئەمىر تىمۇر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ ساقىيالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن ئەمىر تىمۇر ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى، ۋەزىرلىرى ۋە سەركەردىلىرىنى ژىغىپ، ئاخىرقى ۋەسىيەت سۆزىنى ئېيتتى ۋە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا شەرىققە ژۈرۈش قىلىش پالانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. ئەگەر، ئەمىر تىمۇر يەنە 1 ژىل ھايات ياشىغان بولسا، پۈتۈن خىتاينىڭ ئىگەللەپ، ئىمپېرىيا چېگارىسىنى تېچ ئوكيان قىرغاقلىرىغا يەتكۈزگەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئولپان تۆلەشنى تەلەپ قىلغان ئەقىلسىز خىتاي پادىشاسىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، خىتاي زېمىنىنىڭ ئاسمىنىدا تۆرتىنچى قېتىم ئۇيغۇرنىڭ غالىپ بايرىغىنى يەلپۈلدەتكەن بولار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنداق بولماي قالدى.

ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ جەسەدىنى ئىمپېرىيا پايتەختى سەمەرقەنتكە ئاپىرىپ، دەپنە قىلدى ۋە ناھايىتى ھەيۋەتلىك مەقبەرە تىكلىدى. بۇ مەقبەرە 600 ژىلدىن بېرى ئەمىر تىمۇرنىڭ بۈيۈك ژۈرۈشلىرىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا.

ئاتاقلىق ۋېنگىر تارىخچىسى ھېرمان ۋامبىرى ئەمىر تىمۇر توغرىلىق سۆز قىلىپ: «ئەمىر تىمۇر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىگە ھۆكۈمران بولغان ئىدى. ئۇ تەشكىل قىلغان ئىمپېرىيانىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتىكى بالخاش كۆلىدىن غەرپتىكى ئاق دېڭىزغىچە، شىمالدىكى ئارال كۆلىدىن جەنۇپتىكى گانگ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغىچە سوزۇلغان ئىدى. ئەمىر تىمۇر بۇ كەڭ زېمىنلارنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىغان جاھانگىرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ھەربىي ماھارىتى ۋە قەتئىيەتلىك خاسىيەتلىرى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، سېزار، چىنگىزخانلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا ھەقلىق» دەپ يازغان ئىدى («ھ.ۋامبىرى كىتاۋى، 47-بەت»).

ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مىرزىلار ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇلار مەملىكەتنى پارچىلاپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. مەملىكەت قالايمىقانلاشتى، ئۇنىڭ كۈچى يوقاشقا باشلىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىستىقلال ئېلان قىلىشىپ، ئىمپېرىيا تەركىۋىدىن چىقىپ كېتىشتى.

غەربىي تۈركىستان بولسا، بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. XV ئەسىرگە كەلگەندە سەمەرقەنت

شەھىرىدە ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى، شاھرۇھنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھىرات شەھىرىدە بولسا، شاھرۇھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان خان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مىللىي ۋەلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. بۇ دۆلەتلەردە ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەۋلاتلىرى تاكى XVII ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈردى.

تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دىلىتى جەمى 300 ژىلچە ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋىردە ئىچكى ئۇرۇش ماجرالىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بولسىمۇ، مەملىكەتتە ئورۇن ئالغان سەياسىي ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ، خەلقىنىڭ ئىختىسادى ۋە مەدەنىيىتى ژۇقۇرى كۆتىرىلدى. مەدەنىيەت ساھاسىدا كۆپلىگەن بۈيۈك نامايەندىلەر يېتىشىپ چىقتى. بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى: ئەمىر تىمۇر 1384-ژىلى ماماي خانى يېڭىپ، ،وسكۋا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن يەنە توختامىش خانى يېڭىپ،سىبىرىيەگە قوغلاۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، روسسىيانى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. موشۇ خىزمىتى ئۈچۈن روسسىيا ئەمىر تىمۇرغا مىننەتدار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز» دېگەن باھانە بىلەن رۇس ئالىملىرى 1941-ژىلى 20-ئىيۇن كۈنى ئەمىر تىمۇرنىڭ مەقبەرىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ باش سۆيىگىنى موسكۋاغا ئېلىپ كەتكەن.

## 3§. ئەمىر تىمۇرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش تەرتىۋى، مەمۇرىي بۆلۈنىشى ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

ئوغۇزخاندىن باشلاپ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن خاقانلىرى ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشتا چوڭ مەسىلىلەرنى قۇرۇلتايغا ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ھەل قىلىدىغان، كىچىگرەك مەسىلىلەرنى ئوردا كېڭىشى چاقىرىپ، ئاز كىشىلەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ھەل قىلىدىغان، دۆلەت ئاپپاراتىنى بەلگۈلۈك نىزام ئاساسىدا تۈزىدىغان، ئەلنى قانۇنلار بىلەن باشقۇرىدىغان دېموكراتىك ئەنئەنىگە ئېگە ئىدى. زامانلار ئۆتكەنسىرى ھاكىمىيەتلەر ئالماشقانسىرى بۇ ئەنئەنىلەر مۇتلۇق قىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ باردى. ئەمىر تىمۇرنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دۆلەتچىلىگىنىڭ قانۇن تۈزۈملىرى مۇكەممەللىشىپ، بىر ژۈرۈش سىستېمىلىق تۈزۈم ھالىتىگە كەلگەن. بۇ تۈزۈم «تىمۇر تۈزۈكلىرى» دېگەن نام بىلەن رىسالە قىلىپ چىقىرىلغان. تىمۇرنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا موشۇ تۈزۈكنى «دەستۇرىل ئەمەل» دەپ بىلىپ، بارلىق ئىش ھەرىكەتتە ئۇنى باشچىلىققا ئالغان. 1991-ژىلى ئۆزبەكىستاندا نەشىر قىلىنغان «تىمۇر تۈزۈكلىرى» ناملىق كىتاپتا بۇ توغرىلىق تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. كىتاپنىڭ كىرىش قىسمى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن باشلانغان:

«تىمۇر تۈزۈكلىرى ئەمىر تىمۇرنىڭ تارىخى، ماۋرائۇننەھرنىڭ شۇ زاماندىكى ئىجتىمائىي-سەياسىي ئەھۋالى، تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى، تىمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ خوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغا ئورىگىنال ئەسەر. بۇ ئەسەردە بىز ئۈچۈن ئورىگىنال مەلۇماتلار ناھايىتى كۆپ. كىتاپنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان ھەر قانداق كىتاپخان بۇنى سېزىپ ئالالايدۇ. مىسال تېرىقىسىدە شۇ مەلۇماتلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

– ئەسەردە بېتىلىشىچە، دۆلەتنىڭ ئاساسىنى ھەر خىل تەبەقە، ھەر خىل ساھادىكى خەلىق ئاممىسى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەغدىرىنى بولسا، پادىشا، خەزىنە، ئەسكەردىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە ھەل قىلىدۇ.

ئەمىر تىمۇر ئۆز ئىمپېرىياسى تەركىۋىدىكى ماۋرائۇننەھردىن باشقا ۋىلايەتلەرنى مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە 4 قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرغان. بۇ قىسىملارنى «ئۇلۇس» دەپ ئاتىغان. ھەر بىر ئۇلۇسقا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ھاكىملارنى، ۋالىلارنى تەيىنلىگەن. بۇ ۋالىلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بىردىن ئوغلىنى خان قىلىپ قويغان. مەسىلەن: پۈتۈن دەشتىقىپچاق ئەللىرىنى بىر ئۇلۇس قىلىپ، ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەد جاھانگىرگە تاپشۇرغان. فارىس تىللىق خەلىقلەر ياشايدىغان ۋىلايەتلەرنى بىر ئۇلۇس قىلىپ، ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىككىنچى ئوغلى ئەمەر شەيخكە تاپشۇرغان. ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە ئىراق ۋىلايەتلىرىنى بىر ئۇلۇس قىلىپ، ئۇنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى مارانشاھقا تاپشۇرغان. خۇراسان، جورجان، مازانداران ۋە سېيىسات ۋىلايەتلىرىنى بىر ئۇلۇس قىلىپ، ئۇنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى كەنجى ئوغلى شاھرۇھ مىرزىغا تاپشۇرغان. ھەر قايسى ئۇلۇسلار خەلىقتىن ژىغىلغان باج سېلىقنىڭ بىر قىسمىنى مەركەز سەمەرقەنتكە ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇرۇش بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ئۆز ئەسكىرى بىلەن ھەربىي ژۈرۈشكە قاتنىشاتتى. باشقا ئىشلاردا پۈتۈنلەي مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە غوجا دۆلەت بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇ تۈزۈم ھازىرقى زاماندىكى فېدېراسىون دۆلەت تۈزۈمىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھوقۇقلىرى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى «دېموكراتىك دۆلەت» دەپ ئاتاۋاتقان، ئەمەلىياتتە، مۇستەملىكە مىللەتلەرنى ئايىماي قىرىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ سەياسىي مەدەنىيىتى ھازىرقى زاماندىكى دۆلەت پىرېزىدېنتلىرىنىڭمۇ ئۈستۈن تۇراتتى!

ئەمىر تىمۇرنىڭ دۆلىتىدە 7 ۋازارەت بولۇپ، ھەر بىرىسىگە مەسئۇل ۋەزىرلەر قويۇلغان ئىدى.

1. خەلىقنى ئىدارە قىلىش ئىشىغا مەسئۇل-مەمۇرىيەت ۋازارىتى؛
2. ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل-سىپاھىيە ۋازارىتى؛
3. ئىگىسىز قالغان مال-مۈلۈكلەرنى باشقۇرىدىغان-ئەيتۇلمال ۋازارىتى؛
4. كىرىم چىقىم ئىشلىرىغا مەسئۇل-مالىيە ۋازارىتى؛
5. چېگارا ۋىلايەتلىرىنىڭ تېچ ئامانلىقىغا نەسئۇل-سەرھەد ۋازارىتى؛
6. مەدرىسە-مەكتەپلەرگە-مائارىپ ۋازارىتى؛
7. خەلىقنىڭ ئەرزە-داۋام ئىشلىرىنى بولسا-مەھكىمە شەرئى ئارقىلىق باشقۇرغان.

دېمەك، تىمۇر دۆلىتىنىڭ ئاپپارات تۈزۈلۈشىمۇ ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىگە ئوخشايدۇ. «تىمۇر تۈزۈكلىرىدە» يەنە رەسمىي مەراسىملاردا قايسى مەنسەپتىكى كىشىلەر تەختنىڭ قايسى تەرىپىدە ئولتۇرىشى كېرەكلىكىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. قىسقىسى، ئەمىر تىمۇر تەشكىل قىلغان، كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى داۋاملاشتۇرغان دۆلەتلەر شۇ زاماندىكى شەرىق خەلىقلىرىدە بولغىنىدەك ھاكىممۇتلەق، دىكتاتور دۆلەت بولماستىن، ئەكسىچە، تولۇق كامالەتكە يەتكەن، ئىسمى جىسمىغا لايىق دېموكراتىك دۆلەت بولغان ئىدى. تىمۇر دۆلىتىنىڭ بۇ پەزىلەتلىرىنى قانچە مەدھىيلىسەك ئەرزىيدۇ.

## 4§. غەربىي تۈركىستاندا تىمۇرىيلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى

غەربىي تۈركىستاندا موغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تىمۇرىيلار ۋەكىللىك قىلغان مىللىي دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەل مۇستەقىل مىللىي دۆلەت سۇيىتىدە تەرەققىي قىلدى. موغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنى ھۆكۈمرانلىقى يەنە بىر يېرىم ئەسىر داۋام قىلدى. شۇنىڭغا باغلىق بۇ ئىككى رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرلىرى ئوخشاش بولمىدى. جەمىيەتنىڭ ئىختىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىمۇ بىر-بىرىدىن باشقىچە بولۇپ چىقتى، يەنى مۇستەقىل ياشىغان غەربىي تۈركىستاندا ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىش بولدى. موغۇللارغا بېقىندا بولۇپ ياشىغان شەرقىي تۈركىستاندا بولسا چۈشكۈنلۈك يۈز بەردى. بىز تۆۋەندە ئەينە شۇ دەۋىردە غەربىي تۈركىستاندا يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەربىپلىرىنىڭ بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز:


نەسىردىن رابغۇزىي

بۇ كىشى XIII-XIV ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر ئەدىپ، فىلوسوف ھەم ئىسلام ئالىمدۇر. نەسىردىن 1250-ژىللىرى خارەزىمدىكى رەبات ئوغۇز دېگەن يۇرتتا بۇرھانىددىن ئىسىملىق، دىنىي زاتىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن زېرەك، ئىلىمگە ئامراق، تىرىشچان نەسىرىدىن ئىسلام تارىخىنى قېتىقىنىپ ئۆگەنگەن. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرىلىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، 1309-1311 ژىللىرى «قىسەسۇن ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان. كېيىن ئۇ يەنە «يۇسۇپ-زۆلەيخا» قىسسىسىنى نەسرىي شەكلىدە ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ كىتاپلارنى يېزىشتا مەشھۇر تۆرت كىتاپ «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل»، «قۇرئان» كەبى مەنبەلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان. شۇنىڭغا قارىغاندا مۇئەللىپ تۈركىي تىللاردىن باشقا ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا مۇئەللىپ ئۆز زامانىسىغا يارىشا ژۇقۇرى بىلىملىك، ئەدەبىي ماھارىتى ئۈستۈن ئادەم بولغانلىقى ئېنىق.

قىسقىسى، نەسىردىن رابغۇزىي ئىسلام ئالىمىگە تونۇلۇپ بۈيۈك ئالىم، ئەدىپ، تەرجىمان ۋە فىلوسوف. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرى «قىسەسۇل ئەنبىيا» ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممە تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە دۇنيادىكى چوڭ تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان مۆتىۋەر ئەسەردۇر.

www.uyghurkitap.com

## ئۆبەيدۇللا لۇتفىي



مەۋلانە ئۆبەيدۇللا لۇتفىي–تىمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىنىڭ 1365-ژىلى ھىرات شەھىرى يېنىدىكى دېھكەنار دېگەن يۇرتتا تۇغۇلغان. 100 ياش ئۆمۈر كۆرۈپ، يەنە ھىراتتا ۋاپات بولغان. بىراق شائىر ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ماۋرەۇننەھىردە ئۆتكەن. لۇتفىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىگى لىرىك شېئىرلار بولۇپ، پەقەت «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىلا ئېپىك ئەسەردۇر. لۇتفىي ئۆز شېئىرلىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە لۇتفىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى باي، ھېسسىياتى كۈچلۈك، بەدىيلىگى ژۇقۇرى، تىلى يېنىك، ۋەزىنلىرى ئويناقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ كۆپچىلىگى ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتقان. ئەلىشىر ناۋائىي شائىر لۇتفىينى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز پادىشاسى» دەپ ئاتىغان. لۇتفىي ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۈلگە قىلىشقان. لۇتفىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆچىرىلگەن قول يازمىلىرى ھازىرقى كۈندە تاشكەنت، ستامبۇل، سانكت-پېتېربۇرگ ۋە لوندون شەھەرلىرىنىڭ دۆلەت مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ كىشى XV ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى شەرەفىددىن ئەلىيەزدىينىڭ «زەپەرنامە» دېگە ئەسەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن. ئەلىشىر ناۋائىي لۇتفىينى–»كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىدى»–دەپ تەرىپلىگەن. ھەم ئەلىشىر ناۋائىي بىلەن فۇزۇلىيلار ئۇنىڭ غەزىلىگە مۇخەممەسلەرنى بېغىشلىغان. قىسقىسى ئۆبەيدۇللا لۇتفىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئاسمىنىدىلا ئەمەس، تۈركىي خەلىقلەرنىڭ شېئىرىيىتى ئاسمىنىدىمۇ چاراقلىغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرسى.

**سەئىددىن قەشقەرىي**–بۇ زات XV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان تىلچى، ئەدىپ، ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ قەشقەردە چوڭ ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قەشقەردىكى ئاتاقلىق مەدرىسلەرنىڭ بىرسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئاتاقلىق مۇدەررىس بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئالىم بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن، شۇ زامانىنىڭ ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ بىرسى ھېساپلانغان ھىرات شەھىرىگە بېرىپ، ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان ھەم مۇدەررىسلىك قىلغان. ئەدەبىي ساھاسىدا ئۇنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بار. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىلىرى ھېساپلانغان ئابدۇراخمان جامىي بىلەن ئەلىشىر ناۋائىيلار ئۇ كىشىنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلغان ئىكەن.

سەئىددىن قەشقەرىي ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدا 10 نەچچە ئىلمىي ۋە دىنىي كىتاپلارنى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان. شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «مىنيەتۇل مۇسەللا ۋە غەينەتۇل مۇفتەدا»، «تەرجىمەن مىنيەتۇل مۇسەللا»، «كەلىمەت غوجا باھائىددىن نەقشبەندى»، «ۋۇجۇتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەر ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان.


## مىرزا ئۇلۇغبەگ (1394ـ1449)



XV ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئاسترونوم، ماتېماتىك، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. بۇ كىشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيختىن بولغان نەۋرىسى بولىدۇ. ئۇلۇغبەگ ھەممىدىن ئاۋال ئاسترانومىيا ئالىمى سۈپىتىدە مەشھۇر. ئۇ سەمەرقەنت شەھىرىدە رەسەتخانە (ئوبسېرۋاتورىيا) قۇرۇپ،ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئالەم بوشلۇغىدىكى 1018 يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ، «يېڭى ئاسترومىك جەدۋالنى» تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، مىللىي كالېندارنى ئىشلەپ چىققان. ئۇ تارىخچى سۈپىتىدە «تۆرت ئۇلۇس تارىخىنى»، شائىر سۈپىتىدە بىر قانچە «دىۋانلارنى» يېزىپ چىققان. دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە ئۆز دۆلىتىنى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن قوغدىغان. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھارماي-تالماي كۈرەشكەن. بىراق، پادىشا ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن پايدىلانغان چەت ئەل جاسۇسلىرى (ئىراندىن كىرگەن غوجىلار) سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنى 55 يېشىدا قەتل قىلىپ ئۆلتۈرگۈزگەن.

ئۇلۇغبەگنىڭ ياساتقان رەسەتخانىسى سەمەرقەنت شەھىرىدە شۇ زامانىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلۇغبەگنىڭ «يېڭى ئاسترانومىيالىك جەدۋال» ئەسەرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىلىم دۇنياسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇلۇغبەگ ئىلىم دۇنياسىدا: كلاۋدىي پتولمېي، نىكولاي كوپېرنىك، تىخودى براگى قاتارلىق مەشھۇر ئاسترونوملار بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالدۇ. لاپلاس بولسا ئۇنى «ئۇلۇغۋار كۆزەتكۈچى»ـدەپ ئاتىغان.

## ئەلىشىر ناۋائىي (1441ـ1501)



ئەلىشىر ناۋائىي XV ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ شائىر سۈپىتىدە «خەمسە» (بەش داستان)، «چاھار دىۋان» (تۆرت دىۋان)، «نەفائىسۇن مەجالىس» (گۈزەللىكلەر جەمئىسى)، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (قەلب دوستلىرى)، «لىساۋنۇل تەيرى» (قۇشلارنىڭ تىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە «ناساى-مۇل مۇھەببەت»، «شەمەيىمۇل فۇتۇۋات» (ئۇلۇقلۇق خۇش بۇيىنى تارقاتقۇچى سۆيگۈ شەببادىلىرى) ناملىق تەزكىرىنى يازغان. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ژۇقۇرى بىلىمدانى بولۇپ، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ ئوردىسىدا كۆكۈلداش، يەنى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار بولغان. ئەلىشىرنىڭ ئۆزى بولسا، ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا پادىشانىڭ ئۆزىدىن ۋە ئەمىر-مۇزەپپەردىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئورۇننى ئېگەللىگەن دۆلەت ئەربابى بولغان. ئەلىشىرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۇستازى فەسھۇددىن ئاخۇنۇممۇ قەشقەرىيەلىك ئۇيغۇرلاردىن ئىدى.

ئەلىشىر ناۋائىينىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەدەبىياتتىكى ئورنى توغرىسىدا ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى قاھار بارات مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنتۇلماس پەرزەندى، تىمۇرىيلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئەلىشىر ناۋائىي چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ شېكسپىرىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن (كاتىپ، ئەدىپ، يېزىقچى دېگەن مەنادا) غىياسىددىن كىچىكنىڭ ئوغلىدۇر. كاتىپلىق ئۇلارغا ئاتا كەسىپ بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىلىرى تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان».

پروفېسسور ئىززەت سۇلتان بولسا ناۋائىي توغرىسىدا مۇھاكىمە ژىغىنىدا سۆز قىلىپ: «ناۋائىيشۇناسلىق ئىشىغا مەنمۇ كۆپ قىزىققانمەن. كۆپ مەنبەلەرنى ئۆگەنگەنمەن. شۇنداق بىر دەلىللگە دىققىتىڭلارنى

www.uyghurkitap.com

جەلىپ قىلماقچىمەنكى، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ دادىسى غىياسىددىن كىچىك قەشقەرلىك ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى» دېگەن. مىرزا ھەيدار دۇغلاتىينىڭ «تارىخىي رەشىدى» كىتاۋىدىمۇ: «ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك باخشى ئاتىلار ئىدى» دېيىلگەن. باخشى-قېدىمىي ئۇيغۇر تىلىدا مۇەللىم، ئۇستاز، ھەكىم، تېۋىپ دېگەن مەنالارنى ئاڭلىتىدۇ. قىسقىسى، ناۋايى ئەسەرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىلا ئەمەس، تۈركىي دۇنياسىنىڭمۇ مەدەنىيەت غەزنىسىگە قوشۇلغان بىباھا تۆھپىدۇر. ئەلىشىر ناۋايى 1441-ژىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى تۇغۇلۇپ، 1501-ژىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

***

ئەندى موشۇ باپتىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرايلى:

ھەر قانداق زاماندا خوشنا ئەللەرنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرۇشتا ئاساسەن ھەربىي كۈچكە تايىنىدۇ. بۇ ئەللەرنى ئىدارە قىلىشتا بولسا، ئاساسەن ئادىل، توغرا مىللىي سەياسەت ۋە قانۇن-تۈزۈملەرگە تايىنىدۇ. ئەمىر تىمۇر موشۇ شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىيانە مىللىي زۇلۇمىدىن بېزار بولغان بەزى خەلىقلەر ئەمىر تىمۇرنى بولسا، ئەمىر تىمۇر ژۈرۈشلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىغان قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بويسۇندۇرۇلغان خەلىقلەرنى ئىدارە قىلىشتا ئادىل، توغرا مىللىي سەياسەت ژۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، بۇ دەۋىردە موڭغۇللار ئىدارە قىلغان دەۋىرگە قارىغاندا، نارازىلىق ئىسيانلار ئاز كۆرۈلدى. مىلادىنىڭ 1399-ژىلى ئەزەربەيجاندا خان بولۇپ تۇرغان ئوغلى مىرانشاھ قاتتىق قول سەياسەت ژۈرگۈزگەنلىكتىن، بۇ ئەلدى نارازىلىق ئىسيان كۆتىرىلگەن ئىدى. ئەمىر تىمۇر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆز ئوغلىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. ئۇنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىنى بولسا، جازاغا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، نارازىلىق ئىسيانلىرىنى تېزلا بىر تەرەپ قىلدى. ئەلنى قانۇن-تۈزۈملەر بىلەن باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ھازىرقى زاماندىكى ئۆزلىرىنى «دېموكراتىك ئەل بىز» دەپ ئاتاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى مەملىكەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئەمەلدارلار ئادىل، پاك بولۇش جەھەتلەردە بۈيۈك بوۋىمىز ئەمىر تىمۇردىن ئۈگەنسە ياخشى بولاتتى.

## قوشۇمچە ماتېرىئال
## ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋەسىيەتنامىسى

ئەمىر تىمۇر جان ئۈزۈشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئوقۇپ، ئاڭلىتىلدى. بۇ ۋەسىيەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

—«مەن بىلىپ تۇرىمەنكى، روھىم قۇشى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. تەڭرى-تائالانىڭ دەرگاھىغا جېنىمنى ھەدىيە قىلىۋاتىمەن. سىزلەرنى بولسا، ئۇنىڭ لۇتفى مەرھەمەتىگە تاپشۇردۇم. كۆز-ياش قىلىپ ئولتارماڭلار، ئاھۇ-نالە قىلىپ، پەريات چەكمەڭلار. ئۇنىڭدىن ھېچ پايدا يوق. روھىمنى پاتىھە ۋە تەكبىر بىلەن شات ئېتىڭلار.

ئەلھەمدۇلىللاھ، تەڭرى-تائالانىڭ ياردىمى بىلەن مەمۇراي ئالەمنى شۇنداق زەبت ئەتتىمكى، بۈگۈن تامامى ئىرانۇ-تۇراندا بىرەر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش ياكى جەبرى-جاپا قىلىش، بېچارىلەرگە ئازار بېرىش ئۈچۈن قولىنى كۆتىرىشكە ماجالى يوقتۇر. گۇناھىم قانچە كۆپ بولسىمۇ، كەچۈرۈڭلار—دەپ تەڭرى-تائالانىڭ مۈلكىنى بېقىياس سېخىلىق بىلەن ساقلاپ كەلدىم. زالىملارنىڭ قولىنى مەزلۇملارنىڭ ھايات ئېتىگىدىن ژۇلۇپ تاشلىدىم. سەلتەنەت قۇرۇپ ئولتارغىنىمدا، ئاڭلىمىغان ياكى ماڭا خەۋەر قىلىنمىغان پەيتلەرنى باشقا ۋاقىتتا زوراۋانىنىڭ ئاجىزلار ئۈستىدىن زوراۋانلىق قىلىشىغا يول قويمىدىم...

شۇنداق بولسىمۇ، دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلمىدى. سىلەرگىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ. لېكىن زوراۋانلىققا توسقۇنلۇق قىلىش ئىشىنى كىچىكتۈرۈش دۆلەتنى خەتەر ئاستىدا قالدۇرىدۇ. بارلىق خەلىقلەرنىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىنى بۇزىدۇ، مەسلەك ۋە تەرىقەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىزدىن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ، سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

بۈگۈندىن باشلاپ پەرزەندىم پىرمۇھەممەت جاھانگىرنى ئۆزەمگە ۋەلىئەھت ۋە تاجۇ-تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدىم. سەمەرقەنت تەختى ئۇنىڭغا مەنسۇپ. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئەمرى پەرمانىدا بولغاي. تەمكىنلىك ۋە ئىستىقلال بىلەن مەملىكەت ۋە مىللەت، لەشكەر ۋە رەئىيەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسۇن. سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭغا تەۋەلىكتە بويسۇنۇش مەراسىمىنى ئۆتكۈزۈڭلار. ئۇنى ھەممىڭلار قوللاپ-قۇۋۋەتلەڭلار. تاكى ئالەم بۇزۇلمىسۇن...

ئوغۇللىرىم! مىللەتنىڭ ئۇلۇق ئابروينى، سائادىتىنى ساقلىماق ئۈچۈن سىزلەرگە قالدۇرۇۋاتقان ۋەسىيەت ۋە قائىدىلەرنى ياخشى ئوقۇڭلار، ئەسلا ئۇنۇتماڭلار. ھەر بىر ئىشىڭلارغا تەدبىق ئېتىڭلار. مىللەتنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولۇش سىزلەرنىڭ ۋەزىپەڭلاردۇر. ئاجىزلارغا قاراڭلار، يوقسۇللارنى بايلاڭلار زۇلۇمغا تاشلىماڭلار، ئادالەت ۋە ئازاتلىق دەستۇرلىرىنى رەھبەرلىككە ئېلىڭ. ماڭا ئوخشاش ئۇزاق زامان سەلتەنەت سۈرۈشنى

خالىسىڭىز، قىلىچىڭىزنىڭ چىلىڭ تۇتۇپ، بىر قەدەم چېكىنىڭ. چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى يەنە غەلىبىگە قاراپ ئىشلىتىڭ. ئارىڭىزدا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرى تېرىلمىسۇن ئۈچۈن كۆپ دىققەت قىلىڭ. بەزى خادىملىرىڭىز ۋە دۈشمەنلىرىڭىز ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇشى مۇمكىن. پەقەت ۋەسىيىتىمدە سىزگە ئىدارە ئۇسۇلىنى، ئۇنىڭ ئۆلگىلىرىنى كۆرسەتتىم. بۇلارغا سادىق بولسىڭىز، بېشىڭىزغا تاش تەگمەيدۇ...

بۇنىڭدىن كېيىن خاقان-پىرمۇھەممەت جاھانگىر بولغۇسىدۇر. خۇددى ماڭا ئىتائەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. قوماندانلىرىم، ھازىر ئىتائەت قىلىشقا ئانت بېرىڭلار...».

(بۇ ۋاسىيەتنامە ئوقۇلغاندا بارلىق قوماندانلار، ساراي ئەرباپلىرى ژىغلاشقان ھالدا «ئامىن» دەپ پاتىھە ئوقۇشتى. بۇ 1405-ژىل 18-فېۋرال كۈنى ئىدى).

## تەجرىبە-ساۋاقلار

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بىز ژۇقۇرىدا تىمۇرىيلەر ئۇيغۇر دۆلىتى توغرىلىق بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنداق بولسا بۇ باپتىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە ساۋاقلار قايسىلار؟

1) مىللىي دۆلەت، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي ئېتىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئەمىر تىمۇرنىڭ غەربىي تۈركىستاندا ئىسيان كۆتىرىپ، موڭغۇللارنىڭ بۇ رايوندىكى 150 ژىل داۋام قىلغان مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەتنى قۇرۇپ چىققانلىقى ئۇنىڭ تارىخ ئالدىدىكى بۈيۈك خىزمىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. موشۇ خىزمىتى ئارقىلىق ئۇ ئەۋلاتلارغا مىللىي مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ شانلىق ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەردى ھەم ئۆزىنىڭ ئوبرىزىنىمۇ ئەبەدىيلەشتۈردى. ھازىر ئۆزبەكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنت شەھىرىدىكى «مۇستەقىللىق» مەيدانىدا ئەمىر تىمۇرنىڭ گىگانت ھەيكىلى مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادىغا كۆرسەتكەن بۈيۈك ھۆرمىتىنىڭ سىمۋولىدۇر.

2) مىللىي دۆلەت، شۇ مىللەتنىڭ سەياسىي ئەركىنلىكىنىلا ئەمەس، ئىختىسادىي پاراۋەنلىكى، مەدەنىيەتتىكى يۈكسەكلىكى ۋە خەلىق ئارادىكى ئىززەت-ئابرويىنىمۇ كاپالىتى بولالايدۇ. ئەمىر تىمۇرنىڭ غەيرىتى بىلەن قۇرۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى داۋاملاشتۇرغان تىمۇرىيلەر ھاكىمىيىتى زامانىسىدا بۇ ئەلنىڭ خەلقلىرى ئازات-ئەركىن ياشىدى، ئىختىسادى گۈللەندى، مەدەنىيىتى يۈكسەلدى. كۆپلىگەن يېڭى شەھەرلەر سېلىنىدى، تۈركىستاندىكى كونا شەھەرلەر ئىسلاھ قىلىنىپ، قايتىدىن ياسىتىلدى. ئۇستەڭلار قېزىلىپ، ئېتىزلىقلار كۆكەرتىلدى، باغلار باراقسانلاشتۇرۇلدى. سەمەرقەنت شەھىرىدىكى ئەمىر تىمۇرنىڭ مەقبەرىسى، تۈركىستاندىكى غوجا ئەخمەت يەسسەۋىي مەقبەرىسى، بىبى ئايشە مەقبەرىسى قاتارلىق ئابىدىلەر تىمۇرىيلار دەۋرىنىڭ ئۆلمەس شاھىتلىرى بولۇپ، ھازىرغىچە قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. تىمۇرىيلەر دەۋرىدىكى مۇستەقىللىق ۋە ئاسايىشتىلىق شارائىتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئالىملار ۋە ئەدىپلەر يېتىشىپ چىقتى، ئىلىم-مائارىپ ۋە سەنئەت ئىشلىرى جوش ئۇرۇپ رىۋاجلاندى. موشۇ ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋردىكى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ شارائىتى!

3) ئەمىر تىمۇر ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ، تۈركىستان ئۆلكىسىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئافغانىستان، پاكىستان، شىمالىي ئىران، ئىراق، سۈرىيە، پالېستىنا ۋە ئاناتولىيا قاتارلىق ئەللەرنىمۇ قۇرال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئىمپېرىيىگە ئۇلاپ تۇلەپ تۇرىدىغان بېقىندا ئەللەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بىراق، قۇرال كۈچى بىلەن بېقىندۇرۇلغان بۇ ئەللەر ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئىستىقلال جاكالاپ، ئىمپېرىيە تەركىۋىدىن چىقىپ كېتىشتى. يەنى ھېچ قايسىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ قالمىدى!


بىزچە بولغاندا، ئەمىر تىمۇر كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ بارىدا قېدىمىي **تۇران** زېمىنى كېيىنكى زامانلاردا **تۈركىستان** دەپ ئاتالغان ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى كۈچەيتىشى ۋە گۈللەندۈرۈشى كېرەك ئىدى. باشقا خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئىمپېرىيا قۇرۇشقا ئىنتىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ ئەمەلىيات، مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىمپېرىيانىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىدىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار ئەينە شۇ.

**ئىلاۋە:**


ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«بۇرۇنقى تارىخلاردا ئەمىر تىمۇر توغرىلىق ھېچنەرسە يېزىلمىغان. بىز مۇ بۇ ۋاقىئەلەرنى ئاڭلىمىغان ئىدۇققۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. توغرا، سوۋېت دەۋرىدە بۇ ھەقىقەتلەر خەلىقتىن يوشۇرۇلغان ئىدى. سەۋۋى ئەمىر تىمۇر ھاياتى ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي ژۈرۈشلىرى ئارقىلىق پۈتۈن كاۋكازىيانى بېسىۋېلىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرغان. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ستالىن 1937-ژىللاردا موشۇ «گۇناھى» ئۈچۈن ئەمىر تىمۇر ھەققىدىكى قولياز ماۋە تەرجىمە ماتىرىياللارنى يوقاتقۇزىۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتلەر ئېچىلماي قالغان. ھازىر بولسا مۇستەقىللىقنىڭ شارائىتى بىلەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ ئېيتىش مۇمكىن بولدى.


# تيمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ شەجەرىسى (1370_1506)



تىمۇرىيلەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى «ئۆزبەكىستان تارىخى ئاتلاسى» 13-بەتتىن ئېلىندى.



## 14- باپ
## سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى



سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى




سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

www.uyghurkitap.com

## كىرىش سۆز

مىلادىنىڭ 1514-يىلى قەشقەرىيەدە ئۇزاق يىللار ھۆكۈم سۈرگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەندىلا 38 ياشقا كىرگەن سەئىدخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى باشلاندى. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىتى بولسا، ئاۋال سۇلتان ئەخمەت خاننىڭ قولىغا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەخمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى (سەئىدخاننىڭ ئاكىسى) مەنسۇرخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. 1516-يىلىغا كەلگەندە، ئاكا-ئۇكا مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخانلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىنى سەياسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستاندا بىرلىككە كەلگەن مۇستەقىل سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلدى. بۇ سۇلتانلار ئارىسىدىكى ئاددىي تەخت ئالمىشىش ۋاقىەسى بولماستىن، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا بولغان 3 ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي ۋاقىە ئىدى. بۇ توغرىلىق پېشقەدەم تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «تارىختا سۇلتان سەئىدخانغىچە ئۆتكەن چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرى «موغۇل دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي جەمەتىدىن كېلىپ چىققاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ۋە رەسىم-قائىدىلىرى پۈتۈنلەي موغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بېجىرىلەتتى. دۆلەتنىڭ ژۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي مۈلكى ئەمەلدارلار كۆپىنچە موغۇل نەسلىدىن تەيىنلىنەتتى. ئاما سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتتە ئاز ساندىكى ھۆكۈمدارلار چاغاتاي جەمەتىدىن بولغاندىن تاشقىرى، قالغان كۆپچىلىك دۆلەت ئەرباپلىرى ۋە ھەربىي خىزمەتچىلىرى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلىنەتتى. ئىدارە تەشكىلاتى، رەسمىي-يوسۇن، قائىدە-تۈزۈملىرى، تۇرمۇش-تەرزى ۋە مائارىپ ئىشلىرى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن تەرىزدە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخاندىن باشلاپ تاكى جوڭغارلار ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلغان دۆلەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلىتى دەپ ئاتاش لازىم» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، 234-بەت).

سەئىدىيە دۆلىتى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن تارتىپ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغىچە، قوماندانلىرىدىن تارتىپ ئاددىي ئەسكەرلىرىگىچە ھەممىسى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. دۆلەتنىڭ ئىدارە تەشكىلاتلىرى، رەسمىي قائىدىلىرى، ھايات تەرىزى ۋە دىنىي مەراسىملىرى ھەممىسى ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى-بۇ زېمىندا موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

تارىخچىلار بۇ يېڭى دۆلەتنى قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتايدۇ. بىز بولساق، مىللىي خاراكتېرى بويىچە «سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىدۇق. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى 1514-يىلدىن 1678-يىلغىچە، جەمى 164 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ۋە تارىختا ئۆچمەس شانلىق ئىزلارنى قالدۇردى. تۆۋەندە سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

## §1. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

**سۇلتان سەئىدخاننىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالى:** سەئىدخان 1476-يىلى تۇرپاننى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانى سۇلتان ئەخمەتنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەخمەتخان، بوۋىسى مەھمۇتخان بولىدۇ. قەشقەر خانى يۇنۇسخان بولسا ئانا تەرەپتىن بوۋىسى بولىدۇ. يۇنۇسخاننىڭ ئايالى بولسا، ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. دېمەك، ئۇ ئانا تەرەپتىن ئەمىر تىمۇرنىڭ چەۋرىسى بولۇپ، مۇھەممەت بابۇر بىلەن نەۋرە قېرىنداش. سەئىدخان ياش ۋاقتىدا چوڭ بوۋىسى ئەمىر تىمۇرنىڭ مۈلكىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ، باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا دۆلەت تۇتۇپ، پادىشا بولۇشنى ئارمان قىلغان ئىدى. بىراق، بۇ ئارمانغا يېتىش يولى ئاسان بولمىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ مەملىكىتى ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخسىم قىلىنىپ، بىر قانچە مۇستەقىل خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جېڭگ-جېدەللەر ئۈزۈلۈكسىز بولۇپ تۇردى. موشۇ سەۋەپلەر نەتىجىسىدە XV ئەسىردە ئوتتۇرا ئازىيادە تېچلىق، خاتىرجەملىك بولمىدى. خەلق ئېگىلىگى ۋەيران، ئەللىرى سەرسان ھالەتتە تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن چاغاتاي ئەۋلاتلىرى ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بۇ كەڭ مەملىكەتنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە قارشى ئىسيانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. ئالتۇن ئوردىنىڭ خانى مۇھەممەت شايبانىخانمۇ ئوتتۇرا ئازىياگە ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى.

شاھزادە سەىدخان ئەر يېتىپ، ئۆزىنىڭ سەياسىي پائالىيىتىنى باشلىغان ۋاقىتتا ئەينە شۇنداق مۇرەككەپ سەياسىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئىدى.

سەىدخان 14 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا ئاتىسى ئەخمەتخان بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئازىيا رايونىغا بارغان ئىدى. كۆتمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەت بابۇر بىلەن ئۆزبەك خانى مۇھەممەت شەيبانىخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. سەىدخان ئۆز قېرىندىشىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئەسىر چۈشۈپ قالدى. مىڭ بىر مەشەقەتلەر بىلەن ئەسىرلىكتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، مۇھەممەت بابۇرنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. ئۇ يەردىمۇ خاتىرجەم بولالماي، 1504-ژىلى يەتتىسۇ ۋىلايىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ئىنىسى خېلىل سۇلتانىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئىنىسى بىلەن 4 ژىل بىللە تۇردى. 1508-ژىلى چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان تۇرپاندىن ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، يەتتىسۇ زىمىنىنى ئىنىلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولدى. سەىدخان ئۆز ئوتريادى بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا يېڭىلدى ھەم يارىدار بولدى. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى تارقىلىپ كېتىپ، ئۆزىگە سادىق ئازغىنا ئادىمى بىلەنلا قالدى. ئۆزلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت نارىن دەاياسى ياقىسىدىكى ئورمانلىقتا ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرى جاراھىتى ساقىيىپ، ئالىلىسگە قايتىپ بېرىپ، ئانىسى بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىدى. بىراق، ئۇنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا پادىشا بولۇش ئارزۇسى ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ياشلىقىدا كۆڭۈلگە پۈككەن غايە ئۇنى شىددەتلىك جەڭلەرگە چاقىرىپ، قەلبىدە توغيان قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئاخىر ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆزىگە سەياسىي يۆلەكچى تېپىش مەخسىتىدە، ئىككىنچى قېتىم قابۇل شەھىرىدىكى نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت بابۇرنىڭ قېشىغا كەتتى. مۇھەممەت بابۇر بۇ قېرىندىشىنى خوشال-خورام قارشى ئالدى. ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىلدى. سەىدخانىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ بەردى. دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى ئۆگەنسۇن دەپ، خۇراساننىڭ ئىسپاھان ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى.

سەىدخان ياش بولۇشىغا قارىماي، ئىسپاھان ۋىلايىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، تەرتىپ ۋە ئادالەت ئورناتتى. خەلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا، مۇھەممەت بابۇر شاھنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بىراق، بۇ ئۇتۇقلىرىغا ئۇنىڭ ئۆزى قانائەت قىلماتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ، بۇ خىزمىتىدىن بوشاندى. ئۆزىگە سادىق ئادەملىرى بىلەن پەرغانە ۋادىسىغا قايتىپ كەلدى. كەلگۈسى ئۇلۇغۋار مەخسەتلەر ئۈچۈن كۈچ توپلاشقا كىرىشتى. ئۇ ئەمجەننى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋىلايىتىنى ئېگەللىمەكچى بولغان ئىدى. بىراق، شۇ دەۋىردە ئوتتۇرا ئازىيادە يۈز بەرگەن ھەربىسەياسىي ۋاقەلەر، سەىدخانىنىڭ بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يول بەرمىدى. بۇ چاغدا سەىدخان ئەندىلا 37 ياشقا كىرگەن قىران ژىگىت بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىغان، كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ھەربىي جەھەتتىن تەقرىبىگە ئېگە بولغان، سەياسەتتە ژىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەرباپ بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتۈك ئەقىل-پاراستى بىلەن ئويلاپ، شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئازىيا شارائىتىدا، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرالىشى مۈمكىن ئەمەسلىگىنى دۇرۇس مۆلچەرلىدى.

«ئەتراپىمدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئۆزەمدىن كۈچلۈك خانلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا تۇرسا، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشنىڭ پايدىسى يوق. مېنىڭ ئەندىكى پائالىيەت سەھنەم بوۋام يۇنۇسخاننىڭ مۈلكى–قەشقەرىيە ئۆلكىسى بولۇشى مۈمكىن»–دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى: شۇ زاماندا قەشقەرىيە ئۆلكىسى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىرزا ئابابەكرى ھېلىگەر، زالىم پادىشا بولۇپ، خەلقنىڭ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدىن تامامەن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، جەڭگىۋارلىغى يوق بىر قوشۇن ئىدى. قەشقەرىيە خەلقى بۇ زالىم پادىشادىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەتتى. ئەگەر سەىدخان مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ، قەشقەرىيەنى ئېگەللىسە، بىرىنچىدىن، زالىم پادىشانى يوقىتىپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزغان بولاتتى. ئىككىنچىدىن، موڭغۇللارنىڭ 3 ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ، چوڭ بوۋىسى ئەمىر تىمۇر باشلىغان تۈركستاننى ئازات قىلىشتەك ئالىيجاناپ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەن بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا پادىشا بولۇش ئارزۇسىغىمۇيەتكەن بولاتتى. موشۇمۇلاھىزىلەرگە ئاساسەن، سەىدخان مىرزائابابەكرىنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويدى.

## §2. سەئىدخاننىڭ قەشقەرىيەنى ئىگەللەپ، ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

تارىخچى مىرزا ھەيدار دۇغلاتىينىڭ يېزىشىچە، بۇنىڭ جەرىيانى مۇنداق بولغان: پەرغانە ۋادىسىدا ئۆزبەك خانلىرى بىلەن بولغىن ئۇرۇشتا يېڭىلگەن سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، 1514-ژىلى بېشىدا ئىسسىقكۆل بويىدىكى نارىنغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، ئالتاي تىغىنى ئېشىپ ئۆتۈپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قەشقەرنىيەنىڭ چەت يۇرتى بولغان ئاتۇش شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆز كۈچىنى تۇپلاپ، خەلقنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا ئەڭ كۈچلۈك ھىساپلانغان يېڭىھىسار قەلئەسىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن كېيىن قەشقەرنى، ئاخىرىدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ پايتەختى يەكەننى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرىيە ۋادىسىنى تولۇق ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شۇنداق قىلىپ، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالدى. بۇ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەپچى بولغان مۇھىم ئامىللار مۇنۇلار بولغان ئىدى.

1. سەئىدخان كېيىنكى 12 ژىل ئىچىدە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەربىي سەياسىي ئېلىشىشلارنىڭ قايناملىرىدا بولدى (بۇ جەرىياندا دۈشمەن ئوق-ياسىنىڭ ئوقىدىن ياردارمۇ بولدى. بىر مەزگىل ئورمانلىقتا ياشاشقىمۇ توغرا كەلدى). موشۇ ۋاقىئەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى چىنىقتۇرۇپ، قەتئىي ئىرادىلىك جەڭچى، پاراسەتلىك سەركەردە، ژىراقنى كۆرىدىغان سەياسىي ئەربەپ قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلغاندا ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، شۇ زاماندىكى قەشقەرىيەنىڭ سەياسىي جۇغراپىيەۋىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان توغرا چارە-تەدبىرلەرنى قوللاندى، توغرا قارارلارنى قوبۇل قىلدى.

2. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، مىرزا ئابابەكرىنىڭ زالىملىقى، ياۋۇزلىقى قەشقەر خەلقىنى زار قاخشىتىپ، خەلق ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى نىجاتچىنىڭ قاياقتىن كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ھالەتتە ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ خاننىڭ زالىملىقىدىن بىزار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىرزا ئابابەكرى پاراسەتسىز پادىشا بولغانلىقتىن، سەئىدخاننىڭ ھەربىي ھۇجۇمىغا ھۇجۇم بىلەن جاۋاپ بەرمەستىن، ھەممە ئەسكەرنى سېپىلنىڭ ئىچىگە سولاۋېلىپ، پاسسىۋ مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. مانا موشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى، قەشقەرىيە خەلقى سەئىدخاننى قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامەت سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنىڭ ھېچ قايىسسى قارىغا كەلمىدى. سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى يەر ئاستىدىن لەخمە كولاپ، پارتلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەڭ كۈچلۈك ھىساپلانغان يېڭىھىسار سېپىلىنى پارتلىتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى يوقىتىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خەلقنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، قانلىق جەڭلەر بىلەن قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، ئاخىرىدا بارلىق كۈچىنى ژىغىپ، مىرزا ئابابەكرى خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان يەكەن قورغىنىغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. سەئىدخان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن مىرزا ئابابەكرى 50 ژىلغا يېقىن خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ژىققان مال دۇنياسىنى 900 خېچىرغا ئارتىپ، يەكەن شەھىرىنى تاشلاپ، خوتەنگە قاراپ قاچتى. بۇ زالىم پادىشانى خوتەن خەلقى قارشى ئالمىدى. ئامالسىز قالغان مىرزا ئابابەكرى مال-دۇنياسىنى ئېلىپ، ئازغىنا ئادىمى بىلەن قاراقۇرۇم تاققا قاراپ قاچتى. شۇنداق قىلىپ، سەئىدخاننىڭ ۋە قەشقەرىيە خەلقىنىڭ بىرلا زەربىسى بىلەن زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان تاجۇ-تەختى غۇلاپ چۈشتى. پادىشالىق تەختى ياش، تالانتلىق سەئىدخاننىڭ قولىغا ئۆتتى.

مىلادىيە 1514-ژىلى رەجەپ (7-ئاي) ئېيىنىڭ 30-كۈنى يەكەندە قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى سەئىدخاننى يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاسى قىلىپ سايلىدى. دۆلەتنىڭ نامى سەئىدخاننىڭ ھۆرمىتىگە «سەئىدىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. يەكەن شەھىرى پايتەخت قىلىپ بېكىتىلدى. دۆلەتنىڭ رەمزى بولغان بايراق: نوقۇت رەڭلىك 3 بۇرجەك لاتا بولۇپ، بايراقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئالتۇن ھەل بىلەن «لا ئىلاھە ئىللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ» كەلىمىسى يېزىلدى. سول تەرىپىگە موشۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى: ھىجرىيە 920-تارىخ رەجەپ ئاينىڭ ئوتتۇزى-دەپ يېزىلدى.

سەئىدخان سۇلتان بولۇپ، تەختتە ئولتارغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان سەياسىي باياناتىدا: «دۆلەت قۇرۇشتىن مەخسەت: يەر زىمىنلارنى ئىشغال قىلىپ، تاج كىيىپ، شەخسىي ئارزۇنى قاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئەسىرلەردىن بېرى راھەت كۆرمىگەن خەلقىمىزنى راھەتكە چىقىرىشتۇر»، دەپ ئېلان قىلغان ئىدى («تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، 205-208-بەتلەر).

مىرزا ئابابەكرىنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن سەئىدخاننىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئۇنى قاراقۇرۇم تاغدا تۇتۇۋېلىپ، كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ئۇ ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن-كۈمۈچلەرگە قوشۇپ غالىپ پادىشا سەئىدخانغا تەغدىم قىلدى. «كىم خەلقنىڭ بېشىغا خەنجەر تەڭلىسە، ئۇ خەنجەر ئۆزىنىڭ بېشىنى كېسىدۇ»-دېگەن ھېكمەت توغرا بولۇپ

چىقتى. ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ بېشىغا خەنجەر تەڭلەپ ئۆتكەن، نەچچە مىڭ بىگۇنا جانلارنىڭ جېنىغا زەمىن بولغان مىرزا ئابابەكرىخان ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جاھانگىرخان بىلەن تۇرەنگىزمۇ خەلقنىڭ قىساس ئېلىشىدىن قۇتۇلالمىدى. كىچىك ئوغلى بوستانگىر بولسا ئەللەردىن-ئەللەرگە قېچىپ، مۆكۈپ ژۈرۈپ، سەرسان-سەرگەردانلىقتا ئۆلدى. شۇنداقى قىلىپ، مىرزا ئابابەكرىخان ئىدارە قىلىپ كەلگەن قەشقەرىيە خانلىغى: كەشمىر، بەدەخشان، ئىسسىقكۆل، يەتتىسۇ، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى تولۇقى بىلەن سەئىدخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. سەئىدخان دۆلەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلدى.

1. سەئىدخان يەكەن شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ، ئوردا بېگى، ۋەزىر، ياساۋۇل، مىراپ، تۇغ بېگى، ئەمىر، قازى كالان قاتارلىقلارنى تەيىنلىدى. ھەممە ۋىلايەتلەرگە يېڭى ۋالىلارنى تەيىنلەپ ئەۋەتتى. مەسىلەن: سېيىت مۇھەممەت مىرزىنى خانلىقنىڭ باش ۋەزىرى سەئىدىيە خانلىغى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى، قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدەك خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، ئىسسىقكۆل ۋە يەتتىسۇ ۋىلايەتلىرىگىمۇ ۋالىلارنى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلانى تەيىنلەپ ئەۋەتتى.

2. سەئىدخان، مىرزا ئابابەكرى زامانىدىكى ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر سېلىقلارنى بىكار قىلدى. «خەلق ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن» دەپ، 5 ژىلغىچە خەلقتىن باج-سېلىق ئالمىدى. ئۇرۇش ۋەيرانچىلىغى ۋە تەبىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان ئېگىلىكنى قايتا تىكلەپ، يېزا ئېگىلىگى ۋە چارۋىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خەلقنىڭ تۇرمىشىنى ياخشىلاشقا زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى قايتىدىن تىكلىدى. مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىدىغان مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەرنى كۆپلەپ ئاچقۇزدى.

3. بۇ مەزگىلدە سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخان تۇراپاننى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، قۇمۇلدىن كۇچاغىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرى، شۇنىڭدەك ئىلى ۋە يەتتىسۇنىڭ بىر قىسمى مەنسۇرخاننىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىلدە ئۇيغۇرستان تەۋەسىدە ئىككى خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ۋەتەننىڭ بىرلىگىگە پايدىسىز بولغان بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىككى قېرىنداش باشقۇرۋاتقان بۇ ئىككى دۆلەتنى سەياسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈشنى مەخسەت قىلىپ، ئۆز ئەلچىسىنى نۇرغۇن سوغا-سالاملار بىلەن ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. قېرىنداش ئىككى پادىشانىڭ ئۆزمۇ-ئۆز ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلدى. مەنسۇرخان ئىنىسى سەئىدخاننىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىققا چاقىرغان بۇ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگىنى قارشى ئالدى. سەئىدخاننىڭ ھوزۇرىغا ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگىنى ئەۋەتتى. سەئىدخان ئەلچى باشلىغى بولۇپ كىچىك ئىنىسى ئىمىنغوجىنى سەمىمىي قارشى ئالدى. قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ئۇرۇش-جېدەللەر، ھەتتا كۆڭۈلسىز ۋاقىەلەر سادىر بولغان بولسىمۇ، سەئىدخاننىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىغى ئارقىسىدا ئاستا-ئاستا بۇ ئادەۋەتلەر ژۇيۇلۇپ تاشلاندى. ئۆز ئارا سەمىمىيەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدى. موشۇ ئاساستا سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ ئۆزمۇ-ئۆز ئۇچرىشىشى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ تارىخىي ئۇچرىشىش توغرىسىدا مىرزا ھەيدەر دۇغلاتىي «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسەرىدە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«1516- ژىلى ھوشۇر ئېيىدا سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى ۋە بىر قىسىم قوشۇنىنىڭ ھەمرالىغىدا يەكەندىن يولغا چىقىپ، قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاۋات شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. مەنسۇرخانمۇ ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى ۋە بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، تۇرپاندىن چىقىپ، توخسۇن، قاراشەھەر ۋە كۇچانى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاۋات چېگارىسىغا كېلىپ توختىدى. خانلارنىڭ ئۇچرىشىشى مۇنداق باشلاندى: ھەر ئىككى خان كۆرۈشۈشكە يېقىن بارغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىدىن كېلىۋاتقان ئەدەپ-قائىدىسى بويىچە، ئاۋال ئىنىسى سەئىدخان ئاكىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، تىزلىنىپ سالام قىلدى. سۇلتان مەنسۇرخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنىسى سۇلتان سەئىدخاننى قۇچاقلىدى. ئاندىن كېيىن ئىككى قېرىنداش قول تۇتۇشۇپ مېڭىپ، ئاۋال مەنسۇرخان، ئاندىن كېيىن سەئىدخان ئۆز تەختلىرىگە ئولتىرىشتى. ئاندىن كېيىن سۆھبەت باشلاندى:

سۇلتان سەئىدخان: «**بىزنىڭ بۇ بىرلىگىمىز ئىلگەركى توقۇنۇش ۋە ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە كۆرگەن ئاچچىق دەرتلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇپ كەتسۇن!**»-دېدى.

سۇلتان مەنسۇرخان: «**گەرچە ياشتا مەن سىزدىن چوڭ بولساممۇ، مەرتىۋىدە سىز مېنىڭ ئاتامنىڭ ئورنىدا!**»-دېدى.

سۇلتان سەئىدخان: «**مۇھىمى، بۇ بىرلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دوستلۇق رىشتلىرىنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرايلى**»-دېدى.

مانا شۇنداق سەمىمىيەت بىلەن باشلانغان سۆھبەت نەتىجىسىدە بۇ ئىككى خانلىق سەياسىي جەھەتتىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇپ بىرلەشتى. بۇ دۆلەت «سەئىدىيە خانلىغى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ بىرلەشكەن

دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى–سۇلتان سەئىدخان دەپ ئېتىراپ قىلىندى. سەئىدخان بولسا ئاكىسى مەنسۇرخاننى ئۆزى بۇرۇن ئىدارە قىلىپ كەلگەن، قۇمۇلدىن غۇلجىغىچە بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ پەۋقۇلاددە ھوقۇقلۇق ئومۇمىي ۋالىيسى دەپ تونۇدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقى باللىرىغا مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى جاكالىدى. شۇنىڭدەك بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ھوقۇقى مەنسۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا، ئىككى سۇلتان كىيىپ كەلگەن تونلىرىنى، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە سوغا-سالام قىلىشتى. ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. مەنسۇرخان ئۆز ئوردىسى تۇرپانغا، سەئىدخان بولسا ئاقسۇ ئارقىلىق يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى».

سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى ئۇچرىشىشى 1519-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا يەنە ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىككى سۇلتان ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش يوللىرىنى كېلىشىۋالدى.

سەئىدخان 1522-يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخانغا «سۇلتان» ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئىسسىقكۆل رايونىغا باش ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. ئابدۇرېشىتخان ئۆزىگە بېرىلگەن قوشۇننى باشلاپ، ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى «قوشقار بېشى» دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قىرغىزلار ئېلىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. 1526-يىلى قالماقلارنىڭ مەنغىت قابىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قازاق خانى تاھىرخاننى مەغلۇپ قىلدى. تاھىرخان بىر قانچە قازاق ئېلىنى باشلاپ «قوشقار بېشىغا» كېلىپ، ئابدۇرېشىتخاندىن پانا تىلىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قازاقلارنىڭ خانى تاھىرخاننى ھۆرمەت قىلىپ، قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭغا ھايات كەچۈرىدىغان يەر ۋە يايلاق بەردى. بىراق تاھىرخان ۋاپاغا جاپا قىلىپ، ئىسيانچى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، ئابدۇرېشىتخانغا قارشى چىقتى. تاھىرخان قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، 1527-يىلى «قوشقار بېشىدا» ئابدۇرېشىتخانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. تەييارلىقسىز تۇرغان ئابدۇرېشىتخان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، «ئات بېشى» دېگەن جايغا قايتىپ كەلدى. قازاقلار بىلەن قىرغىزلار ئېلى دەرياسىنى ياقىلاپ، تېكەس ۋە كۆنەس يايلاقلىرىغىچە بېرىپ يەتتى. لېكىن سەئىدخاننىڭ جازالىغۇچى قوشۇنلىرى كېلىپ، ئۇلارنى بۇيەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ زاماندا خانلىقنىڭ غەربىي تەرىپىدە تۇرىدىغان بەدەخشان ئۆلكىسىمۇ سەئىدىيە خانلىقىغا قاراتتى. موشۇ ئۆلكىدە ئىسيان چىققانلىقىنى ئاڭلىغان سەئىدخان 1528-يىلى قىش پەسلىدە بلۇرىستانغا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ۋاخان يولى ئارقىلىق خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

1530-يىلى سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان سۇلتاننى ئۆزىگە ۋەلىئەھت (تەخت مىراسخورى) قىلىپ بەلگىلىدى. ئۆزى مىرزا ھەيدار كۈراگانى بىلەن كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى قوماندان قىلىپ خىللانغان 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، 1534-يىلى كەشمىر ئۆلكىسىنى قايتىدىن سەئىدىيە دۆلىتىگە بېقىندۇرغان قىلدى. كەشمىرنىڭ يەرلىك ھاكىمى بىلەن تۈزۈلگەن تۆرت ماددىلىق شەرتنامىدا:

1. كەشمىر ئۆلكىسى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە بولىدۇ. سەئىدخان بۇ ئۆلكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھېكىمنىڭ ئۆز قولىدا قالدۇرىدۇ.
2. كەشمىر يەرلىك ھۆكۈمىتى سەئىدخاننىڭ نامىدا پۇل چىقىرىدۇ.
3. ھەر يىلى كەشمىردىكى مالىيە كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى سەئىدىيە دۆلىتى غەزنىسىگە تاپشۇرىدۇ.
4. كەشمىر شاھى مۇھەممەت شاھ ئۆز قىزىنى سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىدۇ-دېگەن ماددىلار بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، كەشمىر ئۆلكىسىدىمۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەئىدخان تىبەتكە بولىدىغان ھەربىي يۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ھەربىي كېڭەشمە ئۆتكۈزدى. كېڭەشمىدە كېلىشىلگەن پىلان بويىچە: مىرزا ھەيدەر كۈراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانلار قوماندانلىقىدىكى قوشۇن تىبەتنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ قوشۇن تىبەتنىڭ غەربىي-شىمالىي قىسمىنى ئىگەللەپ، مەركىزى لخاسا شەھىرىگە بېرىپ يەتتى. سۇلتان سەئىدخان تاغلارنىڭ ئىچىدە قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىياز بولغاندا يېڭىدىن بويسۇندۇرغان رايونلارغا ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى بەلگىلەپ ئاندىن، ئۆزى لاداخ يولى ئارقىلىق يەكەنگە قايتماقچى بولدى. كۆكارت داۋانىغا كەلگەندە ئېگىز تاغدا ھاۋا رىياكسىياسى يۈز بېرىپ، سالامەتلىكى بىردىنلا ناچارلىشىپ كەتتى. سەئىدخاننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 8 كۈنلۈك يولنى 4 كۈندە بېسىپ، ھاۋاسى تازا خوتەن شەھىرى تەۋەسىگە يۆتكەپ كېلىپ، جىددىي داۋالاش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، سەئىدخان 1533-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 16-كۈنى 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

سەئىدخاننىڭ ئۆلۈمى داغدۇغىلىق بىلەن ئۇزىتىلدى. پۈتۈن خانلىق بويىچە 40 كۈن ماتەم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ جەسىدى يەكەن شەھىرىدىكى خانلىق ئوردىسىنىڭ يېنىدىكى «چاھارباغ»

ئىچىگە دەپىن قىلىندى. ھازىر بۇ يەر «ئالتۇنلۇغۇم مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورنى كەلگەندە سەئىدخاننىڭ تارىخىي خىزمەتلىرى توغرىلىق بىر نەچچە كەلىمە سۆز ئېيتىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ:

1. سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىش ئارقىلىق، موغۇللارنىڭ ئۇيغۇرستاندا III ئەسىر داۋام قىلغان مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

2. شۇ زاماندا ئۇيغۇرستان زېمىنى يەرلىك سۇلتانلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس يېغىلىقلار مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان تەشەببۇسچى بولۇپ، ئۇيغۇرستان زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىچكى يېغىلىقلارنى توختىتىپ، تېچلىقنى تەمىنلىدى. مەملىكەتتە ئىختىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە شەت-شارائىت يارىتىپ بەردى.

3. ئەسلىدە تىمۇرىيلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئىسسىقكۆل رايونىنى، غەربتە بەدەخشان بىلەن كەشمىرنى، جەنۇپتا تىبەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ 2،5 مىللىيون كىلومېتىر كۇبىغا يەتكۈزدى.

4. سەئىدخان دۆلىتىنىڭ ئىختىسادىي، ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى قايتىدىن ياساتتى. يېڭى مۇئەسسەلەرنى بىنا قىلدۇردى. ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق دېخانچىلىق رايونلىرىدىن زور كۆچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندۇردى.

5. ئىلىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدا يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى. خۇسۇسەن سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان مەملىكەتنى باشقۇرغان دەۋردىن بۇ دۆلەت ئوتتۇرا ئازىيادىكى ئىلىم، مائارىپ، سەنئەت جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇننى ئېگەللىگەن. يەكەن بىلەن قەشقەر شەھىرى «سانىي بۇخارا» (يەنى ئىككىنچى بۇخارا) دەپ ئاتالغان ئىدى.

## §3. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۆتۈقلىرى

سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان 1510-ژىلى تاشكەنت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ژۇقۇرى بىلىملىك تەربىيىچى ۋە ئۇستازلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى. ئۇ ئۇيغۇر، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەندى. تارىخ، ئەدەبىيات، مۇزىكا ساھاسىدىمۇ ژۇقۇرى بىلىم ئالدى. ھەربىي ئىلىم، سەياسەت ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىن يېتەرلىك بىلىمگە ئېگە بولغان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئابدۇرېشىتخاننى ئاۋۋال ئىسسىقكۆل ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇدا باش ۋالى ئىدى. سەئىدخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن ئۇ دەرھال يەكەنگە قايتىپ باردى. 1534-ژىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئاتىسىنىڭ قەبرىنى تاۋاپ قىلدى. ئەتىسى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسى بويىچە، خانلىقنىڭ چوڭ ئەرباپلىرى، ئەمىر سەركەردىلىرىنى جەم بولۇپ، قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇرېشىتخانغا پادىشالىق تاجىنى كىيگۈزۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتارغۇزدى. ئابدۇرېشىتخان تېخى 23 ياشتىكى تەجرىبىسىز خان ئىدى. ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارنى يېتەرلىك بىلمەتتى. ئۇنىڭ موشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان پۈرسەتپەرەس مىرزا ئەلى تاغاي ئوردا ئىچىدە پىتنا-ئىغۋا تارقىتىپ، مىرزا ھەيدار كۈراگانىي قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەرباپلىرىنى يالا بىلەن ئابدۇرېشىتخانغا چېقىشتۇردى. چېقىمچىنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشەنگەن ئابدۇرېشىتخان خاتالىشىپ، بەزى ياخشى ئادەملەرنى ئىشتىن ئېلىپ تاشلىدى، ھەتتا ئۆلۈمگە بۇيرىدى. مەسىلەن: قەشقەر ۋالىسى سېيىت مۇھەممەت مىرزىنى، ئېلى سەئىد كۆكۈلداشنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. سەئىدخاننىڭ كىچىك ئايالى زەينەپخاننى ئۇنىڭ تاغىسى ۋە ھامىلىرى بىلەن قوشۇپ، بەدەخشان ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى. مىرزا ھەيدار كۈراگانىينى خانلىقنىڭ تىبەتتە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا قوشۇن ئەۋەتتى. ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئورنىغا، پۈرسەتپەرەس، چېقىمچى مىرزا ئەلى تاغاينى قەشقەرنىڭ ۋالىسى قىلىپ، تەيىنلەپ ئەۋەتتى. موشۇ خاتالىقلىرى تۈپەيلى ياخشى نىيەتلىك دۆلەت ئەرباپلىرى، ئەمىر-سەردارلار ئابدۇرېشىتخاندىن ژىراقلىشىپ، ئۇنىڭ ئابرويى تۆۋەنلىدى. ئوردا ئىچىدە تەپرىقىچىلىق پەيدا بولدى، خەلقتە خاتىرجەملىك بولماي قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ سۈيىقەستى ئاشكارە بولۇپ قېلىشىدىن قورققان پىتنىخور مىرزا ئەلى تاغاي ئوغرىلىقچە قاراتېكىن تېغىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى-ئۆزى ئاشكارىلىدى. سۈيىقەستنىڭ سىرى ئېچىلدى، موشۇ ۋاقىئەلەردىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرېشىتخانمۇ پىتنىخورلارنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ، ياخشى ئادەملەرگە ۋابال قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، بۇ خاتالىقى ئۈچۈن پۇشايمان يېدى. ئۇ مىرزا ھەيدار

كۇراگانىيغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدە ئۆزىنىڭ خاتالىغى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانلىغىنى ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىغان.
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ خاتالىغىنى تونۇپ تۈزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ژىراقلىشىپ كەتكەن ياخشى ئادەملەر قايتىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، دۆلەتتە مۇقىملىق، خەلقتە خاتىرجەملىك ئورناشتى.
سۇلتان سەيدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىغىنى ئاڭلىغان چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخانغا بېقىنىشنى خالىماي، باشتىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىككى قېتىم قوشۇن تارتىپ كېلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تەجەۋۇزچىلارغا زەربە بېرىپ چېكىندۈردى. شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىگىنى، خەلقنىڭ تىنچ ئامانلىغىنى ساقلاپ قالدى. مەملىكەتتە ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇ ئىشلاردىن خەلق ناھايىتى رازى ئىدى.
1545-ژىلى يەتتىسۇدىكى قازاقلار بىلەن قىرغىزلار خانلىققا قارشى ئىسيان كۆتەردى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قوشۇن تارتىپ كېلىپ، ئىسيانچىلارنى قاتتىق باستۇردى. يەتتىسۇنىڭ ئەمىنلىگىنى تەمىن قىلىپ ئۆزى پايتەختىگە قايتىپ كەلدى.
تارىخچى شاھ ماھمۇت جۇراسنىڭ يازغان خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا: «سۇلتان ئابدۇرېشىتخان 1570-ژىلى ئۆزىنىڭ يېقىن ئەيانلىرى مىر ئەنۋەر، موللا مەھمۇت قاتارلىقلار بىلەن بىللە خوتەن رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغان سەپىرىدە خوتەننىڭ جەمە يېزىسىدا 60 يېشىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى»، ئۇنىڭ جەسىدى يەكەن شەھرىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاتىسى سەيدخاننىڭ «چاھارباغدىكى» مازارىغا دەپنە قىلىندى.
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىككىچى ئوغلى ئابدۇكېرىم خانلىق تەختىگە ئولتاردى. ئۇ دۆلەتنى ئۇنۇملۈك ئىدارە قىلىش مەخسىتىدە ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئۆز ئىنىلىرىنى ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتتى. مەسىلەن: قەشقەرگە ئىبراھىم سۇلتاننى، يېڭىھىسارغا مۇھەممەتخاننى، خوتەنگە ئەبۇ سەيدخاننى، ئاقسۇغا مۇھەممەت باقى سۇلتاننى، ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى، ئابدۇكېرىمخان خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىگىنى تەمىنلەش ئۈچۈن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باش-باشتاقلىغىنى چەكلەش، دۆلەتنى قانۇن ئاساسىدا باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، بىر قاتار قانۇن-تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. باشقۇرۇش تۈزۈمىدە ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ بىر مەزمۇنى: ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىۋېتىش، ئۆشرە زاكاتنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئابدۇكېرىمخان موشۇنداق ئىسلاھاتلار ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. مەملىكەتتە مائارىپ ۋە پەننىڭ رىۋاجلىنىشىغا ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. موشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا خانلىقنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە يۈزلىگەن دارىلپۈنۈنلار ئىشلەپ تۇردى. مىڭلىغان ئالىملار، ئەدىپلەر ۋە ئاتاقلىق سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقتى.
سەيدىيە خانلىغى دەۋرىدە ئۇيغۇرستاندا يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى بولدى. بىراق، ھەر بىر ياخشىلىقنىڭ بىر كۆشەندىسى بولغاندەك، دەل موشۇ مەزگىلدە غەربىي تۈركستاندىكى سەمەرقەنتتىن غوجا ئىسھاق دېگەن ئىشان قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. دۇنيادا نادان خەلقنى ئالداشتىنمۇ ئوڭاي ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇ نادان خەلقنىڭ قارىغۇ ئېتىقاتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى: «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇرستاننىڭ قەشقەر، يەكەن ۋە باشقا يۇرتلىرىدا سوپىزم-تەسەۋۋۇپچىلىق ئەقىدىسىنى تارقىتىپ، ئۆزىگە مۇرىت توپلاشقا باشلىدى. ھەتتا پايتەخت يەكەنگە كېلىپ ئابدۇكېرىمخان بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئىسھاقغوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى تەرىقەتچىلەرنىڭ «قاراتەقىيەچىلەر» مەزھىبىنى شەكىللەندۈردى. يۇسۇپغوجىنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا (ئاپاقغوجا) بولسا تەرىقەتچىلەرنىڭ «ئاق تەقىيەچىلەر» مەزھىبىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىككى گۇرۇھ سوپى-ئىشانلار كۆرۈنۈشتە بىر-بىرىگە قارشى تۇرغاندەك بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى مەخسىتى بىرلا، يەنى ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا بۇ تەرىقەتچىلەرنىڭ پائالىيىتى دىنىي چەكتىن ئېشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول سىلىشقا قەدەر بېرىپ يەتتى. ئابدۇكېرىمخان تەرىقەتچىلەرنىڭ بۇ ئىشلىرىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، ئىسھاقغوجىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە دۆلەت تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئىسھاقغوجا ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا بېرىپ، چارۋىچى قىرغىزلارنى ئالداپ، يەنە ئۆزىگە مۇرىد توپلاشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلەشتى. غوجا ئىشانلارنىڭ ھەرىكىتى تەرەققىي قىلىپ، خانلىققا دۈشمەنلىك قىلىشقىچە بېرىپ يەتتى. موشۇنداق شارائىتتا ئابدۇكېرىمخان 1592-ژىلى كۈزدە خەزىنىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەخسىتىدە مارالبېشىغا كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي خائىن ئۇبۇل مەئانىي ۋە مۇھەممەت قاسىملار 500 مۇرىد-سوپىلارنى توپلاپ، ئابدۇكېرىمخان قونغان قونالغۇنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. پادىشانىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن سوپىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ

بولدى. موشۇ جەڭدە خاس مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە ئابدۇكېرىمخان سىپىلارنىڭ قولىدا شېھىي بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى يەكەنگە كەلتۈرۈلۈپ، دادىسى ۋە بوۋىسىنىڭ «چاھارباغدىكى» قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىندى.

ئابدۇكېرىمخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پادىشالىق تەختىگە ئابدۇرېشىتخانىنىڭ 5-ئوغلى مۇھەممەت ئولتاردى. مۇھەممەتخانىنىڭ زامانىسىدا ئۇنىڭ ياشلىقىدىن پەيدىلانغان دۈشمەنلەر تەرەپ-تەرەپتىن پاراكەندىچىلىك سالدى. ئۆزبەك خانى ئابدۇللا قوشۇن ئەۋەتىپ، قەشقەرىيەگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسسىقكۆل بويىدىكى قىرغىزلار ئىسيان كۆتەردى. ئالتايدىكى جوڭغار قالماقلىرى تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. مۇھەممەتخان ئۆزىنىڭ ياش بولۇشىغا قارىماي، موشۇ باسقۇنچىلىق ۋە ئىسيانلارنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تىنجىتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ قالدى. سۇلتان مۇھەممەتخان 1610-ژىلى ئاغرىپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدىمۇ يەكەندىكى ئەجداتلىرى ياتقان «ئالتۇنلۇغۇم مازارىغا» قويۇلدى. مۇھەممەتخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەئدىيە خانلىغىنىڭ تەختىدە ئۇنىڭ ئوغلى شىجادىدىن ئەخمەت (1610-1617)، ئۇنىڭدىن كېيىن شىجادىدىن ئەخمەتنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ (1617-1627)، ئۇنىڭدىن كېيىن شىجادىدىن ئەخمەتنىڭ ئوغلى زىيادىدىن (1627-1639)، ئابدۇكېرىمخانىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاخان (1639-1669)، ئاخىرىدا ئابدۇلاخانىنىڭ ئىنىسى ئىسمايىلخان (1669-1678) لار دۆلەتنى باشقۇردى.

### 4§. سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت

سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەتتە تېچلىق-ئاسايىشتىلىك ئورنىدى. پادىشاھلار ئالدى بىلەن ئىختىساتنى رىۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى چىڭ تۇتتى. ئۇلارنىڭ توغرا سەياسەت بەلگۈلەپ، قەتئىي ئىجرا قىلىشى، ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىشى نەتىجىسىدە مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن يېزا ئېگىلىگى ئەسلىگە كېلىپ، ئالغا قاراپ رىۋاجلاندى. يېڭى-يېڭى سۇغىرىش ئىنشاتلىرى قۇرۇلدى. ئىشلەپ چىقىرىش رەغبەتلەندۈرۈلدى. چارۋىچىلىق، ھۈنەر كەسىپ، سودا-سېتىق ئىشلىرى رىۋاجلاندى. نەتىجىدە ئۇزاققا بارماي، خەلق ئېگىلىگى ئۆرلىدى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. تاشقى سودىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دۆلەتكە چوڭ كىرىم قىلىندى. خەلققە سېلىنىدىغان باج-سېلىقلار ئازايدى. خۇسۇسەن، سۇلتان سەئدخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە سۇلتان ئابدۇللاخانلار زامانىدا مەملىكەتتە تېچلىق ۋە پاراۋەنلىك ئورنىتىلدى. ئىختىساتنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ۋە روھانىيەت جەھەتتىمۇ يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. قەشقەر ۋە يەكەن شەھەرلىرى تارىختا ئۆتكەن ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. سەئدىيە دۆلىتى زامانىسىدا بۇ شەھەرلەر دۆلەتنىڭ سەياسىي، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ قالىۋەردى. يەكەن خانلىغى دۆلەت غەزنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىلەرنى، مەكتەپلەرنى سالدۇردى. يەكەن شەھرىدىكى «رەشدىيە» مەدرىسىنىڭ ئۆزىلا 360 ھۆجرىلىك ئىككى قەۋەتلىك گىگانت قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ شەھەردە 437 جايدا مۇستەھەپخانە (مونچىلار) بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە «يېشىل مەدرىسە»، «مەدرىس ئىقلىمات»، «جاھان مەدرىسى»، «خانلىق مەدرىسى» ۋە يەنە «مەھمۇدىيە»، «ساقىيە»، «ۋەلىيە» قاتارلىق مەدرىسلەر ئىشلەپ تۇراتتى. بۇ مەدرىسلەرنىڭ ھەر بىرىدە مىڭلىغان تالىپلار ئوقۇپ، بىلىم ئالاتتى.

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ زاماندا پايتەخت يەكەن شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى 2263كە، مەسچىتلەرنىڭ سانى 585كە، خانىقالارنىڭ سانى 948گە يەتكەن ئىكەن. خانلىقنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت مەركىزى-قەشقەر شەھرىدە ئونلىغان داڭلىق مەدرىسلەر ئىشلەپ تۇرغان. سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ئوردىسى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىلىملىك، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى جارىي قىلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجى ھېساپلانغان «ئون ئىككى مۇقام»-دەل موشۇ دەۋىردە رەتلىنىپ، پۈتۈن ژۈرۈشلۈك ھالىغا كەلتۈرۈلگەن، بۇ ئىشتا ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخان بىلەن ئوردا مۇقامچىسى يۈسۈپ قىدىرخانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى ئەمگىگى بىقىياس. تۆۋەندە بىز مىسال تېرىقىسىدە سەئدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرىدىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:



## مەلىكە ئامانىسا

ئامانىسا 1523-1557 ژىللىرى ئارىلىقىدا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاتاقلىق شائىرە، مۇزىكانت ۋە مۇقام ئۇستىسى. ئۇ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەپ چىقىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان. ئامانىسا خېنىمنىڭ شائىر سۆپىتىدە «دىۋان نەفسىي» ناملىق غەزەللەر توپلىمى، ئەدىب سۆپىتىدە «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق دىداكتىك ئەسەرى «شۇرۇلقۇلۇب» (قەلبلەر كېڭىشى) ناملىق ئېستېتىكىلىق ئەسەرى مۇزىكانت سۆپىتىدە «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق ئىجادىي مۇقامى بار. مەلىكە ئامانىسا سەئىدىيە دۆلىتى زامانىسىدىكى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزگىچە خاس ئورۇن تۇتىدىغان تارىخىي شەخس. كېيىنكى ژىللاردا مۇزىكا مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرى مەلىكە ئامانىسا مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئامانىسا ئىجادىنىڭ يېڭى قىر-سىرلىرىنى ئاچماقتا.



## مىرزا ھەيدەر (دۇغلاتىي) (1499-1551)

XVI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئەدىب، تارىخچى ۋە دۆلەت ئاربابى. بۇ كىشىنىڭ «دۇغلاتىي» دېگەن تەخەللۇسىغا قاراپ، بەزى كىشىلەر «موڭغۇل نەسلىدىن بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ كەلگەن ئىدى. بىراق مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتاۋىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۆزى توغرىلىق مۇنداق دەپ مەلۇمات بېرىدۇ:

«پاك ۋە ئۇلۇق تەكرىم ئۆزىنىڭ تولۇق ئىنايىتى بىلەن پېقىرنى موغۇل ئۇلۇسىدىن تاشقىرى قىپتۇ. ئۇلاردىن پەرقلىق، ئۇلارغا بىباھاجەت قىپتۇ. پېقىرنىڭ ئىسمىم ھەيدەردۇر. بۇ «ھاياتلىق مەنبەدۇر» دېيەكەنلىك بولىدۇ».

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ موڭغۇل نەسلىدىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇيغۇر خانلىقى جامەتىگە تۇققان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، يەنە مۇنداق دەپ يازغان:

«پېقىرنىڭ ئاتا-ئانام نەچچە پۇشتىغىچە ھەممىسى خانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن پېقىر 3 ياش ۋاقتىمدا غېرىپلىق ۋە يېتىملىك ھالىتىمدە، سۇلتان سەئىدخان ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىملىك تەسىرىدىن خالاس قىلدى. تۇققانچىلىق مېھرى-شەپقىتىنى شۇ قەدەر كۆرسەتتىكى، بۇ ئىنتىپاقتا ھەتتا خانىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ھەسەت قىلىشاتتى» («بولاق» ژۇرنالى 2000-ژىل، 2-سان، 11-10-بەتلەر). مىرزا ھەيدەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرېشىتخانلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان. بۇ سۇلتانلارنىڭ زامانىدىشى سۆپىتىدە شۇ چاغدىكى ۋاقىئەلەرنىڭ بىۋاسىتە شاھىدى بولغان. ئالىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر ئەسەرى «تارىخىي رەشىدى» كىتاۋىنى كەشمىردە، پارس تىلىدا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەرىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرگىچە بولغان III ئەسىر داۋامىدا ئوتتۇرا ئازىيادە يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى كەڭ تۈردە يورۇتۇپ بەرگەن.

دېمەك، مىرزا ھەيدەر ئاتاقلىق **ئۇيغۇر تارىخچىسىدۇر.**

www.uyghurkitap.com



## ئابدۇلغازى باھادىرخان (1603-1664)

ئابدۇلغازى XVII ئەسىردە غەربىي تۈركىستاندا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى، ئالىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىۋە دۆلىتىنىڭ خانى. ئۇ خىۋە ئەرەپ مۇھەممەتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 1603-يىلى خىۋەدە تۇغۇلغان.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ كېلىپ چىقىش نەسەبى چىنگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىخانغا ئۇلۇشىدىغان بولسىمۇ، ئۇ 8-ئەۋلات بوۋىسى يولاتخاندىن تارتىپ V ئەسىر بويى ئۇيغۇر بولۇپ ياشىغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى ئۇيغۇر پەرزەندى دەپ ئېيتىشقا تولۇق ھەققىمىز بار. 1645-يىلدىن باشلاپ خىۋە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتارغان. ئىراق ئابدۇلغازى سۇلتان بولغانغا قارىغاندا، ئالىم بولۇشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ، ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ خان بولغاندىن كېيىن مەملىكەتتە خەلقپەرۋەر، ئادىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە تونۇلغان. مەملىكەتتە ئىلى-پەن، ئەدەبىيات، سەنئەتنىڭ رىۋاجلىنىشىغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغان، ئۆزىمۇ تارىخ ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ: «شەجەرەی تەراكىمە»، «شەجەرەی تۈرك» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. تىبابەت ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ: «مەنافىئۇل ئىنسان» كەبى نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئالىمنىڭ «شەجەرەی تۈرك» دېگەن ئەسەرى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنىككېلىپ چىقىشى، ئۆز ئارا بىر-بىرىگە تەسىرى، ھازىرقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرىنى تارىخىي فاكتلار ئاساسىدا پاساھەتلىك تىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئابدۇلغازى ئەسەرلىرى XVII ئەسىردىكى غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## §5. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى

ئىسمايىلخان دۆلەتنى باشقۇرغان زاماندا، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پەرغانە ۋە تاشكەنت ۋىلايەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىستىقلال ئېلان قىلىشىپ، خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئالتاي ئەتراپىدىكى جۇڭغار قالماقلىرى كۈچىيىپ، مەملىكەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئىلى ۋىلايەتلىرىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى تەرەپتىن قەشقەرىيەدىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ پىرى ئاپاقخوجىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، پادىشالىق ھوقۇقىنى تالىشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئىسمايىلخان كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئاپاقخوجىنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. قوغلاندى بولغان ئاپاقخوجا پەرغانە، سەمەرقەنت، بۇخارا، ۋاخان، خۇراسان قاتارلىق جايلاردا بەش-ئالتە يىل سەرسان بولۇپ ژۈرگەندىن كېيىن كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ، دالاي لامىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرىيەنىڭ پادىشالىقىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندى. دالاي لاما بۇ ئىشتا ئاپاق غوجىغا ياردەم قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىلى ۋادىسىدىكى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ باشلىقى غالدان سىرىنغا قارىتىپ خەت يېزىپ بەردى. قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشقا باھانە تاپالماي تۇرغان غالدان سىرىن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، 120000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەييارلاپ، ئاپاقغوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سەئىدىيە دۆلىتىگە قارشى قەشقەرىيەگە ئەسكەر ماڭغۇزدى. تاشقىرىدىن جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى، ئىچكى تەرەپتىن ئاپاقغوجىنىڭ مۇرىدلىرى بولغان سوپى-ئىشانلارنىڭ خائىنلىق قىلىشى نەتىجىدە 1679-يىلى سەئىدىيە ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا يېڭىلدى، ئىسمايىلخان ئۆلتۈرۈلدى شۇنداق قىلىپ، 165-يىلى ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

## قوشۇمچە ماتېرىيال

ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزنى بۇ ئىشنىڭ جەريانىدىن تولۇقراق خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە، ۋەتەندىشىمىز تارىخچى ئىبراھىم نىياز يازغان «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» ناملىق كىتابىتىكى «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى» ماۋزۇسىنى ئەينەن بېرىۋاتىمىز. مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ.

## سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى

«ھىدەيەتۇللاغوجا (ئاپاقغوجا) نۇرغۇن مۇرىد توپلاش، قەشقەر، يەكەنلەردە چوڭ ئابرۇي قازانغاندىن كېيىن ئىسمايىلخاننىڭ ئورنىغا خان بولۇش قەستىدە بولىدۇ.

«ھىدەيەتۇللا–پەيغەمبەر ئەۋلادى، يۇرتنى ئۇ سورىشى كېرەك» دېگەن سۆزلەرنى ئۇنىڭ مۇرىدلىرى تارقاتقاندا، ھىدەيەتۇللا ئۇنىڭغا خوشال بولىدۇ. ئۇ: «ۋاقتى كېلىپ نېسىپ بولسا، يۇرتنى بىز سورايمىز» دەپ مۇرىدلىرىنى ئىسمايىلخاننى ئاغدۇرۇشقا كۈشكۈرتىدۇ.

يەكەن خانى ئىسمايىلخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئاپاقغوجىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلساق، يۇرت ئىچىدە پىتنە-پاسات تۇغۇلىدۇ. ئۇنى بىر تەدبىر بىلەن بۇ يۇرتتىن كەتكۈزۈۋېتىش كېرەك، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىشلار جايىغا كېلىپ، يۇرت خاتىرجەملىشىدۇ دەپ، بىر قارارغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاپاقغوجا مۇرىد-مۇخلىسلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىسمايىلخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى باشقۇرۇشنى قارار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇرىد-مۇخلىسلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پىتنە-پاسات، ھىيلە-مىكىرلەرنى، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. بۇ ساختا ئەۋلىيا–ماشايىخلاردىن بىزار بولغان ئىسمايىلخان جىددىي چارە-تەدبىر قوللىنىپ، مىلادى1672-يىلى بىر ھۆكۈم بىلەن ئاپاقغوجىنى چېگارىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇيغۇر زېمىنىدىن ھايداپ چىقىرىلغان ئاپاقغوجا ئىشان سەمەرقەنت، خۇراسان، پەرغانە، ۋاخان ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۆزىگە باش-پانا ۋە تەرەپدار بولغىدەك يار-يۆلەك تاپالماي، 5 يىل ئايلىنىپ ژۈرۈپ، كەشمىرگە بارىدۇ. ئۇ كەشمىر پادىشاسى مۇھەممەت راجاغا يولۇقۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىدۇ. ئىشاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان شاھ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ كۆڭلەردە ئۇرۇشۇپ ئىسمايىلخاندىن سىزنىڭ ئىنتىقامىڭىزنى ئېلىپ بەرگۈچى بىر ئالىي ھىممەتلىك زات يوق. لېكىن مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، قوبۇل كۆرسىڭىز سىزنىڭ مۇرات-مەقسىتىڭىز شۇڭا ھەل بولىدۇ. ئامما بۇ ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىش. يەنە كېلىپ سىزگە ياردەم بېرىدىغانلار بۇددا، براخمان دىنىدىن بولغان كۇپپارلار. ئۇلار ئىسلام دىنى بىلەن ھەرگىزمۇ كېلىشەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قولغا كەلتۈرەلىسىڭىز، سىزگە ئەسكەر كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ كۈچ ئۇيغۇرستاننىڭ شىمالىنى ئىگەللەپ ياتقان جۇڭغار خانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز براخمانلارنىڭ لىخاسادىكى پېشۋاسى دالاي لامانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز ئۇبدان ئويلىنىپ، بىر قارارغا كېلىڭ».

ئاپاغوجا ئۈچ كۈن قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن مۇھەممەت راجاغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ چاغدا مۇھەممەت راجا مۇنداق دەيدۇ:

«كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ ئارىلىقى يېقىن، تىبەتنىڭ پايتەختى لىخاساغا كىرەلىسىڭىز، مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىدىغان كىشىنى تاپالايسىز، لېكىن بۇ تۇرقۇڭىز بىلەن سىزنى براخمانلار قارشى ئالمايدۇ. سىز لىخاساغا بارغاندىن كېيىن، براخمانچە كىيىنىڭ، لىخاسانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ قوڭغۇراق بار، بېرىپ شۇ قوڭغۇراقنى ئۇرسىڭىز دەرھال بىر براخمان چىقىپ، قولىڭىزدىن يېتىلەپ، بۇتخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ھېلىقى براخمان نېمە قىلسا، سىزمۇ شۇنى قىلىسىز. قانداق ئىشقا بۇيرىسا، شەرتسىز ئورۇنلايسىز. شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولىسىز ۋە مەقسىتىڭىز ھەل بولىدۇ»–دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ.

ئاپاقغوجا شاھنىڭ ئېيقىنى بويىچە، 21 كۈندە لىخاساغا يېتىپ بېرىپ، كاتتا قوڭغۇراقنى ئۇرىدۇ. قاغان ئىشلار مۇھەممەت شاھ دېگەندەك بولىدۇ. ئارىدىن 90 كۈن ئۆتكەندە، بىر دىنىي بايرام بولۇپ، ئۇنىغا دالاي لاما قاتنىشىدۇ. لاماسۇن بۇتخانىسىدىكى بىر راھىپ غوجا ھىدەيەتۇللانى دالاي لاماغا تونۇشتۇرىدۇ. دالاي لاما غوجىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ، ھېلىقى راھىپ: «بىزنىڭ لاماسۇنغا بىر براخمان كېلىپ قالدى. ئۇ بۇرھان ئالدىدا ناھايىتى چىن ئېتىقات بىلەن ئىبادەت قىلدى»–دەپ ئۇنى تەرىپلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا دالاي لاما ئاپاقغوجىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئاپاقغوجا: «مەن بولسام، يەكەن، قەشقەر، بەلكى 6 شەھەرنىڭ غوجىسىدۇرمەن. ئىسمايىلخان مېنى ھايداپ چىقاردى. ماڭا دەشنام بېرىپ، كۆپ ھاقارەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھانغا ئەرزە قىلغىلىنى كەلدىم»، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان دالاي لاما غوجىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

«ھەي غوجا سىز خاپا بولماڭ. بىز سىزگە جۇڭغارىيادىكى باتۇر ھۇن تەيجىدىن ياردەم ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

بېرىشىمىز مۇمكىن. بىز ئۇنىڭغا نامە يازايلى، سىز ئۇنى ئاپىرىپ، باتۇر ھۇن تەيجىگە تاپشۇرسىڭىز، ئۇ سىزگە ئەسكەرىي كۈچ بىلەن ياردەم قىلىپ، يۇرتىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىدۇ»-دەپ تەسەللا بېرىدۇ. دالاي لاما ئۆزىنىڭ نامىدىن خەت پۈتۈپ بېرىدۇ. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «جۇڭغارىيانى باشقۇرغۇچى باتۇر ھۇن تەيجىگە. يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بۇ غوجا بولسا بىزنىڭ لاماسۇندا ئۈچ ئاي يېتىپ، بۇتخانا سىنىغىدىن ئۆتتى. ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئېيتىشىچە بۇ ئۇلۇق كىشىمىش. 6 شەھەرنىڭ ئاتاقلىق غوجىسى ئېمىش. بۇ كىشىنىڭ شەھىرىنى ئىسمايىلخان بېسىۋېلىپ، ئۇنى ۋەتىنىدىن ھايداپ چىقىرىپتۇ. كېرەككى، سىز ئەسكەر ماڭغۇزۇپ، بۇ كىشىنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز».

ئاپاقغوجا بۇ مەكتۇپنى ئېلىپ، بىر موڭغۇلنىڭ يول باشلىشى بىلەن چىڭخەي، گەنسۇ ئارقىلىق ئۈچ ئاي يول ژۈرۈپ، ئاخىرى ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ، ھۇن تەيجىگە يولۇقىدۇ ۋە دالاي لاما يېزىپ بەرگەن ھېلىقى خەتنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ كۈنلەردە ئىلىنى مەركەز قىلغان جۇڭغار قالماقلىرى تازا كۈچىيىپ، بېجىننى بېسىۋالىمىز دەپ قۇتىراپ تۇرغان بىر ۋاقىت ئىدى. ئۇلار 6 شەھەرنى بېسىۋېلىشقا بىرەر باھانە تاپاماي، تامغىنى چېكىپ تۇرۇشاتتى. شۇنداق بىر پەيتتە، ئاپاقغوجا تاپشۇرغان خەت بانىسىدا 6 شەھەرنى بېسىۋېلىشقا ئەسكەرىي كۈچ بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئوغلى غالدان سېرىننى قوماندان قىلىپ، 120000 ئاتلىق قالماق ئەسكىرى بىلەن 6 شەھەرگە يولغا سالدى. بۇ قوشۇن 1678-ژىلى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىگى ئۈچ تۇرپان، كەلپىن، مارالبېشى كاتتا يايلاقتىن ئۆتتى. ئۇلار ئاتۇشقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر بۆلىگى ئاقسۇدىن ئۇدۇل غورىچۆل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا قانلىق قىرغىن باشلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان قالماق ئەسكەرلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنى كۆرگەن ئاپاقغوجا قەشقەر ۋە يەكەنلەردىكى سوپى-ئىشان ۋە مۇرىدلىرىغا يوشۇرۇن خەت ئەۋەتىپ، ئىچكى تەرەپتىن قالماق قوشۇنلىرىغا ماسلىشىشنى بۇيرىدى. جاھىل سوپى-ئىشانلار بۇنى باھانە قىلىپ، قەشقەر ۋە يەكەنلەردە بۇلاڭ-تالاڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇردى. بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان قالماق قوشۇنى يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ ئىسمايىلخان قوشۇنلىرى باسقۇنچىلار بىلەن 17 كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇشتى. بىراق، قالماقلارنىڭ سىرتتىن قىلغان ھۇجۇمىغا، سوپى-ئىشانلارنىڭ ماسلىشىشى، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ تۈگەپ قېلىشى سەۋەبىدىن يەكەن دەرۋازىسىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئاپاقغوجا قالماق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. غوجا ھىدايەتۇللا قالماقلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىسمايىلخاننى ۋە ئۇنىڭ 70تىن ئاتۇق ئۇرۇق جامەتىنى ئەسىرگە ئالدى. قەشقەر ھاكىمى شىر مۇھەممەت قالماقلارغا تەسلىم بولغان بولسىمۇ، بەرىبىر قالماقلار ئۇنى چاناپ ئۆلتۈردى!

ئاپاقغوجىنىڭ خانلىقى ئارقىسىدا بولغان بۇ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشتا ئىسمايىلخان ئەسكەرلىرىدىكى 8300 كىشى قۇرۇۋان بولدى. ئامما قەشقەر، يەكەن ۋە باشقا جايلاردا قالماقلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 75000دىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا ئاتا-ئانىلىرى ئۆلۈپ، كوچىدا تەنتىرەپ ژۈرگەن ژىتىم-يېسىر باللارمۇ قالماقلار ئاتلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلدى!

بۇ توغرىلىق شائىر موللا مۇھەممەت قەشقەرىي مۇنداق دەپ يازغان:

**كۆرۈڭ، ئەۋلادى پەيغەمبەر، يېتىپ بۇتخانىدا ئۈچ ئاي،**
**مۇسۇلمان قەتلىچۈن قاتراپ، يۈگۈردى زادىلا تىنماي.**
**خۇدا رەھمىتى مەۋج ئۇردى، ئالتە شەھەر خەلقىگە،**
**بۇ قالماقلار قولى بىلەن، كېسىلدى باش گاداي نە باي.**
**كوچادا خارۇ-زار بولدى، گۆدەك قىزۇ-ئوغۇل ياشلار.**
**بۇلارنىڭ گەۋدىسى ئاتلار ئاياغىدا ئامان تاپماي،**
**تەرەھھىم ئەيلىگى ئاللاھ، بۇنىڭدەل خارۇ-زارلارغا.**
**يېتىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشكە بىر ئىلاج تاپماي،**
**مۇسۇلمان ئەھلىگە ئۇل كۈن، قىيامەت ئەيلىدى ئاشكار.**
**ئۆلۈكلەر كوچىدا ياتار، قىلالماي سۆزىنى ئىزھار،**
**ئېگەسىز قىز-ئوغۇللار ھەم، گۆدەكلەر خارۇ-خەس ياڭلىغ.**
**بۇلارنى قۇتقۇزۇپ، ئاش-نان بېرەرگە قايدىدۇر غەم-خار؟**

دېمەك، غوجا ھىدايەتۇللانىڭ جۇڭغار قالماقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە 165 ژىل سەلتەنەت سۈرۈپ، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ يالغۇز سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بولۇپلا قالماستىن،

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ ژىل داۋام قىلغان دۆلەتچىلىكىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىغان تارىخىي پاجىە بولدى. جوڭغارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى ئاپاقغوجىنىڭ قورچاق ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىپ، 6 شەھەر خەلقى قايتىدىن قۇللۇق زەنجىرىگە باغلاندى. ئۇيغۇر خەلقى 325 ژىلدىن بېرى موشۇ قۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ!».

## سەئىدىيە دۆلىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلارنىڭ شەجەرىسى

| № | ئىسمى شەرىپى | ژىللىرى | نەچچە ژىل |
|---|---|---|---|
| 1 | سۇلتان سەئىدخان | 1514ـ1534 | 20 |
| 2 | سۇلتان ئابدۇرېشىتخان | 1534ـ1570 | 36 |
| 3 | سۇلتان ئابدۇكېرىمخان | 1570ـ1592 | 22 |
| 4 | سۇلتان مۇھەممەتخان | 1592ـ1610 | 18 |
| 5 | سۇلتان شىجائىددىن | 1610ـ1617 | 7 |
| 6 | سۇلتان ئابدۇلېتىپ | 1617ـ1627 | 10 |
| 7 | سۇلتان زىيائىددىن | 1627ـ1639 | 12 |
| 8 | سۇلتان ئابدۇللاخان | 1639ـ1669 | 30 |
| 9 | سۇلتان ئىسمايىلخان | 1669ـ1678 | 9 |

سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن بىز ئالىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلار مونۇلار:

1. زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت، چوقۇم گۇمران بولىدۇ. ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت، چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدا قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بىزنىڭ ئىنقىلاپچىلىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز بۇ ساۋاقنى مەڭگۈ ئەستە ساقلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشلىرى كېرەك.


2. ھەر قانىدق پادىشالىقنىڭ ھەقىقىي سادىق ھىمايىچىلىرىمۇ بولىدۇ، كۆرۈنۈشتە سادىق بولۇپ، ئەمەلىياتتا دۈشمەنلىك قىلىدىغان رەقىپلەرمۇ بولىدۇ. پادىشا ياكى ھۆكۈمدار بولغان كىشى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ياخشى-يامانلارنى ئاجرىتىپ، ھەر قايسىغا ئۆز لايىغىدا مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك. ئابدۇرېشىتخاندەك دۈشمەنىنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ياخشى ئادەملەرگە ۋابال قىلماسلىق كېرەك.

3. ئىچكى دۈشمەن تاشقى دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىك. ئەگەر دۆلەت ئىچىدىكى ئاپاقغوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ خائىنلىقى بولمىغان بولسا، تاشقى دۈشمەن ـ جوڭغار قالماقلىرى ئۇيغۇرلارنى يېڭەلمىگەن بولاتتى. موشۇنداق پالاكەتكە يولۇقماسلىق ئۈچۈن ئىنقىلاپچىلار ئۆز سېپىنى دايىم تازىلاپ تۇرۇشلىرى كېرەك.


4. بىزنىڭ خەلقىمىز دىنىي ئېتىقاتى كۈچلۈك، بىراق بىلىمسىز، نادان خەلق. مۇنداق نادان خەلقنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئوڭايلا ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كېتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇكېرىمخان، ئابدۇللاخانلار قىلغاندەك، دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئاجرىتىۋېتىش كېرەك. ئەگەر ھاكىمىيەتكە دىن ئارىلىشىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم دۆلەتنى ۋەيران قىلىدۇ. چۈنكى بىزدىكى دىنىي زاتلارنىڭ كۆپچىلىگى شەخسى قارانىيەتچى، ساتقۇن كېلىدۇ.

5. پادىشا ۋە ھۆكۈمرانلار چوقۇم ئادىل، خەلقپەرۋەر، تەرەققىياتنى قوللايدىغان بولۇشلىرى كېرەك، غوجىلارغا ئوخشاش جاھىل-مۇتەئەسسىپ بولۇشقا بولمايدۇ.

6. دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈش، بېخەتەرلىكنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى خوشنا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇش كېرەك. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خانلىرى بولسا، خوشنا خەلقلەرنى يەر زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان بىلەن ئۇلارنى رازى قىلغىدەك مىللىي سەياسەت ژۈرگۈزەلمىدى. يەنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ئۇ خەلقلەر مەركەزنى ھىمايە قىلىشنىڭ ئورنىغا قارشى ئىسيانلارنى كۆتىرىپ تۇرۇشتى.



سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى




سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەرىتىسى
(ئۆمەر ئىبراھىموۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، **102**-بەت)

## تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ تىزىملىكى

| № | دۆلەتنىڭ نامى | قايسى ژىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن؟ | دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى كىم؟ | پايتەختى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | قەبىلىنى ئاساس قىلغان دەسلەپكى بەگلىكلەر | ئېرامىزدىن ئاۋۋالقى VI مىڭ ژىللىقتا | | ھەر قايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرى |
| 2 | ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى | ئېرامىزدىن ئاۋۋالقى XXIX ئەسىر | ئوغۇزخان | تەڭرىبالىق |
| 3 | توققۇزساي ئۇيغۇر دۆلىتى | ئې.ئا IV مىڭ ژىللىقتا | گۈل ئەركىن | كۇنبالىق |
| 4 | ئونساي ئۇيغۇر دۆلىتى | ئې.ئا IV مىڭ ژىللىقتا | مەنخۇتاي | ئوردۇبالىق |
| 5 | بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتى | ئې.ئا III مىڭ ژىللىقتا | قۇتلۇقخان (قاراخان) | ئاستانە |
| 6 | تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى | ئې.ئا II مىڭ ژىللىقتا | تۇراخان، ئەرتۇڭاخان | ئوردۇكەنت |
| 7 | ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى | ئې.ئا 220ـئې.ك 226 | تۇمەنخان، مودەخان | كۇنبالىق، ئەجدىھابالىق |
| 8 | قاڭقىلار ئۇيغۇر دۆلىتى | 487ـ546 | ئايۇجرۇ، چۇنچى | بېشبالىق، كۇچا |
| 9 | ئاق ھۇن ئىمپېرىيەسى | 420ـ565 | باراخسۇلتان، ئاقشۇڭقار | تېرمىز |
| 10 | كۆكتۈرك ئىمپېرىيەسى | 551ـ745 | تۇمانخان، ئىستەمىخان | ئۆتۈكەن |
| 11 | ئورخۇن- ئۇيغۇر دۆلىتى | 746ـ845 | پەيلۇخاقان | قارابالغاسۇن |
| 12 | كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى | 847ـ1036 | پانتېكىن | ساندىبىل |
| 13 | ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى | 850ـ1335 | پانتېكىن | قاراقوچۇ |
| 14 | قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى | 850ـ1136 | كۆل بىلگە خاقان | قەشقەر |
| 15 | موغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيەسى | 1206ـ1504 | چىڭگىزخان، بارچۇق ئارتېكىن | خانبالىق |
| 16 | تىمۇرىيلار ئىمپېرىيەسى | 1369ـ1670 | ئەمىر تىمۇر | سەمەرقەنت |
| 17 | سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى | 1504ـ1678 | سەئىدخان | يەكەن |
| 18 | باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتى | 1753ـ1759 | خوجا جاھان | يەكەن |
| 19 | يەتتەشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى | 1865ـ1878 | ياقۇپبەگ | قەشقەر |
| 20 | ئىلى سۇلتانلىقى | 1865ـ1871 | ئالاخان سۇلتان | غۇلجا |
| 21 | شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى | 1933ـ1934 | غوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللام | قەشقەر |
| 22 | شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى | 1944ـ1949 | ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى | غۇلجا |

### ئاخىرقى سۆز

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بىز ژۇقۇرىدا 22 ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى نوۋەت بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە «تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى»، «ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى»، «كۆكتۈر ئۇيغۇر دۆلىتى»، «ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى» ۋە قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇيغۇر (تۈركىي) تىللىق نەسىلداش خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، بىر مەركەزدىن ئىدارە قىلغان بۈيۈك، قۇدرەتلىك دۆلەتلەر بولغان ئىدى. ئۇنىڭ پۇخرالىرى بولسا، بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا «ئۇيغۇرلار»، تۇرانىيە دۆلىتى زامانىسىدا «تۇرالار»، ھۇن دۆلىتى زامانىسىدا «ھۇنلار»، كۆكتۈرك زامانىسىدا «تۈركلەر»، ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى ۋە تەغدىرىنى ئەشۇ قېرىنداشلىرىدىن ئاجرىتىپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىلا ئەمەس، كېلەچەك تەغدىرىمۇ بىر-بىرىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەممىڭگە ئورتاق كېلەچەك تەغدىرىمىز توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

ئەينە شۇ تارىختا «ئۇيغۇرلار»، «تۇرالار»، «ھۇنلار»، «تۈركلەر» دەپ ئاتالغان بىر پۈتۈن مىللەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پارچىلىنىپ بىر قانچە بۆلەتكىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شەرقىتىكى قىسمى–ئۇيغۇرستان ئېخىچە خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالماي تۇرۇپتۇ، غەربىتىكى قىسمى



www.uyghurkitap.com

بولسا قازاقستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان دەپ 5 مەملىكەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېرىنداشلار ئىرزىمىگەن چېگرا تالاشلىرىنى چىقىرىپ، ئۆز ئارا بىر-بىرسى بىلەن ياقىلاشماقتا. بۇ ئەھۋال ھەممىمىزنى قايغۇغا سالماقتا، چۈنكى «ئىككى قوشقار ئۈسۈشسە، بۆرىنىڭ ئىشتەھاسى ئېچىلىدۇ»-دېگەن بىر قىدىمىي ھېكمەت بار. بۇ قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار ئاخىرقى ھېساپتا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالغا كۆزنى تىكىپ، ماراپ تۇرغان خىتاي ئىمپېرىيىسى بىلەن رۇس ئىمپېرىيىسىگە يەم بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، خالاس!

مۇنداق شارائىتتا، مېنىڭچە، بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

**«ئالدى بىلەن:** ئىچكى تالاش-تارتىشلارنى دەرھال توختىتىپ، مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي، ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قولدا بار مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قېلىش؛

**ئىككىنچى قەدەمدە:** شەرقىتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئانا ۋەتىنى تۇران ياكى تۈركىستاننىڭ زېمىنى پۈتۈنلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

**ئۈچىنچى قەدەمدە:** ئالتايدىن كاسپىيغىچە، جەنۇبىي سىبىرىيادىن ھىندىستانغىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيادىكى قېرىنداش ئەللەرنى تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا ئىتتىپاقداش ياكى فېدېراسىيا شەكلىنى قوللىنىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش. شۇ ئارقىلىق ئىختىسادىي، ھەربىي، مەدەنىي جەھەتلەردە ژۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە بېخەتەرلىگىگە كاپالەتلىك قىلىشلىرى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئېۋروپا قۇرۇقلۇغىدا ياشاۋاتقان، تۈرلۈك تىللاردا سۆزلىشىدىغان، تۈرلۈك نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر **«ئېۋروپا ئىتتىپاقى»** نامى بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە بولماقتا. بىزمۇ شۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشىمىز كېرەك. ئىككى چوڭ ئىمپېرىيانىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان مىللەتنى ئامان ساقلاپ قېلىشنىڭ يولى بىردىن-بىر موشۇ!

ئەگەر قېرىنداشلىرىمىز موشۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىمايدىغان بولسا، ئۆزاققا بارماي ئۆز ئارا يېغىلىشىپ، دۈشمەنلىرىگە يەم بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بۈگۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا قىسمەت، ئەتە باشقا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ چىقىشنىڭ جاۋاپكەرلىگى ئالدى بىلەن موشۇ دۆلەتلەرنى باشقۇرۇۋاتقان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ زىممىسىگە، ئاندىن كېيىن پۈتۈن تۈركىستاندىكى زىيالىلار قاتلىمىنىڭ زىممىسىگە، ئاندىن قالسا بارلىق تۈركىستانلىقلارنىڭ زىممىسىگە ژۈكلىنىدۇ. ئەگەر بىز موشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىمايدىغان بولساق، بۈيۈك ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلمايمىز، كېلەچەك ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمىز!

***

ھازىرقى خىتاي ئەرباپلىرى: «شىنجاڭ 2000 ژىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ھېچ قاچان مۇستەقىل دۆلەت بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇمىز دېگەنلىرىنىڭ ھېچ قانداق ئاساسى يوق!» دېيىشمەكتە.

خىتاي ئەرباپلىرىنىڭ بۇ تۆھمىتىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى تۆۋەندىكى جاۋاپنى بېرىدۇ:

**تارىخنىڭ جاۋاۋى**

**خىتاينىڭ ئەي ئالجىغان ئەرباپلىرى،**
**شۇنداق دەپ بىر ئالەمگە جار سېلىپسەن.**
**ئۇيغۇرنىڭ ھازىر جاۋاپ شائىرىنى،**
**مۇنازىرە مەيدانىغا چاقىرىپسەن.**
**بۇلۇتلار توسالماس كۈن ئاپتۈۋىنى،**
**تۆھمەتنىڭ باسالماس ھەق ئاۋازىنى.**
**ئۇيغۇرنىڭ كىملىگىنى بىلەي دېسەڭ،**
**ئاڭغىن تارىخنىڭ ھەق جاۋاۋىنى!**
**«بىلىپ قوي ئالتە مىڭ ژىل بۇندىن بۇرۇن،**
**ئۇيغۇرنىڭ نامى بار ئىدى سەھىپەمدە.**
**مەركىزىي ئازىياگە كەڭ تارقىلىپ،**
**ئۇيغۇرلار ياشىغاندى ئەشۇ كەمدە!**
**بىلەمسەن «خەنزۇ» دېگەن سېنىڭ نامىڭ،**

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن چىققان.
دېمەككى خەن ئېلىنىڭ تاڭ يۇلتۇزى،
ئۇيغۇردىن قىرىق ئەسىر كېيىن تۇققان!
دۆلەتنىڭ نېمىلىگىنى تېخى بىلمەي،
ئەجدادىڭ پادا بوپ يۈرگەن چاغدا،
ئۇيغۇرنىڭ ئەجداتلىرى دۆلەت قۇرۇپ،
سەلتەنەت سۈرگەن ئېدى تەڭرىتاغدا.
ئەجدادىڭ جاڭگاللاردا مېۋە تېرىپ،
يىلتىز ەپ، يۈرگىنىدە دىشۋارلىقتا.
مەنخىيتاي، گۈلەركىنلەر سۇلتان بولۇپ،
ئۆتكەن ئېدى ئوردۇبالىق، بېشبالىقتا.
ئۇيغۇرنىڭ ئەجدادىدۇر ئوغۇز خاقان،
تارىختا خۇددى يۇلتۇز بولۇپ يانغان.
شەرىقنىڭ ئاسمىنىدا مەشئەل بولۇپ،
دۇنياغا ئادالەتنىڭ ئوتىن ياققان.
شەرىقتە، ئورخۇن دەريا بويلىرىدا،
ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىل ياشاپ ئۆتكەن.
تەڭرىبالىق، كۆمبالىقنى مەركەز قىلىپ،
ئېلىنى سائادەتكە باشلاپ ئۆتكەن.
بەشىنچى دۆلىتىدۇر بۈيۈك تۇران،
ئۇيغۇرنىڭ قاغانلىرى تەخت قۇرغان؟
ئىراننىڭ شاھلىرىنى باش ئەگدۈرۈپ،
دۇنيانى تىترەتكەن ئەرتۇڭاخان.
ئالتىنچى دۆلىتىدۇر ھۇنلار ئېلى،
ئۇنىڭ بۈيۈك قاغانىدۇر مودە خاقان.
تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلى تەڭرىقۇتلار،
سەنلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ تۇرغان.
يەتتىنچى دۆلەت ئېگىز ھارۋۇلۇقلار،
يايىقنىڭ دالاسىدا تەخت قۇرغان.
شەرىقتىن كەلگەن ئاۋار قوۋمى بىلەن،
تىبەتنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ تۇرغان.
سەككىزىنچى قاغانىدۇر ئاق ھۇن ئېلى،
ھۇلنى باراخ سۇلتان قۇرۇپ بەرگەن.
كۇچادىن تاكى ئەجەم-ھىندىگىچە،
ئۇيغۇرنىڭ سەرۋازلىرى تۇغ كۆتەرگەن.
توققۇزۇنچى كۆكتۈرلەر قاغانىدۇر،
شۆھرىتى يەر يۈزىنى سىلكىندۈرگەن،
مۇھتىتىن قارا دېڭىز بويىغىچە
تۈركىنىڭ زەپەر تۇغى يەلپۈلدىگەن.
ئونىنچى ئەجدادىدۇر بايانچۇرخان،
موڭغۇلنىڭ دالاسىدا ئات ئويناتقان.
باستۇرۇپ ئۆڭلۈك-سۈيگۈم ئىسيانىنى،
سەنلەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغان.
ئون بىرىنچى دۆلىتىدۇر ئىدىقۇتلار،
قاراقۇچۇ ئېدى ئۇنىڭ ئاستانىسى.
نې ئېغىر سىناقلارغا بەرداش بېرىپ،
بەز يۈز يىل جىقلىمىغان ئۇنىڭ تۇغى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون ئىككىنچى دۆلىتىدۇر قاراخانلار،
سۇلتان سۇتۇق، سۇلايمانۇ، ئارسلانلار.
تۆرت يۈز يىل تۇتۇپ دۆلەت بايرىغىنى،
قالدۇرغان مەڭگۈ ئۆلمەس شەرەپ-شانلار.
چىنگىز بىلەن ئارتتىپكىنىنىڭ ئەۋلاتلىرى،
يۈز يىللاپ خانبالىقتا ھۆكۈم سۈرگەن.
سىنىڭ قورقاق ئەجداتلىرىڭ مالاي بولۇپ،
باش قويۇپ، ساقىلىدا يەر سۈپۈرگەن.
ئون ئۈچىنچى قاغانىدۇر ئەمىر تىمۇر،
غالىبانە ژۈرۈشلىرى يەر تىترەتكەن،
بالقاشتىن ئاق دېڭىزنىڭ بويىغىچە،
ئۇنىڭ غالىپ قەدىمى بېرىپ يەتكەن!
ئون تۆرتىنچى دۆلىتىدۇ سەئىدىيە،
دۇنىياغا مەدەنىيەتىنىڭ نۇرىنى چاچقان.
سەئىدخان ھەيۋىتىنى كۆرگەن چاغدا،
چېگارا قىسىملىرىڭ بەدەر قاچقان!
ئون بەشىنچى دۆلىتىدۇر يەتتەشەھەر،
ياقۇپبەگ بەدۆلىتىم قۇرغان ئۇنى.
ئۇيغۇرلار ئەندى ئازات بولغان چاغدا،
زوزوڭتاڭ جاللات كېلىپ قىرغان ئۇنى.
ئون ئالتىنچى دۆلەت ئىلى سۇلتانلىغى،
ئوبۇل ئەلا ئۇنىڭ شانلىق سۇلتانىدۇر.
يەتتە يىل ھۆر ياشىغان ئىلى خەلقى،
ئورۇس-مانجۇر «دوستلىغىنىڭ» قۇرۋانىدۇر.
ئون يەتتىنچى شەرقىي تۈركستاندۇر،
ئازاتلىق چاقمىغىنى چېقىپ ئۆتكەن.
غوجىنىياز بىلەن سابىت داموللاملار،
گوياكى تاڭ يۇلتۇزىدەك ئېقىپ ئۆتكەن!
ئاخىرقى دۆلىتىدۇر «جۇمھۇرىيەت»،
بار ئېدى بۇ ئەلگە سەن كەلگىنىڭدە.
رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىدۇر.
جاڭ كەيشىنى مات قىلغان نەنجىنىڭدە!
ئاتمىش يىل بۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئېلى،
ۋەتىنىنى ئەندى ئازات ئەتكەن چاغدا.
مەيدانلاردا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ،
ھۇرلۇقتا ئەندىلا قول يەتكەن چاغدا.
جەننەتتەك ئازات شەرقىي تۈركستاننى،
سەن كېلىپ بېسىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟
ئەخمەتجان قاسىمىنى نابۇت قىلىپ،
سەيپىدىننى سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟
دېمەككى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا،
مۇستەقىل ئازات-ئەركىن ياشاپ ئۆتكەن.
بىپايان ئازىياگە غوجا بولۇپ،
خىتاينىڭ شىللىسىدا ئويناپ ئۆتكەن.

***

سېنىڭ ئاخماق ئەجداتلىرىنى ماختىنىشقان،
«سەددىچىن ياۋ ئۆتەلمەس ئىستىھكام!» دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن ئاڭا ھۆكۈمىنى بېرىپ بولغان،
«جېنىڭغا دال بولالماس ئەسكى تام!» دەپ.
قىتانلار بېسۋالغان ۋەتىنىڭنى،
جورجانلار بېسۋالغان ۋەتىنىڭنى.
موڭغۇللار بېسۋالغان ۋەتىنىڭنى،
مانجۇلار بېسۋالغان ۋەتىنىڭنى!
بىلىپ قوي، سەن ماختانغان «ئۇزۇن سېپىل»،
ئاجىزلىق قولقاقلىغىن نىشانىسى.
سەنلەرنى قوغدىنىشقا مەجبۇر ئەتكەن،
بۈيۈك ھۇن قۇدرىتىنىڭ يالدامىسى.
سەن ھۇنلارغا باج ــ سېلىق تۆلەپ تۇرغان،
ئاۋارلارغا باج ــ سېلىق تۆلەپ تۇرغان.
تۈركلەرگە باج ــ سېلىق تۆلەپ تۇرغان،
ئۇيغۇرلارغا باج ــ سېلىق تۆلەپ تۇرغان.
شۇ يوسۇن ئەجداتلىرىڭ مىڭ ژىل بويى،
ياتلارغا بېقىندا ـ قۇل بولۇپ ياشىغان!
شۇڭلاشقا مەغرۇرۇ ئۇيغۇر قاغانلىرى،
سەنلەرنى «تاۋغاچ ئېلى» دەپ ئاتاشقان!
تىببەتنىڭ سەرۋازلىرى ئوق ـ يا ئېتىپ،
كەلگەندە پايتەختىڭگە ئالدى يېتىپ.
ئۇيغۇرلار دۆلىتىڭنى داقلاپ قالغان،
باسقۇنچى ئەسكىرىنى تار ـ مار ئېتىپ.
چىنگىزخان بېسۋېلىپ ۋەتىنىڭنى،
بەرگەندە سېنىڭ راسا ئەدىۋىڭنى
قايتۇرۇپ چىڭگىزنى ئۆزغەزىۋىدىن
ئۇيغۇرلار ساقلاپ قالغان نەسلىڭنى!
ئۇيغۇرنىڭ قاغانلىرى تالاي قېتىم،
سىلەرنى ھالاكەتتىن خالاس ئەتكەن.
چىن ئېلى تاپىنىدا تۇرغاندىمۇ،
قوشۇننى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن.
بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغدا،
خۇئاڭدىلىرىڭ ئۇيغۇرغا يالۋۇرۇشقان.
ھەر قېتىم زور خەتەردىن قۇتۇلغاندا،
خوشامەت قىلىپ، قىزلىرىنى بېرىپ تۇرغان!
ئۇيغۇرنىڭ ئالىملىرى ئۇستاز بولۇپ،
سەنلەرگە ئىلىم، ھۈنەر، دىن ئۆگەتكەن.
شۇلارنىڭ شاپائىتى سايىسىدا،
ئەجدادىڭ ئادەم بولۇپ ياشاپ كەلگەن.
ئۇيغۇرنىڭ كارۋانلىرى نەچچە مىڭ ژىل،
«ئىپەك يولى» خوجايىنى بولۇپ تۇرغان.
ختايدىن ئىپەك بىلەن فارفور ئېلىپ،
ئات بىلەن قۇرال ـ ياراق بېرى تۇرغان.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
سەن موشۇ ھەقىقەتنى بىلگەن تۇرۇپ،
مىڭلىغان فاكتلارنى كۆرگەن تۇرۇپ،
قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئاڭا تۆھمەت قىلدىڭ؟

ئۇيغۇرنىڭ نان، تۇزنى يېگەن تۇرۇپ!
ياخشىلىق قىلىپ ساڭا كۇرنىڭ قېتىم،
راپاۋەت كۆرمىدۇق بىز بىرمۇ قېتىم.
ۋاپاغا جاپا قىلىش ئادىتىڭدۇر،
ئېلىمگە بېسىپ كىردىڭ تالاي قېتىم!
ئاخىرقى باسقۇنچى سەن، كوممۇنىستلار،
ھېيلە بىلەن بۇ ئەلگە كىرىۋالغان.
يوشۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىياپەڭنى،
«نىجاتچى» نىۋقاۋىنى كىيىۋالغان.
بۇ ئەلگە كېلىپ ئاۋال تۇرمە سالدىڭ،
«ئەركىنلىك» دېگەنلەرنى قولغا ئالدىڭ.
خەلقنى ئاتوم بىلەن نابۇت قىلىپ،
قوساقتىكى بالىنى يېرىپ ئالدىڭ!
كەلگۈندى، چاقىرمىغان مېھمان بىلەن،
توشقازدىڭ ئۇيغۇرنىڭ تاغ-دالاسىنى.
يەرلىكنى ئۆز ئۆيىدىن قوغلاۋېتىپ،
تارتىۋالدىڭ روزىغارى-پاناسىنى.
شەرىقتىن كېلىپ سەنلەر ھاكىم بولدۇڭ.
ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىدا ۋقۇقسىز قۇل.
تۇگمەس غەزىنىنى دەسسەپ تۇرۇپ،
نان تىلەپ ئۆتكەنلەرگە سوزىدۇ قول!
رۇستەمدەك ئوغلانلىرى مالاي بولدى،
ھۇرسۈپەت قىزلىرىدۇر چۆرە-دېدەك.
ھاياتلىق يۇلتۇزلىرى تالاي سۇندى،
كېچىدىن قاراڭغۇدۇر ھەم كېلەچەك!»

***

ئىشەنمە «مېنىڭ ئاتوم كۈچۈم بار!» دەپ
ئىشەنمە «ئۇيغۇرلاردا ئۆچۈم بار!» دەپ
كۈچ ئەمەس بۇ دۇنيادا ھەق يېڭىدۇ،
ھەق يولغا تەڭرىم كېپىل مەڭگۇ ئەبەت!
بۇ جاھان ئېگىسى يوق جاھان ئەمەس،
مەزلۇملار مەزلۇم بولۇپ قالىۋەرمەس.
«زالىملار زاۋالىققا مەھكۇم!» دېگەن،
تەڭرىنىڭ ئادالىتى بولماي قالماس!
بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدۇ بۇرۇن ئاتقان،
سايلاردا سۇ ئاقىدۇ بۇرۇن ئاققان.
تارىخنىڭ ئەڭ ئاداقى ھۆكۈمى شۇ،
بولىدۇ چوقۇم ئازات ئۇيغۇرستان!».

## 3 ـ قىسىم

# ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇلۇققا چۈشۈپ قېلىشى

## سۆز بېشى

ئۇيغۇر خەلقى 1678-يىلى گۇللەپ تۇرغان مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا، 1759-يىلى مانجۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا، 1912-يىلغا كەلگەندە خىتاي جاھانگىرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 326 يىلدىن بېرى، خۇددى قۇللارا ئوخشاپ، بىر ئىگىجايىندىن يەنە بىر غوجايىننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەلدى. بۇ رەھىمسىز غوجايىنلار ئۇيغۇر خەلقىنى بۇلىدى، تالىدى، ئەزدى ۋە خورلىدى. ئەندى بولسا غوجايىنى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقتا. يەنى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش تەغدىرىگە گىرىپتار قىلماقتا! بۇ خىل تەغدىرگە رازى بولماي، قارشىلىق قىلغانلارنى مىڭلاپ-مىڭلاپ تۈرمىلەرگە سولىماقتا، ئاتماقتا، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن يوللار بىلەن ئۆلتۈرمەكتە.

ئۇيغۇردەك قېدىمىي تارىخقا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئېگە 20 مىلليوندىن ئوشۇق نوپۇسى بار مىللەتنىڭ يات بىر مىللەتكە، يەنە كېلىپ مەنىۋىي جەھەتتىن ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان مىللەتكە ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ، دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىشى ـ بۇ مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ پاجىئە. ئىنسانىيەت سىۋىلىزاسىياسى ئۈچۈن ئورنى تولماس چوڭ يوقىتىش! بۇ ھەر قانداق ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ. بۇ رەھىمسىز رېئاللىق بىزنىڭ ئالدىمىزغا «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن ھەققانىي سوئالنى قويماقتا، بىز بولساق، ئۆز تارىخىمىزنى ئاختۇرۇپ، بۇ سوئالغا جاۋاپ تېپىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

بۈيۈك ئاللامە ۋە مىللىي مۇجاھىت ئەلىخان تۆرەساغۇنىي ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلەر كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازغان ئېدى:

«دۇنيادىن ئۆتكەن ئۇلۇق فىلوسوفلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇنىڭدەك تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، قايسى بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىدىن ئاجراپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن مەرھۇم بولۇپ قالىدېكەن، ئىستىلاچى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، مىللىي ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىش بۇ ئىنقىرازغا يۈز تۇتقانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇ سەۋەپتىن، ئاڭلىق مىللەتلەر ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مىلليونلاپ قۇرۋان بېرىشكە رازىكى، مەھكۇم بولۇپ ياشاشقا رازى بولمايدۇ. شۇنداق ئېكەن، ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئىسلامى ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش قانداق پەرىز بولسا، ئۆز مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق پەرىزدۇر» («تۈركىستان قايغۇسى»، 38-بەت).

بىزچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ياتلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىغا، ئاخىرىدا، بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولغان باش جىنايەتچىلەر: ۋەتىنىنىڭ تايىنى يوق، تېنەپ ژۈرگەن تېجىمەل، مىللەتنىڭ تايىنى يوق، خېچىر تۇياق خۇمسىلار ـ مەھدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەتىمىن غوجا، نەۋرىلىرى مۇھەممەت يۈسۈپ بىلەن ئىسھاق ۋەلىيۇللا غوجىلار، مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئاپاقغوجا بىلەن ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى شادى غوجىلاردۇر.

ئۇنىڭدىن قالسا، موشۇنداق مۇرتەدلەرنىڭ ئەل ئىچىگە كىرىپ، ئۇگىلاپ كۆپىيىشىگە، خەلقنى ئازدۇرۇپ، تەرىقەتنىڭ تۈيۈق يولىغا باشلاپ كېتىشىگە، ئاخىرىدا بىر پۈتۈن مىللەتنى «ئىشقىيەچىلەر»، «ئىسھاقىيچىلەر» دەپ ئىككى پىرقىغا بۆلۈۋېتىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈنسۈرۈك سەئىدىيە دۆلىتىنى ۋەيرانى قىلىۋېتىشىگە بېۋاستە ياردەم بەرگەن سۇلتان ئەھمەتخان، سۇلتان مەھمۇتخان، سۇلتان يولۋاسخانلاردۇر. ئاخىرقى جاۋاپكەرلەر ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىگىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىۋەتمەي، مادارا يولىنى تۇتۇپ، دۈشمەنگە كەڭ قورساغلىق قىلغان ئىسمايىلخان ۋە مۇھەممەتىمىنخانلاردۇر. «چىرايىڭنى كۆرەي دېسەڭ، ئەينەككە قارا، خاتالىغىڭنى كۆرەي دېسەڭ، تارىخقا قارا!» دېگەن ئېكەن دانالار. بىزنىڭ تارىخىمىز ئىبرەتلىك ۋاقىئەلەر بىلەن تولغان، شۇنىڭدەك تارىختىن ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان. تارىختىكى خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە ئىبرەت كۆزىمىز بىلەن قارىشىمىز كېرەك. سىرلىق ساندۇققا سېلىنىپ، ئەسىرلەر پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان، تارىخ ئارخىۋلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان سىرلارنى ئېچىپ، خەلقى ئالەمگە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. كېلەچەك ئەۋلاتلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن تارىختىكى جىنايەتچىلەرنى سۆرەپ ئەپچىقىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايە قىلىشىمىز كېرەك.

تارىخىي ئەمەلىيات ئىسپاتلىدىكى، قەشقەر غوجىلىرىنىڭ سۆكۈكلىرى: مەيلى ئاقتاغلىقلار دەپ ئاتالغان «ئىشقىيە» سۆلۈگى بولسۇن ياكى قاراتاغلىقلار دەپ ئاتالغان «ئىسھاقىيە» سۆلۈگى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قارا نىيەتلەرنى كۆلاھۇ-جەندىلىرىنىڭ، سەللە ۋە يۇڭ چەكمەنلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقان بىر توپ سەياسىي سۈيىقەستچىلەر بولۇپ چىقىشتى. ئۇنداق بولسا بۇ غوجا-ئىشانلار زادى كىملەر؟ ئۇلار قاياقتىن چىققان؟ ئۇلارنىڭ مەخسەت-مۇددىئاسى زادى نېمە ئېدى؟ ئالدى بىلەن موشۇ مەسىلىلەرگە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ تېگى تەختىنى ئېنىقلاپ ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ زامانىسىدا ھەممە مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلاتتى. ئۇ چاغدا ھېچ قانداق ئىماملار، مەزھەپلەر بولمىغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى خەلىپە (ئورۇنباسار) قىلىپ سايلاش مەسىلىسىدە، ئەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشلار كېلىپ

چىقتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرە ئىنىسى ھەم كۈيوغلى ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپە قىلىپ سايلاش، كېيىنكى خەلىپىلىكنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىبى پاتىمەدىن تۇغۇلغان ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھەسەنلەرگە بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار بىر پىرقە بولۇپ، ئۆزلىرىنى «شىئەلەر» (ئەگەشكۈچىلەر) دەپ ئاتاشتى (مۇنداق تەلەپ، «پادىشا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەۋلادى پادىشا بولىدۇ» دېگەن فېئوداللىق ئەنەنىگە ئاساسلانغان ئىدى). ئەرەپلەرنىڭ مىللىي ئەنەنىسى بويىچە تۇققانلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئەمەس، ياش ۋە ھۆرمەت جەھەتتىكى ئابرويىغا قاراپ، ئاۋال ئابابەكرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىلەرنى خەلىپىلىككە سايلاشنى تەلەپ قىلغۇچىلار يەنە بىر پىرقە بولۇپ بىرلەشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «سۈننىيلەر» دەپ ئاتاشتى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان ئىككى مەزھەپ پەيدا بولدى. ھەر بىر مەزھەپنىڭ ئۆز ئىمامى، ئۆز جاماتى مەيدانغا كەلدى. كېيىنىرەك، ئەرەپ دۇنياسىدىكى سەياسىي ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن شەخسىي قارا نىيەتلەر موشۇ مەزھەپلەرنى ئارقا تىرەك قىلىپ، ئىچكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى ئۇلغايتىۋەتتى. مەسىلەن: «شىئەلەر» ھەزرىتى ئۆمەرنى، ھەزرىتى ئوسماننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتى. ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتى. قىسقىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەرەپىستاندا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى دىنني پەردىگە ئورۇنۇۋالغان شەخسىي قارا نىيەتچىلەرنىڭ سەياسىي سۇيىقەستلىرى ئىدى. بۇ ئۇسۇلنى كېيىنەرەك ئىراننىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئۆز مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن پايدىلاندى. ئۇلار بۇ قۇرالنى ئۆز ئىچىدىكى رەقىپلىرىگە قارشى ئىشلىتىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئازىيانىڭ تۈركستان رېگىونىدىكى ئۇيغۇر (تۈركىي) تىللىق مەملىكەتلەرگە قارشى بۇزغۇنچىلىق مەخسەتلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلاندى.

تارىختىن مەلۇمكى، ئىران دۆلىتى بىلەن تۇرانىيە دۆلىتى قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ، يەر-زېمىن تەسىر دائىرە تالىشىپ ئۆز ئارا قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ كېلىشكەن ئىدى. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى زامانىسىدىمۇ ئىران دۆلىتى بۇ ئىمپېرىيا تەركىبىگە مەجبۇرىي قوشۇۋېلىنغان. بۇنىڭ مىساللىرىنى تارىختىن كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ئىرانلىقلار ئەينە شۇ تارىخىي ئۆچمەنلىكنى كۆڭلىدە ساقلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى مىللەت ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى مەزھىبىگە ئېتىقات قىلىشىدۇ (ئىرانلىقلار «شىئە» مەزھىپىگە، تۈركستانلىقلار بولسام «سۈننىي» مەزھىپىگە ئەمەل قىلىشىدۇ).

ئىرانلىقلار، قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە، موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى دەۋرىدە ۋە ئەمىر تىمۇر ئىمپېرىياسى دەۋرىدە ئۆزلىرى ئاجىز ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، تۈركستاندىكى ئۇيغۇر تىللىق دۆلەتلەرگە چېقىلىشقا ژۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. ئەمىر تىمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىمپېرىياسى پارچىلىنىپ، ئۇششاق سۇلتانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ئىرانلىقلارنىڭ قول سېلىشى ئۈچۈن تازا ئەپلىك پۇرسەت يارىتىپ بەردى. «ئەندى ھەرىكەت قىلىدىغان پەيت كەلدى» دەپ ھېساپلىغان ئىران شاھلىرى XV ئەسىردىن باشلاپ تۈركستان ئەللىرىدە بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بۇ ئەللەرگە يۈزلىگەن جاسۇسلارنى تەربىيىلەپ كىرگۈزۈۋەتتى. دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان بۇ جاسۇسلار ناھايىتى سىپايە ھالدا تۈركستاندىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ جايدىكى يەرلىك خەلق قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ، بالا-چاقىلىق بولدى. تاپقان ئەۋلاتلىرىنىڭمۇ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش سەياسىي جاسۇسلۇققا ئۆگەتتى... بۇ تۈركستان رېگىونىدا موڭغۇل ئىمپېرىياسىنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر تىللىق خەلقلەر مىللىي مۇستەقىللىكنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان مۇھىم دەۋر ئىدى. غوجىلارنىڭ پەيدا بولۇشى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە دىنىي تۈس بېرىپ، ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەپرىقىچىلىك سېلىپ، ئىچكى نىزا جېدەللەرنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئىرانلىقلار بىلەن تۈركستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى سەياسىي كۈرەشلەر شۇنچىلىك قاتتىق بولدىكى، لازىم تېپىلغاندا ئىران ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ كۈرەشلەرگە بىۋاستە ئارىلاشتى. مەسىلەن، ئۆزبەك خانى مۇھەممەت شايبانى خان 1496-ژىلى ئىراندىن تۈركستانغا ئىبقىپ كەلگەن «نەقشبەندىيە» سۇلۇكىنىڭ پىرى مەشھۇر شەيخ غوجا ئەخرارنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غوجا يەھيانى ئۆلتۈرگۈزۋەتتى. ئارىدىن 14 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1510-ژىلى قىشتا ئىراندىكى سەفەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئىسمايىل شاھ تۈركستانغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ، مۇرغاپ دەرياسىنىڭ بويىدا بىلگان ئۇرۇشتا مۇھەممەت شەيبانى خاننىڭ قوشۇنلىرىنى قورشاۋېلىپ، تولۇق يوقاتتى. شەيبانى خاننىڭ ئۆزىنى ئەسىر ئېلىپ، ژۇقارقى غوجىلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچىلاپ سويدۇرۇپ، ئىچىگە سامان تىقتۇرۇپ، ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان سەفەۋىي شايبانى خاننىڭ باش سۆيىگىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ، ئۇنى مەي ئىچىدىغان كاسە قىلغۇزدى!

ژۇقۇرىدا نامى ئاتالغان، ئەسلى ئىرانلىق غوجا ئەخرارنىڭ سەياسىي دامىغا چۈشكەن تۈركستانلىق ئازغۇنلار سەمەرقەنت دۆلىتىنىڭ سۇلتانى، ئەمىر تىمۇرنىڭ نەۋرىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئەشۇ مۇرتەدلەرنىڭ تۈركستاندا دۈشمەنلىك ئۇرۇغىنى تەرگەنلىگى تۈپەيلى ئەمىر

تىمۇرنىڭ 5-ئەۋلات نەۋرىسى زەھرىددىن مۇھەممەت بابۇر ئۆز نوۋىتىدە تۇركىستاندا خاتىرجەم تۇرالماي، ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئاۋال خۇراسانغا، ئاندىن كېيىن ھىندىستان تەرەپكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەينە شۇ مۇرتەدلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە بىر پۈتۈن تۇركىستان دۆلىتى بىر-بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان، ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگۇ-جېدەللەر توختىماي ئىككى ئەسىر داۋاملاشتى. موشۇ جەڭگۇ-جېدەللەردە ھېساپسىز بىگۇنا خەلىق قىرىلدى، شەھەرلەر ۋەيران بولدى، ئېگىلىك ئارقىغا كەتتى، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا چۈشكۈنلۈك بولدى...

شەرقىي تۇركىستاندا بولسا، ئەشۇ غوجىلارنىڭ قولى بىلەن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى يوقىتىلىپ، جۇڭغار قالماقلىرىغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىمۇ ھىمايە قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئاخىر نەتىجىدە، رۇس ئىمپېرىياسىنىڭ غەربىي تۇركىستاننى بېسىۋېلىشىغا، مانجۇ ئىمپېرىياسىنىڭ شەرقىي تۇركىستاننى بېسىۋېلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. دېمەك، ئىران ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەربىيىلەپ كىرگۈزگەن، سەياسىي جاسۇسلار، غوجا-ئىشانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاخىرقى ھېساپتا تۇركىستان خەلىقلىرىنىڭ زىيىنى، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى رۇس ۋە مانجۇ ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ پايدىسى بولۇپ چىقتى.

دېمەك، XV ئەسىردىن كېيىن تۇركىستان خەلىقلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتلەر، بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئاۋلادى» دەپ ئاتاۋالغان، ئەمەلىياتتا سەياسىي سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللانغان، ئەشۇ ناھىلى سوپى-ئىشان، غوجا زادىلەردىن كەلگەن. ئۆزلىرى ئارقىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىشقا سالغان ئىراننىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن كەلگەن!

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ياخشلاپ ئويلاپ كۆرەيلىچى: ئاتالمىش غوجىلار تۇركىستان رايونىغا XV ئەسىردە كېلىشكەن. ئۆزلىرىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى، يەنى «سەيىدلەر» دەپ ئاتاپ، يەرلىق خەلقنى ئالداپ ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ، بالا-چاقىلىق بولۇشقان. ئۇلار ئۆزلىرى تۇركىستاندا تۇغۇلغان تۇرسا، ئاتا-ئانىلىرى ئاساسەن تۇركىستانلىق تۇرسا، قانداق قىلىپ، ئەرەپ نەسىللىك مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالىدۇ؟

مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزى ھەدىس-شەرىپىدە: «پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە قېرىنداش» دېگەن تۇرسا، بۇ غوجىلار نېمە ئۈچۈن بىر ئۇيغۇرنى ئىككى پىرقىغا بۆلۈپ تاشلاپ، بىر-بىرلىرىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار دىنىي زات بولغان بولسا، نېمە ئۈچۈن دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماستىن، ئۇيغۇر پادىشالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا شۇنچە تىرىشىپ كېتىدۇ؟ ھەتتا ئاپاقغوجا موشۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تىبەتنىڭ مەركىزىگە بېرىپ، ئۈچ ئاي بۇتخانىدا يېتىپ، بۇتلارغا چوقۇنىدۇ، دالاي لامانىڭ ئايىغىنى سۆيىدۇ؟ نېمىشكە ئۇ جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىزىدۇ؟ نېمىشكە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ؟ موشۇ فاكتلارنى ئويلىغاندا بىز ۋەتەندىشىمىز تارىخ، پەنلەرنىڭ دوكتورى ئىكلىل قۇربانىنىڭ: «غوجىلار دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان سەياسىي جاسۇسلار!»، دېگەن ھۆكۈمىگە قوشۇلماي ئىلاجىمىز يوق! بىز تۆۋەندە بۇ غوجىلار ئۇيغۇر تارىخىدا قانداق سەلبىي رول ئوينىغانلىغىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈمىز. مەرھەممەت تونۇشۇپ چىقىڭ.

# 20-باپ

## سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇرستاندا جۇڭغارلار بىلەن غوجىلار ھۆكۈمرانلىغى

### §1. ئاپاقغوجىنىڭ خانلىغى ۋە جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ باسقۇنچىلىغى نەتىجىسىدە سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

سۇلتان ئابدۇللا خانىنىڭ زامانىسىدا غەربىي تۇركىستان (ھازىرقى ئۆزبەكىستاندىن) بىر تۇركۈم كىشىلەر قەشقەرىيەگە كېلىپ، پانا تېپىشقان. سۇلتان ئابدۇللا خان: «بۇ كىشىلەر ئۆزىمىزنىڭ دىن قېرىنداشىمىز ئىكەن» دەپ پانالىق بېرىپ قوينىغا ئالغان. يەر-ماكان بۆرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شۇ كۆچمەن ئۆزبەكلەرنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتيۈسۈپ ئىسملىق بىر ئىشان بار ئىدى. مۇھەممەتيۈسۈپ غوجىلارنىڭ بوۋىسى ھېساپلانغان «مەخدۇ ئەزەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان غوجا قاسانىي دېگەن كىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇھەممەتيۈسۈپنىڭ قېرىندىشى ئىسھاق ۋەلىيۇللا غوجىمۇ كېلىپ قەشقەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى. بۇ ئىككى غوجىلار خەلقىمىزنىڭ نادانلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» دەپ تونۇشتۇرۇپ، قەشقەرىيەدە سوپىزم تەرغىباتىنى باشلاۋەتتى ۋە ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئۆيلەندى.

مۇھەممەتيۇسۇپ ئۆزىنى «ئىشان» مەزھىبىنىڭ پىرى دەپ ھېسابلاپ، ئۆز ئالدىغا مۇرىد توپلاشقا باشلىدى. ئىسھاق ۋەلىيۇللا غوجىمۇ، ئۆز ئالدىغا مۇرىد توپلاپ، «ئىسھاقىيەچىلەر» دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاكا-ئۇكا غوجىلار ئىككى مەزھەپنى پەيدا قىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى روھانىي جەھەتتىن ئىككى پىرقىگە بۆلۈپ تاشلىدى. بۇ نائىنساپ غوجىلار كۆرۈنۈشتە مەزھەپ كۈرىشى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىياتتا سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشكەن ئىدى.

مۇھەممەتيۇسۇپنىڭ قەشقەردىكى ئايالىدىن قانايەتۇللاھ، ئانايەتۇللاھ دەپ ئاتالغان ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇ كېيىن قۇمۇل شەھىرىگە بېرىپ، سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ باردى ۋە مۇرىد توپلىدى. شۇ چاغدا قۇمۇللۇق زۇلەيخا ئىسىملىق قىزغا ئۆيلىنىپ، بۇ ئايالىدىن ھىدايەتۇللاھ ئىسىملىق ئۈچىنچى ئوغلى تۇغۇلدى. ئىسھاق ۋەلىيۇللا غوجىنىڭ بولسا، قەشقەرلىك ئايالىدىن شادى غوجا ئىسىملىق يالغۇز ئوغلى بار ئىدى.

مۇھەممەتيۇسۇپ 1646-يىلى 14 ياشقا كىرگەن ئوغلى ھىدايەتۇللاھنى باشلاپ، 6-5 سوپىلارنى ئارقىسىغا سېلىپ، قۇمۇل دىيارىدىن قەشقەرىيەگە قاراپ، يولغا چىقتى. ئۇ قەشقەرىيەگە كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا، «ئىسھاقىيەچىلەر» تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاتىسىدىن خېلە تەلىم ئالغان ھىدايەتۇللاھ غوجا ئاتىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ئىشقىيە» مەزھىبىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاستا-ئاستا موشۇ مەزھەپتىكى سوپىلارنىڭ پىرى بولۇپ قالدى. ئۇ خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن، نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان «ئەۋلىيا» قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقنى ئالداپ، مال-دۇنيا يىغدى. چىۋىنلەر نىجاسەتكە ئولاشقاندەك، نادان خەلق بۇ كازاپ غوجىنىڭ چۆرىسىگە ولىشۇەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ مۇرىدلىرىمۇ كۆپىيىشۇەردى، مال-دۇنياسىمۇ ئاشتى. ئابرويى ۋە مال-دۇنياسى ئاشقانسىرى ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقىلى باشلىدى. سوپى-مۇرىدلار دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماستىن، يەرلىك قىزلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالدى. ھىدايەتۇللاھ غوجا بولسا، ئۆزىگە باش-پانا بەرگەن سۇلتانلىقتا كۆز تىكىپ، پادىشالىق تەختىگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئېشەكتەك نادان ۋە جاھىل سوپى-مۇرىدلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، 1676-يىلى پادىشا ئىسمايىلخانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. يوشۇرۇن تەييارلانغان مۇرىدلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پايتەخت يەكەن شەھرىنى قورشاۋالدى. سېپىلنىڭ ئىچىدىكى مۇرىدلار بولسا، ھۇدايەتۇللاھ غوجىنىڭ بۇيرىغى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى ئىسيانچىلارغا ئېچىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئىسيانچىلار شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىردى. تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا تەسادىپى غەلىبە قىلغان ھىدايەتۇللاھ سۇلتان ئىسمايىلخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، نەزەربەنت قىلىپ قويىدى. ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ قانۇنسىز سۇلتانلىقى ئۇزاققا بارمىدى. پادىشا جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەممەتئىمىنخان ئەتراپتىكى يۇرتلاردا كۈچ توپلاپ كېلىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايانغان ھالدا، پادىشالىق تەختىنى تارتىۋالدى. ھىدايەتۇللاھ غوجىنى قوغلاۋەتتى. قەشقەرىيەدىن قوغلانغان ھىدايەتۇللاھ دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئوتتۇرا ئازىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاتراپ ژۈرۈپ، ئۆزىگە ياردەم سورىدى، بىراق، ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم بەرمىدى. ئاندىن ئۇ خوراسانغا باردى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىمدىن ياردەم ئالالمىدى. ئاخىرىدا ئۇزاق يوللارنى ژۈرۈپ، كەشمىر ۋىلايىتىگە بېرىپ، كەشمىرنىڭ سۇلتانى مۇھەممەتخاندىن مەسلىھەت سورىدى. مۇھەممەتخاننىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ياردەم ئېلىش تاماسىدا تىبەتنىڭ مەركىزى لىخاساغا (ھازىرقى لاسا) شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇ 1677-يىلى 1-ئاي مەزگىلى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قەشقەرىيەنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان پادىشاسى قىلىپ كۆرسىتىپ، دالاي لاماغا ئەرزى-دات ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇددا دىنىنىڭ تەلىۋى بويىچە دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن لاما دىنىنى قوبۇل قىلىپ، 90 كۈن بۇتخانىدا يېتىپ، ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلىشى شەرت ئېكەن. ھىدايەتۇللاھ غوجا بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ، 90 كۈن بۇتخانىدا يېتىپ، بۇتلارغا چوقۇندى. شۇنداق قىلىپ، بۇرھانغا ۋە دالاي لاماغا سادىق ئېكەنلىكىنى ئىسپات قىلدى. ئاندىن كېيىن دىنىي بايرام كۈنى دالاي لاما چوڭ بۇتخانىغا كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇتخانا راھىپلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدى. ئۇ ئۆزى قەشقەرىيەنىڭ پادىشاسى بولغانلىقىنى، مۇھەممەتئىمىنخان ئۇنى ئاغدۇرۇپ، تەختىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى سوراپ، دالاي لامانىڭ ئايىغىغا باش قويىدى. لاماغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدى ياردەم سورىدى. بۇ خوشەمەتچى خوشامەت قىلىۋاتقاندا، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇيغۇرستاننى بېسىۋېلىپ، بۇ باي ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى دالاي لامانىڭ ئېسىگە كەلدى. دالاي لاما بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېلىشنى ئويلاپ، شۇنداق دېدى: «مەن ساڭا مەكتۇپ يېزىپ بېرىمەن، سەن ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ خانى غالدان سېرىن خۇنتەيجىدىن ياردەم سورا، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ». ھىدايەتۇللاھ غوجا دالاي لاما يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى ئېلىپ، چىڭخەي دۇڭخۇئاڭ يولى بىلەن (بىر قالماقنىڭ يول باشلىشىدا) ئىلىغا يېتىپ كەلدى. غالدان سېرىن خۇنتەيجى بىلەن

كۆرۈشۈپ، دالاي لامانىڭ مەكتۇبىنى ئىككى قوللاپ تاپشۇردى ھەم ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەخسىتىنى بايان قىلدى.

شۇ زامانىدا جۇڭغار دۆلىتىنىڭ ھەربىي قۇدرىتى ئېشىپ، ئەتراپىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆزگە يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇ بىپايان ئۇيغۇر زىمىنىنى بېسىۋېلىپ، ھېساپسىز كۆپ بايلىقلارغا ئېگە بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىدايەتۇللاھ غوجىنىڭ قەشقەرىيەنى جۇڭغار دۆلىتىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىش، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى پادىشا بولۇش توغرىسىدىكى تەكلىۋى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ياقتى. ئۇ ھىدايەتۇللاھنىڭ تەكلىۋىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرستاننى بېسىۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. 1678-يىلى باھاردا 120000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنى تەييارلاپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى باش قوماندان قىلىپ، ھىدايەتۇللاھ غوجىنى ئالدىغا سېلىپ، تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇرستانغا ھەربىي تەجاۋۇزنى باشلىدى.

سۇلتان مۇھەممەتىمىنخان بۇ ئىشرىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاقسۇدا كۈچلۈك مۇداپىئە ئىستىھكامىنى قۇرۇپ، كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ئالدىنى توساشقا تەييارلانغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا ھىدايەتۇللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندىكى مۇرىدلىرى ئىسيان كۆتەردى. سۇلتان ئىلاجىسىز ئاقسۇدىكى مۇداپىئە لىنىياسىنى تاشلاپ، پايتەخت يەكەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بوراندەك بېسىپ كېلىۋاتقان قالماق ئەسكەرلىرى مۇداپىئەسىز قالغان ئاقسۇ شەھىرىنى ئوڭايلا بېسىۋالدى. ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئۈزۈلۈپ، مارالبېشى، ئۈچتۇرپان، ئاتۇش ۋە قەشقەر شەھەرلىرىنىمۇ ئۇرۇش قىلماي دېگىدەك بېسىۋالدى. چۈنكى ھەممە يۇرتلاردا ھىدايەتۇللاھنىڭ مۇرىدلىرى بار ئىدى. ئۇلار خەلقنى قارشىلىق قىلماي، «سەيىد ھەزرەتلىرىنى» قارشى ئېلىشقا چاقىرىشتى. ئۇلار قالماق ئەسكەرلىرىگە شەھەر دەرۋازلىرىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭغا قارىماي، ئەسلى تەبىتى باسقۇنچىلىققا مايىل قالماق ئەسكەرلىرى بارغانلا يېرىدە، ئەسكەرلەر بىلەن ئەمەلدارللارنى ئۆلتۈردى. ھۆكۈمەت غەزنىسىنى، ھەربىي سكلادلارنى، خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ تالىدى. قىز-جۇگانلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئۆيلىرىگە ئوت قويىدى. موشۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسىدە ھىدايەتۇللاھ غوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىدلىرى قالماق ئەسكەرلىرىگە ئاكتىپ ياردەم بەردى. تاشقى دۈشمەن جۇڭغار قالماقلىرى بىلەن ئىچكى دۈشمەن غوجا-ئىشانلار ئۇيغۇر خەلقىنى ئايىماي قىردى، بايلىقلىرىنى بۇلاپ تالىدى، شەھەرلەرگە ئوت قويىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئاۋات شەھەرلەر ئادەمسىز خارابىلارغا ئايلاندى!

مۇھەممەتىمىنخان پايتەخت يەكەندە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، شەھەرنى قەھرىمانلارچە ھىمايە قىلدى. قالماق چېرىكلىرى ھەر قانچە قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىدى. ئاخىرىدا ھىدايەتۇللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى مۇرىدلار قالماق ئەسكەرلىرىگە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرگەن قالماقلار، شەھەردە ئۈچ كۈن ئىنتايىن ۋەھشىيانە قەتلىئام (ئۇمۇمىي قىرغىنچىلىق) يۈرگۈزدى. ئاچ كۆز قالماق چېرىكلىرى كۆزى كۆرگەنىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ تالىدى، ئۆيلەرگە، مەسچىتلەرگە، رەستىلەرگە ۋە سارايلارغا ئوت قويۇپ، كۈلگە ئايلاندۇردى. مۇھەممەتىمىنخان باشلىق شەھەرنى قوغدىغۇچى جەڭچىلەر دۈشمەنگە تەسلىم بولماستىن، باتۇرلارچە ئېلىشىپ، مەرتلەرچە قۇرۋان بولۇشتى! پايتەختىنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى ئۆز ئېگىلىرىنىڭ قىزىل قانلىرى بىلەن بويالدى. كوچىلاردا، نەيدانلاردا، باغلاردا، قورالاردا ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن جەسەتلەر دوگلىنىپ ياتتى. قارشىلىق قىلغۇچىلار تامامەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەھەر ئىشغال قىلىندى. دۆلەت تامغىسى، دۆلەت غەزنىسى، قۇرال-ياراق سكلادى ۋە باشقا مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۇجۇمى ھىدايەتۇللاھ ۋە ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ خائىنلىقى نەتىجىسىدە 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىتىلدى. مۇستەقىللىك قولدىن كەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلمەتلىك قارا كۈنلىرى باشلاندى. بىراق، ئۇيغۇرستانىنىڭ ھەر قايسى يۇرتلىرىدا قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يەنە ئىككى يىل داۋاملاشتى، دۈشمەنلەر پەقەت 1680-يىلىغا كەلگەندىلا ئۇيغۇرلارنى تولۇق بويسۇندۇرالىدى.

## §2. قەشقەرىيەدە قالماقلار بىلەن غوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

قالماقلار قەشقەرىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ۋەدىسى بويىچە ھىدايەتۇللاھ غوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. ئۇيغۇرستاننى بېسىۋېلىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قالماقچە «ئاباق» دېگەن نامنى بەردى. ھاقارەتنى ھار ئالمايدىغان، دۇرۇس-خاتانى ئايرالمايدىغان نادان ئۇيغۇرلار «ئاباق» دېگەن سۆزنى «ئاپاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ، ئۇ خائىنغا تېخىمۇ چوقۇنىدىغان بولۇشتى!

قالماقلار ئاپاق غوجىنى ئۇمۇمىي ۋالى قىلىپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ھەر قايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ھاكىم، قازى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا تولۇق ئىشەنمەي ھەر قايسىنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ قالماق ئەسكەرلىرى بىلەن نازارەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنى ئۇلۇقلاپ «قاراخان» دەپ ئاتاتتى. بۇ نازارەتچىلەر چەكسىز ھوقۇقتىن پايدىلىناتتى. كۆڭلى نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلاتتى. خالىغان ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە بېسىپ

كىرىپ، مال-مۈلكىنى تارتىۋالاتتى، قىز-چوكانلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلاتتى. يەنە كېلىپ بۇجىنايەتلەرنى ئەشۇ خانىلارنىڭ قولى بىلەن ئورۇنلاتقۇزاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاپاقغوجا ۋە ئۇنىڭ جامەتى باسقۇنچى قالماقلارنىڭ ئىتائەتچان مالايلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ۋەزىپىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلىدى.

جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يۆلەپ تەختكە چىقىرىلغان ئاپاق غوجا ئۆزى قورچاق پادىشا بولغان 1658-يىلدىن باشلاپ جۇڭغار خانىغا ھەر يىلى 60000 سەر كۈمۈچ پۇل، 60000 دانە ماتا-چەكمەن، 900 نەپەر ياش كۆچلۈك غالچا يىگىت، 900 نەپەر غالچا قىز-چوكانلارنى يىغىپ، جۇڭغار خانىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇلاردىن باشقا 41000 پاتمان بۇغداي، 150 چارەك پاختا، 360 چارەك زەيەر، 300 چارەك قۇرۇق مېۋە يىغىپ، ئەۋەتىپ بېرىشىمۇ كېرەك ئىدى. دېخانلاردىن ئالىدىغان يەر بېجى، چارۋىچىلاردىن ئالىدىغان تۆل بېجى، ھۈنەرۋەنلەردىن ئالىدىغان تاپاۋەت بېجى سودىگەرلەردىن ئالىدىغان تىجارەت بېجى، ئەسكەرلەرنىڭ يەم-خەشەك بېجى، زاكات بېجى دېگەن باجلارمۇ بار ئىدى. موشۇ باج-سېلىقلار خەلقنىڭ ئىلىگىنى شوراپ، كۈن كۆرەلمايدىغان ھالەتكە چۈشىرىپ قويغان ئىدى. موشۇ باج-سېلىقلارنى يىغىشتا غوجىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرىيەدە 300دىن ئوشۇق قالماق چېرىكلىرى بىلەن قاراخانلىرى تۇرغۇزۇلغان ئىدى.

ئوردىدىن تارتىپ يېزىلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقى غوجا-ئىشانلار، سوپى-دىۋانىلەر، بەگكى-قەلەندەرلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئىدى.

ساھابىلەر بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزدىن «يا رەسۇلۇللا! قىيامەت كۈنىنىڭ بەلگۈسى نىمە؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز: «ناھەلى كىشىلەر ئىش بېشىغا كەلگەندە خەلققە قىيەمت كۈنى بولىدۇ!» دېگەن ئىكەن. غوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا ئەينە شۇنداق بولغان ئىدى.

خام بەگنى چېكتۈرۈپ، بېشى ئايلىنىپ كەتكەن بۇ مۇرتەدلەر ئەلنى باشقۇرۇشتا ھېچ قانداق قانۇن-تۈزۈم دېگەنلەرنى بىلمەيتى، خىيالىغا نىمە كەلسە، شۇنى قىلاتتى. موشۇنداق دوزاق ئازاۋىدا قالغان بېچارە ئۇيغۇرلار نىمە قىلىشنى بىلمەي، ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ئۇتتۇر كەلگەن تەرەپلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئۇيغۇرلار ئەشۇ ئېغىر زاماندا پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىغا تىرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. چەت ئەللەردە سەرسان-سەرگاندالىقتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سان ھېساۋى يوق. موشۇ 75 يىل ئىچىدە جۇڭغار ئاق سۆيەكلىرى بىلەن باسقۇنچى چېرىكلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى شۇنچىلىك ۋەھشىلىك بىلەن ئەزدىكى، ئۇنى تىل بىلەن ئېيتىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاپاق غوجا باشچىلىقىدىكى ئىنساپسىز ئاھىل غوجىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنىمۇ، تىل بىلەن ئېيتىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، ئاپاق غوجا خانىلىقى، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇمى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ زاماندا ياشىغان بەزى ئەدىپلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تۇرپاندىكى **يەمشى** دېگەن يەردە رەسمىي قۇل بازىرى بولغان ئىكەن. بۇ بازاردا ھەر يىلى نەچچە تۈمەن ئەر-ئايال قۇللار سېتىلىپ تۇراتتىكەن.

جۇڭغارلار بىلەن غوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۆزلىرىگە سەللا ئىتائەتسىزلىك قىلغان كىشلەرنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرەتتى. ئۇلار كىشلەرنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنىڭ 40 نەچچە خىل ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپقان ۋە ئەمەلدە قوللانغان. بۇ ئۇسۇللار بىرىدىن بىر دەھشەتلىك. ئۇلار موشۇنداق دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى قىيناپ ئۆلتۈرگەن!

بۇ قارا قىسمەت تاكى 1753-يىلى غوجا جاھان مۇستەقىللىك جاكالىغانغا قەدەر داۋام قىلدى.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ژۇقۇرىدىكى بايانلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئاپاق غوجا ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ خاىن، مىللىي مۇناپىق بولۇپ چىقتى. ئۇغۇ 16 يىل غالچىلىق قىلىپ، قىلمىشىدىن ھېساپ بېرىش ئۈچۈن 1694-يىلى ئۇ دۇنياغا كەتتى. بىراق، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن بەختسىزلىك 326 يىلدىن بېرى تۈگىمەي داۋاملىشىۋاتىدۇ. يەنە قانچە يىل داۋاملىشىدۇ تېخى؟!

ئاپاق غوجا سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرىز قىلىنغان 1678-يىلى 9-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن باشلاپ، پولات شەيغاۋۇلنىڭ خەنجىرى ئاستىدا جان بەرگەن 1694-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە 15 يىل 5 ئاي قورچاق خان بولۇپ، قالماقلارغا غالچىلىق رولىنى ئوينىدى. ئاپاق غوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ھېيلە-مىكرىدە شەيتانغا دەرىس بېرىدىغان كىچىك خوتۇنى مۇھتەرەم خېنىم « ئاپاق غوجىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» دەپ ئاتالغان يالغان نامىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئاپاق غوجىنىڭ چوڭ ئايالىدىنى تۇغۇلغان ئوغلى يەھىيا غوجىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈردى. ئۆزىنىڭ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلى ھەسەن غوجىنى «ئىشان پادىشا» دەپ، ئۆزىنى بولسا «خېنىم پادىشا» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مۈلكى قەشقەرىيەنىڭ خانلىق تەختى ساۋاتسىز، قارا قوساق، بۇزۇق مۇھتەرەم خېنىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

مۇھتەرەم خېنىم ئۆزىگە ئىشەنچلىك يۆلەكچى تېپىش مەخسىتىدە جوڭغار خانى تەرىپىدىن مۈلكى قەشقەرىيەنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان قاراخان چاغانتاشنى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ ئويىنىشى قىلىۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ پادىشالىق تەختىنى بىخەتەر قىلىش ئۈچۈن سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ، يەھيا غوجىنى ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇ ئۆزىگە ياقمايدىغان ھەر قانداق كىشىنى جاللاتلارنىڭ قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈش ئاقىلىق خەلق ئىچىدە «جاللات خېنىم» دەپ نام ئالدى. «جاللات خېنىم» خەلققە زۇلۇم سېلىشتا ئېرى ئاپاق غوجىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى!

ھەر قانداق جاللاتنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمىغاندەك، «جاللات خېنىمنىڭ» ئۆمرىمۇ ئۇزاق بولمىدى. ئۇ 1697-يىلى 3-ئايدا ئۆزىنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن، ئويىنىشى قاراخان چاغانتاش بىلەن قوشۇپ، ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇلدى.

## قوشۇمچە ماتېرىئال

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

بىز ژۇقۇرىدا، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى يىقىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇققا چۈشۈرۈپ قويغان باش جىنايەتچىلەر چوڭ-كىچىك غوجىلار دەپ ئېيتقان ئىدۇق، موشۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان « ئاپاق غوجا» ناملىق ھۆججەتلىك روماندىن بىر نەچچە ئېپىزودلارنى ئەينەن كەلتۈرۈمىز. مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ.

«...سۇلتان ئابدۇللاخان زامانىدا قەشقەر نايىبى شاھزادە يولۋاسخان ۋەكىللىگىدىكى يەرلىك تەرىقچى كۈچلەر بىلەن سۇلتان ئابدۇللاخان ۋەكىللىگىدىكى بىرلىكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. يولۋاسخاننىڭ كەينىدە ئاپاق غوجا باشلىق «ئىشقىيە» مەزھەبىدىكىلەر بار ئىدى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كەينىدە بولسا، «ئىسھاقىيە» مەزھەبىدىكىلەر تۇراتتى.

شاھزادە يولۋاسخان ئۆزىنىڭ ئاتىدى سۇلتان ئابدۇللاخاندىن پادىشالىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاپاق غوجا بىلەن سەياسىي ئىتتىپاق تۈزدى. «ئىشقىيە» مەزھەبىدىكىلەرنىڭ كۈچى يولۋاسخاننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. شۇ مەزگىللەردە مۈلكى قەشقەرىيەدىكى: قەشقەر، يەكەن، خوتەن، مەكىت، يېڭىسار، مارالبېشى، ئاقسۇ، ئۈچ، قۇچا، باي، سايرا، كورلا ھەتتا چالىشقا قەدەر بولغان 6 چوڭ شەھەر، 13 كىچىك شەھەردىكى 16000 كەنت قىشلاقتىن، 81000 تۈتۈن تەخمىنەن 600000 ئاھالى «ئىشقىيەچىلەر» سۈلكىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلاتتى. ئاپاق غوجا بۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر نايىبى يولۋاسخان بىلەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يولۋاسخانغا ئەقىل ئۆگىتىپ، خان ئوردىسىكى بىر نەچچە يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى سەئىدىيە دۆلىتىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىشەنچلىك، ئىختىدارلىق ۋەزىرۇ-ۋۇزرالار، ئەمرۇل-ئۆمەرالار ۋە بەگۇ-بېگاتلارنى ئابدۇللاخانغا يامان كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ياخشى ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ يوقاتقۇزدى. ئۇلارنىڭ نامىدا «قارا خەت» يازدۇرۇپ، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئابدۇللاخان ئالدىدا ئاشكارىلىغان بولۇپ، ھىيلە بىلەن ئۇلارنى ئىشەنچسىز ئادەملەر قىلىپ قويدى. پادىشا ئابدۇللاخان بۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى تەكشۈرەپ، ئېنىقلاپ كۆرمەستىنلا، مىرزا تىنىبەگ، ئەمىر ئەيۇپبەگ ۋە سۇلتان ئەلى تاغاي قاتارلىق كىشىلەرنى «ئاسىي» نامى بىلەن جازالاپ چاپتۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا «قارا خەتنىڭ» تەقىبىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خوتەن نايىبىغا پەرمان چۈشىرىپ، مۇھەممەت قاسىم باشلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرگۈزدى. شۇنداق قىلىپ، سەئىدىيە سەلتەنەتى ئۈچۈن نەچچە ئەۋلادتىن بېرى سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەر يوقىتىلدى ۋە ئوردىدىن ژىراقلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بەزىلىرىنى ژىراق يۇرتلارغا پالىدى.

بىراق، «قىڭغىر ئىشنىڭ قىرىق ژىلدىن كېيىنمۇ ئەيۋى ئېچىلىدۇ» دېگەندەك، ئابدۇللاخان ئاخىرى يولۋاسخان بىلەن ئاپاق غوجىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، سەلتەنەتنى پارچىلاشتەك ئاسىيلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىغىنى سەزدى. دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، شاھزادە يولۋاسخاننى قەشقەرنىڭ نايىبلىغىدىن، يەنە ۋەلى ئەھدىلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى، 1666-ژىلى يازدا يولۋاسخانغا قارشى جازالاش قوشۇنىنى ئەۋەتتى. ئابدۇللاخاننىڭ جازالىغۇچى قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ قالغان يولۋاسخان بىر تۈركۈم ئادەملىرىنى ئېلىپ، پانالىق تىلەپ، جوڭغارىيەگە قېچىپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى بىرىنچى قېتىم قەشقەرىيەگە موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى. مىلادىنىڭ 1667-ژىلى يازدا جوڭغار ئەسكەرلىرى بىلەن ئاپاق غوجىنىڭ سوپى-ئىشانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ قوشۇن ئابدۇللاخاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى يەڭدى. ئۇلار قەشقەرنى ئېگەللەپ، ئارقىدىن يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

سۇلتان ئابدۇللاخان ئىنساپسىز ئوغلى يولۋاسخاندىن كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىققا چىدالماي، پادىشالىق تەختىنى كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھەج قىلىش بانىسى بىلەن سەۇدىيە ئەرەپستانىغا قېچىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 1668-ژىلى 4-ئايدا يولۋاسخان بولۇپ ئاخىرى يەكەن شەھىرىنى ئىگەللەپ، ئىنىسى ئابدۇلمۆمىننى ئۆلتۈردى ۋە سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋالدى. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى (زۇلھىججەنىڭ 1-كۈنى) يولۋاسخان خان بولۇپ سەئىدىيە تەختىگە ئولتىرىپ، سۇلتانلىق تاجىسىنى كىيدى. ئۇ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ 11-ئەۋلات پادىشاسى دەپ ئاتالدى. دېمەك، سەئىدىيە خانلىغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى بولغان ئىككى سەياسىي گۇرۇھنىڭ، ئىككى دىنىي مەزھەبىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاخىرى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. يولۋاسخان سۇلتان بولۇپ تەختكە چىققاندىن كېيىن بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئېدى. ئاردىن بىر ژىل ئۆتە-ئۆتمەيلا قەشقەرىيەدە كۆتىرىلگەن خەلق قوزغىلىڭى بۇ ياللانما سۇلتانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن ئىسمايىلخان پادىشالىق تەختىگە ئولتاردى. ئىسمايىلخان دانا، ئادىل پادىشا ئېدى. ئۇ مەركەزنىڭ سەلتەنەت سۈرىنى كۈچەيتىش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بەزى مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىراق، قەشقەر غوجىلىرىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ماجىرالىرى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى ھېچ بىر نەتىجە بەرمىدى. قاراتاغلىق غوجىلار بىلەن ئاقتاغلىق غوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس ماجىرالار ئارقىسىدا دۆلەت مۇنقەرىز بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى...

...سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى ئوت ئىچىدە قالغان ئېدى. مازارلارنىڭ تۇغ ئەلەملىرى ژىقىتىلغان، مەسچىت-خانىقالار ۋەيران قىلىنغان، گۈمبەزلەر ئۆرۈلۈپ، چېقىپ تاشلانغانلىقتىن، كوچىلاردا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەتتى. قىسقىسى، بۇ ئەلدە بۇرۇنقىدەك ئاۋاتچىلىق مەنزىرىلەر قالمىغان ئېدى. ھاياتلىقنىڭ ئىزى ئۆچكەندەك، تىرىكلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتىرىلگەندەك ئېدى. بۇلاقلار تىنغان، كۆللەرنىڭ سۈيى قۇرىغان، تەبەتتە بار يېشىللىق يوقالغان ئېدى.

...ئالتۇنلۇق مەدرىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىغى تولىمۇ قاتتىق بولغانلىقتىن، جۇڭغار چېرىكلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنى تارتىپ ئالالمىدى. «ئوت قويۇپ، كۆيدىرىپ تاشلايلى بۇ مۇرتەدلەر ئۇۋىسىنى» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى ئاپاق غوجا. بىراق بۆشۈكتۇ غالدان ئاپاق غوجىنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلدى.

«ياق-دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، كۈيىنكىلەر مېنى «نوم بىتىكنى كۆيدەرگەن جاللات» دەپ ئەيىپلىشى مۇمكىن. سۇنى ئۈزۈپ تاشلاڭلار، شۇ چاغدا تەسلىم بولمىغىنىنى مەن بىر كۆرەيچۇ»-دەپ كۆرەڭلىدى غالدان. سۇ ئۈزۈپ تاشلاندى، بىراق بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەدرىسە ئىچىدىكىلەر ھېچ بىر تەسلىم بولمىدى. جۇڭغار چېرىكلىرى بىلەن ئاپاق غوجىنىڭ سوپىلىرى يېزا-يېزىدىكى ئاھالىلارنى تۇتۇپ كېلىشتى. تۇتقۇنلارنىڭ ئەتراپىدا قولىدا قىلىچ-سوتىلارنى تۇتۇشقان جاللات تېلەتلىك چېرىكلەر بىلەن سوپىلار تۇراتتى. ئۇلار ئۆيئىمارەتلەرنى چېقىپ، مەسچىت-خانىقالارنى بۇزۇپ، ئەپكەلگەن ياغاچ-تاختايلارنى ئالتۇنلۇق مەدرىسىنىڭ تېشىغا دوگىلاشقا مەجبۇر قىلىشاتتى. سىرتتا ئاپاق غوجىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

«ئېي مۇسۇلمان مۇرىدلىرىم! دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولۇڭلار، قالماق غوجام سىلەرگە ھەرگىز چېقىلمايدۇ. ئەگەر ئېيتقانلىرىم يالغان بولسا، يېگىنىم-زوقۇم بولغاي!»

«ھىدايەتۇللاھ، ئاغزىڭنى ژۇم!-دەپ ۋاقىرىدى مەدرىسى ئىچىدىكى. سەن ئۆزەڭنىڭ بىر قېرىندىشىڭنىڭ قېنىنى ئىچكەن مەلئۇنسەن! سەندىن كەلگەن ۋاپا، سەن باشلاپ كەلگەن قالماق كاپىرلاردىن كەلسۇنمۇ؟ سەن ۋەتەنسىز مۇناپىقنىڭ يامان نىيىتىڭ بىزگە بەش قولدەك ئايان!...

مەدرىسە ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاچچىق تاپا-تەنىلىرىگە چىدالمىغان ئاپاق غوجا ئەندى غوجىسى غالداندىنمۇ سوراپ تۇرماي، سوپىلىرىنىڭ قولىدىكى يېنىپ تۇرغان ئوتقاشنى ئالدىدە، ئۆز قولى بىلەن دوگىلانغان ياغاچ-تاختايلارغا ئوت ياقتى...

قاراس-قۇرۇس قىلىپ كۆيگەن ئوت يالقۇنى بىر دەمدىلا پۈتۈن مەدرىسە بىناسىغا تۇتاشتى. ياغاچ-تاشتىن قۇرۇلغان بۇ كاتتا ئىمارەت بىر دەمدىلا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. مەدرىسىنىڭ ھەممە رۇجەك، پەنىرلىرىدىن قاپ-قارا ئىس تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ چىققىلى تۇردى. قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنى 360 ئۆي-خانىسى بار بۇ ئالتۇنلۇق مەدرىسىسى ئىچىدىكى 2000دەك پانالىغۇچىلىرى بىلەن قوشۇپلا ژۇتۇپ كەتتى.

ئىست،ھەممىسى كۆيۈپ تۈگىدى! ئالتۇنلۇقۇم مەدرىسىسى ئىچىدە كۆيۈپ ئۆلگەن 2000 ئادەمنىڭ روھمۇ قىساسكار ئەرۋالارغا ئايلىنىپ كەتتى مەدرىسىنىڭ كىتاپخانىسىدا ۋە ھوجرىلاردا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان كىتاپلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى ھېچ كىم بىلمەتتى.

...مىلادى 1681-ژىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى مۇھەممەتىمىنخاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەكەن دىيارىدا ئاپىق غوجىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئاھالىلار يەكەن قەلئەسىنى قورشاۋالغان ئېدى. بۇ قورشاش 4 ئايغا سوزۇلدى. قەلئە ئىچىدىكى ئاپاق غوجىنىڭ سوپى-چېرىكلىرى، شەھەر قەلئەسىنىڭ پۇختىلىغىغا ئىشەش قىلىپ، قەلئە دەرۋازىلىرىنى چىڭ بېكىتىپ ييېۋالغان بولسىمۇ، بارا-بارا ئاچلىق ۋە سۇسىزلىق ئۇلارنى قىينىماقتا ئېدى.

ئاپاق غوجا گەرچە ھېيلى مىكىردە كەمەك قەييارغا ئۇستاز، ھەسەت-خۇسۇمەتتە شەيتان-لەئىنگە دەرس بېرەلىسمۇ، ئاما ئۇ مۇھارىبىيە ئىشلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، ئۆمرىدە بىرەر مۆشۈك بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپ كۆرمىگەن تولىمۇ قورقانچاق ئادەم ئىدى. ئۇ قەلئە سېپىلىغا چىقىپ، ئەتراپىغا قارىۋىدى، قەلئە ئەتراپىغا تىكىلىپ كەتكەن سان-ساناقسىز چېدىر بارگاھلارنى كۆردى. قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرىنى ئاڭلاپ قورقانلىقىدىن پۇت-قولىدا جان قالمىدى.

مۇھەممەتىمىنخان يەكەن قەلئەسىگە ئۇمۇمىي ھۇجۇم باشلاش قارارىغا كەلدى. ئاپاق غوجا مۇھەممەتىمىنخاننىڭ سوقۇشماي تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى كەسكىن تەلىۋىگە جاۋاپ بەرمەستىن، كەينى-كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزرە ئەيتىپ، يۇمشاق سۆزلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق، ھېيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزماقتا ئىدى. ئۇ ئېرەن قابۇرغىدىكى غوجىسى غالدانىنىڭ ئالدىغا چاپار ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى ئاللىبۇرۇنلا مۇھەممەتىمىنخاننىڭ چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. جۇڭغارلارغا ئادەم ئەۋەتكىنىگە ئىككى ئايدەك بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ياردەمگە كەلگەن قالماق قوشۇنلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەتتى. ئامالسىز قالغان ئاپاق غوجا قالماق شاھنىسى دارچە تۆرىنى ئارىغا سېلىپ، يەكەن قەلئەسىنى مۇھەممەتىمىنخانغا تاپشۇرماقچى بولدى. بەختكە قارشى قالماق شاھنىسى دارچە تۆرە مۇھەممەتىمىنخاننىڭ بەرگاھىغا بېرىۋېلىپلا، قايتقىلى ئۇنىمىدى!

جاھاندا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن يامان ۋەھىمە بولمىسا كېرەك!

«مەغلۇپ بولغان قوشۇنغا بىر قېتىم «ھەي!» دەپ ۋاقىراپ قويۇشمۇ كۇپايە قىلىدۇ-دېگەندەك،دارچە تۆرىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئاپاق غوجا ئالاقزادە بولغىنىدىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ، ھېچ بىر چارە قىلالماي قالدى. ئاخىرىدا ئوغلى يەھىيا غوجىنى مۇھەممەتىمىنخاننىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزىگە ھاياتلىق يولى بەرسىلا، خان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

مىلادى 1681-ژىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپلا يەكەن قەلئەسىنىڭ ئالتۇنلۇق، قالغات، خانىقا، تېرەك باغ ۋە مەسقىرە دەرۋازىسى قاتارلىق 5 قوۋۇقتىكى قارۋۇلار ئېلىپ تاشلاندى. ئاندىن داغدۇغىلىق قەلئەگە كىرىش مەراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇھەممەتىمىنخان ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى پۈتۈنلەي سەئدىيە ھەربىيلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى ئالتۇن قۇببىلىق پولات دۇبۇلغا، ئۇچىسىدىكى كەشتىلىك خىتاي ئەتلىسىدىن تىكىلەگە ھەربىي تونلىرىنىڭ ئۈستىدىن كىيىۋالغان زىرىھلىق قۇياق-ساۋۇتلىرى، مەيدىسىگە تاقىغان پولات مەيمەنە ئەينەكلەر ئەتىگەننىڭ قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ، پاقىراپ تۇراتتى...

غالىپ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا بۇغداي ئۆڭلۈك، ياغاق سۆڭگى بۆرتۈپ چىققان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئېگىز بويلۇق مۇھەممەتىمىنخان قوڭۇچ قۇلاغلىق ئارغىمىغىدا بەخرامان ئولتىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ، ئاپاق غوجىنى ئۆلتۈرۈش ياكى تىرىك قالدۇرۇش مەسىلىسىدە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسە: «پىرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» دېگەن بەدنامغا قالىدۇ. ئۆلتۈرمەي دېسە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپاق غوجا قايتا باش كۆتىرىپ چىقمايدۇ دېگىلىمۇ بولماتتى. ئۇ شەھەرنى ئالغان كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ ئەمرۇل-ئۆمەرالىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، كېڭەش چاقىرىشنى قارار قىلدى.

...مىلادى 1681-ژىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى مۇھەممەتىمىنخان ئاق سارايىنىڭ پولات بىلەن قاپلانغان قۇيما دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئەمرۇل-ئۆمەرا، بەگ-بېگاتلارنىڭ ھەمرالىقىدا ھەيۋەت-ھاشامەتلەر بىلەن يېتىپ كەلگەندە، ئاق ساراي ئالدىدا سوپى-ئىشانلىرى بىلەن قول قوشتىرىپ تۇرغان اپاق غوجىنى كۆردى. غوجا ئۈچ قېتىم يۈكۈنۈپ، ئۈچ قېتىم تازىم قىلىپ، خانغا ھۆرمەت بىلدۈردى!

ئۇ موشۇ تاپتا ئاق سارايىنىڭ پەلەمپىيى ئۈستىدە، خۇددى مەھشەرگاھتا تۇرغاندەك، دىر-دىر تىترەپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ ژىل ئىلگىرى دەل موشۇ يەردە سەئدىيەنىڭ سابىق سۇلتانى ئىسمايىلخاننى ئېرەن قابۇرغىغا سۈرگۈن قىلىش توغرىلىق پەرمان چۈشەرگەن ئىدى. ئەندى ھەممە نەرسە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. قېنى ئۇ تۈنۈگۈنكى شانلىق غەلىبە؟! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەم قاراڭغۇ. ئۈمۈتسىزلىك ۋەھىمى ئىچىدە پۇل-قوللىرى غال-غال تىترەتتى. ئۇ مۇھەممەتىمىنخانغا تەسىر قىلماقچى بولۇپ:

«ئېي، مۇھەممەتىمىنخان! بۇ تەغدىر ئاخشامدا بىرىنىڭ كۆكسىنى يارقا قىلغان بولسا، ئەتىسى مەلھەم قويىدۇ. بۇ پايانى يوق زامان كىمگە ۋاپا قىلغان؟ شۇڭا مېنىڭ دەۋتىمگە كىرىسىڭىز؟ پېشىمنى چىڭ تۇتۇڭ، ماڭا ئەگەشكەنلەر-خۇداغا يول تاپقۇچىلاردۇر»-دېدى.

مۇھەممەتىمىنخان ئاپاق غوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غىدىغى كېلىپ مۇنداق دېدى:

«يامان نىيەتلىك ئادەمنىڭ سايىسىمۇ، ئىشتىنىڭ قۇيرىغىغا ئوخشاش ئەگىر بولىدۇ، ھەرگىز تۈز بولمايدۇ. سىز ئەينە شۇنداق يامان نىيەتلىك كىشى تۇرسىڭىز، قانداقچىسىغا سىزگە ئەگەشكۈچىلەر خۇداغا يول تاپقان بولىدۇ؟!»

بۇنى ئاڭلىغان ئاپاق غوجا راستىنلا سەراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ رىياكارلىق بىلەن سوقىدىغان ژۇرىگىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىدى.

ئىي، مۇھەممەتئىمىنخان-دېدى ئۇ خانىنىڭ ئايىغىغا ژىقىلىپ- مېنى راستىنلا كەچۈرمەمسىز؟ مەن سىزنىڭ پىرىڭىز بولغان ئىدىمغۇ!-دېدى ژىغلامسىراپ تۇرۇپ.

-دەرھەقىقەت-دېدى مۇھەممەتئىمىنخان ئاپاق غوجىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، شەرىئەت ۋە سەلتەنەت قانۇنى بويىچە سىزدەك ئادەملەرنى جازاغا تارتىش كېرەك ئىدى. بىراق بىز بۇ ئىشنى ھازىر قىلمايمىز. ئاماشەت شۈكى، سىز بۇ دىياردىن دەرھال چىقىپ كېتىڭ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەڭ! ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ئەندى سىزنى كۆرۈرگە كۆزى يوق!

رەخمەت، مەن سىزنىڭ مېنى ئۆلتۈرمىگەن بۇ شەپقىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!-دېدى ئاپاق غوجا ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىغا خوشال بولغان ھالدا.

ئاپاق غوجا يەكەن دىياردىن قوغلانغاندىن كېيىن ئىلىبالىققا كەتمەكچى بولۇپ، ئۇدۇل قۇرۇق ئۇجۇم يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يولدا ئاتلىق كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ مۈلكى قەشقەرىيەدىكى پۈتكۈل ھاياتىنى باشتىن-ئاخىر بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، سەرسان بولۇپ باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ژىغلاپمۇ ئالدى.

ئىلىبالىق، ئېرەن قابۇرغا غالدان بۆشۈكتۇ خانىنىڭ ئوردىسى. شۇ كۈنى غالدان خان ئۆزىنىڭ چېدىرىدا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتارغان ئىدى، بىر تورغاۋۇت كىرىپ:

ئۇلۇق خان! ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنى «ساغان زالىڭ» دەپ ئاتىغان بىر خوتۇن باخشىسى مۈلكى خوتۇنستاندىن كەلدىم، خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم دەيدۇ-دەپ خەۋەر قىلدى. غالدان ئۇنىڭشغا دەرھال كىرسۇن دەپ ئىجازەت بەردى. ھەيەل قىلمايلا ھېلىقى تورغاۋۇت ئۇچىسىغا تەيلەسۇن ۋە ئۇنخەنلىك پېقىرلار كىيىمىنى كىيىۋالغان ئاپاق غوجىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئاپاق غوجا:

ئەي، بېيشاۋكەتى خان ئالىيلىرى!-دەپ ئەرز قىلدى، غالداننىڭ ئايىغىغا ژىقىلىپ، ژىغلاپ تۇرۇپ-سىنىڭ ھوزۇرۇڭغا كېلىشىمدىكى سەۋەپ، مۈلكى خوتۇنستاندا سىنىڭ قالماق سەلتەنەتىڭگە قارشى غالىيان كۆتەردى. سەن ۋە سىنىڭ غالىپ قەھرىمان قوشۇنىڭ ئۇ يەرلەردە ئورناتقان تەرتىپ-تۈزۈملەر پاچاقلاپ تاشلاندى. مۇھەممەتئىمىنخان دەيدىغان بىر گەدەڭكەش ساڭا قارشى تىغ كۆتىرىپ چىقتى. سەن ھەر قايسى شەھەرلەرگە باسقاق قىلىپ قويغان قاراخان-شاھىنەلىرىڭنى قوغلاپ چىقىرىپ، سىنىڭ بۈيۈك خاقانىڭغا قارشى ئىسيان ناغرىسىنى چالدى. بۇ غەلىيان ئىسيانىدا ئۆلتۈرۈلگەن قالماق قاراخان-شاھىنەلەرنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش، سىنىڭ مۇقەددەس بورچۇڭدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال قەشقەرمۇزاپىتىگە باھادىر لەشكەرلىرىڭنى ئاتلاندۇرغايسەن. خۇدايى تائالا ساڭا جەننەتتەك نۇسرەت ئاتا قىلغاي، سېنى جاھاندا ھەممىدىن غالىپ قىلسۇن!-دېدى.

ئەي، ساغان زالىڭ!-دېدى غالدان-بىز سان-ساناقسىز باھادىر لەشكەرلىرىمىزنىڭ قېنى ۋە جېنى ھېساۋىغا، خوتۇنستاننى ئىشغال قىلىپ، ساڭا ئېلىپ بەرگەن ئىدۇق. ھالا پۈگۈن بەش ژىل ئۆتە-ئۆتمەيلا تەختۇ-بەختىڭ ۋە بار ۋەسلىڭدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كەپسەن، ئەسلىدە بىز ئۇ يەرگە سېنى ئەمەس، بەلكى سېنىڭدىن قابىلىيەتلىكرەك بىرىنى نائىب قىلىپ قويغان بولساق، ياخشى بولاتتىكەن. خەير، بىز ئەسكەر چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيلى، ئەلچى ئەۋەتىپ، نېمىشكە فرامىنغا ئەمەل قىلمىغانلىقىنى مۇھەممەتئىمىنخاندىن سوراپ باقايلى. ئاندىن بىر نېمە دېسەكمۇ ئۈلگىرىمىز!

غالدان سۆزىنى تۈگىتىپلا، قولىنى سىلكىدى. بۇ ئۇنىڭ «ئەندى گەپ تۈگىدى، چىقىپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ» دېگىنى ئىدى. ئاپاق غوجا نائىلاج كەينىچە شوخشىغان پېتى چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

ئاي-كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپاق غوجا غالدان خانىنىڭ ئالدىغا يەنە كىردى.

ئىي، غالدان بېشەۋكەتى ئالىيلىرى!-دېدى ئۇ. - ئەلھال مۈلكى خوتۇنستان خەلقى 7 ياشتىن 70 ياشقىچە مۇھەممەتئىمىنخان ئۈچۈن جان-پىدا بولماقتا. مابادا پادىشانىڭ پۇخارىغا ئىشەنچى ۋە پۇخرانىڭ پادىشاغا ھىمايىسى بولسا، ئۇنداق شەھەرگە بىر بېگانىنىڭ قول سېلىپ، بويسۇندۇرۇپ، مەخسىتىگە يەتكىنى ھېچ قاچان بولغان ئەمەس. شۇڭا بۇزرۇقلار «مۇۋاپىقىيەت بار جايدا دۆلەتمۇ بار، دۆلەت بار يەردە مۇۋاپىقىيەتمۇ بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. شۇڭا مۈلكى خوتۇنستاننى ئەندى نەيزە، قىلىچ، گۈرزى بىلەن بويسۇندۇرۇشىڭىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ھېيلە-نەيرەڭ بىلەنلا بويسۇندۇرۇش مۇمكىن!

ساغان زالاڭ، سېنىڭ قانداق ئۇبدان تەدبىرىڭ بار؟-دېدى غالدان ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمەي.

بىلەمسىز-دېدى ئۇ-بىز ئۇيغۇرلاردا «قوش يېڭىلىپ، تورغا چۈشەر، ئادەم يېڭىلىپ قولغا چۈشەر» دېگەن بىر ماقال بار. سىزنىڭ لەكمىڭ-لەكمىڭ غالىپ قوشۇنلىرىڭىز يېڭەلمىگەن مۇھەممەتئىمىنخاننى مەن مۇشۇ ئۈچ ئېلىك ئۇپرىماس تىلىمنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىۋېلىشىم مۇمكىن!

ساغان زالىڭ-دەپ كۈلدى جۇڭغار خانى غالدان، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي. -بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ئېي، بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى!ــدېدى ئاپاقغوجا ئەستايدىللىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئىنتىقام تەسەۋۋۇرىنىڭ تاتلىقلىقى ھەر قانداق ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپ چۈشىدۇ. خاتىرجەم بولغايسىزكى، مەن بىرمۇ لەشكەر ئىشلەتمەي ياكى بىر پايمۇ ئوق ئاتماي تۇرۇپ، مۆلكى خوتۇنىستاننى سىلىگە ژىللىق ئۇلپان سىلىقنى تولۇق تۆلەيدىغان قىلىپ بېرىمەن، ھېيم-گەپ!ــ دېدى. ئۇ قالغان ئىشلارنى غالدان بىلەن پۈتىشىۋالغاندىن كېيىن ئېرەن قابۇرغىدىن چالىشقا قاراپ، يولغا چىقتى. ئۇ چۆللەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، ۋادىلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر مۆلكى قەشقەرىيەگە يېتىپ باردى.

مىلادى 1682-ژىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى.

مۇھەممەتىمىنخان ئاپاق غوجىنى ئاق سارايدا قوبۇل قىلدى. ئاپاق غوجا ئۇستىگە ئاق تەيلەسۇن ۋە تەختەۋل خەنەكلىك شەيخ كىيىمىنى كىيىۋالغان بولۇپ، قولىدا گويائۆزى قىلماقچى بولغان ھىيلە-نەيرەڭلەرنىڭ ھېسابىتىنى قىلىۋاقاندەك، ئېغىر تەسۋىسىنى تۇتۇۋالغان ئېدى. ئۇنىڭ بۇسالاپىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر كىشى ھەزرىتى خىزىر تىرىكلىك سۈيىنى ئىچىپ، زېرىكىپ كەتكەنلىكتىن، تۇران زېمىنىغا ئىستىراھەتكە كەلگەن ئوخشايدۇــدەپ قالاتتى.

ئۇ تەختتە ئولتارغان مۇھەممەتىمىنخاننى كۆرگىنىدە، پايپېتەك بولۇپ، تازىم قىلىش ئۈچۈن ئىلپىتەك قەددىنى دالدەك ئەگدى.

خان ئۇنىڭدىن: «ھەزرىتىم، نەمە ۋەجىدىن مونۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

مەن بىر بېچارە زاھىدمەنــدېدى ئاپاق غوجا سۆز باشلاپ، ــئەسلىدە، ئۇلۇق تەڭرىدىن باشقا ھېچ قاياشىم يوق ئېدى. قالماق خانى كىلىپ، پىتنە-ئاداۋەت، نىزا تەپرىقات ئوتىنى شۇنداق ئۇلغايتتىكى، ئەلنىڭ تۇرمۇش مەنىشتىدىن ۋە تىرىكچىلىكتىن ئالىدىغان ھۆزۈرھالاۋىتىم بۇزۇلدى. بەس، قان تۆكمەك بىزگە جائىز ئەمەستۇر. بۇ دۇنيا ھېچ كىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس. مەن قالماقتىن ۋاپا ئىزدەپ تولىمۇ خاتا قىلغان ئېكەنمەن. ئەندى قېبىغاندا ئىستىقامىتتە بولاي دېگەن ئوي بىلەن سىزنى كۆڭلۈم خالاپ، قايتىپ كەلدىم. سىزگە خۇدايى ھەمرا بولماق، ئاجىزەڭىزنى ئەمرىمگە ئالماق، ماڭا خۇدايى زاھىر بولدىــدېدى ئاپاق غوجا.

ھەجەپكىــدېدى مۇھەممەتىمىنخان ئاپاق غوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنــقالماقلىرىڭىزنى بۇ ئەلگە باشلاپ كەلگەن ھەزرىتىم، ئۆزىڭىز ئەمەسمىدىڭىز؟ ھالا بۈگۈن ئۇلاردىن كۆڭلىڭىز قالغىنى نېمىسى؟

ھەي، خان ئالىيلىرى، بۇ سۆزىڭىز تامامەن راست. مەنمۇ راستىنى ئېيتسام، بۇ ئەلگە قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، تولىمۇ خاتا قىلغان ئېكەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىككى ئالەملىك قارا ئۈز بولدۇم! قاچانكى بۇ يەرگە قالماقلار كەلدى، بۇ ئامانلىق ۋىدالاشتى، ئۇنىڭ ئورنىغا يامانلىق ئالمىشىپ، ئوۋج ئالدى. ھەددى-ھېساپسىز غەم-قايغۇلار پەيدا بولدى، بالايى-ئاپەتلەر يۈزلەندى...

بۇ مەككار ئاپاق غوجا ئۆزىنىڭ ئەپسانىسىنى سۆزلەپ، مۇھەممەتىمىنخاننىڭ روشەن كۆزلىرىنى غاپىللىق ژىڭنىسى بىلەن تىكمەكتە ئېدى. ئۆزىنىڭ يالغان ئاھلىرى بىلەن تەخت ئاستىدىكى داق يەردىن چاڭ-توزاڭلار چىقارماقتا ئېدى. ئوتلۇق تىغلىرىدىن توختىماي شولا چىقىرىپ، ئىس-تۈتەكلەر پەيدا قىلماقتا ئېدى. ئۇ سۆزمەنلىك بىلەن كۆپلىگەن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا سادde خاننى قايىل قىلدى.

ھەزرىتىم بولسا، بىز قول بەرگە قۇتبىل ئەقتابى ھىدايەتۇللاھ پىرىمىزدۇر!ــدېدى مۇھەممەتىمىنخان. نەسەپتە بارچە سۇلتانلارنىڭ پادىشاھىدۇرسىز. تەرىقەتتە ھەممە مەخپىي سىرلارنى ئاچقۇچىدۇرسىز. سىز بىز بىلەن تۇققان بولۇشنى خالاپسىز، بۇ ئىشقا خوشال بولماقتىن باشقا جاۋابىمىز يوق. بۇزرۇقلار «ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار»ــدېگەن. شۇڭا بىز ھەم شەرىەگە كىرمىگىمىز كېرەك، بولمىسا ئەلنىڭ قېنىغا ئورۇنسىز زەمىن بولۇپ قالىمىز. پارچىلىنىش بۇ ئەلنى ۋەيران قىلدى. ئەندى ئەھدى پەيمانلاشساق، تەرىقەت ۋە سەلتەنەت ئادالىتى بىلەن مەملىكىتىمىز ئاۋاتلاشسا، ھەجەپ ئەمەس.

ئپاق غوجا مۇھەممەتىمىنخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

ئۇلۇقلار «ھىيلە-مىكىر ئوقۇنى دوستلۇق ياسىغا سېلىپ ئاتساڭ دەل تېگىدۇ»ــ دەپ بېكار ئېيتىشمىغان دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئاما ئۆزىنىڭ خوشال بولغانلىقىنى زادىلا چاندۇرمىدى. ئۇ خان بىلەن خوشلىشىپ، شاھنىشىڭدىن چىقىپ كەتتى...

باياتىن ئاپاي غوجا بىلەن خان ئوتتۇرىسىدىكى سۆزبەتكە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتارغان قەشقەر ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ مۇھەممەتىمىنخاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ئەندىكتىدە ئورنىدىن چاچىراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

ھەيھات! ھەيھات! خان ھەزرەتلىرى، سەلتەنەت ئىشىدا دىنىدىن، ئاخىرەتتىن ئۈز ئۆرۈپ، قوۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ مېھرىنى دۇنيانىڭ پۈچەك پۇلىغا ساتقان ئەشۇ تۈزكور بىلەن ئەھى پەيمانلىشىش ئۆزىمىزنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىشتىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ! سەلتەنەت شېرىكلىكىنى كۆتەرمەيدۇ! كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئول ئاپاق سىلىنى ھىيلە بىلەن ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى. غاپىل بولمىغايلا،

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاگاھ بولغايلىكى، ئاقىللار ئۆزلىرىنى دۈشمەنىنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر دۈشمەن بىرەر سەۋەب بىلەن ئەسلىدىكى دۈشمەنلىك ھالىتىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ بەرى بىر يەنە ئەسلىگە قايتىپ، دۈشمەنلىكىنى قىلماي قويمايدۇ.

شۇ چاغدىكى قاراڭغۇ ئىتتىقات بويىچە، مۇھەممەتىمىنخانمۇ «ئاپاق غوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولسا، ھەر قانچە گۇنالىرى بولسىمۇ ساقىت بولۇر. ئىنسان سۈلۈككە كىرسە، ئۇرۇن مەرتىۋىسى ژۇقۇرى بولغاي. ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلۇشۇر، ئەبەدىيلىشۇر. شۇڭا، موشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن، ھىدايەتۇللاھ، ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە مۆمىنلەرگە پى-ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر. پىر-پەيغەمبەر رەسۇلىللاھ بىلەن ئوخشاشتۇر...» دەپ قاراتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ھىدايەتۇللاھ ئىشان-ئاپاق غوجىغا قېيىنئاتا بولۇپ، خۇدايى ھەمرالىق مەرتىۋىسگە ئېرىشىش-سەئىدلىك شاراپىتىگە ئېرىشىشتىكى بىردىن-بىر يېقىن يول بولۇپ ھېساپلىناتتى. شۇڭا، ئۇ مىرزا مۇھەممەت شاھبەگنىڭ چىن ژۈرىكىدىن چىقىرىپ، كۆيۈنۈپ ئېيتقان سەممىي نەسىھىتىگە قۇلاق سالماتتى، ئەلۋەتتە!

ئاخىر مۇھەممەتىمىنخان قىزى مۆھتەرەم خېنىمنى ئاپاقغوجىغا نىكالاپ بەردى. ئاپاق غوجىمۇ دەھرى ھاكىمىيەت تەمەسىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت جۈمە خۇتبىسىدىلا جامائەتكە ئىماملىق قىلىدىغان، باشقا چاغدا بولسا، ھەزرەتتىكى ئېتىكاپتا ئولتىرىدىغان بىر كۈندە يىرىم كۈن مەسنەۋىي خارابىتتىن مەسىلە-مەرۇپ قىلىدىغان بولدى. ئۇلار ئەينە شۇنداق ئەھدە-پەيمان قىلىشىپ، قىلىشىم تۈزۈشتى. مۇھەممەتىمىنخان بىلەن ئاپاق غوجا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىمنى تارىخچىلار: «جۈمە كۈنى شەھەرنى شېرىك سوراش كېلىشىمى» دەپ ئاتاشتى...

مىلادى 1682-ژىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى جۈمە كىرچىسى، يەنى مۇھەممەتىمىنخان بىلەن ھىدايەتۇللاھ ئىشان ئوتتۇرىسىدا ئەشۇ «كېلىشىم» تۈزۈلۈپ، 21-جۈمە كىرگەن كېچىسى، ئىغىر ياتقۇ مەھەل...

ئاي ئولتىرىپ بولغان ئىدى. ئەتراپنى قاپ-قارا زۇلمەت قاپلىغان بولۇپ، ئەتراپتا جىسەكچىلەرنىڭ تاقىلداقلىرىنى تاقىلدىتىپ، «ئەل ئامان!» دەپ ۋاقىرىشىپ قويۇشقان ئاۋازلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەتراپ جىم-جىت ئىدى. ئاق ساراي قوۋۇقلىرىدىكى ساقچىلارمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان ئىدى. بۇ چاغدا ئېگىز قورغان تېمىدىن بىر تال ئاغامچا پەسكە تاشلاندى. بىر ئادەمبۇ ئاغامچىغا ئېسىلىپ، ئوردا ئىچىگە چۈشتى، ئارقىدىنلا ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدىن ئاغامچىغا ئېسىلىپ، ئوردا ئىچىگە چۈشۈۋاتقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاق سۇرۇپتىن كىيىم كىيىشكەن، يۈزنى ئاق لاتا بىلەن ئوراۋېلىشقان ئىدى. ئۇلار بەيىنى گۆرستانلىقتىكى ئەرۋاھلارغا ئوخشاش تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ كىشىلەر بىر دەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل مۇھەممەتىمىنخاننىڭ خاپگاھىغا قاراپ، شىپقاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار ئوردىنىڭ ئەھۋالىدىن پىششىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

كىم بۇ؟-دەپ سورىدى خابگاھ خىزمەتچىسى ئۇيقۇچىلىقتا كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ ئېچىپ.

بىز-دەپ جاۋاپ بەردى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى، خىزمەتچى كېزەك ئالمىشىدىغانلار كېلىۋېتىپتۇ دەپ خاتىرجەم بولدىدە، ئانچە ئېرەڭ قىلمىدى. «بىز»-دەپ قاۋاپ بەرگەن ھېلىقى كىشى يېنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىۋېدى، پىچاق تۇتقان نىقاپلىق ئىككى ئادەم ئېتىلىپ كېلىپلا، خىزمەتچىنى بوغۇزلاۋەتتى. ھېلىقى خىزمەتچى بىر خېقىراپلا جىم بولدى. نىقاپلىق ئادەملەر خابگاھنىڭ ئىشىگىنى يېنىك تىرىقلاتتى. ھەرەمنىڭ ئىچىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ بىرى ئىشىكنى ئېچىشىغىلا، بۇ ئادەملەر خاپگاھنىڭ ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دېمەستىن، ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمنى قويىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلاۋەردى.

مۇھەممەتىمىنخان بۇ چاغدا تاشقىرى خانىدىكى ئۇپۇر-توپۇرنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. كىمسەن؟-دەپ ۋاقىرىدى، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يوچۇن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇ بىردىنلا سەگەكلەشتى. «پاسىبان! ھاي، قايسىڭ بار؟»-دەپ توۋلىغىنىچە، تەھىيە ئاستىدىكى خەنجەرنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئېھلىقى ئېگىز بويلۇق يوچۇن ئادەم جاۋاپمۇ بەرمەستىن، مۇھەممەتىمىنخاننىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. بۇ چاغدا مۇھەممەتىمىنخان قولىدىكى خەنجەرنى، شىلتىپ ئۈرۈۋېدى، ھېلىقى ئادەم يان تەرەپكە داجىۋالدى، شۇنداق قىلىپ، زەربىدىن ئامان قالدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن مۇھەممەتىمىنخاننىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى بىغىشىدىن چىڭ قامالاپ تۇتۇۋالدى. ھەر ئىككىسى تىركىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھېلىقى ئادەم: «ھاي، موللا ساقى، موللا ساقى!»- دەپ ۋاقىرىدى. مۇھەممەتىمىنخان ئىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى، ئۆزى ئېلىشىۋاتقان دۈشمەن، ئاپاق غوجىنىڭ موللا باقى دېگەن جاللاتى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلدى. «ھە، ئىش ئەسلى مۇنداق ئىكەندە» دېگەن ئەلەملىك بىر خىيال ئۇنىڭ بېشىدىن غىل-پال ئۆتتى. لەنىتى ئاپاق ئاخىرى تۈزكورلۇقنى قىپتۇدە، ئۇنىڭ خىيالى ئاياقلاشماي تۇراتتى، شۇ ئەسنادا يەنە بىر نىقاپلىق ئادەم ژۈگۈرۈپ كېلىپ، قولىدىكى خەنجىرنى مۇھەممەتىمىنخاننىڭ ھەلقۇمىغا سۇرۇپلا، كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. موللا ساقى ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، بىر تېپىپلا ئۇنى يەردىكى گىلەمگە ياتقۇزۇۋەتتى.

مۇھەممەتىمىنخاننىڭ كۆز قارىچۇغى ئالىيىپ ئولتىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى گىلەم

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە قالايمىقان تېپچەكلەپ، بىر-ئىككى پۇت ئاتقاندىن كېيىن قىمىر قىلماي، جايىدا يېتىپ قالدى. شۇ كۈنى كېچىسى مۇھەممەتىمىنخاننىڭ كۆيوغلى، ئۆزى قول بەرگەن پىرى ھىدايەتۇللاھ ئىشان ئاپاق غوجا ئەۋەتكەن پىچاقچى سوپىلار مۇھەممەتىمىنخاننى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەندى، ئىككى مېھمىنى، 19 مۇلازىم خىزمەتكارلىرى بولۇپ، جەمى 25 ئادەمنى موشۇنداق ۋەھشىلەرچە سويۇپ تاشلاتتى!

موللا باقى بىلەن موللا ساقلار ئاق سارايغا باشلاپ كىرگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىبىدىكى بۇ قاتىللار ئاپاق غوجىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، بۇ قانلىق ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاق سارايغا ئوت قويىۋەتتى. پاراسلاپ يېرىلىۋاتقان ئاۋازلار ئارىسىدا ئاندا-ساندا ئادەملەرنىڭ «قۇتقۇزۇۋېلار!» دەپ ۋاقىراشقان نالە-پەرياتلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئامما ئاق سارايىنىڭ ئەتراپى ئاپاق غوجىنىڭ سوپىلىرى تەرىپىدىن مەھكەم قامال قىلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، سىرتتىن ھېچ كىممۇ كىرەلمەتتى، ئىچىدىن ھېچ كىممۇ چىقالماتتى. شۇنداق قىلىپ، ئوت كەتكەن بۇ جۇمە كېچىسى 12 ئەۋلات سەئىدىيە سۇلتانلىرىنى ئاخىرەتكە ئۇزاتقان بۇ ئاق ساراي ئاخىرقى سۇلتان مۇھەممەتىمىنخاننىمۇ موشۇنداق پاجىە ئىچىدە ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويدى!

خائىن ۋە جاسۇس ئاپاق غوجا سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنى يادلارغا قۇل قىلىپ بېرىپ، ئاخىرى ئۆز مەخسىتىگە يەتتى!

ئۇيغۇرستاندا ئاپاق غوجا باشلىق سوپى-ئىشانلار سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىغان 1678-يىلنى تارىخچىلار: «ئۇيغۇر مىللىتى ئالدىنىشقا باشلىغان، نادانلىق ۋە جاھالەت قانات يايغان، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى خاراپ بولۇشقا باشلىغان لەنەتلىك قارا يىل!» دەپ يېزىپ قويۇشتى.

XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار تەجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئاپاق غوجا باشچىلىقىدىكى «ئاق تاغلىق» غوجىلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن ئىبارەت ئاسارەتكە دۇچار بولدى. تەجاۋۇزچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئۆز بورچى دەپ بىلگەن ئاپاق غوجا باشچىلىقىدىكى بىر توپ نائىنسوپ غوجىلار ئەلنى نادانلىق پاتقىقىغا پاتۇردى. شۇ چاغلاردا ئەلدە تەۋپىق-ئادالەت كۆتىرىلگەن، ھاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق كۆچەيگەن، مېھرى-شەپقەت تۈگىگەن ئىدى. بۇ بىر توپ ئەخلاقسىز، پاسىق، قەبىھ گۇناكار، غالجىر ھەسەتخور، ئەشەددىي قارا قوساق ۋە ئىچى تار غوجا-ئىشانلار، كۆكەمە سوپى، تېجىمەل دەرۋىش، يۇندىخور ئاشىقلار ھەممىلا يەردە زورلۇق-زومبىلىق قىلىشاتتى. ئۇلار دۇگا بىلەن نان، دۇگا بىلەن جان، دۇگا بىلەن ئىمان، دۇگا بىلەن يۇرت، دۇگا بىلەن تەخت ئالماقچى بولۇشاتتى. دەسەتكىز دۇگالارنىڭ كۆپلىگىدىن كىشىلەر قورقانچاق، پىكىر-تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، زەيىپ ۋە تەرسا، ئىش خۇش ياقماس، نان قېپى، ئاخماق، شاللاق، بىپەرۋا، ئەقلى پالەچ بولۇپ كېتىشكەن ئىدى.

دۇنيادا ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاش تۇرۇۋېتىشتىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بولمىسا كېرەك. ئاقتاغلىقلارنىڭ سەردارى بىلەن ئاپاق غوجىمۇ ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىپ قىلىشنىڭ ئادەملەر ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىملىغىنى بىلەتتى. «ھۇببۇلۋەتەن-مىنەل ئىيمان!» (ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر) دېگەن بىر مەشھۇر ھەدىس بار. ئاپاق غوجىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشتىن باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، مىللەت ئارىسىدا ئاداۋەت تىكىننى ئۈندۈرگەن ئىدى.

قايسى ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ ئەلدە تەپرىقات، بۆلۈنۈش غالىپ كەلگەن بولىدۇ، قايسى ئەلدە ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان بولسا، شۇ ئەلدە غاپىللار ژۇقۇرى دەرىجىلەرنى ئىگەللەيدۇ. قۇزغۇن سۈپەت، ئىلان تىللىق، توشقان ژۈرەك، چايان مۇجەز، قوش ماكانلىق ئادەملەر ئۈستۈن مەرتىۋىلەرگە كۆتىرىلىدۇ. ئاپاق غوجا ۋەكىللىگىدىكى قەشقەر غوجىلىرىمۇ، موشۇنداق مەلئۇن ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

300 يىلدىن بېرى خەلقىمىزنى ئىلاندەك چىرماۋالغان غوجىلار ئەۋھامچىلىغى ئۇيغۇر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق، خۇراپەتلىك ئېكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن زىيانلىرى ناھايىتى ئېغىر بولدى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى خەلقنىڭ ماددىي-مەدەنىيەت جەھەتتىكى قاششاقلىغى بىلەن مەنىۋىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىغى كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىغى بىلەن يۇرتۋازلىغىنى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتۇرۇۋەتتى. قارىغاندا، بۇ خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا خېلە ۋاقىت كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ!

بىراق، ئۇزاققا سوزۇلغان مىللىي زۇلۇمنىڭ ئۆزى ئاستا-ئاستا خەلقنى ئويغاتتى. مىللىي زۇلۇمنى يېتەرلىك تارقاتقان ئۇيغۇر خەلقى غوجىلارنىڭ ئەۋھامچىلىغى ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرمايدىغانلىغىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدىكى خۇدايى مۆمىنلەرنى غەزەپلەنگەن دەھشەتلىك ئارسلانلارغا ئايلاندۇردى! ئۇيغۇر خەلقى شۇنداقلا نادانلىق بىلەن خۇراپەتلىك تارىختىن بۇ يان ئۆزلىرىنى چىرماپ كەلگەن ئىككى زور كۈشەندە ئېكەنلىگىنى چۈشەندى! شۇندا كىشىلەر ئالدانمايمەن دەيدىكەن، تارىختىن ساۋاق ئېلىشلىرى كېرەك. مابادا تارىختىن ساۋاق ئالمايدىغان بولسا، تارىخىي خاتالىقلارنى قايتا-قايتا تەكرارلاشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ.

## §3. قەشقەرىيەدە غوجىلار بىلەن قالماقلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىششى

جۇڭغار خانىنىڭ ئەمرى بىلەن مۆلكى قەشقەرىيەنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، يەنى پادىشالىق 1698-ژىلى قاراتاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى دانىيالغوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ توغرا 37 ژىل قورچاق خان بولۇپ، 1735-ژىلى يەكەندە ئاغرىپ، ۋاپات بولدى. دانىيالغوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭغار خانىنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى غوجا جاھان (ئەرشي) قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ پادىشاسى بولدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى تىنماي ئىزدىدى. 1753-ژىلغا كەلگەندە، جۇڭغار شاھزادىلىرىنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە جۇڭغار دۆلىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، شەرقتىكى مەنچىڭ (مانجۇ-خىتاي) ئىمپېرىياسىنىڭ جۇڭغارىيانى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىغانلىقى پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرىيەدە مۇستەقىللىك جاكالىدى. **باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى** قۇرۇپ، ئۆزى بۇ دۆلەتنىڭ تۇنجا پادىشاسى بولدى.

فرانسۇز تارىخچىسى رېنې گرۇسس موشۇ ۋاقىەنى ئەسكە ئېلىپ:

«جۇڭغارلار بىلەن مانجۇ-خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇرھانىددىن بىلەن غوجا جاھانلار مىللىي مۇستەقىللىككە قول يەتكۈزگەن ئىدى. بىراق، بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارالمىدى. مانجۇ-خىتايلار جۇڭغارىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولغان قەشقەرىيەگىمۇ قوشۇن ماڭغۇزدى» دەيدۇ («ئۇيغۇر ئاۋازى»، گېزىتى، 2003-ژىل، № 29).

باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى قەشقەرىيەدە قالماقلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتى بولۇپ قالدى.

## §4. غوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

ئۇيغۇر خەلقى مىللىي مۇستەقىللىكىدىن ئايرىلىپ، ئاۋال قالماقلارنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن مانجۇرلارنىڭ، ئاخىرىدا خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىغا 326 ژىل بولدى. موشۇ 326 ژىلدىن بۇ يان بىزنىڭ خەلقىمىز مۇستەملىكچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەددى-ھېساپسىز ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. تاكى بۈگۈنگىچە كەچۈرۋاتىدۇ. مۇنداق شارائىتتا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ، ئىجاتكارلار، تالانتلىق ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن، خۇددى تاشنى يېرىپ ئۈنۈپ چىققان گۈللەرگە ئوخشاش، ھەر بىر دەۋرىدە مىللەتنىڭ غېمى بىلەن ياشاپ، مىللەتنىڭ دەردىنى كۈيلەيدىغان ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقىپ تۇرۇشتى. تۆۋەندە بىز مىسال تېرىقىسىدە، ئەشۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان ئەدىپ ۋە شائىرلاردىن بىر نەچچىسنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.



### مۇھەممەتىمىن (خىرقىتي) (1634-1724)

بۇ زات ئەسلى قەشقەرىيىلىك ھەرىل بولۇپ، ياش ۋاقتىدا قەشقەر مەدرىسىلىرىدە 16 ژىل ئوقۇپ، بىلىم ئالغان. ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك بىلىمدانى، ئاتەشنەپەس غەزەلخانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ گۈزەل ئەدەبىيەتنىڭ شېرىيەت ساھاسىدا قەلەم تەۋرىتىپ، چوڭقۇر مەناغا، قايناق ھېسسىياتقا ئىگە شېئىرلارنى، بەدىي ۋە ئىدىياۋي تەرەپتىن ژۇقۇرى سەۋىيەلىك داستانلارنى ياراتقان. ئۇنىڭ بىر قانچە شېئىرىي «دىۋانلىرى»، «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» ناملىق داستانى بار. شائىر بۇ داستانىدا ھەقىقىي ساپ مېھرى-مۇھەببەتنى ئىنسانىي بەركامالىقنىڭ بەلگۈسى دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

## شا مەشرەپ (1640-1711)



بۇ كىشى 1640-ژىلى پەرغانە ۋىلايىتى ناماگەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەجايىپ تالانت ئىگىسى، ئىسيانكار پىكىرلەرنىڭ ساھىبى، گۇمانىست، ئىنسانپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدا ئوقۇپ شەرقى كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ۋە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. 25 ياش ۋاقتىدا سەياھەتچى سۈپىتىدە قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ئەركىن پىكىرلىك شېئىرلىرى ئۈچۈن ئاپاق غوجا ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن جازاغا تارتىلغان. مۇنداق شارائىتتا ئەركىن بولالمىغان شائىر كېيىن قەشقەرىيەنى تەرك ئېتىپ، ئۇيغۇرستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە سەرسان-سەرگانلىقتا ھايات كەچۈرگەن. ئاخىرى خۇراسانغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەققانىي، ئەركىن پىكىرلىك شېئىرلىرى ئۈچۈن قۇندۇز شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى مەھمۇت بەگنىڭ بۇيرۇغى بىلەن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شا مەشرەپنىڭ شېئىر ۋە غەزەللىرى بەدىي جەھەتتىن يۈكسەك، تىلى پاساھەتلىك، ئىسيانكار روھقا ئىگە شېئىرلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپنىڭ غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقامنىڭ» ئاھاڭلىرىغا سىڭىپ، موشۇ كۈنگىچە خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## مۇھەممەتسىدىق (زەلىلى) (1676-....)



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى زەلىلى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ياركەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان، شۇ شەھەردە ياشاپ ئىجات قىلغان. ئۇ ياش ھاقتىدا ياركەنت شەھىرىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن شەرىق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ساھاسىدا قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا: 196 غەزەل، 27 رۇبايى، 18 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزات، 2 قەسىدە يازغان. پارس تىلىدىمۇ لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا «تەزكىرەي چىلتەن»، «تەزكىرەي غوجا مۇھەممەت شەرىپ» ناملىق داستانلارنى يازغان. زەلىلىينىڭ ياشىغان دەۋرى ئۇيغۇرستاندا قالماقلار بىلەن غوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا زورلۇق-زۇلۇم، جاھالەت ۋە نادانلىق ئەۋج ئالغان بىر زامان ئىدى. زەلىلى ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنگە ۋە خەلققە مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ئارقىلىق مەۋجۇت تۈزۈمگە قارشى كۈرەش ئېلان قىلدى. ئۇ كىشىلەرنى ھەققانىي ئادىل بولۇشقا چاقىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى بىلەن، شەخسىي ئۈلگۈسى بىلەن شۇ دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيالىرىگە ۋەكىللىك قىلدى.

بۇ مەزگىللەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى قورچاق غوجىلارنىڭ جاھالەتلىك ئىزنىشكىرىگە باش ئەگمەي، تۇرلۇك يوللار بىلەن ئىجات ئەتكەن نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە تارىخچىلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاما ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مىۋىلىرى تەجاۋۇزچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق قورچاق يەنگۈشلەش ئويۇنلىرى داۋامىدا يۇز بېرىدىغان، كۆيدۈرۈپ تاشلاش كەبى ئېچىنىشلىق تەقپىلەر ئارقىسىدا تەل-تۆكۈز نابۇت قىلىپ تاشلاندى.

## مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي (1740ـ1816)



مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي 1740ـژىلى قەشقەردە دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئەينى زامانىنىڭ زەرۇر بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ھەتتا ئىلمىي نۇجۇم ـ ئاسترونومىيىگىمۇ قىزىققان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي XVIII ئەسىردە ياشىغان ژىرىك فىلوسوف ئالىم، تارىخچى ئەدىب ۋە تەرجىمان. ئۇ ئۆزىنىڭ «زۇبدات ئەل مەسايىل ۋەل ئاقايد»، «ئەدەب ئۇسسالىھىن»، «تەزكىرەى ئەزىزان» ياكى «تەزكىرەى غوجا كان» قاتارلىق بىر قانچە ورىگىنال ئەسەرلەرنى يازغان. «ئىسكەندەرنامە»، «تاجى نامەى شاھى» كەبى تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، بۈيۈك ئالىم ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ تارىخ ۋە ئېتىكىغا ئائىت 18 تۈرلۈك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ئورىگىناللىقى ۋە فاكتلارغا بايلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ «زۇبداد ئەل مەسايىل»، «ئەدەپ ئۇسسالىھىن» دېگەن ئەسەرلىرى 1902ـ1903ـ ژىللاردا خىۋە خانى مۇھەممەت رەھىم خانىنىڭ ئەمرى بىلەن كاتىپلار تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلۈپ، خىۋە مەدرىسلىرىدە دەرىسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. ئۇ مىرزا ھەيدار دۇغلاتىينىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسەرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي پەقەت ئالىم ۋە شائىر بولۇپلا قالماي، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى ھەم. ئۇ 1759ـژىلى مانجۇ ـ خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەكىللىرى غوجا جاھان بىلەن بۇرھانىددىن غوجىلارنىڭ قەھرىمانچە جەڭ قىلىپ، مەرتلەرچە قۇرۇان بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە يېزىپ قالدۇرغان. ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

شۇ دەۋىردە، غەربىي تۈركىستاندىكى قېدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى بۇخارا خانلىقى، قوقەنت خانلىقى ئوخشاش مۇستەقىل خانلىقلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان ئىدى. مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ شۇم ئايىغى يەتمىگەن بۇ تەۋەدە مىللىي مۇستەقىللىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن ئىدى. بۇ دەۋىردە ئۆزبەك دەپ ئاتىلىپ قالغان، ئەسلىدە غەربىي ئۇيغۇرلار بولغان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىققان ئىدى. مىسال تىرىقىسىدە ئەينە شۇ ئەرباپلارنىڭ بىرىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.



## نادىرە بېگىم (1792ـ1842)

بۇ خانىم ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرەسى ھەم دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئەسلى ئىسمى ـ ماھلەر ئايىم بولۇپ، ئۇنىڭ يۇرتى قوقەنت خانلىغىنىڭ ئەنجان شەھىرى ئىدى. تالانتلىق شائىرە ئۆز ئىجادىيىتىدە «نادىرە»، «كامىلە»، «مەكنۇنە» دېگەن تەخەللۇسلارنى قوللانغان.

نادىرە بېگىم ـ قوقەنت خانلىغىنىڭ 9ـپادىشاسى ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭ خانىشى ئىدى. ئۆمەرخانىنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ خانىشى نادىرە بېگىممۇ شائىرلىقتا كامالەتكە يەتكەن ماھىرلار ئىدى. خاڭ ئوردىسىدا پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان مۇشائىرىلەردە، ئۆزىنىڭ ھازىرجاۋاپلىقى، تاپقۇرلىقى، شېئىرلىرىنىڭ پاساھەتلىكى بىلەن ھەر قاچان رەقىپلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، شۇنىڭدەك مېھرى ـ مۇھەببەت، ئەقلى ـ زاكاۋەتتىمۇ تەڭداشسىز نامايەندە ئىدى.

ئوردا خاتىرىلىرىدە، ئەمىر ئۆمەرخان بىلەن نادىرە بېگىمنىڭ ئۆز ئارا ساداقىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىپ قالدۇرغان:

...كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭ ئوردىسىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. زىياپەت ئۈستىدە شاراپنىڭ كەيپىدە



www.uyghurkitap.com

قېنى قىزىپ قالغان ئۆمەرخان نادىرە بېگىم بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «مەلىكەم، سىزگە رۇخسەت! مېنىڭ سەلتەنەت غەزنەمدىن ئۆزىڭىزگە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىڭىزنى ئېلىڭدە، يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ!» دەپتۇ. بەزمە-جەمشىت ئۇزاققا سوزۇلغانلىقتىن، ئۆمەرخان چارچاپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا كۆزىنى ئاچسا، كىچىككى تۈندە قوش ئاتلىق پەيتۇن ھارۋۇدا كەڭ دالادا كېتىۋاتقىدەك، يېنىدا نادىرە بېگىم ئولتارىدەك. ئارقىدا نوكەرلىرى چېپىپ كېلىشىۋاتقىدەك. بۇنېمە ئىش؟-دەپتۇخان ھەيران بولۇپ،-بىزنەگە كېتىپ بارىمىز؟-شۇچاغدانادىرەبېگىم يۇمشاق تەلەپپۇزبىلەن:

-پادىشاھى ئالەم مېنى كەچۈرگەي، سىز بايا زىياپەت ئۈستىدە:-مېنىڭ سەلتەنەت غەزنەمدىن ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىڭىزنى ئېلىڭدە، ئۆز يۇرتىڭىزغا كېتىڭ! دەپ ئەمىر قىلدىڭىز. بۇ ۋردىدا مېنىڭ ئۈچۈن سىزدىن قىممەتلىك ھېچ نەرسە يوق. مەن قىممەتلىكىمنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتۇمغا كېتىپ بارىمەن، دەپتۇ.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

تارىختا شۇنچە كۈچلۈك دۆلەتلەتنى قۇررۇپ، ئېۋرائازىيانىڭ سەياسىي ھاياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان ئۇيغۇر خەلقى قاندان قىلىپ، مانجۇ-خىتايلارنىڭ ئاسارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى؟ بۇ جەريياندا ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مىللىي خائىنلار قانداق رول ئوينىدى؟ مانجۇ-خىتايلار مۈلكى قەشقەرىيەنى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانمۇ ياكى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئۇرۇشتا يېڭىپ بېسىۋالغانمۇ؟ مانا بۇلار تارىخىمىزدىكى ئېنىق جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار. بىز تۆۋەندە ئەمەلىي فاكتلار ئارقىلىق بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمىز.

## 21-باپ
## مانجۇ-خىتايلارنىڭ تەجاۋۇزلۇق بىلەن قىلىپ بېسىپ كىرىشى. باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى



جاھان (ئەرشي)



ئىپارخان

### 1§. قەشقەرىيەدە باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پەيدا بولۇشى

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جوڭغارلار 1698-ژىلى مۈلكى قەشقەرىيەگە دانىيال غوجىنى قورچاق خان قىلىپ قويغان ئىدى. دانىيال غوجا قاراتاغلىق غوجىلارنىڭ پېشىۋاسى بولسىمۇ، ئاپاق غوجىغا ئوخشاش ۋىجدانسىز مەخلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورچاقلىق ئورنىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئەگەر مۇمكىن بولسا، قالماقلارغا بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى بولۇپ ياشاشنى ئىستەتتى. بىراق، شۇ چاغدىكى شارائىتتا ئۇ ئامالسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قورچاق خان بولۇپ ئۆتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈش ئالدىدا، ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت نامە قالدۇردى. بۇ ۋەسىيەتنامىدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«ئوغۇللىرىم، مەن بۇ كاپىر قالماقلارغا ئىتائەت قىلماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم، ئۇلارغا قارشى مەرتلىك بىلەن قىلىچ كۆتىرىپ چىقالمىدىم. موشۇ پۇشايمان بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ بارىمەن! ئاما سىزلەر ھازىرقى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىسلام قىلىچىنى ئۇ كاپىرلارنىڭ بېشىغا چاپقايسىلەر. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ قارا يۈزىمىزنى ئاقلىغايسىلەر!(«تۇرغاق غوجىلار»، 21-22-بەتلەر).

دانىيال غوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى غوجا جاھان خان بولۇپ كۆتىرىلدى. ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان غوجا جاھان كۈتكەن پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، جۇڭغار دۆلىتىنىڭ تەختىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. سىۋان ئارابدان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غالدان سېرىن خان بولدى. ئۇنى سىۋان دورجى دېگەن جۇڭغار ئۆلتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئورنىغا دالجىر لاما دېگەن بىرسى چىقتى. 1752-يىلى دالجىر لاما ئۆلتۈرۈلۈپ، جۇڭغارلارنىڭ خويت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئامۇرسەنا خان بولدى. ئۇنىڭدىن تەختنى داۋاچى تارتىۋالدى. ئۇرۇشتا داۋاچىدىن يېڭىلىپ قالغان ئامۇرسەنا مانجۇ خانىدىن ياردەم ئالماقچى بولۇپ، بېيجىنغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭغار شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە جۇڭغار دۆلىتى ناھايىتى ئاجىزلاشتى. ئۇلار مۈلكى قەشقەرىيەنى باشقۇرۇشقىمۇ چامى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن جۇڭغارىيا بىلەن قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشنى ئارمان قىلىپ كەلگەن مانجۇر خانى جۇڭغارلارنىڭ ئاجىزلاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەللەرنى بېسىۋېلىشقا تەييارلانماقتا ئىدى. غوجا جاھان موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىك جاكالىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا جىددىي تەييارلىق كۆردى. قەشقەردە ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئىنىسى يۇسۇپ غوجا بىلەن خوتەندە ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئىنىسى سىدىقغوجىنى يەكەنگە چاقىرىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرىدا، ئىككى ئىنىسىغا مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق كۆرۈش تاپشۇرۇغىنى بېرىپ، يولغا سالدى. شۇنداق قىلىپ، غوجا جاھان ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى قەشقەرىيەنىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلارنىڭ بۇرۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر مىرزا بىلەن شۇنىڭدەك باشقا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قوزغىلاڭغا تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلاۋەتتى. بۇ ئىشلارنى سېزىپ قالغان ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ جۇڭغارلارنىڭ ئېرەن قابۇرغىدىكى خانى داۋاچىغا خەت يېزىپ، قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىپ قويىدى. داۋاچى خان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شەرقتىن كېلىۋاتقان مانجۇ-خىتايلارنىڭ خوۋۇپى ئالدىدا ئىلاجسىز قالدى. ئاخىر ئۇ مەرجى تۆرە باشلىق 300 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، غوجا جاھان باشلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ژۇگاچ ئىتائەتمەن بولۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى.

بىرىنچى سۆھبەتتىلا، غوجا جاھاننىڭ قەتئىي پوزىتسىياسىنى بايقىغان مەرجى تۆرە يەكەننىڭ پاتاچى بېگى غازى بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سۈيقەست ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىسيانكار غوجىلارنى بىرەتولا يوقاتماقچى بولۇشتى. ئۇلار 1753-يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى «نورۇز زىياپىتى» بېرىمىز دېگەن نام بىلەن پادىشا غوجا جاھان ئەرشىينى ئالداپ غازى بەگنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈپ، ئالدىن-ئالا تەييارلاپ قويۇلغان قالماق چېرىكلىرى ئارقىلىق تۇيۇقسىز قورشاۋغا ئېلىپ،ئۇيغۇر سۇلتانى غوجا جاھاننى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۇنى قوزغىلاڭدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلماقچى بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قەشقەر ھاكىمى يۇسۇپ غوجا 5000 كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، پايتەخت يەكەنگە يېتىپ كەلدى. خوتەن ھاكىمى سىدىق غوجا فۇتوھىي 7500 كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇمۇ پايتەخت يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان قالماق تۆرىسى مەرجى بىلەن ئۇيغۇر غازى بەگلەر ئامالسىز قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن تۇتقۇنلۇقتا تۇرغان غوجا جاھان (ئەرشىينى) چىقىرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇشتى. تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغان غوجا جاھان 1753-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى يەكەن شەھىرىدە ئاممىۋىي يىغىن ئېچىپ، موشۇ يىغىندا: قەشقەرىيەدە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈگىگەنلىكىنى، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكالىدى. غوجا جاھان بۇ دۆلەتنى «باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. ئۆزى بۇ دۆلەتنىڭ تۇنجا پادىشاسى بولدى. شۇ كۈنى قەشقەرىيەنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە خەلق يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ناغرا-سۇرنەي، داپ-دۇمباقلار چېلىنىپ، باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى شەرىپىگە خوشاللىق تەنتەنىلەر قىلىشتى.

## §2. مانجۇ-خىتايلارنىڭ جۇڭغارىيانى بېسۋېلىشى ۋە قەشقەرىيەگە ھەربىي ژۈرۈشنىڭ بېشلىنىشى

ئەسلىدە، مەنچىڭ ئىمپېرىياسى غەربىي ئەللەرگە ھەربىي ژۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسۋېلىش پلانىنى، بۇنىڭدىن 50 ژىل بۇرۇن كاڭشى خان زامانىسىدىلا تۈزۈپ قويۇشقان ئىدى. خۇددى مانجۇلارنىڭ موشۇ پلانىنى بىلگەندەك، ئاپاق غوجا 1678-ژىلى مانجۇ ئىمپېراتورىغا يوشۇرۇن خەت يېزىپ، قوبۇقتىن (سەددىچىن سېپىلىدىن) ئەسكەر چىقىرىپ، مۇلكى قەشقەرىيەنى بېسۋېلىشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، ئۆزى باش بولۇپ، مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرىنى قەشقەرىيەگە باشلاپ كېلىدىغانلىغىنىمۇ ئەسكەرتكەن ئىدى.

بىراق، مۇلكى قەشقەرىيەگە بېرىش ئۈچۈن ئاۋال جۇڭغارىيا زېمىنىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ زاماندىكى جۇڭغار دۆلىتى ئوتتۇرا ئازىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرسى ھېساپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كاڭشى خان بۇ خەتەرلىك ئىشقا تاۋاكەل قىلالمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاپاق غوجىنىڭ تەكلىۋىمۇ جاۋاپسىز قالدۇرۇلغان ئىدى. مەنچىڭ ئىمپېرىياسى بۇ پلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى.

«ھەربىي ئىشلاردا پۇرسەت ھەممىدىن مۇھىم-دېگەن ئىدى كاڭشى خان-ئەپلىك پۇرسەت يېتىپ كەلگەن ھامان دەرھال قوۋۇقتىن ئەسكەر چىقىرىپ، غەربىي يۇرتقا ژۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك. مۇلكى جۇڭغارىيا بىلەن مۇلكى قەشقەرىيەنى ئېگەللەپ، سەلتەنەتىمىزنىڭ چېگارىسىنى تاكى غەربىي ئەللەرگىچە كەڭەيتىشىمىز كېرەك! («بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى»، 180-جىلت).

كاڭشى خان ئېيتقان ئەپلىك پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. جۇڭغار خانى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرۈشى ئەۋج ئالدى. ئىچكى يېغىلىقلار باشلىنىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. ئاخىرىدا شاھزادە داۋاچى بىلەن شاھزادە ئامۇرسەنلارنىڭ بىرلەشكەن كۈچى يېڭىپ چىقتى. بۇ ئىككى شاھزادە جۇڭغار مەملىكىتىنى ئۆز ئارا بۆلۈشۈپ، ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بىراق «بىر قازانغا ئىككى قوشقارنىڭ بېشى سىغماس، بىر مەملىكەتتە ئىككى پادىشا بولماس» دېگەندەك، بۇ ئىككى شاھزادە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق ئاخىرى بۇزۇلدى. شاھزادە ئامۇرسەنا، داۋاچى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئېلىپ، جۇڭغارىيانىڭ يېگانە خانى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. موشۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەربىي ياردەم سوراپ، مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ بوغدىخانى چەنلۇڭغا مۇراجىئەت قىلدى.

ئىمپېراتور چەنلۇڭخان جۇڭغار دۆلىتىنىڭ ئىچكى يېغىلىقلار نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ ئاجىزلاشقانلىغىنى، قەشقەرىيەدە مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇ ياش دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى بەك ئاجىز ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن، مانجۇ ئىمپېرىياسىنىڭ ئىمپېراتورى كاڭشى خان زامانىسىدىن بېرى ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان «غەرىپكە ژۈرۈش قىلىش پلانىنى» ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى دەپ ھېساپلىدى. مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ باسقۇنچىلىق پلانىدا: ئالدى بىلەن ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىلىغىدىكى مۇلكى جۇڭغارىيانى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇلكى قەشقەرىيەنى بېسۋېلىش، ئاندىن كېيىن موشۇ ئەللەرنى ھەربىي بازا قىلىپ تۇرۇپ، غەرىپكە ژۈرۈش قىلىش، يەنى جۇڭغارىيادىن قازاق دالاسى بىلەن قىرغىز دالاسىغا، قەشقەرىيەدىن، قوقەنت ۋە بۇخارا خانلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن تۈركىستان زېمىنىنى بېسۋېلىش، ئىمپېرىيا تېررىتورىياسىنى كەڭەيتىپ روسسىيا ۋە ئىران چېگارىسىغا يەتكۈزۈش كۆزلەنگەن ئىدى.

چەنلۇڭخان بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالىي ئەركانلارنى تەكلىپ قىلىپ، دۆلەت كېڭەشمىسىنى ئۆتكۈزدى. بىراق، تەيخىديەن ئوردىسىكىدى ئەركانلار بولۇپمۇ، زوراغاللىق مەھكىمىسىدىكى ئاق سۆيەك قېرىلار چەنلۇڭخانىنىڭ بۇ تەشەببۇسىغا قارشى چىقىشتى.

-ئەگەر ياتلار ئېلىغا ئەسكەر چىقارساق-دەتتى ئۇلار-ئارىلىق بەكمۇ ژىراق، ئەسكەرلەرگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىن، نەتىجىدە ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئەسكەر ۋە سانغۇنلىرىمىز قىرىلىپ، بالايى-ئاپەت كەڭىيىپ كېتىدۇ. ئاخىر نەتىجىدە ھېچ نەرسىگە ئېگە بولالماي، رەسۋا بولىمىز-خالاس! ياۋايى ياتلارنى زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرغاندىن كۆرە، پەزىلەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرگەن پايدىلىق.

بۇ مەسىلىدە قايىل بولمىغان چەنلۇڭخان ئۆزىنىڭ غەرىپكە ئەسكەر چىقىرىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن: «غاپىللىقتىن ئويغىنىش ھەققىدە»، «غەرىپكە ژۈرۈش قىلىش نەزمىسى» قاتارلىق ماقالىلارنى يېزىپ، ئۇنى ھۆسنىخەت بىلەن كۆچەرگۈزۈپ، ئۆزى ئولتارغان ئالتۇن تەختىنىڭ ئارقىسىدىكى پەردىگە ئېسىپ قويغان ئىدى.

- تارىخنى مەڭگۈ غالىپلار يازىدۇ-دېگەن ئىدى ئۇ ماقالىسىدا-بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كىشى-قاتىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىز تۈمەنلەپ، مىللىونلاپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى بېسۋالساق، «بۈيۈك ئىستىلاچى» دەپ ئاتىلىپ، تارىختا شۆھرەت قازىنىمىز ھەم دۆلەت زېمىنىنى كەڭەيتىپ، پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقلارغا ئېگە بولىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازدۇ-تولا بەدەل تۆلىسەك مەيلى ئەمەسمۇ. بەدەل

تۆلەشتىن، خىيىم-خەتەردىن قورقىدىغان بولساق، ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. چوڭ مۇۋاپپەقىيەتلەر قازىنىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم رەھىمسىز بولۇشۇڭ كېرەك. بەدۆۋلەتلەرنىڭ ئۈستىگە تىغ تەڭلەپ بارغاندىلا، ئۇلارنى يوقىتىپ، نۇسرەت قازانغىلى، يەنى ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالغىلى بولىدۇ!

ـ ھەر ئىشتا پۇرسەت بولىدۇ، ـ دېگەن ئىبدى ئۇ ماقالىسىدا، ئۆز تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەپ: ھازىر غەربكە ژۈرۈش قىلىشنىڭ تازا ئەلىك پەيتى، موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربكە ژۈرۈش قىلغاندىلا جۇڭغارلارنى تەل-تۆكۈز يوقىتىپ، جۇڭغارىيانى ئىگەللىگىلى، ئارقىدىنلا مۈلكى قەشقەرىيەنى قوشۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئازىيانى بېسىۋېلىش مەخسىتىگە ەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققانلىق ئەمەسمۇ؟ («بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» 464-جىلت، چەنلۇڭخاننىڭ 19-ژىلى).

شۇنداق قىلىپ، چەنلۇڭخاننىڭ چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ غەربكە ژۈرۈش قىلىش پىلانى ئاخىر دۆلەت كېڭەشمىسىدە تەستىقتىن ئۆتتى.

قوۋۋەتتىن ئەسكەر چىقىرىپ، غەربكە ژۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى 1755-ژىلى ئەتىيازدا باشلاندى. بىرىنچى دۈركۈندە **بەندى** قوماندانلىقىدا 200000 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئاتلاندۇرۇلدى. بەندى قوشۇنى 3 ئايدىن كېيىن ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ئىلىنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلدى. مانجۇ-خىتايلار دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قازىنىپ، ئىلىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، شۇ ژىلى كۈزدە ئامۇرسەنا باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا يەنە ئۇچرىدى. ئارىدىن بىر ژىل ۋاقىت ئۆتكەندىمۇ، جۇڭغارىيانى تولۇق بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. 1756-ژىلى ئەتىيازدا چەنلۇڭخان گېنېرال جاۋخۇيىنى باش سانغۇن، فۇدەنى ياندىش سانغۇن قىلىپ بەكىتىپ، يەنە 400000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، غەربكە ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 600000غا يەتكۈزۈلدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە:

**ـ ئالدى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، جۇڭغارىيانى تولۇق ئىگەلەش، ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۈلكى قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.**

ـ ھېچ قانداق رەھىم-شەپقەت قىلىنمىسۇن-دېيىلگەن ئىدى چەنلۇڭخاننىڭ پەرمانىدا. ـ ياۋايى ياتلار ئەر-ئايال، ياش-قېرى دېمەستىن، ھەممىسى قىرىپ تاشلانسۇن! بىزگە ئادەمسىز جۇڭغارىيا ۋە ئادەمسىز قەشقەرىيە كېرەك!» («بۈيۈك چىن سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» 465-جىلت چەنلۇڭنىڭ 20-ژىلى).

گېنېرال جاۋخۇي پادىشانىڭ ژۇقارقى پەرمانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بارلىق ئەسكەرلىرىنى چوڭ ئىككى توپقا بۆلدى. بىرىنچى توپ: ئۆزلىرىگە قاراشلىق كۆرسەتكەن جۇڭغارىيا ۋە ئۇيغۇرىيا ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئىككىنچى توپ: شەھەر، يېزا، ئاۋۇل-قىشلاقلارغا باستۇرۇپ كىرىپ، تىنىچ ياتقان، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلدى. ئۆلتۈرۈلگەن خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ تالىدى، ئۆزلىرى خالىغىنىچە ئېلىپ، قالغىنىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ئېلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ۋابا كېسىلى پەيدا بولۇپ، قىرغىندىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى.

گېنېرال جاۋخۇي ئامۇرسەنا باشچىلىقىدىكى جۇڭغار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقاندا «بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋېلىپ، توختالسىز ئۇرۇش قىلىش، دۈشمەننىڭ كۈچىنى خورىتىپ، ھالىدىنى كەتكۈزۈش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى ئاخىر ھالسىراتتى. ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردا كۆپ تالاپەتكە ئۇچراپ، ئەسكىرىدىن ئايرىلغان ئامۇرسەنا مانجۇ قوشۇنىدىن يېڭىلگەنلىگىنى تەن ئېلىپ، ئازغىنا ئادەملىرىنى باشلاپ، قازاق دالاسىغا قېچىپ كەتتى. قازاق خانى ئابلايدىن ئۆزلىرىگە سەياسىي پانا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى.

تەغدىرىنىڭ تەنىسىنى قاراڭا: يۈز ژىللار بويى قازاق ئېلىغا باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرىنى قىلىپ، قازاق خەلقىنى كۆپ زىيانلارغا ئۇچراتقان جۇڭغارلار ئاخىرى بېشىغا كۈن چۈشكەندە، قازاي خانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەياسىي پانا بېرىشنى تىلىدى! بىراق ئۆز ئېلىنىڭ بىخەتەرلىگىنى ئويلىغان ئابلايخان جۇڭغارلارغا پانالىق بەرمىدى. ئامالسىز قالغان ئامۇرسەنا ئازغىنا ئادىمى بىلەن روسسىيا تەۋەسىدىكى ئومسكىغا قېچىپ باردى. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، شۇ يەردە قارا چېچەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆلدى.

ئەزەلدىن بىر-بىرى بىلەن ئىغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ئۆز ئارا يارۇ-مەدەت بېرىپ كېلىشكەن رۇس، مانجۇ ئىمپېرىيالىرى بۇ قېتىممۇ يەنە تىل تېپىشىۋالدى. چەنلۇڭخاننىڭ تەلىۋى بويىچە، رۇس گېنېراللىرى ئامۇرسەنانىنىڭ جەسىدىنى ئۇنىڭ دۈشمىنى چەنلۇڭخانغا سوغات قىلىپ، ئەۋەتىپ بەردى.

...خاقانى چىن چەنلۇڭخان ئامۇرسەنانىڭ تەل-تۆكۈز مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھىس قىلدى: «جۇڭغارىيا مەسىلىسىغۇ بىزنىڭ پايدىمىزغا ھەل بولدى-دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە-بىراق، مۈلكى قەشقەرىيە تېخى بىزنىڭ تەسەررۇپىمىزغا ئۆتكىنى يوق. بۇ باي ئەلنى جەزمەن بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك. موشۇ ئىككى زىمىننى مەكەم تۇتۇپ تۇرالمايدىغان بولساق، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئازىيانى بېسىۋېلىش پىلانىمىز خام خىيال بولۇپ چىقمامدۇ؟ تارىختىن بۇ يانقى جۇڭگو

خاقانلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشنى ئۇخلىسىمۇ-چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىپ كېلىشكەن ئەمەسمىدى؟!». («تۇرغاق غوجىلار» رومانىنىڭ 215-214-بەتلىرى).

ئامۇرسەنا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ قوراللىق قارشىلىقى ئاساسەن توختىدى. بىراق چەنلۇڭخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرى جۇڭغارىيا ئاھالىسىنى ئۇمۇميۈزلۈك قىرغىن قىلىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. تارىخچىلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، شۇ ئۇرۇشتا جۇڭغارىيادە 1 مىللىوندىن ئوشۇق ئاھالى قىرىپ تاشلاندى! ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى بۇلاپ-تالاپ ئېلىنىپ، ئېچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلدى. قالغان-قاتقان مۈلۈكلەرگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. مانجۇ-خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسى كۆمۈلمەي قالغان ئادەم جەسەتلىرى بىلەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان يۇرتلارنىڭ خارابىلىرىدا قالدى!

مانجۇ-خىتاۋ قوشۇنى ئىلى ۋادىسىدا شۇنچىلىك ۋەھشىلىك بىلەن قىرغىن قىلدىكى، پۈتۈنسۈرۈك ۋادىدا تىرىك جاندىن ئەسەر قالمىدى. كەچ-كۈز ئىلى دەرياسىغا تاشلانغان ئادەم جەسەتلىرى دەريانىڭ مۇزى ئېچىدە قېتىپ قېلىشقان ئىدى. ئەتىياز كېلىپ، دەريانىڭ مۇزى ئېرىپ، شۇرمەل ئاققان مەزگىلدە، دەريانىڭ سۈيى بىلەن تۆۋەنگە ئېقىپ كەلگەن جەسەتلەر سۇ ئاستا ئاقىدىغان يەرلەرگە كەلگەندە چوگا-چاتقانلارغا ئىلىشىپ، تۇرۇپ قېلىشتى. ئۈستى-ئۈستىگە دوگىلىنىۋېرىپ، چوڭ دامبىغا ئايلىنىپ، دەريانىڭ ئېقىننى توساۋالدى. ئاخىرىدا دەريانىڭ سۈيى تېشىپ، قورغاستىكى چوڭ كۆرەنى سۇ بېسىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مانجۇلار كۆرەنى سۈيدۈڭ تەۋەسىگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇشقان ئىدى...

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىلى ۋادىسىنىڭ ئۆزىدىلا 400000دىن ئوشۇق ئاھالى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى جۇڭغارلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە «غالچا ژىگىت»، «غالچا چوكان» نامى بىلەن قەشقەرىيەدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى... موشۇ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئىلى ۋادىسى خېلە ۋاقىتلارغىچە ئادەمسىز چۆل قارغا-قۇزۇنلار بىلەن چىل بۆرىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى! («تۇرغاق غوجىلار» ناملىق ھۆججەتلىك رومان، 242-240-بەتلەر).

### 3§. مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىش ۋە باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى

جۇڭغارلارنىڭ قارشىلىقى سۇندۇرۇلۇپ، جۇڭغارىيا تولۇق بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، مۈلكى قەشقەرىيە مانجۇ-خىتايلارنىڭ بېسىۋېلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا بولغان ھەربىي ھۇجۇم 1757-ژىلىنىڭ ئەتىيازىدىلا باشلانغان ئىدى. بىراق، قۇمۇلدىن قۇچاغىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تولۇق بىر ژىل ۋاقىت كەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاستا مېڭىۋاتقانلىقىغا ئاچچىغى كەلگەن چەنكۇڭخان 1758-ژىلىنىڭ بېشىدا مۈلكى قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشنى تېزلىتىش توغرىلىق مەخسۇس پەرمانلارنى ئەۋەتتى:

بىرىنچى پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«بىزنىڭ تەڭرى لەشكەرلىرىمىز تىبۇدا ئىلىنى تىنجىتقىنىدا، بىز غوجا جاھان بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى بۇرھانىددىن غوجىنى، چەنتۇلارغا بەگ قىلىپ قويغان ئىدۇق. بىراق، ئۇلار باش-باشتاقلىق قىلىپ، ئىلىدىكى چەنتۇلارنى باشلاپ، قەشقەر بىلەن يەكەنگە بېرىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، «باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىغانلىقى بىزنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. بۇ ئاسىيلارنى تۇتۇپ، جازاغا تارتمايدىغان بولساق، چەنتۇلارنىڭ يۇرتى مەڭگۈ ئەمىنلىك تاپمايدۇ!

غەرىپكە ژۈرۈش قىلغان تەڭرى قوشۇنىمىزنىڭ سەنغۇن سەردارلىرىغا پەرمان قىلىمەنكى: مۈلكى قەشقەرىيەگە دەرھال ژۈرۈش قىلىڭلار. ئالدىڭلارغا ئۇچرىغانلا چەنتۇلارنى ياش-قېرى دېمەي، ئەر-ئايال دېمەي دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار! ئىش-ھەرىكىتى سەللا شۈبھىلىك بولغان چەنتۇلار مۇش تەڭلەشكە ئۈلگەرمەستىنلا، قىرىپ تاشلانسۇن!»

چەنلۇڭخاننىڭ ئىككىنچى پەرمانى تېخىمۇ قەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«ئاسىي چەنتۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى قىلىچ رەھىم قىلماي ئۆلتۈرۈڭلار. قالغانلىرىنى 5000 چاقىرىم ژىراقتىكى جايلارغا سۈرگۈن قىلىڭلار. ئات-ئېشەكىنىڭ ئورنىدا قۇل قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ژۇگاچ-مۆمۈن پۇخرالارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئامما تەڭرى قوشۇنىمىزنىڭ سۈر ھەيۋىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سەللا نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن پۇخرالار، ئۆتمۈشتىكى ساداقىتىگە قارىماي، دەرھال قىرىپ تاشلانسۇن! چەنتۇلارنىڭ ژۈرىگىنى شۇنداق قاتتىق موجۇۋېتىش كېرەككى، ئۇلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە قايتا باش كۆتىرەلمەيدىغان بولسۇن!» («بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى»، 556-جىلت، چەنلۇڭنىڭ 23-ژىلى).

«1757-ژىلى غوجا جاھان «باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتىرىپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى ئامىڭ ئاۋنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

چىلىك سۇلالىسىدىن ئۈز ئۆردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ئىسيانىي تىنىچ يول بىلەن تىنجىتىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، قورال كۈچى بىلەن تىنجىتىشنى قرار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تارىخچىلىرى «چوڭ كىچىك غوجىلار توپىلىڭىنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ بۆلۈنمە دەۋرى ئاياقلاشتى»، دەپ ھېساپلايدۇ» («شىنجاڭ تارىخىدىن تەربىيە»، 120-بەت).

شۇنداق قىلىپ، چەنلۇڭخاننىڭ پەرمانى بىلەن مۇلكى قەشقەرىيەگە تەجاۋۇزلۇق ھۇجۇملىرى باشلاندى. قەشقەرىيەدە غوجا جاھاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى «باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتى» مەۋجۇت بولسىمۇ، تېخى يېقىندىلا قۇرۇلغان بۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىختىسادىي كۈچى بەكمۇ ئاجىز ئىدى. مۇنتەزىم ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 15000غىمۇ يەتمەتتى. مۇنچىلىك ئاز كۈچ بىلەن مانجۇ-خىتايلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇمۇمىي خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، مانجۇ-خىتايلارنىڭ چىش-تىرنىغىچە قۇراللانغان كۆپ سانلىق ئارمىياسىگە قارشى ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان ئۇيغۇر خەلقى مۇقەددەس ۋەتەن ئۇرۇشىغا ئاتلاندى!

جاۋخۇي ۋە فۇدەلەرنىڭ قوماندانلىقىدىكى 70000 كىشىلىك مانجۇ-خىتاي ئارمىياسى قەشقەرىيە تېررىتورىياسىگە بېسىپ كىردى. بۇ ئارمىيانىڭ ئالدىن ژۇرەر قىسىملىرى مەنچىن ئىمپېرىياسىنىڭ ئەجدىھانىڭ سۈرىتى قەشتىلەنگەن 3 بۇرجەكلىك سېرىق بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىشقان. بۇ ئۇلارنىڭ ئاچكۆز، ياۋۇز تەبىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىلار مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنى **«شەرىقنىڭ سېرىق ئەجدىھاسى»** دەپ ئاتىغان.

دۈشمەنلەر ئالدى بىلە قەشقەرىيەنىڭ شەرقىي قورغىنى بولغان، كۇچا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. 1758-ژىلى ماي ئېيىدا ئامىنتۇ قوماندانلىقىدىكى 10000 كىشىلىك-مانجۇ-خىتاي قوشۇنى كۇچا شەھىرىنى قورشاۋالدى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئالدىنقى سېپى ھېساپلانغان، كۇچا مۇداپىەسىگە غوجا جاھان ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئىككىنچى ئۇرۇش سېپى ھېساپلانغان ئاقسۇنىڭ مۇداپىئەسىگە ئۇنىڭ ئاكىسى بۇرھانىددىن غوقا مەسئۇل بولدى.

قەھرىمان كۇچالىقلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قايتا-قايتا قىلغان ھۇجۇملىرىنى زەربى بىلەن چېكىندۈرۈپ تۇردى. بىر قېتىم شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بولغان قوچاقلاشما جەڭدە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانغۇنى ئامىنتۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، شەھەرنىڭ ئىچىگە ئەپكىرىپ، شەھەر مەيدانىدا خەلىقنىڭ كۆزىچە چېپىپ تاشلىدى.

چەنلۇڭخاننىڭ پەرمانى بىلەن باش سانغۇن جاۋخۇي كۇچانى ئېلىش ئۈچۈن يارخاشەن قوماندانلىقىدا يەنە 50000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. دۈشمەن قوشۇنى كۇچانى قورشاۋېلىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. قەھرىمان كۇچالىقلار دۈشمەننىڭ كەينى-كەينىدىن قىلغان ھۇجۇملىرىنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ تۇردى. نەيزە-قىلىچ قاتارلىق ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان خەلىق ئەسكەرلىرى يەكمۇ-يەك ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنى يوقىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. دۈشمەنلەر بولسا، قولىدىكى زامانىۋىي قۇراللارغا تايىنىپ، ژىراقتىن ئېتىپ، جەڭ قىلىشقا تىرىشاتتى. موشۇنداق قىيىن شارائىتتا كۇچالىقلار ئۆز شەھىرىنى ئىككى ئاي بويى قەھرىمانلارچە مۇداپىە قىلىپ، ساقلاپ تۇرالىدى.

ھۇجۇم بىلەن شەھەرنى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەنلەر، باشقا ھىيلە ئامال ئويلىدى. ژىراقتىن يەر ئاستى يولى-لەخمە كولاپ كېلىپ، شەھەر سېپىلىنى پارتىلىتىپ، ئاندىن شەھەرگە بېسىپ كىرمەكچى بولدى. موشۇ مەخسەتتە ئىنتايىن يوشۇرۇن تۈردە لەخمە كولاشنى باشلاۋەتتى. كۇچا قورغىنىنىڭ مۇداپىەسىگە مەسئۇل بولغان كىشىلىرىنىڭ بىرسى خۇدابەردىبەگ سەزگۈر ئادەم ئىدى. ئۇ دۈشمەنىنىڭ بۇ قەستىنى سېزىۋالدى. ئۇ سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆينىڭ ئاستىغا بىجىرىم كوزىدىن بىرنى كۆمدۈرۈپ، كوزىنىڭ گىرۋىگىنىلا ئوچۇق قويىدى ھەم كوزىنى تىڭشاپ تۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويىدى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ژىراقتىن لەخمە كولاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردى ھەم باش قوماندان غوجا جاھانغا مەلۇم قىلدى. خۇدابەردى، غوجا جاھاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە، دۈشمەننىڭ تەدبىرىگە قارشى تەدبىر قوللاندى. يەنى سېپىل ئىچىدىن سىرتقا قارىتىپ، لەخمە كولاتتى. لەخمە سېپىلنىڭ ئاستىغا بارغاندا، كولاشنى توختىتىپ، لەخمىنىڭ ئىچىنى ئوتۇن-سامان بىلەن توشقۇزدى. دۈشمەنلەر كولىغان لەخمە دەل سېپىلنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەندە، كېچە جىم-جىتلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئارىلىق تامنى تېشىپ، ئىككى لەخمىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردىدە، ئاندىن لەخمە ئىچىدىكى ئوتۇن-سامانغا ئوت يېقىۋەتتى... دۈشمەنلەر سېپىل ئۆرۈلگەن ۋاقىتتا دەرھال شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن لەخمىنىڭ ئىچىگە 600دەك چېرىكلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ چېرىكلەر قېچىپ چىقىشقا ئۈلگىرەلمەي، ئىس-تۈتۈنىنىڭ ئىچىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ ئۆلۈشتى.

دەل موشۇ پەيتتە پەيدا بولغان پەت-پاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەمىرى لەشكەر غوجا جاھان 400دەك ئاتلىق جەڭچىلىرىنى باشلاپ، قىزىلقارغا دەرۋازىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغان بويى تۈن قاراڭغۇلىغى ئىچىگە كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ستراتېگىيالىك يۆتكىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋادى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋاقەدىن ئېسەڭگىرەپ قالغان دۈشمەنلەر، ئەس-ھوشىنى ژىغىۋېلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغان بولسىمۇ،

ئۇلارغا يېتىشەلمەي قايتىپ كېلىشتى. بۇ 1758-ژىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى بولغان ۋاقە ئىدى.
ئىمپېراتور چەنلۇڭخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خاپا بولدى. ئۇ مەخسۇس پەرمان چۈشۈرۈپ، غوجا جاھاننى ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرىنى قاچۇرۇپ قويغان «ئاسىيلارنىڭ تىنجىتىش قوشۇنىنىڭ سانغۇنى يارخەشەن، ياندىش سانغۇنى شۇگدىنى ھەم ياساۋۇل بېشى مادىشگلارنى تۇتقۇن قىلىپ، بېجىنغا ئاپىرىپ، سوئال-سوراق قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسىنى بەردى. كۇچاغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن چېرىكلىرى يەنە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن شەھەرنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئادەملىرى قىرىلغان، مال-مۈلۈكلىرى كۆيدۈرۈلگەن، ئۆي-ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلغان بىر پارچە خارابىلىقلا ئىگە بولۇشتى» («تۇرغاق غوجىلار» ناملىق ھۆججەتلىك رومان 228-بەت).
كۇچا ئۇرۇشى مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئەندىكى نۆۋەت قەشقەرىيەگە قارىتىلغان ئىدى.
مانجۇ-خىتاي ئىستىلاچى قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنى جاۋخۇي 1758-ژىلنىڭ بېشىدىلا مۈلكى قەشقەرىيەگە ژۈرۈش قىلىش بۇيرۇغىنى تاپشۇرىۋالغان ئىدى. كۇچا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيان كۆتىرىشىدىن قورققان جاۋخۇي بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى فۇدەنىڭ قوماندانلىغىدا تۇرپان يېچەن تەرەپتە قالدۇردى. ئۆزىگە بېۋاستە قارايدىغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇچاغدا دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن بۇرھانىددىن غوجا ئاقسۇنى مۇداپىەسىز قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ۋە يېقىنلىرىنى باشلاپ، قەشقەرگە كېلىۋالغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، گېنېرال جاۋخۇي ھېچ قانچە ئۇرۇش قىلمايلا، ئاقسۇ شەھىرىنى ئىگەللىدى ۋە ئۇيغۇرستاننىڭ ئوتتۇرىسى ھېساپلانغان بۇ شەھەردە ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى–ھەربىي شتابىنى قۇرۇۋالدى.
گېنېرال جاۋخۇي چەنلۇڭخاننىڭ يېڭى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قارارگاھىدا 1758-ژىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ھەربىي كېڭەشمە ئۆتكۈزدى. بۇ كېڭەشمىگە مانجۇ-خىتاي قوشۇنى ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ سانغۇن-سەردارلىرى، مەسلىھەتچى ئامبال-تۇگلىگلىرى قاتناشقان ئىدى. بۇلارنىڭ سىرتىدا چىن ئىمپېرىياسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلىپ، «تۆھپە يارىتىپ»، مانجۇ خانىنىڭ نەزەرىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر بەگلىرىدىن قۇمۇللۇق يۈسۈپ غوجا، تۇرپانلىق ئىمىن غوجا، كۇچالىق ئۇداي غوجا، سايراملىق سېيىت ئابدۇللا غوجا، ئۈچتۇرپانلىق خوجەسى غوجا، قەشقەرلىك ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجا قاتارلىق ئۇيغۇر بەگلىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى. كېڭەشمىدە ئالدى بىلەن چەنلۇڭخاننىڭ مەخپىي يارلىغى ئوقۇپ ئاڭلىتىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ژۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن بىرىنچى، ئىككىنچى پەرمانلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوخشاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چەنلۇڭخاننىڭ «ياۋايى يات چەنتۇلارغا ئاڭلاتسا بولىدۇ»–دېيىلگەن يەنە بىر پەرمانى ئوقۇپ ئاڭلىتىلدى. بۇ پەرماندا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى.
– غوجا جاھان بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى بۇرھانىددىن غوجىلار بىزنىڭ شاپائىتىمىزنى بىلمەي، خانىدانىمىزغا ئاسىيلىق قىلىشتى. ئۇلار سەلتەنەتىمىزگە قارشى «باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى» قۇرۇۋالدى. نېسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈردى... غوجا جاھان ئىنتايىن كاززاپ بولغاچقا، ئۇيراتلارنىڭ زۇلۇمىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، چەنتۇلارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇتۇپ، بىزگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى. بۇ قېتىم تەگرى لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىشتىكى مەخسىتىمىزمۇ، ئاسىي غوجا جاھاننى يوقىتىشتۇر. ئەگەر چەنتۇلار ھەقىقەتكە قايتىپ، غوجا جاھاننى تۇتۇپ، بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسىلا، بىز يۇخرالارنىڭ تىنىچ خاتىرجەم ياشىشىغا رۇخسەت قىلىمىز. ئۇلار مانجۇ خانىنىڭ شەپقىتىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولالايدۇ! («تۇرغاق غوجىلار» ناملىق ھۆججەتلىك رومان 273-272-بەتلەر).
پەرمان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن «خاقانىمىزنىڭ ئەمى-پەرمانلىرىغا پەرمانبەردارمىز» دەپ چوقۇراشتى ژىغىلغانلار. ئاخىرى گېنېرال جاۋخۇي ئورنىدىن تۇرۇپ:
– ئۇلۇق خاقانىمىزنىڭ پەرماننى ئاڭلىدىڭلار، خاقانىنىڭ ئەمرى بىز ئۈچۈن قانۇن، كىمكى موشۇ پەرماننى ئىجرا قىلىشتا سەللا سۇسلۇق قىلىدىكەن، كاللىسى ئېلىنىدۇ، كىمكى چەنتۇلارنىڭ يۇرتىنى تەسەررۇپ قىلىشتا مانجۇ خانىغا ياردەم قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىدىكەن، ژۇقۇرى مەنسەپ ۋە بايلىق بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ–دەپ جاكالىدى.
كېڭەشمە ئاياقلىشىپ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى خانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قەشقەرنىڭ بېگى ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىلار جاۋخۇينىڭ خاس بۆلمىسىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مانجۇ خانىغا سادىق ئىكەنلىگىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەشتى. بۇ ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مانجۇلارنىڭ مۇسۇلمان يۇرتىنى ئىشغال قىلىشىغا، غوجا جاھەننى تىرىك تۇتۇشىغا كۈچ چىقىرىدىغانلىغىنى ئېيتىپ، قەسەم قىلىشتى!
ئۇنداق بولسا، بۇ تۇردى غوجا دېگەن زادى كىم؟
تۇردى غوجا ئاپاق غوجىنى ئىككىنچى ئاكىسى ئىنايەتۇللاھ غوجىنىڭ ئەلى غوجا ئىسىملىك ئوغلىدىنى بولغان نەۋرىسى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى مەمۇرىزىمخان (ئىپارخاننىڭ) بىر تۇققان ئاكىسى ئىدى. تۇردى غوجىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، باش سانغۇن جاۋخۇي بىلەن ياندىش سانغۇن فۇدە ئىككىسى بۆلمىدە يالغۇز قېلىشتى.

– جانابى سانغۇن، – دېدى فۇدە ئۆز ئويىنى ئېيتىپ-بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانى كۆپ، قۇراللىرى خىل بولغىنى بىلەن ئۇرۇشقانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. چەنتۇلارنىڭ ئىسيانچىلىرى بولسا، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. موشۇنداق بىز بۇ ياۋايىلار يۇرتىنى قانداقمۇ بويسۇندۇرالارمىز؟ –دەپ سورىدى.

– ئۇ دېگىنىڭىزغۇ ھەق گەپ–دەپ جاۋاپ بەردى جاۋخۇي. –بىراق، بىزنىڭ بۇ يۇرتنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا چەنتۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياردەم بېرىدۇ!

– چۈشەنمىدىم، سانغۇن جانابلىرى؟ –دېدى فۇدە ھەيران بولۇپ.

–چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار. چەنتۇلارنىڭ غوجىلىرى بىلەن بەگلىرى، ھەممىسى دېگىدەك ساتقۇن كېلىدۇ. ئەرزىمەس مەنسەپ بىلەن پايدىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بولساق، ھېچ ئىككىلەنمەيلا سېتىلىپ كېتىدۇ. ۋەتىنى، مىللىتىنى ساتقانىنى ئاز دەپ، قوينىدىكى خوتۇنى بىلەن ئۆيىدىكى قىزىنىمۇ ئۇستەكلەپ بېرىدۇ! ھازىر ئالدىمىزدىن چىقىپ كەتكەن تۇردى غوجا دېگىنى ئەشۇنداق ۋىژدانسىز بىر مەخلۇق. بىز ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى بىلسەكلا بولغىنى–دېدى جاۋخۇي».

ھەربىي كېڭەشمىدىن كېيىن قەشقەرىيەگە باسقۇنچىلىق ژۇرۇشلەر باشلاندى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سۇلتانى غوجا جاھان دۈشمەن چېرىكلىنى تەمناتسىز قالدۇرۇش مەخسىتىدە، ھەممە يۇرتلاردىكى پۇخرالارغا پەرمان چۈشىرىپ، ئېتىزدىكى ئاشلىقلارنى، باغلاردىكى مېۋە-چېۋىلەرنى پاكىز ژىغدۇرۇپ، تالا-تۈزنى قۇرۇقداپ قويغان ئىدى.

«ھۇجۇم نىشانىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تاشلاش» پىلانىغا مۇۋاپىق ئاكىسى بۇرھانىددىن غوجىنى قەشقەرنىڭ مۇداپىە ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ، ئۆزى بولسا، پايتەخت يەكەننىڭ مۇداپىئەسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

جاۋخۇي 4000دەك مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرىنى باشلاپ، ئۇدۇل يەكەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، يەكەن خەلقى چىڭ تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، شەھەرنى ئالالمىدى. قولىدىكى ئەسكەرنىڭ ئازلىغىنى ھېساپقا ئالغان جاۋخۇي ۋاقتىلىق زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدىكى قاراسۇ دېگەن جايغا چېكىنىپ، ياردەمگە كېلىدىغان چىن داۋۇل قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكچى بولدى. بىراق، ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن كېچىكتى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئادەم، ئات-ئۇلاقلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈگى ئازلاپ، ئەھۋال قىيىنلىششقا باشلىدى.

موشۇنداق ئەھۋالدا جاۋخۇي قەشقەردىكى ھۇسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەر ۋە ئات-ئۇلاقلىرىنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى «خىزمەت كۆرسىتىپ، ژۇقۇرى مەنسەپ ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى» دەپ بىلگەن غوجىلار دەرھال ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك ئەۋەتىپ، باسقۇنچى مانجۇ چېرىكلىرىنى تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جاۋخۇيغا ياقىدىغان مەزمۇندا بىر مەكتۈپمۇ ئەۋەتكەن ئىدى. مەكتۈپتە مۇنداق دېيىلگەن:

«جانابى گېنېرال، قاۋخۇي! سىزنىڭ غالىپ سۈپەت تەگرى قوشۇنلىرىڭىزنى بىزنىڭ بېقىپ كېتىشىمىز، بەسى مۈشكۈل. سىزنىڭ ئارقا تەرىپىڭىزدىكى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ چېپان يايلاق دېگەن يېرىدە غوجا جاھانغا قاراشلىق ناھايىتى كۆپ چارۋا-مال بار. ئەشۇ يايلاققا بېرىپ، چارۋا-ماللارنى قولغا چۈشىرىۋالسىڭىز ھەم غالىپ ئەسكەرلىرىڭىزنى بىر ژىل باقالايسىز ھەم غوجا جاھاننى ماددىي تەمنات بازىسىدىن مەھرۇم قىلالايسىز».

بۇ مەكتۈپنى ئالغان جاۋخۇي كۆز ئالدىدا تۇرغان تەييار بايلىقلارنى چاپسانىراق ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ، كېچىلەپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، چېپان يايلاققا قاراپ ئاتلاندى، بىراق، غوجا جاھاننىڭ چارلىغۇچىلىرى دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قالدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى چوقۇم ئۆتىدىغان تىزناپ دەرياسى ئۇستىدىكى «توڭگۇزلۇق كۆرۈگىنى» بۇزۇۋەتتى ھەم شۇ ئەتراپتا بۆكتۈرمە ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئەھۋالدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز كېلىۋاتقان جاۋخۇينىڭ ئەسكەرلىرى «توڭگۇز كۆرۈكتىن» ئۆتۈۋاتقاندا كۆرۈك ياغىچى سۇنۇپ، دەرياغا غۇلاپ چۈشتى. دەل شۇ پەيتتە بۆكتۈرمىدە ياتقان ئۇيغۇر جەڭچىلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. گېنېرال جاۋخۇي قالغان-قاتقان چېرىكلىرىنى ژىغىشتۇرۇپ، ئارقىسىغا قاراپ قېچىپ، قاراسۇدىكى قارارگاھىغا ئارانلا يېتىۋالدى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئۇيغۇر جەڭچىلەر قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ناچار قۇراللار بىلەن قۇراللانغانلىقتىن، دۈشمەن پوزىسىياسىگە بېسىپ كىرەلمەي، ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت دۈشمەننى قورشاپ تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، ئوق-دورىسى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاتىدىن تەسلىم قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. دۈشمەنگە ياردەم ئەسكەر كېلىشى مۇمكىن بولغان يوللارنىڭ ھەممىسىگە بۆكتۈرمە جەڭچىلەر ئورۇنلاشتۇردى.

قورشاۋ ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، دۈشمەننىڭ قىيىنچىلىقى ئېشىپ باردى. جاۋخۇي قوماندانلىقىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان

www.uyghurkitap.com

ئىمپېراتور چەنلۇڭخان دەرھال نامجار سانغۇن بىلەن سەنتەي مەسلىھەتچى ئامباللار باشقۇرغان قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. بىراق، بۇ قوشۇن يەكەننىڭ شەرقىي-جەنۇبىدىكى شىبھەت دۆڭ يەرگە كەلگەندە غوجا جاھان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ئەندى چەنلۇڭخان ئارقا سەپنى ساقلاپ پىچاندا تۇرۇۋاتقان ياندىش سانغۇن فۇدەگە پەرمان چۈشۈرۈپ، دەرھال يەكەنگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، جاۋخۈينى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. بۇ قوشۇنمۇ يەكەنگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، غوجا جاھان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بۆكتۈرمىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر تالاپەت كۆردى.

90 كۈن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، ئاچلىقتىن قىينالغان جاۋخۈي ئەسكەرلىرى جانلىرىدىن ئۈمۈت ئۈزۈپ ياكى تەسلىم بولۇش ياكى ئۆلۈۋېلىش توغرىلىق ئويلاشقا باشلىدى. قورشاۋ ھالىتى يەنە ئۈچ كۈنلا داۋام قىلغان بولسا، دۈشمەنلەر تامام يوقىتىلاتتى. ئېھتىمال، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىمۇ باشقىچە بولغان بولاتتى.

نەق موشۇ ھەل قىلغۇچى پەيتتە خائىن تۇردىغوجىنىڭ بىر ھەرىكىتى جاۋخۈينىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرىنى يوقىتىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى!

ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىدى. جاۋخۈي تۇردى غوجىغا يوشۇرۇن تۈردە ئادەم ئەۋەتىپ، غوجا جاھان ئەسكەرلىرىگە ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىشقا، شۇنداق قىلىپ، جاۋخۈي ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تۇردى غوجا ئۆزىنىڭ سوپى-چىرىكلىرى بىلەن تاغلىق قىرغىزلارنى ئەۋەتىپ، غوجا جاھاننىڭ ماددىي بازىسى ھېساپلانغان چىپان يايلاقتىكى چارۋا-ماللارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان غوجا جاھان:

— «قىرغىزلار مانجۇرلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ»-دەپ ئويلاپ قالدى. ئاۋال-چارۋا-ماللارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىنى تېچلاندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ مەخسەتتە جاۋخۈينى مۇھاسىرە قىلىشقا ئازغىنا ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ، چىپان يايلاققا ژۈرۈپ كەتتى. خۇددى موشۇنداق پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان جاۋخۈي ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن دەرھال بېكىنىشتىن سىرتقا چىقىپ، ئاز ساندا قالغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئارىدە فۇدە قوماندانلىغىدىكى مانجۇ قوشۇنىمۇ يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئالدى-كەينىدىن قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى. جاۋخۈي بولسا، ھالاكەتلىك قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قېچىپ، ئاقسۇدىكى قارارگاھىغا بېرىۋالدى. ئۇرۇش سېپىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ياندىش سانغۇن فۇدەگە يۈكلىدى.

**شۇنداق قىلىپ، مىللىي خائىن ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىلارنىڭ ساتقۇنلۇغى نەتىجىسىدە دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيىتى غالىبىيەتكە، ئۇيغۇرلارنىڭ غالىبىيىتى مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى پاجىئەلىك تەقدىرىگە يالغۇز مانجۇ-خىتاي بېسقۇنچىلىرىلا ئەمەس، ئۇلارغا ياردەم بەرگەن مىللىي خائىنلارمۇ ئەيىپلىك!**

قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ، ئاقسۇدىكى قارارگاھىغا بېرىۋالغان جاۋخۈي چەنلۇڭخانغا مۇراجىئەت قىلىپ، يېڭىدىن يەنە 30000 كىشىلىك ئەسكەر، يېتەرلىك ئوق-دورا ۋە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تولۇقلاۋالدى. ئۇ 1759-ژىلى يازدا بارلىق كۈچىنى توپلاپ قەشقەرىيەگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم باشلىدى. ئالدى بىلەن پايتەخت يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەن شەھىرى خەلقى ۋە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلىندى. يەكەننى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەنلەر، مۇداپىئەسى ئاجىزراق بولغان، خوتەن شەھرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئېيىدىلا قاراقاش، يۇرۇڭقاش شەھەرلىرى قولدىن كەتتى. بىراق، خوتەن خەلقى خوتەن شەھىرىنى جان تىكىپ قوغدىدى. شۇ ژىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا خوتەن شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن فۇدەتەن باشچىلىغىدا يەنە ئىككى قوشۇن ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولدى. موشۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە خوتەن مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولغان يەرلىك قوماندانلارنىڭ بىرسى ئابدۇخالىق قەھرىمانلارچە قۇرۋان بولدى! دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچى خەلقنىڭ كۈچىدىن 10 ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، قەھرىمان خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىنى ئۈچ ئاي بويى مۇداپىئە قىلىپ، ساقلاپ تۇرالىدى، ئۈچ ئايلىق مۇداپىئەدىن كېيىن، قارشىلىق قىلغۇچىلار تامام قىرىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن شەھەر قولدىن بېرىلدى.

خوتەن مۇھاسىرىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا گېنېرال قاۋخۈينىڭ بىۋاستە قوماندانلىغىدىكى چوڭ قوشۇن قەشقەر شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. قەھرىمان قەشقەر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جانىجان شەھرىنى ئۈچ ئاي بويى قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلدى، ئاخىرى 1759-ژىلى سېنتەبىردا، كۈچلەر مۇتلەق تەڭسىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا قەشقەر ۋە خوتەن شەھەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن كەتتى.

**شەھەرلەر بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن شەھەر ئاھالىسى ياش-قېرى دېمەي، ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى. بار**

**بايلىقلار بۇلاڭ تالاڭ قىلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت-جامەلىرى مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتخانىغا ئايلاندى. مەدرىسەى مەھكىمىلەر مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلىدىغان پاھىشى خانىلارغا ئايلاندۇرۇلدى. ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي يادىكارلىقلار، قۇران ۋە تەپسىر كىتاپلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بىز تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك!**

قەشقەر ۋە خوتەن قولدىن كەتكەن ئەشۇ كۈنلەردە گېنېرال فۇدە قوماندانلىقىدىكى 50000 كىشىلىك مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرى يەكەن شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. يەكەن خەلقى ھېچ قاياقتىن ياردەمگە ئېگە بولالمىغان ئەھۋالدىمۇ، باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى ئۈچ ئاي بويى قەھرىمانلارچە ھىمايە قىلدى!

شەھەرنى كۈچ بىلەن ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەنلەر، ھىيلە بىلەن ئالماقچى بولدى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئىچىدىكى نىياش بەگ، قوزى بەگ دېگەن مىللىي مۇرتەدلەرنى ئوغرىلىقچە سېتىۋېلىپ، ئۇلار كېچىسى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەندە، سىرتتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولدى. بىراق، خانىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى سېزىلىپ قالغانلىقتىن، خائىنلار شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىم مەخسىتىگە يېتەلمىگەن دۈشمەن شەھەر ئىچىدىكى يەنە بىر مۇرتەد غازى بەگنى سېتىۋالدى. غازى بەگ ئۇزۇن مۇددەت ئوردىدا خىزمەت قىلىپ، غوجا جاھاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇۋالغان ئۇنىڭ يېقىنىدىكى خەنجەر ئىدى.

ئەشۇ غازى بەگ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى غوجا جاھانغا مەسلىھەت بېرىپ، شۇنداق دېدى:

ئەمىر جاناپلىرى، بىز سېپىلنىڭ ئىچىدە تۇرىۋەرسەك، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئوزۇق-تۈلۈك، ئوق-دورىمىز تۈگەيدۇ، مانجۇلار بولسا، ئارقىدىن ئەسكەر كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە دۈشمەن چېرىكلىرى ئۆز ۋاقتىدا سېپىلدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى بىراقلا يوقىتىمىز. ئۆزىمىزمۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىمىز. شۇنداق قىلغىنىمىز تۈزۈمىكىن؟

بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلىغان غوجا جاھاننىڭ كۆز ئالدىغا كۈچا مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلغان چاغدىكى مەنزىرە گەۋدىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئەمىر لەشكەر غوجا جاھان دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. بىر كېچىدە سېپىل دەرۋاسىزىسىنى ئاچتۇرۇپ، 400 ئاتلىق جەڭچىسىنى باشلاپ، ھۇجۇمغا چىقتى. موشۇنداق بىر پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇنلىرى، خۇددى قىيانىدەك بېسىپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. يەنە بىر قىسىم دۈشمەن چېرىكلىرى سېپىلنىڭ سىرتىغا چىققان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، سېپىلنىڭ ئىچىدىمۇ سىرتىدىمۇ قىرغىن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان جەڭچىلەر ئىچىدە پات-پاراقچىلىق باشلىنىپ، سەپ بۇزۇلۇپ، جەڭچىلەر قالايمىقان قېچىشقا باشلىدى. موشۇ جەڭ ئەناسىدا سېپىلدىن چىققان ئەسكەرلەرنىڭ 3000دىن ئوشۇغراغى قىرىلىپ كەتتى! ئەمىر لەشكەر غوجا جاھان دۈشمەن ئوقىدىن يارىدار بولدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېپارخان دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشتى!

جەڭ مەيدانىدا ئۇستۇنلۇككە ئېگە بولغان دۈشمەن چېرىكلىرى سېپىلنىڭ ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ ئۇچرىغان پۇخرالارنى ئايىماي قىردى. موشۇنداق ئەھۋالدا ئامالسىز قالغان ئەمىر لەشكەر غوجا جاھان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن 1000غىمۇ يەتمەيدىغان جەڭچىلىرنى باشلاپ، مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىغا قاراپ چېكىندى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بەدەخشەن رايونىغا بېرىۋېلىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، قايتىپ كېلىپ مانجۇ-خىتاي باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقارماقچى، باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان ئىدى.

غوجا جاھان باشلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلەر بىلەن پۇخرالار يەكەندىن چېكىنىپ، ئىككىنچى كۈنى زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ توختاشتى. بۇ كەچ كۈز مەزگىلى بولۇپ، دەريانىڭ گىرۋەكلىرى نېپىز مۇز تۇتقان بولسىمۇ، ئوتتۇرا قىسمى ھەيۋەتلىك ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. چېكىنگەن ئالامان دەريادىن قانداق ئۆتۈشنىڭ يولىنى تاپالماي تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرى يېتىشىپ كېلىپ قالدى.

غوجا جاھان قۇرالسىز ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاشقا، ئىلاجى بولسا، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئۆزى جەڭچىلەرگە قاراپ:

«قېنى، باتۇر ژىگىتلەر، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ زەربە بېرەيلى. بالىلىرىمىز دەريادىن ئاما-ئېسەن ئۆتىۋالسۇن، ئۆتەلمىگەن تەغدىردىمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ خور بولغىچە، ئانا يۇرت، ئانا دەريانىڭ قوينىدا قېلىشسۇن! بىرىڭلارمۇ تەسلىم بولماڭلار، بۇ ئېپلاسلارغا تەسلىم بولۇپ ئۆزىمىزنى خور قىلغىچە، باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، مەرتلەرچە قۇرۋان بولايلى!»-دەپ ۋاقىرىدى. ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلىغان پۇخرالار، ئاياللار ۋە بالىلار سۇدا ئۆزۈشنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەممىسى دېگىدەك سۇغا چۆكۈپ ھالاك بولۇشتى. دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ، جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەر بولسا، دۈشمەن تەرىپىدىن قىرىلىپ، ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا قۇرۋان بولۇشتى.

يەقەت غوجا جاھان بىلەن بۇرھانىددىن غوجا باشلىق ئازغىنا ئادەملەر دەرياغا ئات سېلىپ كىرىپ، ئاتلىرىنىڭ ياياللىغا نەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، دەريادىن ئامان-ئېسەن ئۇ قىرغاققا چىقىشتى. بۇ 1759-ژىلى 20-سېنتيابىر كۈنى ئىدى. بۇ پاجىئەلىك ۋاقىئە ئۇيغۇر تارىخىدا «زەرەپشان پاجىئەسى» دېگەن نام بىلەن يېزىلدى!

شۇ چاغدا غوجا جاھان باشلىق ئۇيغۇر ئەرباپلىرى: باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلىنگەرەك بولغان ئاۋغانىستان پادىشالىغى، مۇسۇلمان قېرىنداشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادالەتلىك كۈرىشىگە خەيرىخاھلىق بىلەن قارايدۇ دەپ ئىشەنگەن ئىدى. لېكىن ئۇلار كۆزلىگەن مەنزىلگە، يەنى ئاۋغانىستان تەۋەسىگە يېتىپ بارالمىدى. بەدەخشان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي رايونىدىكى «يېشىل كۆل» دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن چېرىكلىرى ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. «يېشىل كۆلنىڭ» ياقىسىدا ئاخىرقى بىر مەيدان جەڭ يۈز بەردى. ئۇيغۇر جەڭچىلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز، قۇراللىرى ناچار، ئۆزلىرى يېرىپ چارچىغان بولۇشىغا قارىماي، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە قارشى شىرلاردەك ئېلىشتى. ھەتتا دەسلەپكى ئېلىشىشتىلا، نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. مانجۇ-خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىغى بۇ قېتىممۇ ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ھېيلە-نەيراڭ ئىشلەتتى. شۇ چاغدىكى بەدەخشان ھاكىمى سۇلتانشاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى سېتىۋالدى. ئۆزىنىڭ زالىملىغى ۋە جاھىللىغى بىلەن مەشھۇر بولغان سۇلتانشاھ، ئەندى ساتقۇنلۇغى بىلەنمۇ مەشھۇر بولدى. يەنى ئۇ مانجۇ-خىتايلارغا سېتىلىپ، ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىغا خىيانەت قىلدى. ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدۇردى. ئالدى تەرەپتە مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرىنىڭ، ئارقا تەرەپتە سۇلتانشاھ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشتى. بىراق كۈچلەر مۇتلەق تەڭسىز بولغان بۇ ئۇرۇشتا، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ بىرسىمۇ دۈشمەندىن شەپقەت تىلەپ تەسلىم بولغىنى يوق. ئۇلار باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ھەر بىرى ئون-ئون بەشتىن دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، ئۆزلىرىمۇ ھالاك بولۇشتى!

بەدەخشان جېڭىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى غوجا جاھان، غوجا بۇرھانىددىن، ئىسلام بەگ، ئابدۇكېرىم بەگ ۋە باشقىلار ھالاك بولۇشتى. مانجۇ-خىتايلار ئۇلارنىڭ ياش باللىرىغىمۇ رەھىم قىلماستىن، قولغا چۈشكەن نارېسىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلارغا باستۇرۇپ قويۇپ، قويدەك بوغۇزلاشتى! غوجا بۇرھانىددىننىڭ 5 ياشلىق ئوغلىنى قەپەزگە سېلىپ، بېجىنغا ئاپىرىپ، شۇ يەردە قىيناپ ئۆلتۈردى. غوجا جاھان بىلەن غوجا بۇرھانىددىننىڭ باشلىرىنى كېسىپ، بېجىنغا ئاپىرىپ، چەنلۇڭخانغا سوغات قىلىشتى! شۇنداق قىلىپ، مەنچىڭ ئىمپېرىياسى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننى زورلۇق كۈچ بىلەن بېسىۋالدى، 6 ژىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتتى. تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1759-ژىلىدىكى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدا دۈشمەن چېرىكلىرى بىر مىللىوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارنى قىرىپ ئۆلتۈرگەن!

ژۇقۇرىدىكى بەدەخشان پاجىەسى 1759-ژىلى 23-سېنتيابىر كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇدھىش پاجىەلەرگە تولغان قارا قىسمەتلىك تارىخى ئەينە شۇ كۈندىن باشلانغان. شۇندىن بېرى ھازىرغىچە، 245 ژىل ئۆتتى. بىراق بۇ قارا قىسمەت تېخىچە تۈگىمەي داۋاملىشىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1759-ژىلنىڭ سېنتيابىرىدە ئۇيغۇر خەلقى مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ، مانجۇ-خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1884-ژىلغا كەلگەندە «شىنجاڭ» (يېڭى بېسىۋالغان زىمىن) دېگەن نام قويۇلۇپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ-خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ئۈچ ژىل داۋام قىلىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى. شۇنىڭغا قارىماستىن، بۇ ئۇرۇش ئوتتۇرا ئازىيادىكى باشقا مەملىكەتلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋاقە بولدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچ ژىلغا سوزۇلغان ۋەتەن ئۇرۇشىدا باسقۇنچىلارغا شۇنچىلىك ئېغىر زەربە بەردىكى، باسقۇنچىلار ئۇيغۇرستاننىڭ غەربىي چېگارىسىغا يېتىپ كەلگىچە، ھېساپسىز كۆپ ئەسكەرلەردىن، قۇرال-ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىمۇ ھالسىرىغان ھالدا ئاران يېتىپ كېلىشتى. كۈچا، يەكەن، خوتەن، قەشقەر ۋە بەدەخشەن ئۇرۇشلىرى دۈشمەننى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىۋېلىنغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭلار كۆتىرىلىپ تۇردى. مۇنداق ئىسيانكار ئۇيغۇر ئېلىنى ئارقا سەپ قىلىپ تۇرۇپ، خوشنا ئەللەرگە تەجاۋۇزلۇق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇ-خىتاي قوشۇنلىرى قازاق ۋە قىرغىز دالاسىغا، قوقەنت ۋە بۇخارا خانلىقلىرى تەۋەسىگە باسقۇنچىلىق ژۈرۈشلەرنى قىلىشقا قۇرئەت قىلالمىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ۋە مۇستەقىللىگىنى قۇرۋان قىلىش بەدىلىگە، باشقا قېرىنداش خەلىقلەرنى مانجۇ-خىتايلارنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ قالدى. تاكى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ!

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلىرى ياڭلىۋاشتىن ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداش مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى تارىخىي سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىگى ئۈچۈن ئادالەتلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدە تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى بۈگۈن

ئۇيغۇرستاننى، ئەتە بولسا، ئوتتۇرا ئازىيانى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاستا-ئاستا خەن مىللىتىگە ئاسسىمىلياسىيا قىلىپ، ژۇتۇۋېتىشنى مەخسەت قىلغان خىتاي ئىمپېرالىستلىرى تەرىپىدە تۇرۇشى كېرەكمۇ؟

بۇ مەملىكەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھازىر ئىككىلەنمەكتە. بىراق، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇزاققا بارماي مۇ ئەرباپلارنى ئۆز مەۋقەسىنى ئېنىق بەلگۈلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى مىللىي مۇستەقىللىق يولى بىلەن مۇستەملىكچىلىك يولى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئوتتۇرا يول يوق!

بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، قازاقستان ۋە قىرغىزستان ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ سەياسىي بېسىمى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى ئورۇنلاپ بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۆز تېررىتورىياسىنىڭ بىر قىسمىنى خىتايغا كېسىپ بېرىۋەتتى. بۇ خۇددى ئەجدىھانىڭ ژۇتۇۋېلىشىدىن ساقلىنىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ يامپىشىنى كېسىپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا لوخما قىلىپ سېلىپ بەرگەندەك بىر ئىش. سېنىڭ لوخماڭ ئەجدىھانى ئىنساپقا كەلتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەجدىھانىڭ ئىشتىھاسىنىڭ تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، سېنى ژۇتۇۋېلىش جەريانىنى تېزلىتىدۇ، خالاس!

قىسقىسى، بۇ بىر تارىخىي خاتالىق. مۇنداق خاتالىقنى تارىخ كەچۈرمەيدۇ. ئەۋلادلار كەچۈرمەيدۇ. بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك تەغدىر، ئەتە ئوتتۇرا ئازىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

## قوشۇمچە ماتېرىئال-1

ھۆرمەتلىكى، كىتابخان!

ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ۋاقىئەلەرنى تېخىمۇ ئېنىغىراق تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ئۈچۈن ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان «تۇرغاق غوجىلار» ناملىق ھۆججەتلىك روماندىن بىر قىسىم ئېپىزودلارنى ئەينەن كەلتۈرۈمىز. مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ:

«جاۋخۇي داۋاڭنىڭ تۆرىگە قويۇلغان يوغان شىرەنىڭ كەينىدە ئولتىرىپ، كېڭەشمە قاتناشقۇچىلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى:

ئەي، بوغداخاننىڭ قاپلان ژۈرەك باھادىرلىرى، ھەر بىر تال ئوقىدا ئىسىيانچى چەنتۇلارنىڭ كۆزىنى ئويىدىغان مەرگەنلەر! بۇخەرىتىگە قاراڭلار. ئاقسۇدىن يەكەنگە كارۋانلىق ئادەم 10 كۈندە يېتىدۇ. بىزگە بولسا ئۇنىڭدىن 3-2 ھەسسە كۆپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كۈن پېتىشقا قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان موشۇيول، ئىسيانچە چەنتۇلارنىڭ قېنى سەل بولۇپ ئاقىدىغان قىزىل دەريا بولىدۇ. بىزلەر خاقانى چىننىڭ ئەجدىھاسۈرەتلىك سېرىق سەلتەنەت تۇغىنى ئەندى شۇيەرلەرگە قادايمىز. بىزلەرنىڭ بوغداخاننىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلايدىغان پۇرسىتىمىز ئەندى يېتىپ كەلدى!

– مىلادى 1758-ژىلى قەنەرىيە 10-ئاينىڭ 6-كۈنى جاۋخۇي 4000دەك مانجۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يەكەن قەلئەسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. يەكەن سېپىلىنىڭ دائىرىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. بۇ سېپىلنىڭ 12 قوۋۇقى (دەرۋازىسى) بار ئىدى. مانجۇلار يەكەن قەلئەسىگە قايتا-قايات ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، زادىلا ئالالمىدى. ئاخىرى زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئوت-چۆپى ئەلۋەك قاراسۇ دېگەن يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، كەينىدىن كېلىدىغان چىنداۋۇل قوشۇنىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

... قاتمۇ-قات قورشاۋ ئىچىدە قالغان جاۋخۇي، ئاقسۇغا ياردەم تەلەپ قىلىپ، چاپارمەن ماڭدۇردى. خاقانى چىن چەنلۇڭ جاۋخۇي قوشۇنلىرىنىڭ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن قاتمۇ-قات قورشاۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال نامجارنى-ئاسىيلارنىڭ تىنجىتقۇچى سانغۇن، سەنتەيىنى-مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا سۇلان، چاخار قوشۇنلىرىنى بەردى ۋە ئۇلارغا جىددىي ژۈرۈش قىلىپ، يەكەندىكى قاراسۇ بارگاھىغا يېتىپ بېرىپ، جاۋخۇي قوشۇنلىرىنى ئىسيانچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە سۈركى قاتتىق پەرمان چۈشەردى...

نامجار 200 ئاتلىق تۇرشاۋۇل چېرىكنى باشلاپ، ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز دېگەندە يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بىراق ئۇلار يەكەننىڭ شەرقىي-جەنۇبىدىكى شەھىتِ دۆڭ دېگەن يەردە غوجا جاھان تەرىپىدىن قويۇلغان بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ، نامجار سەنتەيلەر ۋە ئۇلار باشلاپ ماڭغان 200 چېرىكنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى.

...ئاخىرى چىن خاقانى چەنلۇڭ نائىلاج فۇدە سانغۇنغا بۇيرۇق چۈشىرىپ، دەرھال پىچاندىن قوشۇن باشلاپ، يەكەنگە ژۈرۈش قىلىپ، جاۋخۇي قوشۇننى غوجا جاھاننىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشەردى. ئارقىدىنلا يەنە باركۆل مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارغۇن بىلەن ياندىش چېرىكچى ئامبال ئالۇن ئالارغىمۇ ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ، دەرھال يەكەنگە ژۈرۈش قىلىش ھەققىدە سۈركى قاتتىق پەرمان چۈشەردى. غوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپىگە شەبخۇن ئۇرۇش ئۈچۈن مانجۇلارنى باشلاپ چىققان جاۋخۇي ئەكسىچە تۇڭگۇزلۇق كۆرۈكىدە غوجا جاھاننىڭ شەپخۇنىغا ئۇچراپ، بۇرنى-قۇلىغىچە دەككىسىنى يەپ، جانلىرىدىن ئۈمۈت ئۈزۈپ

تۇرۇشقان چاغدا، غوجا جاھان تۇيۇقسىز قاراسۇ بارگاھى مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ، جىددىي قوشۇن چېكىندۇردى. قورشاۋ يەنە موشۇنداق ئۈچ كۈنلا داۋاملاشقانلا بولسا، مانجۇ قوشۇنلىرى تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتى.
جاۋخۇي بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەيلا، تىت-تىت بولۇپ ئولتارغىنىدا تۇيۇقسىز چېدىر سىرتىدىن بىرىسىنىڭ «مەلۇمات!» دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
– دارىن بۇ خۇش خەۋەر ئىكەن! بۇ مەكتۇپنى قەشقەرلىك غوجا زادىلاردىن ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىلار ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بوغدا خانغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن غوجا جاھاننى قوللىمايدىكەن. شۇڭا بۇرۇتلار بىلەن بىرلىشىپ، غوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپىنى باسقۇن قىپتۇ. غوجا جاھاننىڭ قاراسۇ مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ، جىددىي لەشكەر چېكىندۇرگەنلىگىنىڭ سەۋەۋى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن ئوخشايدۇ!
...ئۈچتۇرپانلىق ئەلى غوجىنىڭ ئىنىسى ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىلار مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قاراسۇ بارگاھىنىڭ ئۈچ ئايدىن بېرى قورشاۋدا قالغانلىغىنى، ياردەمسىز قالغان قارا چېرىكلەر بىلەن بىت-چىت بولۇشقا ئازلا قالغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇش قارارىغا كېلىشكەن ئىدى. بىراق قانداق قىلغاندا ھەم قاراسۇ بارگاھىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋانغىنى، ھەم غوجا جاھاننى لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل ئەپلىك چارىنى ئويلاپ تاپالماي، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ تۇراتتى. ئۇ توساتتىن چېپان يايلاقتا غوجا جاھاننىڭ سان-ساناقسىز مال-چارۋىلىرى بار ئىكەنلىگىنى ئەسلەپ قالدىدە، كۆڭلى «پاللىدە» يورۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلارنى چېپان يايلاققا تېگىش قىلىپ، غوجا جاھاننىڭ مال-چارۋىلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا قىزىقتۇردى...
...شۇڭا غوجا جاھان قىرغىزلار خاقانى چىن قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، غوجا جاھان، ھۈسەيىن غوجا بىلەن تۇردى غوجىنىڭ قىلتىغىغا چۈشۈپ كېتىپ، قاراسۇ بارگاھىغا بولغان مۇھاسىرىنى تاشلاپ، قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن چېپان يايلىغىغا قاراپ ئاتلاندى.
چۆلمىدىكى بېلىقنىڭ كۆنىگە قالغان مانجىلار بولسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فۇدەنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلدىدە، قېچىپ ئاقسۇغا بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 1758-يىلى قەمەرىيە 6-ئايدىن مىلادى 1759-يىلى قەمەرىيە 2-ئايغىچىلىك بولغان بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خاقانى چىن چەنلۇڭ مۇلكى قەشقەرىيەدىكى ئىسيان يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن 300000 يارامىلىق قارا چېرىكتىن تەشكىل قىلىنغان خىل قوشۇننى مۇلكى قەشقەرىيەگە توپلىدى...
مىلادى 1759-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ مانجۇلار يەكەن سېپىلىنى جەنۇپ ۋە شەرقىي-شىمالى تەرەپتىن تەڭلا توپقا تۇتۇش باشلىدى. ئارقىدىنلا مانجۇلار ئۇزۇن شوتىلىرىنى سۆرەپ كېلىشىپ، يەكەن سېپىلىغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى...
مانجۇلار يەكەن سېپىلىگە ئارقا-ئارقىدىن 4 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئاما ھۇجۇمى توپ ئوقلىرىدا ۋەيران قىلىپ تاشلانغان. يەكەن سېپىلى ئۈستىدىكى مۇداپىەچىلەرنىڭ قەيسەرلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا قايتا-قايتا چېكىنىپ، بۈگۈنكى ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.
مانجۇلارنىڭ يەكەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا بۈگۈن ساقمۇ-ساق 5 كۈن بولدى. يەكەنلىكلەر پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، بەرداشلىق بېرىپ، بىر قەدەممۇ ئارتقا چېكىنمىدى. بىراق، مانجۇلار ئاتقان شىددەتلىك توپ ئوقلىرىدا كۆپ ئادەم چىقىم بولۇپ كەتتى. شۇڭا يەكەننى مۇداپىە قىلغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان جەڭچىلەر ئازىيىشقا باشلىدى. قەلئە سېپىلىنىڭ ھەر بىر گۈزەل ئارىلىغىنى قوغداپ تۇرۇشقا ئادەم يېتىشمەي قالدى. مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلاش زەربىسىدە، ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئەندى ئايال جەڭچىلەر ئېگەلىگەن ئىدى. بۇ ئايال جەڭچىلەرگە ژىگىتچە ياسانغان، ئۈستىگە كۆچۈچتەك زىرىھ-قۇياق كىيىپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان، بېشىدىكى پولات دوبۇلغىسىنىڭ بۇرۇندۇغى يۈزىگە چۈشىرىلىپ قويۇلغان، غۇنچە بويلۇق، زىلۋا بىر ياش چوكان باشچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ 25-24 ياشلاردا بار بولۇپ، ئايال جەڭچىلەرگە چەبدەسلىك بىلەن بېرىلىۋاتقان قىسقا-قىسقا بۇيرۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ھەربىي ئىلىمگە تولغانلىغىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇ ئايال سەركەرنىڭ ئىسمى نۇر ئەلەنۇر خېنىم بولۇپ، غوجا جاھاننىڭ بانۇسى ئىدى.
... باشقا ئايال جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەرلەردەك كىيىنگەن بولۇپ، بەللىرىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىشىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە پىداكارلىق كۆرسىتىشىۋاتاتتى.
... مانجۇلارنىڭ بىر قىسىم كۈچلىرىدە قالغات دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا غوغا كۆتىرىپ، دەرۋازىغا كۆيدۈرگۈچ ئوقلارنى ئېتىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر گۇرۇھ قارا چېرىكلەر قەلئەنىڭ دالادا تەرىپىگە شوتا قويۇپ، ئاستا شىپقاپ چىقىپ كېلىشتى.
... ئاخىرى قالغات دەرۋازىسى قولدىن كەتتى! مانجۇلار قەلئەنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن شەھەرگە

ئىچىگە خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك، دەۋرەپ كىرىشكە باشلىدى! غوجا جاھان ئەندى پۇرسەت قولدىن كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ياردار بۇرھانىددىن غوجا بىلەن ھەممە ئائىلە تاۋابىئاتلارنى ۋە بىر قىسىم ئاھالىنى ئېلىپ، شەھەرنى مانجۇلارغا تاشلاپ بەردىدە، شەرىق تەرەپتىكى ئالتۇن دەرۋازىدىن چىقىپ، بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن، سارقۇل تەرەپكە چېكىندى.

ئائىلە تاۋابىئاتلار بىلەن ئاھالى ئارىسىدىكى چوڭ-كىچىكلەر تېز ھەرىكەتلىنەلمىگەنلىكتىن، قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە دەخلى يېتىپ، چېكىنىش سۈرئىتىنى بەكمۇ ئاستىلىتىۋەتتى. شۇڭا غوجا جاھان بىر قىسىم نوۋكەرلەر بىلەن بىللە مانجۇلارنىڭ ئالدىنى توساپ، چېكىنىۋاتقانلارنى قورغاپ تۇردى. بۇ چاغدا نۇر ئەلەنۇر خېنىم ئات ئۈستىدە قىلىچ ئويىنىتىپ، مانجۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. غوجا جاھاننىڭ قىچىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەن جاۋخۇي بىر گۇرۇھ يارامىلىق ئۇچقۇر ئاتلىقلارنى باشلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە ئېگىز بويلۇق ياش بىر ھەربىينىڭ چېكىنىۋاتقانلارغا تەمكىنلىك بىلەن يول-يورۇق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا زىلۋا بىر «ژىگىتمۇ» پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى...

... مانجۇلارنىڭ ساۋۇت-قۇياقلىرى ھەممە قۇرال-جابدۇغى تەل بولغاچقا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا، كېرىچكە ئوقنى بېسىپ، بىرنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېتىۋەردى. جاۋخۇي كېرىچكە ساۋۇت تېشەر ئوقتىن بىرنى سېلىپ، ھېلىقى ياش ھەربىينى چەنلەپ ئاتتى. ئوق ھېلىقى ھەربىينىڭ قالقىنىنى تېشىپ، سادىقىغا چاپلاشتۇرۇپ قويدى. ئارقىدىن يەنە بىر تال ئوقنى ئۇلاپ ئېتىۋىدى، بۇ ئوق ھەربىينىڭ پۇتىغا تېگىپ سانچىلىپ قالدى...

بۇ چاغدا مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىۋاتقان نۇر ئەلەنۇر خېنىم غوجا جاھاننىڭ پۇتىغا ئوق تەككەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىدە: «تارت قولۇڭنى، مانا مەن كەلدىم!» دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئات سېلىپ كېلىپ، جاۋخۇينىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئۇنىڭ بېشىدا دوبۇلغا بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ قىلىچ زەربىدىن بېشى ئايلىنىپ كەتتى. گەرچە قىلىچنىڭ بېشى دوبۇلغىنىڭ بىر تال سىمىنىمۇ كېسەلمىگەن بولسىمۇ، ئاما بېشى خېلىلا «ئەدەپ يېگەن» ئىدى. جاۋخۇي قاتتىق ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان ھېلىقى «ژىگىتنىڭ» كۆكسىگە تىغ ئۇردى. قىلىچ ئۇنىڭ ھەربىي تونى ئىچىدىن كىيىنگەن، زىرىھقا تېگىپ، تېيىلىپ كەتتى. ھېلىقى «ژىگىت» ئېتىنى سەكرىتىپ، جاۋخۇيغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرماقچى بوبۇدى، جاۋخۇي قولىدىكى قىلىچنى ياپسالاپ تۇرۇپ، «ژىگىتنىڭ» قولىدىكى قىلىچنى قېقىپ، يەرگە چۈشۈرىۋەتتى. قىلىچ زەربىسىدىن «ژىگىتنىڭ» بېشىدىكى دوبۇلغۇسىنىڭ بوقۇچى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، بېشىدىن دوبۇلغۇسى ئۇچۇپ كەتتىدە، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى يېيىلىپ، يەلكىسىگە چۈشتى.

جاۋخۇي كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. باياتىن ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان «ژىگىتنىڭ» ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. تولىمۇزىبا، تولىمۇگۈزەل بىر ئۇيغۇر قىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى!

«غوجا جاھاننىڭ ئايالى ؟!» دېگەن خىيال بېشىدا چاقماق تېزلىگىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى غوجاسىدىن، غوجا جاھاننىڭ ئايالى قۇرال ياراق بىلەن ھەپىلىشىدىغان، تەڭدىشى يوق گۈزەل چوكان ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. «ئۇنداق بولسا، باياتىن مەن ئوق ئاتقان ھېلىقى ياش ھەربىي كىشى غوجا جاھان بولمىسۇن يەنە؟!»

... ــ جاۋانمەرتلەر، ئەمرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ــ دەپ ۋاقىرىدى نوۋكەرلىرىگە ئۇ. ــ غوجا جاھان ئالدىمىزدىكى ئەشۇ ياش ھەربىي كىشى، ئۇنى تىرىك تۇتقانلارغا كۆپ-كۆپ مۇكاپات بېرىمەن! مونۇ گۈزەل چەنتۇ مەلىكىسىنىڭ بىرەر يېرىگە شىكەستە يېتىدىغان بولسا، بېشىڭلارنى ئالىمەن!

جاۋخۇينىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۇراتتى. مانجۇلار دەۋرەپ كېلىشكىنىچە، نۇر ئەلەنۇر خېنىمنى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئېلىۋالدى!

«غوجام، مەن بىلەن كارلىرى بولمىسۇن، تېز قاچسىلا!» دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى ئۇ ۋوجا جاھانغا. ئۇنىڭغىچە مانجۇلار نۇر ئەلەنۇر خېنىمنىڭ ئۈستىگە تور تاشلاپ، ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن ژىقىتىۋېتىشكە مۇۋاپپەق بولدى.

ــ خېنىم، مانا مەن كەلدىم! قورقمىسىلا! ــ دەپ غوجا جاھاننىڭ ئاۋازى كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدە ياڭرىدى. ئاما ئارىلىقتا يولغا تىقىلىپ قېلىشقان ھارۋۇلار شەھەردىن قېچىپ چىققانلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سەپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدا ھېچ كىم ھېچ كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە غوجا جاھان بۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە نائىلاج قالدى. «قاچقان دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، ئاز قوغلىغۇچىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى مەغلۇپ بولغان سەپكە بىر «ھەي!» دېگەن ئاۋازمۇ كۇپايە»، دېگەن گەپ بار. مانجۇلار نۇر ئەلەنۇر خېنىمنى تىرىك تۇتۇۋېلىشقا مۇۋاپپەق بولالىغان بولسىمۇ، ئاما غوجا جاھان بىلەن بۇرھانىددىن غوجىلار ئۆزلىرىنىڭ نوۋكەرلىرى بىلەن ئاز ساندىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ، زەرەپشان دەرياسى تەرەپكە، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ، بەدەخشان ئۆلكىسىگە قاراپ چېكىندى.

يەكەن قەلئەسى پۇتۇنلەي مانجۇلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىندى. مانجۇلارنىڭ قەلئەگە قىلىۋاتقان

ھۇجۇمىمۇ توختىتىلدى. قەلئە ئوت يانغۇنىمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى. جاۋخۇي ئۆزى پەتھى قىلغان بۇ شەھەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۆز يېنىغا قۇمۇللۇق يۈسۈپ غوجا، تۇرپانلىق ئىمىن غوجا، كۇچالىق ئۇداي غوجا، سايراملىق سېيىت ئابدۇللا غوجا، ئۈچتۇرپانلىق سېتىۋالدى غوجا، خوجاسى غوجا ۋە گادايمەت غوجىلارنىڭ ھەمرالىقىدا يەكەن پاتاچىسى غازى بەگنى ئېلىپ، چارسۇغا يېتىپ كەلدى.
شەھەر ئېغىر ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، غەدىگەرلىكتە قوشقار ئاتا مازىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا، گۆزەر ياقلىرىدا ئادەم ئۆلۈكىرى ئۈستى-ئۈستىگە مىنگىشىپ ياتاتتى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، ئۆلۈكلەرنى كۆمىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىغان ئىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىلىرى تۆگۈرلىنىپ قالغان، پۇت-قوللىرى بىر يەرگە ژىغىلغان ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قۇرۇت-قوڭغۇزلار ئۆمۈلىشىپ كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. سېپىل ئالدىدا بىر ئۆلۈك قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرەپكە دارديىپ سوزۇلغان پۇتلىرى تىزىغىچە خەندەكنىڭ ئىچىگە ساڭگىلاپ قالغان، ئۆزى ئوڭدا ياتاتتى. بىر قولى قايرىلغان پېتى دۈمبىسىنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغان. يەنە بىر قولىدا ئاي پالتىسىنى چىڭ قامىلاپ تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ قانسىرغان سېرىق پېشانىسىدە ۋە شېشىدەك قېتىپ قالغان يېرىم جۇمۇق كۆزلىرىنىڭ جەيىكلىرىدە، قان داغلىرى قالغان ئىدى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھالىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ تېنى مۇزلاپ شۈركىنەتتى. ياش بىر ئايالنىڭ لەۋلىرىدە قان ئۇيۇپ قالغان. چىرايلىرى كۆكۈچ ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىشتىنى تىزىغىچە سېرىلىپ چۈشىرىلگەن، مانجۇلار ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىن، ئۇياتلىق يېرىگە ياغاچ قوزۇقنى قېقىپ كىرگۈزۈۋېتىشكەن. قوزۇقنىڭ ئۇچى دۈمبىسىنى تېشىپ چىقىپ، يەرگە پېتىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ جېنى بەكمۇ قىينىلىپ چىققان. ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋېرىپ، تاپان سۆيەكلىرى ئېچىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. يەنە بىر ياش تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئىككى كۆكسى كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن. يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقى ئانىسىغا چاپلىشىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان ئىدى...
توپ-توغرا ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بۇ قەتلىئامدا مانجۇلار ھارغاندىن كېيىنلا، ئاندىن قەتلىئامنى توختىتىشقان ئىدى. كۆيۈۋاتقان ئوتلارمۇ، ئاخىرى كۆيىدىغان ھېچ نەرسە تېپىلماي قالغاندا ئۆچۈشكە باشلىغان ئىدى. جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە قونغان قارغا-قۇزغۇنلار ئالدى بىلەن ئۆلۈكلەرنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى چوقۇپ، ئەتراپىغا قاراپ، «قارق، قارق!» دەپ ۋەھىملىك قارقىلداپ قوياتتى.
مانجۇلارمۇ يەكەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە خېلىلا تالاپەت بېرىشكەن ئىدى. نۇرغۇنلىغان يۈزلۈكلەردىن قارا چېرىكلەرنىڭ ئاران يېرىمى قېلىشقان ئىدى. ئامان قالغان چېرىكلەرنىڭ بەدەنلىرىگە قەلئە مۇداپىەچىلىرى قىلىچ ۋە ئوق بىلەن تامغا بېسىپ ئۆلگىرىشكەن ئىدى.
ئۆلگەن قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز كىيىملىرى بىلەن تىزىپ، ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىگىنى ھېچ كىم بىلمەتتى.
جاۋخۇينىڭ بۇيرىغى بىلەن تىرىك قالغان چېرىكلەر ئۈستى-ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىلغان ئۆلۈكلەرنىڭ ئاستىدىكى ئوتۇن-ياغاچلارغا تۆرت تەرەپتىن تەڭلا ئوت يېقىشتى. ئاۋال بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىلىغىدىكى قاپ-قارا تۈتۈن تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ ئاسمانغا كۆتىرىلدى. كېيىن ھەش-پەش دېگىچە قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنى تىلىنى چىقىرىپ، ئۆلۈكلەرنى قاپلاپ، چارسىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەتراپقا كۆيگەن گۆشنىڭ قاڭسىق پۇرىغى تارىلىشقا باشلىدى. كۈچلۈك كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزى ئىچىدە ئۈستى-ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىلغان قارا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى، پەيلىرى ئوتتا تارتىشىپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلىدى...
ئوت دەپنىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جاۋخۇي پۈتۈن قوشۇنغا ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش ئېلان قىلدى...»

## قوشۇمچە ماتېرىيال—2

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!
غوجا جاھان بىلەن ئىپارخاننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ژۇقارقى باپتا بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشمىزنىڭ تۇنجا قەھرىمانلىرى ھېساپلانغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى-شەرەپلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىنى بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەزىز ئىنسانلار توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات بېرىدىغان بىر ناتېرىيالنى قوشۇمچە قىلىپ بەردىم.

### غوجا جاھان ۋە ئىپارخان توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات

غوجا جاھان ۋە ئىپارخان دېگەن بۇ كىشىلەر خىيالدىن چىقىرىلغان ئەپسانىۋىي ئوبرازلار بولماستىن. XVIII ئەسىردە ياشىغان، تارىختا ئېنىق ئورنى بار رېئال شەخسلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھايات يولى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەغدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېنىق ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىچە: تارىختىن مەلۇمكى، قەشقەرىيەدە ئاق تاغلىق

غوجىلار بىلەن قارا تاغلىق غوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەبچىلىك كۈرەشلىرى ۋە جەڭگۈ-جېدەللەر ئاپاق غوجا بىلەن شادىغوجىلار ھايات ۋاقتىدا باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدىمۇ توختىماي داۋاملاشتى. شۇنداق قىلىپ، مۇلكى قەشقەرىيە پۈتمەس-تۈگىمەس قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ئالا-توپىلاڭلار يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىغا خوۋۇپلۇق بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئەلنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرغان جۇڭغار خانلىرىغىمۇ ياقماتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭغار خانى سېۋانا رابدان 1715-يىلى قەشقەرىيەگە 2-قېتىم قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يەرلىك غوجىلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭغار تۆرىلىرىدىن يېڭى ھاكىملارنى تەيىنلىدى. قەشقەرىيەدىكى ئاق تاغلىق غوجىلار بىلەن قارا تاغلىق غوجىلارنى بالا-جاقىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئەگەشكۈچى مۇرىت-سوپىلىرىنى قوشۇپ، ھەممىسىنى ئىلى ۋادىسىدىكى غۇلجا شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، مەجبۇرىي كۆچەردى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاق تاغلىق ئاپاق غوجىنىڭ نەۋرىسى ئەلى غوجىنىڭ ئائىلىسىمۇ بار ئىدى. قارا تاغلىق شادى غوجىنىڭ نەۋرىسى دانىيال غوجىنىڭ ئائىلىسىمۇ بار ئىدى. جۇڭغار خانى بۇ غوجىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا غەزىنىدىن تۇرمۇش پۇلى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پەرۋان ھاياتىنى كاپالەتلەندۇردى. ئادەتتىكى سوپى-ئىشانلارنى بولسا، دېخانچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنى تەمىنلەشكە ھەم دۆلەتكە سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. موشۇ سۈرگۈندە، جۇڭغارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشاپ تۇرغان يىللاردا دانىيال غوجىنىڭ ئائىلىسىدە بۇرھانىدىن غوجا، ياقۇپ غوجا (غوجا جاھان)، يۇسۇپ غوجا، سىدىق غوجا قاتارلىق پەرزەنتلەر دۇنياغا كەلدى. ئەلى غوجىنىڭ ئائىلىسىدە بولسا، توختىغوجا، تۇردىغوجا، مەمۇرىبىزىم (ئەزىزىم)، چۈنۇسەزىزىم دېگەن پەرزەنتلەر دۇنياغا كەلدى.

قەشقەرىيەدە ۋاقتىدا بىر-بىرسى بىلەن چىقىشالماي، ئۆزلۈكسىز يېغىلىقلار قىلىشىپ كەلگەن بۇ غوجىزادىلەر ھەممە ھوقۇق ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، مۇساپىر بولۇشقاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا ژۇڭگاچلىشىپ، بىر-بىرسى بىلەن ئارىلىشىدىغان ئىناق ياشايدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ مەدرىستە بىللە ئوقۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئات مىنىشىپ ئىلى دەرياسى بويىدىكى توقايلىقلاردا، تاغلاردا بىللە ئوۋچىلىق قىلىدىغان بولۇشتى. مىلادىنىڭ 1712-يىلى جۇڭغار خانى سېۋانا رابدان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غالدان سېرىن خان بولۇپ كۆتىرىلدى. ئۇ بوۋىسى غالدان بوشۇكتۇ خانىنىڭ «ياتلارنى ياتلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن باشقۇرۇش» ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غۇلجىدا نازارەت ئاستىدا تۇرىۋاتقان قارا تاغلىق غوجىلارنىڭ پېشىۋاسى دانىيال غوجىنى مۇلكى قەشقەرىيەگە قورچاق پادىشا قىلىپ تەيىنلىدى. دانىيال غوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، غوجا جاھاننى بولسا ئىلىدا بارىمتايلىققا تۇتۇپ قالدى. دانىيال غوجا باشقا ئائىلە ئەزالىرىنى ئېلىپ، يەكەن شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ، قورچاق پادىشا بولۇپ قەشقەرىيەنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى (ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار قاراجانلىرى نازارەت قىلىپ تۇراتتى).

دانىيال غوجىنىڭ ئىلىدا تۇتۇپ قېلىنغان ئوغلى غوجا جاھان ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئاق تاغلىق ئەلى غوجىنىڭ ئائىلىسى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ياشاشقا توغرا كەلدى. ئەلىغوجا بىلەن مەستۇرەزىزىمنىڭ مەمۇرىبىزىم ئىسىملىك قىزى ئىنتايىن گۈزەل ساھىپجامال بولۇپ ئۆستى (رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قىزنىڭ بەدىنىدىن ئىپارغا ئوخشاش خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «ئىپارخان» دەپ ئاتاتتىكەن). ئاتا ئانىسى بۇ قىزنى ياچشى كۆرۈپ، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ھەر تەرەپلىمە بىلىملىك ۋە قابىل قىلىپ تەربىيىلىگەن. ئىپارخان ئات مىنىشكە چەۋەنداز، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئېگەللىگەن يېتۈك جەڭچى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈزەل ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىرلار يېزىپ تۇرىدىغان شائىرە بولۇپ يېتىشقان.

دانىيال غوجىنىڭ ئوغلى غوجا جاھانمۇ ئۆزى سۇمباتلىق، ئەقىل پارەسەتلىك، ھەربىي ئىشلارنى تولۇق ئېگەللىگەن بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ گۈزەل ئەدەبىياتنى پىشىق ئېگەللىگەن شائىر بولۇپ يېتىشقان (ئۇنىڭ تەخەللۇسى ـ ئەرشىي). غوجا جاھان بىلەن ئىپارخاننىڭ يۈلتۈزلىرى بىر-بىرىگە ماس كېلىپ، ئۆز ئارا مۇھەببەت باغلاشقان. ئاتا-ئانىلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن 1751-يىلى توي نىكاسىنى ئوقۇتۇپ ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتى بولۇپ قوشۇلغان (شۇ چاغدا ئىپارخان 17 ياشتا، غوجا جاھان 27 ياشتا بولغان) ۋە تاتلىق ئۆمۈر سۈرۈشكە باشلىغان، شۇ يىللاردا غوجا جاھان قەشقەرىيەدە تۇرۇۋاتقان ئىنىلىرىغا خەت يېتىپ، 1753-يىلدىن باشلاپ قەشقەرىيەدە باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى كۆرۈش تەييارلىقىنى باشلاۋەتكەن ئىدى...

دانىيال غوجىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1755-يىلى جۇڭغار خانى غوجا جاھاننى مۇلكى قەشقەرىيەنىڭ پادىشاسى كېلىپ تەيىنلەپ، يەكەنگە قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. غوجا جاھان ئۆز ئائىلىسى بىلەن يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئىنىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ چاغدىكى ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى كۆرۈش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئىشلاردا ئىپارخان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولغان ئىدى. بېجىننى پايتەخت قىلغان

مەنچىڭ خاندانلىغى 1766-1767 ژىللىرى غەربىي ئۆلكىلەرگە ھەربىي تەجاۋۇزلۇق ژۈرۈشلىرى باشلاپ، ئۇرۇشتا جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ بۇ ئۆلكىنى بېسىۋالدى. پۇخرالىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، جۇڭغارىيانى ئادەمسىز چۆللۈككە ئايلاندۇردى! شۇنىڭدىن كېيىن مۈلكى قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ۋەزىيەتنى سەگەرلىك بىلەن كۈزىتىپ تۇرغان غوجا جاھان ئۆز ۋەتىنىگە كېلىۋاتقان بالا-قازانىڭ نەقەدەر ئېغىر، دەھشەتلىك بولىدىغانلىغىنى ئالدىن-ئالا مۆلچەرلەپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ياش دۆلەتنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆلۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ۋەتەنىنىڭ تەغدىرىدىن ئەندىشا قىلغان شائىر ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ:

— «ھازىر ئولغىل ئەي كۆڭۈل، جانغا بالالەر كەلگۈسى،
يۈز قاتىغ ئىش ياكى شىددەتلىك جاپالار كەلگۈسى.
نە كىشى ھالىڭغا يىغلار، نە تۇتارلەر ماتىمىڭ،
ماتىمىڭ تۇت، يىغلاغىل، پۇر ئەجدىالار كەلگۈسى!» دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى.

خۇددى شائىر ئېيتاقاندەك، 1758-ژىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ باسقۇنچى مەنچىڭ قوشۇنلىرى مۈلكى قەشقەرىيەگە تەجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىردى. ئۇيغۇر خەلقى غوجا ۋە بۇرھانىدىن غوجىلارنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز ۋەتىنى، مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىنى ساخلاپ قېلىش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۇرۇشتى. بىراق، ھەربىي كۈچلەر مۇتلەق تەڭسىز ئەھۋالدا بولغانلىقتىن، 1759-ژىلى سېنتايبىردە باسقۇنچىلار بىر مىللىون ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇيغۇرستان زىمىنىنى بېسىۋالدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك بولغانلىغىنى پايتەخت يەكەننى ھىمايە قىلىش جەڭلىرىدە، ئىپارخان تىرىك قولغا چۈشۈپ، بېيجىنغا ئېلىپ كېتىلگەنلىگىنى، غوجا جاھان بولسا خوشنا بەدەشخانغا چېكىنىپ بارغاندىن كىرىن بەداشخان ھاكىمى مۇھەممەت خان تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، بېشى كېسىلىپ بېجىن خانىغا سوغات قىلىپ ئەبەتىپ بېرىلگەنلىگىنى ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم.

دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلۇپ، بېجىنغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئەسىرلىرى چەنلۇڭخان تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. يالغۇز ئىپارخانىنىڭ تەڭداشسىز ھۆسنى جامالىغا مەپتۇن بولغان چەنلۇڭخان ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، خوتۇن قىلىش مەخسىتىدە ئوردىنىڭ قېشىدا مەخسۇس ساراي ياسىتىپ شۇ يەردە نەچچە ژىللاپ ساقلىدى. بىراق، پاك ۋىجدانلىق، ئالىي ئىمانلىق ئىپارخان خانىنىڭ بۇ يىلىسىز تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋە ئىپپەت-نومۇسىنى پاك بويىچە ساقلاپ قالدى. ئۇ موشۇ ژىللاردىكى ئۆزىنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالىنى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلەپ يازغان شېئىرلىرىنى بىرىدە مۇنداق مىسرالار بار:

**«ھەر كۈنى باشىمغا چۈشمىش مۇشكىلۇ-رەنجۇ ئۆلۈم،**
**قان يۇتارمەن ھەر دەقىقە، غەمدە ئۆتمۈشتۈر كۈنۈم.**
**ساقلىبان ئىمانىنى مەن، باش ئەگمىدىن خان ئالدىدا،**
**كەچمىشىم ۋىجدان ئەمەس، كېچەرمەن جان ئالدىدا!».**

بېجىندا تۆرت ژىل ياشاپ 1763-ژىلى 29 يېشىدا خان ئانىنىڭ بۇيرىغى بىلەن ئىپەك بوقۇچ بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، غوجا جاھانىنىڭ ئىپارخاندىن تۇغۇلغان غوجاخاقان ئىسىملىك ئوغلى بولغان ئىكەن. بىراق بۇ ئوغۇلنىڭ تەغدىرى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. 1758-ژىلى مانجۇ-خىتايلار تەجاۋۇز قىلىپ بېسىپ كىرگەندە بۇ بالا 6 ياشتا ئىدى. ئېھتىمال، ئۇمۇ دادىسىنىڭ تەغدىرىگە شېرىك بولۇپ، مانجۇ-خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۈمكىن.

1914-ژىلى بېجىن ئاسارە-ئەتىقىلەر باش ئىدارىسى شىنياڭ شەھىرىدىكى خان سارىيىدىن ۋە چىڭدىدىكى يازلىق ئوردىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بېجىنغا يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن. ئەشۇ يادىكالىقلارنىڭ ئىچىدە ئىپارخانىنىڭ ماي بوياق بىلەن ئىشلەنگەن 5 پارچە رەسىملىرى تېپىلغان. ئېنىقلىنىشىچە، بۇ رەسىملەرنى چۇنلۇڭخانىنىڭ ئوردىسىدا يالىنىپ خىزمەت قىلغان ئىتالىيالىك مەشھۇر رەسسام رېمبراندت سىزغان ئىكەن. بۇ رەسىملەرنىڭ ئىچىدە ئىپارخانىنىڭ ھەربىيچە كىيىنگەن بىر قولىدا قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرغان سۈرىتى ئالاھىدە بولۇپ، رەسىمدە ئىپارخانىنىڭ تاشقى گۆزەللىگىلا ئەمەس، ئەقىل-پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك ئىچكى دۇنياسىمۇ ياخشى ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىملەر بېجىندىكى خان سارىيى ئىچىدە يۇدى زالىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان. رەسىمنىڭ ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈشتە: «غەربىي يۇرت ۋاڭىنىڭ مەلىكىسى—ئىپارخان. ئۇ گۆزەللىكتە تەڭداشسىز ساھىپجامال. ئۇنىڭ تېنىدە گۈپۈلدەپ ئىپار پۇراپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرتداشلىرى ئۇنى «ئىپارخان» دەپ ئاتىغان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. (ۋەتەندىشىمىز ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ئەمگىگىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى).

## تەجرىبە-ساۋاقلار

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ژۇڭغار قالماقلىرى بىلەن باسقۇنچى مانجۇ-خىتايلارنىڭ ئېلىمىزنى بېسىۋېلىشتىكى پاجىئەلىك مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

بىزنىڭ پاجىئەلىك تارىخىمىز ئىسپاتلىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئىستىلاچى مىللەت قانچىلىك ياۋايى تەبىئەتلىك مىللەت بولسا، ئۇنىڭ ئىستىلا قىلىنغان ئەللەرنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى شۇنچىلىك ۋەھشىيانە-رەھىمسىز بولىدۇ. مىللىي زۇلۇم شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇ. XVII ئەسىردە ئۇيغۇرىستاننى ئىستىلا قىلغان جۇڭغار قالماقلىرىمۇ، XVIII ئەسىردە ئىستىلا قىلغان مانجۇ-خىتايلارمۇ ئەينە شۇنداق ياۋايى تەبىئەتلىك مىللەتلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئەلدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەڭ ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى. ئادەملەرنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنىڭ 50 خىلدىن ئارتۇق تۈرلىرىنى ئويلاپ تاپتى ۋە ئەمەلدە قوللاندى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ ئۇسۇللارنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ياۋايى تەبىئىتى ئادەملەرنى قىيناپ، ئازاپلاشتى لەززەت ئالاتتى، ئالۋاستى جانلىرى راھەتلىنىپ كېتەتتى! شۇڭلاشقا بۇ ۋەھشىلەرنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە قاراتقان مىللىي سەياسىتىنى ئېۋروپىلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە قاراتقان مىللىي سەياسىتىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئېۋروپىلىقلار مۇستەملىكىچى بولسۇمۇ، ھەر ھالدا ئادەم، ئۇلاردا ئىنسانىي ۋىجدان بار ئىدى. مانجۇ-خىتايلار بولسا، ئادەم سىياقىدا يارىلىپ قالغان ياۋا مەخلۇقلار ئىدى!

جۇڭغار قالماقلىرى بىلەن مانجۇ-خىتايلار شۇنچە زىراقلاردىن كېلىپ، قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، كەڭ-تاشا، گۈزەل، بىياۋە تىنىمىزنى بېسىۋېلىش ۋە ئۇزاق ۋاقىت قولدا تۇتۇپ تۇرالىشى ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇلار يالغۇز ھەربىي كۈچىگە تايىنىپلا، بۇ مەخسىتىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. بۇ ئىشتا ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئاپاق غوجا ئوخشاش ۋە ژۇڭغۇرىدا ئىسىملىرى ئاتالغان ھەر قايسى ژۇتنى سوراۋاتقان ھوسەيىن غوجا، تۇردى غوجىلارغا ئوخشاش خائىنلارنىڭ ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىپ، دۈشمەنگە ياردەم بەرگەنلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

دېمەك، ئاپاق غوجىدىن باشلاپ، بۇگۈنكى ئىسمايىل تىلىۋالدىغا قەدەر بولغان غالچىلارنىڭ ھەممىسى ئەينە شۇنداق دۈشمەنگە ياردەم بەرگەن مىللىي مۇناپىقلاردۇر!...

بىز ۋەتەننى قوغداپ، ناسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلگەن جەڭ مەيدانلىرىدا مىللىيونلىغان ئەجداتلىرىمىز قۇرۇۋان بولغان دەيدىكەنمىز، 323 ژىلدىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى دەيدىكەنمىز، موشۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسىگە يالغۇز تاشقى دۈشمەنلەرلا ئەمەس، شۇ قاتاردا ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مىللىي مۇناپىقلارمۇ تەڭ ئەيىپلىك.

ئۆز ۋاقتىدا ئىنقىلاۋىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى موشۇنداق خائىنلارنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەسلەك ئېگىسى بولغان ئەرباپلىرى، مىللىي ئازاتلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىزلىگەن مىللەتنىڭ ئازاتلىق ھەرىكىتى ئۈتۈق قازىنىپ كېتىپ بارغان پەيتتە، مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش سېپىنىڭ بىرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلىدۇ... ئۇلار بولسا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك دېيىشى ئۇسسۇلى ئويناپ، مەنسەپنى دەپ مىللەتنى چوڭ ھالاكەت ئاستىغا قويىدى. خەلقىمىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىگە خىيانەت قىلدى. ئۇلار ئۆز مەخسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن مىللەت قېنىنىڭ دەرياللاپ ئېقىشى بىلەن ھېچ كارى بولمىدى، مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بىرلىك سەپ تۈزدى. ئۇلار دۈشمەنلەر تەرىپىگە ئۆتكەنلەر بولغاچقا، تاشقى دۈشمەندىنمۇ ئەشەددىيىرەك. ئۇنداق خائىنلارغا نىسبەتەن رەھىمسىز بولۇشنى بۇيرىغان. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇ مۇناپىقلار بىلەن مۇرەسسە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!» (ئەخمەتجان قاسىمى «تاللانما ئەسەرلەر»، 125-122 بەتلەر).

قىسقىسى، ئازات ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ، مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇشتا مۇستەملىكىچىلەرگە ياردەم بەرگەن مىللىي مۇناپىقلار ئەشۇ مۇستەملىكىچىلەرگە ئوخشاشلا دۈشمەن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي خائىنلارنى دۈشمەن دەپ قاراپ، ئۇلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك!

### ئۇيغۇرۇمغا

**ئەي، ئۇيغۇرۇم، تارىخىڭدا شانلىرىڭ كۆپتۇر سېنىڭ،**
**ھۆر-ئازادە ياشىغان دەۋرانلىرىڭ كۆپتۇر سېنىڭ.**
**سەن ئەزەلدە يەر يۈزىگە داڭقى كەتكەن ئەل ئىدىڭ،**
**ياۋنى تىترەتكەن ئۇلۇق سۇلتانلىرىڭ كۆپتۇر سېنىڭ.**
**ئىلمۇ-ھېكمەت بابىدا ئالەمگە پىر-ئۇستاز ئىدىڭ،**

ئەل-فارابى، قەشقەرىيدەك ئىرپانلىرىڭ كۆپتۇر سىنىڭ.
نەزمۇ-چەشمەت بابىدا دۇنىيانى مەپتۇن ئەيلىگەن،
ناۋايي، نىزارىيدەك چولپانلىرىڭ كۆپتۇر سىنىڭ.
ۋەتىنىڭ جەننەت ئوخشار، بايلىغىڭ ئاندىن تولا،
بايلىغىڭغا كۆز ئالايتقان ياۋلىرىڭ كۆپتۇر سىنىڭ.
ئوت ياغدۇرۇپ كەلسە دۈشمەن، كۆكسىنى قالقان قىلىپ،
يۇرتىنى قوغدايدىغان مەردانلىرىڭ كۆپتۇر سىنىڭ.
***

ئەي، ئۇيغۇرۇم ئوت ژۈرەك ئوغلانلىرىڭغۇ ئاز ئەمەس،
شۇندىمۇ ياۋغا سىتىلغان خائىنىڭ نىمانچە كۆپ؟!
شۇ خائىنلار دەستىدىن قولدىن بېرىلگەن ئەركىمىز،
ياتقا قۇل بوپ ياشىغان، زامانلىرىڭ نىمانچە كۆپ؟
كۆز يېشىڭدىن بولدى پەيدا ئىلى، تارىم ئۆركىشى،
ئېرىسا پۈتمەيدىغان مۇزتاغلىرىڭ نىمانچە كۆپ؟
ۋەتەن ئۈچۈن جاندىن كېچىپ، ئوتقا كىرسە مەرتلىرىڭ،
ئارقىسىدىن نەيزە ئۇرغان پاسقىڭ نىمانچە كۆپ؟
شۇ يارىماس خائىنلارنىڭ دەستىدىن باغرىڭ يارا،
ژۈرىگىڭدە ئادا بولماس باغلىرىڭ نىمانچە كۆپ؟
ئاتتى تاڭ، چىقىپ قۇياش، ئويغاندى دۇنيا ئەللىرى،
ئاتسا تاڭ تۇرمايدىغان غاپىللىرىڭ نىمانچە كۆپ؟

## 4 ـ قىسىم

# مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ
# مىللىي زۇلۇمى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
# مىللىي ـ ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەش

سۆز بېشى

ئەرىكسۆيەر ئۇيغۇر خەلقى مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ يوقىتىلغانلىقىغا رازى بولۇپ قاراپ تۇرغىنى يوق. قولدىن كەتكەن ئەركىنلىكىنى قولدىن كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ژۈرگۈزۈپ كەلدى. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇيغۇرستاندا كېيىنكى 245 ژىلدىن بېرى مۇستەملىكچىلەرگە قارشى 400 قېتىمدىن ئوشۇق چوڭ-كىچىك قوزغىلاڭلار بولۇپ ئۆتۈپتۇ. موشۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسىگە مانجۇ-خىتايلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مىللىي زۇلۇمى سەۋەپچى بولغان. بۇ كۈرەشلەرنىڭ بەزىلىرى غەلىبە قازىنىپ، مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولمىدى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى روسسىيا ۋە ئانگلىيا قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، كۆپ ئۆتمەيلا بۇ مىللىي دۆلەتلەرنى نابۇت قىلىپ تاشلىدى ۋە ئۇيغۇرستاندىكى مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەۋالدى. XX ئەسىرنىڭ I يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن مىللىي دۆلەتلىرىمىزنى بولسا، خىتاي ئىمپېرىياسى رۇس ئىمپېرىياسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، نابۇت قىلىپ تاشلىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرستاننىڭ كېيىنكى 245 ژىللىق تارىخى ئېزىلگەن ھالدا مانجۇ ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشقا ئۇرۇنىشى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەملىكچىلىككە قارشى تۇرۇشى ئوتتۇرۇسىدىكى كۈرەش تارىخى بولۇپ كەلدى.

2001-ژىلى 17-ئوكتايبىر كۈنى بېلگىيانىڭ بريۇسېل شەھرىدە ئېچىلغان خەلق ئارا ئىلمىي مۇھاكىمە ژىغىنىدا سۆز سۆزلىگەن مىللىي مۇجاھىدىمىز ا ھاجى ياقۇپ ئانات ئەپەندى مۇنداق دېدى:

«تارىختىن بۇ يان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا سەممىي مۇناسىۋەت بولغان ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ نوپۇس سانى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلانغان چىنلىقلار مىلادىدىن ئاۋالقى II ئەسىردىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە تەجاۋۇز قىلىپ، بۇ ئەلنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار بولسا، مۇنداق ئۇرۇنىشقا قارشى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرىشىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى تارىختىن بۇ يان مۇستەملىكە قىلىشقا ئىنتىلىشى بىلەن مۇستەملىكچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرۇسىدىكى كۈرەش تارىخى بولۇپ كەلگەن!»

خىتاي تارىخچىسى سۇبۇخەي بولسا، موشۇ ھەقىقەتنى تەستىقلەپ:

«شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق!»-دەپ يازدى. يات مىللەتنىڭ مىللىي زۇلۇمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا بۇ زۇلۇما قارشى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ بولۇشى تەبىي ۋە قانۇنىيدۇر.

تارىخ ئىسپاتلىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئىستىلاچى مىللەت قانچىكى قالاق، ياۋايى بولسا، ئۇنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنى باشقۇرۇشى شۇنچىلىك ۋەھشىيانە، پاجىئەلىك بولىدۇ. ساۋاتسىز موڭغۇللارنىڭ XIII ئەسىردە مەدەنىيەتلىك خارەزم دۆلىتىنى ۋەيران قىلغانلىقى، مەدەنىيەتسىز مانجۇ-خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرستاندا ژۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە زۇلۇملىرى بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ مۇستەملىكچى-تەجاۋۇزچىلار يەرلىك مىللەتلەرنى قورقۇتۇپ، ئۆزلىرىگە ژۈگاچلىق بىلەن بويسۇندۇرۇش مەخسىتىدە ھەر قېتىم كۆتىرىلگەن قوزغىلاڭنى قانلىق تۈردە باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى خەلقنى ئاممىۋىي تۈردە قىرغىن قىلاتتى. ئادەملەرنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، مىڭلىغان موما ياغاچلارغا ئېسىپ قوياتتى. مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ تالاتتى، ئۆيلىرىگە ئوت قوياتتى. شۇنداق بولسىمۇ، زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىقىدىن جېنىدىن جاق تويغان ئۇيغۇرلار ئۆلۈمنى پىسەن قىلمىغان ھالدا يەنىلا قوزغىلاڭ كۆتىرەتتى،يەنە باستۇرۇلاتتى! بۇ يەردە «خىتايلار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى ئېزىلگەن تۈردە رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ؟» دېگەن قانۇنىي سوئال تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خىتايلارنىڭ قارىشى بويىچە: «خەنزۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇق مىللەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى شۇلار باشقۇرۇش كېرەك ئېمىش. خىتاي دۆلىتى بولسا، دۇنيادىكى بىردىن-بىر ئۇلۇق دۆلەتمىش. بۇ دۆلەتنىڭ بىر پارچىسىنى شۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان مىللەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش- «ياۋايى ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك بولۇپ، خىتايلارنىڭ شەنىگە ھاقارەت-بولار ئېمىش!». 1945-ژىلى تاشقى موڭغۇلىيانىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدە جان كەيشى موشۇنداق مەۋقە تۇتقان ئېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ ئۇيغۇرستاننىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قارىتا موشۇنداق مەۋقەدە بولۇۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىدىغان خىتاي دېموكراتلىرىمۇ خۇددى شۇنداق مەۋقەدە بولىدۇ. دېمەك، خىتاي ئەرباپلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغما شوۋىنىستلار، تۇغما جاھانگىرلاردۇر!».

«مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى» دېگەن خەلق ئارا قانۇن ئۇلارنىڭ كاللىسىغا زادىلا سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق خىتاي ئەربابى بىلەن تىل تېپىش، چۈشىنىك ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت خەلق ئارا قانۇنلارغا تايىنىپ، مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشلا كېرەك.

چۈنكى مۇستەقىللىك-مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە روناق تېپىشىنىڭ كاپالىتى. مۇستەقىللىك-

مىللەتنىڭ ئىززەت-ئابرويى ۋە شان-شەرىپى. مۇستەقىللىك-بارلىق بەخت-سائادەتلەرنىڭ مەنبەسى. ھەر قانداق مىللەت مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە ئىگە بولغاندىلا، پاراۋەن، ئازات-ئەركىن، بەخت-سائادەتلىك ھايات كەچۈرەلەيدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولالايدۇ! مۇستەقىل مىللىي دۆلەتتىن ئايرىلغان خەلق-ئىگىسىز ئىشتقا ئوخشايدۇ. قەيەرگە بارسىمۇ، قىقىلىپ، سوقۇلۇپ، خارلىنىپ ژۈرىدۇ. بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت! بۇ-ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن مىلىونلىغان شېھىتلارنىڭ قانلىرى بىلەن قۇللۇق ئازاۋىدا ئىڭراپ ياتقان خەلقىمىزنىڭ ھېساپسىز كۆز ياشلىرى بىلەن يېزىلغان ھەقىقەت! كىمكى، ئۆزى مۇستەملىكە ھالەتتە ياشاپ تۇرۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خارلىنىۋاتقانلىغىنى، قىرىلىۋاتقانلىغىنى، ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىغىنى ھەر كۈنى ھەر سائەتتا كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمىسە-ئۇ ئادەم ئەمەس! بىزنىڭ خەلقىمىز موشۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە قۇلۇقتا قارشى ھارماي-تالماي كۆرەش قىلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەخسىتى مۇستەقىل مىللىي دۆلەتكە ئىگە بولمىغىچە بۇ كۆرەش توختىمايدۇ!

ئادەم ماڭغان يولدا ئىز قالىدۇ، جەلق باشتىن كەچۈرگەن ۋاقىئەلەردىن تارىخ قالىدۇ. بىزنىڭ كۈينىكى 245 ژىللىق تارىخىمىز كۆسەتتىكى، موشۇ زاماندا ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاپچى زىيالىلىرى تېخىمۇ ئېغىر قىسمەتلەرگە مۇپتىلا بولۇشتى.

ھەزرىتى ئەيسا ئالانىڭ يورۇق يولىغا دەۋەت قىلغان «گۇناھى» ئۈچۈن دارىغا مىقلانغان ئىدى. پرومېتېي بولسا، ئادەملەرگە ئوتنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، قاراڭغۇلۇق ۋە سوغۇق ئازاۋىدىن قۇتقۇزغان «گۇناھى» ئۈچۈن كوھقاپ تېغىنىڭ ئۈستىدىكى تاشقا مىقلىنىپ، ئۇنىڭ ژۈرىگىنى قوزغۇنلار چوقۇپ يەپ، قىيناپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىغى، بەختلىك ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش مەيدانىغا چىققان ئۇيغۇر زىيالىلىرىمۇ ئەشۇنداق تۆھمەتلەر بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى، ئېتىپ ۋە چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەڭ ئېچىنىشلىغى شۇكى، بۇ كىشلەر ئۆزلىرى قۇتقۇزماقچى بولغان نادان، ئاڭقاۋ مىللەتداشلىرىنىڭ قولى بىلەن شۇنداق قىلىندى. ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

خەلقىمىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلەرنىڭ ھەر بىرى بىر تارىخ! ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەۋى، جەريانى ۋە نەتىجىسى بار. ھەر ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەرباپلىرى، يۈزلىگەن، مىڭلىغان مىللىي قەھرىمانلىرى بار. بۇ توغرىلىق قولۇمىزدا يېتەرلىك مەلۇماتلار بار بولسىمۇ، كىتاۋىمىزنىڭ ھەجمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ھەر ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭنى بايان قىلغان چاغدا ۋاقىئەنىڭ خەريانىغا كۆپ توختالماي، شۇ ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەۋى بىلەن ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلەندۇق. يەنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى 245 ژىلدىن بېرى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ ھەممىسى مىللىي-ئازاتلىق قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۆرەشلەردۇر. يات مىللەتنىڭ قۇللىغىغا چۈشۈپ قاغان خەلقلەرنىڭ كۆرىشى پەقەت مىللىي-ئازاتلىق كۆرەش بولىدۇكى، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەينە شۇنداق مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەرنىڭ دەسلەپكىسى 1760-ژىلى قەشقەردە كۆتىرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ بىلەن 1765-ژىلى ئۇچتۇرپاندا كۆتىرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭدۇر. تۆۋەندە موشۇ قوزغىلاڭلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 22-باپ

### XVIII ئىسرنىڭII يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەر
### §1. 1760-ژىلدىكى قەشقەر-بەشكىرەم قوزغىلىڭى

مانجۇ-خىتايلار ئۇغۇرستانىنى بېسىۋىلىپ، بىرەر ژىل ئۆتە-ئۆتمەيلا (1760-ژىلى 7-ئايدا) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭنى باشلىدى. ھەم مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشنىڭ تۇنجا پەردىسىنى ئېچىپ بەردى.

قوزغىلاڭغا مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ دېخانلار كۆتىرەلمەيدىغان ئېغىر ئالۋاڭ سېلىقلارنى سېلىشى سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا مىللىي خورلۇقلارمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

1760-ژىلى قەشقەرنىڭ بەشكىرەم دېگەن يۇرتىدا باشلانغان قوزغىلاڭمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ كۆرەشكە ئاز ساندىكى مىللىي خانلاردىن باشقا ئاھالىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى دېگىدەك قاتناشقان.

بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان «تۇرغاق غوجىلار» ناملىق رومانىدىكى بەشكىرەم قوزغىلىڭىغا ئائىت باپنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

«...خاقانى چىننىڭ پەرمانى بويىچە، خەلقتىن باج سېلىقنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىپ ئېلىش، مۆلكى قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. مۇنداق بولغاندا، مانجۇلارنىڭ مۆلكى قەشقەرىيەدىن ئالىدىغان باج سېلىقلىرىنىڭ مىقدارى بۇرۇن جۇڭغارلار ئالغان باج سېلىقنىڭ ئۇمۇمىي مىقدارىدىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۆلكى قەشقەرىيەدىكى تولىمۇ كېلەڭسىز، ئارمىيا ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىختىسادىي ژۈكنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىگە ژۈكلىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا. مانجۇ ھاكىمىيىتى موشۇ بىر ژىل ئىچىدە يالغۇز خوتەن، يەكەن ۋە قەشقەر رايونىدىكى پۇخرالارنى قاخشىتىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن جەمى 181 سەر كۈمۈچ تەڭگە، 5819000 جىڭ ئاشلىق ژىغىۋالغان ئىدى!».

«...بۇگۈن ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاما بەشكىرىملىكلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە، باللارنىڭ ئالدىراپ ژۈگرەشلىرىدە قانداقتۇ ئۆزگىچە بىر مەنا چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە پەۋقۇلاددە بىر ھادىسە يۈز بەرگەن ئىدى. ئادەتتە ژۇگاچ، مۆمۈن بۇ بەندىلەر ھازىر مانجۇلارنىڭ بەشكىرەمدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋالغان ئىدى. بۇلارنىڭ تولىسى ھەر خىل، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر ۋە ئەتراپتىن كەلگەن جۇل-جۇل كىيىملىك يوقسۇل دېخانلاردىن ئىدى. ئالمان تۈگەل قۇرالسىز ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە يانغان غەزەپ ئوتلىرى ۋۇجۇدىنى قاپلاۋالغان جىددىي كەيپىياتى بۇ ئالمانىنى تېگىپ كەتسىلا، دەھشەتلىك پارتلايدىغان بومبا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. ئالامان غەزەپ بىلەن گۆكىرىگەندە، ئەتراپنى، خۇددى ئاسمان زېمىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن شىرنىڭ ئاۋازىدەك، كۈچلۈك چوقان غۇل-غۇلا ئاۋازلىرى قاپلاپ كېتەتتى. قارا چېرىكلەرنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، ئۆكسۈلى يوق، قورقۇمسىراپ، ساقچى خانىنىڭ ئىشىگىنى مەككەم تاقىۋېلىشقان. ئۇلار قورا ئىچىدە ھودۇقۇشۇپ ژۈرىشەتتى. غەزەپلەنگەن ئالامان مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ يامانلىغىدىن، ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ زالىملىغىدىن، سېلىقچىلارنىڭ ئالۋاڭ سېلىقلىرىنىڭ كۆپلىگىدىن نارازى بولۇشاتتى، شىكايەت قىلىشاتتى. خەلق نەپسانىيەتچى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان مۇسۇلمان زالىملىرىنى ئاغزىغا كەلگەن تىللار بىلەن تىللاشماقتا ئىدى!

خاقانى چىن بىزگە بەش تۈرلۈكلا ئالۋاڭنى ئەن قائىدە قىلىپ بەكىتىپ بەرگەن. ئەندى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆستۈرمە ئالۋاڭ ئالامدېكەن؟!—دەپ ۋاقىراشتى يۈزلەرچە ئاۋازلار.

—خاقانى چىن دېگەن كاپىرمۇ، پۇخرالىرىغا مۇنچىلىك جەۋىر-زۇلۇمنى راۋا كۆرمەس! ھازىر يۇرتتىن ئىنساپ-تەۋپىق كۆتىرىلگەن، شەرىئەت خارلانغان، بىز خانۇ ۋەيران بولدۇق!»—دەپ بىر مويسۇپەت دېخان ژىغا ئارىلاش شىكايەت قىلماقتا ئىدى.

ـ بۈگۈن بىزگە ئېنىق جاۋاپ بەرسۇن! بولمىسا بۇ لەنىتى كاپىرلار ئۈگسىنى پاچاقلاپ كۇمپەيكۇم قىلىپ تاشلايمىز! ـ چوقان كۆتەردى يەنە بىر جۇل-جۇل كىيىملىك دېخان.

ـ تۈگچى ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىپ، بىر-بىرلەپ ھېساپ بەرسۇن، «ئامبىلىدىن تۈگچىسى يامان»— دېگەن موشۇكەن. ئەگەر يەنىلا ئەسكىلىك قىلىدىغان بولسا، كۆزىگە كۆرسىتىمىز!—دەپ ۋاقىراشتى ئۇلار.

بۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق، چوڭ ياشلىق تەمبەل بىر كىشى پەشتاق ئۈستىگە چىقتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ، چوقان كۆتىرىشىۋاتقان ئالمانغا قاراپ، قولىنى ئېگىز كۆتەردى:

ـ قېرىنداشلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! يېتەر بىزگە ئەندى بۇ خورلۇق! بىز بۇ لەنىتى مەنچىنلارغا سېلىق تۆلىمەيمىز. ئۇلار بىزنىڭ قان-تەرىمىزنى قۇرۇتۇپ، ئىلىگىمىزنى شوراپ تۈگەتتى. بىز بۇ ئىنساپسىزلارنىڭ ئۈگسىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىز لازىم! نىيازبەگ بايا ماڭا ئېيتتى، مانجۇ خاننى غال-غال تىترەتكەن جۇڭغارىيا تۆرىسى ئامۇرسەنالەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئۈچتۇرپان شەھرىنى پەتھىي قىپتۇدەك، ئۇزاققا قاماي بىزنىڭ بۇيەرلەرگىمۇ يېتىپ كېلەرمىش. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: ئاغۇ، تېرىم، ئوپال قاتارلىق يۇرت ئايماقلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزمۇ قوزغىلىپتۇ!

ـ قېنى ئېيتىڭ، مەھرەم شاڭبېگى—دېدى توپنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن. بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ـ نىيازبەگ، سىز بىر بۆلۈك ئادەملەر بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئىشىگىنى بۇزۇڭ، نايناقغوجا، سىز بىر قىسىم ئالمانىنى باشلاپ، ساقچىخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈڭ. لەنىتى مەنچىڭلارنىڭ ئارقا يولىنى توساپ تۇرۇڭ. ماجۇلار بىز پۇخرالاردىن ژىغىۋالغان ماللارنىڭ ھەممىسى موشۇ ساقچىخانىنىڭ ئىچىدە، بىز باستۇرۇپ كىرىپ، ھالال مېھنەت تەرىمىز بەدىلىگە كەلگەن ماللىرىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى!

ـ بىز تەييار!—دەپ جاۋاپ بېرىشتى نىيازبەگ بىلەن نايناقغوجا تەڭلا، ئاندىن ئۇلار ئۆز ئالمانلىرىغا قاراپ كېتىشتى. قېنى سىلەر، پەيزاۋاتلىق ئوغلانلار، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار!—دەپ ۋاقىرىدى پەيزاۋاتنىڭ ھاكىمى نىيازبەگ قولىنى شىلتىپ، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۈرۈلدىشىپ مېڭىشتى.

ئاغۇ كەنتىنىڭ بېگى نايىناقغوجا بولسا:

ــ ئاتۇشلۇقلار، قولۇڭلارغا تاياق-توقماق، تاشلارنى ئېلىپ، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار!ــ دېگىنىچە، ئاتۇشلۇقلارنى باشلاپ، ساقچىخانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا بەشكېرەمنىڭ شاڭ بېگى مەھرەم بەگ:

ــ قېرىنداشلار، ئالغا! ــ دەپ بىر چاقىرىق قىلىۋىدى غەزەپلەنگەن پۇخرالار كۆچلۈك شامالدا قوزغالغان دەريانىڭ دولقۇنىدەك، بىردىنلا قوزغىلىپ كەتتى. ھېچ كىممۇ بۇ دەھشەتلىك دولقۇندىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى. ساقچىخانىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا، دەھشەتلىك قىقاس-چوقان، ئۇر-زىقىت باشلاندى. ئۇلار ساقچىخانا ئالدىدا تۇرۇپ، ئالامانغا نىسبەتەن قىلىۋاتقان سايىت تۇنچى بىلەن پاشاپ بېگى قادىر دوزاقىنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇرۇپ، يەرگە چاپلاۋەتتى. غەزەپلەنگەن ئالامانىڭ بۇرنىغا قان پۇرىغى پۇرىدى، كۆزلىرى قانغا تولدى.

ئادەملەر قاتتىق چوقان-سۈرەن بىلەن دەۋرەپ كەلگەن كەلكۈن سۈيىدەك بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بەشكېرەم ساقچىخانىسىنىڭ قارا ئىشىگىنى ئۇرۇپ-چېقىپ تاشلىدىدە، قورانىڭ ئىچىگە دەۋرەپ، بېسىپ كىرىشتى. غەزەپلەنگەن كىشىلەر قىقاس-چوقان بىلەن مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا يېپىشتى. مانجۇلارنىڭ ساقچى ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، دېرىزىلەرنى سۇندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى باغ ھويلىسىغا تاشلاشتى. بەزىلىرى مېۋىلىك دەرەقلەرنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنماقچى بولۇشۇۋىدى، كەينىدىن ۋىژىلداپ تاشلار ئېتىلدى. تاشلارنىڭ بىرى تولۇم چاشقاندەك سەمرىپ كەتكەن بىر مانجۇ ئەمەلدارىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى دىڭ قالپىغى ئۇچۇپ بېرىپ نەلەرگىدۇ چۈشتى. ئۇ بېشىنى تۇتقان پېتى سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ژىقىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان بېشىدىن شۇقۇراپ قان ئاقماقتا ئىدى. ئادەملەرنىڭ چوقان-سۈرەنلىرى ئىچىدە تاش بوران قىلىنغان مانجۇ ئەمەلدارلىرى جان قاچۇرۇپ، باغدىكى مېۋىلىك دەرەقلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقان بولسىمۇ، خەلق توپى ئۇلارنى ئانار، شاپتۇلا شاخلىرى ئارىسىدىن، ئۈزۈم باراڭلىرىنىڭ تېگىدىن سۆرەپ ئەپچىقىپ، ئۇرۇپ مىجىغىنى چىقىرىۋەتتى. شۇ كۈنى خەلق تەرىپىدىن مانجۇلارنىڭ ساقچىخانىسى پۈتۈنلەي پاچاقلىنىپ تاشلاندى. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قالغىنى ياردار بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى.

مانجۇلارنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بەشكېرەمنىڭ 20 كەنتىدىن چىققان قوزغىلاڭچىلار مەھرەمبەگ، نىيازبەگغوجىلارنىڭ باشچىلىقىدا باشقا جايلاردىكى مانجۇ ساقچىخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، قوللىرىغا ئارا-گۈجەك، پالتا-كەتمەن، تاياق-توقماق، سويىلىرىنى ئېلىشىپ، قەھەرلەنگەن كولونىنا بولۇپ، قاياققىدۇ كېتىشتى. مىلادىنىڭ 1760-ژىلى 7-8 ئايلاردا بەشكېرەم يۇرتىدىن باشلانغان بۇ قوزغىلاڭ ئاستا-ئاستا كەڭىيىپ، مۈلكى قەشقەرىيەنىڭ ھەممە ژۇتلىرىغا دېگىدەك تارقالدى!»

## 2§. 1765-ژىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى

1759-ژىلدىكى قانلىق قىرغىن ۋاقتىدا ۋە ئىستىلادىن كېيىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا ناھايىتى قاتتىق، رەھىمسىز سەياسەت ژۈرگۈزدى. ئۇمۇمىي قىرغىندىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنى تامامەن ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي چە دىنىي ئەنئەنىلىرى دەپسەندە قىلىندى. قىز-جۇگانلىرى خالىغانچە ھاقارەتلەندى، مال-مۈلۈكلىرى بۇلاپ-تالاندى. XIX ئەسىردە ياشىغان تارىخچى مەھمۇت ئەلەمنىڭ يېزىشىچە، شۇ ژىللاردا ئۇچتۇرپان دېخانلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارنىڭ تۈرى 65كە يەتكەن. بېچارە دېخانلار بۇ سېلىقلارنى تۆلەلمەي، تامام ھالىدىن كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانجۇ خانى چەنلۇڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، ئۇچتۇرپانىنىڭ ھاكىمى (ئامبىلى) سۇچېڭ 100 ساندۇقتا جىگدە كۆچىتىنى قاچىلاپ، ئۇنى 200 ھاشارچى دېخانغا كۆتەرتىپ، ئۆزىنىڭ خەلقنى بۇلاپ-تالاپ ئالغان بايلىقلىرىنى يەنە 20 ساندۇقتا سېلىپ، ھەر بىر ساندۇقنى ئىككىدىن دېخانغا كۆتەرتىپ، پىيادە يول مېڭىپ، بېجىن شەھرىگە يەتكۈزۈشنى بۇيرىغان. بۇ ژۈرۈش 1765-ژىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلانغان. 2-ئاينىڭ 14-كۈنى «ئېلىقش دۆڭ» دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىر ھاشارچى يېرىپ قېلىپ، ماڭالماي قالغان. ھاشارچىلارنى ھايداپ كېتىپ بارغان بىر ئاتلىق چېرىك ھېرىپ قالغان ھاشارچىنى شۇيەردىلا چېپىپ تاشلىغان. موشۇ ھاشارغا مەسئۇل بولۇپ كېتىپ بارغان رەخمىتۇللا بەگنىڭ غەزىۋى تېشىپ، ھاشارچى دېخانلارغا قاراپ:ــ قولۇڭلاردىكى ساندۇقلارنى تاشلاپ، بۇ زالىم چېرىكلەرنى ئۇرۇڭلار!ــ دەپ ۋاقىرىغان. ئۆزلىرى ئاران تۇرغان ھاشارچىلار رەخمىتۇللانىڭ بۇيرىغىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆزلىرىنى ھايداپ كېتىپ بارغان چېرىكلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قۇراللىرىنى تارتىۋېلىشقان.

بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلىغان دېخانلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ، ئىسيانچىلارغا قوشۇلغان.


رەخمىتۇللا بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەسمىتۇللا بەگلەر باشچىلىقىدىكى مەشھۇر ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ئەينە شۇنداق باشلانغان. قوزغىلاڭچىلار قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، پۈتكۈل ناھىيەنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشقان. بىراق، ئۇچتۇرپان

قوزغىلاڭچىلىرى باشقا ژۇتلاردىكى خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى. مانجۇ خانى چەنلۇڭ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك گېنېرالى ئاگۇنى ئۆز قوشۇنىغا باش قىلىپ، ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتكەن. يەنە قەشقەرنىڭ ئامبىلى ناشتۇڭ، ئاقسۇنىڭ ئامبىلى بيەن تاخەيلەرگە ھەم ئىلىدىكى چېگارا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى مىڭ رۇيغا، ئاگۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرىشىغا ياردەم بېرىشنى تاپشۇرغان. چەنلۇڭخاننىڭ بۇيرۇغى بويىچە، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كەلگەن جاللاتلار قوزغىلاڭچى ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ قىز-جۇگانلىرىنى قۇل قىلماقچى، مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىماقچى ئىدى.

قەھرىمان ئۈچتۇرپانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانى ئاز، قۇراللىرى ناچار، ھېچ ياقتىن ياردەم ئالالمىغان بولۇشىغا قارىماي، باسقۇنچىلارغا قارشى 6 ئاي بويى جان تىكىپ كۆرەشتى. ناھايىتى ئېغىر شارائىتتا ئېلىپ بېرىلگەن جەڭلەردە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى رەخمىتۇللا بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەسمىتۇللا بەگلەر قۇرۇۋان بولۇشتى. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىماي 6 ئاي داۋام قىلدى. 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئەسلى سودىگەر، پۇلغا، پايدىغا ئامراق ساۋۇت، شېرىپ دېگەنلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى نەتىجىسىدە قوزغىلاڭچىلار ئاخىر مەغلۇپ بولۇشتى!

مانجۇ-خىتايلار قوزغىلاڭچى ئاممىدىن رەھىمسىز ئۆچ ئالدى. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرى بىلەن مال-مۈلۈكلىرىنى ئولجا قىلىپ ئېلىشتى. ئۇمۇمىي قىرغىندىن جان قاچۇرغان دېخانلار تاغ كامالىرىغا، ئورمانلىقلارغا بېرىپ پانالاندى. كېيىن بۇ قاچقۇنلار ژىغىلىپ، رەخمىتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايىسخاننىڭ باشچىلىقىدا پارتىزان ئوترىيادى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، 3 ئاي بويى باسقۇنچىلارغا قارشى كۆرەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى. شۇ ژىلى ئوكتيابىر ئېيىدا تاغ ئىچىدە ئاچلىق ۋە سوغنىڭ ئازاۋىنى تارتقان قوزغىلاڭچىلار، ئاخىر مەغلۇپ بولۇشتى. ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاق توقاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يان باغرىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ، ئادەم سانى ئازىيىپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا مىللىي قەھرىمان مايىسخان بىلەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى غۇنچىخان باشلىق 7 نەپەر ئايال قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدىمۇ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان باتۇر قىزلار تاغنىڭ چوققىسىدىن ئۆزلىرىنى تىك يارغا تاشلاپ، ھەممىسى باتۇرلارچە قۇرۇۋان بولۇشىدۇ.

ئاق توقاي تېغىدىكى «يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى» ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ باتۇرلۇقنىڭ ئۆچمەس سىمۋولى! تارىختا مەشھۇر ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ئەينە شۇنداق پاجىئەلىك ئاياقلاشتى. ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ قەھرىمان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باش ئەگمەيدىغان قەيسەر مىللىي روھىنى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا نامايەن قىلغان شانلىق تارىخ بولۇپ قالدى.



**ئۈچتۇرپاندىكى «يەتتە قىزلىرىم» مەقبەرىسى**

www.uyghurkitap.com

## قوشۇمچە ماتېرىيال

ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى ئۆزىنىڭ «تۇرغاق غوجىلار» ناملىق رومانىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

— «مىلادىيە 1765-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى رەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن 6 ئايدىن بېرى مۇداپىئە قىلىنىۋاتقان ئۇچتۇرپان شەھىرى مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە، ئاخىر تەل-تۆكۈز ۋەيران قىلىپ تاشلاندى.

مانجۇلار شەھەر ئىچىدە ئۈچ كۈنگىچە دەھشەتلىك قەتلىئام ژۈرگۈزدى. ئۇلار يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەمنى «ئىسيانچىلارغا يان باسقان» دېگەن نام بىلەن قىرىپ تاشلىدى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ قەتلىئامدا ئىككى يېرىم مىڭدىن ئارتۇق ئۇچتۇرپانلىقلار مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ۋەھشىلەرچە چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى كۈنى كەچكە يېقىن، شاھەر ئىچىدە بىرمۇ تىرىك جان قالمىدى.

شائىر، تارىخچى موللا شاكىر بۇ پاجىئەنى بايان قىلىپ: «مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇچتۇرپانلىق ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ھازا ئېچىپ ژىغلايدىغان بالا، بالىلار ئۈچۈن كۆز-ياش قىلىدىغان ئاتا-ئانا، تۇققانلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ئۇرۇق-تۇققان قالمىغان. چۈنكى تارىخ جاننىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈرگىنىلگەن ئىدى!» —دەپ يازغان ئىدى.

ئۇچتۇرپان پەتھىي قىلىنىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مانجۇلار شەھەردىن قېچىپ چىققان بىر گۇرۇھ قوزغىلاڭچىلارنى «دۆل-دۆل ئوقۇر» ئەتراپىدا قورشاۋېلىپ، ئۇلارنىمۇ قىرىپ تاشلىدى. پەقەت ئاز ساندىكى قوزغىلاڭچىلار مايىسخان ۋە بايمۇرات پالۋان قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشا-ئۇرۇشا مۆلجەر تاغ ئۈستىگە چېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. قارا چېرىكلەر مۆلجەر تاغىنى قاتمۇ-قات قورشاۋالدى. مۇھاسىرە چەمبىرىگىنى بارغانسىرى تارايتىپ باردى.

كېچە ئاسمىنى، خۇددى قازاننىڭ كۈيىسىدەك، قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. ئەتراپنى تۈن زۇلمىتى قاپلىغان ئىدى. موشۇنداق بىر كېچىدە مايىسخان قىزلارى باشلاپ، تاغ ئۈستىدە پوتەي تەرەپكە قاراپ، ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. قىزلار ئۇنىڭ كەينىدە سەپ تارتىپ كېلىشمەكتە ئىدى. مايىسخان ئاستا پىچىرلاپ:

— يېتىشىپ مېڭىڭلار، قىزلار، تېزىراق مېڭىڭلار—دەپ ئالدىراتتى. ئۇلار تاغ ئۈستىدىكى پوتەينىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر دەم تىنىك-تىڭلاپ تۇرۇشتىدە «پوتەيدە ئادەم بار ئىكەن» دەپ جەزىم قىلىشتى. مايىسخان قولىنى شىلتىپ، «يېقىنىراق كېلىڭلار» دەپ پىچىرلىدى. مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار، مونۇ ئۆلۈكلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟—دەپ پىچىرلىدى. پوتەينىڭ ئاستى تەرىپىدە كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن ئادەم ئۆلۈكلىرى دوگىلىنىپ ياتاتتى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ تەندىن-تولىسى ئۇيغۇر خوتۇن قىزلىرى بولۇپ، قارا چېرىكلەر ئۇلارنىڭ نومۇسىغا تەككەندىن كېيىن ھەممىسىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

— يا رەببىم، بۇ نېمە دېگەن ۋەھشىلىك!—دېدى دىلبەر ھودۇقۇپ.

— جۇرۇڭلار! پوتەي ئىچىدىكىلەرنى ژىغىشتۇرۇۋېتەيلى!—دەپ پىچىرلىدى مايىسخان. ئۇ قولىدىكى ئوتقاشنى ياندۇرۇپ، پوتەي ئىچىگە تاشلىۋېدى كۆيۈۋاتقان ئوتقاش دەل بىر تۇڭ پورۇخنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنى پوتەينىڭ ئىچىنى قاپلاپ، ئارقىدىن دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش ساداسى ئاڭلاندى. ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن قوشۇلۇپ، چۇل-چۇل بولغان پوتەي بىراقلا ئاسمانغا كۆتىرىلدى. قاتتىق پارتلاش ئاۋازى پۈتۈن مۆلجەر تېغىنى زىل-زىلىگە سالدى. خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك:

— ۋاي، بولمىدى. ئىسيانچىلار بىزگە ھۇجۇم قىلدى—دەپ ۋاقىراشقان چېرىكلەر پەيدا بولدى.

— قىزلار، ئالغا! ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن، ئەرلىرىمىزنى قىرغان، ھەمشىرىلىرىمىزنى ئاياق-ئاستى-قىلىپ خورلىغان لەنىتى مەنچىڭلەرنى ئايىماستىن قىرىڭلار! مايىسخان قولىدىكى قىلىچى بىلەن نەيزىسىنى كۆتىرىپ سانجىماق بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قارا چېرىكنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر تەمبەل مانجۇ سەردارى چۇغى كىچىك غۇنچىخاننى بوزەك ئەتكەندەك قىستاۋالدى. غۇنچىخان ئۇنىڭغا بىر نەچچە دايقۇر قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، ئۇ قولىدىكى قىلىچ بىلەن زەربىنى قايتۇرۇپ، يېقىنلاپ كېلىپ، بىر قىلىچ سالدى. غۇنچىخان چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، ھېلىقى مانجۇنىڭ قىلىچىنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتتى. مانجۇ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن دىلبەر قىز بىر قىلىچ سېلىپلا، مانجۇنىڭ سول قولىنى مۈرىسى بىلەن قوشۇپ، چېپىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا مانجۇر ئارىسىدا بىردىنلا: «ۋاي يامان بولدى، خان ئامبال ناشى تۇڭنى چېپىپ تاشلىدى!» دېگەن ۋەھىملىك سادالار كۆتىرىلدى. قالغان قىزلارمۇ ئوراپ كەلگەن مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ، باتۇرلارچە جەڭ قىلىشماقتا ئىدى.

مايىسخان باشلىق 7 قىز مانجۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن، يەنە چېكىنىپ مۆلجەر تاغ ئۈستىگە

چىقىۋېلىشتى. مانجۇلار بولسا، خۇددى تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ئولجىسىغا قاراپ تۇرۇشقان بىر توپ چىل بۆرىلەردەك، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىشقان 7 قىزغا قارىشىپ تۇرۇشاتتى. مايىسخان تاققا يامىشىپ چىقىۋاتقان مانجۇلارنى كۆرۈپ، قىزلارغا تاش دۇملىتىشنى بۇيرىدى. قىزلار دومىلاتقان يوغان-يوغان تاشلار گۈلدۈرلەپ دومىلاپ كېلىپ، مانجۇلارنىڭ باشلىرىنى مىجىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بىراق ئۆلگەن مانجۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلارمۇ ئالدىنقىلاردەكلا جاھىللىق بىلەن تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ يامىشاتتى. قىزلار مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ، چېكىنە-چېكىنە تىك يارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئەندى يول پۈتۈنلەي تۈگىگەن ئىدى. كەينىدە بولسا ئەجەل مۆكىللىرى كۈتۈپ تۇراتتى. بىر مانجۇ قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق قىلىچى بىلەن مايىسخاننى چاپماق بولۇپ، قىلىچ ئۇرۇۋېدى، مايىسخان قىلىچنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ قالدى. قىلىچ قىلىچقا تېگىپ «جاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يېشىل ئۇچقۇن چاچراپ چىقتى. بىراق مايىسخاننىڭ قولىدىكى قىلىچى سۇنۇپ، ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. دۈشمەن قىلىچىنىڭ ئۇچى تېگىپ، مايىسخاننىڭ بىلىكى زەخمىلەندى. باشقا 6 قىز دەرھال كېلىپ ئۇنى تېنى بىلەن ھىمايە قىلىشتى.

شۇ چاغدا تاغۇ-تاشلارنى تىترىتىپ، مۆلجەر تاغ ئۈستىدە مايىسخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەلۋىدا، ئانا يۇرت! ئەلۋىدا، جەننەتۇل ۋەتەن! بىز مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە!

ئارقىدىنلا قىزلار ھەممىسى ئېگىز چوققىدىن ئۆزلىرىنى يارغا ئېتىشتى. ئىلى جاڭجۇڭى مىڭرۇينىڭ كۆز ئالدىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان بۇ 7 قىز، خۇددى كۆكتىن ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان 7 شۇڭقاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى!» (ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان «تۇرغان غوجىلار» ناملىق رومانىنىڭ II كىتاۋىدىن ئېلىندى).

### §3. ئىسيانچى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئىلى ۋادىسىغا سۈرگۈن قىلىنىشى

ئالدىنقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مانجۇ ئىمپېرىياسىنىڭ غەربكە ژۈرۈش قىلىشتىكى تۈپ مەخسىتى: «ئاۋال ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىش، ئاندىن كېيىن بۇ ئەلنىڭ زېمىنىنى ھەربىي بازا قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭغارىيادىن بېپايان قازاق ۋە قىرغىز دالاسىغا، قەشقەرىيادىن باي ۋە گۈزەل ئوتتۇرا ئازىياگە باسقۇنچىلىق ژۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىمپېرىيا چېگارىسىنى كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئىران چېگارىسىغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. موشۇ مەخسەتتە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەرىيەدە 60000 كىشىلىك، جۇڭغارىيادە بولسا 40000 كىشىلىك باسقۇنچى ئەسكەرلەرنى توپلىغان ئىدى. بىراق 1760-ژىلدىكى بەشكىرەم قوزغىلىڭى، 1765-ژىلقى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەم ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى يۇرتلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن كۆتىرىلگەن قوزغىلاڭلار مانجۇ ئىمپېرىياسىنىڭ ژۇقارقى پىلانلىرىنى بۇزۇۋەتتى. مانجۇلار ئۆزىنىڭ ئارقا سېپى بولغان ئۇيغۇرىستاننى تىنىچلاندۇرماي تۇرۇپ، يېڭى ژۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشلىرى مۇمكىن ئەمەسلىگى ئايان بولۇپ قالدى».

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بولغۇسى قوزغىلاڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئىلى ۋادىسىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن چېرىكلىرىنى بېقىش ئۇچۇن 1768-ژىلنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى ژۇتلىرىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان ياكى قاتنىشىش ئېھتىمالى بار دەپ تونۇلغان ئۇيغۇرلاردىن بىرىنچى دۈركۈندە 6000 ئائىلە، ئىككىنچى دۈركۈندە 2000 ئائىلە بولۇپ، جەمى 8000 ئۇيغۇر ئائىلىسىنى مەجبۇرلاپ ئىلى ۋادىسىغا سۈرگۈن قىلدى. دەسلەپ كۆچۈرۈلگەن 6000 ئائىلە ئىلى ۋادىسىدىكى: غۇلجا، داردامتۇ، جىرغىلاڭ، ئارائۆستەڭ، تاشئۆستەڭ، بايتوقاي، بولۇبۇرغۇس، قاش، قاينۇق ۋە خونىخاي قاتارلىق يۇرتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچى دۈركۈندە كۆچۈپ چىققان 2000 ئائىلە ئۇيغۇرلار بولسا، ئىلى دەرياسىنىڭ بېشىدىكى نىلقا، توققۇزتارا ۋە تېكەس بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىكى مانجۇر ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى بېقىشى، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنى ھەم بالا-چاقىسىنى بېقىشلىرى كېرەك ئىدى. بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار دەسلەپ گەملىلەردە يېتىپ-قونۇپ، ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، بوز يەرلەرنى ئېچىپ، دېخانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاستا-ئاستا ئۆي-ئىمارەت سېلىپ، دەل-دەرەق، مېۋىلەرنى تىكىپ، باغلارنى بىنا قىلىپ، ئاۋات يۇرتلارنى بەرپا قىلىشتى. ئۇنىڭ سىرتىدا بۇ ئۇيغۇرلار مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى تۇرىدىغان كازارمىلارنى، سارايلارنى، قەسرۇ-ئەيۋانلارنى بىنا قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھەم ئېگىز، ھەم مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشاپ، ئۇلارنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشلىرىنى تەمىن قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئەمەلىياتتا بۇ ئۇيغۇرلار ھوقۇقسىز كرېپوستنوي دېخانلار ئىدى. ئۇلار ئاساسەن دېخانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، «تارانچىلار» (يەنى دېخانلار) دەپ ئاتالغان. ئۇلاردا ھېچ قانداق ھوقۇق بولماتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپ تاپقان بايلىقلىرىنى، مال-مۈلكىنى، ھەتتا خوتۇن-قىزلىرىنى مانجۇلار ھەقسىز تارتىۋالاتتى. ژىل بويى ئەمگەك قىلغان دېخانلار ئۆزلىرى بولسا، ئاچ-زېرىن ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. تارىخچى دۇمان: «چىن ھۆكۈمىتىنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شىنجاڭدا تۇتقان ئاگرار سەياسىتى» ناملىق—»شەرقىي تۈركىستاندىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كرېپوستنوي دېخانلار ھۆكۈمەتكە

تۆلەيدىغان ئېلىق-سېلىقلارنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، قولىدا قالغان ئازغىنا ئاشلىق بىلەن ئاچ-زېرىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى» دېسە، يەنە بىر تارىخچى كوستېنكو: «يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئوچېركلىرى» دېگەن ئەسەرىدە: «ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى مېلى ياكى خوتۇن-قىزلىرى مانجۇ مەمۇرلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىگە يېقىپ قالسا، سۆزسىز ئۇنى تارتىۋالاتتى. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن باشقىمۇ بىر مۇنچە خورلۇقلارنى كۆرگەن ئىدى. مەسىلەن: مانجۇ ئەمەلدارلىرى كېلىۋاتقاندا، ئۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئورنىدىن تۇرۇپ، تىك قارىماي، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشقا، ئەگەر ئۇ ئاتلىق بولسا، ئېتىدىن چۈشۈپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى»-دەپ يازغان.

مەنچىڭ ئىمپېرىياسى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشتا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىققان، مانجۇ-خىتايلارنى بۇ ئەلنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلغان خائىن غوجىلار بىلەن بەگلەرنى قوياتتى. مۇنداق يەرلىك ھاكىملار مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلارغا قاتناشمىغان ھەم مەنچىڭ خاندانلىقىغا سادىق كىشىلەر بولۇشى شەرت ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللەتداشلىرىنى ئېزىشتا مانجۇ-خىتايلارنىڭ سادىق غالچىلىرى بولۇشكان ئىدى.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلاردىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

1. دېمەك، تارانچىلار دەپ ئاتالغان ئېلى ئۇيغۇرلىرى ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە قۇمۇل شەھەرلىرىدىن ئېلى ۋىلايىتىگە پالانغان ئىسسىيانچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر. ئۇلار ئېلىدا دېخانچىلىق قىلىپ، زىرائەت تەرگەنلىكى ئۈچۈن «تارانچى» (بۇغدايچى) دەپ ئاتىلىپ قالغان.

2. شەرقىي تۈركىستاندا 1760-ژىلى يۈز بەرگەن بەشكېرەم قوزغىلىڭى، 1765-ژىلى يۈز بەرگەن ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ۋە باشقا قوزغىلاڭلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان، ئىنقىلاۋىي روھقا ئېگە، قەيسەر-قەھرىمان خەلق ئېكەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىمپېرىياسىغا قارشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرى بۇ ىمپېرىيانىڭ غەرىپكا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىش پىلانلىرىنى بۇزۇۋەتتى. شۇ ئارقىلىق غەرىپتىكى قېرىنداش خەلقلەرنى مانجۇلارنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ قالدى. ئەگەر قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى كۆكسىنى قالقان قىلىپ، مانجۇلارنىڭ ئالدىنى توسىمىغان بولسا، بۇ خەلقلەر ئالىقاچان مانجۇ-خىتايلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغان بولاتتى! ھازىر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىگە ئېگە بولغان قازاقستان ۋە ئوتتۇرا ئازىيادىكى خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى موشۇ تارىخىي ھەقىقەتنى توغرا چۈشىنىشلىرى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار خىتاي كېڭەيمىچىلىرى بىلەن دوست بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى قوللىمايدىغان بولسا، تارىخىي خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

4. خەلقىمىزدە «بۈگۈن ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن، ئەتە موزاينىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ» دېگەن ماقال بار. بۈگۈن ئۆز قېرىندىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرىگە بىپەرۋا قاراپ، خىتاي ىمپېرىياسىنىڭ قوللىغا ئىشترىپ بېرىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئەتە ئۆزلىرى موشۇ تەغدىرگە چۈشۈپ قالماسلىقىغا كىم كېپىل بولالايدۇ؟!

## 23-باپ
## XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر

### §1. 1825-1828 ژىللاردىكى جاھانگىرغوجا باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭ

مانجۇلار ئۇيغۇرستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن جاڭجۈن (گېنېرال-گۇبېرناتور) مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ۋىلايەت مەركەزلىرىدە كېلىپ-چىقىشى مانجۇ مىللىتىدىن بولغان ئامباللارنى، ناھىيەلەردە دارىنلارنى قويۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى ئىدى.

مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرستاننى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارغا بولسا: ۋاڭ، گۇڭ، ھېكىمبەگ ئۇنۋانلىرىنى بېرىپ، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. بۇ بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسى-ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشلىتىپ، ئالدى بىلەن مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى تۇرىدىغان ھاشامەتلىك ئۆي-ئىمارەتلەرنى ياسىتىپ بېرىش، خەلقتىن ئوزۇق-تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنى ژىغىپ، ئۇلارنى بېقىش ھەم غوجايىنلارنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بىختەرلىگىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەھكىمىلىرى بىلەن تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى قورشاپ ھەم ئېگىز، ھەم مۇستەھكەم سېپىللارنى سوقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك، بۇ بەگلەر ماھىيەتتە مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئەزگەن مىللىي ئەزگۈچىلەر ئىدى.

مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر خەلقىدىن ئالۋان-سېيسە ئېلىپ، ئېزىش بىلەنلا

قالماستىن، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاتتى. مەدەنىي مىراسلىرىنى يوقىتاتتى. مىللىي ۋە دىنىي ھېسلىرىنى خورلاتتى. خوتۇن-قىزلىرىغا زورلۇق قىلاتتى. سەياسىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلاندۇراتتى.

قەيەردە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدىغانلىقى تەبىئىي ۋە قانۇنىيدۇر. موشۇنداق زۇلۇملارغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقى، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. دۈشمەننىڭ زۇلۇمىغا چىدالمىغان خەلق قەشقەرلىك مەنسۇر سالىھ بىلەن ئاتۇشلۇق مەزەپپەر ئاسىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللىي-ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەشكە تەييارلىنىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇيغۇرلار نادان خەلق بولغانلىقتىن، ئالدامچى غوجىلارغا قارىغۇلارچە ئېتىقات قىلاتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار يوشۇرۇن تۈردە ئادەم ئەۋەتىپ، قوقەنت خانلىقى تەۋەسىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان سامساقغوجىنىڭ ئوغلى جاھانگىرغوجىنى قەشقەرگە كېلىپ، مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشكە قاتنىشىشقا، ۋەتەن ئازات بولغان تەقدىردە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سۇلتانى بولۇشقا تەكلىپ قىلىشتى (چۈنكى، جاھانگىرغوجىنىڭ بوۋىسى ئاپاقغوجا 1678-1694 يىللىرى قەشقەردە قورچاق خان بولۇپ تۇرغان ئىدى).

جاھانگىرغوج ۋۇقارقى تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئوش ئارقىلىق قەشقەرىيە چېگرىلىرىغا يېقىن جايغا يېتىپ كەلدى. چېگارا بويىدىكى ئۆزبەك، قىرغىز خەلقلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى مەشىقلەندۈرۈپ، پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 1823-يىلى 400 كىشىلىك ئوترىيادنى باشلاپ، قەشقەرىيە تەۋەسىگە كىرىپ كەلدى. جاھانگىرغوجىنىڭ قەشقەرىيەنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاتۇشلۇق مەزەپپەر ئاسىم 4000 ئاتلىق ئەسكەر، قەشقەرلىك مەنسۇر سالىھ 8000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. موشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن قەشقەردە قوزغىلاڭ باشلاندى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن مانجۇ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى جەڭ ئاپاقغوجىنىڭ مازارى يېنىدا بولدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەنچىڭ چېرىكلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مۇداپىئەگە ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار سېپىلنى قورشاپ ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان پەيتتە، مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان باسقۇنچى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى سېپىلنىڭ ئىچىگە ئوت قويدۇرۇپ، ئەسكەرلەر بىلەن بىللە كۆيۈپ، كۈل بولدى!

قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ چوڭ غەلىبىسىنى ئاڭلىغان يېڭىسار، يەكەن ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ، ئۆز يېرىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، ئۆز شەھەرلىرىنى ئازات قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاققا قالماي قەشقەرىيەنىڭ كۆپ قىسمى دۈشمەنلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

قەشقەرىيەنىڭ ئاساسىي شەھەرلىرى ئازات بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋۇتلارنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، خەلقنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن جاھانگىرغوجىنى قەشقەرىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سۇلتانى قىلىپ كۆتەردى. قەشقەرلىك مەنسۇر سالىھ-ھەربىي قوماندان! ئاتۇشلۇق مۇزەپپەر ئاسىم بولسا-غەزىنىدار بولۇپ تايىنلاندى.

جاھانگىرخان سۇلتان ھامۇتخان تۆرىنى، يەكەنگە مەھەممەتخاننى، ئاقسۇغا ئۆمەر ئەلىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئەل ئىچىدە تېچلىق ئورناپ، خەلق ئارام ئېلىشقا باشلىدى.

بىراق جاھانگىرخان سۇلتان قەشقەرىيەنى ئازت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىنقىلاپنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارماي، دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ توپلاپ، قەشقەرىيەگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلىشىغا پۇرسەت بېرىپ قويدى. مانجۇ خانى داۋگۇئاڭ قەشقەرىيەنى قايتىدىن بېسىۋېلىپ، ئىسيانچى ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىش توغرىلىق جانجۇڭغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشەردى. بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان جاڭجۇڭ 1825-يىلى خىللانغان 17000 كىشىلىك قوشۇننى ئەۋەتىپ، قەشقەرىيەنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. سۇلتانلىقنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، باسقۇنچىلارغا قارشى خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئاددىي نەيزە-چوماقلار بىلەن قۇراللانغان قەشقەر خەلقى جان تىكىپ ئۇرۇش قىلدى. بىراق ئاخىرىدا قوزغىلاڭچىلار يېڭىلىپ قالدى. دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان جاھانگىرغوجا جەڭ مەيدانىدا يارىدار بولۇپ، دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشتى. تارىخچىلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، مانجۇلار تىرىك تۇتۇلغان جاھانگىرغوجىنى تۆمۈر قەپەزنىڭ ئىچىگە سېلىپ، بېجىڭغا ئاپىرىپ، پۇغاندىن چىققىچە قىيناپ، ئاندىن كېيىن پادىشانىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى قىيما-جىيما قىلىپ، گۆشىنى ئىتلارغا تاشلاپ بەرگەن!

(بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، جاھانگىرغوجىنى تىرىك تۇتۇشتا دۈشمەنلەرگە ياردەم بەرگەن خائىنلار-خوتەنلىك مۇھەممەت بىلەن قەشقەرلىك ئىسھاق دېگەن خائىنلار ئىكەن. شۇڭا مانجۇلار قەشقەرىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن موشۇ خىزمىتى ئۈچۈن مۇھەممەتنى خوتەن شەھىرىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىگەن، ئىسھاققا بولسا ۋاڭلىق دەرىجىسىنى بەرگەن).

قوزغىلاڭ قانلىق تۈردە باستۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلارنىڭ جازالىغۇچى قوشۇنلىرى قەشقەرىيەگە يېتىپ كېلىشكەن. ئۇلار ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى قىرىپ ئۆلتۈرگەن، مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىغان، ئۆيلىرىگە ئوت قويغان، ياش قىزلارنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلەرگە قۇلۇققا تۇتۇپ بەرگەن. بىر قىسمىنى بولسا قۇل ھېساۋىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھايداپ ئېلىپ كېتىشكەن!

مانجۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن جان قاچۇرغان يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلار ئەركەشتام ئارقىلىق قوقەنت خانلىقى تەۋەسىگە قېچىپ مېڭىشقان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى: يول ئازاۋى، ئاچلىق ھەم قارلىق تاغنىڭ سوغىدا توڭلاپ ئۆلۈشكەن. ئازغىنا قىسمى قارلىق تاغدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ، ئوش، ئەنجان ۋە جالالاباد ۋىلايەتلىرىگە سىڭىپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بىر ئەسىرنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزبەكلىشىپ كېتىشتى.

شۇنداق قىلىپ، قەشقەرىيەدە جاھانگىرغوجا باشچىلىقىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ 1828-يىلى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

## §2. قەشقەرىيەدە 1830-يىلدىكى يۈسۈپغوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرغوجا باشچىلىقىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مانجۇ-خىتايلار جاھانگىرغوجىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، بېجىن شەھىرىگە ئاپىرىپ قىيناپ ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن جازالىغۇچى قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، قەشقەرىيەدە ئومۇميۈزلۈك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. قوقەن خانلىقى تەۋەسىدە سەياسىي پانالىق ئېلىپ تۇرۇۋاتقان سامساقغوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپغوجا (جاھانگىرغوجىنىڭ ئاكىسى) بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشى جاھانگىرغوجا ئۈچۈن دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ياد قىلدى. موشۇ مەخسەتتە، قوقەن خانلىقىنىڭ پادىشاسى مەدەلى خان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھەربىي ياردەم سورىدى ھەم مۇھاجىرەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن تەشكىللىدى. ئۇ 1830-يىلى 4-ئايدا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەر چېگارىسىغا يېتىپ كەلدى. يۈسۈپغوجا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ باسقۇنچى مانجۇ-خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرىيەنى ئازات قىلماقچى. مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتىنى قۇرۇپ ئۆزى پادىشا بولماقچى ھەم شۇ ئارقىلىق دۈشمەن قولىدا شېھىت قىلىنغان ئىنىسى جاھانگىرغوجىنىڭ ئۆچىنى ئالماقچى بولغان ئېدى.

يۈسۈپغوجىنىڭ ئەسكەرلىرى مانجۇرلارنىڭ چېگارا-قاراۋۇل قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قاراۋۇللارنى يوقىتىپ، چېگارىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ۋە ئۇزاققا ئۆتمەيلا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. مانجۇ-خىتايلارنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان ئۇيغۇر خەلقى يۈسۈپغوجىنى «زۇلۇمدىن ئازات قىلغۇچى نىجات يۇلتۇزى»-دەپ تونۇپ ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ياردەم بەردى ۋە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار بىلەن يېڭىسار شەھەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئازات قىلىپ، ئۇيغۇرستانىنىڭ سەياسىي مەركىزى ھېساپلانغان يەكەن شەھرىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا يەكەندە بى چاڭ ئىسىملىق مانجۇ خان ئامبال بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى قۇۋ، ھىيلىگەر بىر نېمە بولۇپ، قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، ئۇن چىقارغۇزماي تۇرۇپ خەلقىنىڭ ئىلىگىنى شوراۋالىدىغان سۈلۈكلەر ئېدى. شۇنداق تۇرۇپ «مانجۇ خانىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مېھرى-شەپقىتى، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا» توختىماي سۆزلەيدىغان ھىيلىگەر كاززاپ ئېدى (موشۇ قىلىقلىرى بىلەن ھازىرقى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى). يەكەن شەھرىگە ھۇجۇم قىلغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 10 مىڭ ئەتراپىدا، يەكەن سېپىلىنى مۇداپىيە قىلىۋاتقان مانجۇ-خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بولسا ئاران 1200 ئەتراپىدا ئېدى. بى چاڭ بىر چەتتىن ئالاقىچى ئەۋەتىپ، مانجۇ-خىتايلارنىڭ ئاقسۇدىكى باش باشلىقى رۇڭ ئەندىن ھەربىي ياردەم سورىدى. ئۇيەنە يەكەننىڭ ھاكىم بېگى ئابدۇراخماننى ھەم ساتقۇن بايلار بىلەن ئىمانسىز مولللارنى سېتىۋېلىپ، شۇلارنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «قايىل قىلىپ»، ئۇيغۇرلاردىن مىڭ نەپەر ئەسكەر ژىغدۇردى.

دۈشمەنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ مانجۇ-خىتايلارنىڭ مەنپىيتى ئۈچۈن جېنىنى بەرمەكچى بولغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە قۇرال تارقىتىپ بەردى ھەم سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئەپكىرىپ، مۇداپىيەسىنى كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ، سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ، ئۆزى راھەتلىنىپ تاماشە كۆردى. ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ھەر تەرەپتىن ئادەم چىقىمى كۆپەيدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق-دورىسى يېتىشمەي قالدى. نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار يەكەن سېپىلىنى ئىككى ئاي قامال قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئالالماي ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ ئارىدا مانجۇ خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاقسۇ شتابىدىن ئەۋەتىلگەن ياردەمچى قوشۇنلار يەكەنگە يېتىپ كەلدى. موشۇنداق ئەھۋالدا مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

جازالىغۇچى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە شەھەر ۋە يېزىلاردىكى بىگۇنا ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشتى، بۇلاپ-تالىدى، نارىسىدە قىزلارنى ئاياق-ئاستى قىلىشتى.

مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى خەلىققە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن يول ياقىسىغا قاتار موما ياغاچلارنى ئورنىتىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئەشۇ موما ياغاچلارغا ئېسىپ قويۇشقان! چەت ئەللىك سەياھەتچىلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، بىر نەچچە يىلدىن كېيىنمۇ، يول

بويىدىكى موما ياغاچلاردا ئېسىپ قويۇلغان ئادەم بېشىنىڭ سۆيەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىكەن.

دېمەك، يۈسۈپخوجا باشچىلىقىدىكى مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى يالغۇز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ئەمەس، يەكەننىڭ ھاكىم بېگى ئابدۇراخمان قاتارلىق مىللىي خائىنلارنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىنمۇ بولدى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن بى چاڭ بۇ خائىنلارنى تەغدىرلەپ، ئۇلارغا 4 مىڭ سەرە كۈمۈچ پۇل تارقىتىپ بەردى. كىچىك خائىنلارغىمۇ ھەر خىل سوغىلارنى بەردى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا يەكەننى قوغداۋاتقان قوشۇننىڭ ئىچىدە مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرى ئاران 400 ئەتراپىدا بولغان. قورال تارقىتىپ بېرىلگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولسا مىڭ ئەتراپىدا بولغان ئىكەن. ئەگەر ئەشۇ مىڭ نەپەر قوراللىق ئۇيغۇرلار قولىدىكى قورالى بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرى قوزغىلاڭچى ئۇيغۇرلارنى ئاتماستىن، يېنىدىكى 400 نەپەر چېرىكلەنى ئاتقان بولسا ئالىقاچان يەكەن شەھىرى ئازات قىلىنىپ، مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ غالىبىيەت قازانغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز يېنىدىكى مانجۇ چېرىكلىرىنى ئاتماي، ئۆزلىرىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى ئاتقان. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك بولامدۇ؟! بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك!

قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قىرغىنچىلىق قىلىشىدىن جان قاچۇرغان ئۇيغۇرلار پانا تىلەپ خوشنا قوقەنت خانلىقى تەۋەسىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشقان. «قوقەنت خانلىقى ئەخبارىتىدا» خاتىرىلىنىشىچە، موشۇ قېتىم ئوتتۇرا ئازىياگە 70000 ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار پانا تىلەپ قېچىپ كېلىشكەن ئىكەن.

ئارىدىن 17 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 1847-ژىلى قەشقەرىيەدە يەنە قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. ھېچ بىر تەرەپتىن ياردەمگە ئېگە بولمىغان قوزغىلاڭچىلار زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللانغان، ياخشى ئۆگىتىلگەن مەنچىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى. موشۇ قىرغىنچىلىق ۋاقتىدا قەشقەر، يەكەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن 20000 ئائىلە، يەنى 100000 جان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار پانا تىلەپ چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكەن. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، غەمخورلۇق قىلىدىغان بىر ئېگە بولمىغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئازىيانىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە تاراپ، سىڭىپ كېتىشكەن.

بۇ ئۇيغۇرلار ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ، تېرەك داۋانىغا كەلگەندە قىش ئەتىگەن باشلىنىپ كېتىپ، قېلىن قار ئاستىدا قالغان. ئېغىر يول ئازاۋىدا ماغدىرىدىن كەتكەن قاچاقلار قەھرىتان سوغدا توڭلاپ، ئۆلۈپ كېتىشكەن! موشۇ قېتىم توڭلاپ ئۆلگەن كىشىلەر شۇنچىلىك كۆپ بولغانكى، ئارىدىن ئۈچ ژىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، تېرەك دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە مۇمكىن بولماي قالغان!

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەرىنىڭ ھەممىسلا پاجىەلىك تۈردە ئاياقلاشتى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي ۋاقىەلەرنى تېخىمۇ ئوبدانىراق چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، پايدىسى بولار دېگەن مەخسەتتە تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ موشۇ ماۋزۇغا ئائىت بايانلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ بەردۇق.

## قوشۇمچە ماتېرىئال

چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىمپېراتور چيەنلۇڭ جاۋخۇيىنى تولۇق ۋە چەكسىز ھوقۇقلۇق ئومۇمىي ۋالى قىلىپ، ئۇنىڭغا «جاڭجۈن» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. جاۋخۇي شەرقىي تۈركىستاننى 36 قىسىمغا بۆلۈپ، ھەر بىر قىسىمغا بىردىن ئامبال تەيىن قىلدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى توپ-توغرا مانجۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردە يېتەرلىك ساندا چىن ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلدى. جاۋخۇي، بۇرۇن قالماقلار پايتەخت قىلغان كۈرە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا يېڭى بىر ئوردا قۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ جاڭجۈنلىك مەركىزىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ شەھەرنى چىنلىقلار «خۇي يۈەن چېڭ» دەپ ئاتىدى.

ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلەمى ھازىرقىدىن چوڭ بولۇپ، ئىلى رايونى تا بالقاش كۆلىگىچە ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىغىچە بولغان يەتتىسۇ رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

چىنلىقلار يېڭى تەمىر قىلغان بىنالارنى چىن ئۇسۇلىدا سېلىش، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخىي بىنالىرىنى، ئۇيغۇرلار مۇستەقىل ياشىغان چاغدىكى ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرىنى، ھەتتا مازار-قەبرىلەرنىڭ گۈمبەزلىرىنى، قىسقىسى، مىللىي ئۇسلۇبتا ياسالغان بىنالارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ، ئۇلارنىڭ ياغاچ، تاش ۋە كېسەكلىرىنى ئېلىپ، چىن ئۇسلۇبىدىكى بۇتخانا، باجخانا ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرىنى ياساتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادە ۋە پۇختا سېلىنغان ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىپ، باسقۇنچى ئەسكەرلەر تۇرىدىغان كازارمىلارغا ئايلاندۇردى ياكى ئىچكىرىدىن

كەلگەن چىن كۆچمەنلىرىگە تەخسىم قىلىپ بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىملىك، نوپۇزلۇق ۋە باي ئادەملىرىنى ھەر خىل بوھتان-تۆھمەتلەرنى چاپلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ چىنلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ قەبىھ زۇلۇم سەياسىتى ئىدى. بۇ زۇلۇمغا چىدىمىغان بەزى كىشىلەر ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، پەرغانە، بەدەخشان ۋە ھىندىستان تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلار ناھايىتى ئېغىر ئىدى. جان بېشىغا ئېلىنىدىغان-جان سېلىقى، يەر ئىگىلىرىدىن ئېلىنىدىغان-يەر سېلىقى، چىققان ھاسىلاتتىن ئېلىنىدىغان-ئاشلىق سېلىقى، سامان ۋە ئوتۇن سېلىقى، چارۋا-ماللاردىن ئېلىنىدىغان-تۆل سېلىقى، يايلاق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان-چۆپ سېلىقى، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدىن ئېلىنىدىغان-باج سېلىقى، بۇنىڭدىن باشقا ئۆستەڭ سېلىقى، سۇ سېلىقى، مىراپ ھەققى، بەگ ھەققى دېگەندەك سېلىقلار بار ئىدى. ھەتتا بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بارىدىغان كىشىلەر پۇل تۆلەپ «يول خېتى» ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىن مۇستەملىكىچىلىگىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باراتتى.

چىن ئىمپېراتورى چىنلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەن كىشىلەرگە بېيجىڭغا چاقىرىپ ئاپىرىپ، قوبۇل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن «خىزمەتلىرىگە» قاراپ، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋان بېرەتتى. بىرىنچى دەرىجىدىكىلەرگە «ئەرۋاڭ»، ئىككىنچى دەرىجىدىكىلەرگە «چىڭۋاڭ»، ئۈچىنچى دەرىجىدىكىلەرگە«گۇڭ» ئۇنۋانى بىلەن تامغا بېرەتتى. بۇ خىل ئۇنۋان ئالغان كىشىلەر ئىمپېراتورنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھېساپلىنىپ، يەرلىك دارىن-بەگلەرگە بېقىنماتتى. ئۇلار ئىككى ئۈچ ژىلدا بىر قېتىم ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تاپقان-تەرگەن دۇنيارىنى سودا تىرىقىسدە تاپشۇراتتى. ئىمپېراتور بولسا، ئايرىم يۇرتلارنى «سويۇرغال» قىلىپ بەكىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا مائاش بىلەن تەمىنلەتتى. بۇ «سويۇرغال» قىلىپ بېرىلگەن يەر زېمىن ئۇلارنىڭ مۈلكى، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان دېخانلار ئۇلارنىڭ قۇلى ھېساپلىناتتى.

بۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولغان «ۋاڭ»، «گۇڭ» ۋە «بەگلەر» مانجۇ ئىمپېراتورىغا سادىقلىغىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزلىرى دايىم مانجۇچە كىيىنىپ، مانجۇلارنى دوراپ ئۇزۇن چاچ قويۇپ، مانجۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ژۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار كىيىنىش ۋە ژۈرۈش-تۇرۇشتىلا ئەمەس، ھېيت نامىزى، جۈمە نامىزى ۋە باشقا نامازلارنى ئۇيغۇر جاماەتى بىلەن بىللە ئوقۇش ھوقۇقلىرىغىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ باللىرى بولسا خىتايچە شوتاڭلاردا ئوقۇپ، خىتاي تىلىنى ئۆگىنىپ، شۇلارنىڭ روھىدا تەربىيىلىنەتتى. ئۇلار مانجۇ-خىتايلارغا سادىق خىزمەت قىلىدىغان، غالچى بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە بولغاندا، شۇلار بىلەن تەڭ ئەپيۈن چېكىپ، توڭغۇز گۆشىنى يەپ، ھاراق-شاراپ ئىچىشكە مەجبۇر قىلىناتتى.

بۇ بەگلەرنىڭ ئىمپېراتورغا سادىق بولۇپ، ئالغان ژۇقارقىدەك مەرتىۋە ئىمتىيازلىرىنى كۆرگەن باشقا بەگلەر، مانجۇ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا تىرىشاتتى.

مەنچىڭ ئىمپېرىياسى موشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ھەرگىز بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان دۈشمەن قاتلاملارغا بۆلۈۋەتكەن ئىدى.

ئالىلقاچانلىق يەر زېمىنىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر دېخانلىرى ھۆكۈمەت باج-سېلىقلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن، بەگلەرنىڭ قانۇنسىز زورلۇق-زومبىلىقلىرىدىن ئاخىر ئۆز يېرىدىن ئايرىلىپ، يەرسىز ياللانما دېخانلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن ژىللار داۋام قىلغان موشۇنداق ھوقۇقسىزلىق، نادانلىق، قاششاقلىق تۈپەيلىدىن بېچارە ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ، پەقەت قوساقنىڭلا غېمىدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىگى توغرىلىق، ۋەتەن، مىللەت تەغدىرى توغرىلىق ئويلىمايدىغان نادان، دۆت، ئاڭقاۋلارغا ئايلىنىپ قېلىشقان ئىدى.

چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشى ئىچكىرىدىن خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. چىنلىقلار ئەزەلدىن تارتىپ، ئۇيغۇر زېمىنلىرىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش سەياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي ئاھالىسى كۆپەيگەنسىرى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئاز سانلىقلارغا ئايلىنىپ، ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ خەن مىللىتىنىڭ تەركىۋىگە سىڭىپ كېتەتتى.

مانا شۇنداق ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، دىنىي ئېتىقاتىنى يوقىتىپ، خىتايلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى چىنلىقلار مازاق قىلىپ، «ۋەھشى ئۇيغۇرلار»دەپ ئاتاتتى. چىن ئىستىلاسىدىن كېيىن موشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جوڭغار دالاسى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىسى قىرىلىپ، بوشاپ قالغان جايلارغا نۇرغۇن چىنلىقلارنى ئەكېلىپ يەرلەشتۈردى. ئۇلارغا چەكسىز ھوقۇق بېرەتتى. ئۆز يۇرتۇدا يوقسۇزلۇق تۇرمۇشتا ھايات كەچۈرگەن بۇ چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ، كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشكە باشلاتتى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار، سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان خىتاي

كۆچمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئاز سانلىقلارغا ئايلىنىپ قالاتتى ۋە ئاسسىمىلياسىيا بولۇشقا مەجبۇر قىلىناتتى.

مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشتىكى ژۇقارقى ئالاھىدە مۇستەملىكىچىلىك سەياسەتلىرى تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ بولسا، چەنلۇڭخاندىن باشلاپ بۈگۈنكى جاڭزېمىن، خۇ جىنتاۋلارغا قەدەر بولغان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ كۆتىرىۋالغان بايراقلىرى ئوخشىمىغان بىلەن ماھىيىتى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ!

تارىخچىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى مىللىتىمىزنىڭ تەغدىرى توغرىلىق كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئويلاپ قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەۋى، يالغۇز چىنىنىڭ ئىستىبداتى ۋە زۇلۇمىدىن دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، چىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 3000 ژىللىق دۈشمىنى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھالاكىتىگە ئۇنىڭ ھېچ پەرۋا قىلمايدىغانلىقى تەبىي. مىنىڭچە، **بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى شۇ مىللەتنىڭ تەبىي ئېھتىياجى بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم. مىللەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشتە** ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان مىللىي روھى بولۇشى لازىم. ھەر قانداق چوڭ بالايى-قازا، مۇسىبەت ئالدىدا بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق كۆرسىتىپ، ھەممە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتۈش مىللەتنىڭ بوينىدىكى مۇقەددەس پەرىزدۇر. بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ مۇقەددەس پەرىزنى ئادا قىلالىدىمۇ؟ ئەپسۇسكى، ياق! شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇنداق ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەۋى، بۇ خەلق ئۇزاقتىن بېرى چىن ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قولىدا سەياسىي جەھەتتىن مەھكۇم، پىكىر ۋە ۋىژدانى ئەسىر ھالەتتە ياشىدى. موشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى، بۇ خەلق ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم، ھەتتا مۇسۇلمانچىلىق ئىماندىنمۇ ئايرىلىپ قالغان بىر مىللەت ھالىغا كېلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشىلەر ھېچ بىر پىداكارلىق كۆرسەتمەي، جاپامۇ تارتماي ئاسان قولغا كېلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىنى كۈتۈپ يېتىشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. خەلقىمىز بۇ قاراڭغۇلۇق زۇلۇمەت ئىچىدە، بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرگە «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر» دەپ بويۇن ئېگىپ تۇرىدىغان ئاجىز چۈشەنچە بىلەن ياشىدى. ئۇلار ساغلام پىكىر قىلالمايدىغان، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرىق ئېتەلمەيدىغان، دوستىنىڭ توغرا سۆزىنى قوبۇل قىلماي، مىللىي دۈشمىنى خىتاينىڭ ئالدامچى سۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان، ئەقلى كوتا، پىكرى چولتا، ئاڭقاۋ ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالغان! موشۇنداق بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاز ساندىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۈمكىنمىدى؟ **ژىغىپ ئېيتقادا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق پالاكەتلەرنىڭ تۈپ-ئاساسىي سەۋەۋى ئۇ مىللەتنىڭ غاپىللىقى، ئىتتىپاقسىزلىقى ۋە غەيرەتسىزلىگىدۇر.**

ئەي ئەزىز مىللەت! ئۆتمۈشلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ھازىرقى غاپىللىق، ئاجىزلىق، ئۈمۈتسىزلىك ۋە غەيرەتسىزلىك ئەيىپلىرىڭلارنى تاشلاڭلار! سىلەرمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئىنسان. سىلەرنىڭمۇ ئىنسانلارسەك ھۆر-ئازات ياشاشقا ھەققىڭلار بار!» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى». 366-368 بەتلەر).

## XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازتلىق كۈرەشلەر

## 24-باپ

## 1864-ژىلى قەشقەرىيەدە بولغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر ۋە «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»

### §1. كۇچا قوزغىلىڭى

XIX ئەرسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پۈتۈن ئۇيغۇرستان زېمىنىنى يەنە مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش يالقۇنلىرى قاپلىدى. بۇ كۈرەش ئالدى بىلەن 1862-ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۇچا شەھىرىدىن باشلاندى. كۇچا قوزغىلىڭى ئۆزىنىڭ كۆلەمى، خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرستاننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇش بىلەن بىللە كېيىن قەشقەرىيەدە قۇرۇلغان يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، ئىلىدا قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە يول ئېچىپ بەردى ھەم ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

شۇ ژىللاردا مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشقان، بۇ زۇلۇمغا چىدىمىغان كۇچا خەلقى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە تەييارلانماقتا ئېدى. نەق شۇ پەيتتە مانجۇ خانى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرستاندا ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان تۇڭگانلارنى قىرىپ ئۆلتۈرۈش

توغرىسىدا ئۆز ئەمەلدارلىرىغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشەرگەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى. بۇ سۇيىقەست سىزىلىپ قالغاندىن كېيىن كۇچادىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرى ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زۇقارقى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، مانجۇ-خىتاي زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى تەكلىپ قىلدى. مەسلىھەتلەردىن كېيىن بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان ئاقساقاللىرى قوزغىلاڭ جەريانىدا بىر-بىرىگە ئاسىيلىق قىلماسلىققا، ئۆز ئارا سادىق بولۇشقا قەسەم بېرىپ، قۇرئان تۇتۇشتى ھەم ئۇلار قوزغىلاڭ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، كۇچادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي رەھبىرى راشىدىنخانغوجىنى بولغۇسى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ سۇلتانى قىلىمىز دەپ ۋەدىلەشتى. ئاندىن كېيىن قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

1864-ژىلى 7-ئىيۇنغا ئۆتەر كېچىسى كۇچا شەھىرىدە ئۇيغۇر-تۇڭگانلارنىڭ مانجۇ-خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭى باشلاندى. قوزغىلاڭچىلار ئالدى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كۇچا شەھىرىنى دۈشمەنلەردىن ئازات قىلىپ، ئۆز قىللىرىغا ئېلىشتى. ئەتراپ ژۇتلاردىكى ئاۋام خەلىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، مەنچىڭ خانىنىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئازات قىلىشتى.

كۇچا ۋىلايىتى ئاساسەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ژۇت ئاقساقاللىرى باش قوشۇپ، يېڭى دۆلەتنى تەسىس قىلىشتى. باشتا كېلىشىلگەن ۋەدە بويىچە دىنىي زات راشىدىن غوجا بۇ مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ سۇلتانى قىلىپ سايلاندى. سۇلتان راشىدىن غوجا كۇچانى مەركەز قىلغان يېڭى مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇلغانلىغىنى، بۇ دۆلەت مانجۇ-خىتاي ھاكىمىيىتىنى تونۇمايدىغانلىغىنى جاكالىدى.

كۇچالىق قوزغىلاڭچىلار شايار، بايا ناھىيەلىرىنى ئازات قىلىپ، 18-ئىيۇل كۇنى ئاقسۇ شەھىرىنى دۈشمەنلەردىن ئازات قىلدى. قوزغىلاڭچى خەلىق يالغۇز كۇچانى ئازات قىلىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىغانلىغىنى، ئۇيغۇرستاننىڭ ھەممە ۋىلاەتلىرىنى ئازات قىلىپ، بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەت قۇرمىغىچە مانجۇ-خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلۇش مۈمكىن ئەمەسلىگىنى ياخشى چۈشەندى. سۇلتان راشىدىنغوجا باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، مانجۇ-خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، يېڭىدىن دۇنىغا كەلگەن كۇچانى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا چاقىردى. شۇنداق قىلىپ، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلار باشلىنىپ كەتتى.

## §2. قەشقەر قوزغىلىڭى

كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن 1864-ژىلى يازدا قەشقەر شەھىرىدىمۇ مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ باشلاندى. بۇ قوزغىلاڭغا دەسلەپ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسىدىن كېلىپ چىققان سىدىق بەگ باشچىلىق قىلغان ئىدى. ئوۋچى مىلتىقلىرى ۋە ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان قوزغىلاڭچىلار قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرى سېپىلنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋالدى. قەشقەردە قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەنلىگىنى ئاڭلىغان باشقا يۇرتلاردىكى خەلقلەرمۇ ئۆزلۈگىدىن قوزغىلىپ، ھەر قايسى يۇرت خەلقى ئۆز تەۋەسىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقاتتى. ئۇزاققا قالمايلا قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىسار ۋە پەيزاۋات ناھىيەلىرى دۈشمەنلەردىن تولۇق ئازات قىلىندى. بىراق قوزغىلاڭچىلار يېڭىشەھەرنى ئالامىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇچادا قۇرۇلغان راشىدىن خان غوجىنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىگە قوشۇۋېلىشنى كۆزلەپ، قەشقەرگە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى، ۋەزىيەت مۇرەككەپلەشتى. موشۇنداق شارائىتتا قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى سىدىق بەگ ھەربىي ياردەم بېرىشنى سوراپ، قوقەنت خانىغا مۇراجىئەت قىلدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالماقچى بولغان قوقەنت خانى خۇدايارخان بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى ئالىمخان تۆرە قوقەنت تەۋەسىدە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان بۇزرۇق خان غوجىغا 400 ئەسكەر بېرىپ ھەم قۇرال-ياراق بىلەن تەمىنلەپ، قەشقەرگە يولغا سالدى. بۇزرۇقغوجىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، ئۇ كىشىگە ياقۇبەگ ئىسىملىق تەجرىبىلىك ئۇيغۇر سەردار قوشۇپ بېرىلدى.

بۇزرۇق خان-جاھانگىرغوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، قەشقەر خەلقى جاھانگىرغوجىنى ئۇنتىمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇزرۇقغوجىنى خوشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. بىراق، ئۇ ھەربىي ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى ياقۇبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ياقۇبەگ تالانتلىق سەردار بولۇش بىلەن بىللە ناھايىتى ئەقىللىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ، سېپىل ئىچىگە بېقىنىۋالغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، شەھەرنى تولۇق ئازات قىلدى. ئاندىن كېيىن قەشقەر خەلقى بۇزرۇق خانىنى ئاق كىگىزگە ئولتارغۇزۇپ، سۇلتان قىلىپ كۆتەردى. ياقۇپبەگ بۇزرۇق خانىنىڭ ئاجىزلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى. ئاخىرىدا 1866-ژىلى:
— سىلى ھەرەمگە بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كەلسىلە! — دەپ 10000 تىللانى بېرىپ، بۇزرۇق

خانى ھىندىستان ئارقىلىق ھەرەمگە ئەۋەتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ ئۆزى قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ يېگانە ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. ئۇ مانجۇ-خىتاي ئىمپېرىياسىگە يالغۇز تەقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى سېزىپ، قەقەنت خانى خۇدىيارخانغا ئەلچىلەر ئۆمىگىنى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۆزى خۇدايار خانغا بېقىندىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قوقەنت خانىدىن «ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى.

## 3§. يەكەن قوزغىلىڭى

كۇچا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەن خەلقىمۇ قوزغالدى. يەكەن قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشىمۇ، كۇچا قوزغىلىڭىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالدى بىلەن مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەن ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭنى باشلاپ بەردى. مەنىڭ ئەسكەرلىرى قاتارىدا خىزمەت قىلىۋاتقان تۇڭگانلار ئىككىلىنىپ تۇرغاندا مانجۇ خانىنىڭ تۇڭگانلارنى قىرىپ تۈگىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغى يېتىپ كەلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇڭگان جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇرال-ياراقلىرى بىلەن كېلىپ، قوزغىلاڭچى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى. مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

قوزغىلاڭ تېزدىن كەڭىيىپ، يەكەننىڭ ئەتراپىدىكى پوسكام، قارغىلىق كەبى يۇرتلار ئارقا-ئارقىسىدىن ئازات بولدى. بىراق، يەكەن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان دۈشمەنلەرنى تېزدىن يوقىتىش مۇمكىن بولماي، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى.

مۇستەملىكىچىلىك بىلەن مۇستەقىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەۋج ئالغان موشۇ پەيتتە، بۇرۇن مانجۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن يەرلىك بەگلەر ئامالسىز قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىسىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى غەزەپكە كەلگەن خەلق، ئۇلارنىمۇ دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن بەزى بەگلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭچى ئاما تەرىپىگە ئۆتىۋېلىشتى. ئىلگىرى يەكەندە ھاكىم بولغان نىيازبەگ قاتارلىقلار ئەينە شۇنداق ئىككى يۈزلۈك ھېلىگەر ساتقۇن بەگلەر ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار شەھەر سېپىلىنىڭ ئاستىغىچە خەندەق كولاپ بېرىپ، مىلتىق دورىسىنى قويۇپ، پارتلىتىش ئارقىلىق، شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ كىرىپ، ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، شەھەرنى تولۇق ئۆز قوللىرىغا ئېلىشتى. باشقا ژۇتلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈشتى.

يەكەن ۋىلايىتى تولۇق ئازات بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى باش قوشۇپ، ژىغىن ئۆتكۈزۈپ، يەكەنلىكلەرنىڭ پىرى ھېساپلىنىدىغان ئابدۇراخمان ھەزرەتنى يەكەن شەھىرىنىڭ پادىشاسى دەپ ئېلان قىلىشتى. بۇ پادىشالىق ئاران بىر ژىللا داۋام قىلدى. ھەربىي كۈچى ئاجىز بولغان بۇ شەھەر دۆلىتى بىر ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۇچا دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، كۇچا دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇۋېلىندى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەكەنمۇ، كۇچامۇ، باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىمۇ يېڭى قۇرۇلغان قەشقەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇۋېلىندى.

## 4§. خوتەن قوزغىلىڭى

پۈتۈن ئۇيغۇرستاندا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر ئەۋج ئالغان 1864-ژىلى يازدا خوتەن شەھىرىدىمۇ مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ باشلاندى. خوتەن قوزغىلىڭىغا مەشھۇر ئۆلىما ھېبىبۇللا ھاجىم يېتەكچىلىك قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلارغا ھېبىبۇللا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇراخمان ئاخۇن بىلەن ئىبراھىم خانلار قوماندانلىق قىلدى.

قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنىلا خوتەن شەھىرىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن گارنىزونى يوقىتىلىپ، خوتەن شەھىرى ئازات قىلىندى. بىر قىسىم چېرىكلەر بىلەن ئەمەلدارلار قېچىپ سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر تەرەپتىن سېپىلنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئازات قىلىشقا باشلىدى. سېپىل ئىچىگە مۆكۈۋالغان دۈشمەنلەر ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولۇشتى. ئۇلار بارلىق قۇراللىرى بىلەن غەزىنىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشتى. خوتەن ۋىلايەتى تەۋەسىدىكى ئىلچى، قاراقاش، يۇرۇنقاش شەھەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئازات قىلىندى. خوتەن ۋىلايىتى ئاسان دۈشمەنلەردىن تازىلاندى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ غەرىپتىكى گۇمادىن، شەرقتىكى چارقىلىققىچە بولغان يۇرتلىرى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن تولۇق ئازات قىلىندى.

مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلغان خوتەن خەلقى، ئۆزلىرىنىڭ ئازاتلىقىنى تەنتەنە قىلىشتى. تەنتەنىلىك خەلق ژىغىنىنى ئېچىپ، ھېبىبۇللا ھاجىمنىڭ ئاق كىگىزگە ئولتاغۇزۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىشتى. ھېبىبۇللا ھاجىم ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ چوڭ

ئوغلى ئابدۇراخماننى «سەدرىس سۇدۇر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ باش مىنىستىرگە تەڭ دەرىجىلىك ئۇنۋان ئىدى. كۇچا دۆلىتىنىڭ سۇلتانى راشىدىنخان غوجا خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، مەكتۇپ ئەۋەتكەن ئىدى. ھەبىبۇللا ھاجىم بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى نەتىجىدە 1865-جىلى بۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش كېلىپ چىقتى. «پىيالما» دېگەن يەردە بولغان جەڭدە ئابدۇراخمان پاشا شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئىبراھىم خان ۋەزىر بولۇپ تايىنلاندى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشتا كۇچا ئەسكەرلىرى خوتەننى ئالالماي، مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا مەجبۇر بولدى.


خوتەن پادىشالىغى بىر قەدەر ئادىل خەلىقچىل سىياسەت ژۈرگۈزۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كۈچلۈك دۆلەت ھېساپلىناتتى. بىراق 1867-ژىلىغا كەلگەندە، قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ھىيلى-مىكىر ئىشلىتىپ، ئالداش ئۇسۇلى بىلەن خوتەن پادىشالىغىنى ئاغدۇرۇپ، يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشىۋالدى.

## §5. ئۇرۇمچى قوزغىلىڭى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە «تەيپىن تيەنگو» دەپ ئاتالغان دېخانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ كەتتى. سەياسەتتە چىرىك، تېنىكىدا قالاق، ئىختىساتتا گادای بولغان مانجۇ خانى كاپىتالىدىك دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ، بۇ قوزغىلاڭنى ئاران باستۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 1873-ژىلى يۈنەن، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى سالا تۇڭگانلىرى مەنچىڭ خاندانلىغىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. يېڭىدىن تەختكە چىققان ياش تۇڭجى خان يەنە چەت ئەللەرنىڭ ھەربىي ئىختىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ، بۇ ئىسيانىنمۇ قانلىق تۈردە باستۇرۇۋەتتى. ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈنەندە قۇرۇلغان تۇڭگان دۆلىتىنىڭ سۇلتانى تاۋسۇ (سۇلايمانى ئۆلتۈرىدى). بىراق، تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بيەنخۇ (داخۇ-چوڭ يولۋاس) 5000 ئەسكىرى بىلەن گەنسۇغا چېكىنىپ، گەنسۇدىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. گەنسۇدىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بيەنخۇ ئەسكىرى بىلەن غەربكە چېكىنىپ، ئاۋال قۇمۇلغا، ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ زاماندا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، مانجۇ-خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، داۋۇت خەلپە دېگەن كىشىنى سۇلتان قىلىپ كۆتەرگەن ئىدى. بۇ سۇلتانلىقنىڭ تېررىتورىياسى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىراق 1870-ژىلى ياقۇپبەگ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، داۋۇت خەلپە ھۆكۈمىتىنى ھەر ژىلى سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغان بېقىندا بەگلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئارىدىن 7 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەنچىڭ خاندانلىغىنىڭ زوزۇڭتاڭ باشچىلىغىدا تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىدىن چىڭ شۇن قوماندانلىغىدىكى بىر قىسمى ئۈرۈمچىنى بېسىۋالدى ۋە تۇڭگانلارنى ئايىماي قىردى. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن داۋۇت خەلپە، خى جۇن، شىڭ نوكلارنىڭ جەسەتلىرىنى گۆردىن قېزىۋېلىپ، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىدى. بۇ ۋاقىە مەنچىڭ ئىمپېرىياسى، بۇ ئىمپېرىيا تەركىۋىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئېكەنلىگىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

www.uyghurkitap.com

## 6§. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى



يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بايرىقى



ياقۇپبەگ بەدۆلەت (XIX ئەسىر)

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز ژۇڭغۇرىدا قوزغىلىڭى، خوتەن قوزغىلىڭى، يەكەن قوزغىلىڭى، قەشقەر قوزغىلىڭى ۋە ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. موشۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسىگە مانجۇ-خىتايلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مىللىي زۇلۇملىرى سەۋەپچى بولغان. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قازىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا سۇلتانلىقلارنى قۇرۇۋېلىشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، XIX ئەسىرنىڭ 60-ژىللىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا 5 مۇستەقىل سۇلتانلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھى، پايتەختى، ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىياسى بار ئىدى. شۇڭا بۇ سۇلتانلىقلار ئەمەلىياتتا بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان تارقاق ھالەتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى بولۇپ، ھېچ قايسىسى مىللىي دۆلەت ستاتۇسىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. يەنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتى ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇرىستان بولسا-شەرقتە مەنچىڭ ئىمپېرىياسى، غەرپتە چار روسسىيا ئىمپېرىياسى، جەنۇبتا ھىندىستان ئارقىلىق ئانگلىيا ئىمپېرىياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاشتا تۇرغان بىر پارچە لوق گۆش ئىدى. مۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ مەنپىيىتى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەت بولۇشىنى تەقازا قىلاتتى. بىراق، گېيوسەياسىي ۋەزىيەتنى چۈشەنمەيدىغان بۇ تارقاق سۇلتانلارنىڭ ھېچ قايسىسى مۇنداق بىرلىشىشكە ئىدىيا جەھەتتىن تەييار ئەمەس ئىدى. ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىغا قارىماي، ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ھۆكۈمران بولغۇسى كېلەتتى. كۇچا سۇلتانى راشىدىنخان غوجا ھەممە سۇلتانلىقلارنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى.

قەشقەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) بۇ قىيىن تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ چىقالىدى. يەنى 1875-1865 ژىللار ئارىلىغىدا ئۇزاققا سوزۇلغان مەشەقەتلىك كۆرەشلەر ئارقىلىق ئاخىرى يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ جەرىيانى مۇنداق بولدى:

قەشقەر سۇلتانلىغىنىڭ ھەربىي قوماندانى ياقۇپبەگ يەكەن سۇلتانلىغىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش مەخسىتىدە 1866-ژىلى يەكەنگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. بىراق يەكەنلىكلەر ئۆز شەھىرىنى قاتتىق تۇرۇپ ھىمايە قىلغانلىقتىن، يەكەننى ئېلىش مۈمكىن بولمىدى. ئاخىرىدا ياقۇپبەگ يەكەن خانلىغى ئىچىدىكى شەخسىي مەنپىيەت دىسە ۋەتىنىنى ساتىدىغان نىيازبەگ، ھوشۇربەگ دىگەن خانلارنى سېتىۋېلىپ، شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئاخىرى يەكەننى بېسىۋالدى. يەكەب سۇلتانلىغىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىياسىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالدى. يەكەن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، 1867-ژىلى خوتەن پادىشالىغى ئۈستىگە ھەربىي ژۈرۈش قىلدى. بۇ نۆۋەتتىمۇ ھىيلە-مىكىر بىلەن ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خوتەن پادىشاسى ھېبىبۇللاخان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھەربىي قوماندان ئىبراھىمخاننى قولغا چۈشىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، خوتەن پادىشالىغىنى يوقىتىپ، خوتەن دىيارىنى ئۆزىگە بېقىندۇردى.

ياقۇپبەگ خوتەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۇچا سۇلتانلىغىنى يوقىتىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ 1868-ژىلى شۇ زاماندىكى ھەربىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، كۇچا سۇلتانى راشىدىنخان غوجىغا:

– قومۇلنى چىنلىقلار بېسىۋاپتۇ، مەن ئەشۇ چىنلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، بىزگە كېلىدىغان خوۋۇپنىڭ ئالدىنى ئالماقچىمەن. سىلى مېنىڭ ئەسكەرلىرىمنىڭ كۇچا ئارقىلىق ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلسىلا، دەپ راشىدىنخان غوجىغا خەت يازدى. راشىدىنخان غوجا ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆز يېرىدىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى. ياقۇپبەگ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچانىڭ سىرتىغا كېلىپ، شامالباغ دىگەن يەرگە چۈشكۈن قىلدى. كۇچا خەلقى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئالدىغا چىقتى، ياقۇپبەگ موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ پۇخراچە كىيىنگەن ئەسكەرلىرىنى كۇچا سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كۇچانى ئاخىرى ئىگەللىدى. راشىدىنخان غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، كۇچا سۇلتانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ تېررىتورىياسىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالدى.

ياقۇپبەگ 1869-ژىلى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تۇڭگان سۇلتانلىغى ئۈستىگە ھەربىي ژۈرۈشنى باشلاپ، قاراشەھەر ۋە ئۈششاقتالدا بولغان ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازاندى، ئاندىن كېيىن تۇرپان شەھىرىنى تارتىۋالدى. ئاخىرىدا، ئۈرۈمچىنى بېسىۋېلىپ، ماناس، شىخۇغىچە بولغان يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بېقىندۇردى. ئۈرۈمچى تۇڭگان سۇلتانلىغىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ ئۇيغۇرىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر سۇلتانلىغى، يەكەن سۇلتانلىغى، خوتەن سۇلتانلىغى، كۇچا سۇلتانلىغى ۋە ئۈرۈمچى سۇلتانلىغىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ دۆلەت تارىختا **«يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»** دەپ ئاتالدى. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى: شەرقتىكى قۇمۇلدىن باشلاپ، غەرپتىكى تاشقورغانغىچە،



www.uyghurkitap.com

شىمالدا ماناس دەرياسىدىن، جەنۇپتا ئالتۇنتاققىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ يەر مەيدانى 1660000 كم2غا يېتەتتى. ئاھالىسى ئىككى مىللىونغا يېتەتتى. شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئازىيادە بۇ كىچىك دۆلەت ئەمەس، ئەلۋەتتە.

شۇ زاماندىكى تارىخىي شارائىتلارغا باغلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى، تارغاباتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى بۇ دۆلەتنىڭ تەركىۋىگە كىرمەي قالدى. بۇنىڭ سەۋەۋى ئىلىدا ئىلى سۇلتانلىقى پەيدا بولۇپ، 1871-ژىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. بۇ توغرىلىق تۆۋەندە ئالاھىدە توختىلىمىز.

تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بولسا، مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭنىڭ سىرتىدا قالغان ئىدى. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. بۇ دۆلەت 1877-1865 ژىللار ئارىلىغىدا 12 ژىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. موشۇ 12 ژىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ئەركىنلىك، مۇستەقىللىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، خاتىرجەم ياشىغان ئىدى. ھۆكۈمەت باشتىن-ئاياق ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغانلىقىغا قارىماي، خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلار ئىلگەركى مانجۇ-خىتاي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا 25 ھەسسە كام ئېلىنغان ئىدى. سودا-تىجارەت، مېمارچىلىق، ئىلىم-مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تەرەققىي ئەتكەن ئىدى. موشۇ 12 ژىل ئىچىدە پۈتۈن جەمىيەت سەياسىي جەھەتتىن، ئىختىسادىي جەھەتتىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن خېلە دەرىجىدە رىۋاجلانغان ئىدى. خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەملىك قارار تاپقان ئىدى.

سۆز نوۋىتى كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ياقۇپبەگ زادى كىم؟

ياقۇپبەگنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى چارلز بولگېر « ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمە ھالى» ناملىق كىتاۋىدا_ ياقۇپبەگ تەخمىنەن 1820-ژىلى قوقەنتتىكى پىسكەنت دېگەن يۇرتتا پىرمۇھەممەت دېگەن تاجىكنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان_دەپ يازغان ئىدى. 1876-ژىلى روسسىيانىڭ ۋەكىللەر ئۆمگىنى باشلاپ يەتتىشەھەر دۆلىتىنى زىيارەت قىلغان رۇس گېنېرالى ئا.ن كۇروپاتكىن بولسا «قەشقەرىيە» ناملىق كىتاۋىدا_ ياقۇپبەگ تەخمىنەن 1926-خوجەنتتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمەتۇللا دېخانلىق قىلىدىغان كىشى ئىدى_دەپ يازغان. ئۇنىڭ مىللىي تەئەللۇقلىغى توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتمىغان. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چارلز بولگېرنىڭ ژۇقارقى مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، « ياقۇپبەگ تاجىك ئىكەن» دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. يېقىندا تارىخچىمىز، ئارخېولوگ ئابدۇكېرىم سابىت «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 2003-ژىلقى 23-سانىدا ئېلان قىلغان « ياقۇپبەگ زادى كىم؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ئۇزاق ژىللار ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تاجىك ئەمەس، قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىگىنى دەلىللەپ چىقتى. ئالىمنىڭ يېزىشىچە، ياقۇپبەگنىڭ ئاتىسى قەشقەرلىك يۈسۈپ تاشچى دېگەن كىشى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە پانالىق ئىزدەپ قوقەنت خانلىغى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن... دېمەك، ياقۇپبەگ ئۇيغۇر پەرزەندى بولۇپ چىقتى.

بەزى تارىخچىلار ياقۇپبەگنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، خۇسۇسەن يەكەن، خوتەن، كۇچا خانلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە بېقىندۇرۇشتا ھېيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقىنى، قارشىلىق قىلغان ئاممىنى ئاياۋسىز قىرغانلىقىنى، دېخانلاردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارنىڭ ئېغىر بولغانلىقىنى ۋە باشقا دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى تارىختىكى سەلبىي شەخس دەپ باھالايدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار ياقۇپبەگ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شەرقتىن بېسىپ كېلىۋاتقان زوزۇڭتاڭنىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرىگە قارشى ئاكتىۋ جەڭ قىلماي، ئۆز ئەسكەرلىرىنى تۇرپاندىن كورلىغا چېكىندۇرۇپ كەتكەنلىگىنى، ئۇنىڭ ھەربىي سەياسىي خاتالىغى دەپ باھالايدۇ.

ئۇ مەسىلىگىمۇ تارىخچى-ئارخېولوگ ئابدۇكېرىم سابىت «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 2003-ژىلقى 4-سانىدا ئېلان قىلغان «ياقۇپ غوجام نېمىشكە چېكىندى؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ:

– زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى ياقۇپبەگكە قارشى جىددىي ئۇرۇش باشلاش ئالدىدا تۇرغاندا روسسىيا ئىمپېرىياسى ئۆزلىرى بېسىۋالغان قوقەنت تېررىتورىياسى قەشقەرىيەگە بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىپ قويغان ئىدى. مانا موشۇ ئەھۋال ياقۇپبەگنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىككىلەندۈرۈپ قويىدى. ئەگەر رۇسلارنىڭ بېسىپ كىرىش ئېھتىمالى بولمىغاندا، ياقۇپبەگ شەرقتىن كېلىۋاتقان مانجۇ-خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش ئاچقان، ئۇرۇشتا خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قازانغان بولاتتى!».

دەرۋەقە، ياقۇپبەگنىڭ ژۇقارقى ئەيىپلىرىنىڭ بارلىغى راست. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز ياقۇپبەگنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر قاتارىغا قويىمىز، چۈنكى ئۇ پارچىلىنىپ تۇرغان مەملىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ، **يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنى** بەرپا قىلدى ۋە 12 ژىل تۇتۇپ تۇرالىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ تارىخىي خىزمەت! موشۇ خىزمەتىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بارلىق ئەيىپلىرىنى يېپىپ كېتەلەيدۇ!

ياقۇپبەگ قۇرغان يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەغدىرى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، مەنچىڭ ئىمپېرىياسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ھەربىي ئىختىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى

تېپىپ تيانگوچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى ھەم يۇنەن، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى تۇڭگانلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، موشۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن جاللات زوزوڭتاڭنى 70000 كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. زوزوڭتاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، جەت ئەللىك ھەربىي مۇتەخەسسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەربىي ماھارەت ئۆگىتىپ، روسسىيانىڭ ئىختىسادىي ياردىمى بىلەن تولۇق تەمىنلەپ، 1876-ژىلى ئۇيغۇرىستان چېگارىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنى بېسىۋالدى. بىراق، ياقۇپبەگ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمىدى. سودىگەر قىياپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئوردا غەزىندارى ھوشۇربەگ بىلەن خوتەنىنىڭ ھاكىمى نىيازبەگلەرنى سېتىۋالدى. موشۇ خائىنلارنىڭ قولى بىلەن ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. ياقۇپبەگنىڭ ئىككى ئوغلى ھەققۇلبەگ بىلەن بەگقۇلبەگلەرنى بىر-بىرىگە قارشى قويۇپ، بىرىنى-بىرىگە ئۆلتۈرگۈزدى. موشۇنداق ئىچكى زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچى بىلەن ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بىر-بىرلەپ بېسىۋالدى. ئاخىرىدا يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزى قەشقەر شەھىرىنى، دۆلەتنىڭ ئارقا سېپى بولغان يەكەن ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، زوزوڭتاڭ ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋالغاندا، بىر مىللىونغا يېقىن ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈزگەن. بۇ فاكتنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرەيلى:


1950-ژىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر گۇرۇھ يەرلىك خەنزۇلار جۇڭگو كومپارتىياسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بيۇروسىغا ئەرىزە يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن قان قەرىز ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. موشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماو زېدۇڭ شۇ ژىلى 2-ئايدا بېيجىڭدا سەيپىدىن ئەزىزىي بىلەن كۆرۈشكەندە ئېنىق قىلىپ: «ئەگەر بەزىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەن خەنزۇلار ئۈچۈن خۇن تەلەپ قىلىپ سىز بىلەن ھېساپلاشماقچى بولسا، سىز باشقىنى دېمەڭ، پەقەت زوزوڭتاڭ شىنجاڭنى بېسىۋالغاندا قانچىلىك ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەنلىگىنى ئېسىغا سېلىپ قويۇڭ. موشۇ سانلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرى ھېساپلىشىۋالسۇن!» دېگەن.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، زوزوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشىغا روسسىيا ئىمپېرىياسى مۇچوڭ ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 12 ژىل ھۆكۈم سۈرگەن يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنى نابۇت قىلىپ تاشلىدى. يېڭىدىن مۇستەقىللىككە ئېگە بولغان ئۇيغۇر خەلقى قايتىدىن مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇلدى.

مانجۇ خانى گۇئاڭ شۈي زوزوڭتاڭنىڭ تەكلىۋى بىلەن 1884-ژىلى 11-ئايغا كەلگەندە مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ «ئۇيغۇرىستان» دېگەن ئەسلى نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «شىنجاڭ» (يېڭىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن) دەپ ئات قويدى ھەم خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇردى.

## 7§. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار ھالىتىدە تۇرغىنىغا قارىماي، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى. كۆپلىگەن ئەدىپلەر، ئالىملار ۋە مائارىپچىلار يېتىشىپ چىقتى. بىز مىسال تېرىقىسىدە شۇلاردىن بىر-ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.



### مۇسا سايرامى (1836-1917)

بۇ زات 1836-ژىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيەسىنىڭ سايرام يېزىسىدا موللا ئەيسانىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ سايرام يېزىسىدىكى مەدرىسىدە، كېيىن كۇچادىكى مەشھۇر «سامساق» مەدرىسىدە ئوقۇپ، تارىخ، ئەدەبىيات ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيا)، جۇغراپىيا ۋە ناباداتچىلىق ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. يەنە ئۇ ئەرەپ پارس تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ تارىخچى سۈپىتىدە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا فى مىفتەھۇل ئىيمان»، «دەر بايىنى ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدىي» ناملىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى، ئەدىپ سۈپىتىدە «دىۋان مەسنەۋىي»، «سالامنامە»، «پەرھات ۋە شىرىن» قاتارلىق ئونلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.


مۇسا سايرامى 1864-ژىلدىن باشلاپ كۇچادىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭغا پائال قاتناشقان. ئۇ ئۈچتۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەردارى، مەھمۇدىن غوجىنىڭ كاتىبى ۋە مۆھىرچىسى

بولغان. بۇ يۇرتلار ياقۇپبەگنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ باش زاكاتچىسى مىرزا بابابەگ ھىسارىينىڭ مەخسۇس كاتىۋى بولۇپ ئىشلىگەن. ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مۇسا سايرامى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بويلاپ سەياھەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يازماقچى بولغان تارىخىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن ماتېرىئال توپلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا سايرامى ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن قىممەتلىك.

## تەجرىبە-ساۋاقلار

موشۇ دەۋردىكى تارىخىي ۋاقىەلەردىن خۇلاسە چىقارغان ئەلىخانتۆرە ساغۇنىي ئۆزىنىڭ «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق كىتاۋىدا تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى يازغان:

_ «...ئاتاقلىق غازى ياقۇپبەگ ھىندىستان ئارقىلىق ئانگلىيا كورولىۋاسىغا 2 قېتىم ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا جاۋاۋەن ئانگلىيا كورولىۋاسى (گەرچە ئۆز مەنپىيىتىنى كۆزلىگەن ئاساستا بولسىمۇ) 1-قېتىم 10000 دانە، 2-قېتىم 24000 دانە پىستانلىق مىلتىق ئەۋەتىپ بەردى. ياقۇپبەگ موشۇ قۇراللار ئارقىلىق ئۆز ئارمىياسىنى خېلە دەرىجىدە كۈچەيتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا، تۈركىيانىڭ سۇلتانى ئابدۇلەزىز ياقۇپبەگكە «ئەمىرۇل مۇمىنۇن» (مۆمۈنلەرنىڭ ئەمىرى) دېگەن ئاتاقنى بېرىش بىلەن بىللە ياقۇپبەگنىڭ ئارمىياسىنى تەرتىپكە سېلىپ، قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن 6 نەپەر تەجرىبىلىك ھەربىي ئوفىسېرلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. شۇ زاماندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋادىسىدىن باشقا يۇرتلىرى ئاساسەن ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن ئىدى. ياقۇپبەگ ئىلى سۇلتانلىقىنى بىرلىك، ئىتتىپاققا چاقىرىپ، ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئىلىنىڭ سۇلتانى ئەلاخان ئۆزىنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن ئاساسىي مەخسەتنى چۈشەنمەستىن، ئەلچىلەرنى سەلبىي جاۋاپ بىلەن قايتۇردى. موشۇ بۆلۈنۈشتىن پايدىلانغان روسسىيا ئىمپېرىياسى 1871-ژىلى گېنېرال ۋ. كولپاكوۋسكىينىڭ ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ. ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقاتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى بولسا، يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىلىشىغا ئېلىپ باردى».




**XIX ئەسرنىڭ 60_70 ژىللاردىكى ئۇيغۇرستان**

## 25 ـ باپ

## 1863 ـ ژىلى ئىلى ۋادىسىدا بولغان مىللىي ـ ئازاتلىق قوزغىلاڭ ۋە ئىلى سۇلتانلىغى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى




ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ بايرىغى




سۇلتان ئەلاخان ئوبۇل ئوغلى (XIX ئەسىر)



نەسردىن ئەلەم



ئابدۇرەسۇل ئەمر



توقلەك سەردار



سادىر پالۋان

## §1. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن 1864-يىلى غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلىڭى باشلىنىپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭغا ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل ھېكىم، سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان ۋە نەسىردىن ئەلەم ئاخۇنلار، تۇڭگانلاردىن: ياگۇر ئاخۇن بىلەن جەنجە ئاخۇنلار باشچىلىق قىلغان ئىدى. ئىلى تۇڭگانلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشكە قوشۇلغىنىنىڭ سەۋەبى، مانجۇ خانىنىڭ تۇڭگانلارنى ئاممىۋى يوسۇندا قىرىپ تاشلاش توغرىلىق پەرمان چىقارغانلىقى بولدى. ئۆزلىرى قىرىلىپ كېتىشىدىن قورققان تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرى ئابدۇرۇسۇل ھېكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يالۋۇرۇشتى. «ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىمىز. بۇ دوستلۇقتا ھېچ قاچان خىيانەت قىلمايمىز!» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا مىللىي قوزغىلاڭ باشلاندى. قوزغىلاڭچىلار ئېزىلگەن خەلقىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا ئاۋۋال غۇلجا شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى دۈشمەنلەردىن ئازات قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. پارتىزان ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، مىللىي قوشۇننى قۇرۇپ چىقتى. 8 ئاي قورشاۋدا تۇرغاندىن كېيىن 1865-يىلى يازدا باياندا ي قورغىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 1866-يىلى كۈرە قورغىنى ئېلىنىپ، ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇ-خىتايلارنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

باياندا ي قورغىنىنى ئېلىشتا سادىر پالۋان، كۈرە قورغىنىنى ئېلىشتا ئەلا پالۋان ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئىدى.ئىلى ۋىلايىتى دۈشمەنلەردىن تولۇق ئازات قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، 1865-يىلى ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ سۇلتانلىق مانجۇ خاندانلىقىدىن ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى بىر نەچچە قېتىم ئالمىشىپ، ئاخىرىدا 1867-يىلى ئىلى خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولغان ئەلا پالۋان بۇ دۆلەتنىڭ سۇلتانى بولۇپ سايلاندى. سۇلتانلىقنىڭ زېمىنى شەرقتە قاراشەھەر داۋانىدىن، غەربتە يەتتۇسۇغىچە (ئىلى دەرياسى بىقىمىنىڭ ئوك قىرغىقىدىن بورغوجا، سول قىرغىقىدىكى دوۋۇن، چونجا دېگەن يۇرتلارغىچە)، جەنۇبتا تەڭرىتېغىنىڭ مۇز داۋانىدىن، شىمالدا جۇڭغار ئالىتېغىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سۇلتانلىقنىڭ يەر مەيدانى 180000كم2 ئاھالىسى 800000 ئەتراپىدا ئىدى.

ئىلى ۋادىسى-تەبىئىتى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى مول، ياشاشقا ئىنتايىن قولايلىق دىيار بولۇپ، يەر-يۈزىدىكى 8 جەننەتنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. موشۇ دىياردا قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقى 1865-يىلدىن 1871-يىلغىچە 6 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. موشۇ 6 يىللىق دەۋرىدە ئىلى خەلقى مۇستەقىللىك، ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، خاتىرجەم، ئەركىن ۋە پاراۋەن ھايات كەچۈرگەن ئىدى (موشۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە ماجرا كېلىپ چىقتى. بۇنىڭغا تۇڭگان چوڭلىرىنىڭ ئۆزلىرى بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئەلاخاندىن سۇلتانلىق تەختىنى تالاشقانلىقى سەۋەپ بولدى. زىددىيەتنىڭ ئاخىرى تەخت تالاشقۇچى مۇخالىپلارنىڭ باستۇرۇلۇشى بىلەن ئاياقلاشتى).

ئىلى سۇلتانلىقى شۇ دەۋرىدىكى سۇلتانلىقلار ئىچىدە نىسبەتەن كۈچلۈكرەك دۆلەت ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ياقۇپبەگ بۇ سۇلتانلىق بىلەن تېچلىق كېلىشىم تۈزگەن. مەنچىڭ ئىمپېرىياسى بولسا، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئىلى ئۆلكىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن يەنە بىر ئىمپېرىئالىست چار روسسىياگە ئىلتىماس قىلىپ، ئىلى ئۆلكىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ بېرىشنى سورىدى. مانجۇ خانى گۇئاڭ شۈي 1870-يىلنىڭ بېشىدا روسسىيانىڭ پادىشاسىغا مۇراجىئەت قىلىپ بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«بىزنىڭ غەربىي تەرىپىمىزدىكى ئۇيغۇرلار باش كۆتىرىپ، بىزگە قارشى چىقىپ، قەشقەرىيەدە ۋە ئىلىدا مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇۋېلىشتى. ئەندى بىزنىڭ بېجىندىن ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇ يۇرتلارنى قايتا بېسىۋېلىشىمىز قىيىن. يول يىراق، چۆل جەزىرە ۋە باشقا قىيىنچىلىقلىرىمىز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇس پادىشاسىنىڭ چېگارا ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىلىنى بىزگە ئېلىپ بېرىشنى سورايمىز. مەرھەمەتلىك پادىشا جاناپلىرىنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىز مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتۇق ھەم جاناپلىرىنى رازى قىلغان بولاتتۇق.

چىن ئىمپېرىياسىنىڭ ئىمپېراتورى: گۇئاڭ شۈيخان»

(بۇ سىتاتا 1962-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «كولونىزاتورسكايا پولىتىكا رۇسسكوگو ئىمپېرىيالىزما نا ۋوستوكې» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى).

ئىككى ئىمپېرىيا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان سودىلىشىشلاردىن كېيىن، روسسىيا ئىمپېرىياسى ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشنى ماقۇل كۆردى. ئەسلىدە رۇسلار ئىلىغا خېلە بۇرۇنلا كۆز تىككەن ئىدى.

بىراق، روسسىيا بىلەن ئانگلىيا ئوتتۇرىسىدا 1882-ژىلى تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىدا: «ئانگلىيا ئاۋغانىستانغا قول سالماسلىق، روسسىيا ئۇيغۇرستانغا قول سالماسلىق» مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، روسسىيا ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. مانا ئەندى چىن ئىمپېراتورىنىڭ ئۆزى رەسمىي ئىلتىماس قىلغانلىقتىن، ئىلى ئۆلكىسىگە ئەسكەر كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىدى. ئەسكەر كىرگۈزۈشكە يەنە بىر بانىمۇ تېپىلدى: 1871-ژىلى روسسىيا تەۋەسىدىكى قازاقلارنىڭ قىزاي قەبىلىسى جانسىركې دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، سۇلتان ئەلاخاندىن سەياسىي پانا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تازابېك بوسۇرمانوۋ 1000دىن ئوشۇق ئائىلىنى باشلاپ، ئىلى ئۆلكىسىگە بېرىپ، ئۇمۇ سۇلتان ئەلاخاندىن سەياسىي پانالىق ئالدى. ئىلىنى بېسىۋېلىشقا باھانە تاپالماي تۇرغان گېنېرال كولپاكوۋسكىي سۇلتان ئەلاخانغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەن. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«ئىلى سۇلتانى ئەلا ئابىل ئوغلىغا!

مەن 7 ژىلدىن بېرى شۆھرەتلىك پادىشاھىمىز ئالېكساندىر II نىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا سادىق بولۇپ، ئۇلۇق روسسىيا دۆلىتى بىلەن چىن دۆلىتى چېگارىسىدا خالىس خىزمەت قىلىپ كەلدىم. بۇ جەرياندا ئىككى چوڭ دۆلەت خوشنىدارچىلىقىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىككە تىرىشتىم. بىراق، سىلەرنىڭ توپىلاڭچىلىڭلار بىزنىڭ چېگارا رايونلىرىمىزدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئاھالىمىزنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپ كۆپ زىيان يەتكۈزدى. بۇ خۇسۇستا سىزنى ئاگاھلاندۇرغان بولساممۇ، قوپال جاۋاپ قايتۇردىڭىز. مۇنداق كۆڭۈلسىزلىك يەنە تەكرارلانسا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشى شۈبھىسىز. ئۇ چاغدا بۇ ئىشقا بىز ئەمەس، سىز جاۋاپكەر بولىدىغانلىقىڭىزنى قەتئىي ئەسكەرتىمەن.

ئىككىنچى مەسىلە، يېقىندا تازابېك دېگەن بىر جىنايەتچى بىزدىن قېچىپ بېرىپ، سىلەردىن پانا تاپقىنى ۋە ئۇنى سىلەر ئۆز ھىمايەڭلارغا ئالغانلىقىڭلار ئېنىقلاندى. ئەشۇ تازابېكنى ئۆزىنىڭ قەبىلىسى بىلەن قوشۇپ، بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

**يەتتىسۇ گۇبېرنىياسىنىڭ گۇبېرناتورى گېنېرال-مايور: كولپاكوۋسكىي 1871-ژىل، 15-ماي».**

مانا بۇلار كولپاكوۋسكىينىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىش ئالدىدىكى دىپلوماتىك پوپوزىسى ئىدى.ئارخىۋ ماتېرىئاللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىلى سۇلتانلىقى روسسىيانىڭ بۇ نوتىسىغا مۇنقدا جاۋاپ بەرگەن:

«يەتتىسۇ گۇبېرنىياسىنىڭ گۇبېرناتورى ۋ. كولپاكوۋسكىي جاناپلىرىغا!

سىز بىزگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭىزدە: تازابېك بوسۇرمانوۋ ۋە ئۇنىڭ ئېلىنى تۇتۇپ، 7 كۈن ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپسىز. مېنىڭ جاۋاۋىم شۇكى، مېنىڭ دۆلىتىم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قازاق قېرىنداشلىرىنى تۇتۇپ سىزگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ!

**ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەلا ئوبۇل ئوغلى. 1871-ژىلى، 18-ماي».**

**قوشۇمچە ماتېرىئال**

روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىۋېلىش قەرىيانىنى ئېنىغاراق تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ئۈچۈن يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقاروۋنىڭ «XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا بىر نەزەر» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئەينەن كەلتۈرۈمىز. مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ.

«1871-ژىلى يانۋاردا ئالېكساندىر II غەربىي خىتايغا نىسبەتەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ۋە ئېنىق چارىلەرنى كۆرۈشنى ھەربىي مىنىستىرلىككە تاپشۇرغان ئىدى. موشۇ كۆرسەتمىگەن بېنائەن ئا. مېلىيۇتىن 29-يانۋار ۋە 20-ئاپرېل كۈنلىرى ھەربىي كېڭەشمە ژىغىنى ئۆتكۈزۈپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىدۇ:

1). ئىلگەركى ئارىلاشماسلىق سەياسىتىنى داۋام قىلدۇرۇش كېرەكمۇ ياكى بوغدىخان ھۆكۈمىتىنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى ئۆز قولى بىلەن باستۇرۇشنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟

2). ۋەزىيەت تەلەۋى بويىچە قۇراللىق ئارىلىشىشنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالساق قانداق؟

كېڭەشمىدە موشۇ مەسىلىلەر ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىندى. ئۇيغۇرستاندا مىللىي قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن 7 ژىل جەرياندا سودا ئالاقىلىرى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن روسسىيا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىسادىي جەھەتتىن تارتقان زىيانلىرى تىلغا ئېلىنىپ، «يېقىن ئارىلىقتا قەتئىي ئارىلىشىش لازىم» دېگەن قارار قوبۇل قىلىندى. بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى غەربىي سىبىر ۋە تۈركىستان گېنېرال-گۇبېرناتورلىرىغا تاپشۇرۇلدى. موشۇ كېڭەشمىدە يەنە روسسىيا ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىندىكى ئەلچىسى ئارقىلىق چىن ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىلى ئۆلكىسىگە ئىككى تەرەپتىن بىر ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ قىلىشمۇ كۆزدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى روسسىيا ھۆكۈمىتىنىڭ 1871-ژىلى 10-فېۋرالدا ۋە 22-مايدا مانجۇ خانىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدە ھازىرچە بوغدىخانغا ياردەملىشىپ ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇپ، ئىلى ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ تۇرۇپ، كېلەچەكتە بۇ رايوندا بوغدىخانىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي

قسسملىرى يېتىپ كەلگەندە، روسسىيا قوشۇنلىرى بۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى تەكتىلەنگەن ئىدى. چىن ھۆكۈمىتى روسسىيانىڭ بۇ مەكتۇبىگە قايتۇرغان جاۋابىدا غەربىي رايوندىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا ھازىرچە ئىمكانىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى، يەنى چامى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

1871-يىلى 22-مايدىكى كېڭەشمىدە بولسا، ئىلى رايونىدا مانجۇ ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ھەربىي زورۇش ئارقىلىق ئىلى ئۆلكىسى سۇلتانلىقىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىنى بېسىۋېلىش ۋەزىپىسى گېنېرال كولپاكوۋسكىيغا تاپشۇرۇلدى. ھۇجۇم تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىلغان كولپاكوۋسكىي تۆۋەندىكى مەزمۇندا «چاقىرىقنامە» تەييارلاپ، ئۇيغۇر تىلىدا باستۇرۇپ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە ئەۋەتىپ، تارقىتىشقا باشلىدى. چاقىرىقتا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«ئىلىدىكى بارلىق خەلقلەر!

سىلەر چىنغا قارشى باش كۆتىرىش بىلەن بىزنىڭ دۆلەت چېگارىمىزدا بىر مۇنچە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردىڭلار. ئاراڭلاردىكى بۇلاڭچىلار بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزگە ئۆتۈپ خەلقىمىزنى قاخشاتتى. بىزنىڭ پۇخرالىرىمىزدىن بەزى بۇزۇقلار سىلەر تەرەپكە قېچىپ ئۆتكىنىدە ئىلى سۇلتانى ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئالدى.

مەن 7 يىلدىن بېرى پادىشا ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا سادىق بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقنى ۋە تىنچلىقنى ھىمايە قىلىپ كەلدىم. سىلەرنىڭ سۇلتانىڭلار بولسا، قاچقۇنلارنى ئەۋەتىپ بېرىشكە، چېگارا تەرتىۋىنى ساقلاشقا قۇلاق سالمىدى. بىز ئاخىر دوۋۋۇندىن ئۆتۈپ، قارشىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز ھامان ئىلى پۇخرالىرىغا ئازاپ سېلىپ كەلگەن سۇلتاننى ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى قەتئىي جازالاش ئۈچۈن پادىشا ئالىيلىرىنىڭ جاۋاپلىرىنى كۈتمەكتىمىز .

ئىلى پۇخرالىرى! بىزنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز پەقەتلا سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا قانلىق قىلىچىنى ئويناتقان ئەرباپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىشقا قارىتىلىدۇ. بىز تىنچ پۇخرالارنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە دەخىل يەتكۈزمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى بىزنى قوللاپ، ياردەم بېرىشكە چاقىرىمىز.

ئەلا سۇلتان تار-مار قىلىنىشى بىلەن ھەر بىر ئايماقلارنىڭ ئۆرپى-ئادىتىگە، دىنىي ۋە مىللىي بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە تولۇق ئەركىنلىك بېرىمىز. خەلقنى باشقۇرۇش ئەدلىيە، سايلام ئارقىلىق بولىدۇ.

ئىلى ھاكىمىيىتىنىڭ قول ئاستىدا بېزىلىۋاتقان شىۋە-سولان، مانجۇ-خىتايلار، قالماق-تۇڭگانلار! سىلەر ئۆزەڭلارنى ئېزىپ خورلاۋاتقان ئىلى سۇلتانىغا قارشى قوزغىلاڭلار. سىلەرگە ئازاتلىق ئېلىپ كەلگۈچى ئەسكەرلىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇڭلار.

ئىلىدا ياشاۋاتقا بارلىق پۇخرالار، سىلەر مىللىتىڭلاردىن قەتئىي نەزەر، بىزنىڭ دوستىمىز!

## يەتتىسۇ ۋىلايىتى ھەربىي گۇبېرناتورى ۋە قوماندانى گېنېرال-مايور-كولپاكوۋسكىي، 1871-يىل 6-ئىيۇن.

(مەزكۇر ماتېرىئال باش ئارخىۋ سېپ فوندىدىن ئېلىندى).

دەرۋەقە، 1871-يىلى ئىيۇندا چار روسسىيانىڭ يەتتىسۇدىكى گېنېرال-گۇبېرناتورى گ. ئا. كولپاكوۋسكىي ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىياسىنى بېسىۋالدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى سۇلتانلىقلارغا قارىغاندا، ئۈستۈن بولغىنى بىلەن، زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان، ياخشى ئۆگىتىلگەن ۋە تولۇق تەمىنلەنگەن روسسىيانىڭ ئارمىيىسىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭلەردە سۇلتاننىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 1871-يىلى ئىيۇندا روسسىيا ئىمپېرىياسى ئىلى ئۆلكىسىنى تولۇق بېسىۋالدى. ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بارلىق غەزنىسىنى، ھەربىي قورال ياراقلىرىنى ۋە دۆلەت تامغىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1871-يىلى ئاۋغۇستتا سۇلتان ئەلاخاننى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ، روسسىيا تەۋەسىدىكى يەتتىسۇنىڭ مەركىزى ۋېرنىي ھازىرقى ئالمۇتا شەھىرىگە سۈرگۈن قىلدى. رۇسلار ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، «ئۆلكەمىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك «ئورۇش چىقىمىنى تۆلەڭلار!» دەپ ئىلى خەلقىنى 50000 سوم پۇل ئۈندۈرىۋالدى!

گېنېرال كولپاكوۋسكىي ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن پادىشا ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلادىدا:

«ئىلى سۇلتانىنى غۇلىتىپ، كۈچىيىشكە باشلىغان سۇلتانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى يوقاتتۇق. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسيانچى تۇڭگانلارغا قارشى بېمالالكۈرەش زور كۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردۇق» دېيىلگەن.

گېنېرال كولپاكوۋسكىي مەركەزگە يوللىغان يەنە بىر دوكلادىدا «تەبىي بايلىقى جەھەتتىن تۈركستاندا ھېچ قانداق يەرنى ئىلى ۋادىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سودا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىنمۇ غۇلجا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. چۈنكى غۇلجا پۈتكۈل خىتاي چېگارىسى بويىچە مەركىزىي نۇقتا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ھۆكۈمەت غەزنىسىگىمۇ، سودىگەرلەرگىمۇ چەكسىز بايلىق ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلى ۋادىسى ستراتېگىيا جەھەتتىنمۇ

ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىجىنغا بارىدىغان قىدىمىي كاراۋان يولى. بىز قەشقەرىيە بىلەن جۇڭغارىيانى تۇتاشتۇرىدىغان مۇزارت داۋانىنىمۇ ئىشغال قىلدۇق... بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن بىللە خەلقنى زۇلۇم-زورلاۋانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ بۇ رايونغا كىردى» دەيدۇ (باش ئارخىۋ س پ ب فوندىدىن ئېلىندى).

رۇسلار ئىلى ئۆلكىسىنى 10 ژىل تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، 1881-ژىلى 24-فېۋرالدا كېلىشىلگەن «سانكت-پېتېربۇرگ شەرتنامىسى» بويىچە مانجۇ خاندانلىقىغا قايتۇرۇپ بەردى. بىراق، شەرتنامە بويىچە، سۇلتانلىق يېرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 500 كم2 زېمىننى روسسىيا كېسىۋالدى. ئىلىنى ئېلىپ بەرگەن خىزمىتى ئۈچۈن مانجۇ خاندانلىقىدىن 9 مىللىون سەر كۈمۈچ پۇل تۆلىتىۋالدى. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىلى ئۆلكىسى قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ ئۆلكىدىكى ئىسيانچى ئۇيغۇرلار يەنە قايتىدىن مانجۇ-خىتايلارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قالدى.

تارىخچى ۋەتەندىشىمىز ئىبراھىم نىيازىي «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» ناملىق كىتاۋىدا موشۇ ۋاقىئەلەر توغرىلىق تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بېرىدۇ:

«چىن ھۆكۈمىتى 1878-ژىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، قولدىن كەتكەن ئىلى ۋىلايىتىنىمۇ قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن رۇنخۇ زىنفۇنى ۋەكىل قىلىپ روسسىيانىڭ پايىتەختى پېتېربۇرگقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ سۆھبەت جەريانىدا روسسىيانىڭ تەلەپلىرىگە كۆپىرەك يول قويۇپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 1880-ژىلى زىڭ جىزېينى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1881-ژىلى 24-فېۋرال كۈنى ئاتالمىش «ئىلى شەرتنامىسىنى» ئىمزالايدۇ. مەزكۇر شەرتنامىدا مۇنداق ماددىلار بار ئىدى:

1. قورغاس دەرياسى پاسىل قىلىنىپ، دەريانىڭ غەربىدىكى رايونلار روسسىياگە كېسىپ بېرىلىدۇ. تېكەسنىڭ غەربىدىكى جايلار بولسا، چىننىڭ ئىلكىدە قالىدۇ.

2. چىن ھۆكۈمىتى روسسىيانىڭ تۇرپان، سۇجۇ شەھەرلىرىدە ئەلچى تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

3. چىن ھۆكۈمىتى روسسىيا سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە سۇجۇلاردا ئەركىن سىدا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

4. شىنجاڭ تەۋەسىدە سودا قىلغان روسسىيا سودىگەرلىرىدىن باج ئېلىنمايدۇ.

5. چىن ھۆكۈمىتى روسسىياگە 9 مىللىون سەر كۈمۈچ پۇل ئۇرۇش چىقىمى تۆلەيدۇ.

6. ئىلىنىڭ يەرلىك خەلقى روسسىياگە بېرىپ-كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

مانا موشۇ شەرتلەر ئاساسىدا 1881-ژىلى ئىلى ۋىلايىتى چىنغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. بىراق، مانجۇ ەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ رەھىمسىز ئۆچ ئېلىشى تۈپەيلى بۇ ئۆلكىدە ناھايىتى كۆپ كۆز ياش تۆكۈلدى ۋە بىگۇنا قانلار ئاقتى. موشۇ زۇلۇم تۈپەيلى 1884-1881-ژىللاردا ئىلى ۋىلايىتىدىن 70000 جان ئۇيغۇرلار روسسىيا تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى».

## 2§. ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۈنلەردە بولسۇن، يامان كۈنلەردە بولسۇن ئەدەبىيات، سەنئەتسىز ياشىغان ئەمەس. ئىلى ئىنقىلاۋى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدىمۇ، بىر گۇرۇھ ئەدىپلەر بىلەن سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىققان ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مىسال تېرىقىسىدە شۇ ئەدىپلەردىن بىر-ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.



### موللا بىلال (نازىمي) (1825-1900)

موللا بىلال موللا يۈسۈپ ئوغلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە 1864-ژىلى ئىلىدا قوزغالغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشىنىڭ قاتناشقۇچىسى. ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوردىدا موشۇ سۇلتانلىقنىڭ باش كاتىۋى بولغان.

موللا بىلال 1900-1825 ژىللاردا ياشىغان ۋە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، «بەيتۇللاھ» مەدرىسىدە ئوقۇپ، بىلىم ئالغان. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ گۆزەل ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، شېرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دەسلەپ، سۆيگۈ-مۇھەببەت ماۋزۇسىدىك لىرىك شېرلارنى يازغان. تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنى تەنقىت قىلىدىغان ھەجۋىي شېرلارنىمۇ يېزىپ ژۈرگەن.

كېيىنرەك خەلق ئىچىدىن چىققان رېئال قەھرىمانلارنى

پروتوتىپ قىلغان «نازۇگۇم»، «چاقموزا يۇسۇپخان» قاتارلىق داستانلارنى يازغان. ئاخىرىدا 1864-1866-ژىللىرى ئىلىدا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭنى ئەكس ەتتۈرىدىغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئېپىك داستاننى يازغان.

موللا بىلال ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان، ھىسسىياتى چوڭقۇر، مەزمۇنى مول، ھەر جەھەتتىن خەلىققە يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ غەزەللىرى بىلەن بېيىتلىرى كەڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن. ۋەتەنپەرۋەر شائىر 1881-1882-ژىللاردىكى چوڭ كۆچ-كۆچ دەۋرىدە ئۆز يۇرتىدا قېلىشنى خالىغان ئىدى. كېيىن ئىلىنى ئۆتكۈزۈۋالغان مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىيانە زۇلۇملىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىلاجىسىز ئەھۋالدا يەركەنت تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىنى يەركەنتتە ئۆتكۈزۈپ، 1900-ژىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سېيىت مۇھەممەت (قاشي) (1820-1905)



سېيىت مۇھەممەت ھېيت مۇھەممەت ئوغلى (قاشي) 1820-ژىلى ئىلى ۋىلايىتى قاش يېزىسىدا تۇغۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «قاشي» دېگەن تەخەللۇسنى ئالغان. ئۇ باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆزىنىڭ يېزىسىدىكى مەكتەپتە، ژۇقۇرى بىلىمنى غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللاھ» مەدرىسىدىدە ئالغان. باشقا شائىرلارغا ئوخشاش سېيىت مۇھەممەتمۇ ياش ۋاقتىدا گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، ئىشقى-مۇھەببەت ماۋزۇسىدىكى لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ ژۈرگەن. كېيىنىرەك چوڭ ئىجتىمائي ۋاقەلەرگە بېغىشلانغان «شەرھى شكەستە» ناملىق ئېپىك داستاننى يېزىپ چىققان. شائىرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ داستاننى يېشى 60-تىن ئاشقاندىن كېيىن (تەخمىنەن 1882-ژىلى) يازغانلىقى مەلۇم. شائىر بۇ داستاندا 1864-ژىلى ئىلىدىن باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەرنى چوڭقۇر بىچىنىش ھىسسىياتى بىلەن ھەم ئېپىك، ھەم لىرىك شەكىلدە بايان قىلىپ بەرگەن. تەسۋىرلەنگەن ۋاقەلەرنىڭ مۇھىملىقى، ئىشلىتىلگەن بەدئىي ۋاستىلەرنىڭ مۇكەممەللىكى ئەسىر، تىلىنىڭ پاساھەتلىكىگە قارىغاندا ئاۋتورنىڭ ژۇقۇرى ماھارەتلىك، قەلىمى پىششىپ يېتىلگەن ئەدىپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

شائىرت 1881-1882-ژىللاردىكى چوڭ كۆچ-كۆچ دەۋرىدە ئۆز يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە روسسىيا تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىپ، چېلەك دەرياسىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىنى موشۇ يۇرتتا ئۆتكۈزگەن. ھازىر موشۇ يېزىنىڭ نامى «بەدىسېيىت» دەپ ئاتىلىدۇ. يېزىدىكى مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئالدىدا شائىرنىڭ خاتىرىسىگە ئورنىتىلغان مونۇمېنت ھەيكەلمۇ بار.

## 26-باپ
## ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشى

پېتېربۇرگ شەرتنامىسىنىڭ بىر ماددىسىدا: «ئىلىنىڭ يەرلىك خەلقى روسسىياگە بېرىپ-كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دەپ بەلگۈلەنگەن ئىدى. موشۇ بەلگۈلىمىگە ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتى مانجۇ خانىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورققان ئىسىيانچى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قىسىم تۇڭگانلار ئىلاجىسىز ئەھۋالدا ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، روسسىيا تەۋەسىگە (ئىلىغا خوشنا بولغان يەتتىسۇ ئۆلكىسىگە) كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇشتۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى 1881-ژىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىن باشلىنىپ، 1883-ژىلى مارتتا تامام بولدى. بىرىنچى دۇركۈندە كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار، قىش ئەتىگەن باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن، تولىمۇ ئېغىر جاپا-مەشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەللەر بەكمۇ قىينالدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا قالاي دېسە مانجۇلارنىڭ قىرغىن قىلىشىدىن قورقىدۇ، روسسىيا تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتەي دېسە، ھەتتا ئات-ئۇلاقلىرىمۇ يوق. موشۇنداق ئەھۋالدا قالغان بىچارە ئۇيغۇرلار ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئۆزلىرى كۆتىرىپ، بالىلىرىنى يېتىلەپ، ھەتتا پىيادە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان!

چار روسسىيا ھۆكۈمىتى بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلارغا ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بويىدىكى يەتتىسۇ رايوننى ماكان قىلىپ ياشاشقا بەلگۈلەپ بەردى. ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار يېڭى چېگارا

غالجاتتىن تارتىپ، ئالمۇتىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارقىلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن دېخانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان سۇلۇق يەرلەرنى تاللاپ ئورۇنلاشتى. بىر تەرەپتىن دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆي-جاي سېلىپ، باغ-ۋارانلارنى بىنا قىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىشتى. ئۇلار ئېگىللىك يارىتىپ، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەنىنىڭ سىرتىدا شەھەرلەردىكى رۇس، قازاق ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى تولۇق تەمىنلىدى. تاغ ئىچىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان قازاقلار بىلەن ۋارىنى يوققا ئالماشتۇرۇپ، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، جەمىيەتتە پاراۋەنلىك، ئاباداىلىق مەنزىرىسىنى بەرپا قىلدى. چار روسسىيا ھۆكۈمىتى يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە مەمۇرىي رايونلارغا ۋە بولۇسلارغا بۆلدى. بۇ بولۇسلار تۆۋەندىكىچە:

1. پېتېربۇرگ شەرتنامىسى بويىچە ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ يېرىدىن چار روسسىيا كېسىۋالغان قىسمى بىر رايون ھېساپلىنىپ، «كەتمەن بولسۇن» دەپ ئاتالدى (بۇ بولۇسلۇقتىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى XVIII ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىلى ۋادىسىغا پالانغان، ئۇيغۇرلا بىنا قىلغان يۇرتلار ئىدى).

2. ئىلى ۋىلايىتىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قورغاس دەرياسى بىلەن ئۆسەك دەرياسى ئارىلىغىدىكى بوش يەرلەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ تەۋەدە بىر قانچى يېڭى ئۇيغۇر يۇرتلىرى بىنا قىلىندى. بولۇسلۇقنىڭ مەركىزى «ياركەنت شەھىرى» بولۇپ، ئۇ 1882-ژىلى بىنا قىلىنغان.

3. كۆچمەنلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئالتاغ بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىلىغىدىكى بوش يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يېڭى بىنا قىلىنغان يۇرتلارنىڭ مەركىزى ئاقسۇ يېزىسى بولۇپ، بۇ يۇرتلار «ئاقسۇ بولۇسلۇغى» دەپ ئاتالدى.

4. ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى چېلەك دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بوش يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، «مالىۋاي بولۇسى» دەپ ئاتالدى.

5. ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى چېلەك دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بوش يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، «قورام بولۇسى» دەپ ئاتالدى.

6. ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى چېلەك بىلەن ئالمۇتا ئارىلىغىدىكى سۇ بويىرىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇلار «قاراسۇ بولۇسى» دەپ ئاتالدى.

كېيىنىرەك چار پادىشانىڭ ئەمرى بىلەن موشۇ ئۇيغۇرلاردىن يۈزلىگەن ئائىلىلەر تۈركمەنستانىنىڭ بەيرەمئەلى ئەتراپىغا كۆچرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھازىرمۇ شۇ يەرلەردە ياشىماقتا.

ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، شۇ قېتىم ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتىسۇغا جەمى 9752 ئائىلە، 45373 جان ئۇيغۇرلار كۆچۈپ چىققان (بۇلاردىن 24628سى ئەر، 20745سى ئايال).

بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ، يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان قازاق ۋە تۇڭگان كۆچمەنلىرىمۇ بولغان. قازاقلار تەخمىنەن 5000 ئائىلە، 20000 جان، تۇڭگانلار بولسا 1147 ئائىلە، 4682 جان ئىدى. بۇ تۇڭگانلار ياررکەنت، چارىن، ئالمۇتا، بىشكېك، توخماق قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان.

شۇنىڭدا قىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئۇمۇمىي سانى 70000 جان بولغان.

بۇ كۆچمەنلەر دەسلەپ كەلگەندە چۆل-جەزىرە، ئايدالاغا كېلىپ، گەمىلەرنى كولاپ، كەپە ياساپ، شۇ يەرلەردە ياشاشقا مەجبۇر بولۇشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتىسۇنىڭ يېرى ئىلىنىڭ يېرىگە قارىغاندا ئۈنۈمسىز بولغانلىقتىن، كۆچمەنلەر ناھايىتى ئېغىر جاپا-مەشەقەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. پەقەت 1886-ژىلغا كەلگەندە ئاندىن تام ئۆيلەرگە ئىگە بولۇپ، ئورتا ھال ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. بۇ كۆچمەنچى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ كېيىنكى تەغدىرىمۇ ئانچە ياخشى بولمىدى. ئۇلار دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىپ، جەمىيەتنى گۈللەندۈرگەن، ھەر ژىلى باج تۆلەپ، دۆلەت غەزنىسىنى بېيىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا روسسىيا ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە رېپرېسسىيالىرىدىن نېرى بولالمىدى. مەسىلەن، 1916-ژىلى بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى كېتىۋاتقان مەزگىلدە چار پادىشاسى نىكولاي يەتتىسۇدىكى 19 ياشتىن 43 ياشقىچە بولغان ئەركەكلەرنى «لاشمانلىققا» (ھەربىي ئىشچى) ئېلىش توغرىلىق پەرمان چىقاردى. يەتتىسۇدا ياشاۋاتقا ئۇيغۇر-قازاقلار پادىشانىڭ بۇ پەرمانىغا نارازلىق بىلدۈرگەنلىگى ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەر قاماققا ئېلىنىپ، رۇس-كازاك ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ تارىختا «لاشمان پاجەسى» دەپ يېزىلدى.

1918-ژىلى ماي ئېيىدا مۇراۋېۋ قوماندانلىغىدىكى رۇس ئەسكەرلىرى ئالمۇتىدىن چونجىغا بارغىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى تۈگەل ئارىلاپ، بىگۇنا ئۇيغۇر دېخانلىرىنى قىرغىن قىلدى. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، موشۇ قىرغىندا 20 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ناھەق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1931–1933-ژىللاردا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى سۈنئىي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ئاقىۋىتىدە يەرلىك قازاق ۋە ئۇيغۇر ئاھالىسى ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. موشۇ ئاچارچىلىق مەزگىلىدە ئاچلىقتىن ئۆلگەن قازاقلارنىڭ سانى 3 ممىليون دەپ ئېيتىلماقتا. ئاچتىن ئۆلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق سانىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ.

1937–1938-ژىللىرى ئېلىپ بېرىلغان سەياسىي ھەرىكەتلەردە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن كادىرلىرى، ھەتتا ئاددىي دېخانلار «خەلىق دۈشمىنى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ناھەق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى! بۇلارنىڭمۇ ئېنىق سانىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ.

1941–1945-ژىللاردىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى دەۋرىدە 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئەرلەر ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلىپ، ئەڭ كەسكىن ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلدى. ئارقا سەپتە قالغان ئەرلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ھەربىي ئىشچىلىققا ئېلىنىپ، شاختىلاردا، تۆمۈر يوللاردا ۋە ھەربىي زاۋودلاردا ئاددىي ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى. موشۇ ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن قايتىپ كەلمىدى.

قىسقىسى، روسسىيا تەۋەسىگە كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى 122 ژىلدىن بېرى ئۈزلۈكسىز تۈردە روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە!

## ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇدىن تۈركمەنىستاننىڭ مۇرغاپ ۋادىسىغا كۆچىرىلىشى

چار روسسىيا ئىمپېرىياسى ئوتتۇرا ئازىيانىڭ مەنبۇت رايونلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن 1884-ژىلى يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ، تۈركمەنىستاننىمۇ بېسىۋالدى. پادىشا ئالېكساندىر تۈركمەنىستاننىڭ مۇرغاپ ۋادىسى مېۋە ھەم پاختا ئۆستۈرۈشكە قولايلىق جاي ىكەنلىگىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 1887-ژىلى مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ: «مۇرغاپ ۋادىسىدىكى ئەڭ مۇنبەت زىمىنلار پادىشا ئائىلىسىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى»، دەپ ئېلان قىلىندى. بىراق، بۇ ئەتراپتىكى تۈركمەن ۋە باشقا مىللەتلەر كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان چارۋىچى مىللەتلەر بولغانلىقتىن، دەريادىن سۇ چىقىرىپ، دېخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش قولىدىن كېلىدىغان ھەم ئەمگەكچان، ھەم ژۇغاچ ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. موشۇ ۋەزىپە بىلەن 1889-ژىلى باھاردا پادىشا ئائىلىسىنىڭ ئېگىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى پودپولكوۋنىك لۇتسوۋ قازاقستاننىڭ ۋېرنىي شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن ۋېرنىيدىكى يەتتىسۇ ھەربىي شتابىنىڭ 2 خادىمىنى ھەمرا قىلىپ، چېلەك يېزىسىغا كېلىشتى. بۇ چاغدا چېلەكتىكى ئۇيغۇرلار ئىلى ئۆلكىسىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققىنىغا ئاران 7-8 ژىل بولغان. يېڭى يەرلەرگە ياخشى ئۈگىنىپ كېتەلمىگەن ئېدى. پادىشا ئەمەلدارلىرى ئۇيغىرلارنى ژىغىپ، ژىغىن ئاچتى. بۇ دېخانلارنى مۇرغاپ ۋادىسىغا بېرىپ، پادىشا ئائىلىسىنىڭ ئېگىدارچىلىغىدىكى يەرلەردە ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىشتى. ئۇلار ئەلۋەتتە: «مۇرغاپنىڭ تەبىي شاراىتى چېلەكنىڭ شاراىتىدىن ياخشى، سىلەر پادىشا ئائىلىسىنىڭ دېخانچىلىق ئىشچىلىرى بولۇپ ئىشلەيسىلەر. پادىشا سىلەرگە ئۆي-جاي سېلىشقا ئۆلچۈك يەر كېسىپ بېرىدۇ ھەم ياردەم پۇل بېرىدۇ. دېخانچىلىق قىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن 5 دېسياتىنىدىن يەر بېرىدۇ، پادىشانىڭ يېرىدە ئىشلىگەن ئەمگىگىڭلار ئۈچۈن ئايلىق ئىش ھەققى ئالىسىلەر. قىسقىسى، بىز سىلەرنى جەننەتكە تەكلىپ قىلىۋاتىمىز» دەپ تەشۋىق قىلدى. پادىشا خادىمىنىڭ بۇ تەشۋىقاتىغا ئىشەنگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ بېرىشقا رازى بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، يۇرت ئاقساقاللىرى زەيىندىن بىلەن ئىمرەمزى سايىتوۋلارنىڭ باشچىلىغىدىكى 272 ئائىلە ئۇيغۇرلار قىشچە تەييارلىق قىلىپ، 1890-ژىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ بېشىدا ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىشتى. ئۇلار كۆدە-كەپىسىنى ھارۋۇلارغا سېلىپ، قېرى-چۆرىلەر ئات-ئۇلاقتا، ياشىراقلىرى پىيادە مېڭىپ، چۆل-باياۋانلارنى بېسىپ، تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ 6 ئاي بولدى دېگەندە ئاران سەمەرقەنت شەھىرىگە يېتىپ بېرىشتى. ئۇزاققا سوزۇلغان تولىمۇ جاپالىق يول ئازاۋىدا ئاغرىق-سىلاق، قېرى-چۆرىلەر ئۆلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى يولدا قېلىشتى. تىرىك قالغان ئۇيغۇرلارنى پويىزدقا ئولتارغۇزۇپ، «بەيرەمئەلى» ستانسىياسىگە ئېلىپ بېرىشتى. يول ئازاۋىدا ھالىدىن كەتكەن كۆچمەنلەر يەنە پىيادە يول بېسىپ، ئاخىرقى مەنزىل مۇرغاپ ۋادىسىغا يېتىپ كېلىشتى. بېرىپ قارىسا، 6 ئاينىڭ ئالدىدا ۋەدە قىلىنغان «جەننەتتەك ماكانمۇ» يوق، باش-پانا بولغىدەك ئۆيمۇ يوق، ھەتتا ئىچىدىغان سۇمۇ يوق، يازنىڭ ئاپتىۋىدا كۆيۈپ سارغىيىپ كەتكەن ئاي دالا، قاقاس چۆللۈك. ئەتراپىغا قارىسا، قاچاندۇ-بىر چاغلاردا ئادەملەر ياشىغانلىغىدىن دېرەك بېرىدىغان قېدىمىي خارابىلىقلارنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرغان... بىچارە كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىغىنى شۇ چاغدا بىراقلا بىلدى. بىراق، ئامال قانچە. تەغدىرگە تەن بېرىپ، شۇ يەرنى ماكان قىلىپ ياشاشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن گەمە كولاپ، ئوتۇن ژىغىپ، قىشتىن ئامان چىقىۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلىشتى. قىش بويى مۇرغاپ دەرياسىدىن بېلىق تۇتۇپ، چاتقالىقتىن ياۋايى ھايۋانلارنى ئولاپ يەپ، قىشتىن ئاران چىقىۋېلىشتى.

1891-ژىلى ئەتىيازدىن باشلاپ بىر چەتتىن مۇرغاپ دەرياسى ئېقىنىدا «سۇلتانبەگ»، «ھىندىقۇش» دېگەن توسمىلارنى ياساپ، چۆل ۋادىغا سۇ چىقىرىپ، دېخانچىلىق قىلىشقا، ئاشلىق، كۆكتات ۋە پاختا ئۆستۈرۈشكا

باشلىدى. ژىللار ئۆتكەنسىرى تېرىلغۇ يەرلىرى كەڭەيدى. ئاشلىق ئېتىزلىرىنى، پاختىزارلىق مەيدانلارنى، مېۋىزارلىق باغلارنى بىنا قىلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تەمىنلاپلا قالماستىن، پادىشا ئائىلىسىگە ھەر ژىلى 1000 تونىنلاپ پاختا، 100 تونىنلاپ مېۋىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرۇشتى. رۇس غوجايىنلار كۆچمەنلەرگە ۋەدە قىلىنغاندىن ئاز يەر بۆلۈپ بەردى. شۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگىدەك يەنە غوجايىنلار ئېلىشۋالاتتى.

كۆچمەن ئۇيغۇرلار موشۇ يوسۇندا كۆپ ژىللار تىرىشىپ، ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن ئىلگەركى ئادەمسىز ۋادىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى، ئاۋات يۇرتلارنى بىنا قىلىشتى. بۇ يۇرتلارغا: مەمەيۇزى، ئاقتام، داردامتۇ، توققۇزتارا، قەشقەر مەلىسى دېگەندەك نامىلارنى قويۇشتى. بۇ نامىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىلىدا قالغان ئەسلى يۇرتلىرىنىڭ قۇتلۇق نامىلىرى ئىدى...

سوۋېت ھۆكۈمىتى ئورنىغاندىن كېيىن مۇرغاپ ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارمۇ يەتتىسۇدا ياشىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا ئېغىر پاجىئەلەرنى باشتىن كەچۈرۈشتى. مەسىلەن: 1918-ژىلى پادىشا ئەسكەرلىرى «بولشېۋىكلەرنى ياقلىدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن 14 نەپەر ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بولشېۋىكلەر بولسا، «باي كۇلاك» دېگەن تۆھمەت بىلەن 8 ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى!..

1930-1929-ژىللاردىكى كوللېكتىۋلاشتۇرۇش دەۋرىدە بۇ ئۇيغۇرلار ئۆملىشىپ، «مولوتوۋ»، «باۋمان» ناملىدىكى كولخوزلارنى قۇرۇپ، دۆلەت تاپشۇرمىلىرىنى بۇلجۇتماي ئورۇنلىغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 1937-ژىلدىكى ستالىنچە رېپرېسسىيالەر ۋاقتىدا، ئەندىگىنە خەت-ساۋاتلىق بولغان، كوممۇنىست ياكى كومسومول بولغان ئۇيغۇرلانىڭ ھەممىسى «خەلىق دۈشمىنى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىلدى...

ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن مۇرغاپ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 150 نەپەر جەڭچى مەيدانغا ئاتلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 53 كىشى مەيداندىن قايتىپ كەلمىدى. قىسقىسى، تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇلار باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈرۈشتى!

بۇ قېرىنداشلىرىمىز يەتتىسۇدىن تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ بارغىنىغا بۇ ژىل 114 ژىل بولدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھازىر تۈركمەنىستاندىكى بەيرەمئەلەي، تۈركمەنقەلئە ۋە ئاشخاباد شەھەرلىرىدە ياشىماقتا. ھازىر بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10000دىن ئاشىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن ئاتاقلىق ئالىملار، ئاگرونوملار، پېداگوگلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ۋەتەندىن ژىراق مۇرغاپ ۋادىسىدا «يالغۇز ئارال» بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە باشقا ئۇيغۇرلۇق خىسلەتلىرىنى يوقاتماي، ساقلاپ كەلمەكتە.

# XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەر

## 27-باپ
## 1912-ژىلدىكى قۇمۇل-تۇرپان قوزغىلىڭى

### §1. تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ



**تۆمۈر خەلپە (1913-1891)**

قۇمۇل ۋىلايىتى ئۇيغۇرستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان تاغلىق رايون بولۇپ، «شىڭ شىڭشا» ئارقىلىق خىتاي دۆلىتى بىلەن چېگارىلىنىدۇ.

1911-ژىلى خىتايدا يۈز بەرگەن «شىنخەي ئىنقىلاۋى» مانجۇلارنىڭ III ئەسىر داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ، «جۇڭخۇا مىنگو» دەپ ئاتالغان خىتاي دۆلىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بىراق، «شىڭخەي» ئىنقىلاۋىدىن خەنزۇلارغا ئوخشاش ئېزىلگەن مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ھېچ قاندان نەپ تەگمىدى. ئۇيغۇرستاندىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنىغا خەنزۇ ئەمەلدارلىرى كەلدى، خالاس. مىللىي زۇلۇم ئاۋالقىدەكلا ساقلىنىپ قالىۋەردى. خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قولايلىق پەيت دەپ بىلگەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭغا قوراي يېزىسىنىڭ تۇرغۇنى تۆمۈر خەلپە دېگەن كىشى يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى مۇنداق بولغان: شۇ ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ باشلانغان ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى جياڭ جۈن يۈەن داخۇا ئىلى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تەۋەسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭى نەزەربەگكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. نەزەربەگ بولسا، ئۆز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن 300 كىشىلىك ئاتلىق ئوترياد تەشكىل قىلىپ، ئۇلارنى قۇراللاندۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. موشۇ ئوترىيادنىڭ تەركىۋىدە: تۆمۈر خەلپە، ئامانقۇل، جامال، سالمان قاتارلىق دىنىي ساۋاتى بار ۋىژدانلىق ياشلار بار ئىدى. ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنغان يۇرتداشلىرى ئىچىدە: «كاپىرلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سوقۇش قىلىپ ئۆلگەندىن كۆرە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلەيلى!» دەپ تەشۋىق ماگدۇرىدۇ. بۇ ياشلار لودۇك دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئىسيان كۆتىرىپ، ئۆزلىرىنى ھايداپ كېلىۋاتقان مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ قۇراللىرىنى ئېلىپ، قۇمۇل تاغلىرىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇ يەردە ياشايدىغان خەلق بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز سەپلىرىنى كەڭەيتىپ، زالىملارغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنى باشلاۋېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قۇمۇل دېخانلىرى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىلىگە قوشۇلۇۋېرىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، تاغلىق رايونى ئازات قىلىپ، ئۆز ئالدىغا كىچىك ھاكىمىيەت قۇرۇۋالىدۇ. يۈەن داخۇا بىلەن قۇمۇل ۋاڭى بۇ قوزغىلاڭچىلارنىيوقىتىش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم جازالىغۇچى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار ئەپلىك تاغ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلىپ، قۇراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. كۈندىن-كۈنگە كۈچى زورىيىپ، سانى كۆپىيىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار تۆمۈر خەلپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇتۇقلۇق ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قۇمۇل شەھىرىدىن باشقا ھەممە يۇرتلارنى ئازات قىلىدۇ.

موشۇ ئارىلىقتا ئىلىدا ۋە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قارشىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى باش مۇپەتتىش يۈەن داخۇا ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت ئۈستىگە كېلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بىلەن قۇمۇل ۋاڭى نازارىبەگ ھەربىي كۈچ ئىشلىتىپ، ئالداش ئۇسۇلى بىلەن تۆمۈر خەلپىنى قولغا چۈشىرىپ، ئىنقىلاپ ئوتىنى ئۆچەرمەكچى بولىدۇ.

موشۇ مەخسەتتە، ياڭ زېڭشىن 1913-ژىلى يازدا لى شۇفۇ ئىسىملىق تۇڭگان ئوفىسېرىنى ئەلچى قىلىپ، قۇمۇل رايونىغا ئەۋەتىدۇ. لى شۇفۇ نۇرغۇنلىغان سوغا-سالاملارنى ئېلىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ياخشى-خوپ بولۇش توغرىسىدىكى خېتىنى ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلار رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ تۆمۈر خەلپە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سوغاتلارنى، ياڭ زېڭشىننىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە دىنىي ئېتىقاتى كۈچلۈك بەش ۋاقىت نامازنى تەرك قىلمايدىغان تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئەلچى لى شۇفۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ موشۇ ئاجىزلىغىدىن پايدىلىنىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىش ئارقىلىق ئاخىر تۆمۈر خەلپىنى ئىشەندۈرىدۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن يارىشىپ قېلىشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر خەلپە ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان ئاخۇنلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆتمۈشتىكى گۇنالىرىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ، ئۆلكىنى بىرىكتە باشقۇرىدىغانلىغىنى ئېلان قىلىدۇ.

ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا يارىشىپ، ئىناق بولۇشقاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن بۇيرۇق چۈشىرىپ، تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچى لومەنچىڭدىكى 3-ئاتلىق ئېسكادرونغا قوماندىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن 1913-ژىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى ياڭ زېڭشىن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنى چاقىرتىپ كېلىپ، تۇيۇقسىز قاماققا ئالىدۇ ۋە 6-سېنتيابىر كۈنى ئۇنى تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈگۈزىدۇ. شۇ كۈنى تۆمۈر خەلپىنى ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىمۇ قۇرالسىزلاندۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1912-ژىلى قۇمۇلدىن باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەت تۇڭگان لى شۇفۇ بىلەن خىتاي ياڭ زېڭشىڭنىڭ ئالدامچىلىغا ئارقىسىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

1912-ژىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش باشلانغاندىن كېيىن موشۇ كۈرەشنىڭ ئىلھامى بىلەن تۇرپان خەلقىمى مۆھىدىن دېگەن باشچىلىغىدا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە كۆتىرىلدى. ئۇلار قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم سورىدى. ئۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ماڭغۇزدى. يەنە بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار بىلەن يارىششنى تەلەپ قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ جىق ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلغان ئىدى. نەتىجىدە، مۆھىدىنمۇ تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش ياڭ زېڭشىننىڭ

ھېيلىسگە ئالدىنىپ، يارىششقا ماقۇل بولدى. مۆھىددىننىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىر باتالىون (يىڭغا) ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلدى. مۆھىددىن بولسا، يىلڭ جاڭ (باتالىون كوماندىرى) بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ ژىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇمۇ تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش ئالداپ قولغا ئېلىنىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، 1992-ژىلى قۇمۇل، تۇرپانلاردا كۆتىرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلار دۈشمەننىڭ ھېيلىسى بىلەن باستۇرۇپ تاشلاندى.

## §2. XX ئەسرنىڭ بىرىنچى چارىگىدە ئۇيغۇرستاندىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى

XX ئەسرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرستاندا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ۋەكىللىرى ئىلىم-پەنگە زۈرۈش قىلىش ئارقىلىق مىللەتنى ئويغىتىپ، مىللىي-ئازاتلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كونىچە ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاشلاپ، زامانىۋى پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇئۇسۇل بولسا،ئەينى زاماندا «ئۇسۇلي جەدىت» دەپ ئاتالغان ئىدى. مانا شۇيېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىنىڭ بىرسى ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس ئوغلى ئەزىزىي بولغان ئىدى.

### ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزىي (1924–1862)



بۇ كىشى 1862-ژىلى قەشقەرىيەدىكى داڭلىق ئاتۇش يۇرتىنىڭ مەھشەد كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ بىلىمنى ئاتۇشتىكى مەدرىسىدە، ژۇقۇرى بىلىمنى قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسىدە» ئالغان. ياش ۋاقتىدىن ئىلىمگە ئامراق بولغان بۇ كىشى شۇ زاماننىڭ ژىرىك مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلانغان بۇخارا شەھىرىگە بېرىپ، دىنىي ۋە پەنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئاندىن كېيىن شۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش مەخسىتىدە: ھىجاز، مەدىنە، مىسىر، ستامبۇل، قازان، ئۇفا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە سەياھەتتە بولۇپ، 1920-ژىلى ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرستاننىڭ قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇقادىر ئەزىزىي شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنى باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇ خەلقىمىزگە مۇراجەت قىلىپ:

«بۇ زامان–ئىنتىباھ ۋە ئاگاھلىق زامانىدۇر. غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەستۇر. ئىلىم مەرىپەت دەۋرىدۇر. جاھالەت ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەستۇر. سەي ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەستۇر»–دېگەن ئىدى. ئۇ قەشقەرىيەدە زامانىۋىي، پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا زامانىۋەي بىلىم بەرگەن. كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاشلاپ، زامانىۋىي مائارىپنى يولغا قويغان. دەرىسلىك كىتاپلار يوق بولسا، ئۇ كىتاپلارنى ئۆزى تۈزۈپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، يېڭى مائارىپنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەرگەن. بۇ كىشى ئەر-ژىگىلەرنىلا ئەمەس، قىزلارنىمۇ ئوقۇشقا جەلىپ قىلغان. ئۆسمۈر ياشلارنىلا ئەمەس، چوڭلارنىمۇ ئوقۇشقا جەلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ، قاراڭغۇ جاھالەت قاپلىغان ئۇيغۇرستاندا ئىلىم-مەرىپەت چىرىغىنى ياققۇچىلارنىڭ بىرسى بولغان ئىدى. بىراق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىنى خالىمىغان مۇستەملىكچىلەر ئۆز ئىچىمىزدىكى ئەكسىيەتچى بايلار بىلەن جاھىل مولللار بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇقادىر داموللام 1924-ژىلى رامزان ئېيىدا، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئەخمەت مەزىن دېگەن ياللانما قاتىلنىڭ قولى بىلەن قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

كېيىنكى ژىللاردا ۋەتەندىشىمىز ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتاۋىنىڭ 15-بېتىدە بايان قىلىنىشىچە، شۇ زاماندا قەشقەردە تۇرغان سوۋېت كونسۇلىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ ۋالىسى جۇ دوتەي ئابدۇجادىر دامولامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەخمەت مەزىن ئىسىملىق بىر خائىنى سېتىۋېلىپ، شۇنىڭ قولى بىلەن ئابدۇقادىر دامولامنى ئۆلتۈرگۈزگەن ئىكەن.

## 28ـ باب

## 1931ـ1937 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»



غوجنىياز ھاجى (1889ـ1938)




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇددى شۇ يىللاردا ئۆلكە جياڭجۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرىقى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان پەننىي بىلىم بېرىدىغان مەكتەپلەرمۇ يېپىلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەسئۇت ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندىلەر تۇتقۇن قىلىنغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىدى.

دېمەك. بىزنىڭ خەلقىمىزنى نادان قالدۇرۇش سەياسىتى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تۈپ-سەياسىتى بولغان ۋە ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.



قوماندان
مۇھەممەتىمىن بۇغرا



باش ۋەكىل
سابىت داموللا




قوماندان
تۆمۈر ئېلى (سىلىك)



گېنېرال
مۇھەممەت مۇھىتى



پولكوۋنىك
ئەمەت مەخسۇم



پولكوۋنىك
ھەمدەمبەگ

www.uyghurkitap.com



گېنېرال
ما جۇڭيىڭ



گېنېرال
شىڭ شىسە

## 1§. مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش سەۋەبلىرى

دۇنيادا سەۋەبسىز ھېچ بىر ۋاقىە يۈز بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرىستاندا 1937_1931-ژىللاردا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ پارتلىشىغىمۇ بىر قانچە ئامىللار سەۋەپ بولغان. ئاساسىي سەۋەپ يەنىلا خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ھەددىدىن-تاشقىرى مىللىي زۇلۇمى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنىڭ قايناپ تاشقانلىغى بولدى. موشۇ سەۋەپ ئارقىسىدا ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەممە يېرىدە قۇراللىق قوزغىلاڭنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن شەرقىتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن باشلاندى. بۇ قوزغىلاڭدا قۇمۇلدا يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى ۋاقىەلەر سەۋەپ بولدى.

مانجۇ خانى چەنلۇڭ 1759-1758 ژىللىرى ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشتا ئۆزىگە سادىق خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر بەگلىرىگە ھەر قايسى يۇرتلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن ئىدى. قۇمۇل ۋىلايىتى بولسا، ئۇيغۇر ئىمىن ۋاڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. 1928-ژىلى ئۆلكىنىڭ دۇدىسى مەنسىۋىگە كەلگەن جىڭ شۇرىن ئۆلكىدە ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇلدىكى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەۋلادى نەزەرنىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئۈچ مەمۇرىي رايونغا بۆلۈپ، ئۆزى تەيىنلىگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە خەلقىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش مەخسىتىدە مۇھىم جايلارغا ھەربىي قىسىملارنى تۇرغۇزدى. بۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەر قۇمۇل خەلقى ئۈستىدە ئۆزلىرى بىلگەنچە ھۆكۈمرانلىق ژۈرگۈزۈپ، خەلقنى خالىغىنىچە ئەزدى، خورلىدى، مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. يەرلىك خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ھىسلىرىنى خورلاپ، ئۇلارنى ئاياق-ئاستى قىلدى. ئۇلاردا ھېچ قانداق قانۇن-تۈزۈم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىڭ شۇرىن بۇرۇن قۇمۇل ۋاڭغا تەۋە بولغان يەرلەرنى تارتىۋېلىپ، يەرسىز دېخانلارغا تەخسىم قىلىپ بەردى، بىراق بۇ دېخانلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى ژىلنىڭ غەللە-پارىغىنى قوشۇپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ دېخانلار كۆتىرەلمەيدىغان ئېغىر ژۈك ئىدى. غەللىنى ۋاقتىدا بېرەلمىگەنلەرنى ئۇرۇپ-سوقۇپ يامۇللارغا سولىدى. بۇ ئاز بولغاندەك، جىڭ شۇرىن ئىچكى خىتاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىن 80 ئائىلە خىتايلارنى قۇمۇلغا كۆچىرىپ ئەپچىقىپ، دېخانلارنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى ئۇلارغا ئېلىپ بەردى. بۇ 80 ئائىلە خىتايلارنى بىر ژىلغىچە بېقىشنى يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ژۈكلىدى. موشۇنداق زۇلۇملار دەستىدىن جېنىدىن جاڭ تويغان كەمبەغەل دېخانلار بۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. شۇنداق بىر شارائىتتا شوپۇلدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى جاڭ گوخۇا شۇ يەردىكى ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭ گۈلخان ئىسىملىك چىرايلىق قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، دىنىي ھىسلىرىنى خورلايدىغان يولسىز تەلەپ بىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. جاڭ گوخۇا بولسا:_ قىزىڭنى ياخشىلىقچە بەرمىسەڭ، زورلاپ ئالىمەن! _ دەپ پوپۇزا قىلدى. بۇ ۋاقىە خەلقىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى. قوزغىلاڭ كۆتىرىلىشكە تەييارلىنىپ ژۈرگەن ئابدۇنىياز مىراپ، سالى دورغا، ئابدۇللا ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ، موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «توي قىلىمىز» دەپ جاڭ گوخۇانى ئالداپ كەلتۈرۈپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى، ئەسكەرلىرىنىڭ قۇراللىرىنى تارتىۋېلىپ، شۇ قۇراللار بىلەن قوزغىلاڭ باشلاشنى قارار قىلىشتى. جاڭ گوخۇانىڭ ئادەملىرىگە: «بىز گۈلخاننى جاڭ گوخۇاغا بېرىدىغان بولدۇق، ئۆزى كېلىپ توي مەراسىمىغا قاتنىشىپ، نېكادىن ئۆتسۇن» _ دەپ خەۋەر بېرىشتى. بەلگۈلەنگەن كۈنى جاڭ گوخۇا 33 نەپەر قۇراللىق ئەسكىرىنى باشلاپ شوپۇغا يېتىپ كەلدى. مەراسىم باشلىنىپ، ھاراق-شارالار ئىچىلگەندىن كېيىن نېكا ئوقۇتىمىز دەپ جاڭ گوخۇانى ھۇجرە ئۆيىگە باشلاپ كىرىشتى. بۇ ئۆيدە قىزچە ياساندۇرۇپ قويۇلغان ئىمىن ئىسىملىك قاۋۇل ژىگىت (گۈلخاننىڭ ئاشىغى) جاڭ گوخۇانى قۇچاقلىغان بولۇپ، بىقىنغا پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ ئارىدا تالادىكى ژىگىتلەر 33 نەپەر چېرىكنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، قۇرال-ياراقلىرىنى قولغا چۈشىرىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى بىلەن چېگارىنىساقلاۋاتقان 70تىن ئارتۇق چېرىكلەر يوقىتىلىپ، 77 دانە قۇرال قولغا چۈشىرىلىدۇ. موشۇ قۇراللار بىلەن قۇراللانغان خەلق قوزغىلىپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باشقا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارمۇ كەينى-كەينىدىن قوزغىلىپ، ئۆز يېرىدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بېسقۇنچى چېرىكلىرىنى يوقىتىشقا كىرىشىدۇ. قۇمۇلنىڭ 12 تاغ ژىغىسىدىكى خەلقلەرمۇ قىلىچ-نەيزە، تاياق-توقماقلار بىلەن قۇراللىنىپ ئۆز يېرىدىكى خىتاي چېرىكلىرىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىە تارىختا 1931-ژىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى «قۇمۇل قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالدى.

## 2§. قۇمۇل ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى

1931-ژىلى 5-ئاينىڭ 19-كۈنى قۇ مۇللۇق سالى دورغا 50-40 كىشىلىك كىچىك ئوترياتىنى باشلاپ، قۇمۇل شەن يامۇلىغا (ناھىيەلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بېسىپ كىرىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى

بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيەردىكى قۇرال-ياراقلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. غەنىمەت ئېلىنغان قۇراللار بىلەن قۇراللانغان قوزغىلاڭچىلار ناھىيە بازىرىنى ئىگەللەپ، ئۆز كونتروللۇقىغا ئالىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى يېزا ئادەملىرى كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن خەۋەر تاپقان ئۆلكە دۇدۇسى جىڭ شۇرېن قوراللىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ناھىيە مەركىزىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھەربىي كۈچى ئاجىز بولغان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقتىن، ئامالسىز تاققا قاراپ چېكىنىدۇ. شۇ ئارىدا غوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ پالگانلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. (غوجىنىياز ھاجى ئەسلى قۇمۇللۇق بولۇپ، 1912-يىلىدىكى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ سۈيىقەست قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۆرتالا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. سوۋېت ئارمىيىسىگە خىزمەت قىلىپ، ھەربىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى مەرگەن سەردار ئىدى). غوجىنىيازدىن قورقۇپ كەتكەن خىتاي ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۆكۈنۈۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار شەھەر سېپىلىنى دەرھال ئالالمىغان بولسىمۇ، قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى يۇرتلىرىدىكى خەلق قوزغىلىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى-ئۆزلىرى ئازات قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان جىڭ شۇرېن قوزغىلاڭچىلارنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىپ، قولدىن كەتكەن يۇرتلارنى قايتۇرۇۋېلىش مەخسىتىدە، قۇمۇل دىيارىغا زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىدۇ. غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ھەر تەرەپتىن زەربىلەرنى بېرىدۇ. بىراق، ئازغىنا كۈچى بىلەن كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ۋەتەننى تولۇق ئازات قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن غوجىنىياز ھاجى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى تېپىش مەخسىتىدە سالى دورغا، ئوسمانباي، يولۋاس قاتارلىق كىشىلەرنى ئەلچى قىلىپ، خىتاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدە تۇرۇۋاتقان تۇڭگان گېنېرالى ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ما جۇڭيىڭنى ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ دىن قېرىنداش ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ كۆرۈنۈشتە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغىنى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىچىدە بولسا، موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن قۇرال-ياراق ۋە بايلىق توپلاشنى مەخسەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1932-يىلىنىڭ باھارىدا گېنېرال ما جۇڭيىڭ 200دەك قۇراللىق ئەسكىرىنى ئېلىپ، قۇمۇل دىيارىغا يېتىپ كېلىدۇ. ما جۇڭيىڭ غوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن «ئىككى تەرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ» جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش دېگەن پىكىردە بىرلىككە كېلىشىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇل سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر تېخىچە سېپىل ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر قۇمۇل شەھىرىنى تولۇق ئازات قىلىدۇ.

ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمدارى جىڭ شۇرېن قۇمۇل شەھىرىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دۇ جىڭگو باشچىلىقىدا بىر بىرىگادا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بىراق، دۇ جىنگونىڭ ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، بىر قىسىم ئوق-دورا، قۇرال-ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. دۇ جىڭگو بىرىگادىسىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان جىڭ شۇرېن شىڭ شىسەينى باش قوماندان قىلىپ، يەنە بىر بىرىگادا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. شىڭ شىسەي بىرىگادىسىنىڭ تەركىۋىدە خىتاي، موڭغۇل، شىبە ۋە ئاقرۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى. لاۋدۇڭ دېگەن يەرگە بېرىپ يېتىپ كەلگەندە قوزغىلاڭچىلار ئالدىنى توساپ زەربە بېرىدۇ. بىراق موشۇ جەڭدە ما جۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ. موشۇنى باھانە قىلغان ما جۇڭيىڭ باشتىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتى گەنسۇغا قايتىپ كېتىدۇ. موشۇنداق شارائىتتا شىڭ شىسەينىڭ ياخشى قۇراللانغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن خوجىنىياز ھاجى ئۆز پارتىزانلىرىنى باشلاپ قۇمۇل تاغلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قۇمۇل تېغىدا تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، تەرتىپكە سالدى. قۇمۇل تېغىنىڭ ئەپلىك جۇغراپىيەۋىي شارائىتى ۋە خەلقنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا تايىنىپ، ئۆزلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ كەلگەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى ئارقا-ئارقىدىن چېكىندۈرۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قۇرال-ياراق ۋە باشقا ماددىي ياردەملەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. (بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1932-يىلى يازدا ئىسمايىل تايىروۋ بىلەن بۇرھان قاسىموۋنى ئەۋەتىپ، غوجىنىياز ھاجى بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورناتقان. ھەتتا موڭغۇلىستانلىق جاڭسىن دورغا ئارقىلىق بىر قىسىم ماددىي ياردەملەرنى بەرگەن ئىكەن. بىراق، كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى غوجىنىياز ھېجىنى قوللاشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى جىڭ شۇرېننى قوللاشنى توغرا كۆرگەن!). خۇددى شۇ كۈنلەردە خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن جىڭ شۇرېن ھەربىي ياردەم سوراپ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مۇراجەت

قىلغان. ئىمە ئۈچۈندۇ غوجىنىيازدىن ئۈمۈت ئۈزگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئارقىلىق جىلىڭ شۈرېن بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزگەن. مو كېلىشىمگە مۇۋاپىق سوۋېت ھۆكۈمىتى جىلىڭ شۈرېنغا 7 دانە ھەربىي ئايروپىلان ۋە بىر توپ قۇرال-ياراقلارنى سېتىپ بەرگەن. ئايروپىلان ھايدايدىغان ئۇچقۇچىلارنىمۇ قوشۇپ بەرگەن. جىلىڭ شۈرېن موشۇ ئايروپىلانلارنى ئەۋەتىپ، غوجىنىياز ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، تاغ شارائىتىدا ئۇلارنىڭ ئانچە رولى بولمىغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاپچىلار تاغدىن تۈزلەڭگە چۈشۈپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئىككىنچى قېتىم دۈشمەنلەردىن ئازات قىلغان.

قۇمۇل ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، باشقا يۇرتلاردىكى ئېزىلگەن خەلق ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭلارنى كۆتۈرۈشتى. مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش يالقۇنى پۈتۈن ئۆلكىنى قاپلىدى، تۇرپانلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن ھەمدۇللا ئەلەم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، موسۇل ھاجىم، ئابدۇللا داموللام. سىراجىدىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرقاتارلىق كىشىلەر ئاستىرتىن ھەرىكەت قىلدى، قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرىغا ماسلىشىپ، ھەرىكەت قىلىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنى ئازات قىلىشقا ھازىرلانماقتا ئىدى. 1932 جىلىڭ شۈرېن خىتاي، موڭغۇل ۋە رۇس ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 800 كىشىلىك زور قوشۇننى توپلاپ، شىلىڭ شىسەيىنى باش قوماندان قىلىپ، قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. غوجىنىياز ھاجى بولسا، مۇنچىلىك كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالماي، قۇمۇل تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ چېكىندى. ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە بېرىپ يەتكەندە، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆلۈت، موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تەۋەدە مەلۇم ۋاقىت پانالانغاندىن كېيىن، يەنە قۇمۇل تاغلىرىغا قايتىپ كېلىپ، كۈچ توپلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.

غوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا ما شىمىن باشچىلىقىدىكى بىر تۇڭگان ئوترىيادى بار ئىدى. ما شىمىننىڭ مەخستى مىللىي-ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەس، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە بايلىق توپلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، غوجىنىياز تاغ ئىچىگە چېكىنگەن پەيتتە ما شىمىن ئۇنىڭدىن ئۇز ئۆرۈپ، باشقا يوللار بىلەن تۈزلەڭگە چۈشتى. ئۇ تۇرپاننىڭ شەرىق تەرىپىدىكى چىقتىم دېگەن يۇرتقا يېتىپ كەلدى. ئۇ غوجىنىياز ھاجىمنىڭ نامىدىن بىر مەكتۇپ يازدۇرۇپ، تۇرپان ئىنقىلاپچىلىرىغا ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«تۇرپاندىكى ئىمىنباي، مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئىبراھىم دورغىلارغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، بىزلەر نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن «چىقتىم» دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. سىلەرمۇ قوزغىلاڭغا ھازىرلىق قىلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار!» بۇ خەۋەرنى ئالغان تۇرپان ئىنقىلاپچىلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىشتى. قۇمۇل بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن دەپ، تۇرپاننىڭ شەرىق تەرىپىدىكى پىچان ناھىيەسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، (ما شىمىن ئەسكەرلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن) پىچەن ناھىيەسىنى دۈشمەنلەردىن ئازات قىلدى. شۇ ئارىدا تۇرپان ئاستانە خەلقى قوزغىلىپ بۇ ۋۆتىنىمۇ قولغا ئېلىشتى. موشۇ ئىشلاردىن كېيىن تۇرپاننىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق كىشىلەر: «ئەندى غوجىنىياز ھاجىمنى قارشى ئېلىپ، ئاستانىغا باشلاپ كېلەيلى»-دەپ بارسا، لۈكچۈندە غوجىنىياز ھاجىم يوق بولۇپ چىقدۇ. ئاز ساندىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىلا بار. بۇ كىشىلەر ئىلاجسىز ئەھۋالدا ما شىمىننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاستانىغا باشلاپ كېلىشىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاستانە ئەتراپىدىكى لۈكچۈن، قاراغوجا، لەمجىن، مۇرتۇق ۋە باشقا يېزىلاردىن 3000دەك دېخانلار پىدايى بولۇپ كېلىپ، ئىنقىلاپچىلار سېپىگە قوشۇلدۇ. ھەربىي قۇراللىرى ناچار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ پىداكارلىغى بىلەن جەڭ قىلغان قوزغىلاڭچىلار 1933-ژىلى 2-ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىنى دۈشمەنلەردىن تولۇق ئازات قىلىۋالدۇ. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا نەچچە يۈزلىگەن مىلتىق، ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئېلىشىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جىلىڭ شۈرېن ئەۋەتكەن كۈچلۈك ئەسكەرلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلىغان ما شىمىن ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىغا خەۋەر قىلماي تۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قاراشەھەرگە قېچىپ كېتىدۇ.

جىلىڭ شۈرېن قولدىن كەتكەن تۇرپاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەي زىخۇي (جاڭ فېيۇەن) باشچىلىغىدا 12 ماشىنىدا توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن قۇراللانغان قوشۇننى ئەۋەتكەن ئىدى. تۇرپان ئىنقىلاپچىلىرى ئالدىنى توساپ، قاتتىق زەربە بېرىلگەنلىكتىن، بەي زىخۇي قېچىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن قۇرال-ياراق، ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئېلىشتى.

جىلىڭ شۈرېن ئۆزىنىڭ خىتاي چېرىكلىرى بىلەنلا ئىنقىلاپچىلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى چۈشەندى. ئىلى، چۆچەك، ئالتاي تەۋەسىدە ئولتىراقلاشقان ئاق ئورۇسلاردىن، موڭغۇل، شۈەلەردىن ئەسكەر ئېلىشقا باشلىدى. جەمى 4000 كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ، يېتەرلىك توپ-زەمبىرەك، برونوۋىك ماشىنىلار بىلەن تەمىنلەپ، شىلىڭ شىسەي باش قوماندان قىلىپ، يەنە قۇمۇلغا ئەۋەتتى. بۇ قشۇن ئەمەلىياتتا ھىمايىسىز تۇرۇۋاتقان قۇمۇل شەھرىنى ئوڭايلا قايتۇرۇۋالدى. بىراق، شۇ كۈنلەردە كورلا ۋە قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى ۋە شەھەرنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جىلىڭ شۈرېن شىلىڭ شىسەيگە بۇيرۇق چۈشىرىپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھرىنى مۇداپىئە قىلىشنى

بۇيرىدى. كۈچلۈك قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقان شىڭ شىسەي يول ئۈستىدىكى پىچان بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللىدى ۋە يەرلىك ئاھالىنى رەھىمسىز قىرغىن قىلدى. پىچان، لەمجىن ۋە لۈكچۈندىن چېكىنگەن ئىنقىلابچىلار تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپان ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاتتىق مۇداپىيە تەدبىرلىرىنى كۆرۈشتى. دەسلەپكى ئېلىشىشتىن كېيىن دۈشمەننىڭ كۈچى ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىنقىلابچىلار ۋاقىتلىق تۇرپاننى بوشىتىپ، توقسۇن، قاراشەھەر تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شىڭ شىسەينىڭ ئاق رۇس ئەسكەرلىرى ھىمايىسىز قالغان تۇرپان شەھىرىنى ئوڭايلا بېسىۋالدى.

موشۇ ئارىدا تۇرپان ئىنقىلابچىلىرى ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، قۇمۇل تېغىدا تۇرۇۋاتقان غوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئۆز پارتىزانلىرى بىلەن كېلىپ، ئىنقىلابقا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن غوجىنىياز ھاجىم 1932-ژىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل تېغىدىكى بازىسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاغىنا ئادەمنى قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، سالى دورغا، قۇربان دورغا، سوپا ئاخۇنۇم، پازىل ئاخۇنۇم ۋە مەخسۇت مۇھىتلارنىڭ ھەمرالىقىدا ھەربىي ژۈرۈشنى باشلاپ، تاغدىن چۈشۈپ، ئالدى بىلەن قۇمۇل شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى، ئاندىن كېيىن غەربكە ژۈرۈپ، پىچان، للاكچۈنلەرنى قايتىدىن ئازات قىلدى، بۇ يۇرتلارنىڭ خەلقى غوجىنىياز ھاجىنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر پىدايى بولۇپ، ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر قاتارىغا قوشۇلدى. تۇرپانلىق ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم كېلىپ، غوجىنىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. شۇ ئارىدا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈن شەھىرىنى قورشاپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز داۋام قىلغان ئۇرۇشتا ئىنقىلاپ يېتەكچىلىرىدىن ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، رەقىپ قازى قاتارلىق كىشىلەر شېھىت بولۇشتى. ئىنقىلابچىلار قورشاۋنى يېرىپ، چېقىپ كەتكەندىن كېيىن، غالجىرلاشقان دۈشمەنلەر گۇناسىز شەھەر خەلقىنى ياش-قېرى، ئەر-ئايال دېمەي قىرغىن قىلىشتى، مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىدى. ئاندىن كېيىن شەھەرگە ئوت قويۇپ، ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلگە ئايلاندۇردى. ۋەھشى دۈشمەنلەر شېھىت مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاستانىغا ئەپكېلىپ، موما ياغاچىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ سازايە قىلىشتى. شۇ ارىدا جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان جىڭ شۇرېن شىڭ شىسەيگە بۇيرۇق چۈشىرىپ، تېزدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. شىڭ شىسەي خەلقتىن بۇلاۋالغان ئولجىلىرىنى ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ، يولغا چىقتى. تۇرپانغا كەلگەندە، شەھەرنى ئىگەللەپ، ھېسامىدىن زوپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، دەرەقلەرگە باغلاپ قويۇپ، خەلقنىڭ كۆزىچە چېپىپ ئۆلتۈردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلارا قانلىق ئىزلار قالدى. دۈشمەنلەر چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىنقىلابچىلار قايتىپ كېلىپ تۇرپاننى ياڭلىۋاشتىن ئازات قىلىشتى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

سىزنى بۇ تېرىخىي ۋاقەلەردىن تېخىمۇ تولىغاراق خەۋەردار قىلىش مەخسىتىدە، ۋەتەندىشىمىز خېۋىر تۆمۈر يازغان «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تارىخىي قىسسىنىڭ بىر نەچچە ئېپىزودلىرىنى ئەينەن كەلتۈردۈم، مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ:

## قوشۇمچە ماتېرىئال

«1932-ژىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى پىچان شەھىرىدە باشقىچە تاڭ ئاتتى. قۇمۇلدىكى غوجىنىياز ھاجى قىسمىدىن بۆلۈنۈپ، قېچىپ كەلگەن تۆگگان ئوترىيادىنىڭ باشلىقى ما شىمىن ھەر قايسى يۇرتلارغا ئاتچاپتۇرۇپ:

«قۇمۇلدىن غوجىنىياز ھاجىم كەلدى. مۇسۇلمان بولساڭلار قوزغىلىڭلار!» – دەپ خەۋەر تارقاتقۇزدى. ئازاتلىققا تەشنا بولۇپ تۇرغان خەلق: «ئەندى خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغىدەكمىز!» – دېيىشىپ، خوشال بولۇشتى...

دەرۋەقە، شۇ كېچىسى ما شىمىن بىلەن تۆمۈر بوتۇڭ ئىككىسى 50 نەچچە ئادىمى بىلەن پىچانغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانمۇ بولدى. ئەسلىدە، ئۇلار غوجىنىياز ھاجى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، قارلىق تاققا چېكىنىپ كېتىۋاتقان پەيتتە چوڭ قوشۇندىن بۆلۈنۈپ، تاغ يوللىرى بىلەن پىچانغا كەلگەن تۆگگان ئوترىيادى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىزنى غوجىنىياز ھاجى ئەۋەتتى»– دەپ تونۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى...

«پىچانغا غوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ!»–دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىگىدە قاراغوجا، ئاستانە، تۇرپان، توخسۇنغىچە يەتكەن ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن ئاستانە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توخسۇنلۇقلار قوزغىلىپ، توخسۇن شەھەر بازىرىنى ئىگەللىۋالدى. ئاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قاراشەھەر، كورلا تەرەپكە قاراپ ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، 1932-ژىلنىڭ ئاخىرى 1933-ژىلنىڭ بېشىدا پىچان، تۇرپان، توخسۇن ناھىيەلىرى بىر تۇتاش ئازات قىلىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جىڭ شۇرېن جازالىغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانى

شىلىڭ شىسەيگە جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەشۇ ئۈچ ناھىيەدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن داڭ چىقارغان شۈن فايۇ بىرىگادىسىنى پىچانغا قاراپ يولغا سالدى. بۇ قوشۇن چاقماق تېزلىگىدە يول مېڭىپ، پىچانغا يېتىپ كېلىپ، ما شىمىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا تۆمۈر بوتۇڭ شېھىت بولدى. ما شىمىن قېچىپ دىغايغا بېرىۋالدى. شۈن فايۇ قوشۇنى موشۇ شەھەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، پىچان ناھىيەسىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئۈچ كۈن چاپ-چاپ قىلدى.

«غوجىنىياز ھاجى پىچانغا چىقىپتۇ!» — دەپ ئاڭلىغان توخسۇنلۇقلاردىن 80-70 ئاتلىق ئادەم «غوجىنىياز ئوترىيادىغا قوشۇلۇمىز» دەپ كېتىپ بارغاندا. خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قېلىپ، ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى.

دەل شۇ كۈنلەردە تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ما لۈيجان ئاستانىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاستانە خەلقى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئەگەر جازاقوشۇنى كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا قارار قىلىشتى. پۈتۈن ئاستانە خەلقى ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان جازا قوشۇنىغا قارشى تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتتا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 100گە يېقىن ئادەمدىن تەشكىللەنگەن جازا قوشۇنى، ھەيۋەت بىلەن شەھەرگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار كوچىنىڭ بېشىدا تۇرۇپلا 20-10 پاي ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندى بازار ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە تولۇق كىرىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى بىردىنلا ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يەر چىشلەتتى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە ئارقىلىق 100دىن ئارتۇق قورالغا ئىگە بولغان قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنى قايتا قوراللاندۇرۇپ، خېلە كۈچلۈك پارتىزان ئوترىيادىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇزاققا بارماي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىپى كەڭىيىپ، 1000-2000 ئادەمگە يەتتى.

تۇرپان ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى تېزلىكتە تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاننى ئازات قىلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. تۆمۈر جىسا مەزكۇر خەتنى ئىشەشلىك ئادەمدىن ئاستانىغا ئەۋەتىۋەتتى.

بۇ كېچە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تۇرپان، يېڭىشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بېرىش بۇيرىقىنى ئالغان ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى قىشنىڭ سوغلىقىغا قارىماستىن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشتى. بامداتقا ئەزەن ئاقىرىش بىلەن تەڭ شەھەرگە ھۇجۇم باشلاندى. بۇ شەھەردىكى دۈشمەن بېخىرامان ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ، باغرى، بۇيلۇق، يار، يەمشى، يارغول قاتارلىق مەھەللىلەردىكى خەلق تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلۈگىدىن پىدايىلارنى تەشكىللەپ، توپ-توپ بولۇشۇپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىغا قوشۇلاتتى.

يەمشىلىك 100دىن ئارتۇق ئاتلىق پىدايىلارنى باشلاپ كەلگەن ئابدۇسەمىباي سالام بېرىپ، ۋەزىيە ئېلىش ئۈچۈن قوماندانلىق شتابىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ — ھازىر يېتىپ كەلگىنىمىز 117 ئاتلىق، 8 تال قارا مىلتىق، 1 تال بەردەڭگە، 10 قىلىچ بار، قالغانلىرى تاياق-توقماق بىلەن قوراللانغان، كەينىمىزدىن كېلىدىغانلار يەنە بار — دېدى.

شاپتۇللۇقتىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق ۋە شىددەتلىك بولدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇندىمۇ قوزغىلاڭچىلار جاننى تىكىپ باتۇرلارچە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتە نۇرغۇن ئادەم چىقىمى بولدى.

بۇ ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار 200 تالدىن ئارتۇق قورال-ياراق، ئوق-دورا غەنىمەت ئېلىشتى. تۇغۇلۇپ ساپان قولۇغۇدىن باشقا نەرسىنى تۇتۇپ كۆرمىگەن دېخان باللىرى شاپتۇللۇقتىكى ئۇرۇشتا يېتەرلىك قورال-ياراققا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر كىشى ئۆزىنى شىر-يولۋاستەك باتۇر ھېس قىلىشتى. قوزغىلاڭچىلار شاتۇللۇقتىكى جەڭگە ئۇلاپلا تۇرپان، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئىچىدىكى ھېسامىدۇن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى كىشىلەر ئاممىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشى ئارقىسىدا شەھەرنى ئاسانلا ئىگەللىدى. شەھەرنى مۇداپىە قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولدى، ناھايىتى ئاز قىسمىلا قېچىپ كوناشەھەرگە كىرىۋېلىپ، جېنىنى ساقلاپ قالدى. تۇرپان يېڭىشەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن، كونا شەھەرنى ئېلىش ۋەزىپىسى كۈن تەرتىۋىگە قويۇلدى. ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى، خۇددى كۆزگە قادالغان مىقتەك، ھەممە ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. بۇ مىق ژۇلۇپ تاشلانسا، تۇرپان راۋۇنى تولۇق ئازات قىلىنغان بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، ھېسامىدۇن زۇپەر، ما شىمىنلاردىن تەركىپ تاپقان ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىندى. ھېسامىدۇن زۇپەر شەھەرنى مۇداپىە قىلىش ئىشىغا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كاتىبات ئىشلىرىغا تەيىنلەندى.

دۈشمەننىڭ چوڭ قىسمى تاڭ ئاتقاندا شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېڭىشەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا

چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كونا شەھەردىكى مالۋىجاڭ قوشۇنلىرىغا بېرىپ قوشۇلۇۋالدى. بۇ ئىككى كۈچ بىرلەشكەندىن كېيىن ئەتىسىدىن باشلاپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى «شا!» دېسە، «شا!» دەپ ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئۈستىدىن ئوق ئېتىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەن چېرىكلىرى ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي:

«زىۋازىلار! مىلتىقلىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇڭلار!»ـ دەپ ۋاقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق گەلىرىگە زەردىسى قايناپ، تىت-تىت بولغان جەڭچىلەر:

«ھېسامىدۇن ئاكا، دۈشمەنلەر يامان ھەددىدىن ېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ باققان بولساق! دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ، راسا بىر تۇتۇشمىغىچە، قوساق كۆپىگىمىز چىقمايدۇ!»ـ دەپ ۋاقىراشاتتى. دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، جاجىسىنى بېرىپ قويۇش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ھېسامىدۇن زۇپەر بىر دۇكان ئالدىدىكى كاتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۆپچىلىككە قاراپ سۆز قىلدى.

— قېرىنداشلار پىدائىيلار! دۈشمەنلەرگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويۇش پەيتى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇچەيلىرىنى چۇگۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىمىزمۇ؟

— كىرىمىز، كىرىمىز!ـيۈزلىگەن پىدائىيلار بىر كىشىدەك ۋاقىراپ، ئۇنىڭ خىتابىغا ئاۋاز قوشتى.

دەرۋازا كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. تەخ تۇرغان 200دەك ئادەم تومىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك، دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ دۈشمەنگە ئۆزىنى ئۇردى. دۈشمەنلەرمۇ بوش كەلمەي، ئوق-يامغۇرنى ياغدۇردى. بىر مۇنچە پىدائىيلارغا ئوق تېگىپ ژىقىلدى، شۇندىمۇ پىدائىيلار توختاپ قالماي، دۈشمەن سېپىنى دەسسەپ-چەيلەپ، ئالدىغا كەلگەننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. تالاپەتكە ئۇچرىغان دۈشمەنلەر جېنىنى قاچۇرۇپ، كونا شەھەر سېپىلىغا ئارانلا كىرىۋېلىشتى.

جەڭدە شېھىت بولغانلار تەنتەنىلىك ھالدا دەپنە قىلىندى.

غوجنىياز قىسىملىرىدىن ئايرىلىپ، پىچان، تۇرپانلارغا كەلگەن تۇنگان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىغى ما شىمىن:

«غوجنىياز ھاجى كەلدى، قوزغىلاڭچىلار!»ـدەپ خەلقنى قوزغاپ قويۇپ، چىڭ كەگەندە خەلقنى بالاغا قويۇپ، ئۆزى يوشۇرۇن ھالدا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قاراشەھەرگە قېچىپ كەتتى. تېخى ئاخشام كەلگەن ما شىمىننىڭ بۇگۇن ئەتىگەنلىكتە توخسۇن تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر تەرەپتىن ھەيران بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاچچىقى كېلىپ، غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى.

— بۇ قانداق قىلغىنى؟ شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن ۋاقىتتا، ئازغىنا ئادەم بىلەن بۇ ياققا كېلىپ، ئۆزىنى «غوجنىياز ھاجى ئەۋەتتى» دەپ، خەلقنى ئالداپ، پىچان خەلقىنى قوزغاپ قويۇپ، كۆچى يەتمىگەندە قېچىپ دىغايغا بېرىۋالدى. ئۇنىڭ بالاسىغا قالغان پىچان خەلقى ناھەق قىرغىن قىلىندى. بۇنىڭ ئۇگالى كىمگە؟ مانا ئەندى قاراشەھەرگە قاچىدۇ، بۇ نېمە قىلغىنى؟ ئەتە دۈشمەن كېلىپ، تۇرپاندىمۇ نەچچە مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىسا، بۇنىڭ ئۇگالى كىمگە بولماق؟ـئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي، تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— ياق بولمايدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھازىرلا توخسۇنغا ئادەم ئەۋەتەيلى، ما شىمىننى قايتۇرۇپ كەلسۇن!

خەتنى يېزىپ توخسۇنغا ئەۋەتىش ئالدىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇمۇلغا كەتكەنلىكى، ماخمۇت سىجاڭنىڭ قىسىملىرى تۇرپاننىڭ چەت-ياقا يۇرتلىرىدا چېچىلىپ ژۇرگەنلىكى، شىڭ زىخۇيىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىلىق خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەر ھەر قانداق كىشىنى گاڭگىرىتىۋېتەتتى.

شارى ئەھۋالنى ئوشاشقا تىرىشىپ، توخسۇنغا خەت يېزىپ ئادەم ماڭدۇردى. يەنە خەت يېزىپ مەخسۇت سىجاڭغىمۇ ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى.

— توخسۇندا كەتكەن ئادەمدىن خەۋەر يوق. دىغايغا كەتكەن ئادەممۇ جىم بولۇپ كەتتى. ئەندى قانداق قىلغۇلۇق؟! شاىر تىت-تىت بولۇپ، ئۆيدىن تالاغا چىقاتتى، يەنە قايتىپ كىرەتتى. زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ تۇرپاننى تاشلاپ نەگە كېتىدۇ. ئۇغۇ جان قاچۇرۇپ كېتەر، تۇرپان خەلقى قانداق قىلىدۇ؟ ئىنقىلاپچىلار نېمە ئۇچۇن چېكىنىدۇ؟ خەلققە تايىنىپ، كەلگەن دۈشمەنگە تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش كېرەك ئىدىغۇ. ما شىمىننىڭ كاساپىتىدىن كۈچلەر چېچىلىپ كەتتى. بۇ ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولماي نېمە؟!

شاىر شەھەرگە يېقىن بىر ئۆيدە خەت-چەكلەرنى، قول يازمىلارنى ژىغىشتۇرۇپ، چىمودانغا سېلىۋاتاتتى.

— جېنىم بالام. مېنىڭ ژۇرىگىم ئەنسىرەۋاتىدۇ. ئۆزلىرى بىر تەرەپكە كەتكەن بولسا بوپتىكەن-دېدى نىياز خېنىم ئوغلىغا قاراپ.

— ھېچ داقىسى يوق، ئانا! دېدى شاىر تەمكىنلىك بىلەن.

— بۇ خەق قارا قارغىدەك كېلىۋەردى. شۇنىڭغا قاراپ ئەنسىرەيمەنغۇ-دېدى ئانا.

مېنىڭ ھېچ يەرگە كەتكۈم يوق-دېدى شائىر قەتئىي ئاھاڭدا. كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىدە پارىلداپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ، تەسەللا بەرمەكچى بولدى:

- مېنىڭ ئۆزلىرىدىن بىر دەممۇ ئايرىلغىم يوق. ئاتىلىرىمىز، ئانىلىرىمىزنى ئوت ئىچىدە قالدۇرۇپ، قېچىپ نەگە باراتتۇق؟ بۇ قېتىم ما شىمىنىڭ قاچقانلىقى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزنىڭكىلەرنىڭمۇ چېكىنگەنلىكى پۈتۈنلەي خاتا بولدى. بىز ئۆز شەھىرىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم ئىدى.

نىياز خېنىم ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قايىل بولغاندەك قىلسىمۇ، بەرى بىر قاتتىق ئەنسىرەش ئىچىدە تۇراتتى.

- دۈشمەن تۇرپاندىمۇ پىچاندىكىگە ئوخشاش قىرغىنچىلىق ژۈرگۈزسە، بۇنىڭ ئۇگالى كىمگە بولماق؟ بىر خىيالىمدا شىڭ زىخۇنىڭ ئالدىغا كىرسەممىكىن دەيمەن!

- ئاتتام!-دېدى چۆچۈپ كەتكەن نىياز خېنىم.

شىڭ شىسەينىڭ خىتاي، رۇس موڭغۇل ۋە شىۋەلەردىن قۇرۇلغان ئەسكەرلىرى ئاخىر ئىنقىلاپچىلارنى قولغا چۈشەردى. 1932-ژىلى مارتنىڭ سوغ بىر كۈنى مەھبۇسلار جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەپنىڭ ئالدىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا زەررىچە قورقۇش ئالەمەتلىرى كۆرۈنمەتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇ خۇشخۇيلۇق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەرگە، ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان كوچىلارغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تويماستىن قاراپ كەلمەكتە. ژىراقتىن قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېچ قاچان بۈگۈنكىدەك باتۇر، كۆركەم قىياپەتتە كۆرۈنگەن ئەمەستى. تۆمۈر جىسا ھاجى بولسا، خۇددى پىرىستاندا يېڭى توختىغان كېمىدەك، كەڭ كۆكرىگىنى ئىككى تەرەكە چايقاپ، سۆزلەپ كەلمەكتە.

- ئاغىنىلەر، يۇرتداشلار، تۇققانلار، قېرىنداشلار، مەندىن رازى بولۇڭلار! ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلۇم سىمىراخۇننىڭ باللىرىغا مىراسىمدىن بىر ئوغۇللۇق بېرىڭلار. بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، ئاڭلاپ قېلىڭلار. بۈگۈنكى بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ قېلىڭلار. ھېچ قاچان ئۇنتۇماڭلار. ئەۋلاتلىرىمىزغا ئېيتىپ بېرىڭلار!

جاللاتلار بۇ 17 ئادەمنى 10-8 مېتر ئارىلىق قالدۇرۇپ باغلاپ، ھايداپ كەلمەكتە ئىدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ئىككىدىن جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ۋاقىتلىق شتاب قىلىنغان ئۆيلەردىن بىر توپ ئوفىسېرلار چىقىپ كەلادى. ئۇلار تاماشە كۆرۈشكە چىققان ئاق ئورۇسلار ئىدى. ئۇلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئادىغا كەلگەندە توختاپ، باشتىن-ئاياق سەپ-سېلىپ ئۆز ئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا باغلانغانلارنىڭ ھەر بىرى گويا بىر ئارسلاندەك، غەزەپكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ قارىشاتتى. يان قۇرال ۋە قىلىچ ئاسقان، ئەلەپپي شىم ۋە خروم ئۆتۈكلەرنى كىيگەن بۇ ئوفىسېرلار خۇددى قار ئۈستىدە دەسەپ ماڭغان ئېيىقلاردەك، غاچىلداپ قەدەم بېسىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە: «پويېت، پويېت!» دېيىشىپ ئۇزاغىراق توختاشتى. قارا قاش، قارا كۆز، يۇمۇلاق يۈزلۈك، كېلىشكەن قامەتلىك شائىر زەررىچە قورقماستىن، ئادالەت، ھەققانىيەت نۇرى بىلەن قۇياشتەك چاقنىغان كۆزلىرىدە ھەر بىر ئوفىسېرغا تىكىلىپ قاراتتى.

ئوفىسېرلار ئۆز ئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، شائىرغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئېگىز بويلۇق، شاپ بۇرۇتلۇق بىرسى ئالدىغا چىقىپ، شائىرغا قاراپ: «پويېت» دەپ قولىدىدىن قارىس چىقىرىپ، مەسقىرە قىلغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ تۈكلۈك تاشلانغان بىر چېكىم ناستەك، كۆپ-كۆك كۆزلىرىدىن زەھەر چېچىلىپ تۇراتتى!

- ئاچىل، ئاچىل. چتو ئاچىل؟!-دېدى ئۇ قادىلىپ تۇرۇپ.

- ئاچىل، ئاچىل، گۆك ئاچىل!-دېدى شائىر تەپ تارتماستىن.

- كاۋي گۈل ئاچىل؟-دېدى ئىدق ئورۇس ئەسەبىيلىشىپ.

- قىزىلگۈل ئاچىل!-دېدى شائىر ژۇقۇرى ئاۋازدا.

سوۋېت قىزىل ئارمىياسىدىن زەربە يەپ، بىزنىڭ يېرىمىزگە قېچىپ كېلىپ، خىتايلارغا غالچىلىق قىلىپ، جان بېقىپ ژۈرگەن بۇ ئاق ئورۇسقا «قىزىلگۈل» دېگەن سۆز ياقمىغان بولسا كېرەك، ئۇ تاتىرىپ كېتىپ، قولىنى قىلىچىنىڭ دەستىسىگە ئۇزاتتىيۇ، بىراق، قىلىچنى چاپماي نېرى كېتىپ قالدى. تېخى بۇيرۇق چۈشىرىلمىگەن، بىراق، دەھشەتلىك مىنۇتلار يېقىنلاشماتا ئىدى. جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، تەقازالىق بىلەن بۇيرۇق كۈتۈشەتتى.

- بۇيرۇق!-دەپ ۋاقىرىدى جاللاتلار باشلىقى ياغاق ئۈز خىتاي.

## §3. 1932ــ1934 ژىللاردا جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى ۋاقىئەلەر

### كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى

ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇمۇل ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردىن كېيىن ئاخىر ئازات قىلىندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان توخسۇن ئىنقىلاپچىلىرى ئۆزلىرى ئۇيۇشۇپ، تونتى ئاخۇن دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ سايلاۋېلىشتى. توختى ئاخۇن تۇرپان ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆز ژۇتداشلىرىدىن پىدايىلار ئوترىيادى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىچىك ئوپېراسىيالەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دۈشمەندىن تارتىۋالغان قۇراللار ھېساۋىغا ئۆز ئەسكەرلىرىنى قۇراللاندۇردى. ئاخىرىدا توخسۇن ناھىيەسىنى تولۇق ئازات قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ما شىمىن قاراشەھەردىن توخسۇنغا كېلىپ، بۇ غەلىبىنى تەبرىكلىدى. توختى ئاخۇنغا «تۇەنجاڭ» (پولك كوماندىرى) ئۇنۋانىنى بەردى. ما شىمىننىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن 1932-ژىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى توختى تۇەنجاڭ ئۆز ئوترىيدىنى باشلاپ، كۇچاغا قاراپ ژۈرۈش قىلدى. توختى تۇەنجاڭنىڭ تۆمۈر ئىسىملىك ئاكىسى بولۇپ، شۇ كۈنلەردە كۇچادا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى كىشىلەر تۆمۈر شاڭيۇ دېيىشەتتى. ئۇ توخسۇندا بولغان ۋاقىئەلەرنى ئاڭلاپ، ئىنقىلاپقا قوشۇلۇش مەخسىتىدە يولغا چىققان ئىدى. بۈگۈرنىڭ چېدەر دېگەن يېرىگە كەلگەندە، تۆمۈر شاڭيۇ ئىنىسى توختى تۇەنجاڭ بىلەن ئۇچراشتى. نەق شۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەينىڭ جازالىغۇچى قوشۇنى پىچان، تۇرپانلاردا قىرغىنچىلىق ژۈرگۈزۈپ، توخسۇنغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋە كەلدى. توختى تۇەنجاڭ ئۆز ئوترىيادىنى ئاكىسى تۆمۈرگە تاپشۇرۇپ، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىش ئىشىنى ئاكىسىغا ھاۋالە قىلىپ ئۆزى يۇرتداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن توخسۇنغا قايتىپ كەلدى. شۇ ئارىلىقتا جازالىغۇچى قوشۇنلارمۇ كېلىپ قاغان ئىدى. ۋاقىت قىس بولغانلىقتىن، قوشۇن تەشكىل قىلىشقا ئۈلگىرەلمىگەن توختى تۇەنجاڭ 100دەك ئادىمى بىلەن توخسۇننىڭ قارابۇلاق دېگەن يېرىدە شىڭ شىسەينىڭ 2000دىن ئارتۇق ياخشى قۇراللانغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بەردى. كۈچلەر مۇتلاق تەڭسىز بولغان بۇ ئۇرۇشتا توختى تۇەنجاڭنىڭ ئوترىيدى دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەممىسى باتۇرلارچە قۇرۇۋان بولۇشتى، بىرسىمۇ دۈشمەنگە تەسلىم بولمىدى! جازالىغۇچى قوشۇن توخسۇن شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، 1000دىن ئارتۇق بىگۇنا ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىدى!

تۆمۈر شاڭيۇ ئىنىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوترىيادىغا چېدىردىن ئىمىن باشلىق پىدايىلار، بېشىسارىدىن ئېلى ئاقساقال باشلىق پىدايىلار كېلىپ قوشۇلىدۇ. تۆمۈر شاڭيۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى قارا مىللىتىق ۋە ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى ئازات قىلىش ئىرادىسى كۈچلۈك، ئىنقىلاۋىي روھى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار بۇەئۇرنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۈگۈرلۈك نىياز خەلپە دېگەن كىشى ئۆز ژۇتداشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بۈگۈرنى ئازات قىلىۋالدى. تۆمۈر خەلپە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن نىياز خەلپىمۇ ئۆز ئوترىيادى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئاندىن كېيىن تۆمۈر شاڭيۇ كۇچا شەھىرىگە ژۈرۈش قىلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى شاماباغ دېگەن يېرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. تۆمۈر شاڭيۇغا كۇچالىق مۆتىۋەرلەردىن ھامۇتخان، ھەمدەمبەگ ھاجى، ئابدۇللا غوجا، ئەخمەتخان ۋە باشقىلار كېلىپ قوشۇلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەن خىتاي چېرىكلىرى قورقۇپ كېتىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سېپىل دەرۋازىلىرىنى مەككەم بەكىتىۋالدى. ھەر ئىككى تەرەپتە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللىنەدى. موشۇنداق بىر ۋاقىتتا ما شىمىننىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، جەڭگە قاتناشماستىن، شەھەرنىڭ چە-ياقا مەھەللىلەرگە كىرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىدى. خۇسۇسەن ئۇيغۇر بايلىرىنى «بىزگە ئالتۇن بېرىسەن» دەپ ئۇرۇپ-سوقۇپ ۋەھشەرچە قىينىدى. تۆمۈر شاڭيۇ تۇڭگانلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى توساپ، يەرلىك خەلقنى ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقمىسۇن دەپ، ئۇلارغا قاتتىق مەۋقەدە بولالمىدى. تۆمۈر شاڭيۇ سېپىلنىڭ ئىچىدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇپ، قۇرال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئەلچىلەرنى كىرگۈزدى. لېكىن خىتاي شەنجاڭ (ھاكىم) ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشنى سورىدى. بۇنىڭ كەينىدە بىر شۇملۇق بارلىقىنى پەملىگەن تۆمۈر شاڭيۇ ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن قايتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، كۇچا سېپىلىغا ئۇمۇمىي ھۇجۇمنى باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا كېروسىن چېچىپ، ئوت قويۇۋەتتى. دەرۋازا كۆيۈپ ژىقىلدى. ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن قوزغىلاڭچىلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىگە ئات سېلىپ كىرىپ كېتىشتى. قورقۇپ كەتكەن خىتاي ئەمەلدارلىرى بالا-جاقىسى بىلەن ئوق-دورا سكلادىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، سكلادنىڭ ئىچىگە ئۆزلىرى ئوت تاشلاپ پارتلىتىۋەتتى. كۈچلۈك پارتلاش شەھەرنى زىل-زىلىگە كەتۈردى. قاپ-قارا ئىس-تۈتەك ئاسمانغا كۆتىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي

ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلدى. كۇچا شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر شاگىيۇ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى بار ھەمدەمبەگ ھاجىمنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۆز قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ چىقتى. يەنى 10 ئەسكەر 1 بۆلۈم، 30 ئەسكەر 1 ۋزۋود، 100 ئەسكەر 1 روتا قىلىپ تەشكىل قىلىندى. تۆمۈر ئۆزى بولسا، «تۇەنجاڭ» (پولك كوماندىرى) دەپ ئاتالدى (شۇ چاغدا ھەربىي ئاتالغۇلار خىتايچە ئاتىلاتتى).

كۇچا شەھىرى ئازات قىلىنغاندىن كېيىن خەلق ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ۋاڭ ئەۋلادىدىن كېلىپ چىققان مەفزىنى ھاكىمى قىلىپ سايلاشتى. «تاسما يېگەن ئىشتىنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالمايدۇ» دېگەندەك، ئەزەلدىن مانجۇ-خىتايلارغا سادىق خىزمەت قىلىپ كەلگەن مەفزى، ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، تۆمۈر تۇەنجانغا قارشى قارشى پىتنە-ئىغۋا ئۇيۇشتۇردى. بىراق، تۆمۈرنى خەلق ھىمايە قىلغانلىقتىن، مەفزى ۋاڭ مەخسىتىگە يېتەلمىدى.

موشۇ مەزگىلدە ما شىمىن باشلىق تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ زورلۇق-زوراۋانلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇلار «بىزدىن رۇخسەتسىز ئىش قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن بوگۇر شەھىرىنى ئازات قىلغان ھادى ئەلەم قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، موما ياغاچلارغا ئېسىپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلاردىن ئولجا ئېلىنغان قۇراللارنى تەڭ بۆلۈۋالىمىز دەپ چاتاق قىلىشتى. بۇ ئىشلارغا تۆمۈر تۇەنجاڭنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئاساسىي دۈشمەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى يوقاتماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى تۇڭگانلار بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. موشۇنداق-شارائىتتا ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ مانجۇ-خىتايلار ئۈچۈن ئىشلەپ كەلگەن مەفزى ۋاڭ تۇڭگانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تۆمۈر تۇەنجاڭغا قارشى يېڭى ئىغۋالارنى تارقاتتى. تۆمۈر تۇەنجاڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۇچانىڭ تەغدىرى مەفزى ۋاڭغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرىيەنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

تۆمۈر تۇەنجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، باي ناھىيەسىنىڭ ياقئېرىق دېگەن يېزىسىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ دىۋىزىيا كوماندىرى جىن شۇجى (جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى) قول ئاستىدىكى ياڭ چىمىن تۇەنجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن بېرىپ، ئاقسۇنى مۇداپىە قىلىشقا ئەۋەتتى. ياڭ چىمىننىڭ ئەسكەرلىرى ئاقسۇدىن چىقىپ، تاجى غوراز داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا قەڭ باشلاندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى زەمبىرەكلىرىدىن توختىماي ئېتىپ تۇرسىمۇ، تۆمۈر تۇەنجاڭنىڭ مەرگەنلىرى خاتاسىز چېنەپ ئېتىپ، دۈشمەنلەرنى خېلە چىقىمغا ئۇچراتتى.. بىر كۈنلۈك سوقۇشتا 400گە يېقىن ئەسكىرىدىن ئايرىلغان ياڭ چىمىن كېچە قاراڭغۇلىقىدىن پايدىلىنىپ، قالغان-قاتقان ئەسكەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاقسۇغا قاراپ قاچىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ زەربىسىگە چىدىمىغان ياڭ چىمىن جام دېگەن يۇرتقا كەلگەندە، تىنىچ ئاھالىدىن 180 ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئاقسۇغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالماي، قاچقان پېتى مارالبېشىغا بېرىپ توختايدۇ. تاجىغوراز داۋانىدىكى سوقۇشتا قوزغىلاڭچىلار 400چە مىلتىق، 1 هارۋۇ ئوق-دورا ھەم ئىككى زەمبىرەكنى غېنىمەت ئالىدۇ. سوقۇش ۋاقتىدا ئارقىدا تۇرغان تۇڭگانلار ئولجا ئالغاندا يەنە ئالدىغا چىقىۋالىدۇ!

ياقئېرىق ھەم تاجىغوراز داۋانىدىكى غەلىبىدىن كېيىن بۇ ئوترىيادقا بايلىق ھاپىز زۇجاڭ (ۋزۋود كوماندىرى) بىلەن كورلىلىق ئېلى ھاجى قاتارلىقلار كېلىپ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر ئەسكەرلىرى بىلەن ئوفىسېرلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپىيىدۇ، قۇراللىرىمۇ ياخشىلىنىدۇ. تۆمۈر تۇەنجاڭ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ھەيۋەت بىلەن كېلىپ ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئېگەللەپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ. ئاقسۇغا كىرگەندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. شۇنىڭغا مۇۋاپىق غوجىنىياز ھجىم تەرىپىدىن تۆمۈرگە شىجاڭ (دىۋىزىيا كوماندىرى) ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىلىرى كۆپىرەك ئاقسۇ يېڭى شەھەرگە جايلاشقان ئېدى. شۇڭا قۇرال-ياراقمۇ، ئىختىسادىي بايلىقمۇ موشۇ يەردە ئېدى. بۇنى پەملىگەن تۇڭگان روتىسى يېڭىشەھەرنى ئېگەللەپ، ئۇ يەردىكى قۇرال-ياراق بىلەن ماددىي بايلىقلارنى يالغۇز ئېگەللىمەكچى بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن تۇڭگان گامازا بىلەن تۆمۈر شىجاڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ما شىمىن قاراشەھەردىن ماجەن ساڭ باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئەسكەرنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. كۆرۈنۈشتە ئىككى تەرەپتىن ياراشتۇرغان بولۇپ، قەشقەرگە قاراپ ھەربىي ژۈرۈشنى باشلايدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ دىۋىزىيا كوماندىرى جىن شۇجى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ ۋالىسى ما شاۋۇ قوشۇمچە دىۋىزىيا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئېدى. ما شاۋۇ تۆمۈر شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن يەنە شۇ ياڭ چىمىننى ئۈچ پولك ئەسكىرى بىلەن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ئۇلار يول ئۈستىدىكى تۇمشۇق دېگەن جايدا خەندەكلەرنى كولاپ، پوتەيلەرنى ياساپ، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. تۆمۈر شىجاڭ بولسا، 20 كىلومېتر ژىراقلىقتىكى تەكتوغراق دېگەن يەرگە كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ما جەنساڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە ھەل قىلغۇچى ئۇرۇش باشلاندى.

تارىخچىلارنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولغان. ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم زور بولغان، لېكىن تۆمۈر شىجاڭ قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرگە ھەر قايسى ژۇتلاردىن توپ-توپ پىدائىيلار كېلىپ قوشۇلۇپ تۇرغان. شۇنداقلا ما شاۋۇ قوشۇنىدىكى 30دەك ئۇيغۇر ئەسكەرلەر قۇراللىرىنى ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپى بارغانسىرى ئۇلغىيىۋەرگەن. ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ تەركىۋىدە ئاساسەن خىتاي، تۇڭگان ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرى بار ئىدى. قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ سەردارى ئوسمان ئېلى قول ئاستىدىكى ئورازبەگ، ئابلابەگ ۋە تۇجىنبەگ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇيۇقسىز ئىسيان كۆتىرىپ، تۆمۈر شىجاڭنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. نەتىجىدە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى، دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى.

ئوسمان ئېلىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىگە ئۆتكەن ئەسكەرلىرى تۆمۈر شىجاڭ ئەۋەتىپ بەرگەن بويىنچە «فى سەبىلىللاھ» (ئاللا يولىدا) دېگەن خەت يېزىلغان ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى لەپىلدىتىپ، ئاتۇش شەھىرىگە كىرىپ كەلگەندە، پۈتۈن خەلق خوشال-خورام قارشى ئېلىشتى. ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش خەلقىدىن تاشقىرى باشكىرەم، قوغان، سەمەن قاتارلىق ژۇتلارنىڭ ياشلىرى پىدائىي بولۇپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىقى شۇنچىلىك ئۈستۈن بولدىكى، ئۆزلىرى مىنىدىغان ئات-ئۇلاق، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىدىن تارتىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە قەشقەردىكى دۈشمەنلەر تۆمۈر شىجاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، كىرىدىغان تۆشۈك، قاچىدىغان يول تاپالماي، تەنتىرەپ قېلىشتى. مارالبېشى سوقۇشىدا يارىدار بولغان يان چىمىن قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۆكۈنۈۋالدى. پەيزاۋات يولى بىلەن قېچىپ كېتىپ بارغان دۈشمەنلەرنى يولدا دېھقانلار ئۇرتوقماق قىلىپ يوقاتتى. يەكەن تەرەپكە قاچقان دۈشمەنلەرنى بولسا، ما جەنساڭنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەسلىم قىلىشتى. دۈشمەنلەر موشۇنداق پاراكەندە بولۇپ تۇرغان پەيتتە ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر قەشقەر كونا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشى بىلەن بۇ شەھەرنى ئازات قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كېلىشتى. قەشقەر گورنىزونىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئېلى 400دەك ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى.

شۇ كۈنى ھەيتكا مېچىتىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا-سۇنەي ئاۋازلىرى توختىماي ياڭرىدى. شەھەرنىڭ ئازات قىلىنغانلىقى شەرىپىگە 400 پاي ئوق ئېتىلىپ، زالپا بېرىلدى. خىتاي ۋالىسى ما شاۋۇ تەختتىن چۈشۈپ، دۆلەت غەزنىسى بىلەن تامغىسىنى تۆمۈر شىجاڭغا تاپشۇردى. بۇ چوڭ غەلىبە ئەسكەرلەرنىمۇ، خەلقنىمۇ خوشاللىققا چۆمدۈردى. تۆمۈر شىجاڭ قەشقەرنى ئازات قىلغاندىن كېيىن ئۈنىڭغا غوجىنىياز ھاجىم تەرىپىدىن سىلىلىك يەنى قوماندان دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. تۆمۈر سىلىڭنىڭ ھايات تەجرىبىسى بولغان بىلەن سەياسىي سەۋىياسى تۆۋەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بەزى بىر ئىشلاردا خاتالىققا يول قويدى. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ تۇققىنى ئابدۇللا داموللىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالى قىلدى، ژۇتدىشى يۇنۇسبەگنى بولسا مۇئاۋىن ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. يۇنۇسبەگ خىتايپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ تۆمۈرنىڭ سەياسىي سەۋىيەسى تۆۋەنلىكىدىن پايدىلىنىپ:

– ئاقىۋىتىمىز ياخشى بولسۇن دېسەك، بىز خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز مەركەزگە قارشى ئەمەس، يەرلىك زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەركەزگە ئىتائەت بىلدۈرۈپ، تېلېگراما ئەۋەتىشىمىز لازىم- دەپ تۆمۈر سىلىڭنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، 1933-ژىلى 7-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق خىتاينىڭ نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ۋە جاپا تېلېگراما تاپشۇرۇۋالدى. بۇ، ئەلۋەتتە، زور سەياسىي خاتالىق ئىدى... شۇ كۈنلەردە خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللا (شامەنسۇرلەر) 2500 كىشىلىك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر ئىنقىلاپچىلىرىغا ياردەم بېرىش مەخسىتىدە يولغا چىقىپ، يەكەن شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار يەكەندە بىر مەزگىل تۇرۇپ، دەم ئالغاندىن كېيىن 7-ئاينىڭ 18-كۈنى يېڭىسارغا يېتىپ كېلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان قەشقەرنىڭ ژۇت كاتتىلىرى بىلەن ئۆلىمالىرى سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللانى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يېڭىسارغا يېتىپ كېلىشتى. تۆمۈر سىلىڭمۇ يېنىغا ئەسكەر ئالماي، ئۆز ماشىنىسى بىلەن يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. ئىككىر تەرەپ ۋەكىللىرى ئۇچراشقاندىن كېيىن تۆمۈر سىلىڭ بىلەن سابىت داموللام يۈزمۇ-يۈز ئولتىرىپ سۆھبەتلەشتى. ئەسلىدە تۆمۈر سىلىڭ خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشىنى خالىماتتى. بىراق، قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى بىرلەشكەن كۈچ بىلەن يوقىتىش زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىگە ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، سابىت داموللام، ئەمىر ئابدۇللا باشلىق خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى 1933-ژىلى 7-ئاينىڭ 21-

كۈنى ھەيۋەت بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كىردى. قەشقەر خەلقى ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن، داغ-دۇغىلىق ھالدا قارشى ئېلىشتى. تۆمۈر سىلىڭمۇ ياخشى قارشى ئالغان قىياپەتتە بولدى. ئوسمان ئەلمۇ، ئەمىر ئابدۇللامۇ بىرلەشكەن كۈچ بىلەن يېڭىشەھەردىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئامما تۆمۈر سىلىڭ نېمە ئۈچۈندۇ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى ئارقىغا سۈرۈۋەردى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى پۇرسەت قولدىن بېرىلدى. ئىشلار بارغانسىرى قىيىنلاشتى. موشۇ ئارىدا بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر گەپ توشۇپ، تۆمۈر سىلىڭ بىلەن سابىت داموللامنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ قويدى. نەتىجىدە تۆمۈر سىلىڭ ئەمىر ئابدۇللاغا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. بىراق، خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان قىرغىز ئەسكەرلىرى بار ئىدى. 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىككى ئوتتۇرىدا قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئىنقىلاپقا زىيانلىق، دۈشمەنلەرگە پايدىلىق ۋاقىە ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ تەقازاسى بىلەن 8-ئاينىڭ 8-كۈنى ئەمىر ئابدۇللا ئۆز قىسمىنى تارقىتىپ، قۇراللىرىنى تۆمۈر سىلىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. تۆمۈر سىلىڭ بولسا، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللانى نەزەربەنت قىلىپ قويدى. قۇرالسىزلاندۇرۇلغان خوتەن ئەسكەرلىرىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى پىيادە يول مېڭىپ يۇرتىغا كەتمەكچى بولۇپ، چۆللەرگە ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشتى!

شۇ كۈنلەردە بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر يەكەندە تۇرۇشلۇق خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمىرى نۇرەخمەت بىلەن تۆمۈر سىلىڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق پولكىنىڭ كوماندىرى ھاپىز تۇەنجاڭ ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ قويدى. بۇ، ئەلۋەتتە، دۈشمەنلەرنىڭ ئويۇنى ئىدى. بۇنى سەزمىگەن تۆمۈر سىلىڭ پەيدا بولغان زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا يەكەندىكى ھاپىز تەنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كىچىك ئاخۇن قوماندانلىقىدىكى 300 ئاتلىق ئەسكەرنى يەكەنگە ئەۋەتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزگەن خوتەن ئەسكەرلىرى ئەمىر نۇرەخمەتنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا، قارغىلىققا قاراپ چېكىندى. بىر قىسىم ئەسكەرلەردىن ئايرىلىپ قالغام ئەمىر نۇرەخمەتنىڭ ھاپىز تۇەنجاڭ بىلەن كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭغا تەسلىم بولۇپ، قۇرال تاپشۇرۇشتىن باشقا ئىلاجى قىلمىدى. موشۇنداق ئەھۋالدا 8-ئاينىڭ 17-كۈنى ئەمىر نۇرەخمەت ھاپىز تۇەنجاڭغا قۇرال تاپشۇردى. ھاپىز تۇەنجاڭ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، قۇراللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەلىگى ھېساپلانغان قارغىلىققا ھۇجۇم قىلىپ، قۇراللىق كۈچ بىلەن ئۇنى بېسىۋالدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، گۇماغىمۇ ھۇجۇم باشلىدى. بىراق، خوتەندىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر ھاپىز قوشۇنىنى تار-مار قىلىپ گۇمانى قايتۇرۇۋالدى. ھاپىز بولسا قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

تۆمۈر سىلىڭ ئۆزىگە قول-قانات بولۇۋاتقان قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئوسمان ئېلى بىلەنمۇ يامانلىشىپ قالدى. ئوسمان ئېلى تۆمۈر سىلىڭغا قېيداپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تاققا چىقىپ كەتتى، تۆمۈر سىلىڭ بولسا، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئوسمان ئېلىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتىپ، ئۆزى ھاۋا يەپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن شامال باققا چىقىپ كەتتى. تۆمۈر سىلىڭنىڭ شامال باققا چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغان سېپىل ئىچىدىكى تۇڭگانلاردىن 60-50 كىشى سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تۆمۈر سىلىڭ باغدىن قايتىدىغان يولدا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالدى. بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز باغدىن قايتقان تۆمۈر سىلىڭ ئۆز ماشىنىسى بىلەن كۆرۈككە يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇنى كۈتۈپ ياتقان تۇڭگانلار تەرەپ-تەرەپتىن ئوق چىقىرىپ، تۆمۈر سىلىڭنى مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە شوفورى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى! تۇڭگانلار تۆمۈرنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا سېپىلنىڭ ئىچىدىكى تۇڭگانلار سىرتقا چىقىپ، قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۆمۈرنىڭ ئازغىنا ئەسكىرىنى يېڭىپ، شەھەرنى ئېگەللىدى ۋە قەشقەردە بىر كېچە-كۈندۈز قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ ژۈرگۈزدى. قەشقەر شەھىرى بىر ھەپتىگىچە رەھىمسىز تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قالدى.

قەشقەردە پاجىئە يۈز بەرگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئوسمان ئېلى ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ، 9-ئاينىڭ 5-كۈنى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، كوناشەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. تۇڭگانلار بولسا، خەلقتىن بۇلاۋالغان ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلكىنى ئېلىپ، يەنە يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۆكۈنۈۋالدى. موشۇ ۋاقەدىن كېيىن ئوسمان ئېلى ئۆزىنى «شىجاڭ» دەپ ئېلان قىلىپ، تۆمۈرنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى ۋە يېڭىشەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلدى. بىراق، تۆمۈرنىڭ قول ئاستىدىكى پولك كوماندىرلىرىدىن ھاپىز تۇەنجاڭ، ئەخمەتخان، ھەمدەمبەگ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر «غوجنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بارىمىز» دەپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئوسمان ئېلىدىن ئايرىلىپ، ئاقسۇ تەرەپكە كېتىپ قالدى. يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى يەنە ئاجىزلاشتى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بۇ ئورۇندا تۆمۈر سىلىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سەپدىشى خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقاتماستىن، ئۆز دۈشمەنلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆز قېرىندىشى بولغان خوتەن

ئىنقىلاپچىلىرىغا زەربە بەردى؟-دېگەن قانۇنىي سوئال تۇغۇلىدۇ. بىرىچە تۆمۈر سىلىڭ قەشقەردە يالغۇز ئۆزى ھۆكۈمران بولۇشنى خالىغان، بۇ ھۆكۈمرانلىقىقا خوتەنلىكلەرنىڭ شېرىك بولۇشىنى خالىمىغان، يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى تۇڭگانلارنى بولسا، ئانچە خەتەرلىك ئەمەس دەپ خاتا ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى سەۋەپ: تۆمۈر سىلىڭنىڭ موشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنى كۈشكۈرتۈپ خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىغا قارشى قىلىپ قويغان. نېمە بولسا بولسۇن، تۆمۈر سىلىڭنىڭ موشۇ خاتالىقى ئۆزىنىڭ بېشىنىمۇ يېدى، ئىنقىلاپنىمۇ زىيانغا ئۇچراتتى. بىز بۇ خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

تارىخنى ئۆگىنىشتىن مەخسەت ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ژۇقۇرىدىكى ۋاقىئەلەردىن خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ دەۋىر تارىخىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى تۆمۈر سىلىڭ جاسارەتلىك، باتۇر ئادەم بولغان. بىراق، ئوقۇمىغان نادان ئادەم بولغاچقا، نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى، ژىراقنى كۆرمەيدىغان ئادەم ئېدى. شۇ سەۋەپتىن، خىزمەت جەريانىدا تۆۋەندىكى خاتالىقلارنى سادىر قىلدى:

1. خىتايپەرەس يۇنۇسبەگنىڭ گېپىگە كىرىپ، «بىز جۇگودىن ئايرىلمايمىز» دەپ نەنجىنگە تېلېگراما ئەۋەتتى ۋە جاۋاپ تېلېگراما ئالدى.

2. خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سابىت داموللام، ئەمىر ئابدۇللالار بىلەن بىرلىشىپ، يېڭىشەھەردىكى ئاساسىي دۈشمىنى تۇڭگانلارنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا، بۇ ئىنقىلاپچىلارنى نەزەربەنت قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى قۇرالسىزلاندۇرۇپ، قەشقەردىن قوغلاۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتلىرىغا يېتەلمەي، چۆللەردە ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتا ئۆلۈپ كېتىشتى.

3. سابىت داموللامنىڭ بىرلىشىپ مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىلىق تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىدى. قەشقەردە يالغۇز ئۆزى سۇلتان بولۇشنى خام-خىيال قىلدى.

4. باش قوماندان غوجىنىياز ھاجىم: «تۇڭگانلار بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كۈچنى توپلاپ، قەشقەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىڭلار!» دەپ قايتا-قايتا بۇيرۇق ئەۋەتسىمۇ ئورۇنلىمىدى. ئۇ موشۇ خاتالىقىنىڭ قۇرۇبانى بولدى.

5. 1933-ژىلى تۆمۈر سىلىڭنىڭ ئاتىسى ئەمەتئاخۇن مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، ھاجى بولۇپ قايتتى. ھەرەمدىن قايتقان ۋاقتىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ ھاجىلاردىن پوبىزد بىلېتى، ياتاق پۇللىرىنى ئالمىغانلىقىنى ئۇستىگە، ئۇزۇتۇش زىياپىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەتئاخۇن ھاجىغا بىر پەتمۇس تىللا تەغدىم قىلغان ھەم تۆمۈر پادىشاغا ئالغاچ كەتسىلە دەپ بىر مەكتۇپ بەرگەن. بۇ ئانگلىيانىڭ كورولىۋاسى (ئايال پادىشاسى) نامىدىن يېزىلغان مەكتۇپ بولۇپ، مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق جۈملىلەر بار ئېدى:

«ھۆرمەتلىك تۆمۈر سىلىڭ! سىز پادىشا بولدىڭىز، قەشقەرىيەدە ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇردىڭىز. كېلىڭ، سىز بىللەن دوست بولايلى، ئەگەر سىزگە ھەربىي كۈچ لازىم بولسا، يەتكۈزۈپ بېرىمىز...».

تۆمۈر سىلىڭ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر بارمىغىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ:

«ئۇلار ناسارا دىنىدىكىلەر تۇرسا، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ يار دەم تىلىگەندىن كۆرە خۇدادىن نۇسرەت تىلىسەك بولىدى» دەپ مەكتۇپىنى ئېتىۋارسىز قالدۇردى (خېۋىر تۆمۈر «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىئاللىرى» 4-سان، 258-بەت).

خۇددى شۇ كۈنلەردە كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىمۇ تۆمۈر سىلىڭنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش مەخسىتىدە، ناھايىتى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا نەسىللىك ئات مىنگۈزۈپ، تون كىيگۈزگەن ئېدى. تۆمۈر سىلىڭ بۇ ئىشقىمۇ: «كېڭەش ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بۇخارايى شەرىپىمىزنى ئاياق ئاستى قىلغان، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ» دەپ مەۋقە بىلدۈردى (خېۋىر تۆمۈرنىڭ ژۇقارقى ماقالىسى).

بۇ يەردە ئانگلىيا ھۆكۈمىتىمۇ، كېڭەش ھۆكۈمىتىمۇ تۆمۈر سىلىڭنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش مەخسىتىدە ھەرىكەت قىلغانلىقى ئېنىق، بىراق موشۇ ئىككى جاھانگىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىنقىلاپنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولاتتى. تۆمۈر سىلىڭ بولسا، دىنىي ھىسسىياتىغا بېرىلىپ، بۇ يارداملەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى رەت قىلغان. بىز خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

### 4§. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازات قىلىنىشى

خوتەن ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي بىۋاستە خوتەنلىك مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى بىلەن قەشقەرلىك سابىت داموللاملارغا باغلىنىدۇ. بۇ ئىككى زات ۋەتەن ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي دوستلارنى تېپىش، ۋەتەنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى پىششىق ئۆگىنىش مەخسىتىدە سەپەرگە چىقىپ، 1931-ژىلى غۇلجا شەھىرىدە تېپىشىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ھالدا ئالدىدا قىلىدىغان ئىشلار توغرىلىق ئەتراپلىق مەسلىھەتلىشىدۇ. مەسلىھەت بويىچە ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنقىلاۋىي تەشكىلات

قۇرۇش، قوزغىلاڭنى ئاۋال خوتەندىن باشلاش، خەلق ئارا ۋەزىيەتنى ئۆگىنىش، خەلق ئارا دوستلارنى تېپىش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىلىرىنى ئالدىغا قويىشىدۇ. موشۇ مەخسەتتە سابىت داموللا 1931-ژىلى روسسىيا ئارقىلىق تۈركىيا، مىسىر، سەۋدىيە ئەرەپىستانى ۋە ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، بۇ ئەللەردىكى سەياسىي ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئەللەرنىڭ سەياسىي تۈزۈمى ۋە ئىچكى-تاشقى ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشتى. بۇغرا ئەپەندى بولسا، خوتەنگە قايتىپ بېرىپ، يوشۇرۇ ھالدا ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئەزا توپلاش ۋە خەلققە تەشۋىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ مەزگىللەردە غوجىنىياز ھاجىنىڭ باشچىلىغىدا قۇمۇل ئىنقىلاۋى باشلىنىپ، كۈندىن-كۈنگە غەلىبە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. جىڭ شۇرىننىڭ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىلگەنلىكتىن، قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يېتىشمەتتى. بۇ بولسا، خوتەن ئىنقىلاۋىنى ئاسان غەلىبە قىلىدىغان شاراىتاقا ئىگە قىلدى. 1931-ژىلى 11-ئايدا سابىت داموللا ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ، بۇغرا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدا خوتەن ۋىلايىتىدە بۇغرا ئەپەندىنىڭ باشچىلىغىدا بىر ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ئەزالارىنىڭ سانى كۆپەيگەن، ئىشلار ياخشى يولغا قويۇلغان ئىدى. سابىت داموللانىڭ كېلىپ قوشۇلۇشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدى. سابىت داموللا بىلەن مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندىلەر رامزان ئېيىدا قۇرئاننىڭ جىھات توغرىسىدىكى ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىپ، خەلقنى قۇراللىق قوزغىلاڭغا دەۋەت قىلدى. رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا خوتەننىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق دىنىي ھەم مىللىي پېشۋاسى ھېساپلانغان مۇھەممەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئىنقىلاۋىي سەپكە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ كۈچى ئۇلغايدى. تەشكىلات ئەزالىرى قارا مىلتىق، نەيزە-قىلىچ ۋە ئۆزلىرى ياساۋالغان ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللاندى.

1933-ژىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ژىغىنى ئېچىلدى. ژىغىندا مۇھەممەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم قۇرۇلغۇسى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولۇپ سايلاندى. سابىت داموللا بۇ كىشىنىڭ ئەدلىيە، مائارىپ ۋە دىنىي ئىشلار بويىچە مەسلىھەتچىسى بولدى. مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى بولسا، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل باش قوماندان بولۇپ بەلگۈلەندى.

1933-ژىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەتىگەن سائات 5تە 70 كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار ئوترىيادى قاراقاش ناھىيە بازىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، شەنجاڭ (ناھىيە ھاكىمى) باشلىق دۈشمەنلەرنى يوقاتتى. 36 دۈشمەن ئۆلتۈرۈلدى، 12سى ئىلچىغا قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى.

قاراقاشنىڭ ئازات قىلىنغانلىغىنى ئاڭلىغان شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ ئادەملىرىقوللىرىغا پالتا، كەتمەن ۋە ئارا، گۈجەكلەرنى ئېلىشىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىۋەردى. 4 كۈندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئىلچىگە ھۇجۇم قىلدى، بىراق دۈشمەن ئەسكەرلىرى ياخشى قۇراللانغان ۋە تەييار ھالەتتە بولغانلىقتىن، شەھەرنى ئالالمىدى. ئەتىسى قوزغىلاڭچىلار ئۆز ئادەملىرىنى ئىككى توپقا بۆلۈپ، بىر بۆلۈمىنى قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، ئىككىنچى بۆلۈمى ئىلچىنى قورشاۋغا ئالدى. ھۇجۇم باشلاندى، بىراق، توپ زەمبىرەك، زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇنداق بولسىمۇ پىدائىيلار قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر قىسىم دۈشمەنلەرنى يوقاتتى، توپتوپ زەمبىرەك ۋە مىلتىقلىرىنى غەنىمەت ئالدى. قالغان دۈشمەنلەر سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۆكۈۋالدى. خوتەننىڭ كوناشەھىرى دۈشمەنلەردىن تولۇق ئازات قىلىندى. يېڭى شەھەر سېپىلى تۆرت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىندى.

2-ئاينىڭ 17-كۈنى دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، سېپىل ئىچىگە ۋەكىل كىرگۈزۈلدى. قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن تەسلىم بولۇشقا رازى بولدى.

خىتاي تەرەپ پۈتۈن قۇرال-ياراق ۋە ئات جابدۇقلىرىنى، ھۆكۈمەت تامغىسى بىلەن غەزىنىسىنى تولۇغى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا تاپشۇرىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ژۇقارقى شەرتلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن تەسلىم بولغانلارنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلمايدۇ.

مۇسۇلمان بولۇشنى خالىغانلارغا، مۇسۇلمان بولۇپ خاتىرجەم ياشاشقا يول قويىدۇ. ئەتىسى جۈمە كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ ژۇقارقى شەرتلەرنى ئورۇنلىرى. ئەتىسى قەشقەر تەرەپتىن بۇرۇنقى خوتەن ۋالىسى يەن دوتەيىنىڭ باشچىلىغىدا كۈچلۈك بىر قوشۇن خوتەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىغى توغرىلىق خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭغا جاۋاۋەن قوزغىلاڭچىلار قوماندانلىغى سۇبغۇتۇللا مەۋلىۋىي قوماندانلىغىدىكى 650 كىشىلىك قوشۇننى زاۋاغا قاراپ يولغا سالدى. زاۋانىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى جايلاشقان قۇمرۇبات دېگەن يەردە جەڭ باشلىنىپ، كۈن بويى ئېتىشىش توختىمىدى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنلەردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي ناھىيەلىرىدىكى (چەرچەن، چاقىلىق) خەلقلەر قوزغىلىپ، ئۆز يېرىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، بۇ ئىككى ناھىيەنى دۈشمەندىن ئازات

قىلىشتى ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. زاۋادىكى جەڭدە يېڭىلىپ قاچقان يەن دۇتەي ئەسكەرلىرى ھۇمادىمۇ تۇرالماي، ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئاخىر يەكەنگە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

1933-ژىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى نۇرەخمەت ۋە سۇبىغۇتۇللا مەۋلىۋىيلەرنىڭ قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، گۇما ۋە قارغىلىقتىكى ئىنقىلاپچىلارغا ياردەمگە ئەۋەتىلدى. بۇ قوشۇن يەرلىك قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، گۇما، قارغىلىق، پوسكام شەھەرلىرىنى دۈشمەندىن ئازات قىلىشتى. ئارقىدىن ئۆز كۈچلىرىنى راتكە سېلىپ، يەكەن شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. يەكەن شەھىرىنى ئازات قىلىش جەڭلىرى ناھايىتى قاتتىق بولدى. موشۇ جەڭدە ئوق تېگىپ، سۇبىغۇتۇللا سەردار قۇرۇۋان بولدى. بىراق، يەكەن شەھىرى ئاخىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، 1933-ژىلىنىڭ ئاپرېلىغىچە خوتەن ۋىلايىتى تولۇق ئازات بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىنىلاۋىي ھەيئەت مەسلىھەتلىشىپ، ئىلچى شەھىرىنى پايتەخت قىلىشنى قارار قىلدى. 4-ئاينىڭ 11-كۈنى ھۆكۈمەت ئىدارىسى قاراقاشتىن ئىلچىگە كۆچۈپ كەلدى. 4-ئاينىڭ 12-كۈنى (ئۈرۈمچىدە سەياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كۈنى) مۇھەممەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى خوتەن ھۆكۈمىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى.

## §5. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 12-ئاپرېلدىكى سەياسىي ئۆزگىرىش

ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1933-ژىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە قۇمۇلدىن خوتەنگىچە بولغان ئۇيغۇرستان يۇرتلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئىلى ۋادىسى بولسا، جىڭ شۇرېننىڭ مۇخالىپى جاڭ فىيۋەننىڭ قولىدا تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، جىڭ شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئاغدۇرۇلۇشقا تايىن تاپقان ئىدى. موشۇنداق شاراىتتا ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەن شىڭ شىسەي ئۆلۈۋاتقان جىڭ شۇرېننى يۆلەشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، «ئەسكەرلىرىمنى دەم ئالدۇرىمەن» دېگەن باھانە بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى نەنسەن تېغىغا چىقىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈپ، جىم يېتىۋالدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىتاي ئەسكەرلىرى ئاساسەن يوق ئىدى، پەقەت ئاق ئوروس گېنېرالى پاپىنگۇتنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر ئوترياد رۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى. مانا موشۇ رۇسلار جىڭ شۇرېننىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىنلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، جىڭ شۇرېننى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. 1933-ژىلى 12-ئاپرېل كۈنى پاپىنگۇتنىڭ رۇس ئەسكەرلىرى جىڭ شۇرېن تۇرغان جياڭ جۈن مەھكىمىسىنى قورشاۋالدى ۋە جىڭ شۇرېننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھەممە تەرەپتىن ھىمايىسىز قالغان جىڭ شۇرېن ئۆز ئائىلىسىنى ۋە مال-مۈلكىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ، سوۋېت چېگارىسى ئارقىلىق ئۆز ژۇتىغا قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن تەختتىن چۈشۈشكە ماقۇل بولدى. موشۇ كېلىشىم بويىچە، ئىسيانچىلار ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بەردى. جىڭ شۇرېن بالا-جاقىسىنى ۋە خەلقنى بۇلاۋالغان دۇنياسىنى ئىككى ماشىنىغا ژۈكلەپ 13-ئاپرېل كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، 24-ئاپرېل كۈنى چۆچەك چېگارىسى ئارقىلىق سوۋېت تېررىتورىياسىگە ئۆتۈپ، تۈركسىب تۆمۈر يولى بىلەن ئۆز يۇرتىغا كەتتى ۋە نەنجىڭ شەھىرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

جىڭ شۇرېن كەتكەندىن كېيىن ۋاقىتلىق ئالىي كومىتېت تەشكىل قىلىندى. موشۇ كومىتېت 14-ئاپرېل كۈنى ئۈرۈمچىدە ژىغىن ئېچىپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى تەشكىل قىلدى.

نەنسەندە پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان شىن شىسەي شۇ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جىڭ شۇرېندىن قالغان ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى، يەنى دۇبەنلىك مەنسۇپىگە ئولتاردى. بۇرۇنقى مائارىپ نازىرى لى يۇەنلۇڭ ھۆكۈمەت رەيىسى دەپ تونۇلدى. مانجۇرىيادىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى دىڭ چىڭغا ھەربىي ئىشلار نازىرىي مەنسۇۋى بېرىلدى. ئالىي كومىتېتنىڭ موشۇ ژىغىنىدا يەنە:

1. خەلقنىڭ ھاياتىنى ۋە مال-مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىش.
2. جىڭ شۇرېننىڭ ھاياتىغا ۋە مال-مۈلكىگە دەخىل قىلماسلىق.
3. كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، دېگەن ئۈچ ماددىلىق قارار قوبۇل قىلىندى. ژىغىن شۇنىڭدەك 44 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلدى. بۇ ھۆكۈمەت تەركىۋىدە ئاق ئوروس گېنېراللىرىدىن گىمپىركىن، پاپىنگۇت، قۇمۇل ۋاڭى نەزەربەگ، ھۇسەيىنباي، ئابدۇقادىر، ئاباۋ، تۇڭباۋ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى ژىغىنىدا ھۆكۈمەت ژۇقارقى بېرىلگەن مەنسەپلەرنى تەستىقلەپ، رەسمىيلەشتۈرۈلدى، ھۆكۈمەتنىڭ سەياسىي يولىنى ئېلان قىلدى. ئېلان قىلىنغان دىكلاراسىيادە:

– شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھوقۇقتا باراۋەر بولىدۇ.

- ھەر مىللەت ۋەكىللىرى سايلام قانۇنىغا ئاساسەن ۋە ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ.

- شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تاشقى ئالاقە ئىشلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولىدۇ ـ دېگەندەك ماددىلار بار ئىدى.

دېمەك، شىڭ شىسەي باشچىلىقىدا قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەتمۇ جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئوخشاشلا خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنىيلاشتۇرغان ئىدى.

شىن شىسەي دوبەنلىك تەختىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن قارائۇزلۇك قىلىپ، ئۆزىنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان گېمىركىن، پاپىنگۇتلارنى ۋە بىر قانچە خىتاي ئەمەلدارلىرىنى: «مېنى ھاكىمىيەتتىن ئاغدۇرماقچى بولدى»، دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ راستىنلا «دۇبەن» (مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دىكتاتور) بولۇۋالدى.

غوجىنىياز ھاجىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ما شىمىن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن قاراشەھەرگە بېرىپ، ئۇ يەرنى ئېگەللىگەندىن كېيىن يەرلىك تۇڭگانلاردىن ئەكەر ئېلىپ، ئۆزىنى خېلە كۈچەيتىۋالدى. ئۇ ئۇيغۇرستان تەۋەسىدە مۇستەقىل تۇڭگان دۆلىتىنى قۇرۇش مەخسىتىدە گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

گەنسۇدا ما بۇفاڭنىڭ قىسمىنىڭ ئاستىدا قالغان ما جۇڭيىڭ بۇ پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، 1933-ژىلى 3-ئايدا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئۇيغۇرستانغا چىقتى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ قولىدا 2000دەك ئاتلىق ئەسكەر، 3000دەك پىيادە ئەسكەر بار ئىدى. ئۇ ھىمايىسىز قالغان قۇمۇل شەھىرىنى ئاسانلا ئېلىپ، گۇچېنغا قاراپ ماڭدى. ما جۇڭيىڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان غوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولۇپ، ئالدىغا باردى. بۇ ئىككى سەردار قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى بىر جايدا ئۇچرىشىپ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى تۈزدى. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، بۇ شەرتنامىدا:

- ما جۇڭيىڭ غوجىنىياز ھاجىغا ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىشتا ھەربىي ياردەم بېرىدۇ.

- ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ھەربىي قۇرال-ياراقلارنى ۋە غەنىمەتلەرنى ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈشۈۋالىدۇ.

- ھەربىي ئىشلاردا غوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئامماھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ ـ دېگەن ماددىلار بار ئىدى.

بۇ ئىككى قوشۇن ژۇقارقى شەرلەر ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشقاندىن كېيىن ھەربىي دۈرۈشنى باشلىدى. پىلان بويىچە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچېن شەھىرىگە، غوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرى بولسا، جىمىسار شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرلەرنى ئېگەللىمەكچى بولدى. ما جۇڭيىڭ دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆپرەك جايلاشقان گۇچېنغا ھۇجۇم قىلىپ، 12 كۈندىن كېيىن شەھەرنى ئېگەللىدى. بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان 20000غا يېقىن دۈشمەن ئەسكىرىنى يوقىتىپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قۇرال-ياراقلارنى ئېگەلەۋالدى.

غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى جىمىساردىكى دۈشمەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەن تەسلىم بولۇپ، قۇرال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن «قۇراللارنى ئەتە يورۇقتا تاپشۇرۇۋالىمىز» دەپ ئۆزلىرى سىپىلدىن ژىراغىراق جايغا بېرىپ، دەم ئېلىشقا ياتتى. بىراق بۇ غەلىبىنى ما جۇڭيىڭغا شۇ كېچىسى بىر قانچە ماشىنا بىلەن كېلىپ، تەسلىم بولغان خىتاي ئەسكەرلىرىدىن 1800 دانە مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق-دورىلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، غوجىنىيازدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئەھۋالنى ئۇققان غوجىنىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ ۋاپاسىزلىقىدىن قاتتىق رەنجىدى، ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇرپان تەرەپكە ژۈرۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، «ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىۋالغىچە ئىتتىپاقىمىز بۇزۇلمىسۇن» دەپ ما جۇڭيىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزمىدى. يەنە ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى. مەسلىھەت بويىچە غوجىنىيازنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغان، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بولسا، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس، قۇتۇبى، سانجى ۋە شىخۇدىكى دۈشمەن قورغانلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ كېلىشىلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مۇنداق پىلان قۇرۇشتىكى مەخسىتى:

1. ئۈرۈمچىنى ئېلىشتا قىيىن ۋەزىپىنى غوجىنىياز ھاجىمغا ئىشتىرىپ قويۇپ، ئاسان ئالغىنى بولىدىغان كىچىك شەھەرلەرنى ئۆزىگە قالدۇردى.

2. ماناس، قۇتۇبى، سانجى تەرەپلەردە يەرلىك تۇڭگان ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنى قولغا ئالغاندا يەرلىك ئاھالىدىن ئەسكەر ئېلىپ، 20000-15000 كىشىلىك تۇڭگان قوشۇنى تەشكىل قىلغىنى بولاتتى. دۈشمەندىن غېنىمەت ئېلىنغان قۇراللار بىلەن موشۇنچىلىك ئەسكەرنىمۇ تەمىن قىلغىنىمۇ بولاتتى.

غوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قۇرال-ياراق يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قۇرال بېرىشنى سورىغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ ھېلىگەرلىك قىلىپ، قۇرال بەرمەستىن، ئازدۇ-تولا ئوق-دورا بەرگەن بولدى.

غوجىنىياز ئەسكەرلىرىگە قورال-ياراق يېتىشمەيتتى. مۇنچىلىك ئازغىنا كۈچ بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللەش ئىشەنچسىز ھەرىكەت ئىدى. موشۇنداق قورال-ياراق قىسىنچىلىقى بولۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ غوجىنىيازدىن ئوغرىلىقچە زور تۈركۈمدىكى قوراللارنى گەنسۇغا يۆتكەۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ تەكرار-تەكرار قىلىۋاتقان بۇ خىيانەتكارلىقى غوجىنىياز ھاجىنى قاتتىق رەنجىتتى. ئۇنى ما جۇڭيىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، باشقا بىر ئىتتىپاقچى تېپىشقا ياكى مۇستەقىل كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

## §6. شىڭ شىسەي، غوجىنىياز ۋە ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر

1933-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرىستاندا ژۇقارقى ناملار بىلەن ئاتالغان ئۈچ سەياسىي ھەربىي كۈچ مەۋجۇت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسەت-مۇددىئالىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە دۈشمەن كۈچلەر بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن دۆبەنلىك تەختىگە چىققان شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق تەختتە ئولتىرىش ئۈچۈن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئەمەلىي ياردىمىگە ئېرىشىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئافرىسىپۇ ئارقىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككىتەرەپلىملىك يوشۇرۇن كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى بويىچە: شىڭ شىسەي ئۆزى دۆبەن بولۇپ تۇرىدىغانلا بولسا، مۇندىن كېيىنكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىچكى-تاشقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتى ۋە يول-يورۇقى بىلەن ئىشلەشكە ۋەدە بەردى. كېڭەش ھۆكۈمىتى بولسا، ھەر قانداق شارائىتتا شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتاقتا شىڭ دۆبەننىڭ ھاكىمىيىتى، ئەمەلىياتتا بولسا، شىڭ شىسەي بىلەن ئافىسىپۇ ۋەكىللىگىدىكى رۇس-ختاي بىرلەشمە ھاكىمىيىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرىستان بولسا، ئاتاقتا ختاينىڭ، ئەمەلىياتتا روسسىيانىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، غوجىنىياز بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، غوجىنىياز ھاجىنى ئۆزىگە تارتىش، ما جۇڭيىڭنى ژىتىم قالدۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. موشۇ مەخسەتتە 1933-يىلى 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىنىڭ يېنىدىكى جىمسار ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان غوجىنىيازنىڭ ئالدىغا ئۈرۈمچىدىن ئىككى ۋەكىل ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بىرسى: شىڭ شىسەينىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى،ئاتدىيۇتانتى ئەكبەر دېگەن ئۇيغۇر كىشى، يەنە بىرى بولسا، ئۈرۈمچىدىكى كېڭەش كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى ماخمۇت غوجا دېگەن ئۆزبەك كىشى ئىدى. ۋەكىللەر غوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەكبەر شىڭ شىسەينىڭ ئالاھىدە مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ماخمۇت غوجا بولسا، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىنى ئېغىزچە يەتكۈزدى. شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«ھۆرمەتلىك، غوجىنىياز جاناپلىرى! جېڭ شۇرىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەر خەلقىنى ئېزىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلدى. شۇڭا سىلىنىڭ جىن شۇرىنغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكلىرى پۈتۈنلەي توغرا بولغان، مەن ئەزەلدىن سىزلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى زادىلا خالىماتتىم. بىراق، مەن بىر ھەربىي ئادەم بولغانلىغىم ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنماي، ئىلاجىم يوق ئىدى. يېقىندا مەن ئۈرۈمچىدە جىڭ شۇرىنغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى يوقاتتىم. ھەر ئىككىمىزنىڭ دۈشمىنى يوقالدى. ئەندى ئىككىمىز ئۇرۇشنى توختىتايلى، سىلى ئۈرۈمچىگە كەلسىلە. شىنجاڭنى ئىككىمىز بىرلىكتە باشقۇرايلى!».

ماخمۇتغوجا بولسا، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىنى يەتكۈزۈپ، شۇنداق دېدى:

«كېڭەش ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشلىرىنى خالايدۇ. چۈنكى ما جۇڭيىڭ — ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ قۇيرۇغى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشى بىز ئۈچۈنمۇ خەتەرلىك. شۇڭا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ما جۇڭيىڭنى يوقىتىش ئۈچۈن شىڭ شىسەيگە ياردەم بەرمەكچى. ئۆزلىرىمۇ بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلسىلا، بۇرۇنقىدەكلا ياردەم بېرىۋېرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى، بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسىلە. ئۆزلىرى ھاياتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېڭەش ھۆكۈمىتى كېپىل بولىدۇ» مانا موشۇ ئىككى كىشىنىڭ غوجىنىيازنى زىيارەت قىلىشىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئافرىسىپۇنىڭ ئارىغا چۈشىشى بىلەن غوجىنىياز بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا «جىمسار كېلىشىمى» دەپ ئاتالغان كېلىشىم ئىمزالاندى.

غوجىنىياز ھاجى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ۋەكىللىرى بىر قانچە قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن كېلىشىم شەرتلىرى 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى شىمىگۇلدا ئىمزالاندى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«شىڭ شىسەي دۆبەنلىك مەنسىۋى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالدىكى ۋىلايەتلەرنى باشقۇرىدۇ. غوجىنىياز ھاجى

باۋېي زۇڭسىلىڭ (گورنىزون قوماندانى) لاۋازىمى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇلدىن خوتەنگىچە بولغان يۇرتلارنى باشقۇرىدۇ. بىراق، بۇ رايونلارنىڭ ھەر ئىككىسى چىن دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى بولسا، 6-دىۋىزىيا قوماندانى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرىدۇ. شىڭ شىسەي غوجىنىياز ھاجىغا بىر مىللىون سەر پۇل، 10000 مىلتىق، 10000 ئېگەرلىك ئات بېرىدۇ (بۇ پۇل بىلەن قۇرال-ياراقلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى نەق بېرىلىدۇ، قالغان قىسمىنى بولسا، ماڭ جۇڭيىڭنى يوقاتقاندىن كېيىن بېرىلىدۇ).

غوجىنىياز ھاجى بۇگۈندىن ئېتىۋارەن شىڭ شىسەي بىلەن دوست، ما جۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەن بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ قالسا، غوجىنىياز شىڭغا ياردەم بېرىدۇ».

غوجىنىياز ھاجى بۇ شەرتلەرنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىغان ئىدى. شىڭ شىسەي بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلى ۋەدە قىلغان قۇراللارنىڭ بىر قىسمىنى نەق بەرگەن بولسىمۇ، قالغان قىسمىنى «سىلى ئاقسۇغا بارغاندا ئۈچتۇرپان چېگارىسى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز»، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. غوجىنىياز ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن كېڭەش ھۆكۈمىتىدىن مەزكۇر قۇراللارنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قارشى تەرەپ تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرىۋەردى. ما جۇڭيىڭ بولسا، غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇغا كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىنى قورشاۋغا ئالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ھەتتا ئۈرۈمچىنىڭ چەت مەھەللىرىگە يېتىپ كىرگەن ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى خەتەر ئاستىدا تۇرغان موشۇ پەيتتە كېڭەش ھۆكۈمىتى زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قوراللانغان ئۆز ئارمىياسىنى كىرگۈزۈپ، ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن، يەردىن توپ زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

شۇ چاغدا شىڭ شىسەينى ھىمايە قىلىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان سوۋېت قىزىل ئارمىياسىنىڭ ھەربىي لېتچىكى ف.پ.پولىنىن ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز شەھەرگە ئۇچۇپ كېلىپ، سېپىلنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زىغىلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلار ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىكەن. بۇيرۇققا بىناەن مەن ۋە شىشكوۋ ئىككىمىز 250 مېتىرغىچە تۆۋەنلەپ ئۇچۇپ، ئىسيانچىلارنىڭ ئۈستىگە 25 كىلوگراملىق بومبىلارنى تاشلىدۇق. شتۇرمانلار بولسا، پۇلىمېتلاردىن ئوق ياغدۇردى. ھۇجۇمدىن كېيىن سېپىلنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن جەسەتلەر ياتقانلىقىنى كۆردۇق. تىرىك قالغان ئىسيانچىلار قېچىشقا باشلىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قالغان بومبىلارنى تاشلىدۇق»

(ف.پ.پولىنىن «جەڭگىۋار مارشرۇتلار» 27-بەت).

ئۈرۈمچىنى ئېلىشتىن ئۈمىتىنى ئۈزگەن ما جۇڭيىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا بېرىپ، غوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرىگە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردا غوقىنىياز ھاجى نۇرغۇن ئەسكىرىدىن ۋە قۇرال-يارىغىدىن ئايرىلدى. كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋەدە قىلغان قۇراللىنى ۋاقتىدا بەرمىدى، شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاقسۇ خەلقى ئىئانە قىلىپ توپلاپ بەرگەن 80000 دانە قوينى كېڭەش ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ، شۇنىڭ بەدىلىگە ئاران 1000دانە مىلتىق ئوقلىرى بىلەن سېتىپ ئالالىدى (80 ياراق قويغا بىر دانە مىلتىق!) شۇنداق قىلىپ، غوجىنىياز ھاجى قىسمەن ئەسكەرلىرىنى قۇراللاندۇرۇپ، ھەربىي تەلىم ئۆگىتىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن ئاتۇشقا چۈشۈپ، 1934-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەر شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى.

## 7§. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يوقىتىلىشى

تۆمۈر سىلىڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن يېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نەزەربەنت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان سابىت داموللا بىلەن ئەمىر ئابدۇللالار نەزەربەنتلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلاندى. ئەمىر ئابدۇللا ھەر ياققا چېپىلىپ كەتكەن خوتەن ئەسكەرلىرىنى زىغىشتۇرۇپ، قايتىدىن قوشۇن تەشكىل قىلدى. سابىت داموللا بولسا، ھەر ساھادىكى ئەرباپلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مىللىي ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش مەخسىتىدە قەشقەردە «خوتەن ئىدارىسى جەمىيىتىنى» تەشكىل قىلدى. موشۇ جەمىيەت ئارقىلىق قەشقەرلىك بىر قىسىم قوماندانلار بىلەن خوتەنلىك قوماندانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى.

ئوسمان ئېلى ئۆزىنى «سىلىڭ» يەنى «قوماندان» دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىغى، ئىش بىلمەسلىگى بىلەن، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرىدىن ھەم خەلىق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاخىرىدا ئۆزىگە سادىق بولغان 1000دەك ئەسكىرىنى باشلاپ، تاققا چىقىپ كەتتى. قەشقەردە قالغان ئەسكەرلەر بولسا، ئورازبەگنىڭ قوماندانلىغى ئاستىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەردە مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى سابىت داموللاغا، ھەربىي ئىشلار ئورازبەگكە مەركەزلەشتى.

سابىت داموللا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر تەرەپتىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش تەييارلىغىنى تېزلەتتى. بىراق، ئۇ ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان غوجىنىياز ھاجى بىلەن، خوتەن

ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى مۇھەممەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇھەممەتىمىن بۇغرالار بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنىڭ ھە قىلغۇچى پەيتىدە قەشقەردە تۈركىيالىك ئەلى بەي، نەدىم بەي، مۇستاپا كەنتلى دېگەن كىشىلەر پەيدا بولدى. يەنە ئۇزاققا ئۆتمەيلا ستامبۇلدىكى «تۈركىستان بىرلىگى» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دوكتور مەجىددىن ئەخمەت دالىمبېك، تۈرك ئارمىياسىنىڭ پولكوۋنىگى ئەخمەت سۇرايىيابېك بىلەن يۈسۈپ ئەپەندىلەر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرىشىنى ئۆز قىنىدىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پانتىيۇركىستلىك ئىدىيىۋىي ئېقىمىنىڭ ئىزىغا سېلىشقا ئۇرۇندى. نەتىجىدە غوجىنىياز ھاجىم قوبۇل قىلغان «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن توغرا نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پانتيۇركىزم، پانىسلامىزىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام قوبۇل قىلىندى. بۇ بىر تارىخىي خاتالىق بولغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1933-ژىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ» قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك ھالدا جاكالاندى. 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئېلان قىلىندى. بۇ توغرىلىق «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنالىنىڭ 25-سانىدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

«1933-ژىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىۋى توغرىلىق تۆۋەندىكى باياننامە ئېلان قىلىنغان ئىدى:

ئاللا تائالانىڭ ياردەم ۋە مېھرىۋانلىقىغا، ۋە جۇمھۇر رەئىس غوجىنىياز ھاجى ھەزرەتلىرىنىڭ لايىقەتلىك ۋە سالاھىيەتلىك ۋەكىللىرىنىڭ ئىنتىپاقلىرىغا ۋە پۈتۈن لەشكەر ئىسلام باشلىقلىرى، قوماندانلىرىنىڭ ۋە بارچە پۇخرالەرنىڭ مۇۋاپىپەقىيەتلىرىگە تايىنىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستانىمىزنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۆۋەندە بايان قىلىنغان تېرىقىدە قۇرۇلدى:

| | |
|---|---|
| باش ۋەكىل | سابىت داموللا ئابدۇلباقى |
| داخلىيا نازىرى | يۇنۇسبەگ سەيىت زادە |
| خارجىيا نازىرى | قاسىمجان ھاجىم |
| مائارىپ نازىرى | ئابدۇكېرىمخان مەھدۇم |
| ھەربىي نازىرى | ئورازبەگ |
| ئۇقاۋ نازىرى | شەمسىدىن تۇردى ھاجى |
| ئەدلىيە نازىرى | زىرىپ قارى ھاجى |
| مالىيە نازىرى | ئەلى ئاخۇن باي |
| زىرائەت ۋە تىجارەت نازىرى | ئوبۇل ھەسەن ھاجى |
| سەھىيە نازىرى | ئابدۇللا خانى |
| ۋەكىللەر ھەيئىتىگە مۇپەتتىش | ھاجى ئەلەماخۇن |

مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان تەنتەنىلىك ژىغىندا ھۆكۈمەتنىڭ باش نازىرى، يەنى باش ۋەكىل سابىت داموللا ئۇمۇمىي خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ، نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتقى خەلق تەرىپىدىن كۆز ياشلىرى بىلەن ئالقىشلىنىدۇ. نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

«ئەزىز مىللىتىم، مۇختەرەم ۋەتەنداشلىرىم! ئاللا تائالاغا ھەمدۇ بېھەد، پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد بى ناھايەت دۆلىتىمىز قۇرۇلدى. دۆلەت قۇرۇشتىكى مەخسەت: مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىدا كۆپ زاماندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ھۆكۈمەتسىزلىك سەۋەبىدىن ۋۇجۇتقا چىققان ئۆز بېشىمچىلىقلارنى يوق قىلىپ، يۇرتىمىزدا تېچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى جارىي قىلىشتۇر. ئەسكىرىي ۋە ھەربىي ۋەزىپىلەر ئىخلاسلىق، لايىقەتلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇلدى. بارچە يۇرتداشلارنىڭ سەياسىي، دىنىي، مىللىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كېپىللىگى ئاستىدادۇر.

چېگارىداش خوشنا دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي مەمۇرلىرى ۋە ھەيئەتلىرى ئەمنىيەت ئىچىدە قانۇنىي ۋەزىپىلەرنى داۋام قىلدۇرمىغى مۇمكىندۇر. ئىلگىرىدىن بېرى خوشنا دۆلەتلەرنىڭ ھېچ بىرىگە قارشى ئاداۋەتتە بولۇشنى خىيال قىلمىغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پاك تەبىئەتلىك ۋىجدانلىرىغا تەرجىمان بولۇشنى داۋام قىلدۇرىمىز. يەنى ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كەلگەن خوشنا دۆلەتلەر ھەققىدىكى دوستلۇق مۇھەببەتلىرىمىزنى ئىنشا-ئاللاھ داۋام ئەتتۈرىمىز.

ئۇلۇق تۈركىستان ئۈچۈن ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قوبۇل قىلىندى. ھەر بىر يۇرتداشنىڭ مال، جان ۋە شەرىپىنىڭ ئەمنىيەتتە بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، تېچ ۋە خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دۆلەتكە ئېتىماد قىلىشلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى نازىرلەر كېڭىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، 8000 ئەسكەر ۋە

13000دىن ئارتۇق توپىلانغان خەلق ۋەكىللىرى ھوزۇرىدا 41 پاي توپ ئېتىلدى، ناغرا-سۇنەي، «ئامىن!» ئاۋازلىرى بىلەن ژۇقۇرى چىقىرىلغان ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قەشقەر ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى!».

1933-ژىلى 11-ئايدا قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھىسى ئەينى زاماندا « شەرقىي تۈركستان مۇستەقىللىك جەمىيىتىنىڭ» ئورگىنى «ئىستىقلال» ژۇرنالىدا ئېلان قىلىنغان. ئارىدىن 1 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن بېرلىندا ۋە پارىژدا نەشىر قىلىنىدىغان «ياش تۈركستان» ژۇرنالىدىمۇ ئېلان قىلىنغان. بۇ ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى ئا ق ش لىق تارىخشۇناس ئېندرىيۇ فوربىسنىڭ « شەرقىي تۈركستان ئىستىلاچىلار» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق بېرىلگەن:

پرېزىدېنتنىڭ ۋەزىپىلىرى:

1. پرېزىدېنت شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئالىي رەھبەر ۋە باش قوماندانىدۇر.

2. پرېزىدېنت مىللىي مەجلىس تەرىپىدىن 4 ژىلغا سايلىنىدۇ. پرېزىدېنت باش مىنىستىرنى ۋە مىنىستىرلارنى تەۋسىيە قىلىپ، مىللىي مەجلىسنىڭ ماقۇللىغىنى ئالىدۇ.

3. كابىنېتنىڭ قارارلىرى پرېزىدېنت تەرىپىدىن ماقۇللىنىدۇ. پرېزىدېنت چەت ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ۋە ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

4. پرېزىدېنت بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانى سۈپىتىدە باش مىنىستىر ۋە مۇداپىيە مىنىستىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئارمىياگە قوماندانلىق قىلىدۇ.

5. پرېزىدېنت كابىنېتنىڭ قارارلىرىنى رەت قىلغاندا ياكى تەستىقلىگەندە جەزمەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. چۈنكى، شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دېموكراتىك دۆلەتتۇر.

باش مىنىسىرنىڭ ۋەزىپىلىرى:

ئۇ بارلىق مىنىستىرلانىڭ باشلامچىسىدۇر. باش مىنىستىر ھەپتىدە 1 قېتىم، پەۋقۇلادە ئەھۋال ئاستىدا خالىغان ۋاقتىدا مىنىستىرلار ژىغىنىنى چاقىرالايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن پروگراممىلىرى مىنىستىرلار كابىنېتى ژىغىنىدا قاراپ چىقىرىلىپ، قارار ئېلىنىدۇ ۋە بۇ قارارلار مىللىي مەجلىسكە سۇنۇۇلىدۇ. مەجلىستە كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن تەستىقلەنسە، ئاندىن قانۇنلىشىدۇ. ناۋادا، مىللىي مەجلىس مەۋجۇت بولمىسا، كابىنېت قارارلىرى پرېزىدېنتنىڭ تەستىقلىشىگە سۇنۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىيقىدىن ئۆتكەن قارارلارمۇ رەسمىي قۇنۇلىشىدۇ. كابىنېت قارارلىرى نىزامنامە دەرىجىسىگە ئېگە. پروگراممىا لايىھىسىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تارماقلىرى، مەسلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىگى، مۇداپىيە مىنىستىرلىگى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىلىرىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، غوجىنىياز ھاجى « شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ» رەىسى ۋە ئالىي باش قوماندانى بولۇپ سايلانغان بولۇشىغا قارىماي، 1934-ژىلى 2-ئايدا قەشقەرگە كېلىپ، سابىت داموللا بىلەن كۆرۈشكەندە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ نارازىلىغىنى ئىپادىلىدى: «ئەگەر مىللىي دۆلەت قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئىسمى-شەرىپىنى «ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىماي نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىدىڭلار؟ بىز بۇ ئىنقىلاپنى ئۇيغۇرلار بىلەن قىلدۇق، جەڭلەردە ئۇيغۇرلار قۇرۇۋان بولدى. ئەندىزە، قان كېچىپ ئازات قىلغان ۋەتەنگە باشقا خەلقلەرنى شېرىك قىلامدۇق؟ ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى «ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ تۈزەتمەيدىغان بولساڭلار، مەن ھېچ نېمىگە ئارىلاشمايمەن!».

غوجىنىياز ھاجى قۇرۇۋان ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، يېڭىشەھەر ئىچىگە بېكىنىۋالغان تۇڭگانلارغا ھۇجۇم باشلىدى. بىراق ئەسكەرلەرنىڭ قۇرال-ياراق، ئوق-دورىسى يېتىشمىگەنلىكتىن، شەھەر ئېلىنماي، ھۇجۇم ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. 2-ئاينىڭ 5-كۈنى تۇڭگانلارنىڭ ھالى كېتىپ، يە تەسلىم بولۇش ياكى قېچىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. شۇ ئارىدا ئاقسۇ تەرەپتىن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىغى توغرىلىق خەۋەر يېتىپ كەلدى. غوجىنىياز ھاجى ماھمۇت مۇھىتىنى سېپىل ئىچىدىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەمىر نۇرەخمەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شەھەردىن 27 كىلومېتىر ژىراقلىقتىكى «يامان يار» كۆرۈكىگە كېلىپ، مۇداپىيەدە تۇرىدۇ. بىراق، كېلىۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلىگىنى كۆرگەن غوجىنىياز ئۇلار بىلەن ئېلىشالمايدىغانلىغىنى سېزىپ، مۇداپىيە لىنىياسىنى تاشلاپ، قەشقەرگە چېكىنىدۇ. قەشقەردىمۇ تاقابىل تۇرالمىغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق قەشقەرنى تاشلاپ، تاشمىلىققا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماخمۇت شىجاڭ بىلەن سابىت داموللالارمۇ قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، تاپقا چىقىپ كېتىشىدۇ. ھەممىدىن كېيىن ئەمىر نۇرەخمەتنىڭ قوشۇنى چېكىنىپ چىقىدۇ. قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش ئورنىنى ۋاقىتلىق يېڭىسارغا يۆتكەيدۇ. مۇداپىيەسىز قالغان قەشقەر شەھىرىنى تۇڭگان ئەسكەرلىرى

ئاسانلا ئىگەللىۋالدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ما فۇيفەن شەھەر ئىچىدە قانلىق قىرغىنچىلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، 4000دىن ئارتۇق بىگۇنا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلىدى. ئاتاقلىق مەدرىسە، ساراي ۋە بىنالارغا ئوت قويۇپ شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ قىرغىنچىلىقتىن، ھەتتا چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ ئامان قالمىدى. ئافغانىستاننىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى مۇھەممەت شەرىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئايالى يارىدار قىلىندى. ئەنگلىيانىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلدى ۋ.ب.

ئەسلىدە قەشقەرگە كەلگەن ما فۇيفەن قىسمىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئانچىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر بىزنىڭ ئىنقىلاپچىلىرىمىز دۈشمەن ئەھۋالىنى پۇختا ئىگەللەپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسا، شەھەرنى قوغداپ قالغىنىمۇ بولاتتى.

بىرىنچىدىن، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ھىمايە قىلدى. ئىككىنچىدىن، غوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇڭگانلاردىن قورقۇش پسىخولوگىيىسى يامان تەسىر قىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ مەركىزى قەشقەر شەھىرىنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى يېڭىساردا كۈچ توپلاپ، قايتا ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق، غوجىنىياز ھاجى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يەكەنگە ئەۋەتىۋەتتى. نەتىجىدە يېڭىساردا پەقەت خوتەن ئەسكەرلىرىلا قالدى. كېيىن تۇڭگان ئەسكەرلىرى كېلىپ، قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئەمىر ئابدۇللا بىلەن ئەمىر نۇرەخمەتلەر ئاخىرىغىچە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە شېھىت بولۇشتى!

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، كۈچى بارلار كۈچى بىلەن، بىلىمى بارلار بىلىمى بىلەن ياردەم قىلىشتى. ئىنقىلاپقا ياردەم قىلىشنى تەكلىپ قىلىپ، مەسچىتلەردە، مەھەللىلەردە خەلققە مۇراجىئەت قىلغاندا ئازاتلىققا تەشنا بولغان خەلقىمىز قولىدا بار ئالتۇن-كۈمۈش، ئېسىل تاش ۋە پۇللىرىنى، ئاياللار بولسا، ئالتۇن بىلەيۈزۈك، ئالتۇن ھالقىلىرىنى ئىئانە قىلىپ بېرىشكەن ئىدى. ھازىر موشۇ كۈندە ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان يۇرتدىشىمىز غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى خەلقتىن يىغىلغان ئالتۇن –كۈمۈچ، ئېسىل تاش ۋە تىللالارنى توپلاپ (جەمى 30 كىلوگرام مۆلچەردە) غۇلامىدىن ئەپەندىنىڭ دادىسى ئەخمەت پاختا قاتارلىق بەش كىشىنى ۋەكىل قىلىپ، قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېڭەش ھۆكۈمىتى چېگارىسىغا ئەۋەتكەن ئىكەن. كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئېلىپ بارغان دۇنيانى تامام ئۆتكۈزۈۋالغان. ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىدىغان قورال-ياراقنى «كېيىن ھۆكۈمەتلىرىڭلارغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز!» دەپ ۋەكىللەرنى قۇرۇق قول قايتۇرغان ئىكەن! شۇنداق قىلىپ، كېڭەش ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىنى ئالغانۇ، قوراللىنى بەرمىگەن.

تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۆزلۈكسىز ئۇرۇشلاردا، قورال-ياراقلىرى ئازىيىپ كەتكەن غوجىنىياز ھاجى، كېڭەش ھۆكۈمىتىدىن ۋەدە قىلغان قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى سوراپ ئېلىشنى ئۈمۈت قىلىپ، 1934-يىلى 2-ئايدا ئەركەشتام چېگارىسىغا كەلدى. كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولسا، غوجىنىياز ھاجىنىڭ قورال-ياراققا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭغا تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ، رۇس-خىتاي ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ مەنپىيىتىگە پايدىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىگە زىيانلىق بولغان 12 ماددىلىق كېلىشىمگە ماقۇل كەلتۈردى. مەجبۇرلاپ دېگىدەك ئىمزا قويدۇردى.

كېڭەش ۋەكىللىرى بىلەن غوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. غوجىنىياز ھاجى بۇڭگۈندىن باشلاپ، نانكىن ھۆكۈمىتى بىلەن قەتئىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ شىنجاڭنى روسسىيا ھىمايىسى ئاستىدىكى ئىچكى جەھەتتىن ئىستىقلال بىر ئۆلكە دەپ ئېلان قىلىدۇ.

2. ئۆلكىدىكى شەرقىي تۈركستان ئىستىقلالىيىتىنى يوقىتىپ، مىللىي جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت ئىسلامىيەسىنى تارقىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىن دۇبەن باشلىق تۈزۈلگەن ھۆكۈمەتكە بويسۇندۇرىدۇ.

3. شەرقىي تۈركستان دۆلىتىنىڭ رەسمىي جۇمھۇرلىقىنى تەرك ئەتكەن زامان ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى غوجىنىياز ھاجىنى جوشى يەنى ئۆلكىلىك گۇبېرناتورلۇققا تەيىنلەيدۇ.

4. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مەۋجۇت قوراللىق ئەسكەرلەرنى شىڭ دۇبەنگە بويسۇندۇرۇلىدىغان قىلىش خۇسۇسىدا غوجىنىياز ھاجى قەتئىي چارە-تەدبىرلەرنى كۆرىدۇ.

5. تۇڭگان، ئۆزبەك، قىرغىز، قازاقلاردىن ئىبارەت مىللىي قوشۇنلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ۋە تەرتىپ ساقلاش مەخسىتىدە، ئۈرۈمچىدىن ئالتىشەھەر تەرەپكە ھەرىكەت قىلىدىغان خۇنخۇزا خىتاي، رۇس ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن غوجىنىياز ھاجى ئۆز ئىختىيارىدىكى قۇمۇللۇق، تۇرپانلىقلاردىن ئىبارەت بولغان ماخمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەرنى شىن دۇبەننىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

6. مانجۇرىيادىن چېكىنگەن خۇنخۇزا خىتايلارنى رۇس تۇپرىغى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ھەققىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىن دۇبەن ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنى غوجىنىياز ھاجى تەستىق ئېتىدۇ.

7. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەربىي خىزمىتىدىكى چەت ئەللىك (ئەجنەبىي) ئەمەلدارلارنى غوجىنىياز ھاجى دەرھال خىزمىتىدىن بوشىتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭ چېگارىسىدىن چەت ئەلگە چىقىرىش ئۈچۈن قەتئىي چارە كۆرىدۇ.

8. سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاۋاتلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

9. سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئىچكى خىتاي، نانكىن، مانجۇرىيا ۋە باشقا تەرەپتىن بولۇشى ئېھتىمال بولغان ھۇجۇملاردىن مۇداپىيە قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

10. شىنجاڭدا تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن تېز ئارىدا رۇس نىزامىغا ئاساسلانغان ئەسكەرىي قىسىم تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر كېلىشىملەرنى تۈزۈشكە كېڭەش ھۆكۈمىتى (س س س ر دىن) ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ھەربىي ھەيئىتىنى ئەۋەتىپ، تېگىشلىك ھەربىي قوشۇننى زامانىۋىي ئۇسسۇلدا قۇرۇش ۋە قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

11. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سەياسىي ئىختىسادىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئالاھىدە كېلىشىمنامە تۈزۈلىدۇ.

غوجىنىياز ھاجى مەزكۇر كېلىشىم ھەققىدە 1934-ژىلى 25-فېۋرال كۈنى № 308 ئالاقە بىلەن قەشقەردىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە خەۋەر قىلغان. باش ۋەكىل سابىت داموللا مەزكۇر ئالاقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن غوجىنىيازنىڭ بۇ كېلىشىمگە ماقۇل بولۇشى مىللىي ئىنقىلاپقا خىيانەت قىلغانلىقى دەپ تونۇغان ۋە دەرھال نازىرلار ھەيئىتىنىڭ پەۋقۇلاددە ژىغىن ئاچقان ۋە مەخسۇس قارار قىلغان. بۇ توغرىلىق، ژۇقارقى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

**«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى نازىرلەر ھەيئىتىنىڭ پەۋقۇلاددە ژىغىنى، 1934-ژىلى مارت ئېيىنىڭ 3-كۈنى يېڭى ھىسار شەھرىدە، قاتناشقۇچىلار:**

مەركەز، قومادان ۋە باشقا ئەركان ھەربىي ئىشلار قوماندانلىرى ھازىر بولدى.

بەش ۋەكىل سابىت داموللانىڭ «كېلىشىم» ھەققىدىكى ئەخباراتىنى تىڭشاپ، مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن

| | | |
|---|---|---|
| 1 | باش ۋەكىل | سابىت ئابدۇلباقى ئەپەندى |
| 2 | خارجىيە نازىرى | قاسىمجان ھاجى ئەپەندى |
| 3 | ئەدلىيە نازىرى | زىرىپ قارى ئەپەندى |
| 4 | دەخلىيە نازىرى | سىبىتزادە يۇنۇسبەگ |
| 5 | ساھىيە نازىرى | ئابدۇللا ئىشان غوجا خانى ئەپەندى |
| 6 | ھەربىي نازىرى ۋە ئالىي باش قوماندان | سۇلتانبەگ، بەختىياربەگ |
| 7 | مائارىپ نازىرى | ئابدۇكېرىخان مەخدۇم ئەپەندى |
| 8 | مالىيە نازىرى | ئەلى ئاخۇنباي ئەپەندى |
| 9 | مالىيە نازىرى مۇاۋىنى | ئەخمەت ھاجى مەختۇمزادە |
| 10 | ئۇقاپ نازىرى | شەمسىددىن تۇردى ھاجى ئەپەندى |
| 11 | تىجارەت نازىرى | ساتىبەك ئەنىسىددىنزادە |
| 12 | خوتەن قوشۇنىنىڭ ئەمىرى | نۇرئەخمەت ئەپەندى |
| 13 | بۈيۈك مىللەت مەجلىسى كاتىۋى | سوپىزادە |
| 14 | ئىستىقلال جەمىيىتىدىن | مۇساخان ئەپەندى |

نازىرلار ھەيئىتى تۆۋەنكىچە قارار قوبۇل قىلدى:

1. غوجىنىياز ھاجىنىڭ مىللەتنىڭ تاپشۇرىغىنى ئالماي تۇرۇپ، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئەركەشتامغا بېرىپ، بولشېۋىكلار بىلەن مىللەتنىڭ مەنپىيىتىگە زىت كېلىدىغان كېلىشىم تۈزگەنلىك ھەرىكىتىنى تۈركىستان تۈركلىرىگە قىلىنغان خىيانەت دەپ ھېساپلايدۇ.

2. سىسسوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن غوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلگەن 12 ماددىلىق كېلىشىمنى غەيرى قانۇنىي كېلىشىم دەپ ھېساپلايمىز.

3. نەچچە ژىللاردىن بېرى ھېساپسىز قۇرۋانلار بېرىپ ئالغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىستىقلالىنىڭ ئاياقلاشتۇرۇلۇشى تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىلىشىدۇر، مىللىي ئىستىقلالىنى قولدا تۇتۇپ قېلىشىدا شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ھەر قانداق پىداكارلىققا ھازىردۇر.

نازىرلار كېڭىشى غوجىنىياز ھاجىمنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان خىيانىتىنى نەپرەت بىلەن ئەيىپلەيدۇ.
4. شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى بولشېۋىكلار قولىغا چۈشۈشكە ئەسلا رازى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مىللەتنىڭ نارازىلىقى قەشقەردىكى كېڭەش كونسۇللىقى ئارقىلىق س س س ر ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىنسۇن.
5. نازىرلار كېڭىشى ئەسكەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال ئېتىشىنى قائىدىگە خىلاپ ۋە ھېچ بىر تارىختا كۆرۈلمىگەن تۈركىستان تۈركلىرى ئۈستىگە قىلىنغان باسقۇنچىلىق دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قىزىل بولشېۋىكلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى ئۈزۈر ھۆكۈمەتلىرىگە بىلدۈرۈش ئىلتىماسى بىلەن قەشقەردىكى چەت ئەل كونسۇللىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.
6. غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەقىلسىز رەۋىشتە قىلغان كېلىشىمىدىن پايدىلىنىپ، كېڭەش ئەتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال ئېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەربىي ئىشلار نازارىتى ۋە ئالىي باش قوماندانلىققا، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئە چارىسىدا بولۇش تەۋسىيە قىلىنسۇن.
7. ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ئۇمۇم مىللەت سەپەرۋەرلىككە ۋاقىرىلسۇن.
8. قىزىل بولشېۋىك خۇنخوزا خىتايلارنى چۆچەك ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا رۇس تۇپرىقىدىن كۆچىرىشكە توسقۇن بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئالتايدىكى شېرىپخان تۆرىگە تېز رەۋىشتە بۇيرۇق ئەۋەتىلسۇن.
9ـ10. مارتتا شەرقىي تۈركىستان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ژىغىنى چاقىرىلسۇن. غوجىنىياز ھاجى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنامە ھەققىدە نازىرلەر ھەيئىتىنىڭ ئۇشبۇ قارارى خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تاپشۇرۇلسۇن.
11. غوجىنىياز ھاجى نازىرلار ھەيئىتىنىڭ مۇراجىئەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تۇتقان يولىدىن ۋاز كەچمىگەن تەقدىردە جۇمھۇر رەسى ۋە ئالىي باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ۋەكەللەر قۇرۇلتىيى ژىغىنىدا مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن.
12. ئانگلىيە ۋە ياپون ھۆكۈمىتىگە خەلق ئاراغا ھەققىمىزنى مۇداپىئە قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.
باش ۋەكىل: ــ سابىت ئابدۇلباقى (ئىمزا)
كاتىپ: ــ سوپىزادە (ئىمزا)
مۆھىر: ــ شەرقىي تۈركىستان باش ۋاكالىتى (مۆھىر بېسىلغان).
موشۇنداق ئەھۋالدا تەڭقىسلىقتا قالغان غوجىنىياز ھاجى، ماخمۇت مۇھىتىغا بۇيرۇق چۈشىرىپ ــ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرباپلىرىدىن: سابىت داموللا، زىرىپ قارى، شەمسىددىن داموللا، سۇلتانبېك ۋە ئابلاخان قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇزۇپ، قوللىرىغا كويزا، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتىپ بەردى. مەمتىمىن بۇغرا ئەپەندىم بولسا، بۇ سۈيىقەستنى سېزىپ قالغانلىقتىن، بالا-قاقىسىنى ئېلىپ، ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيىسى غوجىنىياز ھاجىنىڭ قولى بىلەن ياندۇرۇلغان ئىنقىلاپ ئوتىنى يەنە شۇ غوجىنىيازنىڭ قولى بىلەن ئۆچۈرۈشكە مۇۋاپپەق بولدى. بۇ مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ تارىخىدىكى چوڭ پاجىئە، ئۆچمەيدىغان نومۇسلۇق داغ بولۇپ قالدى!
بەزى كىشىلەر، ئەگەر كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى بولمىغان بولسا، غوجىنىياز ھاجى بىلەن ماخمۇت مۇھىتمۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغان بولاتتى ــ دېيىشىدۇ. مۇنداق دېيىش بىلەن ئۇلارنى ئاقلاشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.
كېڭەش ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىستىقلال ھۆكۈمەتكە شۇنچىۋالا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنىڭ يوقىتىۋېتىشكە ئالدىرىدى؟ ــ دېگەن سوئال ھەر كىمنى ئويلاندۇرىدۇ:
بىرىنچىدىن، كېڭەش ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭ باشلىقى ستالىن ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىشىنى خالىماتتى. ئوتتۇر ئازىيادىكى مۇستەملىكىلىرىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ روسسىيادىن بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ دەپ ئەنسىرەتتى.
ئىككىنچىدىن، تارىخچى مەمتىمىن ئەپەندى يازغاندەك:
«سابىت داموللا ھاجى خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى غوجىنىياز ھاجىمنىڭ پىكرىنى سورىمايلا، قەشقەردە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنى قۇردى. ئۆزى باش مىنىستىر بولغان 16 كىشىدىن تەركىپ تاپقان مىنىستىرلار كابىنېتىنى تەشكىل قىلدى، بىراق، بۇ كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشىدىن باشقىلىرى خەلقنىڭ نەزىرىدە بۇ خىزمەتكە لايىق ئادەملەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەيلى خوتەن ھۆكۈمىتى بولسۇن، مەيلى غوجىنىياز ھاجى بولسۇن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. موشۇنداق بىر پەيتتە ھىندىستاندىن ۋە تۈركىيادىن كەلگەن بەزى «ماجراپەرەس» كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «چوڭ ئىشلارنى قىلغان»، «كاتتا بىلەرمەنلەر» قىلىپ كۆرسىتىپ، سابىت داموللا ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، ھەتتا ئەسكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىنى تۇردى...» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 426-بەت) موشۇ فاكتتىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى:

1. « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن پانتيۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان نام، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە، شەخسەن ستالىنغا ياقمىدى!

2. سابىت داموللىنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بولۇۋالغان ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيادىن، ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيادىن كەلگەن كىشىلەر ستالىننىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. موشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ستالىن ھۆكۈمىتى ماجۇڭ يىڭنى «ياپون جاھانگىرىنىڭ قۇيرۇغى» دەپ قاراپ، ئۇنى يوقاتقىنىغا ئوخشاش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئەنگلىيا ۋە تۈركىيانىڭ قولىدىكى «قوچاق ھۆكۈمەت» ھەپ قاراپ ئۇنى يوقىتىۋېتىشكە ئالدىرىدى. بۇ ئىشنى غوجىنىياز ھاجىنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى، خالاس!

غوجىنىياز ھاجى كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ: «بىز ۋەدە قىلغان قۇراللارنى ئاقسۇدا تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن سۆزلىرىگە ئاساسەن ئەركەشتامغا كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇچراشقان كېڭەش ۋەكىلى ھاجىغا شۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئۈرۈمچىدىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى تونۇيمىز، قۇرال-ياراق ۋە باشقا ياردەملەرنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بېرىمىز. شىڭ شىسەي سىزنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ فۇجۇشى (مۇاۋىن رەئىس) بولۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، بىزمۇ تەكلىپ قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۈرۈمچىگە بېرىڭ، مۇاۋىن رەئىسلىك ئورنىڭىزدا ئولتىرىڭ، شۇ چاغدا بىز بەرگەن قۇراللاردىن بەھرىمان بولۇسىز». غوجىنىياز ھاجى دەسلەپتە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇ چاغدا كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ باش كونسۇلى ئافرېسىيېۋ ئائېروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا ئۇچۇپ كېلىپ، ھاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ كېڭەش ھۆكۈمىتى نامىدىن غوجىنىياز ھاجىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە رۇسچە ئۈچ تىلدا ئەھدىنامە يېزىپ قول قويىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا غوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىشكە رازى بولىدۇ.

1934-ژىلى 8-ئايدا غوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى، يېقىن كىشىلىرىنى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا كېپىل بولغان كېڭەش كونسۇلى ئافرېسىيېۋنىڭ ھەمرالىقىدا بىر قانچە ماشىنا بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى كۆرۈنىشتە غوجىنىياز ھاجىنى قارشى ئالغان بولىدۇ ۋە داغدۇغىلىق ھالدا فۇجۇشى (مۇاۋىن رەئىسلىك) ئورنىغا ئولتارغۇزىدۇ، بىراق، ئۇزاققا بارمايلا غوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ئېتى ئۇلۇق سۈپىرىسىدا قۇرۇق مۇاۋىن رەئىس بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كۆپىنچە، ئىشلار غوجىنىيازنىڭ قاتنىشىسىز شىڭ شىسەينىڭ خاھىشى بىلەن ژۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇغان ئۇ ئىدارىسىگە بارماي، ئۇلانبايدا ئوۋچىلىق قىلىش ياكى ئۆيدە شاخمات ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

غوجىنىياز ھاجىنى يېنىغا ئەپكېلىپ، نازارەت ئاستىدا تۇتۇۋاتقان، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغان شىڭ شىسەي ئەندى قەشقەردە 7000 كىشىلىك مىللىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ماخمۇت مۇھىتىنى ئالداپ، قولغا چۈشىرىپ، ئۇنى ۋوقتىنىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ.

چۈنكى، بۇ رايوندا تۆمۈر سىلىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى مۇداپىە مىنىستىرى ئورازنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر قوشۇنى بار ئىدى. ماخمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل-تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئازىيادىن قەشقەرىيەگە قېچىپ كەلگەن جەنبەك قازى بىلەن ئادىلبەگ پانساتنىڭ قوماندانلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى بىلەن يۈسۈپجان قۇربېشىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۆزبەك ئەسكەرلىرى يەنە بار ئىدى. شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى موشۇ ئەسكەرلەرنى ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك ھەربىي كۈچ دەپ قاراتتى. شۇ سەۋەپتىن موشۇ ھەربىي قوشۇنلارنى پارچىلاپ، بىر بىرلەپ يوقىتىش توغرىلىق مەخپىي پىلان تۈزۈپ چىقىلدى. شىڭ شىسەينىڭ ئىتتىپاقچىسى غوجىنىياز ھاجىغا قاراشلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىقىنىغا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. «ھەربىي تەلىم بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ماخمۇت مۇھىتىنىڭ پولك دەرىجىلىك ئوفىسېرلىرىنى سوۋېت تەۋەسىگە ئەپچىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ماخمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىغا «مەسلىھەتچى» دېگەن نام بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى قاتتىق نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى بەلگىلەنگەن ئىدى. موشۇ مەخپىي پىلانغا مۇۋاپىق 1934-ژىلى 9-ئايدا سوۋېت ئوفىسېرى رابالكىننى «مەسلىھەتچى» دېگەن نام بىلەن ماخمۇت مۇھىتىنىڭ قېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى.

رابالكىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن پولك دەرىجىلىك ئوفىسېرلار ئۈرۈمچىگە ۋە تەشكەنتكە ھەربىي تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. بىر ژىلدىن كېيىن، بۇ ئوفىسېرلار ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرگەن ھالدا قايتىپ كېلىشىدۇ. ئارقىدىنلا ماخمۇت مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىنقىلاپتا خىزمەت كۆرسەتكەن مىللەتپەرۋەر كوماندىرلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، شىڭ شىسەيدىن تېلېگرامما كېلىدۇ. ماخمۇت مۇھىتى بۇ ياخشىكوماندىرلاردىن ئايرىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئارىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 1936-ژىلى 8-ئايدا يەنە پولك كوماندىرلىرىدىن ئىككى كىشى، مۇاۋىن پولك كوماندىرلىرىدىن ئىككى كىشى

ۋە روتا كوماندىرلىرىدىن تۆرت كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان تېلېگرامما كېلىدۇ. ماخمۇت مۇھىتى ئىلاجىسىز ئەھۋالدۇ بولارنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئاخىردا شىڭ شىسەي ماخمۇت مۇھىتىنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ شەخسىي كاتىۋى ھەم مەسلىھەتچىسى ئابدۇللا داموللا نەيىمىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماخمۇت مۇھىتىنى جىسمانىي يوقىتىش سۇيىقەستىنىڭ باشلىنىشى ئىدى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە قەشقەردىكى بىرا قانچە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىگە سولاپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى!

ـ شىڭ شىسەينىڭ كېڭەش ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان زورلۇقلىرىغا چىدالمىغان ماخمۇت مۇھىتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئەرىزە-شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ئىشەشلىك ئادەملەردىن ئىمىن ۋاھىدىي بىلەن مۆمىن ئاخۇنلارنى نەنجىنغا ئەۋەتىدۇ. بۇ كىشىلەر نەنجىڭگە بېرىپ ئەيسا ئالپتېكىننىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق جاڭكەيشى بىلەن كۆرۈشىدۇ. جاڭكەيشى بۇ كىشىلەرنىڭ ئەرىزە-شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بىز ھازىر پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياپون تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىمىز يوق، شىڭ شىسەي ھەر قانچە يامانلىق قىلسىمۇ، سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. بىز ياپون قاراقچىلىرىنى جوڭگودىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئاندىن شىنجاڭ مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللىنىمىز ـ دەپ قايتۇرىدۇ» («ئۆلكە تارىخى» 107-بەت).

«بۇ ئىككى ۋەكىل جاڭ كەيشىنىڭ ژۇقارقى جاۋاۋىنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتىدۇ. مۆمىن ئاخۇن قومۇلغا يېتىپ كەلگەندە شىڭ شىسەينىڭ جاسۇسلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈنچىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئىمىن ۋاھىدىي بولسا، لەنجۇدا تۇرۇپ قالىدۇ. 1936-ژىلى 9-ئايدا ئافرىسىيېۋ قەشقەرگە كېلىپ ماخمۇت مۇھىتى بىلەن كۆرىشىدۇ ۋە «مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم، بىلىشىمچە سىز ھازىرقى ھۆكۈمەتتىن نارازى ئىكەنسىز، ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشنى ئويلايدىكەنسىز، شۇ مەخسەتتە ياپونغا ئىككى ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەنسىز. ئۇنىڭ بىرسى مۆمىن ئاخۇن قولغا چۈشتى، سىز ئۇنداق قىلماي، شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ئۆتۈڭ» دەپ قويۇپ، قايتىپ كېتىدۇ» («ئۆلكە تارىخى» 108-بەت).

كېڭەشتىن ئەۋەتىلگەن ئىسھاقبەك ۋە مەۋلانوۋلارنىڭ قىرغىز ئەسكەرلىرىنى ماخمۇت مۇھىتىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىقىنىدا ئۇنىڭغا قارشى كۈچ پەيدا قىلىدۇ ۋە باشقا قۇۋلۇق-شۇملۇقلارنى قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ئىسھاقبەك مونۇنوۋ XX ئەسىرنىڭ 40-30 ژىللىرى ۋەتىنىمىزدە بولغان مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەرگە قاتنىشىپ، بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئىزىنى قالدۇرغان مەشھۇر شەخس. ئۇنىڭ 1949-1944 ژىللار ئارىلىغىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ مۇاۋىن قوماندانى، باش قوماندانى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىغىنى كۆپچىلىك كىشىلەر بىلسىمۇ، 1937ـ1935-ژىللاردا شىڭ شىسەي بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قول چومىغى بولۇپ، قەشقەرىيەدىكى مىللىي قوشۇنلارنى يوقىتىشتا «خىزمەت كۆرسەتكەنلىگىنى» بىلىدىغان كىشىلەر بەك ئاز. شۇ سەۋەپتىن موشۇ ئورۇندا ئىسھاقبەكنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي-سەياسىي پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇق بولماس.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شىڭ شىسەي بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتى ماخمۇت مۇھىتى قوماندانلىغىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىقىنىغا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى. موشۇ مەخسەتتە كېڭەش ئوفىسېرلىرىنىڭ قولى بىلەن قەشقەردە يېڭى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى تەشكىل قىلىندى. بۇ پولكنىڭ جەڭچىلىرى ساپ قىرغىز ياشلىرى بولۇپ، كوماندىرلىرى كېڭەشتىن ئەۋەتىلگەن تۇرغانباي، جۇماغۇل، موللاساۇر ۋە قاشاڭ دېگەن قىرغىز ئوفىسېرلار ئىدى. پولك كوماندىرى يەرلىك قىرغىز ئىسھاقبەك بولۇپ، ئۇمۇ ياش ۋاتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرۇنزې شەھرىدە (ھازىرقى بىشكېك) 3 ژىل ئوقۇغان ئىدى. بۇ پولك پۈتۈنلەي سوۋېت ئارمىياسىنىڭ زامانىۋىي قۇراللىرى بىلەن قۇراللانغان بولۇپ، ئاتاقتا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كېڭەش ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بۇنى بىلگەن قەشقەر خەلقى ئۇلارنى «تۆرتىنچىلەر» دەپ ئاتاتتى. بۇ ئەسكەرلەر بولسا ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، كوچىلاردا سەپ بولۇپ ژۈرگەندە:

**تۆرتىنچى دېمەڭ بىزنى،**<br>
**ئۈرۈمچىدىن كەلگەنبىز،**<br>
**ئارشىنى كۆر، مارشىنى كۆر**<br>
**بىزدەك قەھرىماننىڭ سوقۇشنى كۆر!** دەپ ناخشىلارنى ئېيتاتتى.

بىر قىزىغى، «ئۈرۈمچىدىن كەلگەنبىز» دەپ ناخشا ېيتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىدى!

1936-ژىلى يەرلىك قىرغىزلاردىن يەنە 300 ئەسكەر ئېلىپ، پولك ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 800گە يەتكۈزۈلدى. قىسىم ئەندى بىرگادا ئاتىلىپ، 2 پولكقا بۆلۈندى. 1-پولك كوماندىرى-پولكوۋنىك شىرمەت، ئۇنىڭ مۇاۋىنى ـ سىدىقبەك، شتاب باشلىغى قۇربان تۇەنپۇلار بولغان ئىدى. بۇ پولك قەشقەر يۇلماق شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2-پولكنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك مەۋلانوۋ بولۇپ، ئۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا

مەسئۇل قىلىندى. موشۇ ئىككى پولكنىڭ ئۈستىدە برىگادا كوماندىرى بولۇپ گېنېرال ئىسھاقبەك تۇراتتى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى كېڭەشتىن ئەۋەتىلگەن كوشكىن، باغداساروۋ دېگەن ئوفىسېرلار ئىدى. بۇ برىگادا بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى. شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇغى بىلەن 1935-ژىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قەشقەرىيەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل ھەربىي كۈچلەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن خەنبەك قازى قوماندانلىقىدىكى قاچقۇن ئەسكەرلەر قىسمىنى، ئاندىن كېيىن ئوراز قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. ئاخىرىدا، كېڭەش قىزىل ئارمىياسىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن مازىخوي قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، قەشقەرىيەدە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى قارار تاپقۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن تىغ ئۇچىنى مەھمۇت سىلىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قاراتتى. قىسقىسى، ئىسھاقبەك قوماندانلىقىدىكى قىرغىز برىگادىسى شىڭ شىسەي بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىكى ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىغا قارشى قىلىچى رولىنى ئوينىغان ئىدى!

ماخمۇت مۇھىتى بۇ سۈيىقەستلەرگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە ئابرويىدىن پايدىلىنىپ قەشقەردە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋلاتلارنى زامانىۋىي بىلىمگە ئىگە ۋە ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە كۈچ چىقىرىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمەت-مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. شىڭ شىسەي ماخمۇت مۇھىتىنى ئەركىن پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتىدىن، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىپ تاشلاش، ئاخىرىدا كۆزدىن يوق قىلىش مەخسىتىدە ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ھەتتا، بۇ تەكلىپنامىغا مۇاۋىن رەئىس سۈپىتىدە غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىمزاسىنىمۇ قويدۇرىدۇ. بىراق سەزگۈسى سەگەك ماخمۇت مۇھىتىبۇ تەكلىپلەرنىڭ تېگىدە بىر سۈيىقەست يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى پەملەپ، تۈرلۈك بانىلارنى كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1934-ژىلدىن 1937-ژىلغىچە قەشقەردە قالىدۇ. 1937-ژىلى 3-ئاينىڭ بېشىدا يەنەشىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەم غوجىنىيازنىڭ نامىدىن «ئۈرۈمچىگە كېلىڭ، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار» دەپ تېلېگراما ئەۋەتىپ، ماخمۇت مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ ھەم كەينى-كەينىدىن تېلېگراما ئەۋەتىدۇ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىدۇ. موشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە ماخمۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ژىغىپ، شۇنداق دەيدۇ: «شىڭ شىسەي مېنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، كەينى-كەينىدىن تېلېگراما ئەۋەتتى. ئۈرۈمچىگە بارسام، چوقۇم سۈيىقەست بولىدۇ، بارمىسام بۇيرۇققا بويسۇنمىغان بولىمەن. شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئاچاي دېسەم، ئۇنىڭ كۈچلۈك يۆلەكچىسى بار، ئۇرۇشتا ئەسكەرلەر ئۆلىدۇ. بىزنى ھىمايە قىلىمەن دەپ ئەل-ژۇت ۋەيران بولىدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىشتىن ئۈمۈت يوق، ئەندى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ھەر بىرلىرى ئەقىل-مەسلىھەتلىرىنى بەرسىلە». ژىغىلغانلار مەسلىھەتلىشىپ: «شىڭ شىسەي بىلەن مادارا قىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، ئالدىغا بارساڭ ئۆلتۈرىدۇ، بارمىساڭ تىنىچ قويمايدۇ. ئۇرۇشساڭ ئەسكەرلەر ئۆلىدۇ، ئەل-ژۇت ۋەيران بولىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ پايدا يوق. ئەڭ ياخشىسى، پۇرسەتنىڭ بارىدا چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەك كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆزىمىزمۇ ئامان قالىمىز، ژۇتقىمۇ زىيان يەتمەيدۇ» دېگەن قارارغا كېلىشتى.

سىرتقى تەرەپتىن ماخمۇت مۇھىتى ئۈرۈمچىگە بارىدىكەن دېگەن سۆزلەرنى تارقىتىپ، ئىچكى تەرەپتىن چەت ئەلگە كېتىشكە تەييارلىق قىلىشىدۇ. 4-ئاينىڭ 2-كۈنى سەھەردە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن 35 نەپەر ئادەمنى ئېلىپ، ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. يېڭىسار ئارقىلىق لاداخ يولى بىلەن مېڭىپ، ھىندىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماخمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ھەم مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى يولۋاسبەك شىڭغا قارشى ئىسيان كۆتەرمەك بولىدۇ، بىراق، بۇ ئۇرۇشتىن پايدا چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇمۇ يېقىن ئادەملىرى بىلەن ئىچكى خىتايغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

قوماندان ماخمۇت چەت ئەلگە كېتىدىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا پولكوۋنىك ئابدۇنىياز كامال ئوغلىنى دىۋىزىيا كوماندىرى قىلىپ، تەيىنلەپ كەتكەن ئىدى.

تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇنىياز كامال 40 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، جىددىي كىشى بولۇپ، تۇرپان قوزغىلىڭى باشلانغان ۋاقىتتا قوزغىلاڭغا قاتناشقان. ماخمۇت مۇھىتىغا قوشۇلۇپ قەشقەرىيەگە كەلگەن. ئۇ دەسلەپ روتا كوماندىرى بولغان، كېيىن خىزمىتى ئۆستۈرۈلۈپ پولك كوماندىرى دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن. ماخمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا ئابدۇنىيازنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا دىۋىزىيا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. 6-دىۋىزىيادىكى ئەسكەر ۋە كوماندىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوماندان دەپ تونۇغان. ئابدۇنىياز دىۋىزىيا كوماندىرى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن دەرھال خىتاينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى ليۇسلىڭغا، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا خەت يېزىپ ئەۋەتكەن. ليۇسلىڭغا يازغان خېتىدە ماخمۇت مۇھىتى ئۆزىنى دىۋىزىيا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاندىن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن:

1. ئابدۇنىيازنى 6-دىۋىزىيانىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ بۇيرۇق چىقىرىپ بېرىشنى.

2. بۇ دېۋىزىيانىڭ يەكەندە داۋاملىق تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنى.

3. 6-دېۋىزىيانىڭ تەمىناتىنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن تەمىنلەپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلغان.

ئەگەر ژۇقارقى تەلەپلەر ئورۇنلىنىدىغان بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇغىنى ئورۇنلاشقا ئۆزىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلغا قارىتىپ يازغان خېتىدە بولسا: ــ «كېڭەش ئىتتىپاقى ــ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باش پاناسى. شۇڭا بىز كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورايمىز. بىز كېڭەش ئىتتىپاقىغا قارشى ئەمەس، ئەكسىچە بۇ ھۆكۈمەت بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى خالايمىز. كېڭەش ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قانداق سودا-سانائەتنى يولغا قويسا، بىز ئۇنى ھىمايە قىلىمىز ۋە قوغدايمىز» دېيىلگەن ئىدى. ئابدۇنىيازنىڭ بۇ خەتلىرىنى، ئۇ بەلگىلىگەن ۋەكىللەر قادىر ھاجى بىلەن ئابدۇللا داموللالار 4-ئاينىڭ 20-كۈنى قەشقەرگە ئەپكېلىپ ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرغان. بىراق، شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ بۇ خەتلەرگە رەسمىي جاۋاپ بەرمىگەن. بۇ بولغۇسى بىرەر يامانلىقنىڭ ئېپادىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا يول قالمىغانلىقتىن، ئۇ دەرھال خوتەننى ئىگەللەپ ياتقان ما خۇسەن بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشقا كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. كېلىشىم بويىچە ــ ما خۇسەن قەشقەرنى ئازات قىلماقچى، ئابدۇنىياز ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. ما خۇسەن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ، قەشقەر، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بىراق ئاچ كۆز تۇڭگان كوماندىرلىرى دۈشمەندىن نۇرغۇن مىقداردا پارا ئېلىپ، يوق بانىلارنى تېپىپ، ھۇجۇمنى كەينىگە تارتقانلىقتىن، ئۇزاققىچە شەھەر ئېلىنمايدۇ. ئابدۇنىيازنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولسا، قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، بارغانلا يېرىدە دۈشمەننى يېڭىپ، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچالارنى ئىگەللەپ، تاكى قاراشەھەرگىچە بولغان 1000كىمغا يېقىن يولنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان شىڭ شىسەي يۆلەكچىسى كېڭەش ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ھەربىي ياردەم سورايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازات بولۇشىنى خالىمايدىغان كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى ستالىن ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئارمىيا كىرگۈزۈپ، بۇ ئىسيانچىلارنى قانلىق تۈردە باستۇرىدۇ. كېڭەش ھۆكۈمىتى 1937-ژىلى 8-ئايدا قاراقول تەرەپتىن بېدىل داۋانى ئارقىلىق رۇس، قازاق ۋە قىرغىزلاردىن تەركىپ تاپقان زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان 5000 كىشىلىك ئارمىيانى ئۇيغۇرستانغا كىرگۈزىدۇ. بۇ قوشۇن ئۈچتۇرپانغىمۇ، ئاقسۇغىمۇ كىرمەستىن، ئۇتتۇر يول ئارقىلىق مارال بېشىغا چىقىدۇ. ئاتبېشى يولى ئارقىلىق يەنە 200 ماشىنى رۇس ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. كېڭەش ئائېروپىلانلىرى قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ ژۈرۈپ، خەلق بار رايونلارغا تەشۋىق ۋاراقلار، دۈشمەن بار رايونلارغا بومبا تاشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ، يېڭىسارغا قېچىشىدۇ. كېڭەش ئائېروپىلانلىرى بولسا، يول بويى ئۇلارنى بومبىلايدۇ. مۇ خۇسەنگە يېڭىسارادا تۇرۇشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇ قالغان-قاتقان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تاغ يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتىدىغان لاداخ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوتەندىن مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم كېلىپ قوشۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1937-ژىلى 9-ئايدا ما خۇسەن ئازغىنا ئادىمى بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئابدۇنىياز قوماندانلىغىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كۇچا ئەتراپىدا كېڭەش ئەسكەرلىرىگە قارشى كەسكىن جەڭلەرنى قىلىدۇ. بىراق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالماي، شەھەر ئاھالىنىسىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، چۆللۈككە قاراپ چېكىنىدۇ. جەڭلەردە ھېرىپ، چارچىغان بۇ ئەسكەرلەرنى كېڭەش ئارمىياسى يەردىن تانكىلار بىلەن قوغلاپ، زەمبىرەك، پۇلېمېتلار بىلەن ئېتىپ، ھاۋادىن ئائېروپلانلار بىلەن بومبىلاپ، پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگەتتى. موشۇ ئاخىرقى جەڭدە 7000 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن قوماندانلىرى كىبەش قىزىل ئارمىياسىنىڭ قىسمەن شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدىن شېھىت بولۇشتى. قەيسەي ئۇيغۇر جەڭچىلىرى بىلەن قوماندىرلىرى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىگى، مىللەتنىڭ ئازاتلىغى يولىدا ئەزىز جانلىرىنى قۇرۋان قىلىشتى، لېكىن دۈشمەنگە تەسلىم بولمىدى!

جەڭ مەيدانىدا ئېغىر يارىدار بولۇپ قولغا چۈشكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى ئابدۇنىيازنى دۈشمەنلەر تۇتۇۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەپكېلىپ تۈرمىگە سولاپ ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى!

قەشقەردە ماخمۇت مۇھىتىنىڭ قولىدا، قۇمۇلدا يولۋاسبەگنىڭ قولىدا، ئالتايدا شېرىپخان تۆرىنىڭ قولىدا مىللىي ئەسكەرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، شىڭ شىسەي غوجىنىيازغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. 1937-ژىلغا كەلگەندە شىڭ شىسەي ئىككى ئاساسىي رەقىبىدىن بىراقلا قۇتۇلدى.

«غوجىنىيازنى يوقىتىنىشنىڭ پەيتى كەلدى. ئەندى قول سالساڭمۇ بولىدۇ» دەپ ئەقىل ئۆگەتتى كېڭەشنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئافرىسېيۋ. شۇ كۈنلەردە ئىچكى خىتايدىكى «تۆرت چوڭ ئائىلىنىڭ بىرسى» چېن لىفۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى. 10-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەشۇ مېھمان شەرىپىگە زىيپەت بېرىلىشى كېرەك ئىدى. شىڭ شىسەي غوجىنىيازنى قولغا ئېلىش ۋېپىراسىياسىنى شۇ كۈنگە توغرىلىدى. «زىياپىتكە»

كەلگەن غوجىنىيازنى شىڭ شىسەي ئۆزى قارشى ئېلىپ، خاس بۆلۈمگە باشلىدى. بۆلۈمگە كىرىشى بىلەنلا، خىتاي ئەسكەرلىرى يېپىشىپ، پۇت-قولىغا كىشەن سېلىۋالدى. بىللە كەلگەن 30 نەپەر مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ قۇرالسىزلاندۇرۇپ، تۈرمىگە تاشلاندى. غوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رۇخسەت بىلەن كۆرۈشىشكە كەلگەن تۇققىنى زىياۋۇدۇنغا: «مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە كېڭەش كونسۇلى ئافرىسىيېۋنىڭ سۆزىگە، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ كاپالىتىگە ئىشىنىپ كەلگەن. ئەندى شىڭ دۇبەن ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ. سىلەر بېرىپ ئافرىسىيېۋ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار» دېگەن. ئەتىسى زىياۋدۇن كېڭەش باش كونسۇلى ئافرىسىيېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى ئېيتقاندا ئافرىسىيېۋ ھەيران قالغاندەك قىياپەت كۆرسىتىپ: «بىزنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، سۈرۈشتە قىلىپ كۆرەيلى»، دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا كونسۇللار ئالمىشىپ ئافرىسىيېۋنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئورۇس كېلىدۇ. ئۇ بولسا: «مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، خىزمەتكە يېڭى كەلدىم» دەپ قۇتۇلىدۇ. شىڭ شىسەي بولسا، غوجىنىيازنى قولغا ئېلىپ، ئەتىسىلا: «غوجىنىياز ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ قۇيرۇغى، ۋەتەن ساتقۇن خائىن ئىكەن!» دەپ ئېلان قىلدى. يەنە موشۇ يالغان دېلوغا چېتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدە 8000 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. بۇ قولغا ېلىنغانلار: ئۈرۈمچى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى ئىنقىلاپچىلار، زىيالىلار، مۆتىۋەر زاتلار ۋە بايلار بىلەن مولىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بايلىغىنى ۋە مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. يېتىشلارغا قارىغاندا، غۇلجىدىكى مۇساباي ۋلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، مۇسادىرە قىلغاندا 40 كېروسىن تۇڭدا ئالتۇن، چۆچەكتىكى خۇسەيىن چانىشېۋنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا 37 تۇڭدا ئالتۇن چىققان ئىكەن (شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنقىلاپچىلارنى، زىيالىلارنى ۋە بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بار بايلىغىنى مۇسادىرە قىلىش تەكلىۋىنى شىڭ شىسەيگە كېڭەش ھۆكۈمىتى ئۆگەتكەن. ھەتتا ئىگىزنىڭ ن ك ۋ د خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش ھە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىغا بېۋاستە قاتناشتۇرغان. موشۇ 8000 نەپەر مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىگى تۈرمىلەردە رۇس ۋە خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى!)

شىڭ شىسەينىڭ شەخسىي كاتىۋى ۋە تەرجىمانى شى يۈەن پۇنىڭ ئىسلىملىرىدە يازغىنىغا قارىساق، «بۇ قىيناقخانىدا شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى بىلەن بىر قاتاردا موسكۋادىن ئەۋەتىلگەن سېمېنوۋ، قادىر ھاجى، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق ن ك ۋ د خادىملىرىمۇ بىللە ئىشلەتتى. غوجىنىياز ھاجى بىدشچىلىغىدىكى 108 نەپەر كىشى ئۈستىدىكى تەرگەۋ ئاخىرلاشقاندا 1938-يىلى كۈزدە سېمېنوۋ بىلەن ياقۇپ ھاجى «جىنايى دېلولارنى» ئېلىپ، موسكۋاغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. كېيىنرەك ھاشىم ھاجى بېرىپ، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ 108 نەپەر «جىنايەتچىگە» ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەقىدىكى قارارىنى ئېلىپ كېلىدۇ. 1938-يىلى 12-ئايدا شىڭ شىسەي بىلەن ھشىم ھاجىنىڭ نازارىتى ئاستىدا غوجىنىياز باشلىق بېگۇنا ئادەملەرنى ئاغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. دېمەك، ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچى شىڭ شىدەينىڭ قولىدا، يەنە بىر ئۇچى ھاشىم ھاجى ئارقىلىق ستالىننىڭ قولىدا بولدى دېگەن سۆز» (ئا.راخماننىڭ «غوجىنىياز ھاجى» ناملىق ماقالىسىدىن).

1931-يىلى قۇمۇلدىن باشلىنىپ پۈتكۈل ئۇيغۇرستانغا قانات يايغان مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ يېتەكچىسى ھەم سەردارى غوجىنىياز ھاجىنىڭ ھاياتى مانا شۇنداق پاجىئەلىك ئاياقلاشتى.

### §8. خىتاي، سوۋېت، ئانگلىيا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلاپقا مۇناسىۋىتى

1930-يىللاردا خىتاي دۆلىتى تېخىچە بىرلىككە كەلمىگەن بۆلۈنمە ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1931-يىلى 18-سېنتيابىر كۈنى ياپونىيا ئىمپېرىياسى مانجۇرىيانى ئېگەللەپ، ئۇ يەدە مانجۇ دۆلىتىنى قۇرۇۋالغان ئىدى. شۇڭا مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاۋارچىلىغى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىدىن ژىراقتىكى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرستان مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا چامى كەلمەتتى. بىراق، ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىل بولۇپ كېتىشىنىمۇ خالىماتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت 1933-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا (شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن) خۋاڭ موسىڭ باشچىلىغىدا بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى (بۇ ھەيئەتنىڭ تەركىۋىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەساي ئالىپتېكىنمۇ بار ئىدى). مەزكۇر ھەيئەت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن يالغۇز شىڭ شىسەي بىلەنلا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى نامىدىن ئۇقتۇرۇش چىقاردى، ۇقتۇرۇشتا شىمالدىكى ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى قوشۇپ: «شىمالىي شىنجاڭ» دەپ ئاتاپ شىڭ شىسەينىڭ باشقۇرىشىغا بەردى. شىڭ شىسەي بۇرۇنقىدەك «دۇبەن» ئۇنۋانىدا قالىدىغان بولدى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەرنى «جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپ ئاتاپ، غوجىنىياز ھاجىنىڭ باشقۇرىشىغا بەردى. ئۇنىڭغا نەنجاڭ باۋۋى زۇنسىلىڭ (جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى) ئۇنۋانىنى بەردى. ئىلى ۋىلايىتىنى ئالاھىدە ۋىلايەت قىلىپ ئايرىپ، كۈرەدىكى جاڭ فېيۋەننىڭ باشقۇرۇشىغان بەردى. ئۇنىڭغا خۇ سىلىڭ (ئىلىنىڭ قوماندانى) ئۇنۋانىنى بەردى.

شۇنداق قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۈچ قۇراللىق توپنى ياراشتۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ، ئەمەلىياتتا بىر-بىرى بىلەن زادىلا چىقىشمايدىغان ئۈچ دۈشمەن توپقا ئايرىپ، قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويدى. بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت

قولىنى بوشىتىپ، شىنجاڭغا ئېگە بولغىچە موشۇنداق بولۇتۇپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرسۇن. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دېگەنلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويماسلىق مەخسىتىگە يەتتى. ئۇلاڭ موسىغۇ خىتاي بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەيدا ئالىپ تېكىن ئەپەندى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيمىز!؟

كېيىنكى ھۆكۈمەتى بولسا، ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويماسلىق، پۈتۈنلەي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشقا يول قويماسلىق، يەنى ئاتاقتا خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى، ئەمەلىياتتا كېيىنكىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇشىنى ئىستەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى باشتىن ئاياق قوللىدى ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرستاندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى.

ئانەلىيا ھۆكۈمەتى بولسا ھىندىستان ئارقىلىق تەسىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازادلىقچىلىرى ئىچىدىن ئۆز مەنپەيتى ئۈچۈن پايدىلىنىشنى ئىستەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1933-يىلى تۆمۈر سىلىڭنىڭ ئىنىسى ئەخمەت ھاجى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ، يېقىنلىشىشقا ئۇرۇندى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ھىندىستاندىن مەخسۇس كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى.

1933-يىلى 12-نويابىردا قەشقەرىيەدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان ۋاقىتتا غوجىنىياز ھاجى ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچا، ئاقسۇلاردا بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. موشۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرغان ئانگلىيانىڭ قەشقەردىكى ۋىسې كونسۇلى تومسون گلوۋېر ئانگلىيا ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلادىدا: «ئاساسەن خوتەن ئىسلامچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت كېيىنكى ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خوتەن ئەمىرلىرى غوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشەلىسە، شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بۇ يېڭى دۆلەتكە ياردەم بېرىشى مۇمكىن»، دەپ يازغان ئىدى (ئېنرىيۇفورىس «شىنجاڭدىكى ھەربىي قوماندانلار» كىتابىدىن).

دېمەك، شۇ چاغدا ئىنقىلابچىلارنىڭ سېپىدە ھەقىقىي بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقى بۇ ياش دۆلەتنىڭ خەلىق ئارا ياردەم ئالالماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان.

بۇنىڭ سىرتىدا قالغان كېيىنكى ھۆكۈمىتى ئانگلىيانىڭ تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىش مەخسىتىدە تۈركىيادىن ۋە ھىندىستاندىن كېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان خادىملارنى قوغلاپ چىقىرىشنى غوجىنىياز ھاجىدىن تەلەپ قىلغانلىقى بىكار ئەمەس.

قىسقىسى، ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇيغۇرلار ئىنقىلاۋىدىن ئۆز مەنپەيتىگە پايدىلىنىپ قېلىشنى خالاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىدىن ياخشىلىق كەلمىدى ھەم كەلمەتتى.

## 1930-يىللاردا يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى

### ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1896_1933)



XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان تالانتلىق ئىنقىلاۋىي شائىر، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى. ئۇ 1896-يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۆز دەۋرىگە يارىشا دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر ۋە شەرىق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇ ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. كېيىنرەك شۇتاڭغا كىرىپ، خىتايچە تىل ۋە يېزىق ئۆگەنگەن. ياش ۋاقتىدا بوۋىسى ئابدۇمېجىتنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، روسسىيانىڭ شەمەي، موسكۋا ۋە پېتېربۇرگ شەھەرلىرىگە بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، رۇس ۋە تۈركىي تىللارنى ئۆگەنگەن. موشۇ تىللاردىكى يازما ئەدەبىيات بىلەن تونۇشقان. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىنىڭ ھەرتەرەپلىمە بىلىملىك زىيالىسى، ۋەتەنپەرۋەر شائىرى بولۇپ يېتىشكەن.

ئۇ خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماۋالغان نادانلىق جاھالەتكە قارشى ئوت ئاچتى. ئاستا-ئاستا بۇ جاھالەتنىڭ تۈپسەۋەۋى ياتلارغا بېقىندا مۇستەملىكە بولۇپ قالغانلىق ئېكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېموكرات، مەرىپەت كۈيچىسى شائىردىن مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلاۋىي شائىرغا ئايلاندى. شائىرنىڭ 1932-يىلى يازغان: «ئويغان»، «ئاچىل» ناخشىلىرى ئىنقىلاپنىڭ گىمنى بولۇپ، پۈتۈن ئۇيغۇرستانغا تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان جاللات شىڭ شىسەي 1933-يىلى 10-مارت كۈنى شائىرنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇتى تۇرپاندا، خەلقىنىڭ كۆزىچە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى.



## مەمتىلى توختى ھاجى ئوغلى (تەۋپىق) (1901ـ1937)

(1901ـ1937) ژىللاردا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەرىپەتچى ۋە ئىنقىلاۋىي شائىر. كىچىكىدىن ئىلىمگە ئامراق، زېرەك بولغان مەمتىلى باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆز ژۇتى ئاتۇشتىكى يېڭى دىنىي، يېڭى پەنىي مەكتەپتە ئالغان. بۇژۇتقا داۋاملىق ئوقۇش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا سەپەرگە چىقىپ، شىمالىي ئۇيغۇرستاندىكى چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇ يەردىمۇ تەقىپكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئېلىغا چىقىپ، موسكۋادىكى «شەرىق خەلىقلىرى» ۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

1923-ژىلى تۈركىيانىڭ ستامبۇل شەھىرىگە بېرىپ، «دارىل مۇئەللىمىن» مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن.

1932-ژىلى ئۇيغۇرستانغا قايتىپ كېلىپ، خەلىقنىڭ قوللاپ-قۇۋەتلىشى ئارقىسىدا زامانىۋىي پەننىي مەكتەپلەردە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. ئۆزى بېۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان «ئىزچىلار» دەپ ئاتالغان ئوقۇغۇچىلار ئوترىيادى ئارقىلىق يالقۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن خەلىقنى ئويغىنىشقا چاقىرغان ئىدى. بۇئىشلارغا چىدىمىغان خىتاي جاللاتلىرى شائىرنى قولغا ئېلىپ، 1937-ژىلى 30-ماي كۈنى قەشقەر تۈرمىسىدە تۈرمداشلىرى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى.

مەمتىلى ئەپەندىنى 1930-ژىللاردىكى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ سەردارى، دەپ ئېيتىشىمىز مۇمكىن. ئۇ جەمىيىتىمىزگە زامانىۋىي يېڭى مائارىپنى ئېلىپ كىرىش بىلەن بىللە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلاۋىي پوئېزىياسىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئىنقىلاۋىي شېئىرىيەتنىمۇ ئېلىپ كىردى. مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىقنىڭ:

**قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،**
**سەن ئۈچۈن ئانا ۋەتەن بولسۇن پىدا بۇ جېنىم! ـ**

دەپ باشلىنىدىغان ئىنقىلاۋىي ناخشىسى ئۇيغۇرستان ئىنقىلاۋىنىڭ گىمنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ «تەۋپىق» دېگەن تەخەللۇسىنى قوللىنىپ شېئىرلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان چەۋرىسى ئابدۇشۈكۈر تەۋپىق سەياسىي پانالىق تىلەپ قازاقستان جۇمھۇرىيىتىگە چىققان ئىدى. ئۇنى 1999-ژىلى 4-ماي كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە خىتاينىڭ ياللانما جاسۇسلىرى ئوغرىلاپ ئەپكېتىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى!

### تەجرىبە-ساۋاقلار

شۇنداق قىلىپ، 1933-1937 ژىللاردىكى ئۇيغۇرستان ئىنقىلاۋى مەغلىبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.
ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەپلەر مونۇلار:

1. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرستان جەمىيىتى قالاق فېئوداللىق جەمىيەت ئىدى. پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سانائەت يوق دېيەرلىك، قول ھۈنەر تارماقلىرى خەلىقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئارانلا قامداتتى. ھەربىي قۇراللارنىڭ ھېچ قايسى تۈرىنى ئىشلەپ چىقىرالماتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاپنىڭ پۈتۈن جەرىيانىدا قۇرال-ياراق، ئوق-دورىنىڭ يېتىشمەسلىگى سېزىلىپ تۇرادى. خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ئۈستۈن بولسىمۇ، قۇرال-ياراق يېتىشمەسلىگىدىن بەزى جەڭلەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقان.

2. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنقىلاپچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولمىدى. ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز مەنپىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا تارقاق ھەرىكەت قىلىشتى. پىكىردە، ھەرىكەتتە بىرلىك بولمىدى. سابىت دامولىنىڭ مەسلىھەتسىز ھەرىكىتى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

3. كېڭەش ھۆكۈمىتى باشتىن-ئاياق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. ھەر قاچان ئىنقىلاپنىڭ دۈشمىنى شىڭ شىسەينى قوللاپ، ياردەم بېرىپ كەلدى.

4. ئىچكى ئۆلكىلەردە پائالىيەت قىلىشقا ئىمكان تاپالمىغان مىللەتچى ماجۇڭيىڭ ئۇيغۇرستاندا يۈز بېرىۋاتاقان قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىماقچى» بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن نۇرغۇن قۇرال-ياراققا ئېگە بولۇپ، يەرلىك تۇڭگانلار ھېساۋىغا ئەسكەر سانىنى كۆپەيتىپ، ئاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇرستاندا بولمىسا، ئۇيغۇرستاننىڭ بىر قىسمىدا بولسىمۇ تۇڭگان دۆلىتىنى قۇرۇش،

ئۆزى بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاسى بولۇش غەرىزىدە بولدى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتى مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي مەخسىتىدىمۇ، كېيىنكى ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسىتىگىمۇ زىت كېلىپ قالغانلىقتىن، ئاخىرى يوقىتىلدى.

5. ئىنقىلاپنىڭ ھەل قىلغۇچى پەيتىدە ھىندىستان ئارقىلىق ئانگلىيانىڭم ئاۋغانىستان ئارقىلىق تۈركىيانىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى (1933-يىلى نويابىردا تۈركىيانىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى: مۇستاپا كەنتلى، ئەلى بەي، نەدىم بەي ۋە خارىبىدىن مەھمۇددار تۈركىيادىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى). ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق غايىسىدىن كېچىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز دەپ ئىنقىلابنى خاتا يولغا باشلىدى. رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرىنىڭ بىرلىشىپ زىيانكەشلىك قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

كۆرۈنەرلىك ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى ئېندىريۇ فوربىس شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەپلىرىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەپ يازغان:

«ئۇمۇمەن، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تۈركچىلىك ۋە ئىسلام ئىدىيالىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان پەيتتىلا خىتاي بىلەن سوۋېتتىن ئىبارەت 2 قۇدرەتلىك كۈچنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغان ئىدى. ئەينە شۇ 2 دۈشمەن ھەقىقەتەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى نابۇت قىلىپ تاشلىدى!» («ئۇيغۇر ئاۋازى»، 2003-يىل، 39 №).

6. مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى ياپونىيا بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرستانغا ھەربىي كۈچ بىلەن ئارىلىشىشقا چامى كەلمىسىمۇ، خۇاڭ موسىڭ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرستاننى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمدارلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈرۈندى. ئاخىرى شىڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتىپ، سەيەسىي مەخستىگە يەتتى.

شىڭ شىسەي ئۇيغۇرستاندا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 80000دەك ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىزنى يوقىتىپ، ۋەتىنىمىزنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ساق تاپشۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، 1944-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ بۇلاۋالغان بايلىقلاردىن 600 سەر (20 توننا) ئالتۇن ۋە باشقا بايلىقلارنى ئېلىپ، ساق سالامەت نەنجىڭگە قايتىپ كەتتى.

1931-1937 يىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇبىيەت تارىخىدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىشىمىز مۇمكىن:

1. بىر ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇستەھكەم ماددىي بازىسى، يەنى يېتەرلىك ئىختىسات بىلەن ھەربىي قۇرال-ياراقلىرى بولۇشى كېرەك.

2. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت پىششىپ يېتىلگەن بولۇشى، يەنى ھەممە زۇتلارنىڭ ئاھالىسى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە تەييار بولۇشى كېرەك.

3. ئىنقىلاپقا توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرىكەتنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رەھبەرلىك توپ ياكى قوماندانلىق شتاب بولۇشى كېرەك، ياكى قەتئىي ئىرادىلىك، چۈرەشتە چېنىققان، ئۇمۇمىي ئېتىراپ قىلىنغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي رەھبەر بولۇشى كېرەك.

4. بۇ رەھبەرلىك توپ ياكى ئىنقىلاۋىي رەھبەرنىڭ قولىدا مىللىي مۇستەقىللىكنىڭ نىشان قىلىنغان ئېنىق سەياسىي پروگرامما بولۇشلىرى كېرەك. ئۇلار ئىنقىلاپقا زىيان يەتكۈزىدىغان پانتىيۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيالىرىدىن خالى بولۇشى كېرەك.

5. ئىنقىلاپچىلاردا ئورتاق ئىنقىلاۋىي غايە بولۇشى كېرەك — شەخسىيەتچىلىك مەنسەپپەرەسلىك، مەنپىيەتپەرەسلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق ئىللەتلىرىدىن خالى بولۇشلىرى كېرەك.

6. دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىپ، دوستقا — دوستچە، دۈشمەنگە — دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. دىن قېرىنداشىمىز ئىكەن دەپ تۇڭگانلارنى شېرىك قىلىشۋېلىشقا بولمايدۇ.

7. ئىنقىلاپتا تاشقى كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە. بىراق، ئىنقىلاپنىڭ تىزگىنى ئۆز قولىمىزدا بولۇشى كېرەك. غوجىنىياز ھاجى ئۇخشاش ئىنقىلاپنىڭ تىزگىنىنى ياتلارغا تۇتقۇزۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.


8. تارىخىي خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى ئىشلارنى توغرا ئىشلەيدىغان سەممىي نىيەت بولۇشى كېرەك.

ئەگەر بىز ئەمەلىي پائالىيىتىمىزدە ژۇقارقى شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنلايدىغان بولساق، شۇ چاغدىلا ئۆز تارىخىمىزنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئەمەلىي كۈرەشتە تەجرىبە-ساۋاقلاردا پايدىلانغان بولىمىز.

www.uyghurkitap.com

## 29ـ باپ


## 1944ـ1949ـ يىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاب ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»



1944ـ1949ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى



ئەخمەتجان قاسىمى



ئەلىخانتۆرە

www.uyghurkitap.com


ئابدۇرەۋپ مەخسۇم



ئابۇلخەير تۆرە



هاكىمبەگ غوجا


غېنى باتۇر


زۇنۇن تېيىپوۋ


ئىسھاقبەك مونونوۋ


سالجانباي باباژانوۋ


ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ


رەخىمجان سابىرھاجىيېۋ



سەيپىدىن ئەزىزى



ۋاقاس مىرشانوۋ



ھەبىب يۇنىچېۋ




**سۈرەتتە:** شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى:


**ئولتارغانلار (سولدىن):** رەخىمجان سابىرھاجىيېۋ، باسباي چولاقوۋ، ھاكىمبەگ خوغا، ئەلىخانتۆرە، ئابدۇمۇتالى خەلپەم، مۇھەممەتجان مەخسۇم.

**ئۆرە تۇرغانلار (سولدىن):** ئەخمەتجان قاسىمى، سۇلايمان روزىيېۋ (سوۋېتلىك ئۇيغۇر)، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، ئەنۋەر مۇسابايېۋ.





ئەخمەتجان قاسىمي تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى باشباي ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى دەلىلخانلار بىلەن.



**ئەخمەتقان قاسىمي خەلىق قەھرىمانلىرى فاتىخ باتۇر ۋە غېنى باتۇرلار بىلەن (1946-ژىل).**

## كىرىش سۆز

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاندا 1944-ژىلى شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغان مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۇ 1949-ژىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئۆمرى قىسقا، بارى-يوقى بەش ژىللا بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شانلىق ۋاقىە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇ جەڭگىۋار ژىللارنىڭ پارلاق خاتىرىسى ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىمىزدە ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ژىللار ئۆتكەنسىرى بۇ ئىنقىلاپ تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە. مىللىي مۇستەقىللىكنىڭ قەدرىگە يەتكەنسىرى ئۇنىڭ مەنا ۋە ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئېشىپ بارماقتا.

بىز ئەينە شۇ ئىنقىلاپنىڭ مۇشەررەپ قاتناشقۇچىلىرى قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئامان قالغان غەزىيلىرى، قايتىلانماس نوۋەر ياشلىغىمىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەشۇ ئوتلۇق ژىللارنى ھەم سېغىنىش، ھەم پەخىرلىنىش، ھەم ئېچىنىش ھېسسىياتلىرىمىز بىلەن ئەسلىمەكتىمىز.

ھە، ئۇ كۈنلەر بىز ئۈچۈن مۇقەددەس، چۈنكى بۇ ئىنقىلاپقا ئەلىخان تۆرە ساغۇنىيەدەك، ئەخمەتجان قاسىمىيەدەك بۈيۈك ئەرباپلار يېتەكچىلىك قىلغان؛ ئىسھاقبەك مونۇنوۋتەك، دەلىلخان سۇغۇربايۋتەك، زۇنۇن تېيىپوۋتەك چېۋەر قولباشچىلار قوماندانلىق قىلغان ئېدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى ئوتىنى فاتىخ مۇسلىموۋ، غېنى باتۇر، ئەكبەر باتۇردەك خەلىق قەھرىمانلىرى تۇتاشتۇرغان ئېدى.

مىللىي مۇستەقىللىك ئۈچۈن بولغان جەڭ مەيدانلىرىدا مىڭلىغان جەڭچىلىرىمىز قەھرىمانلارچە قۇرۋان بولغان ئېدى. ئەشۇ جەڭ مەيدانلىرىدا تۇرغان دەرابۋتەك، زىخرۇللام نادىروۋتەك، رىزۋانگۈل ھاشىم قىزىدەك كۈرەش قەھرىمانلىرىمىز يېتىشىپ چىققان ئېدى. مىڭلىغان جەڭچىلىرىمىز تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق ئۆلگىلىرىنى ياراتقان ئېدى. ئازاتلىققا تەشنا بولغان خەلقىمىز، بېمىننەت ئەجرى بىلەن ھالال ئەمگىگىنى سىڭدۈرگەن ئېدى. ئەمگەكچان خەلقىمىز ئۆز ھۆكۈمىتىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، ئۆز مىللىي ئارمىياسىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلىگەن ئېدى. ۋەتەن مۇستەقىللىكى ئۈچۈن كۈرەشتە قانچىلىك بەدەل تەلەپ قىلىنسا، شۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكە خەلقىمىز تەيار ئېدى.

موشۇ بەش ژىلنىڭ ئېچىدە خەلقىمىز ئازاتلىق مۇستەقىللىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، ھەقىقىي ئىنسانلارچە ئەركىن، بەختىيار ھايات كەچۈرگەن ئېدى، ھەتتا ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئابدۇغوپۇر سابىرھاجىيۋتەك، ياقۇپجان رەخمانوۋتەك يۈزلىگەن ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز كۈرەش مەيدانىغا چىقىپ، ئەزىز ھاياتىدىن ئايرىلىشقان ئېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1944-1949 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپىنى ئەسكەر ئالغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك

قىلغان ئۇلۇغ ئەرباپلىرىمىز بىلەن ئۆلمەس قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تازىم قىلىش، شۇ كۈرەشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنى پايدىلىنىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى ئىنقىلاۋىي كۈرۈشىمىزنى ئاخىرقى غەلىبىگە يېلىپ بېرىش — بىز بۈگۈنكى ئەۋلاتنىڭ مۇقەددەس بورچىمىزدۇر!

2. ئەشۇ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ ئىنقىلاپتا بولغان قىزىقىش پەسەيگىنى يوق. ھازىرقى ئەۋلاتلار ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئەشۇ ئىنقىلاۋى، كۈرەشلىرى توغرىلىق ھەقىقەتنى بىلىشنى خالايدۇ. كۆڭلىدىكى سوئاللارغا جاۋاپ ئېلىشنى ئىستەيدۇ.

راست، كېيىنكى يىللاردا ۋەتىنىمىزدە مىللىي ئىنقىلاپ توغرىلىق كۆپلىگەن خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، ژۇرناملار، ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلىپ ئېلان قىلىندى، بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سەياسىي تەسىرى بولغانلىقتىن، بۇ ئەسەرلەردە ئەشۇ ئىنقىلاپ توغرىلىق ھەقىقەت تولۇق ئېيتىلمىدى. ھەتتا بەزى مۇئەللىپلەر خىتاينىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، پۈتۈنلەي يالغان ئويدۇرمىلارنى توقۇپ چىقىرىپ، ئىنقىلاپقا تۆھمەت قىلدى. ئىنقىلاپنىڭ مەخسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلىدى. ئەھمىيىتىنى پۇچەكلەشتۈردى. ھادىسىلەرگە، تارىخىي شەخسلەرگە خاتا باھا بەردى. مەسىلەن، ۋەتەندە يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ماتېرىئاللارنىڭ ھەممىسىدە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتنىلا ئەمەس، ئۇيغۇرستان زېمىنىنىڭ ھەممىسىنى ئازات قىلىشنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويغان، ئەمەلىياتتىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ 9 ۋىلايەت، 42 ناھىيەسىدە تۈرلۈك دەرىجىدە ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى شەرقىي تۈركستان (ئۇيغۇرستان) ئىنقىلاۋى دەپ ئاتاش كېرەك.

يەنە ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرىنى بۇرمىلاپ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېيىشمەكتە، بۇ پۈتۈنلەي يالغان! بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان ھەقىقىي مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ ئىدى. ئۆزى مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان ئەلدە كۆتىرىلگەن ئىنقىلاپ، پەقەت مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ بولىدىكەن، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ۋەتەنىنىڭ سىرتىدىكى بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ ئۇزاق يىللار ئىزدىنىپ، ماتېرىئال توپلاپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بەزى ئەمگەكلەرنى يېزىپ، ئېلان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىممىتىگە رەخمەت ئېيتىمىز، بىراق، بۇ مۇئەللىپلەر ئەشۇ ئىنقىلاپقا ئۆزلىرى بىۋاستە قاتناشمىغان. شۇ زاماندىكى ئىدىياۋىي كۈرەشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولغانلىقتىن، ئوخشاشلا ۋاقىئەلەرنى بايان قىلىشتا، تەشكىلاتلارغا ۋە تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىشتە كامچىلىق، خاتالىقلاردىن خالى بولالمىدى. مەسىلەن، ئۇلار شۇ دەۋردە پۈتۈنلەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدە تۇرغان «چىن تۈركستانچى» ئەپەندىلەرنى شەرقىي تۈركستان ئىنقىلاۋىنىڭ ئەرباپلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويماقتا. 1946-يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان كوممۇنىستىك خاراكتېردىكى «خىپ» تەشكىلاتىنى 1962-يىلدىن كېيىن ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان، مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان، كوممۇنىستلارغا قارشى «خىپ» تەشكىلاتى بىلەن بىر تەشكىلات دەپ قارىماقتا. بۇ خىل قاراش ئەمەلىياتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پۈتۈنلەي خاتا. شۇنداق قىلىپ، مەيلى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا بولسۇن كەڭ كىتاپخانلىرىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قانائەتلەندۈرگىدەك مۇكەممەل مىللىي ئىلمىي ئەسەرلەر تېخى مەيدانغا چىققىنى يوق.

ھازىر ئەشۇ ئىنقىلاپنىڭ ئاياقلاشقىنىغا توپ-توغرا 55 يىل بولدى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. شۇ ئىنقىلاپنىڭ شاھىتلىرى بولغان ۋېتېرانلارمۇ ئازىيىپ كېتىپ بارىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۆزەم بىۋاستە قاتناشقان ئىنقىلاپ توغرىسىدا بىر تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ يېزىپ قالدۇراي دېگەن ئوي بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، قولىڭىزدىكى موشۇ كىتاپنى يېزىشقا كىرىشتىم. مېنىڭ بۇ قىسقا كىتاۋىم مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئاساسىي مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ، توغرا جاۋاپ بېرەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

## §1. ئۇيغۇرستاندا 1940-يىللاردىكى سەياسىي ۋەزىيەت ۋە مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ كۆتىرىلىش سەۋەپلىرى

1940-يىللارنىڭ بېشىدا ۋەتىنىمىزدە مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى:

بىر تەرەپتىن: مىللىي زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، ئېزىلگەن ئۇيغۇرستان خەلقى بىلەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت بەكمۇ كۈچەيگەن ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرستاندا 10 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىڭ شىسەي خەلقىمىزنى سەياسىي جەھەتتىن ئېزىپ، ئىختىسادىي جەھەتتىن تالان-تاراژ قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرستاننىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن 100000 دەك كىشىلەرنى تۈرمىگە ئېلىپ، بۇلارنىڭ 80000 نى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە ئۈزۈلگەنلىكتىن، يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىنماي، سىرتتىن تووار ئىمپورت قىلىنماي خەلق ئىستىمال قىلىدىغان سانائەت ماللىرى ئۆكسۈپ قالغان. موشۇ

سەۋەپلەردىن پۇل پاخاللاشقان، خەلق تۇرمۇشى نامراتلاشقان ئىدى.

1942-ژىللىرى شىڭ شىسەيدىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ فاشىستىك تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى مىللىي زۇلۇمنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، نامرات خەلقنىڭ ۈستىگە ئېغىر باج-سېلىقلارنى سالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتكە 1000 ھەربىي ئات سېتىپ بېرىشكە خەلقنى مەجبۇر قىلغان. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىتايلاشتۇرۇش سەياسىتىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىغان ئىدى.

قىسقىسى، مىللىي زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقان، خەلقىمىزنىڭ سەۋىر كاسىسى تولۇپ-تاشقان ژىللار ئىدى. شۇنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىز مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپىنى باشلاشقا مەجبۇر بولدى.

مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ دەسلەپ ئالتاي ۋىلايىتىدىن باشلاندى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1940-ژىلى ئاپرېلدا ئالتايدىكى قازاق خەلقىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن شېرىپخان تۆرە، ئەلەن ۋاڭ قاتارلىق ئايماق باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدىغان ژىغىنغا چاقىرىپ ئاپىرىۋېلىپ، بىگۇنا قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئالتاي خەلقى بولسا، ئۆز رەھبەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپكە جاۋاۋەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرللۇق قوشۇن ئەۋەتىپ، خەلقنى باستۇردى. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئالتاي خەلقى ئاددىي قۇراللار بىلەن بولسىمۇ قۇراللىنىپ، زالىم ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 1942-1941-ژىللىرىدىمۇ داۋاملاشتى. موشۇ قوزغىلاڭچىلار باشلىقى چاقاباي ئۇرۇقىدىن ئىرىسقان، چېرۇچى ئۇرۇقىدىن سۇلايمان دېگەن كىشىلەر ئىدى. سوقۇشلارنىڭ بىرىدە ئىرىسقانغا ئوق تېگىپ، قۇرۇۋان بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كېرېي ئېلىنىڭ ئايتۇغان ئۇرۇقىدىن ئوسمان ئىسلام چىقىپ، قوزغىلاڭنى داۋاملاشتۇردى. بىراق، قوزغىلاڭچىلار ھېچ ياقتىن ياردەمگە ئېگە بولالمىغانلىقتىن، كەڭ دائىرىدە كۆتىرەلمىدى.

موشۇ ئارىلىقتا، شىڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۈزىنى ئۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. گومىنداڭ بولسا، ئانگلىيا، ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاش بولىۋالدى. بۇ ۋەزىيەت سوۋېت دۆلىتىنىڭ بېخەتەرلىكىگە خوۋۇپ تۇغدۇردى. موشۇنداق شارائىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭ باشلىقى ستالىن شىڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىش ھەم خىتاي تەرەپتىن كېلىدىغان خوۋۇپنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە ئالتاي خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلىشىدىن ئۆز مەنپىيىتى ئۈچۈن پايدىلىنىپ قالماقچى بولدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى 1943-ژىلى ئاپرېلدىن باشلاپ، تاشقى موڭغۇلىيا ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ئوسمان بىلەن ئالاقە باغلىدى ھەم يوشۇرۇن كېلىشىم تۈزدى. بۇنداق كېلىشىم ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق ئىدى. ئوسمان تەرەپ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. سوۋېت تەرەپ بولسا، ئالتاي خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي تەرەپتىن كېلىدىغان خوۋۇپنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئالتايدا مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنچى مەركىزى جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى تاشقورغان ناھيەسى بولدى. 1943-ژىلى 9-ئايدا شىڭ شىسەينىڭ تەقىپلىشىدىن قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سەياسىي پانا ئالغان ئىسھاقبەك ئۆزى ئوخشاش ئۇيغۇرستاندىن قېچىپ بارغان ۋەتەنداشلىرىدىن قۇراللىق ئوترياد تەشكىل قىلىپ، 200دەك قۇراللىق جەڭچىلىرىنى باشلاپ، جەنۇبىي ئۇيغۇرستاننىڭ چېگارا ناھيەسى تاشقورغانغا يېتىپ كەلدى ۋە گومىنداڭ ئەزگۈچىلىرىگە قارشى قۇراللىق كۈرەشنى باشلىدى. بۇ قوزغىلاڭغا تاشقورغاننىڭ يەرلىك كىشىلىرىدىن كارۋانشاھ، غوپۇر قاسىمىي، شېرىنبېك قاتارلىق كىشىلەر ئاكتىۋ قاتناشتى. نەتىجىدە، قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، 500دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار قەشقەرىيەدىكى بىر قانچە ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى دۈشمەنلەردىن ئازات قىلدى.

خۇددى موشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تەقازاسى بىلەن 1944-ژىلى 9-ئاپرېل كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئەلىخان تۆرىنىڭ باشچىلىقىدا، ئىنتايىن مەخپىي ھالدىكى «شەرقىي تۈركستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك كىشىلەردىن 12 مەپەر ئەزاسى بار ئىدى. بۇلار: ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي، رەخىمجان سابىرھاجىيېۋ، زۇنۇن تېيىپوۋ، جانى يولداشېۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبەرىي، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مەھەممەتجان مىگخسۇم، سالىجانباي باباجانوۋ، مۇھىددىن ئەخمەت، نۇردۇنبەگ ئىلاخۇن ۋە ئۆمەرجان پىرمۇھەممەتلەردىن ئىبارەت ئىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى 1944-ژىلى يازدا غۇلجىدىكى كونسۇلى دۇباشىن ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتنىڭ رەيسى ئەلىخان تۆرە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. دۇباشىن ئەسلى سوۋېتلىك ئۇيغۇر ھاكىم جاپپاروۋنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئەلىخان تۆرە بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئەگەر ئۇيغۇرلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلىدىغان بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بىراق،

ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي رۇسلارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، دەسلەپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە ئۇنىمىدى. شۇ ژىلى 8-ئايدا ئەلىخان تۆرە دەم ئېلىش ئۈچۈن بۆرتالا ئارشاڭغا بارغان ۋاقتىدا سوۋېت كونسۇلى دۇباشىن ئارقىسىدىن ئارشاڭغا بېرىپ، تاشپولات ئىسىملىك ئۆزبەك كىشىنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئەلاخان تۆرە بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەتلىشىپ، ئەلىخان تۆرىنى ئاخىرى ئىشەندۈردى. سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلدى.)[1]



**سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى باش كونسۇلى دۇباشىن بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمانى ھاكىم جاپپاروۋىچ يارۇللابېكوۋ.**

سوۋېت ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلاۋىغا ئارىلاشتى؟

بۇ مەسىلىگە ئامېرىكىلىق سەياسەتشۇناس ئالىم، پروفېسسور دژون گارۋېر مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ: «شۇ ژىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى ئەھۋاللار تۈپەيلى ئۇيغۇرستانغا نەزەر ئاغدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئېدى.

1. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشىگە تايىنىپ، تەختكە چىقىۋالغان شىڭ شىسەي 1942-ژىلى سوۋېت گېرمان ئۇرۇشى ئوۋج ئالغان بىر ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنى ئۆرۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1942-ژىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى چۇڭچىڭ شەھىرىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان مەخسۇس كېڭەشمە ئۆتكۈزدى. كېڭەشمىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي سەياسىي مىنىسترى خې يىڭچىڭ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ستراتېگىيالىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەزكۇر پىلان بويىچە: جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەيدىن پايدىلىنىپ، يېقىن كېلەچەكتە سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، قۇڭگونىڭ شىنجاڭغا بولغان ئېگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى بولسا، دىپلوماتىك كاناللار ئارقىلىق «ئىناق خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى» كۆز-كۆز قىلىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالداپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، گەنسۇ، شىنجاڭ، تىبەت قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قوشۇن توپلاپ ئېلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئانگلىيا ۋە ئامېرىكا ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەندىشە ۋە جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلىش لازىم ئېدى. شۇ ژىغىندىن كېيىن ئۇيغۇرستاندا يۈز بەرگەن ۋاقەلەر موشۇ پىلان بويىچە رىۋاجلاندى. يەنى شىڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىلىرىنى ژىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت قىزىل ئارمىياسىنىڭ قومۇل چېگارىسىنى

[1] ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئاسلىخاننىڭ ئەسلىمىلىرىدە «ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشىم تۈزۈلدى» دېيىلگەن. بىراق ھۆججەت كۆرىستىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنى «ئاغزاكى كېلىشىم» دەپ ئاتىدۇق.

ساقلاپ تۇرۇۋاتقان، ماتورلاشقان 8-پولكنى (بۇ ئەمەلىياتتا دىۋىزىيا ئىدى) قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادىكى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى بىلەن مايتاغدىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ياپتۇرۇپ، ئىنژېنېر ۋە خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن كوممۇنىستلار بىلەن كادىرلارنى تۈگەل تۈرمىگە ئېلىپ ئۆلتۈردى. شىڭ شىسەينىڭ قىلمىشلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ستالىنغا تازا ئەلەم قىلغان ئىدى. ئۇ موشۇ ئاسىيلىغى ئۈچۈن شىڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

2. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1943-يىلى 4-ئايدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى ئاچتى. ئۇ ئېرىموند كلوبىنى كونسۇل قىلىپ تايىنلىدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۈرۈمچىدە ئاگلىيانىڭ كونسۇلخانىسىمۇ ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى تامامەن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ ئەھۋال، ئەلۋەتتە، ستالىن ۋە شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى» («رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»، 407-404 بەتلەر).

3. 1943-يىلى كۈزدە خىتاي دۆلىتىنىڭ باشلىقى جاڭ كەيشى بىلەن ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى رۇزۋېلت ئىككىسى بىر يوشۇرۇن كېلىشىم ئىمزالىغان ئىدى. بۇ كېلىشىم بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاڭ كەيشى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىياسىگە شىنجاڭ تەۋەسىدە، مۇۋاپىق تاپقان ئورۇندا، پىلاسدارم (يىرىك ئاۋئاسىيا بازىسى) قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى. كېيىن مەلۇم بويىچە، پىلاسدارم ئورنى ئىلى ۋادىسىدىكى تېكلىخان چوققىسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ دالا تاللاۋېلىنغان، ھەتتا گومىنداڭ ئارمىياسىنىڭ 2 نەپەر ھەربىي ئىنژېنېرلىرى گومىنداڭ ئارمىياسىنىڭ كۈرەدىكى شتابىغا كېلىپ، ئۆلچەش-سىزىش ئىشلىرىنى باشلاۋەتكەن ئىكەن.سوۋېت رازۋېدكىسى يۇقارقى كېلىشىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سوۋېت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىگە خوشنا ئۇيغۇرستان يېرىدە ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيا پىلاسدارمىنى قۇرۇشقا يول قويماسلىق ئۈچۈن چارە تېپىشقا مەجبۇر بولغىنا ئىدى.

4. ئامېرىكا ئالىملىرى 1945-يىلى تۇنجا ئاتوم بومبىسىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى، بۇ ئاتوم بومبىسىنىڭ تۇنجا ئەۋلادى بولسىمۇ، ئەينى زاماندا ئۇرۇشنىڭ تەغدىرىنى ھەل قىلىدىغان دەھشەتلىك قورال ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، خۇددى موشۇنداق قورالغا ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى. ئاتوم بومبىسى ياسايدىغان ئۇران ماددىسى بولسا، ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا كاللەك-كاللەك ھالدا «مانا مەن» دەپ ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ ياتاتتى. (سوۋېت ئىنژېنېرلىرى بۇنى ئالقاچان ئېنىقلاپ بولغان ئىدى). مانا ئەندى ئەشۇ ئۇرانىنى ئېلىپ، پايدىلىنىشقا توغرا كەلدى. (سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەخسەتكە تولۇق يەتتى: 1945-يىلى كۈزدە ئالتاي ئازات قىلىنغاندىن كېيىن سوۋېت ئىنژېنېرلىرى ئالتايدىكى ئالتۇننى، كۆكتوقايدىكى ئۇران، بارال، بېرىللىي ماددىلىرىنى خالىغىنىچە كولاۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئۇراندىن پايدىلىنىپ، 1949-يىلى سېنتيابىردا تۇنجا ئاتوم بومسىنى ياساپ چىقتى ھەم مۇۋاپپەقىيەتلىك سىناق قىلدى).

5. گېرمانىيا ئارمىياسى 1942-يىلى ستالىنگراد جېڭىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، 1943-يىلى يازدا يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاساسىي دىققەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت بازىسى بولغان كاۋكاز رايونىنى بېسىۋېلىشقا قاراتتى. بۇنىڭدىكى مەخسەت سوۋېتنىڭ نېفىت چىقىدىغان رايونلىرىنى بېسىۋېلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىياسىنى نېفىتسىز قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. موشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى ھەم ئەرزەن، ھەم يېقىن نېفىت مەنبەلىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى، شىنجاڭنىڭ مايتاغ مۇراجىئەت قىلدى. بۇ توغرىلىق دژون گارۋېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1942-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار كومىسسارى ۋلادىمىر دېكانىزوۋ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ مولوتوۋنىڭ شىڭ شىسەيگە يازغان بىر پارچە مەكتۇبىنى تاپشۇردى. مولوتوۋنىڭ خېتىدە شىنجاڭدىكى نېفىتلىكنى بىرلىشىپ ئېچىش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋە مەھسۇلاتنى يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىش تەكلىۋى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. موشۇ نېفىت بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىياسىنى تەمىنلەش مەخسىتى بارلىقى ئوچۇق ئېيتىلغان ئىدى» «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» (399-398 بەتلەر).

6. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېگىلىگى تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئېغىر ۋەيران بولغان. ئارمىيا ۋە خەلقنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش بارغانسىرى قىيىنلاشقان ئىدى. ئۇيغۇرستان بولسا، يېزا ئېگىلىگى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئىنتايىن باي بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى موشۇ مەھسۇلاتلارنى ئەرزەن باھادا سانائەت ماللىرىغا تېگىشىۋېلىپ، قوشۇمچە پايدىلىنىش يولى بىلەن ئۆز قىيىنچىلىقلىرىنى قىسمەن بولسىمۇ ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولاتتى.

7. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 20 مىللىون ئادەمدىن ئايرىلدى. خەلق ئېگىلىگى ئېغىر ئەھۋالدا، سانائەت ۋە يېزا ئېگىلىگىدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەتتى. ئەگەر شىنجاڭنى ۋاقىتلىق

بولسمۇ قولغا كەلتۈرەلمسە، ژۇگاچ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر، قازاق خەلقىنى سوۋېت گراژدانلىقىغا قوبۇل قىلىپ، كۆچىرىۋېلىپ چىقىش ئارقىلىق ئەرزەن ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى تېزىرەك تىكلەپ ئىشلىشقا پايدىلىق بولاتتى (سوۋېت ھۆكۈمىتى كېيىن بۇ مەخسىتىگىمۇ يەتتى).

بىراق، ئۇيغۇرستان زېمىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرغاندا، بۇ يەرنىڭ بايلىقىدىن ۋە ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ژۇقارقى مەخسەتلەرگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلىكى ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا ئاۋئىا پلاسدارم قۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىنىمۇ بولماتتى. موشۇنى ياخشى چۈشەنگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۇۋچ ئېلىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىك كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ھاكىمىيەتنى ئۇيغۇرلارغا تۇتۇقۇزۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز مەخسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ پىكرىمىزنى مونۇ فاكت تولۇق تەستىقلەيدۇ: س س س ر نىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى خەلق كومىسسارىئاتى 1943-ژىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان بىر ژىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش ھەققىدىكى ئىلگىرىكى باياناتلىرىغا خائىنلىق قىلىپ، جاڭ كەيشىنىڭ ئەكسىل ئىنقىلاۋى مەيدانىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىك فاكتىنى نەزەرde تۇتۇپ، ۋ ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسى بۇ ژىل 16-مايدا ئېچىلغان ژىغىنىدا شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىگە ھەربىي، سەياسىي جەھەتتىن ھەرتەرەپلىمە ياردەم بېرىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى» دەپ يېزىلغان («يېڭى زامان» گېزىتى، 1999-ژىل، 25-نويابىر ساندىن ئېلىندى).

قىسقىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى مەخسەت قىلدى. موشۇ مەخسەتتە، موسكۋا كرېملدا، ستالىنىنىڭ ھوزۇرىدا: مولوتوۋ، بېرىيا ۋە كوسىگىنلاردىن تەركىپ تاپقا ئالىي ئورگان قۇرۇلدى (ئىشەشلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ ژىللاردا كوسىگىن 2 قېتىم مەخپىي ھالدا غۇلجىغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەتكەن ئىكەن).

موشۇ ئورگاننىڭ يېتەكچىلىگىدە ئۇيغۇرستاندا مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى ئۆزبەكىستان كومپارتىياسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۈسۈپوۋقا تاپشۇرۇلدى. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان كومپارتىيالىرىمۇ بۇ ئىشقا جەلىپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستاندا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنى ئۇيۇشتۇرۇش جەرياني باشلىنىپ كەتتى:

1. مەخسۇس مەكتەپلەردە تەييارلىقتىن ئۆتكەن يۈزلىگەن رازۋېدچىكلارنى ھەر خىل ياسالما ناملار بىلەن نىقاپلاپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ئۇيغۇرستان تەۋەسىگە كىرگۈزۈۋەتتى. شۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇرستاندىكى ئىچكى ئەھۋالنى ئىگەللەپ، مەلۇمات ئېلىپ تۇردى.

2. ئەسلى شىنجاڭلىق بولغان، بىراق خىتاينىڭ تەقىبىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ېلىپ كېلىپ، ھەربىي سەياسىي تەربىيە بەرگەندىن كېيىن قۇراللىق كۈرەش ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە غۇلجىغا ئەۋەتىلدى. كېيىن ئىنقىلاپ جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەردىن: ئالتايلىق دەلىلخان سۇغۇرباېۋ، تارباغاتايلىق ئابلىمىت ھاجىېۋ باشلىق بىر توركۈم كىشىلەر، غۇلجىلىق ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللاېۋ، فاتىخ مۇسلىموۋ، خەمىت مۇسلىموۋ، ئەكبەر يىسبوسىن، رەيىق بايچۈرىن، نۇرۇم ئوبۇلوۋ، ئوسمان ئىبراھىموۋ، قۇربان بۇرھاندىدىنوۋ، ھوشۇر مەمەتوۋلار ئەينە شۇنداق تەربىيىدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى.

3. تاشكەنت شەھىرىدە ئابدۇمېجىت روزىباقىېۋنىڭ باش مۇھەررىرلىگىدە «شەرىق ھەقىقىتى» ژۇرنالىنى، ئالمۇتىدا مەشۇر رازىېۋنىڭ باش مۇھەررىرلىگىدە «قازاق ئېلى» ژۇرنالىنى نەشر قىلدۇرۇپ، غۇلجىغا ئەۋەتىپ، يوشۇرۇن تۈردە خەلق ئىچىگە تارقاتتى. بۇ ژۇرناللاردا خەلقنى قۇراللىق قوزغىلاڭغا چاقىرىدىغان، ئازاتلىق مۇستەقىللىككە دەۋەت قىلىدىغان ماتېرىئاللار بېسىلىپ تۇراتتى.

دۇباشىن بىلەن ئەلىخان تۆرە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن مەخپىي كېلىشىم شەرتلىرىگە مۇۋاپىق «ئازاتلىق تەشكىلاتى» يەرلىك خەلق ئىچىدە تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئەلىخان تۆرە يېتۈك دىنىي ئالىم، ياللقۇنلۇق ناتىق ئىدى. ئۇ غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاماەتكە قۇران كەرىمنى تەبلىغ قىلاتتى، جاماەتنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە دەۋەت قىلاتتى. بۇنى سېزىپ قالغان باش ساقچىنىڭ باشلىغى لىۋ بىندىئەلىخان تۆرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

– سىز ئۇنداق قىلماڭ، ئۆزىڭىزگە ياخشى بولمايدۇ، – دېگەندە، ئەلىخان تۆرە دادىل تۇرۇپ:

– مەن ئاللانىڭ كالامىنى، قۇران كەرىمنى تەبلىغ قىلىۋاتىمەن، قۇراننىڭ سىرتىدا ھېچ سۆز بېيتقىنىم يوق، – دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ قۇراللىق كۈرەشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارماقتا ئىدى. مانا موشۇنداق تەشكىلىي ۋە ئىدىيىۋي تەييارلىقلار پۇختا ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ باشلاندى.



**سولدىن ئوڭغا:** خەلق قەھرىمەنلىرى غېنى باتۇر، پاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، ئىلقا پارتىزانلىرى: نۇرۇم باتۇر، ھوشۇر باتۇر، خەمىت باتۇر، ئوسمان باتۇر، رەپىق باتۇر بارھانىدىن باتۇرلار.

1944-ژىلى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى نىلقا ناھىيەسىنىڭ ئۇلۇستاي دېگەن يېرىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى بىرىنچى ئوق ئېتىلدى. فاتىخ مۇسلىموۋ ئومۇمىي رەھبەر بولدى. غېنى، ئەكبەر باتۇرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى پورتىزانلار ئوترىيادلىرى تەشكىل قىلىندى. پارتىزانلار دەسلەپكى جەڭدىلا غەلىبە قازىنىپ، 60تىن ئارتۇق قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالدى. دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىنغان قوراللار ھېساۋىغا قوراللانغان پارتىزانلارنىڭ سانى 200 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. پارتىزانلار كىچىك توپلارغا بۆلۈنۈپ، ئۇلارغا: خەمىت، سىيىت، رەپىق، ئوسمان، نۇرۇم، ۋە ھوشۇر باتۇرلار يېتەكچىلىك قىلىشتى.

ئۇلار 10-ئاينىڭ 5-كۈنى تاڭ سەھەردە نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازات قىلىشقا ئاتلاندى. يول بويى 500گە يېقىن خەلق ئۇلارغا ئەگەشتى. پارتىزانلار ئۈچ ئوترىيادقا بۆلۈندى. غېنى باتۇر ئوترىيادى، ئەكبەر ۋە سىيىت باتۇر ئوترىيادى ۋە ئىۋان شۇتوۋ ئوترىيادى نىلقا بازىرىغا ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئىككى كۈنلۈك كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن 7-ئوكتابىر كۈنى ناھىيە بازىرى ئازات قىلىندى، بىراق موشۇ جەڭدە خەمىت باتۇرغا ئوق تېگىپ، شېھىت بولدى. نىلقا ئېلىنغاندىن كېيىن پارتىزانلارنىڭ سېپى كېڭىيىپ، ئادەم سانى 800دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ، ئۈچ چوڭ ئوتارىيادقا بۆلۈندى: ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىرىنچى چوڭ ئوترىيادقا غېنى باتۇر، قازاقلاردىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى چوڭ ئوترىيادقا ئەكبەر بىلەن سىيىت باتۇرلار، بىر قىسىم رۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچۈنچى ئوترىيادقا ئىۋان شۇتوۋ باشلىق بولۇپ بەلگۈلەندى.

شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدىكى «ئازاتلىق» تەشكىلاتى قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بىللە نىلقا تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازات قىلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. نىلقىدىكى ئۈچ چوڭ ئوترىياد غۇلجىغا قاراپ، يولغا چىقتى. پارتىزانلار يول ئۈستىدە ئۇلاستاينىڭ يېنىدىكى جاتۇرغان دېگەن يەرگە كەلگەندە، نىلقىغا كېتىپ بارغان كىچىك دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى ئوتتۇرىدا كەسكىن جەڭ بولدى. موشۇ جەڭدە قورۇزەك دېگەن يەردە ئوق تېگىپ، ئەكبەر باتۇر قاتتىق جاراھەتلەندى. موشۇ جاراھەتتىن ساقىيالماي، شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئوترىيادىنى ئەكبەرنىڭ ئەۋرە ئىنىسى سىيىت باتۇر ئۆتكۈزۈۋالدى.

غۇلجىغا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن غېنى باتۇرنىڭ ئوترىيادى 6-نويابىر كۈنى تاڭ سەھەردە قارىدۆڭدىكى خىتاي پەيچۇسوسىغا (شۆبە ساقچىسىغا) ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىگەللىدى. بىر قىسىم قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالدى. تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى ئازات قىلىپ، موشۇ تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان فاتىخ باتۇرنىڭ ئانىسى بىلەن بالا-چاقىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ پېتر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋ دېگەن سوۋېت ئوفىسېرى بىلەن 20 دانە گېرمانكا مىلتىق، 2 دانە بېلگىيىسكىي پۇلېمېتنى ئوقلىرى بىلەن ئېلىپ، غۇلاجىغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنىلا پارتىزان ئوترىيادلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان باش شتاب قۇرۇلدى. پ.ر.ئالېكساندروۋ قوماندان بولۇپ تەيىنلەندى. غۇلجا ئۈچ دەرۋازىدىكى ئىسمايىل مۇسابايېۋنىڭ قوراسى ۋاقىتلىق باش شتاب قىلىندى. ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەربىي كومىتېت موشۇ قوراغا ئورۇنلاشتى.

7-نويابىر كۈنى ئەتىگەندە ئىلىدىكى ئىنقىلاپنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئۆتەتىلگەن (كېلىپ چىقىشى تۇڭگان مىللىتىدىن بولغان) گېنېرال لىيۇ بىندى ئۆز قوراسىنىڭ ئالدىدا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى: شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، ۋولوديا ئالېكساندىر ئوغلى، مەمەش قاراباشوۋ، ماخمۇت پارماش تۆرتى ئالدىن-ئالا كېلىشىپ قويغان بىر ۋزۋود ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، لىيۇبىندى ئىشقا ماڭماقچى بولۇپ، دەرۋازىسىدىن چىققانلىقىنى كۆرىدۇدە، دەرھال ئۆزلىرىنى قارشى تەرەپتىكى قوروق تامنىڭ ئىچىگە ئالىدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ۋولوديا ماخمۇت پارماشنىڭ قولىدىكى ماۋزېرنى ئېلىپ، تامنىڭ يوچۇغىدىن قارىغا ئېلىپ ئېتىپلا بىر پاي ئوق بىلەن لىيۇبىندىنى يەر چىشلىتىدۇ. ئۇلار لىيۇبىندىنىڭ يېنىدىكى سومكىسىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولىدۇ. غۇلجا خەلقىنى ئويغىتىشۇەتكەن بۇ بىر پاي ئوق ئىنقىلاپنىڭ ئوڭۇشلۇق رىۋاجلىنىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، 7-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى. پارتىزانلارنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە نويابىرنىڭ 11-كۈنى كېچىدە سىلىڭبۇ(قوماندانلىق شتاب)ئېلىندى. بىراق، موشۇ جەڭ مەيدانىدا سىيىت باتۇرغا ئوق تېگىپ، شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ناۋا ئىگەللىدى. غېنى باتۇر ئوترىيادىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن 13-نويابىر كۈنى باش ساقچى ئىدارىسى ئېلىندى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى تۆگەل ئۆلتۈرگۈزۈپ، قۇدۇق ئىچىگە تاشلىتىپ، ئۆزى كۆرەڭگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. پارتىزانلار تۈرمە قوراسىغا بېسىپ كىرگەندە، بىرمۇ مەھبۇس تېپىلمىدى. قىبرى گۈندىپايدىن سورىغاندا، ئاتخانا تەرەپتىكى قۇدۇقلارنى كۆرسەتتى. ئادەم چۈشىرىپ، قۇدۇقتىكى جەسەتلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى. ئىككى



www.uyghurkitap.com

قۇدقىنىڭ ئىچىدىن 238 ئادەمنىڭ جەسىدى چىقتى. خىتاي جاللاتلىرى بۇ مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىنى كەينىگە باغلاپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، تىللىرىنى كېسىپ، نەيزە بىلەن قوساقلىرىنى يېرىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈشكەن ئىكەن.

ئارقا-ئارقىدىن شەھەرنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ دۈشمەندىن ئازات قىلىنىشقا باشلىدى. ئىلقا جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن ھومىنداڭ ئەسكەرلىرى گېنېرال دۇ دىفۇ ۋە ساۋ رېلىڭلارنىڭ باشچىلىقىدا لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ھەرەمباغ ۋە ئائېرودروملارغا تىقىلىشتى. موشۇنداق شارائىتتا، 11-ئاينىڭ 12-كۈنى «ئۇ. قا.ق» كلۇبىدا ئاممۋىي يىغىن ئېچىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە ۋاكالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى، خىتاي ھاكىمىيىتىنى تونۇمايدىغانلىقىنى جاكالىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى سېرىق ئاي يۇلتۇز ھلگۈسى چۈشىرىلگەن يېشىل بايراق ئىكەنلىكى جاكالىنىپ، شۇ يەردىلا سەھنىگە ئېسىلدى (بۇ XIX ئەسىردە ياقۇپبەگ تەشكىل قىلغان يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى كۆتەرگەن تارىخىي بايراق ئىدى. بۇ بايراقنىڭ قايتا كۆتىرىلىشى بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ ئۆتكەن ئەسىردىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولدى).

يىغىندا ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇل ئادەملىرى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەر ئېلان قىلىندى:

شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلەخان تۆرە ساغۇنىي، مۇئاۋىن رەئىسلەر ھاكىمبەگ غوجا ۋە ئوبۇلخەير تۆرە، ھۆكۈمەت باش كاتىۋى ئابدۇرۇپ مەخسۇم، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە باش قوماندان پېتر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋ، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ رەخىمجان سابىرھاجىيۋ، ئىچكى ئىشلار نازىيى بولۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ھەبىب يۇنىچېۋ، دىنىي نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئابدۇمۇتەللى خەلپەم، دۆلەت مۈپەتتىش نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ جانى يۇلداشېۋلار سايلانغانلىقى ئېلان قىلىندى. ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ قاتارىدا: رەخىمجان سابىرھاجىيۋ، زۇنۇن تېيىپوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، جانى يولداشېۋ، مەھەممەتجان مەخسۇم، ئەنۋەر مۇسابايۋ، ئابدۇمۇتالى خەلپەم، سالجانباي باباجانوۋ، ھەبىب يۇنىچېۋ، غېنى باتۇر ۋە پۇجەلەرنىڭ ئىسىملىرى ئاتالدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپەيتىلىپ، قازاقلارنىڭ مۆتىۋەرى ژانىقباي، تاتارلارنىڭ ۋەكىلى ۋاققاس ھاجىخ مىرشانوپ، رۇس ۋەكىلى موسكالېۋلار كىرگۈزۈلدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كېيىنكى يىغىنلىرىدا زۆرۈرقى لاۋازىملاردا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى. مەسىلەن، 1945-يىلى 13-مارت كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىچكى ئىشلار نازىرى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رەخىمجان سابىرھاجىيۋ تەيىنلەندى، زۇنۇن تېيىپوۋ ھەربىي ئىشلار نازىرلىقىغا، سالجانباي باباجانوۋ يەر-سۇ ئىشلىرى نازىرلىقىغا تەيىنلەندى.

يىغىندا 16 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئېلان قىلىندى. مەلۇم تەييارلىقلاردىن كېيىن، 17-نويابىر كۈنى شەھەرنىڭ غەربىيدىكى «ۋاڭ قادىر» بېغىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىدا غۇلجا خەلقىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك ھالدا تەبرىكلەندى.

1945-يىلى مارت ئېيىدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەبىب يۇنىچېۋ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇاۋىنلىرى سەيپىدىن ئەزىزىي مائارىپ نازارىتىنىڭ نازارلىقىغا. ھۈسەيىن ناسىرىي «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. يەنە، 20-مارت كۈنى مۆيدۈن ئەخمەت سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. كېيىن كېرىم ھاجى تۇڭگان شتابىنىڭ باشلىقى، موسكالېۋ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ تەيىنلەندى.

1945-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىي ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پولىنوۋ مىللىي ئارمىيانىڭ باش قوماندانى، زۇنۇن تېيىپوۋ مۇاۋىن باش قوماندانى، ئابدۇرېھىم ھەسەنوۋ-قوماندانىنىڭ سەياسىي مۇاۋىنى، ماۋرووۋ باش شتاب باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سەياسىي باشقارما باشلىقى، غېنى باتۇر مىللىي ئارمىيانىڭ باش پروكۇرورى، ئابدۇغاپۇر سابىرھاجىيۋ ھەربىي سوت باشلىقى، داموللا رازىيۋ مىللىي ئارمىيا دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

(1945-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پولىنوۋ بىلەن ئىسھاقبەك مونۇنوۋلار ھۆكۈمەت ئەزالىرى تەركىۋىگە كىرگۈزۈلدى).

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. جاڭ كەيشى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ستالىنىنىڭ شىڭ شىسەيدىن ئۈچ ئېلىشى دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىنقىلاپنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن خىتاينىڭ تاللانغان ئارمىياسىدىن 40000 كىشىلىك قوشۇننى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش پىلانىنى تەستىقلىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەرەمباغ تۆپىلىكىگە جايلاشقان گەزەرمىگە، ئۇنىڭغا يېقىن لەڭشاڭ بۇتخانىسى بىلەن ئائېرودرومغا بېرىپ تىقىلىشقان دۈشمەنلەرنى پارتىزانلار تولۇق قورشاۋالدى. لېكىن

بۇ دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. موشۇنداق ئەھۋالدا 1944-ژىلى 31-دېكابىر كۈنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئارمىياسىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئائىروپىلان بىلەن غۇلجىنىڭ ھاۋا بوشلۇغىغا كېلىپ، سىمسىز رادىو ئارقىلىق قورشاۋ ئىچىدە قالغان ئەسكەر-ئوفىسېرلىرىدىن ھال سورىدى.

يەنە 1945-ژىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى خىتاي گېنېرالى لى تيەجۈن ئائىروپىلان بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇغىغا ئۇچۇپ كېلىپ، قورشاۋدا قالغان ئەسكەرلىرىگە جاڭ كەيشىنىڭ:

«ستالىنگراد روھىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان روھ بىلەن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇڭلار!» دېگەن بۇيرۇغىنى يەتكۈزدى. بىراق بۇ چارىلەر دۈشمەنلەرگە ياردەم بەرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى 3 يۆنىلىش بويىچە جازالۇغۇچى قوشۇنلىرىنى ئىلىغا ئەۋەتتى. بۇ جازالىغۇچى ئەسكەرلەر 1945-ژىلى 1-ئاينىڭ 11-كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، ھۇجۇم قىلدى. 1-يۆنىلىشتىكى ئاتقۇچى ئەسكەرلىرى توپچى ۋە برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كەڭساي ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى. موشۇ ئۇرۇشتا پارتىزان ئوررىيادىنىڭ كوماندىرى، تاتار زىيالىسى غارىپ سىراجىڭ ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. 2-يۆنىلىشتىكى پەن يۈرىن باشچىلىغىدىكى خىتاي قوشۇنى گۆرسەي ئېغىزى ۋە قارالىق داۋىنى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلدى. 3-يۆنىلىشتىكى شيە يىفىڭ باشچىلىغىدىكى قوشۇنى كۆگەرچىن داۋىنى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلدى. جازالىغۇچى قوشۇنلارنىڭ ئالدى يانۋارنىڭ 17-كۈنى غۇلجا شەھىرىگە 20 كىلومېتر كېلىدىغان پىلىچىخانغىچە يېتىپ كەلدى. موشۇنداق جىددىي پەيتتە، پارتىزانلار ئوترىيادىنىڭ باش قوماندانى سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن گېنېرال پېتر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى باش ساقچىنىڭ مۇاۋىن باشلىغى ۋولوديالەر، ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان بايلىقلىرىنى ماشىنىغا سېلىپ، ئۆز ئائىلىسى بىلەن سوۋېت چېگارىسىغا قېچىپ كەتتى. سەيپىدىنى ئەزىزىي قاتارلىقلار غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلستۇۋاسىغا كىرىپ مۆكۈنۈۋالدى. غۇلجا خەلقىنىڭ ھايات-ماماتى، ئىنقىلاپنىڭ تەغدىرى خەتەر ئاستىدا قالغان موشۇ پەيتتە، جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرى بىلەن كېچە-كۈندۈز ئىدارىدە ئولتىرىپ، ئۈچ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان جازالىغۇچى خىتاي قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلدى. ئىنقىلاۋىي پارتىزانلارنى غۇلجا شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بېرىشنى ئۇيۇشتۇردى. پارتىزانلار بىلەن پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، دۈشمەن چېرىكلىرى تاغ جىرالىرىدا يوقىتىلدى (شۇ ژىلى قىشتا قېلىن قار يېغىپ، سوغىنىڭ قاتتىق بولغانلىغى، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشتا پارتىزانلارغا ياردەم قىلدى).

گومىنداڭچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتكەن جازالىغۇچى قوشۇنلىرىنىڭ تار-مار قىلىنىشى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم ۋاقىە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر شۇ قېتىم خىتاي ئەسكەرلىرى ئىلى ۋىلايىتىنى بېسىۋالغان بولسا، ئىنقىلاپ ئۆزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولۇپلا قالماستىن، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەم غۇلجا شەھىرىدىكى پۇخرالارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان بولاتتى!

بۇ چاغدا لەڭشاڭ، ھەرەمباغ ۋە ئائىرودرومدىكى دۈشمەنلەر تېخى يوقىتىلمىغان ئىدى. جازالىغۇچى خىتاي چېرىكلىرى 2-قېتىم ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى مۇھاسىرىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، غۇلجا شەھىرىنى تۈگەل ئازات قىلىۋېلىش لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 12-يانۋار كۈنىدىن باشلاپ ھۇجۇم كۈچەيتىلدى. 13-يانۋار كۈنى ھەرەمباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شا ھاجىنىڭ بېغى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئالدىدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ پوتىيىدىن ئېتىلغان پۇلېمېتنىڭ ئوقى تېگىپ ھۆسەن ھوشۇروۋنىڭ كوماندىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر قانچە جەڭچىلەر يارىدار بولدى. بۇنى كۆرگەن شەپقەت ھەمشىرىسى 18 ياشلىق رىزۋانگۈل ئاق قارنىڭ ئۈستىدە ئۆمۈلەپ بېرىپ، 3 يارىدار جەڭچىنى بىردىن-بىردىن سۆرەپ بىخەتەر ئوكوپنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. 4-يارىدارنى ئەپكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا پېشانىسىگە ئوق تېگىپ، نەق مەيداندا شېھىت بولدى.



## رىزۋانگۈل ھاشىم قىزى

كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان شىددەتلىك ھۇجۇملاردىن كېيىن 1945-يىلى 30-يانۋار كۈنى ھەرەمباغ تۆپىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر يوقىتىلىپ، غۇلجا شەھىرى دۈشمەنلەردىن تۈگەل ئازات قىلىندى. موشۇ جەڭدە قورقۇپ كەتكەن خىتاي گېنېرالى دۇ دىفۇ بىلەن ساۋ رېلىڭلار ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى.

ھەرەمباغ، ئائېرودرومنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ 1500 ئادىمى يوقىتىلدى، 3700دىن ئوشۇق ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى. يەنە 2200دىن ئارتۇق مىلتىق، 98 دانە ئېغىر، يېنىك پۇلېمېت، 2 دانە زېنىت توپ، 5 دانە مىنامېت، 16 ئاۋتوموبىل ھەم 51 ھەربىي ئائېروپىلانلىرى غېنىمەت ئېلىندى.

بىراق، غېنى باتۇرنىڭ پارتىزانلىرى بىلەن بۆرتالادىكى ئېردە بۇلغۇنوۋنىڭ پارتىزانلىرى داۋاملىق جەڭ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنىگە قەدەر بۆرتالا، ئارىشاڭ ناھىيەلىرى تولۇق ئازات قىلىندى.

ئارشاڭنى ئازات قىلىش جەڭلىرىدە 10-يانۋار كۈنى كېچىسى غېنى باتۇرغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىدار بولۇپ، سەپتىن چىقتى.

1945-يىلى 5-يانۋار كۈنى تېخى غۇلجا شەھىرى ئازات بولماي تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 4-سانلىق يىغىنىدا «9 ماددىلىق سەياسىي دېكلاراسىيا» تەستىقلىنىپ رەسمىي ئېلان قىلىندى. دېكلاراسىيانىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. خىتاي باسقۇنچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىش؛
2. شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا مۇستەقىل دوموكراتىك شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش؛
3. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇنتەزىم مىللىي ئارمىياسىنى قۇرۇش؛
4. ھەممە مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، دىنىي ئېتىقاتىنى ھىمايە قىلىش؛
5. دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا خەلق ئىشەنگەن كىشىلەرنى سايلاش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىش؛
6. سانائەتنى، دېخانچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى، ئورمانچىلىق ۋە سودا تىجارەتنى رىۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش؛
7. مەدەنىيەتنى، مائارىپنى، سەھىيە ئىشلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي ئەتكۈزۈش؛
8. دۇنيادىكى خەلقچىل دۆلەتلەر بىلەن، ئەڭ ئاۋال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش؛
9. ئەينى زاماندا خىتاي دۆلىتى بىلەنمۇ دىپلوماتىك ۋە ئىختىسادىي ئالاقە ئورنىتىش.



سۈرەتتە سولدىن ئوڭغا: تۇڭگان قىزى رازىيەم باگى، ئوتتۇردا تاتار قىزى
پاتىمە ئاقموللايېۋا، ئۇيغۇر قىزى خېلىچەم توختاخۇن.

مانا بۇ فاكت 1944-ژىلى ئىلىدىن باشلانغان ئىنقىلاپ ھازىر بەزىلەر ئېتىۋاتقاندەك دېموكراتىيا ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان يېرىم-ياتا ئىنقىلاپ بولماستىن، ۋەتەنىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل مۇستەقىللىگىنى نىشان قىلغان ھەقىقىي مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

9 ماددىلىق سەياسىي دېكلاراسىيا ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبەك تۇڭگان ۋە موڭغول خەلىقلىرىگە مۇراجىەت ئېلان قىلدى. بۇ مۇراجىەتتە ھەر مىللەت خەلقىنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىپ، ئىنقىلاپقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا چاقىرغان ئىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى دەسلەپ ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى دۈشمەننى يېڭىپ چىقىشىغا ئانچە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازدۇ-تولا ياردەم قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرى چەتتە كۈزىتىپ تۇردى. ئىنقىلاپچىلار قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە غۇلجا شەھىرىنى ئازات قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى جاكالىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۇ ئىنقىلاپقا رەسمىي قول سالدى. ئىنقىلاپنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ئوسمان يۈسۈپوۋنى چەتكە قايتۇرىپ قويۇپ، ستالىننىڭ بىۋاستە ۋەكىلى گېنېرال-پولكوۋنىك ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوۋنى ئەۋەتىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي قولغا ئالدى (ۋ.س.كوزلوۋ 1944-ژىلى دېكابىردا موسكۋادىن غۇلجىغا كېلىپ، جۇمھۇر رەيسى ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كوزلوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئاكادېمىياسىنى ئەلا دەرىجىدە تۈگەتكەن، ئۆزبەك تىلىدا راۋان سۆزلەيدىغان گېنېرال-پولكوۋنىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ستالىن ئۇنى ئەلىخان تۆرە بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتكەن ئىكەن). غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن «1-دومنى»، مىللىي ئارمىيانى نازارەت قىلىش ئۈچۈن «2-دومنى» تەسىس قىلدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن «مەسلىھەتچىلەرنى» قويدى. مەسىلەن، جۇمھۇر رەيس ئەلىخان تۆرىنىڭ مەسلىھەتچىسى – مۆھسىن ئەپەندى، ھەربىي بۆلۈم باشلىغى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەسلىھەتچىسى – سەيدەخمەت ئوماروۋ، تەپتىش نازارىتى جاڭى يولداشېۋنىڭ مەسلىھەتچىسى – سۇلايمان روزىېۋ، دىنىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى زىرىپ قارى ھاجىم، مالىيە نازارىتى نازىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى گرىبېنكو، مائارىپ نازىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئابدۇللايېۋلار بولغان ئىدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى باشباي چولاقوۋنىڭ مۇاۋىنى – مەڭسۇر ئەپەندى ۋە باشقىلار.

ئالتاي ۋىلايىتى ئازات قىلىنىپ، ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا سوۋېتتىن كەلگەن ئارۇپباي – مۇاۋىن ۋالى، تۆمۈرخان – باش مەسلىھەتچى بولغان ئىدى.

مىللىي ئارمىيانى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان «2-دوم»نىڭ باشلىغى گېنېرال-مايور ۋ.س.كۈزنېسوۋ بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا گېنېرال-لېيتېنانت ئىۋان پولىنوۋ، گېنرال-مايور مازاروۋ، پولكوۋنىك مەۋلانوۋ، پولكوۋنىك خانىن ۋە باشقا ئوفىسېرلار بار ئىدى. ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ خىزمىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان سوۋېتلىك ئەلى ئەپەندى مامېتوۋ، زاكىر ئەپەندى (ئەسلى ئىسمى زاخار)، ئىسكەندەر ئەپەندى (ئەسلى ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ) ۋە باشقىلار بار ئىدى. تاشقورغاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىمۇ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، سوۋېتلىك غۇلامخان تۆرە – باش مەسلىھەتچى، سوۋېتلىك قاراجان – ھەربىي ئىشلار بويىچە مەسلىھەتچى ئىدى، شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى «1-ۋە 2-دومدىكى» ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىكى جاناپلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان ئىدى.

## 3§. مىللىي ئارمىيانىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ژۈرۈشلىرى

1945-ژىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 6-قېتىملىق ژىغىنىدا بۇرۇنقى پارتىزان ئوترىيادلىرى ئاساسىدا مۇنتەزىم مىللىي ئارمىيا قۇرۇش قارارى قوبۇل قىلىندى ھەم مىللىي ئارمىيانىڭ شتاتى، ھەربىي تۈزۈمى، شۇنىڭدەك ھەربىي ئۇنۋانلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى توغرىلىق تەكلىپ-لايىھە تەستىقلەندى.

شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن 1945-ژىلى 8-ئاپرېل كۈنى بۇرۇنقى پارتىزان ئوترىيادلىرى ئاساسىدا مۇنتەزىم مىللىي ئارمىيا تەشكىل قىلىندى. موشۇ مۇناسىۋەت بەن شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەيداندا ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ قاتنىششى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا مىللىي ئارمىيانىڭ قۇرۇلغانلىغىنى تەبرىكلەش ۋە يېڭى قۇرۇلغان ھەربىي قىسىملارغا تۇغ تاپشۇرۇش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى. مەراسىمدا جۇمھۇر رەيس ئەلىخان تۆرە مىللىي ئارمىيانىڭ قۇرۇلغانلىغىنى تەبرىكلەپ نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ قۇرۇلغانلىغىنى جاكالاپ، بۇ ئارمىيانىڭ قوماندانلىق تەركىۋىنى ئېلان قىلدى: مىللىي ئارمىيانىڭ باش قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت ئىۋان پالىنوۋ، مۇاۋىن قوماندانلار گېنېرال-لېيتېنېنت ئىسھاقبەك بىلەن پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوۋ،

قوماندانىنىڭ سەياسىي مۇاۋىنى، پولكوۋنىك ئابدۇرېھىم ھەسەنوۋ، باش شتاب باشلىقى گېنېرال-مايور ۋ. ماۋاروۋ، سەياسىي باشقارما باشلىقى ـ پودپولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى (كېيىنكى ۋاقىتتا ئېھتىياجغا قاراپ بۇ كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە ھەربىي ئۇنۋانلىرى ئۆزگىرىپ تۇردى). ئاندىن كېيىن ھەر بىر قىسىمنىڭ كوماندىرى ۋە كومىسسارلىرى ئېلان قىلىندى. مىللىي ئارمىيانىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا تۇغ تاپشۇرۇش باشلاندى. يېڭى قۇرۇلغان ھەربىي قىسىم كوماندىرلىرىغا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا!» دېگەن شىئار يېزىلغان ئاي-يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقنى تاپشۇردى. قائىدە بويىچە، ھەر بىر قىسىمنىڭ كىماندىرلىرى قەسەم بېرىپ، يەك تىز بولۇپ ھەربىي تۇغنى سۆيۈپ تۇرۇپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەربىي پاراد بولدى (كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس قارارى بىلەن 8-ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيانىڭ قۇرۇلغان كۈنى دەپ، ئارمىياگە تۇغ تاپشۇرۇلغان مەيدان بولسا «تۇغ مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى). شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيانىڭ سېپىدە جەمى 12 ئەھەربىي قىسىملار بار بولۇپ، ئارمىيادە جەمى 15000 جەڭچى ئوفىسېرلار خىزمەت قىلغان ئىدى. بۇ قىسىملار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

1. مىللىي ئارمىيا قوماندانلىق باش شتابى (ئۇنىڭ قارمىغىدا 7 بۆلۈم بار) باش شتاب قارىمىغىدا 8 پولك، 6 مۇستەقىل دېۋىزىيون ۋە 1 ئېسكادرون بار ئىدى. بۇلار:

ـ سۈيدۈڭ پىيادە 1-پولك (پولك كوماندىرى ۋاسىلىي مۇگىتنوپ، سەياسىي رەھبىرى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ)؛

ـ غۇلجا پىيادە 2-پولك (پولك كوماندىرى پېداېۋ، سەياسىي رەھبىرى موللاخۇن)؛

ـ غۇلجا زاپاس 4-پولك (پولك كوماندىرى قىيىيۇمبېك، سەياسىي رەھبىرى غىلاجىدىنوۋ)؛

ـ تېكەس ئاتلىق 1-پولك (پولك كوماندىرى پېداېۋ، سەياسىي رەھبىرى مىڭجىلقىېۋ)؛

ـ تېكەس ئاتلىق 2-پولك (پولك كوماندىرى مەۋلانوۋ، سەياسىي رەھبىرى ئىبراھىموۋ)؛

ـ غۇلجا ئاتلىق 1-پولك (پولك كوماندىرى رازاق نوغايباېۋ بولغان ئىدى. كېيىن سوپاخۇن سوپىېۋقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، سەياسىي رەھبىرى قۇربانوۋ ھەمدۇللا)؛

ـ توققۇزتارا ئاتلىق 2-پولك (پولك كوماندىرى نۇسۇپقان، سەياسىي رەھبىرى سادىقوۋ)؛

ـ كەڭساي ئاتلىق 3-پولك (پولك كوماندىرى فاتىي لىسكىن، سەياسىي رەھبىرى مۇراتجان)؛

ـ مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيون (كوماندىرى مىرزىگۈل ناسىروۋ، سەياسىي رەھبىرى...)؛

ـ مۇستەقىل زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى (كوماندىرى ۋولكوۋ، سەياسىي رەھبىرى ئاتاباشيانس)؛

ـ موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى (كوماندىرى ئېردە بۇلۇغونوۋ، سەياسىي رەھبىرى ھاشىر ۋاھىدىي)؛

ـ تۇڭگان ئاتلىق دىۋىزىيونى (كوماندىرى مەڭسۇر لومېۋ، سەياسىي رەھبىرى مۇقت)؛

ـ مۇھاپىزەتچىلەر باتالىونى (كوماندىرى خاننى، سەياسىي رەھبىرى...)؛

ـ شىۋە ئېسكادرونى (كوماندىرى باۋسەن باينتۇ، سەياسىي رەھبىرى مۇرتېزەن).

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى قىسىملار پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، چوڭ جەڭلەر ئالدىدا ئۆز قىسمىنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى كۈچەيتتى. قۇرال-ياراق ۋە ماددىي ئەشيالارنى تولۇقلىدى. شۇنداق قىلىپ، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىق قابىلىيىتىنى ئۈستۈردى. پۈتۈن مىللىي ئارمىيادە قۇرال-ياراقلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىنىڭ كاملىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ خاتىي باسقۇنچىلىرىغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك يۈكسەك روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۈشمەنگە قارشى جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قازىنىپ تۇردى.

1945-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى گومىنداڭنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خىزمەت پولكىنىڭ 9-8-ئېسكادرونىدىكى 97 نەپەر جەڭچى-ئوفىسېرلار ئېسكادرون كوماندىرى سوپاخۇن سوپىېۋنىڭ باشچىلىقىدا ئىنقىلاپچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ قەتتى. ئۇلار تاغ-جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىخۇنىڭ شىمالىدىكى چەتپەيزە دېگەن جايغا كەلگەندە، خىتاينىڭ قوغلىغۇچى ئەسكەرلىرى يېتىشۋالدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئېتىشىش بولدى. ئۇلار قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 5-ئاينىڭ 8-كۈنى بۆرتالا تەۋەسىگە كېلىپ مىللىي ئارمىيانىڭ موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى بىلەن ئۇچراشتى. كېيىن بۇ قىسىم غۇلجىغا كەلتۈرۈلۈپ، 7-ئايدا ئاقسۇ شەھىرىنى ئازات قىلىش مەيدانىغا ئەۋەتىلدى.

1945-يىلى ئاپرېلدا خىتاينىڭ سارتوقايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمىدىكى بىر ۋزوۋد ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مۆمىن مۇپتىللانىڭ باشچىلىقىدا ئىنقىلاپ تەرىپىگە ئۆتۈپ، جىمنەيدىكى پارتىزانلار ئوترىيادىگە بېرىپ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئارمىيانىڭ سېپى كۈندىن-كۈنگە كەڭەيدى.

قوماندانلىق شتاب بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن 6-ئاينىڭ بېشىدا ۋەتەننى تولۇق ئازات قىلىش مەخسىتىدە، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش پىلانىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇلار:

شمالىي يۆنىلىش، ئوتتۇرا يۆنىلىش ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

شمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى: ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا بۆسۈپ كىرىپ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ ئاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىپ، ئاخىرىدا گوچۇڭ بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئىگەللەپ، خىتاينىڭ ئارقا سەپ قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەزىپە: كەڭساي ئاتلىق 3-پولكىغا، موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى، دېنىسوۋ قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئوترايادى، موللا ئىسلام شاكىرۇڭ باشچىلىقىدىكى جىمنەي پارتىزانلار ئوترىيادىغا، مايلى پارتىزانلار ئوترىيادى ۋە دەلىلخاننىڭ ئاتلىق پولكىغا تاپشۇرۇلدى. شمالىي يۆنىلىشتىكى قىسىملارنىڭ قوماندانلىقىنى گېنېرال-مايور دەلىلخان سۇغۇرباېۋ، پولكوۋنىك ف. لېسكىنلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىلى، ئۈرۈمچى تاش يولىنى بويلاپ مېڭىپ، جىن ۋە شىخۇدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بىت-چىت قىلىپ، توپ-توغرا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەزىپە: سۈيدۈڭ 1-پىيادە پولكى، غۇلجا 2-پولكى، غۇلجىدىكى زاپاس 4-پولكى، تېكەس 1-ئاتلىق پولكى، تۇڭگان ئاتلىق دىۋىزىيونى، زەمبىرەك-مىنامېتچىلار دىۋىزىيونى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىونى ھەم مۇستەقىل شىۋە ئېسكادرونىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

چۆچەك، ئالتايلار ئازات بولغاندىن كېيىن شمالىي يۆنىلىشتىكى موڭغۇل دىۋىزىيونى بىلەن يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان چۆچەك 6-ئاتلىق پولكى ئوتتۇرا چۆنىلىشتىكى قىسىملارغا قوشۇلۇپ، شىخۇنى ئازات قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى.

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىقىنى گېنېرال-لېيتېنانت ئىۋان پولىنوۋ بىلەن مۇاۋىن قوماندان، گېنېرال-مايور ئىسھاقبەكلەر ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىلىدىن چىقىپ، مۇز داۋاننى ئېشىپ ئۆتۈپ، باي ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىنى ئىگەللەپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىن جەنۇپقا ماڭىدىغان ئالاقە يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاندىن كېيىن قەشقەرگە ژۈرۈش قىلىپ تاشقورغان، يېڭىسار، قارغىلىق، پوسكاملاردا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا ماسلىشىپ، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قىسىملارنىڭ ۋەزىپىسى قەشقەرىيەنى تولۇق ئازات قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەزىپە: سوپاخۇن سوپېېۋ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق پولك بىلەن مىرزىگۇل ناسىروۋ قوماندانلىقىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ دىۋىزىيونلارنىڭ سەياسىي كومىسسارى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، شتاب باشلىقى ھۈسەيىن غازېېۋ، دىنىي ئىشلار رەھبىرى داموللا رازېېۋ، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى قاسىمجان قەمبەرىي بىلەن ئاسىلخان شاكىروۋلار ئىدى.

دۈشمەنلىرىمىز ئىنقىلاپ ئوتىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇرستانغا يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى مۇھىم شەھەرلەردە مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسىنى قوللاندى، شىخۇ بىلەن جىڭ لىنىياسىدىن ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتتى. شۇنىڭدەك ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئەسكەرىي كۈچىنىمۇ ئاشۇرۇۋالدى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس، گۇچۇڭ، مورى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلارغا 2-لىنىيا قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. جەنۇپتا بولسا، ئىلى ۋىلايىتى بىلەن خوشنا بولغان ئاقسۇ، قاراشەھەر، شۇنىڭدەك قەشقەر، ياركەنت ۋىلايەتلىرىدىمۇ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ، جاي-جايلاردا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارنى يوقاتماقچى بولدى.

شۇ چاغدا ئۇيغۇرستاندا خىتاينىڭ 80-70 مىڭ كىشىلىك ئامىياسى بار ئىدى. ئۇلار قارىماققا كۈچلۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىياتتا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرى بار ئىدى. مىللىي ئارمىيا قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، پارتىزان ئوترىيادلىرى يەنىلا ئىنقىلاپنىڭ مۇھىم قۇراللىق كۈچى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇردى. ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىياگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان، پارتىزان ئوترىيادلىرىنىڭ ئاساسلىغى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دەلىلخان سۇغۇرباېۋنىڭ ئوترىيادى بىلەن موللا ئىسلام شاكىرۇڭنىڭ ئوترىيادى، چۆچەك رايونىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان مايلى پارتىزانلار ئوترىيادى، شىخۇنىڭ شەيگۇەي ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان قازىخان پارتىزان ئوترىيادى، دېنىسوۋ پارتىزان ئوترىيادى، ئايغىر بۇلاقتا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نائىل پارتىزان ئوترىيادى. يۇلتۇز رايونىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نىكىتىن پارتىزان ئوترىيادى ھەم جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى تاشقورغان پارتىزان ئوترىيادلىرى بار ئىدى. بۇ پارتىزان ئوترىيادلىرىدا جەمى 5000دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلار مىللىي ئارمىياگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى.

شمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلاردىن مۇستەقىل موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈزۈنبۇلاققا يېتىپ بېرىپ، ئېبىنۇر كۆلى بويىدىكى مايلى پارتىزانلار ئوترىيادى بىلەن ئۇچراشتى. كەڭساي 3-ئاتلىق پولك 7-ئاينىڭ 24-كۈنى جامانتۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قوماندان لېسكىن تولى، دۆربىلجىنىڭ ناھىيەلىرىنى ئازات قىلىپ، چۆچەك شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى. 28-ئىيۇل كۈنى دۆربىلجىنىڭ ناھىيەسىنى ئازات قىلىپ، 200

نەچچە دۈشمەننى يوقاتتى، 67 ئاۋتومابىل بىلەن يۈزلىگەن قورال-ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى. قوشۇنلار 29-ئىيۇل كۈنى چۆچەك شەھىرى بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى. تارباغاتاينىڭ ۋالىسى پىن رۈڭ قارشىلىق قىلىشقىمۇ، تەسلىم بولۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، سوۋېت ئىنتىپاقىنىڭ چۆچەكتىكى ئەلچىخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىگە ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پانا بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سوۋېت تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن بارلىق قورال-ياراقلىرىنى مىللىي ئارمىياگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، 1500گە يېقىن ئادىمىنى باشلاپ سوۋېت تەۋەسىگە قېچىپ كەتتى. دۈشمەن قوشۇنىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر شەھەردىن چىقىپ 5 كىلومېتىر ماڭمايلا، ئابدۇلخاننىڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي قىسىم خىتاي ئارمىياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مىللىي ئارمىياگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، 31-ئىيۇل كۈنى چۆچەك شەھىرى ئۇرۇشسىزلا ئازات بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاغادا بابالىقوۋ پارتىزان ئوترىيادى چاغانتوغاي ناھىيەسىنىمۇ ئازات قىلدى.

چۆچەكنى ئازات قىلىش جەڭلىرىدە مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى دۈشمەننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال-ياراق، 67 ئاۋتومابىل ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدى.

1-ئاۋغۇسىت كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. يەرلىك مۆتىۋەرزات باشباي چولاقوۋ ۋالىي، قاسماخۇن بىلەن سوۋېتتىن كەلگەن مەڭسۇر ئەپەندىلەر مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ سايلاندى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئازات بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقى مايلى پارتىزانلار ئوترىيادى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان چۆچەك 6-ئاتلىق پولكى، دۆربىلجىن 4-ئاتلىق پولكى، كەڭساي 3-ئاتلىق پولكى ۋە موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادا تەشكىل قىلىندى. بۇ بىرىگادا 2 قىسىمغا بۆلۈندى. بىر قىسمى شىمالغا زۇرۇپ، قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككىنچىسى شەرىققە بېرىپ، شىخۇنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

ئالتاي ئازات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ھاقتىلىق ھۆكۈمىتى ئوسمان ئىسلامنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، دەلىلخان سۇغۇرباي بىلەن شەمشىنى ۋالىنىڭ مۇئاۋىنلىرى قىلىپ تەيىنلىدى، بىراق ئوسمان ئىسلام تاققا چىقىۋېلىپ، خىزمەتكە كەلگىنى ئۇنىمىدى.

9-ئاينىڭ 3-كۈنى مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى بۇرچىن ناھىيەسىنى ئېگەللەپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى سارسۇمبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. 6-كۈنى سارسۇمبە ئازات قىلىندى. ئالتاينىڭ ۋالىسى گېنېرال ۋەن لىڭيۈن بىلەن مۇداپىئە قوماندانى گاۋ بۇيۇلار شەرتسىز تەسلىم بولدى. موشۇ جەڭلەردە مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى دۈشمەنلەردىن 500دىن كۆپرەك ئوفىسېر بىلەن مىڭدىن كۆپرەك چېرىكلەرنى ئەسىر ئالدى، 48 دانە پۇلېمېت، 1000دىن ئارتۇق مىلتىق، ئوق-دورا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدى.

ئەندى ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئەھۋالغا كېلىدىغان بولساق:

1945-يىلى 7-ئايغا قەدەر شىخۇدا خىتاينىڭ يېڭى 2-كورپۇس شتابى ۋە كورپۇسقا بىۋاستە قارايدىغان ئالاھىدە خىزمەت باتالونى، يېڭى 45-دىۋىزىيە 3-پولكىنىڭ 3-باتالونى، زاپاس 7-دىۋىزىيە 21-پولكىنىڭ 2-باتالونى بولۇپ، جەمى 10000غا يېقىن ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرگە كورپۇس كوماندىرى شيە يىفىن قوماندانلىق قىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا شىخۇنىڭ غەربىدىكى تۆرتياغاچ دېگەن جايدا دۈشمەننىڭ 1 پولك ئەسكىرى، شىخۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چەپەيزە دېگەن يەردە 1 ئاتلىق پولكى، يەنىسخەي، مايتاغ، بايىنگو قاتارلىق جايلاردا 2 باتالون ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

جىڭدا بولسا، 45-دىۋىزىيەنىڭ 2 پولكى، 191-دىۋىزىيەنىڭ 517-پولكى، زاپاس 7-دىۋىزىيەنىڭ 21-پولكىنىڭ 3-باتالونى قاتارلىق قىسىملار تۇراتتى.

جىڭ مۇداپىئەسىگە خىتاي گېنېرالى گو چى قوماندانلىق قىلاتتى. جىڭ بىلەن شىخۇدا دۈشمەننىڭ 2 دىۋىزىيە ئەسكىرى توپلانغان ئىدى. دۈشمەنلەر تاش يولنى بويلاپ، قاتمۇ-قات مۇداپىئە لىنىيالىرىنى ئورنىتىپ، ئىنتايىن چوڭقۇر خەندەكلەرنى كولاپ سۇ قويۇۋەتكەن. ئاساسلىق يوللارغا مىنا كۆمگەن. لىنىيە ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى چېقىپ، دەل-دەرەقلەرنى كېسىپ، ئەتراپىنى قۇرۇغداپ قويغان ئىدى. شۇڭا دۈشمەنلەر «**شىخۇ-يېمىرىلمەس قورغان**»، «**جىڭ-ئالدىنقى سەپنىڭ قۇدرەتلىك تۆۋرۈكى**» دەپ پو ئاتقان ئىدى.

باش قوماندان ئىۋان پولىنوۋ چۆچەك 6-ئاتلىق پولك، سۈيدۈڭ 1-پىيادە پولك ھەم موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزيونىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 8 مىناميوت، 3 تاغ زەمبىرىكى ۋە 2 كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ ماسلىشىشى بىلەن 4-سېنتەبىر كۈنى دۈشمەننىڭ ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە قورغىنى شىخۇ بازىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. بىزنىڭ قەھرىمان مىللىي ئارمىيا قىسىملىرىمىز شىددەتلىك ھەم ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق 5-سېنتەبىر كۈنى دۈشمەننىڭ 1-مۇداپىئە لىنىياسىنى بۇزۇپ ئۆتتى. 7-سېنتەبىر كۈنى 3 كۈرەشچى ئايروپىلان، 1 برونۇئوك ۋە ئارتىللېرىيەنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 2-لىنىيانى بۇزۇپ ئۆتتى. 8-كۈنى تاڭ سەھەردە ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم بىلەن 3-ۋە ئاخىرقى لىنىياسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، شىخۇ بازىرىنى ئازات قىلدى. ئەسكەرلىرىمىز قاتتىق چارچىغىنىغا قارىماي، قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئارقا-ئارقىدىن شىخۇ ئايرودرومىنى مايتاغنى

ۋە كۈيتۈڭنى ئېگەللەپ، يەنىسخەيگە قاراپ ئىلگىرلىدى. چەنە بىر قىسىم كۈچنى ئاجرىتىپ، جىڭدىن قۇچىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بېرىش ئۈچۈن شىخۇنىڭ غەربىدىكى جىرالارغا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ 900 ئادىمى يوقىتىلدى. مىڭدىن كۆپ ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى.نۇرغۇنلىغان قۇرال-ياراق، ئوق-دورىلار غەنىمەت ئېلىندى. بۇنىڭ بەدىلىگە مىللىي ئارمىيانىڭ جەڭچى-ئوفىسېرلىرىدىن 711 كىشى قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە سۇيدۇڭ 1-پولكىدىن 200گە يېقىن جەڭچى-ئوفىسېرلەر قۇربان بولدى، 400گە يېقىنى يارىدار بولدى.

شىخۇ ئۇرۇشى ئاياقلاشقان كۈنى،يەنى 9-ئېنتيابىر كۈنى ھەر تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى شىخۇنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى دۆڭلۈك ئەتراپىغا ژىغىلىشقا باشلىدى. ژىراقتا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى كۈزىتىۋاتقان پولك كوماندىرلىرى ژىغىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئۆز ئەمەسلىگىنى، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا يەنە يېڭى قۇربانلار بېرىشكە توغرا كېلىدىغانلىغىنى، دۈشمەننىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ روھى چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەياسىي تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈشنى پىلانلىدى. پولك سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىغى كاپىتان مۇھەممەتىمىن ئۆمەروۋنى 3 نەپەر جەڭچى بىلەن دۈشمەنلەرگە سەياسىي خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتتى. م. ئۆمەروۋ پولكتىكى قەيسەر جەڭچىلەردىن تۇرغان، ئەخمەت، قابدۇللالارنى يېنىغا ئېلىپ، 2 كىلومېتىر ژىراقلىقتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا ژۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مىلتىق نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئەلچى سۈپىتىدە ئاق لاتا باغلاۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇراللىق كېلىۋاتقانلىغىنى بايقىغان دۈشمەنلەر ژىراقتىن ئوق ئېتىپ، ھەيۋە قىلغىلى باشلىدى. ئەلچەر بولسا، ئاق لاتىنى پۇلاڭلىتىپ، توختىماي ئالغا ماڭىۋەردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دۈشمەنلەرمۇ ئوق ئېتىشنى توختىتىپ، نېمە بولۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەلچىلەر 50 مېتىر ئارىلىق قالغاندا، م.ئۆمەروۋ سەپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىشارەت قىلىپ، قارشى تەرەپنى چاقىردى. بۇنىڭغا جاۋاۋەن قارشى تەرەپتىن 3 جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر ئوفىسېر يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئارىلىق 10 قەدەم قالغاندا، ئۇلارمۇ توختىدى. شۇ چاغدا م.ئۆمەروۋ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۈگىنىۋالغان يېرىم-ئاتا خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ:

«شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسى شىخۇنى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى تولۇق ئازات قىلدى، ھازىر سىلەر قورشاۋ ئىچىدە قالدىڭلار. بىز سىلەرنى قۇرال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشقا تەكلىپ قىلىمىز. تەسلىم بولساڭلار، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا ۋە مال-مۈلۈكلىرىڭلارنىڭ ئامانلىغىغا كاپالەتلىك بېرىمىز. ئەگەر قارشىلىق قىلساڭلار، ئۆزەڭلارغا ياخشى بولمايدۇ!» دەپ ئېيتتى. خىتاي ئوفىسېرى: «مەن قايتىپ بېرىپ، سەپداشلىرىمغا ئېيتاي. ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋاپ بېرەي» دەپ، ئارقىسىغا قايتىپ كەتتى. دۈشمەن سېپىدە بىر مەزگىل غوغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن ھېلىقى ئوفىسېر 3 جەڭچىسىنى باشلاپ، قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قىسمى تەسلىم بولۇشقا ماقۇل كەلگەنلىگىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەروۋنىڭ بۇيرىغى بىلەن خىتاي ئوفىسېرى ۋە باشقا ئوفىسېرلار قۇرالسىزلاندۇرۇلدى. خىتاي جەڭچىلىرى بولسا، بۇيرۇق بويىچە مىلتىقىنىڭ ستىۋولىنى يەرگە قارىتىپ ئېسىپ، سەپ بولۇپ 3 جەڭچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە 1 پولك كوماندىرى، 3 نەپەر باتالىون دەرىجىلىك كوماندىر، 7 نەپەر روتا دەرىجىلىك كوماندىر، 12 نەپەر ۋزۋود دەرىجىلىك كوماندىر، 134 نەپەر ئاددىي ئەسكەرلەر بار ئىدى. قۇرال-ياراقلاردىن 1 دانە ستانكوۋوي پۇلېمېت، 5 دانە قول پۇلېمېت، 16 ئاۋتومات، 22 ياپونغا مىلتىق، 102 ھەر خىل مىلتىقلار، 11 دانە يان قۇرال، 196 دانە گرانات ۋ.ب. غەنىمەتلەر بار ئىدى.

مىللىي ئارمىيا قوماندانلىغى موشۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن م.ئۆمەروۋقا II دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» مېدالى، قالغان ئۈچ جەڭچىگە بىردىن باھادىرلىق مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

شىخۇۋەجىڭ ئۇرۇشلىرىدا مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى قاتتىق سىناقلاردىن شەرەپ بىلەن ئۆتتى.تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق ئۆلگىلىرىنى ياراتتى. سۇيدۇڭ 1-پولكىنىڭ جەڭچىسى ئاۋۇت ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن تانكىسىنى پارتلىتىپ، ئۆزىمۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. يەنە بىر جەڭچى تۇرغان دەرايۋ بولسا، دۈشمەن پوتىيىدىن ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان گراناتنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ، قايتۇرۇپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا تاشلاپ، پوتەينى پارتلىتىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ھۇجۇمچى قىسىمنىڭ ئارغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى.

شۇ كۈنلەردە گېنېرال ئىسھاقبەك قوماندانلىغىدىكى ھەربىي قىسىملار 5 كۈن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، جىڭ ناھىيەسىنى تولۇق ئازات قىلدى. جىڭدىن قېچىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر بۆكتۈرمىدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، تولۇق يوقۇتىلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى. جىڭ ئۇرۇشى جەريانىدا دۈشمەننىڭ قاتمۇ-قات پوتەيلىرىنى پارتلىتىپ، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن ئاددىي جەڭچىلەر: زىخرۇللام نادىروۋ بىلەن ئى.تايىروۋلار ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. جىڭ ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ ئۇنلىغان زەمبىرەكلىرى بىلەن قۇرال-ياراقلىرى غەنىمەت ئېلىندى. مىللىي ئارمىيامىزنىڭ كۈرەش تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قاتتىق جەڭ ھېساپلانغان جىڭ ۋە شىخۇ ئۇرۇشلىرىدا ئارمىيامىز دۈشمەننىڭ

2000دىن ئوشۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ئىككى گېنېرال (گېنېرال گاۋ بىلەن گېنېرال گو چى)، 100دىن ئوشۇق ئوفىتسېر، 2500 ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. كۆپ مىقداردىكى قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. بىراق، تەبىيكى، بۇ غەلىبىلەر ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلگىنى يوق. بىر شىخۇنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىدا 700دىن ئارتۇق جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىمىز شېھىت بولدى، 1000غا يېقىن جەڭچىلىرىمىز يارىدار بولدى.

نەق شۇ كۈنلەردە شىمالىي يۆنىلىشتىكى قوشۇنلىرىمىز فاتىھ لىيسكىننىڭ قوماندانلىقىدا ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى دۈشمەنلەردىن پۈتۈنلەي ئازات قىلدى. موشۇ جەڭلەردە گېنېرال ۋەن لىگيۈن باشچىلىقىدىكى 155 ئوفىتسېرىنى، 1000دىن ئوشۇق ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. 1000دىن ئارتۇق ھەر خىل مىلتىق، 48 دانە ئېغىر، يېنىك پۇلىمېت، 400000 پايدىن كۆپرەك ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى.

شۇ كۈنلەردە تاشقورغان پارتىزان ئوترىيادى 4 يولغا بۆلۈنۈپ، «بۇلۇڭكۆل، سۇبېشى، تاغارما ۋە ناھىيە بازىرىنى ئازات قىلدى. 8-ئاينىڭ 17-كۈنى ناھىيە بازىرىدائاممىۋىي ژىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئاقىۋلبېكنى ۋالىي، خوجاقارىبېكنى مۇئاۋىن ۋالىي، شەمسىددىننى باش كاتىپ قىلىپ سايلىدى.

جەنۇبىي يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان سوپاخۇن بىلەن ئابدۇكېرىملارنىڭ ئاتلىق پولكى 8-ئاينىڭ 2-كۈنى مۇزداۋاننى ئېشىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ھەربىي ژۈرۈشنى باشلىدى.



8-ئاۋغۇست كۈنى 4 سائەت جىددىي جەڭ قىلىپ، باي ناھىيە بازىرىنى ئازات قىلدى. 8-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۇمۇمىي خەلق ژىغىنى ئېچىلىپ، ئوسمان سايىتنى ھاكىملىققا سايلىدى. 15-ئاۋغۇست كۈنى مۇزداۋاننى توساپ ياتقان دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، ئىلىغا بارىدىغان يولنى ئىگەللىدى. 9-ئاينىڭ 1-كۈنى قاتتىق ھۇجۇم بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازات قىلدى. موشۇ ئۇرۇشتا سوپاخۇن پولكىنىڭ سەياسىي كومىسسارى ئابلەت داۋۇتقا ئوق تېگىپ، قۇرۋان بولدى. ئەتىسى ئاممىۋىي ژىغىن ئۆيكۈزۈپ، شېرىپ قارى ھاجىمنى ھاكىملىققا سايلىدى ھەم پىدائىيلارنى ئارمىيا سېپىگە قوبۇل قىلدى. 9-ئاينىڭ 7-كۈنى ئاقسۇيېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەتىسى ھۇجۇمنى باشلىدى. دۈشمەنلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، شەھەر ئېلىنمىدى. نېمە ئۈچۈندۇ ئارقىدىن كېلىدىغان ياردەمچى كۈچ كەلمەي قالدى. موشۇنداق بىر ئېغىر پەيتتە سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن «مەسلىھەتچىلەر» ئىسكەندەر (ئەسلى ئىسمى ئىۋان) بىلەن زاكىر (ئەسلى ئىسمى زاخار) ئەپەندىلەر: «ژۇقۇرىنىڭ بۇيرىغى شۇنداق»- دەپ ئىلگىرى سوۋېتتىن سېتىۋېلىنغان، ئېغىر تىپتىكى قۇراللارنى ھەم بىر قىسىم يېنىك قۇراللارنى ژىغىۋېلىپ، بىر تىيىن ھەق تۆلىمەي، سوۋېتكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز ئىلاجىسىز ئارتقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، سوۋېتلىك «دوستلارنىڭ» ۋاپاسىزلىق قىلىشى بىلەن غالىبىيەتلىك كېلىۋاتقان مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلەندى.

بۇ توغرىلىق موشۇ ۋاقىئەلەرنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىسى ئاسىلخان شاكىرووۋنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمىسىنى ئەينەن كەلتۈرۈمىز:

شۇ كۈنلەردە گېنېرال پولىنوۋنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن نام بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى



www.uyghurkitap.com

قىسىملارنى باشقۇرۇۋاتقان ئىسكەندەر 5-ئوكتيابر كۈنى جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى قىسىم كوماندىرلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەۋەتتى:

ــ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، ئاسىلخان، قاسىمجان قەمبىرىي، سەياسىي كومىسسار ئابدۇكېرىم ئاباسوۋلار، قىسىم كوماندىرلىرى سوپاخۇن بىلەن مىرزىگۈل ناسىرووۋلار تېزدىن مۇزداۋانىغا يېتىپ كېلىڭلار، سىزلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار توغرىلىق مۇھىم مەجلىس بولىدۇ!

«باش قوماندانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىسكەندەر. 1945-ژىلى ئوكتيابىرنىڭ 5-كۈنى».

بىز خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يېڭى قۇرال-ياراق ئالىمىز دېگەن ياخشى ئۈمۈتلەر بىلەن مۇزاتقا يېتىپ كەلدۇق، ئىسكەندەر بىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

«ھازىر پۈتۈن دۇنيادا ئۇرۇش تۈگەپ، تېچلىق دەۋرى باشلاندى. قەيەردە بىر پاي ئوق ئېتىلسا، ئانگلىيا بىلەن ئامېرىكىنىڭ قۇلىغىغا يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ تېچلىقنى ھىمايە قىلىپ، تالاش-تارتىشتىكى مەسىلىلەرنى تېچ مۇزاكىرە يولى بىلەن ھەل قىلىشقا كېلىشتۇق. شۇ سەۋەپتىن، بىز تەرەپتىن (سوۋېت تەرەپتىن) كەلگەن ئوفىسېرلار ئۆز ئېلىغا قايتىدۇ ھەم سوۋېتتىن بېرىلگەن قۇراللار موشۇ يەردە قالدۇرۇلىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا بىز:

«بىزنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن، بىزگە ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغى كېرەك، بولمىسا چېكىنمەيمىز»ــدېيىشتۇق. مىرزىگۈل ناسىرووۋ بولسا:

«مېنىڭ ئۈچۈن شەخسەن، تۆرە ئاتامنىڭ بۇيرۇغى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا مېنىڭ بۇ يەردىن كېتىشكە ھەققىم يوق!ــدەپ جاۋاپ بەردى (ئاسىلخان ئەسلىمىلىرى 194-بەت). يەنە ئاسىلخاننىڭ يېزىشىچە، «ژۇقارقى رەھبەرلەرنى ئىسكەندەر چاقىرىپ كەتكەندە، ئاقسۇنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان خىتاي ھەربىيلىرى مۇنداق ھىيلە ئىشلەتكەن: خىتاينىڭ بىر ئايروپىلانى ئۇچۇپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيا لىنىياسىنى ئارقا تەرىپىگە قەغەز پۇللارنى تاشلىغان. بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەر ئولجا پۇلنى بىزمۇ ئالايلى دېيىشىپ، ئۆزلىرى تۇرغان لىنىيانى تاشلاپ ئارقىغا ژۈگرىگەندە، ماراپ تۇرغان خىتاي ئەسكەرلىرى دەرھال سېپىلدىن چىقىپ، ھۇجۇم قىلىپ 1-لىنىيانى قايتىدىن بېسىۋالغان».

«بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدە ھۇجۇم قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلغىدەك ئوق-دورا بولمىغانلىقتىن، ئىلاجىسىز ئارتقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىز بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇ كوناشەھەردىن چېكىنىپ، تۈزلەڭگە چىقىشىمىز بىلەنلا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئوق ياغدۇردى. بىز بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. موشۇ جەڭدە جەڭچى-ئوفىسېرلىرىمىز قۇرۇۋان بولۇپ كەتتى. دېمەك، رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرى ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئىش قىلىۋاتقانلىغى مەلۇم بولۇپ قالدى» («ئاسىلخان ئەسلىمىلىرى»، 197-196 بەتلەر).

مىللىي ئارمىيا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق «ئۇچقۇنلار تەشكىلاتىنىڭ» ئەزالىرى ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى تۈرمىدە ئىدى. ئۇلار سىرتتا ئېتىلىۋاتقان مىلتىق-پۇلېمېتنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان ھالدا «ئىنقىلاپچىلار شەھەرنى چوقۇم ئازات قىلىدۇ، بىز خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق» دەپ ئۈمۈت قىلىشقان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىش ئۇلار كۈتكەندەك بولمىدى. مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن 18-سېنتيابر كۈنى كېچىسى جاۋ خەنچىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق 28 نەپەر ئىنقىلاپچى ياشلار يوشۇرۇن تۈردە ئۆلتۈرۈلۈپ، قۇدۇقلارنىڭ ئىچىگە تاشلىۋېتىلدى!

«مىللىي ئامىيامىز ئاقسۇغا بارغاندا ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن يەرلىك زاتلار شۇ قاتاردا ئاقسۇ كوناشەھەر ئازات قىلىنغاندا، بىز تەرەپتىن سايلانغان ناھىيە ھاكىمى شېرىپ قارىھاجىم، مەخسۇم داموللا، ئەرمىيا داموللا (نىمشېھىت) ۋە ئاباباس داموللا قاتارلىق كىشىلەر ۋە بىر قانچە سودىگەرلەر ئۆز بالا-جاقىلىرىنى تاشلاپ، مىللىي ئارمىيا بىلەن بىللە غۇلجىغا چىقىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى». (ئاسىلخان ئەسلىمچىسى).

«شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا، ئىلاجىسىز ئەھۋالدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىراق ئاتىمىز ئەلىخان تۆرە، ئۇمۇمەن، موشۇنداق كېلىشىم تۈزۈشكە باشتىن ئاياق قارشى تۇردى. چۈنكى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ خىيانەتكارلىغى ئاشكارە بولۇپ قالغان ئىدى» (ئاسىلخان ئەسلىمىلىرى، 200-بەت).

ئەزىز، ۋەتەنداشلار!

موشۇ ئۈچ يۆنىلىشتىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە مىللىي ئارمىيانىڭ ھەممە قىسىملىرى دېگىدەك جەلىپ قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا ئالتاي بىلەن ساۋەندە، قاراشەھەر بىلەن ئاقسۇدا، يەكەن بىلەن پوسكادا، قارغىلىق بىلەن تاشقورغاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزان ئوترىادلىرى مىللىي ئارمىياگە ماسلىشىپ، جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەشۇ يۇرتلارنى دۈشمەندىن تولۇق ئازات قىلىشقان ئىدى. شۇ چاغدا ھەممىسى بولۇپ 40000دىن ئوشۇق كىشىلەر قوللىرىغا قۇرال ئېلىشقان ئىدى. تاكى ۋەتىنىمىز ئازات بولغانىغا قەدەر، قانچىلىك بەدەل بېرىشكە توغرا كەلسە، شۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكە خەلقىمىز تەيار ئىدى. ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمۈتىمىز زور ئىدى.

1945-ژىلى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئۇتۇقلۇق كېتىپ بارغان مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بۇ ياش جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنى، دۆلەت دەرىجىسىدە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئارقا-ئارقىدىن 3 قېتىم ئالاقە يوللىغان ئىدى. بىراق، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىماسلارغا ئېنىق جاۋاپ بەرمىگەن. شۇ ژىللاردا ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان، موشۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان ۋاققاس ھاجىم مىرشانوۋ 1962-ژىلى 29-ئاپرېل كۈنى ھاشىر ۋاھىدىيغا يازغان خېتىدە بۇ فاكتنى تەستىقلىگەن.

### §4. مىللىي ئارمىيا ژۈرۈشلىرىنىڭ توختىلىشى ۋە «11 ماددىلىق تېچلىق كېلىشىمىنىڭ» ئىمزالىنىشى

مىللىي ئارمىيامىز غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئەشۇ كۈنلەردە، يەنى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى موسكۋادا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋىن بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىغى ستالىن ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت كېتىپ باراتتى. موشۇ سۆھبەتتە ستالىن سەياسىي سودا قىلىپ: «سىلەر تاشقى موڭغۇلىيانىڭ دۆلەت مۇستەقىللىگىنى ئېتىراپ قىلىڭلار. ئۇنىڭ بەدىلىگە مەن شىنجاڭنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بويسۇندۇرغان قىلىپ بېرىمەن!» دېدى. شۇ چاغدا سۇڭ زىۋىن: «ستالىن جاناپلىرى، سىزنىڭ بۇ مەۋقەڭىز ناھايىتى ياخشى. بىراق، شىنجاڭلىقلار بۇ پىكىرگە كۆنەمسىچۇ؟» دېۋىدى، ستالىن ئەقىل ئۆگىتىپ:

«جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يەرلىك كىشىلەردىن بىر نەچچىسىنى قاتناشتۇرىلسا، يەنى مىللىي سەياسەتتە سەل كەڭرەك بولسىلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ!» دەپ ئېيتتى. («چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 140-بەت).

شۇ كۈنلەردە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان مەخسۇس ۋەكىلى گېنېرال-پولكوۋنىك ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوۋ موسكۋاغا بېرىپ، ستالىندىن يول-يورۇق ئېلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ سېنتيابىرنىڭ 10-كۈنى جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنداق دېدى:

«جانابىي رەئىس، سىزگە يولداش ستالىن سالام ئېيتتى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىغىدىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ غالىبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى. فاشىستىكى تۇزۇمدىكى دۆلەتلەر مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئەندى دۇنيادا ئۇرۇش ئوتى ئۆچۈرۈلۈپ، تېچلىق دەۋرى باشلاندى. موشۇنداق شارائىتتا، سىزلەرنىڭ يەنىلا ئۇرۇش قىلىپ، قان تۆكۈۋاتقىنىڭلار بۈگۈنكى دەۋرنىڭ روھىغا ماس كەلمەي قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرمۇ خەلق ئارا ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇشنى توختاتساڭلار بولامدىكىن؟»

گېنېرالنىڭ بۇ گەپلىرىدە بىر غەرەز بارلىغىنى سەزگەن ئەلىخان تۆرە شۇنداق دېدى: «جانابىي گېنېرال، سىز غەلىتى گەپ قىلىۋاتىسىز. بىز ئۇرۇش قىلساق بىرەۋنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىگى، خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئادالەتلىك، ھەققانىي ئۇرۇش. ئۇنى گېرمانىيانىڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ياپونىيانىڭ جۇڭگوغا بېسىپ كىرگىنىدەك تەجاۋۇزلۇق ئۇرۇشقا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. سىز تېچلىق دەيسىز، ئەگەر سىلەردە راستىلا تېچلىقنى خالايدىغان سەممىيەت بولىدىغان بولسا، جاڭ كەيشىگە نېسىھەت قىلىپ، ئىنساپقا كەلتۈرۈڭلار. ئۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىگىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ يەردىكى باسقۇنچى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن. شۇ چاغدا ئۇرۇش ئۆزلىگىدىن توختايدۇ. سىلەر بىلەن بىز ئارزۇ قىلغان تېچلىق زامان بولىدۇ».

**كوزلوۋ:** «ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەسىلىنى تېچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلسىچۇ؟».

**ئەلىخان تۆرە:** «بىز ياخشى بىلىمىزكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىگىنىمىزنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بىزنى ئۆزىگە تەسلىم قىلماقچى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا سۆھبەتنى ئۇزاققا سوزۇش ئارقىلىق، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھەربىي كۈچ يۆتكەۋېلىشنى ئالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۈشمەنگە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق تېچلىق سۆھبەتكە بارمايمىز!»

**كوزلوۋ:** «ئەگەر بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزگە كۆنمەيدىغان بولسىڭىز سوۋېت ھۆكۈمىتى سىلەرگە بېرىۋاتقان ھەربىي ياردىمىنى توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن».

**ئەلىخان تۆرە:** «سىز ۋەدەڭلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ھەربىي ياردەمنى ئاللىقاچان توختىتىپ قويغان. ئىككىنچىدىن، سىلەر بىكارغا ياردەم قىلىۋاتقىنىڭلار يوق. بىز سىلەردىن قۇراللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدۇق. 1 مىلتىقنى 5 قويغا، 1 پۇلېمېتنى 50 قويغا، 25 ئوقنى 1 قويغا سېتىپ بەرگىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، جانابىي گېنېرال!».

**كوزلوۋ:** «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىسىز بەرى بىر ئالغا باسالمايسىلەرغۇ!».



www.uyghurkitap.com

**ئەلىخان تۆرە:** «ئىلگىرى شۇنداق ئىدى. ھازىر قۇرالدىن ئانچىلا غەم يەپ كەتمەيمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا زامانىۋىي قۇراللار بار. ئەينە شۇ قۇراللارنىڭ ھەممىسى ئەتە بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ. بىز دۈشمەننىڭ قولىدىكى قۇرالنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى يوقىتىشنى بىلىمىز!».

**كوزلوۋ:** «جانابى رەئىس، بىزنىڭ تەكلىۋىمىزنى قوبۇل قىلغىنىڭىز ياخشى. ئەگەر موشۇنداق قاتتىق پوزىتسىيەدە بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە ياخشى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار سىزسىزمۇ ئۆز ئىشىنى ئۆزلىرى قىلالايدۇ» دېدى.

**ئەلىخان تۆرە:** «جانابى گېنېرال، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ئۆزبەك بولسىمۇ، ئۆزەمنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەرزەندى دەپ ھېساپلايمەن. ئۇيغۇر خەلقى ماڭا ئەگىشىپ، ئىنقىلاپ قىلدى، كۆرەشلەردە قان تۆكتى. مەن ئىنقىلاپنى يېرىم يولدا توختىتىپ، ماڭا ئەگەشكەن خەلقنى تاشلاپ، ھېچ نەگە كەتمەيمەن!» سۆھبەت شۇ يەردە توختىدى.

موشۇ سۆھبەتتىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىمىزگە مەلۇم. 13-سېنتيابر كۈنى موسكۋادا «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق غەرتنامىسى» ئىمزالاندى. ئەتىسى، 14-سېنتيابر كۈنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋ.س. كوزلوۋ ئارقىلىق ئۆز ئادىمى گېنېرال-لېيتېنانت پولكوۋنىققا بۇيرۇق چۈشىرىپ، مىللىي ئارمىيانىڭ ژۈرۈشىنى ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا توختىتىپ قويىدى. بۇ ئىشتىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ، جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرىنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. مىللىي ئارمىيانىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىغىنى ئاڭلىغان جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە 17-سېنتيابىر كۈنى ئىۋان پولنوۋنى چاقىرتىپ كېلىپ:

«مۇختەرەم گېنېرال، سىز مىللىي ئارمىيانىڭ ھەربىي ژۈرۈشىنى ماناس دەرياسى بويىدا نېمې ئۈچۈن توختىتىپ قويدىڭىز؟:—دەپ جىددىي سوراق قويىدى. شۇ تاپتا باشقىچە جاۋاپ بېرىشكە بولمايدىغانلىغىنى چۈشەنگەن پولنوۋ ئىلاجىسىز، راستلىغىنى يېتىشقا مەجبۇر بولدى:

— مەنمۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلىدىم!—دېدى ئۇ.

— كىمنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلىدىڭىز؟

— موسكۋانىڭ بۇيرۇغىنى!

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان ئەلىخان تۆرە غەزەپلەنگەن ھالدا، پولنوۋنىڭ ئالدىغا ژۈگرەپ كېلىپ:

— مونۇ گېنېراللىق ئۇنۋانىنى سىزگە موسكۋا بەرگەن ئەمەس، بىز بەرگەن. شۇڭا سىز، بىزنىڭ بۇيرۇغىمىزنىڭ ئورۇنلىشىڭىز كېرەك—دەپ ۋاقىرىغان (بۇ ۋاقەنى سوۋېتلىك مەسلىھەتچى مۆھسىن ئەپەندى بىلەن سۇلايمان ئەپەندىلەر ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن).

20-سېنتيابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ژىغىنى ئېچىلدى. ژىغىندا ئەلىخان تۆرەمىنىڭ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، «مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلسۇن!—دېگەن قارار ئېلىنغان ئىدى. بىراق، 2-1-دومدىكى جاناپلارنىڭ قارشىلىق قىلىشى ئارقىسىدا بۇ قارار ئەمەلگە ئاشمىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى «دۇنيادا تېچلىق دەۋرى باشلاندى، ئەندى ئۇق ئېتىشقا بولمايدۇ» دەپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، 1945-ژىلى 14-سېنتيابىر كۈنى ھەربىي ژۈرۈشنى توختىتىپ قويدى. ئەمەلىياتتا بولسا، بىزدىن باشقا كۆپلىگەن خەلقلەر شۇنىڭدىن كېيىنمۇ قۇراللىق كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ ئېلىشتى. مەسىلەن: شۇ ژىلى 23-سېنتيابىر كۈنى مىسىر خەلقى مۇستەقىللىك جاكالاپ، ئانگلىيانىڭ مىسىردىكى ھەربىي قوشۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. 12-ئوكتيابىر كۈنى لاوس خەلقى مۇستەقىللىل جاكالاپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلدى. 10-نويابىر كۈنى ئىندونېزىيا خەلقى ئانگلىيانىڭ مۇستەملىكىچى ئارمىياسىگە قارشى قۇراللىق كۆرەشنى باشلاپ، ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتى.

1946-ژىلى يەنە قۇراللىق كۆرەشلەر ئارقىلىق ئالبانىيا خەلقى مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشتى. شۇ ژىلى 2-مارت كۈنى ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ھىند-خىتاي يېرىم ئارىلىدا فرانسىيانىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى ئۇرۇشلار 5 ئاي داۋاملاشتى. يېقىن شەرىق ئەللىرىدە بولسا، قۇراللىق توقۇنۇشلار 1946-ژىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى ۋ.ب.

دېمەك، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ «تېچلىق دەۋرى باشلاندى، ئەندى ئۇق ئېتىشقا بولمايدۇ» دېگىنى ئازات شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى خىتايغا سېتىۋېتىشتىكى قۇرۇق بانىسى، خالاس!

شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقەلەر ھەممىمىزگە مەلۇم.

سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە سېتىپ بەرگەن ھەربىي قۇراللىرىنى، تاردەم بېرىۋاتقان خادىملىرىنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىغىسىز ئەپچىقىپ كەتتى. ئەلىخان تۆرىگە يېقىن بولغان، مىللىي مۇستەقىللىك غايىسىدا چىڭ تۇرغان كىشىلەرنى

«پانتيۈركىست، پانىسلامىست» دېگەن تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلاپ، ھۆكۈمەت ئىشىدىن چەتلەشتۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرستاندا تۇرۇپ كوممۇنىستىك ئىدېيانى قوبۇل قىلغان زىيالىيلارنى «ئىلغار ئىدېياگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلار» دەپ ئۆستۈرۈپ، مۇھىم ئىشلارغا قويدى. شۇلار ئارقىلىق ئۆز تەلىۋىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى جەڭدە يېڭىلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

1945-ژىلى 14-سېنتيابر كۈنىگىچە قەھرىمان مىللىي ئارمىيامىز ئۈچ ۋىلايەتتىكى 27 ناھىيەنى تولۇق ئازات قىلىپ، بۇ رايوندا ئاي-يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقنى قادىغان. خىتاينىڭ باسقۇنچى ئارمىياسىنى سۈرتوقاي قىلىپ قوغلاپ، ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىدى. ھەتتا، ماناسنى قوغداۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچقان، ئۈرۈمچىدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن پۇجارلىرى بولسا ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي، لەنجۇغا قاراپ قاچقان ئىدى. دۈشمەن سېپى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، پاتپاراقچىلىق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

مانا شۇ كۈنلەردە، يەنى سېنتيابرنىڭ 14-كۈنى خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى» ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندا ھۆكۈمەت باشلىقى بەي چۇڭشى مۇنداق دېدى: «ھازىر باندىتلار قوشۇنى، شىخونى ئېگەللەپ، ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان، بىيا ناھىيەلىرى قولدىن كەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تامامەن قولدىن كەتتى. گىنسۇغا تۇتىشىدىغان يولدىكى يەتتە قۇدۇققا باندىتلار كىرىپ-چىقىپ ژۈرۈشىدۇ. ئۈرۈمچى قولدىن كەتمىگەن بولسىمۇ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىنتايىن خوۋۇپلۇق ئەھۋالدا قالدى. بۇ كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ. «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ ئەھۋالنىڭ مۇنداق يامانلاپ كېتىشىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ».

شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ جاڭ كەيشىگە ئارقا-ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ:

«ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بىزگە پەقەت مەرتلەرچە قۇرۇان بولۇشلا قالدى»، دېگەن. يەنە بىر تېلېگراممىسىدا:

– قوزغىلاڭچىلار ھامان بېسىپ كەلمەكتە، ماماناس دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قالدى. بىزنىڭ ئۈرۈمچىنى قوغداپ تۇرغان كۈچىمىز ئارانلا 6 يىڭ ئەسكەر. بۇ كۈچ بىلەن ئۈرۈمچىنى قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزنى قۇمۇلغا يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىسىڭىز، – دېگەن ئىدى.

مىللىي ئارمىيانى ئالغا سىلجىتمايدىغانلىقى توغرىلىق ئالىقاچان ستالىننىڭ ۋەدىسىنى ئېلىۋالغان جاڭ كەيشى ژۇقارقى تېلېگراممىنى ئېلىپ كىرگەن گېنېرالغا قاراپ، ئىشەشلىك ھالدا:

– جۇ شاۋياڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىياسى قىسىملىرىنىڭ ژۈرۈشى ئەندى توختىدى. ئۇلار ماناس دەرياسىدىن بىر قەدەممۇ ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۈرۈمچىدە خاتىرجەم تۇرىۋەرسۇن، –دەپ يول-يورۇق بەردى.


گومىنداڭنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ ژىژۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەھۋالنى ئۆگەنگەندىن كېيىن دەرھال جاڭ كەيشىگە تېلېگرامما يوللاپ، مۇداق دېگەن: «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي. غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشقا ھېچ بىر ئامالىمىز يوق، ھازىر پەقەت دىپلوماتىيا يولى ئارقىلىق مەسىلىنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا قالدى...» («جاڭ ژىژۇڭ ئەسلىمىلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-بەت).

ماناس دەرياسىدىن ئۈرۈمچىگە بارى-يوقى 130 كىلومېتر ئارقىلىق قالغان ئىدى. 30000 كىشىلىك مىللىي ئارمىيامىز بىرلا ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى قوغلاپ، ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىۋېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان ئىدى. مانا شۇنداق بىر پەيتتە باش قوماندان گېنېرال-لېيتېنانت ئىۋان پولىنوۋنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مىللىي ئارمىيامىزنىڭ غەلىبانە ژۈرۈشلىرى ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا توختىلىپ قويۇلدى.

ژۈرۈشتىن توختىلىپ قويۇلغان مىللىي ئارمىيامىزنىڭ جەڭچى-ئوفىسېرلىرى:

بىز ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى چوقۇم ئازات قىلىمىز! رەھبەرلىرىمىز بىزنى توسمىسۇن!– دەپ تۇرۇۋالدى. ھەتتا بەزى ئوفىسېرلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قوماندانلىققا: «ماناستىكى دۈشمەنلەر كېچىپ كېتىپتۇ، دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كىرەيلى» دېگەن تەكلىپنىمۇ بەرگەن. بىراق، ئۇلار موشۇ تەلەپلىرى ئۈچۈن «ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزدى» دەپ ئەيىپلەنگەن ئىدى.

موشۇنداق ئەھۋالدا، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشتا يېڭىلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن



سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كېلىشىم تۈزۈشكە ماجبۇر بولدى؟ دېگەن سوئال ھەر كىمنى ئويلاندۇرىدىغانلىقى تەبىي. بۇنىڭ جاۋاۋى شۇكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن «تىنچلىق كېلىشىمنى تۈزۈش» بۇ پەقەت سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭچى خىتاي ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ تەييارلىغان سۇيىقەستتىن ئىبارەت. بۇنىڭ دەلىللىرى مونۇلار:

«1945-ژىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىلى جياڭ جىجۇڭ بىلەن دىپلوماتىيا خادىمى ليۇ زىرۇڭ ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئېۋسىيېۋ بەلن كۆرۈشۈپ، «غۇلجا ۋاقىەسىنى» تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورىدى. شۇ چاغدا ئېۋسىيېۋ: « بۇ پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ ھەم ئۆزخىگە خوشنا شىنجاڭدا تىنچلىق بولۇشىنى خالايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ تەلەپنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا ياخشى بولاتتى» دېدى. جياڭ جىجۇڭ شۇ كۈنلا ئېۋسىيېۋنىڭ تەكلىۋىنى تېلېگراما ئارقىلىق جاڭ كەيشىگە يەتكۈزدى» («چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 147-146 بەتلەر).

1945-ژىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاپپالون پېتروۋ خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە نوتا تاپشۇرۇپ بەردى، بۇ نوتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

– بىزنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلۇمىزنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر نەچچە ۋەكىللىرى كونسۇلخانىمىزغا كىرىپ:

– يەرلىك ئەمەلدارلار بىزنى كۆپ ئەزگەنلىكتىن، بىز شۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن ئىدۇق، بىزنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش نىيىتىمىز يوق ئىدى. ھازىر ئاڭلىساق، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزنى-جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ كەتمەكچى ئىكەن، – دەپ ئەنسىرەۋېتىپتۇ. بىز جۇڭگودىن بۆلۈنۈشنى خالىمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن خوشنىمىز سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارىغا چۈشۈپ، ۋاستىچىلىق قىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بىزنى ياراشتۇرۇپ قويسا-دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. سوۋېت دۆلىتى ئۆزى بىلەن چېگارىداش بولغان شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچلىقىنى ئىستەيدىغان بىر دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل كۆرسە، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن ياردەم قىلىشنى خالايدۇ ھەم بۇ ئىشقا غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلۇمىزنى تايىن قىلماقچىمىز».

خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جاڭ كەيشىنىڭ يول-يورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، سېنتيابىرنىڭ 19-كۈنى سوۋېت ئەلچىخانىسىغا مۇنداق مەزمۇندا جاۋاپ خەت تاپشۇردۇ:

يېقىن خوشنىمىز سوۋېت ھۆكۈمىتىگە، شىنقاڭدىكى قوزۇلاڭچىلار بىلەن بىزنى كېلىشتۈرۈپ قويماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ رەخمەت ئېيتىمىز. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىنى ھە قىلىش ئۈچۈن جياڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارمۇ ئۆز ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزسە بولىدۇ» دېيىلگەن («چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 150-بەت).

ژىغىپ ئېيتقاندا، شۇ كۈنلەردە سوۋېت ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مىللىي-

ئازاتلىق كۆرۈشىنى قوللاش توغرىسىدا ئىلگىرى بەرگەن ۋەدىلىرىدىن ئاللىقاچان يېنىۋالغان ئىدى. بۇنى بۇرھان شەھىدىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ تەستىقلەيدۇ:

«بىر كۈنى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يوسىپوۋ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ يەرگە بارسام، مەن تونۇمايدىغان سوۋېتلىك بىر ئادەم ئولتىرىپتۇ. ئۇ مېنىڭ بىلەن تېچلىق سورىشىپ بولۇپلا: «ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇۋالدى. سىز بۇ ئىشقا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىدى. مەن دەرھاللا «مەن ئىلى ئىنقىلابىنى قەتئىي قوللايمەن، ئاما، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا قوشۇلمايمەن»، دېدى. شۇ چاغدا يوسىپوۋ ماڭا: سىزنىڭ قارىشىڭىز توغرا!» دېدى» («شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 607-بەت).

ئارقىدىنلا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەقىل ئۆگىتىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى جاڭ كەيشى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى رادىيو ئارقىلىق نۇتۇق ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا، جاڭ كەيشىنىڭ موشۇ نۇتقىنى بانە قىلىپ، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنى سۆھبەتكە بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا قورغاس چېگرىسىغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىي تەھدىت سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1948-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى زىيالىيلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئۈستىدە: «بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يېڭىۋاتقان تۇرغۇنلۇق نېمە سەۋەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باردىڭىز؟» دەپ سورالغاندا: «مېنىڭ ئالدىمدا مىلتىق، ئارقامدا پۇلىمىت تەڭلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر قارشىلىق قىلىدىغان بولساق، مېنىڭ خەلقىم ئورۇنسىز قۇرۇۋان بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئىلاجسىز سۆھبەتكە باردىم!» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تېچلىق كېلىشىم تۈزۈش سۆھبىتىگە بېرىش ياكى بارماسلىق توغرىلىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە جىددىي تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى. جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەر قانداق شەكىلدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈنلەي قارشى بولدى. شۇ چاغدا ئامالسىز قالغان سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت ھەيئىتى تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مۇستەقىلچىلەرگە قارشى قويدى. ئەلىخان تۆرىگە پىسخولوگىيالىك بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىگە «سېنىڭ ئىشىڭ تۈگەدى، ئەندى ئورنىڭنى بوشات!»، دېگەن مەزمۇندىكى ئىمزاسى خەتلەرنى تاشلاتقۇزدى. موشۇنداق تەييارلىقلاردىن كېيىن ئوكتيابىرنىڭ 2-كۈنى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مەخسۇس يىغىنىنى ئېچىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بېرىش كېرەكمۇ، يوقمۇ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە ئۈستىدە قاتتىق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن: «ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىگىنى ئېتىراپ قىلىپ، بىزنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك سۆھبەتداش دەپ تونۇسا، موشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا سۆھبەتكە بارساق بولىدۇ»-دېگەن قارار ئېلىنىدى. سۆھبەتكە بارىدىغان ۋەكىللەر ئۈمىگە: رەخىمجان سابىرھاجىيۋ، ئەخمەتجان قاسىمي، ئوبۇلخەيىر تۆرىلەر تەيىنلەندى (جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە بۇ قارارغىمۇ قوشۇلدى!).

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى: رەخىمجان سابىرھاجىيۋ، ئەخمەتجان قاسىمي، ئوبۇلخەيىر تۆرىلەر ئوكتيابىرنىڭ 10-كۈنى ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بىراق، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ تېخى ئۈرۈمچىگە كەلمىگەن ئىدى.

خىتاي دىپلوماتى جاڭ جىجۇڭ ئۆزى بىلەن بىللە: سۇڭ شىليان، لىيۇ مۇڭچۇڭ، ۋاڭ زىڭشەن، نەسئۇت سابىرىي، مەمتىمىن ھەزرەت ۋە ئەيسا ئالپتېكىنلەرنى ئېلىپ، ئوكتيابىرنىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ھەر ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ۋەكىللەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئېۋسېيېۋنىڭ ئارىغا چۈشۈپ، سالاچىلىق قىلىشى بىلەن ئوكتيابىرنىڭ 14-كۈنى تېچلىق سۆھبىتىنى رەسمىي باشلىدى. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئۆزلىرىنى-»شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى» دەپ تونۇشتۇردى. بىراق، خىتاي ۋەكىلى جياڭ جىجۇڭ ھە دېگەندىلا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت دەرىجىسىدە سۆھبەتلەشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قاتتىق تۇردى. يەنە سوۋې ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇللىرى ئېۋسېيېۋ بىلەن دۇۋاشىنلار شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ژۇقارقى ئاساسىي شەرتتىن ۋاز كېچىشكە، خىتاينىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، «خەلق ۋەكىللىرى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ئىشتىمۇ خ ئى پ پارتىياسىنىڭ ئەزالىرى سوۋېتكە ئاكتىۋ ماسلاشتى.

بۇ توغرىلىق سەيپىدىن ئەزىزى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەنىڭ ۋەكىللىرى، باشتىنلا قوزغىلاڭنىڭ مەخستى: گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سەياسىي دېموكراتىيانى، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇپ، دەپ قارىغان ئىدى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم خەلىق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇ پارتىيانىڭ سەياسىي نىشانى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ سەياسىي نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى» («تەڭرىتاغ بۈركۈتى» كىتاۋى، 197-بەت). «شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن بىز سەياسىي دېموكراتىيانى، مىللىي باراۋەرلىكنى ئالغا سۈرۈش دېگەن شەرت ئاستىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدۇق. ئاما، ئەلىخان تۆرە باشچىلىغىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بولسا، شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيتىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا گومىنداڭ بىلەن ئالاقىلىشىشنى، ئۇنداق بولمايدېكەن، سۆھبەتنى رەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا باشلانغان. ئۇلار ئېلان قىلغان «9 ماددىلىق باياناتتىكى» ئۇچىغا چىققان خاتا كۆز قاراشلار، ئۇلارنىڭ سەياسىي تەشەببۇسىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن ئىدى. بۇمۇ ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئەلىخان تۆرىنى قوغلاۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەنلىگىنىڭ مۇهىم سەۋەۋى ئىدى» (شۇ كىتاپ، 199-198-بەتلەر).

دەرۋەقە سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەشەببۇسىغا باشتىن-ئاياق قارشى بولغان كىشى ئەلىخان تۆرە ئىدى. سۆز نوۋىتى كەلگەندە ئەلىخان تۆرە ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن 11 ماددىلىق كېلىشىم ئاخىرى ئىمزالاندى. موشۇ كېلىشىم نەتىجىسىدا شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيىتى يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىغىغا كۆزى يەتكەن ئەلىخان تۆرە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، بۇ جۇمهۇرىيەتنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە بولدى. شەخسەن ئۆزىنىڭ نامىدىن، ئالتايدىكى ئوسمان باتۇرغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، شەرقىي تۈركستاندا «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشقا دەۋەت قىلدى (قانداقتۇ سەۋەپلەر بىلەن بۇ خەت 1-دومدىكى جاناپلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى). بۇ تەشەببۇسقا ئۆلگىدەك قارشى بولغان سوۋېت هۆكۈمىتى بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن 1946-ژىلى 13-ئىيۇن كۈنى، ئۆز جاسۇسلىرى ئارقىلىق ئەلخان تۆرىنى ئوغرىلاپ ئەچىقىپ كەتتى (كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ۋەزىپىنى سوۋېت رازۋېدچىكلىرى ئەلى ئەپەندى ۋە زاكىر ئەپەندىلەر ئورۇنلىغان ئېكەن). شۇنداق قىلىپ، سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ قولى بىلەن ئەلىخان تۆرە يوقىتىلدى، كېيىن هۆكۈمەت رەسلىگىگە ئەخمەتجان قاسىمي كۆتىرىلدى، بىراق، هاكىمىيەت هوقۇقى ئاساسەن «خ ئى پ چىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلدى. ئۇلار بولسا، رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى بۇلجۇتماي ئورۇنلاپ، تەسلىمچىلىك خاراكتېردىكى 11 ماددىلىق تېچلىق كېلىشىم شەرتلىرىنى سۆزسىز قوبۇل قىلدى.

شەرقىي تۈركستان هۆكۈمىتى بىلەن خىتاي هۆكۈمىتى ئارىسىدىكى سەياسىي دىئالوگ 1945-ژىلى ئوكتيابردىن 1946-ژىلى ئىيۇنغىچە، جەمى 8 ئاي داۋام قىلدى. موشۇ جەريياندا بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئۆز هۆكۈمىتىگە دوكلاد قىلىپ، يول-يورۇق ئېلىش ئۈچۈن ئالتە قېتىم ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ كەلدى. ئاتالمىش «تېچلىق كېلىشىمنىڭ» 11 ماددىسى بىلەن 1-قوشۇمچىسى 1946-ژىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، مىللىي ئارمىيانى ساقلاپ قېلىشقا ئائىت 2-قوشۇمچى بولسا، 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىمزالاندى. شۇنداق قىلىپ، 1946-ژىلى 6-ئىيۇن كۈنى ئاتالمىش تېچلىق كېلىشىمگە ئاخىرقى ئىمزا قويۇلدى.

11 ماددىلىق تېچلىق كېلىشىمنىڭ، يەنى «بىتىمنىڭ» تولۇق تېكستى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«مەركىزىي جۇڭگو هۆكۈمىتى ھەم شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلىق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قۇراللىق توقۇنۇشنى تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىم:

1. هۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا (ناهىيەلەرنىڭ هاكىم، مۇاۋىن هاكىملىرىنى، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالى، مۇئاۋىن ۋالىلىرىنى) سايلاش هوقۇقى بېرىدۇ.

2. هۆكۈمەت دىنىي كامسىتىشنى بېكار قىلىدۇ. ھەمدە خەلىققە تولۇق دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگىنى بېرىدۇ.

3. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت-چەك، هۆججەتلىرى-خەنزۇ تىل يېزىغى بىلەن ئۇيغۇر تىل يېزىغىدا تۈزۈلىدۇ. خەلقنىڭ هۆكۈمەتكە سۇنغان خەت-ئالاقىلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىغىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەر مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرىس ئۆتىدۇ. ئاما ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ يېزىغى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرىس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە زۆرۈرىيەتكە قاراپ دەرىسلەر خەنزۇ تىلىدا ياكى ئۇيغۇر تىلىدا ژۈرگۈزۈلىدۇ.

5. هۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن مىللىي سەنئەتنىڭ ئەركىن رىۋاجلاندۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

6. هۆكۈمەت مەتبۇئات، ژىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز-نۇتۇق ئەركىنلىگىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

7. ھۆكۈمەت خەلقتىن ئالىدىغان باجنى ئەمەلىي ئىشلەپ چىقىرىش كۈچىگە، ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ.
8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ۋە تاشقا سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. بىراق، سودىگەرلەمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ خارجى دۆلەتلەت بىلەن تۈزگەن سودا-كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلىشلىرى كېرەك.
9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىۋىنى مەركەز تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى 25كە قەدەر كۆپەيتىلىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ 10ىنى مەركەز بىۋاستە بەلگۈلەيدۇ. قالغان 15ىنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىدۇ. مەركەز تەستىقلەيدۇ.
10. يەرلىك خەلىقلەرگە مىللىي ئارمىيا قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەركىۋى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى شەرت. بۇ مىللىي قىسىملار مىللىي ئارمىيا قىسىملىرىنى دۆلەت ئارمىياسىنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋىگە مۇۋاپىق قايتا قۇرۇش يولى بىلەن تەشكىل قىلىنىدۇ.
11. ۋاقىئەيۈزبەرگەندىن تارتىپ،ھازىرغىچەھەرئىككى تەرەپ قولغائالغان زاتلار ۋاقىئەھەل قىلىنغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق قىلىنغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بانە-سەۋەپ بىلەن كامستماسلىقىغا كاپالەت قىلىنىدۇ.

**قوشۇمچە ھۆججەت-1**

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قۇراللىق توقۇنۇشنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ» 9-ماددىسىدا بەلگۈلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۆۋەندىكى بەلگۈلىمە تۈزۈلدى:
1. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ 6 نەپىرىنى 3 ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.
2. ژۇقۇرىدىكى 6 ئەزانىڭ بىرسى مۇۋاۋىن رەس، بىرسى مۇۋاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇۋاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇۋاۋىن باشلىقى ۋە بىر ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
3. قالغان 7 ۋىلايەت 9 ھەيئەت ئەزانى كۆرسىتىدۇ. بۇ 1 مۇۋاۋىن رەسنى، 1 دىنىيە نازىرىنى باشقارما باشلىقى ۋە مۇۋاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇۋاۋىن باش كاتىپ، مۇۋاۋىن نازىرنى شۇنىڭدەك 4 مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قوشۇمچە ھۆججەت -2**

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋاقىئە يۈز بەرگەن رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ھاسىل قىلغان كېلىشىمنىڭ 10-ماددىسىدىكى ۋاقىئەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدا 2 تەرەپ كېلىشىپ، تۆۋەندىكى بەلگۈلىمە تۈزۈلدى:
1. ۋاقىئەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار دۆلەت ئارمىياسىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە 3 ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، 3 پىيادە ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ تۈزۈلىدۇ. ئۇمۇمىي ئادەم سانى 12000غىچە بولىدۇ.
2. ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ بىر ئادىمىنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3 ۋىلايەت قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ قوماندان غەربىي-شىمالىي ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانىغا بويسۇنىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ قوماندانىنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا مۇۋاۋىن قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ.
3. ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان 6 پولك ئەسكەرلەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تۇرىدۇ.
4. مەزكۇر 6 پولكنىڭ 3 پولكىنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىياسىنىڭ نىزام ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە مەركەز تەمىنلەيدۇ. قالغان 3 پولكنىڭ تەمىناتى ۋە قۇرال-ياراقلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى تەمىنلەيدۇ...

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ.
خەلق ۋەكىللىرى: رەخمىجان سابىرھاجى،
ئوبۇلخەير تۆرە رابات،
ئەخمەتجان قاسىمى،
جۇڭخۋا مىنگونىڭ 35-ژىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئۈرۈمچى».

ژۇقۇرىدىكى كېلىشىم شەرتلىرىگە مۇۋاپىق 1946-ژىلى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى گومىنداڭدىن ئەسىر چۈشكەن گېنېرال گوچى، گېنېرال ۋەن لىڭيۈن ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى گاۋ بويۈن قاتارلىقلار



www.uyghurkitap.com

ئائېروپلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويۇلدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قامىلىپ ياتقان ئابدۇرېھىم ئەيسا باشلىق سەياسىي مەھبۇسلار تۈرمىدىن بوشىتىپ چىقىرىپ بېرىلدى.

بۇ «تېچلىق كېلىشىمى» ئەمەلىياتتا، ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى يېرىم يولدا توختىتىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئارام ئېلىپ كۈچ زىغىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ غەلىبىگە ئېرىشكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز خوشاللىقىنى يوشۇرالاي، «شىنجاڭ گېزىتىنىڭ» 1946-ژىلى 7-ئىيۇن كۈنى چىققان سانىدا: «غۇلجا ۋاقەسىنىڭ تېچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقى-شىنجاڭدىكى 4 مىللىون خەلقىنىڭ بەختى!» دەپ يازدى.

غۇلجا شەھرىدە چىقىۋاتقان «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئۆزىنىڭ 2-ئىيۇل كۈنى چىققان سانىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تارقىتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن باش ماقالە ئېلان قىلىپ:

« شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىز مەسىلىنى تېچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش توختامىغا قول قويغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرتىپ بويىچە، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تارقىتىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىمىزنىڭ نامىنى «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتتۇق» دەپ يازدى.

بىز بۈگۈن ئىشەشلىك ئېيتالايمىزكى، ئاتالمىش «تېچلىق كېلىشىم» ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ بەختى ئەمەس، مىللىي مۇستەقىللىكنى دەپىن قىلغان قايغۇلۇق ۋاقە بولغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى تۇرسۇن رەخىموۋنىڭ تىلى بىلەن ېيتقاندا:

«تېچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋاقەلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ كېلىشىمنى ئورۇنلاش توغرىلىق ئويلاپمۇ قويمىغان. ئۇلار بۇ ئۆلكىدە ناچارلاپ كەتكەن ئەھۋالنى ئوڭشاۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان نوۋەتتىكى ھېيلە-نەيرىڭى ئىدى، خالاس!» («شەرقىي تۈركىستان يېرىدە» 13-بەت).

بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن «تېچلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋاقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: بىتىم بويىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىياسى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەركىۋىدىكى بىر ۋىلايەتكە ئايلىنىپ قالدى. مىللىي ئارمىيادىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانى 30000دىن قىسقىراپ، 12000غا چۈشۈرۈلدى. خىتاي تەرەپ بولسا، موشۇ پىرسەتتى پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئوڭشاۋالدى.

شۇ ژىلى 10-ئايدا ئاتالمىش «تېچلىق كېلىشىمنىڭ» سىيارى قۇرۇلماي تۇرۇپلا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىياسىنىڭ قوماندانى سۇڭ شىليان چۇڭچىڭغا بېرىپ، جاڭ كەيشى بىلەن كۆرۈشۈپ-تېچلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىياسىنى كۈچەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىۋى تولۇق ئورۇنلىنىپ، 1947-ژىلىنىڭ ئاخىرىغا كىلەگەندە، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 100000غا يەتكۈزۈلدى.

تېچلىق كېلىشىم بىلەن ئازات 3 ۋىلايەتتىكى ئارمىيا ۋە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى توختىتىپ قويۇلدى. ئازات بولمىغان يەتتە ۋىلايەتتە خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرى تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ، خەلقىمىز ئۈستىدە تېررورلۇق ھەرىكىتىنى ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى. قۇمۇلدىن خوتەنگىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئىلى ئىنقىلاۋىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ياكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىلەر ناھەق تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

ھەتتا 1947-ژىلى 25-فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدە پۇخارچە كىيىنىۋالغان خىتاي ھەربىيلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشاۋېلىپ، ئەخمەتقان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ بولدى. ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ قەتئىي، دادىل كۈرەش قىلىشى ۋە ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا دۈشمەنلەر بۇ مەخسىتىگە يېتەلمىدى.

بىتىم شەرتلىرى بويىچە، ئازات 3 ۋىلايەتتىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي خادىملارغا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلىشكە تېگىشلىك مائاش ۋە تەمىنات بېرىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنلەر ئۈچ ۋىلايەتنى ئىختىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ تاشلىماقچى بولۇشتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بىتىمگە خىلاپ ھالدا، 1947-ژىلى يازدا، ئالتايدىكى ئوسماننى قۇراللاندۇرۇپ ۋە مالىيە بىلەن تەمىنلەپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتىرىشكە قۇتۇراتتى. شۇ ژىلى كۈز ۋە قىش ئايلىرىدا، ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قالىبېك بىلەن ساقچى باشلىقى تاكمانلارنى قۇراللاندۇرۇپ، مىللىي ئارمىياگە قارشى ئۇرۇش ئاچقۇزدى. گەرچە، بۇ ئىسيانلار مىللىي ئارمىيانىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا تار-مار قىلىنغان بولسىمۇ، موشۇ ئىككى قېتىملىق ئىسيانلار جەريانىدا، كۆپلىگەن ئادەملەر ئۆلدى ۋە ماددىي چىقىملار بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلھامى بىلەن 1947-يىلى تۇرپان، پىچان، توخسۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۆتىرىشلىرى خىتاي ئارمىياسى تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى. تۇرپان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋدۇن يۇسۇپ، ئىمىن زاھىدىيلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تۇرپان پارتىزانلىرى خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار بىر نەچچە ئاي پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنگە زەربە بەرگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ مۇنتەزىم دۆلەت ئارمىياسىغا تەڭ كېلەلمەي، ئازات رايونلارنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى. شۇ يىلى قۇمۇل خەلقىمۇ سبىيت باتۇر ۋە ئۇنان باتۇرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچ بىر تايانچىسى بولمىغان بۇ قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق تۈردە باستۇرۇپ تاشلىدى. موشۇنداق ئەھۋالدا ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرباپلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قۇمۇل ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ئازات ئۈچ ۋىلايەتكە ئامان-ئېسەن يېتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈردى: غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن بۇ پارتىزانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت مەسىلىلىرى ياخشى ھەل قىلىپ بېرىلدى.

تېخى ئازات بولمىغان 7 ۋىلايەتتىكى دېموكراتتىك زاتلارمۇ خىتاينىڭ رېپرېسسىياسىدىن قېچىپ، غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ پانالاندى. قىسقىسى، ئاتالمىش تېچلىق كېلىشىمى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، مىللىي ئىنقىلاۋىمىز ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، ئازات شەرقىي تۈركىستان ۋەتىنىمىز قايتىدىن خىتاينىڭ مۇستەملىكى بولۇپ قالدى.

رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىي 1948-يىلى 1-ئاينىڭ 18-كۈنى سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا:

«بىزنىڭ تېچلىق بىتىمگە ئىمزا قويغانلىغىمىزنىڭ ئۆزى-پۈتۈن ئۆلكە جۇڭگونىڭ زىمىنى ئېكەنلىگىنى بېتىراپ قىلغانلىغىمىز بولۇپ قالدى»، دەپ ئەپسۇسلانغان ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ئۇغرىلانغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بىلەن (ئەلۋەتتە، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن) ئەخمەتجان قاسىمىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى بولۇپ سايلاندى. نوۋىتى كەگەندە ئەخمەتجان قاسىمىي توغرىلىق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىي ياش ۋاقتىدا سوۋېت ئىنتىپاقىدا ئوقۇغانلىغى، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگەنگەنلىگى راست. بىراق، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. دۈشمەننىڭ تۈرمىسىدە يېتىپ، ئۇ يەردىكى فاشىستىك قىيناق-ئازاپلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا چېنىقىپ، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچىغا ئايلانغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن 2-1-دومدىكى جاناپلار ئۇنى «ئىدېيادە-ماركسىست، قەلبىدە-ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشقان. يەنى ئۇيغۇر مىللەتچىسى دەپ قارىغان. بۇ يەردە مەلۇم ھەقىقەت بار.

بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر فاكت كەلتۈرەيلى:

خىتاي ۋەكىلى جياڭ جىجۇڭ 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقاندا:

«شىنجاڭ 2000 يىلدىن ئىلگىرىلا جۇڭگونىڭ زىمىنى ئىدى. پەقەت مەركەزنىڭ كۈچى يېتىشەلمىگەن چاغلاردىلا ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشقان. شىنجاڭ بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز قان، تەر تۆكۈپ ئاچقان زىمىن. شۇڭا مەركەز شىنجاڭدىن مۇتلاق ۋاز كەچمەيدۇ!» دېگەن. شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىي سۆز ئېلىپ:

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى، ئەگەر تارىخنى سۈرۈشتۈرسەك، سىزنىڭ زىمىنىڭىز سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدە، يەنى كۇلىدا. كۇلىدىن 3500 كىلومېتىر يىراقتىكى شەرقىي تۈركىستان زىمىنى قانداقلارچە خەنزۇلارنىڭ يېرى بولۇپ قالدى؟ ياخشىسى، بىز ھازىر تارىخنى سۈرۈشتۈرمەي شىنجاڭ خەلقىگە، سىزچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىش توغرىلىق سۆزلىشەيلى. ئەگەر سىز بۇ ھوقۇقنى بېرىشنى خالىمىسىڭىز، بىز ئۆزىمىز بىلگەن ئىشنى قىلىۋېرىمىز!»، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، ئەخمەتجان قاسىمىي 8-ئاينىڭ 16-كۈنى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا بۇرھان شەھىدىگە يازغان خېتىدە: «بىز ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەرىكەتلەرگە ھەرگىز يول قويماسلىغىمىز كېرەك!» دەپ ئەسكەرتكەن ئىدى (بۇرھان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» كىتاۋى، 786-بەت). بىراق تۇغما خائىن بۇرھان، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ بۇ ئەسكەرتىشلىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە كۆنمەستىن، قارشىلىق قىلىپ، قورۇۋان بولۇپ كەتكەنلىگىنىڭ ئۆزى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. سەيپىدىننىڭ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر سەپتىكى ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشى بولسا، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئىنقىلاپچى قىلىپ كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بىراق بۇ ياللار ئەخمەت ئەپەندىنىڭ پاك ئوبرىزىنى خۇنۈكلەشتۈرەلمەيدۇ.

قىسقىسى، ئەخمەتجان قاسىمىي ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىگى، مىللەتنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەشكەن ھەقىقىي ئىنقىلاپچى ئىدى. بىراق ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ خەلق ئىچىدە ئابرويى ئۆسۈۋاتقانلىغى،

بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مىللىي مۇستەقىللىك غايىسى سوۋېت ن ك ۋ د خادىملىرىغا ياقمىغان، ئەلۋەتتە. ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىزنىڭ قەھرىمان مىللىي ئارمىيامىز: «ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن ئالغان!» دېگەن شىئارىبىزنىلغان ئاي يۇلتۇزلۇق بېشىل بايراقنى كۆتىرىپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئوتلۇق جەڭ مەيدانلىرىدا قان كەچكەن ئىدى. نەچچە مىڭلىغان ژىگىت-قىزلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا ئازاتلىق ئۈچۈن جانلىرىنى قىيىشقان ئىدى.

ئەينە شۇ قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قۇتلۇق قانلىرى بەدىلىگە بىز 1945-ژىلى سېنتيابىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ياۋۇز دۈشمەندىن تۈگەل ئازات قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمىدا بولسىمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتالغان مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىزنى قۇرۇۋالغان ئىدۇق.

بۇ ئازات ۋەتىنىمىزنىڭ يەر مەيدانى 283 مىڭ مۇرەببە كىلومېتىر بولۇپ، بۈگۈنكى قىرغىزستان بىلەن ئەزەربەيجانىنىڭ زېمىنىگە تەڭ كېلەتتى. ئاھالىمىز 1 مىللىونغا يېقىن بولۇپ، شۇ چاغدىكى مونغۇلستانىنىڭ ئاھالىسىغا تەڭ كېلەتتى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆز دۆلەت بايرىغى، مىللىي ۋاليۇتىسى يەنى ئاخچىسى، ئۆزىنىڭ دۆلەت قانۇنلىرى، بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئاپپارات-ئورگانلىرى بار ئىدى، زامانىۋىي سەۋىيەگە ئېگە مۇنتەزىم مىللىي ئارمىياسى بار ئىدى. بۇ ئارمىيا بارلىق ژۈرۈشلەردە خىتاينىڭ باسقۇنچى ئارمىياسىنى تار-مار قىلىپلا قالماستىن، تەرتىپ-ئىنتىزام، ئاڭ-سەۋىيە ۋە ھەربىي سۈپەتلىرى جەھەتتىنمۇ سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى. ئەينە شۇ مىللىي ئارمىيا توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### 5§. شەرقىي تۈكستان مىللىي ئامياسىنىڭ ھەربىي قىسىملىرى ۋە كوماندىرلىرى

1949-ژىلدىكى مەلۇمات بويىچە، مىللىي ئارمىيادە بىر نەپەر گېنېرال-لېيتېنانت، ئىككى نەپەر گېنېرال-مايور، 14 نەپەر پولكوۋنىك، 19 نەپەر پودپولكوۋنىك، 35 نەپەر مايور، 82 نەپەر كاپىتان، 1120 نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىسېرلار بولغان. بىز تۆۋەندە مىللىي ئارمىيانىڭ قوماندانلىرىنى، پولك، دىۋىزىون ۋە ئېسكادرون كوماندىرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**مىللىي ئارمىيانىڭ باش قوماندانى**




**گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەك مونونوۋ**
**مىللىي ئارمىيانىڭ مۇاۋىن قوماندانلىرى**

www.uyghurkitap.com






گېنېرال-مايور دەلىلخان، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيپوۋ






مىللىي ئارمىيا باش شتاب باشلىقى گېنېرال-مايور ماژاروۋ،
مىللىي ئارمىيا قوماندانىنىڭ سەياسىي مۇاۋىنى ئابدۇرېم ھەسەنوۋ.



**«ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» نىشانلىق 1-پولك كوماندىرلىرى:**
**سولدىن ئوڭغا:** شتاب باشلىقى مايور رامازان ئوسپانوۋ، پولك كوماندىرى پولكوۋنىك مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، سەياسىي كومىسسار پودپولكوۋنىك جاغدا بابالىقوۋ، باتالىون كوماندىرى مايور تالغات گىمادىيۋ.





**ئالدىنقى قاتاردىكىلەر مىللىي ئارمىيانىڭ پولك كوماندىرلىرى** ئابدۇللاخان ماخمۇدوۋ، خەمىر ئەلىيۋ، مەھەممەتجان يۈسۈپوۋ، ...، مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، رەپىق بايچۇرىن، ئايتۇغان يۇنىچىيۋ، ئابدىرىم مەمەتوۋلار.





سۈرەتلەردە: مىللىي ئارمىيا پولك كوماندىرلىرى:
فاتىي لىبىسكىن، سوپاخۇن سۇبۇروۋ، قېيىمبەگ ھاكىموۋ، مۇھەممەتجان يۈسۈپوۋ، رەيىق بايچۇرىن، نۇسۇپقان كۈنباپۋ، ئىبردە بۇلگۇنوۋ، مەقسۇر لومبۇ، ئايتۇغان يۇنىچىبۇلار.

www.uyghurkitap.com

**دىۋىزىون كوماندىرلىرى كاپىتان مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ، پودپولكوۋنىك مىرزىگۇل ناسىروۋ، زەبىرەكچىلەر دىۋىزىونىنىڭ كوماندىرى كاپىتان ئەسئەت تىپىروۋ.**






**مىللىي ئارمىيانىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى باشقۇرغۇچىلار:**
**ھەربىي تەمىنات باشلىقى پولكوۋنىك پەخىردىنغوجا رەسۇلوۋ، ھەربىي گوسپىتال باشلىقى پولكوۋنىك نىغمەت ئىنامجانوۋ، ھەربىي پوچتا باشلىقى كاپىتان ئابباس مەھەممىدىنوۋ.**

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىق بۇ ئارمىيا شتات تۈزۈلمىسى جەھەتتىن بىر قانچە ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى.

1. دەسلەپكى تەشكىل قىلىنغان دەۋر.
2. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشتىن ئىلگەركى دەۋر.
3. تىنچلىق بىتىمگە ئاساسەن قايتىدىن تەشكىل قىلىنغان دەۋر.
4. بىتىم شەرتلىرى بۇزۇلۇپ، ۋەكىللىرىمىز غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋرلەرنىڭ ئىچىدە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا مىللىي ئارمىيانىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 30000غا يەتكەن ئىدى. 1946-ژىلى بىتىمدىكى بەلگۈلىمىلەرگە ئاساسەن ئادەم سانى 12700گە قىسقارتىلدى. 1947-ژىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئوسمان بىلەن قالىبېكلەرنى كۈشكۈرتۈپ، مىللىي ئارمىياگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەندە قىسىملارنىڭ ئادەم سانى يەنە كۆپەيتىلدى. بۇ ئىسيانلار باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئادەم سانى ئاساسىي جەھەتتىن 13000 ئەتراپىدا بولدى. مىللىي ئارمىيا يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالى توغرىلىق ژۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە مىللىي ئارمىيا قىسىملىرىغا بىرىلگەن بايراق بىلەن «تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ» ئالدى ۋە كەينىدىكى ھەر قايسى دەۋرلەردە مىللىي ئارمىيانىڭ شتاتىنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ سخېمىنى ئەينەن تونۇشتۇرىمىز:

www.uyghurkitap.com



مىللىي ئارمىيانىڭ قىسىملىرىغا تاپشۇرۇلغان ھەربىي بايراق

## شەرقىي تۈركستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ 1945-ژىلى 9-ئايدىن 1946-ژىلى 6-ئايغىچە بولغان دەۋردىكى ئەھۋالى

| № | قىسىم ئاتىلىشى | جايلاشقان ئورنى | ۋاقتى | قوماندان ئىسمى (كوماندىرى) | قىسىم سەياسىي رەھبىرى | قىسىمنىڭ شتاب باشلىغى | سەياسىي بۆلۈم باشلىغى | ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مىللىي ئارمىيا باش شتابى | غۇلجا | 1945-ژىل 9-ئاي | ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پولىنوۋ | ئابدىرىم ھەسەنوۋ | ۋارفانوۋسى ماژاروۋ | ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ | 1200 |
| 2 | مەركىزىي فرونت شتابى | شىخەنزە | - | - | داۋىدوۋ | يۈركىن | - | 550 |
| 3 | ئالاھىدە دىۋىزىيون | - | - | خانىن | - | - | - | 450 |
| 4 | سۇيدۇڭ 1-پىيادە پولك | ماناس دەرياسى | 1945,09. | ۋاسىلىي موگىتنوۋ | مەرغۇپ ئىسھاقوۋ | بورىس گلېبوۋ | مەمتىمىن ئۆمەروۋ | 3000 |
| 5 | غۇلجا 2-پىيادە پولك | ماناس دەرياسى بويى | 1945,09. | قىبىمبەگ | موللاخۇن | - | - | 3000 |
| 6 | ئارت-مىن دىۋىزىيون | ماناس دەرياسى | - | ۋولكوۋ | ئاتباشىيانس | - | - | 370 |
| 7 | كەڭسىي ئاتلىق 2-بىرگادا شتابى | ساۋەن | 1945-ژىل 10-ئاي | فاتى لىبسكىن | مۇراتجان | بەشىروۋ | - | 800 |
| 8 | كەڭسىي ئاتلىق 3-پولك | ماناس دەرياسى | 1945,10 | دىنىسوۋ | - | رىبالوۋ | ئەنناس ئوسمان | 1200 |
| 9 | 4-ئاتلىق دىربىلجىن پولكى | - | - | ئايتوغان يۈنچىۋ | يۈسۈپ يۈسۈپوۋ مۇھەممەتجان | بارىسوۋ | ئەخمەت شائىبۇ | 1200 |
| 10 | موڭغۇل ئاتلىق 8-پولك | ساۋەن | 1945,09 | ئىردە بۇلغۇنوۋ | يۈسۈپجان | - | - | 870 |
| 11 | تارباغاتاي ئاتلىق 6-پولك | شىخەنزە | 1945,09 | بايگېلدى دوسكىنوۋ | ئابدىراخمان | نۇرلان | ئەيسا | 1200 |
| 12 | توققۇزتارا ئاتلىق 5-پولك | چوقان | 1945,09 | نۇسۇپقان كۇنبايۇ | سادىقوۋ | ساپىنازاروۋ | - | 1200 |
| 13 | 7-ئاتلىق پولك | - | - | قازىخان | ئەبىشوۋ | سەرسانباي | - | 900 |
| 14 | 13-ئاتلىق پولك | ساندىخوزا | - | ئۇانوۋ | پاتىخ | زىنكوۋ | - | 900 |
| 15 | 4-پىيادە پولك | يەنسىخەي | 1945,09 | قىبىمبەك ھاكىمبېكوۋ | غىلاجىدىن خەيرىبۇ | ماتسۇك | - | 2500 |
| 16 | شىۋە ئىسكادرونى | شىخەنزە | 1945,09 | باۋسەن باينىگو | مۆرتىزەن | - | - | 270 |
| 17 | تۇنگان پولك | - | - | مەگسۇر لومىۋ | مۇقش | سەردى | - | 700 |
| 18 | تېكەس ئاتلىق بىرگادا | موڭغۇل-كۈرە | - | ئىسھاقبەك مونونوۋ | مۇكجاقىبۇ | يۈنۈسخوجابۇ | - | 700 |
| 19 | 1-ئاتلىق پولك | مۇزداۋان | 1945,09 | مەۋلانوۋ | ئۆمۈرزاقوۋ | قالپاقوۋ | ئىسمايلوۋ | 1200 |
| 20 | 2-ئاتلىق پولك | يۇلتۇز | - | رازىزاق نوغايبايۇ | دەۋقىبۇ | س.رەخموۋ | - | 1200 |
| 21 | غۇلجا زاپاس 4-ئاتلىق پولك | غۇلجا | - | گولوبىن | سىدىقوۋ | چونىشۇ | - | 1500 |
| 22 | 3-ئاتلىق پولك | ئارالتۆپە | - | رەيىق بايچۇرىن | - | ۋالپىنوۋ | - | 1000 |
| 23 | سارسۇمبە ئاتلىق 1-پولك | ئالتاي سارسۇمبە | 1945,10 | دەلىلخان سۇغۇربايۇ | نۇسۇپقان | ئەيتكەن | - | 1200 |
| 24 | تېچلىق ساقلاش كۈچى | دۆربىلجىن | 1945,09 | ئىسمايىلوۋ | ئەرشەك | - | - | 250 |
| 25 | مۇستەقىل سارسۇمبە ئىسكادرونى | سارسۇمبە | 1945,09 | قاسىموۋ ئابلەھەت | - | - | - | 190 |

## شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيانىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەھۋالى.

| № | قىسىمنىڭ ئاتىلىشى | جايلاشقان ئورنى | ۋاقتى | قوماندان ئىسمى | قىسىم سەياسىي رەھبىرى | قىسىم سەياسىي بۆلۈم | قىسىم شتاب باشلىقى | ئادەم سانى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مىللىي ئارمىيانىڭ باش شتابى | غۇلجا | 1946-ژىل 6-ئاي | ئىسھاقبەك دەللىخان زۇنۇن تېيىپوۋ | ئابدىرىم ھەسەنوۋ | زايىر ساۋدانوۋ | ماژارۇ ئىمىنوۋ | 2400 | باش شتاب ۋە بىۋاستە قارايدىغان ئورگانلاردا جەمئى: |
| 2 | شىخو 1- پىيادە پولك | شىخو | - | مەرغۇپ ئىسھاقوۋ | غەلىم ئايتىۋاروۋ | مەمتىمىن ئۆمەروۋ | سالاھىددىن سىدىقىي | 1837 | |
| 3 | غۇلجا ئاژات 2-پولك | غۇلجا | - | قىيىمبەك ھاكىمبەگ | قىيىم سابىرھاجىيېۋ | | ساۋدانوۋ | 1989 | |
| 4 | تېكەس ئاتلىق 1-پولك | سۈيدۈڭ | - | سوپاخۇن سۇبۇروۋ | ھەمدۇللا قۇربانوۋ | قۇربان ماھمۇتوۋ | ئامانتۇر | 1037 | |
| 5 | تارباغاتاي 3-پولك | چۆچەك | - | ئابلاخان ماخمۇتوۋ | بالقاش باپىن | باھاۋدۇن | پوات | 2500 | |
| 6 | قوبۇق 2-پولك | قوبۇق | - | نۇسۇپقان كۇنباپۇ | جاغدا بابالىقوۋ | قازىخان ماناسباپۇ | رامازان | 1163 | |
| 7 | ئالتاي 3-ئاتلىق پولك | ئالتاي سارسۇمبە | - | بەدەلخان سۇغۇرباپۇ | يۇسۇپجان ياسىنوۋ | - | ئەتكەن | 1225 | |
| 8 | ئات-مىن دىۋىزيون | باياندايى | - | ئەسەت تېيىپوۋ | قىيىم مۇساپۇ | تۇردى ساماساق | سۇلتان | 450 | |
| 9 | ھەربىي مەكتەپ | باياندايى | - | پوروخوۋ | نۇر سادىروۋ | - | غازىيېۋ | 500 | |
| 10 | شوتا ئاتلىق پولكى | شوتا | - | بىلال ئىستەمىسوۋ | - | - | - | 1178 | |
| 11 | تارباغاتاي 4-ئاتلىق پولك | - | - | ستۇدېن نىكوۋ | نۇرى باۋدىنوۋ | - | - | 1315 | |
| 12 | قاراۋۇل ئېسكادرون | سارسۇمبە | - | ئابلەھەت قاسىموۋ | توختى ئىمىنوۋ | - | نۇرەخمەت | - | |
| 13 | موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزيون | بۆرتالا | - | ئېردە بۇلغۇنوۋ | ھاشىر ۋاھىدى | - | - | 588 | جەمئى 14690 كىشى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەھۋالى.

| № | قىسىم ئاتىلىشى | جايلاشقان ئورنى | ۋاقتى | قوماندان ئىسمى (كوماندىرى) | قىسىم سەياسىي رەھبىرى | قىسىم سەياسىي بۆلۈم باشلىقى | قىسىم شتاب باشلىقى | ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مىللىي ئارمىيانىڭ باش شتابى | غۇلجا | 1947-ژىل 10-ئاي | ئىسھاقبەك، زۇنۇن، دەلىلخان | ئابدۇرېھىم ھەسەنوۋ | زاىر ساۋدانوۋ | ماژاروۋ | 1089 |
| 2 | مۇھاپىزەتچىلەر ئېسكادرونى | غۇلجا | 1947-ژىل 10-ئاي | مىجىت بەختىياروۋ | - | - | - | 449 |
| 3 | شىخو 1-ئاتقۇچى پولك | شىخو يەنسىخەي | 1947-ژىل 10-ئاي | مەرغۇپ ئىسھاقوۋ | قېيىم سابىرھاجىيېۋ | ھىمران ھەسانوۋ | ئوسپانوۋ رامزان | 1781 |
| 4 | غۇلجا ئازات نىشانلىق 2-پولك | يەنسىخەي | - | ئايتۇغان يۇنىچىيېۋ | مەمتىمىن ئۆمەروۋ | رەخمەتتۇللا | باسىت قادىروۋ | 1835 |
| 5 | زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى | يەنسىخەي | - | ئەھەت تېپپوۋ | قېيىم مۇسايېۋ | تۇردى سامساق | سۇلتانغەلى | 317 |
| 6 | موتورلاشقان باتالىون | شىخو | - | پوربېيېۋ | - | - | - | 266 |
| 7 | ساۋەن ئاتلىق پولك | ساۋەن | - | ئىمنوۋ مەمتىمىن | رەخىموۋ ئابلىز | ھەيدەر نىزامىدىن | مالىك گىمادىيېۋ | 1108 |
| 8 | قوبۇق ئاتلىق پولك | مايتاغ | - | مەمەتجان يۇسۇپوۋ | بالقاش، جاغدا | رەپقەت | ئەيسا | 1046 |
| 9 | موڭغۇل پولك (ئاتلىق) | قوبۇق | - | ئېردە بۇلغۇنوۋ | ھاشىر ۋاھىدىي | - | توختى ئىمنوۋ | 581 |
| 10 | ئالتاي ئاتلىق پولك | سارسۇمبە | - | بەدەلخان سۇغۇربايېۋ | ھاكىم | تۇردىبايېۋ ئابدۇللا | سالاھىددىن سىدىقوۋ | 1200 |
| 11 | تارباغاتاي ئاتلىق پولك | سارقوقاي | - | ستانكو | باۋدۇن | ساغىت | - | 1367 |
| 12 | شىمالىي يۆنىلىش شتابى | سارسۇمبە | - | دەلىلخان سۇغۇربايېۋ | - | - | تۇردىيېۋ ئابدۇرېشىت | 374 |
| 13 | غۇلجا زاپاس پولك | غۇلجا | 1948-ژىل 8-ئاي | ئابدىرېھىم سامساق | نۇر سادىروۋ | توختى ئىبراھىم | باۋكەي | 1085 |
| 14 | تېكەس ئاتلىق پولك | سۈيدۈڭ | 1947-ژىل 10-ئاي | سوپاخۇن سۇبۇروۋ | خەمىت قۇربانوۋ | قۇربان مامۇتوۋ | ئامانتۇر | 1030 |
| 15 | ئامىيا كومەندانتى (غۇلجا) | غۇلجا | - | ئىمىنجان رەخىموۋ | - | - | موللا ئەخمەت | 458 |
| 16 | مۇستەقىل 8-ئېسكادرون | شاتى | - | بىلال ئېستىمىسوۋ | - | - | - | 171 |
| 17 | دۆربىلجىن قاراۋۇل روتا (مۇستەقىل) | دۆربىلجىن | - | مەجىت | - | - | - | 140 |

ئىلاۋە: ئادەتتە مىللىي ئارمىيانىڭ باش قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت مۇاۋىن قوماندانى بىلەن باش شتاب باشلىقى گېنېرال-مايور ۋەزىپىسىدە بولاتتى. پولك كوماندىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ دەرىجىلىك ئوفىسېرلار پولكوۋنىك، ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى پودپولكوۋنىك ئۇنۋانىدا بولاتتى.

باتالىون كوماندىرلىرى مايور، روتا كوماندىرلىرى كاپىتان ياكى پورۇدچىك، ۋزۋود كوماندىرلىرى پودپورۇچىك ياكى پروپورشىك ئۇنۋانىدا بولاتتى.

ئوتدېلېنىيې كوماندىرلىرى كىچىك ئوفىسېر بولاتتى، قاتاردىكى جەڭچىلەردە ھەربىي ئۇنۋان بولماتتى. ئۇستاۋ بويىچە، ھەر بىر ھەربىي خادىم ئۆزىدىن ژۇقۇرى دەرىجىدىكى ئوفىسېرلارنى كۆرگەندە ھەربىي سالام (چېست) بېرەتتى.

كوماندىرلارنىڭ بۇيرىقى جەڭچىلەر ئۈچۈن قانۇن ھېسابلىناتتى.

مىللىي ئارمىيا قىسىملىرىدا جەڭچىلەرگە تاكتىكا، ھەربىي قورال، ئېتىش مەشقى، ئىنتىزام، سەياسەت ۋە دىن دەرسلىرى مۇنتەزىم رەۋىشتە ئۆتىلەتتى. قىسقىسى، مىللىي ئارمىيانىڭ تۈزۈلۈشى، شتاتى، ھەربىي ئۇنۋانلىرى ۋە ئۇستاۋى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۈلگىسى بىلەن تۈزۈلگەن ئىدى.

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ئارمىيا بارلىق ژۈرۈشلەردە باسقۇنچى خىتاي ئارمىيىسىنى تار-مار قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قازانغان ئىدى. ئۇ تەرتىپ-ئىنتىزام، ئاڭ-سەۋىيە ۋە ھەربىي سۈپەتلىرى جەھەتتىن خىتاي ئارمىيىسىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى.

بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر فاكت كەلتۈرىمىز:

ۋەتىنىمىزنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 1949-ژىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن كەلگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىياسى قىسىملىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كىرگەن مىللىي ئارمىيا قىسىملىرىنىڭ ھەربىي پارادى بولغان ئىدى. **موشۇ پارادتا خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىياسىنىڭ قىسىملىرى ئوپۇر-توپۇر، قالايمىقان دەسسەپ مېڭىپ ھەربىي پارادتىن ئۆتكەن بولدى.** ئۈرۈمچىگە كىرگەن مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى بولسا، پىيادە، ئاتلىق ۋە زەمبىرەكچىلەر ئۈچ كولوننا بولۇپ پارادتىن ئۆتتى. پىيادە ئەسكەرلەر تۆرت جەڭچى بىر قاتار بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ تۆرتتىن سەپ تۈزۈپ پارادتىن ئۆتۈشتى. ھەتتا ئۇلار مىنگەن ئاتلارمۇ رەڭگىگە قاراپ تىزىلغانا ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپ زەمبىرەكلىرىنى گۆلدۈرلىتىپ ئاتلارغا سۆرەتكەن زەمبىرەكچىلەر كولوننىسى مەيدانغا كىرىپ كەلدى. پارادقا قاتناشقان جەڭچى ۋە ئوفىسېرلار يېڭى ماشرەڭ ھەربىي كىيىملەرنى كىيگەن، پاگون، كاكارلىرىنى قادىغان بولۇپ، ناھايىتى ھەۋەتلىك مەغرۇر قىياپەتتە ئىدى. موشۇ پارادنى قوبۇل قىلىۋاتقان رەھبەرلەرنىڭ ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇداپىە مىنىستىرى مارشال پېن دېخۇايمۇ بار ئىدى. مىللىي ئارمىيانىڭ پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەتلىك پارادىنى كۆرگەن پېن دېخۇاي ھاياجانلانغان ھالدا، سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:


— مانا بۇنى ھەقىقىي ئارمىيا دېسە بولىدۇ. خۇددى سوۋېتنىڭ قىزىل ئارمىياسىدىن قېلىشمايدۇ. خەلق ئازاتلىق ئارمىياسىنىڭ مۇنچىلىك بولۇشى ئۈچۈن يەنە ئەللىك ژىل كېرەك!—دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز قىسقىغىنا بەش ژىل ئىچىدە سەياسىي قانۇن، ئىختىسات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتىن زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇ چاغدا ەومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قارىغاندا، سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ژۇقۇرى تۇراتتى.

قىسقىسى، بىزنىڭ پاراسەتلىك خەلقىمىز ئەزەلدىن دۆلەت تۇتۇپ كەلگەن خەلق ئېكەنلىكىنى، دۆلەتنى گۈلدەك باشقۇرالايدىغان قابىلىيىتىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتكەن ئىدى.





**1.** مىللىي ئارمىيا جەڭچى-ئوفىسېرلىرىنىڭ كاكارى.



**2.** خىزمەت كۆرسەتكەن جەڭچى-ئوفىسېرلارغا بېرىلگەن ئوردېن-مېداللار.

3. مىللىي ئارمىيا جەڭچى-ئوفىسېرلىرىنىڭ پاگونلىرى.





شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ ئىشلەتكەن ھەربىي قۇراللىرى.


www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە نازارىتى
يېنىدىكى دۆلەت بانكىسىنىڭ 1945-يىلى تارقاتقان
300 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق چەكلەرنىڭ ئوڭ، تەتۈر
تەرەپلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى.



1947-يىلى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى تارقاتقان چەكلەر



شەرقىي تۈركىستان دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن تامغىلار

***

## مىللىي ئارمىيانىڭ ئېيتقان جانگاۋار ناخشىلىرى

خەلق ئەسكىرى

خەلقىمىز قوزغىلىپ ئىنقىلاپ ئاچتى،
دۈشمەنگە غەزىۋى قايىندى-تاشتى.
كۆرەشتە غالىپتۇر ئىنقىلاپچىلار،
غەلىبە بىزلەرگە كەڭ قۇچاق ئاچتى.
قايتارما:
غەيرەتلىرى، ھىممەتلىرى
بىرلىشىپ ماڭايلى خەلق ئەسكىرى.

دۈشمەننى قوغلايمىز سەددىچىنگە،
شۇن ئىزى قالمىسۇن ئۇيغۇر يېرىدە.
ياشىسۇن، ياشىنسۇن ئازات تۈركىستان،
ئاتالندۇق ئەر-ئايال ئازاتلىق ئۈچۈن.
قايتارما:
ھاۋادا ئۇچقان ئېۋروپا خەلقى،
ئوقۇماق دايىما ئۇلارنىڭ شەۋقى.
ئوقۇبان بولايلى بىزلەر تەرەققى،
قالمىدى دۈشمەننىڭ بىزلەردە ھەققى.
قايتارما:
(بۇ ناخشا مىللىي ئارمىيا قۇرۇلمىغان چاغدا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان).

### مىللىي قوشۇنىمىز

گاڭدەك چىنىققان مىللىي قوشۇنىمىز،
ئۇمىدىن مەھكەم ۋەتەن ئوغلى بىز.
دۈشمەنگە قارشى قانلىق كۈرەشلەردە،
پولات كۆكرەك كېرىپ ئالغا باسىمىز!

كۈچ،ۈك قوللاردا تۇتتۇق قۇرالنى،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.
بىزدە يېڭىلىش يوق، چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.

جۇرۇڭلار، بارايلى ئالدىنقى سەپكە،
ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ.
ئېتىپ پۇلېمېت، تاشلاپ گرانات،
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە.

(مىللىي قورۇلغاندىن كېيىن ئېيتىلغان تېكستى: زەينىدىن سالىبۇنىڭ).

### تۇغۇلغان يېرىم

شەرقىي تۈركىستان — ئەي تۇغۇلغان يېرىم،
شۇڭلاشقا سۆيىمەن ـ ئەي، جان ۋەتىنىم.
دۈشمەننى قوغلايمەن ئانا يۇرتىمدىن،
ئالماستىن ئۆتكۈر تۇتقان خەنجىرىم.

ئالغا باسىمەن، لەپىلدەپ تۇغىم،
كۆكسۈمدە يانار مۇھەببەت چوغۇم.
جەڭچى ژىگىتمەن، كۈرەش قىلىمەن،
ئويناقلاپ تۇرۇپ مىنگەن ئاتلىرىم.

(بۇ ناخشا ماناس دەرياسى بويىدا ئېيتىلغان).

### ئانىجان

ئانىجان يادىمدا بار تانماي ئازاپ تارتقانلىرىڭ،
كېچىلەردە ئۇخلىماي، ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭنى.
ئون سەككىز يېشىمغىچە شەربەت بېرىپ باقتى مېنى،
ژىغلىماڭ جانىم ئانا، ئەندى كۈرەلمەيسەن مېنى.
چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن مەيداندا جەڭ قىلغان ئىدىم،
كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆكرەككە ئوق يېگەن ئىدىم.
ژىغلىماڭ، جېنىم ئانا، ھەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم،
چۈنكى ئېچىلماي توزىدى، ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم!

(بۇ ناخشا ھەربىي گوسپىتاللاردا ياتقان مەجرۇھ جەڭچىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلغان).

ئىلاۋە: 1. سۆيدۈك پولكى 2-روتىنىڭ سەياسىي رەھبىرى 18 ياشلىق ئىمىنجان دېگەن ژىگىت شىخۇ ئۇرۇشىدا ئېغىر ياربدار بولۇپ ژىقىلدى. داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھەربىي گوسپىتالدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيىپ چىقالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، گوسپىتالدا «ئانىجان» دېگەن ناخشىنىڭ تېكستىنى ئۆزى يېزىپ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا قىلىپ ئېيتىپ بەرگەندە، داۋالىنىۋاتقان ياربدار جەڭچىلەر بىلەن ھەمشىرەلەرنى ژىغلىتىۋەتكەن.

**سالام، رەھبىرىمىز**

**سالام، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان،**
**ئالىي باش قوماندانىمىز ئىسھاقجان.**
**چېنىقتۇق پولاتتەك ئۆز قولىڭىزدا،**
**كۆرەشكە دايىم بىز تەييار.**

**ئاق قار، كۆك مۇز، شىۋىۋرغانلاردا،**
**قاراڭغۇ-كېچە يا تۇمانلاردا.**
**كۆكرەكنى كېرىپ، دۈشمەننى يېڭىپ،**
**باسىمىز ھەردەم ئالغا!**
(بۇ ناخشا 1949-1948-ژىللاردا ئېيتىلغان).

## §6. مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يوقىتىلىشى

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

1949-1944 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ دەسلىۋىدە غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى، سوۋېت ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئىككى ئىمپېرىيانىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشى بولدى. بۇ توغرىلىق بۇرھان شەھىدى مۇنداق دەيدۇ:

«ئەمەلىياتتا يالتا ژىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا جاڭ كەيشى بىلەن ستالىن ئۆز ئارا كېلىشىپ بولغان ئېدى. شۇڭا جاڭ كەيشى شىنجاڭدا ھەر قادام مەغلۇبىيەركە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئېدى» دەيدۇ («شىنجاڭنىڭ 50 ژىلى» 614-بەت).

بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى تارىخىي ۋاقىەلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتەيلى:

ھەممىگە مەلۇمكى، 1945-ژىلى 11-4 فېۋرالدا، فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۈچ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى: ستالىن، رۇزۋېلت، چېرچېللار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتا شەھرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سەياسىي خەرىتىسى قانداق بولىدىغانلىغىنى بەلگۈلىگەن ھەم مەشھۇر «يالتا كېلىشىمنى» ئىمزالىغان ئېدى.

بىز شەرقىي تۈركستان ئىنقىلاۋىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان سەۋەپىنىڭ باش ئۇچىنى موشۇ «يالتا كېلىشىمىدىن» ئىزدىشىمىز كېرەك.

«يالتا كېلىشىمىنىڭ» مەزمۇنى تۆرت ئايغىچە مەخپىي تۇتۇلدى. پەقەت 1945-ژىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنىگە كەلگەندىلا، ئامېرىكىنىڭ چوڭ چىندا تۇرۇشلۇق بەش ئەلچىسى خېرلى ئارقىلىق «يالتا كېلىشىمىنىڭ ھۆججەتلىرى» جاڭ كەيشىگە تاپشۇرۇلۇپ بېرىلدى. بۇ ھۆججەتنىڭ جۇڭگوغا ئائىت قىسمىدا:

«كونفېرېنسىيا قاتناشقۇچىلىرى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن ئېگىلىك ھوقۇقلۇق، دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ قېلىشىنى قوۋۋەتلەيدۇ» دېيىلگەن. خېرلى يەنە جاڭ كەيشىگە پرېزىدېنت تۇرمېن ھاۋالە قىلغان بىر پارچە خەتنىمۇ تاپشۇردى (بۇ قوشۇمچە خەت 5-ئاينىڭ 28-كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى خوپكېنس، موسكۋادا ستالىن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا، ستالىن ئۈستىگە ئالغان كاپالەتنامە ئېدى). بۇ ھۆججەتتە ستالىن جۇڭگونىڭ جاڭ كەيشى رەھبەرلىگىدە بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشىنى بار كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن ئېدى. ھۆججەتتە ئېنىق قىلىپ:

سوۋېت ھۆكۈمىتى جاڭ كەيشى جاناپلىرى ئېلان قىلغان: «جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ۋە مانجۇرىيەگە ئېگىلىك ھوقۇقى بارلىغى توغرىسىدىكى باياناتىغا تولۇق قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋىن 1945-ژىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە موشۇ ھۆججەتنى ستالىنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يەنە بىر قېتىم تەستىقلىتىپ ئالغان. شۇ كۈنى ستالىن بىلەن سۇڭ زىۋىن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دىئالوگىنى ئەينەن كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى.

ستالىن:

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭدۆلەت بېخەتەرلىگى ئۈچۈن تاشقى مونغۇلىيا مۇستەقىل دۆلەت بولۇشى زۆرۈر. پەقەت مۇستەقىل تاشقى مونغۇلىيا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە سەياسەت ژۈرگۈزسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېخەتەرلىگىنى قوغدالايدۇ. ستالىنىنىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلالمىغان سۇڭ زىۋىن جاڭ كەيشىگە تېلېگراما يوللاپ:

ستالىن تاشقى مونغۇلىيا مەسىلىسىدە قەتئىي تۇرۇۋاتىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئويلاشقىچە سۆھبەتنى توختىتىپ تۇرىمىز، قانداق؟ ــ دەپ يول-يورۇق سورىدى. جاڭ كەيشى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى چۇڭ چىن شەھىرىدە دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى موسكۋادىكى سۆھبەتنىڭ كېتىپ بېرىشىنى مۇھاكىمە قىلدى، شۇ يىغىندا بەزى ئەرباپلار:
ستالىنىنىڭ تاشقى مونغۇلىيا توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دېيىشتى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر: تاشقى مونغۇلىيا ئاللىقاچان جۇڭگونىڭ خەرىتىسىدىن چىقىپ كەتكەن ـ دېيىشتى.
ئەگەر تاشقى مونغۇلىيانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولساق، شىنجاڭ بىلەن مانجۇرىيادىن ئايرىلىپ قالىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى مونغۇلىيانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن مانجۇرىيانى ساقلاپ قالايلى ـ دېيىشتى. ئاخىرى موشۇ پىكىر ئاساسىدا قارار قوبۇل قىلىندى. موشۇ قارارغا ئاساسەن 7-ئاينىڭ 7-كۈنى جاڭ كەيشى سۇڭ زىۋىنگە تېلېگراممىدا: ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى (ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئىدارە قىلىۋاتقان رايونلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەم مانجۇرىيانى جۇڭگونىڭ ئىگىدارچىلىقىدا دەپ تونۇيدىغان بولسا، ھەم بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى مونغۇلىيانىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييار ـ دەپ يېزىلغان ئىدى.
7-ئاينىڭ 9-كۈنى موسكۋادا ستالىن بىلەن سۇڭ زىۋىن ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتتى.
سۇڭ زىۋىن:
بىزگۇ سىزنىڭ تەلىۋىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، تاشقى مونغۇلىيانىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشتا بىزگە قانداق ياردەم بېرىدىكەن؟
ستالىن:
ــ سوۋېت قىزىل ئارمىياسىنى شىنجاڭغا كىرگۈزسەك بولىدۇ.
سۇڭ زىۋىن:
ــ ياق، ياق. بۇ چارە ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا يوشۇرۇن تۈردە قورال يەتكۈزۈپ بېرىشنى توختاتسىلا، بۇ ئىشنى ئاسان ھەل قىلغىنى بولاتتى.
ستالىن:
ــ بۇ تەلىۋىڭىزگە مەن قوشۇلىمەن. ئەگەر لازىم بولسا، بۇ توغرىلىق بايانات ئېلان قىلىشىمىز مۇمكىن («رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ئۇيغۇرچە نەشرى، 535-534-بەتلەر).
موشۇ كېلىشىم ئاساسىدا 1945-ژىلى 13-ئاۋغۇست كۈنى «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىقى شەرتنامىسى» موسكۋادا ئىمزالاندى. شەرتنامىدا:
«جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى مونغۇلىيانىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى ېتىراپ قىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ تونۇيدۇ ۋە ئارىلاشمايدۇ» دېيىلگەن.
شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ قىزىل قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن ئازات شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىمىز رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيىلىرىنىڭ جاھانگىرلىك مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن قۇرۋان قىلىپ تاشلاندى!
بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى:
1. رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرى ئۆز ئارا كېلىشىپ، «11 ماددىلىق كېلىشىم» ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ، مىللىي ئارمىيانىڭ شتاتىنى 12700 كىشىگە قىسقارتىپ، گومىنداڭچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۇيغۇرستانغا ھەربىي كۈچ يۆتكىشىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇرستاندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى 100 مىڭغا يەتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئارمىيامىزنى ھۇجۇم قىلالمايدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشىرىپ قويدى.
2. ئازات ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قوتۇرتىپ ۋە قورالاندۇرۇپ، مىللىي ئارمىياگە قارشى ھۇجۇم قىلدۇردى. 1947-ژىلى يازدا ئالتاينىڭ ۋالىسى ئوسمانىنى، شۇ ژىلى كۈزدە ساۋەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قالىبېك بىلەن ساقچى ئىدارە باشلىغى تاكىمانلارنى قوتۇرتىپ مىللىي ئارمىياگە ھۇجۇم قىلدۇرى. يەنى خەلقىمىزنىڭ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش» ئۇسۇلىنى قوللاندى.
3. مىللىي ئارمىيانىڭ كۈچى بىلەن گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىياسىنى بۇلجۇتماي تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىچكىرىسىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي كوممۇنىستلىرى باسقۇنچى ئارمىياسى بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ، بىزنىڭ ئازات ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننى بېسىۋالدى.
«ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1949-ژىلى ياز پەسلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىشى مۇقىملىشىپ قالغان پەيتتە، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا دىپلوماتلىرى غەربىي-



www.uyghurkitap.com

شىمالدىكى ما فامىلىيالىك مىلىتارىستلارنى شىنجاڭغا چىكىندۈرۈپ، شۇ يەردىكى كوممۇنىزىمغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى» قۇرۇپ چىقماقچى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئۇ چاغدا شىنقاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ قېلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرىگە تەسىر قىلىپ، ئۇ يەردىمۇ بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ پىلانىنى سېزىپ قالغان سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، مەسلىھەتلىشىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ۋاقتىنى بىر دىل ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىشنى 1949-ژىلنىڭ ئاخىرىغا بەكىتتى. بۇ پىلانىنىڭ تېز ئەمەلگە ئېششى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىياسىنى شىنجاڭغا تېز يەتكۈزۈشتە ھاۋا قاتنىشى بىلەن ۋە ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى» («شىنجاڭ تەزكىرچىلىگى» ژۇرنالى، 2002-ژىل، 2-سان، 60-59-بەتلەر).

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىغى ستالىن بىزنى ئاۋال گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ساتقان بولسا، كېيىن يەنە خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ساتتى. بۇنىڭ فاكتى شۇكى، موشۇ كېلىشىمگە مۇۋاپىق 1949-ژىلى 14-ئاۋگۇست كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈن سوۋېت دىپلوماتى بورىسوۋنىڭ ھەمرالىغىدا موسكۋادىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى باش كونسۇلى نىكولاي پېتروۋىچ ئارىستوۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇبدان مەسلىھەتلەشتى. 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ئارىستوۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمي بىلەن كۆرۈشتى. دېڭ لىچۈن 8-ئاينىڭ 18-كۈنى رەىس ماو زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمي باشلىق چەكىللىرىمىزنى بېجىڭدا ئېچىلىدىغان پۈتۈن مەملىكەتلىك سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ژىغىنىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلغان مەكتۇبىنى تاپشۇردى. مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«شىنجاڭ ئالاھىدە رايونى خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئەخمەتجان ئەپەندىگە! بىز سىزلەرنىڭ ئۆز ۋەكىلىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئۇمۇمىي ژىغىنىغا قاتنىششقا ئەۋەتىشىڭلارنى ئۈمۈت قىلىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار، 9-ئاينىڭ باشلىرىدا بېجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز.سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ رەىسى: ماو زېدۇڭ».

رەھبەرلىرىمىز بۇ تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جىددىي مۇزاكىرە قىلىشتى. «خىتاي كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقى توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلامدۇ، يوقمۇ؟ ئېتىراپ قىلسا، قايسى دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىدۇ؟ مىللىي مەسلىنى قايسى شەكىلدە ھەل قىلىدۇ؟»، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتى. ئاخىرى «بىز ئالدى بىلەن موشۇ تۈپ-ئاساسىي مەسىلىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مەۋقەسىنى بىلەيلى. ئاندىن كېيىن بېجىنغا بېرىش-بارماسلىق مەسلىسىنى ھەل قىلايلى»، دېيىشتى. ئەخمەتجان قاسىمي 8-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 20-كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى شەخسەن ئۆزىنىڭ نامىدىن جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ رەىسى ماو زېدۇڭغا بىر مەكتۇپ يازدى. بۇ مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ئۇزاق زامانلار ئېزىلىش ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قاشى قۇراللىق قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. 1912-ژىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېزىلىش ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ خەنزۇلار ئارىسىدىكى ساقچى ۋە شپىونلارنى قۇراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا قۇرال سۈپىتىدە پايدىلاندى. شۇ سەۋەپتىن ئازسانلىق مىللەيلەر بارلىق خەنزۇلارنى شىڭ شىسەيگە ئوخشاشلا ئەزگۈچىلەر دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى».

ئەخمەتجان قاسىمي بۇ خېتى ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرستان خەلقىنى ئەزگەنلىگى، بۇ يەردە مىللىي زۇلۇمنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولغانلىغى، شۇ سەۋەپتىن مىللىي زىددىيەتنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەنلىگىنى تەكىتلەپ، ئۇيغۇرستان خەلقىگە ئۆزۈل-كېسىل ئازاتلىق بەرمىگىچە بۇ ئەلدە ھەقىقىي تېچلىق بولمايدىغانلىغىنى دەلىللىگەن ئىدى.

بىراق، خىتا كوممۇنىستلىرى بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاپ بەرمەي قويدى. بۇ ئىش بولسا، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى ھەل قىلىنىۋاتقان موشۇ كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىمي خاتىرجەن بولالمىدى. ئۇ شەخسەن ئۆز نامىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىغى ستالىنغا بىر مەكتۇپ يېزىپ، 20-ئاۋگۇست كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى ۋىسي-كونسۇلى بورىسوۋ ئارقىلىق ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتە: «... يولداش ستالىن! بىزدىكى رېئال ئەھۋال شۇنداقكى، ئۆتمۈشتە ئۇزاق داۋام قىلغان مىللىي زۇلۇملار تۈپەيلى،

ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ قالغان. بۇ مىللىي ئۆچمەنلىكنى خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا بىز خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە قالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ھەر قانداق تۈزۈم شارائىتىدا چىقىشىپ ياشالمايدۇ. يەنى خەلقلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مىللىي ئىناقلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە ئەمەس، سوسىئالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىدىكى بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ ياشىساق، دۇرۇس بولار ئىدى. جانابىڭىزنى بۇ مەسىلىنى ئويلىشىپ بېقىشلىرىنى ئۆمۈت قىلىمەن» دېيىلگەن ئىدى.

ئەينى ژىللاردا مىللىي ئارمىيانىڭ باش قوماندانى بولغان گېنېرال ئى.پولىنوۋنىڭ 1950-ژىللاردا ئۆزىنىڭ سابىق ئادىيۇتانتى نۇرمۇھەممەت باقىيۇقا ئېيتىپ بېرىشىچە، «مەزكۇر مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋ.مولوتوۋ ستالىنىنىڭ ئالدىغا ئەپكىرىپ، ئوقۇپ بەرگەندە ستالىن غاڭزىسىنى چېكىشپ تۇرۇپ:

«ماڭا سوسىئالىستىك ئۇيغۇرستان كېرەك ئەمەس، سوسىئالىستىك خىتاي كېرەك»، دەپ ئېيتقان ئىكەن». دېمەك، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ تەكلىۋىنى ستالىنمۇ قوبۇل قىلمىغان.

ستالىندىن جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن رەھبىرىمىز ماو زېدۇڭنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، بېجىنغا بېرىشقا مەجبۇر بولغان. دەسلەپكى مەسلىھەت بويىچە ئۇمۇمىي رەھبەر ئەخمەتجان قاسىمىي بىلەن مىللىي ئارمىيانىڭ قوماندانى ئىسھاقبەگ كەلەر غۇلجىدا قالماقچى، ئابدۇكېرىم سەيپىدىن ۋە دەلىلخانلار ۋەكىل بولۇپ بېجىنغا بارماقچى بولغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى ۋىسى-كونسۇلى بورىسوۋ ئەخمەتجان قاسىمىيغا:

«سىز شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى خالايسىز. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بېجىنغا بېرىپ، بۇ تەلىۋىڭىزنى ئوچۇق ئېيتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۆزىڭىز بارماي، باشقىلارنى ئەۋەتىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار خىتاينىڭ تەركىۋىدە قالىمىز دەپ رازىلىق بېرىپ قويۇشى مۇمكىن»، دەپ مەسلىھەت بەرگەن. موشۇ مەسلىھەتتىن كېيىن رەھبەرلىرىمىزدىن ئەخمەتجان قاسىمىي، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، مىللىي ئارمىيا گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەگ مونونوۋ بىلەن مۇئاۋىن قوماندان، گېنېرال-مايور دەلىلخان ۋە لوزىلاردىن ئىبارەت ۋەكىللەر ئۆمىگى ئەۋەتىلىدىغان بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق ۋەكىللىرىمىز، بىر نەپەر مۇخبىر، ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمرالىقىدا 23-ئاۋگۇست كۈنى ماشىنا بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، شۇ كۈنى كېچىدە سوۋېت قازاقستانىنىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن.

شۇ چاغدىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا باشتىن-ئاياق قاتناشقان، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز بىلەن ئالمۇتىدىكى سۆھبەتلەردىمۇ بىللە بولغان سوۋېت رازۋېدچىگى ھاكىم جاپپاروۋنىڭ ھاشىر ۋاھىدىيغا ۋە ئاسىم باقىيۇقا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئالمۇتىغا كەلگەندىن كېيىن موسكۋادىن ئەۋەتىلگەن بىر رۇس گېنېرال ۋە يەرلىك ن ك ۋ د نىڭ باشلىغى قازاق كىشى بىلەن جىددىي تالاش-تارتىشلاردا بولغان. بۇ توغرىلىق ھاكىم جاپپاروۋىچ ھاشىر ۋاھىدىيغا شۇنداق دېگەن:

– «ئۇلار ئالمۇتا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، پانفىلوۋ-كالىنىن كوچىلىرىنىڭ قىيىلىشىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن مەخسۇس مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بورىسوۋ بىلەن يەنە بىر كىشى مېھمانخانىغا كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلار ۋەكىللەردىن: «بېجىنغا بارغاندا قانداق تەلەپلەرنى قويماقچىسىلەر»، دەپ سورىدى. ئەخمەتجان قاسىمىي جاۋاپ بېرىپ ۇنداق دېدى:

«ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. موشۇ تەلىماتقا ئاساسەن، بىز ئۇيغۇر خەلقى، مۇستەقىل سوسىئالىستىك دۆلەت بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمىز. بېجىنغا بارغاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا موشۇ تەلىۋىمىزنى قويماقچىمىز. ئەگەر خىتاي رەھبەرلىرى بۇ تەلىۋىمىزنى قوبۇل قىلالمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە جۇڭگونىڭ تەركىۋىدىكى بىر ئىتتىپاقلاش جۇمھۇرىيەت بولۇپ ياشاشنى تەلەپ قىلىمىز. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ژۇقارقى قائىدىسىنى ياخشى بىلىدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ بۇ قانۇنلۇق تەلىۋىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز».

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى شۇنداق دېگەن:

«ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سىز ئېيتقان بۇ قائىدىسى ھەممە ئەھۋالدا بىردەك توغرا كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىياسى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلغان ۋاقىتتا، ئىتتىپاقداش دۆلەت شەكلىنى قوللاندى. ئەندى خىتاي دۆلىتى بولسا، كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەت. ئۇلار مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا شەكىللىرىنى قوللىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن بېجىنغا بېرىڭلار. ئەڭ ياخشىسى، خىتاي رەھبەرلىرى نېمىنى تەلەپ قىلسا، سىزلەر شۇنى قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەك، دېگەن. يەنى مىللىي مۇستەقىللىكتىن ۋاز كېچىشنى خىتاينىڭ، ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن تېررىتورىيالىك ئاۋتونومىيا سەياسىتىنى

قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. تالاش-تارتىش، ۋاقىراشلار، پوپوزىلار بىلەن تولۇن يىغىلىشچە داۋام قىلغان».
ئەخمەتجان قاسىمىي ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:
«خىتاي كوممۇنىستلىرى مىللىي مەسىلىنى ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە ھەل قىلسۇن. يەنى فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيەت شەكلىنى قوللىنىپ، بىزگە ئىتتىپاقداش ياكى فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىنى بەرسۇن. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزنى: ئىختىساتنى، مەدەنىيەتنى، دىنىي ئىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرايلى، پەقەت خەلىق ئارا مۇناسىۋەتلەردىلا دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرسۇن»، دېگەن. سوۋېت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بولسا، ئۆز پىكرىنى يەنە تەكرارلاپ:
«سىلەرنىڭ بۇ تەلەپلىرىڭلارنى خىتاي رەھبەرلىرى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ-ئۇنى بىز بىلمەيمىز. ئەڭ ياخشىسى، سىزلەر ئالدىن-ئالا شەرت قويماي، ئاۋال بېجىنغا بېرىڭلار. خىتاي رەھبەرلىرى نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى قوبۇل قىلغىنىڭلار ياخشى»، دېگەن.
ئەخمەتجان قاسىمىي قەتئىي قىلىپ:
«خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ خەلقىمىز مۇھۇر دۇنيادىكى باشقا خەلىقلەرگە ئوخشاش ئەركىن، ئازات، بەختىيار ياشاش ھەققى بار. ئەگەر خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ قانۇنىي تەلەپلىرىمىزنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بېجىنغا بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق»-دەپ جاۋاپ بەرگەن.
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى نېمە ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئورۇنلۇق تەلىۋىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى ماو زېدۇن ئىلتىپات قىلىپ بېرىدىغان تېررىتورىيالىك ئاۋتونومىيانى قوبۇل قىلىشقا زورلىغان ئىدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ جاۋاۋى شۇكى، ئارخىۋ ماتېرىئاللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، شۇ ژىلى 7-ئايدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋ.ۋ.مولوتوۋ مەخپىي ھالدا خىتايغا بېرىپ، ماو زېدۇن بىلەن كۆرۈشكەن ۋە قۇرۇلغۇسى خىتاي دۆلىتىنىڭ بەزى مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقان ئىكەن. شۇ چاغدا ماو زېدۇن:
«سىزچە، بىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇلدا ھەل قىلساق مۇۋاپىق بولار؟» دەپ سورىغاندا، ۋ.مولوتوۋ:
«شىنجاڭغا پەقەت تېررىتورىيالىك ئاۋتونومىيا ھوقۇقىنى بەرسەڭلار بولدى. ئۇنىڭدىن چوڭ ھوقۇق بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئېيتقان. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان ماو زېدۇن ناھايىتى خوشال بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە رەخمەت ئېيتقان ئىكەن! دېمەك، رۇس ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىرى ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرىنى ئاللىقاچان بەلگۈلەپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ۋەكىللىرىمىزگە زورلاپ تاڭماقچى بولغان، خالاس. بىراق، موسكۋادىن كەلگەن جاناپلار ھەر قانچە قىلىپمۇ ئەخمەتجان قاسىمىينى ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىگە كۆندۈرەلمىگەن. ئۇلار موشۇ ئەھۋالنى دەرھال موسكۋاغا دوكلاد قىلغان. موسكۋانىڭ بۇيرۇغى بىلەن بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز 26-ئاۋگۇست كۈنى بورىسوۋنىڭ ھەمرالىغىدا سەپەرگە ئاتلانغان. ھەيران قالىدىغان ئەھۋال شۇكى، ئالمۇتا ئائېروپورتىدىن قوزغالغان ئائېروپلان بېجىنغا قاراپ ئەمەس، موسكۋاغا قاراپ ئۇچقان!
ھاكىم جاپپاروۋنىڭ بۇ مەلۇماتلىرىنى سوۋېت رازۋېدچىگى ئىسكەندەر ئەپەندىنىڭ خىزمەتدىشى ئەلى مامېدوۋقا يازغان مونۇ خېتىمۇ تەستىقلەيدۇ:
«ئەلى مامېدوۋقا:
ئەخمەت ئەپەندى، ئىسھاقبەك، دەلىلخان، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە ماڭا نامەلۇم ئۇرۇمچىلىك بىر ئادەم موسكۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلارنى بىلىپ كېتىش ئۈچۈن ۋاسىلىي ئانتونوۋىچ بورىسوۋ كەلدى...
1949-ژىلى، 26-ئاۋگۇست، ئىسكەندەر». (ر.موزىپوۋنىڭ «ئېتىش ئوپېراسياسى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدىن ئېلىنغان).
ژۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ھاكىم قاپپاروۋنىڭ يەنە ھاشىر ۋاھىدىيغا ئېيتىپ بېرىشىچە، رەھبەرلىرىمىز 27-ئاۋگۇست كۈنى موسكۋادىكى لۇبيانسكىي تۈرمىسىدە ن ك ۋ د جاللاتلىرى تەرىپىدىن مەخپىي ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن!

## قوشۇمچە ماتېرىئال

تاشكەت شەھرىدە ئىستىقامەت قىلغان ۋەتەندىشىمىز فىلولوگىيا پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئاسىم باقىنىڭ 1991-ژىلى يېزىلىپ، 2004-ژىلى ستامبۇلدىكى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتىدا» مۇھەممەد سالىھ ھاجىنىڭ خىراجىتى بىلەن بېسىلغان «خۇنرىزلىك» ناملىق كىتاۋىدا تۆۋەندىكى سەترىلەرنى ئوقۇيمىز:
- «بۇ ناھايىتى پىنھان تۇتۇلغان قانخورلۇق يېقىن ئۆتمۈشتە، 1949-ژىلى باش كۈز ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى.
ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەك مونۇنوۋ، گېنېرال-مايور دەلىلخان سۇغۇرباېۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، غېنى كەرىموۋ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ ۋە ئوسمانجان ناسىرىيلار ستالىن بىلەن ماو زېدۇننىڭ كېلىشىمى ئاساسىدا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان سەياسىي تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇشقان.

قىرىق ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ پاجىەنىڭ سىرى تېخى ئېچىلمىدى. نادامەتلەر بولسۇنكى، شۇ دەۋىر ۋەزىيىتىنىڭ قاباھىتى ۋە بيۇروكرات ھاكىمىيەتنىڭ دىكتاتۇرىسى ۋە ئىككى قارا كۈچ سوۋېت-خىتاي ئۇتتۇرىسىدىكى غايەۋىي بىرلىك بۇ قاتىللىقنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇ سەۋەپتىن، بىز ھەسرەت-نادامەتلىرىمىزنى، دەرت-ئەلەملىرىمىزنى ئىچىمىزگە ۋۇتۇپ، بۇرۇقتۇم بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئىدۇق.

پاجىە يۈز بېرىپ 42 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئۆزەم ئېرىشكەن فاكتلار ئاساسىدا بۇ پاجىە توغرىلىق ھەقىقەتنى ئاشكارە بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

قانخورلۇقنىڭ باشلىنىشى موشۇ ۋاقىەگە بىۋاستە ئىشتىراق قىلغان ئېتىۋارلىق شەخستىن سوۋېت رازۋېدچىگى، 48-1945-ژىللىرىدىكى غۇلجا شەھىرى چوڭ شىپاخانىسىنىڭ باش ۋراچى ھاكىم جاپپاروۋىچتىن ئاڭلايلى. ئۇ كىشى 1976-ژىلى كۈزدە تاشكەنت شەھىرىگە تەشرىپ قىلغاندا، ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى:

– موللا ئاسىم ئۇكا! ساڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىشنى قارار قىلدىم. ھازىر يېشىم خېلىغا بېرىپ قالدى. سالامەتلىكىممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. بەندىچىلىك قىلىپ قالسام، بۇ مەخپىيەتلىك مەن بىلەن كېتىپ قالمىسۇن. ئۇ چاغدا رېھىم تىنىچ ياتمايدۇ. ھازىر موشۇنچىلىك ۋاقىتمدا ئۆزەم بىلگەن ھەقىقەتنى ئېيتىپ، ئىچىمنى بوشۇتىۋالاي. شۇنچىلىك كۆيۈپ، ئىچىمدىن كۆل بولغىنىم يېتەر – دەپ سۆزىنى باشلىدى:

– «1949-ژىلى 24-ئاۋگۇست كۈنى مەن فرۇنزې شەھىرىدىكى ئۆيۈمدە ئولتىراتتىم. مېنىڭ ئۆيۈمگە پولكوۋنىك دەرىجىلىك بىر رۇس ھەربىي ۋە پۇخراچە كىيىنگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. سالاملاشقاندىن كېيىن، تەكەلۇپ بىلەن «سىزنى ئالمۇتىغا چاقىرىۋاتىدۇ. ماشىنا تەييار»–دېدى. بۇ پولكوۋنىكنىڭ كۆرۈنۈشى بەكمۇ جىددىي ئىدى. قېشىدىكى پۇخراچە كىيىنىۋالغان شەخسنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ رازۋېد خادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى. بىز ھەربىيلەرنىڭ «ۋېلىس» ماشىنىسىدا ئالمۇتا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇلار مېنى كىم چاقىرغانلىغىنى، نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىغىنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ، ن ك ۋ د تەرىپىدىن چاقىرىلغانلىغىمنى جەزىم قىلدىم. ئالمۇتىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەشەمەتلىك ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە كۆتىرىلدۇق. مېنى رەھبەرلەر خانىسىغا باشلاپ كىرىشتى. مەن كىرىپلا، ئەخمەتجان قاسىمىي، ئىسھاقبەك ۋە دەللىلخانلارغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئولتىرىشقان ئىكەن. ئۈستەلنىڭ سول قانىتىدا ماڭا ناتونۇش پۇخرا كىيىمدىكى كىشىلەر، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۇنىڭ قېشىدا بىر خىتاي كىشى ئولتىراتتى. ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا ئوڭ تەرەپتە ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ بىلەن غېنى كەرىموۋ ئولتىرىپتۇ. مەن سەممىمىي سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدىم. غۇلجىدىكى تونۇش-بىلىشلىرىمنى، ماڭا كۆپ راپاۋەتلەر قىلغان غېنى باتۇرنىڭ سالامەتلىگىنى سورىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۈستەلنىڭ بېشىدا ئولتارغان رۇس مىللىتىگە مەنسۇپ باشلىق مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلدى:

– يولداش ھاكىم جاپپاروۋىچ، غۇلجىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى سىز ياخشى تونۇيسىز. بىز بىر قانچە مەسىلە بويىچە سۆھبەتلەشمەكچىمىز. سىز بىزنىڭ ئارىمىزدا خالىسانە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرسىڭىز!»–دېدى.

– بېجانىدىل–دەپ جاۋاپ بەردىم.

– مەن موسكۋادىن كېچىلا ئۇچۇپ كەلدىم. مەن ئۇلۇق داھىمىز يولداش ستالىننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بېجىرىش ۋاكالىتىگە ئىگەمەن. ئىسىم فامىلىيام...(ئىسمىدىن چىقىپتۇ). يېڭى خىتاي رەھبەرلىگى بىلەن كېلىشىمگە ئاساسەن بۇ ۋەكىللەر پېكىنگە بېرىپ بىرىنچى نۆۋەتنىڭ سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىششلىرى كېرەك. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈنلىگى ئاساسىي مەسىلە بولىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەر بولغانلىقتىن، شۇ مەسىلىلەرگە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز قانداق بولۇشى كېرەكلىگى توغرىسىدا ۋەكىللەر بىلەن بىر پىكىرگە كېلىشىۋېلىشىمىز كېرەك. ۋەكىللەر بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى ئېيتىشسۇن.

مەن بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ-بىر تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئەخمەتجان قاسىمىي ۋە غېنى كەرىموۋلار رۇس تىلىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن، مېنىڭ تەرجىمەمگە ئانچە ئېتىۋار قىلماي، بىر نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ ئولتىرىشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بولسا، مېنىڭ تەرجىمەمنى يېنىدىكى خەنزۇ كىشىگە خىتايچە يەتكۈزىۋاتاتتى.

– قېنى، يولداش ئەخمەتجان قاسىموۋ، ئېيتىڭچۇ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دېگەن تېزىس ئوتتۇرىغا قويۇلسا، سىز قاداق ئىپادە بىلدۈرىسىز؟

شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىي مۇستەقىل ئۇيغۇرستاننىڭ داۋاگەرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئېنىق ئىزھار قىلدى:

– ئۇيغۇرستانغا مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك. ھەم بۇ ھوقۇقنى سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ بۇ سۆزلىرى رەھبەرگە مۇتلەق ياقمىغانلىغى ئۇنىڭ قىياپىتىدىن، قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ تورۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان ھالدا سۆز باشلىدى:

– ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدا گىتلېر فاشىزمنى يەنچىپ تاشلىدۇق. ئەين ۋاقىتتا، خىتايغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ۋە بىزگە خوۋۇپ تۇغدۇرغان ياپون مىلىتارىزمنى تەسلىم قىلدۇردۇق. ھازىر بولسا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، دۆلەت بايرىغىنىڭ كۆتىرىلىشى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ بولسا، خىتاينىڭ غەربىي ئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا بىز شىنجاڭنى خىتاينىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى دەپ ھېساپلايمىز. بۇ ئۆلكىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋىردە يەرلىك خەلقلەرنى ئېزىپ، خورلاپ كەلگەنلىكتىن ئىنقىلاپ پارتلىدى. بۇ مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپقا ئاساسىي ياردەمنى بىز كۆرسەتتۇق. بىز قۇرال-ياراق بەرمىسەك، ھەربىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ۋەتىنىنى... ھەربىي ژۇرۇشلەرگە رەھبەرلىك قىلمىساق، ھەربىي قىسىملارنى، سەياسىي رەھبەرلەرنى ياردەمگە كىرگۈزمىسەك، سىلەر غەلىبە قىلالماتىڭلار. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئازات بولۇشى، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىرادىمىز بىلەن بولغان. شۇنداق ئىكەن، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى» دېگەن كۆز قارىشىمىزغا ئېتىراز بىلدۇرۇش ھېچ قانداق پايدا بەرمەيدۇ. يېڭى خىتاي شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ بەختىيار كېلەچىگى ئۈچۈن كاپالەت بېرەلەيدۇ!...

مەن بۇ سۆزلەرنى جۈملىمۇ-جۈملە ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

موسكۋا رەھبىرىنىڭ سۆزىگە پۇخراچە كىيىنىۋالغان قازاق رەھبەر قوشۇمچە قىلدى:

– ئىككى جاھان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەمىن ئەتكەن سوۋېت خەلقى تىنىچ ئىجادىي ھاياتقا، دۆلەتنى قايتا تىنىكلەشكە ئۆتتى. خىتاي ئازاتلىق ئۇرۇشىمۇ ئاخىرى غالىبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى. ئەندىلىكتە خىتاي خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، ئەركىن نەپەس ئېلىش دەۋرى باشلاندى. يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. خەلقىنىڭ ئاڭىغا «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى» دېگەن تۇيغۇنى سىڭدۇرۇپ، مىللىي دوستلۇق قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش زۆرۈر. خىتاي ئۇلۇق مىللەت، ئەينى زاماندا ئاكا مىللەتتۇر.

قازاق رەھبەرنىڭ سۆزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىي ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ ھەقىقىي پەرزەندى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ: ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، ۋە ئەدەبىيات، سەنئىتى ئىككى ئەسىردىن بۇ يان مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن بوغۇپ تاشلىنىپ، تەقىپ ئېتىلگەنلىگى ھەققىدىكى فاكتلارنى سۆزلەپ كەتتى. «شىنجاڭ» دېگەن يېڭى نام باسقۇنچى زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن زورلاپ تېڭىلغان نام بولۇپ، مۇستەملىكىچىلىك سەياسىتىنى قانۇنلاشتۇرىدىغان نام ئىكەنلىگىنى سۆزلەپ كەتتى.

سىز «شىنجاڭ» ئاتالمىسىنى ئىستىمالغا كىرگۈزگەن «شىنجاڭدا تېچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرغان ئەمەسمىدىڭىز؟

– ھە! مەن غۇلجىدىكى سوۋېت ئەلچىخانىسىنىڭ باشلىغى دۇباشىنىنىڭ قەتئىي تەلىۋى بىلەن شۇ لەنىتى نامنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانمەن. ئەگەر قارشىلىق قىلسام، مېنىڭ ھاياتىم خوۋۇپ ئاستىدا قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «شىنجاڭ» بولسا بولسۇن، مېنىڭ ۋەتەن ئازاتلىغى يولىدىكى غايەۋىي نىيەتلىرىم بەربات بولمىسۇن– دېگەن مەخسەتتە ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلغان ئىدىم. شەكىلدە ئەمەس، ئەمەلدە چوڭ ئىشلارنى باشلىغان ئىدىم.

شۇ دەقىقىدە، ئىسھاقبەك مونۇنوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

– ئۇيغۇرستاننىڭ ھەر بىر پۇخراسى، غايە پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى جەھەتتە ئۇيۇل مۇش بولۇپ، ئەينە شۇ ئىتتىپاققا كىرگەن سولداتلاردۇر. بۇ «ئىتتىپاق» كەلگۈسىدە خەلق ئازاتلىق پارتىياسىگە ئايلانغۇسىدۇر. شۇ چاغدا مىلىتارىست زوزۇڭتاڭ قويۇپ كەتكەن «شىنجاڭ» دېگەن نام ئۆز-ئۆزىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

– بەس!–دېدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ. سۆزمەنلىكنى ژىغىشتۇرۇڭلار! شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلاپنى بىز باشلاتقۇزغان. ئۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ بىز چىقىرىمىز. بىزنىڭ پىكرىمىزگە قارشى چىقىش – يوقۇلۇش دېمەكتۇر! سىز، ئەخمەتجان قاسىموۋ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن، موسكۋادا ئوقۇغان، كوممۇنىستىك ئۇلۇقۋار مەخسەتكە خىزمەت قىلىشقا ئانت ئىچكەنلىگىڭىزنى ئەستىن چىقىرىۋاتىسىز. ھازىر سىز ئۈچۈن ھەقىقىي ئېمتىھان سىناقتۇر.

– ئىنسان، قېتىپ قالغان، ھەمىشە بىر خىللا ئىشلەيدىغان ماشىنا ئەمەس، – قەتئىي جاۋاپ بەردى ئەخمەتجان قاسىمىي. – سوۋېت تەربىيەسىنى كۆرگىنىم راست. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى جەزم ئەتكىنىممۇ راست. بۇنى ھايات تارىخىمدىن ئۆچۈرىۋېتەلمەيمەن. بىراق، مەن ئۇيغۇرستاغا قەدەم قويغۇنۇمدا تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان پاجىئەلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. تۈركۈم-تۈركۈملەپ قاماش، قاتىللىق، سۈرگۈنلۈك ئەۋج ئالغان ئىدى. قەلبىم ئۆرتەندى، غەزەپ نەپرىتىم قايناپ تاشتى. ئۇيغۇرستان خەلقىگە پەقەت ئازاتلىق-مۇستەقىللىك كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن جاننى ئالقانغا ئېلىپ، كۈرەش قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەينە شۇ كۈرەش ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلقا ناھىيەسىدىن باشلاندى. گومىنداڭچىلار كۆپ قۇراللىق كۈچكە ئىگە بولسىمۇ خەلقىنىڭ غەزىۋىگە قارشى تۇرالمىدى. مانا شۇ ئىنقىلاپ

مېنى تەربىيەلىدى. روھى دۇنيارىمنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. 1947-ژىلى ۋەتىنىمنىڭ شەھەر-قىشلاق، رايونلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆردۈم، قەلبىگە قۇلاق سالدىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەمەلىيات مېنىڭ ئېتىقادىمنىمۇ، چۈشەنچىمنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. ئۇيغۇرستاننىڭ پەرزەنتى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلدى. ئەندى بۇ غايىدىن قايتىش مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق قىلىش-خائىنلىقتۇر!

- بەس! - خىتاپ قىلدى موسكۋا رەھبىرى. ئىسھاقبەك ئىككىڭلار بىلەن ئالاھىدە سۆزلىشىمىز.

- قېنى سىز، مۇختەرەم گېنېرال دەللىخان، ئېيتىڭچۇ، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى» دېگەن مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟

- مەن ئەخمەتجان قاسىمىينى قوللايمەن. بىزنىڭ غايەۋىي نىيەتلىرىمىز بىر ۋە ئۆزگەرمەستۇر.

- ھىم، - كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندەك بولدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ - ھەممىڭلار بىر قازاندا قاينىغان ئېكەنسىلەردە، قېنى، كۆرۈمىز. يولداش ئاباسوۋ سىز نېمە دەيسىز؟

- يېڭى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىر پۈتۈن دۆلەتنى دېموكراتىك ئاساستا قايتا قۇرغاندا، شىنجاڭ خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى بولغان ھالدا مۇختارىيەت ھوقۇقى تەمىن ئېتىلسە، ئەينى مۇددىئا بولاتتى.

ئاباسوۋنىڭ جاۋاۋىدىن موسكۋا رەھبىرىنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم ژۈگرىدى. سىز، يولداش لۇ جى پىكرىڭىزنى بايان قىسىڭىز؟

- مەن يولداش ئاباسوۋنى قۇۋۋەتلەيمەن. شىنجاڭدىكى خىتاي كوممۇنىستلار پارتىياسى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي مەخسىتىمۇ شۇ.

- ماقۇل پىكىر - دېدى موسكۋا رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ يېنىدا نېمىدۇ بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋاتقان غېنى كەرىمۇۋقا كۆزى چۈشۈپ، تەكەببۇرانە تەلەپپۇزدا - سىزنىڭ پىكرىڭىزنىمۇ ئاڭلايلىچۇ - دېدى.

غېنى كەرىموۋ سالماقلىق بىلەن دانە-دانە سۆزلەپ شۇنداق دېدى:

- ئۇيغۇرستان بەشەرىيەتنىڭ ئەقىل چەشمىسى كۆز ئاچقان بۈيۈك مۇتەپەككۇرلەر، ئەللامىلەر، شائىر يازغۇچىلار، ئەھلى دانىشمەنلەر ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرگەن قۇتلۇق دىياردۇر. دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۇنىڭ ئورنى ئالاھىدە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قېلىشى، ئۆزىگە-ئۆزى ھاكىم بولۇشى كېرەك. ئەندى چەتكە بېقىنىپ ياشاش مۈمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي ئاڭ ئويغاندى. ئۇ ئازات بولۇشى كېرەك. مەن ھۆرمەتلىك ئەخمەتجان قاسىمىينى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمەن - دېدى.

موسكۋا رەھبىرى ئابدۇرېشىت ئىمنوۋنىڭ پىكىر سوراشنى لايىق كۆرمىدى، ئەتىمالىم، ئۇنىڭغا سوئال قويمىدى. جاۋاپلىرى ئۆزىگە ياقمىغان ئەخمەتجان قاسىمىي، ئىسھاقبەك ۋە دەللىخانلارنى ئەيىپلەپ، ھەتتا ئۇلارنى ھاقارەتلەشكە ئۆتتى:

- ئاش بەرگەن قازانغا تۈكۈرمەسلىك كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى جاھاندا ئەڭ قۇدرەتلىك سوسىئالىستىك دۆلەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داھىلىرى لېنىن، ستالىن جاھان خەلقىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىدۇر. يولداش ستالىن دەۋرىمىزنىڭ لېنىنى، بىزنىڭ سۆنمەس قۇياشىمىزدۇر. بىز بۇ قۇياشىمىزنىڭ پارلاق نۇرىدىن بەھرى ئېلىپ، پارلاق كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىدۇق. خىتاي خەلقىمۇ ستالىن قۇياشىدىن بەھرىمەندۇر، ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە مۇختاجدۇر. سىلەر كىمسەلەر؟ ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ قۇرۇق سەپ-سەتەلىرىگە ئۇسۇل ئوينىساڭلار، ئۇلۇق داھىمىز ستالىننىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىلەر. بىز بۇنداق گۇناھنى ھېچ قاچان كەچۈرەلمەيمىز. شىنجاڭ خەلقى، شۇ قاتاردا سىلەرمۇ يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بەختىيار ياشىغىنىڭلار كېرەك. بۈيۈك خىتايسىز سىزلەرگە بەختىيار بولمايدۇ. سوۋېت-خىتاي دوستلىغى بىزدىن مانا شۇنى تەلەپ قىلىدۇ!

موسكۋا رەھبىرىنىڭ سۆزى تۈگە-تۈگىمەيلا ئەخمەتجان قاسىمىي سۆزلەپ كەتتى:

- ئۇيغۇرستاننىڭ جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشىنى تەمىن ئېتىش، شان-شۆھرىتىنى تىكلەش ئاساسىدا سوسىئالىزم قۇرۇش بىزنىڭمۇ مۇددىئامىزدۇر. «بۈيۈك خىتايسىز بەختىيار كېلەچەك بولمايدۇ» ياكى «ئۇيغۇرستان خىتايسىز ياشالمايدۇ» دېيىش لېنىنىزمگە زىت قاراشتۇر. لېنىن خەلقلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقۇنى ئېتىراپ قىلغان ئېدىغۇ؟

موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ، ئۈستەلنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

- بۈيۈك داھىمىز لېنىن «شەرقتە بۈيۈك خىتاي بىلەن دوست بولماي تۇرۇپ، جاھان سوسىئالىزمنى قۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن. سەنلەر لېنىنىزمنى چالا-بۇلا ئۆگۈنۈۋېلىپلا، چۇقان كۆتىرىشسەن. لېنىنىزم - رېئالىزم دېمەكتۇر. رېئال ۋاقىئەلەر بىلەن ھىسالاشماسلىق، لېنىنىزمغا زىت مەپكۇرە.

موسكۋا رەھبىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياق، بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى. يەنە بىر قېتىم موسكۋانىڭ سۆزىدىن چىقماسلىققا، موسكۋانىڭ تەلەپلىرىنى سۆزسىز ئورۇنلاشقا دەۋەت قىلدى، ھەتتا مەجبۇرلىدى. ئەتىگەن سائەت 10-دا باشلانغان سۆھبەت قاتتىق كايىشلار، سۆكۈشلەر، دوق قىلىشلار ۋە پوپوزىلار بىلەن كەچ سائەت 22-

غىچە داۋاملاشتى. شۇندىمۇ ئەخمەتجان قاسىمىي ئۆز پىكرىدىن، غايىسىدىن چېكىنمىدى. موسكۋا رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ، كەمسىتىشلىرى ئەخمەتجان قاسىمىينى ئۆزگەرتەلمىدى. بۇ غەيرى قانۇنىي سوراقتا ئەخمەتجان قاسىمىي، ئىسھاقبەك، دەلىلخان، غېنى كەرىموۋ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ (ئۇ پىكىر ئېيتمىغان بولسىمۇ، لوقما سېلىپ تۇرغان ئىدى)لارنىڭ قاراشلىرى ئۇيغۇرستان خەلقى ئۆز ئەركىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، مۇستەقىل مەملىكىتىدە ئۆزى ھاكىم بولۇشى شەرت ۋە قانۇنىيدۇر دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان مەلامەت، ھاقارەت ۋە خېيىم-خەتەردىن قىلچىمۇ چۆچۈپ كەتمىدى. ئاخىرىغىچە دادىل تۇرۇشتى.

مەن، تەرجىمانلىق ۋەزىپەمنى توغار بېجىردىم. ئۆز يېنىمدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قوشمىدىم. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى بىر تەرەپكە كەلمەي تۇرۇپ توختىدى. ئەتە-ئۆگۈن نېمە بولۇشىنى بىلمىدىم. ئەتىسى مېنىڭ فرۇنزېغا قايتىشىمغا رۇخسەت بېرىشتى. بىراق، ئاخشامقى سۆھبەتنىڭ مۇتلەق مەخپىيلىكىنى ساقلاش، ھەر قانداق شارائىتتا ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، مېنىڭدىن تىلخەت ئېلىۋېلىشتى. تۈنۈگۈن مېنى فرۇنزېدىن ېلىپ كەلگەن پولكوۋنىك يەنە فرۇنزېغا ئېلىپ قايتتى. بىراق، مەن «مېنى قەيەردە يتىپ تاشلايدىكەن» دېگەن مۇدھىش خىياللار ئىچىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم. خۇداغا شۈكرى ئۇنداق بولمىدى. مانا ھازىر 27 ژىل بولدى، ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىنغان خىيانەت، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان سەياسىي قاتىللىق سىرى ھامان مېنىڭ ژۈرۈگۈمنى تاتلاپ، بىئارام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز ئىچىمدىن يېنىپ، كۆيۈپ، «ئۇھ» تارتىپ كېلىۋاتىمەن، ئەندى چىدامىم تۈگىدى. بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ كېتەي. سەن مېنى توغرا چۈشەنگىن. مەن بەندىچىلىك قىلىپ كۆز ژۇمۇپ قالسام، بىر كۈنلەردە بۇ دەھشەتلەرنى سەن ئاشكارە قىلارسەن. شۇ چاغدا مېنىڭ روھىم قەبرىدە بولسىمۇ تىنىچ بولىدۇ!» دەپ ئېيتقان ئىدى.


ھاكىم جاپپاروۋىچ شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ياشىماي ئالەمدىن ئۆتتى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى «ئايروپىلان ھالاكىتىگە ئۇچرىدى» دېگەن ئويدۇرما ستالىن ۋە ماو زېدۇڭنىڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان ساختا، يالغان ئويدۇرما. بۇ ئويدۇرمىنى سوۋېتنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى دۇباشىن خىتاي كوممۇنىستى دېڭ لىچۈن، ئۇيغۇر يالاقچى سەيپىدىنلەر پەدەزلەپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇرستان خەلقىنى ئالداپ كەلمەكتە.

مەن ئۇيغۇرلار ئېلىنىڭ ئاددىي بىر پۇخراسى، شۇ تۇپراقنىڭ بىر پەرزەندى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ سىرلارنى ئوچۇق ئاشكارە بايان قىلىشنى ئۆزەمنىڭ ۋەزىپەم دەپ بىلدىم» (ئاسىم باقى «خۇنرىزلىك»، 53-37-بەتلىرىدىن قىسقارتىلىپ ئېلىندى).

***

دېمەك،ستالىن بىلەن ماو زېدۇڭنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى نەتىجىسىدە،ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىز قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى ئېنىق. شۇنىڭدىن كېيىن ماو زېدۇن دېڭ لىچۈنگە تېلېگراممىا يوللاپ، غۇلجىدىن باشقا ۋەكىللەر كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ تېلېگراممىدا: «سەيپىدىن باشلىق ئۈچ كىشى كەلسە بولىدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتىلغان! دېڭ لىچۈن بىلەن سوۋېت كونسۇلى ئارىستوۋ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، تارباغاتايدىن ئالىمجان ھاكىمباۋنى، ئۈرۈمچىدىن تۇ جى دېگەن خەنزۇ كىشىنى ئالدۇرۇپ، غۇلجىدىن سەيپىدىن ئەزىزىينى قوشۇپ: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى»، دېگەن نام بىلەن بېيجىڭغا ئەۋەتتى. ئۇلارنى




سوۋېتتىن كەلگەن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن (موسكۋادىن كەلگەن لىيسوۋ دېگەن كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا) 5-سېنتەبىر كۈنى بېيجىڭغا ئېلىپ ئۇچتى (سەيپىدىننىڭ يېزىشىچە، بۇ مولوتوۋنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى ئىكەن). موشۇ ۋەكىللەر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ چىتا شەھىرى ئارقىلىق 12-سېنتەبىر كۈنى مانجۇرىياگە، 15-سېنتەبىر كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ بارغان. ئۇلارنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرى: ماۋزېدۇڭ، لىيۇشاۋچى، جۇدې، جو ئېنلەيلەر قىزغىن قارشى ئېلىشقان. شۇنداق قىلىپ، سەيپىدىن بىلەن ئالىمجان ئىككىسى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى دېگەن سالاھىيەت بىلەن سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. 29-سېنتەبىر كۈنى شۇ يىغىن مىنبىرىدە تۇرۇپ بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئالدىدا شىنجاڭ خەلقى نامىدىن باياناتلار ئېلان قىلىپ: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۈچ ۋىلايەتتە موجۇت بولۇپ كەلگەن ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى. بىز بۈگۈندىن باشلاپ، جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىمىز» دەپ تەنتەنىلىك ھالدا جاكالىدى!

«شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇق داھىغا سوغىسى» -دەپ، ئۇيغۇر چاپىنى بىلەن ئۇيغۇر تۆپپىسىنى ماو زېدۇڭغا كىيگۈزۈپ قويۇشتى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، سەيپىدىن، ئالىمجانلارنى ئۇيغۇرستان خەلقى سايلىغان ئەمەس. سوۋېت كونسۇلى ئارىستوۋ بىلەن خىتاي كوممۇنىستى دېڭ لىچۈن ئىككىسى تاللاپ ئالغان. خەلقنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، خەلقتىن يوشۇرۇن ئوغۇرلۇقچە يولغا سالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرستان خەلقى نامىدىن سۆز قىلىشقا قانۇنىي ھوقۇقى يوق ئىدى!

سەيپىدىن ئالىمجانلارنىڭ ساتقۇنلۇق ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، 25-سېنتەبىر كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى تاۋ سىيۇ: 26-سېنتەبىر كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، بېيجىڭدا قۇرۇلۇۋاتقان كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىقى






شۇكى 28-سېنتيابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە 30 مىڭ كىشى قاتناشقان ژىغىن ئېچىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ باشلىقى ماو زېدۇڭغا قۇللارچە خوشامەت قىلىدىغان تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاندى.

موشۇ ۋاقىەلەردىن كېيىن 1949-ژىلى 1-ئوكتيابىر كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبىرى ماو زېدۇن، جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان ۋاقىتتا ئىشەشلىك تەلەپپۇزدا: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى. بۈگۈن شىنجاڭ ئۆلكىسمۇ جۇڭگوغا خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى»-دەپ ئېلان قىلالىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1944-ژىلى 12-نويابىر كۈنى ئەلىخان تۆرە تەرىپىدىن دۇنىياغا جاكالانغان ئازات شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى، ئارىدىن بەش ژىل ئۆتكەندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ باياناتى بىلەن تارقىتىلىۋېتىلدى. مىللىي مۇستەقىللىكىمىز يوقىتىلدى!

1949-ژىلى 10-نويابىر كۈنى خىتاي ئازاتلىق ئارمىياسىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جىڭ بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەن سوۋېتنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتىرىپ، ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كەلدى. ۋاڭ جىڭنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەىسى بۇرھان شەھىدىي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئېۋشىبېۋلار ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى.

بۇرھان بولسا، ئۆمۈر بويى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن قازانلىق تاتار، ئېۋشىبېۋ بولسا سوۋېت دىپلوماتى، رۇس. شۇنداق قىلىپ، بۇ قارشى ئېلىشتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرمۇ ۋەكىلى بولمىغان.



ۋاڭ جىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەتىسىلا بۇرھان بىلەن سەيپىدىنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا غۇلجا شەھىرىگە ئۇچۇپ كېلىپ، «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 ژىللىقىنى خاتىرىلەش ژىغىنىغا» قاتناشتى.

بۇ ئەمەلىياتتا، شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغان مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان قايغۇلۇق ۋاقىە ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ نادان خەلقىمىز جانىجان دۆلىتىدىن، مىللىي مۇستەقىللىكىدىن ئايرىلىپ، قايتىدىن قۇلۇققا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. باسقۇنچى ۋاڭ جىڭ بىلەن خائىن بۇراھىن، سەيپىدىنلەرنى چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىشتى. موشۇ ۋاقىەدىن كېيىن ئۇزاققا بارماي، خىتاينىڭ باسقۇنچى ئارمىياسى، گېنېرال ۋاڭ جىڭ قوماندانلىقىدىكى 1-دالا ئارمىياسىنىڭ 6-2-كورپۇسلىرى، يەنى گو پىڭ، ۋاڭ ئىنماۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 2-كورپۇس قەشقەرىيەگە قاراپ ژۈرۈش قىلدى. لو يۈنفا، جاڭ شىيايۋەنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 6-كورپۇس شىمالدىكى ۋىلايەتلەرگە قاراپ ژۈرۈش قىلدى. 1950-ژىلى ئەتىيازدا، خىتاينىڭ باسقۇنچى ئارمىياسى ئۇيغۇرستاننى تامام ئىگەللىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇرھان، سەيپىدىن قاتارلىق خائىنلارنىڭ مىللىي تەسلىمچىلىك يولىغا ئەگەشكەن مىللىي ئارمىيا رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان 200 توننا بۇغداي، 100 توننا كۆمۈقوناق، 200 توننا بېنزىن، 20 توننا ئافتول قاتارلىق بۇيۇملارنى ئەۋەتىپ، خىتاي ئارمىياسىدىن «ھال سورىدى». شۇنداقلا، ئازات ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ باسقۇنچى ئارمىياسىدىن ھال سورىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1949-ژىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى خىتاي خەلىق ئىنقىلاۋى ھەربىي سەياسىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مىللىي ئارمىيا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خىتاي خەلىق ئازاتلىق ئارمىياسىگە قوشۇۋېتىلدى ھەم «جۇڭگو خەلىق ئازاتلىق ئارمىياسىنىڭ 5-كورپۇسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، مىڭلىغان ياشلىرىمىزنىڭ قىزىل قانلىرى بەدىلىگە بەرپا قىلىنغان، خەلقىمىزنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن گۈللەنگەن دۆلىتىمىزنى خىتاي ئارمىياسى بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ بېسىۋالدى ۋە خالىغىنىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يوقىتىش قەستى ئۆزۈل-كېسىل ئەمەلگە ئاشتى!
شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىمىز زىيا سەمەدى «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق رومانىنىڭ خاتىمىسىدە:
«مىڭلارچە ئەپسۇسكى، خەلقىمىز ئىشەنگەن ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىز قازاغا ئۇچرىدى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مىللىي ئارمىيامىز بولسا، تارقىتىۋېتىلدى. ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز تەقىپلەندى. شۇنداق قىلىپ، بىپايان ۋەتىنىمىز قىزىل خىتايلارغا ئۆگچە قالدى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرالى بولغان «خەلق ئازاتلىق ئارمىياسى» ھەممە يەرنى ئېگەللىۋالدى. يەرلىك خەلقنى ئىنتائەتمەن قۇللارغا ئايلاندۇردى. ئاھ، نادامەت!» دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى.
بىزنىڭ خەلقىمىز، بولۇپمۇ ياش ئەۋلاتلىرىمىز موشۇ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلارنى يىشىشىق ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ پاجىەلىك مەغلۇبىيىتىدىن ئىبرەت ئېلىشى، ئاتىلىرى يول قويغان خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىغى كېرەك، شۇنداق قىلىپ، ئالدىمىزدىكى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنى ئۆزۈل-كېسىل غەلبىگە ئېلىپ بېرىش، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي بورچىمىزدۇر.
رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىي 1947-ژىلى ئاۋگۇستا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «تۇغ مەيدانىدا» ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئاممىۋىي ژىغىندا نۇتۇق سۆزلەپ:
«بىز بۇ قېتىم مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوينىغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەش جەريانىدا دۇنيا يۈزىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدەك قەبىھ، پاسكىنا، ئۇياتسىز، نامەرت ۋە ئىبلىسانە مەككار مۇستەملىكىچى يوق ئىكەنلىگىنى، ھەر قانداق رەڭ، ھەر قانداق شەكىلدىكى خىتايدىن ھېچ قانداق ياخشىلىق، ۋاپادارلىق كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى تولۇق چۈشەندۇق... بىز قانداق يوللار بىلەن بولسىمۇ، خىتايدىن ئۆزۈل-كېسىل ئايرىلىپ چىقىپ، مىللىي مۇستەقىللىگىمىزنى تىكلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىنمىغىچە، بىزگە بەخىت-سائادەت مۇتلاق بولمايدۇ!» دەپ ئېيتقان ئىدى.

## قوشۇمچە ماتېرىئاللار

**-1-**

سەيپىدىن ئەزىزىي ئۆزىنىڭ كىتاۋىدا بۇ سەپەرگە تەييارلىقنىڭ تەپسىلاتى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:
«بىز مەملىكەتلىك سەيياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ژىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى ۋە بېجىنغا قايسى يول بىلەن بېرىش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇزاكىرە قىلدۇق... مۇندىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسى مەركىزىي كومىتېتىغا بېرىدىغان دوكلادنى مۇزاكىرە قىلدۇق... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەييارلىقنىڭ ۋە سەپەرگە چىقىشنى قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق. مۇزاكىرىمىز كەچكىچە داۋام قىلدى. كەچكى تاماقتىن كېيىن ئابدۇكېرىم مېنى يولداش دېڭ لىچۈننى زىيارەت قىلىشقا ئېلىپ باردى. يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەن يولداش ماو زېدۇڭنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولغانلىغىدىن، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىگى ئۈچۈن، يولداش دېڭ لىچۈننى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىغىمنى بىلدۈردۈم. يولداش دېڭ لىچۈن سالاپەتلىك، خۇشخوي كىشى ئىدى. بىز كۆرۈشۈپلا كونا دوستلاردەك بولۇپ كەتتۇق.
مەركەز بىزنىڭ ئەۋەتىدىغان ۋەكىللەر ئۈمىگىمىز ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىگىنى يوللىشىمىزنى تەلەپ قىلىپتۇ. مەركەزنىڭ تەلىۋى بويىچە، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلىغان ھالدا، جىددىي تۈردە تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتۇق... بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى، يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى تەييارلىقلارى كۆزدىن كەچۈردۇق. ھەممە ئىش پۈتتى... ۋەكىللەر ئۈمىگى كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارغا مەسئۇل ئادەملەر بەكىتىلدى. كېيىنكى ئىشلارغا ئۇمۇمەن مەن مەسئۇل بولىدىغان بولدۇم» («تەڭرىتاغ بۈركىتى»، 325-321 بەتلەر).
«شۇ كۈنى ژىغىن تارقالغاندا ئالىلقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئابدۇكېرىم مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. ئىككىمىز ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتاردۇق. ئابدۇكېرىم ئىنتايىن خوشال ئىدى. ئۇ بېجىنغا بېرىپ، مەملىكەتلىك سەيياسىي مەسلىھەت ژىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولغانلىغى ئۈچۈنلا ئەمەس، يولداش ماو زېدۇڭنى، يولداش جو دەنى كۆرەلەيدىغانلىغى ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئادە خوشال ئىدى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىلغا ئوخشاش، ئىچىدىكى خوشاللىغىنى باسالماتتى. خوشاللىق كۆز يېشى بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا:
«مەن يولداش ماو زېدۇڭنى كۆرىدىغان بولدۇم!» - «مەن يولداش جو دەنى كۆرىدىغان بولدۇم!»، «مەن يولداش دۇڭ بىسۇنى كۆرىدىغان بولدۇم!» دېگەن سۆزلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاتتى. مەن ئۇلار كەتكەندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا گەپ ئاچسام، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپ:
«باشقا گەپلەرنى قويۇڭا، بىلەمسىز، مەن ماو زېدۇڭنى، يولداش جۇدەنى كۆرىدىغان بولدۇم! ئۇ بىزنىڭ

ماگىدىغان يولىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىز خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرسىڭىزلا بولدى!» ـ دەپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىلى ئۇنىماتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى، يەنى شۇ گەپلەرنى تەكرارلاتتى. مەن ئۇنىڭ خوشاللىغىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن تەسىرلەندىم» («تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، 327-326 بەتلەر).

## -2-

رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللىرىمىزنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى خەلققە قانداق يەتكۈزۈش، بىرەر ۋاقىت چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىلىق خېلە باش قاتۇرۇشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ۋەكىللىرىمىزنىڭ سەپەرگە ماڭغانلىغىنىمۇ، «قازاغا ئۇچراپ» ۋاپات بولغانلىغىنىمۇ خەلقتىن يوشۇرغان.

بۇ توغرىلىق سەيپىدىن ئەزىزي «ئۆمۈر داستانى» كىتاۋى، ئىككىنچى قىسمىنىڭ 424-422 بەتلىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«1949-يىلى 3-سېنتيابىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى مېنى چاقىردى. كونسۇل مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، تارتمىدىن بىر تېلېگراممىنى چىقىرىپ، جىددىي قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

«بىز موسكۋادىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدۇق. تېلېگراممىدا ئېيتىشىچە، ئەخمەتجان قاسىمي باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىگى ئولتارغان ئايروپىلان ئىركۇتسكىي شەھىرىدىن ئۆتۈپ، زابايكال تېغىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھاۋا بۇزۇلغانلىقتىن، بەختكە قارشى، تاققا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى 17-كىشىنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىغان...» مان بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى دەرھال دېڭ لىچۈنگە يەتكۈزدۈم. ئۇ بۇ خەۋەرنى مەركەزگە ئۇقتۇرماقچى بولدى. بىز بۇ خەۋەرنى مۇتلاق مەخپىي تۇتۇشنى قارار قىلدۇق...

«ئەخمەت ئەپەندىلەر كەتكەن ۋاقىتتا، بىز ئۇلارنى ئالتايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كەتتى دەپ قويغان ئىدۇق... بەزىلەر ھەيران بولۇپ: «ئەخمەت ئەپەندىملەر ئالتايغا كەتسە، سىز تارباغاتايغا كېتىپ بارىسىز، زادى نېمە ئىش بۇ؟» دەپ سورىغانلارمۇ بولدى» (مەزكۇر كىتاپ 462-بەت).

«مەجلىسنىڭ ئىككىنچى كۈنى چوڭ ژىغىن ئېچىلىش ئالدىدا، يولداش جو ئىنلەي ماڭا: «مەجلىستە ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ قۇرۇۋان بولغانلىغىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا بىر تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىساق»، ـ دېگەن پىكىرنى ئېيتتى. مەن يولداش جو ئىنلەيگە:

ھازىرچە بۇ ئىشنى قىلماي تۇرساق، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىنى بىز بارغىچە مەخپىي تۇتۇپ تۇرساق، دېدىم ۋە سەۋەۋىنى ئېيتتىم. يولداش جو ئىنلەي قوشۇلدى» (490-بەت). سەيپىدىن ئېيتقاندەك بۇ خەۋەر توللۇق ئىككى ئاي خەلقتىن يوشۇرۇن تۇتۇلدى. پەقەت 1949-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىگە كەلگەندىلا، يەنى بۇرھان ئۈرۈمچىدە، سەيدىن بېجىندا تۇرۇپ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولغانلىغىنى جاكالىغاندىن كېيىن «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن قايغۇلۇق بىلدۈرۈش ئېلان قىلىندى. «ئوغرىنىڭ ژۈرىگى پوك-پوك» دېگەندەك، بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالدىدا دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگرامما يوللاپ:

«ھازىر ھادىسە يۈز بەرگەن ئورۇن، ۋاقىت، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋئاسىيا خادىملىرى بىلەن مۇھەندىسچى خادىملار، ئۇلار بىلەن بىللە ھادىسىگە ئۇچرىغانلىغىنى ئېلان قىلساق بولامدۇ-يوقمۇ؟ ـ يول-يورۇق بېرىلسە»، دەپ سورىدى. يول-يورۇق ئېلىنغاندىن كېيىن، «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «قايغۇلۇق بىلدۈرۈشتە» «ئىتتىپاق رەئىسى ئەخمەتجان ئەپەندىم قاسىمي جاناپلىرى، مىللىي ئارمىيا باش قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەك جاناپلىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مۇاۋىن قوماندان گېنېرا-مايور دەللىخان جاناپلىرى، لوزى ھەم ئۇلارنى ئۇزىتىپ بارغان خادىملار بىلەن ئايروپىلان بىكىپاژىنىڭ خادىملىرى غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن بېجىنغا سەپەر قىلىشىدا ھاۋا شارائىتىنىڭ ئەپسىزلىگىدىن، ھاۋادا بولغان خەتەرلىك ھادىسىگە دائىر تەپسىلاتلار توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمىغان! موشۇ قايغۇلۇق خەۋەرگە خەلق تەرىپىدىن قانداق ئىنكاس بولىدىغانلىغىنى بايقاپ تۇرۇشقان. «بىلدۈرۈش» ئېلان قىلىنىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 11-ئاينىڭ 3-كۈنى دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېتقا مۇنداق تېلېگرامما يوللىدى:

«ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ قازا بولغانلىغى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئىنكاسلار پەيدا بولدى: بەزى كىشىلەر سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئىمزاسىز خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ داھىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. يەنە بەزى كىشىلەر:-رەھبەرلىرىمىز خىتايلارنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىيانكەشلىگىدە قۇرۇۋان بولۇشتى، ـ دەپ ئاستىرتىن ئىغۋا تارقىتىۋاتىدۇ. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلىۋاتىدۇ!»، دېڭ لىچۈن 11-ئاينىڭ 18-كۈنى مەركىزىي ئەخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىغى خۇ چياۋمۇغا:

«ئۇلار ھادىسىگە ئۇچرىغان ۋاقىت، 8-ئاينىڭ 27-كۈنى. شىنجاڭ گېزىتىدا ئېلان قىلىنغان تەزىيەنامىنىمۇ

ئەۋەتتىم، پايدىلىنارسىلەر...»، دېگەن تېلېگرامما ئەۋەتتى.

دېمەك رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيا ئىچىدىكى تەسلىمچىلىك يولىغا قارشى بولغان «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى تۈرمىگە سولاپ، سوۋېتنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىغان ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، بۇ توسالغۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن خىتاي ئارمىياسە ئۇيغۇرستان زېمىنىگە ئاياق بېسىپ كىرەلىگەن.

-3-

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي باشقارمىسىدا، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ھاشىر ۋاھىدىي «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1990-يىلى 21-ئىيۇن ۋە 1992-يىلى 16-يانۋار سانلىرىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«1949-يىلى خىتاي كومپارتىياسى يولباشچىلىقىدىكى ئىنقىلاپ غەلىبە قىلىپ، يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنىدىغان بولدى. ئەينە شۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ موسكۋادىكى ئەلچىخانىسىدا مەسئۇل ئىشتا بولغان ئەسلى مەخپىي كوممۇنىست دېڭ لىچۈن ماونىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى يېڭى خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەسسى ژىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىشقا غۇلجىغا كېلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىي بېيجىنغا بارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېڭ لىچۈن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇ:

«سىز قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتكە بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىلىق تېلېگرامما بېرىڭ. ئەگەر ھۆكۈمىتىڭىز بۇنىڭغا ماقۇل بولسا، مەن بېيجىنغا باراي»، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى ۋىسى-كونسۇلى بورىسوۋ، ئەخمەتجان قاسىمىي بىلەن كۆرۈشۈپ:

«ئەگەر سىز بېيجىنغا بارمىسىڭىز، باشقىلار بېرىشى، ئۇلار بېيجىندا – «بىز خىتاينىڭ تەركىۋىدە قالىمىز» دەپ بىلدۈرۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا شىنجاڭنى قانداق ئايرىلىپ ئالىسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىڭىز بېيجىنغا بېرىپ، يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتىگە باشتىنلا بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشلار دەپ دەلىللىمەمسىز...» دەيدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىي ئىلاجىسىز قېلىپ، بېيجىنغا بېرىشقا رازى بولىدۇ...

ئەخمەتجان قاسىمىي سەپەرگە چىقىشقا جەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كېرەكلىك ماتېرىئاللارنى تەييارلاپ بېرىشكە مېنى تەكلىپ قىلدى. مەن بىر ھەپتە ئىچىدە كېرەكلىك ماتېرىئاللارنى تەييارلىدىم. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بولغان قانلىق جېدەللەرنى بىلىدىغان، ھەتتا ئۆزلىرى گۇۋاچىسى بولغان كىشىلەرگە يولۇقتۇم. ئۆتمۈشتە بولغان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەپلىرىنى ئاشكارىلايدىغان قول يازمىلارنى، كىتاپلانى، تارىخىي داستانلارنى توپلىدىم. بۇ ئىشتا ماڭ تېبىپزات خەلپەت، ئاۋزەر خەلپە، ئىمىن تارىخ ۋ.ب. كۆپ ياردەم بەردى. بۇ ماتېرىئاللارنىڭ ئىچىدە: «غازات دەر مۈلكى چىن»، «غۇلجا ۋاقەلىرىنىڭ باياناتى»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «جاھانگىرخان تارىخى»، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى»، «تارىخنامە ياقۇپبەگ»، «تارىخىي بەدەۋلەت»، «قەشقەر تارىخى»، «تارىخىي راشىدىي»، «بۇغراخان تارىخى»، نېمىس تىلىدىكى كىتاپلاردىن «تۇرپان كىنيازلىگى»، رۇس تىلىدىكى كىتاپلاردىن «قەشقەرىيە» كەبى مۇھىم تارىخىي ماتېرىئاللار بار ئىدى. بۇ كىتاپلارنى چېمودانغا سېلىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىي ماڭا قاراپ:

«خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان جاپالىرىنى ۋە خىتاي بىلەن بىللە ياشاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يېزىلغان بۇ قول يازمىلار بىلەن تونۇشۇپ چىققىنى، ئەڭ بولمىسا بۇ كىتاپلارنى قولغا ئېلىپ كۆرۈپ باققىنى مېنىڭ كۆپ سۆزلىمەسلىكىمگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن...» دېگەن ئىدى. مەن شۇ چاغدا:

«خىتاي رەھبەرلىرى خەلقىمىزنىڭ موشۇ ئارزۇسىنى ئېتىۋارغا ئالارمۇ؟» دەپ سورىدىم.ئۇ بولسا:

«ئۇلارمۇ لېنىنچىل كوممۇنىستلار بولغاندىن كېيىن ئېلىشى كېرەك!..» دېدى. مەن ئۇنىڭغا قاناەتلىنىش بىلەن قارىدىم. كىتاپلارنى قاچىلاپ بولغان ئەخمەتجان قاسىمىي شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرويلۇق مۇكاپىتى بولغان «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى قادالغان كوستيۇمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا «ئازاتلىق» ئوردېنىنى قادىدىدە، ماڭا بىر كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قارىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك پەرزەندىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەم مەغرۇر، ھەم مەيۈس قىياپىتى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ».

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ژۇقۇرىدىكى فاكتلاردىن سەيپىدىن ئەزىزىي بېجىندىكى باياناتى، بىزنىڭ ئازات ۋەتىنىمىزنى خىتاي باسقۇنچىلارغا سېتىۋەتكەنلىگىنى كۆردۇق. شۇ چاغدا ئازات ئۈچ ۋىلايىتىمىزدە 283 مىڭ مۇرەببە كىلومېت كېلىدىغان گۆھەر زېمىن، شۇ زېمىندىكى ھېساسىز يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى بار ئىدى. 1 مىلليونغا يېقىن ئەمگەكچان، قەھرىمان خەلقىمىز بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز بار ئىدى. بۇ مۇستەقىللىكنىڭ سىمۋولى – ئاي-يۇلتۇزلۇق بايرىغىمىز يەپۈلدەپ تۇراتتى. مۇستەقىللىكنىڭ قوغدىغۇچىسى، ۋەتەننى تولۇق ئازات قىلىشنىڭ كاپالىتى – مىللىي ئارمىيامىز بار ئىدى. بۇ ئارمىيامىزنىڭ سېپىدە 14 مىڭدىن ئوشۇق جەڭچى-ئوفىسېرلىرىمىز بار ئىدى. بۇ



www.uyghurkitap.com

ئارمىياگە قوماندانلىق قىلىدىغان تەجرىبىلىك كوماندىرلىرىمىز بار ئىدى. ئارمىيامىزنىڭ قولىدا: 180 تاپانچا، 10 مىڭغا يېقىن ھەر خىل مىلتىق، 400دىن ئوشۇق يېنىك پۇلېمېت، 68 دانە ئېغىر پۇلېمېت، 66 دانە مىنامېت، 12 دانە زەمبىرەك، 7 دانە زېنىت توپ، 55 دانە گراناتامېت، 15 مىڭ دانە گرانات. موشۇ قۇراللارغا يېتەرلىك ئوق-دورىمىز بار ئىدى. گومىنداڭدىن ئولجا ئېلىنغان 42 دانە ئائېروپلان بولۇپ، بۇ ئائېروپلانلارنىڭ 14ئى ئىشقا ياراتتى.

سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ساپاسى جەھەتتىن ژۇقۇرى بولغان قەھرىمان مىللىي ئارمىيامىز گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىياسىنى بۇلجۇتماي تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاخىرىدا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى.

(ژۇقۇرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىياسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلادى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى).

سەيپىدىننىڭ خائىنلىغى بىزگە قانچىلىك قىممەتكە توختىغانلىغىنى موشۇ فاكتلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

كېيىنكى 55 ژىلدىن بېرى خەقىمىز باشتىن كەچۈرگەن ناھايىتى ئېغىر كۈلپەتلەر، مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشتە بېرىلگەن ھېساپسىز كۆپ قۇربانلار، مىللىتىمىزنىڭ خىتايغا ئاسسىمىلياسىيا بولۇپ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپىغا دۇچ كىلىۋاتقانلىغى، موشۇ پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇشنىڭ نەقەدەر چوڭ خاتالىق بولغانلىغىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى قايتىدىن ئۇۋج ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تارىختىن ساۋاق ئالمىغان بەزى كىشىلەر يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

«خىتاي ـ كۈچلۈك دۆلەت. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خىتاي دېموكراتلىتى بىلەن ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن تىل تېپىشىپ، مەسىلىنى سەياسىي سۆلھى يولى بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك!»ـدېيىشمەكتە.

بىزچە، بۇ ئەينى ژىللاردىكى «خ ئى پ چىلارنىڭ»، «چىنى تۈركستانچىلارنىڭ» كونا مۇقامى. بۇ تۈپتىن خاتا يولدۇر. بىز قىيىن بولسىمۇ، مىللىي مۇستەقىللىك يولىدا مېڭىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ مىللىي تەسلىمچىلىك يولىدا ماڭماسلىغىمىز كېرەك!

## §7. ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولىشۇ سەۋەپلىرى

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز 1949-1944 ژىللاردىكى مىللىي ئازاتىق ئىنقىلاپىنى مەغلۇپ بولغان ئىنقىلاپ دەپ ئاتىدۇق. چۈنكى بۇ ئىنقىلاپ ئۆز ئالدىغا قويغان مەخسىتىگە ـ مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشەلمىدى. يېرىم يولدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، پاجىەلىك تۈردە ئاياقلاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلىرى بار. تاشقى سەۋەپلەر توغرىلىق ژۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىچكى سەۋەپ، يەنى ئىنقىلاپچىلار ئىچىدىكى ئىدېياۋىي كۈرەشلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن:

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ توغرا نىيەت بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، كۈرەش جەريانىدا ئىنقىلاۋىي سەپكە ھەر خىل مەخسەت، ھەر خىل ئىدېيادىكى ئادەملەر كېلىپ قوشۇلغان ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى «ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلار» دەپ ئاتاۋېلىشقان بولسىمۇ، ھەر قايسى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئۆز غايىسى، ئالدىغا قويغان سەياسىي نىشانىسى بار ئىدى. ئۇ چاغدىكى ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ سەياسىي تەشەببۇسلىرىنى ۋە غايىلىرىنى ماھىيەت ئېتىۋارى بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. ـ **خىتايغىمۇ، رۇسقىمۇ بېقىنمايدىغان مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرىمىز** ـ دەيدىغانلار. ئاۋال ئەلىخان تۆرە باشچىلىغىدا قۇرۇلغان «ئازاتلىق» تەشكىلاتى، كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىغىدا قۇرۇلغان «ئىتتىپاق» جەمىيىتى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەمىت سەيدىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «ياش شەرقىي تۈركستانچىلار» تەشكىلاتى ئەزالىرى موشۇ خىل ئىدېياگە ۋەكىللىك قىلغان ئىدى.

2. ـ **بىز خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە قالىۋېرىمىز، پەقەت بىزگە ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بەرسىلا بولدى**، ـ دەيدىغانلار. «خ ئى پ چىلار» ۋە «چىن تۈركستانچىلار» موشۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىدى.

مەن موشۇ ئىككى غايىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۆز غايىسىگە ئىنتىلگەن ئىدى. نەتىجىدە ھەرىكەت بىرلىگى تەمىن ئېتىلمىدى، ھەتتا ئىدېياۋىي كۈرەشلەر كېلىپ چىقتى.

موشۇ ئىككى خىل ئىدېيانىڭ كۈرىشى ئىنقىلاپنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا توختىماي داۋام ئەتتى. بۇ توغرىلىق سەيپىدىن ئەزىزىي «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» ناملىق كىتاۋىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«9 ماددىللىق باياناتتا مۇھىم مەسىلىلەردە، مەسىلەن: دۆلەت تېررىتورىياسىنىڭ پۈتۈنلۈگى، مىللىي مۇناسىۋەت، دىن بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئېغىر خاتالىق بار ئىدى. بۇ باياناتنى ئابدۇكېرىم باشلىق بىر نەچچەيلەننىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى.

كېيىن ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلار ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا 9 ماددىلىق باياناتقا قىسمەن تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، بىر مۇنچە تۈپ خاراكتېرلىق خاتا كۆز قاراشلارنى يەنىلا ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل سەياسىي كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى». («تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، 116-112 بەتلەر).

«1945-يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى سەياسىي كۆز قارىشى قارىمۇ-قارشى بولغان ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ياخشى ۋەزىيەتتىن ئوخشاشلا ئىلھام ئالدى. ئابدۇكېرىم ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار كۈچلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىش ئۈچۈن تۆھبە قوشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو تېررىتورىياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ، ۋەتەن زېمىنىنى پارچىلاشنى خىيال قىلدى» (171-170 بەتلەر، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»).

«1945-يىلى ياز پەسلىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى سېپىدە، ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ، كۈرەش بارغانسىرى جىددىيلەشتى...

بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ بىر قانچە سەپدىشىنى چاقىرىپ، ئۆزى ئۇزاقتىن بۇ يان ئويلاپ كەلگەن بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ پىكرى:

«ئاۋۋال ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش تۈپىنى قۇرساق، ئاندىن كېيىن ياشلار تەشكىلاتىنى قۇراساق»-دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەجلىسكە قاتناشقان 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش تۈپى تەشكىل قىلىندى. ئۆگىنىش ۋاقتى، ئورنى بەكىتىلدى. ئۆگىنىش مەزمۇنى: «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى» (قىسقىچە كۇرسى)، «لېنىنىزم ئاساسلىرى»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»دىن ئىبارەت ئىدى. ئالدىنقى ئىككى كىتاپنىڭ ئۆزبەكچە، قازاقچىسى بار ئىدى. كېيىنكى بىرىنىڭ خەنزۇچىسىلا بار ئىدى. ئۇنى ئابدۇكېرىم ئېغىزچە تەرجىما قىلىپ، چۈشەندۈرەكچى بولدى.

«ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى يەر ئاستى خاراكتېرلىق تەشكىلات ئىدى. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازات قىلىپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇلۇق غايىسى ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلار تەرغىپ قىلىپ كەلگەن پان ئىسلامىزم بىلەن ئوتقا ئوخشاش چىقىشالماتتى».

ئۇ (ئابدۇكېرىم) ياڭ فىڭيى سوغا قىلغان «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتاپنى بىزگە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ ئارقىسىدا بىز يولداش ماو زېدۇڭنى ھەم يولداش ماو زېدۇڭنىڭ ئەسەرى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۇق».

ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئاسلىخان يېزىپ قالدۇرغان «خاتىرىدەردە» بولسا:

«ئابدۇكېرىم باش ساقچىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، قاچقۇنلىشى ئۈچۈن ئىشتىن ئېلىنغان ۋولودىيانى قايتىدىن ئىشقا ئېلىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئەلىخان تۆرىنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئىكەن. شۇ چاغدا ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭغا:

«سەنلەر ئۈچۈن خىتايمۇ، رۇسمۇ بەرى بىر، چۈنكى سەنلەردە دىننىي ھېسسىيات، مىللىي غۇرۇرمۇ يوق. باشقىلارنىڭ خوشامىتىنى قىلىپ، جان بېقىشنى كەسىپ قىلىۋالغان سەنلەر!»، دەپ كايىدى» دېيىلگەن.

ژۇقۇرىدا فاكتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىللىي مۇستەقىلچىلەر بىلەن مىللىي تەسلىمچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەش كەسكىن بولغان. بىراق، كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى ئۆزلىرىنى بېزەپ «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلغۇچىلار» دەپ ئاتاشتى. مىللىي مۇستەقىللىك تەرەپدارلىرىنى بولسا، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزغۇچى پانتيۈركىست - پانىسلامىستلار» دەپ تۆھمەت قىلىشتى. ئۇلار پانىسلامىست دەۋاتقان ئەلىخان تۆرە ۋە باشقىلار ئەسلىدە مىللىي مۇستەقىللىكنى ھىمايە قىلغۇچى كۈرەشچىلەر ئىدى. بۇ توغرىلىق سەياسىي ئەرباپ سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ مۇنداق دەپ يازغان:


«بەزى ماقالىلاردا ئەلىخان تۆرە - پانتيۈركىست دېگەن سۆزلەر بار. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى پانتيۈركىزمگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ھەتتا گۇمانلىق كىشىلەر نازارەت قىلىنغان ئىدى. ئەلىخان تۆرە ھاكىمىيەت تۇتقان كۈنلەردە، دىننىي ئىبارىلەر بىلەن تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشقا تىرىشقانلىقى راست. باشقا دىنىدارلار ھەر قانچە سۆزلىسىمۇ، ئەلىخان تۆرىدەك سۆزلەلمەيتتى. بىراق، ئەلىخان تۆرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە پانتيۈركىزملىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر ھېچ قانداق فاكت يوق. ئۇ دىننىي ئۆلىما، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ھەر بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ پانىسلامىست بولۇشى ناتايىن. ئەلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان تارىخىي شەخس» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنالىنىڭ 1994-يىل، 4-سانىدىن ئېلىندى).

## قوشۇمچە ماتېرىئال

## مىللىي ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى سەياسىي تەشكىلاتلار

تۆۋەندە موشۇ ھەر خىل ئىدىيالەرگە ۋەكىللىك قىلغان سەياسىي پارتىيا - گرۇھلارنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. «ئازاتلىق تەشكىلاتى»



ئەلىخان تۆرە شاكىرخان ئوغلى (1976-1885)

ئازاتلىق تەشكىلاتى سەياسىي تەشكىلات ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانىسى، شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتىنىڭ 9 ماددىلىق سەياسىي دېكلوراسىياسىدە ئېيتىلغىنىدەك:

«خىتاي باسقۇنچىلىرىنى شەرقىي تۈركستاندىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىش؛ مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن» ئىبارەت ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ بىر نۇتقىدا:

«ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركستاندۇر، بىزنىڭ بۇ مۇقەددەس پاك زېمىنىمىزدا خىتايلارنىڭ ھەققى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ زېمىنى 3500 كىلومېتىر ژىراقتىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدە. يېقىر بولسا، 7 مىللىون ئاھالىسى بار بىر دۆلەتنىڭ باشلىغى. شىنجاڭ جۇڭخونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگۈچىلەر، تارىخ ياسىغۇچى ئالدامچىلاردۇر...» دەپ ئېيتقان.

موشۇ فاكتىنىڭ ئۆزى «ئازاتلىق تەشكىلاتى» ھەقىقىي مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان تەشكىلات ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ئازاتلىق تەشكىلاتى» مىللىي ئىنقىلاپنى تەييارلىدى ۋە ئەمەلگە ئاشۇردى. بىراق، شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ تەشكىلات ئۆز سېپىگە يېڭى ئەزالارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز سېپىنى كەڭەيتمىدى. بۇ بوشلۇقتىن ئۇنىڭ رەقىۋى خ ئى پ چىلار پايدىلىنىپ كەتتى.

شۇنى تەكىتلىشىمىز كېرەككى، ئازاتلىق تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىگى ئۆزلىرىنىڭ بۇ پرگرامىمىسىغا سادىق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچراپ، رەھبىرىي خىزمەتلەردىن ژىراقلاشتۇرۇلدى، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

## 2. ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى



سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ (1914ـ2002)

ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى 1945ـيىلى نويابىرنىڭ 15ـكۈنى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسىنى شەرھىيلەپ، ئۇنىڭ ئورگىنى «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ژۇرنىلىمىز شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكەملەشتە ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينايدۇ.

جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە «كۈرەش» ژۇرنىلىغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىدا:


ئەسىرلەر بويى مەھكۈملىكتە ياشاپ كەلگەن بىر مىللەتكە قۇللۇق، ئەسىرلىك ھاقارەتتىن قۇتۇلۇپ، ئازات دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى ئەبەدىي ساقلاش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىڭلىغان پاك ۋىجدانلىق قەھرىمان ياشلىرىمىز قۇرۇۋان بولۇشى مۇمكىن. يەنە نۇرغۇن ساندىكى كۈرەشچان، تىرىشچان، پىدائىي زىگىتلەرنىڭ غەيرەت ۋە ھىممەتلىرى ئارقىلىق دۆلىتىمىز ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئەبەدىي ياشالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاپچىل ياشلار ۋەتەن، مىللەت ۋە دىنىي سۆيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ھارماي-تالماي، قورقماي، يالىقماي ھەر دايىم ئالغا باسماقلىرى لازىمدۇر!» دەپ يازغان ئىدى.

ۋۇقارقى فاكتلاردىن مەلۇم بولىدىكى، ئەسلىدە ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەشكىلاتنىڭ سىپى كەڭىيىپ، ئازات ئۈچ ۋىلايەتتە 50 مىڭدىن ئوشۇق ئەزاغا ئىگە بولغان.

ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى غۇلجىدا «خ ئى پ نى» قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاستا-ئاستا «خ ئى پ چىلارنىڭ» قولىغا ئۆتۈپ قالدى. بىراق، بۇ ئەسۋال ياشلار تەشكىلاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. چۈنكى 1948-يىلى 1-ئاۋگۇست كۈنى «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندا، «ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئىتتىپاق سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com



ئەخمەتجان قاسىمىي (1914-1949)

1948-يىلى 1-ئاۋغۇست كونى غۇلجا شەھرىدە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى بۇ ئىتتىپاق ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە ئەخمەتجان قاسىمىي سايلاندى ۋە 39 كىشىلىك مەركىزىي ھەيئەت سايلىنىپ چىقتى. «ئىتتىپاقنىڭ» پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە چىقارغان «مۇراجىئەتنامە»:

«شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ» ئالدىغان قويغان ۋەزىپىسى: –

«شىنجاڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق ئورنىتىشقا، پىتىم ماددىلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا، كېلىشىمنى بۇزغۇچى لۈكچەكلەرگە زەربە بېرىشنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى ئاممىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن پىتىم تۈزۈشكەن دەۋىر بولغانلىقتىن، پىتىم شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش تەكىتلەنگەن. بىراق «ئىتتىپاقنىڭ» ئاخىرقى مەخسىتى: خەلقىمىزنىڭ تولۇق ئەركىنلىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. «ئىتتىپاقنىڭ» ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ تەركىۋىدە ھەر خىل ئىدېيادىكى ئادەملەر قاتناشقان بولسىمۇ، ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇق مىللىي مۇستەقىللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار: ئەخمەتجان قاسىمىي، رەخىمجان ھابىرھاجىيېۋ، زۇنۇن تېيىپوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، ئابدۇرېھىم ئەيسا ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مونۇ سۆزلىرى بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ:

«بىزمۇ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئەركىن ھايات كەچۈرۈشكە، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە، بەخت-سائادەتلىك، پاراۋەن ھايات كەچۈرۈشكە ھەقلىق بىز. بىز موشۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش مەيدانىغا چىقتۇق».

«پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشتە قۇرۋان بولۇپ تۆگەپ كېتىشكە رازىكى، ئامما دۈشمەنگە قۇل بولۇشقا رازى بولمايدۇ».


«ئەركىنلىكنىمۇ، مۇستەقىللىكنىمۇ مۇستەملىكچى مەملىكەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمەيدۇ. ئۇنى

كۆرەش قىلىپ تارتىۋېلىشىمىز كېرەك».

ئاخىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بېسىملىرىغا باش ئەگمەي، مىللىي مۇستەقىللىك غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ، موشۇ يولدا قۇرۇان بولۇپ كەتكەنلىك فاكتىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلار، مىللىي مۇستەقىللىك كۈرەشچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ! ژىغىپ ئېيتقاندا، «ئازاتلىق تەشكىلاتى»، «ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى»، «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» ۋە «ئىتتىپاق» بۇ تەشكىلاتلار ۋەتەننىڭ مىللىي مۇستەقىللىكىنى نىشان قىلغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەشكىلات ئەزالىرى خىتاينىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، خىزمەتلەردىن قوغلاندى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

www.uyghurkitap.com

## 4. «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتى



خەمىت سەيدىي (1904-1956)

«خ ئى پ» تەشكىلاتىنىڭ ئەرباپلىرى 1948-ژىلى ماي ئېيىدىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇش ئىدېياسىنى ئاشكارە تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. خ ئى پ نىڭ رەيىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مىللىي ئارمىيا سەياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىغى زايىر ساۋدانوۋنىڭ ھەمرالىغىدا شىخۇدىكى دالا شتابىدا سەياسىي كۇرس ئېچىپ، مەركىزنىڭ يۆنىلىشتىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ سەياسىي بۆلۈم باشلىقلىرىنى ژىغىپ، ئۇلارغا دەرس ئۆتتى. ئۇلار ئۆز لېكسىيالىرىدە:

«ھازىر دۇنيا ۋەزىيىتى ئۆزگەردى. جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئۆزگەردى.

بىز بۇرۇن جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق. ئەندى بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ رەھبەرلىگى ئاستىدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەڭ ھوقۇقلىغىنى ۋە باراۋەرلىگىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەخسەت قىلدۇق. شۇڭا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ غەلىبىمىز بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى خەنزۇ خەلقىنىڭ تەغدىرى بىلەن بىللە ھەل بولىدۇ!» دەپ تەشۋىق قىلدى. ئۇلار شۇ ژىلى ئىيۇلدا بىر قېتىم، دېكابىردا يەنە بىر قېتىم مىللىي ئارمىيانىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىغا بېرىپ، ئوفىسېرلارنى ژىغدۇرۇپ، سەياسىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى. مىللىي ئارمىيانىڭ يەنىسخەيدە تۇرۇشلۇق 1-پىيادە پولكىدىكى بىر قىسىم ئوفىسېرلار ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ خىل تەسلىمچىلىك ئىدېياسىگە قوشۇلمىدى. ئۇلار «جېنىمىز چىقىپ كەتسىمۇ مىللىي مۇستەقىللىكتىن ۋاز كەچمەيمىز! مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ساقلاپ قالىمىز!» دېيىشىپ، قەسەم ياد قىلىشتى. پولك سەياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى سابىت ئابدۇراخمان بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇستازى خەمىت سەيدىيگە خەت يېزىپ، مەسلىھەت سورىدى. خەمىت سەيدىي ئالىي مەلۇماتلىق ئۆزبەك زىيالىيسى بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ ئىككى زات تۈرمىدە شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىللە يېتىپ، بىر-بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەمىت سەيدىينى ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ مەسلەكداش دوستى دەپ ھۆرمەت قىلاتتۇق.

شۇ كىشىنىڭ يول-يورۇغىنى ئالغاندىن كېيىن، مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان يېڭى تەشكىلات قۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى. دېمەك، «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتى خەمىت سەيدىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئىدى. بۇ شۇ زاماندان خ ئى پ چىلارنىڭ تەسلىمچىلىك غايىسىگە قارشى مەيدانغا چىققان بىردىن-بىر سەياسىي تەشكىلات ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ تۈپ مەخستى، شەرىقتىن كېلىۋاتقان خىتا كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلماسلىق، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، يەتتە ۋىلايەتنى تولۇق ئازات قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتنىڭ نامىنى «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» دەپ ئاتىغان. خىتاي كوممۇنىستلىرى بولسا، بۇ ھەقىقەتنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ، تەشكىلاتنىڭ مەخسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، «مىلللەتچى پانتيۇرىستلار» دەپ كۆرسىتىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى. نەتىجىدە، «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئۆمۈر بويى خىتاينىڭ تۈتقۇن سىرگۈنلىرى ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشتى.

مىللىي ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى تارىخنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ياردىمى بولسۇن دەپ، بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىسمى-شەرىپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

1. پارپورشىك سابىت ئابدۇراخمانوۋ – پولك سەياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى.
2. پورۇدچىك يۈسۈپجان تايىروۋ – پولكنىڭ قۇرال بۆلۈم باشلىغى.
3. پورۇدچىك ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ – روتا كوماندىرى.
4. كاپىتان نۇردۇن تۇردىيۇ – روتا سەياسىي كومىسسارى.
5. پراپورشىك ھەسەن داۋۇتوۋ – باتالىون شتابى ئىش باشقۇرغۇچىسى.
6. سۇلايمان ھوشۇروۋ – ۋزۋود كوماندىرى.
7. پراپورشىك ئابلەھەت توختىيۇ – ۋزۋود كوماندىرى.
8. فېلدفېبېل ئابدۇقادىر مەمەتئەلىيۇ – ۋزۋود كوماندىرىنىڭ مۇاۋىنى.
9. فېلدفېبېل سېيىت مەھەمەتوۋ – روتا خوجۇلۇق ئىشلىرى مەسئۇلى.
10. كىچىك ئوفىسېر ئەكرەم ئىبراھىموۋ – پولك شتابىنىڭ كاتىۋى.
11. كىچىك ئوفىسېر داموللا داۋۇتوۋ – پولك دىنىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى.
12. كىچىك ئوفىسېر رەخىم ھوشۇروۋ – روتا شتابىنىڭ كاتىۋى.
13. كىچىك ئوفىسېر ئۆمەرجان ھېۋىزوۋ – روتا شتابىنىڭ كاتىۋى.
14. كىچىك ئوفىسېر ئابلىز ئوبۇلقاسىموۋ – فېلدشېر-سانىتار خادىمۇ.

ژۇقارقى ئوفىسېرلاردىن باشقا موشۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك غۇلجا شەھىرىدىكى زىيالىلاردىن: خەمىت سەيدىي، ئابدۇسۇبۇر سەيدىي، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خېلىل ھەمراېۋ ۋە سۇنئەتۇللا مىراسىم قاتارلىق 5 كىشى قولغا ئېلىنغان. شۇنداق قىلىپ، ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن 19 كىشى قولغا ئېلىنغان ئىدى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

موشۇ كىشلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا 25-20 ياش ئارىلىغىدىكى ياش ئوفىسېرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى چەكلىك، ھايات تەجرىبىسى ئاز بولسىمۇ، ۋەتەن ئازاتلىغىغا بولغان تەلپۈنۈشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

ھازىر ئويلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ كىشلەر شۇ چاغدا ياش بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى توغرا، باتۇرانە ئىش قىلغان ئىكەن. يەنى، قورقماي خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ بەرگەن ئىكەن.

موشۇ دېلو بويىچە سوراقچىلارنىڭ بىرسى بولغان تۇرسۇن دەرىيانىڭ كېيىنكى ژىللاردا ئېيتىپ بېرىشىچە، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان جاسىمىي سوراقچى شۇمۇتوۋ بىلەن تۇرسۇن دەرىيالارنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا: «بۇ ياشلار قىلىچتەك ئۆتكۈر باللار ئىكەن. ئۇلارنى سوراق قىلغاندان، قوپال مۇامىلە قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!» دەپ يول-يورۇق بەرگەن ئىكەن. رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىي بىلەن باش قوماندان گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەكلەر «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ ئىشى بويىچە سوراق پروتوكولى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن ئىسھاقبەكنىڭ قولى بىلەن مۇنداق دەپ تەستىق سالغان:

«ماتېرىئال بىلەن تانىشىپ چىقتىم. باللارنىڭ مەقسەدى تۇۋرا. بىراق، ئارمىيامىزنى ئىدېلوگىيا ياتقان پارچالاغان ئاۋر خاتالاغى بار. باللارنىڭ ئۆتكەنكى خىزمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىدېياۋىي تەربىيە بېرىلگەندەن كېيىن قايتا ئىشقا قويىلسىن» –

گېنېرال-لېيتېنانت ئىسھاقبەگ.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبەگلەرنىڭ موشۇ تەستىقى بولغانلىقى ئۈچۈن «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا قىسقا مۇددەتلىك تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن، 1950-يىلى 15-ئاپرېلدا ھەربىي قىسىمغا (5-كورپۇس شتابىغا) ئەۋەتىپ بېرىلدى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەگەر بۇ دېلو مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ قولى بىلەن بېشىلمەي، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، شۈبھىسىز، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولاتتى!

## 5. خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى
## (قىسقارتىلغان نامى خ ئى پ)



ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ (1920-1949)

بۇ ياش ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى ئۇيغۇرستاندا تۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئىدىيانى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى تەرىپىدىن 1949-يىلى 5-ماي كۈنى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان كوممۇنىستىك ئىدىيادىكى سەياسىي پارتىيا ئىدى.

موشۇ پارتىيانى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئەنۋەر خانبابا: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىئاللىرى» سېرىياسىنىڭ 42-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى پارتىيا تەشكىلاتلار» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا، خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«شىجاڭدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى سوۋېت تەسىرى سىڭگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئىلغار ياشلار ئاز ئەمەس ئىدى. موشۇنداق ئىلغار ياشلارنىڭ نامايەندىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىدى. ئۇ ماركسىستىك دۇنيا قاراش تىكلىگەن، مول سەياسىي بىلىمگە ئىگە، زېراقنى كۆرەر، ئىنقىلاپ يولىدا قۇرۇلۇپ بولۇشتىن قورقمايدىغان، مىللىي قەھرىمان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈچلۈك قەلەم ئىگىسى، ناتىق، ئىلغار ئىدىيانىڭ تەرغىباتچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى ئىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن بىز مەخپىي ھالدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش توپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. ئۆگىنىش جەريانىدا، ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيا بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق. ئاخىرى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارتىيا قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. ئابدۇكېرىم باشلىق يەتتە كىشى مەسلىھەتلىشىپ، 1949-يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى (ك.ماركس تۇغۇلغان كۈنى) پارتىيانى تەسىس قىلدۇق. گەرچە، پارتىيامىز كوممۇنىستىك خاراكتېردا بولسىمۇ، ۋەزىيەت ئېتىۋارى بىلەن ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيا دەپ ئاتىماي، «خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى» (خ ئى پ) دەپ ئاتىدۇق. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى يەتتە كىشىدىن تەركىپ تاپتى. مەخپىيەتلىك ئاشكارە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھەر بىرىمىزنىڭ مەخپىي ناملىرىمىز بار ئىدى: ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ – لۇتفى، سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ – ئىلدان، سەيپىدىن ئەزىزىي – نۇر، ئەسەت ئىسھاقوۋ – ئىجات، مۇھەممەتىمىن ئىمىنوۋ – نىجات، ئەنۋەر خانبابا – چولپان، ئابدۇللا زاكىروۋ – ئىلغار دەپ ئاتىلاتتى (بۇ ئىسىملارنىڭ باش ھەرپلىرىنى

قوشقاندا «لىنىنچى» دېگەن سۆز ھاسىل قىلاتتى). بۇ سۆزدىن پارتىيامىزنىڭ غايىسىنى بىلگىنى بولىدۇ.

1946-ژىلى 11-ئايدا نەنجىڭ شەھىرىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋمۇ بار ئىدى. ئابدۇكېرىم موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ نەنجىڭدىكى ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئىككى قېتىم يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ، خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيامىزنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇ پارتىيامىز نامىدىن تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويدى:

1)-بىز جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ رەھبەرلىگىنى قوبۇل قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىياسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيامىزنى ئۆزلىرىنىڭ بىر شۆبىسى دەپ تونۇپ، بىزنى جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلسا؛

2) - بىزگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن مەركەزدىن كادىر ئەۋەتىپ بەرسە؛

3) - يەنئەن بىلەن دايىمىي ئالاقە قىلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئادەم ۋە راسسىيا ئاپپاراتى ئەۋەتىپ بەرسە.

يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى قىزغىن كۈتىۋالدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ژۇقارقى تەلەپلىرىنى مەركەزگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم قايتىدىغان ۋاقىتدا، جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ نىزامنامىسىنى، ماۋجۇشى، ليۇ شاۋچى ئەسەرلىرىنى تەغدىم قىلدى. موشۇ ھۆججەتلەرنە تەرجىمە قىلىپ، پىششىق ئۆگىنىشىمىزنى تاپىلىدى. يەنئەن بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن پىن گوەن دېگەن رادىستنى (ئۇنىڭ نامىنى ۋاڭ ئەندى دەپ ئۆزگەرتىپ) بىرا راسىيا ئاپپاراتى بىلەن ئابدۇكېرىمگە قوشۇپ بەردى. كادىر ئەۋەتىپ رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىنى بولسا، كېيىنرەك ھەل قىلىدىغانلىغىنى ئېيتتى (دۇڭ بىۋۇنىڭ بۇ ۋەدىسىگە مۇۋاپىق 1949-ژىلى 14-ئاۋغۇست كۈنى جۇڭگو كومپارتىياسى مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى دىڭ لىچۈننى غۇلجىغا ئەۋەتتى).

بىز بىلىمىزكى، خىتاي كومپارتىياسىنىڭ 1949-ژىلى قوبۇل قىلغان (ئابدۇكېرىم ئېلىپ كەلگەن) پروگراممىسىدا پارتىيانىڭ مىللىي سەياسىتى توغرىلىق:

«پارتىيامىزنىڭ بۇرۇنقى پروگراممىلىرىدا، جۇڭگو فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ تەشەببۇس، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا توغرا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەشەببۇسنى دادىل تەنقىت قىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگودا پەقەت مىللىي تېررىتورىيالىك ئاۋتونومىيا سەياسىتىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك»، - دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئەنۋەر خانبابانىڭ ژۇقارقى باياناتلىرىدىن مەلۇمكى، خ ئى پ موشۇ پروگراممىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ ئالغان. دېمەك، خ ئى پ نىڭ ئاخىرقى مەخسىتى - سەياسىي نىشانى: ۋەتەنىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل مۇستەقىللىگى ئەمەس، جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ يېتەكچىلىگىدىكى مىللىي ئاۋتونومىيا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كەلگەندىن كېيىن. 1955-ژىلى 1-ئوكتيابىر كۈنى شىنجاڭ-ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. خ ئى پ چىلارنىڭ پروگراممىلىق مەخسىتى ھەل بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى: رەئىس، مىنىستىر دېگەندەك مەنسەپلەرگە ئېرىشكەنمۇ بولدى. بىراق، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقى نېمە پايدا ئالدى؟ خىتايلار سوغات قىلىپ بەرگەن ئاۋتونومىيانىڭ ماھىيىتى نېمىدىن ئىبارەت ئېكەنلىگىنى 55 ژىللىق ئەمەلىيات ئۇبدان كۆرسەتتى ئەمەسمۇ؟

ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىز موسكۋادا پاجەلىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «ئىتتىپاق» جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى موشۇ خ ئى پ چىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. سەيپىدىن ئەزىزىي بىلەن ئالىمجان ھاكىمباېۋلار 1949-ژىلى 29-سېنتيابىر كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ رەئىسى ماو زېدۇڭغا يوللىغان تەبرىك خېتىدە:

«بىز جۇڭگو خەلق سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەرمىي ئەمەلدارى تاۋسىيۇ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدىلەرنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىياسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ رەھبەرلىگىنى قوبۇل قىلغانلىغىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز سىلەرنىڭ رەھبەرلىگىڭلار ۋە خەلق ئازاتىق ئارمىياسىنىڭ يول-يورۇغى ئاستىدا شىجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلىپ، خەلقىمىز ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكتىن خوشالىمىز. سىلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان بۇ شەپقەتىڭلارغا رەخمەت ېيتىمىز!» دېگەن ئىدى.

بىراق، خ ئى پ تەشكىلاتىنىڭ بەزى ئەزالىرى مەسىلەن، مەمتىمىن ئىمىنوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ ۋە باشقىلار كېيىنكى ژىللاردا ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىغىنى، دۈشمەنگە ئالدانغانلىغىنى چۈشىنىپ، 1962-ژىللارغا كەلگەندە مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي پارتىيانى يېڭى «خ ئى پ نى» قۇرۇپ چىقىشتى. بۇ پارتىيا پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، موشۇ ھەرىكەتنى ئۈچۈن تۈرمىگە ئېلىنىپ، دۈشمەننىڭ قولىدا پاجەلىك تۈردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

شۇڭا بىز 1946-ژىلى غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ باشچىلىغىدا قۇرۇلغان خ ئى پ بىلەن 1962-ژىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە مەمتىمىن ئىمىنوۋنىڭ باشچىلىغىدا قۇرۇلغان خ ئى پ نى پەرىقلەندۈرۈپ

قارىشىمىز كىرەك. ئالدىنقىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىرىشىشنى مەخسەت قىلغان كوممۇنىستىك خاراكتېردىكى پارتىيا ئىدى. كېيىنكىسى بولسا، مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلىپ قۇرۇلغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي پارتىيا ئىدى. بۇ ئىككى پارتىيانىڭ پروگراممىلىق مەجسەتلىرى بىر-بىرىسگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خ ئى پ نى بىر پارتىيا دەپ قاراش تامامەن خاتا.

## 6. «چىنى تۈركىستانچىلار» گرۇھى



ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن (1901-1995)

«چىنى تۈركىستانچىلار» بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋىلايەتلەردە، ئاساسەن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان سەياسىي تەشكىلات ئىدى.

بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى: مەسئۇت سابىرى، ئەيسا ئالپتېكىن، مەمتىمىن بۇغرا ئەپەندىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئاز ساندىكى زىيالىلار ئىدى. بۇ كىشىلەر 1930-ژىللاردىن بىرى مەركەزدە تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن مەركەزدىن شىنجاڭغا ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ كېلىشكەن ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە م.ئى.بۇغرا ئەپەندى 1932-1934 ژىللاردىكى خوتەن ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان ۋە رەھبىرىي خىزمەتلەردە بولغان. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى ھېچ قانداق ئىنقىلاپقا قاتناشمىغان كىشىلەر ئىدى.

1945-ژىلى ئوكتايىبىردا گومىنداڭنىڭ سەياسىي ئەربابى جياڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۈرۈمچىگە چىققان ۋاقتىدا، «پايدىسى تېگىپ قالار» دېگەن ئوي بىلەن بۇ ئەپەندىلەرنى ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىققان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستاننىڭ سەياسىي سەھنىسىدە «چىنى تۈركىستانچىلار» دەپ ئاتالغان سەياسىي گۇرۇھ پەيدا بولدى ۋە ئۆز رولىنى ئويناشقا باشلىدى.

بۇ گۇرۇھنىڭ ئىختىيارىدا 1946-ژىلى يازدا «ئالتاي» نەشرىياتى تەسىس قىلىندى. موشۇ نەشرىيات تەرىپىدىن ئۆز ئالدىغا «ئەرك» ناملىق گېزىتى ۋە «ئالتاي» ناملىق ژۇرنالى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ كىشىلەر ياش ۋاقتىدا تۈركىيادە ئوقۇغان ياكى ئۇيغۇرستاندا تۇرۇپ پانتيۇركىزم ئىدېياسىنى قوبۇل قىلغانلار ئىدى. ئۇلار: «مىللىتىمىز ـ تۈرك، دىنىمىز ـ ئىسلام، يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندۇر»، دېگەن شىئارنى كۆتىرىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ مەخسىتى: خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مۇستەقىللىكنى تەلەپ قىلماستىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىل تېپىشىپ، موشۇ ئىككى نامنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ۋە ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. ئاندىن كېيىن شارايىت پىشىپ يېتىلگەندە خىتاي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىي بۇ ئەپەندىلەرنى ئەيىپلەپ، تالاي ماقالىلارنى يازغان ئىدى.

چىنى تۈركىستانچىلارنىڭ سەياسىي تەشەببۇسى: ـ بىز خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە قېلىشنى خالايمىز، پەقەت بىزگە ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بەرسىلا بولدى، ـ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

1947-يىلى ئاپرېلدا، جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى مەسئۇت سابىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، مەتمىن بۇغرانى مۇئاۋىن رەئىس، ئەيسا ئالپتېكىننى باش كاتىپ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئەپەندىلەر مۇشۇ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالدىغا، يۇقارقى تەكلىپنى قايتىدىن قويۇشتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئەپەندىلەرگە مادارا قىلىپ، «شىنجاڭ»- دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «چىنى تۈركستان» دەپ ئاتاشقا رۇخسەت قىلدى. چىنى تۈركستانغا مىللىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دېمەك، چىنى تۈركستانچى ئەپەندىلەر ئۆز مەخسىتىگە يەتكەنمۇ بولدى. بىراق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىگە نېمە پايدا؟..

يىغىپ ئېيتقاندا، چىنى تۈركستانچىلار بىلەن خ ئى پ چىلار بىر-بىرىگە قارشى تەشكىلاتلار ئىدى. يەنى، ئۇلارنىڭ تاللىغان غوجايىنلىرى باشقا-باشقا. چىنى تۈركستانچىلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قويىنىدا ياشاشنى خالايدۇ، خ ئى پ چىلار بولسا، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بېقىنىپ ياشاشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

ئەيسا ئالپتېكىن ئەپەندى مۇشۇ ۋاقىئەلەرنى ئەسلەپ، 1989-يىلى تۈركىيادە چىقىدىغان «شەرقىي تۈركستان ئاۋازى» ژۇرنىلىدا «ۋاڭ ئىنماۋغا ئوچۇق خەت» ئېلان قىلدى. مۇشۇ مەكتۇپتە ئەپەندىلەرنىڭ يۇقارقى خىزمەتلىرى ئەسكە ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

«مەسئۇت سابىرىي بىلەن ئەيسا ئالپتېكىن ئەپەندىلەر جۇڭگونى پارچىلاش نىيىتىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدە تۇرماستىن، جۇڭگوغا بېرىپ، ياپون تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى سەپتە تۇرغان. شەرقىي تۈركستان خەلقىنى ئۆز يۇرتىدا ئىنسانىي ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيادىن بەھرىمەن قىلىش – ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر غايىسى ئىدى، خالاس» («شەرقىي تۈركستان ئاۋازى» ژۇرنالى، 1989-يىل 27-سانى).

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

يۇقۇرىدىكى فاكتلار شۇنى كۆرسىتىدىكى: ئەينى يىللاردا «خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى» گۇرۇھى بىلەن «چىن تۈركستانچىلار» گۇرۇھى بىر-بىرىگە قارشى گۇرۇھلار سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋاقىرىغان شىئارلىرى، كۆتىرىۋالغان بايراقلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ چىقتى، چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ئەمەس، خىتاينىڭ تەركىۋىدە بولىدىغان، مىللىي مۇختارىيەت ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. بىرلا پەرقى، ئۇلارنىڭ تاللىغان غوجايىنلىرى باشقا-باشقا ئىدى. چىنى تۈركستانچىلار – گومىنداڭ قويىنىدا ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. خ ئى پ چىلار بولسا – خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ غوجايىن بولۇشىنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئاخىرقى ھېساپتا بۇ گۇرۇھلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز مەخسەتلىرىگە يەتكەنمۇ بولدى. غوجايىنلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەر قايسىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپ دېگەندەك مەنسەپلەرگىمۇ ئېرىشتى. بىراق بۇنىڭدەك ئالىي مۇختارىيەتتىن ئۇيغۇر خەلقىگە ھېچ قانداق پايدا كەلمىدى ھەم كەلمەيدۇ. شۇ چاغدىكى مۇستەقىلچىلەرنىڭ بىر ۋەكىلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇ ئىككى گۇرۇھتىكىلەرنى تەنقىت قىلىپ:

«كۆك ئىشت، سېرىق ئىشت بەرى بىر ئىشت، ئۇلاردىن بىزگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دەپ ھەق سۆزنى ئېيتقان ئىدى. بۇزات موشۇنداق كۆز قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭنىڭمۇ، گوڭسەنداڭنىڭمۇ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 42 يىللىق ئۆمرى خىتاي زىندانلىرىدا ئۆتتى ۋە 83 يېشىدا دۈشمەنىنىڭ قولى بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى!

چىنى تۈركستانچىلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى، خ ئى پ چىلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئازات شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى يوقاتقانلىقى – تارىختىكى ئاپاقغوجىنىڭ جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كېلىپ، سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتقانلىقى ئىمىن ۋاڭنىڭ مانجۇ-خىتايلارنى باشلاپ كېلىپ باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتقانلىقى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ. بۈگۈن بىز ئاچچىق بولسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ئېيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئارىدىن 55 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى، بۈگۈنكى كۈندە موشۇ پاجىەلىك تارىخ يەنە تەكرارلىنىۋاتىدۇ. خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار بىلەن شەخسلەر سەھنىگە چىقىپ، كۆككە كۆتىرىلىۋاتىدۇ. ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىگى نىشانىدا چىڭ تۇرغان تەشكىلاتلار بىلەن ئىنقىلاپچىلار «ئېكستىرېمىست، تېررورىست، بۆلگۈنچىلەر» دەپ تۆھمەت قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىدە يەنە خائىنلار رول ئويناشقا باشلىدى. موشۇنداق شارائىتتا خەلقىمىز ھوشيار بولۇپ، ھەق بىلەن ناھەقنى، ھەقىقىي ئىنقىلاپچى بىلەن يالغان ئىنقىلاپچىلارنى پەرىق ئېتىشلىرى كېرەك، ئەلۋەتتە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۈرەتلەردە: سوۋېت رازۋېتچىگى ھاكىم جاپپاروۋىچ 1949-1944-يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرىغىنى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋاغا چاقىرتىلىپ، س س س ر ئالىي سوۋېتى تەرىپىدىن مېدال بىلەن تەقدىرلەنگەن. بۇ ھاكىم جاپپاروۋىچ مېدال ئالغان چاغدا ئالىي سوۋېت رەئىسى شۋېرنىك، ك پ س س سېكرېتارى سۇسلوۋلار بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىمى.

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

تارىخچىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋاقىئەلەرنى بۇزماستىن، ئەينەن توغرا كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تارىخچى سۈپىتىدە شۇ زامانىدىكى ھەقىقەتنى ئەينەن ئېيتىپ بەردىم. ئەندى، ئۆزەم ئەشۇ كىشىلەرنىڭ ئاددىي شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، شۇ زاماندا خ ئى پ تەشكىلاتىنى قۇرغۇچىلار ھەممىسى ۋەتەن، مىللەتنى سۆيىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئادىل نىيەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارمۇ ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيەتتى. موشۇ مەخسەت يولىدا جانلىرىنىمۇ پىدا قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى. بىراق، خ ئى پ چىلار ئۆز ۋاقتىدا كوممۇنىستىك ئىدىيانى قوبۇل قىلغان ياشلار بولۇپ، ئۇلار پەقەت موشۇ يول بىلەنلا مىللەتنى قۇتقۇزۇشقا بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ياش، سەياسىي تەجرىبىسى ئاز زىيالىلار ئىدى. ئۇلار خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىنى بېرىدۇ ــ دەپ ئىشەنگەن، خىتايلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگە، موشۇ سەۋەپتىن خاتالاشقان ئىدى. بىز بۇ كىشىلەرنىڭ خاتالىغىنى بۇرھان، سەيپىدىنلەرنىڭ خائىنلىغىدىن پەرىقلەندۈرۈپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىشىلەرنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمىز! پەقەت تارىخىي ساۋاق بولۇشى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئىدىياۋىي خاتالىغىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق، خالاس.

## §8. موشۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى



لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922-1945)

ل.مۇتەللىپ 1922-يىلى 16-نويابىر كۈنى ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق ئۆمرى ئىلى ۋىلايىتىنى جاغىستاي يېزىسىدا ۋە نىلقا ناھىيەسىدە ئۆتكەن. ئۇ 1932-1939-يىللىرى غۇلجا شەھىرىدىكى تېئاتىر مەكتىۋى بىلەن رۇس گىمنازىياسىدە بىلىم ئالغان. 1939-1940-يىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۆلكىلىك «دارىل مۇئەللىمىن» مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1941-1944 يىللار ئارىلىغىدا «شىنجاڭ گېزىتىدا» ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتىدە» تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.


لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى.

ل.مۇتەللىپ 15 يېشىدىن باشلاپ شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى ھەم تېزلىكتە ئۆسۈپ يېتىلدى. 1941-1944 يىللارغا كەلگەندە ئۇ جاماەتچىلىكنىڭ ئەڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان شائىرىغا ئايلاندى. ل. مۇتەللىپ يالغۇز شائىرلا بولۇپ قالماستىن، نەسرىي ئەسەرلەرنىمۇ، پۇبلىسىستىك ماقالىلارنىمۇ يازغا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دراماتۇرگىيا ۋە فىلېتون ساھاسىدىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايىش قىلغان ئىدى. تېئاتىر ساھاسىدا خەلق سۆيۈپ كۆرىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن بىللە ئۆزى باش روللاردا ئويناتتى ھەم رېژىسسېرلۇق قىلاتتى.

1944-يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ باشلانغان ۋاقىتتا ل.مۇتەللىپ ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە ئۆز ئەمەلىياتى بىلەن ھەسسە قوشماقچى بولۇپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن بىللە يوشۇرۇن ھالەتتىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە يوشۇرۇن پائالىيىتىنى باشلىدى. بىراق، بۇ تەشكىلات ئۇزاققا بارمايلا ھېكىمنۇر قاتارلىق خائىنلارنىڭ كاساپىتىدىن پاش بولۇپ قالدى. تەشكىلات ئەزالىرى 1945-يىلى ماي ئېيىدا قولغا ئېلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن تۈرمە ئىچىدە كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. شۇندىمۇ خىتاي سوراقچىلىرى بۇ ئىنقىلاپچىلارنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئاخىرى، سېنتيابىرنىڭ 18-كۈنى كېچىدە ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ» ئەزالىرى خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تۈرمە ئىچىدە ئېتىپ ۋە چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى!

ل.مۇتەللىپنىڭ تەغدىرى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرىگە ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ شائىرىمىزنى «ئۇيغۇرستان ئاسمىنىدا يېنىپ ئۆچكەن ئۈچ يۇلتۇز» دەپ ئېيتىشىمىز مۇمكىن.

# زۇنۇن قادىرى (1912-1989)



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

زۇنۇن قادىرى ـ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر پروزىسى بىلەن دراماتۇرگىياسى ساھاسىدا تونۇلغان پېشقەدەم ئەدىب.

زۇنۇن قادىرى 1912-يىلى 6-ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ھاياتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرى غۇلجىدا ئۆتكەن. ئۇ 1939-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇغان.

1940-يىلى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، مەكتەپلەردە مۇئەللىم، ئۇيغۇر تىياتىرىدا ئارتىست، دېكوراتور، رېژىسسېر، قوشۇمچە ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

1944-يىلى نويابىردا غۇلجا شەھىرى ئازات قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسىدە ھەربىي مۇخبىر ۋە تەھرىرلىك خىزمەتلىرىدە ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1949-يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى قايتا بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. زۇنۇن قادىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلاپ دەۋرلىرىدە يازغان «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، شەپقەت ھەمشىرىسى»، «ماغدىر كەتكەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق 20 دىن ئوشۇق ھېكايىلىرى، «غۇنچەم»، گۈلنىسا»، «توي ئۈستىگە توي» ناملىق درامىلىرى، «غېرىپ-سەنەم» كىنوسسېنارىيىسى ئوقۇرمەنلەر بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىدىن چىققان ھەم رېئال، ھەم تەسىرلىك ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەدىبنىڭ خاتىرىلىرى، مەسەل ۋە چۆچەكلىرى گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ھەم كىتاپلاردا يورۇق كۆرگەن.


زۇنۇن قادىرى 1960-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىەلىك تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رومان يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، 1962-يىلى يازدا زۇنۇن قادىرىنى قولغا ئالغاندا ئۇنىڭ يېزىپ، ساقلاپ زۈرگەن قول يازمىسى بىلەن ماتېرىياللىرى خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بۇ دەرتلەر ئاز بولغاندەك، 1962-يىلدىن 1979-يىلغىچە ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. تالانتلىق يازغۇچىنىڭ راسا ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان دەۋرى خىتاي زىندانلىرىدا ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئازاپ-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتتى. زالىملارنىڭ ۋەھشىيانە قىيناشلىرى نەتىجىسىدە بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلدى.

خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمىدىن قاتتىق رەنجىگەن يازغۇچى 1989-يىلى سېنتەبىردا بالىلىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە كۆچۈپ چىققان ئىدى. ئۇ 27-سېنتەبىر كۈنى ئالمۇتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ زارىيا ۋوستوكا مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىندى. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ قەبرى ئۈستىگە يازغۇچىنىڭ سىيماسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان برونزا ھەيكىلىنى ئورنىتىپ قويدى.

زۇنۇن قادىرى دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك كەتكەن ۋىژدانلىق ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ ياش يازغۇچىلارغا ياخشىلىقى

كۆپ تەككەنۇ، بىرمۇ زىيىنى تەگمىگەن. زۇنۇن قادىرىينىڭ ھېچ قاچان دۈشمەنگە خوشامەت قىلمايدىغان، ئۆز خەلقىنى جان دىلى بىلەن سۆيىدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگۈنىشىگە ئەرزىيدۇ!
يازغۇچىنىڭ دەپىن مەراسىمىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرسى مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇدى:


ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ژىغلىغىن، ئەي ئۇيغۇرستان،
ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغلۇڭدىن ئايرىلدىڭ بۈگۈن!
دۇنياغا ئۇيغۇرنىڭ داڭقىنى كۆتەرگەن،
قادىرىيدەك قانتىڭدىن قايرىلدىڭ بۈگۈن!
زۇنۇن قادىر دۈشمەنگە ئوت ئېدىڭ، ئەمما
خەلقىڭگە مېھرىۋان دىلاۋەر ئېدىڭ.
ياتلارغا خوشامەت قىلمىدىڭ ئەسلا،
ھەقىقىي ئەل ئوغلى بولۇپ ياشىدىڭ!
ئۆمرۈڭ ئۆتتى تۈگىمەس تەشۋىشلەر بىلەن،
قەبرەڭدە تەشۋىشسىز ئارام ئېلىپ يات.
ئۇندا يوقتۇر جىسمىڭنى بوققان كىشەنلەر،
ئۇندا يوقتۇر قەلبىڭنى موجۇغان جاللات!
ئەلۋىدا، رازى بول، ئەي ئەزىز ئىنسان،
مەڭگۈگە ئارام ئېلىپ ياتقىن قەبرىدە
جىسمىڭ قارا تۇپراقتا كۆمۈلگەن بىلەن،
سېنىڭ نامىڭ ياشايدۇ ئەلنىڭ قەلبىدە!



نىم شېھىت (1906-1972)

نىم شېھىت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ 1906-ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسىدا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن 1922-1930 ژىللاردا باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسىلەردە بىلىم ئالغان. كېيىن بولسا، قەشقەردىكى ئاتاقلىق «خانلىق مەدرىسىدە» تەھسىل كۆرگەن. شائىر موشۇ جەريانىدا كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشقان.
ئۆزىمۇ مەشىق قىلىپ، شېئىرلارنى يېزىشاقا باشلىغان. 1933-ژىلى قەشقەردە مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ باشلانغاندا شائىر قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، جەڭ مەيدانىدا ئوق تېگىپ يارىدار بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە «نىمشېيىت» (يېرىم شېھىت) دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلغان. شائىر 1935-1945 ژىللىرى «ئاقسۇ گېزىتىدا» تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەينى ژىللاردا نىم شېھىت، لۇتپۇللا مۇتەللىپىنىڭ خىزمەتدىشى ھەم ئۇستازى بولغان ئېدى. 1945-ژىلى ئىيۇل-ئاۋگۇست ئايلىرىدا شەرقىي تۈركستان مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى ئاقسۇنى ئازات قىلىش جېڭىنى باشلىغاندا ئەرمىيا ئېلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇپ خىتاي

مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جەڭخى ئاتالانغان. 1945-ژىلى سىنتىيابىردا مىللىي ئارمىيا قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، غۇلجىغا قايتقان ۋاقىتتا ئەرمىيا ئىبلىمۇ ئەسكەرلەر بىلەن غۇلجىغا قايتىپ چىققان، ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يېزىپ، ئېلان قىلدى. ئۇ 1947-ژىلى «پەرھات-شېرىن» داستانىنى يېزىپ، تۈرلۈك خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقاتتى. 1949-ژىلى بولسا «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئوپېرىسىنى ياراتتى. 1950-ژىلدىن كېيىن شائىرنىڭ بىر قانچە شېئىر توپلاملىرى يورۇق كۆردى. تالانتلىق شائىر 1966-ژىلى باشلانغان ئاپەتلىك ژىللاردا ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. 1972-ژىلى 22 ئاۋغۇست كۈنى خىتاي جاللاتلىرى نەرىيىدىن ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «ژۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى يورۇق كۆردى.



تېيىپجان ئېلىيېۋ (1930-1989)

شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان ياش شائىرلارنىڭ بىرى تېيىپجان ئېلىيېۋتۇر. ئۇ 1930-ژىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسىدە زاكىر خەلپەم ئىسىملىق دىنىي زاتنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا بىلىمنى ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپتە ئالغان. تېيىپجان 15 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىشقا باشلىغان. 1946-ژىلى ئىنقىلاپ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، مەتبۇئات ساھاسىدا ئىشلىگەن. «جۇرئەتتى» تەخەللۇسى بىلەن تۇنجا شېئىرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا باشلىغان. شائىرنىڭ تۇنجا شېئىرلار توپلىمى 1950-ژىلى ئالمۇتا شەھىرىدىكى «يېڭى ھايات» نەشرىياتىدا «شەرىق ناخشىسى» دېگەن نام بىلەن بېسىلىپ چىقتى. ئۇ 1950-ژىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (كېيىن «تارىم» دەپ ئاتالغان) ئەدەبىي ژۇرنالدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. شائىر ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، باللادا، داستانلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 10غا يېقىن شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

كۆپلىگەن ياش شائىرلىرىغا ئوخشاش تېيىپجانمۇ 1950-ژىللاردا خىتاي كومپارتىياسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ، بىر مەزگىل ماو زېدۇڭنى مەدھىيىلەيدىغان، مىللەتپەرۋەر جەڭچىلەرنى ئەيىپلەيدىغان شېئىر-ماقالىلارنى يېزىپ ژۈردى. 1960-ژىللارغا كەلگەندە ئۆزىمۇ تەقىپ قىلىنىپ، ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. ئەقىللىق شائىر مۇشۇ ئاچچىق ساۋاقلاردىن كېيىن ھەق-ناھەقنى ئاجرىتىۋالدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان خاتا تونۇشىنى تۈزىتىپ، خەلق مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مىللەتنىڭ دەردىنى كۈيلەيدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يېزىپ، ھەقىقىي خەلق شائىرى بولۇپ ياشىدى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەندىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

## ئىنقىلاپنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى

1944-1949 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ،بىزنىڭ كۈرەش تارىخىمىزدىكى شانلىق سەھىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئاڭىمىزدا يارقىن خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش بىلەن بىللە، قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ تەجرىبە-ساۋاقلاردىن توغرا پايدىلىنىپ، نۆۋەتتىكى كۈرىشىمىزنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېلىپ بېرىش - بىز بۈگۈنكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ شەرەپلىك بورچىمىزدۇر. ئۇنداق بولسا بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى نېمىدىن ئىبارەت؟

1). ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئاۋام خەلق يەنى ئىنقىلاۋىي ئاممىدۇر. مەملىكەتتىكى پۈتكۈل خەلق بىر نىيەتتە بىرلىشىپ، كۈرەش قىلمىغىچە، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت كۆتىرەلمەيدۇ ھەم غەلىبە قازىنالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋال پۈتكۈل خەلق ياكى يەرلىك مىللەتلەر ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە تەييار بولۇشى شەرت.

1949-1944-يىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپقا خىتاي مىللىتىدىن باشقا ھەممە مىللەتلەر قاتناشتى. كۈرەش مەيدانلىرىدا بىرلىكتە قان تۆكتى. بۇ ئىنقىلاپ ھەقىقىي مەناسىدا مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپ بولغان ئىدى. دېمەك، ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇغىدەك ساقلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقىنى ھارماي-تالماي دۇقۇرى كۆتىرىشىمىز كېرەك.

2). شۇ خەلقنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە باشلاپ ماڭالايدىغان توغرا، كۈچلۈك ئىنقىلاۋىي پارتىيا بولۇشى كېرەك. ئەشۇ قېتىمقى ئىنقىلاۋىي كۈرەشتە، ئاممىنى غالىبىيەتكە باشلاپ مېڭىشتا، ئاۋال ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ئازاتلىق تەشكىلاتى»، كېيىن بولسا ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىقىدىكى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى ئىجابىي روللارنى ئوينىغان. بىراق، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ سەياسىي تەجرىبىسى ئاز، ئاممىۋىي ئاساسى بوش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەھبەرلىك ھوقۇقى سەيپىدىنگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقتىن، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

3). بۇ پارتىيا توغرا ئىنقىلاۋىي ئىدېيا بىلەن قوراللانغان بولۇشى، مىللىي مۇستەقىللىك نىشانىدىن ئاينىماسلىقى، دۈشمەن بىلەن مۇراسسەگە كەلمەسلىكى كېرەك. ئۇ پارتىيا مىللىي مەنپىيەت مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەككى، مىللىي مەنپىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناسىونالىزم، پانتيۇركىزم-پانىسلامىزم ئىدېيالىرىدىن خالى بولۇشى لازىم. ئەشۇ ئىنقىلاپ جەريانىدا، ئىنقىلاۋىي سەپكە ھەر خىل ئىدېيادىكى ئادەملەر ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، ئىنقىلاپ زىيانغا ئۇچرىدى.

4). بىزنىڭ كۈرىشىمىز خەلق ئارا گېئوسەياسىي ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم. ئىنقىلاپقا ئوڭۇشلۇق خەلق ئارا شارائىت بولۇشى لازىم. ئۇ شارائىتنى ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئارا ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. مىللىي ئىنقىلاپ جەريانىدا، ھەقىقىي خەلق ئارا ياردەم قولغا كەلتۈرۈلمىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى مىللىي ئىنقىلاپنى قوللاشتىن باش تارتقاندىن كېيىن، جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە يوشۇرۇن ھالدا دۇنيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە «مۇراجىئەت» ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچ قانداق ياردەم بولمىدى. شۇڭا بىز ژىتىم ھالغا چۈشۈپ كەلدۇق.

5). ئىنقىلاپتا دوست كىم، دۈشمەن كىم، بۇنى ېنىق ئايرىپ ئېلىش لازىم. دۈشمەننى دوست دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىنقىلاپنىڭ تىزگىنىنى ياتلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىنقىلاۋىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارغان مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرسى مان شۇ.

6). تاشقى دۈشمەنلەر ھەر قاچان ئىچكى دۈشمەنلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلاپقا بۇزغۇنچىلىق، زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئەگەر نوۋەتتىكى ئىنقىلاۋىمىزنى زىيانغا ئۇچراتمايمىز دەيدىكەنمىز، ئاۋال ئۆز ئىچىمىزدىكى مىللىي ساتقۇن-خائىنلارنى يوقىتىپ، ئىنقىلاۋىي سېپىمىزنى پاكىزلىشىمىز لازىم. خائىنغا رەھىم قىلىش ـ دۈشمەنگە رەھىم قىلىش بىلەن باراۋەر، سەياسىي خاتالىقتۇر.

7). ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتتە كادىرلار ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدۇ. ئىنقىلاۋىي قوشۇندا، كۈرەشلەردە چىنىققان، كەڭ بىلىملىك ھەم ژىراقنى كۆرەلەيدىغان ئىنقىلاۋىي غايىگە، پولاتتەك ئىرادىگە ئېگە كادىرلار قوشۇنى بولمايدىغان بولسا، ئىنقىلاپنى رىۋاجلاندۇرۇش، غەلىبىگە ئېلىپ بېرىش مۈمكىن ئەمەس. ئىنقىلاپ رەھبىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، دەرھال ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىزباسارلار بولمىسا، ئىنقىلاپ يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ ياكى مەغلۇپ بولىدۇ. بىزدە بولسا، دۈشمەنلەر ئەلىخان تۆرىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەندە، ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ناموت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىزباسارلار چىقمىدى. مەتىجىدە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ تىزگىنى ياتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

8). ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتتە رەھبەرلەرنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقى ھەممىدىن مۇھىم. موشۇ ئىنقىلاپ جەريانىدا ھاكىمىيەت ھوقۇقى مىللىي رەھبەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىللەرمۇ بولدى. بىراق، بۇ رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا سەممىي بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقتىن، پۇرسەت قولدىن بېرىلدى:

1947-ژىلى يازدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسئۇت سابىرىي ئۆلكە رەئىس، ئەيسا ئالىپتېكىن باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ چاغدا رەئىس مۇاۋىنلىرى ئەخمەتجان قاسىمىي بىلەن بۇرھان شەھىدىيلەر، مۇاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسەن مىللىي كادىرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. ئەگەر شۇ چاغدا موشۇ مىللىي رەھبەرلەر بىر پۈتۈن مىللىي ئىدېئولوگىيا ئاساسىدا بىرلىشىپ، خەلقىمىزنىڭ

قوللاپ-قۇۋەتلىشىگە تايانغان ھالدا مۇستەقىللىق جاكالاۋاتقان بولسا، ئېھتىمال، بۇ دۆلەت ساقلىنىپ قالار ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش كېتىۋاتقانلىقتىن، ئىچكىرىدىن كۆپلەپ ئەسكەر ئېلىپ چىقالمايتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بولغانلىقتىن، سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ خەلقىمىزنى قۇراللىق باستۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەپسۇسكى، مىللىي رەھبەرلىرىمىز بىرلىشىشنىڭ ئورنىغا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز غوجايىنلىرىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاپ، ئۇرۇمچىدىكىلەر ئىلى تەرەپنى «رۇسلارغا سېتىلغان قىزىل پاچاقلار» دەپ تىللىدى. ئىلىدىكىلەر بولسا، ئۇرۇمچى تەرەپنى «گومىنداڭنىڭ يالاقچىلىرى، پانتۈركىستلار» دەپ تىللىدى. شۇنداق قىلىپ، رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقتىن، ئاخىرقى پۇرسەت قولدىن بېرىپ قويۇلدى. بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك!

## ئاخىرقى سۆز

ئەزىز، قېرىنداشلار!

بۇ ۋاقىئەلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە، بۇ ژىل توپ-توغرا 55 ژىل بولدى. شۇ چاغدىكى بۇرھان، سەيپىدىن قاتارلىق ساتقۇنلار خەلقىمىزنى ئالداپ:

«خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ. بىز ئەندى بەختىمىزنى تاپتۇق»، دېيىشكەن ئىدى. موشۇ 55 ژىلدىن بېرى خەلقىمىز باشتىن كەچۈرگەن ھېساپسىز كۆلپەتلەر، بىز تارتقان خورلۇق، بەرگەن چوڭ قۇرۋانلار، شۇ چاغدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇشنىڭ نەقەدەر چوڭ خاتالىق بولغانلىغىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. راست، ئەشۇ بىر ئوچۇم ساتقۇنلار جۇقۇرى مەنسەپ، ئالىي ئىمتىياز ئېلىپ، گومىنداڭنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈشتى. بىراق، بۇنىڭدىن خەلقىمىزگە نېمە پايدا؟

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى دەسلىۋىدە بۇ ئىنقىلاپنى تىلغا ئالماسلىقتا، ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلدۇرۇپ كېتىشكە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. بىراق، ئايىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، تېخى تونۇگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بەش ژىل داۋام قىلغان بۇ رېئاللىقنى خەلقى ئامدىن يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن بولمىدى. ئەكسىچە، خەلقىمىز مىللىي خورلۇققا ئۇچرىغانسىرى، بۇ ئىنقىلاپ كۆپىرەك تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. ئوتتۇرا ئازىيادىكى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىككە ئېگە بولۇشى، بۇ ئىنقىلاپنى تېخىمۇ بەكىرەك ئەسكە چۈشەردى. موشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركستان ئىنقىلاۋى توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىق تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىنقىلاپ توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. بىراق، ئۇنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. موشۇ مەخسەتتە، كېيىنكى ژىللاردا ۋەتىنىمىزدە مىللىي ئىنقىلاپقا ئائىت كىتاپلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى. ھەتتا 1994-ژىلى 12-نويابر كۈنى ئۈرۈمچى شەھرىدە پارتىيا ۋە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ 50 ژىللىغىنى خاتىرىلەش ژىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. ژىغىندا خىتاينىڭ رەسمىي شەخسلىرىدىن: ۋاڭ لىچۈەن، سۇڭ خەنلياڭ، چى گو، شۇ يۇشى، سەيپىدىن قاتارلىقلار ئېغىزچە ۋە يازمىچە نۇتۇقلار ئېلان قىلىشتى. ئەلۋەتتە، ئۇ نۇتۇقلار مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ مەخسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرلىق مەنپىيەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلان قىلىشتى.

قېنى ئەمسە، ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

«نويابر مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ مەخستى، ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى ئەركىنلىككە، باراۋەرلىككە ئېگە قىلىش ئىدى» (ۋاڭ جېڭ).

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلانغان، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىدى... ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسى بېۋاستە رەھبەرلىك قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان... ئەخمەتجان قاسىمي قاتارلىق يولداشلارنىڭ زور تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاۋەتكەن. دۆلەت تېررىتورىياسىنىڭ پۈتۈنلىگىدە چىڭ تۇرغان. ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەن بىرلىگىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قوغدىغان» (ۋاڭ لىچۈئەن).

«ئەخمەتجان قاسىمي يەرلىك مىللەتچىلىككە، بولۇپمۇ پانتۈركىزمغا قارشى تۇرۇپ، جاھانگىرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزۇش يولىدىكى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى... ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇق ئىشتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇرۋان قىلدى» (ۋاڭ ئېنماۋ).

«شىنجاڭ ــ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلاپ، ھەقلىق يوسۇندا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ... ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزىلەر «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى بايرىغىنى كۆتىرىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ-مەنپىيىتىگە ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ بولغانلىقتىن،

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىلغار كۆچلەرنىڭ قاراشلىقىغا ئۇچراپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى» (شۇ يۇشى، كىتاپ 161-بەت).

سەيپىدىن قاتارلىق بەزى مۇئەللىپلەر مۇختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، بۇ ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرىنى، مەخسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئىنقىلاپچىلارغا تۆھمەت قىلماقتا، تارىخىي شەخسلىرىمىزگە خاتا باھا بەرمەكتە. سەيپىدىن ئەزىزىي ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» دەپ ئاتالغان كىتاپلىرىدا، ئەينى ژىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، جۇڭگو تېررىتورىياسى بولغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى ئىكەنلىكى، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەش، ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلەندى» («ئۆمۈر داستانى» 349-بەت). «ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلگەن ئازاتلىق كۈرەشىنىڭ غالىبىيىتىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئازاتلىققا چىقىرىشقا ئېرىشتى» (398-بەت). «يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ نەنجىڭدىكى ئۇچرىششى ۋە سۆھبىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئالاقە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم فاكتتۇر... 1949-ژىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دىڭ لىچۈەننى ئۈچ ۋىلايەتكە ئالاقىچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭدى بىتۋارەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى مەملىكەتنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشۇپ كەتتى» (382-381-بەتلەر). «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قۇراللىق كۈرىشىنىڭ جاراكتېرى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى دېموكراتىك ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئىدى. يولداش ماۋزېدۇن 1949-ژىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى بېجىندىن ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدە:

«سىزلەرنىڭ كۆپ ژىللاردىن بۇ يان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرىشىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى (400-بەت).

«ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاپ باشتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىياسى بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلالمىغان بولسىمۇ، جۇڭگو كومپارتىياسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېگە بولۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىزدەندى ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئېرىشتى!» (405-بەت).

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىسى سەيپىدىننىڭ ژۇقارقى بايانلىرىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ غەزىۋى ئۆرلەيدۇ. گوياكى، ئۇيغۇرلارغا مىللىي مۇستەقىللىك كېرەك ئەمەستەك، ئۇلار مىللىي ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېگە بولۇش ئۈچۈنلا ئىنقىلاپ قىلغاندەك، ئۇيغۇرلار خىتايلاردىن ئايرىلىپ قالسا، كۈن كۆرەلمەيدىغاندەك، شۇڭا ئۇلار مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشا ئۈچۈن ئەمەس، خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندەك، ئاخىرى، سەيپىدىننىڭ شاراپىتى ئارقىسىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «شەپقىتىگە ئېرىشىپ» ئۆز بەختىنى تاپقاندەك ناشايان تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئەسلىدە بولسا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە؛


1944-ژىلى غۇلجىدىن باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ تۈپ-مەخستى: ۋەتىنىمىزدىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل، سۇۋېرېن، دېموكراتىك شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. خەلقىمىز موشۇ مەخسەت يولىدا كۈرەش قىلغان ۋە زور قۇرۇبانلارنى بەرگەن ئىدى. ئازات ئۈچ ۋىلايەتتە بۇ مەخسەت ئەمەلگە ئېشىپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز قۇرۇلغان ئىدى. بۇ دۆلەت ئۆز ھۆكۈمىتىمىز، ئۆز قانۇنىمىز، ئۆز ئارمىيامىز ۋە ئۆز ۋالىيۇتىمىز بار ئىدى. ئۇ چاغدا خەلقىمىز ئۆز ۋەتىنىدە ئازات، ئەركىن، پاراۋەن ھايات كەچۈرگەن ئىدى. مۇنداق شارائىتتا سەيپىدىن كەبى ساتقۇنلاردىن باشقا ھېچ كىم مىللىي مۇستەقىللىكتىن كېچىپ، خىتاينىڭ قۇللىقىغا چۈشۈشنى ئارمان قىلغان ئەمەس!

شۇنداق ئىكەن، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ۋە سەيپىدىننىڭ ژۇقارقى جۆلۈشلىرى پۈتۈنلەي ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىق، مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپنى قەستەن بۇرمىلاپ، خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك، ئىنقىلاۋىي خەلقىمىزگە خىيانەت، ئەشۇ ئىنقىلاپنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى ھاقارەت قىلغانلىقتۇر!


بىز، ئۇلارنىڭ ژۇقارقى جۆلۈشلىرىنى قەتئىي ئەيىپلەيمىز ۋە رەت قىلىمىز. بارلىق ساپ ۋىژدانلىق ئىنقىلاپچىلارنى دۈشمەنلەرنىڭ ژۇقارقىدەك سەپ-ساتالىرىغا ھەر جايدا قاتتىق رەددىيە بېرىشكە، مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ۋە قەھرىمانلىرىنىڭ شەنىنى قوغداشقا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشقا چاقىرىمىز. ئىنقىلاپ داۋاملاشماقتا. خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىدىغان كۈنلەر ژىراق ئەمەس! بىزنىڭ ۋەتەنىدىمۇ بايرام بولىدۇ!

# 30-باپ


## سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى



جەمىيەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ




ئىسمايىل تايىروۋ




نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي




تۇردى ھەسەن

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇرستانغا بېرىپ، 1944-1949 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قاتناشقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى



خىلەم خۇدايبەردىيېۋ




سۇلايمان روزىيېۋ

www.uyghurkitap.com



نۇرمۇھەممەت باقىيېۋ



مىرزىگۈل ناسىروۋ

## كىرىش سۆز

ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇسۇسەن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ماكان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە ئىنقىلاپ قىلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا ھەر قاچان ئوتتۇرا ئاسىياگە ۋە يەتتىسۇغا قېچىپ كېلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدا پاناھلىناتتى. تارىختا غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان بۇ تەۋە 1971-يىلدىكى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ بۇ تەۋەدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنى «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىدۇق.

«كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1922-يىلى 17-ئاۋغۇست كۈنى چىققان سانىدا «تۈركىستاندا جەمى 700000 مۇھاجىر ئۇيغۇرلار بار» دەپ يېزىلغان.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ 1930-يىللارنىڭ بېشىدا يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادە جەمى 800000 ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار ياشىغان ئىكەن. مەلۇمكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغاندا روسسىيادىكى بارلىق خەلقلەرنى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئادالەت ئورنىتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، خۇسۇسەن ئۇنىڭ زىيالىي قاتلىمى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ موشۇ باياناتىغا ئىشەنگەن ھەم بۇ ھۆكۈمەتتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى. ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مۇئەممالىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىنى ھەم خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىشقان، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ سەياسىي پائالىيىتىنى ئاكتىپلاشتۇرغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ھەرىكەتنىڭ بېشىدا چى ئېتىقاتلىق كوممۇنىست، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بىلەن ئىسمايىل تايىروۋلار تۇراتتى. ئۇلارنى نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋ، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي قاتارلىق ئەدىپلەر، سوپى زەرۋات، بۇرھان قاسىموۋ قاتارلىق مائارىپچىلار قوللىغان ئىدى.

بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي-ئازاتلىق يولىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## §1. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1920-يىللاردا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى

ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئوكتيابىر ئىنقىلاۋىنىڭ شارائىتى بىلەن پەقەت سوۋېت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرىستاندىكى 5 مىللىون ئۇيغۇرنىمۇ ئازات قىلىپ، سوسىئالىستىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەن ھەم موشۇ يۆنىلىشتە ھارماي-تالماي كۈرەشكەن ئىدى. ئا.روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدا موشۇ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، «تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر خەلقى سەياسىي ئازاتلىققا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئىختىساتتا پاراۋەن، مەدەنىيىتى يۈكسەك، سەنئىتى گۈللەنگەن ئەل بولالمايدۇ. خۇسۇسەن ئۇيغۇرىستاننىڭ كېيىنكى ھاياتى، مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم، ئىستىبدات زەنجىرلىرىنى چېقىپ تاشلىماي تۇرۇپ، ئەركىنلىككە، بايلىققا، ژۇقۇرى مەدەنىيەتكە يېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئوچۇق ئىسپات قىلدى» دەپ يازغىنا ئىدى.

ئا.روزىباقىيېۋ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سەياسىي تەشكىلاتنىڭ زۆرۈرلۈگىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر توپ مەسلەكداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1919-ژىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئازىيادە **«ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىنى»** قۇرۇغقا ئاكتىۋ كىرىشتى. بۇ ئەمەلىياتتا ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ سەياسىي تەشكىلاتى بولۇپ، قىسقارتىلىپ **«ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاق»** ياكى **«رېۋسويۇز»** دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ژىللىرى قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىسىغا، ئىلى ئۆلكىسىدىن يەتتىسۇغا كېلىپ ياز بويى ئىشلەپ ئانچە-مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ، كۈز بولغاندا ئۆز ژۇتلىرىغا قايتىپ كېتىدىغان مۇھاجىر ئىشچىلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى موشۇ ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا تەشۋىقات-تەرغىبات ئىشلىرىنى ژۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان «ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاققا» جەلىپ قىلىشقا باشلىدى.

ئا.روزىباقىيېۋ شۇ چاغدا روسسىيا كومپارتىياسىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيا بيۇروسىغا سۇنغان مەكتۇبىدە، بۇ «رېۋسويۇنىڭ» مەخسىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى.

«ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيەدىكى ھەممە ئەمگەكچىلەرنى رېۋسويۇزغا بىرلەشتۈرۈش. بۇ ئەمگەكچىلەرگە سىنىپىي ئاڭنى سىڭدۈرۈش. شۇنداق قىلىپ، كەلگۈسىدە قەشقەرىيەدە بولىدىغان ئىنقىلاپقا ئاۋانگارد كۈچنى تەييارلاش. يەنە رېۋسويۇز ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر ئىچىدە سەياسىي ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش. بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بارلىق رېۋسويۇز ئەزالىرى ۋە رېۋسويۇزدا بولمىغان كەمبەغەللەر ئىشلەپ چىقىرىش ئارتېللىرىغا ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ بولسا، كەلگۈسىدە قەشقەرىيەدە كەسىپىي ئىتتىپاقلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە زەمىن بولىدۇ. قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىكى ئەمگەكچىلەرنى خىتاينىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ رېۋسويۇز ئەزالىرىنىڭ ر س ف س ر نىڭ گراژدان بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك»، دەپ يازغان ئىدى.

ئا.روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ تەشەببۇسۇ دەسلەپتە بولشېۋىكلار پارتىياسى بىلەن **كومىنتېرنىنىڭ** رەھبىرىي خادىملىرى تەرىپىدىنمۇ قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ئېگە بولغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۇيغۇرىستان يوقسۇللىرىنىڭ سىنىپىي ئاڭ-سېزىمىنى ئويغىتىش، ئاھالى ئارىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەپدارلىرىنى كۆپەيتىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە شۇلارغا تايىنىپ، پرولېتار ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىنى شەرىققە قاراپ كەڭەيتىش نىيەتلىرى بار ئىدىدە! ژۇقۇرىنىڭ موشۇنداق قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ رېۋسويۇزلارنى قۇرۇش ھەرىكىتى تېز رىۋاجلىنىپ، ياركەنتتىن تاكى بەيرەمەلىگىچە بولغان ژۇتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك باشلانغۇچ تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەينە شۇ كومىنتېرنىنىڭ يول-يورۇغى بىلەن كەڭ رايونلاردا قۇرۇلۇپ كەتكەن رېۋسويۇزلارنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇش، ئۇلارغا بىر مەركەزدىن يېتەكچىلىك قىلىش مەخسىتىدە، رېۋسويۇزنىڭ 1-قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش قارار قىلىنغان ئىدى.

بۇ قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ر س د ر پ تۈركستان بيۇروسىنىڭ ھوزۇرىدا، ئا.روزىباقىيېۋنىڭ باشچىلىقىدا تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلغان ئىدى. موشۇ ھەيئەتنىڭ كۈچ چىقىرىغى بىلەن 1-قۇرۇلتاي ئېچىلىش ھارپىسىدا، يەنى 1921-ژىلى 1-ئىيۇن كۈنى تاشكەنت شەھىرىدە **«كەمبەغەللەر ئاۋازى»** گېزىتى چىقىشقا باشلىدى. موشۇ گېزىتنىڭ بىرىنچى سانىدا ئا.روزىباقىيېۋنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تۈركستاندا ئولتىرىشلىق بارلىق ئۇيغۇر كەمبەغەللىرىنى بىرىكتۈرۈش، ئۇلارنى بىرلىك-ئىتتىپاقلىق تۇغىنىڭ ئاستىغا توپلاش. پۈتۈن تۈركستانغا تارقىلىپ كەتكەن «ئىتتىپاقلىرىمىزنى» بىر پىكىر، بىر مەخسەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت».

بۇ سەتىرلەرنى ئوقۇغان كىتاپخانلىرىمىز ھەيران بولۇشۇپ: ئا.روزىباقىيېۋ بۇ ئىتتىپاقنى قۇرغاندا «ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» دەپلا ئاتىماي، نېمىشكە «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيا ئەمگەكچىلىرى» دەپ ئاتىغان بولغىدى ـ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ زاماندا بىزنىڭ مىللىتىمىز شۇنچىلىك نادان بولغانكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ **«ئۇيغۇر»** دېگەن مىللەت نامىنى قوللانماي «مەن قەشقەرلىك، سەن تارانچى» دەپ گەپ قىلاتتى. ھەتتا قادىر ھاجى دېگەن

بىر كىشى مۇنبەرگە چىقىپ: بىزدە ئۇيغۇر دېگەن مىللەت يوق، قەشقەرلىك، تارانچى دېگەن ئىككى مىللەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەرىيەدە ئۆز ئالدىغا بىر دۆلەت، جۇڭغارىيەدە ئۆز ئالدىغا بىر دۆلەت قۇرۇشىمىز كېرەك1!» دەپ داۋا قىلغان. شۇ چاغدا ئا.روزىباقىيېۋ تۇرۇپ، «تارىختا بىزنىڭ مىللىتىمىز **«ئۇيغۇر»** دەپ، دۆلىتىمىز **«ئۇيغۇرستان»** دەپ ئاتالغانغۇ دېسە، قادىر ھاجى قوپۇپ «ئۇ تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىز ئەمەس!» ـ دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، مۇنداق قادىر ھاجىلار بۈگۈنمۇ ئارىمىزدا بار. مانا موشۇنداق جاھالەت قاپلىغان بىر زاماندا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن مىللىتىمىزنى ئۇيغۇر دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، موشۇ ئارقىلىق مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەشكە سەپەرۋەر قىلىش زۆرۈر ئىدى. بۇ ئېغىر ۋەزىپە تارىخىي يوسۇندا ئەندى 24 ياشقا كىرگەن ئا.روزىباقىيېۋنىڭ زىممىسىگە ژۈكلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئا.روزىباقىيېۋنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلتايدا قادىر ھاجىنىڭ ژۇقارقى سەپ-ساتارلىرى رەت قىلىنىپ، **«ئۇيغۇر»** دېگەن مىللەت نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى سايلاندى. مەركىزىي كومىتېت ئا.روزىباقىيېۋنى باش كاتىپ قىلىپ بىر ئېغىزدىن بەكىتتى. ئۇ ئىشقا كىرىشكەن ۋاقتىدا ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىش پلانىنى موسكۋادىكى كومىنتېرن جەزمەن قوللايدۇ دەپ ئىشەنگەن ئىدى. چۈنكى بۇ پلاننى ر ك پ (ب)نىڭ تۈركىستان بيۇروسى ماقۇللاپ، تەستىقلەپ بېرىش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتىۋەتكەن ئىدى. ئەپسۇس، ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى.

1921-ژىلى 4-ئىيۇن كۈنى موسكۋادىكى ر ك پ (ب)نىڭ زالىدا كومىنتېرنىنىڭ III كونگرېسى ئېچىلدى. موشۇ كونگرېستا تۈركىستان بيۇروسى ئەۋەتكەن ژۇقارقى پلان مۇزاكىرىگە قويۇلغان ئىدى. مۇزاكىرە ئۈستىدە روسسىيانىڭ تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى، كومىنتېرنىنىڭ ھەيئەت ئازاسى **ۋ.گ.چىچېرىن** بۇ پلاننى تەستىقلەشكە قەتئىي قارشى چىقىپ: «ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنى خىتايدىن ئاجرىتىپ مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قويىدىغان بولساق، (ئۇ سوسىئالىستىك دۆلەت بولغان تەغدىردىمۇ) ئەتە ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىزدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۆرىشىنىڭ تايىغى يالغۇز خىتايلارنىڭ بېشىغا تېگىپلا قالماستىن، بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ تېگىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ قولغا كەلتۈرۈش نىشانىمىز قەشقەرىيەدىكى ئېزىلگەن مۇسۇلمان ئاھالىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئېزىۋاتقان خىتايلار بولۇشى كېرەك! شۇ سەۋەپتىن قەشقەرىيەلىكلەرنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرۇش بويىچە ھازىر ژۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي توختىتىشىمىز كېرەك!» دېگەن پىكرىنى ئېيتتى.

ۋ.گ.چىچېرىننىڭ بۇ پىكرىگە سەياسىي بيۇرونىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى، شۇ جۈملىدىن ۋ.ئى.لېنىنمۇ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، كومىنتېرنىنىڭ III قۇرۇلتىيىدا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى قارار چىقىرىلدى. بۇ توغرىلىق 17-ئىيۇن كۈنى تۈركىستان بيۇروسىنىڭ رەيسى يا.ز.رودزۇتاگا تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، كومىنتېرندىكى جاناپلارنىڭ ئىمپېرىئالىستىك كۆز قاراشلىرى سەۋەۋىدىن ئا.روزىباقىيېۋ باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ «سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىمىز دېگەن «شېرىن خىياللىرى» بىت-چىت قىلىپ تاشلاندى!

1934-ژىلى ئاپرېلدا موسكۋادىكى بىر مېھمانخانىدا ئا.روزىباقىيېۋ تەسادىپى ھالدا مەشۇر روزىبىۋ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا مەشۇر روزىبېۋنىڭ خىزمەت بابى بىلەن ئۇيغۇرستانغا (ئۈرۈمچىگە) ئەۋەتىلىدىغانلىغىنى ئاڭلىغان ئا.روزىباقىيېۋ: «ئەتتەڭ، ئۇيغۇرستانغا بېرىپ خىزمەت قىلىش بەختى بىزگە نېسىپ بولمىدىدە!» دەپ ھەسرەت چەككەن ئىكەن. ئا.روزىباقىيېۋنىڭ موشۇ بىر جۈملە سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرستانغا قانچىلىك تەلپۈنگەنلىگىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

## §2. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1940-ژىللاردا مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى

سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكچىلىك مەنپىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1930-ژىللاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قارشى مەۋقەدە تۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غوجىنىياز ھاجى باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنى قوللىماي، ئۇنىڭ دۈشمىنى شىڭ شىسەيىنى قوللىدى. 1937-ژىلى قىزىل ئارمىيانى كىرگۈزۈپ، ئابدۇنىياز قوماندانلىغىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالدى. بىراق، «قىڭغىر ئىش كىرىق ژىلدىن كېيىنمۇ بىلىنىدۇ» دېگەندەك، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ 1920-ژىللاردىكى موشۇ خاتالىغى بىلەن 1930-ژىللاردىكى غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلاۋىنى باستۇرغان خاتالىغى ئاخىرى ئۆزىگە زىيانلىق بولۇپ چىقتى. 1933-ژىلى ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقىۋالغان شىڭ شىسەي 10 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 1943-ژىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر

چۈشكەن پەيتتە، ئۇنىڭدىن ئۇز ئۆرۈپ، جاڭ كەيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۆز تەۋەسىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مۇتەخەسسىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گومىنداڭ بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئانگلىيە ــ ئامېرىكا دۆلەتلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كەلدى. ھەتتا، كېلەچەكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى بومباردىمان قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدا ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرۇشىغا رۇخسەت بەردى. بۇ بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە يېڭى تەھدىت بولدى. بۇ كېلىشمىدىن خەۋەر تاپقان ستالىن ھۆكۈمىتى، ئۆزلىرى دايىم باستۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايغا قارشى قوزغاش ئارقىلىق بۇ خوۋۇپنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى يەنە كېرەك بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى يەنە بىر قېتىم ئالداپ، قالقان سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولدى. بۇ ئىشنىڭ تىزگىنى موسكۋادىكى ستالىن، مولوتوۋ، بېرىيالەرنىڭ قولىدا بولسىمۇ، ئىشنى كونكېرت ئۇيۇشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئۆزبەكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى ئوسمان يۇسۇپوۋقا تاپشۇرۇلدى. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان كومپارتىيىلىرىگە بولسا، بۇ ئىشتا ئوسمان يۇسۇپوۋقا ياردەملىشىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. سوۋېت ن ك ۋ د سى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئەينى ژىللاردىكى يالقۇنلۇق ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىسى ئا روزىباقىيېۋنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋنى ئىزدەپ تاپتى. ئوسمان يۇسۇپوۋ ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋنى قوبۇل قىلغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك پوزىسىيە تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تاشكەنت شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئايلىق ژۇرنال چىقىرىپ، ئۇنى يوشۇرۇن يوللار بىلەن ئۇيغۇرستانغا ئەۋەتىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ژۇرنالنىڭ ۋەزىپىسى ئۇيغۇرستان خەلقىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە چاقىرىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇددى موشۇنداق تاپشۇرۇق قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى ئارقىلىق ئالمۇتىلىق ئۇيغۇر مەشۇر روزىيېۋقىمۇ بېرىلدى. (م. روزىيېۋ 1938-1934 ژىللاردا ئۇيغۇرستانغا بېرىپ خىزمەت قىلغان ئىدى). بۇ تاپشۇرۇقنى ئالغان ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋمۇ، مەشۇر روزىيېۋمۇ قاتتىق ھاياجانلاندى ھەم بۇ ئىشقا ئەستايدىل كىرىشتى!

شۇنداق قىلىپ، 1943-ژىلنىڭ يازىدىن باشلاپ تاشكەنت شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا **«شەرىق ھەقىقىتى»** ژۇرنالى، ئالمۇتا شەھىرىدە **«قازاق ئېلى»** ژۇرنالى چىقىرىلىپ، يوشۇرۇن يوللار بىلەن ئۇيغۇرستانغا ئەۋەتىلىشكە باشلىدى. كېيىنىرەك موشۇ نەشرىياتلار تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كىتاپلارنى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇرستانغا ئەۋەتىپ تۇردى.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ ئىككى ژۇرنال ۋە ئىلمىي ئەدەبىي كىتاپلار ئۇيغۇرستان خەلقىنى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە دەۋەت قىلىش، مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنىڭ ئىدېياۋىي تەييارلىقىنى ئىشلەشتە ناھايىتى چوڭ تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينىدى.

مىللىي ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنىپ، 1944-ژىلى 12-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەلىۋى بىلەن سوۋېت ئۇيغۇرلىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇيغۇرستانغا بېرىپ، ھەربىي-مەمۇرىي ساھادىكى خىزمەتلەرگە ياردەملەشتى.

غۇلجىدىكى ھەرەمباغ بىلەن ئائېرودرومنى ئازات قىلىش جەڭلىرىدە، گومىنداڭنىڭ جىلڭ بىلەن شىخۇدىكى ئىستىھكاملىرىنى بىت-چىت قىلىپ تاشلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ئەشۇ ئوتلۇق جەڭ مەيدانلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پىدائىي بولۇپ بارغان يۈزلىگەن ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز جەڭچىلىرى شەرەپ بىلەن قۇرۋان بولۇشتى.

موشۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇرستان خەلقى ئاق كۆڭۈل، ئادىل نىيەت بىلەن مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ تۆھپىلىرىنى قوشقان بۇ قېرىنداشلىرىغا مەڭگۈ مىننەتدار!س

بىز تارىخىي ئادالەتلىك نۇقتىسىدىن سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە قىلغان ياردەملىرىنى، قوشقان تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەندى، كېيىنكى ژىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدىن ئۇز ئۆرۈپ، 1946-ژىلى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە، 1949-ژىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرستان خەلقى ئالدىدىكى كەچۈرۈلمەس ئېغىر جىنايىتى، ئۇيغۇرستان خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ! ستالىننىڭ بۇ جىنايىتىنى ئاق كۆڭۈل، ئادىل نىيەت بىلەن خىزمەت قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا تېڭىشقا بولمايدۇ.

## §3. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1960-يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى

مەلۇمكى، 1950-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن سوۋېت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىدىيىۋى ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. بۇ ئىختىلاپلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، 1960-يىللارغا كەلگەندە، ئوچۇق ئاشكارە قارىمۇ-قارشىلىققا ئايلاندى. خىتاي رەھبەرلىرى ئىتتىپاقنى «شيۇجېڭجۇيىچىلار» (رېۋىزىيونىستلار) دەپ ئاتىسا، سوۋېت رەھبەرلىرى ماۋ زېدۇڭنى «خىتاي شوۋىنىستى» دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ ئىدىيىۋى قارىمۇ-قارشىلىقلار 1968-يىلى كەلگەندە چېگارا توقۇنۇشلىرىغىچە بېرىپ يەتتى.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان موشۇ قارىمۇ-قارشىلىقتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوراللىق كۈرەش يولى بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىش ئامالىنى ئىزدەشتى. موشۇ مەخسەتتە 1962-يىلى يانۋاردا مىللىي ئىنقىلاپ قاتناشقۇچىلىرىدىن خەلق قەھرىمانى پولكوۋنىك مۇھەممەتجان يۈسۈپوۋ، پودپولكوۋنىك ھاشىر ۋاھىدىي، پودپولكوۋنىك ئېردە بۇلغۇنوۋ ۋە يازغۇچى يۈسۈپبەگ مۇخلىسىيلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبەرلىرىگە مۇراجىەتنامە يېزىپ ئەۋەتتى.1962-يىلى 29-ئاپرېل كۈنى يەنە بىر مۇراجىەتنامە يېزىپ ئەۋەتتى. 1963-يىلى 2-سېنتيابر كۈنى مىللىي ئىنقىلاپنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن ھاشىر ۋاھىدىي، يۈسۈپبەخ مۇخلىسىي، تۇرسۇنتاي ماخمۇدوۋ، مەھەممەتجان يۈسۈپوۋ، توختۇخۇن ئىمىنوۋ، ئېردە بۇلغۇنوۋلار ئىمزا قويغان مۇراجىەتتنامە يەنە موسكۋاغا ئەۋەتىلدى.

1968-يىلى مارتتا ۋېنگرىيانىڭ پايتەختى بۇداپېش شەھىرىدە خەلق ئارا كوممۇنىستىك ۋە ئىشچى پارتىيالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. موشۇ يىغىن ئېچىلىش ھارپىسىدا (1968-يىلى فېۋرالدا) قازاقستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدى ياشايدىغان ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىمپېرىيىسى تەركىۋىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئېچىلغۇسى خەلق ئارا يىغىننىڭ ساھىپخان ۋېنگرىيە كوممۇنىستىك پارتىياسىنىڭ يا. كادارنىڭ نامىغا چوڭ ھەجىملىك مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى. مەكتۇپنىڭ كوپىياسى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىياسىنىڭ باش كاتىۋى ل.ئى.برېژنېۋقا ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ مەكتۇپقا خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇر باشلىق ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن 27 كىشى قول قويغان ئىدى. سوۋېت ئۇيغۇرلىرى موشۇنداق تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ يەردە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش باتالىونلىرىنى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۇيغۇرلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قازاقستان تەۋەسىدە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان سابىق مىللىي ئارمىيانىڭ گېنېرالى زۇنۇ تېيىپوۋ بىلەن مەرغۇپ ئىسھاقوۋلارنىڭ رەھبەرلىگىدە ئىككى باتالىون ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىياسىنى قۇرۇپ، ھەربىي تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلاۋەتتى. ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىو ستانسىياسىنىڭ ئاڭلىتىشلىرى ئېفىردا ياڭراشقا باشلىدى. بۇ ئىشلار ۋەتىنىمىزدە خەلق ئىنقلاۋىي پارتىياسىنىڭ يوشۇرۇن پائالىيىتى راسا جانلىنىۋاتقان پەيتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى موشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن خەلقىمىزدە ئۈمۈت پەيدا بولۇپ، مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلىشقا يەنە بىر قېتىم ئىنتىلگەن ئىدى. مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر خەلقىنى ھەر قاچان ئالداپ كەلگەن روسسىيە ئىمپېرىيىسى بۇ قېتىممۇ يەنە ئالداپ قويىدى. 1969-يىلنىڭ ئوكتابىر ئېيىغا كەلگەندە، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئاۋالقى ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى، ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىدىن باش تارتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى. موشۇ تارىخىي ۋاقىئەلەرنىڭ فاكتى بولۇپ قالسۇن دەپ، 1969-يىلى يازدا گېنېرال مەرغۇپ ئىسھاقوۋنىڭ باشقۇرۇشىدا قۇرۇلغان ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىياسىنىڭ بىر توپ ئوفىسېرلىرىنىڭ فوتو سۈرىتىنى قوشۇمچە قىلىپ بەردىم.



سۈرەتتە: (سولدىن ئوڭغا) ئولتارغانلار گېنىرال مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، كاپىتان ھاشىر ۋاھىدىي، ئۆرە تۇرغانلار پورۇچىكلار ۋولودىيا، تۇرسۇن پالتۇشوۋ، مەسۇمجان زۇلپىقاروۋلار.

## 48§. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان جەمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى

سوۋېت ھۆكۈمىتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋىردە بۇ تەۋەدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرستاندا ياشىغان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئەركىنرەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن جەمىيەت ئەربابلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقتى. بىز تۆۋەندە مىسال تېرىقىسىدە شۇ ئەرباپلارنىڭ بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### جەمىيەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ (1897-1938)

ئابدۇللا ئەخمەت ئوغلى روزىباقىيېۋ 1897-ژىلى ئوكتيابىردا يەتتىسۇدىكى قورام بولۇسىغا قاراشلىق تاشتىقارا يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئۆز يېزىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. كېيىن قىچىك دادىسى ئېلەكۋەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلغان رۇس تىلىدىكى ئۇچىلىشىدا ئوقۇپ، ئەلا باھالار بىلەن تاماملايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 3 ئايلىق بۇخگالتېرلىق كۇرسىنى تۈگىتىپ، شەھەرلىك بانكىتا كونتورشىك بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1917-ژىلى فېۋرالدا روسسىيادە يۈز بەرگەن ئىنقىلاپ نەتىجىسىدە بۇئەلدە پادىشالىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. روسسىيانىڭ قىسمەن رايونلىرىدا بولسا، رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارىمۇ-قارشى ھالدا ئىشچى-سولدات دېخانلىرىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ. روسسىيادە يۈز بېرىۋاتقان موشۇ ۋاقىەلەر ژىراقتىكى قاشاقىستانغىمۇ تەسىر قىلىپ، 1917-ژىلنىڭ ياز ئېيىدا بۇ يەردىمۇ ئىككى ھاكىمىيەت پەيدا بولىدۇ. يەرلىك بۇرژۇئازىيانىڭ قوللىشى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان «مىللىي قۇرۇلتاي» تەشكىل قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بولشېۋىكلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغان «مۇسۇلمان ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» دۇنياغا كېلىدۇ. موشۇنداق سەياسىي كۆرەشلەر ئەۋج ئالغان زاماندا ئەندىلا 20 ياشقا كىرگەن ئا.روزىباقىيېۋ ھېچ ئىككىلەنمەيلا رۇس-قازاق بولشېۋىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ،يەتتىسۇدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئا.روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ ژۇقۇرى بىلىملىكلىگى،سەياسىي قىزغىنلىغى ۋە ئىشچانلىغى بىلەن تونۇلۇپ، 1918-ژىلى ئالمۇتىدا ھەرنىي-ئىنقىلاۋىي كومىتېت قۇرۇلغاندا رۇس بولشېۋىكلىرى پ.ۋىنوگرادوۋ، ل.ئېمېلېۋ، پ.بېرسىنېۋ، ر.مارىچېكلار، قازاق بولشېۋىگى توقاش بوكىنلار بىلەن بىللە موشۇ كومىتېتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئا.روزىباقىيېۋنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى سەياسىي كۆرەشلەرنىڭ قاينىمىدا ئۆتىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىغىمىز كېرەككى، ئا.روزىباقىيېۋنىڭ سەياسىي پائالىيىتى مونۇ ئىككى مەخسەتنى كۆزدە تۇتقان ئېدى:

بىرىنچى مەخسەت: سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك مۇئەمماللىرىنى ھەل قىلىش.

ئىككىنچى مەخسەت: سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئانا ۋەتەن ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل سوسىئالىستىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەپسۇسكى، سوۋېت ئىمپېرىياسىنىڭ مەنپىيىتىگە زىت كەلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىش تەشەببۇسى قوللاپ-قۇۋۋەتلەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەمەلگە ئاشماي قالدى. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك مۇئەمماللىرىنى ھەل قىلىش ئىشى ئەندىلا ھەل بولۇشقا باشلانغان ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ستالىنىنىڭ سەياسىي تەقىپلەش كامپانىياسى باشلىنىپ كەتتى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا ھارماي-تالماي كۈرەش قىلغان مىڭلىغان ئىنقىلاپچىلارنىڭ قاتارىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋمۇ قولغا ئېلىنىپ، 1938-ژىلى مارتتا يۈزلىگەن سەپداشلىرى بىلەن بىللە سوۋېت ن ك ۋ د سى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى!

ئا.روزىباقىيېۋنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرىشىگە بېغىشلانغان ھايات. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ شانلىق پەرزەندى، قەھرىمان ئوغلىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

## ئىسمايىل تايىروۋ (1900ـ1937)

يەتتىسۇدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىدىيالىرىنى قوللاپ مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ بىرسى. ئۇ 1900-ژىلى ئالمۇتا ئۇيېزى مالىۋاي يېزىسىغا قاراشلىق قاينۇق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا چېلەك يېىسىدىكى ئۇيغۇر مەكتۈۋىدە مۇئەللىم بولغان. 1918-ژىلى ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋېرنىي شەھرىدە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر كلۇبىنىڭ» ئاكتىۋ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋە شۇ ژىلى كوممۇنىستىك پارتىياگە ئازا بولۇپ كىرگەن. ئۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا كەڭ ئارىلاشقانسىرى ئىنقىلاۋىي كەيپىياتتىكى زىيالىلار بىلەن تونۇشۇپ، شۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئاستا-ئاستا ئويغىنىپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىسىغا ئايلانغان ۋە داۋاملىق ئۆسۈپ بارغان.

ئۇ 1918-ژىلى دېكابىردا ۋېرنىي شەھەرلىك پارتىيا كومىتېتى ھوزۇرىدىكى مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى سېكسىياسىنىڭ ئىجرايى بيۇرو ئەزاسى، 1919-ژىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پرېزىدىئۇمىنىڭ ئەزاسى، 1920-ژىلى يەتتىسۇ ۋىلايەتلىك خەلق مائارىپى بۆلۈمىنىڭ ئىنستروكتورى، ئاخىرىدا بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.

1921-ژىلى 17-فېۋرال كۈنى ئالمۇتا شەھرىدە «ئالتىشەھەر ۋە جۇڭغارىيا ئىشچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ» ۋىلايەتلىك 1-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئى. تايىروۋ موشۇ قۇرۇلتاينى تەييارلىدى ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 1921-ژىلى ئىيۇن ئېيىدا تاشكەنت شەھرىدە ئالتىشەھەر ۋە جۇڭغارىيا ئىشچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ 1-نۆۋەتلىك ئۇمۇمىي قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئى.تايىروۋ بۇ قۇرۇلتايغا يەتتىسۇنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشتى... (ئەسلىدە « ئالتىشەھەر ۋە جۇڭغارىيا ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىش مەخسىتىدە قۇرۇلغان سەياسىي تەشكىلات ئىدى. يەتتىسۇدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر پولكى» بولسا، موشۇ تەشكىلاتنىڭ قۇراللىق كۈچى سۈپىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرىغى بىلەن ئۇ مەخسەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقتىن، « ئالتىشەھەر ۋە جۇڭغارىيا ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» يەرلىك مۇئەمماللار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «قوشچىلار ئىتتىپاقىغا» ئۆزگەرتىلدى. «ئۇيغۇر پولكى» بولسا، قېرىنداش ئۆزبەك خەلقىنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بۇخاراغا ئەۋەتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىمۇ، ئىسمايىل تايىروۋنىڭمۇ ئىزگۈ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالدى).

## نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋ (1887ـ1951)

بۇكىشى 1887-ژىلى يەتتىسۇئۆلكىسىنىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇسېمەت 1866-1871 ژىللىرى ئىلى ۋىلايىتىدە كۆتۈرۈلگەن مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە ئاكتىۋ قاتناشقان ئاڭلىق كىشى ئىدى. نەزەرغوجا دەسلەپكى بىلىمىنى ئۆزيېزىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپتە ئالغاندىن كېيىن، ئۇيېزد مەركىزى ياركەنت شەھرىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. تىرىشچان ۋە تەلەپچان ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى دەرسلەرنى ئەلا دەرىجىدە ئوقۇغاننىڭ سىرتىدا قازان ۋە ئۇفا شەھەرلىرىدە بېسىلىپ چىققان «ۋاقىت»، «يۇلتۇز» ۋە «شۇرا» ئوخشاش ژۇرناللارنى قىزىقىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ.

ئۇ ئۆزىمۇ 1910-ژىلىدىن باشلاپ موشۇ ژۇرناللارغا ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە تارىخى كەچۈرمىشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ 1867-1871 ژىللىرى غۇلجىدا

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىلى سۇلتانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللارنى بېرىپ تۇردى.

ئانا ۋەتەن ئۇيغۇرستاننى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە 1920-يىللىرى مۇزداۋاندىن ئېشىپ ئۆتۈپ، قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلىدۇ. موشۇ سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى قوبۇل قىلىپ، ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

1919-يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە ئا.روزىباقىيېۋنىڭ باشچىلىقىدا «ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى» قۇرۇلغان ئىدى. كېيىنىرەك بۇ ھەيئەتكە نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋ رەھبەرلىك قىلدى. 1924-يىلى ئەينە شۇ «ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىغا بېغىشلاپ «بىرىنچى چامدام» ناملىق ئەدەبىي توپلاپ چىقىرىلدى. موشۇ توپلامدا باشقا مۇئەللىپلەر قاتارىدا ن.ئابدۇسېمەتوۋنىڭ «ئۇيغۇرستان»، «يېڭى ئوچاق»، «ۋىسال» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن «ئوماق ۋە ئامراق»ناملىق ھېكايىسى بېسىلدى. 1930-يىللارنىڭ بېشىدا يەتتىسۇدا باشلانغان سەياسىي تەقىپلەشلەر بىلەن سوۋېت پەيدا قىلىنغان ئاچارچىلىق سەۋەۋىدىن نەزەرغوجىمۇ ئۆز يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە ئانا ۋەتەن ئۇيغۇرستانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا ياشاپ، كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشىغا سەۋەپچى بولدى. بۇ ئېسىل زات 1951-يىلى 64 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ن.ئابدۇسېمەتوۋ ئەۋلاتلىرىغا قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا چاقناپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇزلىرىمىزنىڭ بىرى.



زىيا سەمەدى (1914-2001)


زىيا ئىبادەت ئوغلى سەمەدى ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ خىزمەت بىلەن ئىجاتنى قاتار ئېلىپ ماڭغان تۆھپىكار ئەدىپ. ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئېيتساق، 1938-1934 يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سانايى نەفىسە ئۆمىگىنىڭ بەدئىي رەھبىرى، «شەرىق» مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى خىزمەتلىرىدە بولدى. ئۇ ئىلغار ئىدېيالەرنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن 1944-1938 يىللار ئارىلىقىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىسىگە قامالدى. 1944-يىلى تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئازات شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتى دەۋرىدە رايونلۇق ساقچىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئارمىيا باش شتابىدا رازۋېد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لاۋازىمىدا بولدى. 1950-يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدى. 1957-يىلى شىنجاڭ ئەدەبىيەت-سەنئەتچىلەرنىڭ 1-قۇرۇلتىيىدا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

1957-يىلى باشلانغان «ستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان سەياسىي كامپانىيادە «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن كۈرەشكە تارتىلدى. بارلىق خىزمەتلىرىدىن ئېلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلدى. بۇ جەۋرى-جاپالاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن 1961-يىلى تۇغۇلغان يۇرتى قازاقستان دىيارىغا كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ تەۋەدىمۇ جەمىيەتلىك

ياشتىن قول ئۈزمەي قازاقستان يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر سېكسىياسىنى باشقۇردى.

ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى ئېيتساق، 1930-يىللاردا دراماتۇرگىيا ساھاسىدا «قانلىق داغ»، «غېرىپ-سەنەم» دراملىرىنى، 1950-يىللاردا «زۇلۇمغا زاۋال» دراممىسى بىلەن «ئىلى دەرياسى بويىدا» ناملىق كىنوپوۋېستنى يازدى. قازاقستان دىيارىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن «لاشمان»، «ئىپارخان» ناملىق دراملىرىنى، «مايىمخان»، «يىللار سىرى» ناملىق تارىخىي رومانلىرىنى يازدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ ھەجىملىك «غېنى باتۇر»، «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق رومانلارنى يېزىپ قالدۇردى.

زىيا سەمەدىنىڭ ئىجادى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك بايلىق، ئەۋلادلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلەيدىغان مەنىۋىي ئوزۇق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.



قۇددۇس غوجامىياروۋ (1994-1918)

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان يەنە بىر مەدەنىيەت ئەربابى كومپوزىتور قۇددۇس غوجامىياروۋتۇر. بۇ كىشى 1918-يىلى 21-ماي كۈنى قازاقستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىگە قاراشلىق قەينەزەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا ئالمۇتا دۆلەت كونسېرۋاتورىياسىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن موسكۋادا ئوقۇپ، كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىر چەتتىن خىزمەت قىلىپ، بىر چەتتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكىنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى بويىچە 200دىن ئوشۇق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «رىزۋانگۈل»، «تەكلى-ماكان»، «مەشرەپ»، «شاتلىق» كەبى سىمفونىيالىرى، «سادىر پالۋان»، «نازۇگۇم» كەبى ئوپېرالىرى، «شەرىق باللادىسى»، «ئايدىڭ كېچە» ناملىق پېيسىلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

قۇددۇس غوجامىياروۋنىڭ «رىزۋانگۈل» ناملىق سىمفونىيالىك پوئېمىسى موسكۋادىكى بولشوي تېئاتىر سەھنىسىدە ئىجرا قىلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. موشۇ ئەمگىگى ئۈچۈن كومپوزىتور 1951-يىلى س س س ر نىڭ دۆلەت مۇكاپىتىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى ئۆسۈپ، قازاقستا كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، قۇرمانغازى نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت كونسېرۋاتورىياسىنىڭ رېكتورى ۋە پروفېسسورى بولۇپ ئىشلىدى ھەم س س س ر خەلق ئارتىستى دېگەن ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى. ئىجادىيەت ساھاسىدا ئارقا-ئارقىدىن كۆپلىگەن سىمفونىيالەر، ئوراتورىيالەر، پوئېمىلار ۋە سيۇئېتلارنى، ئايرىم ناخشىلار بىلەن خورغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ۋە رومانسلارنى يازدى. ق.غوجامىياروۋ موشۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم دۆلەتلىك ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاندى. جۇمھۇرىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ دېپۇتاتى بولۇپ سايلاندى. ئۇنىڭ خىزمەتلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

# 31-باپ

## XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر

### §1. ۋەتەنننىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن خەلقىمىزگە بولغان مىللىي زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. خەلقىمىزنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارشى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئۇۋج ئالدى. شۇنداق قىلىپ، XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تارىخىمىز يەنىلا مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلەرنىڭ تارىخى بولۇپ كەلدى.

خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى يېزىپ تارقاتقان «بەزى ماتېرىياللاردا» مۇنداق دەپ يېزىلغان: «1950-ژىللاردىن 1970-ژىللارغا قەدەر شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن سوسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلەر ئەكسىل ئىنقىلاۋىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەكسىل ئىنقىلاۋىي توپىلاڭ قوزغاپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنى» قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. موشۇ مەزگىل ئىچىدە ۋەتەنىنىڭ بىرلىگىنى پارچىلاشنى مەسەت قىلغان ئەكسىل ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرۇش ۋە توپىلاڭ كۆتىرىش دېلولىرىدىن 100 نەچچىسى يۈز بەرگەن. 1990-1980 ژىللاردا بولسا، مۇنداق بۆلۈنچىلىك ھەرىكەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەمى ۋە تەسىرى چوڭراقلىرى 10 قېتىمدىن ئاشىدۇ» («پانىسلامىزم، پانتيۇركىزمنىڭ زەھىرىنى تازىلاپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىگىنى قوغدايلى» كىتاپچىسى، 55-بەت.)

ئاتالمىز شىنجاڭ-ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى سەياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەسى با دەمىنىڭ 1990-ژىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى تارقاتقان مەخپىي ھۆججىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «جەنۇبىي شىنجاڭدا 1989-1987 ژىللار ئارىلىغىدا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىدىغان ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋاراقلار 178 قېتىم چاپلاندى. بۇ ۋەرەقىلەرنى تارقاتقۇچىلار ئاساسەن ياشلار. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار».

تۈركىيانىڭ ستامبۇل شەھىرىدە ئورۇنلاشقان «شەرقىي تۈركستان تەتقىقات مەركىزى» تەرىپىدىن 1999-ژىلى ئېلان قىلىنغان: **«شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىك ھەرىكەتلىرى»** ماۋزۇلۇق ماتېرىياللاردا تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن: «ئۇيغۇرستان خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش، مىللىي مۇستەقىللىگىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا 50 ژىلدىن بېرى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلىرى بېسىپ، 200 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدە كۈرەشلەرنى ژۈگۈزۈپ كەلدى. بىز تۆۋەندە مىسال تېرىقىسىدە، شۇ كۈرەشلەرنىڭ بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

#### 1950-ژىل 1-ئاي

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاراتۈرك ناھىيەسىدىكى ئىنقىلاۋىي ئىما ناسىر ۋە ئابدۇللالارنىڭ باشچىلىغىدا 500 كىشىلىك پارتىزان ئوترىيادىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، باسقۇنچى خىتاي ئارمىياسىنىڭ ئالدىنى توساپ، زەربە بەردى. شۇ ژىلى 4-ئايدا ئالتايدىكى ئوسمان باتۇر قىسىملىرى كېلىپ قوشۇلدى. بۇ پارتىزانلار 2 ژىل ئىچىدە خىتاي باسقۇنچى ئارمىياسىگە قارشى 100 قېتىمدىن ئوشۇق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. بىراق، ئوق-دورا يېتىشمىگەنلىكتىن، ھېچ قانداق تاشقى ياردەمگە ئېگە بولالمىغانلىقتىن، بۇ كۈرەشلەر ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان پىدايىلىرىمىز قەھرىمانلارچە قۇرۇان بولدى. ئوسمان باتۇرنى بولسا، خىتاي ئەسكەرلىرى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، 1951-ژىلى 2-ماي كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

***

يەنە شۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغىغا توپلانغان 2000 ئاتلىق قۇراللىق پارتىزانلار قۇمۇلدىكى جەڭگە ماسلىشىپ، خىتاينىڭ باسقۇنچى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، زەربە بەردى. ئاخىرىدا بۇ پارتىزانلارمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر قىسمى قۇرۇان بولدى، قالغانلىرى پانا ئىزلەپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

#### 1951-ژىل، ياز

شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە مىللىي ئارمىيانىڭ پولكوۋنىگى

ئابدۇغوپۇر سابىرھاجىبۇ ۋە پودپورۇچچىك ياقۇپجان رەخمانوۋلارنىڭ باشچىلىقىدا يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرۇلۇپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئۇزاققا بارماي، بۇ ھەرىكەت سىزىلىپ قالغانلىقتىن، تەشكىلات ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ باشلىقلىرى خىتاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاددىي ئەزالىرى 15-10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
يەنە شۇ يىلى ئاپرېلدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان كادىرلار ۋە زىيالىيلاردىن 51 نەپەر كىشى غۇلجا شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىپ، مەكتۇپ تەييارلىدى ۋە خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ بەردى. كېيىن بولسا، بۇ مەكتۇپقا قول قويغان 51 زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ھەر خىل يوللار بىلەن تۇتقۇن قىلىندى ۋە يوقىتىلدى.

## 1952-يىلى

پۈتۈن ئۇيغۇرستان يېزىلىرىدا دېخانلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكىتى باشلاندى. كۆپچىلىك دېخانلار ئۆز يەرلىرىنىڭ يىغىۋېلىنىشىغا قارشى، نارازىلىق بىلدۈردى. باج، سېلىق يىغىشقا كەلگەن كادىرلارنى قوغلاۋەتتى. ئۇيغۇرستاندىكى باسقۇنچى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋاڭ جېڭ بولسا، «زومىگەرلەرنى بېسىقتۇرۇش»، «ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنى يوقىتىش» دېگەن سەياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، ئۇيغۇرستاننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا سەياسىي بېسىقتۇرۇش ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. يەنە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» دېگەن سەياسىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقىمىزگە قارىتا زورلۇق-زومبىلىق قىلدى. يۈز مىڭلىغان بىگۇنا كىشىلىرىمىزنى تۈرمىلەرگە سولاپ، مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ تارتىۋېلىندى. ستاتىستىكا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موشۇ جايلاردا، قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلاپچىلارنىڭ سانى 300 مىڭغا يېقىن. بولۇپمۇ ئىنقىلاپنىڭ مەركىزى ئىلى ۋىلايىتىدە قىزىل تېررورلۇق ناھايىتى ئېغىر بولدى. خىتاي جاللارلىرى پەيدا قىلغان موشۇ قىرغىنچىلىقلاردا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن ۋە يولباشچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

## 1954-يىل 12-ئاي

ئۇيغۇرستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇلھېمىت داموللام پەتھىدىن مەخسۇملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىتتىپاقى كومىتېتى قۇرۇلدى. موشۇ كومىتېتنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. قوزغىلاڭچىلار «خىتاي باسقۇنچىلىرىنى ھايداپ چىقىرىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىپ، مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشنى» چاقىرىق قىلغان ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا قوزغىلاڭچىلار رەھىمسىز تۈردە قانلىق باستۇرۇلدى.

## 1955-يىل 8-ئاي

شۇ مەزگىلدە قەشقەرىيەنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى ئىنقىلاۋىي ئاما خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى كۆتىرىلىشكە تەييارلانغان ئىدى. سابىق مىللىي ئارمىيانىڭ زەبىرەكچى قىسىم كوماندىرى جانئابۇ، ئۆمەرروۋلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللىنىپ، رەسمىي قوزغىلاڭ كۆتىرىشكەن. ئۇلۇغچات تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنى ئازات قىلىشقان ئىدى. ھېچ ياقتىن ياردەم ئالالمىغان قوزغىلاڭچىلار خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى.

## 1956-يىلى 2-ئاي

سابىق مىللىي ئارمىيادىن كېلىپ چىققان مېجىت زاھىدىي باشچىلىقىدىكى ئوفىسىرلار يوشۇرۇن ئىتتىسات تۈزۈپ، ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى ئاتلىق پولكنى ئاساس قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلاندى. ئۇلار قارىمايدىكى 2000 نەپەر، قەشقەر كاڭسۇدىكى 1000 نەپەر ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى 500 نەپەر ئىشچىلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلىدى. قوزغىلاڭ تەييارلىغى پۈتۈپ قالغان ۋاقىتتا ئەتە قوزغىلىمىز دېگەن كۈنى كېچىسى خائىننىڭ ساتقۇنلىغى تۈپەيلى، يوشۇرۇن ھەرىكەت پاش بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى كېچىسى بىر پولك ئاتلىق ئەسكەرلەر قۇرالسىزلاندۇرۇلدى ھەم ئوفىسىرلار بىلەن جەڭچىلەر قولغا ئېلىندى. ئەمەلگە ئاشمىغان بۇ قوزغىلاڭنىڭ يېتەكچىلىرى خىتاي تۈرمىلىرىدە ئۇزۇن مۇددەت قامالغاندىن كېيىن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 1956-يىلى 3-ئاي

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيەسىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن باقى داموللام، مۇھەممەت داموللام باشلىق مىڭغا يېقىن دېخانلار مىللىي زۇلۇمغا قارشى غازات ئېلان قىلىپ، جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار قارىقاشنى

پەتھىي قىلغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسىدىكى مۇنبەت زېمىنلارنى ئىگەللىۋالغان، قارىقاش يايلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان، ئىشلەپ چىقىرىش، قورۇلۇش ئارمىياسىنىڭ گازارمىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

## 1956-يىلى 5-ئاي

ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى غازات ئېلان قىلدى. لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدارىلىرى بىلەن مەھكىمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

## 1957-يىلى 3-ئاي

خىتاي ھۆكۈمىتى «ھەممى گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئادەم بەس-بەستە سايرىسۇن» دېگەن سەياسىي ھەرىكەتنى ئېلىپ باردى. گەرچە بۇ خىتاينىڭ ئالدامچىلىقى بولسىمۇ، ئۇيغۇر كادىرلىرى بىلەن زىيالىلىرى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارا پاش قىلدى. پۈتۈن ئۇيغۇرستان بويىلاپ شىكايەت قىلىش دولقۇنى كۆتىرىلدى. ئايرىم زىيالىلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللىي مۇستەقىللىق داۋاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ تەلەپكە چىدىمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى «يەرلىك مىللەتچى»، «ئوڭچى» دېگەن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، 150 مىڭ نەپەر ئۇيغۇرستانلىق زىيالىلار بىلەن دىنىي زاتلارنى جازالىدى. ئۇلار خىزمەتتىن ھايدالدى، قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

## 1958-يىلى 7-ئاي

ئالتاي، كۆكتوقايدا دەلىلقان ۋە جەمشىتقان باشچىلىقىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى، قۇمۇلدا سۇلتان ماخمۇت، ئېلى قۇربان ۋە سېيىت باتۇرلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان ئىدى.

## 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى

شۇ مەزگىلدە سوۋېت رەھبەرلىرى بىلەن خىتاي رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىدئېئولوگىيىلىك تالاشلار پەيدا بولۇپ، ئىچكى زىددىيەت كۈچەيگەن ئىدى. ئۇيغۇرستان ئىنقىلاپچىلىرى موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يارەدىمىگە تايىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى پىلانلىدى. شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى سۈنئىي پەيدا قىلىنغان ئاچارچىلىققا، ئىشسىزلىققا ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشتى. نامايىش 3 كۈنگە سوزۇلدى. 5-ئاينىڭ 29-كۈنى نامايىشچى ئاما ۋىلايەتلىك پارتىيا كومىتېتىنىڭ بىناسى ئالدىغا كەلگەندە، ئالدىن-ئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىلتىق، پۇلېمېت ۋە ئاۋتوماتلار بىلەن ئوققا تۇتۇلدى. ناھەق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاما سەياسىي پانا تىلەپ، سوۋېت قازاقىستانىغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 1962-يىلى 10-ئاي

ئۇيغۇرستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يۇرتلاردا «زەنجىرسىمان تەشكىلات» قۇرۇلۇپ، مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈشتى. بىراق، خائىننىڭ پاش قىلىپ قويغانلىقىدىن، قوزغىلاڭ ئەمەلگە ئاشمىدى. موشۇ ئىشنى بانە قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى 30 مىڭدەك ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتۇپ، تۈرمىلەرگە سولىدى ۋە قىيناپ ئۆلتۈردى.

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىمۇ مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، قوراللىق كۆرەش تەييارلىقىنى باشلىغان ئىدى. بىراق، بۇ قوزغىلاڭمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. مىللىي زۇلۇمدىن قەھرى غەزەپكە كەلگەن خەلق خىتايلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن چوشقا ئۆلتۈرۈش ۋاقەسىنى قوزغاپ، خىتايلارنىڭ كۆپلىگەن چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، يوق قىلدى.

## 1965-يىلى 8-ئاي

خىتاينىڭ «پەيلۇ» دەپ ئاتالغان مەھبۇسلار لاگېرىدىكى 300دىن ئارتۇق مەھبۇسلار شۇ ئوترىيادنىڭ كادىرى پالتا مەمتىمىننىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنى نازارەت قىلىۋاتقان خىتاي چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سكلادتا ساقلىنىۋاتقان 300دەك قورال-ياراقنى قولغا چۈشەردى ۋە ئۆزلىرى قوراللاندى. ئۇلار قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، پەيلۇنى ئىگەللەپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان ئىدى. كېيىن بۇ قوزغىلاڭ خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانلىق تۈردە باستۇرۇلدى.


## 1966-ژىلى 5-ئاي


پۈتۈن خىتاي مەملىكىتىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان سەياسىي كامپانىيا باشلىنىپ، جەمىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۇيغۇرستانلىقلار مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، قۇراللىق قوزغىلاڭلارغا تەييارلىق قىلىشتى. ئۇلار مەخپىي ھالدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەت خېلە كەڭ دائىرىدە قانات يايغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي ئاما قوزغىلىشقا تەييار بولدى. بىراق، كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋەدە قىلىنغان ھەربىي ياردەمنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىدى. بۇ ھەرىكەت خىتايلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغانلىقتىن، قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، موشۇ دولقۇندا خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنىڭ 60 مىڭدىن ئوشۇق ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. 1970-ژىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن توختى قۇربان، ئابلىز قارى قاتارلىق 16 كىشى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ژىلى 29-ماي كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ يۈزلىگەن ئىنقىلاپچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. پارتىيا رەھبەرلىرىدىن مەمتىمىن ئىمىنوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىقلار 1970-ژىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ئاۋتونوم رايونلۇق 1-تۈرمىدە يوشۇرۇن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇللا زاكىروۋ بولسا، ئېغىر ئازاپلار دەستىدە ناكا قىلىنىپ، 1981-ژىلى 12-ئاينىڭ 3-كۈنى دوختۇرخانىدا ئۆلدى. نەچچە مىڭلىغان پارتىيا ئەزالىرى 10 ژىلدىن ئوشۇق مۇددەتكە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاپاسىزلىقى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم قانغا پاتۇرۇلدى.


ئۆز ۋاقتىدا بۇ كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەخپىي تۇغۇلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ كىشىلەر بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز. مىللىتىمىزنىڭ كۆرەش تارىخىدىكى مۇھىم ۋاقىە بولغانلىقتىن، تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

### شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنىڭ يېتەكچىلىرى


ئەسئەت ئىسھاقوۋ


مۇھەممەتىمىن ئىمىنوۋ


توختى قۇربان



ئابدۇللا زاكىروۋ

www.uyghurkitap.com

## شەرقىي تۈركىستان خالىق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېت ئەزالىرى



سابىت ئابدۇراخمان




ئەزىم ئابدۇساتتاروۋ




ئاۋاكرى ناسىروۋ



نۇرمۇھەممەت يۇسۇپوۋ



ئەخمەت ئېگەمبەردى




ئابدۇللا تۇرلىباېۋ



ئىمىنجان ئىكرام



ئىسمايىل مەمەتنىيازوۋ



رەخمەتجان ھەمراېۋ

## 1970-ژىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەكىت ناھىيەسىدە ياشىغۇچى دېخانلار خىتايىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى چىقىپ، شۇ جايدىكى خىتاي ھەربىيلىرىنىڭ قولىدىكى قۇراللىرىنى تارتىۋېلىشقان. ناھىيەلىك تراكتور ستانسىياسىنىڭ قوراسىنى بازا قىلىپ، كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن قوراللىق ئېتىشقان. ئۇلارنىڭ ئەسلى مەخسىتى، دېخانلاردىن ئالىدىغان باج سېلىقلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. دېخانلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەربىي قىسىملارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورشاۋالدى ۋە ھۇجۇم قىلدى. ھۆكۈمەت ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆز ئىچىدىن پارچىلاش يولى بىلەن بۇ ھەرىكەتنى قاتتىق باستۇرۇۋەتتى.

## 1979-ژىلى دېكابىر

بۆرتالا چېگارىسىدىكى ئورمانلىقلاردا ئوچىلار ياۋايى ھايۋانلارنى ئولاپ ژۈرەتتى. مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خىتاي چېگارا ئەسكەرلىرى قورقۇپ كېتىپ، «سوۋېت ئەسكەرلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلدى» دەپ ژۇقۇرىغا خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خىتايىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى بىلەن مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى ۋە باللىرىنى ئىچكى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن خىتاي ئاھالىسى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئىچكى خىتايغا كۆچۈش دولقۇنى كۆتىرىلدى. بۇ ئېقىمنى توختىتىشقا خىتاي ھۆكۈمىتى ئامالسىز قالدى.

## 1980-ژىلى 12-ئاي

ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتەرگەن خەلق ئاممىسى نارازىلىق نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاۋتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەم ئاۋتونوم رايونلۇق پارتىيا كومىتېتىنىڭ بىناسى ئالدىغا ژىغىلىپ، قاتىللارنى تېپىپ، جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، قاتىللارنى تېپىپ، جازالاشنىڭ ئورنىغا موشۇ نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغان كىشىلەرنى تۇتۇپ، تۈرمىلەرگە سولىدى.

## 1981-ژىلى 1-ئاي 3-كۈنى

شۇ كۈنى قارغىلىق ناھىيەسىنىڭ توگىچى يېزىسىدىكى مېچىتقا دۈشمەنلەر ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيۇشۇپ، مىللىي زۇلۇمغا قارشى غازات ئېلان قىلىشتى. ئۇلار خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە يېزىلارنى ئازات قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرىشىغا ئالدى. شۇ ژىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى قەشقەرنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدە 200دىن ئارتۇق مۇجاھىتلار خىتايلارنىڭ ساقچى قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئوق-دورا، قۇرال-ياراقلارنى غېنىمەت ئالدى. قوزغىلاڭچىلار ستراتېگىيالىك ئورنى مۇھىم بولغان ئورمانلىق تاققا چىقىۋېلىپ، ئېتىشىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى.

## 1981-ژىل 5-ئاي 27-كۈنى

شۇ كۈنى پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى ھەسەن ئىسمايىل باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان يانغىن پارتىياسى» 100دىن ئوشۇق پىدائىيلارنى ژىغىپ، ناھىيەلىك ھەربىي قۇراللار بۆلۈمىگە ھۇجۇم قىلىپ، قۇرال-ياراق سكلادىدىن قۇرال-ياراق، ئوق-دورىلارنى بۇلاپ ئەپچىقىپ كەتتى. كېيىن بۇ ھەرىكەت باستۇرۇلغان بولسىمۇ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ئىدى.

## 1983-ژىلى ياز

شۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرىدە «ياش ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى باشلاۋەتتى. ئۇلار مەسچىتلەردە ۋە جامائەت توپلاشقان سورۇنلاردا خىتاي زۇلۇمىغا قارشى تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى قوغداپ، خىتايىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى قانۇنىي تەلەپلەرنى قويغان ئىدى. بىراق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇلارنىمۇ قانلىق تۈردە باستۇردى.

## 1985-ژىلى 12-ئاي 12-كۈنى

شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەخپىي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 12-دېكابىر كۈنى تەشكىللىك ھالدا كوچىلارغا نامايىشقا چىقىشتى. خۇددى شۇ ۋاقىتتا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋە بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ستۇدېنتلارمۇ ئۇيۇشۇپ، نامايىشقا چىقىشتى. نامايىشچىلار قوشۇنى 15 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ستۇدېنتلارنى نەق مەيداندا ئوققا تۇتمىغان

بولسمۇ، نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنى بىر-بىرلەپ تۇرمىگە ئالدى، ئوقۇغۇشتىن ھايدىدى ۋە ئىشقا ئالمىدى.

### 1988-يىلى 6-ئاي

خىتايلار يەرلىك مىللەتلەرنى ھاقارەتلەپ: «بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇللىرىنى قۇل قىلىمىز، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىمىز!» دەپ يېزىپ، تامغا ئېسىپ قويىدى. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 5 مىڭغا ئارتۇق كىشى مىللىي كەمسىتىشقا نارازىلىق ژىغىنىنى ئۆتكۈزۈشتى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى كۈنى بويى دەرس تاشلاپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشتى. ئۇلار دۆشمەننىڭ مىللىي كەمسىتىش، تەڭسىزلىك قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، موشۇ ھاقارەت خېتىنى يازغان خىتاينى تېپىپ، جازالاشنىڭ ئورنىغا، نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغان ستۇدېنتلارنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى.

### 1990-يىلىنىڭ بېشىدا

ئۈرۈمچى شەھىرىدە كېرەم ئابدۇۋەلىنىڭ باشچىلىغىدا « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىياسى» قۇرۇلدى. كېيىن موشۇ پارتىيانىڭ رەھبەرلىكىدە قاغىلىق ناھىيەسىدە پارتىزانلار ئوترىيادى قۇرۇلۇپ، ئۇلار تەييارلىقتىن ئۆتكۈزۈلدى. كېيىن بۇ پارتىزانلار كۇچا، شايار ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا دۆشمەنگە يوشۇرۇن زەربىلەرنى بېرىپ تۇردى.

### 1990-يىلى 4-ئاي

قەشقەرىيەنىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېخانلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىياسى بارىن شۆبىسىنىڭ رەھبىرى زەيىندىن يۈسۈپنىڭ باشچىلىغىدا ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كۆرۈپ، ھەربىي مەشقلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنى 10 مىڭدەك ئادەم قوللىرىدا مىلتىق-گرانات، كەتمەن-ئوغاق، پىچاقلارنى كۆتىرىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى بېسىۋالدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. قۇراللىق جەڭ 4 كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زامانىۋىي قۇراللار بىلان قۇراللانغان ئارمىياسى تەرىپىدىن قوزغىلاڭچىلار مەغلۇپ قىلىندى. 20000دىن ئوشۇق ئاھالىسى بار بارىن يېزىسىدا بىرمۇ ئۆي ساق قالمىدى، بىرمۇ ئۇيغۇر تىرىك قالمىدى. بىراق، بۇ قوزغىلاڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ قويىدى.

### 1992-يىلى 3-ئاي

قارغىلىق ناھىيەسىدىن چەت ئەل چېگارىسىغا قاراپ چېكىنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىياسىنىڭ» قوزغىلاڭچىلىرى خىتاينىڭ چېگارا ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ھەربىي ئايروپلانلىرى بىلەن بومباردىمان قىلىپ، زەمبىرەكلىرى بىلەن توپقا تۇتۇپ، بۇ مۇجاھىتلارنى تولۇق شېھىت قىلدى!

### 1992-يىلى 7-ئاي

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن قولغا ئېلىنغان 500دىن ئارتۇق سەياسىي مەھبۇسلار يوشۇرۇن ھالدا ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، قىيناق ئاستىدا سوئال-سوراق قىلىندى ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

### 1993-يىلى 7-ئاي

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇمنىڭ تالىپلىرى دېگەن گۇمان بىلەن 300دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى تۇتۇلۇپ، تۈرمىلەرگە قامالدى.

### 1993-يىلى 8-ئاي

قەشقەر شەھىرىدە خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمىغا چىدىمىغان 5 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرى ئالىمجاننىڭ باشچىلىغىدا، خىتايلاردىن ئۆچ ئېلىش مەخسىتىدە قەشقەردىكى ئەدلىيە باشقارمىسىغا بېسىپ كىرىپ، تاپانچە ۋە ئوق-دورىلارنى قولغا چۈشىرىپ، ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان 5 نەپەر خىتاي ئوفىسېرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. جەڭ ئۈستىدە ئۆزلىرىمۇ شېھىت بولۇشتى.

### 1994-يىلى 3-ئاي

ئۈرۈنچى شەھىرىدىكى لىيۇداۋان تۈرمىسىنىڭ 1-كورپۇس 7-كامېرىدا قامىلىپ ياتقان ئوبۇلقاسىم باشلىق 4 نەپەر

مۇجاھىتنى خىتاي ئەسكەرلىرى ئاۋتوماتلار بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. كامېرنىڭ تاملىرى قىپ-قىزىل قانغا بويالدى.

## 1995-ژىلى 5-ئاي

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوچۇق سوت ژىغىنىنى ئېچىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىياسىنىڭ» يېتەكچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشتى. ئابلىمىت تالىپ، ئىدرىسخان ئۆمەر، مەمەتىمىن سېيىت، خېلىل ئالتۇن، ئابدۇللا مەمەت قاتارلىق 5 نەپەر مۇجاھىت خەلىق ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 1995-ژىلى 6-ئاي

موشۇ ئاينىڭ 6-كۈنى كېچىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىزىلتاغنىڭ ئۈستىگە نامەلۇم كىشىلەر ئاي-يۇلتۇزلۇق شەرقىي تۈركىستان بايرىغىنى ئېسىپ قويىدى. بۇنى كۆرگەن ساقچىلار بايراقنى چۈشىرىپ ئېلىپ كېتىشتى. بىراق، خىتاي ساقچىلىرى شۇنچىلىك ئالاقىزادە بولۇشتىكى، «جىنايەتچىنى» ئىزدەپ تاپالماي بىر ئاي قايىراشتى.

## 1996-ژىلى 4-ئاي

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرستان دائىرىسىدە مىللىي بۆلگۈنچى، تېررورچى، پانتيۇركىست، پانىسلامىست دېگەن بەدناملار بىلەن قارىلاپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئالدى ۋە قىيىن-قىستاق ئىچىدە ئازاپلىدى. پەقەت بىر قارىقاش ناھىيەسىدىلا 114 نەپەر بېگۇنا ئۇيغۇر ياشلىرى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

## 1996-ژىلى 5-ئاي

ئۇيغۇرستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى مۇجاھىتلار خىتاينىڭ ھەربىي گارنىزونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنگەن ئىدى. بۇ مۇجاھىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى 4 دانە ۋېرتالېت، 5 ئاۋتوموبىل، 3 تۆگىگە ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈگىنى ئارتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان.نەتىجىدە خىتاي ئەسكەرلىرى 5 نەپەر چېرىكنىڭ ئۆلۈگىنى كۆتىرىپ يېنىپ چىققان. خۇددى شۇ مەزگىللەردە ئاقسۇنىڭ قۇچا، توقسۇ، كەلپىن قاتارلىق ناھىيەلىرىدە قىساسكار ياشلار قوراللىنىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇشتا يۈز نەچچە خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلگەن. غالجىرلاشقان دۈشمەن توپ زەمبىرەكلەر بىلەن ئېتىپ، مۇجاھىتلارنى تۆگەل شېھىت قىلغان. لېكىن بىرىنىمۇ تىرىك تۇتالمىغان.

## 1997-ژىلى 2-ئاي

موشۇ ئاينىڭ 5-كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمىغا چىدىمىغان ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 400دىن ئارتۇق ياشلار نامايىش قىلغان. ئەتىسى 6-فېۋرال كۈنى نامايىشچىلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، نامايىشچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا قارشى ساقچى ئەسكەرلەر، بىڭتۈەن ئەسكەرلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىيە ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، قىرغىنچىلىق قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان ياشلارنى قولغا ئالدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتايلار قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى سوغ سۇ چېچىپ توڭلىتىپ، ئۇۋچارکا ئىتلىرىغا تالىتىپ، بەدەنلىرىنى كۆيدىرىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرگەن. موشۇ پاجىەدە ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى 1600گە يېتىدۇ. موشۇ دولقۇندا پۈتۈن ئۇيغۇرستان بويىچە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 65 مىڭغا يېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئايدا دېگىدەك ئوچۇق سوت ژىغىنلىرىنى ئېچىپ، ھەر بىر ئوچۇق سوتتا 30-20 مەھبۇسلارنى ئەپچىقىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش خىتاينىڭ ئادىتىگە ئايلانغان.

## 1998-ژىل 6-ئاي

غۇلجا ناھىيەسىدە يوشۇرۇن ئىنقىلاپچىلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بەردى. ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇرۇۋان بولغانلار بار. قىسقىسى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 54 ژىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇرلارغا بولغان مىللىي زۇلۇم ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ ستىخىيالىك ھەرىكىتى ئەمەس، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار، پارتىيالەر بار. بىز مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەقسىتىدە بۇ تەشكىلاتلار بىلەن پارتىيالەر توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات بەرمىدۇق.

www.uyghurkitap.com

## §2. ۋەتەننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي-ئازادلىق كۈرەشلەر

## ھەر قايسى ئەللەردە ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى

1944–1949-يىللاردىكى مىللىي-ئازادلىق كۈرىشىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ ئازات ۋەتىنىمىزنىڭ قايتىدىن بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا كۆپلىگەن ۋەتەنداشلىرىمى سەياسىي باش-پانا تىلەپ ھەر قايسى خوشنا ئەللەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئاتاپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئازىيادىكى قازاقستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكستانلارغا؛ غەربىپتىكى خوشنىلىرى ئاۋغانىستان، پاكىستان، كەشمىر ۋە ھىندىستانلارغا جەمى 1 مىلليوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېتىشتى. كېيىنكى يىللاردا بۇ ئەللەردىن ئۆتۈپ، ئىران، ئەرەبىستان ۋە تۈركىيالەرگە بېرىپ ماكانلاشتى. ئاخىرقى 30–20 يىل ئىچىدە ئېۋروپىدىكى ئانگلىيا، گېرمانىيا، شۋېتسىيا، شۋېيسارىيا، نىرۋېگىيا، بېلگىيا قاتارلىق ئېۋروپا مەملىكەتلىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى ئاۋستىرالىيا، ئامېرىكا ۋە كانادا مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

ھازىر دۇنيانىڭ 20دىن ئوشۇق مەملىكىتىدە 2 مىلليونغا يېقىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرستانلىق قېرىنداش خەلقلەر ياشىماقتا. ئەينە شۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بارغان مەملىكەتلەردە، خەلق ئارا قانۇنلار ۋە شۇ دۆلەتلەرنىڭ كونستىتۇسىيالىرى بەرگەن دېموكراتىك ئەركىنلىك ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ يەردىكى مۇئەممالىرىنى ھەل قىلماقتا. مۇمكىن بولغىنىچە ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ مىللىي-ئازادلىق يولىدىكى كۈرىشىگە مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا. بىز تۆۋەندە چەت ئەللەردۇ قۇرۇلۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**ئوتتۇرا ئازىيادە:**

قازاقستاندا 1992-يىلى 20-ئىيۇن كۈنى «**ئۇيغۇرستان ئازادلىق تەشكىلاتى**» قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن ئېدى. بۇ ئۆز ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننى ئازات قىلىشتەك ئالىي مەخسەتنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويغان بىردىن-بىر سەياسىي تەشكىلات ئېدى. ئۇنىڭ مەركىزىي ئورگىنى قازاقستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە بولۇپ، قىرغىستان ۋە ئۆزبەكستانلاردا شۆبىلىرى (فىلىئاللىرى) بار ئېدى. بۇنىڭدىن باشقا موشۇ دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش مەخسىتىدە قۇرۇلغان «**ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاقى**» بار بولۇپ، ئۇنىڭمۇ مەركىزىي ئورگىنى قازاقستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ئېدى. مانا موشۇ ئىككى تەشكىلات قىرغىستاندىكى «**ئۇيغۇرستان ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ شۆبىسى**» ھەم «**بىشكېك شەھەرلىك ئىنسان ھەقلىرى ھىمايە قىلىش (دېموكراتىيا) تەشكىلاتى**» بىلەن قوشۇلۇپ، 2002-يىلى 1-سېنتيابىر كۈنى ئالمۇتا شەھرىدە ئېچىلغان ئۇ ئا ت نىڭ III قۇرۇلتىيىدا، «**ئۇيغۇرستان خەلق پارتىياسى**» بولۇپ قايتا قۇرۇلدى. پارتىيانىڭ تۈپ مەخستى – ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت.

**تۈركىيادە:** ستامبۇل شەھرىدە ئورۇنلاشقان «**شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى**» ئىدارىسى، «**شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى**» ۋە «**شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيتى**» بار.

تۈركىيانىڭ قەيسىرى شەھرىدە «**شەرقىي تۈركىستان كۇلتۇر ھەمكارلىق جەمىيتى**» بار.

ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھرىدە «**ئامېرىكا-شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى**»، «**شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى**» قاتارلىق تەشكىلاتلار بار. كانادا مەملىكىتىدە «**كاندا شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى**» بار.

ئاۋستىرالىيانىڭ ئادېلايدا شەھرىدە «**ئاۋستىرالىيا تۈركىستان جەمىيتى**»، سىدنېي شەھرىدە «**شەرقىي تۈركىستانلىقلار جەمىيتى**» بار.

گېرمانىيانىڭ ميۇنخېن شەھرىدە «**شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلىيى**»، «**دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىگى**»، «**ئېۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى**»، «**شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسون مەركىزى**» قاتارلىق تەشكىلاتلار بار ئېدى. 2004-يىلى ئاپرېلدا گېرمانىيانىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئېچىلغان IV قۇرۇلتايدا، ئىسمىلىرى باشتا ئاتالغان ئىككى مەركەز بىرلىشىپ، «**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**» بولۇپ، قيات تەشكىل قىلىندى.

ئانگلىيادە «**ئانگلىيا- شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى**» تەشكىلاتى بار.

شۋېتسىيادە «**شۋېتسىيا شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى**» بار.

بېلگىيادە «**بېلگىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى**» بار.

ھازىر ژۇقۇرىدا ئىسمىلىرى ئاتالغان تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك «**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ**» ئەزالىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاندىكى مىللىي-ئازادلىق كۈرەشكە ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز ژۇقۇرىدا ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازادلىق كۈرىشىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ

ئازاتلىغى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ كۈرىشىمىز-ئادالەتلىك كۈرەش، ھەققانىي كۈرەش، قانۇنلۇق كۈرەش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئەگەر بىز خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىگە، خەلق ئارا دوستلىرىمىزنىڭ ياردىمىگە، خەلق ئارا قانۇنلارنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ، قەتئىي كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، بۇ كۈرىشىمىز چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ.




مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىكى ۋەكىللىرى ۋەخپى رەىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىن ۋە سېيىت تارىنچىلار بىلان بىللە



مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىكى ۋەكىللىرى ئاۋستراليا جەمىيىتىنىڭ باشلىغى ئەخمەت ئېگەمبەردى بىلەن

ژۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرىستان خەلقى ناھايىتى ئېغىر مىللىي زۇلۇم ئاستىدا ياشىدى. خىتاي جاللاتلىرى بىزنىڭ ئىختىسادىي، مەدەنىي تەرەققىياتىمىزنى بوغۇپ، خەلقىمىزنى بارلىق ئەركىنلىكلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، «كېچە قانچىلىق قاراڭغۇ بولغانسىرى يۇلتۇزلار شۇنچىلىك روشەن كۆرۈنىدۇ» دېگەندەك، خىتاينىڭ مىللىي زۇلۇمى قانچە ئېغىر بولغانسىرى، مەدەنىيەت ساھاسىدا شۇنچىلىك كۆپ تالانتلار چېتىشىپ چىقتى. بىزنىڭ بۇ كىتاۋىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەمەس، سەياسىي تارىخى بولغانلىقتىن، موشۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرىدىن مىسال تېرىقىسىدە، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى بىر نەچچە ئەرباپنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىمىز.



ئابدۇلئەزىز مەخسۇم (1982ـ1899)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 1899-ژىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاتۇش ناھىيەسىدە ئاتاقلىق ئالىم ۋە مائارىپچى ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا بىلىمنى قەشقەردە ئالغان. ياش ۋاقتىدا ئاتىسىدىن ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1920-ژىللاردا ھىندىستانغا بېرىپ ئالىي مەدرىسىلەردە بىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپ شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان. ياش ستۇدېنت ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىنىستان خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۆرىشىنى قوللاپ نامايىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىنگلىزلار تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالغان.

1924-ژىلى ئاتىدى ئابدۇقادىر ئەزىزىي قەشقەر شەھرىدە قەستلەر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ خۇن داۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بىراق، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قانچىلىك تىرىشىپ باقسىمۇ بۇ قاتىللىقنىڭ كەينىدە تۇرغان قەشقەر ۋالىسى جۇ دۇتەي بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرىدىغان كونسۇلى ھېچ قانداق جاۋاپكەرلىككە تارتىلمىغان. شائىر شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ غايىسى بىلەن ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئۆمرىنى مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشكە بېغىشلاشقا قەسسەم ياد قىلغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھارماي-تالماي كۆرەشكەن. كۆرەش يولىدا ئۇچرىغان بارلىق زورلۇق-زومبىلىقلارغا، تەھدىت ۋە ئازاپلارغا باش ئەگمەي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلغان «گۇناسى» ئۈچۈن جەمى 40 ژىللىق ھاياتى خىتاي زىندانلىرىدا ئۆتكەن. شائىرنىڭ چەتەن، مىللەتكە چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغان ئالتۇن دەۋرى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا، تارىمنىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە ئۆتتى!


شائىر 1980-ژىلى 81 يېشىدا ئاغرىقچان، ئاجىز بوۋاي بولغاندا ئاندىن تۈرمىدىن بوشىتىلدى. ئۇ شايادىكى

جىنايەتچىلەر لاگېرىدىن بوشىنىپ چىقىپ، كوچاغا كەلگەندە كوچا خەلقى بۇ ئەزىز ئوغلىنى ئىسسىق كۆز ياشلىرى ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. شائىر قەشقەر شەھىرىگە كەلگەندە قەشقەر خەلقى تەۋرەپ كەتتى. ئانا يۇرتى ئاتۇش ئەزىز ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قوينىغا ئالدى. ھال سوراپ، مۇبارەكلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

شائىر غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندە غۇلجا خەلقى بۇ ئەزىز پەرزەندىنى بېشىدا كۆتەردى! ياخشى دەم ئېلىپ، داۋالىنىشى ئۈچۈن مال-دۇنياسىنى ئايىمىدى! ئۈرۈمچىدىكى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۈرۈمچى خەلقى بىلەن زىيالىيلىرى بۇ كىشىنى تاۋاپ قىلىپ، پېشىنى كۆزلىرىگە سۈردى! شائىرنىڭ خەلق ئىچىدە مۇنچىلىك ھۆرمەت ۋە ئابروي قازىنىشىغا چىدىمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى 1982-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «تۆمۈر يول قازاسىغا ئۇچرىدى!» دېگەن بانە بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى!

شائىر ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

كۈرەش يولىدا جان بەرمەك، ماڭا قەرزدۇر ئوغلانلەر،
يېنىپ تۇرغان كۆيەر ئوتقا، پىدا-پاۋانىدۇر كۆڭلۈم.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، بويۇن ئەگمەي ئىرادەمدىن،
ۋۇرەك مەغرۇر تۇرۇپ، قېنىم تۆكۈلسە، غايىدۇر كۆڭلۈم! — دەپ يازغىنا ئىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزى مەخسىتىگە يەتتى.



تۇرغۇن ئالماس (1924-2001)


تۇرغۇن ئالماس XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەيدانغا چىققان ئاتاقلىق شائىر ۋە تارىخچى-ئالىم. ئۇ 1924-يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسى دۆلەتباغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1934-1939 يىللىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1939-1942 يىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دارىل-مۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1956-1957 يىللىرى لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئالغان. ئۇ 1940-يىللىرى ئەدەبىياتقا شېئىرىيەت بىلەن كىرىپ كەلگەن.

ئۇنىڭ ئەركىنلىكنى كۈيلەيدىغان، خەلقنى ئازاتلىق يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان شېئىرلىرى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا تىغ بولۇپ سانچىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 1943-يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئوتلۇق شائىر تۈرمىدە يېتىپمۇ شېئىر تېزىشنى توختاتمىدى. «تۇتقۇن»، «جەملە»، «ئازاتلىق مەشئىلى»، «ئىككى تامچە ياش» كەبى بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ياراتتى. تۇرغۇن ئالماس 1946-يىلى خىتاي تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل قەشقەردە مۇئەللىملىك خىزمىتىدە ئىشلىدى. شۇ يىللاردا «ئۈمۈتلىك خىيال»، «جەنۇپ ساداسى»، «مۇڭلىرىم» كەبى ئوتلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە چاقىردى. موشۇنداق ئىسيانكار شېئىرلىرى ئۈچۈن 1947-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى يەنە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. يالقۇنلۇق شائىر تۈرمە ئىچىدىمۇ دۈشمەنگە باش ئەگمەستىن ئىنقىلاۋىي روھتىكى شېئىرلارنى يېزىشنى توختاتمىدى. ئۇ خەلقىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا تۈرمىدىن بوشىتىلدى ۋە ئىنقىلاپ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. شائىر غۇلجىغا

كەلگەندىن كېيىن «ئالغا» گېزىتىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. 1950-يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ «تارىم شاملىرى»، «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «ئۇيغۇرلار»، «ئىزكىلەر»، «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى»، «قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلىرى، نەشر قىلىندى. ئالىمنىڭ بەزى كىتابلىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئالمۇتىدا ئۇيغۇر تىلى سلاۋيان يېزىقىدا، سەۋدىيە ئەرەبىستانىدا ئەرەپ تىلىدا، گېرمانىيانىڭ گامبۇرگ شەھىرىدە نېمىس تىلىدا بېسىلىپ چىقتى. ئۆزبەكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بولسا، ژۇقۇرى ئىلمىي ئۇنۋان بەردى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، تۇرغۇن ئالماسنى ژۇقارقى ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ئەيىپلەپ، ئۇنى تەنقىت قىلىش دولقۇنىنى قوزغاۋەتتى. مانا موشۇ فاكتىنىڭ ئۆزى تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە تىغ بولۇپ سانچىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرغۇن ئالماس 2001-يىلى 11-سېنتيابىر كۈنى 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق شائىرى ۋە يېتۈك ئالىمى تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا چاقناپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرى.



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933-1996)

مەشھۇر ئالىم، تالانتلىق ئادىب ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933-يىلى 28-سېنتيابىر كۈنى ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا بىلىمنى ئۈرۈمچى، قەشقەردە ئالغان. 1952-1950 يىللاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىوخىمىيا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1953-يىلى شەن شەھىرىدىكى غەربىي-شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتۇرىسىدا بىلىم ئالغان. ئانا مەتنۇگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنستىتۇتتا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. قوشۇمچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنالىنىڭ» مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى ئەينە شۇ ياشلىق يىللىرىدىلا باشلانغان.


ئۇيغۇرستاندا 1958-يىلدىن باشلانغان ئەسەبىي-سەياسىي ھەرىكەتلە بۇ ياش ئالىمنىڭ بېشىغا تۈگىمەس كۈلپەتلەرنى ۋە ئۇنتۇلماس خورلۇقلارنى سالدى. جەمىيەتتە ۋابادەك يامراپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەنسىزلىك ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان سەياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان ئەشۇ يىللاردا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقىي قەلەمكەشكە خاس ئۈمۈتۋارلىق بىلەن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۆگەندى ۋە ئىجات قىلدى. تاكى 1978-يىلغىچە سوزۇلغان 20 يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە روھىي كۈچلۈك بۇ ئالىم نەچچە ئون خاتىرە دەپتەر توشقىدەك تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، شېئىرلار، دراما ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن پېداگوگ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستازلىق مىنبىرىگە قايتىدىن چىقتى. ئىلمىي ۋە بەدىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئاشكارە ئېلىپ بېرىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1983-يىلى ئاتا ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتۇرا ئازىيا بويلاپ 8 ئاي سەياھەتتە بولدى. 1986-يىلى ياپونىيادە زىيارەتتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن تېمىدا ئىلمىي لېكسىيا ئوقۇدى. 1991-1988 يىللاردا دۇنيادا ۋە جۇڭگودا

يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر ئابدۇشۇكۇرنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئويلاندى، ئىزدەندى ۋە تەپەككۇر قىلدى. موشۇ مەنىۋىي جەريانلارنى خۇلاسىلەپ، 1993-يىلى «ئۇمۇر تەلقىنلىرى» ناملىق ئىسىل ماقالىسىنى يېزىپ چىقتى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قېدىمقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مۇۋاپىقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان يېتەكچىلىك رولىنى ئەمەلىي فاكت ۋە نەزەرىيەۋىي ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلغان ئىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلاپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن خاراكتېرى، ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىزدىنىش روھى يېگىنچە تەتقىقاتلىرى مۇستەقىل مۇلاھىزىگە، ئىلمىي ھېكمەتكە باي ئەسەرلىرى ئۇنى ئۆز زاماندىشلىرىئىچىدىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ژۇقۇرى سەۋىيەلىك ئالىم دەرىجىسىگە ئېلىپ چىقتى.

بۈگۈنگىچە ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر مۇقام غەزنىسى»، «غەربى يۇرت تۇشكىمىر سەئىلىنى»، «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قۇتادغۇ بىلىك غەزنىسى»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «ئۇمۇمىي ئېستېتىكا»، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى-ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى»، «رۇبائىيات-1»، «رۇبائىيات-2»، «چوغلۇق»، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، «قارلىقتاغ شەجەرىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» قاتارلىق 18 پارچە كىتاۋى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا 3 توملۇق ماقالىلار توپلىمى ۋە 3 توملۇق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۆھپىسى ھەممىدىن مول، ھەممىدىن يارقىن ئەدىپ ۋە ئالىمدۇر.



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923-1995)


زامانىۋىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، شائىر ۋە يازغۇچى، ئالىم ۋە تىلشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923-يىلى ئۇيغۇرستانىنىڭ قۇمۇل شەھىرىدە تىجارەتچى تىلەشنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1930-يىلدىن باشلاپ ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا بىلىم ئالغان. 1942-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. كېيىن مەتبەئە ساھاسىگە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر، تەرجىمان ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

1950-يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ژۈرگۈزۈلگەن سەياسىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 20 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە، ئەمگەك لاگېرلىرىدا، ۋە ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا تۇتقۇنلۇقتا ھايات كەچۈردى. ئىجات قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى. پەقەت 1981-يىلىدىن باشلاپ تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ئىجات قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەدىپ بىر چەتتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر چەتتىن ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى 1946-يىلى «تارىم بويلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. 1950-يىلدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى «ژۈرەك مۇڭلىرى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلاملاردا ئېلان قىلىندى. شائىرنىڭ «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇق ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق

داستانلىرى بار. ئۇ يازغۇچى سوپىتىدە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانلارنى يازدى ۋە نەشىر قىلدۇردى. ئەدىپنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى بولسۇن، نەسرىي ئەسەرلىرى بولسۇن، كەڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە سۆيۈپ ئوقۇلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خىتاي ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. تۈركىيادە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پوئېزىياسىنى تەتقىق قىلغان مەخسۇس كىتاپلار چىقىرىلدى.

يازغۇچىنىڭ «ئىز» رومانى 1912-1913 ژىللاردا ئۇيغۇرستاننىڭ قۇمۇل شەھرىدە تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدا باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنى ئەكىس ئەتتۈرگەن بولسا، «ئويغانغان زېمىن» رومانى 1931-1937 ژىللاردا غوجىنىياز ھاجىم باشچىلىغىدا باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەدىپ ئەسلى پىلان بويىچە 1944-1949 ژىللاردا يۈز بەرگەن ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ئۈچىنچى رومانىدا يازماقچى بولغان ئېدى. بىراق، يازغۇچىنىڭ سالامەتلىگى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۈچىنچى رومانى يېزىپ چىقالىشىغا كۆزى يەتمىدى، شۇ سەۋەپتىن ئىككىنچى رومانىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «بۇ ۋەزىپىنى كېلەچەكتىكى ئەۋلاتلار ئورۇنلاپ چىقار!» دەپ خىتاپ قىلغان ئېدى. (ھەقىقەتەن ئەدىپنىڭ ئۆمرى ئاز قالغان ئېكەن، ئۇ 1995-ژىلى 5-ئۆكتيابىر كۈنى يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشتى!) ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قۇتلۇق ئىشنى ئۇنىڭ ۋارىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنە بىر تالانتلىق يازغۇچىسى زوردۇن سابىر ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ 2000-ژىلى ئېلان قىلىنغان «ئانا يۇرت» ناملىق تىرىلوگىياسى ئەمەلىياتتا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رونمانلىرىنىڭ داۋامىدۇر.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن ماخمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيۇغۇر تىلىدا نەشىرگە تەييارلاشتا مۇھىم ھەسسىنى قوشتى. بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە ئىلمىي-تەتقىقات ناقالىلىرىنى يازدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولسۇن، ئىلمىي-تەتقىات ماقالىلىرى بولسۇن، ژۇقۇرى سەۋىيەدە يېزىلغانلىغى ئۈچۈن خەلقىمىز تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، سۆيۈپ بولسۇن، ژۇقۇرى سەۋىيەدە يېزىلغانلىغى ئۈچۈن خەلقىمىز تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، سۆيۈپ ئوقۇلىدىغان ئەسەرلەرگە ئايلاندى. ئەدىپنىڭ نامى «مەملىكەتلىك داڭلىق يازغۇچىلار كاتالوگىغا» يەنە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرى تىزىملىغى» قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلدى.



زوردۇن سابىر (1937-2000)

زوردۇن سابىر ئوغلى 1937-ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق قىشلاقتام يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپتە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتنى غۇلجا شەھرىدىكى مەكتەپلەردە ئالغان. 1954-1957 ژىللاردا غۇلجا شەھرىدە ق.قاسىمىي نامىدىكى دارىل-مۇئەللىمىن مەكتىۋىدە ئوقۇپ، ئوقۇشنى ئەلا باھا بىلەن تۈگەتكەن.

1957-ژىلى لەنجۇ شەھرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا چۈشكەن.

1928-ژىلى خىتايدا ژۈرگۈزۈلگەن «ستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە» «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىاسى بار» دېگەن تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلگەن. 1990-ژىللاردا سەياسىي

تەقىپتىن قۇتۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيا مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىگەن. زوردۇن سابىرنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرى موشۇ دەۋىردە يېزىلىشقا باشلىغان. ئۇ 1968-ژىلى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭ پاجىەلىك تۇرمۇشىنى ئەكىس ئەتتۇرىدىغان «قەرزدار» ناملىق پوۋېستنى يازغانلىغى ئۈچۈن «ئەقسىل ئىنقىلاپچى» ئاتىلىپ كۈرەش قىلىنغان. 1978-ژىلى بۇ تۆھمەتلەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆرۈمچىگە كۆچۈپ كەتتى ۋە كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. زوردۇن سابىر 40 ژىلغا يېقىن ئىجادىيەت دەۋرىدە يۈزلىگەن ھېكايىلەرنى، ئونلىغان پوۋېستلارنى ۋە بىر قانچە رومانلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «ئابرال شامالىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا» رومانلىرى بار. زوردۇن سابىرنىڭ ئاخىرقى رومان-ترىلوگىياسى «ئانا يۇرت» 2000-ژىلى يورۇق كۆردى. ئۇ بۇ ترىلوگىياسىدە ئۇيغۇرستاندا 1944-1949 ژىللىرى يۈز بەرگەن مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئەدەبىي تىل، يارقىن ئوبرازلاردا بايان قىلىپ بەرگەن. زوردۇن سابىر 2000-ژىلى 13-ئاۋغۇست كۈنى سىرلىق بىر ئۆلۈم بىلەن ئارىمىزدىن كەتتى!

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى موشۇ يەردە ئاياقلاشتۇرىمىز. تارىخىمىزغا سەپ سېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۆتكەن ئەسىرلەردە مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سەياسىي ئەرباپلىرىمىزدىن: ياقۇپبەگ دۆلەتى، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر، سۇلتان ئەلاخان، تۆمۈر خەلپە، ئابدۇللا روزىباقىيۋ، غوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللا، ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىيلارنىڭ ھەممىسى، مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىزدىن: ئابدۇقادىر ئەزىزىي، قۇتلۇق شەۋقىي، مەمتىلى ئەپەدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىي، زۇنۇن قادىرىي، نىمشېھىت، ئەبدۇلئەزىز مەخسۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللىي دۈشمىنىمىز خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى كۆرۈمىز.

ناھايىتى ئاز ساندىكى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىز «ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلدى» دېيىلسىمۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي جاللاتلىرىنىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچراپ، مەنىۋىي خورلۇق ۋە ئازاپلار ئىچىدە ئەجىلىدىن بۇرۇن ھاياتتىن كۆز ژۇمغانلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئېسىل ئوغلانلىرىنى ئايىماي قىرغان جاللاتلار، گېناسىد-فاشىستلاردۇر! بىز بۇ ھەقىقەتنى ھېچ قاچان ئەستىن چىقارماسلىغىمىز كېرەك!

**ئەركىنلىك**

**يۈز ژىللاپ كۈرەشلەر قىلىپ كەلدۇق بىز،**
**گاھ يەڭدۇق، گاھىدا ھەم يېڭىلدۇق بىز.**
**جەڭلەردە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ،**
**ئەركىنلىك يولىدا قانلار كەچتۇق بىز!**

**ئەركىن دەپ مىللىونلاپ ئۆلۈمگە باردۇق،**
**ئەرىك دەپ يۈز مىڭلاپ زىنداندا ياتتۇق.**
**بۇ يولدا قېنىمىز سۇدەك ئاقسىمۇ،**
**شۇندىمۇ ئەركتىن ھەرگىز كەچمىدۇق!**

**بىلمەن، ھاياتلىق ھەممىدىن قىممەت،**
**مۇھەببەت لەززىتى ھەممىدىن ئۈبدان.**
**ۋالېكىن ئەركىنلىك ئۈچۈن كەلگەندە،**
**ھاياتىڭ، مۇھەببىتىڭنىڭ ھەممىسى قۇرۋان!**

**ئەركىنلىك ــ ئىنسانىنىڭ يورۇق بەختىدۇر،**
**ئەركىنلىك ــ ئىنسانىنىڭ تاجۇ-تەختىدۇر.**
**ئەركىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىنسانلار،**
**جېنىدىن ئايرىلغان بىر ھاكۋاقتىدۇر!**

**ھە شۇنداق، ئەركىنلىك ھەممىدىن ئەلا،**
**ئەركىنلىك ــ ئىنسانىنىڭ شاھلىگى دېمەك.**
**ئەركىك ئۆز قولۇڭدا بولمىسا ئەگەر،**
**ھاياتلىق ــ قۇللۇقتۇر، دۇنياسى ــ دەۋزەق!**

**ئىنسانغا قۇللۇقتىن ئېغىر ئازاپ يوق،**
**ھۆر-ئازات ياشاشتىن ئاتۇق سوۋاپ يوق.**
**يا كەتكەن ئەركىن قولغا ئالايلى،**
**يا ئۇنىڭ يولىدا قۇرۋان بولايلۇق!**

## قوشۇمچە ماتېرىئال

## ئۇيغۇرستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مانجۇ-خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ شەجەرىسى

1884-ژىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى مانجۇر خانى گاۋگشۈي مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ «ئۇيغۇرستان» دېگەن نامىنى ئۆچىرىپ تاشلاپ، «شىنجاڭ» («يېڭى بېسىۋېلىنغان زېمىن») دەپ ئات قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئۆلكىگە جياڭجۈن (باش ۋالى)، جۇشى (رەئىسلەرنى) تەيىنلەپ شۇلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەتىنىمىزنىڭ يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتىن پۈتۈن مۇستەملىكە ھالىتىگە ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىە ئىدى. دېمەك، ۋەتىنىمىزنىڭ تولۇق مۇستەملىكە بولۇپ قالغىنىغا 120 ژىل بولدى. موشۇ 120 ژىل جەريانىدا مانجۇ-خىتايلارنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن جاڭجۈن، جۇشى ۋە شۇجىلىرىنىڭ تولۇق تىزىملىگى تۆۋەندىكىچە:

| № | ئەمەلدارلارنىڭ ئىسىم-فامىلىياسى | رەسمى مەنسۇۋى | ھۆكۈمرانلىق قىلغان ژىللىرى |
|---|---|---|---|
| 1 | ليۇ جىنتاڭ | شۈنفۇ (ھەربىي-مەمۇرىي باش ۋالى) | 1884-1889-ژژ. |
| 2 | ۋېي گۇاڭتاۋ | مۇۋەققەت شۈنفۇ | 1889-1891-ژژ. |
| 3 | تاۋ مۇ | شۈنفۇ | 1891-1895-ژژ. |
| 4 | رو يىڭجى | شۈنفۇ | 1895-1902-ژژ. |
| 5 | فەن شاۋسۇ | شۈنفۇ | 1902-1905-ژژ. |
| 6 | لەن كۈي | شۈنفۇ | 1905-1910-ژژ. |
| 7 | يۈئەن داخۇا | شۈنفۇ | 1910-1912-ژژ. |
| 8 | ياڭ زېڭشىن | دۇ-دۇ (تۇتۇق) | 1912-1928-ژژ. |
| 9 | جىڭ شۇرېن | جۇشى (رەئىس) | 1928-1933-ژژ. |
| 10 | شىڭ شىسەي | دۇبەن | 1933-1944-ژژ. |
| 11 | ۋۇ جۇڭشىن | جۇشى | 1944-1945-ژژ. |
| 12 | جاڭ جىجۇڭ | جۇشى | 1946-1947-ژژ. |
| 13 | تاۋ سىيۇ | گېنېرال-سىلىڭ | 1947-1949-ژژ. |
| 14 | ۋاڭ جىڭ | گېنېرال ھەم شۇجى | 1949-1952-ژژ. |
| 15 | ۋاڭ ئىنماۋ | گېنېرال ھەم شۇجى | 1952-1975-ژژ. |
| 16 | ياڭ يۈن | گېنېرال ھەم شۇجى | 1975-1979-ژژ. |
| 17 | لۇڭ شۇجىن | گېنېرال ھەم شۇجى | 1979-1980-ژژ. |
| 18 | ۋاڭ فىن | گېنېرال ھەم شۇجى | 1980-1981-ژژ. |
| 19 | ۋاڭ ئىنماۋ | گېنېرال ھەم شۇجى | 1981-1988-ژژ. |
| 20 | سۇڭ خەنلياڭ | شۇجى | 1988-1995-ژژ. |
| 21 | ۋاڭ لېچۈەن | شۇجى | 1995-2004-ژژ. |



سۈرەتلەردە: (سولدىن ئوڭغا) ئۇيغۇرستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان خىتاي ئەرباپلىرى:
زو زۇڭتاڭ، ياڭ زىڭشىڭ، جىڭ شۇرىن، شىڭ شىسەي، جاڭ جىجۇڭ، تاۋ سىيۇ، ۋاڭ جىڭ، ۋاڭ ئىنماۋ ۋە سۇن خەنلىيەڭلار.

www.uyghurkitap.com

**ئىزاھەت:** ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ژۇقۇرىدا ئىسىملىرى ئاتالغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مانجۇ-خىتاي مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى. بۇ يەردە ئىزاھەت بېرىپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى، خىتايلار ئۇيغۇرستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى نىقاپلاش زۆرۈرىيىتىدىن 1947-ژىلدىن 2004-ژىلغىچە بولغان 56 ژىل مابايىندا مەسئۇت سابىرى، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتىنىڭ رەئىسى قىلىپ قويۇشتى. بىراق، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيا جامائىتىنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈنلا قويۇپ قويغان قورچاق «رەئىسلەر» بولۇپ، ئۇلاردا ھېچ قانچە ئەمەلىي ھوقۇق يوق ئىدى. ئۇلار ھەر قاچان ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىي-سەياسىي ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان غوجايىنلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بۇلجۇتماي ئورۇنلايدىغان مالايلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇقارقى تىزىملىككە بىز بۇ مالايلارنىڭ ئىسىملىرىنى كىرگۈزمىدۇق.

***

ھۆرمەتلىك، كىتابخان!

بىز ژۇقۇرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەندى بۇ تارىختىن خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇلار ئەزەلدىن ئۆز دۆلەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل ئەل سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەن. پەقەت XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ تەخاۋۇزىغا، XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، مانجۇ-خىتايلىرىنىڭ تەجاۋۇزىغا ئۇچراپ، مىللىي مۇستەقىللىگىدىن ئايرىلىپ يېرىم مۇستەملىكە ئەل بولۇپ قالغان.

بىراق، ئۇيغۇرلار قۇلۇققا باش ئەگمەيدىغان، ئەركىسۆيەر، كۈرەشچان خەلىق. ئۇلار قولدىن كەتكەن مىللىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كەيىندىكىلىرى بېسىپ ھارماي-تالماي ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ژۈرگۈزۈپ كەلدى. خەلقىمىزنىڭ كېيىنكى 245 ژىللىق تارىخى ئىزچىل ھالدا مىللىي-ئازاتلىق يولىدا ئېلىپ بېرىلغان قەھرىمانلارچە كۈرەش تارىخى بولۇپ كەلدى. ئۇزاققا سوزۇلغان موشۇ كۈرەشلەردە ئۇيغۇرلار نەچچە مىللىون ئوغۇل-قىزلىرىنى قۇرۇۋان بەردى ۋە ھازىرمۇ بېرىۋاتىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تېخىچىلا ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەۋى، ژىغىپ ئېيتاقاندا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشتە ئۇيغۇرلار ھامان ئاجىز ئورۇندا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا، ھامان كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن كېيىنكى 245 ژىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىزيۈز بەرگەن ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنىڭ تىپىك مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى:

مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزدە دايىم تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال شۇكى، مىللىي زۇلۇم ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىگى نادان، بىخۇت ئادەملەر بولغاچقا، – «بۇدانىڭ بەرگىنى موشۇكەن» – دەپ، تەغدىرگە تەن بېرىپ، «قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» دەپ، سەرىمەستىن ژۈرىۋېرىدۇ.

زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغان ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلار ھەر قاچان ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەينە شۇ ئاز ساندىكى ئىنقىلاپچىلار يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى باشلايدۇ. ئىش باشلانغاندا، كۆپچىلىك ئاما بۇ كۈرەشكە تەييار ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەش چوقۇم غالىبىيەت قازىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا، ئادىن كۈرەشكە قاتنىشىدۇ. (شۇڭغىچە ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلارنىڭ بىر قىسمى قۇرۇۋان بولۇپ كېتىدۇ). خەلىق قوزغىلىپ، قۇراللىق كۈرەشكە ئاتالغان ۋاقىتتا، ساناتى تەرەققىي قىلمىغان، مىللىي بۇرژۇئازىياسى بولمىغان بۇ ئەلدە قۇرال-ياراق، ئوق-دورا يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنى قۇرۇۋان بېرىش ھېساۋىغا دۈشمەنىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ياكى چەت ئەللەردىن سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سېتىۋېلىش ئۈچۈن بولسا، ئالتۇن-كۈمۈچ، پۇل، مال ۋە باشقا بايلىقلار تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرستاندا پۇل تاپقان، قول ئىلكىدە بار بايلار ئاز ئەمەس. بىراق، ئۇلار نادان، جاھىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورقانچاق بولغاچقا، ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدىكى مۇقەددەس ئىشقا قولىدىكى بايلىقىنى بېرىشنى خالىمايد (ئەگەر خىتاي شەنگەن ياكى دوتەي مىللىي ئىنقىلاپنى باستۇرۇش)، ئىنقىلاپچىلارنى قىرىش ئۈچۈن «پۇل بېرىڭلار!» دېسە، يەرگە كۆمۈپ قويغان دۇنياسىنى ئېچىپ، پەتمۇسقا سېلىپ ئاپىرىپ بېرىدۇ!). ئازاتلىققا ھەممىدىن تەشنا بولغان ئاددىي خەلقتە بولسا، پۇل يوق. ئۇلار جانىنى بېرىشكە تەييار بولۇپ، پىدايى ئەسكەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. قۇرال-ياراق يېتىشمىگەنلىكتىن، ئارا-گۈجەك، نەيزە-پالتىلار بىلەن قۇراللىنىدۇ. ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە، كۆپ تەشۋىقاتلار، يالۋۇرۇشلاردىن كېيىن خەسىس بايلاردىن ئازدۇ-تولا ئىئانە پۇل-مال ژىغىلىدۇ. خەلقتىن ژىغىلغان پۇل-دۇنيانى ئېلىپ، قۇرال-ياراق، ئوق-دورا سېتىۋېلىش ئۈچۈن چەت ئەلگە ئەۋەتسە، ئۇ پۇلغا ئازغىنا قۇرال كېلىدۇدە، ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجىغا يەتمەيدۇ. باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، يەرلىك تۆمۈرچى

www.uyghurkitap.com

ئۇستاملارنى ژىغىپ، پارچە-پۇرات تۆمۈرلەردىن نەيزە-قىلىچ، ئۇمۇت قاتارلىق ئاددىي قۇراللار ياسىلىدۇ.

دۈشمەن تەرەپ بولسا، زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان، ياخشى ئۆگىنىشلىگەن، كۆپ ساندىكى مۇنتەزىم ئارمىياگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەردىن زامانىۋىي قۇراللارنى سېتىۋالالايدۇ. جەڭ باشلانغان ۋاقىتتا ئاددىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان پىدايىلارنىڭ زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قۇراللانغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنلەر ئوق-دورىنى چىقىم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى چىقىم قىلىشىدۇ. يەنە مەغلۇپ بولىدۇ. مۇنداق بولۇشىنىڭمۇ ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلىرى بار. ئىچكى سەۋەپلەر شۇكى، بىرىنچىدىن، خەلقىمى مىللىي ئىدېئولوگىيا بىلەن قۇراللانمىغان، شۇڭا مىللىتىمىزنىڭ سەياسىي ساپاسى بەك تۆۋەن. ئىككىنچىدىن، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ يېتەكچى ئىدېياسى دۇرۇس ۋە ساغلام بولمىغان. ئۈچۈنچى، ئىنقىلاپچىلارنىڭ سىپىدە ھەقىقىي بىرلىك-ئىتتىپاقلىق يوق. موشۇ سەۋەپلەردىن ئۇلار ئىنقلاۋىي ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. تاشقى سەۋەپلەر شۇكى، ئۇيغۇرستاننىڭ گېوگرافىك ئورنى خىتاي بىلەن روسسىيادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېرىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلىشىپ قالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق يولىدىكى كۈرەشلىرى ھەر قاچان موشۇ ئىككى ئىمپېرىيانىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشىغا، زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن. دېمەك، يالغۇز خىتاي ئىمپېرىياسىلا ئەمەس، روسسىيا ئىمپېرىياسىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى. ئاخىرقى بىر سەۋەپ، بىز خەلىق ئارا كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئىگە بولالمىدۇق. مانا موشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى بىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز ئۈزۈل كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمەي كەلمەكتە.

## مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلبە قازىنالماسلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلەر

### 1-سەۋەپ: مىللىتىمىزنىڭ سەياسىي ساپاسى بەك تۆۋەن بولغان

ھازىرقى زاماندىكى جەمىيەتشۇناسلار دۇنيادىكى مىللەتلەرنى تەرەققىيات دەرىجىسىگە قاراپ مۇنداق ئۈچ كاتېگورىياگە بۆلىدېكەن:

1. ئېتنىك مىللەتلەر (ئېتنىك جەھەتتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، بىراق، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى تېخى قېلىپلىشىپ كېتەلمىگەن مىللەتلەر).
2. ئىجتىمائىي مىللەتلەر (جەمىيەت بولۇپ ھايات كەچۈرىدىغان بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر).
3. سەياسىي مىللەتلەر (مەلۇم مىللىي روھ ئاساسىدا بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان، ھەممە ئىشتا مىللىي مەنپىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويالايدىغان سەياسىي ئاڭ-سەۋىيەگە ئىگە مىللەتلەر).

ھازىرقى زامان ئۇيۇغۇرلىرىنى موشۇ ئۈچچەم بويىچە قايسى كاتېگورىياگە كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن؟ كۆپلىگەن ئالامەتلەر ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى ئىجتىمائىي ئۇيغۇرلارنى ئىجتىمائىي مىللەت دەپ ئېيتىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سەياسىي مىللەت دەپ ئېيتىشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. دېمەك، ئۇ ئېتنىل مىللەت كاتېگورىياسىگە كىرىدۇ دېگەن سۆز.

مۇنداق بولۇشىنىڭمۇ چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزلىرى بار. ئېنىق ئېيتساق، ئۇزاققا سوزۇلغان مۇستەملىكە ھايات خەلقىمىزنىڭ ئىختىداسىي جەھەتتىن قاششاق، مەدەنىيەت جەھەتتىن قالاق ھالەتكە چۈشىرىپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىنمۇ ساغلام ئەمەس ناكا ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار سەياسىي سەۋىيە بۇيۇ ياقتا تۇرسۇن، مىللىي روھىنىمۇ يوقىتىپ قويغان. ھەتتا بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىگىنىمۇ ئۇزۇپ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چالا ساۋات موللىرىمىزدىن «مىللىتىڭىز نىمە؟» دەپ سورىسىڭىز:

مىللىتىم — ئىبراھىم خەلىلۇللا! — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

چالا ساۋات زىيالىلىمىزدىن سورىسىڭىز:

— مىللىتىم — تۈرك! — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

خىتا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن زىيالىلاردىن سورىسىڭىز:

— مىللىتىم — جۇڭخۇا مىللىتى! — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

باشقىلىرى «مىللىتىم-ئۇيغۇر»-دەپ ئېيتىسىمۇ، ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىنى تۈزۈك بىلمەيدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن شەرەپلىك نامىغا مۇناسىپ ئەمەس. ئۇلار: «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ»، دەپ شامالنىڭ چىقىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ، شارائىتقا ماسلىشىپ ياشاپ، ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ قويىدا، خالاس. قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردا ئورتاق مىللىي روھ يوق. ئۇلار مىللەتنىڭ غېمىنى ئويلىماي، ئۆزىنىڭلا غېمىنى ئويلايدىغان چۈپەي ئىنسانلارغا

ئايلىنىپ قالغان. ئەندى بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

ياپونلاردا: «ياپونلار دۇنيادا ئالاھىدە يارالغان مىللەت. تەڭرىم بىزنى ئەزىز كۆرۈپ، دۇنيانىڭ كۈن چىقىشىغا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا بىز ھەممە ئىشتا بىرىنچى ئورۇندا بولۇشىمىز كېرەك!» دەيدىغان مىللىي روھ بار. ئۇلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە، ياپون بالىسى ھەر قانداق ئىشتا دۇنيادا 1-ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئۆز مىللىتىگە خورلۇق كەلتۈرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ!

خىتايلاردا: «ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!» دەيدىغان يېتەكچى مىللىي ئىدىيە مەۋجۇت. ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا مىللىي مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىدۇ. مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ھىمايە قىلىدۇ، مىللىي مەنپەئەتكە زىيانلىق بولغانلىكى ئىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ھەر خىل «ئىزمالارغا» ئېتىقات قىلىشسىمۇ، ھەممە «ئىزمالارنى» موشۇ ئىدىيىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئۇلار: «خەنزۇلار ئۇلۇغ مىللەت، شۇڭا دۇنياغا بىز ھۆكۈمران بولۇشىمىز كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. موشۇ مەخسەت يولىدا ھەممىنى قۇرۋان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. 1966-يىلى خىتايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» باشلاندى. شۇ چاغدا رەئىس ماو خىتاي ياشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ:

– سىز ياشلار ئەتىگەندە بالقىپ چىقىۋاتقان قۇياشقا ئوخشايسىلەر. كېلەچەك سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. سىلەر بۈگۈن جۇڭگونى باشقۇرسىلەر، ئەتە دۇنيانى باشقۇرسىلەر! دېگەن ئىدى. دەرۋەقە، خىتاي ياشلىرىمۇ موشۇنداق ئويلايدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق: ئەگەر سىز، كوچىدىكى ئەخلەت ساندۇغىدىن تاشلاندۇق كۆكتاتلارنى تېرىپ يەپ ژۈرگەن بىر سەرگەردان خىتايدىن «سەن موشۇ تۇرمۇشىڭغا رازىمۇسەن؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ھېچ ئويلانمايلا «كېرەك يوق، بۇ ۋاقىتلىق ھەدىسە. ئاخىرىدا بىز دۇنيانىڭ غوجايىنى بولىمىز!» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ئېۋرېيلاردا: «بىز دۇنيادا ئەڭ ئەقىللىك مىللەت، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئېۋرېيلاردىن كېلىپ چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانى بىز باشقۇرۇشىمىز كېرەك!» دەيدىغان مىللىي ئىدىيە بار. ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ دۇنياغا چېچىلىپ كەتكىنىگە 1400 ژىل بولغان ئېۋرېيلارنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن، مىللىي دۆلىتىنى قايتىدىن تىكلىشىگە مەدەت بەرگەن مىللىي روھ مانا شۇ!

چېچەنلەرگە ئەركىنلىك ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆزىنى ئەرىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە بېغىشلاشتەك ئېسىل مىللىي روھ مەۋجۇت. بۇ مىللىي روھ چېچەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «مىللىي مارشىدىمۇ» جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

### چېچەنىستاننىڭ مىللىي مارشى

**«كېچە بۆرە تۇغقاندا، دۇنياغا كۆز ئاچقان بىز،**
**ئارسلان ھۆكۈرىگەندە قويۇلغاندۇر نامىمىز!**
**بۆركۈتلەر ئۇگىسىدا، سۈت ئەمدۈرگەن ئانىمىز.**
**ئات ئۈستىدە ئۈگەتكەن، جەڭ قىلىشنى ئاتىمىز!**

**ۋەتەن ئۈچۈن، ھەق ئۈچۈن چىن پىداكار جەڭچىبىز.**
**كىم ئۇنىڭغا چېقىلسا، مەرگەندۇر ھەر بىرىمىز!**

**تاغ بۈركۈتى ئۆزىمىز، زەپەرلەردە يېتىشكەن،**
**ئاپەتلەردە، ئۇرۇشتا ھېچ يېڭىلماس ئوغلانىمىز.**
**ھارارەتتى تاغ-تاشلار سۇدەك ئېرىپ ئاقسىمۇ،**
**بىز ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، قارا يۈز بوپ چىقمايمىز!**

**بومبىلاردىن توزغاقتەك تىتىلساڭمۇ دىيارىم،**
**ياۋ ئالدىدا قورقانچاق، نامەرت بولۇپ قالمايمىز!**

**ھېچ بىر زامان ھېچ كىمگە بويسۇنمىدۇق ئەزەلدىن،**
**ھۆرلۈق ئۈچۈن يا زەپەر، يا ئۆلۈمنى تاللايمىز!**
**گېزى كەلسە، چۆپ يەيمىز، ياپىراق سىقىپ ئىچىمىز،**
**ئازاپلارغا، ئاچلىققا ھەرگىز بويۇن ئەگمەيمىز!**

**كېچا بۆرە تۇغقاندا، دۇنياغا كۆز ئاچقانىبىز،**
**خەلقىمىزگە، ۋەتەنگە سادىق بولۇپ قالغان بىز».**

www.uyghurkitap.com

بۇ پەقەت جاراڭلاق ناخشىدا ئەمەس، چىچەن خەلجى ھەقىقەتەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلالايدىغان قەھرىمان مىللەت ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا نامايىش قىلىپ، دۇنيا ئەھلىنى ھەيرانۇ-ھەس قىلماقتا!

بىزنىڭدىن قىرىندىشىمىز پالېستىنلىقلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ «قوبۇل ۋەتەن، مىنەل ئىمان!» ـ دېگەن ھەدىسىنى پېشانىسىگە ئەمەس، قەلبىگە ئويۇپ يېزىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يەھۇدى تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە 50 ژىلدىن بېرى ئەجايىپ پىداكارلىقلاردىن كۆرستىپ كەلمەكتە. سىز ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق مىللىي دۈشمىنىدىن ئۆچ ئېلىۋاتقان پالېستىنا پىدائىيلىرىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ! مۇنداق مىساللارنى يەنە كۆپلەپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. موشۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي روھىنى ئۆز ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ مىللىي روھىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، يەر-ئاسمان پەرىق قىلىدىغانلىقىنى بايقاش تەس ئەمەس.

مىللىي مۇجاھىدىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ 1930-ژىلى يازدا غۇلجا شەھرىدە بولغان بىر سۆھبەتتە ئېيتىپ بېرىشىچە، ھىندىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولىدا كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان، شۇ يولدا دەرت تارتقان ئىنقىلاپچىلىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن. ھەر قانداق سورۇنلادا ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئەمەل تۇتقان ھاكىملارنى ئەمەس ياكى پۇل تاپقان بايلارنى ئەمەس، ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا كۈرەش قىلىپ دۈشمەنىنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان مىللىي قەھرىمانلىرىنى ئولتارغۇزىدىكەن، پۈتۈن جامائەت بولۇپ ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرستىلىدىكەن! بىزدە بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال. موشۇ بىر سېلىشتۇرما ئارقىلىقمۇ مىللىتىمىزنىڭ سەياسىي ساپاسى قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

مەرھۇم ئابدۇلەزىز مەخسۇم ھىندىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى موشۇ پەرىقنى ئېيتىپ كېلىپ «ھىندىلاردا ئەينە شۇنداق مىللىي روھ بولغانلىقىن ئۈچۈن ئۇلار ئىنگلىزلارنىڭ III ئەسىرلىك مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل، ئازات ئەركىن ياشاۋاتىدۇ. بىزدە ئۇنداق ئىنقىلاۋىي روھ بولمىغانلىقى ئۈچۈن موشۇ كۈندە قېلىۋاتىمىز!» دېگەن ئىدى.

توغرا، بىزدىمۇ ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ ئازاتلىقى يولىدىكى كۈرەشتە قىممەتلىك ھاياتىنى تەغدىم قىلغان مىللىي قەھرىمانلىرىمىز چىقتى. بىز ئۇ قەھرىمانلىرىمىز بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىمىز. بىراق، مۇنداق قەھرىمانلار بىزدە بارماق بىلەن سانىغىدەكلا ئاز. مۇتلاق كۆپ ساندىكى مىللەتداشلىرىمىز دۈشمەنىنىڭ ھاقارەت ۋە دەشنەملىرىگە ژۈگاچلىق بىلەن باش ئېگىپ، قۇللارچە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلار دۈشمەن نىمە دەپ ئالدىسا، شۇنىڭغا ئىشىنىپ، «ھە-ئە شۇنداق» ـ دەپ، ئەشۇ بىر كۈنىنىڭ ئۆتكىنىگە، قوسىغىنىڭ تويغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ژۈرىۋېرىدۇ.

تارىخىمىزدىن مىسال كەلتۈرەيلى: 1934-ژىلى ئاپرېلدا شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن: سابىت داموللا، سۇلتانبەك، زىرىپ قارىھاجى قاتارلىقلار يېڭىساردا قولغا ئېلىنىپ، پۇت-قوللىرىغا كىشەن سېلىنغان ھالدا ئاقسۇغا ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئون ئۇيغۇر مەيدانغا چىقىپ:

«بۇلار بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز. بۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىسلەر، قويۇۋېتىڭلار!» دەپ تەلەپ قىلىپ، قۇتقۇزۇۋالمىغان.

1937-ژىلى ئوكتيابىردا شىڭ شىسەي دېگەن كەلگۈندى خىتاي ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ مىللىي داھىمىز غوجىنىياز ھاجىمنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ، تۈرمىگە ئالغاندا:

«غوجىنىياز ھاجىنىڭ نىمە گۇناھى بار؟ ئۇنى نىمە ئۈچۈن تۈرمىگە سولايسەن» دەپ، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان بىر ئۇيغۇر چىقمىغان. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك:

«ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان مەخپىي بۇزۇق تەشكىلات،
بۇ بۇزۇقلار باشلىقى غوجىنىياز يوقالدى!» ـ دەپ ناخشىلار ئېيتىشقان ئىدۇق.

1946-ژىلى ئىيۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرىنى چاقىرىپ:

«ئوسمان يۇسۇپوۋ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى. ئۇ كىشى ھازىر قورغاستا سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ»، دەپ ئەلداپ ئېلىپ كەتتى. شۇ ئەپكەتكەنچە قايتۇرمىدى. شۇ چاغدا شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ياكى مىللىي كوماندىرلىرىدىن تۆرت-بەش كىشى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

«بىزنىڭ رەئىسىمىز ئەلىخان تۆرە قېنى؟ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!» دەپ تەلەپ قىلمىدى.

1949-ژىلى ئاۋغۇستا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىرىمىزنى «بېجىندا ئېچىلغۇسى سەياسىي كېڭەش ژىغىنىغا بارىدۇ» دەپ ئېلىپ كېتىپ، موسكۋادىكى «لۇبيانسكىي» يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى. «ئايروپىلان پاجەسى» دېگەن يالغاننى توقۇپ چىقىپ، ئارىدىن 7 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈگىنى قايتۇرۇپ بەردى. شۇ چاغدا غۇلجىدا قالغان ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيا كوماندىرلىرى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ:

«بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز قەيەردە، قانداق ئۆلدى؟ بىزنى ئاپىرىپ كۆرسىتىڭلا!» دەپ تەلەپ قىلمىدى.

يەنە بىر-ئىككى مىسال كەلتۈرەيلى:

1- مىسال: ئاتاقلىق مىللىي مۇجاھىدىمىز مۇھەممەتىمىن بۇغرا ئەپەندى تەغدىرىنىڭ قىسمىتى بىلەن 1952-ژىلى مۇساپىر بولۇپ تۈركىياگە باردى. 1955-ژىلى تۈركىيا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇخرالىق گۇۋانامىسىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر چەتتىن ۋەتەن داۋاسىنى قىلسا، يەنە بىر چەتتىن 1940-ژىللاردىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن چوڭ ھەجىملىك «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىنى يېزىپ تاماملىدى. ئەپسۇسكى، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، موشۇ نادىر كىتاپنى چىقىرىشقا خىراجەت تاپالماي، 1965-ژىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتتى! مۇئەللىپ ۋاپات بولۇپ، 12 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەتەنپەرۋەر قېرىندىشىمىز زۇنۇن ھاجىمنىڭ خىراجىتى بىلەن كىتاپ نەشر قىلىنىپ، يورۇققا چىقتى.

2- مىسال: ماتېرىئاللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، 1946-ژىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كېتىۋاتقاندا، ھەر قايسى ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان يەھۇدىيلار فوند تەشكىل قىلىپ، ئىختىيارىي ئاساستا ئىئانە پۇل توپلىغان ئېكەن. شۇ قاتاردا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان يەھۇدىيلار 100 مىللىون دوللار ئىئانە پۇل ژىغىپ ئەۋەتكەن. 1947-ژىلى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي ۋەتىنىدە ئىسرائىلىيە دەپ ئاتالغان يېڭى دۆلەت قۇرۇلدى. بۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان يەھۇدىيلار ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھېلىقى فوند ئارقىلىق ھەر ژىلى ئىئانە پۇل ئەۋەتىپ ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت 1987-1980 ژىللاردىلا ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيەگە 12 مىللىئاردە 500 مىللىون دوللار ياردەم پۇل ئەۋەتكەن («ئىلى دەرياسى» ژۇرنالى، 2000-ژىل، 2-سان، 74-بەت).

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى: «ئەرمەنىستانىنىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان 1 مىللىون 450 ئەرمەن بار. 1990-ژىللىرى ئەرمەنىستان بىلەن ئەزەربەيجان ئوتتۇرىسىدا تاغلىق قاراباخ تىقۇنۇشى كېلىپ چىققاندا، ئەشۇ مۇھەجىر ئەرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ماكانى ئەرمەنىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا ياردەم ھېساۋىدا 75 مىللىون دوللار پۇل ژىغىپ ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ سىرتىدا پىدايى جەڭچىلەر ئوترىيادىنى ئەۋەتىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان. بۇ ئوترىيادىنىڭ تۇرمۇش رەسقۇتىنىمۇ ئۆزلىرى تەمىنلىگەن!» («مەدەنىيەت توقۇنۇشى» كىتاۋى، 528-بەت).

مانا بۇ فاكتلار يەھۇدىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىگى قايسى دەرىجىدە ئېكەنلىگىنى روشەن كۆرسىتىدۇ.

ئەندى، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزنى يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئوتتۇرا ئازىيادە 1 مىللىونغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. بۇ رايوندا ياشاۋاتقان قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار مۇھاجىرلارنى قوشقاندا 1 مىللىوندىن ئوشۇق. شەرقىي تۈركىستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىغىغا 12 ژىل بولدى. موشۇ 12 ژىل جەريانىدا ئوتتۇرا ئازىيادىن مىللىي قۇرۇلتايغا بېرىلگەن ئىختىسادىي ياردەم 6000 دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ.

بىزگە ئوخشاش مۇستەقىل دۆلىتىگە ئېگە بولالمىغان كۇرتلارنىڭ، چېچەنلەرنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي فوندى بار. شۇ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزا سى بۇ فونداقا ئىئانە سۈپىتىدە ئايمۇ-ئاي پۇل تاپشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مىللىي بورچى دەپ ھېساپلايدۇ. ھە بىزدىچۇ؟ ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان 1 مىللىون ئۇيغۇر بار تۇرغۇلۇق ئايدا بىر سان چىقىدىغان «ئىستىقلال» گېزىتىمىزنى چىقىرىشقا پۇل تاپالماي توختىتىپ قويدۇق! موشۇ فاكتلارغا قاراپ، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەياسىي ساپاسى قايسى دەرىجىدە ئېكەنلىگىنى ئۆزىڭىز ئاجرىتىۋېلىڭ!

ھەتتا مۇسۇلمانلىق ئىماندىن، ئىنسانىي ھار-ۋىژداندىن، مىللىي روھتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان بەزى كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ، ھېچ قانداق ھېيقىماي:

«ئۇيغۇرلارغا مىللىي مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەس. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىزگە ئاۋتونومىيا ھوقۇقىنى بەرسىلا بولدى!» سەپ تەشۋىق قىلماقتا. موشۇنداق تەتۈر تەشۋىقاتنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلارمۇ خائىنغا رەددىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا سۈكۈت قىلىشماقتا! «ۋەتەن، مۇستەقىللىك» دېسە، بېشى ئاغرىيدىغان بۇ بايلىرىمىز بۇ دۇنيادا، ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدا، ئەۋلاتلىرىنىڭ ئالدىدا، قىيامەتتە ئاللانىڭ ئالدىدا قانداق جاۋاپ بېرەرئېكىن؟! دەيدۇ كىشى.

ھازىرقى كۈندىمۇ مىللىي روھتىن، مىللىي غايىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان بەزى كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ «ئۇيغۇرلارغا مىللىي مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەس. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىزگە ئاۋتونومىيا ھوقۇقۇنى بەردى، شۇ يېتىدۇ!» ـ دەپ تەشۋىق قىلماقتا. ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بەزى كىشىلەر ھېچ ئەيمەنمەستىن:

«خىتاينى يامان دېمەڭلار، خىتاي ياخشى. ئۇنى يامان دېگۈچىلەر «قارا تىزىمغا» ئېلىنىدۇ!»، دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. بۇ تەتۈر تەشۋىقاتنى ئاڭلىغان سەرىمەس، نادان ئۇيغۇرلار سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق خائىنلارغا يول قويۇپ بېرىۋاتىدۇ! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك، ساتقۇنلاق بولامدۇ؟!

ھەر بىر ئىنسان، ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، جەڭگىۋارلىق خىسلىتى ۋە ياشاش ئىختىدارىغا لايىق ھالدا ئۆمۈر سۈرگىنىدەك، ھەر بىر مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، جەڭگىۋارلىق خىسلىتى ۋە ياشاش ئىختىدارىغا لايىق قىسمەتنى كۆرىدۇ. بەلكى، موشۇ ساتقىنلۇقلىرىمىز ئۈچۈن تەڭرىم بىزنى جازالاۋاتقاندۇ! «ئىپسىنى تېپىۋالسۇن!»-دەۋاتقاندۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي ئەيىپنى باشقىلارغا ياكى ئەجدادلىرىمىزغا دۆڭگەپ قويماستىن، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي روھىمىزنىڭ ئۆلۈكلىگىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك!

موشۇ ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقىنىم ئۈچۈن مەن مىللەتداشلىرىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن! بىراق، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن! چۈنكى «ئاچچىق بولسىمۇ ھەقىقەت ياخشى، قاتتىق بولسىمۇ ئادالەت ياخشى!». بىز موشۇنداق مىللەتكە تايىنىپ كۈرەش قىلىۋاتىمىز. روھى ئۆلۈك، سەياسىي ساۋاتسىز مۇنداق مىللەتكە تايىنىپ، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت قىلماق، ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەك ـ بەسى-مۇشكۈل، ئەلۋەتتە!

## 2-سەۋەپ: مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دۇرۇش ۋە ساغلام بولمىغان

ژۇقۇرىدىكى باپتا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلاپلاردا مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەت سېپىگە ھەر خىل مەخسەتتىكى گرۇھلار كېلىپ قوشۇلغان ئىدى. ھەر بىر گرۇھنىڭ ئۆز غايىسى، ئۆز ىدىيىسى بار بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن، ھەممە ئېتىراپ قىلغان دۇرۇس ۋە ساغلام يېتەكچى ئىدىيە شەكىللەنمىگەن ئىدى.

بۇنى بىلىش ئۈچۈن مىسال تېرىقىسىدە 1940-1930 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل ئىدىيىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ باقايلى:

1- فاكت. 1933-ژىلى قەشقەرىيەدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا تۈركىيا ستامبۇلدىكى «تۈركىستان بىرلىگى» تەشكىلاتىنىڭ رىسى دوكتور مەجەددىن ئەخمەت دالىمبېك باشچىلىغىدا تۈرك ئارمىياسىنىڭ پولكوۋنىگى ئەخمەت سۇراييابەك بىلەن موللا يۇسۇپ ئەپەندىلەر قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلاردىن سەل بۇرۇن يەنە تۈركىيەدىن ئەلىبەي، نەدىمبەي، مۇستاپا كەنتلى دېگەن كىشىلەر قەشقەرگە كېلىشەن ئىدى. بۇ ئەپەندىلەر سابىت داموللا بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇرۇلغۇسى دۆلەتنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىشقان. سابىت داموللا ئۆزى دىنىي زات بولغاچقا، ھېچ ئويلاشمايلا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان. بۇ بىر تارىخىي خاتالىق بولغان ئىدى.

1944-ژىلى غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلغان يەنە بىر مىللىي دۆلىتىمىز پانتيۈركىزمنىڭ پۈرىغى چىقىپ تۇرغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. تارىختىن ساۋاق ئالمىغان ئەلىخان تۆرە سابىت داموللىنىڭ خاتالىغىنى تەكرارلىدى.

ھازىر بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىنى:

«بىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنى مىللىي دۈشمىنىمىز خىتايلارغا سېتىۋەتتى» دەپ ئەيىپلەيمىز. بۇ توغرا، بىراق، ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان يەنە ئۆزىمىز. روسسىيا ھۆكۈمىتى ئۈچ كۆرىدىغان پانتيۈركىزم، پانىسلامىزم ئىدىيىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋالغانلىغىمىز بولدى. ژىغىپ ئېيتقاندا، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دۇرۇس ۋە ساغلام بولمىغان.

موشۇ مەسىلە بويىچە تەتقىق ئېلىپ بارغان ئىنگلىز سەياسونى ئېندىريۇ فوربىس ئۆزىنىڭ «1911-1949 ژىللاردىكى سەياسىي تارىخ» نامىلىق كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆز چېگارىسى ئىچىدە كوممۇنىزمغا قارشى كەيپىياتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىماتتى. شۇ سەۋەپلىك كابۇل ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قورال سېتىپ بېرىشنى توختىتىۋەتتى. ئۇمۇمەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تۈركچىلىك ۋە ئىسلام ئىدىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ، قۇراللانغان پەيتتىلا ئىككى قۇدرەتلىك كۈچ-سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي دۆلىتىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغان ئىدى».

1946-ژىلى 6-ئايدا ئەلىخان تۆرە سەياسىي سەھنىدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەخمەتجان قاسىمىي مىللىي مۇستەقىللىك غايىسىگە ئېگە ھەقىقىي ئىنقىلاپچى ئىدى. ئۇ موشۇ مەجسەتكە يېتىش يولىدا كولىدىن كېلىشىچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن-گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق تېچلىق كېلىشىم» شەرتلىرى ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، ستالىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئاللىقاچان خىتاي كوممۇنىستلىرىغا سېتىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا بۇ جەرياننى كەينىگە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 1949-ژىلى 17-ئاۋغۇست كۈنى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىغى ستالىنغا يازغان مەكتۇبى جاۋاپسىز قالدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزىيلەر قۇرغان «خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسى» (خ ئى پ نىڭ) ئىدىيىسى. بۇ ئىدىيا خىتاي دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە قېلىش، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شىنجاڭدا كوممۇنىستىك جەمىيەت قۇرۇشنى، مەخسەت قىلغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، بۇ گرۇھتىن ۋاقتى كەلگەندە پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، غۇلجىدىكى كونسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى ئاستىرتىن قوللىدى. 1949-ژىلى 8-ئايغا كەلگەندە، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ «خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇپ، خىتاي دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كېتىش» توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىغان ئەخمەتجان قاسىمي باشلىق كىشىلەرنى كۆزدىن يوقتىپ «خ ئى پ نىڭ» ۋەكىللىرى سەيپىدىن ئەزىزىي بىلەن ئالىمجان ھەكىمباېۋلارنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولۇش ئاكتىغا قول قويىدۇرۇپ، ئاخىر ئۆز مەخسىتىگە يەتتى!

«خ ئى پ» گرۇھىدىكىلەرنىڭ زۇۋقارقى ئىدىيىسى دۇرۇس بولغانمىدى ياكى بولمىغانمىدى؟ - دېگەن سوئالغا كەلسەك، خەلقىمىزنىڭ كېيىنكى 54 ژىللىق تارىخى بۇ سوئالغا ناھايىتى ئېنىق جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا يەنە مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايمەن.

مەسئۇد سابىرىي بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىنلەر ۋەكىللىك قىلغان، «چىنى تۈركىستانچىلارنىڭ» ئىدىيىسىگە كېلىدىغان بولساق:

بىرىنچىدىن، بۇ ئىدىيا خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىك ئارزۇسىغا قارشى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقىمىز تەرىپىدىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەنمىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۆزى ئاغدۇرلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىمەن دېيىش بۇ، ئۆلۈك ساندۇغىغا ياتقان مۇردىدىن شەپقەت تىلىگەندەك بىر ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىدىيا شۇ دەۋردىلا خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىدىيانىڭ مەنىسىزلىگى توغرىلىق يەنە سۆز قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

قىسقىسى، شۇ چاغدىكى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل ئىدىيالەرنىڭ ئىچىدە پەقەت مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان ئىدىيالا بىردىن-بىر دۇرۇس ئىدىيا ئىدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنى دۇرۇس يۆنىلىشتىن چەتلىتىدىغان، دوستلارنى ئازايتىپ، دۈشمەنلەرنى كۆپەيتىدىغان، زامان، ماكان، شارائىتقا ماس كەلمەيدىغان خاتا ئىدىيالەر ئىدى. ھازىركى زاماندا ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەرباپلىرىمىز موشۇ تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشلىرى كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 3-سەۋەپ: ئىنقىلاپچىلار سېپىدە ھەقىقىي بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغان

شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەشتە نۇرغۇن قۇرۋانلارنى بېرىش بەدىلىگە ۋاقىتلىق غالىبىيەتلەر قولغا كېلىپ، مىللىي ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلغان ۋاقىتلارمۇ بولدى. بىراق، بىزدە ئورتاق مىللىي غايە بولمىغانلىقتىن، ئىنقىلاپ سېپىگە قوشۇلغان ھەر قايسى گرۇھتىكىلەرنىڭ ئۆز ئىدىيىسى، ئۆز مەخسىتى ۋە ئۆز مەنپىيىتى بار بولۇپ، ھەر قايسى گرۇھ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنى ئۆز مەنپىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشقا، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن كۆپىرەك مەنپىيەت ئېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ گرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن كۈرەشلەر باشلىنىدۇ. نەتىجىدە، رۇس مەسەلچىسى كرىلوۋنىڭ **«دوغداق، بېلىق ھەم توشقان»** دېگەن مەسەلىدە ئېيتىلغاندەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي گرۇھلارنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. مىللەتنىڭ ئازاتلىغى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىگىنى مەخسەت قىلغان ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلار گرۇھى.

ھەر بىر ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتتە مۇنداق ئىنقىلاپچىلار بولغان. XIX ئەسىردىن مىسال ئالساق: جاھانگىر غوجا، ياقۇپبەگ، ئابدۇرۇسۇل ھېكىم، ئەلاخان، سادىر پالۋان ۋە باشقىلار؛

XX ئەسىردىن مىسال ئالساق: تۆمۈر خەلپە، ئابدۇللا روزىباقېۋ، غوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمي، مەمتىمىن ئىمىنوۋ ۋە باشقىلار موشۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىدى. بۇ ئىنقىلاپچىلار ئۆز مەخسەت-غايىلىرى ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشقا ھەتتا قۇرۋان بولۇپ كېتىشكىمۇ تەييار تۇردى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئەگەشكەن خەلقى نادان بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۆز رەھبەرلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلاپ قالالمىدى. كۈچلۈك ۋە ھېلىگەر دۈشمەن خالىغان ۋاقتىدا قول سېلىپ ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلىدى.

ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ مانجۇر-خىتايلارغا سادىق خىزمەت قىلىپ كەلگەن، موشۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، ھېكىمبەگ، غوجا ئۇنۋانلىرىنى ئېلىشقا ساتقۇن بەگلەر بىلەن غوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا «تەييارغا ھەييار بولۇپ» ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئېلىشتى.

ئۇلار شارائىت ئۇچۇشلۇق بولسا، ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتىرىپ، دەۋران سۈرۈشىدۇ. سەللا تەس كەلسە، يەنى مانجۇ-خىتاي ئاكىلىرى يىقىلاپ قالسا، شۇ زامانلا دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشىدۇ. ئۇلاردا مىللەتنى ئازات قىلىش غايىسىمۇ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان ئىرادىمۇ، ۋەتەن-مىللەتكە سادىق مىللىي روھمۇ يوق. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپىيەتكە يېتىشۋېلىش غەرىزىلا بار خالاس!

ھەرەمگە بېرىپ، «ھاجى» دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ كەلگەن، شۇ جەرياندا: «دىنىم-ئىسلام، قىبلەم-كەئبە، مىللىتىم-ئىبراھىم خەلىلۇللا» دېگەن ئۈچ جۈملىنى ئاران ئۆگىنىۋالغان چالا ساۋات موللا-ھاجىملار. بۇلار ئىنقىلاۋىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، ھۆكۈمران تەبىقە بولالمىسىمۇ، «مەھكىمەيى شەرئىينىڭ» قازىسى بولۇپ، دىنىي جەھەتتىن خەلقنى باشقۇرىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆكۈمران تەبىقە بولۇشنى كۆزلەيدۇ. بۇ كىشىلەردىمۇ ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي غايە، مىللىي روھ يوق. دىنىي ھوقۇققا تايىنىپ، خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، جان بېقىش غەرىزىلا بار، خالاس!

ئۇلارنىڭ ئايرىملىرى گېيوسەياسىي ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سۇبىېكتىۋ ئارزۇسى بويىچە «ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ، جەمىيەتنى شەرىئەت قانۇنلىرى ئاساسىدا باشقۇرۇشنى» تەشەببۇس قىلىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتكە زىيان كەلتۈرۈشىدۇ.

تۈركىياگە بېرىپ، ئوقۇپ كەلگەن، شۇ جەرياندا: «مىللىتىم-تۈرك، ۋەتىنىم-شەرقىي تۈركستان» دېگەن كەلىمىلەرنى يادقا ئېلىۋالغان تۈركپەرەس ئەپەندىلەر. ئۇلار زامانىۋى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، پەن-تېخنىكىنى ئۆگىنىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىلغارلىققا ئىگە. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە، بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ژىغىپ، «بۈيۈك تۈركستان» دۆلىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پانتيۇركىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بار. ئەگەر بۇ مەخسەتكە يېتىش مۇمكىن بولمىسا، «چىنى تۈركستان» نامىنى ئېلىپ، گومىنداڭنىڭ قوينىدا قېلىشنى ئەۋزەل كۆرۈشىدۇ. 1940-1930 ژىللاردا ئۇيغۇرستاننىڭ سەياسىي سەھنىسىدە كۆرۈنگەن مەسئۇد ئەپەندى، ئەيسا ئەپەندى، قۇربان قوداي كاتارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئەينە شۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىدى.

5.شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇغان ياكى ئۈرۈمچىدە تورۇپ خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن تەربىيە ئالغان زىيالىلار. ئۇلارمۇ جەمىيەت تەرەققىياتىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ، بىراق ئۇلار كوممۇنىستىك ئىدىيە بىلەن سۇغىرىلغان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سەياسىي غايىسى-مىللىي مەنپىيەتنى ئاساس قىلغان مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئەمەس، ئىنتېرناسونالىزىمغا ئاساسلانغان كوممۇنىستىك جەمىيەت قۇرۇش (مەيلى، ئۇ خىتاينىڭ تەركىۋىدە بوللامدۇ، روسسىيانىڭ تەركىۋىدە بولامدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بەرى بىر). چۈنكى كوممۇنىزما مىللەت يوقتە! 1946-ژىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشكىلاتى «خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنى» قۇرغۇچىلار ئەينە شۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى دەسلىۋىدە «خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىياسىنىڭ» قۇرۇلۇشىغا قارشى بولدى. كېيىن بولسا، بۇ گۇرۇھتىن ئۆز مەخسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلاندى. ئۇلار، مىللىي مۇستەقىللىك مەيدانىدا چىڭ تۇرغان – ئەلىخان تۆرىنى يىتىم قالدۇرۇش، ئابرويسىزلاندۇرۇش، ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىشتە، ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ، يوقىتىۋېتىپ، ئازات شەرقىي تۈركستانىنى خىتاي كوممۇنىستىرىغا تۇتۇپ بېرىشتە سەيپىدىن ئەزىزىي قاتارلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىدىن پايدىلاندى.

6. مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتكە ئۇيغۇرستاندا ياشىغۇچى خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. شۇ قاتاردا تۇڭگانلارمۇ بار ئىدى.

تۇڭگانلار-مانجۇ-خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۇيغۇرستانغا كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلىرى بىلەن ئاسان چىقىشىپ، ئىناق ياشاپ كېتەلىگەن ھەم مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇيغۇرستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئەمەس، كۆچۈپ كەتكەن مۇھاجىر مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدە تۇرۇپ:

«تۇڭگان دۆلىتىنى قۇرىمىز. ھەممىنى بىز باشقۇرىمىز!» دېيىشكە ھوقۇقى يوق، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرستانغا كەلگەن تۇڭگانلار ئەينە شۇنداق يولسىز تەلەپلەرنى قويۇشتى. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئۇيغۇرستاندا مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپلار باشلىنىپ، تارىم ۋادىسىدا «يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»، ئىلىدا «ئىلى سۇلتانلىقى» قۇرۇلغان مەزگىلدە «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپتۇ» دېگەندەك، ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار داۋۇر خەلپەنىڭ باشچىلىقىدا «مۇستەقىل تۇڭگان دۆلىتىنى» قۇرۇۋېلىشتى. ئىلىدىكى تۇڭگانلار بولسا، ياقۇراخۇننىڭ باشچىلىقىدا، سۇلتۇن ئەلاخاندىن پادىشالىق تەختىنى تالاشتى. نەتىجىدە، ئۈرۈمچىدىكى داۋۇر خەلپەنىڭ دۆلىتى ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن، ئىلىدىكى تۇڭگانلار بولسا، سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. (بۇ تۇڭگانلارغا ئۇلارنىڭ يولسىزلىقى ئۈچۈن تارىخنىڭ بەرگەن ئادىل جازاسى بولدى، ئەلۋەتتە!).

1930-يىللىرى ئۇيغۇرستاندا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر قايتىدىن باشلاندى. ئىنقىلاۋىي كۈرەش يالقۇنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى بارلىق شەھەر ۋە يېزىلارنى قاپلىدى. ئۇزاققا قالمايلا بۇ يۇرتلارنىڭ 80 پايىزدىن كۆپرەكى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موشۇنداق قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيەتتە گەنسۇ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق تۇڭگان دىۋىزىيونىنىڭ قوماندانى ما جۇڭيىڭ (گا سىلىڭ) ئىككى قېتىم ئۇيغۇرستانغا چىقىپ، مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قاتناشتى. بىراق، ئۇنىڭ تۈپ مەخسىتى خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئەمەس. خىتايلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرستاندا تۇڭگان دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۆزى پادىشا بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ما جۇڭيىڭ موشۇ مەخسەتتە بولغانلىغى ئۈچۈن غوجىنىياز ھاجىم باشچىلىغىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئالغان شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا تامام يوقىتىلدى. ئۆزى بولسا، قەشقەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. ژىغىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلاپچىلار سېپىدە ھەقىقىي بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولمىغان. بۇ ئىتتىپاقسىزلىقتىن مىللىي دۈشمەنلىرىمىز خىتاي بىلەن روسسىيا (ماو زېدۇڭ بىلەن ستالىن) ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى، يەنى ئازات شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىزنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىياسىنى خىتاي خەلقى جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇۋەتتى. مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غالىبىيەت قازىنالمىغانلىغىدىكى ئۈچىنچى سەۋەپ مانا شۇ.

### 4-سەۋەپ: مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز خەلىق ئارا كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئېگە بولالمىغان

بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق مىللەتنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى تاشقى دۇنيادىكى كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە مۇھتاج. مۇنداق ياردەمگە ئېگە بولمىغان مىللىي ھەرىكەت، ئۇ ھەر قانچە ئادەلەتلىك بولسىمۇ، كۈچلۈك دۈشمەنلەر تەرىپىدىن باسۇترۇلىدۇ. بۇ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت تارىخى تەرىپىدىن قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە كۆتىرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى غالىبىيەت قازىنىپ، بىر قانچە مىللىي ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلدى ھەم مەلۇم ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. بۇنىڭ تۈپ-سەۋەۋى، خەلقىمىزنىڭ پىداكارلىغى بولغانىنىڭ سىرتىدا، شۇ دەۋىردە خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە پارتلىغان تەيپىن تيەنگوچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى، گەنسۇ، چىڭخەي، يۈننەن ئۆلكىلىرىدە كۆتىرىلگەن تۇڭگانلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە كۆتىرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر دۈشمەنگە، يەنى، مەنچىڭ ئىمپېرىياسىگە قارشى كۆتىرىلگەن ئىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئۆز ئارا بىر-بىرىنى قوللاپ، بىر-بىرسىگە ياردەم بەرگەن. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بولسا، بىرلا ۋاقىتتا كۆتىرىلگەن بۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. موشۇنداق شارائىتتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى ۋىلايىتىدە ئىلى سۇلتانلىغى قۇرۇلۇپ، مەلۇم زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان ئىدى.

يەنە 1931-يىلى غوجىنىياز ھاجى باشچىلىغىدا قۇمۇلدىن باشلانغان مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ دەسلىۋىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيا ئارقىلىق بەرگەن ھەربىي-ئىختىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ، مەلۇم غالىبىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. 1933-يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى غوجىنىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىۋالدى. ھەربىي-ئىختىسادىي ياردەمنى ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى شىڭ شىسەيگە بەردى. نەتىجىدە، تاشقى ياردەمدىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى. يەنە بىر مىسال ئېيتساق، 1944-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ باشلاندى. قوزغىلاڭنى دەسلەپكى مەزگىلدە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆز مەنپىيىتىنى كۆزلەپ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىنى قوللىدى، ھەربىي-ئىختىسادىي جەھەتلەردىن ياردەم بەردى. نەتىجىدە، بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش غالىبىيەت قازىنىپ، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازات قىلالىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. 1945-يىلى 15-سېنتيابىردىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى يەنە ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، ئۇنىڭ دۈشمىنى خىتايلارغا ياردەم بېرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپلا قالماستىن، مەۋجۇت مىللىي دۆلىتىمىزدىن، ئازات ۋەتىنىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق.

قىسقىسى، بىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز ھەر قانچە ئادالەتلىك بولۇشىغا قارىماستىن، تاشقى ياردەمگە ئېگە بولالىغان ۋاقىتتا غالىبىيەت قازاندى، تاشقى ياردەمدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ۋاقىتتا مەغلۇپ بولدى. دېمەك، مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى

ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئامىللىرىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تاشقى ياردەمگە ئېگە بولۇش ياكى بولالماسلىقىغىمۇ باغلىق ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

موشۇ ھەقىقەتنى ياخشى چۈشەنگەن رەھبەرلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتلەردە خەلق ئارا كۈچلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ باققان:

ئۆتكەن ئەسرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋەتىنىمىزدە قۇرۇلغان «يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ» باشلىقى ياقۇپبەگ خەلق ئارا كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مەخسىدە ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، روسسىيا ئىمپېرىياسىگە، ھىندىستان ئارقىلىق بۈيۈك برىتانىيا ئىمپېرىياسىگە ۋە تۈركىيا سۇلتانلىقىغا مۇراجىئەت قىلغان ئىدى. بىراق، بۇ ئەللەرنىڭ ھېچ قايسىسى ياقۇپبەگكە ھەقىقىي ياردەم بەرمىدى. نەتىجىدە، 1877-ژىلى مانجۇ-خىتاي چېرىكلىرى قارا چېكەتكىدەك بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتا ھېچ ياقتىن ياردەم ئالالمىغان ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە، يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى يوقىتىلدى، ئۇنىڭ پۇخرالىرى قىرىپ تاشلاندى.

شۇ مەزگىلدە مەۋجۇت بولغان ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ پادىشاسى ئەلاخانمۇ دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئىلتىماس قىلىپ، چار روسسىيا ئىمپېرىياسىگە مۇراجىئەت قىلغان ئىدى. ئەزەلدىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى خالىمايدىغان روسسىيا ھۆكۈمىتى بۇ سەممىي مۇراجىئەتنى رەت قىلدى. ئەكسى ھالدا 1871-ژىلى ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىياسىنى بېسىۋالدى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتتى، سۇلتان ئەلاخاننى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ ۋېرنىي شەھىرىگە سۈرگۈن قىلدى.

1944-ژىلى نويابىردا غۇلجا شەھىرى ئازات قىلىنىپ، شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. موشۇ ھۆكۈمەت 1945-ژىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئىككى قېتىم ئىلتىماس قىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتىنى تونۇشىنى ۋە ھەربىي-ئىختىسادىي دىپلوماتىيا جەھەتلەردە دۆلەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. بىراق، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. ئەكسىچە، ئىنقىلاپچى ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بەردى. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، قىزىل قانلار بەدىلىگە ئازات قىلغان ۋەتىنىمىز قايتىدىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بەزى سادده كىشىلەر:

«رۇسلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن بىزگە ياردەم بەرمىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇسۇلمان ئەللىرىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك ئىدى!» دېيىشىدۇ.

ئېنىق بىر فاكت شۇكى، شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەسمى ئەلخان تۆرە 1945-ژىلى مارت ئېيىدىلا ئەرەپتىلىدا **«پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت»** تەييارلاپ، يوشۇرۇن يوللار بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ياردەم قىلماق تۈگۈل بىر ئېغىز جاۋاپمۇ بەرمىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تېچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈپ، كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ۋاقىتتا، ئىنقىلاپنىڭ تەغدىرىدىن ئەنسىرىگەن ئەلخان تۆرە يەنە بىر مۇراجىئەتنامە تەييارلاپ، ھۇسەيىن قارى ئىسلامىي قاتارلىق كىشىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ مۇراجىئەتكىمۇ ھېچ قانداق جاۋاپ بولمىدى. كېيىنكى 54 ژىلدىن بېرى خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزدە تالاي قېتىم قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ باردى. موشۇ قىرغىنلاردا ئۇيغۇر خەلقى يۈز مىڭلىغان مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلدى. ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەۋالغان ئەشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى شۇنداق ئەھۋالدىمۇ شەرىقتىكى دىن قېرىندىشى-ئۇيغۇرلارنى قوللاپ بىر ئېغىز ھەق سۆز ئېيتىشقا يارىمىدى! دېمەك، «مۇسۇلمان ئەللىرى بىزگە ياردەم قىلىدۇ»، دېگەن پىكىرلەر ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خام خىيال!

يەنە بەزى كىشىلەر:

«بىزگە تۈركىيا جۇمھۇرىيىتى ياردەم قىلىدۇ» ياكى «ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ياردەم قىلىدۇ» دەپ تاما قىلىشقان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيا ھۆكۈمىتىمۇ، ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمۇ بىزگە ياردەم قىلىشقا يارىمىدى، ئەكسىچە، ئاتالمىش **«شانخەي كېلىشىمىگە»** ئەزا بولۇپ، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ياردەم قىلدى. خىتاينىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاپ، بىزنىڭ موشۇ ئەللەردە تىنچ يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنى بوغۇپ بەردى. سەياسىي پانا تىلەپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىلىپ تۇرۇپ، خىتاي جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى شارائىتتا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىنمۇ، تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىنمۇ ياردەم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس!

ئۇلار قاچان ياردەم قىلىدۇ؟ قاچانكى، ئۇيغۇرستان ئازات بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن ئۇلارغا پايدا تېگىدىغان شارائىت تۇغۇلغاندا ئەشۇ پايدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ھازىرچە پەقەت ئاز

ساندىكى سەياسەتتە ژىراقنى كۆرەلەيدىغان ۋىژدانلىق ئەرباپلار بىلەن زىيالىلار، ئۇلارنىڭ پارتىيا، گرۇھلىرى بىرگە ھىسداشلىق قىلىشىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ پەقەت مەنىۋىي جەھەتتىكى ئاغزاكى قوللاشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

## ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ ژىللىق تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تەپ-تەكشى ئەمەس، دولقۇنسىمان شەكىلدە ماڭغانلىغىنى كۆرۈمىز. بىرىنچى ئۆرلەش–تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا، ئىككىنچى ئۆرلەش–ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا، ئۈچۈنچى ئۆرلەش–كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلەتلىرى زامانىسىدا، تۆرتىنچى ئۆرلەش–ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى زامانىسىدا، بەشىنچى ئۆرلەش–تىمۇرىيلەر ۋى سەئىدىيە دۆلەتلىرى زامانىسىدا يۈز بەرگەن. يەنى، ئۇيغۇرلار مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىگە ئىگە بولۇپ، سەياسىي مۇقىملىق، ئىختىسادىي پاراۋەنلىك، ئىجتىمائىي ئادالەت ئاستىدا ياشىغان خاتىرجەم زامانلاردا يۈز بەرگەن. بۇ فاكتتىن شۇنداق خۇلاسە چىقۇدىكى، **ھەر قانداق مىللەت مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىگە ئىگە بولغاندىلا، ئىختىسادىي جەھەتتىن پاراۋان، سەياسىي جەھەتتىن ئەركىن، مەسەنىيەت جەھەتتىن يۈكسەك سەۋىيەدە بولالايدۇ. مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىگە ئىگە بولالمىغان مىللەتنىڭ دۇنيادا ياشاش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ!**

ژۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار تارىختا ئونلىغان مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك باشقۇرغان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى كەڭىيىپ، ھەتتا ئىمپېرىيا دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ئىدى. ھەيران قالارلىق ئەھۋال شىكى، بۇ دۆلەتلەر شۇنچە قۇدرەتلىك بولۇشىغا قارىماي، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولمىغان. بەزىلىرى بىر ئەسىر، بەزىلىرى 3-2 ئەسىر سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن توق بولۇپ كېتىشكەن. بۇيەردە شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇشىنىڭ سەۋەۋى نېمە؟ ئۇيغۇر تارىخى موشۇ مەسىلىدە بىزگە قانداق ساۋاقلارنى بېرىدۇ. بىز تۆۋەندە موشۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمەكچىمىز.

**1- سەۋەپ:** مىللىي دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە ساقلاپ قېلىشتا مىللىي ئىدېولوگىيا ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدۇ. تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، تېزلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلىرىنىڭ بىرسى–مىللىي ئىدېئولوگىيانىڭ قېلىپلاشمىغانلىغى ۋە يېتەكچى رولنى ئوينالمىغانلىغىدىن بولغان. يەنى، دۆلەتنى باشقۇرغان خاقانلار چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنپىيىتىنى ئاساس قىلماي تار دائىرىدىكى ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپىيىتىنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەپتىن، ئىچكى جېدەل ماجرالارنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ قېلىشقان. بۇ بولسا مىللەتنى بۆلۈنۈشكە، دۆلەتنى ھالاكەتكە ېلىپ كەلگەن. ئەپسۇسكى، تارىختىن ساۋاق ئالمىغان مىللىي ئەرباپلىرىمىز موشۇ نەنىۋىي كېسەللىكتىن ھازىرغىچە قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ!

**2- سەۋەپ:** بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىختىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئىختىسادىي ئاساسى بوش دېگىنىمىز، ئۇ زاماندا شەرىقتىكى ۋە شىمالدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھايات كەچۈرەتتى. چارۋىچىلىق ئىختىساتىنىڭ ئەھۋالى كۆپىرەك تەبىي شارائىتلارغا باغلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆسۈشى تۇراقلىق ئەمەس، گاھى ژۇقۇرىلاپ، گاھى تۆۋەنلەپ تۇراتتى. مۇنداق ئىختىسات بىلەن غايەت زور دۆلەت ئاپپاراتىنى ۋە ھەربىي زۇرۇشلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىجتىمائىي ئاساسى بوش دېگىنىمىز: ئۇ دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىياسى كەڭ ئاھالىسى شالاڭ ۋە تارقاق ئورۇنلاشقان بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ بېشىغا خوۋۇپ-خەتەر تۇغۇلغان ۋاقىتتا دەرھال ياردەمگە يېتىپ كېلەلمەتتى. مەسىلەن، 845-ژىلى ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا شۇنداق ئەھۋال بولغان ئىدى.

**3- سەۋەپ:** تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى كۆپىنچە ئىمپېرىيا خاراكتېرىدىكى دۆلەتلەر ئىدى. ئۇيغۇر قاغانلىرى كۈچەيگەن دەۋرلەردە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن خوشنا ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپ، ئۆزلىرىگە بېقىندۇراتتى. ھەر ژىلى سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغان بېقىندا ئەللەرگە ئايلاندۇراتتى. مۇنداق مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىمپېرىيالەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولمايدىغانلىغىغا تەبىي. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئىچكى نىزالار ياكى تاشقى ھۇجۇملار سەۋەۋىدىن ھۆكۈمرانلىق كۈچ ئاجىزلاشقان پەيتتە، ھېلىقى مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتىرىپ، ئىستىقلال ئېلان قىلىشىپ، ئىمپېرىيادىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، زومۇ-زۇ قۇراشتۇرۇلغان ئىمپېرىيالەر پارچىلىنىپ، ۋەيران بولاتتى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۇن ئىمپېرىياسى بىلەن كۆك تۈرك ئىمپېرىياسىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ئەينە شۇنداق سەۋەپتىن يۈز بەرگەن ئىدى.

**4- سەۋەپ:** ئۇيغۇر دۆلىتىنى باشقۇرغان خاقانلارنىڭ كۆپچىلىگى مۇستەبىت، ھاكىم مۇتلاق، دىكتاتورلار بولغان ئىدى. ئۇلار دۆلەتنى بىر تۇتاش ئادىل قانۇنلار ئارقىلىق باشقۇرماستىن، قانۇننىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلاقلىغىنى دەسسەتكەن. مۇداق باشقۇرۇلغان جەمىيەتتە ئادالەتنىڭ بولمايدىغانلىغى، ئۇنىڭ ئورنىغا

ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ئورۇن ئالىدىغانلىقى ئېنىق. مۇنداق زالىم خاقانلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىمۇ تەبىي. مۇنداق نارازىلىقلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلغىيىپ، قارشى ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ، ئىچكى ئىختىلاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بولسا، خاقانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تەخت ئېگىسىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ھەتتا دۆلەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى موشۇنداق ئىچكى ماجرالارنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىدى. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىدە 100 ژىلغا يېتەر-يەتمەس ۋاقىتنىڭ ئىچىدە 17 خاقانىنىڭ ئالماشقانلىقى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ يەنە بىر يامان ئادىتى ئۇلارنىڭ كۆپ خوتۇن ئالىدىغان بولغانلىقىدا. ھەر بىر ئۇيغۇر خاقانىنىڭ 5-4تىن قانۇنلۇق خوتۇنلىرى بولاتتى (قانۇنسىز خوتۇنلىرى قانچىلىك دېسىڭىزچۇ؟). ئۇ خوتۇنلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىر نەچچە پەرزەنتلەر تۇغۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ، پادىشا ئالىسىنىڭ شاھزادىلىرى بىلەن مەلىكىلىرى 20-10گە يېتەتتى. ئەگەر پادىشا سالامەتلىكىگە باغلىق تەختتىن كېتىدىغان بولسا ياكى تۇيۇقسىز ۋاپات بولسا، شاھزادىلار ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالاتتى. مۇنداق كۈرەشلەر دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تۇراقسىز بولۇشىغا، ھەتتا سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشىغا ئېلىپ كېلەتتى. بىزنىڭ تارىخىمىزدا مۇنداق پاجىئەلىك ۋاقىئەلەرنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ.

ژۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى زامانىسىدا بۇ دۆلەتنىڭ تېررىتورىياسى 4 ميللىون كم2 بولۇپ، خىتاي تېررىتورىياسىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ. ئاھالى نوپۇس سانى 12 ميللىون بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ 17 ميللىون نوپۇسىدىن ئازىراق كام بولغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋالىمىز قانداق بولۇپ قالدى؟ رەسمىي مەلۇماتلاردا جۇڭگو دۆلىتىنىڭ تېررىتورىياسى 9 ميللىون 600 مىڭ كم2 دەپ، نوپۇس سانى 1 ميللىئاردتىن ئوشۇق دەپ ئېلان قىلىنماقتا، يەنى 1200 ژىلنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ تېررىتورىياسى 5 ھەسسە، ئاھالى نوپۇسى 60 ھەسسە كۆپىيىپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بولسا، دۆلىتىمۇ تېررىتورىياسىمۇ يوقاپ كېتىپتۇ. نوپۇس سانى كېمىيىپ، 9 ميللىون 600 مىڭغا چۈشۈپ قاپتۇ. موشۇ فاكتنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدە: بۈرۈنقى ئۇيغۇر زېمىنلىرى نىگە كەتتى؟ يەر ئاستىغا چۆكۈپ كەتتىمۇ! ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى نېمىشكە كېمىيىپ كەتتى؟ ياكى ئۇيغۇر ئانىلار بالا تۇغمايۋاتامدۇ؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. جاۋاپ شۇكى، قېدىمكى ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى يەر ژۇتۇپ كەتكىنى يوق، خىتايلار ئېگەللىۋالدى! ئۇيغۇر ئانىلار بالا تۇغمىدى ئەمەس، تۇغۇلغان بالىلارنى خىتاي ئەجدىھاسى يەپ تۈگەتتى! بۇ ناھايىتى چوڭ پاجىئە. بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەۋى، بىرىنچى خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ ياۋۇزلىقى بولسا، ئىككىنچى ئۆزىمىزنىڭ سەھۋەللىكى. بۇ پىكرىنى دەلىللەش ئۈچۈن تارىختىن بىر فاكت كەلتۈرەيلى:

1759-1758 ژىللىرى 1 ميللىون ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان مانجۇ خانى چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا سۆز قىلىپ شۇنداق دېگەن:

«چەنتۇلار قېدىمى زاماندا ناھايىتى كۆپ ھەم كۈچلۈك ئەل بولغان ئىدى. تەڭرىم ئۇلارغا ياپون دېڭىزىدىن مىڭلاق دېڭىزىغا قەدەر بولغان بىپايان زېمىنلارنى بەخشەندى قىلىپ بەرگەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان پادىشا-خاقانلارنىڭ تولىسى ناباپ ئادەملەر بولغانلىقتىن، بۇ زېمىننىڭ ئەڭ مۇنبەت ئوتلاقلىرى بىلەن يايلاقلىرىنى خوتۇنغا تېگىشىپ، سەياسىي قىمارلاردا ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتىشتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان بۇ چەنتۇلار سەھرايى قىيامەت، چۆل-باياۋانلاردىكى پارچە-پارچە بوستانلىقلارغا تىقىلىشىپ، شۇ يەرلەردە قىستىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇشتى. شۇ تار يەردىمۇ بىر-بىرى بىلەن پېتىشماي «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» بولۇپ بىر-بىرىنى قىرىشتى. مانا ئەندى خوپ بولدى. بۇ گۈزەل زېمىننى ئۇلار باشقۇرالمىغاندىن كېيىن ئۇنى باشقۇرسۇن دەپ تەڭرىم بىزنى ئەۋەتتى. شۇڭا چەنتۇلار ئۆزلىرىنىڭ موشۇنداق تەغدىرىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىق سەۋەۋىنى بىزدىن ئەمەس، ئۆزلىرىدىن كۆرسۇن. ئەرباپلىرىنىڭ يارامسىزلىغى، ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن كۆرسۇن!» («تۇرغاق غوجىلار»، 404-بەت).

**5- سەۋەپ:** ھەر بىر يېڭى دۆلەت تارىخىي زەرۇرىيەتتىن توغرا چۈشەنگەن، بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر ياساشقا بەل باغلىغان ئۇلۇغۋار غايىلىك، قايتماس ئىرادىلىك، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق دۇنياغا كېلىدۇ. تارىخىي زۆرۈرىيەت تېرىقسىدە دۇنياغا كەلگەن بۇ دۆلەتلەر دەسلىۋىدە، ژۇقارقىدەك ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن توغرا باشقۇرۇلۇپ ئىختىسادى گۈللىنىدۇ، ھەربىي كۈچى قۇدرەت تاپىدۇ، مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشايدۇ. بىراق، زامانلار ئۆتكەنسېرى تەخت ئېگىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئالمىشىشلىرى نەتىجىسىدە، دۆلەتنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ شەخسىي راھىتىدىن باشقىنى ئويلالمايدىغان، ئۇلۇغۋار غايىلەردىن مەھرۇم، ئىرادىسىز، يارىماس شەخسلەر كېلىپ قالىدۇ. موشۇنداق يارىماسلار پادىشالىق قىلغان مەزگىلدە مەملىكەتتە قانۇنسىزلىق، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئوخشاش سەلبىي ھادىسىلەر ئەۋج ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاستا-ئاستا دۆلەتنىڭ ھۇلى چىرىپ، ئاخىرى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ توغرىلىق تارىخچىمىز م.ئى. بۇغرا ئەپەندى شۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ھەر قانداق بىر دۆلەت يېڭى قۇرۇلغاندا كۈچلۈك، قابىل، پەزىلەتلىك رەھبەرلەر مەيدانغا چىقىدۇ. شۇلارنىڭ كۈچ-غەيرىتى بىلەن دۆلەت قۇدرەتلىك بولىدۇ ۋە روناق تاپىدۇ. بىراق، زامانلار ئۆتكەنسىرى دۆلەت قېرىغىلى باشلايدۇ. تەخت ئۈستىگە ئىش بىلمەيدىغان، راھەتپەرەس، لاياقەتسىز شاھزادىلەر چىقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ماجىرالىرى تۇپەيلى، ئىچكى ئۇرۇشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خانلىقنىڭ مەركىزىي كۈچى ئاجىزلىشىدۇ. بۇ خىل سەلبىي ئەھۋاللار تۈرك خانلىقلىرى ئىچىدە ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن ئىدى («شەرقىي تۈركستان تارىخى»، 47-بەت).

**6- سەۋەپ:** بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ، روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ۋەيران بولۇشى كۆپىنچە ئۇنىڭ تاشقى سەياسىتىنىڭ دۇرۇس ياكى خاتا بولۇشىغا باغلىق. باشقىچە ئېيتقاندا، دۆلەت ئەرباپلىرى دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىپ، دوستقا-دوستچە، دۈشمەنگە-دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. تارىخىمىزنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن مۇھىم بىر ساۋىقى شۇكى: ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانلىرى بىلەن سۇلتانلىرى مىللىي دۈشمەن خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا ھوشيار بولمىغان. خىتايلار ئۆزلىرى كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇر دۆلىتىگە دۈشمەنلىك قىلاتتى ۋە زىيان سالاتتى، ئۆزلىرى ئاجىز بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، تۈلكىدەك ھېجىيىپ، خوشامەت قىلىپ، قىممەتلىك سوغا-سالاملار بىلەن مەلىكە قىزلىرىنى ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئاق كۆڭۈل، ساددە ئۇيغۇرلار بولسا، بۇنى دوستلۇقنىڭ بەلگۈسى دەپ قوبۇل قىلىشاتتى. ئەسلىدە بولسا، خىتاي ئىمپېرىياسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممەتلىك سوغىلىرى-زەھەرلىك قىلتاق، ئۇنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بولسا-سەياسىي جاسۇسلار بولۇپ چىقاتتى. خىتاينىڭ موشۇنداق ھىيلىسىگە ئالدانغان ئۇيغۇرلار تارىختا ناھايىتى كۆپ زىيانلىرى تارتىشقان! موشۇنداق زىيان تارتقان ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىگە ئويۇپ يازدۇرۇپ، ئەۋلاتلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقان (بۇ ئابىدىلەر توغرىلىق ژۇقۇرىدىكى ماۋزۇلاردا بايان قىلىنغانلىقتىن، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز).

ئەپسۇسكى، موشۇ ۋەسىيەتلەردىن ئىبرەت ئالمىغان بەزى ئەرباپلىرىمىز كېيىنكى زامانلاردىمۇ خىتايلارغا ئالدىنىپ خىتاي قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ كەلدى. ۋە ھازىرمۇ ئالدىنىۋاتىدۇ.

ئۇلۇق ئەللامە بوۋىمىز ماخمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەي ئوغلان دۈشمەنگە بېشەپقەت بول. سەن ئۇرغان قىلىچ زەربىسىدىن ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولسۇن. دۈشمىنىڭ ھەر قانچە ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى مەنسىتمەي، نەزەردىن سىرت قالدۇرۇش-ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. سەن كۆزگە ئىلمىغان ئەشۇ دۈشمىنىڭ ئاقىۋەت سېنىڭ ئېلىڭنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن!».

روسسىيا ئىمپېرىياسىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى. بىزنىڭ كېيىنكى ئىككى يېرىم ئەسىردىن بۇ يان باشتىن كەچۈرگەن پاجىئەلىرىمىز، كۆرگەن خورلۇقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە جىنايەتكار روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ قارا قولى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي يولباشچىلىرىمىز خىتاي ئىمپېرىياسىگە نىسبەتەن ھوشيار بولغانغا ئوخشاش روسسىيا ئىمپېرىياسىگە نىسبەتەنمۇ ھەر قانچە ھوشيار بولۇشلىرى كېرەك.

**7- سەۋەپ:** ئۇيغۇرلاردا زاكىدىن قالغان بىر كېسەل: ئۆزىنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرىنى ئاسرىماسلىق، مىللىي خائىنلارغا زەربە بەرمەسلىك! بىلىش كېرەككى، مىللەتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەرباپلىرى، ئاتاقلىق زىيالىلىرى بىلەن قەھرىمانلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئالتۇن فوندى، پارلاق كېلەچىگىنىڭ كاپالەتچىلىرى، ئىستىقبال ئاسمىنىنىڭ يورۇق يۇلتۇزلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مىللىي خائىنلار بولسا مىللەتنىڭ دۈشمەنلىرى. ئۆز ئىچىمىزدىكى زىيانكەشلەر مىللەتنىڭ گۆرىنى قازىدىغان گۆركالاردۇر. بىز تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق مىللەتنىڭ كېلەچىگىنى ئويلاپ ئۆلۈك غېمىنى يېگەن مىللەت ئۈچۈن جېنىنى ئاتقان بۈيۈك ئەرباپلىرىمىز ئىنقىلاۋىي زىيالىلىرىمىز بىلەن قەھرىمانلىرىمىز ھەممىسى دۈشمەننىڭ قولىدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۆزى نادان ئەقلى كوتا، قەلبى خۇنۇك، روھى ئۆلۈك ئۇيغۇرلىرىمىز ئەشۇ ئېسىل نامايەندىلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ ئاسراپ قالالمىغان ۋە ساقلالمىغان! ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياتلارغا خوشامەت قىلىپ، ئۆز مىللىتىنى ساتقان، مىللەتنىڭ ئازاۋى بەدىلىگە راھەت كۆرگەن مىللەتنىڭ قان-ياشلىرىنى شاراپ ئورنىدا ئىچىپ، كەيىپ-ساپا قىلغان خائىن-مۇناپىقلارنى بولسا جازالاشنىڭ ئورنىغا «ۋاي جۇشى ۋاي دۇيجان!»، «ۋاي جۇيجاڭ!» دەپ تاۋىنىنى يالاپ ئۇلارغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز! مۇنداق دوستىغا نەتۇر قاراپ، دۈشمىنىنى كۆرسە ھېجىيىدىغان سەياسىي قارىغۇ مىللەتنىڭ ياخشى ئىستىقبالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس!

شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا:

**:ئەگەر دۈشمەن ھەسەل بەرسە، سەن ئۇنى زەھەر دەپ بىل،**

**ئەگەر دوستۇڭ زەھەر بەرسە، سەن ئۇنى ھەسەل دەپ بىل!»** ـ دېگىنىدەك، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرىق ئېتىشىمىز دوستقا-دوستچە، دۈشمەنگە-دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك!

**8- سەۋەپ:** بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەڭ قېدىمىي زامانلاردا **«ئۇيغۇر-ئوغۇز»** دەپ، كېيىنىرەك **«تۈرك-تۇران»**

دەپ ئاتالغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، تېرىقتەك چېچىلىپ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېتىشكەن. ئۇلار ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ژىغىپ كەلگەندە، بىز ھەممىمىز بۈيۈك تۇراننىڭ ئەۋلاتلىرى. قېنى بىر، جېنى بىر قېرىنداش، تەغدىرداش خەلقلەر بولۇپ ھېساپلىنىمىز!

ئەگەر بىزنىڭ خاقانلىرىمىز موشۇ قېرىنداش خەلقلەرنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ، بىرلىك-ئىتتىپاقنى كۆز قارىچۇغىدەك ساقلىغان بولسا، تۇران ئۇلۇسى تېخىمۇ ئاۋۇپ، دۇنيادىكى چوڭ مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالاتتى. دۆلىتى ۋەيران بولماتتى، بايرىغىمۇ ژىقىلماتتى!

قېدىمىي زاماندىكى كۆك تۈرك ئىمپېرىياسى بىلەن ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار ئىمپېرىياسى بىلەن ئەمىر تىمۇر ئىمپېرىياسى دەۋرلىرىدە موشۇ بۈيۈك مەخسەت ئالغا قويۇلغان ئىدى. موشۇ مەخسەت يولىدا كۆپ ئىشلار قىلىنغان ئىدى. بىراق، تارىخىي شارائىتلار يار بەرمىگەنلىكتىن، بۇ ئۇلۇقۋار غايە ئەمەلگە ئاشماي قالغان. نەتىجىدە، بۇ خەلقلەرنىڭ تەغدىرى باشقىچە يۆنىلىش بويىچە رىۋاجلاندى. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قېدىمىي تۇران زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيا قىسمىدا 5 مۇستەقىل دۆلەت دۇنياغا كەلدى، تاتارىستان بولسا، روسسىيانىڭ تەركىۋىدە قالدى. ئۇيغۇرىستان بولسا، تېخىچە مۇستەقىللىككە ئېرىشەلمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئازات بولىدىغان كۈنلىرىمۇ ژىراق ئەمەس! كېلەچەكتە موشۇ يەتتە قېرىنداش خەلقلەر **«فېدېراسىيا»** ياكى **«كونفېدېراسىيا»** شەكلىدە بىر **ئىتتىپاققا** ئۇيۇشۇشى كېرەك. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئاساسىي ساۋاقلىرى ئەينە شۇلار.

## ئاخىرقى سۆز

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى» ناملىق كىتاۋىمىز موشۇ يەردە ئاياقلاشتى. موشۇنداق بىر كىتاپ يېزىشنى مەن ياشلىق دەۋرىمدە ئارزۇ قىلغان ئىدىم. مۇنداق ئارزۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا مونۇ ۋاقەلەر سەۋەپچى بولغان ئىدى.سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 1946-ژىلى غۇلجا شەھرىدە ياش زىيالىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپتە: تارىخ-ئەدەبىيات سىنىپى، فىزىكا-ماتېماتىكا سىنىپى ھەم دىنىي بىلىملەر سىنىپى بار ئىدى. بىز بىر تۈركۈم ياش ئوقۇغۇچىلار تارىخ-ئەدەبىيات سىنىپىدا ئوقۇۋاتتۇق. بىزگە موشۇ پەنلەر بويىچە ئالىي مەلۇمەتلىق ئۇستاز خەمىت سەيدىي دەرىس بېرەتتى. باشقا پەنلەردىن باشقا ئۇستازلار دەرىس بېرەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، شۇ چاغدا بىز خەمىت سەيدىينىڭ ئاغزىدىن ئۇيغۇرلار قېدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلىق ئىكەنلىگىنى، تارىختا قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلەتلىرى بولغانلىغىنى ئاڭلىغاندا ھەيرانلا قالغان ئىدۇق! بۇ مەكتەپ بارى-يوقى 6 ئايدا داۋام قىلىپ توختاپ قالدى (بۇنىڭغا، بىزگە دەرىس بېرىۋاتقان ئۇستازلارنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىۋىدە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارماقچى بولغانلىغى سەۋەپ بولغان ئىدى). موشۇ 6 ئايلىق ئوقۇش جەريانىدا بىزدە ۋەتەن تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە پەيدا بولدى. تارىخ ئىلمىنى ئۈگىنىشكە قىزغىنلىغىمىز ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر تۈركۈم ياشلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتاپ-ژۇرناللارنى ئىزدەپ ژۈرۈپ ئوقۇيدىغان، ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇق. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر ئۈگەنگەنسىرى ئۈگىنىش قىزغىنلىغىمىز تېخىمۇ ئاشتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىز ئۆستى. ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىگى، مىللەتنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىمىز كۈچەيدى. 1948-ژىلى ئىيۇلدا مىللىي ئارمىيا سېپىدە تۇرۇپ «شەرىقتىن كېلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قوشۇلمايمىز!» دەپ سەياسىي تەشكىلات قۇرۇشىمىز موشۇنداق ئىدىياۋىي نېگىزدە پەيدا بولغان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا 1949-ژىلى ئوكتيابىردا خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ ئازات ۋەتىنىمىزنى بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا «سىنىپىي كۈرەش» دېگەن نىقاپ ئاستىدا ئىنقىلاپقا قاتناشقان خەلقىمىزدىن رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئالدى! شۇ قاتاردا مەن ئۆزەممۇ مۇستەملىكچى خىتاينىڭ تۈرمىسىدە يېتىپ، ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاپلارنى باشتىن كەچۈردۈم. بۇ ئەمەلىيات، ياتلارغا مۇستەملىكە بولۇپ ياشاش قانچىلىك ئېغىر بولىدىغانلىغىنى بىزگە چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.مۇستەقىللىك-بەخىت-سائادەت، مۇستەملىكىلىك-ئازاپ-ئوقۇبەت ئىكەنلىگىنى بىزگە چۈشەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۆڭلۈمدە: مۇنداق ئەھۋالدا خىتايغا قۇل بولۇپ ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاپ قىلىپ مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ زان-شۆھرەتلىك تارىخىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقىمىزنى قايتا تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئاڭىدا مۇستەقىللىك غايىسىنى تىكلىشىمىز كېرەك-دېگەن ئىدىيا تۇغۇلدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ



www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى ئۆز ئالدىمغا مەخسەت قىلىپ قويدۇم.شۇنىڭدىن كېيىن مەن ماتېرىيال ژىغىشقا كىرىشتىم. ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كىتاب-ژۇرناللارنى سېتىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ، 1950-1955 ژىللار ئارىلىغىدا مېنىڭ قولۇمغا XIX ئەسىردە ۋە XX ئەسىرنىڭ بېشىدا قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخ قەۋمى تۈركىي»، «تارىخ شەجرەيي تۈرك»، «قازان تۈركلىرى»، «تارانچى تۈركلىرى» كەبى كىتاپلار، ئۇفادا نەشر قىلىنغان «شورا» ژۇرنالىنىڭ تولۇق توپلىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «شەرىق ھەقىقتى»، «قازاق ئېلى»، «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرىنىڭ تولۇق توپلاملىرى، موشۇ نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان سەياسىي، ئىلمىي، ئەدەبىي كىتاپلار، غۇلجىنىڭ ئۆزىدە نەشر قىلىنغان «كۈرەش» «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىنىڭ تولۇق توپلاملىرى ژىغىلدى. موشۇ ماتېرىياللارغا تايىنىپ، مەن 1954-ژىلىنىڭ كۈزىدىن باشلاپ رەسمىي پىلان تۈزۈپ، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە تەغدىرى ئوتتۇرا ئازىيادە ياشىغۇچى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە تەغدىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر تارىخىنى موشۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىدىن ئاجرىتىپ بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يازماقچى بولغان كىتاۋىمغا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان **«تۈركستان تارىخى»** دەپ نام قويۇپ، موشۇ تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق يېتەكچى رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدۇم. 1954-1958 ژىللاردا كىتاپىنىڭ I ۋە II قىسىملىرى يېزىلىپ بولدى. 1958-ژىلى يازدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقماقچى بولۇپ، قولۇمدىكى كىتاپ-ژۇرنال ۋە باشقا ماتېرىياللار بىلەن ئۆزەم يېزىۋاتقان كىتاپىنىڭ قول يازمىلىرىنى مەخسۇس ساندۇققا قاچىلاپ سەپەرگە تەييارلاندىم. ئەپسۇسكى، مەن يولغا چىقىدىغان كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى قەستەن مېنى ماشىنىدىن چۈشىرىپ بىلىپ قالدى. ماشىنىغا بېسىلغان ژۈك-تاقلار بىلەن ھېلىقى بىر ساندۇق كىتاپ-ماتېرىياللار ماشىنىدا كېتىپ قالدى. قورغاس چېگارىسىغا بارغاندا، خىتاينىڭ چېگارىچىلىرى «ئېگىسى يوق ماللارنى ئۆتكۈزمەيمىز» دېگەن بانا بىلەن مېنىڭ ژۈكلىرىم بىلەن ھېلىقى ماتېرىيال قاچىلانغان ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزەمنى «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن تۆھمە بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھېلىقى ساندۇقتىكى كىتاپ-ژۇرناللار بىلەن ماتېرىياللاردىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەم 17،5 ژىل خىتاي زىندانلىرىدا يېتىپ، ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1980-ژىلى ئاپرېلدا تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقتىم. 1981-ژىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقستان جۇمھۇرىيىتىگە كۆچۈپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بىراق، ئىجادىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئائىلەمنى بېقىش زۆرۈرىيىتىدىن 7 ژىل بويى مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. 1988-ژىلى پېنسىياگە چىقىپ، ئالمۇتا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدىم. ئەندىگىنە ئىجادىي ئىشقا كىرىشەي دەپ تۇرغاندا ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنى قۇرۇش ھەرىكىتى كېلىپ چىقتى. موشۇ تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ يەنە 10 ژىل ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت كېيىنكى ژىللاردا ئىلمىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇمكىن بولدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە كىتاپ يېزىش ئىشىنى قايتىدىن قولغا ئالدىم. كىتاپىنى بۇرۇنقىدىن تارىراق ھەجىمدە «ئۇيغۇر تارىخى» دەپ ئاتىماقچى بولدۇم. بىراق، بۇ كىتاپىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، يېشىم 70تىن ئېشىپ كەتتى، سالامەتلىكىم ناچارلاشقان، زېھىن قۇۋۋىتىم ئاجىزلاشقان پەيت ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن چوڭ ماۋزۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىمغا يەنە كۆزۈم يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، تېخىمۇ تارىراق دائىرىدىكى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخى (سەياسىي تارىخ)» ماۋزۇسىنى تاللاۋالدىم. ماۋزۇ بەلگۈلەنگەندىن كېيىن بىر چەتتىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ، قېتىقىنىپ ئۆگەندىم، بىر چەتتىن باش كۆتەرمەي يازدىم. شۇنداق قىلىپ، 4 ژىل جاپالىق ئەجىر قىلغاندىن كېيىن قولىڭىزدىكى موشۇ كىتاپ دۇنياغا كەلدى.

ئەگەر ژۇقۇرىدىكى سەۋەپلەر بولمىغان بولسا، بۇ كىتاپ بۇنىڭدىن 20-30 ژىللار بۇرۇن ھازىرقىدىنمۇ كەڭ پىلاندا يېزىلىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، كېچىكىپ يېزىلدى، كېچىكىپ پۈتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ كىتاۋىم مەزمۇنىنىڭ موللىغى، سەۋىيەسىنىڭ ژۇقۇرىلىغى، بېزەندۈرۈلۈشىنىڭ كۆركەملىگى جەھەتلەردىن كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمنىڭ ئالدىدا خىجىللىك ھىس قىلىمەن ھەم كەچۈرۈم سورايمەن! مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشەنگەن زامانداشلىرىم بىلەن ئەۋلاتلىرىم مېنى كەچۈرەر دەپ ئويلايمەن.

موشۇ كىتاپىنى يېزىش جەريانىدا كۆپلىگەن دوستلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملىرىنى ئايىمىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ دوستلىرىمغا سەمىمىي تەششەككۈر ئىزھار قىلىمەن.

كىتاپخانلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملار بىلەن،

**مۇئەللىپ: سابىت ئۇيغۇرىي.**

## ئۈچىنچى كىتاب

# ئۇيغۇرىستان مىللىي ـ ئازاتلىق ھەركىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى

www.uyghurkitap.com

# 1 ـ قىسىم

# ئۇيغۇرىستان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى

# سۆز بېشى

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بىز يۇقىرقى كىتابىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تارىخىنى بايان قىلغاندا ئۇيغۇرىستان مىللىي ـ ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ تارىخىنى ھەم بۇ ھەرىكەتنىڭ بۈگۈنگىچە ئۈزۈل-كېسىل غەلبە قىلالمىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ كىتابىمىزدا ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق مەسىلىگە توختالماقچىمىز.

ھازىر ئۇيغۇرىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر خان مىللىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى «مىللىتىمىزنىڭ كېلەچەك تەقدىرى قانداق بولاركىن؟» ـ دەپ ئويلىماي، تەشۋىشلەنمەي تۇرمايدۇ.

بىزچە ، مىللىتىمىزنىڭ كېلەچەك تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى-مىللىي- ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ غالىبىيەت قازىنىش ياكى قازانماسلىقىغا باغلىق. ئۇ بولسا، ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى دۇرۇس چۈشىنىپ، ئىنقىلابنى ھەم پىداكارلىق، ھەم ئاقىلانىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىش-بارالماسلىقىغا باغلىق. مۇشۇ زۆرۆرىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەم ئىنقىلابچىلىرىمىزغا بىر قوللانما بولۇپ قالسۇن دېگەن مەقسەتتە بۇ كىتابىمىزدا ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ نەزەرىيەۋي مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى، لېنىن ئېيتقاندەك، «ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ». ئەگەر بىزنىڭ ئىنقىلابچىلىرىمىز، بولۇپمۇ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسەت-ماھىيىتى، خارەكتىرى، كۆرەش ئۇسۇلى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى دۇرۇس چۈشىنىپ، بۇ قانۇنىيەتلەردىن زامان، ماكان، شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ، پايدىلىنىشقا ماھىر بولسا، مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىمىز شەك-شۈبھىسىز غالىبىيەت قازىنىدۇ.ئەگەر ئۇلار ئىنقىلابنىڭ نەزەرىيەسىنى دۇرۇس چۈشەنمىسە، ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى جانلىق ئىشلىتەلمىسە، ئۇ چاغدا مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىمىز مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنى ئۇنتىماسلىق كېرەككى، ئەمدىكى خاتالىشىش مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تارىخ كەچۈرمەيدۇ!

بىز روشەن كۆزىمىز بىلەن قاراپ، سەگەك مېڭىمىز بىلەن ئويلاپ باقايلىچۇ. تېخى 55 يىلنىڭ ئالدىدا مىللىتىمىز قانداق ئەھۋالدا ئىدى؟ ھازىر قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق؟

ئاچچىق بولسىمۇ، ھەقىقەتنى ئېيتىش كېرەككى، بىز ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا ئاستا-ئاستا خان مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىپ بارىمىز. بىر قىسىم ساتقۇن ئەمەلدارلار بىلەن ساتقۇن زىيالىيلارنىڭ چىراي شەكلى، ئىسمى ئۇيغۇرچە بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھېسسىياتى ئاللىقاچان خىتايلىشىپ كەتكەن! ياش ئەۋلاتلىرىمىز بولسا، پۈتۈنلەي خىتايپەرەسلىك روھىدا تەربىيلىنىۋاتىدۇ!

مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، يەنە 50 يىلدىن كېيىن، بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولماقچى؟ بۇ بىزنىڭ كىتابخانىلارنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن، ھەيۋە قىلىپ ئېيتىۋاتقان سۆزىمىز ئەمەس. بۈگۈن مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا چۈشىۋاتقان خەۋپ-خەتەر ناھايىتى ئېغىر، ئەھۋالىمىز ھەقىقەتەن خەتەرلىك. ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خان مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، دۇنيادىن يوقىلىپ كەتكەنلىك فاكتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلىچۇ:

ئۆز دەۋرىدە نەچچە ئونلىغان ئەللەرنى بېسىۋېلىپ، يېۋرو-ئازىيا قۇرۇقلىقىدا بۈيۈك ئىمپېرىيەنى تەشكىل قىلغان، شۇ جۈملىدىن خىتاي ئېلىنىمۇ بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە 162 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى بولغان موڭغۇللار قېنى؟ قىسقىغىنە 55 يىل ئىچىدە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى 1 مىليون موڭغۇللار خان مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كەتتى! ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان 2 مىليون موڭغۇلمۇ بىزگە ئوخشاش خان مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە!

ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن جۇڭگونى، شۇ جۈملىدىن بىزنىمۇ بېسىۋېلىپ، مەنچىڭ ئىمپېرىيەسىنى تەشكىل قىلغان پۈتۈن جۇڭگودا 295 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مانجۇ مىللىتى قېنى؟ ئۇلار 60 مىليون نوپوسقا ئىگە چوڭ مىللەت بولغىنىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالغان 60 يىل ئىچىدىلا خان مىللىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كەتتى!

جۇڭگودا خەنزۇ مىللىتىدىن قالسا، ئىككىنجى ئورۇندا تۇرىدىغان 20 مىليون نوپوسقا ئىگە تۇڭگانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ ھازىر ئۇلارنىڭ «خۇيزۇ» دېگەن نامىلا قالدى، ئۆزلىرى بولسا، بارلىق مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاستا-ئاستا خىتايلىشىپ كىتىۋاتامدۇ؟ ئەمدى خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ نۆۋەتتىكى لوخمىسى



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بولماقتا. بۇ مىللەتلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىگە شېرىك بولۇپ، خىتاي ئەجدىھاسىغا يەم بولۇپ كېتەمدۇ؟ ياكى بۇ پاجىئەلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇپ، مىللەت سۈپىتىدە ياشاپ قالامدۇ؟ بۇ سوئالغا كىسىپ جاۋاپ بېرىش ناھايىتى قىيىن . بىراق، بىر نەرسە ئېنىقكى، ئۇ ئىستىمىزدىكى 21-ئەسىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئەسىر بولغۇسى. بىز ھازىر جىددىي تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئەگەر ئۇيغۇرلار ۋە بارلىق ئۇيغۇرىستانلىقلار بېشىغا چۈشۈۋاتقان خەۋپ-خەتەرنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقان ھالدا، خەلقئارادىكى ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەم پىداكارانە، ھەم ئاقىلانە كۈرەش قىلالىسا، ئۇلار چوقۇم غالىبىيەت قازىنىدۇ ھەم مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالالايدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ ھەل قىلغۇچ كۈرەشتە مەغلۇپ بولىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرىستانلىقلار خىتاي ئەجدىھاسىغا يەم بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك، مىللىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل تەقدىر ، ئىككى خىل ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىرسى-پارلاق، بىرسى –زۇلمەتلىك ئىستىقبال. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارى ئۆزىمىزدە.

## 1-باب

## مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى

تارىخى تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلبە قازىنىشى ياكى قازىنالماسلىقى ئالدى بىلەن دۇرۇس ۋە ساغلام مىللىي ئىدىئالوگىيىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، مىللىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئىدىئالوگىيە بىلەن قوراللانغان بولۇشىغا باغلىق. مىللىي ئىدىئالوگىيەسى قېلىپلاشقان ۋە شۇنداق ئىدىئالوگىيە بىلەن قوراللانغان مىللەت ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاڭلىق ھالدا كۈرەش قىلالايدۇ ۋە مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى دېگىنىمىز – مىللىي ئىدېئالوگىيەنى كۆزرسىتىدۇ. قىسقىسى، مىللىي ئىدېئالوگىيە شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.
شۇڭا مىللىي ئىدېئالوگىيە- مىللەتنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر. مۇشۇ ئەڭگۈشتەر قولىدا بار مىللەتلەر ئازات، بەختىيار، پاراۋان ۋە ئابرويلۇق بولۇپ ياشيالايدۇ. مۇشۇ ئەڭگۈشتەرى يوق مىللەتلەر بولسا، مىللىي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، باشقىلارغا مەھكۇم بولۇپ خورلۇقتا ياشايدۇ، ئاخىرىدا مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدۇ.
مىللىي ئىدىئالوگىيەنىڭ يادروسى بولسا، ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. بۇيەردە بىز دەۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك كەڭ مەنىگە ئىگە . بىزچە، **ۋەتەنپەرۋەرلىك** ئۆزى ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك دائىرىنىلا ئەمەس، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتلىك روھنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **دېمەك، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنىلا ئەمەس، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مىللىيەتلىك سۈپەتلىرىنىمۇ سۆيىدىغان بولۇشى كېرەك.**
مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى- بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشچانلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىدۇر. مۇشۇنداق ئىنتىلىش روھى بولغاندىلا ، ئۇ مىللەتتە بىرلىك ئىتتىپاقلىق بولىدۇ. مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تەييارلايدۇۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنستىنكت ھالدا بولسىمۇ ئۇيۇشچانلىقى يۇقىرىراق بولغان ھايۋانلار ھاياتقا قابىلراق كېلىدۇ ۋە ئۇزاق ياشايدۇ. ئۇيۇشچانلىقى تۆۋەن ھايۋانلار بولسا، ھاياتقا قابىلىيەتسىزرەك كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، جەمئىيەت ھاياتىدىمۇ ئۇيۇشچانلىق روھى كۈچلۈك مىللەتلەر ئاز سانلىق بولسىمۇ، ئۇزاقراق ياشايدۇ. ئۇيۇشچانلىق روھى تۆۋەن مىللەتلەر بولسا، نوپۇس سانى كۆپ بولسىمۇ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن ئاسسىملياتسىيە قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىدۇ. بۇ تارىختا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.
تارىخىمىزنى ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

«بىزنىڭ مىللىتىمىزدەك ئېغىر قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بىر قەۋمنى، قەۋم سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىن-بىر ئامالى، شۇ قەۋمنىڭ نامىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىش. ھەتتا تاشقى كۈچلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئاشكارە نەمايەن قىلىشقا ھېچ بىر ئامال بولمىغان تەقدىردىمۇ مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ، شەخسلەرنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسى سۈپىتىدە بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق روھ بولغاندىلا شۇ مىللەتنى تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. مانا بۇ- مىللەتپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ!»
مىللەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يەنە بىر ئامالى مىللىي تىل، مىللىي پىسخىكا ۋە دىنىي ئېتىقادتۇر. ھازىر بىزنىڭ مىللىتىمىز قايسى ئەھۋالدا؟ ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بالىلىرىمىز بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپ خىتاي تىلىدا

ئوقۇتىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە خىتاينىڭ مىللىي روھى سىڭدۈرۈلىۋاتىدۇ، دىنىي تەربىيە مۇتلەق يوق. بۇ ئەۋلاتلىرىمىز كېلەچەكتە كىم بولۇپ چىقىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ خىتاي بولۇپ چىقىدۇ. مىللىي ئىدىئالوگىيە بولسا، مىللىي مەنپەئەتتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مىللىي پەرقلىرى بويىچە بىر-بىرىدىن ئايرىتىپ تاشلانغان، مىللىي رىقابەت ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا پەقەت ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتى باركى، ئومۇمغا ئورتاق ئىنسانىيەت مەنپەئەتى، سىنىپىي مەنپەئەت، ئىرقىي مەنپەئەت ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى دېگەن نەرسىلەر يوق. بۇ شوئارلار قۇلاققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان لېكىن ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خام خىيال، خالاس. ئەگەر بۇ شوئارلار راست بولىدىغان بولسا، 245 يىلدىن بېرى جان تالىشىپ، ھايات-مامات جېڭى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئۇنىڭ دىن قېرىنداشلىرى ياكى تۈركىي تىللىق قان ـ قېرىنداشلىرى نېمىشقا كېلىپ ياردەم قىلمىدى؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىي مەنپەئەتلىرى بار. ئۇلار شۇ مەنپەئەتلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقالمايدۇ! ئۇنداق بولسا، ئومۇمىي ئىنسانىي مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدىيەلەر مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئىدىيەلەرمۇ كېرەككىغۇ ئاخىر!

توغرا مىللىي مەنپەئەتتىن باشقا ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىمۇ بار. ھازىرچە پەن- تېخنىكا، ئومۇمەن ئىلىم ساھەسىدىكى ئۇتۇقلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بىراق، سىياسەت ساھەسىدە ئۇنداق ئەمەس. بارلىق ئىنسانلار مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە گوروھ-گوروھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، بۇ مىللىي گوروھلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ، كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئومۇمغا ئورتاق سىياسەتنىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى دۇنيادا باي مىللەتلار ھەددىدىن تاشقىرى باي، نامرات مىللەتلەر ھەددىدىن تاشقىرى نامرات. مۇستەملىكىچى مىللەتلەر قەدىمىي زاماندىكى قۇلدارلاردەك رەھىمسىز زالىم. مۇستەملىكە مىللەتلەر بولسا، قەدىمىي زاماندىكى قۇلدارلاردەك ئازاپقا مەھكۇم! مۇنداق شارائىتتا «مىللىي دوستلۇق» ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

قاچانكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باي-گادايلىق پەرقلىرى، شۇنىڭدەك مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم يوقىتىلىپ، ھەممە مىللەتلەر تەڭ-باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن كېيىن مىللىي دوستلۇق ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن.

كېلەچەكتە ھەممە مىللەتلەر تەڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ھايات لەززەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمان بولغاندا شۇنىڭدەك ئىنسانلار مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يېتىپ، ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاندا، پەقەت شۇ چاغدىلا ئومۇمىي ئىنسانىيەت مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدىيەلەر، سىياسەتلەر ۋە قانۇنلار ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن.ھازىرچە ئۇنداق ئەمەس.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ھەر قانداق «ئىزم»نىڭ تېگىدە مەلۇم مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ياتىدۇ. مەسىلەن: بۇددىزمنىڭ تېگىدە قۇللۇق تۈزۈمدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگەن، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئارزۇ قىلغان ھىندى-ساك خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى. خىرىستىئانلىقنىڭ تېگىدە ئىجتىمائىي زۇلۇمدىن بىزار بولغان رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتى، ئىسلامىزمنىڭ تېگىدە مىللىي بىرلىككە ئىنتىلگەن ئەرەب خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى، كوممۇنىزمنىڭ تېگىدە بولسا، ۋەتەنسىز ھوقۇقسىز تېنەپ يۈرگەن، تەڭ ھوقۇقلۇققا ئىنتىلگەن يەھۇدىلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتى يوشۇرۇنغان. ماۋزىمنىڭ تېگىدە بولسا، خىتاينىڭ مىللىي مەنپەئەتى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ماۋزىدۇڭ ماركسىزمنى ئۆگەنگەن ۋاقتىدا خىتاينىڭ مىللىي مەنپەتىگە پايدىلىق بولغان تەلەپلەرنى قوبۇل قىلغان، پايدىسىز تەرىپىنى تاشلىۋەتكەن. ئۇلار ئېغىزدا»پرولېتارىئاتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خان مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئېغىزدا « جۇڭگودىكى ھەممە مىللەتلەر ھوقوقتا باراۋەر» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خان مىللەتتىن باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىدۇ، ھەتتا مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. مۇشۇ زوراۋانلىقنى ماركسىزمنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئىختىيارىي قوشۇلۇپ كېتىشى» توغرىسىدىكى تەلىمات بىلەن ئاقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار كاززاپلىق قىلىپ ئاتاقتا- ماركسىزم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ماۋزىمنى يۈرگۈزىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكىلىق جون گارۋېر:«ماۋزىدۇڭ ئۆزىنىڭ «مىللەتچىلىك»كونا ھارۋىنى «ئىنتېرناسىئونالىزمنىڭ» يېڭى بوتۇلكىسىغا قاچىلىدى»، دېگەن ئىدى («رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقچىلار»، 564-بەت).

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن فاكتلارغا مۇراجىئەت قىلايلى: ھېلىمۇ يادىمىزدا باركى، كوممۇنىست خىتايلار بۇنىڭدىن 54 يىل بۇرۇن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە يېڭى كەلگەندە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىمىزنى **«ئەكسىلئىنقىلابچى»** دېگەن تۆھمەت بىلەن ئاتقان بولسا، تۇرمۇش ئەھۋالى سەللا ياخشى بولغان بايلىرىمىزنى **«بۇرژۇئاز»** دېگەن تۆھمەت بىلەن، 5-10 مو يېرى بار دېھقانلىرىمىزنى **«پومېشىك»** دېگەن تۆھمەت بىلەن مىڭلاپ-مىڭلاپ ئېلىپ چىقىپ ئاتقان ئىدى! ھە، بۈگۈنچۇ، خىتاينىڭ ئۆز ئىچىدە كوممۇنىستلارغا قارشى فالۇنگۇڭچىلار ئاشكارە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلار بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا نارازىلىق نامايىشلىرى قىلىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى نېمىشقا تۇتۇپ ئاتمايدۇ؟ ئىقتىساد

ساھەسىدە پۇتۇن-پۇتۇن سودا ساھەلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان خىتاي كاپىتالىستلىرى بار! پۇتۇنسۇرۇك تاغلارنى، ئورمانلارنى ئىگەللىۋالغان چوڭ زېمىن ئىگىلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار پومچىك ئەمەسمىكەن؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى نېمىشقا تۇتۇپ ئالمايدۇ؟ ئەكسىچە، ھۆكۈمەت ئۇلارغا بانكىدىن پۇل بېرىپ، قانات ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلىۋاتىدۇ! مۇشۇ پاكىتلاردىن مەلۇمكى، **54 يىلنىڭ ئالدىدا ئېتىلغان كىشىلەر بۇرژۇئاز ياكى پومشچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ، ئۇيغۇر بولغان گۇناھى ئۈچۈن ئېتىلغان. ھە، بۈگۈنكى دەرىجىدىن تاشقىرى بۇرژۇئازلار بىلەن پومشچىكلار بولسا، خىتاي بولغانلىقى ئۈچۈن ھىمايە قىلىنىۋاتىدۇ.**

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى. ھەممىمىزنىڭ يادىدا باركى، خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949-يىلى ئۇيغۇرستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، 1951-يىلى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەركىتى» دېگەن سىياسىي كامپانىيەنى باشلىغان. يالا يېپىش، تۆھمەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۇلار كۆتۈرەلمەيدىغان «خىيانەت» لەرنى ئارتىپ، شۇنى باھانە قىلىپ، خەلقىمىزنى بۇلاپ تالىغان. ھەتتا بەزى كىشىلەرنى «چوڭ يولۋاس» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى 55 يىل ۋاقىت ئۆتتى. ھازىرقى خىتاي ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىشتا رېكورت يارىتىۋەتتى. خىتاي ئاپتور ۋاڭ جىڭيۇنىڭ يېزىشىچە:

«ئۈرۈمچى شەھىرى زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى **شۈ زۇگشيۇ** دۆلەتنىڭ 31 مىليون 430 مىڭ يۈەن پۇلىنى خىيانەت قىلىپ يەۋالغان ۋە بۇزۇپ - چېچىپ يوقاتقان. بۇ دېلو ئاشكارە بولغاندىن كېيىن 21 مىليون 640 مىڭ يۈەن پۇلنى قايتۇرىۋېلىشقا ئامال بولمىغان!».

ھازىر خىتايدا شۇنداق خىيانەتچى ئادەملەر تولۇپ ياتىدۇ. ھەيران قالارلىقى، بۇ ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە ئېلىنغان ياكى ئېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلار خىتاي مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن قانات ئاستىغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىش باشقىچە بولاتتى.

مۇشۇ پاكىتتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق سىياسەت مىللىي مەنپەئەتنىڭ قۇرالى، بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئادالەتپەرۋەر دەپ ئاتىۋالغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ماناشۇ! ئەگەر كىمدۇ-كىم مۇشۇ پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى چۈشەنمىسە، ئۇ ياكى خائىن ياكى ئەخمەق!

مىللىي مەنپەئەتلەرنىڭ كۈرەش سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق سىياسىي ئەرباب، ياكى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ مىللەتپەرۋەر بولۇشى پۈتۈنلەر تەبىئىي ۋە قانۇنىي ئەھۋال. بىزگە ئوخشاش باشقا مىللەت تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، قۇللۇقتا چۈشۈرۈلگەن مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرى چوڭ مىللەتچىلىك قىلسا بولىدۇ-يۇ، باشقىلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلسا، ئۇنى «مىللەتچى» دەپ يازالايدۇ. بىراق، مىللىي مەنپەئەتلەر گىرەلىشىپ قالغان مۇشۇ زاماندا مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن بولغان كۈرەش باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كەلمەسلىكى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى پرىنسىپىغا دەخىل يەتكۈزمەسلىكى شەرت.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سىياسىي ئەربابلىرىمىز بىلەن تەشكىلاتلىرىمىز ئىجتىمائىي ھاياتنى مۇشۇنداق چۈشۈنۈشى، ھەممە ئىشتا تار دائىرىدىكى شەخسىي مەنپەئەتنى ئەمەس، ياكى يۇرتۋازلىقنى ئاساس قىلغان تار مىللەتچىلىكنىمۇ ئەمەس، پەقەت مىللىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق مىللەتلا سىياسىي مىللەت بولالايدۇ. رىقابەت ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ.

قىسقىسى، بۇ دۇنيادا مىللىي مەنپەئەتتىن ئارتۇق ھېچ قانداق مەنپەئەت يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! **دېمەك، مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى ھېچ ئىككىلەنمەي جۈرئەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي مەنپەئەتكە زىيانلىق بولغانلىكى ئىشلارغا ھېچ ئىككىلەنمەي جۈرئەتلىك قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ سىياسەت ساھەسىدىكى ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالىي پرىنسىپ، مۇقەددەس قانۇن ۋە يۈكسەك ئەھۋال مىزاندۇر!**

مەشھۇر مۇجاھىدىمىز ئابدۇل ئەزىز مەخسۇمنى تۈرمىدە سوراق قىلغان ۋاقىتىدا: «سەن مىللەتچىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، «ئەلھەمدۇلىللاھ ، مىللەتچىمەن!» دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناپ روھ دېسىڭىزچۇ. خۇسۇسەن، بىزنىڭ سىياسىي ئەربابلىرىمىز ئۈچۈن بۇنداق پرىنسىپ ناھايىتى مۇھىم. مۇشۇنداق پەزىلەتكە ، ئىگە بولمىغان كىشىمىللەتنى قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئۇلۇغ مەقسەتلەرگە يېتەلمەيدۇ ھەم تۆھپە يارىتالمايدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتكە قاتناشماي، چەتتە تۇرغىنى ئەۋزەل.

تارىخىي شارائىتلارنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا قاراپ، مىللىي ئىدىئولوگىيەنىڭ مەزمۇنى ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن. بىزگە ئوخشاش ياتلارنىڭ قولىدا مۇستەملىكە بولۇپ ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا: **مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي دۆلەتكە ئىگە بولۇش -ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپە،** مىللىي دۆلىتى بار

مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز ئادالەت ئورنىتىش ۋە پاراۋانلىق مەملىكىتىدە **ئۆز مەملىكىتىدە پاراۋانلىق ۋە ئادالەت ئورنىتىش بىرىنچى ۋەزىپە.** مۇستەقىل دۆلىتى بار ، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا: **ئۆز خەلقىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئېلىپ چىقىش بىرىنچى ۋەزىپە** بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۆز مىللىتىنىڭ قايغۇسىدا ياشاپ ، ئۇنىڭ غېمىنى قىلىش، ئۆز ھاياتىنى مىللىتىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلاش ھەربىر ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچى! ئەپسۇسكى، بىزنىڭ كۆپچىلىك مىللەتداشلىرىمىز تېخى ئۇ دەرىجىدە ئەمەس. ئۇلار مىللەتنىڭ غېمىنى ئويلاشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غېمىنى ئويلايدۇ.

ختاينىڭ سىياسىي تەقىپ ۋە بوران-چاپقۇنلىرىدا زەربە يەپ، يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن بىچارە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى بەزلەش، كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تاياق تەگمەيدىغان «مول-ھوسۇل تويى»، «نورۇز تويى»، «سەنئەت كۆۋرۈكى» قاتارلىق سىياسىي ئەھمىيىتى يوق سورۇنلارنى ئويۇشتۇرۇپ، ئويۇن-تاماشا قىلىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق مىللىي خورلۇقتا ئېزىلگەن كۆڭۈللىرىگە ئارام تېپىشىدۇ. ئۇلاردا «مۇستەقىللىق بايرىمى»، «مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان كۈنى» دەيدىغان ھەقىقىي مىللىي بايراملار يوق. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتا ئەربابلىرىمۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئىبارەت ئاساسىي مەسىلە توغرىلىق سۆز ئاچماي، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككىلەمچى نەرسىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، داۋراڭ سېلىشىدۇ.

مىللىي ئىدىئالوگىيەنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ھېسابلانغان رەسساملىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكىدە مىللىي ئىدىئالوگىيە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ماۋزۇسى «مۇھەببەت»، «كۈندىلىك تۇرمۇش» دېگەنلەردىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت كوللېكسىيەسىنى ئاقتۇرۇپ قارىسىڭىز، قانداقتۇ بىر ئۇسۇلچىلار بىلەن شائىرلارنىڭ ئوبرازى باركى، مىللىي ئەربابلار بىلەن مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يوق. نېمىشقا يوق؟ -دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار سىياسىي ماۋزۇلاردىن يىراق تۇرارمىش.

ماۋۇ سىياسىي ساۋاتسىزلىقنى قاراڭ! بىلىش كېرەككى، سىياسىي دېگەن ئۇ مىللەتنىڭ مەنپەئەتى. ئەگەر سىز مىللىتىڭىزنىڭ مەنپەئەتىدىن قاچىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا رەسسام، سەنئەتكار بولماي قويۇڭ. مىللەتكە خىزمەت قىلمايدىغان سەنئەتنىڭ كېرىكىمۇ يوق ،-دېگىڭىز كېلىدۇ. خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەردى يوقتەك، ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەستەك! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك بولامدۇ؟!

بىزنىڭ دانىشمەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز مىللىي مەنپەئەت ھەممىدىن ئەلا دېگەن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان. مىسال تەرىقىسىدە كۆك تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ قاغانى بىلگە قاغان تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئىنىسى كۆل تېكىننىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈتاش ئابىدىسىنىڭ شەرىق تەرەپكە قارىغان يۈزىگە مۇنداق بايانلار ئويۇپ يېزىلغان:

-»...تۈرك خەلقىنىڭ نام- ئابرويى يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تەڭرىم مىنى خاقان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان دۆلەتنىڭ تەختى ئۈستىدە ئولتۇرغىنىم يوق. بەلكى يېگىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيمى يوق، يوقسۇل، بىچارە خەلقىمنىڭ خاقانى بولۇپ ئولتۇردۇم...مەن تۈرك ئۇلۇسۇمنىڭ نام-ئابرويى يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن غەم يەپ، كېچىلەردە خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم. كۈندۈزلىرى خاتىرجەم ئولتۇرمىدىم. مەرھۇم ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن بىللە ئۆلەر-تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشىپ ئىشلىدىم. كۆپ يىللار ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ، ئۇلۇسۇمنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىناق بىرلىككە كەلتۈردۈم.

مەن خاقانلىقتا ئولتۇرغان مەزگىلدە ھەر تەرەپكە يېتىراپ، چېچىلىپ كەتكەن تۈركلەر ئاچ-توقلۇقىغا قارىماي، يېرىم يالىڭاچلىقىغا قارىماي، ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىشتى. مەن ئۇلۇسۇمنى بېقىش ئۈچۈن، خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەپ، چوڭ قوشۇننى باشلاپ، 12 قېتىم ھەربىي يۈرۈشلەرگە چىقتىم . تەڭرىمگە شۈكرىكى، تەلىيىم بار ئىكەن. ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان ئۇلۇسۇمغا قايتىدىن جان كىرگۈزدۈم. ئەڭلى يالاڭ بولغانلارنى كىيىملىك قىلدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، پۇقرالىرىم ئاز ئىدى، كۆپەيتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى كۈچلۈك دۆلىتى بار، دانا خاقانى بار، باشقا ئۇلۇسلاردىنمۇ ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم...»

يۇقىرىدىكى مىسالدا ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئالىيجاناپ مىللىي روھى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئاددىي ئۇيغۇرلارغىمۇ، ئەل باشقۇرۇۋاتقان ئەربابلارغىمۇشانلىق بىر ئۈلگە! **دېمەك، بىر مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مىللىي تەرەققىياتقا ئېرىشىشى، باشقا خەلقلەر قاتارىدا ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالالىشى-شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي ساپاسىغا، مىللىي روھىغا، ئاڭلىق، كۈرەشچان مىللەت بولالىشىغا باغلىق. شۇنىڭدەك، ئەل باشقۇرىدىغان دانا خاقانلىرى بولۇشىغا باغلىق!** بۇ دۇنيادا ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي سۈپىتىگە لايىق تەقدىرگە ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولالايدۇ. **قىسقىسى، مىللىي غايىگە ئىگە بولالىغان مىللەت دۇنيادا مەڭگۈ ئەزىز بولىدۇ ۋە ياشاپ قالىدۇ. مىللىي ئىدىئولوگىيەدىن ئايرىلغان مىللەت باشقىلارغا يەم بولۇپ، دۇنيادىن ئىزسىز يوقىلىپ كېتىدۇ!** بۇ ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلىغان ھەقىقەت.

مىللەتنى ساقلاپ قېلىشتا مىللىي غايىنىڭ مۇھىملىقى توغرىلىق فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكى

يەھۇدىلارنى مىسالغا ئېلىپ، مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:
«دائىملا ھالەك بولۇش قىسمىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان يەھۇدىلار پەقەت كەلگۈسىدە قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىدىغانلىقى توغرىلىق بۈيۈك غايىگە ۋە ئۈمۈتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرى ئۇچرىغان بارلىق زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، بارغانسېرى ئاۋۇپ كەلمەكتە... ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ھېساپلانغان مىللەتمۇھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزىدىكى بارلىق غەيرەتنى، غېرىپلىق تۇيغۇسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، يېپ-يېڭى روھقا پېرىشىشنى ئىستەيدۇ. مانا بۇ بارلىق مىللەتلەر باشتىن كەچۈرىدىغان ۋە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان روھى ھەدىسىدۇر. دېمەك، ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئۆز روھىيىتىدىكى كەمتۈكلىكنى ھېس قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى يولىنى ئىزدەش جەريانى، مەنىۋىي جەھەتتە يېڭىلىنىش جەريانىدۇر».
**شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ ھازىرقى پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۇقۇشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى مەنىۋىي ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، روھى جەھەتتىن يېڭىلىنىشى، ئۆزىنى ھالاكەتتىن ئېلىپ چىقالايدىغان ساغلام مىللىي روھقا، مىللىي ئىدىئولوگىيەگە ئىگە بولۇشى كېرەك!** يەنى مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىشىپ كۈرەش قىلالايدىغان سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىشى كېرەك. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئورۇنلانمايدىكەن، مىللەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن ئۈمۈت كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.
ۋەتەندىشىمىز ئابدۇۋەلى ئەلى يازغىنىدەك:
«تەپەككۇر قىلالايدىغان، يىغلالايدىغان ھەم كۈلەلەيدىغان مىللەتتىن ئۈمۈت كۈتۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان مىللەتنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، يىغلىيالايدىغان مىللەتكە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە مۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدۇ. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان مۇشەققەتلىك ئەجىر –تۆھپىلىرى، بەدەل-قۇربانلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ياش تۆكەلەيدۇ، قولغا كەلتۈرگەن بەخىت-سائادىتى ئۈچۈن خوشال بولۇپ كۈلەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدۇ.»
شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسان بالىسى ئالىيجاناپ ئىدىيەلەر ۋە غايىلەرسىز، شۇنداق ئىدىيە ۋە غايىلەرگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتسىز ياشىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان تارىخىمىزنى، ئۇ تارىختىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى قېزىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز، ئۇ تارىختىن بەھىر ئېلىشىمىز لازىم. ئەنە شۇلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا بىز يۈكسەك پەللىلەرگە كۆتۈرۈلەلەيمىز، ئالىيجاناپ ئىنسانلاردىن بولالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان تارىخىنى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش بىز بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق مىللىي ئىدىئولوگىيەسىقېلىپلاشمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئىنقىلابچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق، گوروھۋازلىق ئاساسىدىكى تار مەھەللىي ئىدىيەلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايۋاتىدۇ. نەتىجىدە، ئىلمىي ساھەدە بولسۇن، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتتە بولسۇن ئومۇمىي بىرلىكنىڭ ئەمەلگە ېشىشىغا پۈتلا-كاشاڭ بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھەربىر مەملىكەتتە چېچىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بەك ئاز بولسىمۇ، ئاشۇ ئاز ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە تەشكىلاتلىرى بار. بۇ تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنى «ۋەتەنپەرۋەر» تەشكىلات دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئورتاق ئىدىيەگە ئىگە ئەمەس. ھەر قايسىسى ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى مەخسۇس تەتقىق قىلىۋاتقان ئامرىكىلىق پروفىسور ژ. رودېلسون «ئۇيغۇرلار ۋە مەركىزىي ئازىيانىڭ ئىستىقبالى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان:
«ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خىتاينىڭ چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي مىللىي ئىدىئولوگىيەسىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرى تار مەھەللىي دەرىجىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، يۇرتۋازلىق ئىدىيەسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىي مەسىلىلەردە تالاش تارتىش پەيدا بولغاندا، ھەر قايسى يۇرتلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەسىلەن: قەشقەرىيە زىيالىيلىرى مىللىي بىرلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆز يۇرتدىشى سۇتۇق بۇغراخان بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنى ئەۋزەل كۆرسە، ئىلى تەۋەسىنىڭ زىيالىيلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى قەدىرلەيدۇ. تۇرپان زىيالىيلىرى بولسا، « ئۇيغۇر» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان يۇرتدىشى ئابدۇخالىقنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مىللىي ئىدىئولوگىيە بولمىغانلىقتىن، ئورتاق كۆز- قاراشمۇ، ئورتاق مىللىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ».
مېنىڭچە ھۆرمەتلىك ئالىم بۇ يەردە ھەق سۆزنى ئېيتىۋاتىدۇ. مىللىي ئازاتلىق كۈرەش سېپىمىزدە ئورتاق مىللىي ئىدىئولوگىيە بولمىغانلىقتىن، ئورتاق ھەرىكەتمۇ يوق. مەسىلەن: 2004-يىلى ئاپرېلدا گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھىرىدە ئېچىلغان 4-قۇرۇلتايدا ئورگاننىڭ نامى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتىلىپ، ئەركىن

ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك ئاپپارات سايلاپ چىقىلدى. بىراق، نىمە ئۈچۈندۇ ئەركىن ئەپەندى بۇ ئاپپاراتقا ئۆزىگە ياقىدىغان 10-20 كىشىنىلا كىرگۈزۈپ، مىللىي مەركەزنى يوقتىن بار قىلغان، ئۇنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتىرىپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن تەشكىلاتلار بىلەن پېشقەدەم ئەربابلىرىمىزنى ھەركەتنىڭ سىرتىدا قالدۇردى. بۇ چوڭ خاتالىق بولغان ئىدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، بۇ ئىشقا نارازى بولغان بەزى تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى 2004-يىلى سېنتەبىرىنىڭ 13-14 ـ كۈنلىرى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھرىدە يىغىن ئېچىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئالتېرناتىپ ھالدا «مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكىمىتىنى»قۇرۇپ چىقىشتى ۋە دۇنياغا ئېلان قىلىشتى.شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىككى باش، يەنە ئىككى رەھبەرلىك ئورگان پەيدا بولدى. بىز بۇ يەردە بۇ ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىققۇچىلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمىز. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ نىيىتى خالىس، مەقسىتى توغرا بولغاندۇ. بىراق، بۇ ئىش مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىمىزنى ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئەمەلىيەتتە مىللىي دۈشمىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيغانلىق بولىدۇ!

بىراق، پروفېسور ج.رودېلسون ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك غايىسى يەنى مىللىي ئىدىئولوگىيەسى كەلگۈسىدە چوڭ رول ئوينىشى مۇمكىن. ئۇلار مىللىي غورورنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە مىللەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشقا تەسىر قىلالايدىغان ئامىل بولۇپ كىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، مىللەتنىڭ مىللىي غورورى، ئۆزىنىڭ ھۆرمەت قىلىشى، بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ جېپسىلىشىپ تەرەققىيات يولىغا چۈشۈشىدە ھەل قىلغۇچى رول ئوينىشى مۇمكىن».

يۇقىرىدا پروفېسورنىڭ ئېيتقىنىدەك، ھەقىقىي مىللەت ئىدىئولوگىيە بىلەن قۇراللىنىپ، ئەقلى يورۇغان، قەلب كۆزى ئېچىلغان مىللەت ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى مىللىي مەنپەئەت تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئاندىن كىيىن ئۇ ۋەقەلەرگە ئۆز مەۋقىيەسىنى بىلدۈرەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا سوۋېتلەر رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى: «مانا ئەمدى جاھانگىر مۇستەملىكىچىلەر ئۆز مۇستەملىكىلىرىنى داۋاملىق ھالدا قۇللۇقتا تۇتالمايدىغان ، مەزلۇم ئەللەر بولسا ، قۇللۇقتا ياشاۋېرىشنى خالىمايدىغان يېڭى دەۋر يېتىپ كەلدى. دېمەك، دەۋرىمىز-مىللىي-ئازاتلىق ۋە خەلق ئازاتلىقى يولىدىكى كۈرەش دەۋرىدۇر» دەپ ئېيتقان ئىدى. (ئەخمەتجان قاسىمى «تاللانما ئەسەرلەر»، 324-325-بەتلەر).

## 2-باب
## مىللىي ئازاتلىق ھەركەتنىڭ خارەكتىرى، مەقسىتى ۋە كۈرەش ئۇسۇلى

بىز يۇقىرىدا «ئۇيغۇرىدىتان خەلقى خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ نۆۋەتتىكى لوقمىسى بولماقتا» دېدۇق. ئۆلۈم چۈشىگىدە جان تالىشىۋاتقان ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، يېڭىباشتىن ھايات تېپتىكلىكى بەخش ئېتىدىغان بىرلا يول بار.ئۇ بولسىمۇ ـ **مىللىي مۇستەقىللىق يولى!** يەنى بۇ ئەلدە لەنىتى مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلماي تۇرۇپ، بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرىستاندا كىيىنكى 245 يىلدىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلەر مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان. دېمەك بۇ ئەلدە مىللىي ـئازاتلىق ھەركەتنىڭ كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ۋە قانۇنىيدۇر. شۇنىڭدەك بۇ يول ئۇيغۇر خەلقىنى ئازاتلىققا، بەخت-سائادەتكە يېتىشتۈرىدىغان بىردىن-بىر توغرا يولدۇر. مۇشۇ ھەقىقەتەن توغرا چۈشەنگەن ئەجدادلىرىمىز 245 يىلدىن بېرى ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كەيىندىكىلىرى بېسىپ، توختالسىز ھالدا قەھرىمانلارچە كۈرەشلەرنى يۈرگۈزۈپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

مىللىي دۈشمەنلىرىمىز دەسلەپ بۇ كۈرەشلەرنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى . بىراق، كۈچى يەتمىدى. ھازىر ئەمدى بۇ ھەركەتنىڭ خارەكتىرىنى ، مەقسەت-ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ، ئۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا. بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭلار توغرىلىق يازغاندا، ئۇنى «دېھقانلار قوزغىلىڭى» دەپ سىنىپىي كۈرەش تۈسىنى بېرىشكە تىرىشسا، يەنە بەزىلەر «ئۇ قوزغىلاڭلار- دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان ئىدى» دەپ، ئۇنى «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» قىلىپ كۆرسەتمەكتە، ياكى « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى « دەپ ئاتاپ، رايون خارەكتىرلىك كىچىك ھەركەت قىلىپ كۆرسەتمەكتە. يەنە ئۇلار بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى بايان قىلغاندا-» ئىچكى خىتايدىكى «تەيپىڭ تيەنگو» قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان»، «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان» ياكى «روسىيەدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان» دېگەندەك ئۇيدۇرمىلارنى توقۇپ چىقىپ، تېگىش ئارقىلىق ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

بىز كىسىپ ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇرستاندىكى مىللىي -ئازاتلىق كۆرەشلەرنى مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى مىللىي -ئازاتلىقنى نىشان قىلغان ھەقىقىي مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلەر ئىدى. ئۆزى مۇستەملىكە بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرستان جەمئىيىتىدە كۆتىرىلگەن سىياسىي ھەرىكەت پەقەت **مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەت** بولىدۇكى، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! شۇڭا بۇ كۆرەشلەر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى كۆتىرىلگەن ھەقىقىي مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھى يوق. شۇنىڭدەك، بۇ قوزغىلاڭلار ئېنىق سىياسىي مەقسەتنى ئۆز ئالدىغا قويغان ئىدى. مەسىلەن، ئاخىرقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «9 ماددىلىق دېكلاراتسىيەنىڭ» 1-ماددىسىدا: خىتاي باسقۇنچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىش»، 2-ماددىسىدا: «شەرقىي تۈركىستان زىمىنىدا مۇستەقىل -دېموكراتىك شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش»، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرىغا تاپشۇرۇلغان ھەربىي بايراقتا بولسا» شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن ئالغا « دېگەن شۇئار يېزىلغان ئىدى.

1992-يىلى دېكابىردا ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ 1-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان سىياسىي قارارىدا: «شەرقىي تۈركىستان ھەركىتى-مىللىي مۇستەقىللىقنى نىشان قىلىدۇ»، دېيىلگەن بولسا، 1999-يىلى گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھىرىدە ئېچىلغان 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا: مىللىي قۇرۇلتىيىمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق- ھوقوقلىرىنى قوغدايدۇ. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 245 يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان كۆرەشلىرىنىڭ ھەممىسى مانجۇ-خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھەقىقىي مىللىي-ئازاتلىق كۆرەشلەر ئىدى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنىڭدىن باشقىچە چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى خاتا. ئۇلار مىللىي دۈشمىنىمىزنىڭ تارىخنى بۇرمىلايدىغان غەرەزلىك ئۇيدۇرمىلىرى، خالاس.

ئەمدى بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆرەش ئۇسۇلىغا كېلىدىغان بولساق، تارىخىي شارائىتلارنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا باغلىق كۆرەش ئۇسۇلىنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى تەبىئىي. مەسىلەن، ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابىي كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك قوزغىلاڭ شەكلىدە مەيدانغا چىقتى ھەم مەلۇم غەلىبىلەرنى قازاندى. 20-ئەسىرنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، مىللىي دۈشمىنىمىز پەۋقۇلئادە كۈچلۈك، ئۆزىمىز ئاجىز بولغانلىقىمىز تۈپەيلى، بىز سىياسىي كۆرەش شەكلىنى قوللىنىشقامەجبۇر بولدۇق. ھازىرقى كۈندىمۇ، ۋەتەننىڭ ئىچىدە بولسۇن، سىرتىدا بولسۇن، يەنىلا سىياسىي كۆرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان)مىللىي قۇرۇلتىيى قوبۇل قىلغان سىياسىي پراگراممىنىڭ 1-2-ماددىلىرىدا:

«مىللىي قۇرۇلتاي، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ ئورتاق ستراتىگىيىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ...شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ» ، دەپ بەلگىلەنگەن . دېمەك، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قۇراللىق كۆرەش يولىنى ئەمەس، قان تۆكۈلمەيدىغان سىياسىي كۆرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ دېگەن سۆز.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتاي بىلەن ئالاقە باغلاش بۆلىمىنىڭ باشلىقى پېر گاخرتون ئەپەندى 2001-يىلى 17- ئۆكتەبىر كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغىنىغا 50 يىل» دېگەن ماۋزۇدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلىپ:

«سىلەر مىللىي-ئازاتلىق كۆرىشىڭلارنىڭ ھازىرقى دۇنيادا قېلىپلاشقان مەنىۋىي ئەخلاققا ماس ھالدا، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپ، تىنىچ سىياسىي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىسىلەر. مۇنداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەرنىڭ مەنىۋىي ئەخلاق جەھەتتىن قىممىتى ئۈستۈن بولىدۇ . ئۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشىغا جەزمەن ئېگە بولىدۇ ۋە غالىبىيەت قازىنىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئىستىقباللىڭلار پارلاق بولۇشىنى تىلەيمەن» دەپ ئېيتتى. بۇ ھەق گەپ. ئەمەلىيەتتىمۇ خىتاينىڭ مىلتىق، پۈلېمېت، زەمبىرەك ئوقلىرىغا قارشى بىز قەلەمنى ئىشقا سېلىۋاتىمىز. پۈتۈن دۇنيا ئەھلى كۆرسۇنكى، بۇ يەردە زادى كىم تېررورىست؟ مىلتىقنى ئىشقا سالغان خىتايمۇ ياكى قەلەمنى ئىشقا سالغان ئۇيغۇرمۇ؟!

بىز يۇقىرىدا «مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىمىز ھازىرقى شارائىتتا كۆرەشنىڭ قان تۆكۈلمەيدىغان سىياسىي كۆرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ» دەپ ئېيتتۇق. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرەشنىڭ باشقا ۋاستىلىرىنى قوللانمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. كېلەچەكتە زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، كۆرەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى قوللىنىشىمىزمۇ مۇمكىن.

## 3-باب
## مىللىي-ئازاتلىق هەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى، سۇبيېكتى ۋە ئېھتىياجلىرى

سىياسىي هەرىكەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئوبيېكتى، سۇبيېكتى ۋە ئېھتىياجلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازاتلىق هەرىكىتىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ هەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى، يەنى قارشى تۇرىدىغىنى كىم؟ ئۇ ئۇيغۇرىستان خەلقىنى ئىزىۋاتقان لەنىتى مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم، بۇ تۈزۈمنى جاھىللىق بىلەن قوغداۋاتقان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى!(شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بۇ تۈزۈمگە مۇناسىۋىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مىللىي-ئازاتلىق هەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار خالىسا، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشتە بىزنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن).

يۇقۇرىدىكى بابتا ئېيتقىنىمىزدەك، مىللىي زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى قاشقالاشتۇرىۋاتقان، قالاقلاشتۇرىۋاتقان، مىللىي تەرەققىياتقا توسقۇن بولىۋاتقان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر، خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئوتتۇرسىغا مىللىي زىتلىق سېلىۋاتقان ھەممە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى مۇشۇ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمنى يوقاتماي تۇرۇپ، بۇ دەردلەردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. تارىخى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمگە ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلماق-ئىلغار-ئىنقىلابىي هەرىكەت. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇ تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرىنىۋاتقانلىقى بولسا، ئەكسىيەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە ئەكسىيەتچىلەر قەغەز يولۋاس بولغىنىغا ئوخشاش، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىمۇ قەغەز يولۋاس. دۇنيادىكى ھەممە ئەكسىيەتچىلەر ھالاكەتكە مەھكۇم بولغىنىدەك، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىمۇ ھالاكەتكە مەھكۇم. جاھانگىرلىكنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ تۈزۈم يەر يۈزىدىن تەل-تۆكۈس يوقىلىدىغان كۈنلەر يىراق ئەمەس.

ئەمدى مىللىي ئازاتلىق هەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى، يەنى هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى كىم ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بىز بۇ سوئالغا ـ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللىي زۇلۇمنى تارتقان، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەۋاتقان، شۇ يولدا كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇرىستان خەلقى، دەپ جاۋاپ بېرىمىز. ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان يەرلىك خەلقلەر، بولۇپمۇ ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتتى. ئۇنى ئاز دەپ، خان مىللەتنى تەرىپىدىن ئاسسىملاتسىيە قىلىنىپ، دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. نۇشۇ مىللىي خەۋپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قىلماقتا. «بىر كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ جېنى بىر دېگەندەك، مىللىي ئاسسىملاتسىيە خەۋپىگە دۇچ كەلگەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق دۈشمىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى بىرلىشىپ، كۈرەش مەيدانىغا چىقماقتا. بۇ ئەھۋال مىللىي ـ ئازاتلىق هەرىكىتىمىزنى ئاممىۋىي هەرىكەتكە ئايلاندۇرماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ خەلقلەرنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانغا ئىگە بولغان، ۋەتەنىنىڭ ئەسلى ئىگىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر بۇ كۈرەشتە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشلىرى، كۈرەشنىڭ ئاساسىي ئېغىرچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشلىرى كېرەك.

ئەمدى ئېھتىياجلار مەسىلىسىگە كەلسەك، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەشتە بىز ياردەم ئېلىش مۇمكىن بولغان كۈچلەرنىڭ ھەممىسىدىن ياردەم ئېلىشىمىز كېرەك. (مەيلى ئۇ ئۆتمۈشتە كىم بولغان بولسىمۇ ، بۈگۈن بىزگە ياردەم قىلىدىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئېھتىياجچىمىز بولالايدۇ). ئەلۋەتتە بۇنداق ئېھتىياجچىمىز سەممىي ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرىستان خەلق پارتىيىسى پىراگراممىسىنىڭ 5-پۇنكتىدا: «پارتىيىمىز پائالىيىتىدە ئۇيغۇرىستان دۆلىتىنىڭ تىكلىنىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق خەلقئارا ياردەملەرنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. بىراق، بۇ ياردەملەر بىزنىڭ كۈرىشىمىزگە پايدىلىق ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا بولۇشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن.



ئەركىن ئالىپتېكىن ۋە دالاي لاما

شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى قوبۇل قىلغان نىزامنامىنىڭ 8-ماددىسىنىڭ 4-پۇنكتىدا: «قۇرۇلتىيىمىز دۇنيادىكى بارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان دۆلەتلەر، رايونلار، پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ئاتاقلىق ئەربابلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

مانا بۇ بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىتتىپاقداش كۈچلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپىمىز. مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا، خەلقئارادىكى ھەر قانداق كۈچلەر بىلەن (ھەتتا ئۇلار خىتاي دېموكراتلىرى بولغان تەقدىردىمۇ) دىپلوماتىك ئالاقە قىلىشقا، ئۇلارنىڭ خالىسانە ۋە پايدىلىق ياردەملىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارمىز.

## 4-باب
## مىللىي -ئازادلىق ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارد قوشۇنى

ھەرقانداق سىياسىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋانگارد قوشۇنى بولىدۇ. بۇ قوشۇن ئىنقىلابىي ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سىياسىي ھەرىكەتنى توغرا يول بىلەن باشلاپ ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارد قوشۇنى ۋەتەنىمىزنىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ۋەتەنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى نىشان قىلغان سىياسىي پارتىيە-تەشكىلاتلار، ئۇلارنىڭ خەلقئارا باش شتابى» دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدۇر».

كېيىنكى 55 يىلدىن بېرى ۋەتەنىمىزنىڭ ئىچىدە ھەرخىل سىياسىي پارتىيە-تەشكىلاتلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، پائالىيەتلەرنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى قىيىن شارائىتتا تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي، قەھرىمانلىق كۈرەشلەرنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلاتتى. دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە جەلىپ قىلدى.

ۋەتەنىمىزنىڭ سىرتىدا بولسا، ئاساسەن 1990-يىللاردىن كېيىن، يەنى سوۋېت ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. بىراق، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ يەككە-يەككە ھالدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىدى. يەنى، ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىپ قوشۇپ، مىللىي-ئازادلىق ھەرىكەتكە بىر مەركەزدىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان خەلقئارا ئورگان، مىللىي مەركەز قۇرۇش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇق. مۇشۇ مەقسەتتە، ئوتتۇرا ئازىياسىكى ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىي جەمئىيىتىنىڭ ساھىپخانلىقىدا

1992-يىلى دېكابىردا 1-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ئەپسۇسكى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكتىن، كۆپ ئىقتىسادى چىقىملارنى سەرىپ قىلىپ، زور ئۇمۇدلەر بىلەن چاقىرغان مىللىي قۇرۇلتىيىمىز بىز كۈتكەن نەتىجىنى بەرمىدى. ئارىدا بىرقانچە يىللار بوش ئۆتۈپ كەتتى. 1997-يىلى 6-فېۋرال كۈنى غۇلجا ياشلىرىنىڭ تىنىچ نامايىشى كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىسى يوقلىقىدىن پايدىلانغان خىتاي جاللاتلىرى يۈزلىگەن ياشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، مىڭلىغان ياشلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىلەرگە سولىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتى، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى ۋە بىشكەك شەھەرلىك «ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش (دېموكراتىيە)» تەشكىلاتى بىرلىشىپ، مىللىي -ئازاتلىق ھەركىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان دۇنياۋىي مەركەز قۇرۇش تەشەببۇسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە 1998-يىلى دېكابىردا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەشكىلات باشلىقلىرى يىغىنىدا ۋاقىتلىق ئورگان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان) مىللىي مەركىزى» قۇرۇلۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. مۇشۇ مەركەزنىڭ تەييارلىشى بىلەن 1999-يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھىرىدە 2- نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلدى. نەتىجىدە، ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى تەسىس قىلىنىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرستان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ ئالىي ئورگىنى- باش شتابى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئورگان كېيىنكى ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتا چوڭ خىزمەتلەرنى قىلدى. ھازىرقى كۈندە مىللىي قۇرۇلتايغا ھەر قايسى مەملىكەتلەردە قۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان 26 ئۇيغۇر تەشكىلاتى ئەزا بولۇپ تۇرماقتا.

ئەپسۇسكى، مەركىزىي ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھىرىدە بولغان دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى» مىللىي قۇرۇلتايغا قوشۇلۇشتىن باش تارتتى. نەتىجىدە، بىر ميۇنخىن شەھىرىدە مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ئىككى مەركىزى پەيدا بولدى. بۇ مەركەزلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقتىن ، سەلبىي ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كەلدى. ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ۋە ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئارقىسىدا مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2002-يىلى ئۆكتەبىردە ھەر ئىككى ئورگاننىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى باش قوشۇپ، مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكىنى» قوشۇپ، بىرلا ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ۋەدىلەشتى. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاتاقلىق مۇجاھىتىمىز ئەركىن ئالپتېكىننىڭ باشچىلىقىدا 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ ھەيئەتنىڭ تەييارلىشى بىلەن بىر يىلدىن كېيىن يەنە 2003-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا مۇۋاپىق ئورۇندا 4-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، شۇ قۇرۇلتايدا بىرلەشكەن ئالىي ئورگاننى قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىنغان ئىدى. 2004-يىلى ئاپرېلدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھىرىدە ئېچىلغان 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى، يەنە يۇقارقى ئىككى ئورگاننى بىرلەشتۈرۈپ **«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»** قۇرۇپ چىقتى ۋە ئەركىن ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقتى. بەزى كىشىلەر ۋەتەننىڭ سىرتىدا قۇرۇلغان مۇشۇ ئورگانلار ۋەتىنىمىزدىكى 30 مىليون خەلقىمىزگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ، يوقمۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. بىز كېسىپ ئېيتىمىزكى، ۋەكىللىك قىلالايدۇ!

بىرىنچىدىن، بۇ ئورگاننىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقىنى نىشان قىلغان بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن مىللىي ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.
ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدا تۇرۇپ، ۋەتەن داۋاسىنى قىلىشىمىزغا خەلقئارا قانۇنلار تولۇق ئاساس بېرىدۇ . مۇشۇ قانۇنلارغا ئاساسەن 2-نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيىمىز قوبۇل قىلغان پروگراممىدا: «مىللىي قۇرۇلتاي، ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارا مەيداندىكى بىردىن-بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ئالىي ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن.
يىغىپ ئېيتقاندا، ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار، مۇشۇ تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارا ئورگىنى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئاۋانگارت قوشۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللىي-ئازاتلىق ھەركىتىمىز چوقۇم غالىبىيەت قازىنىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

## 5-باب
## مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسى

مەلۇم مەقسەت ئالغا قويۇلغان ئىكەن، شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ماڭىدىغان يول، يەنى ئۇنىڭ ستراتېگىيەسى بەلگىلىنىدۇ. ئىستراتېگىيە- ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەشكە يەنى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىش سەنئىتى. ئىستراتېگىيە ئادەتتە مەلۇم دەۋرگە مولجاللانغان بولىدۇ.` ئاشۇ مەقسەتكە يەتمىگىچە ئىستراتېگىيەلىك پىلان ئۆزگەرمەيدۇ.

تاكتىكا بولسا، ئالغا قويۇلغان مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇسۇل-چارىلەردۇر. ئېچكى، تاشقى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۇسۇل-چارىلەرمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۈگۈن مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلغان بولسا، ئەتە باشقا بىر ئۇسۇل قوللىنىلىشى مۇمكىن. بۈگۈن ھۇجۇم قىلىنغان بولسا، ئەتە تاكتىكىلىق چېكىنىش بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى ئىتتىپاقچىلار ئەتە دۈشمەن بولۇپ قېلىشى ، بۈگۈنكى رەقىبلەر ئەتە ئىتتىپاقچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئورۇن، ۋاقىت، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ تاكتىكىلىق ئۇسۇللارمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى، يېقى ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ پۈتۈن بىر دەۋرگە بەلگىلەنگەن ئىستراتېگىيەلىك نىشانىمىز. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا شۇ چاغدىكى ئېچكى، تاشقى شارائىتلارغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى ئىنقىلابلاردا قوراللىق كۈرەش ئۇسۇلىنى ، قوراللىق كۈرەشنىڭ پارتىزانلىق شەكلىنى قوللاندۇق. 40-يىللاردىكى ئىنقىلابلاردا بولسا، ئاۋۋال قوراللىق كۈرەش شەكلىنى، كېيىن بولسا، تاشقى كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، قان تۆكۈلمەيدىغان سىياسىي كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. 1950-يىلدىن كېيىن، يەنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ، مىليونلىغان ھەربىي -ساقچى ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقىمىزنى قىمىر قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان شارائىتتا بىز سىياسىي كۈرەش ئۇسۇلىنى ( كۆپ ھاللاردا مەخپىي ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلىنى، شۇنىڭدەك، خىتاي دۆلىتىنىڭ كانستىتۇتسىيەسى يول قويغان دائىرىدە پىكىت، نامايىش قىلىش، تەلەپنامە سۇنۇش قاتارلىق قانۇنىي ۋاستىلاردىن ) پايدىلاندۇق . مەسىلەن: 1985-يىلى 12-دېكابىر كۈنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن ياشلار ھەرىكىتى شۇنداق بولدى. ئۇلار ئۆز ۋەكىللىرى ئارقىلىق خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ ئالدىغا ئىجتىمائىي تەلەپلەرنى قويدى. شۇ ئارقىلىق، گەرچە بۇ تەلەپلەر ئورۇنلانمىغان بولسىمۇ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىق قىلىشىغا باھانە بېرىپ قويۇشتىن ساقلاندى.

ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە1990-يىلى ئاپرېلدا يۈز بەرگەن «بارىن ۋەقەسى» ئەسلىدە دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە ئۆز تەلىپىنى يەتكۈزىدىغان ئادەتتىكى نامايىش بولۇپ پۈتۈنلەي قانۇنىي ھەرىكەت ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ كانستىتۇتسىيەسىگە ئۆزى خىلاپلىق قىلغان ھالدا پۇقرالارنىڭ تىنچ يوللار بىلەن ئېلىپ بارغان قانۇنلۇق نامايىشىنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى. بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى كۈرەش تاكتىكىسىنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن ئەمەس، خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن بولدى، خالاس.

ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجا شەھىرىدە 1997-يىلى 6-فېۋرال كۈنى يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق پاجىئەسىگە كەلسەك، نامايىشقا چىققان ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا :-پۇقرالارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى تەمىنلەش، ئوقۇشسىز قالغان ياشلارنى ئوقۇتۇشقا، ئىشسىز ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ، خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ چىقىشنى توختىتىش، تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنى قوغداش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەلەپلەرنى قويماستىن، «ئاللا بىر، لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدىن راسۇلىللاھ، كاپىرلار يوقالسۇن!»، دېگەن دىنى شۇئارلىرىنى ۋاقىراپ چىقىشتى. بۇ بولسا، نامايىشقا دىنى تۈس بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى. دېمەك، بۇ ھەرىكەتنى ئويۇشتۇرغۇچىلار تاكتىكا جەھەتتىن خاتالاشتى.

ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتتە بولسا، 1990-يىللارنىڭ بېشىدا تۈركىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىمىز «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ناملىق گېزىت چىقىرىپ ، شۇ گېزىت سەھىپىسىدە : دىنىمىز – ئىسلام، مىللىتىمىز – تۈرك ، ۋەتىنىمىز – شەرقىي تۈركىستان!»، دېگەن خاتا شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. بۇ بولسا، خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا «پانتۈركىست»، «پانئىسلامىست» قىلىپ كۆرسىتىشىگە ئوبدان باھانە تېپىپ بەردى. دېمەك، بۇياشلىرىمىز تاكتىكىدا يەنى كۈرەش ئۇسۇلى جەھەتتىن خاتالاشتى.

2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىز قوبۇل قىلغان مىللىي سىياسىي پىراگراممىنىڭ 8-ماددا، 6-7-پۇنكتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

مىللىي قۇرۇلتاي، خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان-

تاراج قىلىش، خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق مىللىتىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قاتارلىق سىياسەتلىرىنى ۋە ئەمەلىيەتنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەمەلىي فاكىتلار ئارقىلىق بىرلەشكان مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ . شۇنىڭدەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىنسان ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى خەلقئارا قانۇنلىرىغا زىت كېلىدىغان، پاجىئەلىك ۋەقەلەرگە قارىتا ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇ يەردە مىللىي- ئازاتلىق كۈرەشنىڭ تاكتىكىسى خەلقئارا قانۇنلارغا ئاساسلانغان ھالدا دۇرۇس بەلگىلەنگەن. بىراق، ۋەتەننىڭ سىرتىدىكى بەزى تەشكىلات رەھبەرلىرى يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىگە زىت ھالدا تىنچ سىياسىي كۈرەش يولىنى ئەمەس، قوراللىق كۈرەش يولىنى تەشەببۇس قىلدى. ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. نەتىجىدە شۇ بولدىكى، مىللىي دۈشمىنىمىز خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ مۇشۇ خاتالىقىنى تۇتۇۋېلىپ، قولغا چۈشكەن نەق پاكىتلارنى خەلقئارا سەھنىدە كىكىرستىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيادىكى تېررورىسلىق تەشكىلاتلارنىڭ قاراتىزىمغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپىق بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ب. م .ت نىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشى ھەسەن مەقسۇم باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى» تېررورلۇق تەشكىلاتلارنىڭ «قاراتىزىمغا كىرگۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ خاتا تاكتىكىسى مىللىي- ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە توغرىدىن- توغرا زىيان يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقىدىن باشقا ئىنقىلابچىلار ئىبرەت ئېلىشلىرى كېرەك ئەلۋەتتە.

ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ۋاقتىدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

«بىزنىڭ جۇغراپىيە شارائىتىمىز مىللىي -ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. كىمكى بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلمايدىكەن، ئۇ ئۆز خەلقىگە غەمخورلۇق قىلمايدۇ ھەم ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلالمايدۇ ! « -دېگەن ئىدى (ئە. قاسىمى «تاللانما ئەسەرلەر» 138-بەت). بىز بۇ پىرىنسىپنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

## 6- باب
## مىللىي- ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ قانۇنىي ئاساسلىرى

ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ تايىنىدىغان قانۇنىي ئاساسلىرى نېمە؟

2-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى قوبۇل قىلغان نىزامنامىنىڭ 7-ماددىسىدا: «مىللىي قۇرۇلتاي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي داۋاسىنى يۈرگۈزۈشكە، ب.م.ت قوبۇل قىلغان «ئىنسان ھوقۇقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىنىڭ» ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار قوبۇل قىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەرتنامىلارنىڭ روھىغا ھۆرمەت قىلىدى . شۇ ئاساستا شەرقىي تۈركىستان خالقىنىڭ بەخت -سائادىتى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ». دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمدى بىز ب.م.ت تەرىپىدىن 1948-يىلى 10-دېكابىر كۈنى قوبۇل قىلىنغان «ئىنسان ھوقۇقلىرى توغرىلىق ئومۇمىي باياننامىسىدا» بىزگە مۇناسىۋەتلىك قانداق ماددىلار بارلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

**1-ماددا.** بارلىق ئىنسانلار ھۆرلۈك، ئىززەت-ئابروي ۋە ھوقۇقتا باراۋەر تۇغۇلغان. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىگە قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك.

**2-ماددا.** بارلىق ئىنسانلار مىللىتى، جىنسى، تىلى، دىنى ئېتىقادى، كۆز قاراشلىرى، دۆلىتى ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، مال-مۈلكى ۋە باشقا جەھەتتىكى پەرقلىرىگە قارىماي، ھەممىسى ئوخشاش ھوقۇقلارغا ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگە. بارلىق ئىنسانلار (ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان مەملىكەت مۇستەقىل دۆلەت ياكى مۇستەملىكە بولسۇن) سىياسىي، قانۇنىي ۋە خەلقئارا ئورنى جەھەتتىن پەرقسىز، باراۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**3-ماددا.** ھەممە ئادەم ھاياتىغا، ئەركىنلىككە ۋە ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىش ھوقوقىغا ئىگە.

**4-ماددا.** ھېچ بىر كىشى قۇللۇق ئاسارىتىدە تۇتۇلماسلىقى كېرەك. ھەر قانداق شەكىلدىكى قۇللۇق كۆرۈنۈشلىرى قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ.

**7-ماددا.** بارچە ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باب-باراۋەر. شۇڭا قانۇن بىلەن باراۋەر قوغدىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ھەممە ئادەم كەمسىتىشكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن قوغدىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**8-ماددا.** ھەر بىر ئىنسان مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان ۋاقتىدا، نوپۇسلۇق بىر دۆلەتنىڭ سوتىغا ياكى خەلقئارا سوتقا مۇراجەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھىمايە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**9-ماددا.** ھەر قانداق ئادەمنى خالىغانچە قولغا ئېلىپ، سولاپ قويۇشقا ياكى سۈرگۈن قىلىشقا بولمايدۇ.

**14-ماددا.** ھەر قانداق ئادەمنىڭ سىياسىي زىيانكەشلىكتىن كېچىپ، باشقا مەملىكەتلەردىن پاناھلىق ئىلىش ۋە بۇ پاناھلىقتىن بەھرىمان بۇلۇش ھوقۇقى بار.

**19-ماددا.** ھەربىر ئىنسان ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئىپادىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇشبۇ ھوقۇق چېگرا چەكلىمىسگە ئۇچرىماي، ئۇچۇر ۋە ئىدىيەلەرنى ئەركىن ئىزدەش ، قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**20-ماددا.** ھەممە ئادەم تىنىچ يىغىلىشلارغا ۋە تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. جەمئىيەتلەرگە كىرىش ۋە چىقىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ئىگە.

**22-ماددا.** ھەربىر ئىنسان ھەربىر دۆلەتنىڭ ئىمكانىيەتلىرىگە مۇۋاپىق شەكىلدە مىللىي ھەرىكەت ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ساھەلەردىكى ھوقۇقلىرىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

**30-ماددا.** ھېچبىر دۆلەت ياكى شەخسلەرنىڭ ھەرقانداق باھانا بىلەن مۇشۇ دېكلاراتسىيەدە بايان قىلىنغان ئاساسىي ھوقۇقلار بىلەن ئەركىنلىكلەرنى بۇغۇشقا ۋە ئۇنى چەكلەشكەھوقۇقى يوق»، دېيىلگەن.

**ب.م.ت.** ئېلان قىلغان يەنە بىر ھۆججەت « ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئېتنىك توپلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش توغرىلىق دېكلاراتسىيەدە « بولسا، بىزگە ئوخشاش ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

بارلىق دۆلەتلەردە ب.م.ت.نىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئومۇمىي دېكلاراتسىيەسى ھۆرمەت قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسىي ھېسابلانغان: دىنىي ئېتىقادىنى، غوروررىنى، ۋە قەدىر-قىممىتىنى ھىمايە قىلىش، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ چوڭ ۋە كىچىك مىللەتلىرىنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى ساقلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر سۆزسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى لازىم.

بارلىق دۆلەتلەردە گېنوسىدكا ئاساسلانغان ئاممۋىي قىرغىنچىلىق ، ئاممۋىي جازالاشلار دەرھال توختىتىلىشى لازىم. ئىرقىي كەمستىشنى يوقىتىش توغرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىملەر سۆزسىز ئىجرا قىلىنىشى لازىم.

ب.م.ت.غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ، خەلقئارا ۋە رېگىئونال تەشكىلاتلارنىڭ قوبۇل قىلغان قائىدە-قانۇنلىرى بارلىق دىنى ئېتىقادتىكى ۋە بارلىق تىل سېستىمىسىدىكى ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممۋى سىياسىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش توغرىلىق خەلقئارا كېلىشىم ماددىلىرىغا زىت كەلمەسلىكى لازىم.

- ھەرقانداق دۆلەتتە مىللىي، دىنى ۋە تىل جەھەتتىن ئالاھىدە بولغان خەلىقلەر ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بۇلۇشى – ئاشۇ دۆلەت تەۋەسىدىكى سىياسىي-ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسىي شەرت بۇلۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىي ئېتىشىنى تەمىنلەيدۇ، خەلق بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ.

ھەرخىل مىللىي، ئېتنىك، دىنى ۋە تىل توپىغا مەنسۇپ بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوغداش ئۈچۈن يېڭى بىر يۈرۈش خەلقئارا نىزام تۈزۈپ چىقتۇق. ئۇنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن دېكلاراتسىيە شەكلىدە ئېلان قىلدۇق:

**1-ماددا.**

1) ھەربىر دۆلەت ئۆز تېررىتورىيەسىدە ياشاۋاتقان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېتراپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ مىللىي، مەدەنىي ۋە دىنى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھىمايە قىلىشى، ئەركىن تەرەققىي ئېتىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلىرىنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

2) ھەربىر دۆلەت مۇشۇ مەقسەتتە مۇۋاپىق قانۇنلارنى ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

**2-ماددا.**

1) بارلىق ئەللەردىكى مىللىي ئېتنىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنى پائالىيىتىنى ئەركىن ئورۇنلاش، شەخسىي ۋە ئاممۋىي سورۇنلاردا ئۆز تىلىنى ھېچبىر كەمستىشسىز ئەركىن ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە.

2) ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ھەرخىل ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە دىنى خارەكتىردىكى ئاممۋىي پائالىيەتلەرگە ئەركىن قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان رايوندا ياكى دۆلەتتە ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك قارارلارنىڭ ئېلىنىشىدا شۇ ئورگانلارنىڭ يىغىنىغا ئەركىن قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.
4) ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي، دىنى، مەدەنىي جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە.
5) ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى باشقا مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن ياكى باشقا دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بىلەن ھېچبىر كەمسىتىشسىز ئەركىن مۇناسىۋەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە.

**3-ماددا.**

1) ئازسانلىق مىللەتلەرنى بۇ دېكلاراتسىيەدە قەيت قىلىنغان ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلدە ئىجرا قىلىنىشىغا ھېچقانداق سەۋەب بىلەن توسقۇنلۇق قىلىنماسلىقى كېرەك.

**4-ماددا.**

1) بارلىق دۆلەتلەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمان بولۇشلىرى ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسىي ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىدىن ھېچبىر كەمسىتىشسىز پايدىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈشى لازىم.
2) بارلىق دۆلەتلەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تىلىنى، دىنىنى ، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىي مىراسلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئۇلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى بۇزىدىغان ياكى خەلقئارا نورمىلارغا زىت كېلىدىغان ئەھۋاللاردىن قەتئىي ساقلىنىشى شەرت.

**5-ماددا.**

1) بارلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرى ۋە پىراگراممىلىرى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا تۈزۈلۈشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.
2) دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىش توغرىسىدىكى پىروگراممىلار ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا پىلانلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى كېرەك.

**8-ماددا.**

1) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى توغرىلىق مۇشۇ دېكلاراتسىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلقئارا مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچلارنى ئورۇنلاشتا ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق باھانا يوقتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، بارلىق دۆلەتلەر خەلقئارا كېلىشىملەردە بېكىتىلگەن بۇرچلىرىنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ھالدا قەدەم تاشلاشلىرى كېرەك»، دېيىلگەن.

مانا بۇ قانۇنلار بىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدە ۋە سىرتىدا، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكى، مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى يولىدا كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇشىمىزغا ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئاساس بېرىدىغان خەلقئارا قانۇنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (يۇقىرىدىكى قانۇن تېكىستلىرى مەلۇم قىسقارتىشلار بىلەن ئېلىندى).

1966-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قوبۇل قىلغان «ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار توغرىسىدىكى پاكىت» يەنە «پۇقرالىق ۋە سىياسىي ھوقۇقلار توغرىلىق خەلقئارا پاكىتلارنىڭ» ماددىلىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن :

1-ماددا: بارلىق خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. مەزكۇر ھوقۇقنىڭ كۈچى ئاساسىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ستاتۇسىنى ئەركىن بەلگىلەيدۇ ۋە ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي-مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئەركىن تەمىنلەيدۇ.

2-ماددا: بارلىق خەلقلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ۋە باشقا بايلىقلىرىنى خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان مەجبۇرىيەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئاساستا ئۆز-ئارا پايدىلىق پىرىنسىپ ۋە خەلقئارا ھوقۇق نورمىلىرى بويىچە ئەركىن باشقۇرىدۇ. ھېچبىر خەلق ئۆزىگە تەئەللۇق ھايات كەچۈرۈش ۋاستىلىرىدىن ھېچقاچان مەھرۇم قىلىنماسلىقى كېرەك.

3-ماددا: مەزكۇر پاكىتقا قاتنىشىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەر، شۇ جۈملىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلمايدىغانلار ۋە قول ئاستىدىكى تېررىتورىيەلىرىنى باشقۇرۇشقا جاۋابكارلىق قىلىۋاتقانلار، ب.د.ت نىزامنامىسىنىڭ قائىدىلىرى ئاساسىدا ئۆزىنى-ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ روياپقا چىقىشىنى قۇۋۋەتلىشى ۋە بۇ ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن سىياسىي ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي كۈرىشىمىزگە قانۇنىي ئاساس بولالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 2ـ قىسىم

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى

## سۆز بېشى

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

بىزيۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تارىخىنى بايان قىلغاندا مىللىي ئازاتلىق كۈرەش تارىخىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە توختالماقچىمىز.

**مىللەتنىڭ تەقدىرى-** شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇھىم مەسىلە. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرىستانلىق خەلقلەر خان مىللىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز مىللىتىمىزنىڭ كېلەچەك تەقدىرى توغرىلىق سۆز قىلماي ئۆتەلمەيمىز.

بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇزاق ئۆتمۈشتە بەزىبىر قاۋىملار ياكى مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ، شانلىق مەدەنىيەت ئۆلگىلىرىنى يارىتىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى، ئاخىرىغا كەلگەندە، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن: قەدىمىي زاماندا ياشىغان ، تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مەدەنىيەتلىك بابىل-ئاسسىرىيالىقلار، مىسىرلىقلار ۋە لاتىنلار قېنى؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەقدىر سالغان قىسمەتنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدا غەرىق بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە ئاللىقاچان يوقىلىپ كېتىشتى. پەقەت، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان ناملىرىلا ساقلىنىپ قالدى!

شەرقتىكى مىللەتلەرگە كېلىدىغان بولساق، بىر زامانلاردا ئازىيا قۇرۇقلۇقىدا شىردەك ھۆكىرىگەن، ھەيۋىسى دۇنيانى تىترەتكەن كۆك تۈركلەر قېنى؟ ئۇلارنى ئەسلى ۋەتىنى بولغان مەركىزىي ئاسىيادا ھازىر بىرمۇ تۈرك قالمىدى. ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرى ۋە تەقدىر سالغان قىسمەتلەر تۈپەيلى ، تۈركلەرنىڭ ئازراق بىر قىسمى خەنزۇلارغا، قالغانلىرى مەركىزىي ئازىيادىكى ئۇيغۇر تىللىق باشقا خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ سىڭىپ كەتتى. «**سەلجۇق تۈركلىرى**» دەپ ئاتالغان بىر تارمىقى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «**تۈرك**» دېگەن نامىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، شۇ يەردىكى ۋە ئەتراپىدىكى ھەرتۈرلۈك خەلقلەر بىلەن قان ئالمىشىش نەتىجىسىدە ئەسلى تۈركلۈك سۈپىتى ئۆزگىرىپ، شالغۇت مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

يەنە مىسال كەلتۈرەيلى. مىلادىنىڭ 13-ئەسىردە ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا مىسلىسىز بۈيۈك ئىمپېرىيەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان موڭغۇللار قېنى؟ ئۇلارنىڭ ئەسلى ۋەتىنى موڭغۇلىيەدە ھازىر ئارانلا 2 مىليون موڭغۇل بار. ئىچكى موڭغۇلىيە دەپ ئاتالغان جەنۇبىي قىسمىدىكى موڭغۇللار بولسا، كېيىنكى 55 يىل ئىچىدىلا خەنزۇلارنىڭ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ!

17-ئەسىردە مەنچىڭ ئىمپېرىيەسىنى تەشكىل قىلىپ، پۈتكۈل خىتايدا 295 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان 60 مىليون نوپۇسقا ئىگە بولغان مانجۇلار قېنى؟ ئۇلار سانىنىڭ كۆپلىكىگە، ھاكىم مىللەت بولغىنىغا قارىماستىن، ئۆزىدىن كۆپ سانلىق خەنزۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىلىپ كەتتى.....

خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرىنىڭ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇش نۆۋىتى ئەمدى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇرىستانلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەلدى. خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى بۇ خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىتىۋېتىش پىلانىنى ئاللىقاچان تۈزۈپ بولغان ۋە ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى 55 يىلدىن بۇيان بۇ پىلاننى ئىزچىل تۈردە قەتئىي ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇ مىللەتلەر كېلەچەكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ، يوقمۇ؟ دېگەن سوئال ئۆز-ئۆزىدىن كۆن تەرتىپىگە قويۇلماقتا.

ھازىر ئۇيغۇرىستاندىكى رېئال ئەھۋال شۇنداقكى، بىزنىڭ خەلقىمىز پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئۆز يېرىدە تەبىئىي كۆپىيىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس . ئەقەللىسى ئۆز يېرىدە ئەركىن ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى جىددى خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىللىي ۋىجدان بار ھەرقانداق كىشى بۇ توغرىلىق ئويلانماي، تەشۋىشلەنمەي تۇرالمايدۇ!

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى زادى قانداق بولىدۇ؟

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تۇرالماسلىقى ئۇنىڭ مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىنىڭ بولۇش، بولماسلىقىغا باغلىق. ئەگەر مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى مەۋجۇت بولىدىكەن، مۇستەقىل ئۇيغۇر مىللىتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى بولمايدىكەن، مۇستەقىل ئۇيغۇر مىللىتىمۇ بولمايدۇ! ئۇنداق بولسا، كېلەچەكتە مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ مەسىلە ھەرتەرەپتىكى ئامىللارغا، ئاتاپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقىغا، خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ تېز پارچىلىنىپ كېتىشى ياكى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشىغا،

خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزنىڭ كۆرۈشىمىزگە پايدىلىق بولۇش ياكى بولماسلىقىغا ۋە باشقا ئامىللارغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ ئامىللار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەھلىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئىلمىي ئاساستا خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 7ـ باب

## ئۇيغۇرستان خەلقى چوقۇم كۆرەش قىلىدۇ،<br>مىللىي ـ ئازاتلىق كۆرىشىمىز چوقۇم غەلبە قازىنىدۇ

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كېلەچەك تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلبە قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقىغا باغلىق. ئۇ غالىبىيەت بولسا، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ئاگاھلىقىغا، كۆرەشچانلىقىغا ۋە جەڭگىۋارلىقىغا باغلىق. چۈنكى، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئاساسىي ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستان خەلقىدۇر.

ئۇنداق بولسا، ھازىرقى كۈندە خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىۋىي-سىياسىي ئەھۋالى قانداق؟ ئۇلار بۇ كۆرەشكە تەييارمۇ، يوقمۇ؟ ئالدى بىلەن شۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

ھازىر ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىدە 30 مىليون يەرلىك ئاھالە بار (ئۇيغۇرستانغا 1949-يىلى 1-ئۆكتەبىردىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن مىللىتىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن خەنزۇلارنى يەرلىك ئاھالە دەپ ھېسابلىمايمىز). مۇشۇ كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىي-سىياسىي مەۋقەسىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈركۈمگە ئاجرىتىش مۇمكىن.

1.مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان، شۇ يولدا كۆرەش قىلىشنى خالايدىغان، بارلىقىنى ۋەتەن يولىغا ئاتاپ قويغان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلار.كېيىنكى 55 يىلدىن بېرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى، ۋەتەنىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۆرەش قىلىپ كەلگەن ھەقىقىي ئىنقىلابچىلار مۇشۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەردۇر. ئۇلار مىللىي-ئازاتلىق كۆرەش يولىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق ئۆلگىلىرىنى ياراتتى. ئەپسۇسكى بىزدە مۇنداق ئىنقىلابچىلارنىڭ سانى بەك ئاز بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئاران 5-6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

2. مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنى كۆڭلىدە قوللىسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەرگە بولا ئەمەلىي كۆرەشلەرگە قاتناشمايدىغان شۇنىڭدەك قارشىمۇ تۇرمايدىغان بىتەرەپ مەۋقەدە تۇرىۋاتقان كىشىلەر. ئۇلار ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئازات بولۇشىنى خالىمىغانلىقتىن ئەمەس، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ كۈچى ئاجىز، دۈشمەنلەر كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىۋاتقان بۇگۈنكى شارائىتتا ئىنقىلابنىڭ غەلبە قازىنىشىغا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ۋاقىتلىق «بىتەرەپ» مەۋقەدە تۇرىۋاتقانلاردۇر. بۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 85 پايىزىغا يېقىنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز خەلقئارا مەيداندا چوڭ قوللاشقا ئىگە بولالىسا ، ياكى خىتاي ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىشقا باشلىسا، بۇ كىشىلەر دەرھال ئىنقىلابچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق.

3. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە سادىق خىزمەت قىلىپ، مەنسەپكە، مەنپەئەتكە ئېرىشكەن يەنە مۇستەملىكىچىلەردىن پايدا ئالغانۇ، زىيان تارتمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغان مىللىي مۇرتەد خائىنلار. ئەنە شۇ خائىنلار: «ئۇيغۇرلار خەنزۇلاردىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ!» دىگەن پەتىۋانى چىقارغاندۇر. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى مۇشۇ خائىنلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى بىمالال يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. ۋەتىنىمىزدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرىدىن تارتىپ، تۆۋەندىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئاساسىي قاتلام باشلىقلىرىغىچە بولغان چوڭ ـكىچىك ئەمەلدارلار بىلەن چېقىمچى ئاكتىپلار يەنە شۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق مىللىي خائىنلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 8-10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى قانچە ئۇزارغانسېرى مۇنداق سېتىلما جان باقارلارنىڭ سانى كۆپىيىۋېرىدۇ. مۇشۇ خائىنلارنىڭ كاساپىتىدىن ۋەتەندە قۇرۇلغان چوڭ-كىچىك ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك پاش قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابچىلار خىتاينىڭ فاشىستلىك تۈرمىلىرىگە تاشلىنىپ، جىسمانەن يوقىتىلدى! ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى! بۇنداق پاجىئەلەر تاكى بۈگۈنگىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتىدۇ ! شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق مىللىي خائىنلارنى ئاساسىي دۈشمىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىر قاتاردا قويۇپ، ھېسابلىشىمىز كېرەك.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان!

ژۇقۇرىدىكى تەھلىلدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرستاندا ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلارنىڭ سانى بەك ئاز.

ئاھالىنىڭ مۇتلاق كۆپچىلىگى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتكە قاتناشمايدۇ. ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشىدۇ. مىللىي خائىنلار بولسا، خىتاي ئاكىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىن خالىغانغا زورلۇق-زومبىلىق قىلىشىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇرستان جەمىيىتىنىڭ سەياسىي قىياپىتى مانا شۇ! مۇنداق كۆڭۈلسىز ئەھۋالنىڭ شەلىللىنىشى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىزچىل تۈردە ژۈرگۈزۈپ كەلگەن نادانلاشتۇرۇش، قاششاقلاشتۇرۇش، سېتىۋېلىش ۋە ئالداش سەياسىتىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئاساسقا تايىنىپ، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنى ئېلىپ بارماق، ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەك بەسى مۈشكۈل ئىش. ھەتتا ئۈمۈت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ دېيەرلىك!

بىراق، بىزنى ئۈمۈتلەندۈرىدىغان باشقا ئىجابىي ئامىللار بار. بۇ ئامىللار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى ۋەتەننىڭ سىرتىدا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇرستانلىقلارنىڭ خېلە زور بىر قىسمى (تەخمىنەن 2 مىلليون كىشى) ۋەتەننىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە: ئوتتۇرا ئازىيادە، يېقىن شەرىق ئەللىرىدە، ئېۋروپىدا، ئاۋستىراليا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدە ياشىماقتا. ئۇلار نېپۇس سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماستىن، خەلقئارا قانۇنلارغا تايىنىپ، رېگىونال لىق ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، جۇرئەتلىك ھالدا ۋەتەن داۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ۋە دۇنياۋىي چوڭ تەشكىلاتلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ئۇيغۇرستان مەسىلىسىگە جەلىپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاز بولسىمۇ، خەلقئارا كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىۋاتىدۇ.

ھازىر ئىش ئورنى گېرمانىيانىڭ مىيۇنخېن شەھرىگە جايلاشقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەۋجۇت. ئۇ ھەر قايسى ئەللەردىكى 26 رېگىونال لىق تەشكىلاتلارنى ئۆز سېپىگە بىرلەشتۈرىدۇ. ئەينە شۇ كومگرېسسىمىز ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقماقتا. مۇشۇ ئورگاننىڭ ئاۋازى سۈپىتىدە «ئىستىقلال» گېزىتىنىنى نەشر قىلىپ، دۇنياغا تارقىتىش ئىشى يەنە قولغا ئېلىندى. ئا ق ش نىڭ ۋاشىنگتون شەھرىگە جايلاشقان «ئەركىن ئازىيا» راسوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى ھەر كۈنى 2 سائەت ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى ئاساسەن ۋەتەننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ ھەرىكەت خەلقئارا كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە تايىنىپ، بارغانسىرى كۈچىيىپ بېرىۋېرىدۇ. ئۇ قانچە كۈچەيگەنسىرى ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى ئازاتلىققا تەشنا خەلقىمىزگە ئۈمۈت ۋە ئىلھام بېغىشلايدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىمۇ مىللىي-ئازاتلىق يولىدىكى كۆرەشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن ۋەتەننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆرەشلەر ئەتە ۋەتەننىڭ ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ ئۆز سېپىگە تارتىپ، ئامموۋىي خەلق فرونتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بولسا، مىللىي-ئازاتلىق كۆرىشىمىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسىي كۈچ بولىدۇ.

ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق كۆرىشى چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ دېيىشىمىزدىكى بىرىنچى ئاساس مانا شۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى چوقۇم خەلقئارا كۈچلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز تاشقى ياردەمنى كىمدىن ئېلىشىمىز مۇمكىن؟

1-بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئازىيا قىتئەسىنىڭ نەق مەركىزىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ستراتېگىيالىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەتىنىمىزنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول. دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، تېخى ئېچىلمىغان بىر غەزنە. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سەياسىتىنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچى رول ئوينىۋاتقان ئالتۇن، ئۇران، نېفت-گاز ۋە باشقا ستراتېگىيالىك ئەھمىيەتكە ئېگە خام ئەشيالار ھەممىنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. ھەر قانداق دۆلەت بۇ بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، پايدىلىنىپ قالغۇسى كېلىدۇ. شۇڭا دۇنياۋىي گېگمونلۇق ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەر ئۇيغۇرستاننىڭ تەغدىرىگە بېپەرۋا قارىيالمايدۇ. بۇ ئەھۋال بولسا، مۇقەررەر رەۋىشتە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز مۇشۇ رىقابەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تاشقى دۇنيادىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن.

2-خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بۇ ئىمپېرىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان، ئېكسپلۇئاتاسىيا قىلىنىۋاتقان، مىللىي ئاسسىمىلياسىيا قىلىنىۋاتقان بارلىق مۇستەملىكە خەلقلەرنىڭمۇ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇلارمۇ مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەر خىل دەرىجىدە كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆرەش قىلىشىمىز مۇمكىن (ئەمەلىياتتىمۇ 1993-ژىلى فېۋرالدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل بىرلەشمە كومىتېتى مەۋجۇت ۋە ئۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەۋاتىدۇ).

3-بۈگۈنكى خىتاي ئىمپېرىياسى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى خوشنا ئەللەرگە سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىگىگە خوۋۇپ تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، روسسىيا بىلەن ئوتتۇرا

ئازىيا دۆلەتلىرى موشۇنداق خوۋۇپقا دۇچ كەلمەكتە. خىتاينىڭ تەجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقان بۇ خەلقلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ سۇۋېرىنىتېتىنى قوغداشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بىز ئەشۇ خەلقلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمىنىمىز خىتاي ئىمپېرىياسىگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز مۇمكىن.

4-خىتاي ئىمپېرىياسى دۇنياۋى گېگمونلۇق هوقۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىنىپ، هەربىي خىراجىتىنى ژىلدىن ژىلغا ئاشۇرماقتا. موشۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ تىچلىقىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ئامانلىقىغا خوۋۇپ تۇغدۇرىۋاتىدۇ. موشۇ نۇقتىدا بىزنىڭ مەنپىيىتىمىز پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپىيىتى بىلەن بىر بولماقتا. بىز خىتاي ئىمپېرىياسى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىگى ئوتتۇرىسىدىكى موشۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، خەلىق ئارا مەيداندا قوللاپ-قۇۋەتلەشكە ئېگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

5-هازىرقى زاماندا خەلقلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش هوقۇقى ۋە دېموكراتىك ئەركىنلىكلەر دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنغان مۇقەددەس پرىنسىپلار بوماقتا. ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ سەياسىي تەرەققىياتى دىكتاتورلىقتىن دېموكراتىياگە، زورلۇق-زومبىلىقتىن ئادالەتكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. مانا موشۇ دۇنياۋى ئېقىم مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە پايدىلىق كەڭ ئۇپۇقلارنى ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز موشۇ ئىمكانىيەتتىن دۇرۇس پايدىلىنىپ، مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنى توغرا ئۇسسۇللار بىلەن قەتئىي ئېلىپ بارىدىغان بولساق، كېلەچەكتە تېخىمۇ چوڭ قوللاپ-قۇۋەتلەشكە ۋە ياردەمگە ئېرىشىمىزغا شەك-شۈبهە يوق. ئۇيغۇرستان مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشى چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ، دېيىشىمىزدىكى ئىككىنچى ئاساس مانا شۇ.

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى مۇستەملىكىلىكتىن مۇستەقىللىككە قاراپ يۈزلەنمەكتە. XX ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سانى 100گىمۇ يەتمەتتى. 1945-ژىلى ب م ت قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا ئاران 51 دۆلەت ئەزا بولغان ئېدى. هازىر بولسا، 200گە يېقىن دۆلەتلەر ئەزا بولۇپ تۇرماقتا. يەنى ئۆتكەن 50 ژىلنىڭ ئىچىدە 100دىن ئوشۇق مىللەتلەر مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلىرىگە ئېگە بولۇشتى. موشۇ تەرەققىيات يۆلىنىشىگە تايىنىپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، ئۈستىمىزدىكى XXI ئەسىردە يەنە يۈزلىگەن مىللەتلەر لەنىتى مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلىرىگە ئېگە بولىدۇ. XXI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ب م ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سانى 300گە يېتىشى كۆزلەنمەكتە. يېڭىدىن دۇنياغا كېلىدىغان موشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمهۇرىيىتى چوقۇم ئورۇن ئالىدۇ.

بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شتاب-كۋارتىرىسى ئالدىدىكى سەهنىدە دۇنيادىكى 200 ژۆلەتنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇرستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ بايرىغىمۇ لەپىلدەپ تۇرىدىغان بولىدۇ!

## 8-باپ

## خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم چوقۇم يوقىلىدۇ

هۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. دۇنيا ئۆزگەرمەكتە. ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ قىياپىتى يېڭىلانماقتا. مۇستەملىكىچىلىك ۋە مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىمپېرىيالەر پارچىلانماقتا. ئۇنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە مۇستەقىل يېڭى دلۆلەتلەر پەيدا بولۇپ، قەد كۆتەرمەكتە... قىسقىسى، ئىمپېرىيالەرنىڭ پارچىلىنىشى مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى-تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۆنىلىشى بولماقتا. بۇ، توساۋالغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىۋ جەريان!

بىز ئىنسانىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قېدىمىي زاماندىن بىزنىڭ زامانىمىزغىچە دۇنيادا نەچچە ئونلىغان ئىمپېرىيالەر پەيدا بولۇپ، مەلۇم مەزگىل گۈللىنىپ، ئاخىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، پارچىلىنىش ئارقىلىق تارىخ سەهنىسىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىگىنى كۆرىمىز.

قېدىمىي زاماندا ئازىيادە قۇرۇلغان تۇرانىيە ئىمپېرىياسى بىلەن هۇن ئىمپېرىياسى، كۆكتۈرك ئىمپېرىياسى بىلەن ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى قېنى؟ خىتاينىڭ خەن ئىمپېرىياسى بىلەن تاڭ ئىمپېرىياسى قېنى؟ ئېۋروپا ۋە يېقىن شەرىقتە ئالېكساندر ماكېدونسكىي تەشكىل قىلغان گرېك ئىمپېرىياسى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى رىم ئىمپېرىياسى بىلەن ۋىزانتىيا ئىمپېرىيالىرى قېنى؟

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تارىخ سەهنىسىگە چىققان قاراخانىيلار ئىمپېرىياسى بىلەن موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىياسى قېنى؟ ئەمىر تىمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى تەشكىل قىلغان بۈيۈك تىمۇرىيلەر ئىمپېرىياسى قېنى؟ كېيىنكى ئەسىرلەردە تارىخ سەهنىسىگە چىققان ناپالېئوننىڭ ئېۋروپا ئىمپېرىياسى بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيا ئىمپېرىيالىرى قېنى؟ تېخى يۈز ژىلنىڭ ئالدىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەرىقتىكى مەنچىڭ ئىمپېرىياسى بىلەن غەرىپتىكى ئوسمان ئىمپېرىياسى قېنى؟ XX ئەسىرنىڭ 40-30-ژىللىرى تارىخ سەهنىسىگە

چىقىپ، بىر مەزگىل كۆرەڭلىگەن ياپونىيانىڭ شەرقىي ئازىيا ئىمپېرىياسى بىلەن گېرمانىيا، ئىتالىيالەرنىڭ ئېۋروپا ئىمپېرىياسى قېنى؟ XX ئەسىردە قۇرۇلۇپ، مىر مەزگىل كۆرەڭلىگەن سوۋېت ئىمپېرىياسى قېنى؟

مانا موشۇ ئىمپېرىيالەرنىڭ ھەممىسى پەيدا بولدى، بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئاخىرىدا پارچىلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولۇشتى! ھېچ قايسىسى ئۇزاق ياشاپ تۇرالمىدى. چۈنكى بۇ ئىمپېرىيالەرنىڭ ھەممىسى خەلقلەرنىڭ ئىختىيارلىغى، تەڭ ھوقۇقلىغى ئاساسىدا ئەمەس زورلۇق كۈچكە تايىنىپ، خوشنا ئەللەرنىڭ زىمىنلىرىنى بېسىۋېلىش، ئازات خەلقلەرنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن تەشكىل قىلىنغان ئىمپېرىيا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىمپېرىيالەر ئۇزاق زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى. ئۇزاققا بارمايلا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەرنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىغا غۇلاپ چۈشتى. يەنى ۋەيران بولۇش تەغدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بىز ژۇقۇرىدا خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم چوقۇم يوقۇلىدۇ-دەپ ئېيتتۇق. ئەسلىدە ئىمپېرىيا ۋە مۇستەملىكە-بىر شەيىنىڭ ئىككى تەرىپى. ئىمپېرىئالىستلار بېسىۋالمىسا، مۇستەملىكىلەر پەيدا بولمايدۇ. مۇستەملىكىلەرنى ئەزمىسە، ئېكسپلوئاتاسىيا قىلمىسا، ئىمپېرىيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ ھەم بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يوقالسا-بىللە يوقىلىدۇ. شۇڭا بىز-خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ- دەيدىكەنمىز، بۇ ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرى چوقۇم ئازات بولىدۇ. ئاغدۇرۇلغان ئىمپېرىيانىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى، مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلەر دۇنيىغا كېلىدۇ دېگەن سۆز.

تارىخنىڭ بىزگە بەرگەن ئاساسىي ساۋىغى شۇكى: مىللىي زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىمپېرىيا ئۇ ھەر قانچە كۈچلۈك، قۇدرەتلىك دۆلەت بولسىمۇ، ھەر قانچە چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتالسىمۇ، ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمران مىللەت ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە قارىتا زالىم، قەبىھ سەياسەت قوللانسا، ئۇنداق ئىمپېرىيانىڭ ئۆمرى تېخىمۇ قىسقا بولىدۇ. مىللىي زۇلۇم ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ، خالاس!

بىز كېيىنكى بىر ئەسىرنىڭ ئىچىدە شەرقتە مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ، غەربتە ئوسمان ئىمپېرىياسىنىڭ شۇنىڭدەك ئانگلىيا، فرانسىيا، ئىسپانىيا، پورتوگالىيا ئىمپېرىيالىرىنىڭ پارچىلانغانلىغىنى كۆردۇق. ئەڭ ئاخىرىدا ھەيۋىسى دۇنيانى تىترەتكەن روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ پارچىلانغانلىغىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ھازىرقى زاماندا دۇنيادا يالغۇز خىتاي ئىمپېرىياسىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىمپېرىيالىستىك ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ قالدۇغى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلمەكتە. تارىخنىڭ ژۇقۇرىدىكى ساۋاقلىرىغا، ئىنسانىيەت جەمئيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلىغان يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، پاراخورلۇق ئەۋج ئالغان ئەلدە ئادالەتلىك بولمايدۇ، قانۇنلار كۈچكە كىرمەيدۇ، جەمئيەتتە قانۇنسىزلىق، ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ بولسا، پۇخرالارنىڭ ھاكىمىيەتكە نارازىلىغىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ھۇلىنى چىرىتىدۇ. ھازىر خىتاي مەملىكىتىدە ئەينە شۇنداق پارىخورلۇق كېسىلى يامراپ، ژۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە ئەمەلدارلارنى چىرىتىۋەتتى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىياسى پارىخورلۇقنى ژۇگەنلەشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنى ژۇگەنلەلمىدى. مانا بۇ ھازىرقى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ قىرىپ، پالەچ ھالەتكە چۈشۈۋاتقانلىغىنىڭ ئالامىتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى ئۆزىگە خوشنا ئەللەرنىمۇ بېسىۋېلىپ، ئىمپېرىيا چېگارىسىنى پۈتكۈل ئېۋرائازىيا قۇرۇقلۇغىغا يەتكۈزۈش خەن مىللىتىنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىش قارا نىيىتىدە بولماقتا. شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ تېچلىغىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ئامانلىغىغا خوۋۇپ تۇغدۇرماقتا. بۇ بولسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، ئۆمرىنى تېخىمۇ قىسقارتىدۇ. خىتاي ئىمپېرىئالىستلىرى مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشقا، ئىمپېرىيا تېررىتورىياسىنى كەڭەيتىشكە جان-جەھلى بىلەن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ جەزمەن ھالەك بولۇش تەغدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتىمىزكى، ھازىرقى خىتاي ئىمپېرىياسى كۆرۈنۈشتە كۈچلۈك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىياتتا بەكمۇ ئاجىز. خۇددى ئۆزلىرى ياسىغان قەغەز ئەجدىھاغا ئوخشاش سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك. ئېزىلگەن، مەزلۇم خەلقلەر قوزغىلىپ، بىرلا ئىتتىرىدىغان بولسا، غۇلاپ چۈشىدۇ! بىز يېقىندىلا شۇنداق ھەيۋەتلىك روسسىيا ئىمپېرىياسىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىگىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ئىدۇق. ئەندى ئامان بولساق، ئۇزاققا بارمايلا خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىگىنىمۇ كۆرىمىز. ژىغىپ ئېيتقاندا: خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم چوقۇم يوقىلىدۇ! بۇ تارىخنىڭ مۇقەررەر ھۆكۈمى!

www.uyghurkitap.com

## 9-باپ

## ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى چوقۇم دۇنياغا كېلىدۇ

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز ژۇقۇرىدا خىتاي ئىمپىرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، پارچىلانغان ئىمپىرىيانىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلەر دۇنياغا كېلىدۇ، دېدۇق. بىزنىڭ پەرەزىمىز بويىچە، خىتاي ئىمپىرىياسى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى مۇستەملىكە بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرستان، تىبەت، موڭغۇلىيا، مانجۇرىيا، تەيۋەن، جۇئاڭ ئوخشاش خەلقلەر مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ ئېلىشىدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ قىياپىتى شۇنچىلىك تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇكى، يېقىن كېلەچەكتە موشۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىنلىگىگە بوگۇن ھېچ كىممۇ گۇمانلانمايدۇ.

بىراق، قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ نامى، ستاتۇسى، سەيايي خاراكتېرى، ئىچكى ۋە تاشقا سەياستى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ـ دېگەن مەسىلىدە يۇرتداشلىرىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل بولماقتا. بەزى كىشىلەر: «ۋەتىنىمىزدىكى ئاھالىنىڭ مۇتلاق كۆپچىلىگى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ نامى «شەرقىي تۈركستان تۈرك جۇمھۇرىيىتى» بولۇشى كېرەك. كېلەچەكتە بۈيۈك تۈركستان دۆلىتى قۇرۇلغاندا بىز ئۇنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالىمىز»، دېيىشمەكتە.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كېلەچەكتە «بۈيۈك تۈركستان دۆلىتى» بولۇشنى ئۈمۈت قىلىش، پانتيۇركىزم تەلىماتىغا ئاساسلانغان خاتا ئىدېيا. بۇ بوگۈنكى دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل تەشەببۇس مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە زىيانلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ خىل خاتا ئىدېيانى قەتئىي رەت قىلىشىمىز لازىم.

ئۇنداق بولسا، كېلەچەكتە قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ نامى، ستاتۇسى، سەياسىي خاراكتېرى، ئىچكى ۋە تاشقى سەياستى قانداق بولۇشى كېرەك؟

بىزچە بولغاندا، قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىز ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھېچ قانداق دىنىي ياكى ئىرقىي ئاساستىكى دۆلەت ئەمەس، شۇنىڭدەك فېدېراتىۋ ياكى ئىتتىپاقلاش شەلىدىكى دۆلەتمۇ ئەمەس، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، ئۇيغۇرستان خەلقىنىڭ مىللىي دۆلىتى بولۇشى كېرەك. بوگۈنكى زامانغا موشۇنداق دۆلەتلا ماس كېلىدۇكى، باشقا خىلدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھېچ قايىسسى ماس كەلمەيدۇ.

قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى توغرىلىق مەسىلىگە كەلسەك، شەك-شۈبھىسىزكى ئۇ دېموكراتىك دۆلەت بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى، دېموكراتىيا بوگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر دۆلەتلىرىدىمۇ دېموكراتىك ئەنئەنىلەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىز پەقەت دېموكراتىك دۆلەت بولۇشى كېرەككى، باشقىچە بولماسلىغى كېرەك.

موشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، دۆلەت كونستىتۇسىياسى بىلەن قانۇنلىرى، خەلق ئارا قانۇنلارغا مۇناسىپ ھالدا دېموكراتىك ئاساستا تۈزىلىدىغان بولىدۇ. بۇ قانۇن-تۈزۈملەر دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى تەرتىپكە سالىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ئاددىي پۇخرالارنى بارىق دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلىدۇ. پۇخرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويمايدۇ.

دۆلەت، ھەر بىر پۇخرانىڭ ئۆز تاللىشى بويىچە ئوقۇپ، بىلىم بېلىشىغا، ئىشقا ئورۇنلىششىغا، كەسىپ ئالماشتۇرۇشىغا، بىلىم سەۋىيەسىنى ھەم كەسپىي ساپاسىنى داۋاملىق ژۇقۇرى كۆتىرىشىگە، ئۆزىدە بار قابىلىيىتى بىلەن تالانتىنى ئەركىن جارىي قىلدۇرۇشىغا تولۇق شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. دۆلەتنىڭ بارلىق پۇخرالىرى ھېچ قانداق چەكلىمىلەرسىز ھەقسىز بىلىم ئېلىشقا، ئاغرىپ قالغاندا ھەقسىز داۋالىنىشقا، قېرىغاندا ياكى مېيىپ بولۇپ قالغاندا دۆلەت تەرىپىدىن نەپەقە ياكى پېنسىيا پۇلى ئېلىپ تۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولۇشى كېرەككى، بىزنىڭ جاپاكەش خەلقىمىز ئۆز ۋەتىنىدە ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ئازات ئىنسان دەپ سېزىشى كېرەك. ئۇلار ھاياتىدىن مەمنۇن ھالدا ياشاپ، دۇنيادا خوشال-خورام ئۆتىشى كېرەك. قىسقىسى، ۋەتەن-جەننەت بولسۇن، ئادەملەر-مەلەك بولسۇن!

ئەندى قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سەياستىگە كېلىدىغان بولساق، بىزنىڭ پىكرىمىزچە، ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى دۇنياۋىي بىرلەشمىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، ب م ت ۋە باشقا خەلق ئارا تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان خەلق ئارا قانۇن-قائىدە، نىزاملارنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى ب م ت نىڭ ئازاسى سۈپىتىدە ئۆز ئۈستىگە ژۈكلەنگەن خەلق ئارا مەجبۇرىيەتلەرنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلايدۇ.

خەلق ئارا ئالاقىلاردا چوڭ-كىچىك دۆلەتلەرنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشىنى، ئۆز

ئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى، تالاش-تارتىشتىكى مەسىلىلەرنى قۇرال كۈچى ئىشلەتمەيدىغان تىنىچ سەياسىي دىئالوگ يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەندى قۇرۇلغۇسى ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ — دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە، بىز بارلىق دۆلەتلەر بىلەن، شۇ جۈملىدىن خىتاي دۆلىتى بىلەنمۇ ئىناق، خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىمىز. لېكىن بىز خىتاي ۋەكىللىرىنىڭ ھەر قانداق چىرايلىق سۆزلىرىگە،ئالدامچى ۋەدىلىرىگە ھېچ قاچان ئىشەنمەيمىز. چۈنكى،بىز خىتاينىڭ پسىخولوگىياسىنى ياخشى بىلىمىز.

ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنيانىڭ تېچلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا سىۋىلىزاسىياسىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتى ئۈچۈن، مىللەتلەر ۋە ئەلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا بېقىنلىشىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى يالغۇز ئۇيغۇرىستان خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇمۇمىي ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ ئىجابىي يېڭىلىق بولغۇسى.

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

بىز ژۇقۇرىدا قۇرۇلغۇسى مىللىي دۆلىتىمىز توغرىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەختلىك كېلەچىگى توغرىلىق ئېيتىپ ئۆتتۇق. بۇ بىزنىڭ پەرزىمىز ۋە ئارزۇ-ئارمىنىمىز. بىراق، بىز كېلەچەكنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان «ئەۋلىيا» ئەمەس. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشنى ئۇيۇشقان ھالدا قەتئىي ۋە دۇرۇس ئېلىپ بارالمىسا، يەنى ئىنقىلاپتا يەنە خاتالاشسا؛ دۇنيادا كۈتۈلمىگەن ۋاقىئەلەر يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت بىزنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتسە، ياكى خىتاي ئىمپېرىياسىنىڭ پارچىلىنىش ۋاقتى بەك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەغدىرى بۇ گۈن بىز پەرەز قىلغان يۆنىلىشتىن باشقا يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. موشۇنداق ئېھتىماللىقمۇ يوق ئەمەس!

بىراق، شۇنى ئۇنتىماسلىق كېرەككى، ھەر بىر خەلقنىڭ تەغدىرى ئاساسەن شۇ خەلقنىڭ ئۆز قولىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ باش شتابى—دۇنيا ئۇيغۇر كونگرېسسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك سۇيقەستلىرىدىن ھوشيار بولۇپ، ئاخىرىغىچە بوشاشماي، قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بارلىق ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي بورچى!

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز شۇكى، ھازىرقى خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، ئۇنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە ياش دۆلەتلەر قاتارىدا ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى چوقۇم دۇنياغا كېلىدۇ! قاراڭغۇ ئەلدىمۇ تاڭ ئاتىدۇ، بىزنىڭ ۋەتەندىمۇ بايرام بولىدۇ!

ھە، ئۇ كۈنلەر ژىراق ئەمەس، مەن بارلىق ۋەتەنداشلىرىمنى ئەشۇ قۇتلۇق كۈنلەرنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قاتنىشىپ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا چاقىرىمەن!

موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزغا بىر خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈم كېلىدۇ. XX ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى «ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» سەياسىتىنى يولغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، 200 ژىلدىن ئوشۇق دۈملەنگەن قارا قازاننىڭ تۈۋىگى ئېچىلدى. ئەشۇ قازاننىڭ ئىچىدە قاراڭغۇلۇق جاھالەتتە «جاھاننىڭ بارى موشۇكەن»—دەپ، بارىغا شۈكرى قىلىپ، ئىنائەتتە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تاشقى ئەللەرگە چىقىپ، پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيانى كۆرۈشتى. قارىسا، ئۇ يەرلەردە مۇستەقىللىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيا، پاراۋانلىق ۋە تەرەققىيات دېگەن نېمىلەر بار ئىكەن! بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سەياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردە ناھايىتىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى ھىس قىلىشتى. موشۇ روشەن سېلىشتۇرما ئۇلارنىڭ ئاڭىدا «نېمە ئۈچۈن؟»—دېگەن سوئالنى پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ جاۋاۋىنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرىستان جەمىيىتىدە يېڭى ئۇيغۇنۇش دەۋرى باشلاندى! بىزنى ژۇقارقىدەك قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەۋاتقان زىيالىيلىرىمىز ئەينە شۇ ئۇيغۇنۇش دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيا ساھاسىدىكى ئاۋانگارد قوشۇنىدۇر. موشۇ قوشۇننىڭ يېتەكچىلىگىدە خەلقىمىز ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەغدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئويلىغانسىرى، ھازىرقى ھالەتتە ياشاۋېرىش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى چۈشەندى.

بىز ژۇقۇرىدا «خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ؛ ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى چوقۇم دۇنياغا كېلىدۇ»—دېگەن ئېدۇق. مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەينە شۇ ئىلمىي ھۆكۈمىمىزنىڭ دۇرۇسلىغىنى تەستىقلەيدىغان چوڭ فاكت ئەمەسمۇ! بۇ تەگرىتاغ ئاسمىنىدا يېڭىدىن يورۇپ كېلىۋاتقان سۇبھى تاڭنىڭ بەلگۇسى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن شەپەق نۇرى كۆتىرىلىدۇ، بۇ تاڭ شەك-شۇبھىسىز ئازاتلىق تېڭى. مەن خەلقىمىزنى موشۇ يورۇپ كېلىۋاتقان ئازاتلىق تاڭلىرى بىلەن سەمىمىي تەبرىكلەيمەن!

## قوشۇمچە ماتېرىيال

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

مەن ژۇقۇرىدا «خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى چوقۇم دۇنياغا كېلىدۇ» دەپ ئېيتتىم. بۇ مېنىڭ سۇبيېكتىۋ ئارزۇيۇم ۋە شەخسىي پەرەزىم ئەمەس. ئوبيېكتىۋ دۇنيانىڭ سەياسىي تەرەققىياتى موشۇ يۆنىلىشتە كېتىپ بارىدۇ. بۇنداق يۆنىلىش كېلەچەك دۇنيادا غايەتزور ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى دۇنيا ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. شۇلارنىڭ بىرسى ئاتاقلىق سەياسون سئېيمۇر خانتىڭتون ئەپەندىدۇر. بۇ كىشى ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پروفېسسورى، ئامېرىكا ستراتېگىيالىك تەتقىقات مەركىزىنىڭ يېتەكچىسى، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، زامانىمىزدىكى داڭلىق سەياسىي مۇتەپەككۇر ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىشى ئۇزاقتىن بېرى دۇنيانىڭ سەياسىي تەرەققىياتى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ موشۇ ماۋزۇغا بېغىشلانغان «ئۆزگىرىۋاتقان جەمىيەتنىڭ سەياسىي تەرتىۋى» (1968)، «ئۈچىنچى دولقۇن: XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دېموكراتىيالىشىش» (1991)، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇش ۋە دۇنياۋىي تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» (1996) قاتارلىق مەشھۇر ئەھەرلىرى بار. بولۇپمۇ، ئاۋتور ئاخىرقى كىتاۋىدا XXI ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيادا يۈز بېرىدىغان سەياسىي ئۆزگىرىشلەر توغرىلىق ئىلمىي پەرەزلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. بىزچە، بۇ پەرەزلەر قۇرۇق خىيال بولماستىن، دۇنيانىڭ تەرەققىي يۈزلىنىشىگە ئاساسلىنىپ مەنتىقلىق ئاساستا ئېيتىلغان پىكىرلەر بولسا كېرەك. ئالىمنىڭ بولۇپمۇ خىتاي ئىمپېرىياسىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى مېنىڭ ژۇقارقى پىكىرلىرىمنى تولۇق تەستىقلەيدۇ. كىتاپخانلىرىمىزنىڭ كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى روشەن تەسەۋۋۇر قىلىشىغا پايدىسى تېگىدۇ دېگەن مەخسەتتە مۇئەللىپنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋىي تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتاۋىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسە قىسمىنى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىپ بەردىم. مەرھەمەت، تونۇشۇپ چىقىڭ.

## مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە تەرتىپ

دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرو دۆلەتلىرىگە چېتىلىدىغان يەر شارى خاراكتېرلىق ئۇرۇشنى پارتلىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئامما، پارتلىماسلىق ئېھتىماللىمۇ زور. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىق ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تېخىمۇ خەتەرلىك ئامىل ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يادرو دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلىغىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو دۆلىتى ئىختىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردە تېز كۈتىرىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ رىقابەتچى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو XXI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ مۇقىملىغىغا غايەتزور تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ شەرقىي ئازىيا ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ئازىيانىڭ ھۆكۈمران كۈچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى، ئامېرىكىنىڭ ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان مەنپىيىتىگە زىت كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، يەر شارى خاراكتېرلىق ئۇرۇش كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، موشۇنداق ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئېھتىمال، غەرىپ دۇنياسىنىڭ ھاكاۋۇرلىغى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سەۋىرسىزلىگى، جۇڭگونىڭ ئۆكتەملىگى ئارقىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

پەرەز قىلىلايلى، 2010-ژىلى ئامېرىكا ئارمىياسى بىرلىككە كېلىپ بولغان چاۋشەندى چېكىنىپ چىقىدۇ. ياپونىيادىكى ئارمىيامۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئازلايدۇ، بۇ چاغدا تەيۋەن بىلەن جۇڭگو قۇرۇقلىغى ئاللىقاچان يارىشىپ بولغان بولىدۇ. تەيۋەن يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم مۇستەقىللىگىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئامما بېجىننىڭ تاشقى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەتتا جۇڭگونىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ب م ت غا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. جۇڭگونىڭ نەنخەي (جەنۇبىي دېڭىزدىكى) نېفتىنىڭ ئېچىلىشى تېز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگونىڭ ئېگىدارچىلىغى ئاستىدا بولۇپ، ۋېتنام كونترول قىلغان رايونلارنى بولسا، ئامېرىكا شىركەتلىرى ئاچىدۇ. شۇ چاغدا جۇڭگو ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىگە ئىشىنىپ، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ ھەممىسىنى كونترول قىلىدىغانلىغىنى جاكالايدۇ. ۋېتنام ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دېڭىز ئۇرۇشى يۈز بېرىدۇ. موشۇنى باھانە قىلىپ جۇڭگو ۋېتنامغا تەجاۋۇز قىلىدۇ. ۋېتنام بولسا، ئامېرىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىنى ئارىلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ، بىراق ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ۋېتنامغا تەجاۋۇز قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، جۇڭگوغا ئىختىسادىي ئىمبارگو ژۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاۋىياماتكا فلوتىنىڭ بىرسىنى جەنۇبىي دېڭىزغا ئەۋەتىدۇ. جۇڭگو بولسا، «ئامېرىكا بىزنىڭ دېڭىز تەۋەلىگىمىزگە ھۇجۇم قىلدى» دەپ جاكالاپ، فلوتقا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇش ئوتى شەرقىي ئازىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تۇتىشىدۇ. بۇ چاغدا ياپونىيا ئۆزىنىڭ بېتەرەپلىگىنى

ئېلان قىلدۇ ھەم ئامېرىكا ئارمىياسى بازىسىنى چەكلەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخودلىرى ۋە ئائېروپىلانلىرى ئامېرىكا دېڭىز فلوتى ۋە شەرقىي ئازىيادىكى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىگە ئېغىر زەربە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىياسى ۋېيتنامنىڭ پايتەختى خانويغا بېسىپ كىرىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر-بىرىنىڭ زېمىنىغا يادرو بومبىسى ئاتالايدىغان ئىختىدارى بار بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، يادرو بومبىسىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئامما قارشى تەرەپ يادرو بومبىسىنى ئىشلىتىپ قالارمىكىن، دېگەن ئەندىشە ئېغىر بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئامېرىكىلىقلار «جۇڭگو جەنۇبىي دېڭىزنى، ۋېيتنامنى ھەتتا پۈتۈن شەرقىي-جەنۇبىي ئازىيانى كونترول قىلسا، بىزگە نېمە تەسىرى بار ئېدى» دەپ ئۇرۇشقا قارشى كەيپىيات كۆتىرىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار «بۇ بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئەمەس» دەپ جاكالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىلىقلار ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا ئالدىراپ، جۇڭگو بىلەن بولغان تالاش-تارتىشلارنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلايلى دەپ قارايدۇ.

بۇ ئۇرۇش باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھىندىستان جۇڭگو دىققىتى شەرقىي ئازىياغا مەركەزلىشىپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، پاكىستانغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلىشنى مەخسەت قىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ھىندىستان غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە جۇڭگو، پاكىستان، ئىراننىڭ ھەربىي ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلىدۇ. ئىران زامانىۋىلاشقان قۇراللارغا ئىگە ئارمىياسىنى ئەۋەتىپ، پاكىستانغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پاكىستان ئۇرۇش مەيدانىدا ھىندىستان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. جۇڭگونىڭ ئامېرىكا ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبىسى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە غەرپكە قارشى داغ-دۇغىلىق ھەرىكەت قوزغاپ، بىر نەچچە ئەرەپ دۆلەتلىرىدىكى ۋە تۈركىيەدىكى غەرب پەرەس ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇ ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ياش ئەۋلاتلار بولىدۇ. غەرپنىڭ ئاجىزلىغىدىن پايدىلانغان ئەرەپلەر ئىسرائىلىيەگە قارشى زور كۆلەملىك ھۇجۇمنى باشلايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئالدىلقاۋان كىچىكلەپ قالغان 6-فلوتى بۇنى توسۇشقا ئامالسىز بولىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ھەر ئىككىلىسى باشقا دۆلەتلەردىن ياردەم ئىزدەيدۇ. جۇڭگونىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسىنى كۆرگەن ياپونىيا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىگىنى كۆزلەپ، جۇڭگوغا ئەگىشىشكە باشلايدۇ. ھەتتا جۇڭگونىڭ كۆتسەتمىسى بويىچە ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تىنىچ ئوكيانىدا ئامېرىكا، ياپونىيا فلوتلىرى ئوتتۇرىسىدا پارچە-پۇرات جەڭلەر داۋاملىشىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بېشىدا جۇڭگو روسسىيا بىلەن ئورتاق بىخەتەرلىك كېلىشىمىنى ئىمزالاشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بىراق، غەرپنىڭ ئۆزىگە تارتىشى ئارقىسىدا روسسىيا جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ، سىبىرىياگە ھەربىي كۈچ يۆتكەيدۇ. جۇڭگو بولسا، ھەربىي مۇداخىلە ئارقىلىق خىلۇڭجاڭ ۋادىسىنى، ۋلادىۋاستوكنى ۋە شەرقىي سىبىردىكى بىر قانچە مۇھىم جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ «قوغدىشى» ئاستىدىكى موڭغۇلىيادا توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ.

نېفىتنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھەممە دۆلەتلەر ئۈچۈن مۇھىم. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ ئىسلام ئۇرۇشقاقلىرى غەرپكە بېرىدىغان نېفىتنى ئازايتىپ، پىيالىدە، ستاكاندا بېرىشكە چۈشىرىپ قويىدۇ. غەرپ بولسا، روسسىيادىكى، كاۋكازدىكى ۋە ئوتتۇرا ئازىيادىكى نېفىتقا تايىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ بولسا، غەرپنىڭ روسسىيانى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى قىلىۋېلىشىغا ھەم روسسىيانىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى كونترول قىلىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا ئېۋروپا ئىتتىپاقىنى ياردەمگە سەپەرۋەر قىلىدۇ. ئېۋروپا دۆلەتلىرى بولسا، دىپلوماتىيا ۋە ئىختىسادىي جەھەتتىن ئامېرىكىغا ياردەمنى كېڭەيتىسىمۇ، ھەربىي ھەربىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئامما جۇڭگو بىلەن ئىران ئېۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكىنى قوللىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بوسنىيا بىلەن ئالژىردا ئوتتۇرا مۇساپىلىق يادرو بومبىسىنى ئورنىتىپ، ئېۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ خوۋۇپنى سىزىپ قالغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھتى تەشكىلاتى بوسنىيا بىلەن ئالژىردىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى چېكىندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالژىردىن قويۇپ بېرىلگەن يادرو ئوق بېشى ئېلىپ ماڭغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا فرانسىيانىڭ مارسېل شەھىرىگە يېقىن جايغا چۈشىدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھتى تەشكىلاتى شىمالىي ئافرىكىدىكى نىشانلارنى ۋەيران قىلغۇچ بومباردىمان قىلىپ ئۆچ ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا، ئېۋروپا، روسسىيا ۋە ھىندىستان بىر تەرەپ، جۇڭگو، ياپونىيا ۋە مۇتلەق كۆپ ئىسلام دۆلەتلىرى يەنە بىر تەرەپ بولغان ھەققىي يەر شارى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئۇرۇش قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟ ھەر ئىككى تەرەپتە زور تۈركۈمدە يادرو قۇراللىرى بار. ئەگەر ئۇ قۇراللارنى ئىشلىتىش ئەڭ تۆۋەنكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئارا چەكلىمە رول ئوينىسا، خورىغان ئىككى تەرەپ، بەلكىم، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشى مۇمكىن. ئامما، بۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي ئازىيانىڭ زومىگەرلىكىدىن ئىبارەت تۈپ ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، غەربىي دۆلەتلىرى ھەربىي كۈچ بىلەن جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئامما، بۇ چاغدا ياپونىيا جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ قالغانلىقتىن، ياپون ئاراللىرى جۇڭگونىڭ مۇداپىيە گەۋدىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئامېرىكىنى دېڭىز ئارمىياسى بىلەن جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى سانائەتلەشكەن ئاھالى نوپۇسى كۆپ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالدۇرىدۇ. شۇ چاغدا يەنە بىر چارە جۇڭگونىڭ غەربىدىن كېلىش بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگو روسسىيا ئارىسىدىكى ئۇرۇش، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ روسسىيانى ئەزالىققا قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، غەربنىڭ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك، روسسىيانىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىكى نېفتى مول مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بولغان كونتروللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىبەت، ئۇيغۇر، موڭغۇللارنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. غەربىي ئەللىرى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ بېجىن، مانجۇرىيا ۋە خەنزۇلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم قوزغاش مەخسىتىدە ئۆز ئارمىياسىنى شەرقىي سىبىرىياگە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ... بۇ يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسۇن، ئۆز ئارا يادرو قۇراللى ئىشلىتىپ، ئىككى تەرەپ خورىغاندا، سۆھبەت ئارقىلىق ئۇرۇشنى توختىتامدۇ ياكى روسسىيا بىلەن غەربىي ئارمىياسى ئەڭ ئاخىرىدا تيەنئەنمىن مەيدانىغا كىرەمدۇ، بەرى بىر ساقلانغىنى بولمايدىغان ئاقىۋەت شۇكى، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاساسلىق تەرەپلەر ئىخسات، نوپۇس، ھەربىي كۈچ جەھەتلەردە جىددىي ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، نەچچە ئەسىرلەدىن بۇيان يەر شارىدىكى كۈچ مەركىزى ئاۋال شەرىقتىن غەربكە، ئاندىن كېيىن غەربتىن شەرىققە يۆتكەلگەن بولسا، ئەندى شىمالدىن جەنۇپقا يۆتكىلىدۇ. يەنى، مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ زور پايدا كۆرگۈچىلىرى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەتلەر بولىدۇ. ئۇرۇشتا غەربىي، روسسىيا، جۇڭگو، ياپونىيالەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەگەر ھىندىستان بۇ ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالسا، ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى بولغان تەقدىردىمۇ، ھىندىستان دۇنيانى قايتا قۇرۇش ئۇچۇن يېڭى ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. زور تۈركۈمدىكى ئامېرىكا خەلقى، ئانگلو-ساكسون ئاق تەنلىك پروتېستانت مۇرىتلىرى ۋە سەرخىللىرى غەربنىڭ تار خاھىشى ئامېرىكىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئۇرۇشنىڭ سىرتىدا قالغان گۈللەنگەن لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرى ئۇرۇشتا خورىغان دۆلەتلەرگە «مارشال پىلانىغا» ئوخشاش ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ھوقۇق بېشىغا چىقالايدۇ. ئازىيادىكى جۇڭگو، ياپونىيا، چاۋشەن ئۇرۇشتا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، بېتەرەپ مەيداندا تۇرغان ئىندونېزىيا يېتەكچى دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئاۋستراليا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شەرقتە يېڭى زېلاندىيادىن غەربتە بېنگالىيا، شرىلانكىغىچە، شىمالدا ۋېتنامغىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا قول شىلىتىپ ژۇرىدىغان بولۇۋالىدۇ. موشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسى بىر زاماندا ئىندونېزىيا ۋە ھىندىستان بىلەن ياڭلىۋاشتىن باش كۆتەرگەن جۇڭگونىڭ ئارىسىدا يېڭى توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر كىتاپخانلىرىمىز بۇ مەنزىرىلەرنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان غەلىتە خىيال دەپ قارىسا، ئۇ بىزنىڭ تەلىيىمىز. بىز بۇ خىيال ئېھتىماللىقىنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقىنى ئۈمۈت قىلايلى. بىراق، بۇنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىغا زور!

## خاتىمە

**«ئەي، سابىت! سەن يېتىپ كەلدىڭ يەتمىشكە تامان،**
**تالاي ئىشنى كۆرۈپ ئۆتتۈڭ ياخشى ۋە يامان.**
**ئوتلۇق كۈرەش قاينىمىدا ئۆتتى ئۆمرۈڭ،**
**دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆزگەن كورابىل سىمان.**
**ئەشۇ قۇرەش مەيدانىدا بىچارە ئۇيغۇر،**
**نە قىسمەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتتى ياخشى بىلسەن.**
**شۇ تارىخنى ئەۋلاتلارغا يېزىپ بەرمىسەڭ،**
**قانداقمۇ سەن ئۇيغۇرنىڭ بىر ئوغلى بولسەن؟!**
**ئىزدەنگەنلەر تاغنى تېشىپ، لەئەل ئالىدۇ،**
**ئىزدەنگەنلەر دېڭىز كېچىپ، گۆھەر ئالىدۇ.**
**ئىزدىنىش ئۇ ئىلىمنىڭ مۇقەررەر يولى،**
**ھورۇن ئىنسان ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەلەم بىلەن دۇررى گۆھەر قازانغۇ بۇغرا،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يازغانغۇ ئالماس،
ئۆزەڭ بىلگەن ھەقىقەتنى سەنمۇ يېزىپ قال،
ھەق يولىدا ماڭغان كىشى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس!
ماڭمىۋەرسەڭ، مەككىگىمۇ بېرىپ يېتىسەن،
چاپمىۋەرسەڭ، تاغ بولسىمۇ تۈزلەۋېتىسەن.
تىرىشقانغا تەڭرىمۇ يار بولىدۇ-دېگەن
سەيى قىلساڭ، مەخسىتىڭگە چوقۇم يېتىسەن!»-
دەپ سادالەر قەلبى بىر كۈن پاك ۋىژدانىمدىن،
بىر ئىشتىياق ئوت ئۆرلىدى قەلبۇ-جانىمدىن.
تاۋاكەل دەپ قىيىن ئىشقا بەلنى باغلىدىم،
مەدەت تىلەپ راخمان ئېگەم، ھەق سۇلتانىمدىن.
ھىممەت قىلىپ، قولۇمغا مەن قەلەمنى ئالدىم،
ئىلىم-ئىجات دەرياسىغا كېمەمنى سالدىم.
ئىلىم يولى مۇشاقەتلىك قىيىن يول ئېكەن،
ئۇنىڭ ئۇزاق يوللىرىدا چارچىدىم، تالدىم!
قەلەم تۇتۇپ كېچىلەردە ئۇخلۇماي ئۆتتۈم،
مىڭلاپ كىتاپ بەتلىرىگە كۆز نۇرۇم تۆكتۈم.
خۇددى گۆھەر ئىزدىگەندەك دېڭىزدا غەۋۋاس،
ئىزدەپ تاپقان ھەقىقەتنى قەغەزگە پۈتتۈم.
تارىخ بويلاپ، مىڭ ژىللارنى كېزىپ چىقتىم مەن،
ئېچىلمىغان تالاي سىرنى سېزىپ چىقتىم، مەن.
ئېرىنمەستىن ئەمگەك قىلىپ بەش ژىل كۈن ۋە تۈن،
ئۇيغۇرۇمنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقتىم مەن.
شۇ تارىختا كۆردۈم تالاي ئەجداتلىرىمنى،
يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان ئەرباپلىرىمنى.
شۇلار بىلەن مەنمۇ بىللە ژۈرگەندەك بولدۇم،
يازغان چاغدا ئۇلار باسقان شۆھرەت يولىنى!
ئېي، ئۇيغۇرۇم، تارىخلاردا ئۆچمەس نامىڭ بار،
پەخىرلەنسەڭ ئەرزىيدىغان غەرەپ-شانىڭ بار.
«ئازىيانىڭ غوجايىنى!» دەپ ئاتاق ئالغان،
ئوغۇز خانۇ، موداخاندەك ئارسلانىڭ بار.
قېنى ئەشۇ ئاتىلارنىڭ شانۇ-شۆھرىتى؟
قېنى ئەشۇ كۆكتۈركنىڭ ئۇلۇق قۇدرىتى؟
سەددىچىننىڭ سىپىلدىن ئات سېلىپ ئۆتكەن،
قېنى ئەندى بايانچۇرنىڭ جاسۇر ھەيۋىتى؟!
ئويلايلىچۇ، كىم ئېدۇق بىز، كىم بولۇپ قالدۇق؟
رەقىپلەرنىڭ ئايىغىدا قۇم بولۇپ قالدۇق!
ئەشۇ باتۇر ئاتىلارنىڭ ئەۋلادى تۇرۇپ،
نېمە ئۈچۈن ياتلارغا بىز قۇل بولۇپ قالدۇق؟
نېمە ئۈچۈن ياتلارغا بىز قۇل بولۇپ قالدۇق؟
ياكى بىزنىڭ بەختىمىز كاژ بولۇپ قالدىمۇ؟
ئەجداتلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتاسى ئۈچۈن،
ياكى تەغدىر ئەۋلاتلاردىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئۇيغۇرستان دەپ ئاتالغان سېنىڭ ۋەتىنىڭ،
يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق، گۆزەل جەننىتىڭ.
خاراپ قىلدى شۇم ئاياقلىق باسقۇنچى كېلىپ،

قۇللاردىنمۇ ئېغىر بولدى سېنىڭ تەغدىرىڭ!
رۇستەم سۈپەت ئوغۇللىرىڭ دۈشمەنگە مالاي،
سەرۋى قامەت ھۆر قىزلىرىڭ ياتلارغا دېدەك.
مىڭلاپ باتۇر ئەزىمەتلەر زىندانلارغا بەنت.
پۈتۈن خەلقىڭ ئازاپ ئىچرە ئىڭرايدۇ دېمەك!
ئۆزەڭ بارۇ، يەر يۈزىدە، بىراق نامىڭ يوق،
ئەل ئەلدىدا ماجتانغىدەك شەرەپ-شانىڭ يوق.
سەنژۈرىسەن سىگانلاردەك سەرگەردان بولۇپ،
نەگە بارساڭ مۇساپىر سەن، باش-پانارىڭ يوق!
ئىنسان بولساڭ، سېنىڭ ئازات ۋەتىنىڭ قېنى؟
ئەل قاتارى يەلپۈلدىگەن بايرىغىڭ قېنى؟
ئۆز يېلىڭدا ياتقا قۇلسەن، چەتتە مۇساپىر،
كۈرەشلەردە ئۇيغۇرانە ئەرلىگىڭ قېنى؟
ئىككى ئەسىر بولدى مانا كۈرەش قىلغىلى،
نېمە ئۈچۈن ئازاتلىققا يەتمىدۇق بىز-دەپ.
پۈتۈنسۈرك تارىخنى مەن ئاختۇرۇپ چىقتىم،
ئەشۇ چىگىچ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدەپ!
تارىخى ئېيتتى: «ئەي ئۇيغۇرلار، بىلىپ قويۇڭلار،
سىزنى مۇنچە خور ئەيلىگەن ئىككى دۈشمەن بار.
ئۇنىڭ بىرسى-نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق،
يەنە بىرسى-خىتاي دېگەن تارىخىي ئەغيار!
دەرتلىك تارىخ يەنە ئەيتتى:-بىلگىن ئەي ئۇيغۇر،
دوست دېگىنىڭ دوست ئەمەس، ئادىمي شەيتان!
نەچچە مەرتە كۈرەش قىلىپ ئەرىك ئالغاندا،
شۇ ئەمەسمۇ سېنىڭ ئالداپ دۈشمەنگە ساتقان!
ئېي ئۇيغۇرۇم، ياتلاردىن ياخشىلىق كۈتمە،
بۇ دۇنيادا پەقەت ئىككى دوستۇڭ بار ھامان.
ئۇنىڭ بىرسى-سېنىڭ ئەزىز ياراتقان تەڭرى،
يەنە بىرسى-ژۈرۈگۈڭدە ئاقان قىزىل قان!
بېسۋالغان غوجايىنىڭ رەھىمسىز زالىم،
ساتقۇن تۇرسا ئۈستىڭدىكى غوجا-بەگلىرىڭ.
ئۆزەڭ نادان، دوست-دۈشمەنىڭ ئايرىيالمايسەن،
ئەندى نېمە بولماقچىدى سېنىڭ تەغدىرىڭ؟!-
نادانلىغىڭ شۇ ئەمەسمۇ، ئەزىز ئۇيغۇرۇم،
دۈشمەن كەلسە، قۇچاق ئېچىپ سەن قارشى ئالدىڭ.
«ئەپەندى» دەپ خائىنلارنى كۆككە كۆتىرىپ،
ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى زىندانغا سالدىڭ.
ئەگەر ساڭا ئەركىنلىك، بەخت كېرەك بولسا،
نېمىشكە سەن باسقۇنچىنى قوينىڭغا ئالغان؟
نابۇت قىلىپ بەرسە دۈشمەن رەھبەرلىرىڭنى،
سەن شۇ چاغدا كۈرەش قىلماي، نەلەردە قالغان؟
ئانا ۋەتەن تۇپرىغىنىڭ ھەر بەر قاتلىمى،
ئەجداتلارنىڭ سۆيەكلىرى بىلەن يېپىلغان.
-باسقۇنچىدىن قىساس ئالغىن!-دېگەن ۋەسىيەت،
تاغۇ-تاشقا قىزىل قانلار بىلەن يېزىلغان.
ئەشۇ ئاققان قىزىل قانلار سوۋۇماي تۇرۇپ،
شېھىتلارنىڭ كۆزى تېخى ژۇمۇماي تۇرۇپ

نېمشكە سەن باسقۇنچىنى قوينىڭغا ئالدىڭ؟
ژۇرەكتىكى دەرتلەر تېخى ئۇنتۇلماي تۇرۇپ؟
دۈشمەن كېلىپ بېسىۋالدى ئانا يۇرتۇڭنى،
تارتىۋالدى بايلىقىڭنى، ئەركىنلىكىڭنى.
بارلىقىڭنى تارتىۋېلىپ مانا ئاخىرى،
يوقاتماقتا سېنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرلىقىڭنى.
بىلىپ قويغىن، ھاياتلىقنىڭ قانۇنى شۇنداق،
كۈرەش قىلغان مەرت خەلقلا ياشاپ قالىدۇ.
ساڭا ئوخشاش كۈرەشتىن قاچقان ئۆلۈكلەر،
ئۆلمەي تۇرۇپ جەھەننەمدىن ئورۇن ئالىدۇ!
بۇ دۇنيادا ئەركىنلىكتىن ئارتۇق بەخت يوق،
بۇ دۇنيادا ئانا يۇرتتىن ئارتۇق تەخت يوق.
دۈشمىنىڭگە قۇل بولۇپ ياشىغىنىڭدىن،
ئەرك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلگەن مىڭ ئارتۇق!
بولماي دېسەڭ، دۈشمەن ئاياق ئاستىدا پايمال،
بولسۇن دېسەڭ، كېلەچىكىڭ يورۇق ئىستىقبال.
ئەجداتلارنىڭ قۇتلۇق قېنى بىلەن بويالغان،
ئازاتلىقنىڭ بايرىقىنى يەنە قولغا ئال!»
بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندا تارىخ بېتىدىن،
ھەسرەت چېكىپ، كېچىلەردە ئۇخلىماي ئۆتتۇم!
ئۇيغۇرۇمنىڭ پاجەلىك كەچمىشلىرىنى،
ژىغلاپ تۇرۇپ يېشىم بىلەن قەغەزگە پۈتتۈم!
كىتاۋىمدا قويۇلغان ھەر بىر چېكىتلەر،
چېكىت ئەمەس، كۆز يېشىمنىڭ ئاققان تامچىسى.
كىتاۋىمدا قويۇلغان ئۈندەشلەر تولا،
ئۈندەش ئەمەس، ژۈرۈگىمنىڭ پىچاق يارىسى.
نېمە دېگەن پاجەلىك ئۇيغۇر تارىخى؟
ھەر بىر بېتى ھېساپسىز قان-ياشقا تولغان.
ئەشۇ ئاققان قان-ياشلار ژىغىلسا ئەگەر،
يەر يۈزىنى نەچچە مەرتە باساتتى توپان!
ئەي ئۇيغۇرۇم، ژىغلىغانغا بەختىڭ ئېچىلماس،
تىنىك كۆتەرگىن بېشىڭنى-دەپ خىتاپ ئەتتىم.
«ئىنسان بەختى كۈرەشتىن كېلىدۇ»-دېگەن،
ھەقىقەتنى خەلقىمگە ئېچىپ كۆرسەتتىم.
ئەجدات بىزگە ئۈگەتكەنىغۇ كۈرەش قىلىشنى،
كۈرەش بىلەن ئەركىنلىكنى قولغا ئېلىشنى.
مەن خالايمەن ئەۋلادىمغا قۇللۇقنى ئەمەس،
ئازات ۋەتەن، ھۆر ھاياتنى مىراس قىلىشنى!
ئەي، ئۇيغۇرۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، تاڭ ئېتىپ قالدى،
ھەقەمسايە قەرداشلىرىڭ ئازاتلىق ئالدى.
موشۇ تاڭدا تەغدىرىڭنى ئوڭشىيالمىساڭ،
«ئۇيغۇر» نامىڭ يەر يۈزىدىن يوقايدۇ ئەندى!
****
ئەركىنلىككە ئىنتىلغان بۆركۈت پىدىم مەن،
قاناتلىرىم بوغۇلدى، قىلمىدىم پەرۋاز.
قەلەم تۇتقان قولۇمغا كويزا سېلىشتى،
شۇ سەۋەپتىن ئىجاتتا مېنىڭ تۆھپەم ئاز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ھاياتىمدا تالاي دەشت-چۆللەرنى كەزدىم،
ياشلىق قىران چاغلىرىمنى غەمدە ئۆتكۈزدۈم.
يەتمىش يەتتە يېشىمغا يەتكەن چېغىمدا،
«ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىنى ئاران پۈتكەزدىم!
بەش ژىلغىچە ئارام خۇدا ئۇخلىمىدىم مەن،
بەش ژىلغىچە ئېچىلىپ بىر خوشال كۈلمىدىم.
يالغانلارنىڭ دۇنياسىدا ھەقىقەت ئىزدەپ،
چاچ-ساقىلىم ئاقىرىپ كەتتى، تۈيمىدىم.
بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنىڭ باھاسى يوقتۇر،
ئۇ قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنىڭ يورۇتقۇچى نۇر.
ھەقىقەتنىڭ نۇرى بىلەن يورىسا دىللار،
ۋەتەن جەننەت بولغىسىدۇر، ئادەملىرى ھۆر.
ئۆز خەلقىگە بېغىشلاپ ئەسەر ياراتماق،
ھەر بىر شائىر ژۈرىگىدە مۇقەددەس غايە.
فېردەۋسي «شاھنامە» دەپ داستان ياراتسا،
مەن ياراتتىم «ئۇيغۇرنامە» ئاتلىق بىر قىسسە.
«ئۇيغۇرنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىفنامىسى،
بەش مىڭ ژىللىق تارىخنىڭ ئىخۋام قامۇسى.
ئۇنىڭ ئىچى ئىلىم بىلەن ھېكمەتكە تولغان،
ئەۋلاتلىرىم ئۇنىڭدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالغۇسى.
مەن ئېلىمغا كىتاپ ئەمەس، گۆھەرنى بەردىم،
سۆز ئىچىدىن سۆزنى تالاپ جەۋھەرنى بەردىم.
ھەقىقەتكە تەشنا بولۇپ كەتكەن ئېلىمنىڭ،
تەشنالىغىنى قاندۇرغىدەك كەۋسەرنى بەردىم!
«ئۇيغۇرنامە» جەڭچىلەرگە قورالۇ-ياراق،
غەلىبىگە باشلاپ ماڭار مۇقەددەس بايراق.
چۆلدە ژۈرگەن كارۋانغا قۇتۇپ يۇلتۇزى،
دېڭىزدىكى سەييارلارغا قىرغىقى مايا ك.
ئۇ تارىخنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ،
ئۆلۈكلەرگە جان كىرگۈزۈپ، جەڭگە باشلايدۇ.
دوستلىرىمغا ئۈمۈت، ئىشەنچى بېرىدۇ، ئامما،
دۈشمەنلەرنى بومبا بولۇپ يېرىپ تاشلايدۇ!
مەن تىلەيمەن «ئۇيغۇرنامە» ئاتلىق كىتاۋىم
ئازاتلىقنىڭ تاڭ-چولپىنى بولۇپ قالسىدى.
ژۈرەكلىرى لەختە-لەختە قان بولۇپ كەتكەن،
ئۇيغۇر ئېلىم ئازادە بىر نەپەس ئالسىدى!
قانچە ئۇزاق بولسىمۇ تۈن ئاخىر تاڭ ئاتار،
قىش-زىمىستان سوغلار كېتىپ، كېلىدۇ باھار.
ئەي بەختىسىز ئۇيغۇرۇم ئۈمۈت ئۈزمىگىن،
سېنىڭمۇ ھۆر ياشايدىغان دەۋرانلىرىڭ بار!
بۇ كىتاۋىم دەرتمەنلەرنىڭ قەلبىگە سىرداش،
دىلغا-دىلداش، مۇڭغا-مۇڭداش، سەپەردە-يولداش.
ئىچى قارا خائىنلارغا تۇتقۇزما بۇنى،
خائىن دىلى يورۇمايدۇ، چىقسىمۇ قۇياش!
بىر مىسال بار «ئىلىم قەدرىن ئالىم بىلىدۇ» دېگەن.
ئېشەك كەبى نادانلارغا كۆرسەتمەڭ بۇنى،
ھەلەپ يېسە، ئۆزىنى بەختلىك دېگەن!

بۇ كىتاپنى ئۆزەم ئوخشاش دەرتمەنلەر ئوقار،
ھەقىقەتكە تەشنا بولۇپ كەتكەنلەر ئوقار.
ئۇيغۇرستان قاچان ئازات بولاركىن-دەپ،
ئۆمۈر بويى ئارمان قىلىپ ئۆتكەنلەر ئوقار.
ئەزىز دوستۇم، سەنمۇ مەندەك كۆيۈۋ يانارسەن،
نېسىپ بولۇپ، بۇ كىتاپنى ئوقۇپ قالارسەن.
شېرىن سۆھبەت قىلالمىغان شائىر دوستۇڭنى،
بىر كۈنلەردە سېغىنىپ، ئەسكە ئالارسەن!
سەن دوستۇڭنى سېغىنىپ، ئەسكە ئالغاندا،
سابىتجانمۇ بۇ دۇنيادىن ئۆتكەن بولىدۇ.
تىرىك چاغدا قەدرىنى تاپمىغان شائىر،
مۇڭلۇق قەدەر ئىچىدە ياتقان بولىدۇ!
ئەي ئۇيغۇرۇم، يۇلتۇزۇڭ مەن پەلەكتىن كۆچكەن،
بۇ ھاياتلىق ئالىمدە بىر يېنىپ-ئۆچكەن.
ئۆز قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ، قوينۇڭدا ياشاپ،
ئۆلگەندىمۇ يەنە سېنىڭ قوينۇڭغا چۈشكەن!
مۇڭلۇق قەبرە ئىچىدە ياتسىمۇ جىسمىم،
روھىم مېنىڭ پەرۋاز قىلار ۋەتەن كۆكىدە.
مەن ياشايمەن ئەۋلاتلارنىڭ ژۈرىگىدە ھەم،
شات ژۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكىلىرىدە!
روھىم ياشار ئازات ۋەتەن گۈلباغلىرىدا،
بالقىپ چىققان قۇياشنىڭ نۇر-جولالىرىدا.
ئۇيغۇرستان بايرىغىنىڭ يەلپۈلۈشىدە،
گىمنىنىڭ جاراڭلىغان سادالىرىدا!

2004-ژىل، ئالمۇتا.

## ئاخىرقى سۆز

ھۆرمەتلىك، كىتاپخان!

«ئۇيغۇرنامە» (ئۇيغۇرلار توغرىلىق ھەقىقەت) نالىق ترىلوگىيامىز موشۇ يەردە ئاياقلاشتى. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ كىتاپتا مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە تەغدىرى توغرىلىق ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىگى توغرىلىق كۆپلىگەن پىكىرلەر ئېيتىلدى، فاكتلار كەلتۈرۈلدى. مەن مۇئەللىپ سۈپىتىدە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم ئويلاپ چىققىنىم يوق. بۇ فاكتلارنىڭ ھەممىسىنى مۇزېيلاردىن، ئارخىۋلاردىن ئۆزەم ئىزدەپ تاپقىنىم يوق. ۋەتىنىمىزدە تۇرۇپ، ئىزدىنىۋاتقان، ئىجات قىلىۋاتقان يۈزلىگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ تەيار ئىلمي ئەمگەكلىرىدىن پايدىلاندىم.

كېيىنكى 20 ژىلدىن بۇ يان ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئەسەرلەرنى ياراتتىكى، ئۇلارنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەتتا بىزنىڭ ئۆمۈرىمىزمۇ يەتمەيدۇ! مەن مانا شۇنداق مول مەدەنىيەت غەزىنىسىدىن ئازغىنا بىر قىسمىنى قولۇمغا ئېلىپ، شۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر، ئىزدەپ تاپقان فاكتلار، چىقارغان ئىلمي خۇلاسىلەر ئاساسىدا موشۇ ترىلوگىيانى يېزىپ چىقتىم. ئەگەر مېنىڭ بۇ كىتاۋىم مىللىتىمىزنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىنى ژۇقۇرى كۆتىرىش ئارقىلىق، مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە پايدا كەلتۈرەلىسە، ئۇنىڭ شان شەرىپى ھەممىدىن ئاۋال ۋەتىنىمىزدە قىيىن شارائىتتا تۇرۇپ، بېمىننەت ئەجرى، غەرەزسىز ھالال ئەمگىگى بىلەن ئىجاد قىلىپ، بىزنى موشۇنداق قىممەتلىك ماتېرىئاللار بىلەن تەمىنلەۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىغا مەنسۇپ! مەن شۇلارنىڭ يازغانلىرىنى رەتلەپ، تەرتىپكە سېلىپ كىتاپخانلارغا تەغدىم قىلىپ بەردىم خالاس! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزەمنىڭ نامىمدىن، كىتاپخانلارنىڭ نامىدىن ۋەتىنىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىسغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

كىتاۋىمىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تارىختا ئۆتكە ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ بايراقلىرىنى، شۇ دۆلەتلەرنى باشقۇرغان پادىشالارنى، ھەر قايسى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئېگەلىگەن تېررىتورىياسىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ بەردىم. بۇ ۋەسىقىلەرنى، ئىزدەپ تېپىش ناھايىتى قىيىن بولدى. بايراقلارنى ھەر خىل مەنبەلەردىن ئىزدەپ تاپتىم. خەرىتىلەرنى ئاساسەن باشقا تارىخچىلار ئېلان قىلغان تەييار ئەمگەكلەردىن ئالدىم.

سىزما سۈرەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى غازى ئەمەت، جالالىدىن بەھرام، رۇسلان يۈسۈپ قاتارلىق ئاتاقلىق رەسساملارنىڭ ئەمگەكلىرىدىن ئېلىپ پايدىلاندىم. قالغان سىزما سۈرەتلەرنى كۈرەش زۇلپىقاروۋ، سابىت باباجانوۋ، ئابدۇخالىق سەپىريي قاتارلىق رەسساملارغا ئىلتىماس قىلىپ سىزغۇزدۇم.

# پايدىلانغان ئەدەبىياتلار

| مۇئەللىپى | ئەدەبىياتنىڭ نامى | قايسى ژىلى چىققان؟ |
|---|---|---|
| مۇھەممەتىمىن بۇغرا | «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، «قەلەم كۈرىشى» | 1998 ژ. ئانكارا 1948 ژ. ئۈرۈمچى |
| تۇرغۇن ئالماس | «ئۇيغۇرلار»، «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» | 1992 ژ. ئالمۇتا 1986 ژ. قەشقەر |
| پولات قادىرى | «ئۆلكە تارىخى» | 1948 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئۇيغۇر بالىسى | «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» | 1922 ژ. ئالمۇتا |
| ئىسمايىل ئەنۋەرى | «قىدىمىي ئۇيغۇرلار» (I,II قىسىم، قول يازما) | 1990 ژ. ئالمۇتا |
| ئېلىخانتۆرە ساغۇنى | «تۈركىستان قايغۇسى» (قول يازما) | 1960ژ. تاشكەنت |
| ئاسلىخان شاكىرى | «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى توغرىسىدا خاتىرىلەر» (قول يازما) | 1960 ژ. تاشكەنت |
| ئابدۇۋەلى ئەلى | «ئاپاق غوجا»، «تۇرغاق غوجىلار» | 1990 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئۆمەر ئىبراھىموۋ | «ئۇيغۇر تارىخى» (I,II توم) | 2000 ژ. بىشكېك |
| داۋۇت ئىسىېۋ | «ئۇيغۇر تارىخى» | 1995 ژ. ئالمۇتا |
| بۇرھان شەھىدى | «شىنجاڭنىڭ 50 ژىلى» | 1986 ژ. بېجىن |
| سەيپىدىن ئەزىزى | «ئۆمۈر داستانى»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» | 1997 ژ. بېجىن 1998 ژ. بېجىن |
| زابىر ساۋدان | «V كورپۇسنى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى» | 1988 ژ. ئۈرۈمچى |
| س. سەيپۇللايېۋ | «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا دايىر مەسىلىلەر» | 1998 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئەخمەتجان قاسىمى | «تاللانما ئەسەرلەر» | 1950 ژ. ئۈرۈمچى |
| م. ئۆمەروۋ، ت، ياسىن | «ئەخمەتجان قاسىمى» | 1987 ژ. ئۈرۈمچى |
| زىيا سەمەدى | «ژىللار سىرى»، «ئەخمەت ئەپەندى» رومانلىرى | 1967 ژ. ئالمۇتا 1999 ژ. |
| زوردۇن سابىر | «ئانا يۇرت» (تارىخىي رومان) | 2000 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئابدۇللا تالىپ | «قايىنام ئۆركىشى»، «ئۇيغۇرما ئارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار» | 1987 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئابدۇشۈكۈر م.ئى. | «قەدىمقى مەركىزىي ئازىيا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» | 1996 ژ. ئۈرۈمچى 1997 ژ. ئۈرۈمچى |
| شېرىپىدىن ئۆمەر | «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» | 1985 ژ. ئۈرۈمچى |
| تۆمۈر داۋامەت | «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» | 1992 ژ. ئۈرۈمچى |
| تەتقىقات مەركىزى | «شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى» | 1999 ژ. ستامبۇل |
| كوللېكتىۋ | «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» | 1995 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئابلەھەت نۇردۇن | «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش» | 2001 ژ. ئۈرۈمچى |
| قاسىم مەسىمى | «ئۇيغۇر دېرژاۋىسى تارىخى» | 2000 ژ. ئالۇتا |
| ھاشىر ۋاھىدى | «1949ـ1944ـژىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت» | 1994 ژ. ئالمۇتا |
| ئا. رەخمان | «خوجىنىياز ھاجى» (چوڭ ماقالە) | 1992 ژ. ئالمۇتا |
| زۇنۇن تىيىپوۋ | «شەرقىي تۈركىستان يېرىدە» | 1977 ژ. موسكۋا |
| ھاجى نۇھاجى | «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»«سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» | 1984 ژ. ئۈرۈمچى 1993 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئىسمايىلوۋ، بەرايېۋ | «ئۇيغۇر شۇناسلار ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرى» | 1994 ژ. ئالمۇتا |
| ئەرشىدىن ھىدايەتوۋ | «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى» | 1978 ژ. ئالمۇتا |
| ئۇيغۇر ھەبىبى | «ئۇيغۇرلار نەگە بارىدۇ؟» (قول يازما) | 1992 ژ. ستامبۇل |
| ئىكلىل قۇربان | «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» | 1992 ژ. ئانكارا |
| ئەنۋەر تۇرسۇن | «ئۇيغۇرلاردىكى پىسخىك ئاجىزلىقلار» | 1996 ژ. ئۈرۈمچى |
| س. مالوۋ ۋ.ب. | «تىل، ئەدەبىيات ھەم تارىخ مەسىلىلىرى» | 1948 ژ. ئالمۇتا |
| ئىرپان توختىېۋ | «تەڭگىلەر تىلغا كىرگەندە» | 1989 ژ. تاشكەنت |
| ئاماچ قاراخوجا | «شەرقىي تۈركىستان-ختاي مۇستەملىكىسى» | 1960 ژ. ستامبۇل |
| ئىسمايىل چىنگىز | «چىندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر» | 1983 ژ. ستامبۇل |
| سالتان ماخمۇت | «زامانىۋىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» | 1998 ژ. ئانكارا |
| شاكەرىم قۇدايىبېردى | «قازاقتىڭ قايدان شىققانى تۇرالى» | 1991 ژ. ئالمۇتا |
| مۇستاپا شوقاي | «تۈركىستاننىڭ قىيلى تاغدىرى» | 1992 ژ. ئالمۇتا |
| مەشۈر روزىېۋ | «ياڭلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» | 1968 ژ. ئالمۇتا |
| موللا بىلال (نازىمى) | «غازات دەر مۈلكى چىن» | 1877 ژ. قازان |
| مۇسا سايرامى | «تارىخ ئەمنىيە» | 1904 ژ. قازان |
| قۇربان ئەلى خالىدى | «تەۋارىخ خەمسە» | 1910 ژ. قازان |

## پايدىلانغان ئەدەبىياتلار

| مۇئەللىپى | ئەدەبىياتنىڭ نامى | قايسى ژىلى چىققان؟ |
|---|---|---|
| هاسان ئاتا | «تارىخ قەۋمى تۈركى» | 1910 ژ. قازان |
| ئەبۇلغازى باهادىرخان | «شەجرەى تۈرك» | 1992 ژ. ئالمۇتا |
| كامىل خالمۇخامىتوۋ | «ئۆزبەكستان خەلىقلىرى تارىخى» | 1993 ژ. تاشكەنت |
| ت. سەىتقۇلوۋ | «ئوتتۇرا ئازىيا خەلىقلىرى تارىخىدىن لاۋھەلەر» | 1993 ژ. تاشكەنت |
| لىۋ گۇمىلىۋ | «قىدىمىي تۈركلەر» | 1994 ژ. ئالمۇتا |
| ئا. مالاياۋكىن | «IX_XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتى» | 1982 ژ. موسكۋا |
| گېرمان ۋامبېرى | «بۇخارا ياكى ماۋراۇننەھىر تارىخى» | 1990 ژ. تاشكەنت |
| ب. كولسكوۋ | «خىتاينىڭ 1976_1969_ژىللاردىكى تاشقى سەياستى» | 1977 ژ. موسكۋا |
| ئا. يۇكشانىن | «XV ئەسىرنىڭ بېشىدىكى خىتاي ئىمپېرىياسى» | 1976 ژ. موسكۋا |
| ئا.ن. بېرنشتام | «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى» | 1951 ژ. ئالمۇتا |
| دژون گارۋېر | «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» | 1994 ژ. ئۈرۈمچى |
| چارلز بولگېر | «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمەھالدى» | 1995 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئا. كۇروپاتكىن | «قەشقەرىيە» | 1996 ژ. ئۈرۈمچى |
| كوللېكتىۋ | «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى» | 1978 ژ. موسكۋا |
| لىۋ زىشاۋ | «ئۇيغۇر تارىخى» | 1978 ژ. بېجىن |
| چەن بۇچېەن | «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» | 1999 ژ. ئۈرۈمچى |
| كوللېكتىۋ | «شىنجاڭ تارىخىدىن تەربىيە» | 1999 ژ. ئۈرۈمچى |
| كوللېكتىۋ | «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرىنىڭ ژ ك پ غا دوكلادلىرى» | 1997 ژ. ئۈرۈمچى |
| ۋ. گ. يان | «چىنگىزخان» | 1986 ژ. ئۈرۈمچى |
| ئەسئەت سۇلايمان | «ئۇيغۇر تۇتىم مەدەنىيىتى» | 2001 ژ. ئۈرۈمچى |
| يۇسۇپجان ياسىن | «تەڭرى قامچىسى_ئاتىللا» | 2000 ژ. ئۈرۈمچى |
| | «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» | 1999 ژ. |
| توختى ئىبراھىم | «مىللىي ئارمىيانىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى» | 2003 ژ. ئۈرۈمچى |
| سەيىمل خانتىڭتوك | «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» | 2003 ژ. ئۈرۈمچى |
| رۇبىن سافاروۋ | «پادىشا ئاسترونوم» | 1994 ژ. تاشكەنت |
| ئەمىر تىمۇر | «زەفەر يولى»، «تىمۇر تۈزۈكلىرى» | 1992ژ.تاشكەنت1991ژ.تاشكەنت |

ژۇقارقىلاردىن باشقا: ئۈرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىئاللىرى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىئاللىرى»، «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنالى»، «شىنجاڭ تەشكىرچىلىگى»، «شىجاڭ ياشلىرى»، «بۇلاق»، «ئىلى دەرياسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرناللىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلاندىم.
1946_1947 ژىللىرى غۇلجىدا نەشىر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنالى بىلەن 1950_1948 ژىللاردىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنالىنىڭ ژىللىق توپلاملىرىدىن پايدىلاندىم. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر، ئۆزبەك تىللىرىدا چىقىدىغان ھەر خىل گېزىت ۋە ژۇرناللاردىن پايدىلاندىم.

# مۇندەرىجە


سابىت ئۇيغۇرىي ۋە ئۇنىڭ «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋى ھەققىدە........................4
مۇئەللىپتىن........................8
بىرىنچى كىتاپ........................15
ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى........................15
1 ـ قىسىم. ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش........................16
سۆز بېشى........................17
1 ـ باپ.ئۇيىغۇرلارنىڭ ياشىغان جاي ـ ماكانلىرى ۋە ئانا ۋەتىنى........................18
2 ـ باپ.ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى........................23
§1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق رىۋايەتلەر ۋە ھەقىقەتلەر........................23
§2. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى........................24
§3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تىپى........................25
§4. ئوتتۇرا ئازىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى........................27
3 ـ باپ.ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىگى........................28
4 ـ باپ.ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى........................32
5 ـ باپ.ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى........................42
1. ئورخۇن ـ ئېنىسېي يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى مونۇلار:........................47
2. تۈرك ـ رۇنىك يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى مونۇلار:........................48
6 ـ باپ.زامانىمىزدا ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان پەن ـ مەدەنىيەت ئەرباپلىرى........................58
7 ـ باپ.ئۇيغۇرلار توغرىلىق دۇنيا ئالىملىرى نېمە دەيدۇ؟........................60
ئۇيغۇرۇم.(ئاچچىق ھەقىقەت نىداسى)........................63
2 ـ قىسىم........................64
ئۇيغۇرستاننى تونۇشتۇرۇش........................64
سۆز بېشى........................65
ئۇيغۇرستان ــ جەننەت ماكان........................65
8 ـ باپ.ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ــ ئۇيغۇرستاندۇر........................66
9 ـ باپ.ئۇيغۇرستاننىڭ جۇغراپىيىسى........................71
§1.ئۇيغۇرستاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى........................71
§2. ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى........................72
10 ـ باپ.ئۇيغۇرستاننىڭ ئاھالىسى، مىللىي تەركىۋى ۋە مەمۇرىي بۆلۈنۈشى........................75
ۋەتەن........................77
ئىككىنچى كىتاپ........................78
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەياسىي تارىخى ........................78
سۆز بېشى........................79
1 ـ قىسىم........................82
ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى........................82
سۆز بېشى........................83
1 ـ باپ.ئوتتۇرا ئازىيادە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئېۋولىيۇسىيالىك تەرەققىياتى........................84
2 ـ باپ.ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە قاراپ كۆچۈشلىرى........................87
3 ـ باپ.ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى........................92
4 ـ باپ.ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگەركى مەدەنىيىتى........................93
2 ـ قىسىم ........................95
تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى........................95
سۆز بېشى........................96
5 ـ باپ.ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى........................98
§1. ئەڭ قېدىمكى بەگلىكلەر ۋە خانلىقلار........................98
§2 ئەڭ قېدىمىي ئۇيغۇر دۆلەتلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت........................102
6 ـ باپ.«ئوغۇزنامە» ئېپوسى ۋە ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى........................104
سۆز بېشى........................105
§1. ئوغۇزخان تەشكىل قىلغان تۇنجا ئۇيغۇر ئىمپېرىياسى توغرىلىق ئالىملارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى........................105
7 ـ باپ.ئوغۇزخان ئىمپېرىياسى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دۆلەتلىرى........................110
8 ـ باپ.تۇرانىيە ئۇيغۇر دۆلىتى........................112
§1. تۇرالار كىملەر، ئۇلاردا قەيەردە ياشىغان؟........................113
§2. تۇرالار ۋە ساقلار........................115

§3. تۇرانىيە دۆلىتىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىدارە ئۇسۇلى........116
§4. شەرقىي تۇرانىيەنىڭ خىتايلار، غەربىي تۇرانىيەنىڭ ئىرانىيلار بىلەن مۇناسىۋىتى........118
§5. شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالارنىڭ مەدەنىيىتى........120
§6. تۇرانىيە (ساقلار) دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى........122
9-باپ.ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى........124
§1. ھۇنلار زادى كىملەر؟........125
§2. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىمپېرىيە دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشى........127
§3. ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى سىياسىي-ئىجتىمائىي تۈزۈملەر........129
§4. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى........132
§5. ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى........135
§6. ئۇيغۇرستاندا ھۇن ئىمپېرىيىسىدىن كېيىنكى شەھەر-دۆلەتلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت........138
ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى........140
10-باپ.قاڭقىلار (ئېگىز هارۋۇلۇقلار) ئۇيغۇر دۆلىتى........142
§1.ھۇن ئۇيغۇر دۆلىتى غۇلىغاندىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت........143
§2. ئاۋار ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىككە ئىنتىلىشى........143
11-باپ.ئاق ھۇنلار (ئېفتالىتلار) ئۇيغۇر دۆلىتى........149
§1. ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر ھۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىمپېرىيە دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشى........143
§2. ئاق ھۇنلار ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسەت........152
12-باپ.كۆك تۈرك ئۇيغۇر دىلۆلىتى........154
§1. تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار........155
§2. كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........157
§3.كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرەشلىرى........159
§4. كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە ھالاك بولۇشى........161
§5.كۆكتۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت........163
13-باپ.ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى........171
كىرىش سۆز........172
§1. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........173
§2. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمى........175
§3. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋىتى........176
§4. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت........179
§5. ئورخۇن-ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر تەرەپكە كۆچۈشلىرى........181
14-باپ.كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى........186
§1. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........187
§2. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى........187
§3. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى........188
§4. كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تاڭغۇت ۋە قىتانلار تەرىپىدىن يوقىتىلىشى........189
15-باپ.ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى........192
§1. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........193
§2. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمى........194
§3. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت........194
§4. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بېقىندا ھالغا چۈشۈپ قېلىشى........196
15-باپ.قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى........200
§1. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........201
§2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى........202
§3. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى تېررىتورىيىسىنىڭ كەڭيىشى........203
§4. قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىشى........205
§5. قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت........206
17-باپ.موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسى........217
§2. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى........222
§3.موڭغۇل-ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئېۋروپىغا بىرىنچى ھەربىي يۈرۈشلىرى........226
§4. موڭغۇل-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي رولى........228
§5. بىرلەشمە ئىمپېرىيەنىڭ پارچىلىنىشى........231
§6. بىرلەشمە ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان دۆلەت ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرى........231
18-باپ.تىمۇرىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى........239
§1.ئەمىر تىمۇرنىڭ غەربىي تۈركىستاندا ئىستىقلال جاكالاپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇشى........240


www.uyghurkitap.com

§2. ئەمىر تىمۇرنىڭ خوشنا ئەللەرگە قىلغان ھەربىي ژۇرۇشلىرى...... 243
§3. ئەمىر تىمۇرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش تەرتىۋى، مەمۇرىي بۆلۈنىشى ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى...... 246
§4. غەربىي تۈركىستاندا تىمۇرىيلار دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى...... 247
19-باپ.سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى...... 254
§1. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى...... 255
§2. سەئىدخاننىڭ قەشقەرىيەنى ئېگەللەپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى...... 257
§3. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۆتۈقلىرى...... 260
§4. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت...... 262
§5. سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى...... 264
3-قىسىم...... 275
ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇلۇققا چۈشۈپ قېلىشى...... 275
20-باپ.سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇرستاندا جۇڭغارلار بىلەن غوجىلار ھۆكۈمرانلىغى...... 278
§1. ئاپاقغوجىنىڭ خائىنلىغى ۋە جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ باسقۇنچىلىغى نەتىجىسىدە سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلشى...... 278
§2. قەشقەرىيەدە قالماقلار بىلەن غوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى...... 280
§3. قەشقەرىيەدە غوجىلار بىلەن قالماقلار ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئاخىرلىشىشى...... 289
§4. غوجىلار ھۆكۈمرانلىغى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت...... 289
21-باپ.مانجۇ-خىتايلارنىڭ تەجاۋۇزلۇق بىلەن قىلىپ بېسىپ كىرىشى. باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى...... 292
§1. قەشقەرىيەدە باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پەيدا بولۇشى...... 292
§2. مانجۇ-خىتايلارنىڭ جۇڭغارىيانى بېسىۋېلىشى ۋە قەشقەرىيەگە ھەربىي ژۇرۇشىنىڭ بېشلىنىشى...... 294
§3. مەنچىڭ ئىمپېرىياسىنىڭ قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىش ۋە باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى...... 296
غوجا جاھان ۋە ئىپارخان توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات...... 306
ئۇيغۇرۇمغا...... 309
4-قىسىم...... 311
مانجۇ-خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق يولدىكى كۈرەش...... 311
22-باپ.XVIII ئىسرنىڭII يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر...... 313
§1. 1760-ژىلدىكى قەشقەر-بەشكىرەم قوزغىلىڭى...... 313
§2. 1765-ژىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى...... 315
§3. ئىسيانچى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئىلى ۋادىسىغا سۈرگۈن قىلىنىشى...... 318
23-باپ.XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر...... 319
§1. 1828-1825 ژىللاردىكى جاھانگىرغوجا باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭ...... 319
§2. قەشقەرىيەدە 1830-ژىلدىكى يۈسۈپغوجا باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭ...... 321
XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازتلىق كۈرەشلەر...... 324
24-باپ.1864-ژىلى قەشقەرىيەدە بولغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر ۋە «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»...... 324
§1. كۇچا قوزغىلىڭى...... 324
§2. قەشقەر قوزغىلىڭى...... 325
§3. يەكەن قوزغىلىڭى...... 326
§4. خوتەن قوزغىلىڭى...... 326
§5. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى...... 327
§6. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى...... 328
§7. يەتتىشەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت...... 331
25-باپ.1863-ژىلى ئىلى ۋادىسىدا بولغان مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ ۋە ئىلى سۇلتانلىغى...... 333
§1. ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ قۇرۇلۇشى...... 335
§2. ئىلى سۇلتانلىغى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت...... 336
26-باپ.ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشى...... 339
ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇدىن تۈركمەنىستاننىڭ مۇرغاپ ۋادىسىغا كۆچىرىلىشى...... 341
XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر...... 342
27-باپ 1912-ژىلدىكى قۇمۇل-تۇرپان قوزغىلىڭى...... 342
§1. تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭ...... 342
§2. XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىگىدە ئۇيغۇرستاندىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى...... 344
28-باپ.1937-1931 ژىللاردىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەش ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»...... 345
غوجىنىياز ھاجى (1938-1889)...... 345
§1. مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاپىنىڭ باشلىنىش سەۋەپلىرى...... 348
§2. قۇمۇل ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى...... 348
§3. 1934-1932 ژىللاردا جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندىكى ۋاقىئەلەر...... 355
§4. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازات قىلىنىشى...... 359

§5. ئۈرۈمچى شەھرىدە 12-ئاپرېلدىكى سەياسىي ئۆزگىرىش..... 361
§6. شىڭ شىسەي، غوجىنىياز ۋە ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر..... 363
§7. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يوقىتىلىشى..... 364
§8. خىتاي، سوۋېت، ئانگلىيا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلابقا مۇناسىۋىتى..... 374
29-باپ.1944—1949-يىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاب ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»..... 378
§1. ئۇيغۇرىستاندا 1940-يىللاردىكى سەياسىي ۋەزىيەت ۋە مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلابنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەپلىرى..... 383
§2. مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جاكالىنىشى..... 388
§3. مىللىي ئارمىيانىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرى..... 394
§4. مىللىي ئارمىيا يۈرۈشلىرىنىڭ توختىلىشى ۋە «11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ» ئىمزالىنىشى..... 401
§5. شەرقىي تۈكىستان مىللىي ئامىياسىنىڭ ھەربىي قىسىملىرى ۋە كوماندىرلىرى..... 410
شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ 1945-يىلى 9-ئايدىن 1946-يىلى 6-ئايغىچە بولغان دەۋردىكى ئەھۋالى..... 416
شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەھۋالى..... 417
شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىياسىنىڭ «11 ماددىلىق بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەھۋالى..... 418
خەلق ئەسكىرى..... 422
مىللىي قوشۇنىمىز..... 423
تۇغۇلغان يېرىم..... 423
ئانىجان..... 423
سالام، رەھبىرىمىز..... 424
§6. مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يوقىتىلىشى..... 424
§7. ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى سەۋەپلىرى..... 438
§8. موشۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى..... 450
30-باپ.سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى..... 457
§1. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1920-يىللاردا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى..... 460
§2. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1940-يىللاردا مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرى..... 461
§3. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1960-يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى..... 463
§4. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان جەمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئەرباپلىرى..... 464
31-باپ.XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر..... 468
§1. ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلگەن مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر..... 468
§2. ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي-ئازاتلىق كۈرەشلەر..... 476
موشۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەرباپلىرى..... 478
ئەركىنلىك..... 483
مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ غەلىبە قازىنالماسلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەپلەر..... 487
ئۈچىنچى كىتاب..... 501
ئۇيغۇرىستان مىللىي -ئازاتلىق ھەركىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى..... 501
1-قىسىم..... 502
ئۇيغۇرىستان مىللىي ئازاتلىق ھەركىتى..... 502
1-باب.مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى..... 504
2-باب.مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە كۈرەش ئۇسۇلى..... 509
3-باب.مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى، سۇبيېكتى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى..... 511
4-باب.مىللىي -ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارد قوشۇنى..... 512
5-باب.مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ ستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسى..... 514
6-باب.مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتنىڭ قانۇنىي ئاساسلىرى..... 515
2-قىسىم..... 518
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى..... 518
سۆز بېشى..... 519
7-باب.ئۇيغۇرىستان خەلقى چوقۇم كۈرەش قىلىدۇ، مىللىي-ئازاتلىق كۈرىشىمىز چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ..... 520
8-باپ.خىتاي ئىمپېرىياسى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈم چوقۇم يوقىلىدۇ..... 522
9-باپ.ئازات، مۇستەقىل، دېموكراتىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى چوقۇم دۇنياغا كېلىدۇ..... 524
خاتىمە..... 528
ئاخىرقى سۆز..... 533
پايدىلانغان ئەدەبىياتلار..... 534
مۇندەرىجە..... 536

هۆرمەتلىك كىتاپخان! قولىڭىزدىكى «ئۇيغۇرنامە» كىتاۋىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاۋستراليىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جاماتى ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىختىسادىي ياردەم كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن تەشەككۈر ئىزھار قىلىمىز.

# ئۇيغۇرنامە

## *(ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇمۇمىي مەلۇمات)*


كوررېكتور ـ ئايشەم پەرھات
دىزاين ـ ئاسىم قاسىم
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى ـ ئاسىم قاسىم
رەسسام ۋە دىزاين - كۈرەش زۇلپىقار

بېسىلىشقا 18,09,2007 بېرىلگەن.
ئوفسېتلىق قەغەز. فورمات6\1 100X 84 ھەرىپ تۈرى «تايمس».
ھەجمى 36 ب.ت. تىراژ 500 دانە.